
ئورخان پاموُك (توُركىيه)

# مېنىڭ ئىسمىم قىزىل

Orhan Pamuk

# Benim Adım Kırmızı



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# ئورخان پاموكنىڭ بېغىشلىمىسى

Mayıs 2008

Çin Halk Cumhuriyeti'nin Milletler Yayınları'nın Benim Adım Kırmızı'yı Uygurcaya çevrilmesine özel olarak çok sevindim. Uygur okurunun beni ana dilinden okuması benim için büyük bir şeref ve sevinç kaynağı oldu. Uygur okuruna sevgilerimi, saygılarımı sunuyor, kitaplarımı seveceklerini umuyorum. İnşallah, Kara Kitap'ı, Yeni Hayat'ı, Kar'ı, İstanbul'u da Uygurca okurlar...

Orhan Pamuk

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئالاھىدە سۆيۈندۈم. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ رومانىمنى ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇشى مەن ئۈچۈن بۈيۈك بىر شەرەپ ۋە كىشىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىدىغان ئىش. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە سۆيگۈلىرىمنى ۋە ھۆرمىتىمنى سۇنۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىمنى سۆيۈپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىنشائاللا، ئۇلارغا «قارا كىتاب»، «يېڭى ھايات»، «قار»، «ئىستانبۇل»نىمۇ ئۇيغۇرچە ئوقۇش نېسىپ بولار.

*ئورخان پاموك*

*2008-يىل ماي*

ئورخان پامۇك (تۈركىيە)

Orhan Pamuk

# مېنىڭ ئىسمىم قىزىل

Benim Adım Kırmızı

(رومان)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **توختى ھاجى تىللا**



مىللەتلەر نەشرىياتى



ئاپتور ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە بېغىشلىما يېزىپ بېرىۋاتىدۇ

# مۇندەرىجە


1. مەن بىر جەسەت ........................ 1
2. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 7
3. مەن بىر ئىت ........................ 15
4. مېنى قاتىل دېگۈسى ........................ 22
5. مەن يېزنە تاغاڭلار ........................ 33
6. مەن ئورخان ........................ 42
7. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 48
8. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر ........................ 54
9. مەن شەكۇرە ........................ 59
10. مەن بىر تۈپ دەرەخ ........................ 73
11. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 80
12. مېنى ”كېپىنەك“ دېيىشىدۇ ........................ 97
13. مېنى ”لەيلەك“ دېيىشىدۇ ........................ 108
14. مېنى ”زەيتۇن“ دېيىشىدۇ ........................ 119
15. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر ........................ 130
16. مەن شەكۇرە ........................ 138
17. مەن يېزنە تاغاڭلار ........................ 145
18. مېنى قاتىل دېگۈسى ........................ 154
19. مەن پۇل ........................ 163
20. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 171
21. مەن يېزنە تاغاڭلار ........................ 177
22. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 184
23. مېنى قاتىل دېگۈسى ........................ 192
24. مېنىڭ ئىسمىم ئۆلۈم ........................ 200
25. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر ........................ 206

26. مەن شەكۇرە ........................ 216

27. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 237

28. مېنى قاتىل دېگۈسى ........................ 246

29. مەن يېزنە تاغاڭلار ........................ 264

30. مەن شەكۇرە ........................ 285

31. مېنىڭ ئىسمىم قىزىل ........................ 298

32. مەن شەكۇرە ........................ 303

33. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 311

34. مەن شەكۇرە ........................ 330

35. مەن ئات ........................ 348

36. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 352

37. مەن يېزنە تاغاڭلار ........................ 366

38. ئۇستاز ئوسمان ........................ 373

39. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر ........................ 385

40. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 393

41. ئۇستاز ئوسمان مەن ........................ 400

42. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 424

43. مېنى ”زەيتۇن“ دېيىشىدۇ ........................ 440

44. مېنى ”كېپىنەك“ دېيىشىدۇ ........................ 443

45. مېنى ”لەيلەك“ دېيىشىدۇ ........................ 446

46. مېنى قاتىل دېگۈسى ........................ 449

47. مەن شەيتان ........................ 462

48. مەن شەكۇرە ........................ 469

49. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 474

50. بىز ئىككى دەرۋىش ........................ 492

51. مەن ئۇستازئوسمان ........................ 496

52. مېنىڭ ئىسمىم قارا ........................ 519

53. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر ........................ 543

54. مەن بىر ئايال ........................ 562

55. مېنى ”كېپىنەك“ دېيىشىدۇ ........................ 568

56. مېنى "لەيلەك" دېيىشىدۇ ........................................ 586
57. مېنى "زەيتۇن" دېيىشىدۇ ........................................ 598
58. مېنى قاتىل دېگۈسى ........................................ 612
59. مەن شەكۈرە ........................................ 648

قىزىم روياغا بېغىشلايمەن

ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە (قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دەتالاش قىلىشقان ئىدىڭلار.

—— «قۇرئان كەرىم»، سۈرە "بەقەر"، 72 ـ ئايەت

كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولمايدۇ.

—— «قۇرئان كەرىم»، سۈرە "فاتىر"، 19 ـ ئايەت

مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللاھنىڭدۇر.

—— «قۇرئان كەرىم»، سۈرە "بەقەر"، 115 ـ ئايەت

# 1. مەن بىر جەسەت

مەن ھازىر بىر جەسەت، يەنى، قۇدۇقنىڭ تېگىدە ياتقان بىر جەسەتمەن. ئاخىرقى نەپەسىم ئۈزۈلۈپ، يۈرىكىم سوقۇشتىن توختىغىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، بېشىمغا كەلگەن ئىشلارنى رەزىل قاتىلىمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ يىرگىنچلىك ئىپلاس مېنى ئۆلتۈرگىنىدىن يەنىمۇ بەكرەك خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن نەپىسىمنى تىڭشاپ باقتى، تومۇرۇمنى تۇتۇپ باقتى، ئاندىن بېقىنىمغا بىرنى تەپتى ۋە مېنى كۆتۈرۈپ قۇدۇقنىڭ بېشىغا ئاپىرىپ، قۇدۇققا تاشلىدى. تاش بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتكەن باش سۆڭىكىم قۇدۇققا چۈشكىچە پارە - پارە بولۇپ كەتتى؛ يۈزۈم، پېشانەم، مەڭزىلىرىم مىجىلىپ كەتتى؛ ئۇستىخانلىرىم سۇندى، ئاغزىم قان بىلەن تولدى.

ئۆيگە قايتمىغىنىمغا تۆت كۈن بولدى، ئايالىم، باللىرىم مېنى ئىزدىشىپ يۈرىدىغاندۇ. تولا يىغلاپ تۈگىشىپ كەتكەن قىزىم كەچكىچە دەرۋازىغا قاراپ تۇرىدىغاندۇ. ھەممەيلەننىڭ كۆزى يولدا ۋە دەرۋازىدىدۇ.

ئۇلار راستىنلا دەرۋازىغا قاراپ تۇرۇشقانمىدۇ؟ ئۇنى بىلمەيمەن. بەلكىم كۆنۈپ قالغاندۇ، ھەرھالدا بەك يامان بولدى! چۈنكى كىشى مۇشۇنداق جايدىكى چاغدا، ئۆتكەنكى ھاياتى يەنە بۇرۇنقىدەكلا داۋاملىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى كۆز ئالدىمدا چەكسىز بىر زامان بار ئىدى، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا تۈگىمەس - پۈتمەس بىر زامان تۇرۇپتۇ! ھايات ۋاقتىمدا بۇلارنى زادى ئويلاپ باقمايتىكەنمەن، ئىككى مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇق ئارىسىدىكى يورۇق دۇنيادا ياشاپ كېتىۋەرگەنىدىم.

كۆڭۈللۈك ياشىغانىدىم، كىشىلەر ھەممىسى مېنى كۆڭۈللۈك ياشاۋاتىسەن دېيىشەتتى. ئەمدى چۈشەندىمكى: سۇلتانىمىزنىڭ رەسىمخانىسىدا ئەڭ نەپىس قىستۇرما رەسىملەرنى مەن سىزاتتىم، ماھارەتتە ماڭا يېتىدىغان كىتاب زىننەتلىگۈچىمۇ يوق ئىدى. سىرتتا

قىلغان ئىشلىرىم بىلەن ئايدا قولۇمغا 900 تەڭگە كىرەتتى. مانا بۇلار تەبىئىي ھالدا ئۆلۈمىمگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئىچىنىش ھېسسىياتىنى قوزغايتتى.

مەن پەقەت كىتابلارغا قىستۇرما رەسىم سىزىش ۋە كىتاب بېزەش ئىشلىرى بىلەنلا شۇغۇللىناتتىم: سەھىپە چۆرىلىرىنى بېزەيتتىم، رامكىلارنىڭ ئىچىنى تۈرلۈك رەڭلەر بىلەن بېزەيتتىم، رەڭلىك يوپۇرماقلار، شاخلار، گۈل - چېچەكلەر، قۇشلارنى سىزاتتىم؛ غۇژمەك - غۇژمەك قويۇق جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى بۇلۇتلار، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ياپراقلار، رەڭگارەڭ ئورمانلار، ئۇلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان كېيىك - جەرەنلەر، دېڭىزدىكى يەلكەنلىك كېمىلەر، سۇلتانلار، دەل - دەرەخلەر، سارايلار، ئاتلار، ئوۋچىلار...نى سىزاتتىم. ئىلگىرى بەزىدە تەخسىلەرنىڭ ئىچىگە، بەزىدە ئەينەكنىڭ كەينىگە، قوشۇقلارنىڭ ئىچىگە ۋە بەزىدە يوسفور بوغۇزى ساھىلىدىكى بىرەر يازلىق داچىنىڭ ياكى مېھمانخانىنىڭ تورۇسىغا، بەزىدە بىرەر ساندۇققا نەقىشلەرنى سىزاتتىم... كېيىنكى يىللاردا پەقەت كىتاب سەھىپىلىرىگە سىزدىم. چۈنكى سۇلتانىمىز زىننەتلىك كىتابلارغا كۆپ پۇل بېرەتتى. ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغىنىمدا، پۇل - مالنىڭ ھاياتتا ھېچقانچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم دېمەكچى ئەمەسمەن. كىشى ئۆلگەن تەقدىردىمۇ پۇلنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ.

مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمدا، ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ۋە بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ: ”ھايات ۋاقتىڭدا قانچىلىك پۇل تاپقانلىقىڭنى قويۇپ تۇر، بىزگە ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىڭنى سۆزلەپ بەر. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن قانداق ئىشلار بولىدىكەن؟ روھىڭ قەيەردە تۇرىدىكەن؟ جەننەت ۋە جەھەننەم قانداق بولىدىكەن؟ ئۇ يەردە نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟ ئۆلۈم قانداق ئىش ئىكەن؟ جېنىڭ قىينىلامدىكەن؟ ...“ دەپ ئويلايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. توغرا ئېيتىسىلەر، ھەممىگە مەلۇم، ئىنسان ھايات ۋاقتىدا، ئۇ ئالەمدە قانداق ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بەك قىزىقىدۇ، بىرەيلەن ماڭا، بۇ قىزىقىش ۋەجىدىن قانلىق ئۇرۇش مەيدانلىرىدا جەسەتلەر ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرگەن بىرىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى... جان تالىشىۋاتقان

ياربدار جەڭچىلەر ئاربسىدىن ئۆلۈپ تىربلگەن بىرەرسىنى ئۇچرىتىپ قالسام، ئۇ ماڭا ئۇ دۇنيانىڭ سىرلىرىنى ئېيتىپ بېرەر دەپ ئىزدەپ يۈرگەن بۇ ئادەمنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ لەشكەرلىرى دۈشمەن دەپ خاتا ئويلاپ قېلىپ، بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ، نەتىجىدە، ئۇمۇ: ئۇ دۇنيادا ئىنساننىڭ تېنى ئىككىگە پارچىلىنىدىكەن ـ دە، دەپ ئويلاپتۇ.

بۇنداق ئىش يوق. ھەتتا دۇنيادا ئىككىگە بۆلۈنگەن روھلارنىڭ بۇ يەردە بىرلەشكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بېرەلەيمەن. لېكىن دىنسىز كۇپپارلارنىڭ، خۇداسىزلارنىڭ ۋە شەيتانغا ئەسىر بولغان گۇناھكارلارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، خۇداغا شۈكۈركى، ھەقىقەتەن يەنە بىر دۇنيا بار ئىكەن. ھازىر ئۇ يەردىن سىلەرگە قاراپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىم بۇنىڭ ئىسپاتى. مەن ئۆلدۈم، لېكىن كۆرۈۋاتقىنىڭلاردەك، يوقىلىپ كەتمىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان ئاستىدىن دەريالار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان جەننەت قەسىرلىرىنى، مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشقان چوڭ يوپيۇرماقلىق دەرەخلەرنى، گۈزەل ھۆرۈ غىلمانلارنى ئۇچرىتالمىغانلىقىمنى ئېيتىشقا مەجبۇرمەن. لېكىن "ۋاقىئە" سۈرىسىدە ئېيتىلغان جەننەتتىكى شەھلا كۆزلۈك ھۆر ـ پەرىلەرنى تالاي قېتىم مەستخۇش ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇلارنى تەسۋىرلەپ سىزغانلىقىمنى ئەمدى تازا ئوبدان ئېسىمگە ئېلىۋاتىمەن. «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغىنى ئەمەس، ئىبنى ئەرەبىدەك كەڭ پىكىرلىكلەر ماختاپ بايان قىلغان سۈت، شاراب، شەربەت ۋە ھەسەل ئاقىدىغان تۆت دەريانىمۇ زادىلا ئۇچرىتالمىدىم. ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيانىڭ ئۈمىد ۋە خىياللىرى بىلەن ياشىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئېتىقادسىزلىققا دەۋەت قىلىش نىيىتىم بولمىغاچقا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى توغرا تاپتىم: ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھايات ھەققىدە ئاز ـ تولا مەلۇماتى بولغان ھەر بىر مۆمىن زات مەندەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بىر بىتەلەينىڭ جەننەت دەريالىرىنى كۆرەلىشى قىيىن بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

دېمەك، رەسىمخانىدا ۋە رەسىم سىزغۇچى ئۇستىلار ئارىسىدا نازاكەتلىك ئەپەندى دەپ نام ئالغان مەن ئۆلدۈم، لېكىن يەرلىككە

قويۇلمىدىم. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، روھىم تېنىمنى پۈتۈنلەيلا تاشلاپ كېتەلمىدى. جەننەتكە كىرىمەنمۇ ياكى جەھەننەمگىمۇ، ئۇ بىر تەقدىر، روھىم ئۇ يەرلەرگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ۋۇجۇدۇمدىكى پاسكىنىچىلىقتىن قۇتۇلۇشى كېرەك. باشقىلارنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغان بۇ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالىم روھىمنى قورقۇنچلۇق ئازابلارغا سالدى. باش سۆڭىكىمنىڭ پارە - پارە بولۇشىنى، تېنىمنىڭ يېرىمىنىڭ مۇزدەك سۇدا سۇنۇقلار ۋە يارىلار ئىچىدە چىرىۋاتقىنىنى سەزمەي تۇرۇپمۇ، تېنىمنى تاشلاپ كېتىش ئۈچۈن تىپىرلاۋاتقان روھىمنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى ھېس قىلماقتىمەن. گويا پۈتۈن ئالەم قەلبىمنىڭ مەلۇم يېرىدە سىقىلىپ تارىيىشقا باشلىغاندەك تۇيۇلدى.

بۇ خىل تارىيىش ھېسسىياتىنى پەقەت ئاشۇ تەڭداشسىز ئۆلۈم ئەسناسىدا كىشى ھېس قىلالايدىغان ھەيران قالارلىق كەڭلىك ھېسسىياتى بىلەنلا سېلىشتۇرالايمەن. تۇيۇقسىز تەگكەن تاش زەربىسى بىلەن كاللام يېرىلغاندىلا، ئۇ ئەبلەخنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن بولساممۇ، ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنىدىم، كۆڭلۈم يەنىلا تۇق تۇرىۋەرگەن ئىدى. لېكىن رەسىمخانا بىلەن ئۆيۈمنىڭ ئارىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ئاشۇ سولغۇن چاغلىرىمدا بۇنى زادىلا ھېس قىلماپتىكەنمەن. ھاياتقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن چىش - تىرناقلىرىمغىچە مەھكەم كىرىشىپ يېپىشتىم. شۇڭا ئۇز بېشىمغا كەلگەن باشقا زەربىلەرنىڭ ئاچچىقى تۇپەيلى سىلەرگىمۇ مالاللىق يەتكۈزۈپ قويماي دەيمەن.

بۇ قېتىم ئازاب ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغىنىمنى بىلىپ يەتكىنىمدە، قەلبىمنى كۆتۈلمىگەن يېنىك بىر ھېسسىيات چۇلغىۋالدى. مەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان مۇشۇ دەقىقىدىلا، بۇ خىل تۇيغۇنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئۆلۈپ كېتىۋاتقان شۇ جەرياندا ئىنتايىن تىنچ، گويا چۈشۈمدە ئۆزۈمنى شېرىن ئۇيقۇلۇق ھالەتتە كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھالەتتە ئۆتتى. ئاخىرىدا پەسكەش قاتىلىمنىڭ قار - پاتقاققا مىلەنگەن ئاياغلىرىنى كۆردۈم. مەن خۇددى ئۇخلىغاندەك كۆزلىرىمنى يۇمدۇم - دە، لەپپىدە قىلىپ بۇياققا كەلدىم.

ئەمدىكى ئەندىشەم شۇ ئىدىكى، مەن چىشلىرىمنىڭ قان تولغان ئاغزىمغا نوقۇتتەك تۆكۈلۈپ، يۈزۈمنىڭ تونۇغۇسىز دەرىجىدە يېرىلىپ

كېتىشىدىن ياكى چوڭقۇر قۇدۇقنىڭ تېگىگە قىسىلىپ قېلىشىمدىن ۋەھىمە يېمەيتتىم، پەقەت كىشىلەرنىڭ مېنى تېخىچە هايات دەپ قارىشىدىن ۋەھىمە يەيتتىم. چۈنكى، يېقىنلىرىمنىڭ مېنى پات ـ پات ئەسلەپ، ئىستانبۇلنىڭ بىر بۇلۇڭىدا هاماقەتلەرچە بىرەر ئىشقا گول بولۇپ يۈرگەنمىدۇ ياكى مېنى باشقا بىر خوتۇننىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىپ قالغانمىدۇ دەپ خاتا پەرەزلەرنى قىلىشى مىسكىن روھىمنى تولىمۇ ئازابقا سالاتتى. ئەمدى ئىمكانقەدەر بالدۇرراق جەسىتىمنى تاپسا، دەرھال نامىزىمنى چۈشۈرۈپ، تاۋۇتۇمنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ يەرلىكىمدە قويسا! ھەممىدىن مۇھىمى قاتىلىم تېپىلسا ئوبدان بولاتتى! ئۇ ئەبلەخ تېپىلمىسا، مېنى ھەرقانچە ھەشەمەتلىك مازارغا كۆمگەن بىلەنمۇ ئەرۋاھىم بىئاراملىق ئىچىدە كېچە ـ كۈندۈز كۆتۈپ، گۆرۈمدە تولغىنىپ تىنچ ياتالمايدۇ ھەمدە ھەممىڭلارنى ئېتىقادسىزلىق پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشۇ لەنىتى قاتىلىمنى تېزرەك تېپىڭلار! مەنمۇ سىلەرگە ئۇ دۇنيادا كۆرىدىغانلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرەي! لېكىن قاتىلىمنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنى چوقۇم پارە ـ پارە قىلىۋېتىڭلار! ئۇستىخانلىرىدىن سەككىز ـ ئوننى، بولۇپمۇ تۆش قوۋۇرغىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چارسىلدىتىپ سۇندۇرۇۋېتىڭلار! ئاندىن ئۇ ئەبلەخنىڭ يىرگىنچلىك مەينەت چاچلىرىنى بىرنى قويماي يۇلۇۋېتىڭلار! بولۇپمۇ، جازالاش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىغان زىخلار بىلەن بېشىنىڭ تېرىسىنى تېشىپ، چاچلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن بىر تال ـ بىر تالدىن يۇلۇۋېتىڭلار!

مېنى شۇنچە غەزەپلەندۈرگەن قاتىلىم زادى كىم؟ ئۇ مېنى نېمىشقا مۇشۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ سىلەر بۇ تەپسىلاتلارغا دىققەت قىلىڭلار. سىلەر بۇ دۇنيا پەسكەش، رەزىل قاتىللار بىلەن تولغان، بۇ ئادەم قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم قىلغاندۇ دەيدىغانسىلەر بەلكىم. مەن شۇنى سەمىڭلەرگە سېلىپ قوياي: ئۆلۈمۈمنىڭ كەينىدە دىنىمىزغا، ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋە دۇنيا قاراشلىرىمىزغا نىسبەتەن يىرگىنچلىك بىر سۇيىقەست بار. كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ، تەتقىق قىلىپ بېقىڭلار، ئۆزۈڭلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان ۋە ياشاۋاتقان ئىسلام دۇنياسىدا ھەرخىل

دۇشمەنلەر مەۋجۇت. ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوخشاشلا ئۇلار سىلەرگىمۇ زەھەرلىك قول سالىدۇ، بۇنى بىلىپ قويۇڭلار. ئۇلۇغ ۋائىز، ئەرزۇرۇملۇق نۇسرەت مولّىنىڭ سۆزلىگەن ئەمرىمەرۇپلىرىنى مەن كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ ئاڭلىغان ئىدىم. مانا ئەمدى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بىر - بىرلەپ رېئاللىققا ئايلانماقتا. شۇنى دەپ قويماقچىمەنكى، بۈگۈن بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلار ھېكايە قىلىنىپ، كىتاب قىلىپ يېزىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئەڭ ئۇستا رەسساملارمۇ رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ كىتابنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى خۇددى «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش — ھەرگىز خاتا چۈشىنىلمىگەي! — ئۇنىڭ ئەسلا رەسىم قىلىپ سىزىشقا بولمايدىغانلىقىدىدۇر. سىلەرنىڭ بۇنى ھەقىقىي چۈشىنەلىشىڭلاردىن گۇمانلىنىمەن.

قاراڭلار، مەنمۇ شاگىرت ۋاقتلىرىمدا يوشۇرۇن ھەقىقەتتىن، ئەرشتىن كەلگەن سادالاردىن قورقساممۇ، بۇ ئىشلارغا قىلچە پەرۋا قىلماي چاقچاق تەرىقىسىدە ئۆتكۈزۈۋېتەتتىم. ئاقىۋەت ياتىدىغان يېرىم مۇشۇ قاباھەتلىك قۇدۇقنىڭ تېگى بولدى! بۇنداق ئىشلار سىلەرنىڭ بېشىڭلارغىمۇ كېلىپ قالار، شۇڭا ئېھتىيات قىلىڭلار. مانا ئەمدى راسا چىرىسەم، سېسىق پۇرىقىمدىن باشقىلار مېنى تېپىۋالار دەپ ئۈمىد كۈتۈش بىلەن بىرگە ھېلىقى رەزىل قاتىلىم تېپىلغاندا، ياخشى نىيەتلىك بىرەر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ۋاستىلەر بىلەن ئازاب سالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشىم يوق.

# 2. مېنىڭ ئىسمىم قارا

تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شەھىرىم ئىستانبۇلدىن ئايرىلىپ 12 يىلدىن كېيىن گويا چۈشەكەپ قالغاندەك قايتا كىرىپ كەلدىم. رىزقى توشۇپ قالغانلارنى "تۇپراق چاقىردى" دەيدىغان گەپ بار، مېنىمۇ ئەجىلىم سۆرەپ كەلگەن چېغى. كونا قەدەمجايىمغا دەسلەپ كەلگىنىمدە بۇ يەردە پەقەت ئۆلۈملا بار دەپ ئويلىغانىدىم، كېيىن مۇھەببەت بىلەنمۇ ئۇچراشتىم. بىراق ئۇ چاغدا، ئىستانبۇلغا يېڭى قايتىپ كەلگىنىمدە، بۇ مۇھەببەت خۇددى مەن بۇرۇن مۇشۇ شەھەردە ياشىغان چاغدىكى ئەسلىمىلىرىمدەك، خاتىرەمدە غۇۋا ساقلىنىپ قالغان ياكى ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان بىر ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. 12 يىلنىڭ ئالدىدا، دەل مۇشۇ ئىستانبۇلدا ھامامىنىڭ تېخى رەسىدە بولمىغان قىزىغا ئاشىقى بىقارار بولغانىدىم.

ئىستانبۇلدىن كېتىپ تۆت يىلدىن كېيىنلا، ئەجەم مەملىكىتىنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس چۆللىرىدە، قارلىق تاغلىرىدا ۋە غەمكىن شەھەرلىرىدە كېزىپ يۈرۈپ خەت ـ چەك توشۇغان، باج ـ خىراج يىغقان چاغلىرىمدا ئىستانبۇلدا قالغان گۆدەك سۆيگىنىمنىڭ چىرايىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمنى سەزدىم. بۇ چىرايىنى ئېسىمگە ئېلىشنى شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسامۇ، ئېنىق ئەسلىيەلمىدىم. چۈنكى، ئادەم مەلۇم بىرىنى ھەرقانچە ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇزاققىچە كۆرۈشمىسە چىرايىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىدىغان گەپ ئىكەن. شەرقتە، پاشاغا كاتىپلىق قىلىپ، سەپەرلەرگە چىقىپ، پاشانىڭ خىزمىتىدە بولۇپ يۈرۈپ ئالتىنچى يىلغا كەلگەندە، خىيالىمدا گەۋدىلەنگەن چىرايىنىڭ ئىستانبۇلدىكى سۆيگىنىمنىڭ چىرايى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئالتىنچى يىلىدىكى خاتا تەسەۋۋۇر قىلغان چىرايىنى سەككىزىنچى يىلغا كەلگەندە يەنە بىر قېتىم ئۇنتۇپ، يەنە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر چىراي سۈپىتىدە ئېسىمگە

ئالغانلىقىمنىمۇ بىلەتتىم. 12 يىلدىن كېيىن، 36 يېشىمدا بۇ شەھەرگە قايتا قايتىپ كەلگىنىمدە، سۆيگىنىمنىڭ چىرايىنى ئالللىبۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمنى مانا شۇنداق ئېچىنىش ئىچىدە سەزدىم.

بۇ 12 يىلدا دوستلىرىمنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ، مەھەللىمدىكى تونۇش - بىلىشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. دېڭىز قولتۇقى تەرەپتىكى قەبرىستانلىققا باردىم. ئاپام ئۈچۈن ۋە مەن كەتكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن تاغىلىرىم ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. پاتقاقنىڭ پۇرىقى ئەسلىمىلىرىم بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئاپامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا بىرەيلەننىڭ كومزىكى چېقىلىپ كەتكەنىكەن، نېمە ئۈچۈندۇر، كومزەك سۇنۇقلىرىغا قاراپ يىغلاشقا باشلىدىم. مەن ئۆزۈم بۇ مەرھۇملار ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتىمەنمۇ ياكى بىردىنلا ئۆز ھاياتىمنىڭ مۇقەددىمىسى ئەمدى باشلىنىۋاتقىنىنى ھېس قىلدىممۇ ۋە ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە ھايات مۇساپەمنىڭ ئاخىرقى چەككە يېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئاندا - ساندا قار يېغىشقا باشلىغانىدى. ئۇياق - بۇياققا ئۇچقۇنداۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئۆز ھاياتىمدىكى مەۋھۇم تەسەۋۋۇرلار ئىلكىدە گاڭگىراپ يۇرۇپ يولدىن ئېزىپ قالدىم... قەبرىستانلىقنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا بىر قارا ئىتنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

كۆز ياشلىرىم توختىدى، بۇرنۇمنى سۇرتتۇم. قارا ئىتنىڭ ماڭا ئەركىلەپ قۇيرۇق شىپپاڭشىتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن قەبرىستانلىقتىن چىقتىم. كېيىن ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرىمدىن بىرىنىڭ ئىلگىرى ئولتۇرغان بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، مەھەللىگە ئورۇنلاشتىم. ئۆي خوجايىنى ئايال مېنى ئۇرۇشتا سەفەۋىي سۇلالىسى لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئوغلىغا ئوخشىتىپ، ئۆيۈمنى تۈزەشتۈرۈپ، ئاش - تامىقىمنى ئېتىپ بېرەتتى.

ئۆزۈمنى ئىستانبۇلغا ئەمەس، دۇنيانىڭ باشقا بىر يېرىدىكى ئەرەب شەھەرلىرىدىن بىرىگە ۋاقىتلىق ئورۇنلىشىپ قالغاندەك ھەمدە شەھەر دېگەن قانداق يەردۇر دەپ ھەۋەس قىلىدىغان ئادەملەردەك ھېس قىلىپ،

كوچىلارغا چىقىپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قانغۇچە ئايلاندىم. كوچىلار تارلىشىپ كەتكەنمۇ ياكى ماڭا شۇنداق بىلىنىۋاتامدۇ، بۇنى بىلمىدىم. بەزى يەرلەردە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىكى قىسىلىپ ياتقان تار كوچىلاردا، يۈك ئارتىلغان ئاتلارغا تېگىپ كەتمەسلىك ئۇچۇن تاملارغا، دەرۋازىلارغا سوقۇلۇپ ـ سۈركىلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. شەھەردە بايلار كۆپىيىپ قالغانمۇ ياكى ماڭا شۇنداق كۆرۈندىمۇ، ئىشقىلىپ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن كۆركەم بىر پەيتۇننى كۆردۈم. بۇنداق پەيتۇنلار ئەرەبىستاندىمۇ، پارس دىيارىدىمۇ يوق ئىدى. مەغرۇر ئارغىماقلار قېتىلغان بۇ پەيتۇن گويا بىر قەلئەگە ئوخشايتتى. "چەمبەرلىك تاش" ① نىڭ يېنىدا، بەتبۇي پۇراق بىقسىپ تۇرغان توخۇ بازىرى كوچىسىدا بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ يۈرۈشكەن جۇلجۇل كىيىملىك ئۆيالماس تىلەمچىلەرنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەما بىرى يىغىۋاتقان قارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى.

ئىلگىرى ئىستانبۇل نامرات ھەم كىچىك بولسىمۇ، لېكىن شاد ـ خۇرام شەھەر ئىدى دېسە بەلكىم ئىشەنمەس ئىدىم، بىراق قەلبىم شۇنى ئاگاھلاندۇراتتىكى، سۆيگىنىمنىڭ ئۆيى كەينىمدە قالغان بولۇپ، ئۇز ئورنىدا، فىكۇس ۋە كاشتان دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. لېكىن دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىسام، ئۇ يەردە ھازىر باشقا كىشى ئولتۇرىدىكەن. سۆيگىنىمنىڭ ئانىسى، يەنى ھامام ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ، يېزنە تاغام بىلەن قىزى باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ، دەرۋازا ئالدىغا چىققان كىشىدىن بۇ ئەھۋاللارنى ئۇقتۇم. بۇ كىشى قەلبىمنى ۋە ھېسسىياتىمنى شەپقەتسىزلەرچە جاراھەتلەندۈرگىنىنى قىلچە سەزمىگەن ھالدا، ئۇلارنىڭ بېشىغا بەزى كېلىشمەسلىكلەر كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. سىلەرگە ھازىر بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماي تۇراي، سىلەرگە شۇنى سۆزلەپ بەرگىم كېلىۋاتىدۇكى، كونا باغچىدىكى فىكۇس دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن چىمەلتىكىمچىلىك مۇز پارچىلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى، بۇ باغچىنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ قايغۇلۇق بولۇپ، پەرۋىشسىز قالغان ھەم قار باسقان قىياپىتى كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى سالاتتى.

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىكلەرنىڭ بىر

---

① ئىستانبۇلدىكى ئاۋات رەستىلەرنىڭ بىرى، ـــ ت.

قىسمىنى ئەسلىدە مەن تەبرىزدىكى ۋاقتىمدا يېزنە تاغامنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن خېتىدىن بىلگەنىدىم. ئۇ خەتتە يېزنە تاغام مېنى ئىستانبۇلغا چاقىرغان ۋە ئۆزىنىڭ پادىشاھىمىز ئۈچۈن بىر مەخپىي كىتابنى تۈزۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى يازغانىدى. يېزنە تاغام مېنىڭ بىر مەزگىل تەبرىزدە ئوسمانىيە پاشالىرى، ۋالىيلىرى ۋە ئىستانبۇلدىكى خېرىدارلارنىڭ كىتابلىرىنى تۈزۈپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ئاڭلىغانىكەن. مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم ئىستانبۇلدىكى كىتاب بۇيرۇتقۇچى خېرىدارلاردىن نەق پۇل ئېلىپ، ئۇرۇشلاردىن ۋە ئوسمانىيە ئەسكەرلىرىدىن بىزار بولغان رەسساملار، خەتتاتلاردىن شەھەرنى تاشلاپ قەزۋىنگە ۋە باشقا ئەجەم شەھەرلىرىگە كەتمىگەنلىرىنى تېپىش ھەمدە نامراتلىق، ئېتىبارغا ئېلىنماسلىق تۈپەيلىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن بۇ ئۇستا خەتتاتلارغا كىتاب سەھىپىلىرىنى يازدۇرۇپ، رەسىملىرىنى سىزدۇرۇپ، جىلدلىتىپ، ئۇلارنى ئىستانبۇلغا يوللاشتىن ئىبارەت ئىدى. كىچىك ۋاقتىمدا يېزنە تاغام ماڭا ئۆگەتكەن رەسساملىق ۋە ئۆز تەبىئىتىمدىكى كىتابخۇمارلىق بولمىغان بولسا، مەنمۇ بۇ ئىشلارغا يېقىن كېلەلمىگەن بولاتتىم.

يېزنە تاغام بىر زامانلاردا ئولتۇرغان كوچىنىڭ بازارغا تۇتىشىدىغان تەرىپىدىكى ساتىراش ئۇستام ھېلىمۇ ئۆز دۇكىنىدا، يەنى، مەن كۆرگەن ئەينەك، ئۇستىرا، ئىۋرىق، سوپۇن چوتكىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق، لېكىن مېنى تونۇغان - تونۇمىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. دۇكاننىڭ تورۇسىغا زەنجىرلەپ ئېسىپ قويۇلغان ئىسسىق سۇ تولدۇرۇلغان باش يۇيۇدىغان داسنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئالدى - كەينىگە پۇلاڭشىپ تۇرغانلىقىنى تاماشا قىلىپ، بىرئاز كەيپىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

كىچىك چاغلىرىمدا يۈرگەن بەزى مەھەللىلەر، بەزى كوچىلار 12 يىل مابەينىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئورنى ئىتلار توپلىشىۋالىدىغان، سەۋدايى - ساراڭلار بالىلارنى قورقۇتىدىغان خارابىلەرگە ئايلانغانىدى. بەزى يەرلەرگە ماڭا ئوخشاش يىراق يەرلەردىن كەلگەنلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەشەمەتلىك مېھمانسارايلار

سېلىنغانىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ دېزىرىلىرىگە ناھايىتى قىممەت باھالىق رەڭلىك ۋېنېتسىيە ئەينەكلىرى قويۇلغانىدى. ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ ئېگىز تاملىرىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ ياسالغان دېرىزىلەرنى كۆرۈپ، مەن يوق ۋاقىتتا ئىستانبۇلدا ئىككى قەۋەتلىك نۇرغۇن ھەشەمەتلىك قورۇلۇشلارنىڭ سېلىنغانلىقىنى بىلدىم.

باشقا نۇرغۇن شەھەرلەرگە ئوخشاشلا، ئىستانبۇلدىمۇ پۇلنىڭ ھېچ كۈچى قالمىغانىدى. مەن شەرققە كەتكەن يىللاردا بىر تەڭگىگە 400 دىرھەملىك يوغان بىر نان بېرىدىغان ناۋايخانىلار ھازىر ئۇ پۇلغا شۇ ناننىڭ يېرىمىنى بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نانلارنىڭ تۈز - تەمدىن بالىلىق چاغلىرىمدا تېتىغان تەملەرنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم. رەھمەتلىك ئانام 12 تۇخۇم ئۈچۈن ئۈچ تەڭگە ساناشقا توغرا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسا، توخۇلار ھەددىدىن ئېشىپ بېشىمىزغا شاتىراقلىماستا باشقا بىر يۇرتقا كېتەيلى، دېگەن بولاتتى، لېكىن مەن ھەممە يەرنى مۇشۇنداق پۇل پاخاللىقى قاپلىغانلىقىنى بىلەتتىم. فېلېمېنكتىن، ۋېنېتسىيىدىن كېلىدىغان سودا پاراخوتلىرىنىڭ ساندۇق - ساندۇقلاپ ساختا پۇللارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كىشىلەردىن ئاڭلىغانىدىم. مېتال پۇل قۇيىدىغان ئورۇندا بۇرۇن 100 دىرھەم كۈمۈشتىن 500 تەڭگە قۇيۇلغان بولسا، سەفەۋىيلەر بىلەن بولغان تۈگىمەس - پۈتمەس ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ھازىر 800 تەڭگە قۇيۇلۇشقا باشلاپتۇ. پىيادە ئەسكەرلەر ئۆزلىرىگە مائاش ھېسابىدا تارقىتىپ بېرىلگەن تەڭگىلەرنىڭ دېڭىز بوغۇزىدا خۇددى كۆكتاتچىلار پىرىستاندىن دېڭىزغا تۆكۈۋەتكەن قۇرۇق پۇرچاقلاردەك سۇدا لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىسيان كۆتۈرۈشۈپتۇ ۋە سۇلتانىمىزنىڭ ئوردىسىنى دۈشمەن قەلئەسىنى قورشىغاندەك قورشىۋاپتۇ.

بەيازىت جامەسىدە ۋەز ئېيتىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ يۈرگەن نۇسرەت ئىسىملىك بىر ۋائىزمۇ مانا مۇشۇ ئەخلاقسىزلىق، قىممەتچىلىك، جىنايەت، بۇلاڭچىلىقلار ئەۋج ئالغان مەزگىلدە نام چىقارغانىدى. ئەرزۇرۇمىي دەپ ئاتالغان بۇ ۋائىز كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە ئىستانبۇلنى قاپلىغان پۈتۈن بالايىئاپەتلەرنى —

باغچە قاپى① ۋە قازانچىلار② مەھەللىسىدە يۈز بەرگەن ئوت ئاپەتلىرى، شەھەرگە ھەر قېتىم تارقالغىنىدا ئون مىڭلىغان ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان ۋابا، سەفەۋىيلەرگە قارشى ئۇرۇشتا شۇنچە كۆپ قۇربان بېرىلگەن بولسىمۇ، بىرەر نەتىجە كۆرۈلمىگەنلىكى، غەربتە خرىستىئانلارنىڭ ئىسيان كۆتىرىپ كىچىك ئوسمانىيە شەھەرلىرىنى تارتىۋالغانلىقى قاتارلىق بىر يۈرۈش قاباھەتلىك ئەھۋاللارنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يولىدىن چىققانلىقتا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەمىرلىرىدىن يىراقلاشقانلىقتا، شۇنداقلا، خرىستىئانلارغا يول قويۇلۇپ، ھاراق - شارابلار ئەركىن سېتىلىۋاتقانلىقتا، خانىقالاردا نەغمە - ناۋا قىلىنىدىغان بولغانلىقتا باغلاپ چۈشەندۈرگەنىدى.

ماڭا ئەرزۇرۇملۇق ۋائىز ھەققىدە بۇ خەۋەرلەرنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگەن چىلىغان كۆكتات ساتقۇچى يەنە بازارنى قاپلىغان ساختا پۇلنىڭ، يېڭى ۋېنېتسىيە تىللالىرىنىڭ، يولۋاس سۈرەتلىك ساختا فلورىنلارنىڭ، كۇمۇش تەركىبى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئوسمانىيە تەڭگىلىرىنىڭ كىشىلەرنى خۇددى كوچىلارغا تولۇپ كەتكەن چېركەسلەر③ ئابخازلار، مىنگېرېيىلىكلەر، بوسنىيىلىكلەر، گرۇزىنلار، ئەرمەنلەردەك تاپتىن چىقىرىپ، چۈشكۈنلۈك گىردابىغا يۈزلەندۈرگەنلىكى، بۇ كۇنگە قالغان ئادەملەرنى ئوڭشاشنىڭمۇ بەسى مۇشكۈل ئىكەنلىكى توغرىلىقمۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي قايناپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەخلاقسىزلار، ئىسيانكارلار قەھۋەخانىلارغا يىغىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە غەيۋەت - شىكايەت قىلىشىدىكەن. كىملىكى نامەلۇم بولغان پاينەكباشلار، ئەپيۇنكەش ساراڭلار، دەرۋىشلەرنىڭ قالدۇقلىرى "ئاللاھنىڭ يولى بۇ" دەپ خانىقالاردا تاڭ ئاتقۇچە نەغمە - ناۋا، ئويۇن - تاماشا قىلىشىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە زىخلارنى سانجىپ، ھەر خىل ئەدەپسىزلىكلەرنى قىلىشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە ۋە كىچىك ئوغۇل بالىلارغا بەچچىۋازلىق قىلىشىدىكەن.

يېقىملىق بىر ئۇد ئاۋازىنى ئاڭلىدىم - دە، ئۇنى ئىزلىگىم كەلدىمۇ

①، ② ئىستانبۇلدىكى رايونلار، — ت.

③ چېركەس — كافكازدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ بىرى، — ت

ياكى ئەسلىمىلىرىم ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمگە شاھىد بولغان ھېسسىي تۇيغۇلىرىم زەھەردەك گەپ قىلىدىغان بۇ چىلىغان كۆكتات ساتقۇچىنىڭ ئاچچىق گەپلىرىگە چىداشلىق بېرەلمىگەنلىكى مېنىڭ بۇ يەردىن قېچىشىمغا باھانە تېپىپ بەردىمۇ، بۇنى بىلمىدىم. لېكىن بىلىدىغىنىم شۇكى، سىز بىر شەھەرنى ياقتۇرۇپ قالسىڭىز ۋە ئۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرسىڭىز، بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن ئۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى روھىڭىزلا ئەمەس، جىسمىڭىزمۇ ئۆزلۈكىدىن شۇنداق تونۇپ كېتىدۇكى، قار يېغىپ، زېمىننى ھەسرەتلىك مۇڭ باسقان بىر كۆڭۈلسىز چاغدا ئاياغلىرىڭىز سىزنى ئىختىيارسىز كۆڭلىڭىزدىكى بىر مەنزىلگە ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ چىقىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، تاقىچى بازىرىدىن چىقىپ، سۇلايمانىيە جامەسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، دېڭىز بوغۇزىغا يېغىۋاتقان قارلارنى تاماشا قىلدىم: شىمال تەرەپكە قارىغان تاملارنىڭ، گۇمبەزلەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى بۇرجەكلىرىگە غەرب شامىلى قار ئۇچقۇنلىرىنى سۇرۇپ دۆۋىلەشكە باشلىغانىدى. شەھەرگە كىرىۋاتقان بىر پاراخوت گويا ماڭا سالام بەرگەندەك، "قاراس ـ قۇرۇس" قىلىپ يەلكەنلىرىنى چۇشۇردى، دېڭىز بوغۇزىدىكى سۇ يۈزى تۇمان رەڭگىدە ئاقۇش، قارامتۇل كۆرۈنەتتى. تام تۈۋىلىرىدىكى سەرۋى ۋە چىنار دەرەخلىرى كەچكى مەنزىرىگە سۆرۈن تۈس كىرگۈزگەن بولۇپ، تۆۋەنكى مەھەللىلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلىرى، سېپىلچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ۋە جامە ھويلىسىدا ئوينىشىۋاتقان بالىلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى قوشۇلۇپ، كاللامنى قوچۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ماڭا شۇنىسى ئايان ئىدىكى، مەن ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ھاياتىمنى بۇ شەھەردىن باشقا يەردە ئۆتكۈزەلمەيتتىم. بىردىنلا، سۆيگىنىمنىڭ بىر قانچە يىللاردىن بېرى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن چىرايى كۆز ئالدىمدا ۋاللىدە نامايان بولغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

دۆڭدىن پەسكە چۈشۈپ، مىغىلدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر توپى ئىچىگە كىردىم. نامازشامغا ئەزان ئېيتىلغاندىن كېيىن، بىر قېرىن شورپىخانىسىدا قورسىقىمنى تويغۇزدۇم. شورپىخانىدا مەندىن باشقا بىرمۇ ئادەم بولمىغاچقا، شورپىخانا خوجايىنى مېنى خۇددى مۈشۈك باققاندەك

كۆڭـۈل قويۇپ كۆتـۈشكە باشـلىدى ۋە نۇرغـۇن پاراڭلارنى قـىلىـپ بـەردى. مەنمۇ ئۇنىڭ پارىڭىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاچ ئولتۇردۇم. كوچىلار ئوبدانلا قاراڭغۇلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە قۇل بازىرىنىڭ كەينىدىكى تار كوچىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ، قەھۋەخانىنى تاپتىم.

قەھۋەخانىنىڭ ئىچى قىستا ـ قىستاڭ ۋە ئىسسىق ئىدى. تەبرىزدە، ئەجەم شەھەرلىرىدە كۆرگىنىمگە ئوخشايدىغان ۋە ئۇ يەردە مەدداھ ئەمەس، "ئىشىك باقار" دەپ ئاتىلىدىغان داستانچى ئارقا تەرەپتىكى ئوچاقنىڭ يېنىدىكى پەشتاقتا تۇرۇپ، قېلىن قەغەزگە تېز، ئەمما ماھارەت بىلەن سىزىلغان بىر ئىتنىڭ رەسىمىنى ئېسىپ قويۇپ، ھە دېسىلا رەسىمدىكى ئىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قىسسىنى ئاشۇ ئىتنىڭ ئاغزىدىن سۆزلەۋاتاتتى.

## 3. مەن بىر ئىت

كۆرگىنىڭلاردەك، قوزۇق چىشلىرىم شۇنداق ئۇچلۇق ۋە ئۇزۇنكى، ئاغزىمغا ئاران سىغىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەن قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغانلىقىمنى بىلىمەن، ئەمما ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بىر قېتىم بىر قاسساپ قوزۇق چىشلىرىمنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ: ”ۋايجان، بۇ ئىت ئەمەس، چوشقا ئىكەنغۇ“ دېۋىدى، ئۇنىڭ پاقالچىكىنى شۇنداق قاتتىق چىشلىدىمكى، قوزۇق چىشلىرىم ئۇنىڭ ياغلىق گۆشىگە چوڭقۇر پېتىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يوتا سۆڭىكىنىڭ قاتتىقلىقىنى ھېس قىلدىم. بىر ئىت ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن چىققان غەزەپ ۋە خىرىس بىلەن قەبىھ دۈشمىنىنىڭ گۆشىگە چىشلىرىنى چوڭقۇر پاتۇرۇشنىڭ ھوزۇرىدەك ھوزۇر بولمىسا كېرەك. بۇنداق پۇرسەت ئالدىمغا كەلگەندە، يەنى ماڭا چىشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ قۇربانىم ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا ئالدىمدىن ئۆتكەندە، خۇشاللىقتىن كۆزلىرىم ئويناپ، چىشلىرىم كاراسلاپ كېتىدۇ ۋە ئىختىيارسىز ھالدا كېكىرتىكىمدىن ۋەھىمىلىك خىرقىراش ئاۋازىنى چىقىرىشقا باشلايمەن.

مەن بىر ئىت، سىلەر ئەقىل - پاراسەتتە مەنچىلىكمۇ بولالمىغىنىڭلار ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزۈڭلەرگە ”ئىتمۇ گەپ قىلالامدۇ“ دەيسىلەر. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، سىلەر يەنە ئۆلۈكلەرمۇ گەپ قىلالايدۇ دېگەن ھېكايىگە ئىشىنىسىلەر، شۇ ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلار ھەتتا ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ گەپ قىلىسىمۇ. ئىتلار گەپ قىلالايدۇ، لېكىن ئۇ گەپنى چۈشىنىدىغانلارغا قىلىدۇ.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ناھايىتىمۇ يىراق بىر جايدىكى مەلۇم سەھرا بازىرىدىن بىر ئىش كۆرمىگەن ۋائىز بىر چوڭ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ جامەگە كەپتۇ. خوش، بىز ئۇنى بەيازىت جامەسى دەپ ئاتاپ تۇرايلى. بۇ

يەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىمىساقمۇ ھازىرچە ئۇنى خۇسرەت موللا دەپ قويايلى، ئەمما باشقىسىنى يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، بۇ ئادەم بىر دىتسىز ۋائىز ئىكەن. لېكىن قورسىقىدا ئۇماچ ئاز بولغىنىنى بىلەن، ماشائاللا، سۆزگە شۇنچىلىك ئۇستا ئىكەن. ھەر جۈمە كۈنى جامائەتنى شۇنداق ھاياجانلاندۇرۇپ يىغلىتىۋېتەرمىشكى، تالاي ئادەملەر كۆزلىرى قۇرۇپ ھوشىدىن كېتىدىكەن، بەزىلىرىنىڭ نەپىسى سىقىلىپ بولالماي قالىدىكەن. خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار، ئۇ ھەرگىز باشقا سۆزمەن ۋائىزلاردەك يىغلىمايدىكەن. ئەكسىچە، كىشىلەر يىغلىغاندا، ئۇنىڭ كىرپىكى مىت قىلىپمۇ قويمايدىكەن، ھەتتا جامائەتكە تەنبىھ بەرگەندەك تېخىمۇ كۈچەپ سۆزلەيدىكەن. ئېھتىمال، ئۇ ئۆزىنى شۇنداق كۆرسىتىشكە ئامراق بولسا كېرەك، نەتىجىدە، بارلىق بوستانچىلار ①، ئوردا مۇلازىملىرى، ھالۋىچىلار، ئاددىي پۇقرالار ۋە ئۆزىگە ئوخشاش نۇرغۇن ۋائىزلار بۇ ئادەمگە باش قويۇپ قول بېرىپتۇ. ئېھ، ئۇمۇ ھەر ھالدا ئىت ئەمەس، خام سۈت ئەمگەن ئادەم بالىسىغۇ! بۇ ھەيرانۇ ھەسلىكتە قالغان ئەھلى جامائەت ئالدىدا ئۇ ئوبدانلا خۇدىنى بىلمەي قاپتۇ. قارىسا، جامائەتنى يىغلاتقۇدەك دەرىجىدە قورقۇتۇشنىڭمۇ لەززىتى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىشتىمۇ ئوبدانلا نان بار ئەمەسمۇ! شۇڭا ئۇ يۈزىنى داپتەك قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

"قىممەتچىلىكنىڭ، ۋابانىڭ، مەغلۇبىيەتلەرنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى — جانابى پەيغەمبىرىمىز زامانىدىكى ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۇنتۇپ، مۇسۇلمانچىلىق دەپ باشقا كىتابلارغا ۋە يالغان سۆزلەرگە ئالدىنىپ ئىشەنگەنلىكىمىز دىدۇرلەر. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىدا مەۋلۇت ئۆتكۈزۈلەرمىدى؟ ئۆلگەن ئادەمنىڭ قىرىقى نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپ، روھى ئۈچۈن زىياپەت بېرىلەرمىدى؟ مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىدا «قۇرئان كەرىم» ناخشا ئېيتقاندەك ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلارمىدى؟ مۇنارغا چىقىپ ئاۋازىم نېمىدېگەن چىرايلىق، ئەرەبچىنى خۇددى ئەرەبلەردەك سۆزلەيمەن دەپ مەغرۇرلىنىپ، ئايال كىشىنىڭكىدەك چىرقىراق ئاۋاز بىلەن ئەزان ئېيتىلارمىدى؟ مازارلارغا بېرىپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلار، ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەشلەر،

① بوستانچى — ئوسمانىيە پادىشاھلىقى زامانىدا ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىگە ۋە شەھەر كۆزەتچىلىرىگە بېرىلگەن نام. — ت.

ئەۋلىيالار گۈمبەزلىرىگە بېرىپ بۇتپەرەسلەردەك تائەت - ئىبادەت قىلىشلار، ئاق باغلاش، نەزىر بېرىشلەر بارمىدى؟ بۇنداق ئېتىقادلارنى تارقىتىدىغان تەرىقەتچىلەر بارمىدى؟ تەرىقەتچىلەرنىڭ ئۇستازى ئىبنى ئەرەبى، فىرئەۋنىنىڭ ئىمان بىلەن ئۆلگەنلىكىگە قەسەم قىلىپ گۇناھكار بولغاندى. تەرىقەتچىلەر، مەۋلەۋىلەر، تەركى جاھان زاھىدلار، دەرۋىشلەر، نەغمە - ناۋا بىلەن قۇرئان ئوقۇپ، چوڭ - كىچىك بىرلىكتە دۇئا - تىلاۋەت قىلىشۋاتىمىز دەپ ئۇسسۇل ئوينىغانلارنىڭ ھەممىسى كۇپپارلاردۇر! ئىبادەتخانىلارنى ئۆرۈۋېتىش، ئۇ يەرلەردە ناماز ئوقۇغىلى بولسۇن ئۈچۈن ئۇلنى يەتتە ئارشىن① قېزىۋېتىش ۋە چىققان توپىسىنى دېڭىزغا تۆكۈۋەتمەك كېرەك!“

بۇ خۇسرەت موللا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، شالىنى چاچرىتىپ: ”ئى مۆمىنلەر! قەھۋە ئىچىش ھارامدۇر! جانابى پەيغەمبىرىمىز قەھۋەنىڭ كاللىنى بىخۇدلاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئاشقازاننى يارا قىلىدىغانلىقىنى، چۇقۇق ۋە پەرزەنت كۆرەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ شەيتاننىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئىچمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر قەھۋەخانىلار كەيىپ - ساپا قىلغۇچىلارنىڭ، ئويۇنقېپى بايلارنىڭ يىغىلىپ ھەرخىل ئەدەپسىزلىكلەرنى قىلىدىغان يېرى بولۇپ قالدى! شۇڭا ئىبادەتخانىلاردىن ئاۋۋال قەھۋەخانىلارنى تاقاش كېرەك! پۇقرانىڭ قەھۋە ئىچىدىغان پۇلى بارمۇ؟ ئۇلار ھەممىشە قەھۋەخانىلارغا بېرىپ، قەھۋە بىلەن ئەقلىنى بۇلغاپ، ھەتتا ئىتنىڭ گېپىنىمۇ راست دەپ ئاڭلايدۇ. ماڭا ۋە دىنىمىزغا كۇپۇرلۇق قىلغانلارنىڭ ئۆزى ئىتتۇر!“ دەپتۇ.

رۇخسەت قىلساڭلار، بۇ ۋائىز جانابلىرىنىڭ ئاخىرقى سۆزىگە جاۋاب بەرمەكچىمەن. ھاجى، موللا، ۋائىز، ئىماملارنىڭ بىز ئىتلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭلار بار، ئەلۋەتتە. مېنىڭچە بولغاندا، بۇ ئىشنى مۇھەممەد پەيغەمبەر چاپىنىنىڭ پېشىدە ئۇخلاپ قالغان بىر مۈشۈكنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پېشىنى كېسىۋەتكەنلىكى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىشقا بولىدۇ. كىشىلەر بولسا، مۈشۈككە كۆرسەتكەن بۇ ئىززەت -

① ئارشىن — 68 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆلچەم بىرلىكى. — ت.

ئېكرامىنىڭ بىز ئىتلارغا كۆرسىتىلمىگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئەڭ گالۋاڭ ئىنسانلارمۇ نانكورلىقىنى بىلىدىغان بۇ مەخلۇق بىلەن بىزنىڭ ئەزەلدىن چىقىشالمايدىغانلىقىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ”رەسۇلۇللا ئىتلارنى دۇشمەندەك ئۆچ كۆرەتتى“ دېيىشىدۇ. تاھارەتنى بۇزىدۇ دېيىلىپ، بىزنىڭ مەسچىتلەرگە يېقىن يولىيالمايدىغىنىمىز، ئەسىرلەر بويى مەسچىت قورۇلىرىدا مەسچىت خادىملىرىنىڭ ئۇزۇن ساپلىق سۇپۇرگىلىرىدىن يېگەن تاياقلىرىمىز يامان نىيەتلەر بىلەن قىلىنغان ئاشۇ خاتا چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسى!

سىلەرگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ ياخشى سۈرىلىرىدىن ”كەھف“ سۈرىسىنى ئەسكەرتمەكچىمەن. بۇ كۆركەم قەھۋەخانىدا، مەن بۇ سۆزلەرنى ئارىمىزدا قۇرئان ئوقۇمايدىغان كىتابسىزلار بار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، كۆپچىلىكنىڭ يەنىمۇ ئېنىقراق ئېسىگە ئېلىشى ئۈچۈن سۆزلەيمەن: بۇ سۈرىدە بۇتپەرەسلەر ئارىسىدا ياشاشتىن بىزار بولغان يەتتە ياش توغرىلىق ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇلار بىر غاردا پاناھلىنىپ ئۇخلاپ قالغاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا بىردىن مۆھۈر باسىدۇ ۋە ئۇلارنى توپتوغرا 309 يىل ئۇخلىتىۋېتىدۇ. ئويغانغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىرى كىشىلەر ئارىسىغا بارغىنىدا، قولىدىكى مېتال پۇلنىڭ بازاردا ئۆتمەس بولۇپ قالغىنىنى بىلىپ، شۇندىلا ئارىدىن خېلى ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا باغلىنىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىنى، بۇ زاماننىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى، قاتتىق ئۇيقۇنىڭ تاتلىقلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان بۇ سۈرىنىڭ سىلەرگە ئەسكەرتمەكچى بولغان 18 ـ ئايىتىدە، بۇ يەتتە ياش ئۇخلىغان ”كەھف“ دەپ ئاتىلىدىغان غارنىڭ ئاغزىدا ياتقان ئىت تىلغا ئېلىنىدۇ. تەبىئىيكى، ھەركىم «قۇرئان كەرىم»دە ئۆز ئىسمىنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ئىپتىخارلىنىدۇ. بىر ئىت بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ سۈرە بىلەن مەنمۇ ماختىنىمەن ۋە دۈشمەنلىرىنى لالما ئىتقا ئوخشاتقان ئەرزۈرۈملۈق مۇرىتلارمۇ، ئىنشائاللا، شۇ ۋەجىدىن ئەقلىنى تېپىۋالار، دەپ ئويلايمەن.

ئۇنداقتا ئىتلارغا قارشى بۇ دۈشمەنلىكنىڭ ئەسلىي ئاساسى نېمە؟ نېمىشقا ئىت ناپاك دەيسىلەر؟ ئۆيۈڭلەرگە ئىت كىرسە نېمىشقا ھەممە

يەرنى باشتىن ـ ئاياغ يۇيۇپ چىقىسىلەر؟ بىزگە تېگىپ كەتكەن كىشى-
نىڭ نېمىشقا تاھارىتى بۇزۇلىدۇ؟ چاپىنىڭلارنىڭ پېشى بىر ئىتنىڭ نەم
تۈكلىرىگە شۇنداقلا تېگىپ كەتسە، نېمىشقا ئالجىغان ساراڭ خوتۇنلاردەك
چاپاننى يەتتە قېتىم يۇيۇشنى شەرت قىلىسىلەر؟ ئېھتىمال، قازاننى ئىت
يالاپ قويىدۇ دەپ، ئۇ قازاننى تاشلىۋېتىش ياكى يېڭىۋاشتىن قەلەيلەش
كېرەك، دېگەن پىتنە ـ پاساتنىمۇ پەقەت قەلەيچىلەر ياكى مۈشۈكلەر تار-
قاتقان بولۇشى مۇمكىن.

قاچان كىشىلەر يېزا ـ دالا ئارىلاپ، كۆچمەن بولۇپ يۈرۈشتىن ۋاز
كېچىپ شەھەرگە كىرىپ ئولتۇراقلاشتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوپانلار-
نىڭ ئىتلىرى يېزىدا قالدى، مانا شۇنىڭدىن بۇيان بىز ئىتلار ناپاك بولۇپ
قالدۇق. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى 12 ئاينىڭ بىرى ئىت ئېيى دەپ ئا-
تىلاتتى، ئەمدىلىكتە ئىت بەتبەخت بولدى. بۈگۈن كېچە ھەرقايسى دوست-
لىرىم بىر ئاز قىسسە ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان چاغدا، ئۆزۈمنىڭ دەر-
دىنى تۆكۈپ ھەرقايسىڭلارنى بىئارام قىلىشنى خالىمايمەن. مەن پەقەت
ۋائىز جانابلىرىنىڭ قەھۋەخانىلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلغانلىقىغا ئۆز غەزە-
پىمنى بىلدۈرمەكچىمەن.

بۇ ئەرزۇرۇملۇق خۇسرەتنىڭ ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم
دېسەم، سىلەر ماڭا قانداق قارايسىلەر؟ ئۇلار ماڭىمۇ: "قانداق ئىتسەن،
خوجايىنىڭنى قەھۋەخانىدا رەسىم ئېسىپ قىسسە سۆزلەيدىغان بىر
مەدداھقۇ دەپ، ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ۋائىز جانابلىرىغا تىل تەگكۈزۈۋاتام-
سەن؟ يوقال!" دېگەندى. ياق ـ ياق، مەن تىل تەگكۈزۈۋاتقىنىم يوق، مەن
قەھۋەخانىلىرىمىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. بىلەمسىلەر، رەسىمىم
بەك ئەرزان قەغەزگە سىزىلغانلىقى ياكى ئىت بولغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم
يېرىم بولۇۋاتقىنى يوق. مەن پەقەت سىلەر بىلەن بىللە ئادەمدەك ئولتۇرۇپ
قەھۋە ئىچەلمىگىنىمگە ئەپسۇسلىنىمەن. ئەگەر بىز ئىتلارنىڭمۇ ئۆز
قەھۋەيىمىز ۋە قەھۋەخانىلىرىمىز بولغان بولسا، جېنىمىزنى ئايىمايت-
تۇق. ئەمما ئۇ قانچىلىك نېمە ... خوجام ماڭا قەھۋە چەينىكىدىن قەھۋە
قۇيۇپ بەرسە ـ ھە! "رەسىممۇ قەھۋە ئىچەمدۇ؟" دېمەڭلار. قاراڭلار، ئەنە،
ئىت غورت ـ غورت قىلىپ قەھۋە ئىچىۋاتامدۇ!

ئاھ، ئەجەبمۇ ياخشى ئىسسىق باستى، كۆزلىرىم روشەنلىشىپ، زېھ-
نىممۇ ئېچىلىپ قالدى. ئەمدى ئەقلىمگە نېمىلەر كەلگىنىنى قاراڭ: ۋې-
نېتسىيە باش ۋالىيسىنىڭ سۇلتانىمىز ئالىيلىرىنىڭ قىزى نۇرھايات
سۇلتانغا جۇڭگو تاۋار - دۇردۇنلىرىدىن توپ - توپ گەزماللارنى ۋە كۆك
گۈللۈك جۇڭگو فار فۇرلىرىدىن باشقا يەنە نېمىنى ھەدىيە قىلىپ ئېۋەت-
كەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ تۈكلىرى يىپەكتەك پارقىراق، بۇلغۇندىن يۇم-
شاق، ئويناقلاپ تۇرىدىغان بىر پەرەڭ ئىتى. بۇ ئىت شۇنداق ئالىپتە ئې-
كەنكى، قىزىل تاۋاردىن كۆڭلىكى بار ئىكەن. بىزنىڭ دوستلاردىن بىرى
ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويۇپتىكەن، شۇنىڭدىن ئاڭلىسام، بۇ ئىت ھېلىقى
ئىشنىمۇ كۆڭلەكسىز قىلالمايدىكەن. پەرەڭ مەملىكىتىدە ئەسلىدە ئىتلار-
نىڭ ھەممىسى شۇنداق كۆڭلەك كىيىدىكەن. ئۇ يەردە ئاتالمىش نازاكەتلىك
ۋە تەربىيە كۆرگەن بىر پەرەڭ ئايال بىر يالىڭاچ ئىتنى كۆرۈپ قاپتىمۇ
ياكى ئۇنىڭ ھېلىقى نەرسىسىنىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، "ۋاي، يالىڭاچ
ھايۋان!" دەپ ۋارقىرىغىنىچە يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، دېگەن بىر
گەپمۇ بار.

پەرەڭ① كۇپپارلىرىنىڭ يۇرتىدا ئەسلىدە ھەر بىر ئىتنىڭ ئىگىسى
بولىدىكەن. بىچارە ئىتلارنى ئەڭ ئېچىنىشلىق قۇللارنى زەنجىرلىگەندەك
بويۇنلىرىدىن زەنجىر بىلەن باغلاپ، كوچىمۇ كوچا سۆرەپ يۇرىشىدىكەن.
بۇ ئادەملەر كېيىن بۇ بىچارە ئىتلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئۆيلىرىگە ئەكىرى-
دىكەن، ھەتتا تۆشەكلىرىدىمۇ ياتقۇزىدىكەن. بىر ئىت باشقا بىرى بىلەن
تۇمشۇق يالىشىپ پۇرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر جۈپ بولۇپمۇ يۇرەلمەي-
دىكەن. زەنجىرلەنگەن ئۇ بىچارىلەر كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالسىمۇ، كۆڭ-
لى يېرىم ھالدا بىر - بىرىگە يىراقتىن قارىشىپ قويىدىكەن، ئەھۋال ما-
نا شۇ. بىزنىڭ ئىستانبۇل كوچىلىرىدا بىزدەك ئىتلارنىڭ توپ - توپ بو-
لۇپ ئەركىن كېزىپ يۈرۈشى، بەگ - بايۋەچچە ياكى خوجايىن دېمەي، زۇ-
رۇر تېپىلغاندا يول توسۇپ كىشىلەرنى قورقۇتۇشى، كۆڭلى تارتقان ئىس-
سىق بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ۋە ياكى سايىلاردا يېتىپ پۇشۇلداپ ئۇخلاشلىرى،
خالىغان يەرگە تەرەت قىلىپ، خالىغان ئادەمنى تالاشلىرى كۇپپارلار ئەق-

① پەرەڭ — فرانسىيىنىڭ ئەرەبچە تەلەپپۇزى بولۇپ، "ياۋروپالىق" دېگەن مەنىدە. — ت.

لىگە سىغدۇرالايدىغان ئىشلار ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەجەبا، ئەرزۇرۇملۇق ۋائىزنىڭ مۇرىتلىرى ئىستانبۇل كوچىلىرىدا ئىتلارغا سەدىقە قىلىپ گۆش تاشلاپ بېرىشكە، مۇشۇ خىلدىكى ساخاۋەتلەر ئۈچۈن ۋەخپە قورۇش-قا قارشى تۇرامدىغاندۇ، دەپ ئويلىمايمۇ قالمىدىم. ئەگەر بۇلار بىز ئىتلار-غا دۈشمەنلىك قىلىش نىيىتىدە بولۇپلا قالماي، يەنە بىزنى كۆپپار قىلىش نىيىتىدىمۇ بولۇۋاتقان بولسا، ئۇلارغا ئىت قوۋمىگە قىلىنغان دۈشمەن-لىكنىڭ ئۆزىلا ئەسلى كۆپپارلىق بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ قوياي دەي-مەن. ئۈمىدىم شۇكى ، بۇ رەزىللەر ئۇزاققا قالماي ئۆلۈمگە مەھكۇم بول-غاندا، بەزىدە ئىبرەت بولسۇن دەپ قىلغىنىغا ئوخشاش، جاللات دوستلىرى-مىز بىزلەرنىمۇ بىرەر لوقما يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ قالار.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتماقچىمەن: بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى خوجايىنىم نا-هايىتى ئادىل كىشى ئىدى. بىز كېچىسى قاراقچىلىققا چىققىنىمىزدا ئىش تەقسىم قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئۇ بىزنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرەتتى، ئىتلارغا ياخشىلىق قىلىپ بارغان سېرى ئادەملەرگە يامانلىق قىلىشقا بولىدۇ دەپ ئويلايتتى؛ ئۇ ئىت-تەرىقچىلار دېيىلگەن كىشىلەردىن ئىدى. ئاتىمۇ شۇنداق، ئۇلۇغ ئاتىمۇ شۇنداق. ئەرزۇرۇملۇق ۋائىزنىڭ كاللىسىنى كەسكۈچى — ئىنشائاللا — بۇنىمۇ ئويلىشار. ئۇ ئىپلاسنىڭ گۆشىنى خام يەپ ئاشقازى-نىمنى بۇزۇۋېلىشنى خالىمايمەن.

# 4. مېنى قاتىل دېگۈسى

ئۇ گالۋاڭنى ئۆلتۈرۈشتىن سەل ئىلگىرى، بىرەرسى ماڭا ھەرقانداق بىرىنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقىمنى ئېيتسىمۇ زادىلا ئىشەنمەيتتىم. شۇڭا، قىلغان گۇناھىممۇ ئۇپۇقتا غايىب بولغان چەت ئەلنىڭ بىر يەلكەنلىك كېمىسىدەك بارغانسېرى كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەكتە ئىدى. بەزىدە ئۆزۈمنى ھېچقانداق جىنايەت سادىر قىلمىغاندەك ھېس قىلاتتىم. بىچارە بۇرادىرىم نازاكەتلىك ئەپەندىنى بىكاردىن بىكارلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتكىنىمگە مانا تۆت كۈن بولدى، كۆڭلۈم ئەمدىلەتىن ئىزىغا چۈشتى.

ئالدىمغا دۈچ كېلىپ قالغان بۇ چاتاق ئىشنى ئادەم ئۆلتۈرمەي بىر تەرەپ قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن باشقا يول يوقلۇقىنى شۇئان چۈشەندىم. ئىشنى شۇ يەردىلا پۈتتۈرۈپ، پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. بىر ئەقىلسىزنىڭ تۆھمىتى بىلەن پۈتۈن رەسساملار جامائىتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدىم.

شۇنداقتىمۇ قاتىللىقتا كۈنۈش تەس ئىكەن. ئۆيدە تۇرالماي كوچىغا چىقاتتىم، بىر كوچىدىلا تۇرالماي يەنە بىر كوچىغا كىرەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نېرىسىدىكى كوچىلارغا ئۆتەتتىم ۋە كىشىلەرنىڭ چىرايىغا قارىغىنىمدا شۇنى ھېس قىلاتتىمكى، نۇرغۇن كىشىلەر قولىرىغا تېخى قاتىللىق قىلىش پۇرستى كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پاك چاغلىشاتتى. بۇ كىچىككىنە تەلەي ۋە تەقدىر مەسىلىسى تۈپەيلىدىن، مۇتلەق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەندىن ئەخلاقلىق ياكى ئالىيجاناب ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش قىيىن. ئۇلار ناھايىتى تېخى جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكى ئۈچۈنلا كىشىگە بىر ئاز ئەخمەقتەك ۋە ياكى تامامەن گول ھەم ياخشى نىيەتلىك ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. كۆزىدە بىر خىل پاراسەت نۇرى، چىرايىدىن جۇشقۇن روھ ئەكس ئەتكەن ھەرقانداق كىشىنىڭ بىر يوشۇرۇن قاتىل

ئىكەنلىكىنى بىلىشىم ئۈچۈن، ئۇ بىتەلەپنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئىستانبۇل كوچىلىرىدا تۆت كۈن كېزىپ يۈرگىنىم بىتەرلىك بولغاندۇ. ئېھتىمال. چۈنكى، پەقەت ئەخمەقلەرلا گۇناھسىز، پاك ھېسابلىنىدۇ.

بۇگۈن ئاخشامنى ئالايلى، قۇل بازىرىنىڭ كەينىدىكى قەھۋەخانىدا ئىسسىق قەھۋە بىلەن راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئارقا تەرەپتىكى ئىتنىڭ رەسىمىگە قاراپ، ئىت ھەققىدىكى بايانلارغا قۇلاق سالغاچ، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈۋاتقىنىمدا، يېنىمدا ئولتۇرغان بىر ئا-دەمدىنمۇ مەندەك بىر قاتىل بولسا كېرەك دەپ گۇمانسىراپ قالدىم. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش مەدداھنىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈۋاتاتتى، لېكىن بىلىكىنى مې-نىڭ بىلىكىمگە ياندۇپ قويۇۋالغىنىغا، پىنجان① تۇتقان بارماقلىرىنىڭ تىنىمسىز مىدىرلاپ تۇرۇۋاتقىنىغا قاراپ، ئەيتاۋۇر ئۇمۇ مېنىڭ نەسەبىم-دىن بولسا كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلدىم ۋە شارتتىدە بۇرۇلۇپ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇ دىڭگىدە چۆچۈپ، چىرايى تاتىرىپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. قەھۋەخانىدىكىلەر تارقالغاندا بىر تونۇشى ئۇنى قولتۇقلاپ: "نۇس-رەت موللىنىڭ مۇرىتلىرى جەزمەن بۇ يەرگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلى-دۇ" دېدى.

ئۇ بۇ ئادەمنى كۆز ئىشارىتى بىلەن سۆزدىن توختاتتى. ئۇلاردىكى قورقۇش كەيپىياتى ماڭىمۇ يۇقتى. ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى، بى-رەرسى پەسكەشلىك قىلىپ قويارمىكىن دەپ ھەمىشە بىر - بىرىدىن ئەن-سىرەيتتى.

ھاۋا تېخىمۇ سوغۇق بولۇپ، كوچىلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا، تام تۈۋلىرىدە خېلى نۇرغۇن قار دۆۋىلىشىپ تۇراتتى. تۈن قاراڭغۇسىدا تار كوچىلاردا يولنى پەقەت سەزگۈلىرىمگە تايىنىپ تېپىپ ماڭاتتىم. دېرىزە قاپقاقلىرى چىڭ يېپىلغان ياكى دېرىزىلىرىگە قاپقارا تاختاي قاپلىۋېتىل-گەن بەزى ئۆيلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆيدە يېنىپ تۇرغان قەندىلنىڭ غۇۋا يورۇقى تاشقىرىدىكى قارلارغا چۈشۈپ تۇراتتى. كۆپ چاغلاردا ھېچقانداق يورۇقلۇقنى ۋە ھېچنەرسىنى كۆرەلمەي، كۆزەتچىلەرنىڭ كالتىكىنى

① پىنجان ـــ قەھۋە كۇرۇشكىسى، ـــ ت.

تاشلارغا ئۇرۇشىغا، غالجىر ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىغا، ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن
ئاڭلانغان ئىڭراشلارغا قۇلاق سېلىش ئارقىلىق يولۇمنى تاپاتتىم. بەزىدە
يېرىم كېچىلەردە شەھەرنىڭ تار ۋە قورقۇنچلۇق كوچىلىرى گويا قارنىڭ
ئۆزىدىن بالقىغان گىرىمسەن يورۇق بىلەن يورۇيتتى، بۇ قاراڭغۇلۇقتا
خارابىلەر ۋە دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا ئەسىرلەر بويى ئىستانبۇلنى پارا-
كەندە قىلغان ئەرۋاھلارنى كۆرگەندەك بولاتتىم. بەزىدە ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن
بەختسىزلەرنىڭ ئىڭراشلىرى ئاڭلىناتتى. ئۇلار يا قېقىلىپ يۆتىلەتتى، يا
بۇرۇنلىرىنى تارتىشاتتى؛ ياكى چۈشلىرىدە يىغلاپ پەرياد قىلىشاتتى، ۋە-
ياكى ئەر - خوتۇنلار يانلىرىدىكى بالىلىرىنى قىيا - چىيا قىلدۇرۇپ يىغ-
لىتىپ قويۇپ، بىر - بىرى بىلەن بوغۇشاتتى.

قاتىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى بەختىيار ھاياتىمنى ئەسلەپ كۆڭلۈمنى
كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر - ئىككى كېچە بۇ قەھۋەخانىغا مەدداھنىڭ قىسسى-
سىنى ئاڭلىغىلى كەلدىم. پۈتۈن ئۆمرۈمنى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن رەسسام
بۇرادەرلىرىمنىڭ كۆپچىلىكى ھەر ئاخشىمى بۇ يەرگە كېلەتتى. تاكى بالى-
لىق چاغلىرىمدىن تارتىپ بىللە رەسىم سىزغان بىر كالۋانى ئۆلتۈرۈۋې-
تىشكە قولۇم بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنى زادى كۆرگۈم كەلمىدى. مەيلى
بىر - بىرىنى كۆرگىنىدە غەيۋەت - شىكايەت قىلىشماي تۇرالمايدىغان
بۇرادەرلىرىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى بولسۇن، ياكى بۇ يەردىكى چۈشكۈن ئو-
يۇن - تاماشا مۇھىتىدا بولسۇن، مەن نومۇس ھېس قىلىدىغان نۇرغۇن
نەرسىلەر بار ئىدى. مېنى پوچى كۆرۈپ تەنە قىلمىسۇن دەپ، مەدداھقا بىر -
ئىككى رەسىمنى مەن سىزىپ بەرگەنىدىم، لېكىن بۇ ھەسەتخورلۇقنى
توختىتىدۇ دەپ قارىمايتتىم.

ئەمما ئۇلارنىڭ ھەسەت قىلىشقا ئاساسى بار. بوياق تەڭشەش، بەت
چۆرىلىرىنى بېزەش، سەھىپىلەرنى لايىھىلەش، تېما تاللاش، چىراي سى-
زىش، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ۋە شىكار كۆرۈنۈشلىرىنى ئورۇنلاشتۇ-
رۇش، ھايۋانلارنى، پادىشاھلارنى، كېمىلەرنى، ئاتلارنى، لەشكەرلەرنى، ئا-
شىقلارنى سىزىش، رەسىمگە شېئىرىي پۇراق سىڭدۇرۇش، ھەتتا ھەل بې-
رىشلەردىمۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغىنى يوق. بۇنى سىلەرگە ماختىنىش
ئۈچۈن ئەمەس، مېنى چۈشەنسۇن دەپ ئېيتىۋاتىمەن. ھەسەتخورلۇق —

ئۇستا رەسسام ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇستا رەسسام ئۈچۈن بوياقتەك ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر مەنقۇلات بولۇپ قالىدۇ.

بىئارامىلىقتىن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئايلىنىپ يۈرگەنسېرى، ئارىلاپ - ئارىلاپ ساپ كۆڭۈل ۋە سەمىمىي دىنداشلىرىمنىڭ بەزىلىرى بىلەن ئۈچرىشىپ قالىمەن ۋە بىردىنلا ئىچىمدە: ئەگەر ھازىر قاتىل ئىكەنلىكىمنى ئويلىسام، كاللامدا، ”ئالدىمدىكى كىشى بۇنى چىرايىمدىن بىلىۋالىدۇ“ دېگەن غەلىتە خىيال پەيدا بولىدۇ.

شۇڭا، خۇددى دەسلەپكى ياشلىق مەزگىللىرىمدە ناماز ئوقۇغاندا، ئاياللارنى ئويلىماسلىققا ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ خىجالەتچىلىك ئىلكىدە تولغانغىنىمدەك شۇئان ئۆزۈمنى باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا مەجبۇرلايمەن. لېكىن ھەر ۋاقىت ياشلىق بوھرانلىرى بىلەن قوشكېزەك ھالدا كاللامدىن زادىلا چىقىرالمىغان ئۆزۈم سادىر قىلغان ئاشۇ جىنايەتنى ھەرھالدا ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن.

مانا بۇلارنى ئەھۋالىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بايان قىلىۋاتقىنىمنى چۈشىنىسىلەر. بىرەر ئىشنى ئەقلىمگە كەلتۈرسەملا، سىلەرمۇ شۇھامان ھەممە ئىشنى بىلىپ بولىسىلەر. بۇ ھال مېنى ئاراڭلاردا بىر ئەرۋاھتەك يۈرگەن نامسىز، سالاھىيەتسىز بىر قاتىل بولۇشتىن خالاس قىلىپ، ئۆزى قولغا چۈشكەن، سالاھىيىتىمۇ مەلۇم بولغان، كاللىسى ئېلىنىدىغان ئادەتتىكى بىر جىنايەتچىدەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. رۇخسەت قىلساڭلار، ھەممە ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمەي، بەزىبىر نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ قالاي. سىلەرگە ئوخشاش ئىنچىكە كىشىلەرمۇ ئاياغ ئىزلىرىغا قاراپ ئوغرىنى تاپقاندەك، سۆزلىرىمدىن ۋە رەڭلىرىمدىن مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى تېپىشقا تىرىشسۇن. بۇمۇ بىزنى ھازىر ئىنتايىن راۋاج تېپىۋاتقان ئۇسلۇب تېمىسىغا ئېلىپ كېلىدۇ: رەسسامنىڭ ئۆز شەخسىي ئۇسلۇبى، ئۆزىگە خاس رەڭگى، ئاۋازى بارمىدۇ، بولۇشى كېرەكمىدۇ؟

ئۇستىلارنىڭ ئۇستىسى، رەسساملارنىڭ پىرى بەھزاتنىڭ بىر رەسىمىنى كۆرۈپ باقايلى. بۇ بىر جىنايەتكە دائىر رەسىم بولۇپ، مېنىڭ ئەھۋالىمغىمۇ تازا ماس كېلىدىغان ئاجايىپ بىر رەسىم ئىدى. بۇ رەسىم

پاجىئەلىك بىر تەخت تالىشىش كۆرىشىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئەجەم شاھزادى-
سىنىڭ كۆتۈپخانىسىدىن چىققان بولۇپ، بۇنى مەن 90 يىللىق بىر نوق-
سانسىز كىتابنىڭ ھىرات رەسساملىرى خۇسرەۋ بىلەن شىرىننىڭ ۋەقە-
لىكى بايان قىلىنغان سەھىپىلىرىدە ئۇچراتقانىدىم. خۇسرەۋ بىلەن شى-
رىننىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىسىلەر. فىردەۋسىنىڭ ئەمەس، نىزامىنىڭ بايان
قىلغىنىنى دېمەكچىمەن:

ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر قاتار سىناق ۋە بوران - چاپقۇنلاردىن
كېيىن توي قىلىدۇ، لېكىن خۇسرەۋنىڭ ئالدىنقى خوتۇنىدىن بولغان ياش
ئوغلى شىرۇيە شەيتان مىجەز بىر بالا بولۇپ، ئۇلارغا ئاراملىق بەرمەيدۇ.
بۇ شاھزادە ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋە ئۇنىڭ ياش خوتۇنى شىرىنگە كۆز تى-
كىدۇ. نىزامى "ئاغزى شىرنىڭكىدەك سېسىق پۇرايتتى" دېگەن شىرۇيە
بىر ئاماللار بىلەن ئاتىسىنى نەزەربەنت قىلىپ، ئۇنىڭ تەختىگە ئولتۇرى-
دۇ. بىر كېچىسى ئاتىسىنىڭ شىرىن بىلەن ياتقان ھۇجرىسىغا كىرىپ،
قاراڭغۇدا ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئاتىسىنى تۇشەكتىن تاپىدۇ ۋە خەنجىرى بىلەن
ئاتىسىنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىدۇ. ئاتىسىنىڭ قېنى تاڭ ئاتقۇچە ئاقىدۇ ۋە
يېنىدا ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقان گۈزەل شىرىن بىلەن بىللە ياتقان تۇ-
شەكتە جان بېرىدۇ.

بۈيۈك ئۇستاز بەھزاتنىڭ رەسىمى دەل ئەنە شۇ ھېكايىدەك، ئۇزۇن
يىللاردىن بۇيان قەلبىمدە ساقلانغان بىر ھەقىقىي قورقۇنچنىمۇ قوزغاتقا-
نىدى: يېرىم كېچە، تۈن قاراڭغۇسىدا ئويغىنىپ، ھېچنەرسىنى كۆرگىلى
بولمايدىغان ھۇجرىدا باشقا بىر ئادەمنىڭ ئۇنى - بۇنى تاراقشىتىپ يۈر-
گەنلىكىنى سېزىش نەقەدەر قورقۇنچلۇق - ھە! ئۇ ئادەمنىڭ بىر قولىدا
خەنجەر تۇتقان ھالدا، يەنە بىر قولى بىلەن سىزنىڭ كانىيىڭىزغا ئېسىل-
غانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ھۇجرىدىكى نەپىس ئىشلەنگەن تام، دېرىزە
ۋە كېشەك زىننەتلىرى، سىقىلغان كېكىردىكىڭىزدىن چىققان ئاۋازسىز
پەرياد، قىزىل رەڭلىك گىلەمنىڭ ئەگىمەچ ۋە دۈگىلەك گۈللىرى، قاتى-
لىڭىز سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئېلىۋاتقاندا، يالىڭاچ ۋە يىرگىنچلىك پۇتلىرى
بىلەن ئېسىل يوتقانلىرىڭىزنى رەھىمسىزلەرچە دەسسەپ چەيلىمەكتە.
يوتقانغا شۇنچىلىك نەپىس ۋە شۇنچە چېۋەرلىك بىلەن سىرىق ۋە سۆسۈن

رەڭ گۈللەر كۆڭۈل قويۇپ كەشتىلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنداق بىر مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: يەنى، ئۇ بىر تەرەپتىن، سىز كۆرۈۋاتقان رەسىمگە گۈزەللىك بېغىشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سىز ئۆلۈۋاتقان شۇ ھۇجرىنىڭ، يەنى، سىز تاشلاپ كېتىۋاتقان دۇنيانىڭ نەقەدەر گۈزەل بىر يەر ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. رەسىمنىڭ ۋە دۇنيادىكى گۈزەللىكنىڭ سىزنىڭ ئۆلۈمىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكى، سىز جان ئۈزۈۋاتقاندا، يېنىڭىزدا گەرچە خوتۇنىڭىز تۇرسىمۇ، يەنىلا يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغانلىقىڭىز بۇ رەسىمنى كۆرگەندە كاللىڭىزنى بىردىنلا سەگىتىدىغان ئەسلى مەنىدىن ئىبارەتتۇر.

— بۇ بەھزاتنىڭ رەسىمى، — دېگەنىدى 20 يىل بۇرۇن تىترەپ تۇرغان قوللىرىمدىكى كىتابقا قارىغان ياشانغان ئۇستا. ئۇنىڭ چىرايى تورۇستا يېنىپ تۇرغان شام يورۇقىدىن ئەمەس، بەلكى رەسىمنى كۆرۈپ ئالغان زوق - لەززەتتىن پارقىراپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، — بۇ رەسىم ھەقىقەتەن بەھزاتنىڭ، ئىمزانىڭ ھاجىتى يوق.

بەھزاتمۇ بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىمزاسىنى رەسىمنىڭ كۆزگە چېلىقمايدىغان بىرەر يېرىگە بولسىمۇ قويمىغانىدى. ياشانغان ئۇستازنىڭ قارىشىچە، بەھزات بۇنداق قىلىشتا، كەمتەرلىك ھەم پىنھانلىقنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەنىدى. بۇنىڭدىكى ھەقىقىي ماھارەت ۋە ئۇستىلىق شۇ يەردىكى، رەسسام تەڭداشسىز بىر كارامەت رەسىمنى سىزىپ چىقىش بىلەن بىرگە، يەنە رەسىمدە رەسسامنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغانىدى.

نەس باسقان بىچارە قۇربانىمنى جان - جەھلىم بىلەن ئويلاپ تاپقان ئاددىي ۋە قوپال بىر ئۇسۇلدا ئۆلتۈردۈم. قىلمىشلىرىمدىن مېنى پاش قىلىپ قويىدىغان ھەرقانداق بىر ئىز - ئالامەت قالغان - قالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن، كېچىلىرى ھېلىقى ئوت ئاپىتى بولغان يەرگە كەلگىنىمدە، ئۇسلۇب مەسىلىسى كاللامغا تېخىمۇ كۆپ كېلىۋېلىشقا باشلىدى. ئۇسلۇب دەپ قوغلاشقان نەرسە پەقەت ئۆز ئىزىمىزنى قالدۇرۇشىمىزغا يول ئاچىدىغان بىر نۇقساندىنلا ئىبارەتتۇر، خالاس.

يېغىۋاتقان قارنىڭ يورۇقى بولمىسىمۇ بۇ يەرنى مەن تاپالايتتىم. بۇ

يەر مەن 25 يىللىق دوستۇمنى قەتلە قىلغان، ئوت ئاپتى بولغان ھېلىقى يەر ئىدى. قار مېنىڭ ئىمزايىم سوپىتىدە كۆرۈنۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان پۈتۈن ئىزلارنى كۆمۈپ يوق قىلىۋەتكەنىدى. دېمەك، بۇ ئۇسلۇب ۋە ئىمزا مەسىلىسىدە ئاللاھنىڭمۇ بەھزات ئىككىمىز بىلەن ئوخشاش قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. ئەگەر بىز تۆت كۈننىڭ ئالدىدا ئاشۇ كىتابنى نەقىشلىگەندە، ئۇ ئەقىلسىز ئېيتقان كەچۈرگۈسىز بىر گۇناھنى ئاڭسىز ھالدا سادىر قىلغان بولساق ئىدۇق، ئاللاھ بىز رەسساملارغا بۇ مېھرىبانلىقنى كۆرسەتمىگەن بولاتتى.

ئۇ كۈنى كېچىسى نازاكەتلىك ئەپەندى بىلەن بۇ ئوت كەتكەن يەرگە كەلگىنىمىزدە تېخى قار ياغمىغانىدى. يىراقلاردا قاۋاۋاتقان ئىتلارنىڭ ئەكس سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ يەرگە نېمىگە كەلدۇق؟ — دەپ سورىغانىدى ئۇ بىچارە، — بۇ چاغ بولغاندا ماڭا بۇ يەردە نېمىنى كۆرسەتمەكچىسەن؟

— ئالدىمىزدا بىر قۇدۇق بار. ئۇنىڭدىن 12 قەدەم نېرىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغىپ كۆمۈپ قويغان پۇلۇم بار، — دېدىم مەن، — بۇ سۆزلىرىمنى ھېچكىمگە ئېيتمىساڭ، يېزنە تاغا بىلەن ئىككىمىز سېنى رازى قىلاتتۇق.

— دېمەك، باشتىلا ئۇزۇڭنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىدى-غىنىڭنى تەن ئالىدىكەنسەن - دە؟ — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن.

— تەن ئالىمەن، — دەپ ئامالسىز يالغان سۆزلىدىم.

— سىلەر سىزغان مۇشۇ رەسىمنىڭ قانچىلىك چوڭ گۇناھلىقىنى بىلەمسەن؟ — دېدى ئۇ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن، — ئۇ ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر كۇپۇرلۇق، ئىمانسىزلىق. سىلەر جەھەننەمنىڭ ئەڭ تېگىدە كۆيىسىلەر، ئۇ ئازابتىن قۇتۇلالمايسىلەر. مېنىمۇ ئۇنىڭغا شېرىك قىلدىڭلار.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا قورقۇنچ بىلەن شۇنى چۈشەندىمكى، ناھايىتى نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بۇ سۆزلەرنىڭ شۇنداق بىر كۈچى ۋە جەزبىدارلىقى بار ئىدىكى، كىشىلەر مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي قالمايتتى ۋە بۇنى باشقا پەس-

كەشلەرمۇ ھامان ئىسپاتلىماي قويمايتتى. يېزنە تاغىنىڭ شۇ كىتابنى
مەخپىي تەييارلاتقۇزۇش ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل بەرگەنلىكى توغرىلىق،
دەرۋەقە، جانابىي تاغىنىڭ ئۈستىدىن بىرتالاي غەيۋەت ـ شىكايەتلەر چىق-
قاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باش رەسسام ئۇستاز ئوسمانمۇ ئۇنىڭغا ئۆچ ئىد-
دى. مەن يەنە كىتاب زىننەتلىگۈچى بۇرادىرىمنىڭ تۆھمىتىنى ئۇنىڭ
قەستەن بۇ ئەمەلىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ھىيلى-
گەرلەرچە يوشۇرغىنىنىمۇ خىيالىمدىن كەچۈردۈم. ئىلگىرى بىزلەر نەقە-
دەر سەمىمىي ئىدۇق ـ ھە؟

مەن ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى ئارازلىقلار توغرۇلۇق خېلى ئۇزاق
گەپ تەگەشتىم. ئۇمۇ قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماي، ئاياپ ئولتۇرمىدى.
گويا بىللە شاگىرت بولغان يىللىرىمىزدا ئۆزىمىزنى ئۇستاز ئوسماننىڭ
تايىقىدىن قوغداش ئۈچۈن ئۆزئارا ئەيىبىمىزنى يېپىشقا دەۋەت قىلىپ ئۇ
مېنى گۇناھلىرىمىزنى يوشۇرۇشقا ئۈندىگەندەك قىلدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ
سەمىمىيىتىگە ئىشىنىشكە بولىدۇ دەپ قارىغانىدىم. ئۇ شاگىرتلىق چاغ-
لىرىدىمۇ كۆزلىرىنى شۇنداق يوغان ئاچاتتى. لېكىن ئۇ چاغلاردا كۆزلىرى
تېخى ھەلچىلىك قىلمىۋىرىپ ھازىرقىدەك كىچىكلەپ كەتمىگەنىدى. لې-
كىن، ئۇنىڭغا زادىلا شەپقەت قىلغۇم كەلمىدى. چۈنكى ئۇ ھەممە ئىشنى
باشقىلارغا دەۋېتىشكە ئارانلا تۇراتتى.

— قارا، — دېدىم مەن ئەتەي تەمكىنلىك بىلەن، — بىز كىتابلارغا
ھەل بېرىمىز، نەقىش ئىشلەيمىز، سەھىپىلەرگە رامكا سىزىمىز، سەھى-
پىلەرنى رەڭلىك ئالتۇن سۈيى بىلەن پارقىرىتىمىز، ئەڭ چىرايلىق رە-
سىملەرنى بىز سىزىمىز، ئىشكاپلارنى، ساندۇقلارنى زىننەتلەيمىز. ئۇزۇن
يىللاردىن بېرى مانا شۇ ئىشلارنى قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ بىزنىڭ ئى-
شىمىز. ئۇلار بىزگە رەسىم بۇيرۇتىدۇ، بۇ رامكىنىڭ ئىچىگە بىر كېمە،
بىر كېيىك، بىر پادىشاھنى سىزىپ بەرگىن، مۇنداق قۇشلار، بۇنىڭدەك
ئادەملەر بولسۇن، ۋەقەلىكنىڭ كۆرۈنۈشى مۇنداق تاللانسۇن، پالانى نەرسە
مۇنداق تۇرسۇن دېيىشىدۇ. بىزمۇ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىمىز. قارا، بۇ
قېتىم جانابىي يېزنە تاغا: "بۇ يەرگە ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلىدىكى بىر ئاتنى
سىزغىن" دېدى. كۆڭلۈمدىكى ئات رەسىمنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى

بىلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇلۇغ ئۇستازلارنى دوراپ يۈزلەرچە قېتىم ئات سىزدىم، — ئۇنىڭغا قولۇمنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن قېلىن سەمەرقەنت قەغىزىگە سىزغان بىرمۇنچە ئات رەسىملىرىنى چىقىرىپ كۆرسەتتىم. ئۇ قىزىقىپ قەغەزنى قولىغا ئالدى ۋە غۇۋا ئاي يورۇقىدا كۆزلىرىگە يېقىن تۇتۇپ ئاق - قارا ئاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى، — شىرازلىق، ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار، — دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاللاھ خالىغان ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي ئات رەسىمىنى سىزىپ چىقالايدىغان بولۇش ئۈچۈن رەسسامنىڭ 50 يىل توختىماي ئات سىزىشى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا ئاتنىڭ ئەڭ ياخشى رەسىمىنىڭ قاراڭغۇدا سىزىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. چۈنكى، ھەقىقىي رەسسام 50 يىل توختىماي رەسىم سىزىۋەرسە كۆزى ئەما بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قولىغا بولسا ئاتنى قانداق سىزىش ياد بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىكى ساددا قارىشى بىلەن مەن سىزغان ئاتلارغا تىكىلىپ قارايتتى.

— ئۇلار بىزگە بۇيرۇتما بېرىدۇ، بىزمۇ ئەڭ مەخپىي، ئەڭ كەم ئۇچرايدىغان ئاتنى پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ سىزغىنىدەك سىزىشقا تىرىشىمىز، ئەھۋال مانا شۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بۇيرۇتقان نەرسىگە بىزنى جاۋابكار قىلىشى ئادالەتسىزلىك.

— بۇنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز، ئىرادىمىز بار. مەن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمەن. ئاللاھ بىزگە ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئېتىشىمىز ئۈچۈن ئەقىل بەرگەن.

بۇ ئورۇنلۇق جاۋاب ئىدى.

— ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىلىپ تۇرىدۇ، — دېدىم ئەرەبچە قىلىپ، — سېنىڭ، مېنىڭ، بىزلەرنىڭ بۇ ئىشنى بىلمەي قىلغىنىمىزنىمۇ بىلىدۇ. يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ئۈستىدىن كىمگە دادلايسەن؟ بۇ ئىشنىڭ كەينىدە پادىشاھىمىز ئالىيلىرىنىڭ ئىرادىسى بارلىقىغا ئىشەنمەمسەن؟

ئۇ جىم بولدى.

ئۇ ھەقىقەتەن شۇنچە ئەقىلسىزمىدۇ ياكى چىن نىيىتى بىلەن ئاللاھتىن قورقۇپلا، سوغۇققانلىقنى يوقىتىپ شۇنداق ئورۇنسىز بىلجىرلاۋاتامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم.

قۇدۇقنىڭ يېنىدا توختىدۇق. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم - دە، قورقۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. ئەمما، ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ - دە! مەن ئاللاھتىن ئالدىمدىكى بۇ كىشىنىڭ ئەقىلسىز بىر قورقۇنچاق بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر رەزىل ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىشىنى تىلىمەكتە ئىدىم.

— بۇ يەردىن 12 قەدەم مېڭىپ قازىسەن، — دېدىم.

— ئاندىن سىلەر قانداق قىلماقچى؟

— يېزىنە تاغىغا ئېيتىمەن، رەسىملەرنى كۆيدۈرۈۋېتىمدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نېمە قىلالايمىز؟ ئەرزۇرۇملۇق نۇسرەت موللىنىڭ مۇرىتلىرى بۇنداق بىر گەپ بارلىقىنى ئاڭلىسا، بىزنى ساق قويمايدۇ، رەسىمخانىنىمۇ قالدۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تونۇشلىرىڭ بارمۇ؟ سەن ھازىر بۇ پۇلنى ئالغىن - دە، بىزنى ئۇلارغا مەلۇم قىلىپ قويمايدىغانلىقىڭغا بىزنى ئىشەندۇرگىن.

— پۇل نېمىنىڭ ئىچىدە؟

— كۆكتات چىلايدىغان كونا كوپىنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭدا 75 دانە ۋېنېتسىيە تىللاسى بار.

ۋېنېتسىيە تىللاسىغۇ ئورۇنلۇق، لېكىن بۇ كۆكتات چىلايدىغان كوپ ئەقلىمگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟ بۇ بىر بىمەنە توقۇلما بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىشەندى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھنىڭ مەن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندىم. چۈنكى، بارغانسېرى نەپسى يوغىناپ كېتىۋاتقان شاگىرت دوستۇم مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، ئىشتىياق بىلەن قەدەم بېسىشقا باشلىغانىدى.

شۇ تاپتا كاللامدا ئىككى نەرسە بار ئىدى. بىرى، تۇپىنىڭ ئاستىدا ۋېنېتسىيە تىللاسى دېگەنلەر يوق! پۇل بېرەلمىسەم بۇ پەسكەش كالۋا بىزنى تۈگەشتۈرىدۇ! بىردىنلا بۇ پەسكەش كالۋانى شاگىرت چاغلىرىمىزدىكىدەك قۇچاقلاپ سۆيگۈم كەلدى. لېكىن يىللار بىزنى بىر - بىرىمىزدىن

شۇ قەدەر يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى! يەنە بىرى، توپىنى قانداق قېزىشقا ئەقلىم يەتمەيتتى. تىرناقلىرىمىز بىلەنمۇ؟ بۇلارنى ئويلىغىم يوق ئىدى. ئەگەر ئويلىدىم دېگەن تەقدىردىمۇ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكلا داۋاملاشقاندۇ.

قۇدۇقنىڭ بېشىدا تۇرغان يوغان تاشنى دەرھال ئىككى قوللاپ ئالدىم-دە، ئۇ تېخى يەتتىنچى، سەككىزىنچى قەدەمنى باسا-باسمايلا كەينىدىن بېرىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بېشىغا ئاتتىم. تاش ئۇنىڭ بېشىغا شۇنداق تېزلىكتە قاتتىق تەگدىكى، شۇئان گويا ئۆز بېشىمغا تەگكەندەك كەينىمگە داجىپ كەتتىم، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

ئەمما قىلغان ئىشىمغا ئازابلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بۇ ئىشنى بالدۇرراق بېسىقتۇرۇۋېتىشنى ئويلايتتىم. چۈنكى ئۇ يەردە ئازابتىن تىپىرلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ تېنى شۈركىنەتتى.

ئۇنى قۇدۇققا تاشلاپ خېلىدىن كېيىن، قىلغان ئىشىمنىڭ بىر رەسسامنىڭ نازاكىتىگە زادىلا ياراشمايدىغان قوپاللىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتتىم.

# 5. مەن يېزنە تاغاڭلار

مەن قارانىڭ يېزنە تاغىسى، ئەمما باشقىلارمۇ مېنى يېزنە تاغا دەيدۇ. بىر زامانلاردا قارانىڭ ئانىسى ئۇنىڭ مېنى "يېزنە تاغا" دەپ ئاتىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. كېيىن يالغۇز قارالا ئەمەس، ھەممە كىشى شۇنداق ئاتايدىغان بولدى. قارا بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى ئاقسارايىنىڭ① كەينىدە كاشتان ۋە فىكۇس دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ ۋە زەي كوچىغا ئورۇنلاشقىنىمىزدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆي بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ بۇرۇنقى ئۆيىمىز ئىدى. ياز كۈنلىرى مەن ماخمۇت پاشا بىلەن بىللە ئۇرۇشلارغا چىقىپ، كۈزدە ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگىنىمدە قارانىڭ ئانىسى بىلەن كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيدە پاناھلانغانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ رەھمەتلىك ئانىسى مېنىڭ رەھمەتلىك ئايالىمنىڭ ئاچىسى ئىدى. بەزىدە قىش ئاخشاملىرى ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە ئاچا-سىڭىل ئىككىيلەننىڭ قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشقان ھالدا دەرد تۆكۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. قارانىڭ ھېچبىر يەردە ئورنى ئىسسىمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىراق جايلاردىكى كىچىك مەدرىسىلەردە مۇدەررىسلىك قىلىدىغان دادىسى ئاچچىقى يامان، سەپرا ۋە ھاراقكەش ئادەم ئىدى. قارا ئۇ چاغلاردا ئالتە ياشتا ئىدى. ئانىسى يىغلىسا ئۇمۇ يىغلايتتى، توختىسا ئۇمۇ توختايتتى. ماڭا، يەنى يېزنە تاغىسىغا قورقۇمسىراپ قارايتتى.

ھازىر ئۇنى ئالدىمدا دىتى بار، يېتىلگەن ۋە ئەدەپلىك بىر جىيەنىم سۇپىتىدە كۆرگەنلىكىمدىن مەمنۇن ئىدىم. ئۇ ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قولۇمنى ئەستايىدىللىق بىلەن سۆيگەندە، ماڭا ھەدىيە سۇپىتىدە ئېلىپ كەلگەن موڭغۇل سىياھدانىنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ "پەقەت قىزىل سىياھ ئۇچۇن" دېگەندە، ئالدىمدا دىققەت بىلەن تىزلىرىنى جۈپلەپ ئەدەپ بى-

① ئاقساراي — ئىستانبۇلدىكى ئاۋات مەھەللىلەرنىڭ بىرى، — ت.

لەن ئۆلتۈرغاندا، مانا بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇسىغىلا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئارزۇيۇمغىمۇ مۇناسىپ ھالدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولغانلىقىنى ماڭا يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى.

ئۇ مەن بىر - ئىككى قېتىم كۆرگەن دادىسىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. دادىسى ئورۇق ئادەم ئىدى، قول ۋە بىلەكلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى بىر ئاز جىددىي بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭغا يارىشاتتى. مەن بىرەر مۇھىم گەپنى قىلىۋاتقاندا، ئۇ قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، "چۈشەندىم، پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئاڭلاۋاتىمەن" دەۋاتقاندەك، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى ۋە سۆزلىرىمنىڭ ئۇرانىغا يارىشا مەنىلىك رىتىم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى. ئەمدىلىكتە مۇشۇ ياشقا كىرىپ، ھەقىقىي ھۆرمەتنىڭ قەلبتىن ئەمەس، بەلكى ئۇششاق قائىدە - يوسۇنلاردىن ۋە ئىتائەتتىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

قارانىڭ ئانىسى بىزنىڭ ئۆيدىن ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھەرخىل باھانە بىلەن ئۇنى بۇ يەرگە پات - پات ئېلىپ كېلەتتى. ئەنە شۇ يىللاردا ئۇنىڭ كىتابقا قىزىقىدىغانلىقىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر - بىرىمىزگە زىچ باغلاندۇق ۋە ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ سۇلھى - سالالىرى بىلەن ئۇ ماڭا شاگىرت بولدى. مەن ئۇنىڭغا شىرازلىق رەسساملارنىڭ ئۇپۇق سىزىقىنى رەسىمنىڭ يۇقىرىسىغا كۆتۈرۈپ سىزىش ئارقىلىق شىرازدا يېڭى بىر ئۇسلۇبنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. باشقىلار لەيلىنىڭ ئىشقىدا سەۋدايى بولغان مەجنۇننى چۆللەردە پەرىشان بولۇپ يۈرگەن ھالدا سىزسا، ئۇلۇغ ئۇستاز بەھزاتنىڭ ئۇنى تاماق ئېتىۋاتقان، ئوتۇنلارنى پۈۋلەپ ئوت تۇتاشتۇرۇۋاتقان ياكى چېدىرلار ئارىسىدا كېزىپ يۈرگەن ئايالار توپىنىڭ ئىچىدە تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تەنھا ھېس قىلىۋاتقان ھالەتتە سىزغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. يەنە ئۇنىڭغا خۇسرەۋنىڭ يېرىم كېچىدە كۆلدە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان شېرىنىنىڭ قىپيالىڭاچ تۇرقىنى تاماشا قىلىۋاتقان پەيتىنى سىزماقچى بولغان رەسساملارنىڭ كۆپىنچىسى نىزامىنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرىنى ئوقۇپمۇ باقماستىن، بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئاتلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى خىيالىغا كەلگەن رەڭلەردە بوياپ نەقەدەر كۈلكىلىك ئىش

قىلغانلىقى، بىر رەسسام ئەگەر ئۆزى سىزىدىغان رەسىمنىڭ مەزمۇنى ھەققىدىكى تېكىستنى دىققەت بىلەن كاللا ئىشلىتىپ ئوقۇماي تۇرۇپ قولىغا قەلەم ئالغان بولسا، ئۇنىڭ غەرىزى پۇلدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى ھەققىدە تەلىم بېرەتتىم.

ھازىر قارانىڭ باشقا بىر ئارتۇقچىلىقىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈۋاتىمەن: ئەگەر رەسىم سىزىش ۋە سەنئەت جەھەتتە كۆڭۈللۈككە رەنج ـ رىيازەت يېتىشنى خالىمىساڭ، ئۇنى كەسپىم دەپ قاردىما، قانچىلىك ھۈنىرىڭ ۋە قابىلىيىتىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇلنى ۋە ئىقتىدارنى باشقا يەرلەردىن ئىزدىگىنىڭكى، ھۈنەر ۋە ئەجىرىڭنىڭ بەدىلىنى ئالالمىغاندا سەنئەتكە نەپرەتلەنمە.

قارا ئىستانبۇلدىكى ۋە باشقا شەھەرلەردىكى پاشالار، بايلار ئۈچۈن كىتاب ئىشلىتىش جەريانىدا ئۆزى تونۇشقان تەبرىزدىكى بارلىق ئۇستا رەسسام ۋە خەتتاتلارنىڭ يوقسۇزلۇق، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغانلىقىنى بايان قىلدى. يالغۇز تەبرىزدىلا ئەمەس، مەشھەد، خەلەپ قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ نۇرغۇن رەسساملار نامراتلىق ۋە ئېتىبارغا ئېلىنماسلىق سەۋەبىدىن كىتابقا رەسىم سىزىشنى تاشلاپ، يەككە رەسىملەرنى، پەرەڭ سەييالىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاجايىباتلارنى ۋە يالىڭاچ رەسىملەرنى سىزىشقا باشلاپتۇ. شاھ ئابباس تەبرىزدە تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەن چاغلاردا سۇلتانىمىزغا ھەدىيە قىلغان كىتابنىڭ ھازىر پارچىلىنىۋېتىلگەنلىكىنى، سەھىپىلىرىنىڭ باشقا بىر كىتابقا ئىشلىتىلىشكە باشلىغانلىقىنىمۇ ئاڭلاپتۇ. ھىندىستان پادىشاھى ئەكبەر يېڭى بىر ئېسىل كىتاب تۈزۈشكە خېلى نۇرغۇن پۇل ئاجراتقان ئىكەن. تەبرىز ۋە قەزۋىننىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر رەسساملىرى قوللىرىدىكى ئىشىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئوردىسىغا يۈگۈرۈشۈپتۇ.

قارا ماڭا بۇلارنى ئېيتىپ بېرىۋېتىپ، ئارىدا ئۇستىلىق بىلەن باشقا ھېكايىلەرنىمۇ قىستۇرۇپ قوياتتى: مەسىلەن، بىر كاززاپ مەھدىنىڭ① قىزىقارلىق ھېكايىسىنى، ياكى سەفەۋىيلەرنىڭ تىنچلىق ئۈچۈن دەپ ئۆزبېكلەرگە بارىمتاي قىلىپ بەرگەن سارىڭ قېتىش شاھزادىنىڭ ئۈچ كۈن

① مەھدى — توغرا يولنى تۇتقۇچى.

ئىچىدە ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى تۇپەيلىدىن، ئۇ تەرەپتە كۆتۈرۈلگەن تەپرىقىچىلىكلەرنى ماڭا كولۇمسىرەپ تۇرۇپ تونۇشتۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غۇۋا ئەكس ئەتكەن ئالامەتلەردىن شۇنى چۈشەندىمكى، ئىككى-لىمىزنى قورقۇتقان ئۇ قىيىن مەسىلە تېخى ھەل بولمىغانىدى.

ئۆيىمىزگە كىرىپ - چىقىپ تۇرغان، باشقىلارنىڭ بىز توغرىلىق ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان، يىراقتىن بولسىمۇ مېنىڭ شۇنداق بىر گۈزەل قىزىمنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھەربىر ياش يىگىتكە ئوخشاش، قارا-مۇ تەبىئىيكى مېنىڭ ئاشۇ بىردىنبىر ساھىبجامال قىزىم شەكۈرەگە ئا-شىق بولغانىدى. گۈزەللەر گۈزىلى ئاتالغان ئاشۇ قىزىمغا ئۇ چاغلاردا ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مېنىڭ نەزىرىمدە بەك جىددىيلىشىپ كەتكۈدەك تەھلىكىلىك ئىشمۇ ھې-سابلانمايتتى. لېكىن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، قارا بىزنىڭ ئۆيگە كې-لىپ - كېتىپ تۇرۇۋاتقان، ھەم ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇنى ھەرۋاقىت قارشى ئا-لىدىغان بولغاچقا، ئۇ شەكۈرەنى كۆرۈپ تۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلى-قى تۇپەيلىدىنلا ئاشىقىي بىقارار ئىدى. ئويلىغىنىمىدەك، ئۇ ئىشقىي مۇ-ھەببىتىنى ئىچىدە ساقلاشقا قادىر بولالمىدى ۋە قەلبىدىكى ئۇرغۇپ تۇر-غان ھېسسىياتىنى قىزىمغا بىۋاستە بىلدۈرۈپ، بىر خاتا ئىش قىلىپ قويدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيىمىزدىن ئايىغىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ ئىستانبۇلدىن كېتىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، قىزىم ئەڭ تولغان ۋاقتىدا بىر ئاتلىق ئەسكەرگە ياتلىق بولدى. بۇ شور پېشانە جەڭچى قى-زىمدىن ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن ئۇرۇشقا كېتىپ، شۇ پېتى قايتىپ كېلەلمىدى ۋە تۆت يىلدىن بېرى ئۇنىڭدىن ھېچكىممۇ خە-ۋەر ئالالمىدى. بۇ ئەھۋاللاردىن بەلكىم ھازىر قارامۇ خەۋەر تاپتى بولغاي. مەن بۇنى ئىستانبۇلدا سۆز - چۆچەكلەرنىڭ تېز تارقىلىدىغانلىقى تۇپەي-لىدىن ئەمەس، بەلكى ئارىمىزدا سۈكۈت ھۆكۈم سۈرگەن دەقىقىلەردە ئۇ-نىڭ ماڭا قارىغان چاغدىكى مەنىلىك كۆز ئىپادىلىرىدىنلا ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدىم. ھەتتا شۇ تاپتا ئۇ رېھلىنىڭ ئۈستىدە ئوچۇق تۇرغان «كى-تابۇل روھ»قا كۆز تاشلىغاچ ئۆيدە يۈرگەن بالىلارنىڭ ئاۋازلىرىغا قۇلاق

سىلىۋاتاتتى، چۈنكى ئىككى يىلدىن بېرى قىزىمنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە دادىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىدى.

قارا يوق ۋاقىتتا سالدۇرغان بۇ يېڭى ئۆي ھەققىدە ئىلگىرى ھېچ گەپ بولۇنمىغانىدى. ئېھتىمال، بايلىق ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولۇشقا ئىرادە باغلىغان بىر ياشقا نىسبەتەن، قارا بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشنى ناھايىتى ئەيىب ئىش دەپ قارىسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ، ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، مەن پەلەمپەيىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىككىنچى قەۋەت قورغاقراق بولغاچقا، سۆڭەك ئاغرىقلىرىمغا ئىككىنچى قەۋەتتە ئولتۇرۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ”ئىككىنچى قەۋەت“ دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىشىم بىلەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. لېكىن شۇنىمۇ ئاڭلاپ قېلىڭلاركى، بايلىق - بىساتى مەندىنمۇ ئاز بولغان تالاي ئادەملەر، تۈركىيىدىكى ئالدقانچىلىك يېرى بار ئاددىي ئاتلىق ئەسكەرلەر چېغىدا پات ئارىدا ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەرنى سالدۇرماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

قىش پەسلى كېلىشى بىلەنلا بىز رەسىمخانا قىلىۋاتقان ئۆيىمىزدە قىشلايتتۇق. يان تام ھۇجرىدا شەكۇرە تۇراتتى، مەن قارانىڭ بۇنى سەزگەنلىكىنى بايقىدىم - دە، ئۇنى قانداق مەقسەتتە ئىستانبۇلغا چاقىرتىپ تەبرىزگە خەت يازغانلىقىم ھەققىدىكى ئەسلى تېمىدىن سۆز باشلىدىم:

— خۇددى سېنىڭ تەبرىزدىكى خەتتاتلار ۋە رەسساملار بىلەن قىلىۋاتقىنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ شۇنداق قولدا كۆچۈرۈلگەن كىتابتىن بىر نۇسخا ئىشلىتىۋاتىمەن، — دېدىم، — ماڭا بۇ كىتابنى بۇيرۇتقان كىشى ئەل - زېمىننىڭ باشپاناھى، شانۇ شەۋكەتلىك سۇلتان ئالىيلىرىدۇر. كىتاب مەخپىي بولغاچقا، سۇلتان ئالىيلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەتنىمۇ دۆلەت خەزىنىسىدىن مەخپىي ئاجرىتىپ، ماڭا باش خەزىنىداردىن مەخپىي ھالدا چىقارتىپ بەردى. سۇلتاننىڭ رەسىمخانىسىدىكى ئەڭ ئۇستا رەسساملار بىلەن بىر - بىرلەپ كېلىشتىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە بىر ئىتنى، بەزىلىرىگە بىر دەرەخنى، بەزىلىرىگە سەھىپە چۆرىسى بېزەكلىرى بىلەن ئۇپۇقتىكى بۇلۇتلارنى، بەزىلىرىگە ئاتلارنى سىزدۇراتتىم. سىزدۇرغان نەرسىلەر خۇددى ۋېنېتسىيىلىك ئۇس-

تازلارنىڭ رەسىملىرىدىكىدەك سۇلتانىمىز تەسەررۇپىدىكى پۈتۈن ئىم-
پېرىيىنىڭ قىياپىتىنى نامايەن قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەمما بۇلار
ۋېنىتسىيىلىكلەرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. مېنىڭ ئەسەرلىرىمدە بايلىق -
مۇلۈكلەر تەسۋىرلەنمەي، بەلكى مول ئىچكى دۇنيا تەسۋىرلىنىشى، سۇلتان
ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇرلۇك - تۈمەن شادلىقلىرى ۋە ھەيۋە - ۋەھىمىسى
ئىپادىلىنىشى زۆرۈر ئىدى. ئەگەر مەن ئەڭ ئاخىرىدا پۇلنى سىزدۇرۇپ
قالسام، ئۇنى كەمسىتىش ئۈچۈن سىزدۇرغان بولىمەن، شەيتاننى ۋە ئۆ-
لۈمنى ئۇنىڭدىن قورققانلىقىمىز ئۈچۈن قوشقان بولىمەن. غەيۋەت -
شىكايەتلەردە نېمىلەر دېيىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. دەرەخلىرىنىڭ قې-
رىماسلىقى، ئاتلىرىنىڭ ھارغىنلىقى، ئىتلىرىنىڭ قوپاللىقى قاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسىدە سۇلتان ئائىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ
ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. تۇرنا، زەيتۇن، نازاكەتلىك ئەپەندى
ۋە كېپىنەك دەپ ئاتىلىدىغان رەسساملارنىڭمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە تېما
تاللىشىنى تەلەپ قىلاتتىم. ئەڭ سوغۇق، ئەڭ قەھرىتان قىش كېچىلىرى-
مۇ پادىشاھىمىزنىڭ رەسساملىرى كىتابقا سىزغان نەرسىسىنى كۆرسەت-
كىلى يوشۇرۇنچە ئالدىمغا كېلەتتى.

— قانداق رەسىملەرنى سىزغانلىقىمىزنى ۋە نېمىشقا ئۇنداق سىز-
غانلىقىمىزنى ھازىر تولۇق ئېيتالمايمەن. چۈنكى، مەن بۇنى سەندىن يو-
شۇرۇپ دېيەلمەيۋاتقىنىم يوق، پەقەتلا رەسىملەرنىڭ نېمىنى چۈشەندۇر-
دىغانلىقىنى ھەتتا ئۆزۈممۇ تولۇق بىلمەيتتىم، لېكىن ئۇلارنىڭ قانداق
رەسىملەر بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلەتتىم.

مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇۋېلىپ تۆت ئاي كېيىن قارانىڭ ئىستان-
بۇلغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى بۇرۇنقى ئۆيىمىز جايلاشقان كوچىدىكى سا-
تىراشتىن ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆيگە چاقىرغاندىم. ھېكايەمدە بىزنى بىر - بى-
رىمىزگە باغلايدىغان بىر خىل قايغۇ - ھەسرەت ھەم بەخت تۇيغۇسى بار
ئىدى.

— ھەر بىر رەسىم بىر ۋەقەلىكنى چۈشەندۈرىدۇ، — دېدىم مەن، —
بىز ئوقۇغان كىتابنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن رەسسام ھېكايىنىڭ ئەڭ
گۈزەل كۆرۈنۈشىنى سىزىدۇ: ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بىر - بىرىنى تۇن-

جى قېتىم كۆرۈشى؛ پالۋان رۇستەمنىڭ شەيتانىي مەخلۇقنىڭ كاللىسىنى ئېلىشى؛ ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن رۇستەمنىڭ ھەسرەت - نادامىتى؛ ئاشىقىي بىقارارلىقتىن ئەقلىدىن ئازغان مەجنۇننىڭ ئادەمزاتسىز قاباھەتلىك چۆل - باياۋاندا شىر، يولۋاس، كېيىك، بۆرىلەر ئارىسىدا يۈرگەنلىكى؛ ئىسكەندەرنىڭ يۇرۇشكە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇش ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوقۇپ بېقىش ئۈچۈن ئورمانلىققا بارغانلىقى، ئورماندا ئۆز قىرغاۋۇلىنىڭ يوغان بۈركۈت تەرىپىدىن پارە - پارە قىلىنىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەسرەتلەنگەنلىكى... بۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇپ چارچىغان كۆزىمىز رەسىمگە قاراپ دەم ئالىدۇ. ئەگەر ھېكايىدە ئەقلىمىز ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىمىزنى جانلاندۇرۇشتا قىينىلىدىغان نەرسە بولسا، رەسىم شۇئان ياردەمدە بولىدۇ. رەسىم ھېكايىنىڭ رەڭدار گۈل - چېچەكلىرىدۇر. ھېكايىسى بولمىغان رەسىمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— مەن بۇرۇن شۇنداق ئويلايتتىم، — دەپ قوشۇمچە قىلدىم گويا پۇشايمان قىلغاندەك، — لېكىن بۇنى قىلغىلى بولىدىكەن. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا سۇلتانىمىزنىڭ ئەلچىسى سۇپىتىدە يەنە بىر قېتىم ۋېنېتسىيىگە بارغانىدىم. ئۇ يەردە پۈتۈنلەي ئىتالىيىلىك پېشۋالار سىزغان پورترېت تەسۋىرىي رەسىملىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆردۈم. سىزىلغان رەسىمنىڭ قايسى ھېكايىنىڭ قايسى كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى بىلمىسەممۇ، لېكىن چۈشىنىشكە ۋە رەسىمدىكى ھېكايىنى پەرق ئېتىشكە تىرىشقانىدىم. بىر كۈنى ئوردىنىڭ تېمىدا بىر رەسىمنى كۆردۈم - دە، ئاغزىمنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— ئۇ رەسىم ھەممىدىن بەكرەك بىر ئادەمنىڭ ، ماڭا ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ رەسىمى ئىدى. دەرۋەقە، رەسىمدىكىسى بىزنىڭ تائىپىمىزدىن ئەمەس، بەلكى بىر كۇپپار ئىدى، لېكىن مەن قارىغانسېرى ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ماڭا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ يۈزى سۆڭەكسىز، يۇمىلاق بولۇپ، يۈز - مەڭزىلىرىدە سۆڭەك بولمىغانلىقى ئاز دەپ، ھەتتا ئۇنىڭدا مېنىڭكىگە ئوخشاش كېلىشكەن ئېڭەكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ماڭا زادىلا ئوخشىمايتتى، لې-

كىن نېمە ئۇچۇندۇر، ئۇنىڭغا قارىغانچە گويا مېنىڭ رەسىمىمدەك يۈرىكىم دۇپۇلدەپ سوقاتتى.

— مېنى باشلاپ خان ئوردىسىنى ئايلاندۇرغان ۋېنېتسىيىلىك مۆتىۋەردىن شۇنى بىلدىمكى، تامدىكى رەسىم ئۇنىڭ بىر دوستىنىڭ — ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئاقسۆڭەك مۆتىۋەرنىڭ رەسىمى ئىكەن. ئۇ ھاياتىدا ئۆزى ئۈچۈن قانداق نەرسە ئەڭ مۇھىم بولسا، ھەممىسىنى ئۆز رەسىمىگە مۇجەسسەملىگەن ئىدى. رەسىمدە ئارقا تەرەپتىكى ئوچۇق دېرىزىدىن كۆرۈنگەن مەنزىرىدە دېھقانچىلىق مەيدانى، يېزا ۋە رەڭلىرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ راستتەك كۆرۈنگەن ئورمان، ئالدى تەرەپتىكى ئۈستەلدە سائەت، كىتابلار، ۋاقىت، قاباھەت، ھاياتلىق، قەلەم، خەرىتە، كومپاس، قۇتىلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تىللالار ۋە باشقا نەرسىلەر، ئۇششاق - چۈششەكلەر، كىم بىلسۇن، ئىشقىلىپ، مەن كۆرگەن تالاي - تالاي رەسىملەردىكىدەك مەن چۈشەنمەيدىغان ۋە مەن ھېس قىلغان نەرسىلەر، جىننىڭ، شەيتاننىڭ كۆلەڭگىسى ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەنە دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان خۇددى گۈزەللەر گۈزىلى رۇيادەك ساھىبجامال قىزى ... بار ئىدى.

— بۇ رەسىم قايسى ھېكايىنى بېزەش ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن سىزىلغان بولغىيدى؟ رەسىمنى كۆرۈۋېتىپ چۈشەندىمكى، بۇ رەسىمنىڭ ھېكايىسى ئۆزى ئىدى. رەسىم بىر ھېكايىنىڭ ئۇزارتىلىشى ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن سىزىلغان بىر ئەسەر ئىدى.

ئالدىدا تۇرغىنىمچە ئاغزىمنى ئېچىپ قاراپلا قالغان بۇ رەسىم زادى ئېسىمدىن چىقمىدى. ئوردىدىن چىقىپ، چۈشكەن ئۆيۈمگە قايتتىم ۋە كېچىچە ئۇ رەسىمنى ئويلاپ چىقتىم. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ شۇنداق سىزىلىشىمنى ئۈمىد قىلاتتىم. ياق، بۇ مېنىڭ ھەددىم ئەمەس. پەقەت سۇلتانىمىزلا شۇنداق سىزىلىشى كېرەك! سۇلتانىمىزنى ئىلكىدىكى بارلىق نەرسىلەر بىلەن، يەنى ئىمپېرىيىسىنى نامايان قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەر بىلەن بىرلىكتە سىزىش كېرەك. بۇ پىكىر بىلەن بىر كىتاب سىزىشقا بولىدۇ دەپ ئويلىدىم.

— ۋېنېتسىيىلىك مۆتىۋەرنىڭ رەسىمىنى ئىتالىيىلىك رەسسام ئۇستا شۇنداق ئوخشىتىپ سىزغانىدىكى، ئۇ رەسىمنىڭ ئاشۇ مۆتىۋەرنىڭ

رەسىمى ئىكەنلىكىنى شۇئان بىلەلەيسەن. ئۇ ئادەمنى ھېچ كۆرمىگەن بولساڭمۇ، ئۇنى مىغ - مىغ ئادەملەر ئىچىدىن تاپ دېسە، ئۇ رەسىمنىڭ ياردىمىدە ئۇنى مىڭلىغان ئادەم ئىچىدىن تاپالايسەن. ئىتالىيە ئۇستىلىرى ھەرقانداق بىر ئادەمنى باشقا بىرىدىن كىيىم - كېچەكلىرى ۋە بەلگىلىرى بىلەن ئەمەس، يۈز شەكلى بىلەن پەرقلەندۈرگىدەك دەرىجىدە سىزىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ۋە ماھارىتىنى تاپقان. "پورترېت" دېگەن نەرسە مانا شۇ.

— چىرايىڭ بىر قېتىم بولسىمۇ شۇنداق سىزىلغان بولسا، سېنى ھېچكىم ئۇنۇتمايدۇ. سەن ناھايىتى يىراق جايلاردا بولساڭمۇ، رەسىمىڭنى بىر كۆرگەن كىشى سېنى ئۆز يېنىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. ھايات ۋاقتىڭدا سېنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرمۇ سەن ۋاپات بولۇپ خېلى يىللاردىن كېيىن، گويا سەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك، سەن بىلەن يۈزمۇ يۈز كۆرۈشۈۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ.

ئۇزۇن بىر ھازاغىچە سۈكۈتكە چۆمدۇق. كارىدوردىن كوچىغا قارايدىغان ۋە ئاستىنقى قىسمىدىكى قاپقاقلىرىنى تېخى ئېچىپ باقمىغان كىچىك دېرىزىنىڭ كاناپ رەخت بىلەن يېپىلمىدىن قاپلانغان ئۈستۈنكى قىسمىدىن ئۆي ئىچىگە سىرتتىن كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان بىر خىل سوغۇق يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى.

— بىر رەسسامىم بار ئىدى، — دېدىم مەن، — سۇلتانىمىزنىڭ بۇ مەخپىي كىتابى ئۈچۈن ئۇمۇ باشقا رەسساملاردەك بۇ يەرگە يوشۇرۇن كېلەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئىشلەيتتۇق. ئۇ ھەل بېرىشكە ناھايىتى ئۇستا ئىدى. بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندى بىر ئاخشىمى بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەنچە ئۆيىگە قايتىپ بارماپتۇ. بۇ ئۇستا بېزەكچىنى بىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ دەپ قورقىمەن.

# 6. مەن ئورخان

— ئۇلار ئۇنى راست ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟ — دېدى قارا.

قارا ئېگىز بويلۇق، زىلۋا ۋە بىر ئاز سۇرلۇك ئادەم ئىدى. "ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن" دېدى بوۋام ۋە مېنى كۆرۈپ: "سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟" دەپ سورىدى.

بوۋام ماڭا شۇنداق قارىۋىدى، مەن تارتىنماي بېرىپ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. بىراق ئۇ مېنى شۇھامان قۇچىقىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ:

— قارانىڭ قولىنى سۆي، — دېدى.

ئۇنىڭ قولىنى سۆيدۇم. ھېچ نەرسە پۇرىمايتتى.

— بەك ئوماق بالا بوپتۇ، — دېدى قارا مەڭزىمگە سۆيۈپ، — چوڭ بولسا شىردەك ئادەم بولغۇدەك.

— بۇ — ئورخان، ئالتە ياشقا كىردى. بۇنىڭدىن چوڭ بىرى بار، ئىسمى شەۋكەت، يەتتە ياش، ئەمما ئۇ ناھايىتى جاھىل.

— ئاقساراي تەرەپتىكى كوچىغا بارغانىدىم، — دېدى قارا، — ھاۋا بەك سوغۇق، ھەممە يەرنى قار ـ مۇز قاپلاپ كېتىپتۇ، ئەمما ھېچنەرسە ئۆزگەرمەپتۇ.

— ھەممە نەرسە ئۆزگەردى، ھەممە نەرسە بۇزۇلدى، ئۆزگىرىش كۆپ، — دېدى بوۋام ماڭا بۇرۇلۇپ ۋە، — ئاكاڭ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇستىنىڭ يېنىدا.

— سەن نېمىشقا بۇ يەردە يۈرىسەن؟

— ئۇستام ماڭا: "ئاپىرىن، سەن ئەمدى قايت" دېدى.

— ئۆزۈڭ يالغۇز كەلدىڭمۇ؟ سېنى ئاكاڭ ئەكىلىپ قويۇشى كېرەك ئىدى، — دېدى بوۋام، ئاندىن قارىغا دېدى، — مېنىڭ كىتاب تۈپلەيدىغان

بىر بۇرادىرىم بار. بۇلار ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم مەكتەپتە قۇرئاندىن ساۋاق ئالغاندىن كېيىن ئاشۇ بۇرادىرىمنىڭكىگە بارىدۇ، ئۇ يەردە شاگىرت بولۇپ كىتاب تۇپلەشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ.

— بوۋاڭغا ئوخشاش رەسىم سىزىشنىمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟ — دېدى قارا.

جاۋاب قايتۇرمىدىم.

— قېنى، — دېدى بوۋام، — ئەمدى چىقىپ كەت.

ئاتەشداندىن چىققان ئىسسىقلىق شۇ قەدەر خۇشياقتىكى، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. بوياق ۋە يېلىم پۇرىقىنى پۇراپ، يەنە بىردەم تۇردۇم. قەھۋەنىڭ پۇرىقىمۇ كېلىپ تۇراتتى.

— باشقا شەكىلدە سىزىش باشقىچە كۆز بىلەن كۆرۈش دېگەنلىكمىدۇ؟ — دېدى بوۋام، — بىچارە ھەلچىنى شۇ سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ كونا ئۇسۇلدا ھەل بېرەتتى. ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىمۇ - يوق، بۇنى ئېنىق بىلمەيمەن، لېكىن ئۇ يوقاپ كەتتى. باش نازارەتچى ئۇستاز رەسسام ئوسماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بارلىق رەسساملار يېقىندىن بېرى سۇلتان ئائىلىرىنىڭ شەرىپىگە تۈزۈلىۋاتقان بىر تويناماگە① رەسىم سىزىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەممىسى ئۆز ئۆيلىرىدە ئىشلەيدۇ. ئەمما ئۇستاز ئوسمان بولسا رەسىمخانىدا ئىشلەيتتى. ئالدى بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ باقساڭ ۋە ھەممە نەرسىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ باقساڭ بولاتتى. مەن باشقىلارنىڭ ئۆزئارا جېدەل - ماجىرا قىلىشىپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدىن ئەنسىرەيمەن. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇلار ئۇستازى باش رەسسام ئوسمان قويغان لەقەملەر بىلەن ئاتىلاتتى، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا "كېپىنەك"، "زەيتۇن"، "تۇرنا" دېگەندەك لەقەملەر قويۇلغان ئىدى. بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ باق...

پەلەمپەيدىن چۈشمەي تۇرۇپلا كەينىمگە بۇرۇلدۇم. خەيرىيە ياتىدىغان تام ئىشكاپلىق ھوجرىدىن تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ يەرگە

---

① تويناما — توي، زىياپەت، شاد - خۇراملىقلارنى تەسۋىرلەپ يېزىلغان نەزم ۋە نەسرىي ئەسەر. — ت.

كىردىم. بۇ يەردە خەيرىيە ئەمەس، ئاپام بار ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ خىجىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ يېرىمى ئىشكاپنىڭ ئىچىدە ئىدى.

— نەدە ئىدىڭ؟ — دېدى ئۇ.

لېكىن ئۇ نەدىلىكىمنى بىلەتتى. چۈنكى ئىشكاپنىڭ ئىچىدە بىر تۆشۈك بار ئىدى. ئۇ يەردىن بوۋامنىڭ رەسىمخانىسى كۆرۈنەتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولسا كارىدور، ئاندىن كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بوۋام ياتىدىغان ھۇجرىنىڭ — ناۋادا ئۇنىڭمۇ ئىشىكى ئوچۇق بولسا — ئىچى كۆرۈنەتتى.

— بوۋامنىڭ يېنىدا ئىدىم، — دېدىم، — ئاپا، سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— بوۋاڭنىڭ مېھمىنى بار، يېنىغا كىرمە دېمىدىممۇ ساڭا؟ — دەپ توۋلىدى ئاپام، لېكىن ئاۋازى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ مېھمانىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى خالىمايتتى، — ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كېيىن يېقىملىق ئاۋاز بىلەن.

— ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن بوياقلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرماپتۇ، بوۋام گەپ قىلىۋېتىپتۇ، يەنە بىرەيلەن ئاڭلاۋېتىپتۇ.

— قانداق ئولتۇرۇپتۇ؟

مەن بىردىنلا يەردە ئولتۇرۇپ، مېھماننىڭ ئولتۇرۇشىنى دورىدىم ۋە:

— مەن ھازىر ناھايىتى ئەستايىدىل بىر ئادەم، ئاپا. شۇ تاپتا قاپاقلىرىم سېلىنغان ھالدا كۆڭۈل قويۇپ بوۋامنىڭ سۆزىنى تىڭشاۋاتىمەن ھەم مەۋلۇت تىڭشىغاندەك، توختىماستىن بېشىمنى ئۇ مېھمانغا ئوخشاش رىتىم بىلەن لىڭشىتىۋاتىمەن، — دېدىم.

— تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ، دەرھال خەيرىيەنى چاقىرىپ چىق، — دېدى ئاپام.

ئۇ ئولتۇرۇپ يېزىق تاختىسىنى قۇچىقىغا ئالدى-دە، ئۇستىدىكى كىچىك بىر پارچە قەغەزگە خەت يېزىشقا باشلىدى.

— ئاپا، نېمە يېزىۋاتىسەن؟

— دەرھال چۈشۈپ خەيرىيەنى چاقىرىپ چىق دېمىدىممۇ؟

ئاشخانىغا كىردىم. ئاكام قايتىپ كەلگەن ئىكەن، خەيرىيە ئۇنىڭ ئالدىغا مېھمانغا تەييارلىغان گۆشلۈك غىزادىن بىر تەخسە قويدى.

— ساختىپەز، — دېدى ئاكام، — مېنى ئۇستام بىلەن تاشلاپ قويۇپ كېتىپسەن، كىتابنىڭ ھەممە ۋاراقلىرىنى ئۆزۈم يالغۇز قاتلاپ، بارماقلىرىم كۆكىرىپ كەتتى.

— خەيرىيە، ئاپام چاقىرىدۇ، — دېدىم مەن.

— تاماقنى يەپ بولۇپ كۆرگىلىكىڭنى كۆرسىتىمەن، — دېدى ئاكام، — ھورۇنلۇقىڭنىڭ، ساختىپەزلىكىڭنىڭ جازاسىنى تارتىسەن.

خەيرىيە چىقىپ كېتىشىگە ئاكام تامىقىنىمۇ تۈگەتمەي ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى. مەن قاچالمىدىم. ئۇ قوللىرىمنى تۇتۇۋېلىپ قايرىشقا باشلىدى.

— ئۇنداق قىلما شەۋكەت، قولۇم بەك ئاغرىپ كەتتى.

— يەنە ئىشنى تاشلاپ قاچامسەن؟

— قاچمايمەن.

— قەسەم قىل!

— قەسەم قىلىمەن.

— قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىل!

— قۇرئان تۇتۇپ قىلىمەن.

لېكىن ئۇ مېنى قويۇپ بەرمەي، يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزدى. بىر ياقتىن تامىقىنى يېگەچ، بىر ياقتىن كۆچلۈك قوللىرى بىلەن قولۇمنى تېخىمۇ قايرىۋەتتى.

— ئۇكاڭنى نېمانچە قىيناۋاتىسەن، زالىم؟ — دېدى خەيرىيە، — ئۇ پەرەنجىسىنى ئوراپ كوچىغا چىقماقچى ئىدى، — قويۇۋەت ئۇنى!

— سەن ئارىلاشما، ھۇ دېدەك! — دېدى ئاكام قولۇمنى قايرىپ تۇرۇپ، — نەگە بارماقچىسەن؟

— لىمون ئالغىلى چىقىمەن، — دېدى خەيرىيە.

— يالغانچى، — دېدى ئاكام، — ئىشكاپتا لىمون جىق تۇرمامدۇ!

ئۇ قولۇمنى سەل بوشىتىۋىدى، ئىتتىك قولۇمنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى تېپىشكە باشلىدىم ۋە شامداننى قولۇمغا ئېلىۋالدىم. لېكىن ئۇ ئېتىلىپ

كېلىپ مېنى بېسىۋالدى، قولۇمدىكى شامدان يەرگە چۈشۈپ، پەتنۇس ئۆرۈلۈپ كەتتى.

— خۇدا بەرگەن بالا ـ قازالار! — دېدى ئاپام، لېكىن ئۇ مېھماننىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، قاتتىق ۋارقىرىيالمىدى. ئۇنىڭ قاراغا كۆرۈنمەي كارىدوردىن ئۆتۈپ، پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشكىنىنى ھېچقايسىمىز سەزمىگەن ئىدۇق. ئۇ بىزنى ئاجرىتىۋەتتى ۋە:

— يۈزۈمنى تۆكمىدىغان بولۇشتۇڭ ھارامزادىلەر، — دېدى.

— ئورخان بۇگۈن يالغان ئېيتتى، — دېدى شەۋكەت، — پۈتۈن ئىشنى ماڭا تاشلاپ قويۇپ قاچتى.

— ئاغزىڭنى يۇم، — دېدى ئاپام ئۇنى بىر كاچات سېلىپ.

كاچات بوش تەگكەندى، ئاكامۇ يىغلىمىدى.

— دادام قايتىپ كەلگەندە، — دېدى ئۇ، — ھاسان تاغامنىڭ قىزىل دەستىلىك قىلىچىنى ئوينايمىز، ئاندىن بۇ ئۆيدىن ھاسان تاغىنىڭ يېنىغا كېتىمىز.

— جىم تۇر، — دېدى ئاپام. ئۇ بىردىنلا شۇنداق خاپا بولدىكى، شەۋكەتنى بىلىكىدىن تۇتقىنىچە سۆرەپ، تاش ياتقۇزۇلغان يولنىڭ نېرىقى بېشىدىكى قاراڭغۇ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىۋە- دىم، ئاپام ئىشىكنى ئاچقاندا مېنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

— ھەر ئىككىڭ كىرىشە! — دېدى.

— بىراق، ئاپا، مەن ھېچنېمە قىلمىدىمغۇ! — دېدىم مەن. ئەمما ئىچىگە كىردىم. ئاپام ئىشىكنى تاقىدى. ئۇنىڭ ئىچى بەك قاپقاراڭغۇمۇ ئەمەس ئىدى. ئانار كۆچىتى تەرەپتىكى قاپقاقلارنىڭ ئارىلىقىدىن غۇۋا يو- رۇق چۈشۈپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ قورققۇم كەلدى.

— ئاپا، ئىشىكنى ئاچ، مۇزلاپ كەتتىم، — دېدىم.

— يىغلىما قورقۇنچاق، — دېدى شەۋكەت، — ھازىر ئاچىدۇ.

ئاپام ئىشىكنى ئېچىپ:

— مېھمان كەتكىچە تىنچ تۇرامسىلەر ئەمەسمە؟ — دېدى، — بوپتۇ، قارا كەتكىچە ئاشخانىدا ئوچاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرىسىلەر، يۇقىرىقى قەۋەت- كە چىقمايسىلەر جۇمۇ!

— ئۇ يەردە زېرىكىپ كېتىمىز، خەيرىيە نەگە كەتتى؟ — دېدى شەۋكەت.

— سەنزە، ھەممىگە ئارىلىشىدىكەنسەن، كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى ئاپام.

ئېغىلدا بىر ئاتنىڭ يېنىك كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، كەينىدىنلا يەنە ئاڭلاندى. بۇ بوۋامنىڭ ئېتى ئەمەس، بەلكى قارانىڭ ئېتى ئىدى. قانداقتۇ بىرەر يەرمەنكە ياكى بايرام بولۇۋاتقاندەك كەيپىياتىمىزدىن بىر خىل خۇشاللىق تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئاپام گويا بىزنى كۈلۈمسىرەشكە ئۈندەۋاتقاندەك كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئىككى قەدەم مېڭىپ ئېغىلنىڭ بۇ تەرەپكە قارايدىغان ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ئېغىلنىڭ ئىچىگە قاراپ: "تىر..." دېدى.

ئۇ يەردىن ئارقىسىغا يېنىپ بىزنى خەيرىيەنىڭ ياغ پۇرايدىغان، چاشقانلار يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئاشخانىسىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە:

— مېھمان كەتكىچە بۇ يەردىن چىققۇچى بولماڭلار. جېدەلمۇ قىلماڭلار، باشقىلار سىلەرنى ئەركە - نايناق، كەپسىز بالىلار ئىكەن، دەپ قالمىسۇن، — دېدى.

— ئاپا، — دېدىم ئاپام ئىشىكنى ياپماستا، — ساڭا بىر ئىشنى ئېيتاي. بوۋامنىڭ بىچارە ھەلچىسىنى باشقىلار ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ.

# 7. مېنىڭ ئىسمىم قارا

شەكۈرەنىڭ ئوغلىنى دەسلەپ كۆرگىنىمدە، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قەيېرىنى خاتا ئەسلىگەنلىكىمنى دەرھال چۈشەندىم. شەكۈرەنىڭ يۈزىمۇ ئورخانىنىڭكىدەك سوزۇنچاق ئىدى، ئېڭىكىمۇ ئەسلىگىنىمدىكىدىن ئۇچلۇقراق ئىدى. شۇڭا، مەشۇقۇمنىڭ ئاغزى تەبىئىيكى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئويلىغىنىمدىنمۇ كىچىك ۋە تار بولۇشى كېرەك ئىدى. 12 يىلدىن بۇيان ئىككىلەن بۇ شەھەر مېنىڭ، ئۇ شەھەر سېنىڭ دېيىشىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا، شەكۈرەنىڭ ئاغزىنى چوڭراق، لەۋلىرىنى پارقىراپ تۇرىدىغان گىلاستەك جەزبىدار ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم.

يېنىمدا شەكۈرەنىڭ ئىتالىيە رەسساملىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا سىزىلغان بىر پارچە رەسىمى بولغان بولسىدى، 12 يىللىق ھاياتىم داۋامىدا، كەينىمدە تاشلاپ كەلگەن مەشۇقۇمنىڭ چىرايىنى زادىلا ئەسلىيەلمىگىنىم ئۈچۈن ھەرگىز ئۆزۈمنى يۇرت ـ ماكانسىز قالغاندەك ھېس قىلمىغان بولاتتىم. چۈنكى، قەلبىڭىزگە بىر مەشۇقنىڭ چىرايى نەقىشلەنگەن بولسا، دۇنيا يەنىلا سىزنىڭ ئۆيىڭىزدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شەكۈرەنىڭ ئوغلىنى كۆرۈشۈم، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىم ۋە چىرايىغا يېقىندىن قاراپ سۆيۈپ قويۇشۇم كۆڭلۈمدە شۇئان بەختسىزلەرگە، قاتىللارغا ۋە گۇناھكارلارغا خاس بىئاراملىق پەيدا قىلدى. قەلبىمدە بىر سادا ماڭا: ”ئورنۇڭدىن تۇر، ھازىرلا شەكۈرەنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنى كۆر“ دەيتتى.

بىر ئارىدا، گەپ ـ سۆز قىلماستىن يېزنە تاغامنىڭ يېنىدىن چىقىپ، كارىدورغا ئېچىلغان ئىشىكلەر ـــ كۆز قىرىمدا سانىغانىدىم، پەلەمپەينىڭكى بىلەن قوشقاندا بەش قاراڭغۇ ئىشىك ـــ نىڭ ھەممىسىنى شەكۈرەنى تاپقانغا قەدەر بىر ـ بىرلەپ ئاچاي دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئەينى يىللاردا مەن كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەرنى ۋاقىت ـ سائىتى بىلەن ھېسابلاش-

ماي، قارامىلىق بىلەن ئىزھار قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەشۇقۇمدىن 12 يىل ئايرىلىپ قالغانىدىم. شۇڭا ئۇن ـ تىنسىز چاندۇرماي كۆتتۈم ۋە شەكۈرە-نىڭ قېتىملاپ ئۇستىدە ئولتۇرغان كۆرپىسى ۋە تۇتقان نەرسىلىرىگە قا-رىغاچ يېزنە تاغامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم.

ئۇ ماڭا سۇلتاننىڭ بۇ كىتابنى ھىجرەتنىڭ مىڭىنچى يىللىق خاتىرە كۈنىگە ئۈلگۈرتۈپ پۈتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. جاھان-پاناھى سۇلتانىمىز ھىجرىيىنىڭ مىڭىنچى يىلى ئۆزىنىڭ ۋە دۆلىتىنىڭ پەرەڭلەرچە ئۇسلۇبنىمۇ شۇلاردەك قوللىنالايدىغانلىقىنى جاھانغا بىر نامايان قىلماقچى ئىدى. سۇلتان بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تويىنامە ئىشلىتىۋات-قانلىقى ئۈچۈن ئۇستا رەسساملارنىڭ ئالدىراش بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن چىقماسلىقىنى، يەنى ئادەم كۆپ رەسىمخانىدا ئەمەس، ئۆيلىرىدە ئىشلىشىنى بۇيرۇغانىدى. ئۇلارنىڭ ئايرىلاپ يوشۇرۇنچە يېزنە تاغامنىڭكىگە كېلىدىغانلىقىدىنمۇ ئۇ ئەلۋەتتە خەۋەردار ئىدى.

— باش رەسسام ئۇستاز ئوسماننى كۆرسەڭ، — دېدى يېزنە تاغام، — ئۇنى ئەما بولۇپ قاپتۇ، ئالجىپ قاپتۇ دېيىشىدۇ. مېنىڭچە ئۇ ھەم ئەما، ھەم ئەقلىدىن ئازغان.

يېزنە تاغامنىڭ ئۇستا رەسسام دېگەن مەرتىۋىسى بولمىغاننىڭ ئۇس-تىگە، ھېچقانداق سەنئەت ماھارىتى بولمىسىمۇ، ئەمما، سۇلتاننىڭ ئى-جازىتى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن بىر كىتاب ئىشلەشكە نازارەتچىلىك قىلىشى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ياشانغان ئۇستاز، باش رەسسام ئوسمان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قوياتتى.

بالىلىقىمنى ئەسلەپ، ئۆيدىكى بىساتلارغا دىققەت قىلدىم. پولدىكى كۆلادىن ئىشلەنگەن كۆك گىلەمنى، مىس كوزىنى، قەھۋە پەتنۇسى ۋە چەينەكنى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ جۇڭگودىن پورتۇگالىيە ئارقىلىق كەلگەنلى-كىنى رەھمەتلىك ھامىمام نەچچە قېتىم ئېيتىقارلىنىپ ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، مەن ئاشۇ قەھۋە پىنجانلىرىنى 12 يىلنىڭ ئالدىدىكىدەكلا ئەسلى-دىم. بۇ بىساتلار خۇددى تام تۈۋىدىكى سەدەپ قويۇلغان رېھلگە، تامدىكى تۇماق قويىدىغان تەكچىگە، يۇمشاقلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ تۇتۇپ باققان قىزىل مەخمەل ياستۇققا ئوخشاش، شەكۈرە بىلەن بىللە بالىلىق چاغلى-

رىمىزنى ئۆتكۈزگەن ئاقسارايدىكى ئۆيدىن قالغان تەۋەررۈكلەر ئىدى ۋە ئۇ ئۆيدە خۇشاللىق ئىچىدە رەسىم سىزغان كۈنلىرىمدىكى بەزىبىر ئەسلىمىلىرىمۇ ئەنە شۇ نەرسىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى.

خۇشاللىق ۋە رەسىم. مېنىڭ ھېكايەمگە ۋە تەقدىرىمگە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلىدىغان قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ بۇ ئىككى نەرسىنى مېنىڭ دۇنيايىمنىڭ باشلانغۇچ نۇقتىسى سۈپىتىدە ئېسىدە چىڭ تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىر چاغلاردا بۇ يەردە كىتابلار، قەلەملەر ۋە رەسىملەر ئارىسىدا ئىنتايىن خۇشال - خۇرام ئۆتكەنىدىم. كېيىن ئىشقىي مۇھەببەتكە مۇپتىلا بولدۇم - دە، بۇ جەننەتتىن قوغلاندىم. ياشلىقىمدا ھاياتنى ۋە دۇنيانى ئۈمىدۋارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمغا يول ئاچقان نەرسە شەكۈرە ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم بولغاچقا، مۇھەببەت جۇدالىقىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، ئۇنىڭغا قەرزدار ئىكەنلىكىمنى تاللاي قېتىم ھېس قىلغان ئىدىم. گۆدەكلەرچە ساددىلىق بىلەن مۇھەببىتىمنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدىغانلىقىمدىن گۇمانلانمىغانلىقىم ئۈچۈن زىيادە ئۈمىدۋار ئىدىم ۋە دۇنيانىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئۇنى بىر گۈزەل ماكان دەپ قارايتتىم. كىتابلارنى، يېزنە تاغام ئۇ چاغلاردا مېنىڭ ئوقۇشۇمنى تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى، مەدرىسىدە ئۆگەتكەنلەرنى، نەقىشنى ۋە رەسىم سىزىشنى مانا شۇنداق ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياقتۇرۇپ ئۆگەنگەنىدىم. لېكىن ئالغان تەلىم - تەربىيەمنىڭ پارلاق، خۇشاللىققا تولغان ۋە ئەڭ مەزمۇنلۇق ئالدىنقى يېرىمى شەكۈرەگە بولغان مۇھەببىتىمگە مەنسۇپ بولغىنىدەك، ئۇنى بەربات قىلغان كېيىنكى يېرىمى ئۆمرۈمدە ئۆگەنگەن يۈزەكى بىلىملىرىمنى رەت قىلىنىشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن: زىمىستان سوغۇق كېچىلەردە، كارۋان سارايلىرىدىكى ئوچاقنىڭ ئۆچكەن ئوتى بىلەن بىللىلا يوقىلىپ، غايىب بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىرىم، بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن چۈشلىرىمدە پات - پات يېنىمدىكى ئايال بىلەن بىللە خىلۋەت بىر چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكىنىمنى كۆرگەنلىكىم ۋە ئۆز - ئۆزۈمنى ”بىر تىيىنغا ئەرزىمەس ئەبلەخنىڭ بىرىمەن“ دەپ ئەيىبلىگەنلىرىم خىيالىمدىن كېزەتتى ۋە بۇ ئەسلىمىلەر شەكۈرەدىن ماڭا قالغان تەۋەررۈك ئىدى.

— ئۆلگەندىن كېيىن، — دېدى يېزنە تاغام خېلىدىن كېيىن، —
روھىمىزنىڭ پانى دۇنيا تۆشەكلىرىدە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ روھ-
لىرى بىلەن تېپىشالايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن.

— ئۆلۈمنىڭ ئۆزى بىر مەڭگۈلۈك سەپەر، شۇڭا ئۆلۈشتىن قورق-
مايمەن. قورقىدىغىنىم شۇكى، سۇلتانىمىزنىڭ كىتابىنى پۈتتۈرمەي تۇ-
رۇپلا ئۆلۈپ قالمىسام بولاتتى.

خىيالىمدا بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنى يېزنە تاغامدىنمۇ كۈچلۈك، ھوش -
كاللام جايىدا ۋە ساغلام دەپ ئويلىسام، يەنە بىر تۇرۇپ، 12 يىلنىڭ ئالدىدا
قىزىنىڭ ماڭا ياتلىق بولۇشىغا قوشۇلمىغان بۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلگى-
نىمدە، ئۇچامغا قىممەت باھالىق تون كىيىپ، كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەن
ئېگەر - جابدۇقلۇق ئاتنى مىنىپ كەلگەنلىكىم ۋە پەلەمپەيدىن چۈشۈپلا
ئۇنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپ مىنگەنلىرىمنى ئويلايتتىم.

مەن رەسساملار ئارىسىدا يۇرۇپ ئۆگەنگەنلىرىمنى ئۇنىڭغا مەلۇم قى-
لىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ۋە قولىنى سۆيۈپ خوشلىشىپ پەلەمپەيدىن چۈش-
تۈم. ھويلىغا چىققىنىمدا قارنىڭ سوغۇقىنى ھېس قىلدىم - دە، ئۆزۈمنىڭ
بىر كىچىك بالا ياكى ياشانغان ئادەم ئەمەسلىكىمنى ئويلىدىم: مەن بۇ دۇنيا-
نىڭ خۇشاللىقلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدۇمدا ھېس قىلىۋاتاتتىم. ئېغىلنىڭ ئىشى-
كىنى ياپقىنىمدا بىر شامال ئۇرۇۋىدى، تىزگىنىدىن تۇتۇپ تاش ياتقۇزۇلغان
يول بىلەن ھويلىغا يېتىلەپ چىقىۋاتقان ئاق ئېتىم مەن بىلەن بىللە شۈر-
كەندى. مەن ئۇنىڭ تومۇرلىرى يوغان كۈچلۈك پۇتلىرىنى، تىنىمسىزلىقى-
نى، باشقۇرۇش تەس بولغان تەرسالىقىنى ئۆزۈمگە ئوخشىتاتتىم. كوچىغا
چىقىپلا ئېتىمغا چەبدەسلىك بىلەن مىنىپ، رىۋايەتلەردىكى ”ئەمدى ئىك-
كىنچى كەلمەيمەن“ دېگەن چەۋەندازدەك تار كوچىلاردىن غايىب بولاي دەپ
تۇرسام، قاياقتىن چىققانلىقى نامەلۇم، يوغان بىر ئايال، يەنى باشتىن - ئا-
ياغ ھال رەڭ كىيىم كىيگەن بىر يەھۇدىي ئايال بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ ئال-
دىمغا كەلدى. ئۇ بەستلىك ۋە ئېنى كەڭ بىر ئايال بولۇپ، خۇددى كىيىم
ئىشكاپىغا ئوخشايتتى، لېكىن جانلىق، ئېتىك، ھەتتا شوخراق ئىدى.

— شىر يۈرەك پالۋان يىگىت، ھەقىقەتەن كىشلەرنىڭ دېگىنىدەك

يېقىملىق ئىكەنسەن، ــ دېدى ئۇ، ــ بويتاقمۇ سەن ياكى ئائىلەڭ بارمۇ؟ ئاشناڭ ئۇچۇن ئىستانبۇلنىڭ ئەڭ كاتتا يايمىچىسى ئېستېردىن يىپەك قولياغلىق بولسىمۇ سېتىۋالارسەن؟

ــ ياق.

ــ ئەتلەستىن ئىشلەنگەن قىزىل كەمەرچۇ؟

ــ ياق.

ــ ياق، ياق دەۋەرمە! ساڭا ئوخشاش شىر يۈرەك يىگىتنىڭ لايىقى ياكى ئاشنىسى بولماي قالامدۇ؟ كىم بىلىدۇ، قانچىلىغان قىزلار كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈپ سېنىڭ ئىشقىڭدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندۇ؟

ئۇ بىردىنلا گەۋدىسىنى سېھىرگەرلەردەك سوزۇپ، ھەيران قالارلىق نەپىس قىياپەت بىلەن ماڭا سۇركەشتى ـ دە، يوقنى بار قىلىدىغان سېھىرگەرلىك ماھارىتى بىلەن قولىدىكى بىر پارچە خەتنى كۆرسەتتى. خەتنى كاپلا قىلىپ تارتىپ ئالدىم ۋە گويا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا مەشىق كۆرگەندەك ئەپچىللىك بىلەن قوينۇمغا سالدىم. ئۇ خېلى چوڭ بىر پارچە خەت ئىدى، ئۇنى قوينۇمغا سېلىپلا، بېلىم بىلەن كىندىكىمنىڭ ئارىسىدىكى مۇزدەك تېنىمگە گويا ئوتتەك ھارارەت ئۇتۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

ــ ئېتىڭغا مىنىپ يولۇڭغا راۋان بول، ــ دېدى يايمىچى ئېستېر، ــ بۇ تام تەرەپ بىلەن مېڭىپ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئۇدۇل ماڭ، لېكىن ئانار كۆچىنىڭ يېنىغا بارغاندا بۇرۇلۇپ سەن بايا چىققان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى دېرىزىسىگە قارا.

ئۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بىردەمدىلا غايىب بولدى. مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئات مىنگەن ئادەمدەك ھودۇققان ھالدا ئاتقا مىندىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقاتتى، كاللام جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى، قوللىرىم ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇشقىمۇ قولاشمايۋاتاتتى، لېكىن پۇتلىرىم ئاتنىڭ قارنىنى چىڭ قىسقىنىدا، ئەقىللىق ئېتىم خۇددى ئېستېرنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەندەك، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە راۋان بولدى ۋە ئوڭ ياندىكى كوچىغىمۇ كىردۇق.

شۇ چاغدا ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن كېلىشكەن يىگىت بولسام كېرەك دەپ

ھېس قىلدىم. چۆچەكلەردىكىدەك، ھەر بىر دېرىزە قاپقىقىنىڭ كەينىدىن
شۇ مەھەللىلىك ئاياللار ماڭا قارىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، مەنمۇ يېڭىۋاش-
تىن شۇنداق ئوتتا كۆيۈۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم. مېنىڭ ئۈمىد قى-
لىدىغىنىم مۇشۇمىدى؟ ئون نەچچە يىللىق بىمارلىقىمغا قايتىۋاتىمەنمۇ-
يا؟ مانا ئەمدى بىردىنلا قوياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىرايىنى كۆرسىتىۋ-
دى، چۆچۈپ كەتتىم.

ئانار كۆچىتى قېنى؟ بۇ غەمكىن، ئاجىز كۆچەت شۇمىدۇ؟ ھەئە،
شۇكەن! ئېتىمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىنىمچە ئاستاغىنە بۇرالدىم، دەل ئۇ-
دۇلۇمدا بىر دېرىزە بار ئىدى، لېكىن ئۇ يەردە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.
پىتىنخور ئېستېر مېنى ئالداپتۇ - دە!

شۇنداق ئويلاپ تۇرۇشۇمغا مۇز قاپلاپ كەتكەن دېرىزە قاپقىقى جالاق-
قىدە ئېچىلدى ۋە قۇياش نۇرىدا يالت - يۇلت پارقىراپ تۇرغان دېرىزىنىڭ
راملىرى ئىچىدە گۈزەل مەشۇقۇمنىڭ چىرايىنى 12 يىلدىن كېيىن، قار-
لىق دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا كۆردۈم. قارا كۆزلۈكۈم ماڭا قاراۋاتامدۇ يا-
كى مەندىن نېرىدىكى باشقا بىر جان ئىگىسىگىمۇ؟ غەمكىنمۇ ياكى تەبەس-
سۇملۇقمۇ ۋە ياكى غەمكىن كۈلۈمسىرەۋاتامدۇ، بىلەلمىدىم. ئەخمەق ئې-
تىم، يۈرىكىمنى دوراپ تىپىرلىماي جىم تۇرساڭچۇ! يەنە بىر قېتىم ئات-
نىڭ ئۈستىدە ئاستاغىنە كەينىمگە ئۆرۈلدۈم ۋە ئاپئاق دەرەخ شاخلىرىنىڭ
كەينىدىكى ھېلىقى نازاكەتلىك يادىڭغۇ چىراي غايىب بولغۇچە سېغىنىش
ھېسسىياتىم بىلەن قاراپ تۇردۇم.

شۇ چاغدىكى مېنىڭ ئات ئۈستىدە، ئۇنىڭ دېرىزە ئىچىدە تۇرغان
كۆرۈنۈشىمىز گويا شېرىننىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلگەن خۇسرەۋنىڭ
ھېلىقى مىڭلىغان رەسىملەرگە سىزىلغان كۆرۈنۈشىگە — ئارىمىزدا سەل
نېرىدا غەمكىن بىر تۈپ دەرەخمۇ بار ئىدى — نېمىدېگەن ئوخشىغانلىقى-
نى خېلى كېيىن ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن خېتىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى رەسىم-
نى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن چۈشەندىم. بىز قەدىرلەيدىغان ۋە ھەيران
بولىدىغان ھېلىقى كىتابلاردا سىزىلغىنىدەك، قەلبىمدە ئىشق ئوتى
لاۋۇلداپ يانماقتا ئىدى.

# 8. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر

مەن قاراغا تاپشۇرۇپ بەرگەن خەتتە نېمىلەر يېزىلغانلىقىغا ھەممەيلەننىڭ قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىمەن. بۇ مېنىمۇ قىزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈن بېرىپ ھەممە ئەھۋالنى ئىگىلىدىم. خالىساڭلار، ھېكايەڭلارنىڭ سەھىپىلىرىنى كەينىگە ۋاراقلىغايسىلەر، مەن ئۇنىڭغا ھېلىقى خەتنى بېرىشتىن ئاۋۋال نېمىلەر بولغانلىقىنى بايان قىلاي.

ھازىر كەچ كىرىپ قالدى، ئېرىم نەسىم بىلەن دېڭىز قولتۇقىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقان يەھۇدىيلار مەھەللىسىدىكى ئۆيىمىزدە ئولتۇرىمىز، بوۋاي ـ موماي ئىككىيلەن ئوچاققا ئوت قالاپ، پۈۋلەشتۈرۈپ ئۆينى ئىسسىتىش ئۈچۈن ھەپىلىشەتتۇق. ئۆزۈمنى ”موماي“ دېگىنىمگە قارىماڭلار. يىپەك قول ياغلىقلار، پەلەيلەر، ئەدىياللار، پورتۇگالىيە پاراخوتىدىن ئالغان رەڭگارەڭ كۆڭلەكلىكلەرنىڭ ئارىسىغا ئاياللارنى خۇش قىلىدىغان ھالقا، ئۈزۈك، زەنجىر دېگەندەك ئەرزان ـ قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مارجانلارنىمۇ سېلىپ، بوغچامنى كۆتۈرۈپ ئىستانبۇلنى كېزىپ كىرمەيدىغان كوچام يوق، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ خەت ـ خەۋەر يەتكۈزىمەن، سۆز ـ چۆچەك، غەيۋەت ـ شىكايەت توشۇيمەن. بۇ ئىستانبۇلنىڭ قىزلىرىنىڭ يېرىمىنى مەن ياتلىق قىلدىم، لېكىن ھازىر بۇ سۆزنى ماختىنىش ئۈچۈن قىلىۋاتقىنىم يوق. دېمەكچىمەنكى، بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، بىرى تاك ـ تاك قىلىپ دەرۋازىنى قاقتى. چىقىپ ئاچسام، ھېلىقى كالۋا دېدەك خەيرىيە قولىدا بىر پارچە خەتنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. سوغۇقتىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ، بۇنى بىلەلمىدىم، ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ماڭا شەكۈرەنىڭ گەپ ـ سۆزىنى يەتكۈزدى.

ئاۋۋال ھەدېگەندىلا بۇ خەت ھاسانغا تېگىدىكەن دەپ ئويلاپ، چۆچۈپ كەتتىم. گۈزەل شەكۈرەنىڭ نېمىشقىدۇر ئۈرۈشتىن قايتىپ كەلمىگەن

ئېرىنىڭ — مېنىڭچە ئۇ بەختسىز ئاللىقاچان جەڭدە ئۆلدى — مىجەزى
ئۇسال بىر ئىنىسى بولۇپ، ئىسمى ھاسان ئىدى. لېكىن چۈشەندىمكى،
شەكۈرەنىڭ خېتى ھاسانغا ئەمەس، باشقا بىرەيلەنگە يېزىلغانىكەن. خەتتە
نېمە يېزىلغان دېمەمسىز؟ ئېستېر ھەيرانلىقتا ئېسىنى يوقىتىدىغان بول-
دى. ھەرھالدا ئاخىرى خەتنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

شۇغىنىسى، ئەستا، سىلەر بىلەن ئانچە ياخشى تونۇشمايمىز. راستى-
نى ئېيتقاندا، مەن بىردىنلا ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلدىم. خەتنى
قانداق ئوقۇغانلىقىمنى سىلەرگە ئېيتمايلا قوياي. بەلكىم سىلەر مېنىڭ
قىزىقىشىمنى ئەيىبلەپ — سىلەرمۇ ھېچبولمىغاندا ساتىراشلاردەك قىزى-
قىدىغانسىلەر — مېنى كۆزگە ئىلماسسىلەر. مەن سىلەرگە پەقەت ئۇلار
ماڭا خەتنى ئوقۇپ بەرگەندە ئاڭلىغانلىرىمنى ئېيتىپ بېرەي. سۆيۈملۈك
شەكۈرە مۇنداق يېزىپتۇ:

*”قارا ئەپەندى، سەن دادام بىلەن بولغان يېقىنلىقىڭدىن پايدىلىنىپ
ئۆيىمىزگە كېلىۋاتىسەن. لېكىن مەندىن ھەرقانداق بىر ئىشارەت بولۇپ
قالارمىكىن دەپ ئويلىما. سەن كەتكەندىن كېيىن نۇرغۇن ئىشلار بولدى.
ياتلىق بولدۇم، ئارسلاندەك ئىككى ئوغلۇم بار. بىرى ئورخان، بايا يې-
نىڭلارغا كىرگەندە كۆردۈڭ. مەن تۆت يىلدىن بېرى ئېرىمنى كۈتۈۋاتىمەن
ۋە باشقا ئىشنى ئويلىمىدىم. ئىككى بالا ۋە ياشىنىپ قالغان دادامنى كۆزدە
تۇتمىغاندا، ئۆزۈمنى يېتىم، چارىسىز ۋە ئاجىز ھېس قىلىمەن. بۇ
ئەھۋالدا بىرەر ئەرنىڭ كۈچىگە ۋە قوغدىشىغا موھتاج بولۇشۇم مۇمكىن،
ئەمما ھېچكىم بۇ ئەھۋالىمدىن پايدىلىنىشنى خام خىيال قىلمىسۇن.
شۇڭا ئەمدى دەرۋازىمىزنى قاقما. ئىشقىلىپ بىر قېتىم مېنى خىجالەت
قىلغانىدىڭ. ئۇ چاغدا مەن دادامنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن بىر
تالاي كۆڭۈل ئاغرىقى تارتىپ كەتكەن ئىدىم! ساڭا بۇ خەت بىلەن بىللە ياش
چاغلىرىڭدا سىزىپ ئەۋەتكەن بىر پارچە رەسىمىڭنىمۇ قايتۇرىۋەتتىم.
چۈنكى، سېنى مەندىن يەنە ئۈمىد كۈتۈپ يۈرمىسۇن، ماڭا نىسبەتەن خاتا
چۈشەنچىلەردە بولۇپ قالمىسۇن دېدىم. كىشىلەرنى بىر رەسىمنى كۆرۈپلا
ئاشىق بولۇپ قالدى دەپ قاراش يالغانچىلىق. ئەڭ ياخشىسى، ئۆيىمىزگە*

قايتا ئاياغ باسمىغايسەن.“

بىچارە شەكۈرەم خېتىمنىڭ ئاستىغا ھەيۋەتلىك مۆھۈرىنى باسىدىغان بىر ئەر كىشى، بىرەر مۆتىۋەر ياكى پاشا ئەمەس ـ تە! ئۇ قەغەزنىڭ تېگىدىكى ئىسمىمنىڭ باش ھەرپىنى بىر زەئىپ، قورقۇنچاق بىر قۇش بالىسىدەك يېزىپ قويغانىدى.

مۆھۈرنى تىلغا ئېلىپ قالدىم. مېنىڭ بۇ مۆھۈرلۈك خەتلەرنى قانداق ئېچىپ يەنە ئۆز پېتى ئېتىپ قويالايدىغىنىمغا قىزىقمۋاتقانسىلەر. ئەمەلدە بۇ خەتلەر مۆھۈرلۈك ئەمەس ئىدى. شەكۈرە ئۆز خىيالىدا ”بۇ ئېستېر دېگەن ساۋاتسىز بىر يەھۇدىي، ئۇ بىزنىڭ يېزىقىمىزنى ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدۇ“ دەپ ئويلايتتى. راست، مەن سىلەرنىڭ يېزىقىڭلارنى ئوقۇيالمايمەن، لېكىن باشقىلارغا ئوقۇتىمەن. خېتىڭلارنى بولسا ئۆزۈم ئوقۇيمەن. گېپىمدىن گاڭگىراپ قالدىڭلارغۇ دەيمەن؟

بۇنى مۇنداق ئىزاھلايكى، ئەڭ دۆت ئادەملىرىڭىزمۇ چۈشەنسۇن. سالام خەتتە، مەقسەت پەقەت يېزىق بىلەنلا ئىپادىلەنمەيدۇ. سالام خەت خۇددى كىتابقا ئوخشاش، پۇراپ، تۇتۇپ، سىلاپمۇ ئوقۇلىدۇ. شۇڭا دانا كىشىلەر: ”ئوقۇپ باققىنا، نېمە دەپتۇ؟“ دەيدۇ. نادانلارمۇ: ”ئوقۇپ باققىن، نېمىلەرنى يازدىكىن“ دەيدۇ. ماھارەت پەقەت يېزىقنى ئەمەس، پۈتۈن خەتنى ئوقۇشتا. قېنى ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، شەكۈرە يەنە نېمىلەرنى دەپتۇ:

1. خەتنى مەخپىي يوللىساممۇ بولاتتى، شۇنداقتىمۇ، خەت توشۇشنى بىر خىل كەسىپ دەپ قارايدىغان ئېستېر ئارقىلىق يوللاش بىلەن ئۇنى زىيادە سىرلىقلاشتۇرۇش مەقسىتىم يوق، دەيدۇ.

2. قەغەزنىڭ تۇمارچە قاتلىمىدەك ھەددىدىن زىيادە قاتلىنىشىمۇ ئۇنىڭ مەخپىي ۋە سىرلىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن بۇ سالام خەت ئوچۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېنىدا چوڭ بىر رەسىممۇ بار. مەقسەت ــ سىرىمىزنى كىشىلەردىن مەخپىي تۇتايلى دېگەندەك مەنىنى بېرىش. بۇ ئۇسۇل مۇھەببەتنى رەت قىلىشتىن مۇھەببەتكە بەكرەك دەۋەت قىلىش خاھىشىغا ماس كېلىدۇ.

3. خەت قەغىزىنىڭ خۇش پۇرىقىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. پۇراقنىڭ

سۇسلۇقى خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنى بىقارار قىلغۇدەك مەۋھۇم بىر دەرىجە-
دە بولۇپ — ئەجەبا ئەتەي ئەتىر سۇرۇلگەنمىدۇ؟ — كىشىنى تاقەت قىلىپ
تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە جەلپ قىلاتتى — بۇ ئەتىر پۇرىقىمۇ ياكى ئۇنىڭ
قولىنىڭ پۇرىقىمۇ؟ — دېمەك، بۇ پۇراق خەتنى ماڭا ئوقۇپ بەرگەن بى-
چارىنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرۇشقا ياردى. ئويلايمەنكى، قارانىڭمۇ خۇددى
شۇنداق ئەقلىنى ئازدۇردۇ.
4. مەن ئېستېر ساۋاتسىز بولساممۇ، لېكىن خەتنىڭ شەكلىدىن قا-
رىغاندا، گەرچە مەزكۇر قەلەم ساھىبى "مەن ناھايىتى ئالدىراش بولغاچقا،
بۇ خەتنى مۇنداقلا، ئېتىبارسىز يېزىپ قويدۇم" دېگەن بولسىمۇ، ھەرپلەر-
نىڭ گويا يېقىملىق شامال سوققاندەك نەپىس تىترەۋاتقان قولدا يېزىلغاز-
لىقىنىڭ ئۆزىلا دەل بۇنىڭ ئەكسىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئورخاننى تىلغا
ئالغىنىدا "بابا" دەپ، خەتنىڭ ھازىر يېزىلغانلىقىنى ئىشارەت قىلغان
بولسىمۇ، مەلۇمكى، ئۇ ئالدى بىلەن خەتنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى ياز-
غان. چۈنكى، ھەربىر قۇردا خەتنىڭ ناھايىتى ئەستايىدىل يېزىلغانلىقى
چىقىپ تۇرىدۇ.
5. خەت بىلەن بىللە ئەۋەتكەن رەسىمدىن مەندەك يەھۇدىي تائىپى-
سىدىن بولغان ئېستېرمۇ چۆچەكتىكى گۈزەل شىرىننىڭ سەلتەنەتلىك
شاھ خۇسرەۋنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئاشىق بولغانلىقىنى چۈشىنىۋالايدۇ.
ئىستانبۇلنىڭ خىيالپەرەس قىزلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ھېكايىگە مەپتۇن
بولىدۇ، ئەمما بىراۋلارنىڭ بۇ ھېكايە ھەققىدىكى رەسىمنى يوللىغانلىقىنى
تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن.
سىزدەك خەت - ساۋاتى بار تەلەيلىكلەر مۇنداق بىر ئىشقا دائىم يو-
لۇقۇپ تۇرىسىلەر: ساۋاتسىز بىرەيلەن ئۆزىگە كەلگەن بىر خەتنى ئوقۇپ
بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلغاندا، سىز ئۇنى ئوقۇپ بېرىسىز. خەتتە يېزىل-
غانلار شۇقەدەر ھەيران قالارلىق، كىشىنى ھاياجانلاندۇرغىدەك ۋە بىئارام
قىلغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ قالسا، گەرچە، خەتنىڭ ئىگىسى سىزنىڭ ئۆز
مەخپىيىتىگە ئورتاق بولۇشىڭىزدىن خىجالەت بولسىمۇ، لېكىن تارتى-
نىپ، ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىشىڭىزنى
تەلەپ قىلسا، سىز ئۇنى يەنە ئوقۇپ بېرىسىز. ئاخىرىدا بۇ خەت شۇنچىلىك

سۇسلۇقى خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنى بىقارار قىلغۇدەك مەۋھۇم بىر دەرىجى-دە بولۇپ ــ ئەجەبا ئەتەي ئەتىر سۇرۇلگەنمىدۇ؟ ــ كىشىنى تاقەت قىلىپ تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە جەلپ قىلاتتى ــ بۇ ئەتىر پۇرىقىمۇ ياكى ئۇنىڭ قولىنىڭ پۇرىقىمۇ؟ ــ دېمەك، بۇ پۇراق خەتنى ماڭا ئوقۇپ بەرگەن بىچارىنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرۇشقا يارىدى. ئويلايمەنكى، قارانىڭمۇ خۇددى شۇنداق ئەقلىنى ئازدۇرىدۇ.

4. مەن ئىپتىبر ساۋاتسىز بولسامۇ، لېكىن خەتنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، گەرچە مەزكۇر قەلەم ساھىبى "مەن ناھايىتى ئالدىراش بولغاچقا، بۇ خەتنى مۇنداقلا، ئېتىبارسىز يېزىپ قويدۇم" دېگەن بولسىمۇ، ھەرپلەرنىڭ گويا يېقىملىق شامال سوققاندەك نەپىس تىترەۋاتقان قولدا يېزىلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا دەل بۇنىڭ ئەكسىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئورخاننى تىلغا ئالغىنىدا "بايا" دەپ، خەتنىڭ ھازىر يېزىلغانلىقىنى ئىشارەت قىلغان بولسىمۇ، مەلۇمكى، ئۇ ئالدى بىلەن خەتنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يازغان. چۈنكى، ھەربىر قۇردا خەتنىڭ ناھايىتى ئەستايىدىل يېزىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

5. خەت بىلەن بىللە ئەۋەتكەن رەسىمدىن مەندەك يەھۇدىي تائىپىسىدىن بولغان ئىپتىبرمۇ چۈچەكتىكى گۈزەل شېرىننىڭ سەلتەنەتلىك شاھ خۇسرەۋنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئاشىق بولغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايدۇ. ئىستانبۇلنىڭ خىيالپەرەس قىزلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ھېكايىگە مەپتۇن بولىدۇ، ئەمما بىراۋلارنىڭ بۇ ھېكايە ھەققىدىكى رەسىمنى يوللىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن.

سىزدەك خەت - ساۋاتى بار تەلەيلىكلەر مۇنداق بىر ئىشقا دائىم يولۇقۇپ تۇرىسىلەر: ساۋاتسىز بىرەيلەن ئۆزىگە كەلگەن بىر خەتنى ئوقۇپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلغاندا، سىز ئۇنى ئوقۇپ بېرىسىز. خەتتە يېزىلغانلار شۇقەدەر ھەيران قالارلىق، كىشىنى ھاياجانلاندۇرغىدەك ۋە بىئارام قىلغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ قالسا، گەرچە، خەتنىڭ ئىگىسى سىزنىڭ ئۆز مەخپىيىتىگە ئورتاق بولۇشىڭىزدىن خىجالەت بولسىمۇ، لېكىن تارتىنىپ، ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلسا، سىز ئۇنى يەنە ئوقۇپ بېرىسىز. ئاخىرىدا بۇ خەت شۇنچىلىك

كۆپ ئوقۇلىدۇكى، ئىككىڭلارغا ياد بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەتنى قولىغا ئېلىپ، سىزدىن "بۇ گەپنى بۇ يەردە دەپتىمۇ" ، "ئۇ گەپنى ئۇ يەردە قىپتىمۇ؟" دەپ سورايدۇ ۋە سىز بارمىقىڭىزنىڭ ئۇچى بىلەن كۆرسەتكەن جايغا ئۇ خەتلەرنى چۈشەنمەي تۇرۇپ قاراپ كېتىدۇ. ئۇلار ئوقۇيالمىغان تەقدىردىمۇ، يادلىۋالغان سۆزلەردىكى ھەرپ شەكىللىرىگە قاراپ كەتكىنىدە، بەزىدە مەن شۇنداق ھەسرەتلىنىمەنكى، ئۆزۈمنىڭمۇ ساۋاتسىزلىقىمنى ئۇنتۇپ، ئاشۇ خەتلەرگە كۆز ياشلىرىنى تۆككەن بۇ ساۋاتسىز قىزلارنى سۆيۈپ قويغۇم كېلىدۇ.

يەنە شۇنداق بەتبەختلەر باركى، ئۇلارنى ھەرگىز دورىماڭلار: قىز سالام خېتىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى يېڭىۋاشتىن سىلاشتۇرۇپ، قايسى سۆزنىڭ قەيەردە دېيىلگەنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ قاراپ باقماقچى بولغىنىدا، ئۇنىڭغا: "قانداق قىلماقچىسەن؟ ئوقۇيالمايسەنۇ، يەنە نېمىگە قاراپ-سەن؟" دەيدۇ. بۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسى قىزنىڭ سالام خېتىنى گويا ئۆزىنىڭكىدەك قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزىدە، مەن ئېستېرنىڭ ئۇلار بىلەن تاكاللىشىپ يۈرۈپ، خەتنى قايتۇرۇۋېلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. مەن ئېستېر شۇنداق ئاق كۆڭۈل ئايالمەنكى، سىلەرنى ياخشى كۆرسەملا، سىلەرگىمۇ ياردەم قىلىمەن.

# 9. مەن شەكۇرە

قارا ئاق ئېتىغا مىنىپ دەل ئالدىمدىن ئۆتكەندە، مەن نېمىشقا دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندىمەن؟ دەل شۇ ئەسنادا نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمچىلا قاپقاقنى ئېچىپ، قار باسقان ئانار شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇنى كۆرگىنىمدە، شۇنچە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاراپ كەتكەندىمەن؟ بۇلارنى سىلەرگە تولۇق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. خەيرىيە ئارقىلىق ئېستېرگە مەن خەۋەر قىلدىم؛ قارانىڭ ئۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم ئەلۋەتتە. ئۇ چاغدا مەن ئانار كۆچىتىگە قاراپ تۇرىدىغان تام ئىشكاپلىق ھۇجرىغا ساندۇقتىكى كىرلىكلەرنى ئالغىلى كىرگەنىدىم، كاللامدىن ئۇشتۇمتۇت ئۆتكەن بىر خەيال بىلەن قاپقاقنى شۇئان پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىتتىرىۋېتىم، ئاۋۋال ئۆيگە كۈن نۇرى تولدى، دېرىزە تۈۋىدە تۇرغۇم كەلدى، كەينىدىنلا قارا بىلەن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ناھايىتى سۇمباتلىق ئىدى.

چوڭ بولۇپ تەن قويۇپتۇ. كىچىك ۋاقتىدىكى ئورۇق ۋە ۋىجىك ھالەتلىرى تۈگەپ، يېقىملىق بىر يىگىت بوپتۇ. "قارا شەكۇرە، — دېدى يۈرىكىم ماڭا، — قارا پەقەت يېقىملىقلا ئەمەس، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىغىنا، قەلبى سەبىيلەردەك نېمىدېگەن ساددا، نېمىدېگەن تەنھا! ئۇنىڭغا ياتلىق بول." ئەمما مەن ئۇنىڭغا دەل كۆڭلۈمدىكىنىڭ ئەكسىچە يازغان بىر پارچە خەتنى ئەۋەتتىم.

قارا مەندىن 12 ياش چوڭ بولسىمۇ، مەن 12 ياشتىكى ۋاقتىمدا ئۇنىڭدىنمۇ يېتىلگەن بىر قىز ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىم. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئالدىمدا بىر چوڭ ئەركىشىدەك تىك تۇرۇپ، ئۇنداق قىلىمەن، بۇنداق قىلىمەن، بۇ يەردىن ئاتلاپ، ئۇ يەرگە يامىشىمەن دېيىشىنىڭ ئورنىغا، ھەممە ئىشتىن ئىزا تارتقان ھالدا ئالدىدىكى كىتابنىڭ ۋە رەسىمنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ، ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. كېيىن ئۇمۇ ماڭا ئاشىق بولدى ۋە بىر

رەسىم سىزىپ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى، ئىككىلىمىز چوڭ بولغاندۇق. 12 ياشقا كىرگىنىمدە، مەن قارانىڭ كۆزلىرىمىنىڭ ئىچىگە قارىيالمايۋاتقىنىنى، ئۇنىڭ گويا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسا، ماڭا ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىمدىن قورقىدىغانلىقىنى سەزدىم. مەسىلەن، "بۇ پىل چىشى ساپلىق پىچاقنى بېرىپ تۇرامسىز؟" دەيتتى. لېكىن پىچاقىقا قارايتتى ـ دە، كەينىدىن نەزىرىنى يۆتكەپ كۆزلىرىمىنىڭ ئىچىگە قارىمايتتى. "گىلاس شەربىتى ئىچكىڭ بارمۇ؟" دەپ سورىسام، خۇددى ئىككىلىمىز ئاغزىمىزغا لىق بىر نەرسە سېلىۋالغان ۋاقىتتىكىدەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەش ۋە چىراي ئىپادىسى بىلەن مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماي، گاسقا گەپ قىلغاندەك، پۈتۈن كۈچى بىلەن "ھەئە" دەيتتى. بىراق، ئەيمىنىپ چىرايىمغا قارىيالمايتتى. ئۇ چاغلاردا ناھايىتى چىرايلىق ئىدىم. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىراقتىن، پەردىلەرنىڭ، ئىشىكلەرنىڭ ۋە يۈزۈمدىكى نەچچە قەۋەت چۈمبەردىنىڭ ئارىسىدىن بولسىمۇ، بىرەر قېتىم مېنى كۆرۈپ قالسىلا، شۇئان ماڭا ئاشىق بولۇشاتتى. بۇلارنى ماختىنىپ ئەمەس، ھېكايەمنى چۈشىنىپ، ھەسرەتلىرىمگە ئورتاق بولۇشۇڭلار ئۈچۈن سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن.

ھەممە كىشى بىلىدىغان خۇسرەۋ بىلەن شېرىننىڭ قىسسىسىدە قارا بىلەن ئىككىيلەن كۆپ گېپىنى قىلغان بىر كۆرۈنۈش بار. شاپۇر خۇسرەۋ بىلەن شېرىننى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشتۇرۇش نىيىتىدە بولىدۇ. بىر كۈنى شېرىن ئوردىدىكى دوستلىرى بىلەن بىللە دالا سەيلىسىگە چىققىنىدا، شاپۇر شېرىننىڭ دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدىغىنىنى پەرەز قىلىپ، دەرەخلەردىن بىرىنىڭ شېخىغا يوشۇرۇنچە خۇسرەۋنىڭ رەسىمىنى ئېسىپ قويىدۇ. شېرىن يېقىملىق خۇسرەۋنىڭ گۈزەل باغدىكى بىر دەرەخكە ئېسىقلىق تۇرغان رەسىمىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. دەل مۇشۇ كۆرۈنۈشنى، يەنى شېرىننىڭ دەرەخكە ئېسىلغان خۇسرەۋنىڭ رەسىمىگە ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قاراپ تۇرغىنىنى تەسۋىرلەپ، تالاي رەسساملار نۇرغۇن رەسىملەرنى سىزغان ئىدى، قارا دادام بىلەن ئىشلەۋاتقاندا، بۇ رەسىمنى نۇرغۇن قېتىم كۆرۈپ، قايتا ـ قايتا قاراپ، ئۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى قېتىم ئەينى ئۆزىدەك نۇسخا ئالغان، كېيىن ماڭا ئاشىق

بولغاندا، ئۇنى ئۆزىگە تەقلىد قىلغان بولۇپ رەسىمدىكى خۇسرەۋ بىلەن شېرىنىنىڭ ئورنىغا ئۆزى بىلەن مېنى، يەنى قارا بىلەن شەكۇرەنى سىزغانىدى. رەسىمدىكى قىز بىلەن ئەرنىڭ بىز ئىكەنلىكىمىزنى ئاستىدىكى خەت بولمىغان بولسا، يالغۇز مەنلا چۈشىنەلەيتتىم. چۈنكى، بەزىدە چاقچاقلاشقاندا مېنى ۋە ئۆزىنى شۇ خەتلەر ۋە شۇ رەڭلەر بىلەن سىزاتتى: مەن كۆك كىيىملەر ئىچىدە، ئۆزى بولسا قىزىل بولاتتى. بۇ يەتمىگەندەك، ئۇ يەنە خۇسرەۋ بىلەن شېرىنىنىڭ رەسىملىرىنىڭ ئاستىغىمۇ ئىسىملىرىمىزنى يېزىپ ئۇ رەسىمنى مەن كۆرەلەيدىغان بىر يەرگە تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كېتەتتى. مېنىڭ رەسىمگە قارىشىمنى، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆزەتكەنلىكى ھېلىمۇ يادىمدا.

مەن ئۆزۈمنىڭ شېرىنغا ئوخشاش ئۇنىڭغا ئاشىق بولالمايدىغانلىقىمنى ناھايىتى ياخشى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن دەسلەپ چاندۇرمىدىم. يازنىڭ تىنجىق ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان ئۇلۇغ تاغدىن ئېلىپ كېلىنگەن مۇزلار ئارقىلىق سوۋۇتۇلغان گىلاس قىياملىرى بىلەن ئۆزىمىزنى سەگىتكەن ئىدۇق، ئاخشىمى قارا ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماڭا مۇھەببەت ئىزهار قىلغانلىقىنى دادامغا ئېيتتىم. قارا ئۇ چاغلاردا مەدرىسەنى يېڭى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئەتراپتىكى مەھەللەلەردە مۇدەررىسلىك قىلاتتى ھەمدە ئۆز ئارزۇسىغا ئاز ـ تولا مۇخالىپ ھالدا دادامنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يۇقىرى ئابرۇي ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان نەئىم پاشاغا خىزمەتچى بولۇشقا تىرىشۋاتاتتى. دادام ئۇنى ئەقلى توشمىغان، تەنتەك مىجەز دەپ قارايتتى. ئۇنى نەئىم پاشانىڭ خىزمىتىگە كىرىپ قالسا بولاتتى، ئەڭ بولمىغاندا كاتىپلىق قىلالىغۇدەك بولۇپ قالسا، دەپ غېمىنى يەيتتى. ئەمما، قارا بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشمىغاچقا، دادام ئۇنىڭ بۇ ئەقىلسىزلىقىدىن بەك ئاغرىناتتى. دادام شۇ كېچىسى بىزگە دارتىملاپ، ”بۇ گاداي جىيەنىمنىڭ نەزىرى ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن“ دېدى ۋە ئاپامغا قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماي، يەنە زىتىغا تېگىپ: ”ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن“ دېگەنىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە دادام نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى، ئۆزۈم-

نىڭمۇ قارادىن يىراقلاشقىنىمنى، ئۇنىڭ دەسلەپ ئۆيىمىزدىن، ئاندىن كېيىن پۈتۈن مەھەللىمىزدىن قايسى يوسۇندا ئايغىنى تارتقانلىقىنى مانا ھازىر ھەسرەت بىلەن ئەسلەيمەن. لېكىن بۇلارنى سىلەرگە ئېيتماقچى ئەمەسمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، سىلەر دادامدىن ۋە مەندىن بىزار بولىسىلەر. بىزنىڭ باشقىچە تاللىشىمىز يوقلۇقىغا ئىشەنگەيسىلەر. بۇنداق ئەھۋالدا ئەقىللىق كىشىلەر ئۈمىدسىز مۇھەببەتنىڭ قانداقلا بولمىسۇن ئۈمىدسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئىدراكسىز كۆڭۈل دۇنيانىڭ قانچە بۇرجەك ئەكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئىشنى غاچ - غاچ قىلىدىغان كىشىلەر ئەدەپ بىلەن: "ئۇلار بىزنى بىر - بىرىمىزگە مۇۋاپىق كۆرمىدى" دەپ گەپنى ئۈزىۋېتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ھەقلىق يوسۇندا بىزمۇ شۇنداق قىلغانىدۇق. ئاپامنىڭمۇ بىرنەچچە قېتىم: "بۇ بالىنىڭ قەلبىنى يارىلىماڭلار" دېگەنلىكى ھېلىھەم ئېسىمدە. ئاپام "بالا" دەپ ئاتىغان قارا ئۇ چاغلاردا 24 ياشتا، مەن بولسام ئۇنىڭ يېشىنىڭ يېرىمىدا ئىدىم. دادام قارانىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقىنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئاپامنىڭ تەلىپىنى قەستەن ئورۇندىمىغان بولۇشى مۇمكىن.

قارانىڭ ئىستانبۇلدىن كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئالغىنىمىزدا ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتمىسەكمۇ، كۆڭلىمىزدىن تامامەن چىقىرىۋەتكەنىدۇق. بىرنەچچە يىللاردىن بېرى ھېچقايسى شەھەردىن ئۇنىڭ خەۋىرىنىمۇ ئالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇ سىزىپ ماڭا كۆرسەتكەن رەسىمنى بالىلىق خاتىرىلىرىمىزنىڭ ۋە بالىلارچە دوستلۇقىمىزنىڭ نىشانى سۈپىتىدە ساقلاپ قويدۇم ۋە بۇ قىلغىنىمنى ئورۇنلۇق دەپ ئويلىغانىدىم. دەسلەپتە دادام، كېيىن جەڭچى ئېرىم رەسىمنى كۆرۈپ قېلىپ بىئارام بولمىسۇن، ھەسەت قىلمىسۇن دەپ، تېگىدىكى "شەكۆرە بىلەن قارا" دېگەن سۆزلەرنى گويا دادامنىڭ "ھاسان پاشا" ناملىق سىياھى تېمىپ كېتىپ، تامچىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تامچىدىن يەنە گۈللەرنى سىزغاندەك ئۇستىلىق بىلەن سىزىپ بويىۋەتكەنىدىم. بۈگۈن ئۇنىڭغا ئۇ رەسىمنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئاراڭلاردا مېنىڭ دېرىزىدە ئۇنىڭغا كۆرۈنگەنلىكىمنى ئەيىبلەيدىغانلار بولسا بەلكىم بىرئاز خىجالەت بولار ۋە يىغىۋاشتىن ئويلىشار.

ئۇنىڭغا 12 يىلدىن كېيىن بىردىنلا كۆرۈنگىنىمدىن كېيىن، ئۇ

يەردە، يەنى دېرىزىنىڭ ئالدىدا كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ شەپەق نۇرى ئىچىدە بىرھازا تۇردۇم ــ دە، باغچىنىڭ بۇ نۇر بىلەن قىزغۇچ رەڭگە، يەنى ماندارىن رەڭگىگە پۈركەنگەنلىكىگە ھەيرانلىق بىلەن خېلىلا توڭلىغانغا قەدەر قاراپ تۇردۇم. قىلچە شامال يوق ئىدى. كوچىدىن ئۆتكەن بىرى ياكى دادام مېنى ئوچۇق دېرىزە ئالدىدا كۆرسە ياكى قارا ئاتلىق ھالدا قايتىپ كېلىپ ئالدىمدىن ئۆتسە، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك ئىدى. ھەپتىدە بىر قېتىم زىۋەر پاشانىڭ قىزلىرى بىلەن خۇشال ــ خۇرام ھالدا مۇنچىغا بېرىپ كېلەتتۇق، ئەنە شۇ قىزلارنىڭ بىرى، يەنى ھېمىشە كۈلۈپ يۈرىدىغان، ئويۇندىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھەمدە تازا قاملاشمىغان چاغلاردا ۋەھىمىلىك گەپلەرنى قىلىپ، كىشىنى دەھشەتكە سالىدىغان مەستۇرە بىر قېتىم ماڭا كىشىلەر ئۆزىنىڭ دەل نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى تەلتۆكۈس بىلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەن ھەمىشە مۇنداق ئويلايمەن، بەزىدە ئويلىمايلا بىر گەپنى قىلىپ سالىمەن، كېيىنىدىنلا ئۇنى ئويلىغاندەكمۇ ھېس قىلىمەن. يەنە بىر سەزگۈمدە ئۇنى ئويلىمىغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن.

دادام بىر ــ بىرلەپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىدىغان بىر قانچىلىغان رەسساملار بار بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ــ بىرلەپ كۆزىتىپ يۈرەتتىم، لېكىن بۇنى سىلەردىن يوشۇرمايمەن ئەلۋەتتە. ئەنە شۇ رەسساملاردىن بىرى بولغان بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئېرىمگە ئوخشاش يوقاپ كەتكەنلىكى مېنى بەكمۇ قايغۇغا سالدى. ئۇ رەسساملار ئىچىدە ئەڭ سەت ۋە ئەڭ روھى گادايلىرىدىن بىرى ئىدى.

مەن دېرىزە قاپقىقىنى تاقاپ، ھۇجرىدىن چىقتىم ــ دە، تۆۋەنكى قەۋەتتىكى قازناققا چۈشتۈم.

— ئاپا، شەۋكەت سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمىدى، — دېدى ئورخان، — قارا ئېغىلدىن ئېتىنى ئېلىپ چىققاندا، ئۇ قازناقتىن چىقىپ، ئىشكىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۇنىڭغا قارىدى.

— قارىسام نېمە بوپتۇ! — دېدى شەۋكەت قولىدا ھاۋانچىنىڭ تېشىنى تۇتقان ھالدا، — ئاپامۇ ئىشكاپنىڭ ئىچىدىكى تۆشۈكتىن ئۇنىڭغا قاراپتىكەنغۇ!

— خەيرىيە، — دېدىم مەن خىزمەتكارغا، — كەچلىك تاماق ئۇچۇن بۇلارغا بادام مېغىزى بىلەن ئازراق ياغ سېلىپ شېكەرلىك توقاچ پىشۇرۇپ بېرەرسەن.

ئورخان سەكرەپ تېپچەكلەپ خۇشال بولۇپ كەتتى، لېكىن شەۋكەت زۇۋان سۈرمىدى. پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتسام، ئۇلار قىيا - چىيا قىلىشىپ، دەمبەسقەدەملا كەينىمدىن چىقىپ كېلىشتى - دە، قىقاس سېلىشقىنىچە بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىشتى.

"ئاستىراق، ئاۋايلاڭلار! ھۇ تىنىمسىزلار!" دېدىم مەنمۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ ۋە ئۇلارنىڭ دۈمبىلىرىگە ئاستاغىنە بىر شاپىلاقتىن ئۇرۇپ قويدۇم.

كەچقۇرۇن ئۆيدە باللار بىلەن بىللە بولۇش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك! دادام جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى.

— مېھمىنىڭىز كەتتى، — دېدىم، — ئۇ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويـمىغاندۇ؟

— ياق، — دېدى ئۇ، — كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ يېزىنە تاغدىسىنى بۇرۇنقىدەكلا ھۆرمەتلىدى.

— ياخشى قىپتۇ.

— لېكىن ھازىر ئىنتايىن ئېھتىياتچان ھەم تۇجۇپىلىك بولۇپ قاپتۇ.

دادام بۇ سۆزنى مېنىڭ ئىنكاسىمنى كۆزىتىش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى قارانى مەنسىتمەسلىك تەلەپپۇزى بىلەن بۇ تېمىنى ئاياغلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئېيتقانىدى. باشقا چاغدا بولسا ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ جاۋاب قايتۇرۇشۇم مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ يەنە ئاق ئېتىغا مىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم ۋە ئۇنى ئويلاپ سەل ھودۇقتۇم.

كېيىن، ئىشكاپلىق ھۇجرىدا ئىختىيارسىز ئورخان بىلەن بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلاشقان بولدۇق. بىزگە شەۋكەتمۇ يېپىشتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ سوقۇشارمىكىن دېسەم، نەدىكىنى! ئۇچىلىمىز پومۇداقلاشقىنىمىزچە كارىۋاتقا يىقىلدۇق. مەن خۇددى ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى ئەركىلەتكەندەك ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى

سىلاشتۇرۇپ سۆيدۇم ۋە باغرىمغا باستىم، كۆكرەكلىرىم ئۈستىدىن بېسىۋالغاندا، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ خېلىلا ئېغىرلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— ھىم...، — چاچلىرىڭلار پۇراپ كېتىپتۇ، ئەتە خەيرىيە سىلەرنى مۇنچىغا ئېلىپ بارسۇن.

— مەن ئەمدى خەيرىيە بىلەن مۇنچىغا بارمايمەن، — دېدى شەۋكەت.

— چوڭ بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ — دېدىم.

— ئاپا، نېمىشقا بۇ چىرايلىق سۆسۈن رەڭ كۆڭلىكىڭنى كىيدىڭ؟ — دېدى شەۋكەت.

ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ سۆسۈن رەڭ كۆڭلىكىمنى سېلىۋېتىپ، ئادەتتە كىيىدىغان كونا يېشىل كۆڭلىكىمنى كىيدىم. كىيىم ئالماشتۇرغىچە توڭۇپ كەتكەن بولسامۇ، لېكىن تېنىمنىڭ ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتقىنىنى، ۋۇجۇدۇمدا كۈچ - قۇۋۋىتىم ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭمۇ روھلىنىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەڭزىلىرىمدىكى قىزىللىق باللار بىلەن ھەپىلەشكىنىمدە سۇركىلىپ يوقىلىپ كەتكەن ئىدى، ئۇنى ئالىقانلىرىم بىلەن ئۇۋۇلاپ تۈزەشتۇردۇم. خەۋىرىڭلار بارمىكىن، ئۇرۇق - تۇغقانلار، مەن مۇنچىدا كۆرگەن ئاياللار ياكى مېنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر كىشى 24 يېشىدا ئىككى پەرزەنتلىك بولۇپ خېمىغا يانغان ئايالدەك ئەمەس، بەلكى 16 ياشلىق قىز بالىدەك تۇرغانلىقىمنى ئېيتىشاتتى. ئۇلارغا ئىشىنىشىڭلارنى، سىلەرنىڭمۇ ئىشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈشەندىڭلارمۇ؟ بولمىسا سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرمايمەن.

سىلەر بىلەن مۇڭدىشىۋاتقىنىمدىن غەلىتىلىك ھېس قىلماڭلار. بىرقانچە يىللاردىن بېرى دادامنىڭ كىتابلىرىدىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئۇنىڭدىكى بارلىق ئاياللار ئارىسىدىن گۈزەللەرنى ئىزدىدىم. رەسىملەردە ئۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇلار ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا تارتىنچاق، نومۇسچان، ھەممىشە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇشاتتى، شۇنداقلا، كۆپىنچە بىر - بىرىگە ئەپۇ سوراشقاندەك قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەرلەر، جەڭچىلەر ۋە پادىشاھلارغا ئوخشاش باشلىرىنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرۇپ دۇنياغا نەزەر سالغانلىقىنى رەسىملەردە زادى

كۆرمىدىم. لېكىن ئالدىراپ سىزىلغان ئەرزان كىتابلاردا رەسساملىقنىڭ دىق-
قەتسىزلىكى ۋەجىدىن بەزى ئاياللارنىڭ كۆزلىرى يەرگە، ھەتتا رەسىمنىڭ
ئىچىدىكى باشقا بىرنەرسىگە، ئالايلۇق، بىر قەدەھكە ياكى ئاشىقىغا قارىد-
ماي، بىۋاستە ئوقۇرمەنگە قارايدۇ. مەن ھەمىشە ئۇلار قارىغان ئاشۇ ئو-
قۇرمەن كىم بولغىيدى دەپ ئويلايمەن.

بەزى كۇپپارلار ئەمىر تۆمۈرنىڭ زامانىدىن قالغان 200 يىللىق كى-
تابلارغا ھەيران ـ ھەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىلىگە بىر تالاي ئالتۇنلارنى
بېرىپ، ئۇ كىتابلارنى مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ كېتىشكەن ئىدى، ئاشۇ
كىتابلار ئېسىمگە كەلسە تۆكلىرىم تەتۈر ئۆرۈلىدۇ. بەلكىم، مېنىڭ بۇ
ھېكايەمنى شۇنداق يىراق جايلاردىكىلەرمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاڭلاپ قالار.
كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىتابلارغا كىرگۈزۈلۈشىنى ئاشۇ سەۋەبتىن ئار-
زۇ قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ بارلىق پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ئۆزلىرىنى بايان قىلى-
غان، ئۆزلىرىگە بېغىشلانغان كىتابلارنى يازغۇچىلارغا قاپچۇق ـ قاپچۇقلاپ
تىللالارنى شۇنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن بېرىشىدۇ ئەمەسمۇ! كۆڭلۈمدە شۇ
خىل خۇشاللىقنى ھېس قىلغىنىمدا، مەنمۇ گويا بىر كۆزىدە كىتابتىكى
ھاياتقا، يەنە بىر كۆزى بىلەن كىتاب سىرتىدىكى دۇنياغا قاراۋاتقان ئاشۇ
گۈزەل ئاياللارغا ئوخشاش، قاچانلاردىدۇر، ئاللاقاياقلاردا كۆرۈشۈپ يۈر-
گەندەك تۇيۇلىدىغان ھەر قايسىڭلار بىلەنمۇ سۆزلەشكۈم كېلىپ قالىدۇ.
مەن گۈزەل ھەم ئەقىللىق. سىلەرنىڭ ماڭا قاراپ ھۇزۇر ئالغىنىڭلارغىمۇ
خۇشالمەن. ئارىلاپ بىر ـ ئىككى ئېغىز يالغان گەپ قىلساممۇ، بۇنى پەقەت
سىلەرنىڭ مەن توغرۇلۇق خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈنلا
قىلغان بولىمەن، خالاس.

بەلكىم سەزگەنسىلەر، دادام مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. مەندىن
بۇرۇن ئۇ ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن ئىكەن. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ
جېنىنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ كېتىپ، ماڭا چېقىلماپتۇ. دادام ماڭا بىر
قانچە لايىقلارنى تاپقان بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بىرىگە-
مۇ ياتلىق بولماي، ئۆزۈم كۆرۈپ ياقتۇرغان بىر ئاتلىق ئەسكەرگە تەگدىم.
دادامچە بولسا، مېنى بېرىدىغان ئادەم ئەڭ چوڭ ئالىم بولۇشى، ھەم نە-
قىشتىن، سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنالىشى، ھەم ھوقۇق ـ ئىمتىياز ساھىبى

بولۇشى، ھەم قارۇندەك باي بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ئىشلار ئۇنىڭ
كىتابلىرىغىمۇ پۈتۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەن بىرنەچچە يىل ئۆيدە ئولتۇ-
رۇپ كۈتۈشۈم كېرەك ئىدى. ئەل ئاغزىدا ئېرىمنىڭ يېقىملىق يىگىت ئى-
كەنلىكى تىللاردا داستان ئىدى. شۇڭا، ئەلچىلەر ئارقىلىق خەۋەرلىشىپ
تۇرۇپ، ئۇ بىر پۇرسەت تېپىپ، مۇنچىدىن كېلىۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز كۆز
ئالدىمدا پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوت چاقناۋاتقاندەك نۇرلۇق ئى-
دى. شۇئان ئۇنىڭغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. قارا چاچلىق، ئاق يۈزلۈك،
زەڭگەر كۆزلۈك كېلىشكەن يىگىت ئىدى. بەستى قاۋۇل كۆرۈنسىمۇ، لې-
كىن مىجەز - خۇلقى ئېغىر ۋە مۇلايىم ئىدى. ئېھتىمال، ئۇنىڭ پۈتۈن
زېھنى ۋە كۈچى ئۇرۇشلاردا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە غەنىيمەت يىغىشقا سەرپ
قىلىنغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ماڭا ئۇنىڭدىن بىلىنەر - بىلىنمەس قان
ھىدى پۇرىغاندەك مەلۇم بولاتتى. ئەمما، ئۇ ئۆيدە قىز بالىدەك مۇلايىم ۋە
ياۋاش ئىدى. دادام ئۇنى نامرات جەڭچى دەپ باشتا قوشۇلمىغان ئىدى، لې-
كىن مەن ئۆلۈۋالىمەن دەپ تەھدىت سالغىنىم ئۈچۈن مېنى بېرىشكە رازى
بولغان ئىدى. بۇ ئادەم قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، 10 مىڭ كۈمۈش
تەڭگىلىك بىر پارچە زېمىنغا ئىگە بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر
بىزگە ھەسەت قىلىشقا باشلىغانىدى.

تۆت يىل ئىلگىرى سەفەۋىيلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتناشقان
قوشۇن قايتىپ كەلدى، ئەمما ئۇ قوشۇن بىلەن بىرلىكتە قايتىپ كەلمى-
دى، دەسلەپ ئانچە ئەنسىرىمىدىم. چۈنكى، جەڭچى دېگەن ئۇرۇشقا قاتناش-
قانسېرى ئىشقا پىشاتتى، ئۆز ئالدىغا بىرەر ئىش قىلالايتتى، تېخىمۇ كۆپ
غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى، تېخىمۇ چوڭ يەر - زېمىنغا ئىگە بولات-
تى، قوشۇنغا تېخىمۇ كۆپ ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلالايتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ
يۇرۇش قىلغۇچى قىسمىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىللە
تاغلارغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. دەسلەپتە ئەمدى قايتىپ كېلەر
دەپ سەۋر قىلدىم، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ يوقلۇقىغا ئاستا - ئاستا
كۆنۈپ قالدىم. ئىستانبۇلدا ماڭا ئوخشاش ئېرى يوقاپ كەتكەن جەڭچىلەر-
نىڭ ئاياللىرى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ تەق-
دىرىمگە تەن بەردىم.

كېچىلىرى تۆشەكلىرىمىزدە باللار بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشاتتۇق. ئۇلارنى يىغلىمىسۇن دەپ، يالغاندىن، پالانچىنىڭ دېيىشىچە، داداڭلار باھارغىچە قايتىپ كېلىدىكەن، دەيتتىم. كېيىن مېنىڭ يالغان سۆزۈم ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا ھەر خىل ئاڭلىنىپ، ئاخىر ماڭا يەنە "خۇش خەۋەر" تەرىقىسىدە قايتىپ كەلگەندە، ھەممىدىن بۇرۇن يەنە مەن ئىشىنەتتىم.

ئېرىمنىڭ دادىسى ئابازالىق كىشى بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن ياخشى كۈن كەچۈرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما روھلۇق، ئاقكۆڭۈل بىر ياشانغان كىشى ئىدى، دەسلەپتە بىز ئېرىمنىڭ دادىسى ۋە ئۆزىگە ئوخشايدىغان چېقىر كۆزلۈك ئىنىسى بىلەن بىللە چارشىقاپىدىكى① بىر ئۆيدە ئىجارىگە ئولتۇراتتۇق. ئائىلىنىڭ تايانچ تىرىكى بولغان ئېرىم يوقاپ كەتكەندىن كېيىن بىز قىيىنچىلىقتا قالدۇق. چوڭ ئوغلى ئۇرۇشقا قاتنىشىۋېرىپ خېلى بېيىپ قالغاچقا، قېيىنئاتام ئۆزىنىڭ ئەينەكچىلىك كەسپىنى تاشلىۋەتكەن ئىدى، مانا ئەمدى، مۇشۇ ياشقا كەلگەندە، ئۇ تاشلىۋەتكەن ئاشۇ كونا كەسپىنى يەنە قولغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئېرىمنىڭ تاموژنىدا ئىشلەيدىغان بويتاق ئىنىسى ھاسان تېپىپ كەلگەن پۇل كۆپەيگەنسېرى، ئۇ ئائىلە باشلىقلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشنى كۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتكار قىزنى قىش چىققۇچە ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمەسلىكىمىزدىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ - سالدىراپ قۇل بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىۋەتتى ۋە مېنىڭدىن ئۇ قىلىدىغان ئاشخانا ئىشلىرىنى قىلىشنى، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇشنى، ھەتتا بازارغا چىقىپ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇنداق ئىشلارنىمۇ ھار ئالماي، ھەممە ئىشنى قىلدىم. لېكىن ئەمدى كېچىلىرى ھۇجرىسىغا چاقىرىدىغان بىرەر ئايال خىزمەتكارى بولمىغاچقا، قېيىنئىنىم ھاسان تەپ تارتماي مېنىڭ ئىشىكىمنى قاقىدىغان بولدى. مەن ئەمدى قانداق قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدىم.

ئەلۋەتتە دەرھال دادامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، قازىنىڭ ئېيتىشىچە، قانۇنىي جەھەتتىن ئېرىم ھايات بولغاچقا،

---

① ئىستانبۇلدىكى بىر مەھەللە نامى.

ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويسام، مەن بالىلار بىلەن بىللە مەجبۇرىي يوسۇندا قېيىنئاتامنىڭ يېنىغا، يەنى ئېرىمنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇلىدىكەنمەن، شۇنداقلا يەنە مەنمۇ، ھەتتا مېنى يېنىدا ئېلىپ قالغان داداممۇ جازالىنى-دىكەنمىز ۋە ھاقارەتكە ئۇچرايدىكەنمىز. راستىنى ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە مەن ھاسانىنى ئېرىمدىنمۇ ئادىمىي، ئاقىل دەپ قارايتتىم، دەرۋەقە، ئۇنىڭ ماڭا ئۆلگۈدەك ئاشىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىر ياس-تۇققا باش قويۇشۇممۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئويلاشمايلا بۇنداق قىلىپ قويسام، مەن ئاخىرىدا ئۇنىڭ خوتۇنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا دېدەك قۇل بولۇپ قالاتتىم. چۈنكى، ئۇلار مېنى مىراس تەلەپ قىلىدۇ، ھەتتا ئۆزلى-رىنى تاشلاپ بالىلىرىنى ئېلىپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ دەپ ئەنسىرى-گەنلىكى ئۈچۈن، قازىنىڭ ئېرىمنىڭ ئۆلگەنلىكىگە پەتىۋا بېرىشىگىمۇ ئانچە رازى ئەمەس ئىدى. قازىنىڭ قارىشىچە، ئېرىم ئۆلمىگەن بولسا، ئەل-ۋەتتە ھاسانغا ياتلىق بولالمايتتىم، باشقا بىرىگىمۇ ياتلىق بولالمايتتىم. بۇ ئەھۋالدا مەن ئۇ ئۆيگە چەك باغلىنىپ قالاتتىم. ئېرىمنىڭ ”غايىب بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە بىرەر نەتىجىسىنىڭ چىقمايۋاتقانلى-قىدەك بۇ خىل چىگىش، مۇرەككەپ بىر ئەھۋالنىڭ مۇشۇنداق داۋاملىشى-ۋېرىشى ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ئەۋزەل بىر ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇنۇتماڭلار-كى، مەن ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتىم، تامىقىنى ئېتىشتىن كىر-لىرىنى يۇيۇشقىچە بولغان ھەممە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتىم، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا مەجنۇنلارچە ئاشىق ئىدى.

قېيىنئاتام ۋە ھاسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە مېنىڭ ھاسانغا ياتلىق بولۇشۇم ئىدى. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن شاھىدلارنى تېپىش، ئاندىن قازىنى قايىل قىلىش شەرت ئىدى. ئۇ چاغدا يوقاپ كەتكەن ئېرىم-نىڭ ئەڭ يېقىنلىرى، يەنى دادىسى بىلەن ئىنىسىمۇ رازى بولغانلىقى، شۇنداقلا ئېرىمنىڭ ئۆلگەنلىكىگە قوشۇلمايدىغان بىرى بولمىغانلىقى ئۇ-چۈن قازىنىڭمۇ ئۈچ - تۆت تەڭگە بەرسە ”بىز بۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلۈ-كىنى كۆردۇق“ دەيدىغان يالغانچى شاھىدلارغا ئىشىنىشى شەكسىز ئىدى. ئەڭ چوڭ مەسىلە شۇكى، تول قالغاندىن كېيىن ئۆينى تاشلاپ كەتمەسلى-كىم، مىراس ھەققى ئالماسلىقىم ياكى ھاسانغا ياتلىق بولۇشقا كۆنگەنلى-

كىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پۇل تەلەپ قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، تېخىمۇ
مۇھىمى، ئۆز خاھىشىم بىلەن ھاسانغا ياتلىق بولماقچى ئىكەنلىكىمگە ئۇ-
نى ئىشەندۈرەلىشىم كېرەك ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئې-
رىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىشىم زۆرۈر ئىدى. بۇ ئىشلار-
نى پەقەت نىكاھتىن ئاجرىشىش نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئاشىق
بولغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىمغا ئۇنى ئىشەندۈرۈشۈم كېرەك
ئىدى، بۇنى مەنمۇ ئەلۋەتتە چۈشىنەتتىم.

ئازراقلا غەيرەت قىلسام ھاسانغا ئاشىق بولۇپمۇ قالاتتىم. ھاسان يو-
قاپ كەتكەن ئېرىمدىن سەككىز ياش كىچىك بولۇپ، ئېرىم ئۆيدىكى
ۋاقىتتا ھاساننى ئۆز ئىنىمدەك كۆرەتتىم ۋە بۇ ھېسسىيات مېنى ئۇنىڭغا
يېقىنلاشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ غەرەزسىز، ئەمما قايناق ھېسسىياتلىق ئىكەن-
لىكىنى، بالىلىرىم بىلەن بىللە ئويناشقا ئامراقلىقىنى ۋە ماڭا بەزىدە
خۇددى تەشنالىقتىن قاتتىق چاڭقىغان ئادەم گويا بىر چىنە سوغۇق گىلاس
شەربىتىگە موھتاج بولۇپ قارىغاندەك تەلمۈرۈپ قاراشلىرىنى ياخشى كۆ-
رەتتىم. لېكىن ماڭا شۇنىسى ئايان ئىدىكى، مەن ھەرقانچە غەيرەت قىل-
ساممۇ، ماڭا كىر يۇيىدىغان دېدەكلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان، تۇر-
مۇش لازىمەتلىكلىرى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن خۇددى قۇللاردەك بازارمۇ
بازار كېزىپ يۈرۈشلىرىم بىلەن كارى بولمايدىغان بىر ئادەمنى ياخشى
كۆرەلمەيتتىم. پات - پات دادامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قازان - قومۇشقا، قا-
چا - قۇچىلارغا قاراپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن يىغلىۋالاتتىم. كېچىلىرى بول-
سا بالىلىرىمنى باغرىمغا بېسىپ، ھەسرىتىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئۇخلايت-
تىم. ئەنە شۇ كۈنلەردە ھاسان ماڭا قارارىمنى ئۆزگەرتىشكە زادىلا پۇرسەت
بەرمىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشۈمگە ئىشەنمىگەنلىكتىن، بىز-
نىڭ نىكاھىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئالدىنقى شەرتنىڭمۇ رېئاللىقتا ئۇي-
غۇن كېلىشىگىمۇ ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇنىڭدا ئۆزىگە نىسبەتەن قىلچە
ئىشەنچ بولمىغاچقا، ئۇ بەزىبىر ئەدەپسىزلىكلەرنى قىلدى. بىر - ئىككى
قېتىم مېنى مەجبۇرلاشقا، سۆيۈشكە ۋە چىقىلىشقا ئۇرۇندى. ئېرىمنىڭ
ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيت-
تىپ تەھدىت سالدى، كىچىك بالىدەك يىغلىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئالدىراق-

سانلىقى تۈپەيلى، رىۋايەتلەردىكىدەك ھەقىقىي ۋە ئالىيجاناب مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈشكە ۋاقىت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەڭگۈ ياتلىق بولمايدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

بىر كۈنى كېچىسى بالىلار بىللە شېرىن ئۇيقۇدا ياتقىنىمىزدا، ئۇ ھۇجرىمىزنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا ئۇرۇندى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بالىلارنىڭ قورقۇپ كېتىشىگىمۇ پەرۋا قىلماي، ئاۋازىمىنىڭ بارىچە "ئۆيگە جىن كىردى!" دەپ ۋارقىراپ، قېيىنئاتامنى ئويغاتتىم. مېنىڭ دەھشەتلىك ۋارقىراشلىرىمنىڭ ۋەھىمىسىدىن مەڭدەپ، ھاياجانلىنىپ تۇرۇپلا قالغان ھاسان دادىسىنىڭ ئالدىدا سازايى بولدى. مەن گەرچە يالغاندىن يىغلاپ، تاققا - تۇققا سۆزلەپ جىندىن قورققانلىقىمىزنى دەپ بېرىۋاتقان بولسامۇ، لېكىن ئەقىللىق بوۋاي كۆز ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق پاكىتنى، يەنى ئوغلىنىڭ مەست ھالدا كىرىپ يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئىككى بالىلىق خوتۇنىغا ئەدەپسىزلەرچە يېقىنلاشماقچى بولغانلىقىنى سەزدى ۋە خىجالەت بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي، ئوغۇللىرىمنى جىندىن قوغداش ئۈچۈن ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ كۆزەت قىلدۇرغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ زۇۋانمۇ سۇرمىدى. سەھەردە، مەن كېسەل دادامغا قاراش ئۈچۈن بىر مەزگىل بالىلار بىللەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرماقچى بولۇۋاتقىنىمنى ئېيتتىم. ھاسان ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن نىكاھ تۇرمۇشۇمنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە بىر قانچە بۇيۇمنى ئېلىپ، بالىلىرىم بىلەن دادامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىم، بۇ نەرسىلەر: ئېرىم ماجارىستان ئۇرۇشىدا غەنىيمەت ئېلىپ، سېتىۋەتمەي ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن قوڭغۇراقلىق سائەت، ئەڭ چەبدەس ئەرەب ئېتىنىڭ پەي سۆڭىكىدىن ئىشلەنگەن قامچا، تەبرىزدە ئىشلەنگەن پىل چىشىدىن ياسالغان شاھمات بولۇپ، ئۇنى مەن بالىلارنىڭ جەڭ ئويۇنلىرىنى ئوينىشى ئۈچۈن ئېلىۋالدىم، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ناخجىۋان ئۇرۇشىدىن غەنىيمەت ئالغان كۈمۈش شامدانمۇ بار بولۇپ، ئۇنى بىر قانچە قېتىم سېتىۋەتمەكچى بولغاندا، مەن جېدەللىشىپ يۈرۈپ ساتقۇزمىغانىدىم.

دەل مېنىڭ مۆلچەرلىگىنىمدەك، يوقاپ كەتكەن ئېرىمنىڭ ئۆيىنى

تاشلاپ چىقىپ كېتىشىم، ھاسانىنىڭ ماڭا بولغان خاتا ۋە قوپال مۇھەببىـ-
تىنى ئۈمىدسىز، لېكىن ھۆرمەتكە ئەرزىگۈدەك بىر ئوت يالقۇنىغا ئايلان-
دۇردى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇ ۋەجى-
دىن، ماڭا تەھدىت سېلىشىنىڭ ئورنىغا، مېنىڭ ھېسداشلىقىمغا ئېرىشىش
ئۈچۈن ماڭا مۇھەببەتنامىلەرنى ئەۋەتىشكە باشلىدى. سالام خەت قەغىزد-
نىڭ بۇرجەكلىرىدە جۈپتىدىن مەھرۇم بولغان قۇشلار، ياش تۆكۈۋاتقان
شىرلار بىلەن غەمكىن كېيىكلەرنىڭ رەسىملىرى بار ئىدى. سىلەردىن
يوشۇرالمايمەنكى، يېقىندىن بېرى، مەن بۇ خەتلەرنى يىغىۋاشتىن ئوقۇشقا
باشلىدىم. ئەگەر ئۇ بۇ رەسىملەرنى بىرەر رەسسام دوستىغا سىزدۇرمىغان،
بۇ شېئىرلارنىمۇ بىرەر شائىر ئاغىنىسىگە يازدۇرمىغانلا بولسا، ئۇنى
شۇنچە مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە دېيىشكە بولاتتى. دېمەك، مەن ئۇ-
نىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغان ۋاقتىمدا، بۇ خىل ئارتۇقچىلىقلىرىنى ھېس
قىلالمىغان ئىكەنمەن. يېقىندا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ
كۆپ پۇل تاپقانلىقىنى، مېنى ئەمدى ئۆي قۇللىرىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ
قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سەممىمىي نىيەت ھەم ھۆرمەت
بىلەن ئېيتقان يۇمۇرلۇق سۆزلىرى، بالىلىرىمنىڭ توختىماستىن جېدەل
قىلىپ يالۋۇرۇشلىرى، شۇنداقلا يەنە دادامنىڭ شىكايەت - ئاغرىنىشلىرى —
ھەممىسى قوشۇلۇپ كاللامنى ئوچاق قىلىۋەتتى، شۇ ۋەجىدىن، دېرىزەم-
نىڭ قاپقىقىنى گويا دۇنياغا بىر "ئۇھ" دەۋېلىش ئۈچۈن ئاچقانىدىم.

خەيرىيە كەچلىك تاماققا داستىخان سېلىشتىن ئاۋۋال مەن دادامغا
ئەرەبىستاننىڭ ئەڭ ياخشى خورما چېچەكلىرىدىن مەي تەييارلاپ، ئىچىگە
ھەسەل قوشۇپ ئازراق لىمون سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇردۇم - دە، ئاندىن ئۇ-
نى كۆتۈرۈپ تاۋۇش چىقارمايلا ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ «كىتابۇل
روھ»نى ئوقۇۋېتىپتىكەن. دەل ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك ئۆزۈمنى سەز-
دۈرمەي، خۇددى بىر ئەرۋاھتەك كېلىپلا ئالدىغا قويدۇم.

دادام غەمكىن ۋە زەئىپ ئاۋاز بىلەن مەندىن، "قار يېغىۋاتامدۇ؟" دەپ
سورىدى، بۇ قار بىچارە دادامنىڭ ھاياتىدا كۆرىدىغان ئاخىرقى قار ئىكەن-
لىكىنى شۇئان چۈشەندىم.

# 10. مەن بىر تۇپ دەرەخ

مەن بىر تۇپ دەرەخ، يەنە كېلىپ ئىنتايىن تەنھامەن، يامغۇر ياغسا يىغلايمەن. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تۆۋەندىكى بايانلىرىمغا قۇلاق سالغايسىلەر. قەھۋەلىرىڭلارنى ئىچىڭلار، ئۇيقۇڭلار قاچسۇن، كۆزلىرىڭلار ئېچىلسۇن، مېنى جىن دەپ قاراڭلار، شۇندىلا، سىلەرگە نېمە ئۈچۈن بۇنداق تەنھا ئىكەنلىكىمنى سۆزلەپ بېرەي:

1. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، مەن پەقەت مەدداھلارنىڭ كەينىگە ئېسىۋېلىشى ئۈچۈنلا، قاتلانمىغان قېلىن قەغەزگە قول ئۈچىدىلا سىزىپ قويۇلغان بىر تۇپ دەرەخ ئىكەنمەن. توغرا، ھازىر يېنىمدا نە باشقا ئېگىز دەرەخلەر، نە يەتتە يوپۇرماقلىق دالا ئوت - چۆپلىرى يوق. نە بەزى چاغلاردا شەيتانغا ۋە ئادەمگە ئوخشايدىغان قەۋەت - قەۋەت قارا خادا تاشلار، نە ئاسماندا غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن جۇڭگوچە بۇلۇتلار يوق. پەقەت يەر، ئاسمان، مەن ۋە ئۇپۇقنىڭ رەسىمىلا بار. لېكىن ھېكايەم بولسا ناھايىتى مۇرەككەپ.

2. دەرەخ بولغىنىم ئۈچۈنلا چوقۇم بىر كىتابنىڭ بىر قىسمى بولۇشۇم شەرت ئەمەس. لېكىن دەرەخنىڭ رەسىمى بولغىنىم ئۈچۈن مەلۇم بىر كىتابنىڭ سەھىپىسى بولالمىغىنىمغا بىئارام بولىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن كىتابتا يەنە بىر نەرسىنى نامايان قىلمىغانىكەنمەن، يەنى، شۇنى ئويلاپ قالدىمكى، رەسىمىمنى تامغا ئېسىپ قويۇپ بۇدپەرەسلەر ۋە ياكى غەيرىي دىندىكى كۇپپارلار ماڭا باش ئۇرۇپ چوقۇنىدىغان ئىشلارمۇ بارغۇ. ئەرزۇرۇملۇق موللىنىڭ مۇرىتلىرى ئاڭلىمىسۇن، بۇ خىيالىمدىن يوشۇرۇن پەخىرلىنىمەن. لېكىن كەينىدىن نومۇس قىلىپ ۋە قورقۇپ ئىچىمگە يۇتۇۋېتىمەن.

3. تەنھالىقىمنىڭ ئەسلى سەۋەبى شۇكى، ئۆزۈمنىڭ قايسى ھېكايە-

نىڭ بىرقىسمى ئىكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بىر ھېكايىنىڭ
بىرقىسمى بولماقچىدىم، لېكىن ئۇ يەردىن بىر تال ياپراقتەك چۈشۈپ
قالدىم. ئەمدى شۇنى بايان قىلاي:

## دەرەختىن چۈشكەن ياپراقتەك، ھېكايەمدىن چۈشۈپ قالغانلىقىمنىڭ ھېكايىسى

پارس شاھى تەھمەسىپ ئوسمانىيەنىڭ باش دۈشمىنى ئىدى ھەم دۇن-
يادىكى ئەڭ رەسىمخۇمار پادىشاھ ئىدى. بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى ئۇ-
نىڭ زېھنى ئاجىزلىشىشقا باشلىغاندا، مەي، مۇزىكا، شېئىر، رەسىملەردىن
كۆڭلى سوۋۇدى، قەھۋە ئىچىشنىمۇ تاشلىغاندىن كېيىن كاللىسى ئىشلى-
مەس بولدى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ تۇتۇلۇپ، كەيپىياتىدا گۇمانخورلۇق ۋە قې-
رىلىق ۋەھىمىلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ
ئوسمانىيە قوشۇنىدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن ھەتتا ئىمپېرىيە پايتەختىنى
شۇ چاغدىكى پارس زېمىنى بولغان تەبرىزدىن قەزۋىنگە كۆچۈردى. ئۆمرى-
نىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا، بىر كۈنى جىن تەگكەندەكلا روھى قالايمىقانلى-
شىپ، شارابخورلۇق، بەچچىۋازلىق قىلغىنىغا ۋە رەسىم سىزىشقا ھەۋەس
قىلغىنىغا مىڭ توۋا قىلدى. بۇ ئۇلۇغ شاھنىڭ قەھۋىنى تاشلىغاندىن كې-
يىن ئەقىل - ھوشىدىنمۇ مەھرۇم بولغانلىقىنىڭ ياخشى بىر ئىسپاتى
ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، تەبرىزدە 20 يىلدىن بېرى دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئاجا-
يىباتلارنى سىزغان مۆجىزىكار چېۋەر كىتاب تۈپلىگۈچىلەر، خەتتاتلار،
ھەلچىلەر، رەسساملار چىل بالىسىپانلىرىدەك شەھەرمۇ شەھەر تارقىلىپ
كېتىشتى. بۇلارنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەنلىرىنى شاھ تەھمەسىپنىڭ جى-
يەنى ھەم كۈيئوغلى بولغان سۇلتان ئىبراھىم مىرزا ئۆزى ۋالىي بولۇپ
تۇرۇۋاتقان مەشھەدكە چاقىردى ۋە ئۇلارنى رەسىمخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ
ئەمىر تۆمۈرنىڭ زامانىدا ھىراتتا ياشىغان مەشھۇر شائىر جامىنىڭ «ھەفت
ئەۋرەڭ» ناملىق كىتابىنىڭ يەتتە مەسنەۋىسىنى يازدۇرۇپ، نەقىشلىك ھەم
رەسىملىك بىر داڭلىق كىتابنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. تەھمەسىپ گەرچە

بۇ ئەقىللىق ۋە خۇشخۇي جىيەننى ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى ھەمدە قىزىنى ئۇنىڭغا بەرگەنلىكى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ يۈرەتتى. ئاشۇ ئاجايىپ كاتتا كىتابنىڭ جىيەنى تەرىپىدىن ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن، دەرغەزەپكە كەلگەن تەھمەسىپ جىيەننى مەشھەد ۋالىيلىقىدىن قالدۇرۇپ كائىن شەھىرىگە، كېيىن يەنە بىر غەزەپ بىلەن تېخىمۇ كىچىك سەبزىۋار شەھىرىگە چۈشۈرىۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن، مەشھەددىكى خەتتاتلار ۋە رەسساملارمۇ مانا شۇنداق باشقا شەھەرلەرگە، باشقا مەملىكەتلەرگە، باشقا سۇلتانلارنىڭ، شاھزادىلەرنىڭ رەسىمخانىلىرىغا تارقىلىپ كەتتى.

لېكىن شۇنىسى بىر مۆجىزە ئىدىكى، سۇلتان ئىبراھىم مىرزىنىڭ باشلاپ قويغان بۇ ئاجايىپ كىتابى چالا قالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا سەممىمي، سادىق بىر كىتابچى خادىمى بار ئىدى. بۇ ئادەم ئاتلىق يول يۈرۈپ، ئەڭ ياخشى ھەلكەش ئۇستىلارنى ئىزدەپ تاكى شىرازغا قەدەر باردى. ئۇ يەردىن يەنە بىرنەچچە سەھىپىنى ئېلىپ ئەڭ نەپىس نەستالىق① نۇسخىسىدا يازىدىغان خەتتاتنى ئىزدەپ ئىسفاھانغا باردى. كېيىن تاغلاردىن ھالقىپ تاكى بۇخاراغىچە بېرىپ ئۆزبېك خانىنىڭ يېنىدا رەسىم سىزىدىغان ئۇلۇغ ئۇستا رەسسامغا رەسىمنىڭ كوپىيىسىنى لايىھىلەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئادەم ئوبرازىنى سىزدۇردى. ئاندىن ھىراتقا چۈشۈپ، يېرىم ئەما پېشقەدەم ئۇستازلاردىن بىرىگە ئەگرى - بۈگرى پىلەك تارتقان ئوت - چۆپلەر بىلەن ھەر خىل يوپۇرماقلارنى خىيالەن سىزدۇردى. ھىراتتا باشقا بىر خەتتات بىلەن ئۇچرىشىپ، رەسىمدىكى ئىشىكنىڭ ماڭلىيىغا يېزىلىدىغان بېغىشلىمىنى ئالتۇن رىقئە② نۇسخىسى بىلەن يازدۇرۇپ، ئاخىرىدا يەنە جەنۇبتىكى كائىنغا باردى ۋە ئالتە ئاي سەپەر قىلىپ يىرىمنى تاماملىغان سەھىپىنى سۇلتان ئىبراھىم مىرزىغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ماقۇللىقىنى ئالدى ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. ئۇلار بۇ سۈرئەت بىلەن كىتابنىڭ ھەرگىز پۈتمەيدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى، شۇڭا تاتار پوچتىكەشلەرنى ياللىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىغا كىتابقا سىزىلىدىغان ۋە

① نەستالىق — نەسخ بىلەن تالىق نۇسخىلىرىدىن ئۆزگەرتىلگەن خەت نۇسخىسى — ت.
② رىقئە — ئەرەب ھەرپلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان قوليازما شەكلى — ت

يېزىلىدىغان قولىيازما سەھىپىلىرى بىلەن بىللە سەنئەتكاردىن تەلەپ قىـ-
لىنىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىپ بىردىن مەكتۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن
پۈتۈن پارس دىيارىنىڭ، خوراساننىڭ، ئۆزبېك مەملىكىتىنىڭ، ماۋەرائۇن-
نەھرىنىڭ يوللىرىدىن قولىيازما سەھىپىلىرىنى توشۇيدىغان پوچتىكەش-
لەر ئۆتۈشكە باشلىدى. پوچتىكەشلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە كېلىشى بىلەن
كىتابنىڭ ئىشلىنىشىمۇ تېزلەشتى. بىر كۈنى سەھىپىلەرنىڭ 59 - بېتى
بىلەن 162 - بېتىنى توشۇغان پوچتىكەشلەر بىر قارلىق كېچىدە ئەترا-
پىدا بۆرىلەر ھۇۋلىشىپ يۈرگەن بىر كارۋان سارايدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ.
ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ھەر ئىككىلىسى بىر كىتاب ئۈچۈن
ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھۇجرىلىرىدىن كى-
تاب سەھىپىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، ھەرقايسى مەسنەۋىلەرنىڭ ئۆزئارا
توغرا كېلىدىغان ئورۇنلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ.

كىتابنىڭ ئىشلىنىپ پۈتكەن ئاشۇ سەھىپىلىرىنىڭ بىرىدە ئەسلى
مەنمۇ بولۇشقا تېگىشلىك ئىدىم. ئەپسۇسكى، بىر سوغۇق قىش كۈنى مې-
نى توشۇپ خادا تاشلىق ئۆتكەللەردىن ئۆتكەن تاتار پوچتىكەشنىڭ يولىنى
قاراقچىلار توسۇپ، ئاۋۋال ئۇ بىچارە تاتارنى ئۇردى، كېيىن قاراقچىلارنىڭ
ئادىتى بويىچە بۇلاپ - تالىدى ۋە نومۇسىغا تېگىپ، ئىمانسىزلارچە ئۆل-
تۈرىۋەتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۆزۈمنىڭ زادى قايسى سەھىپىگە مەنسۇپ ئى-
كەنلىكىمنىمۇ بىلەلمىدىم. سىلەردىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇكى، ماڭا
قاراڭلار، قېنى ئېيتىڭلارچۇ؟ مەجنۇن چوپانلارچە ياسىنىپ، لەيلىنى زى-
يارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چېدىرىغا بارغاندا، مەن مەجنۇنغا سايە بولغان
بولغىيمىدىم؟ ۋە ياكى تۈن قاراڭغۇسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە
ئېتىقادسىزلىق پاتقىقىغا پاتقان ئادەمنىڭ ئەرۋاھىدەك زۇلمەتكە سىمۋول
بولغان بولغىيمىدىم؟ مەن پۈتۈن جاھاندىن قېچىپ، دېڭىزلارنى ئېشىپ،
قۇشلار، مېۋىلەر بىلەن تولغان بىر ئارالدا ئارام تاپقان بىر جۈپ ئاشىق -
مەشۇقنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم. ھىندى دىيارى-
غا يۈرۈش قىلغاندا، ئاپتاپ ئۆتۈپ بىرنەچچە كۈن بۇرنى قاناپ ئۆلگەن
ئىسكەندەرنىڭ ئاخىرقى ھاياتلىق دەقىقىلىرىدە ئۇنىڭغا سايە بولۇشنى ئۈ-
مىد قىلاتتىم ۋە ياكى بىر ئاتا ئۆز ئوغلىغا مېھىر - مۇھەببەت ۋە ھايا-

لىق توغرىلىق نەسىھەت قىلىشۋاتقاندا، مەن ئەنە شۇ ئاتىنىڭ كۈچ ـ قۇد-
رىتى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە سىمۋول بولسام بولماسمىدى؟ ھە، مەن زادى
قايسى ھېكايىگە مەنە ۋە گۈزەللىك بېغىشلار بولغىيدىم؟

پوچتىكەشنى ئۆلتۈرۈپ، مېنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن بۇ بىر توپ
قاراقچى نۇرغۇن تاغۇ دالا، شەھەرلەرنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارد-
سىدىكى بىرسى ھەرھالدا مېنىڭ قەدرى ـ قىممىتىمنى بىلىپ، پات ـ پات
مېنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ قوياتتى، ئېھتىمال ئۇ دەرەخ رەسىمىنى كۆرۈش
دەرەخنى كۆرگەندىكىدىنمۇ بەكرەك كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىغانلىقىنى بىلد-
سە كېرەك. لېكىن ئۇ مېنىڭ زادى قايسى ھېكايىگە تەئەللۇق ئىكەنلىد-
كىمنى بىلمىگەچكە، مەندىن ئاسانلا زېرىكىپ قالدى. بۇ قاراقچى مېنى
شەھەرمۇ شەھەر كەزدۈرۈپ يۈردى، ئەمما مەن ”مېنى يىرتىپ تاشلىۋې-
تەرمىكىن“ دەپ ئۇنىڭدىن ۋەھىمە يېگەنىدىم، لېكىن ئۇ مېنى كارۋان
سارايدا بىر مۇلايىم ئادەمگە بىر كومزەك شارابقا سېتىۋەتتى. بۇ بىچارە ئا-
دەم كېچىلىرى بەزىدە يىغلايتتى ۋە شام يورۇقىدا ماڭا قارايتتى. ئۇزۇن
ئۆتمەي ئۇ دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىۋىدى، باشقىلار ئۇنىڭ مال
ـ مۈلكىنى سېتىشتى. مېنى سېتىۋالغان مەدداھنىڭ شاراپىتى بىلەن تا-
كى ئىستانبۇلغىچە كەلدىم. ھازىر ئىنتايىن بەختلىكمەن. بۈگۈن كېچە بۇ
يەردە ئوسمانىيە سۇلتانىنىڭ قول ئاستىدىكى مۆجىزىكار، نەزىرى ئۆتكۈر،
قەيسەر ئىرادىلىك، قولى چېۋەر، تەپەككۇرى ئوچۇق رەسساملىرى ۋە خەتد-
تاتلىرىنىڭ ئارىسىدا بولغىنىمدىن تولىمۇ شەرەپ ھېس قىلىمەن. خۇدا-
نىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، سىلەردىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى،
ھەرقايسىڭلار مېنى ھەرگىزمۇ بىرەر ئۇستا رەسسام پەقەت تامغا ئېسىش
تەقەززاسى بىلەنلا قولىنىڭ ئۇچىدا سىزىپ قويغان، دېگەن گەپلەرگە ئىد-
شەنمىگەيسىلەر.

قۇلاق سېلىڭلارچۇ، يەنە قانداق يالغان سۆزلەر، قانداق پىتنە ـ پا-
ساتلار، قانداق مەسخىرىلەر بار ئىكەن؟ ئېھتىمال ئىسىڭلاردا بولسا كې-
رەك، تۈنۈگۈن ئاخشام خوجايىنىم بۇ يەردە تامغا بىر ئىتنىڭ رەسىمىنى
ئېسىپ، بۇ ئەدەپسىز ئىتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلغان، شۇنىڭ
بىلەن بىرگە يەنە ئۇ ئەرزۇرۇملۇق خۇسرەت موللىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرد-

نىمۇ بايان قىلغان ئەمەسمىدى! ئەمدى ئەرزۇرۇملۇق نۇسرەت موللا ھەز-
رەتلىرىنىڭ مۇرىتلىرى بۇنى خاتا چۈشىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىز
ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزۈپتىمىشمىز. بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ تەرغىباتچى، ھۆرمەت-
لىك موللىمىزنىڭ ئۇرۇغ - جەمەتىدىن شۈبھىلىنىشكە نېمە ھەددىمىز -
ھە؟ خۇدا ئۇرمامدۇ؟ بۇنداق دېيىشنى خىيالىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزمۇ
يوق! بۇ قىپقىزىل بوھتان ئەمەسمۇ؟ ئېنىقلا، قاپ يۈرەكلىك بىلەن قى-
لىنغان، قاملاشمىغان بىر چاقچاق - تە! روشەنكى، ئەرزۇرۇملۇق خۇسرەت-
نى ئەرزۇرۇملۇق نۇسرەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغان گەپ. ئەمدى مەن
سىلەرگە «سىۋاسلىق ئەلەس نېدرەت موللا بىلەن دەرەخ» دېگەن ھېكايىنى
ئېيتىپ بېرەي.

بۇ سىۋاسلىق ئەلەس نېدرەت موللىمۇ بەچچىۋازلىق ۋە رەسىم سى-
زىشنى لەنەتكە بۇيرۇپلا قالماي، يەنە قەھۋە ئىچىش شەيتاننىڭ ئىشى ئى-
كەنلىكىنى، ئۇنى ئىچكەنلەرنىڭ ئۇدۇللا جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقىنى
ئېيتىپتۇ. ئەي سىۋاسلىق، سەن مېنىڭ بۇ يوغان شېخىمنىڭ قانداق ئې-
گىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟ مەن سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي، ئەمما
ھېچكىمگە ئېيتماسلىقىقا قەسەم قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇق
سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلايدۇ. بىر ئەتىگەنلىكى ئويغىنىپ قارىسام،
مۇناردەك ئېگىز بويلۇق، شىر پەنجىلىك، دېۋىدەك بىر ئەبلەخ يۇقىرىدا
ئىسمى ئېيتىلغان موللا بىلەن مېنىڭ بۇ شېخىمغا چىقىپ، بۇك يوپۇر-
ماقلىرىمنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇندى، گەپنىڭ ئوچۇقىنى دەۋەتكىنىمنى ئە-
پۇ قىلغايسىلەر، ئاندىن، شاپۇر - شۇپۇر ئىش باشلىدى. كېيىن مەن بۇ
بەستلىك ئەبلەخنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ھېلىقى دېۋىدەك
ئەبلەخ بىزنىڭ بۇ جاناب بىلەن بەتقىلىقلىق قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ جەلپكار
قۇلاقلىرىغا مۇلايىملىق بىلەن سۆيگەچ، ھەدەپ: ”قەھۋە ھارام، قەھۋە ئى-
چىش گۇناھ“ دەپ پىچىرلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەھۋەنىڭ زىيانلىق ئى-
كەنلىكىگە ئىشەنگەن ئاشۇ بىرقىسىم كىشىلەر پاك دىنىمىزنىڭ ئەمرلى-
رىگە ئەمەس، شەيتانغا ئىشەنگەنلەردۇر، خالاس.

ئاخىرىدا، پەرەڭ رەسساملىرى ھەققىدە توختىلىمەن. ئاراڭلاردا
ئۇلارغا قىزىققان نائەھلىلەر بولسا مۇشۇ بايانلىرىمدىن ئىبرەت ئېلىپ،

ئۆز پىكرىنى توغرىلاپ ئالسۇن. دەرۋەقە، بۇ پەرەڭ رەسساملىرى پادىشاھلارنىڭ، يوقسۇللارنىڭ، مۆتىۋەرلەرنىڭ، ھەتتا ئاياللارنىڭ چىرايلىرىنى شۇنداق سىزىۋېتىدۇكى، سىز ھەتتا ئۇ رەسىمدىكى كىشىلەرنى كوچىدا كۆرسىڭىز، شۇ ھامان تونۇيالايسىز. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ھەقىقەتەن كوچىدا ئەركىن يۈرۈۋېرىدۇ. بۇنىڭ نېرىسىنى ئۆزۈڭلار پەرەز قىلىۋالغايسىلەر. لېكىن بۇمۇ يەتمىگەندەك، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تاپتىن چىقىپ، ھەددىدىن ئاشقانلىرىچۇ! مەن دەللاللىق قىلمىشلىرىنى ئەمەس، پەقەت رەسىمدىكىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دېمەكچىمەن.

بىر مەشھۇر پەرەڭ رەسسامى بىلەن يەنە بىر مەشھۇر پەرەڭ رەسسامى بىر پەرەڭ يايلىقىدا سەيلە قىلغاچ، ماھارەت ۋە سەنئەت ھەققىدە پاراڭلىشىپتۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ، بىر ئورمانغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ. ئىككىيلەننىڭ ئىچىدىكى ماھارەتتە ئۈستۈن بولغىنى يەنە بىرىگە: ”يېڭى ئۇسلۇبتا رەسىم سىزىش شۇنداق بىر ماھارەتكە موھتاجكى، — دەپتۇ، — بۇ ئورماندىكى دەرەخلەردىن بىرىنى سىزساڭ، ئۇ رەسىمنى كۆرگەنلەر ئەگەر ھەۋەس قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ، كۆرۈپ بېقىشنى خالىسا، ئاشۇ دەرەخنى باشقا دەرەخلەر ئارىسىدىن توغرا پەرقلەندۈرۈپ تاپالايدۇ.“

مەن بىچارە، يەنى سىلەر كۆرگەن دەرەخ رەسىمى ئەنە شۇنداق ماھارەت بىلەن سىزىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىمەن. چۈنكى بۇ پەرەڭ ئۇسلۇبى بويىچە سىزىلغان بولسام، مېنى راست دەرەخ دەپ ئويلاپ قالغان ئىستانبۇلنىڭ پۈتۈن ئىتلىرى كېلىپ ماڭا سىيىشىدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق دېگىنىم ئەمەس. چۈنكى، مەن بىر ھەقىقىي دەرەخنىڭ ئۆزى ئەمەس، پەقەت مەنىسى بولۇشنىلا ئويلايمەن.

# 11. مېنىڭ ئىسمىم قارا

يېرىم كېچىدە يېغىشقا باشلىغان قار سەھەرگىچە داۋاملاشتى. شەكۆرەنىڭ خېتىنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم. قوپقۇرۇق ئۆينىڭ بوش - بىكار ھۇجرىسىدا جىددىي كەيپىياتتا ئۇياقتىن - بۇياققا تىنماي ماڭاتتىم، تەكچىدىكى شامداندا لىپىلداپ يېنىپ تۇرغان شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا مەشۇقۇمنىڭ ئاچچىق ھەسرەتكە تولغان خەتلىرى گويا تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ تۇرۇپلا ماڭا يالغان سۆزلەۋاتقاندەك، ئۇياق - بۇياققا تولغانغان ھالدا مېڭىپ كىرىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كۆز ئالدىمدا بىردىنلا دېرىزە قاپقىقىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئايان بولغان مەشۇقۇمنىڭ غەمكىن تەبەسسۇم ئەكس ئەتكەن چىرايى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي چىرايىنى كۆرۈشۈم بىلەنلا، ئۇنىڭ ئالتە - يەتتە يىلدىن بېرى قەلبىمدە ساقلاپ كەلگەن ۋە ئەمدىلىكتە ئۇنتۇتقان گىلاستەك كىچىك ئاغزىنىڭ ۋە يۈزىنىڭ ئاز - تولا چوڭىيىپ قالغىنىنى ھېس قىلغان ئىدىم.

يېرىم كېچىدە، ئۆيلىنىش تەسەۋۋۇرىغا چۆمگەنىدىم. خىيالىمدا مەشۇقۇمدىن ھېچقانداق گۇمانىم يوق ئىدى، مۇھەببىتىمنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىنمۇ خاتىرجەم ئىدىم. بىز مانا شۇنداق بەختىيارلىق ئىچىدە نىكاھلانغان بولاتتۇق. لېكىن مېنىڭ بۇ شادىمان خام خىياللىرىم ھېلىقى پەلەمپەيلىك ئۆيدە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. چۈنكى، بىرەر مۇۋاپىق خىزمەت تاپالماي، خوتۇنۇم بىلەن جېدەللىشىشكە باشلىدىم، ئۇنىڭغا سۆزۈمنى زادىلا ئاڭلىتالمايتتىم.

بۇ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرنى مەن ئەرەبىستاندىكى ۋاقتىمدا ئوقۇغان، غەززالىنىڭ «ئىھيائى ئۇلۇم»① ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان نىكاھلىنىشنىڭ زىيانلىرى ھەققىدىكى قىسمىدىن يادىمغا ئالغانلىقىمنى

① «ئىھيائى ئۇلۇم» — «ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى» — ت.

چۈشەندىم. بۈگۈن تۈن نىسپىدە، شۇ سەھىپىلەردىكى نىگاھلىنىشىنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە توختالغان ناھايىتى كۆپ بايانلار ئېسىمگە كەلدى. لېكىن ئۆزۈمنى شۇنچە مەجبۇرلىساممۇ، تالاي قېتىم تەكرارلاپ ئوقۇغان ئاشۇ كىتابتا بايان قىلىنغان پايدىلارنىڭ پەقەت ئىككىسىنى ئەسلىيەلىدىم. بۇنىڭ بىرى، ئەركىشى ئۆيلەنگەندە، ئائىلىدە ئۆي ئىشلىرىنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرىدىغان كىشى بار بولاتتى، لېكىن تەسەۋۋۇرۇمدىكى پەلەمپەيلىك ئۆيدە بۇنداق كىشى يوق ئىدى. ئىككىنچىسى، قول زىناسى قىلىپ گۇناھكار بولۇشتىن، قاراڭغۇ ئارقا كوچىلاردا دەللاللارنىڭ كەينىدىن پاھىشىخانىلاردا يۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭقۇر گۇناھقا پېتىشتىن قۇتۇلاتتىم.

بۇ قۇتۇلۇش خىيالى يېرىم كېچىدە مېنى يەنە قول زىناسى قىلىش ۋەسۋەسىسىگە سالدى. بىر پاك ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە، كۆڭلۈمدىكى بۇ ۋەسۋەسىلىك ھاياجاننى بالدۇرراق كاللامدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ھەر دائىمقى ئادىتىم بويىچە ھۇجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا باردىم. بىراق بىرئازدىن كېيىن قول زىناسى قىلالمىغانلىقىمنى بايقىدىم. 12 يىلدىن كېيىن مەن يەنە ئىشقىي مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولغانىدىم!

بۇ بايقاش قەلبىمگە شۇنداق بىر ھاياجان ۋە قورقۇنچ سالدىكى، ئىشقىلىپ، ھۇجرىدا شامنىڭ يورۇقىدەك تىترىگىنىمچە مېڭىپ يۈردۈم. شەكۈرە دېرىزە ئالدىغا چىقىپ ئۆزىنى كۆرسەتكەن تۇرۇقلۇق، مەنىسى دەل ئەكسىچە بولغان ئۇ خەتنى يېزىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەگەر قىزى مېنى زادى خالىمىغان بولسا، دادىسى مېنى چاقىرتىپ نېمە قىلىدۇ؟ دادىسى بىلەن قىزى مېنى كولدۇرلىتىۋاتامدۇ قانداق؟ ھۇجرىدا ئۇياق - بۇياققا ماڭدىم. ئىشىك - تاملارنىڭ ھەتتا پولنىڭ غىچىرلاشلىرىمۇ ماڭا گويا ھەربىر سوئالىمغا جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ، ماڭا ئوخشاش تىلىنى چايناۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

مەن بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سىزغان ھېلىقى رەسىمگە، يەنى شېرىننىڭ بىر دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىلغان خۇسرەۋنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىمگە قارىدىم. ئۇنى يېزنە تاغام يېڭىلا تەبرىزدىن ئالدۇرغان بىر كىتابتىكى ئوخشاش بىر رەسىمدىن ئالغان ئىلھام بىلەن سىزىپ چىققان ئىدىم. مەن بۇ رەسىمنى كۆرگەندە،

كېيىنكى يىللاردا ھەربىر ئەسلەپ خىجىل بولغىنىمدەك خىجالەت ھېس قىلىپمۇ كەتمىدىم — چۈنكى، رەسىم ئۆزىمۇ، رەسىمدىكى سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئىنتايىن ئاددىي ئىدى — ياكى ياشلىق مەزگىللىرىمدىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلىرىمگىمۇ قايتالمىدىم. تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرىلا شۇنى ئېنىق چۈشەندىمكى، شەكۈرە ئۇستىلىق بىلەن مېنى بىر مەيدان مۇھەببەت شاھمىتىغا باشلاپ كىرگەنىدى. بۇ رەسىمنى قايتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق ئۇ شاھمات ئۇرۇقىدىن بىرىنى ماڭغان ئىدى. مەن شامنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ شەكۈرەگە بىر جاۋاب خەت يازدىم.

بىر ئاز كۆز يۇمۇۋالغاندىن كېيىن خەتنى قويۇن يانچۇقۇمغا سېلىپ كوچىغا چىقىپ خېلى ئۇزۇن سەيلە قىلدىم. قار ئىستانبۇلنىڭ تار كوچىلىرىنى كېڭەيتىپ قويغاندەك، شەھەرنىمۇ قالايمىقانچىلىقتىن تازىلاپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەممە ئىش باللىق ۋاقتىمدىكىدەك ناھايىتى جىمجىت ۋە زېرىكىشلىك ئىدى. باللىق چاغلىرىمدىكى قىش كۈنلىرىدىكىدەك، ماڭا ئىستانبۇلنىڭ ئۆيلىرى، گۈمبەزلىرى ۋە باغچىلىرىنى پۈتۈنلەي قاغا بېسىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. قارنى دەسسەپ كېتىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشلىرىمغا قۇلاق سالغاچ ماڭماقتا ئىدىم. ئاغزىمدىن پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇراتتى. مەن ھاياجان ئىلكىدە يېزنە تاغامنىڭ مېنى ئوردا رەسىمخانىسىغا زىيارەتكە بېرىشىمنى تەلەپ قىلغانلىقىنى يادىمغا ئالدىم. ئۇ يەرمۇ جەزمەن كوچىغا ئوخشاشلا جىمجىت بولسا كېرەك. مەن يەھۇدىي مەھەللىسىگە كىرمەيلا، يول ياقىسىدا تۇرغان بىر كىچىك بالىنى ئېستېرگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە بۇيرىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن پېشىندىن ئىلگىرى كۆرۈشۈپ، شەكۈرەگە خېتىمنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلماقچىدىم.

ئاياسوفىيە جامەسىنىڭ كەينىدىكى رەسىمخانا بىناسىغا ئەتىگەندىلا يېتىپ باردىم. باللىق چاغلىرىمدا بىر مەزگىل شاگىرتلىق قىلغان، يېزنە تاغامنىڭ ۋاستىسى بىلەن كېلىپ - كېتىپ تۇرغان رەسىمخانا بىناسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدە پېشايۋانلاردىن ساڭگىلاپ تۇرغان مۇزلاردىن باشقا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى.

يېقىملىق بىر ياش شاگىرت بالا ئالدىمدا يول باشلاپ ماڭدى. بىز يې-

لىم ۋە شىلىم پۇراقلىرى ئىچىدە باشلىرى قېيىپ كەتكەن ياشانغان كىتاب
تۈپلىگۈچىلەرنىڭ، بالدۇرلا بەللىرى دوك بولۇپ كەتكەن ئۇستا رەس-
ساملارنىڭ، غەمكىن كۆزلىرىنى ئوچاقتىكى ئوت يالقۇنلىرىغا تىككىنىچە
تىزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قاچىلارغا قارىماي بوياق تەڭشەۋاتقان ياش شا-
گىرتلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتۇق. بىر بۇلۇڭدا بىر بوۋاينىڭ تىزىدىكى تاخ-
تىغا تۆگە قۇشى تۇخۇمىنى قويۇۋېلىپ، ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن نە-
قىشلەۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تاغام دېمەتلىك كىشىنىڭ پۈتۈن دىققىتى بى-
لەن بىر ئۇستەل تارتمىسىنى سىزىۋاتقانلىقىنى، بىر ياش شاگىرتنىڭ
ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئوچۇق تۇرغان بىر
ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇستىسىدىن تەنبىھ يېگەن بالا
شاگىرتلارنىڭ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى كۆردۈم، ئۇلار يول
قويغان خاتاسىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىدىكى قەغەزگە سىنچىلاپ
قاراشماقتا ئىدى. يەنە بىر ھۇجرىدا مەيۈس ۋە غەمكىن بىر شاگىرت رەڭ-
لەرنى، قەغەزلەرنى ۋە رەسىملەرنى ئۇنتۇغان ھالدا، مەن بايىلا ھاياجان بى-
لەن مېڭىپ كەلگەن كوچىغا قاراپ تۇراتتى. ئوچۇق ھۇجرا ئىشىكلىرىنىڭ
ئالدىدا رەسىم ئۆلگىسىنى ئېلىۋاتقان، ئۇلگە ۋە بوياق تەييارلاۋاتقان، قې-
رىنداشلارنى ئۇچلاۋاتقان رەسساملار مېنى يات كۆرۈپ، كۆز قىرىدا ئۆچ-
مەنلىك نەزىرى بىلەن قاراشتى.

مۇز توڭلاپ كەتكەن پەلەمپەيلەردىن چىقىپ، رەسىمخانا بىناسىنىڭ
ئىككىنچى قەۋىتىنى تۆت تەرىپىدىن ئوراپ تۇرىدىغان ئايلانما كارىدوردىن
ئۆتتۇق. تۆۋەندە قار بىلەن قاپلانغان ھويلىدا ئىككى بالا شاگىرت قېلىن
ۋە قوپال يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن تون كىيگەن بولسىمۇ سوغۇقتىن دىر - دىر
تىترەپ، بىر نەرسىنى، ئېھتىمال بېرىلىدىغان جازانى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.
بۇنى كۆرۈپ، بالا ۋاقتىمىزدا، ھورۇنلۇق قىلغان ياكى قىممەت باھالىق
بوياقلارنى زىيانغا ئۇچراتقان شاگىرتلارغا ئۇرۇلغان پالاقلارنى، تاپانلىرى
قانىغىچە ئۇرۇلغان تاياقلارنى ئەسلىدىم.

ئىسسىق بىر ھۇجرىغا كىردۇق. ئۇ يەردە راھەتلىنىپ تىزلىنىپ
ئولتۇرغان رەسساملارنى كۆردۈم. لېكىن ئۇلار مەن ئويلىغان ئۇستىلار ئە-
مەس، بەلكى شاگىرتلىقتىن يېڭى چىققان ياشلار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇس-

تاز ئوسمان تەرىپىدىن نام ـ ئاتاق بېرىلگەن پېشۋا ئۇستىلار هازىر ئۆي ـ لىرىدە ئىشلەيدىغان بولغاچقا، بىر چاغلاردا مەندە زىيادە هۆرمەت ۋە هايا ـ جان قوزغىغان بۇ هۇجرا ئەمدىلىكتە بىر ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ رەسىمخانى ـ سى ئەمەس، بەلكى شەرقنىڭ ئادەمزاتسىز تاغلىرىدىكى ۋەيرانە كارۋان سارايىنىڭ دالانلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

تامنىڭ تۈۋىدىكى ئۇزۇن ئۇستەلنىڭ ئالدىدا، مەن 15 يىلدىن كېيىن دەسلەپ كۆرگەن باش رەسسام ئۇستاز ئوسمان كۆزۈمگە سايە ئەمەس، بەل ـ كى بىر ئەرۋاھتەك كۆرۈندى. سەپەرلىرىمدە قاچانكى رەسىم سىزىشنى خىيال قىلسام، قەلبىمدە خۇددى بەھزاتقا ئوخشاش هۆرمەت بىلەن گەۋدى ـ لىنىدىغان ئۇلۇغ ئۇستاز هۇجرىنىڭ ئاياسوفىيە تەرەپكە قارايدىغان دېرى ـ زىسىدىن كىرگەن يورۇقتا، ئۇچىسىدىكى ئاق كىيىملىرى بىلەن كۆزۈمگە گويا ئاللىبۇرۇنلا ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈ ـ نۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قارا داغلار باسقان قولىنى سۆيۈپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇر ـ دۇم. يېزنە تاغامنىڭ مېنى بۇ يەرگە بالىلىق ۋاقتىمدا كىرگۈزۈپ قويغان ـ لىقىنى، لېكىن مېنىڭ ئوقۇشنى ئەۋزەل بىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىمنى، بىر قانچە يىللارنى يوللاردا، شەرقتىكى شەھەرلەردە پاشالارغا كاتىپلىق ۋە غوجىدارلىق قىلىپ ئۆتكۈزگەنلىكىمنى، سەرھات پاشا ۋە باشقا پاشالار بى ـ لەن بىرلىكتە تەبرىزدە خەتتات ۋە رەسساملار بىلەن تونۇشۇپ كىتابلار تەييارلاش خىزمەتلىرىدە بولغانلىقىمنى، باغداد، ھەلەپ، ۋان ۋە تىبى ـ لىسلاردا بولغانلىقىمنى، نۇرغۇن جەڭلەرنى كۆرگەنلىكىمنى سۆزلەپ بەر ـ دىم.

— ئېھ تىبلىس! — دېدى ئۇلۇغ ئۇستاز قار باسقان باغچىدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ دېرىزىدىكى كىلىيونكىدىن ئۆتۈپ ئۆينى غۇۋا يورۇتىۋاتقان يو ـ رۇقلۇقىغا قاراپ، — ئۇ يەردە هازىر قار يېغىۋاتامدۇ؟

ئۇنىڭ چىرايى خۇددى هۇنەر ـ سەنئەتتە كامالەتكە يېتىپ، ئاخىرى كۆرمەس بولۇپ قالغان پارس ئۇستازىغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇلار مە ـ لۇم ياشقا بارغاندىن كېيىن يېرىم دانىشمەن، يېرىم ئالجىغان هالەتتە يا ـ شىغان ئىدى. ئۇلار توغرىلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز كۆپ هېكايىلەر بار ئىدى. شۇئان مەن ئۇنىڭ زىرەك كۆزلىرىدىن يېزنە

تاغامدىن ئىنتايىن بىزار بولغانلىقىنى، شۇنداقلا مەندىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى سېزىۋالدىم. شۇ ۋەجىدىن، مەن ئۇنىڭغا قارنىڭ بۇ يەردىكىدەك پەقەت ئاياسوفىيە جامەسىگىلا ئەمەس، بەلكى، خىيالىي خاتىرىلىرىمىزدىكىدەك ئەرەب چۆللىرىدىمۇ ئوخشاشلا ياغىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. مەن يەنە تىبلىس شەھىرىگە قار ياغقاندا، كىر يۇيۇۋاتقان ئايالالارنىڭ گۈل - چېچەكلەرنى مەدھىيىلەپ ناخشىلارنى ئېيتىدىغانلىقى، بالىلارنىڭمۇ ياستۇقلىرىنىڭ تېگىدە يازغا ئاتاپ ماروژنى ساقلاپ قويىدىغانلىقى ھەققىدە ھېكايە توقۇپ چىقتىم.

— سەن بارغان يۇرتلاردا نەققاشلار، رەسساملار نېمىلەرنى سىزىدىغان، نېمىلەرنى نەقىشلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى ئۇ.

بىر بۆلۈڭدا سەھىپىلەرگە جەدۋەل سىزغاچ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان خىيالپەرەس ياش رەسسام ئۈستىلىدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە ھۇجرىدىكى باشقىلارغا ئوخشاش ”ئەمدى بىزگە ئەڭ راست ھېكايەڭنى ئېيتىپ بەر“ دېگەندەك بىر ئەلپازدا قارىدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەھەللىسىدە مىلىچمال دۇكىنىنىڭ خوجايىنى كىم، ھېلىقى قوشنا كۆكتاتچى بىلەن نېمىشقا ئۇرۇشتى، ناننىڭ باھاسى قانچە، دېگەندەك كۈندىلىك ئەھۋالاتلاردىن بىخەۋەر ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەبرىزدە، قەزۋىندە، شىراز ۋە باغدادلاردا كىمنىڭ قانداق رەسىم سىزىدىغانلىقىدىن، قايسى خانلار، سۇلتانلار، پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەرنىڭ كىتاب ئۈچۈن قانچە پۇل سەرپ قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىدە، ھېچبولمىغاندا بۇ ئەتراپلاردا ۋابادەك تېز تارقىلىپ يۈرىدىغان ئەڭ يېڭى گەپ - چۆچەك ۋە پىتنە - ئىغۋالارنى ئالا قويماي ئاڭلاپ بولىدىغانلىقىدا شەك يوق ئىدى. ئەمما، شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا سۆزلەپ بەردىم. چۈنكى مەن ئاشۇ تەرەپتىن، يەنى شەرقتىكى ھەربىي قوشۇنلار ئۇرۇش قىلىۋاتقان، شاھزادىلەر بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈپ، شەھەرلەرنى تالان - تاراج قىلىشىپ، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋاتقان، كىشىلەر ھەر كۈنى ئۇرۇش ۋە تىنچلىق خۇسۇسىدا باش قاتۇرىدىغان ۋە ئەسىرلەر بويى ئەڭ ياخشى شېئىرلار يېزىلىپ، مەشھۇر رەسىملەر سىزىلىپ، گۈزەل نەقىشلەر ئىشلىنىپ كەلگەن پارس دىيارىدىن كەلگەنىدىم.

— 52 يىل ھۆكۈم سۈرگەن شاھ تەھمەسىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىل-

لىرىدا كىتاب، نەقىش، رەسىم خۇمارىنى ئۇنتۇپ، شائىرلار، رەسساملار، خەتتاتلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتاپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئورنىغا ئوغلى ئىسمائىل ئولتۇرغانلىقىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، — دېدىم، — دادىسى ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ ئوساللىقىنى ۋە ئۇرۇشقاقلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى 20 يىل قاماقتا تۇتقان ئىدى. بۇ يېڭى شاھ تەختكە چىقىشى بىلەنلا قۇتراپ قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرگۈزدى، بەزىلىرىنى كور قىلىپ قوغلاپ چىقاردى. لېكىن، كېيىن دۈشمەنلىرى ئۇنى ئەپيۇن بىلەن زەھەرلەپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى ۋە تەختكە ئەقلى كەم ئاكىسى مۇھەممەت خۇدابەندىنى چىقاردى. ئۇنىڭ دەۋرىدە پۈتۈن شاھزادىلەر، قېرىنداشلىرى، ۋالىيلار ۋە ئۆزبېكلەر تەرەپ - تەرەپتىن توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ۋە بىزنىڭ سەرھات پاشامىز بىلەن شۇنداق ئۇرۇشتىكى، پارس دىيارى توپا - چاڭ ۋە مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدى. پۇل - دۇنياسىز، ئەقىلسىز ۋە يېرىم ئەما بولغان ھازىرقى شاھنىڭ نە كىتاب يازدۇرغىدەك، نە رەسىم سىزدۇرغىدەك ئەھۋالى يوق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن قەزۋىنىنىڭ ۋە ھىراتنىڭ ھېلىقى ئاجايىپ رەسساملىرى، شاھ تەھمەسپنىڭ رەسىمخانىسىدا ئاجايىباتلارنى ياراتقان بارلىق ياشانغان ئۇستىلار ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى، موي قەلەملىرى ئارقىلىق ئاتلارنى ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقاندەك، كېپىنەكلەرنى سەھىپە يۈزىدە ئۇچۇپ يۈرگەندەك جانلىق تەسۋىرلەپ سىزالايدىغان رەسساملار، رەڭ بەرگۈچىلەر، ئۇستا كىتاب تۈپلىگۈچىلەر، خەتتاتلارنىڭ ھەممىسى ئىشسىز قېلىپ، پۇچۇق تىيىنغا زار بولۇشتى، ھەتتا ئۆي - ماكانسىز قېلىشتى. بەزىلىرى شىمالدا شەيبانىلار① ئارىسىغا، بەزىلىرى شەرقتە ھىندىستانغا، بەزىلىرى ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كەتتى. بەزىلىرى باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنى ۋە شەرىپىنى تۈگەشتۈردى. بەزىلىرى بولسا بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇشۇۋاتقان كىچىك شاھزادىلەرنىڭ، ۋالىيلارنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، كۆپ بولغاندا ئۈچ - تۆت سەھىپە رەسىمى بار بولغان ئالىقانچىلىك كىتابلار ئۈچۈن ئىشلەشكە باشلىدى. ئاددىي ئەسكەرلەر، قارا قورساق پاشالار، ئەركە - نايناق شاھزادىلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن ئالدىراپ - سالدىراپ يېزىلىپ، قول ئۈچىدا

① شەيبانىلار — ئۆزبېكلەر — ت.

نەقىشلەنگەن ئەرزان باھالىق كىتابلار ھەممە يەرنى قاپلىدى.

— ئۇلار قانچە تەڭگىدىن ئىشلەيدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇستاز ئوسمان.

— ئاتاقلىق سادىقى بەگنىڭ بىر ئۆزبېك ئاتلىق ئەسكىرىگە پەقەت قىرىق تىللاغا «ئاجايىبۇل مەخلۇقات» ناملىق رەسىمنى سىزىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شەرق ھەربىي يۈرۈشىدىن ئەرزۇرۇمغا قايتىپ كەلگەن بىر قارا قورساق پاشانىڭ چېدىرىدا، ئۇستاز سىياۋۇشنىڭ قولىدىن چىققان رەسىملەرنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان بىدئەت رەسىملەر بىلەن تولغان بىر رەسىملەر توپلىمىنى كۆردۈم. رەسىم سىزىشتىن ۋاز كېچەلمىگەن بەزى ئۇلۇغ ئۇستازلار كىتابلاردىن خالىي بولغان ئايرىم - ئايرىم رەسىملەرنى سىزىپ سېتىشىدۇ. ئۇ ئايرىم رەسىملەرنى كۆرگەندە، بۇ قايسى ھېكايەنىڭ قايسى كۆرۈنۈشى دېمەيسىز - دە، كۆزىڭىزنىڭ خۇمارىنى چىقىرىش ئۈچۈن پەقەت رەسىمنىڭ ئۆزىنى تاماشا قىلىسىز. مەسىلەن، بۇ نەق بىر ئاتنىڭ ئۆزى بوپتۇ، نېمىدېگەن كۆركەم، دەيسىز. ئاندىن رەسسامغا پۇلنى شۇنىڭ ئۈچۈن بېرىسىز. ئۇرۇش رەسىملىرى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت رەسىملىرىنىڭمۇ بازىرى ئىتتىك. ئادەم سانى كۆپ بولغان ئۇرۇش كۆرۈنۈشى 300 تەڭگىگە چۈشۈپ قالدى ھەمدە بۇنداق رەسىملەرنىمۇ بۇيرۇتقۇچىلار يوق دېگىدەك. بەزىلەر تەننەرخى ئەرزان بولسۇن، خېرىدار چىقسۇن دەپ پاتلانمىغان، پارقىراقلىقى يوق قەغەزگە بوياقمۇ ئىشلەتمەي رەڭسىز رەسىملەرنى سىزىدىغان بولدى.

— ئىنتايىن تالانتلىق ۋە ماھارەتلىك بىر ھەلچىم بار ئىدى، — دېدى ئۇستاز ئوسمان، — ئۇ شۇنداق نەپىس ئىش قىلاتتىكى، شۇڭا بىز ئۇنى نازاكەتلىك ئەپەندى دەيتتۇق. لېكىن ئۇمۇ بىزنى تاشلاپ غايىب بولدى. ئالتە كۈندىن بېرى ھېچيەردىن خەۋىرى يوق.

— بۇ رەسىمخانىنى، بۇ ئىللىق ئائىلىنى كىممۇ تاشلاپ كېتەلىسۇن؟ — دېدىم.

— شاگىرت ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ مەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ياش ئۇستىلاردىن كېيىنەك، زەيتۇن، لەيلەك ۋە نازاكەتلىك ئەپەندى قاتارلىق تۆتەيلەن سۇلتانىمىزنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ھازىر ئۆيلىرىدە رەسىم

سىزىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇستاز ئوسمان.

بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت — كۆرۈنۈشتە، پۈتۈن رەسىمخانىدىكىلەرنى بۇ تويىنامىنى ئىشلەشكە قاتناشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئارامخۇدا ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. سۇلتان بۇ قېتىم ئۇستا رەسساملىرىغا بۇ ئالاھىدە كىتاب ئۈچۈن ئوردا سەيناسىدا مەخسۇس خىزمەت ئورنى تەسىس قىلدۇرماي، ئۇلارغا ئۆيلىرىدە ئىشلەشنى بۇيرىغانىدى. بۇ بۇيرۇقنىڭ يېزنە تاغامنىڭ كىتابى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ سۈكۈت قىلدىم. ئۇستاز ئوسماننىڭ سۆزىدە زادى قانچىلىك ئىما ـ ئىشارەت بار ئىدى؟

— نۇرى ئەپەندى، — دەپ توۋلىدى ئۇ دوك ۋە سولغۇن بىر رەسسامنى، — قارا ئەپەندىنى باشلاپ رەسىمخانىنى كۆزدىن كەچۈرگۈزگىن!

"كۆزدىن كەچۈرۈش" دېگىنىمىز، سۇلتانىمىز ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم رەسىمخانا بىناسىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم ئىدى، قەلبلەر لەرزىگە كېلىدىغان شۇ دەقىقىلەردە، سۇلتانىمىز رەسىمخانىدىكى پائالىيەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى. مالىيە ۋەزىرى خازىم، شاھنامىچىلىق ۋەزىرى لوقمان ۋە باش رەسسام ئۇستاز ئوسمانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇلتانىمىزغا رەسىمخانىدىكى ئۇستىلارنىڭ قايسى كىتابلارنىڭ قايسى سەھىپىلىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقانلىقى، كىمنىڭ قايسى بېزەكنى قىلىۋاتقانلىقى، كىمنىڭ قايسى رەسىمگە رەڭ بېرىۋاتقانلىقى، رەڭ بەرگۈچىلەر، جەدۋەل تۈزگۈچىلەر، ھەلكەشلەرنىڭ، شۇنداقلا، قوللىرىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان قولى گۈل ئۇستا رەسساملارنىڭ ھەر قايسىسى قايسى ئىشلار بىلەن بەنت ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلەتتى.

ئۇلارنىڭ بىر مەيدان تەقلىدىي مۇراسىم ئۆتكۈزگىنىنى كۆرۈپ تولىمۇ مەيۈسلەندىم. چۈنكى، رەسمى سىزىلىدىغان كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىگە مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان شاھنامىچىلىق ۋەزىرى لوقمان جانابلىرى ياشىنىپ كۈچىدىن قېلىپ ئۆيىدىن چىقالماس بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باش رەسسام ئوسمان ئۈستىمۇ ھەمىشە خاپىلىق تارتىپ، ئاچچىق يۈتۈپ يۈرىۋېرىشكە پايلىماي، كىشىگە قارىسىنى كۆرسەتمەس بولۇۋالغان ئىدى. يەنە كېلىپ، "كېپىنەك"، "زەيتۇن"، "لەيلەك" ۋە "نازا-

كەتلىك“ دېگەن تەخەللۇسلىرى بار تۆت ئۇستازمۇ ئۆيلىرىدە ئىشلەيتتى. شۇ ۋەجىدىن، سۇلتان ئالىيلىرىمۇ ئەمدى رەسىمخانىدا بالىلارچە ھۇزۇرلىنىپ شادلىنالمايتتى. نۇرى ئەپەندىگە كەلسەك، گەرچە ئۇمۇ باشقا نۇرغۇنلىغان رەسساملارغا ئوخشاش، يا تۇرمۇشتىن ھېچ بەھرىلىنەلمەي ياكى ھۇنىرىنى كامالەتكە يەتكۈزەلمەي بىھۇدە قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نۇرغۇن يىللارنى ئىش تاختىسىغا بىھۇدە ئېڭىشىپ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن دوك بولغان ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇ باشتىن ـ ئاخىر رەسىمخانىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا، كىمنىڭ قايسى چىرايلىق سەھىپىنى ئىشلىگەنلىكىگە تەپسىلىي دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، سۇلتانىمىزنىڭ شاھزادىلىرىنىڭ سۈننەت تويى مەرىكىلىرىنى بايان قىلىدىغان «تويىنامە»نىڭ ئاجايىپ سەھىپىلىرىنى تۇنجى قېتىم ھاياجان بىلەن كۆزدىن كەچۈردۈم. ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىن بولغان پۈتۈن ئىستانبۇللۇقلار قاتناشقان، 52 كۈن داۋاملاشقان بۇ سۈننەت توينىڭ ھېكايىلىرىنى مەن پارس دىيارىدىكى ۋاقتىمدا ئاڭلىغانىدىم. لېكىن ئۇ چاغدا بۇ مۇراسىمنى بايان قىلىدىغان بۇ كىتاب تېخى ئىشلىنىۋاتقانىكەن.

ئالدىمدا تۇرغان تۇنجى رەسىمدە، جاھان پاناھى سۇلتانىمىز مەرھۇم ئىبراھىم پاشانىڭ ئوردا ئايۋىنىدا ئولتۇرۇپ، تۆۋەندىكى بەيگە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ياقتۇرۇپ تاماشا قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى. ئۇنىڭ چىرايى باشقىلاردىن پەرقلىق دەرىجىدە نەپىس سىزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن سىزىلغانىدى. سۇلتانىمىزنىڭ رەسىمىنىڭ سول تەرىپىدىكى بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى سەھىپىلىك رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى پارچىسىدا دېرىزىلەر ۋە يۇمىلاق ئەگمە تۈۋرۈكلۈك كارىدور نامايەن قىلىنغان، كارىدوردا ۋەزىرلەر، پاشالار، پارس، تاتار، پەرەڭ ۋە ۋېنېتسىيە ئەلچىلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۇلتان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممەيلەن قول ئۇچىدا دىققەتسىزلىك بىلەن سىزىلغان بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى نىشانلاردىن كۆزلىرىنى مەيداندىكى پائالىيەتكە تىككەنىدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە شۇنى بايقىدىمكى، باشقا رەسىملەردىمۇ تام نەقىشلىرى، دەرەخ-

لەر، كاھىشلار باشقا ئۇسلۇب ۋە باشقا رەڭلەر بىلەن سىزىلغان بولسىمۇ، لېكىن جايلاشتۇرۇشتا ۋە رەسىمنىڭ قۇرۇلمىلىرىدا تەكرارلىق بار ئىدى. يېزىقلار خەتتاتلار تەرىپىدىن يېزىلىپ، رەسىملىرى سىزىلىپ بولۇپ، كىتاب تۇپلەنگەندىن كېيىن سەھىپىلىرىنى ۋاراقلىغان ئوقۇرمەن سۇلتان ۋە سورۇنغا تەكلىپ قىلىنغۇچىلارنىڭ پۇتۇنلەي ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ، ئوخشاش نەزىرى بىلەن ئوخشاش ئات بەيگە مەيدانىغا قاراپ تۇرغانلىقىنى، لېكىن پۇتۇنلەي باشقىچە رەڭلەر ئارقىلىق پۇتۇنلەي باشقىچە بىر تەبرىك-لەش پائالىيىتىنى كۆرۈۋالاتتى.

مەنمۇ كۆردۇم: ئۇ يەرگە، يەنى ئات بەيگە مەيدانىغا قويۇلغان نەچچە يۈز چىنە گۈرۈچ تاماقنى بۇلىغانلارنى كۆردۇم؛ كالا گۆشى كاۋىپىنىڭ ئارىسىدىن تىرىك توشقانلار ۋە قۇشلار سەكرەپ - ئۇچۇپ چىققاندا كاۋاپ بۇلىماقچى بولغانلارنىڭ قورقانلىقىنى كۆردۇم؛ چاقلىق هارۋا بىلەن سۇلتانىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئارىسىدىن بىر ەيلەننى هارۋىغا ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ تېنىنى زەخمىلەندۈرمەي تۇرۇپ، يالىڭاچ مەيدىسىگە قو-يۇلغان تۆت بۇرجەك سەندەلدە مىس سوققان ئۇستا مىسكەرلەرنى كۆردۇم؛ پادىشاھنىڭ ئالدىدىن هارۋىدا ئۆتكەندە، ئەينەكلەرنىڭ ئۇستىگە قەلەمپۇر، سەرۋىلەرنى سىزغان ئەينەكچىلەرنى ۋە تۆگىلەرگە يۈكلەنگەن تاغار - تا-غار شېكەرلەر بىلەن جانىۋارلارنى ياساپ، قەپەس - قەپەستە شېكەردىن يا-سالغان تۇتى قۇشلارنى نامايەن قىلىپ ئۆتكەچ، يېقىملىق شېئىرلارنى ئو-قۇغان شېكەرچىلەرنى ھەممە هارۋا ئىچىدە خىلمۇ خىل ئاسمىلىق، ئىلغۇ-لۇق، سۇرمىلىك، چىشلىق قۇلۇپلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ناچارلىقىدىن شىكايەت قىلىپ ئۆتكەن ياشانغان قۇلۇپسازلارنى كۆردۇم؛ سېھىرگەرلەر تەسۋىرلەنگەن رە-سىملەر ئۇستا رەسساملاردىن كېيىنەك، لەيلەك ۋە زەيتۇنلارنىڭ قولىدىن چىققان ئىدى. بىر سېھىرگەر تاياقنىڭ ئۇستىدە تۇخۇملارنى گويا كەڭ بىر مەرمەر تاشنىڭ ئۇستىدىن ماڭغۇزغاندەك زادى چۈشۈرۈۋەتمەي ماڭ-غۇزاتتى، يەنە بىرى ئۇنىڭغا داپ چېلىپ بېرەتتى؛ كېمە باشلىقى قىلىچ ئەلى پاشا دېڭىزلاردا ئەسىرگە ئالغان كۈپپارلارغا لايدىن بىر "كۈپپار تې-غى" ياسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، دەل سۇلتا-

نىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا تاغنىڭ ئىچىدىكى پارتلاتقۇچ دورىنى پارت-لىتىپ، ئۆزىنىڭ كۇپپارلار مەملىكىتىنى قانداق خانىۋەيران قىلغانلىقى-نى كۆرسەتكەنىدى؛ رەسىمدە يەنە قوللىرىدا قىڭراق تۇتقان، قىزىل ۋە بە-نەپشە رەڭلىك كىيىملەرنى كىيگەن ساقال - بۇرۇتسىز، ئايال چىراي قاسساپلارنىڭ تېرىسىنى سويۇپ كانارلارغا ئېسىۋەتكەن ھالرەڭ قوي گۆشلىرىگە قاراپ كۇلۇمسىرەپ تۇرغىنىنى كۆردۇم؛ سۇلتانىمىزنىڭ ھۇ-زۇرىغا زەنجىرلەپ ئېلىپ كەلگەن شىرنى قىرقىتقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن تاماشىبىنلارنىڭ شىر باققۇچىلار-نى ئالقىشلاۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر سەھىپىدە ئىسلامغا سىمۋول قىلىنغان شىرنىڭ كۇپپارلارغا سىمۋول قىلىنغان بوز ۋە ھالرەڭدە بويالغان چوش-قىنى قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۇم؛ ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساتىراشخانىنىڭ تورۇسىدىن پەسكە ھاۋا تاپان بولۇپ ساڭگىلاپ تۇرۇپ خېرىدارنىڭ چېچىنى ياساۋاتقان ساتىراشنىڭ، ساتىراشنىڭ ئۇ خېرىدارغا كۈمۈش قاچىدىكى ئەتىر سوپۇن بىلەن ئەينەكنى تۇتۇپ چاي پۇلى تاما-سىدا خەيرلىك تىلەۋاتقان قىزىل كىيىملىك شاگىرتىنىڭ رەسىمىگىمۇ قانغىچە قارىغاندىن كېيىن، بۇ رەسىمنى سىزغان ئىستېداتلىق رەسسام-نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدىم.

— رەسىمدە ھەقىقىي مۇھىم بولغىنى رەسسامنىڭ سالاھىيىتى ئە-مەس، بەلكى ئۇنىڭ گۈزەللىك ئارقىلىق كىشىلەرنى ھايات مەزمۇنىنىڭ مول ۋە رەڭدارلىقىغا مايىل قىلىپ، ئۇلارنى مېھىر - مۇھەببەتكە، ئاللاھ ياراتقان رەڭدار ئالەمگە نىسبەتەن ھۆرمەتكە، قەلب دۇنياسىنى ئىمانغا دالالەت قىلالىغانلىقىدۇر.

رەسسام نۇرى مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ بەكرەك ھىيلىگەر ئىدى. ئۇ يېزنە تاغامنىڭ مېنى بۇ يەرگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەنلىكىنى سېزىۋالدىمۇ ياكى باش رەسسام ئۇستاز ئوسماننىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلدىمۇ، ئىشقى-لىپ گەپ - سۆزدە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

— مانا بۇ ھەلچىلىكلەرنى نازاكەتلىك ئەپەندى ئىشلىگەنمىدى؟ ھا-زىر ئۇنىڭ ئورنىغا ھەلچىلىكنى كىم قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ھويلىغا قارىغان ئوچۇق ئىشىكنىڭ سىرتىدىن باللارنىڭ قىيا -

چىيالىرى، ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تۆۋەندە، تارماق باشلىق-لىرىدىن بىرى، ئېھتىمال يانچۇقىغا قىزىل بوياق تالقىنى ياكى ئالتۇن رەڭلىك زەر قەغەزلەرنى يوشۇرغان شاگىرتلارنى پالاقا ياتقۇزغان بولسا كېرەك. بەلكىم بايا سوغۇقتىن تىترەپ كۆتۈپ تۇرغان ئىككى بالا جازالان-دىغۇ دەيمەن. ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ياش رەسساملار تاماشا كۆرگىلى دەرۋازىغا يۈگۈرۈپ بېرىشتى.

ــــ شاگىرتلار بۇ رەسىمدە بەيگە مەيدانىنىڭ يەر يۈزىنى ئۇستاز ئوس-مانىنىڭ بۇيرۇغىنىدەك گۈل رەڭلىك ھال بوياقتا بوياپ پۈتتۈرگىچە، ــــ دې-دى نۇرى ئەپەندى ئېھتىيات بىلەن، ــــ قېرىنداشىمىز نازاكەتلىك ئەپەن-دىمۇ خۇدا بۇيرىسا كەتكەن يېرىدىن قايتىپ كېلىپ، بۇ ئىككى سەھىپە-نىڭ ھەلچىلىكىنى قىلىپ پۈتتۈرەر. ئۇستازىمىز رەسسام ئوسمان نازا-كەتلىك ئەپەندىدىن ئات بەيگە مەيدانىنىڭ يەر يۈزىنى ھەر قېتىم باشقا بىر رەڭدە، يەنى گۈلرەڭ ھال بوياق، ھىندى يېشىلى، زەپىرەڭ سېرىقى ياكى غاز مايىقى رەڭلىرىدە بوياشنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى، رەسىمنىڭ تۈنجى نۇسخىسىنى كۆرگەن كىشى دەسلەپتە ئۇ يەرنىڭ مەيدان ئىكەنلىكىنى ئۇ-نىڭ توپا رەڭ بويالغانلىقىغا قاراپ چۈشەنسە، ئىككىنچى، ئۈچىنچى رە-سىملەردە كۆزنى ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن باشقا رەڭلەرنى تەلەپ قىلاتتى. رەسىم بولسا سەھىپىنى زىننەتلەش ئۈچۈن سىزىلاتتى.

بىر بۇلۇڭدا بىر ياردەمچى قويۇپ قويغان، ئۈستىگە رەسىم سىزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى كۆردۈق. ئۇ ياردەمچى بىر «زەپەرنامە» ئۈچۈن سىزىلى-دىغان، پاراخوت ئەترىتىنىڭ ئۇرۇشقا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تاق سەھىپىلىك رەسىم ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپتۇ. لېكىن مەلۇمكى، ئۇ تا-پانلىرى تاياقتا يېرىلىپ كەتكەن دوستىنىڭ پەريادلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرگىلى كەتكەنىدى. بىر ئۇلگىدىن پايدىلىنىپ قايتا سىزغان پاراخوتلار گويا دېڭىز يۈزىگە تەگمەي ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. لېكىن يەل-كەنلەردە ئەكس ئەتكەن شامال يۆنىلىشىگە نىسبەتەن ئېنىقسىزلىق ئۇل-گىدىن كەلگەن سەۋەنلىك ئەمەس، بەلكى ياش رەسسامنىڭ قابىلىيەتسىز-لىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇلگىنىڭ قايسى كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر كونا كىتابتىن، ئېھتىمال، بىرەر رەسىملەر توپلىمىدىن

قوپاللىق بىلەن كېسىۋېلىنغانلىقىنى پەملەپ ھەسرەتلەندىم. مەلۇمكى، ئۇستاز ئوسمان ھازىر نۇرغۇن ئىشلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى.

نۇرى ئەپەندى نۆۋەت ئۆزىنىڭ ئىش تاختىسىغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئۈچ ھەپتە ئولتۇرۇپ ئىشلەپ مۆھۈر پەدىزىنى پۈتكۈزگەنلىكىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. كىمگە قانداق مەقسەت بىلەن ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى مەخپىي تۇتۇش يۈزىسىدىن ئاق قەغەزگە سىزىلغان مۆھۈرگە ۋە ئۇنىڭ پەدىزىگە ھۆرمەت بىلەن قارىدىم. شۇنىسى ماڭا مەلۇم ئىدىكى، شەرقتە ناھايىتى كۆپ قانائەتسىز پاشالار سۇلتان ئائىلىرىنىڭ يۇقىرى ئىناۋەت ۋە نوپۇزغا ئىگە بولغان ئەنە شۇ مۆھۈرلىرىنى كۆرۈپ ئىسياندىن ۋاز كەچكەن ئىدى.

كېيىن، خەتتات جامال يېزىپ پۈتتۈرۈپ تاشلاپ قويغان ئەڭ ئاخىرقى ئاجايىباتلارنى كۆردۇق. ئەسلى ھۈنەرنىڭ خەتتە ئىكەنلىكىنى، رەسىم بولسا خەتنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنىلا ئوينايدىغانلىقىنى پەش قىلىپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگەن، رەڭ ۋە رەسىمنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان رەقىبلىرىمىزنىڭ — رەڭ ۋە رەسىم دۈشمەنلىرىنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك نىيىتىدە ئۇنى ۋاراقلاپلا ئۆتۈپ كەتتۇق.

جەدۋەلچى ناسىر ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ دەۋرىدىن قالغان نىزامىنىڭ «خەمسە»سىدىن بىر سەھىپىنى، يەنى خۇسرەۋنىڭ شېرىنىنى يالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتقاندا كۆرگەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن بىر رەسىمنى تۈزىتىۋاتقان دەپ بۇزۇۋاتاتتى.

92 ياشلىق يېرىم ئەما بىر پېشقەدەم ئۇستاز بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ 60 يىل ئىلگىرى تەبرىزدە ئۇستاز بەھزاتنىڭ قولىنى سۆيگەنلىكىنى، ئەينى چاغدا ئۇ پېشۋا ئۇستازنىڭ ئەما ھەم مەست ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، بۇ ھېكايىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. مانا ھازىر ئۇ ماڭا بىر قەلەمداندىكى نەقىشلەرنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كۆرسەتتى. بۇ قەلەمدان ئۈچ ئايدىن كېيىن پۈتسە، ئاندىن سۇلتانىمىزغا بايراملىق ھەدىيە قىلىناتتى.

تۆۋەنكى قەۋەتتىكى تارچۇق ھۇجرىلاردا 80 گە يېقىن رەسسام، بالا شاگىرت ۋە شاگىرتلار ئىشلەۋاتقان بولۇپ، پۈتۈن رەسىمخانىنى بىر خىل جىمجىتلىق باسقانىدى. بۇ مەن كۆپ ئاڭلىغان تاياق زەربىسىدىن كېيىن-

كى جىمجىتلىق ئىدى. بەزىدە كىشىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان قاتتىق كۈلكە - چاقچاق، بەزىدە شاگىرتلىق يىللىرىنى ئەسلىتىدىغان ھەسرەت-لىك ئۇھ تارتىش ۋە يىغا ئالدىدىكى ئىڭراشلار ئاڭلىناتتى. ئۇستا رەس-ساملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ شاگىرتلىق يىللىرىدا يېگەن تاياقلىرىنى ئەسلە-شەتتى. 92 ياشلىق يېرىم ئەما ئۇستاز ماڭا بىر نەرسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى، ئۇ بولسىمۇ بۇ يەردە، يەنى بارلىق ئۇرۇش ۋە پاراكەندى-چىلىكلەردىن يىراق بىر يەردە ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرقى چەككە يېتىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. زامانى ئاخىر بولۇش ئالدىدا شۇنداق بىر جىمجىتلىق بولارمىش.

رەسىم — تەپەككۇرنىڭ جىمجىتلىقى، كۆرۈش سېزىمىنىڭ مۇزد-كىسى.

خۇشلىنىش ئۇچۇن ئۇستاز ئوسماننىڭ قولىنى سۆيگىنىمدە، ئۇ-نىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمەتىملا ئەمەس، بەلكى تامامەن باشقىچە بىر خىل تۇيغۇنى ھېس قىلىپ، كۆڭلۈم بەكلا بىئارام بولدى. بىر دانىشمەنگە نىس-بەتەن ئېھتىرام ئارىلاش بىر خىل ئېچىنىش ۋە غەلىتە بىر گۇناھكارلىق ھېسسىياتىنىمۇ سەزدىم. ئېھتىمال، پەرەڭ ئۇستازلارنىڭ ئۇسۇللىرىنى يوشۇرۇن - ئاشكارا تەقلىد قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان يېڭى تاغامنىڭ ئۇ-نىڭغا رەقىب بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق تۇيغۇدا بولسام كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەلكىم ئۇلۇغ ئۇستازنى ھايات ۋاقتىدا ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۇم بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلغاندى-مەن، شۇڭا ئۇنى خۇش قىلىش ئارزۇسى بىلەن بىر سوئال سورىدىم:

— ئۇلۇغ ئۇستازىم، مۆھتەرەم جانابىڭىز مۇنەۋۋەر رەسسام ئادەتتە-كى رەسسامدىن نېمىسى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ؟

مەن خۇشامەت يۈزىسىدىن سورالغان بۇنداق سوئاللارغا ئادەتلەنگەن باش رەسسام ماڭا جەزمەن بىپەرۋالىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، دەرۋەقە شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتى دەپ ئويلىغان ئىدىم.

— مۇنەۋۋەر رەسسامنى ماھارەتسىز، ساپاسىز رەسسامدىن پەرقلەن-دۈرىدىغان بىرەر ئۆلچەم يوق، — دېدى ئۇ جىددىي ھالدا، — بۇ دەۋرگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھۈنەر - سەنئەتىمىزگە تەھدىت سالىدىغان رە-

زىلىلىكلەرگە قارىتا رەسسامنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە ماھارىتىنىڭ قانداقلىقى مۇھىم. مەن ھازىر بىر ياش رەسسامنىڭ قانچىلىك مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۈچ نەرسىنى سورايمەن.

— بۇلار قايسىلار؟

— ئۇ يېڭى ئادەتكە ماسلىشىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋە پەرەڭلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسىي رەسىم ئۇسلۇبى، ئۇسۇلىنى يارىتىش ئۈچۈن چىڭ تۇرامدۇ؟ رەسسام بولۇش سۈپىتى بىلەن قىياپەت جەھەتتە كىشىلەردىن ئايرىم تۇرۇشنى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇشنى تەلەپ قىلامدۇ؟ بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پەرەڭ ئۇستازلاردەك رەسىمنىڭ بىر يېرىگە ئىمزا قويۇشقا تىرىشامدۇ؟ مانا بۇنى بىلىش ئۈچۈن مەن ئۇنىڭدىن ئالدى بىلەن "ئۇسلۇب" ۋە "ئىمزا" ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە قاراشلىرىنى سورايتتىم.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — دەپ سورىدىم ھۆرمەت بىلەن.

— ئۇنىڭدىن كېيىن، دەسلەپ بىزگە كىتابلارنى ھاۋالە قىلغان شاھى سۇلتانلار ئالەمدىن ئۆتۈپ، كىتابلار قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، پارچىلىنىپ، بىز سىزغان رەسىملەردىن كېيىنكىلەر باشقا دەۋرلەردە باشقا كىتابلار ئۈچۈن پايدىلانغاندا، بۇ رەسسامنىڭ بۇنىڭغا قارىتا قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى بىلىشنى خالايتتىم. بۇ مەيۈسلىنىدىغان ياكى خۇشال بولىدىغان مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى، ئىنتايىن سەزگۈر بىر مەسىلە. شۇ ۋەجىدىن، رەسسامدىن "ۋاقىت" ھەققىدە، يەنى رەسسامنىڭ ۋاقتى بىلەن ئاللاھنىڭ ۋاقتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى سورايتتىم، چۈشەندىڭمۇ ئوغلۇم؟

مەن چۈشەنمىدىم، لېكىن چاندۇرماستىن: — ئۈچىنچىسىچۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۈچىنچىسى "ئەمالىق!" — دېدى ئۇلۇغ ئۇستاز باش رەسسام ئوسمان ۋە بۇ چۈشەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان ئاشكارا بىر نەرسىدەك زوۋان سۈرمىدى.

— ئەمالىق دېگىنىمىز قانداق ئىش؟ — دېدىم مەن خىجالەت بولغان ھالدا.

— ئەمالىق دېگىنىمىز، سوكۇتتىن ئىبارەتتۇر. بايا مەن دېگەن بىـ-
رىنچى بىلەن ئىككىنچىنى بىرلەشتۈرسەڭ ئەمالىق مەلۇم بولىدۇ. رە-
سىمنىڭ ئەڭ نازۇك يېرى، ئاللاھ نازىل قىلغان قاراڭغۇلۇقتا ئايان بول-
غاننى كۆرۈش دېمەكتۇر.

گەپ - سۆز قىلماي تاشقىرىغا چىقتىم ۋە مۇز توڭلاپ كەتكەن پە-
لەمپەيلەردىن ئالدىرىماي چۈشتۇم. ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ئۈچ چوڭ سوئالىنى
كېپىنەك، زەيتۇن، لەيلەكلەردىن سوراپ بېقىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. مەن
بۇنى پاراڭغا تېما چىققىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم بىلەن دېمەتلىك
بولغان بۇ ئۈچ نەپەر رەسسامنى تېخىمۇ چۈشىنىش ئۈچۈن سورى-
ماقچى بولدۇم.

لېكىن بۇ ئۇستا رەسساملارنىڭ ئۆيلىرىگە شۇئان بارمىدىم. يەھۇ-
دىيلار مەھەللىسىنىڭ يېنىدىكى دېڭىز قولتۇقى بىلەن يۇسفۇر بوغۇزى
قوشۇلىدىغان يەرنى ئۈستى تەرەپتىن كۆرگىلى بولىدىغان يېڭى بازاردا
ئېستىر بىلەن ئۇچراشتىم. نەرسە سېتىۋېلىۋاتقان دېدەكلەر، نامراتلار
مەھەللىسىدە ئولتۇرىدىغان، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ئۇزۇن چاپانلارنى كى-
يىپ يۈرىدىغان ئاياللار ۋە پۈتۈن دىققىتى بىلەن سەۋزە، بېھى، پىياز، تو-
رۇپ، چامغۇرلارنى تاللاپ يۈرگەن كىشىلەر توپى ئارىسىدا ھالرەڭ يەھۇ-
دىيچە پېرىجە كىيگەن، تېتىك ۋە بەستلىك كۆرۈنىدىغان، قاش - كۆزلى-
رىنى ئوينىتىپ، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ تۇرىدىغان، قىزىقچى ئايال
ئېستېرنى ئۇچراتتىم.

ئۇ، مەن ئۇنىڭغا بەرگەن خەتنى گويا پۈتۈن بازار بىزنى كۆزىتىۋات-
قاندەك ناھايىتى سىرلىق تۇستە ئېھتىيات بىلەن شاراۋار شىمىنىڭ ئى-
چىگە سالدى. ئۇ شەكۈرەنىڭ مېنى ئويلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. تاپان ھەق-
قىنى ئالدى، مەن ئۇنىڭدىن "خۇدا ھەققىدە تېزرەك يەتكۈزۈپ بەرگىن" دەپ
ئۆتۈنۈۋىدىم، ئۇ بوغچىسىنى ئىشارەت قىلىپ ناھايىتى كۆپ ئىشى بارلى-
قىنى ئۇقتۇردى ۋە خەتنى پەقەت چۈش ۋاقتىدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيت-
تى. ئۇنىڭدىن شەكۈرەگە ئۈچ نەپەر ياش ئۇستاز بىلەن كۆرۈشكىلى بارى-
دىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدىم.

# 12. مېنى "كېپىنەك" دېيىشىدۇ

پېشىن نامىزىدىن ئاۋۋالقى چاغ ئىدى، دەرۋازا قېقىلدى، ئېچىپ قارىسام قارا ئەپەندى ئىكەن، شاگىرتلىق چاغلىرىمىزدا بىر مەزگىل بىللە بولغانىدۇق، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ھازىر يېزنە تاغىسىدىن بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ خۇش بولغانىدىم، ئەمما دوستلۇق ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، رەسىم سىزىلغان سەھىپىلەرنى، رەسىملىرىمنى كۆرىدىغانلىقىنى، سۇلتانىمىز نامىدا مېنى بىر سوئال بىلەن سىناپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— خوپ، مەندىن قانداق سوئال سورىماقچىسىز؟ — دېدىم.

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى ئۇ.

## ئۇسلۇب ۋە ئىمزا

— رەسىمنى كۆز خۇمارى ۋە ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ئۈچۈن ئەمەس، پۇلى ۋە نامى ئۈچۈن سىزىدىغان پەسكەشلەر كۆپ ئىكەن، — دېدىم، — بىز ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇسلۇب ۋە ئىمزاغا بولغان تەلۋىلەرچە ئىنتىلىشنىلا ئەمەس، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان رەزىللىك ۋە تاماخورلۇقنىمۇ كۆرۈۋاتىمىز، — مېنىڭ بۇنداق دېيىشىم ئۆز سۆزۈمگە ئىشەنگەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى قانۇنىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى. چۈنكى ھەقىقىي قابىلىيەت ۋە ماھارەت ئالتۇن ۋە ئاتاققا بولغان ھېرىسمەنلىك بىلەنمۇ بۇزۇلمايدۇ. ھەتتا راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭچە، پۇل ۋە ئاتاق ماھارەت ئىگىسىنىڭ ئەقەللىي تېگىشلىك ھوقۇقى بولۇپ، ئۇنى ھۈنەرگە تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. لېكىن بۇنداق دېسەم، رەسساملار تائىپىسىدىكى ھەسەتخورلۇقتىن قۇترىغان ئادەتتىكى رەسساملار مېنى قۇرۇق گەپ قىلدى دەپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمما بۇ كەسىپنى ئۇلاردىن

بەكرەك قىزغىن سۆيىدىغانلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر تال گۈرۈچ دې-
نىغا بىر دەرەخنى سىزىمەن. پەرەڭلەرنىڭ تەسىرى بىلەن، جىزۋىت① پوپ-
لىرى غەربتىن ئېلىپ بارغان رەسىملەرگە ئىشىنىپ يولدىن چىققان بەزى
بىچارە جۇڭگولۇق ئۇستازلار ئارقىلىق شەرقتىن بۇ "ئۇسلۇب"، "ئىمزا"
ۋە "كىشىلىك" ھەۋەسلىرىنىڭ بىزگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى بىلگەنلى-
كىم ئۈچۈن، سىلەرگە بۇ ھەقتە قىسسە دېيىشكە بولىدىغان ئۈچ ھېكايىنى
سۆزلەپ بېرەي.

## ئۇسلۇب ۋە ئىمزا ھەققىدە ئۈچ ھېكايە

### ئا

بۇرۇنقى زاماندا، ھىراتنىڭ شىمالىدىكى بىر تاغلىق قەلئەدە نەقىش
ۋە رەسىمگە قىزىقىدىغان بىر ياش خان ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەرەمخانىسىدىكى
ئاياللاردىن بىرىنىلا ياخشى كۆرىدىكەن. خان ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرى-
دىغان گۈزەللەر گۈزىلى بولغان بۇ تاتار قىزىمۇ خانغا ئاشىق ئىكەن. ئۇلار
تاڭ ئاتقىچە تەرلەپ - پىشىپ شۇنداق مۇھەببەتلىشىدىكەن ۋە شۇنداق
بەختىيار ئىكەنكى، ھاياتلىرى ھەمىشە شۇنداق داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قى-
لىدىكەن. ئۇلار بۇ تىلەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى
كىتابلارنى ئېچىپ پېشقەدەم ئۇستازلار سىزغان ئاجايىپ ۋە نۇقسانسىز
رەسىملەرنى سائەتلەپ، كۈنلەپ ئۈزۈلدۈرمەي كۆرۈش ئىكەنلىكىنى بايقاپ-
تۇ. ئوخشاش ھېكايىلەرنىڭ قىلچە پەرقلەنمەي بىر - بىرىنى تەكرارلايدى-
غان نۇقسانسىز رەسىملىرىنى كۆرگەنسېرى گويا ۋاقىت توختاپ قالغان-
دەك ۋە ھېكايىدە بايان قىلىنغان ئالتۇن دەۋرلەردىكى بەختىيار، ئاسا-
يىشلىق زامانلارغا ئۆز خۇشاللىقلىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىپ-
تۇ. خاننىڭ رەسىمخانىسىدا ئوخشاش رەسىملەرنى ئوخشاش كىتابلارنىڭ
سەھىپىلىرى ئۈچۈن يېڭىۋاشتىن ئوخشاش نۇقسانسىز ھالدا سىزغان
ئۇستىلارنىڭ ئۇستىسى بولغان بىر رەسسام بار ئىكەن. بۇ ئۇستا رەسسام
ئادەت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن پەرھادنىڭ شىرىنگە بولغان مۇھەببىتىدىن

---

① جىزۋىت — ئىسا جەمئىيىتى دېيىلگەن بىر خرىستىئان تەرىقىتىنىڭ ئورگىنى — ت.

چەككەن ھەسرىتىنى، مەجنۇن بىلەن لەيلىنىڭ بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق ۋە سېغىنىش بىلەن قاراشلىرىنى ياكى خۇسرەۋ بىلەن شىرىنىڭ جەننەت مىسالى باغچىسىدا بىر ـ بىرى بىلەن قوش مەنىلىك قاراشلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى بىر كىتاب سەھىپىسىگە سىزغىنىدا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئورنىغا خان بىلەن تاتار گۈزىلىنىڭ رەسىمىنى سىزىپتۇ. خان بىلەن مەشۇقى بۇ سەھىپىلەرنى كۆرگەنسېرى، ئۆز خۇشاللىقلىرىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەسلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇستا رەسسامنى ھەمدۇسانا ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە كۆمۈۋېتىپتۇ. لېكىن، ئىلتىپات ۋە ئالتۇننىڭ كۆپلۈكى ئۇستا رەسسامنى ئاخىرى يولدىن چىقىرىپتۇ ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۇ ئۆز رەسىملىرىنىڭ نۇقسانسىزلىقتا كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن پېشقەدەم ئۇستازلارغا قەرزدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپتۇ ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن رەسىملەردە ئۆز خاراكتېرىنىمۇ قوشۇپ ئەكس ئەتتۇرسە بۇ رەسىملەر تېخىمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن خان بىلەن مەشۇقى ئۇنىڭ بۇ يېڭىلىقلىرىنى، يەنى، ئۇنىڭ شەخسىي ئۇسلۇب ئىزنالىرىنى نۇقسان دەپ قاراپ بىئارام بوپتۇ. خان بۇ رەسىملەرنى كۆرگەنسېرى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بەختىيارلىقىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە بۇزۇلغانلىقىنى ھېس قىپتۇ، ئۇ ئاۋۋال سەھىپىلەردە پەقەت تاتار گۈزىلى بارلىقىدىن ھەسەت قىپتۇ. كېيىن ئۇ تاتار گۈزىلىنى ھەسەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى باشقا بىر كېنىزەك بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. مەشۇقى ھەرەمخانا غەيۋەتخورلىرىدىن بۇنى ئاڭلاپ شۇنداق مەيۈسلىنىپتۇكى، ئەلەمگە چىدىماي، ھەرەمخانا ھويلىسىدىكى شەمشاد دەرىخىگە جىمجىت ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. بۇ خاتا ئىشنى سەزگەن ۋە بۇنىڭ كەينىدە رەسسامنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ۋە ھەۋىسى بارلىقىنى كۆرگەن خانمۇ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئۇستا رەسسامنى شۇ كۈنى قارىغۇ قىلدۇرۇۋېتىپتۇ.

ب

شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ بىرىدە رەسىم ئىشتىياقى بار بەختلىك ۋە ياشانغان بىر پادشاھ بار ئىكەن. ئۇ يېڭى ئەمرىگە ئالغان گۈزەللەر گۈزى-

لى جۇڭگولۇق رەپىقىسى بىلەن ناھايىتى بەختىيار ياشايدىكەن. بۇ ئارىدا پادىشاھنىڭ ئالدىنقى خوتۇنىدىن بولغان يېقىملىق ئوغلى بىلەن ياش خو-تۇنىنىڭ كۆڭۈللىرى بىر - بىرىگە مايىل بولۇپ قاپتۇ. ئاتىسىغا خىيانەت قىلغىنىدىن قورققان ئوغۇل قانۇنسىز مۇھەببىتىدىن نومۇس قىلىپ، ئۆزىنى رەسىمخانىغا بەنت قىلىپ رەسىم سىزىشقا بېرىلىپتۇ. ئۇ مۇھەب-بىتىنىڭ ھەسرىتى ۋە كۈچى بىلەن رەسىم سىزغانلىقى ئۈچۈن رەسىم-لىرىنىڭ ھەربىرى شۇقەدەر ئېسىل چىقىپتۇكى، ئۇنى كۆرگەنلەر پېشقە-دەم ئۇستازلارنىڭكىدىن پەرقلەندۇرەلمەپتۇ، پادىشاھمۇ ئوغلىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىدىكەن. جۇڭگولۇق ياش رەپىقىسىمۇ رەسىملەرگە قاراپ ”پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق! لېكىن ئىمزا قويۇلمىسا، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ گۈزەللىكنى ئۇنىڭ سىزغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ“ دەپتۇ. ”ئوغلۇم رەسىمگە ئىمزا قويسا، پېشقەدەم ئۇستازلارغا تەقلىد قىلىپ سىزغان بۇ رەسىمنى ناھەق ھالدا ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان بولامدۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەگەر ئىمزا قويسا، ئۆز رەسىمى بىلەن ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى چۈشەندۇرمەمدۇ؟“ پادىشاھنىڭ جۇڭگولۇق خوتۇنى ياشانغان ئېرىنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئىمزا توغرىسىدىكى ئۆزىد-نىڭ بۇ قاراشلىرىنى ئاخىرى رەسىمخانىغا كىرىۋالغان ياش ئوغۇلغا چۈ-شەندۇرۇشكە مەجبۇر بوپتۇ. مۇھەببىتىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، غۇ-رۇرى ئازار يېگەن ئوغۇل شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن گۈزەل ۋە ياش ئۆگەي ئانىسى كۆرسەتكەن بۇ ئەقىلنى قوبۇل قىلىپ، بىر رەسىمنىڭ بۇرجىكىگە، يەنى تام بىلەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر بۇلۇڭغا ئىمزاسىنى قويۇپتۇ. ئىمزا قويغان تۇنجى رەسىم خۇسرەۋ بىلەن شېرىندىن بىر كۆرۈنۈش ئىكەن. سىلەرگە مەلۇم: خۇسرەۋ شېرىننى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىنقى خو-تۇنىدىن بولغان ئوغلى شىرۇيە شېرىنگە ئاشىق بولىدۇ ۋە بىر كېچىسى دېرىزىدىن كىرىپ شېرىننىڭ يېنىدا ياتقان ئاتىسىنىڭ كۆكرىكىگە خەن-جەر سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ياشانغان پادىشاھ ئوغلى قىلغان بۇ قىلمىشنى كۆرسىتىدىغان رەسىمنى كۆرگىنىدە، بىردىنلا رەسىمدە بىر نۇقسان بار-لىقىنى سېزىپتۇ. ئۇ ئىمزانى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىكىمىز-

گە ئوخشاش كۆرگىنىنى پەرق ئېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن رەسىمدىن ئۇنىڭغا پەقەت "بۇ بىر نۇقسانلىق رەسىم" دېگەن ھېسسىيات قاپتۇ. پېشقەدەم ئۇس-تازلارنىڭ رەسىملىرى كىشىلەردە بۇنداق تەسىرات قالدۇرسا بولمايتتى، شۇڭلاشقا مۇشۇ تەسىر تۈپەيلى، ياشانغان پادىشاھ قورقۇنچقا چۈشۈپتۇ. چۈنكى ئۆزى ئوقۇغان بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان نەرسە مەلۇم ھېكايىنى ياكى رىۋايەتنى ئەمەس، ھەرقانداق بىر كىتابقا ئەڭ ياراشمايدىغان نەرسە-نى، بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدىكەن. ياشانغان پادىشاھ بۇنى سەزگىنىدە قورقۇپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا رەسسام ئوغلى خۇددى ئۆزى سىزغان رەسىمدىكىدەك، ھۇجرىنىڭ ئىچىگە دېرىزىدىن كىرىپتۇ ۋە رەسىمدىكىگە ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتىكى خەنجىرنى ئاتىسىنىڭ قورقۇنچتىن ئا-لىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە پەرۋامۇ قىلماستىن كۆكسىگە تىقىۋېتىپتۇ.

ج

بۇنىڭدىن 250 يىل مۇقەددەم قەزۋىندە كىتاب پەردازلاش، خەتتاتلىق ۋە رەسىم سىزىشنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق ھەم ئەڭ قەدىرلىنىدىغان ھۈنەر ـ سەنئەت ئىكەنلىكىنى رەشىدىددىن قەزۋىنى «تارىخ» ناملىق كىتابىدا ئىپ-تىخارلىق بىلەن قەيت قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ چاغلاردا قەزۋىننىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان، ۋىزانتىيىدىن جۇڭگوغىچە بولغان ئارىلىق-تىكى 40 دۆلەتكە ھۆكۈمدار بولغان ــ ئېھتىمال، رەسىم خۇمارى بۇ ئۇ-لۇغ كۈچنىڭ سېھرىدىن بولسا كېرەك ــ شاھنىڭ ئوغلى يوق ئىكەن. شاھ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى ۋاپات بولۇپ كېتىپ قالسا، ئۆز تەسەررۇپى-دىكى مەملىكەتلەرنىڭ پارچىلىنىپ كېتەمەسلىكى ئۈچۈن، ساھىبجامال قىزىغا ئەقىللىق بىر رەسسام ئەر تېپىش قارارىغا كەپتۇ ھەمدە ئۈچ نەپەر بويتاق ياش رەسسام ئۇستىلار ئارىسىدا بىر مۇسابىقە ئېلىپ بېرىپتۇ. رەشىدىددىننىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، مۇسابىقىنىڭ نا-ھايىتى ئاددىي بىر تېمىسى: ئەڭ گۈزەل رەسىمنى كىم سىزىدۇ! دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. خۇددى رەشىدىددىندەك، ياش رەسساملارمۇ بۇنىڭدىن رە-سىمنى پېشقەدەم ئۇستازلاردەك سىزىپ چىقىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس

قىلىپ، ئۇچىلىسى ئەڭ ياقتۇرۇشقا سازاۋەر بولىدىغان بىر كۆرۈنۈش-
نى — جەننەت مىسالى بىر باغچىدا سەرۋى ۋە شەمشاد دەرەخلىرى، قۇر-
قۇنچاق توشقانلار ۋە ئالاقزادە قارلىغاچلار ئارىسىدا، جۇدالىق ۋە پىغان
ھەسرىتىگە چۆمگەن ھالدا يەرگە قاراپ تۇرغان بىر ساھىبجامال قىزنى
سىزىپتۇ. بىر - بىرىدىن خەۋەرسىز ئوخشاش بىر رەسىمنى خۇددى پېش-
قەدەم ئۇستازلاردەك سىزىپ چىققان ئۈچ رەسسامدىن بىرى ئۆزىنى ئالاھى-
دە پەرقلىق كۆرسەتمەكچى بولۇپ، رەسىمنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆزىگە مەد-
سۇپ قىلىش ئۈچۈن باغچىنىڭ ئەڭ خىلۋەت يېرىدىكى نەرگىس گۈللىرى-
نىڭ ئارىسىغا ئىمزاسىنى يوشۇرغانىكەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنى پېشقەدەم
ئۇستازلارنىڭ كىچىك پېئىللىقىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان بۇ ھاياسىزلىقى
تۈپەيلىدىن شۇئان قەزۋىنىدىن جۇڭگوغا سۈرگۈن قىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بى-
لەن قالغان ئىككى رەسسام ئارىسىدا يېڭىۋاشتىن بىر مۇسابىقە باشلى-
نىپتۇ. بۇ قېتىم ئىككىلىسى گۈزەل بىر قىزنى، يەنى جەننەت مىسالى
باغچىدا ئاتلىق تۇرغان، شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەندەك بىر ساھىبجامالنى
سىزىپتۇ. رەسساملاردىن بىرى قەلەم خاتالىقىمۇ ياكى قەستەن شۇنداق
قىلدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، جۇڭگولۇقلاردەك قىسىق كۆزلۈك، سوقچاق
مەڭىزلىك قىز مىنگەن ئاق ئاتنىڭ تۇمشۇقىنى سەل غەلىتە سىزىپتى-
كەن، بۇ شۇئان ئاتا بىلەن قىز تەرىپىدىن بىر نۇقسان دەپ قارىلىپتۇ.
گەرچە بۇ رەسسام ئىمزا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن رەسىمنى ئۆزگىچى-
لىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئاجايىپ گۈزەل سىزىلغان بۇ رەسىمدىكى ئات-
نىڭ تۇمشۇقىغا ئۇستىلىق بىلەن بىر نۇقسان ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەن.
"نۇقسان ئۇسلۇبنىڭ ئانىسى" دەپتۇ شاھ ۋە بۇ رەسسامنىمۇ ۋىزانتىيىگە
سۈرگۈن قىپتۇ. رەشىدىدىن قەزۋىنىنىڭ ھېلىقى قېلىن توملۇق «تارىخ»
ناملىق كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ھېچقانداق ئىمزاسىز، ھېچقانداق نۇقسان-
سىز، گويا پېشقەدەم ئۇستازلاردەك سىزغان ماھارەتلىك رەسسام بىلەن
شاھ قىزىنىڭ تويىغا تەييارلىق قىلىنىۋاتقاندا، ئاخىرىدا بىر مۇھىم ۋەقە
يۈز بېرىپتۇ: نىكاھتىن بىر كۈن بۇرۇن شاھنىڭ قىزى ئەتىسى بولغۇسى
ئېرى، ياش ۋە يېقىملىق ئۇستاز سىزغان رەسىمگە پۈتۈن بىر كۈن ھەس-
رەت بىلەن قاراپتۇ. كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاتىسىنىڭ يېنىغا چى-

قىلىپ: ”پېشقەدەم ئۇستازلار ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك رەسىملىرىدە ساھىبجامال قىزلارنى جۇڭگولۇقلارغا ئوخشىتىپ سىزىشاتتى. بۇ شەرقتىن كەلگەن ئۆزگەرمەس قائىدە. ھەقىقەتەن توغرا، — دەپتۇ، — لېكىن رەسساملار بىرىنى ياخشى كۆرگىنىدە، ئۇ گۈزەلنىڭ قېشىغا، كۆزىگە، لەۋلىرىگە، چېچىغا، كۈلۈشىگە، ھەتتا كىرپىكلىرىگە ئۆزى ياخشى كۆرگەن گۈزەلدىن بىر ئىزنى قوشاتتى. رەسىملىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان بۇ مەخپىي نۇقسانلار ئاشىق - مەشۇقلار مۇھەببىتىنىڭ يوشۇرۇن سىماسى بولۇپ، بۇ پەقەت مۇھەببەتنىڭ ئۆزلىرى ۋە مەشۇقلىرىلا بىلەلەيدىغان بەلگىسى بولاتتى. ئاتقا مىنگەن ساھىبجامال قىزنىڭ رەسىمىگە كەچكىچە قارىدىم. ئۇنىڭدا ئاتام بىلەن مەندىن ھېچقانداق ئىز يوق! بۇ رەسسام بەلكىم بىر ئۇلۇغ ئۇستاز بولۇشى، شۇنداقلا ياش ۋە يېقىملىق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن“ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ نىكاھنى شۇئان ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ ۋە ئاتا بىلەن قىز ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ياشاپتۇ.

— دېمەك، بۇ ئۈچىنچى ھېكايىغا ئاساسلانغاندا، ئۇسلۇب دېيىلگەن نەرسىنى پەيدا قىلغان نۇقسان ئىكەن، — دېدى قارا ھۆرمەت - ئىززەت بىلەن، — بۇنداق نۇقسان رەسسام ياخشى كۆرگەن ساھىبجامالنىڭ چىرايى، كۆزلىرى ۋە تەبەسسۇمىنىڭ يوشۇرۇن بەلگىلىرىدىن كېلەمدۇ؟

— ياق، — دېدىم ئۆزۈمدىن خاتىرجەم ۋە مەغرۇر ھالدا، — ئۇستا رەسسام سىزغان رەسىمگە ئۇ ياخشى كۆرگەن قىزدىن سىڭىدىغان نەرسە ئاخىرقى ھېسابتا نۇقسان ئەمەس، بەلكى قائىدە. چۈنكى بىر مەزگىلدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۇستازغا تەقلىد قىلىپ، قىزلارنىڭ چىرايىنى ئۇ ساھىبجامال قىزنىڭكىدەك سىزىشقا باشلايدۇ.

بىرھازا جىم بولۇپ قالدۇق. مەن بايان قىلغان ئۈچ ھېكايىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغان قارانىڭ كارىدوردا، يان ھۇجرىدا مېڭىپ يۈرگەن گۈزەل رەپىقەمنىڭ تاراق - تۇرۇقىغا دىققەت قىلغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىم.

— بىرىنچى ھېكايە ”ئۇسلۇب“ نىڭ نۇقسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، — دېدىم، — ئىككىنچى ھېكايە نۇقسانسىز رەسىمنىڭ ئىمزا تەلەپ

قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى ھېكايە بولسا بىرىنچى بىلەن ئىككىنچى ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇ ھالدا "ئىمزا" ۋە "ئۇسلۇب" پەقەتلا رەسسامنىڭ نۇقسان بىلەن نومۇسسىزلارچە ۋە ئەخمەقلەرچە كۆرەڭلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن دەرس بەرگەن بۇ ئادەم رەسىمنى زادى قانچىلىك بىلەتتى؟ — دېدىم مەن، — ھېكايىلىرىمدىن مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلدىڭمۇ؟

— بىلدىم، — دېدى ئۇ، لېكىن تەلەپپۇزىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى يوق ئىدى.

سىلەرنىڭ مېنى چۈشىنىشتە ئۇنىڭ قارىشى ۋە ئىدراكى بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە كىم ئىكەنلىكىمنى بىۋاستە ئۆزۈم سۆزلەپ بېرەي: قولۇمدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. قەزۋىنلىك پېشقەدەم ئۇستازلاردەك رەسىمنى خۇشال - خۇراملىق بىلەن سىزىمەن ۋە رەڭ بېرىمەن. ئۆزۈمگە ئىشەنگەن ھالدا تەبەسسۇم بىلەن: مەن ھەممەيلەندىن مۇنەۋۋەر، دېدىم. ئەگەر سەزگۈلىرىم توغرا بولسا، قارانىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە سەۋەب بولغان ھەلچى نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ غايىب بولۇشى بىلەن مېنىڭ ھېچ مۇناسىۋىتىم يوق.

قارا مەندىن ئۈيلىنىش بىلەن ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى.

مەن تىرىشىپ ئىشلەيمەن ھەمدە خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئىشلەيمەن. مەھەللىنىڭ ئەڭ گۈزەل قىزىنى يېقىندىلا نىكاھىمغا ئالدىم. رەسىم سىزمىغان چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن تەلۋىلەرچە مۇھەببەتلىشىمىز، ئاندىن يەنە ئىشلەيمەن. ئەلۋەتتە مەن بۇنداق جاۋاب قايتۇرمىدىم. "بۇ ناھايىتى چوڭ مەسىلە، — دېدىم ئۇنىڭغا، — ئەگەر رەسسامنىڭ موي قەلىمى قەغەز يۈزىدە ئاجايىباتلارنى سىزىۋاتقان بولسا، ئۇ موي قەلىمى ئايالىنىڭ تېنىگە كىرگىنىدە ئەينى خۇشاللىقنى قوزغىتالمايدۇ، بۇنىڭ دەل ئەكسىمۇ توغرا بولۇپ، ئەگەر ئەركىشىنىڭ قومۇش ساپلىق قەلىمى ئايالىنى خۇشال قىلسا، ئۇنىڭ رەسىم سىزىدىغان قومۇش ساپلىق قەلىمى قەغەز بېتىدە ئۆز سېھرىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ" دەپ قوشۇمچە قىلدىم، رەسسامنىڭ ماھارىتىگە ھەسەت قىلغانلاردەك، قارامۇ بۇ يالغان گەپلەرگە خۇشال-

لىق بىلەن ئىشەندى.

ئاخىرىدا، ئۇ مەن سىزغان رەسىملەرنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانلىقى-
نى ئېيتتى. ئۇنى ئىش ئۇستىلىمگە، بوياقلار، سىياھ قۇتىلىرى، سىلىق-
لىغۇچ، موي قەلەم، قېرىنداش ۋە ئۇچلىغۇچلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغۇز-
دۇم. ئۇ شاھزادىمىزنىڭ سۈننەت توي مۇراسىملىرىغا بېغىشلانغان تويىنا-
مىسىگە ئاتاپ سىزىۋاتقان ئىككى سەھىپىلىك رەسىمنى كۆزدىن كۆچۈ-
رۈۋاتقاندا، يېنىدىكى قىزىل كۆرپىچەكتە ئولتۇردۇم ۋە كۆرپىچەكنىڭ
ئىسسىقلىقىدىن بايا ئۇ يەردە گۈزەل ئايالىمنىڭ چىرايلىق ساغرىلىرى
ئولتۇرغانلىقىنى ئەسلىدىم. مەن قومۇش قەلىمىم بىلەن پادىشاھىمىزنىڭ
ئالدىدىكى بەختسىز مەھكۇملارنىڭ ھەسرىتىنى سىزىۋاتقاندا، ئەقىللىق
ئايالىم مېنىڭ يەنە بىر قومۇش قەلىمىمنى تۇتۇۋالغانىدى.

مەن سىزىۋاتقان ئىككى سەھىپىلىك كۆرۈنۈش، ئالغان قەرزىنى قايى-
تۇرۇپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىگە چۈشكەن مەھكۇملارنىڭ ۋە ئۇلار-
نىڭ ئائىلىلىرىنىڭ پادىشاھنىڭ ئېھسانى بىلەن قۇتۇلغانلىقىنى كۆرسى-
تەتتى. رەسىمدە مەن پادىشاھنى خۇددى مۇراسىم جەريانىدا كۆرگىنىم-
دەك، خالتا - خالتا كۈمۈش تەڭگىلەر بىلەن تولغان بىر گىلەمنىڭ چې-
تىدە ئولتۇرغۇزغان ئىدىم. سەل كەينىدە مالىيە ۋەزىرى ئولتۇرۇپ، قو-
لىدىكى قەرز تىزىملىكى خاتىرىلەنگەن دەپتەرنى ئوقۇۋاتاتتى. گۇناھكار
مەھبۇسلار بويۇنلىرىغا بويۇنتۇرۇقلار سېلىنغان، زەنجىرلەر بىلەن بىر -
بىرىگە چېتىپ باغلانغان ھالدا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇراتتى، ئۇلارنىڭ
دەرد - ئەلەمدىن قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، چىرايلىرى تۇتۇق بولۇپ، بەزىلى-
رىنى كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈۋاتقان قىلىپ كۆرسەتكەنىدىم. پادىشاھ
ئۇلارنى تۈرمىدىن ئازاد قىلىپ، خالتىلاردىكى ئېھسان - سەدىقىلەرنى بې-
رىۋەتكەندىن كېيىن، ھەممەيلەننىڭ خۇشاللىق بىلەن دۇئا قىلغانلىقىنى،
شاد ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىۋاتقان قىزىل كىيىملىك سومباتلىق ئۇدچى
بىلەن تەمبۇرچىنى سىزغانىدىم، قەرزگە بوغۇلۇشنىڭ ئېچىنىشلىق ۋە
نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنسۇن دەپ، غەرەزسىز ھالدا
بىتەلەي مەھكۇملارنىڭ ئاخىرقى بىرىنىڭ يېنىغا، پەرىشانلىقتىن چىرايى
سولغان سۆسۈن رەڭ كىيىملىك خوتۇنى بىلەن، قىزىل پېرىجە كىيگەن،

ئۇزۇن چاچلىق ۋە غەمكىن گۈزەل قىزنى سىزغاندىم. قاپاقلىرى تۈرۈل-
گەن ھالدا ئويلىنىپ ئولتۇرغان قاراغا رەسىم سىزىشنىڭ ھاياتنى قەدىر-
لەش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كىشەن-
لەنگەن قاتار - قاتار قەرزدارلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىككى سەھىپىگە سى-
زىلغانلىقىنى ئىزاھلاپ بەردىم، رەسىمنىڭ ئىچىدىكى قىزىل رەڭگە
قانداق مەخپىي مەنىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدۇم.
شۇنىڭ بىلەن مەن پېشقەدەم ئۇستازلار زادى قىلمىغان بىر ئىشنى قىل-
دىم. يەنى، مەن ئايالىم ئىككىمىز بىر تەرەپتىن تاماشا قىلغاچ، سۈرەتتە
تەسۋىرلەنگەن بىر كىچىك دېتال ھەققىدە پاراڭلىشىپ كۈلۈشتۇق. رە-
سىمدە بىر چەتتە ئولتۇرغان ئىت بىلەن سۇلتاننىڭ ئەتلەس تونىغا ئوخ-
شاش رەڭ بېرىلگەن ئىدى. لېكىن ئۇ مەندىن قوپال ۋە ئەدەپسىز بىر سو-
ئالنى سورىدى.

ئۇ بەختسىز نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش -
بىلمەسلىكىمنى سورىغاندى.

— "نېمە، بىچارە! ئۇ بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان بىر تەقلىدچى، ھەل
بېرىشنى پەقەت پۇل تېپىش ئۈچۈنلا قىلىدىغان ھېسسىياتى كەمچىل بىر
ئەخمەق" دېمەكچى بولدۇم، ئەمما ئۇنداق دېمەي "ياق، بىلمەيمەن" دەپلا
جاۋاب بەردىم.

ئۇ مەندىن ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچىنىڭ يېنىدىكى زوراۋانلارنىڭ
نازاكەتلىك ئەپەندىگە زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغان -
ئويلىمىغانلىقىمنى سورىدى.

ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە "ئۇمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايتتى" دېمىدىم، بەل-
كى "ياق" دەپ جاۋاب بەردىم. دېمەكچىمەنكى، "نېمە ئۈچۈن؟"

بۈگۈنكى ئىستانبۇل شەھىرىدە بىر ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن نامرات-
لىق، ۋابا، ئەخلاقسىزلىق، رەزىللىكلەرنى پۈتۈنلەي پەيغەمبىرىمىز رەسۇ-
لۇللانىڭ دەۋرىدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن يىراقلىشىپ، يېڭى، رەزىل
ئادەتلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىمىزدىن ۋە پەرەڭ ئۇسلۇبلىرىنىڭ جەمئىيە-
تىمىزگە سىڭىپ كىرگەنلىكىدىن باشقا ھېچقانداق سەۋەب بىلەن چۈشەن-
دۈرگىلى بولمايدۇ. ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچىمۇ شۇنداق دەيدۇ، لېكىن ئۇ-

نىڭ دۈشمەنلىرى ئەرزۇرۇملۇقلارنىڭ نەغمە ـ ناۋا قىلىدىغان خانىقالارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، پادىشاھنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مانا ئەمدى مېنىڭ ئالىيجاناب ئەرزۇرۇملۇقلارغا ئۇلاردەك ئاداۋەت ساقلىمايدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، مەندىن تەكەللۇپ بىلەن، نازاكەتلىك ئەپەندىنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ، دەپ سورىغۇسى بار.

بۇ ئىغۋالارنىڭ رەسساملار ئارىسىدا خېلى بۇرۇنلا تارقىلىپ يۈرگەنىنى ئاڭلىغىنىمدا تۇيۇقسىز ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدىم. ھېسسىياتسىز، ماھارەتسىز، ئىقتىدارسىزلار توپى ھازىر گۇلقەھۋەلىرى ئىچىلىپ كەتكەن ھالدا مېنىڭ پەسكەش قاتىل ئىكەنلىكىم توغرىلىق ئىغۋا تارقاتماقتا. بۇ ھاماقەت قارا ئەنە شۇ بىر توپ ھەسەتخور رەسساملارنىڭ ئىغۋالىرىنى راست دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ لەنىتى چېركەسنىڭ كاللىسىغا سىياھ قۇتىسىنى ئاتقىم كەلدى.

قارا رەسىمخانامنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، كۆرگەن ھەممە نەرسىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىماقچى بولۇۋاتقاندەك ئۇزۇن قەغەز قايچىلىرىمغا، مەرگىمۇش تولدۇرۇلغان چاناقلارغا، بوياق قاچىلىرىغا، ئىشلەۋاتقاندا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چىشلەپ قويىدىغان ئالمىغا، كەينىدىكى ئوچاقنىڭ گىرۋىكىدە تۇرغان قەھۋە چەينىكىمگە، قەھۋە پىنجانلىرىمغا، كۆرپىچەكلەرگە، دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن چۈشكەن يورۇقلۇققا، سەھىپىلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدىغان رەسىمنى تەكشۈرىدىغان ئەينەككە، ئىشتا كىيىدىغان ياقىسىز كۆڭلىكىمگە ۋە ئايالىمنىڭ ئىشىك قېقىلغاندا ئىشىك ئېچىشقا ئالدىراپ ھۇجرىدىن چىقىۋېتىپ چۈشۈرۈپ قويغان قىزىل كەمىرىگە دىققەت بىلەن قارىماقتا ئىدى.

ئۇنىڭدىن خىياللىرىمنى يوشۇرغان بولسامۇ، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىمگە ۋە تۇرۇۋاتقان ھۇجرامغا پەرۋاسىز ۋە تەھدىتلىك نەزەر بىلەن قاراشلىرىغا سۈكۈت قىلدىم: بىلىمەنكى، ھەممىڭلارنى چۆچۈتىۋاتقىنى مېنىڭ مەغرۇرلىقىم، لېكىن پۇلنى ئەڭ كۆپ تاپىدىغان ۋە ئەڭ مۇنەۋۋەر رەسسام مەن! چۈنكى، ئاللاھ رەسىمنىڭ بىر خىل خۇشاللىق ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئالەمنىڭمۇ بىر خىل خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلگەنلەرگە كۆرسەتكەي.

# 13. مېنى "لەيلەك" دېيىشىدۇ

پېشىن نامىزى ۋاقتى ئىدى، دەرۋازا قېقىلدى. چىقىپ قارىسام، بالىلىق چاغلىرىمىزدا تونۇشقان قارا ئىكەن، قوچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ، ئۆيگە باشلاپ كىردىم. ئۇنىڭدىن بۇ ئۆينى قانداق تاپقانلىقىنىمۇ سورىمىدىم. روشەنكى، يېزنە تاغىسى ئۇنى مەندىن نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ نېمە ئۈچۈن يوقاپ كەتكەنلىكى، قەيەردە ئىكەنلىكى ھەققىدە گەپ ئېلىپ باققىلى ئەۋەتكەنىدى. ئەمما ئۇ بۇ ئىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇستاز ئوسماننىڭمۇ گېپىنى ئېلىپ كەپتۇ. "بىر سوئالىم بار" دېدى ئۇ. ئۇستاز ئوسماننىڭ دېيىشىچە، "مۇنەۋۋەر رەسسامنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان نەرسە — ۋاقىت، يەنى رەسىمنى سىزىش ۋاقتى" ئىكەن. مېنىڭ بۇنىڭغا قارىتا كۆزقارىشىم قانداق؟ قولاق سالغايسىلەر.

## رەسىم ۋە ۋاقىت

ھەممە كىشى بىلگىنىدەك، قەدىمدىن بېرى دۆلىتىمىزنىڭ رەسساملىرى، مەسىلەن، قەدىمىي ئەرەب ئۇستىلىرىمۇ دۇنياغا پەرەڭ كۇپپارلىرىنىڭ بۈگۈنكى نەزىرى بىلەن قارايتتى ۋە كوچىلاردىكى سەرگەردانلار بىلەن ئۆكتەملەر، دۇكانلاردىكى مال ساتقۇچىلار بىلەن ھاماقەتلەرنىڭ بارچە تەسۋىرىنى شۇ تەسەۋۋۇرى بويىچە سىزاتتى. ئۇلار ھازىرقى پەرەڭ ئۇستازلار پەخىرلىنىپ ماختىنىدىغان پېرسپېكتىۋ① ئۇسۇلىدىنمۇ خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سىزغان دۇنياسى ئۆكتەملەر ۋە ھاماقەتلەرنىڭ نەزىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان مەنىسىز ۋە كىشىنى زېرىكتۈرگىدەك تار ئىدى. كېيىن بىر ئىش يۈز بېرىپ، پۈتۈن رەسىم دۇنياسىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. سىلەرگە شۇ يەردىن باشلاپ بايان قىلاي.

① پېرسپېكتىۋ — نەرسىلەرنى بىر نۇقتىغا قارىتا جانلاندۇرۇپ سىزىش ئۇسۇلى — ت.

## رەسىم ۋە ۋاقىت ھەققىدە ئۈچ ھېكايە
## ئا

بۇنىڭدىن 350 يىل ئىلگىرى باغداد موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، رەھىمسىزلەرچە تالان ـ تاراج قىلىنغان بولۇپ، سوغۇق فېۋرال كۈنلىرى ئىدى. ئىبنى شاكىر پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىسلا- مىيەت ئالىمىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋە ئەڭ ئۇستا خەتتاتى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ياش بولسىمۇ، باغدادنىڭ دۇنياغا مەشھۇر كۈتۈپخانىلىرىدا ئۇ يازغان كۆپ- چىلىكى «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى ماقالىلەردىن تەركىب تاپقان 22 توم كىتاب بار ئىدى. ئىبنى شاكىر بۇ كىتابلارنىڭ قىيامەتكىچە ساقلى- نىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن چوڭقۇر ۋە چەكسىز ۋاقىت چۈشەن- چىسى بىلەن ياشايتتى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، موڭغۇل خاقانى ھۇلاگۇنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ يىرتىلىپ، پارچىلىنىپ، كۆيدۈرۈلۈپ، دىجلە دەرياسىغا تاشلىۋېتىلدى. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە، بۇ كىتابلاردىن بىز خەۋەرسىز قالدۇق. دەل ئەنە شۇ فېۋرالنىڭ بىر كېچىسى لىپىلداپ تۇرغان گىرىمسەن شام يورۇقىدا، ئۇ تۈنبويى باتۇرلارچە كۆچۈرۈپ، چىدام ـ غەيرەت بىلەن بۇ كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرقىسمىنى تاماملىغان ئىدى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا كەينىنى قىلىپ، غەربتىكى ئۇپۇققا قاراش ــ ئەنئەنىگە ۋە كىتابلارنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى چۈشەنچىسىگە ئىگە ماھىر ئەرەب خەتتاتلىرىنىڭ بەش ئەسىردىن بۇيان ئەمالىقا قارشى كۆزنى ئارام ئالدۇرۇشتا قوللىنىدىغان بىر ئۇسۇلى ئىدى. ئىبنى شاكىر سەھەرنىڭ سالقىنىدا خەلىپە جامەسى- نىڭ مۇنارىغا چىقىپ 500 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن خەتتاتلىق ئەنئەنىسىگە خاتىمە بېرىدىغان ھەممە مەنزىرىنى ئەنە شۇ پەشتاقتىن كۆر- دى. ئۇ ئاۋۋال ھۇلاگۇنىڭ رەھىمسىز لەشكەرلىرىنىڭ باغدادقا كىرگىنىنى كۆردى ۋە مۇنارنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ پۈتۈن شەھەرنىڭ تالان ـ تاراج قى- لىنغانلىقىنى ۋە گۇمران قىلىنغانلىقىنى، يۈز مىڭلىغان پۇقرانىڭ قى- لىچتىن ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى، 500 يىلدىن بۇيان باغدادقا ھۆكۈمرانلىق

قىلغان ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئىستىلاچى قوشۇن ئەسكەرلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلارنى دەپسەندە قىلىپ ئىپپەت - نومۇسىغا تەگكەنلىكىنى، كۇتۇپخانىلارنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى، تۈمەن مىڭلىغان كىتابلارنىڭ دىجلە دەرياسىغا تاشلانغانلىقىنى كۆردى. ئىككى كۈندىن كېيىن جەسەتلەردىن تارالغان سېسىق ھىدلار ۋە ئەجەل ۋەھىمىسى ھەممە جاينى قاپلىغان ئىدى. ئۇ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ، چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەن كۆچۈرۈلگەن تالاي - تالاي كىتابلارنىڭ توم - تومى بىلەن ئېقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. تاشلانغان كىتابلارنىڭ سىياھ - رەڭلىرى دەريا سۈيىدە قىپقىزىل بويىلىپ، بۇلغىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بۇ كىتابلارنىڭ ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق قانلىق قىرغىنچىلىقنى ۋە ۋەيرانچىلىقنى توختىتىشقا ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئويلىدى ۋە قايتا كىتاب يازماسلىققا قەسەم قىلدى. ئۇ تاكى شۇ كۈنلەرگە قەدەر رەسىم سىزىشنى ئاللاھ ئالدىدا قىلىنغان كۇپۇرلۇق دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. مانا ئەمدى، ئۆزى كۆرگەن ئاشۇ پاجىئەلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ۋە قايغۇ - ھەسرىتىنى مۇناردىن كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن قەغەزگە سىزىپ ئىپادىلىدى. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئىسلام رەسىمچىلىكىنىڭ كۆچى 300 يىل داۋاملاشتى. ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى خرىستىيانلارنىڭ رەسىملىرىدىن شۇنىڭ ئۈچۈن پەرقلىنەتتىكى، بىزنىڭ بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىك دۇنيايىمىز پەقەت ئاللاھنىڭ نەزەر - ئېتىبارىغا ئاساسەن بىر ئۈپۈق سىزىقىغا قويۇلۇپ تۇرۇپ تەسۋىرلىنەتتى. ئەنە شۇ ئاجايىپ بىر قېتىملىق جەريانىنى، ئىبنى شاكىر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، قولىدىكى رەسىملەر ۋە قەلبىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تەسۋىرلەپ چىقماقچى بولدى ۋە شىمالغا، يەنى موڭغۇل قوشۇنلىرى كەلگەن تەرەپكە بېرىپ، جۇڭگولۇق رەسساملاردىن رەسىم سىزىشنى ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئاخىرى شۇنى چۈشەندىكى، 500 يىلدىن بۇيان ئەرەب خەتتاتلىرىنىڭ كۆڭلىدە ساقلانغان چەكسىز ۋاقىت چۈشەنچىسى يېزىقتا ئەمەس، بەلكى رەسىمدە ئىپادىلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى شۇ بولدىكى، كۆچۈرمە نۇسخىلىق كىتابلار ۋە تومىلار پارچىلىنىپ يوقىلىپ كەتسىمۇ، لېكىن ئىچىدىكى رە-

سىملىك سەھىپىلەر باشقا كىتابلارنىڭ، باشقا توملارنىڭ ئىچىگە كىرگۈ-
زۈلۈپ مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، ئاللاھ ياراتقان ئالەممۇ ئەنە شۇنداق داۋام
قىلىدۇ.

## ب

دۇنيادىكى ھەممە نەرسە تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر
ياشىنىپ ئالەمدىن ئۆتۈش ھادىسىسى مەۋجۇد بولمىسا، كىشىلەر ۋاقىت
دېگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى زادى ھېس قىلمىغان ۋە ئالەمنىمۇ
ۋاقىتتىن مۇستەسنا ھالدا، پۈتۈنلەي ئوخشاش ھېكايىلەر ۋە رەسىملەر
بىلەن سۈرەتلىگەن بولاتتى. مانا شۇ كونا ھەم يېڭى ۋاقىت ئىچىدە، دەل
سەمەرقەنتلىك سەلىمنىڭ «تارىخ» ناملىق قىسقا ئەسىرىدە بايان قىلغىنى-
دەك، فاھىرشاھنىڭ ئادەم سانى چەكلىك بولغان ھەربىي قوشۇنى سالا-
ھىددىن خاننىڭ لەشكەرلىرىنى "پەرىشان" قىلدى. غالىب فاھىرشاھ ئە-
سىرگە ئالغان سالاھىددىن خاننى قىيناپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قائىدە
بويىچە ئالدى بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئىشى سۈپى-
تىدە مەرھۇمنىڭ كۈتۈپخانىسىنى ۋە ھەرەمخانىسىنى زىيارەت قىلدى. ئۇ
كۈتۈپخانىدىكى تەجرىبىلىك كىتاب تۈپلىگۈچىگە مەرھۇم شاھنىڭ كىتاب-
لىرىنى پارچىلاپ، سەھىپىلىرىنى چۇۋۇشتۇرۇپ، يېڭىۋاشتىن تۈپلەشنى
بۇيرۇدى، خەتتاتلارغىمۇ كىتابلاردىكى «ئەبىدى غالىب» سالاھىددىن خا-
نىڭ نامىنى «غالىب» فاھىرشاھنىڭ ئىسمىغا ئالماشتۇرۇشنى بۇيرۇدى ۋە
رەسساملارغىمۇ كىتابلاردىكى مەرھۇم سالاھىددىنخاننىڭ تولىمۇ كۆركەم
سىزىلغان رەسىملىرىنى ئۆچۈرگۈزۈپ، ئۇنى ھازىردىن باشلاپ كىشىلەر
نەزىرىدىن ئۇنتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە، ئورنىغا فاھىرشاھنىڭ ناھايىتى ياش
كۆرۈنىدىغان چىرايىنى سىزىشقا ئەمر قىلدى. فاھىرشاھ ھەرەمخانىغا
كىرگەندە ئەڭ گۈزەل ئايالنى دەرھال تېپىشتا زادى قىينالمىدى. لېكىن
ئۇ كىتابتىن ۋە رەسىمدىن خەۋىرى بار نازاكەتلىك زات بولغانلىقى ئۈ-
چۈن، بۇ گۈزەلنى مەجبۇرىي قولغا كەلتۈرۈش ئورنىغا كۆڭلىنى ئۇتۇش
قارارىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەرھۇم

سالاھىددىن خاننىڭ گۈزەللەر گۈزىلى دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا، كۆز يېشى تېخى قۇرۇمىغان رەپىقىسى نەرىمان سۇلتان بولغۇسى يېڭى ئېرى فاھىرشاھتىن بىرلا نەرسىنى تەلەپ قىلدى. يەنى، ئۇ لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببىتى بايان قىلىنغان بىر كىتابتا لەيلى ئوبرازى ئورنىدا سىزىلغان نەرىمان سۇلتاننىڭ ئالدىدىكى مەجنۇن ئوبرازى ئورنىدا سىزىلغان مەرھۇم ئېرى سالاھىددىن خاننىڭ چىرايىنى ئۆچۈرۈۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئېرىنىڭ بىرقانچە يىللاردىن بېرى مەڭگۈلۈك يادنامە سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇشنى نىيەت قىلىپ يازدۇرغان كىتابلىرىنىڭ ھېچبولمىغاندا بىر سەھىپىدە بولسىمۇ ساقلىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. غالىب فاھىرشاھ بۇ ئاددىي تەلەپنى مەردلەرچە قوبۇل قىلدى. رەسساملارمۇ شۇنىڭ بىلەن يالغۇز ئۇ رەسىمگە قول تەگكۈزمىدى. شۇ ۋەجىدىن، نەرىمان بىلەن فاھىر شۇئان تۆشەككە كىرىپ مۇھەببەتلەشتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆتمۈشتىكى دەھشەتلەرنى ئۇنتۇشتى. لېكىن فاھىرشاھ «لەيلى - مەجنۇن» كىتابىدىكى ھېلىقى رەسىمنى ئۇنتالمىدى. ياق، ئۇنى بىئارام قىلغان نەرسە خوتۇنىنىڭ بۇرۇنقى ئېرى بىلەن بىللە تۇرغان رەسىمدىكى تەسۋىرگە قىلىنىۋاتقان ھەسەتخورلۇقمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىنى تاتىلاۋاتقان نەرسە شۇ ئىدىكى، ئۇ ئاشۇ ئاجايىپ كىتابتىكى قەدىمىي رىۋايەتتە ئۆز رەسىمىنىڭ سىزىلمىغانلىقى ئايالى بىلەن بىللە ئەبەدىيلىككە، يەنى ئۆلمەس ئوبرازلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلالمىغانلىقىدىن ئۆرتىنەتتى. بۇ شۇبھە قۇرتى بەش يىل ئىچىنى غاجىغاندىن كېيىن فاھىرشاھ نەرىمان بىلەن بىر كېچىسى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مۇھەببەتلەشتى، كېچە ئاخىرلىشىش ئالدىدا ئۇ شامداننى تۇتقان ھالدا ئۆز كۇتۇپخانىسىغا ئوغرىدەك يوشۇرۇنچە كىرىپ، «لەيلى - مەجنۇن» كىتابىنى ئاچتى ۋە نەرىماننىڭ مەرھۇم ئېرىنىڭ چىرايى ئورنىغا مەجنۇن دەپ ئۆزىنىڭ چىرايىنى سىزىشقا باشلىدى. لېكىن نۇرغۇن رەسىمخۇمار خانلاردەك ئۇ پەقەتلا بىر تەجرىبىسىز رەسسام ئىدى. شۇڭا ئۆز چىرايىنى ياخشى سىزالمىدى. شۇ كۈنى سەھەردە بىر گۇمان بىلەن كىتابنى ئاچقان كۈتۈپخانا خادىمى نەرىماننىڭ سىياقىدا سىزىلغان لەيلىنىڭ ئالدىدا رەھمەتلىك سالاھىددىن خاننىڭ چىرايى ئورنىغا يېڭى بىر چىراي پەيدا بولۇپ قالغان-

لىقىنى كۆردى، لېكىن، بۇ چىرايىنىڭ فاھىرشاھقا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ياش ۋە يېقىملىق ئابدۇللاشاھنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. بۇ ئىغۋا فاھىرشاھنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ جاسارىتىنى يەرگە ئۇرۇپ، قوشنا مەملىكەتنىڭ ياش ۋە ئۇرۇشقاق يېڭى ھۆكۈمدارى ئابدۇللاشاھنى تېخىمۇ جاسارەتلەندۈردى. ئۇ دەسلەپكى جەڭدە فاھىرشاھنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ھەرەمخانا ۋە كۇتۇپخانىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، مەڭگۈ گۈزەل نەرىماننىڭ يېڭى ئېرى بولدى.

ج

ئىستانبۇلدا رەسسام ئېگىز مەھمەت دېيىلىدىغان، پارس دىيارىدا مۇھەممەد خۇراسانى دەپ ئاتالغان رەسسامنىڭ ھېكايىسى رەسساملار ئارىسىدا كۆپ چاغلاردا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە ئەمالىققا مىسال سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئەسلىدە رەسىم ۋە ۋاقىت ھەققىدىكى بىر مىسال. توققۇز يېشىدا شاگىرتلىققا كىرىپ، تەخمىنەن 110 يىل ئەما بولماي رەسىم سىزغان بۇ ئۇستىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ بىرەر ئارتۇقچىلىقى يوق ئىدى. لېكىن بۇ يەردە سۆز ئويۇنى ئەمەس، بەلكى سەمىمىي مەدھىيە سۆزىنى قىلماقچىمەن. ئۇ باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا رەسىمنى كۆپىنچە پېشقەدەم ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە سىزاتتى ۋە شۇ ۋەجىدىن ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستاز بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ رەسىم سىزىش سەنئىتىنى ئاللاھقا خىزمەت قىلىش دەپ بىلەتتى ۋە كەمتەرلىك بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى رەسىم سىزىشقا بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى ئىشلىگەن بارلىق رەسىمخانىلارنىڭ ئىچكى غوۋغالىرىدىن ئۆزىنى خالىي تۇتاتتى، ئۇ يەنە ياش قۇرامى جەھەتتە باش رەسسام بولۇشقا مۇۋاپىق بولسىمۇ، ئۆزىنى ئەزەلدىنلا بۇ ھەۋەستىن يىراق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 110 يىللىق پۈتكۈل رەسساملىق ھاياتى داۋامىدا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا قېپقالغان تالاي تەپسىلاتلارنى سىزدى، سەھىپىلەرنىڭ بۇلۇڭلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئوت - چۆپلەرنى سىزدى، دەل - دەرەخلەرنىڭ مىڭلىغان يوپۇرماقلىرىنى، غۇز-

مەك بولۇتلارنى، ئاتلارنىڭ تال ـ تال ياللىرىنى، خىش تاملارنىڭ ئەگرى ـ
بوگرى تام نەقىشلىرىنى ھەممىدە خۇمار كۆز، ئىنچىكىلىرى ئۇچلۇق، بىر ـ
بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۇمەن مىڭلىغان چىرايلارنى سەۋرچانلىق
بىلەن سىزدى. ئۇ ئىنتايىن ئىنساپلىق ۋە قانائەتچان ئىدى، ئۆزىنى كۆر ـ
ستىشكە ئەسلا ئۇرۇنمايتتى، ئۆز ئۇسلۇبى ۋە شەخسىيىتىنى قوغلاش ـ
مايتتى. ئۇ ھەر ۋاقىت قايسى خان ياكى شاھزادىنىڭ رەسىمخانىسىدا
ئىشلىمىسۇن، ئۇ يەرنى ئۆز ئۆيى، ئۆزىنى بولسا ئۇ ئۆيىنىڭ بىرەر بىساتى
دەپ قارايتتى. خانلار، شاھلار بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈپ، رەسساملارمۇ
ھەرەمخانا ئاياللىرىدەك شەھەردىن ـ شەھەرگە كۆچۈپ، يېڭى خوجايىنلار ـ
نىڭ ئالدىغا بارغىنىدا، يېڭى رەسىمخانىنىڭ ئۇسلۇبى ئالدى بىلەن ئۇ
سىزغان يوپۇرماقلاردا، چىمەنلەردە، خادا تاشلارنىڭ ئەگمىلىرىدە، ئۇنىڭ
سەۋرچانلىق بىلەن سىزغان يوشۇرۇن ئەگرى سىزىقلىرىدا ئەكس ئېتىپ
گەۋدىلىنەتتى. ئۇ 80 ياشقا كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈم پۇراپ تۇرى ـ
دىغان ۋۇجۇدىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى رەسىمنى سىزغان رىۋايەتلەر ئى ـ
چىدە ياشاۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى. بەزىلەر بەلكىم شۇ تۇپەيلى
ئۇنىڭ ۋاقىتنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قى ـ
لىۋاتقاندەك، گويا ئۇ مەڭگۇ قېرىمايدىغاندەك ۋە ئۆلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا
بولاتتى. ئۇ كۈنلىرىنى ئۆي ـ ماكانسىز ھالدا رەسىمخانا ھۇجرىلىرىدا،
چېدىرلىرىدا تۇنەپ، شۇنداقلا ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى قەغەزگە قاراپ
ئۆتكۈزسىمۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئەما بولۇپ قالمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن
ۋاقىت پۈتۈنلەي توختاپ قالغانلىقىنىڭ مۆجىزىسى دەپ چۈشەندۈرىدى ـ
غانلارمۇ بار ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ ئەسلىدە ئەما ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇ
ھەممە نەرسىنى يادقا سىزىدىغان بولغاچقا، ئەمدى كۆزىنىڭ كۆرۈشىنىڭ
ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتاتتى. ھاياتىدا زادى ئۆيلەنمىگەن ۋە مۇھەببەت ـ
لەشمىگەن بۇ ئاجايىپ ئۇستاز شاھ تەھمەسپنىڭ رەسىمخانىسىدا، ئۆزى
100 يىل رەسىمنى سىزغان خۇمار كۆز، ئۇچلۇق ئىنچىكىلىك ۋە ئاي يۈز ـ
لۈك سۇباتلىق بىر ئوغۇل بالىنى، يەنى جۇڭگولۇق بىلەن خورۋاتتىن تۆ ـ
رەلگەن جانلىق، تېتىك 16 ياشلىق بىر شاگىرتنى 119 يېشىدا ئۇچرىتىپ
قالدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا شۇئان ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى. ئۇ كەم

ئۇچرايدىغان بۇ سۇباتلىق شاگىرت يىگىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، رەسساملار ئارىسىدىكى ئۇستۇنلۇك تالىشىش غوۋغالىرىغا كىرىشىپ، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىقتا ۋە سۇيىقەستچىلىكتە بىرلىشىپ كەتتى. 100 يىلدىن بۇيان كۈندىلىك مەئىشەت يولىدىكى نەپسانىيەتچىلىكلەردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا خالىي ياشاپ كەلگەن خۇراسانلىق بۇ ئۇستا رەسسامنى بۇ خىل تىرىشچانلىق ئاۋۋال هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئۇ قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى ۋاقىت ئەبەدىيلىكى ئىچىدىن ئۆزىنى تارتىپ چىقاردى. بىر كۈنى ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا، ئۇ بىر قانىتى ئۇچۇق دېرىزە ئالدىدا هېلىقى قامەتلىك شاگىرتقا مەپتۇنلۇق بىلەن قاراپ تۇرۇپ قېلىپ، تەبرىزنىڭ سوغۇق شامىلىدا توڭۇپ كەتكەنىدى، ئەتىسى بىر چۈشكۈرۈش بىلەنلا ئۇ ئەما بولۇپ قالدى ۋە ئىككى كۈندىن كېيىن رەسىمخانىنىڭ ئېگىز تاش پەلەمپەيلىرىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى.

— خۇراسانلىق مەهمەت ئۈزۈنتۇرانىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانىدىم، لېكىن بۇ هېكايىنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى قارا.

ئۇ هېكايىنىڭ تامام بولغانلىقىنى بىلگەنلىكى ۋە بايانلىرىمنى ئەستە تۇتۇۋالغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ماڭا بۇ سۆزلەرنى ئەپچىللىك بىلەن ئېيتقانىدى. ئۇ ماڭا قانغۇچە سەپسېلىۋالسۇن دەپ بىر ئاز سۈكۈت قىلدىم. ئۆزۈممۇ قوللىرىم بىردەم بوش بولۇپ قالسا، تولىمۇ بىئارام بولاتتىم، شۇڭا ئىككىنچى هېكايىنى سۆزلەشكە باشلىغاندىن كېيىنلا، بايا دەرۋازىنى قاققاندا توختىتىپ قويغان يېرىمدىن باشلاپ، رەسىمنى داۋاملاشتۇرۇپ سىزىشقا باشلىدىم. هەمىشە تىزىمنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بوياقلىرىمنى تەڭشەپ، قېرىنداشلىرىمنى ئۇچلاپ، بەزىدە خاتالىرىمنى ئۆچۈرۈپ بېرىدىغان قامەتلىك شاگىرتىم مەهمۇت يېنىمدا ئولتۇرۇپ، مەن سۆزلەپ بەرگەن هېكايىنى ئاڭلىغاچ، سىزىۋاتقان رەسىمىمنى تاماشا قىلاتتى. ئىچكىرىدىن ئايالىمنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— هۇي، — دېدى قارا، — پادىشاھ نېمىشقا ئۆرە تۇرىدۇ؟

ئۇ رەسىمگە هەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندا، ماڭا ئۇنىڭ هەيران بولۇشى ئەهمىيەتسىزدەك تۇيۇلدى. لېكىن سىلەرگە ئۇچۇقىنى ئېيتاي:

«تويىنامە» كىتابىدا تەسۋىرلەنگەن سۈننەت توي مۇراسىملىرىدا ئۇلۇغ سۇلتانىمىز هامان راۋاق پەشتىقى ئاستىدىن ئۆتتۈۋاتقان قول هۈنەرۋەنلەر، كەسپىي ئۇيۇشما ئەزالىرى، ئاھالىلەر ۋە مەھبۇسلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئولتۇرغان هالەتتە سىزىلغان بولۇپ، 200 پارچە رەسىمنىڭ ھەممىسىدىلا شۇ قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن ئىدى. پەقەت مەن سىزغان رەسىمدە، ئۇنى مەيداندىكى كۆپچىلىككە تەڭگىلەر بىلەن تولغان قاپچۇقلاردىن ئۆرە تۇرۇپ پۇل تاشلاۋاتقان قىياپەتتە سىزغانىدىم. چۈنكى، بۇ ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ پۇل تالىشىپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشىۋاتقان، مۇشتلىشىۋاتقان، تېپىشىۋاتقان قىياپەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ھەمدە يەردىن پۇل يىغىۋاتقاچ، ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ئاسمانغا قاراپ قالغان كۆپچىلىكنىڭ ھەيرەت ۋە خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان ئىدىم.

— بىر رەسىمنىڭ تېمىسىدا مۇھەببەت بولسا، رەسىممۇ مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن سىزىلىشى كېرەك، غەم - قايغۇ بولسا، رەسىمدىنمۇ غەم - قايغۇ ئەكس ئېتىپ تۇرۇشى لازىم، — دېدىم، — لېكىن غەم - قايغۇ رەسىمدىكى كىشىلەردىن ياكى ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىدىن ئەمەس، بەلكى رەسىمنىڭ ھە دېگەندە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، لېكىن ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئىچكى مۇڭىدىن ئىپادىلىنىشى كېرەك. مەن ئەسىرلەر بويى كەيپىياتنى ئىپادىلىگەن رەسىملەرنى سىزغان يۈزلىگەن ئۇستا رەسساملاردەك، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى پۈرۈۋالغان ئاغزىغا سالغان بىرەر ئادەمنى سىزمايمۇ، پۈتۈن رەسىمگە ھەيرانلىق كەيپىياتىنى سىڭدۈردۈم. بۇ ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن سۇلتاننى ئۆرە تۇرغۇزۇپ سىزىشقا توغرا كېلەتتى.

قارا بىساتلىرىم ۋە رەسىم سايمانلىرىمنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا، پۈتۈن ھاياتىمنى كۆزەتمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆز ئۆيۈمنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ھەممىگە مەلۇمكى، بىر مەزگىل تەبرىز ۋە شىرازدا ئوردا، ھامام، قەلئە رەسىملىرى كەڭ تارقالغانىدى. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋە بىلىدىغان ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ نەزىرىگە رەسىممۇ قوشۇمچە بولسۇن دەپ، رەسسام ئۆزى سىزغان ئوردىنى خۇددى غايەت چوڭ تىلسىملىق ئۇستىرا

بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ كېسىۋەتكەندەك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قۇتا - پۇتا، ئىستاكانلار، تاشقىرىدىن زادى كۆرگىلى بولمايدىغان تام نەقىشلىرى، پەردىلەر، قەپەستىكى تۇتى قۇش ۋە ئەڭ خىلۋەت بۇلۇڭلارغا قويۇلغان ياستۇقلار ۋە ياستۇقتا قىيسىيىپ ئولتۇرغان، قۇياش يۈزىنى كۆرمىگەن گۈزەل ساھىبجاماللارنىمۇ قالدۇرماي سىزغانىدى. قارا رەسىمگە ھەيرانلىق بىلەن قىزىقىپ قارىغان ھەۋەسمەندەك، بوياقلىرىمنى، قەغەزلىرىمنى، كىتابلىرىمنى، قامەتلىك شاگىرتىمنى، پەرەڭ ساياھەتچىلىرى ئۈچۈن سىزغان «كىيىم - كېچەك ئالبومى»، «رەسىملەر توپلىمى» قاتارلىقلارنىڭ سەھىپىلىرىنى، بىر پاشاغا مەخپىي سىزىپ بەرگەن شەھۋانىي رەسىم ۋە ئەدەپسىز سەھىپىلەرنى، ئەينەكتىن، تۇچتىن، ساپالدىن ئىشلەنگەن رەڭگارەڭ سىياھ قۇتىلىرىمنى، پىل چىشى ساپلىق قەلەمتىراشلىرىمنى، ئالتۇن ساپلىق قەلەملىرىمنى ۋە قامەتلىك شاگىرتىمنىڭ قاراشلىرىنى تاماشا قىلماقتا ئىدى.

— پېشقەدەم ئۇستازلارغا ئوخشىمايدىغان تەرىپىم شۇكى، مەن كۆپ جەڭلەرگە قاتناشتىم، — دېدىم ئۆز مەۋجۇدلۇقۇم بىلەن سۈكۈتنى بۇزۇپ، — ئۇرۇش ماشىنىلىرىنى، توپلارنى، قوشۇنلارنى، ئۆلۈكلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ۋە سۇلتانىمىز بىلەن گېنېرال پاشالارنىڭ گازارما چېدىرلىرىدىكى تورۇس نەقىشلىرىنى پۈتۈنلەي مەن سىزغان ئىدىم. ئۇرۇشلار ئاياغلىشىپ، قوشۇنلار ئىستانبۇلغا قايتقاندا، ھەممە كىشى ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئۇرۇش مەنزىرىلىرىنى، پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەتلەرنى، بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن لەشكەرلەرنى، مۇھاسىرىگە ئېلىنغان قەلئەلەرنىڭ ئېگىز ئىستىھكاملىرىنىڭ روجەكلىرىدىن زەمبىرەكلىرىمىزگە ۋە قوشۇنلىرىمىزغا ۋەھىمىلىك نەزەردە قاراۋاتقان پەسكەش كۇپپار ئەسكەرلىرىنى، كاللىلىرى چېپىلغان ئىسيانچىلارنى، ئىستىھكامغا بۆسۈپ كىرگەن ئاتلارنىڭ جۇشقۇن تەسۋىرلىرىنىمۇ مەن سىزدىم. كۆزۈم كۆرگەن ھەممە نەرسە كاللامدا قالاتتى. مەسىلەن، يېڭى بىر قەھۋە يارغۇنچىقى، زادى كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل دېرىزە ھالقىسى، بىر زەمبىرەك، يېڭىچە بىر پەرەڭ مىلتىقىنىڭ تەپكىسى، بىر زىياپەتتە كىمنىڭ قانداق رەڭلىك كىيىم كىيگەنلىكى، كىمنىڭ نېمە يېگەنلىكى، كىمنىڭ قولىنى قەيەرگە

قانداق قويغانلىقى قاتارلىقلار.

— بايان قىلغان ئۇ ئۈچ ھېكايەڭنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى قارا ھەممىنى يەكۈنلىمەكچى ۋە بىر ئاز ھېسابلاشماقچى بولغاندەك قىيا-پەتتە.

— «ئا»، — دېدىم، — مۇنازىرىگە دائىر بىرىنچى ھېكايە رەسسامنىڭ ماھارىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نۇقسانسىز رەسىمنى سىزىپ چىقىشتىكى مۇھىم ھالقا ۋاقىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «ب» ھەرەم-خانا ۋە كۇتۇپخانا ھەققىدىكى ئىككىنچى ھېكايە ۋاقىتنى مۇستەسنا قى-لىشنىڭ بىردىنبىر يولى ماھارەت ۋە رەسىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچىسىنى سەن ئېيتىپ باق.

— «ج»، — دېدى قارا ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — 119 ياشلىق رەس-سامنىڭ ئۈچىنچى ھېكايىسى بولسا «ئا» بىلەن «ب»نى بىرلەشتۈرىدۇ ھەمدە نۇقسانسىز ھاياتتىن ۋە گۈزەللىكتىن ئايرىلغان كىشىنىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشىپ، ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# 14. مېنى ”زەيتۇن“ دېيىشىدۇ

پېشىن نامىزىدىن كېيىن، مەن خۇشال ـ خورام كەيپىياتتا ئوغۇل بالىنىڭ يېقىملىق چىرايىنى سىزىۋاتاتتىم، ئىشىك قېقىلدى. قولۇم تىترەپ، ھاياجان بىلەن قەلەمنى تاشلاپ، قۇچىقىمدىكى ئىش تاختىسىنى دەرھال بىر چەتكە قويدۇم ۋە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىشتىن ئاۋۋال: ئى ئاللاھ... بايانلىرىمنى كىتابتىن ئاڭلىغايسىلەر، ئاللاھقا بۇ ئىپلاس ۋە پەسكەش دۇنيادا ياشايدىغان بىزلەردىن ۋە سۇلتانىمىزنىڭ بىز كەبى پەسكەش قۇللىرىدىن يېقىن بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن يوشۇرمايمەن، ھىندى پادىشاھى، جاھاننىڭ ئەڭ باي شاھى ئەكبەرخان تىللاردا داستان بولىدىغان بىر كىتاب ئىشلەتمەكچى بولۇپ، جاھاندىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەسساملارنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا خەۋەر يوللاپتۇ، ئىستانبۇلغا يوللىغان ئادەملىرى تونۇگۈن مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، مېنى ھىندى دىيارىغا تەكلىپ قىلىشتى، دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. بۇ قېتىم ئىشىكنى ئېچىپ قارىسام، ئۇلار ئەمەس، بەلكى بالىلىق ۋاقتىلىرىمدىلا ئۇنتۇپ كەتكەن قارا ئىكەن، ئۇ بۇرۇن ئارىمىزغا كىرەلمەي بىزگە ھەسەت قىلاتتى. خوپ، نېمە ئىش؟

ئۇ پاراڭلاشقىلى، ئۇلپەتلەشكىلى، رەسىملىرىمنى كۆرگىلى كەپتۇ. ھەممە نەرسەمنى كۆرۈشكە ئىلتىپات قىلدىم. ئۇ ئۇستاز باش رەسسام ئوسمان بىلەنمۇ يېقىندا كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلۇغ ئۇستاز ئۇنىڭغا: ”مۇنەۋۋەر رەسسام ئەمالىق ۋە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا بولغان كۆز قارىشىدىن مەلۇم بولىدۇ“ دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى دەپتۇ. ئۇنداقتا قۇلاق سېلىڭلار:

## ئەمالىق ۋە ئەستە تۇتۇش

رەسىمنى سىزىشقا باشلاشتىن ئىلگىرى بىر قاراڭغۇلۇق بولغىنىدەك، سىزىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بىر قاراڭغۇلۇق بولىدۇ. بوياقلىرىمىز، ماھارىتىمىز ۋە قىزغىنلىقىمىز بىلەن ئاللاھنىڭ كۆرۈش ئۈچۈن بىزگە ئاتا قىلغىنىنى ئېسىمىزدە تۇتىمىز. ئەستە تۇتۇش — كۆرگىنىنى بىلىش دېمەكتۇر. بىلىش — كۆرگىنىنى ئېسىدە تۇتۇشتۇر. كۆرۈش — ئەستە تۇتماي تۇرۇپ بىلىشتۇر. دېمەك، رەسىم سىزىش — قاراڭغۇلۇقنى ئەستە تۇتۇشتۇر. رەسىمگە ئاشىق بولغان، رەڭلەرنى ۋە شەيئىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن كۆرۈشنى بىلىدىغان پېشقەدەم ئۇستازلار، ئاللاھنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا رەڭلەر ئارقىلىق قايتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كەمچىل بولغان سەنئەتكارلار نە ئاللاھنى، نە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئەستە تۇتالايدۇ. بارلىق ئۇلۇغ ئۇستازلار ئۆز رەسىملىرىدە رەڭلەرنىڭ ئەچىگە يوشۇرۇنغان، ۋاقىتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ئەنە شۇ چوڭقۇر قاراڭغۇلۇقنى ئىزدەيدۇ. ھىراتنىڭ پېشقەدەم ئۇستىلىرى تاپقان بۇ قاراڭغۇلۇقنى ئەستە تۇتۇش نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن شۇنداق بايان قىلماقچىمەن.

### ئەمالىق ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ھەققىدە ئۈچ ھېكايە
### ئا

شائىر جامىنىڭ ئەۋلىيالار ھەققىدىكى ھېكايەتلەرنى قەلەمگە ئالغان «نەفەھاتۇل ئۇنس»① ناملىق ئەسىرىنىڭ لامىئى چەلەبى② تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىدا، قارا قويۇنلۇق سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى جاھان شاھنىڭ رەسىمخانىسىدا نام چىقارغان ئۇستاز شەيخ ئەلى تەبرىزىنىڭ خۇسرەۋ بىلەن شېرىننىڭ ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش نۇسخىسىنى سىزغانلىقى بايان قىلىنغان. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، نەق 11 يىلدا تا-

---

① «نەفەھاتۇل ئۇنس» — «يېقىنلىقنىڭ ئەدەپلىرى» مەنىسىدە — ت.

② چەلەبى — ئەپەندىم، جانابلىرى مەنىسىدە — ت.

ماملانغان بۇ ئاجايىپ كىتابتا، ئۇستازلار ئۇستازى رەسسام شەيخ ئەلى شۇنداق بىر ماھارەت كۆرسەتكەن ۋە پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بەھزاتلا سىزالايدىغان ئىنتايىن كارامەت سەھىپىلەرنى سىزغانىكى، جاھان شاھ ئۆزىنىڭ دۇنيادا بىرەر تەڭدىشى بولمىغان كارامەت بىر كىتابقا ئىگە بولۇش ئالدىدا ئىكەنلىكىنى تېخى كىتاب يېرىملاشماي تۇرۇپلا بىلىپتۇ. ئاققويۇنلۇق سۇلالىسى ھۆكۈمدارى ياش، ئۇزۇنتۇرا ھاسانىي ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قارىغان، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋەھىمە ھەم ھەسەتخورلۇق ئۆچمەنلىكى بىلەن ياشاپ كەلگەن جاھان شاھنىڭ ئەقلىگە دەرھال شۇ نەرسە كەپتۇكى، ئۇ مەزكۇر كارامەت كىتاب تاماملانغاندىن كېيىن، ئاققويۇنلۇق ئۇزۇنتۇرا ھاساننىڭ ئۆزى ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ياخشى كىتابتىن بىرنى ئىشلىتىپ، جاھان شاھقا ئوخشاش ئېتىبارغا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ قاپتۇ. ئۆز خۇشاللىقلىرىنى ئۆزگىلەردىن قىزغىنىپ، "باشقىلارمۇ شۇنداق خۇشال بولسا قانداق قىلىش كېرەك!" دېگەن ئەندىشە بىلەن زەھەرلەيدىغان ھەقىقىي ھەسەتخورلۇقلار بۇ جاھاندا مەۋجۇت، ئەلۋەتتە. جاھان شاھ ئۇستا رەسسامنىڭ بۇ كىتابتىن يەنە بىرنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى ئىشلىسە، ئۇنى بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى ئۇزۇنتۇرا ھاسان ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىنى شۇئان سېزىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ مۇنداق ئاجايىپ ئېسىل كىتابقا ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، كىتابنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۇستا رەسسام شەيخ ئەلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كەپتۇ. لېكىن ھەرەمخانىسىدىكى ياخشى نىيەتلىك بىر چېركەس گۈزىلى ئۇنىڭغا ئۇستا رەسسامنى ئەما قىلىۋېتىشلا كۇپايە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپتۇ. جاھان شاھ بۇ ئەقلىنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئاقىلانە قارارىنى ئەتراپىدىكى خۇشامەتچىلەرگە ئېيتىپتۇ. بۇ گەپلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇستا رەسسام شەيخ ئەلىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. لېكىن ئۇ ئادەتتىكى باشقا رەسساملاردەك كىتابنى يېرىم يولدا توختىتىپ، تەبرىزنى تاشلاپ كەتمەپتۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەما قىلىنىشىنى كېچىكتۈرۈش مەقسىتىدە كىتابنى ئاستىلىتىش ياكى كىتابنى نۇقسانسىز چىقىرىش ئۈچۈن رەسىملەرنى ئىمكانقەدەر ياخشى سىزىپ، ھەر ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۈچلۈك

ئىشتىياق ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىشلەپتۇ. ئۆزى تەنها تۇرىدىغان ئۆيىدە بامدات نامىزىدىن كېيىن ئىشلەشكە باشلاپ، تاكى تۇن نىسپىگىچە، شاملارنىڭ يورۇقىدا هارغىن كۆزلىرىدىن ئاچچىق ياشلىرى تۆكۈلگىچە ئىشلەپتۇ. ئۇ ئۇزلۇكسىز تەكرار ـ تەكرار بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئاتلارنى، سەرۋى دەرەخلىرىنى، ئاشىقلارنى، ئەجدىهالارنى ۋە يېقىملىق شاهزادىلەرنى سىزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كۆپ چاغلاردا ئۇ بىرقانچە كۈنـ ـلەپ هىراتلىق پېشقەدەم ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ رەسىملىرىگە سىنچىلاپ قارايدىكەن. كېيىن ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي ئۇنى باشقا بىر قەغەزگە ئەينى پېتى سىزىدىكەن. ئاخىرىدا قارا قويۇنلۇق جاهان شاه ئۇچۇن ئىشلىگەن كىتاب تاماملىنىپتۇ. ئۇستا رەسسام كۈتكىنىدەك، ئالدى بىلەن ماختىلىپ ئالتۇنغا كۆمۈلۈپتۇ، كېيىن ئۈچى ئۆتكۈر بىر پەي يىڭنە بىلەن كۆزى كور قىلىنىپتۇ. شەيخ ئەلى كۆزىنىڭ ئاغرىقى تېخى توختىماستىن، شۇئان هىراتنى تاشلاپ ئاققويۇنلۇق سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمدارى ئۇزۇنتۇرا هاسانـ ـنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: "شۇنداق، مەن ئەما ــ دەپتۇ، ــ لېكىن ئاخىرقى 11 يىلدىن بېرى مەن رەسىمنى سىزغان كىتابنىڭ پۈتۈن گۈـ ـزەللىكلىرى هەمدە ئۇنىڭغا تەگكۈزگەن هەر بىر قەلەملىرىمگىچە ئېسىمـ ـدە، شۇنداقلا ئۇلارنى كۆرمىسەممۇ قولۇم يادقا سىزالايدۇ. خاقان ئالىيلىـ ـرى، مەن ئۆزلىرىگە ئەڭ ئېسىل كىتابلارنىڭ رەسىمنى سىزىپ بېرەلەيـ ـمەن. چۈنكى ئەمدى كۆزلىرىم بۇ دۇنيانىڭ مەينەتچىلىكلىرىگە دۇچ كەلـ ـمەيدىغان بولغاچقا، ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن گۈزەللىكلەرنى ئەڭ ساپ شەكلى بىلەن يادقا سىزالايمەن." ئۇزۇنتۇرا هاسان ئۇلۇغ ئۇستاز رەسسامغا شۇئان ئىشىنىپتۇ. ئۇستازمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئاققويۇنلۇق سۇلالىسىنىڭ خاقانىغا ئەڭ كارامەت بىر كىتابنى يادقا سىزىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېـ ـيىن، ئاققويۇنلۇق ئۇزۇنتۇرا هاسان قاراقويۇنلۇق جاهان شاهنى مىڭكۈلـ ـنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز هۇجۇم بىلەن مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ غەلىبە غالىب خاقانغا يېڭى كىتابتىن كەلگەن مەنىۋى كۈچ ئەـ ـكەنلىكى هەممە كىشىگە ئايان بوپتۇ. بۇ كارامەت كىتاب ئۇستاز شاه ئەـ ـلى تەبرىزى مەرهۇم جاهان شاهقا ئىشلەپ بەرگەن ئالدىنقى كىتاب بىلەن بىرلىكتە غالىب خاقان ئۇزۇنتۇرا هاسان ئوتلۇقبەل جېڭىدە مەرهۇم فاـ

تىخ سۇلتان مەھمەت خان تەرىپىدىن مەغلۇب بولغاندا، پادىشاھىمىزنىڭ غەزىنىسىگە كىرگەن بولۇپ، بۇنى كۆرگەنلەر بىلىدۇ.

## ب

ياتقان يېرى جەننەتتە بولغۇسى قانۇنى سۇلتان سۇلايمان خان خەتتاتلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، شۇ ۋەجىدىن، زامانىسىنىڭ بەختسىز رەسساملىرى رەسىمنىڭ خەتتاتلىقتىن مۇھىم ئىكەنلىكىگە مىسال تەرىقىسىدە مەن تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان ھېكايىنى بايان قىلغاندى، لېكىن دىققەت بىلەن ئاڭلىغان ھەربىر كىشى سېزىۋالىغىنىدەك، بۇ قىسسىدە ئەمالىق ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ھەققىدىكى ھېكايە سۆزلىنىدۇ. جاھان ھۆكۈمدارى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىر - بىرىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغان ۋە رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇشقان بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ شەھەرلىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قىلغان دەسلەپكى ئىشى ئۆز نامىدا پۇل بېسىش ۋە مەسچىتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ خۇتبە ئوقۇتۇش بولسا، ئىككىنچى ئىشى، بىر - بىرىدىن قولغا كەلتۈرگەن كىتابلارنى پارچىلاپ، كىتابلارنىڭ باش سەھىپىسىگە ئۆزلىرىنى «جاھان ھۆكۈمدارى» دەپ ماختىغان يېڭى تەبرىك ۋە يېڭى بېغىشلىمىلارنى كىرگۈزۈپ، كىتابلارنى يېڭىۋاشتىن تۇپلىتىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ شاھانە ئەسەرنى كۆرگەن بارلىق كىشىلەر بۇ ھۆكۈمدارنىڭ شەرىپىگە ئىشلەنگەن مەزكۇر كىتابىغا قاراپ، ئۇنىڭ جاھان ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى، ئۇلۇغبەگنىڭ ئوغلى ئابدۇل لەتىپ ھىراتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن بارلىق ئۇستا رەسساملار ۋە خەتتاتلارنى، ماھىر تۇپلىگۇچى ئۇستىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارغا دەرھال ئۆز ئاتىسىنىڭ شەرىپىگە بېغىشلاپ بىر كىتاب ئىشلەپ چىقىشقا پەرمان چۈشۈردى. ئەمما، ئەينى چاغدا ئىلگىرى يېزىلىپ، تۇپلەنگەن كىتابلارنىڭ سەھىپىلىرى يىرتىپ تاشلانغان ياكى كۆيدۇرۇۋېتىلگەن بولغاچقا، كېيىن تۇپلەنگەن كىتابلاردا رەسىملەر ۋە سەھىپىلەر ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، نۇرغۇن رەسىملەر بايان قىلىن-

غان ھېكايىلەرگە ماس كەلمەي قالغان ئىدى. ئۇلۇغبەگنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ رەسىمگە ھېرىسمەن زات ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، كىتابنى مۇنداق رەسىمگە ماس كەلمىگەن ھېكايىلەرنى قالايمىقان ئارىلاشتۇرۇپ توپلەش ئاتىسىغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ھىراتتىكى رەسساملارنى يىغىپ، كىتاب رەسىملىرىدىكى ھېكايىلەرنى بايان قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە رەسىملەرنى رەتلەپ، ئۆز جايىغا توپلەشنى بۇيرۇدى. شۇڭىنىسى، ھەربىر رەسسامنىڭ بايان قىلغان ھېكايىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ رەسىملەرنىڭ بەت تەرتىپى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئاخىرى، ئۇلار ئەڭ ياشانغان باش نازارەتچى رەسسامنى ئىزدەپ تاپتى. بۇ رەسسام ئۇستازنى كىشىلەر ئالللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىشكەن ئىدى. ئۇ ئۆتكەن 54 يىلدىن بۇيان ھىراتتا ھۆكۈم سۇرگەن بارلىق شاھلار ۋە شاھزادىلەرنىڭ شەرىپىگە رەسىم سىزىپ، كىتابلارنى ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگەك ئۇنى كۆز نۇرىدىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. كىشىلەر ئۇنى تاپقان شۇ دەقىقىدە، رەسىملەرگە قاراپ تۇرغان بۇ ياشانغان ئۇستاز ئەمەلىيەتتە ئەما بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئەھۋال كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىدى، ھەتتا، بەزىلەر كۈلگەنمۇ بولدى. ئەمما بۇ ياشانغان ئۇستاز كىشىلەردىن زېھنى ئوچۇق، يەتتە ياشقا تولمىغان ھەم خەت ساۋادىمۇ بولمىغان بىر كىچىك ئوغۇل بالا تېپىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار دەرھال بالىدىن بىرنى تېپىپ كېلىشتى. ياشانغان ئۇستاز رەسىملەرنى بالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ: ”كۆرگىنىڭنى سۆزلە“ دېدى. بالا رەسىمدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا، ياشانغان رەسسام ئەما كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى ۋە كېيىن: ”بۇ فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدىكى ئىسكەندەرنىڭ ئۆلگەن دارانى قۇچاقلىشى... سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»دىكى سۇمباتلىق بالا شاگىرتىغا ئاشىق بولغان ئۇستازنىڭ ھېكايىسى... نىزامىنىڭ «مەھزۇنى ئەسرار»① دىكى تېۋىپلارنىڭ بەسلىشىشى...“ دېدى. ياشانغان ئەما رەسسامغا غەزەپلەنگەن باشقا رەسساملار، ”بۇلارنى بىزمۇ دەپ بېرەلەيتتۇق، بۇلار ئەڭ مەشھۇر ھېكايىلەرنىڭ كىشىلەرگە ئەڭ تونۇش بولغان كۆرۈ-

① «مەھزۇنى ئەسرار» ــــ «سىرلىق غەزىنە» ــــ ت.

نۇشلىرىغۇ!" دېيىشتى. ياشانغان ئەما رەسسام ئەمدى بالىنىڭ ئالدىغا بايانى
ئەڭ قىيىن بولغان رەسىملەرنى قويدۇردى ۋە بالىنىڭ دىگەنلىرىنى دىققەت
بىلەن ئاڭلاپ: "فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدىكى ھۇرمۇزنىڭ خەتتاتلارنى
زەھەرلەپ بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈشى، — دېدى ۋە ئاسمانغا قاراپ، —
مەۋلانە رۇمىنىڭ «مەسنەۋى»سىدىكى بولمىغۇر ھېكايە — خوتۇننى ۋە
ئۇنىڭ ئاشنىسىنى بېھى دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن تۇتۇۋالغان ئەرنىڭ ھېكا-
يىسى، بۇ بىر پۇلغا يارىماس رەسىم" دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزى كۆ-
رەلمىگەن پۈتۈن رەسىملەرنى بالىنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن تونۇپ، كىتابلار-
نى يېڭىۋاشتىن توغرا تۈپلەشكە ئىمكان ياراتتى. ئۇلۇغبەگ ھىراتقا قوشۇ-
نى بىلەن كىرگىنىدە، ياشانغان رەسسامدىن ئۇستا رەسساملار كۆرۈپ تو-
رۇپ چۈشىنەلمىگەن ھېكايىلەرنى ئۆزىنىڭ كۆرمەي تۇرۇپ قانداقسىگە
چۈشىنەلىگەنلىكىنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. "بۇ باشقىلار ئويلىغاندەك، ئەما
بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى-
دىن ئەمەس، — دەپتۇ ياشانغان رەسسام، — مەن پەقەت ھېكايىلەرنىڭ
رەسىملەر بىلەنلا ئەمەس، سۆزلەر ئارقىلىق خاتىرىلىنىدىغانلىقىنى زادى
ئۇنتۇمايمەن." ئۇلۇغبەگ ئۇ سۆزلەرنى ۋە ھېكايىلەرنى ئۆز رەسساملىرى-
نىڭمۇ بىلىدىغانلىقى، ئەمما رەسىملەرنى ئۆز تەرتىپى بىلەن رەتلىيەلمەي-
دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. "چۈنكى، — دەپتۇ ياشانغان رەسسام، — ئۇلار ئۆز
ھۈنەر - سەنئىتى بولغان رەسىمنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدۇ. لېكىن
پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ بۇ رەسىملەرنى ئاللاھ ئاتا قىلغان تەسەۋۋۇرىغا تا-
يىنىپ ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ." ئۇلۇغبەگ بىر كىچىك بالىنىڭ
بۇنى قانداق بىلىۋالغانلىقىنى سوراپتۇ. "بالا بىلمەيدۇ، — دەپتۇ ياشانغان
رەسسام، — پەقەت مېنىڭدەك ئەما ۋە ياشانغان بىر رەسسامنىڭ يەتتە ياش-
لىق ئەقىللىق بىر بالىنىڭمۇ ئاللاھ ياراتقان دۇنيانى كۆرۈشىنى ئۈمىد
قىلىدىغانلىقىنى ھەم ئاللاھنىڭمۇ بۇ دۇنيانى شۇنداق ياراتقانلىقىنى بى-
لىمەن. چۈنكى ئاللاھ ئالەمنى ئالدى بىلەن ئىنسانلار كۆرسۇن دەپ يارات-
تى، كېيىن كۆرگىنىمىزنى بىر - بىرىمىز بىلەن ئورتاقلىشىش، سۆز-
لىشىش ئۈچۈن بىزگە تىلنى ئاتا قىلدى. ئەمما بىز تىل ئارقىلىق ھېكا-
يىلەرنى ئىجاد قىلدۇق - دە، رەسىمنى بۇ ھېكايىلەر ئۈچۈن سىزىلىدۇ دەپ

ئويلىدۇق. ۋەھالەنكى، رەسسىمنىڭ مەقسىتى ئاللاھ ئاتا قىلغان تەسەۋ-
ۋۇرلارنى ئىزدەش، ئالەمنى ئۇنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈشتۇر."

## ج

ھەممىگە مەلۇمكى، بىر مەزگىل ئەرەب نەققاشلار كۆن چىقىش بىلەن
تەڭ كۆن پېتىش ئۇپۇقىغا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قارايدىغان بولغان، بىر ئە-
سىردىن كېيىن شىرازدا كۆپىنچە رەسساملار ئەتىگەندە ئاچ قورساققا ياڭاق
مېغىزى بىلەن گۈلقەنت يەيدىغان بولدى. چۈنكى، رەسساملار تائىپىسىدى-
كىلەر ئەزەلدىنلا ئەما بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى ۋە ۋەھىمە يەيت-
تى. يەنە شۇ مەزگىلدە ئىسپاھانلىق ياشانغان رەسساملار ۋاباغا ئۇچرىغاز-
دەك نۆۋەت بىلەن ئەمالىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقتىن، ئۇلار قۇ-
ياش نۇرىنى بۇنىڭ سەۋەبى دەپ قارىدى ھەمدە قۇياش نۇرى بىۋاسىتە ئىش
تاختىلىرىغا چۈشمىسۇن دەپ، كۆپىنچە ھاللاردا، ھۇجرىنىڭ يېرىم قاراڭ-
غۇ بۇلۇڭىدا شاملارنىڭ يورۇقىدا ئىشلەيتتى، شۇنداقلا بۇخارادىكى ئۆزبېك
رەسسىمخانىلىرىدا، ئۇستىلار كەچ كىرگەندە شەيخلەر دېمىدە قىلغان سۇ
بىلەن كۆزلىرىنى يۇيۇشاتتى. مانا بۇ ئۇسۇللار ئىچىدە ئەمالىقنىڭ ئالدىنى
ئېلىشتىكى ئەڭ ساپ ئۇسۇل پەقەت ھىراتلىق ئۇلۇغ ئۇستاز بەھزاتنىڭ
ئۇستازى سەييىد مىرەك تەرىپىدىن تېپىلغان ئۇسۇلدۇر. ئۇستاز رەسسام
مىرەكنىڭ قارىشىچە، ئەمالىق بىرەر بالا - قازا ئەمەس، ئەكسىچە پۈتۈن
ھاياتىنى ئاللاھقا ئاتىغان رەسسامغا ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بەخ-
تىيارلىقتۇر. چۈنكى، رەسسىم رەسسامنىڭ ئاللاھ نەزىرىدىكى پانى ئالەمنى
ئىزدىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تەڭداشسىز مەنزىرە پەقەت ئۆمۈرۋايەتلىك
خىزمەت ھاياتىدىن كېيىن كۆزلەر چارچاپ، رەسسام ئوبدانلا قېرىغىنىدا
ئەمالىققا گىرىپتار بولغاندىن كېيىنكى ئەسلىمىلىرىدىنلا تېپىلىدۇ. دې-
مەك، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئالەمنى ئەما رەسساملارنىڭ ئەسلىمىلىرى-
دىنلا كۆرگىلى بولىدۇ. ياشانغان رەسسام بۇ تەسىراتقا ئىگە بولغىنىدا، يە-
نى ئەسلىمىلەر ۋە ئەمالىقنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە، ئاللاھنىڭ نەزىرىدى-
كى دۇنيا كۆز ئالدىدا ئايان بولغاندا، قوللىرى ئارقىلىق تەبىئىي يوسۇندا،

بۇ ئاجايىپ رەسىمنى قەغەزگە چۈشۈرەلەيدىغان سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت دېگۈدەك قول كۆندۈرۈش مەشىقى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇ مەزگىلدىكى ھىراتلىق رەسساملار ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە، تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر دۇغلاتنىڭ يېزىشىچە، ئۇستاز سەييىد مىرەك بۇ رەسىمنى چۈشەندۈرۈشكە بىر ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزماقچى بولغان رەسسامنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەنىكەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ قابىلىيەتسىز رەسسامۇ كاللىسى قۇپقۇرۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى بۇگۈنكى پەرەڭ رەسساملىرىدەك، ئاتقا قاراپ ئات رەسىمىنى سىزغاندىمۇ، سىزغىنى يەنىلا خاتىرىسىدىكى ئات. چۈنكى ھېچكىم بىر ۋاقىتتا ھەم ئاتقا، ھەم ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزىدىغان قەغەزگە قارىيالمايدۇ. رەسسام ئاۋۋال ئاتقا قارايدۇ، ئاندىن كاللىسىدىكىنى شۇئان قەغەزگە سىزىدۇ. ئارىدىن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ رەسسامنىڭ قەغەزگە چۈشۈرگىنى كۆز ئالدىدىكى ئات ئەمەس، ھېلى كۆرگەن ئاتنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، بۇمۇ ئەڭ نائۇستا رەسسامغا نىسبەتەنمۇ رەسىمنىڭ پەقەت ئەستە تۇتۇش ئارقىلىقلا مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. رەسسامنىڭ قىزغىن كەسپىي تۇرمۇشىنى كەلگۈسى كۈنلەردىكى بەختىيار ئەمالىق ۋە ئەمالارغا خاس تەسەۋۋۇرلار ئۈچۈن تەييارلىق دەپ؛ بۇ چۈشەنچىنىڭ تەسىرىدە، شۇ مەزگىلدىكى ھىراتلىق ئۇستازلارنىڭ كىتابخۇمار شاھلار ۋە شاھزادىلەر ئۈچۈن سىزغان رەسىملىرىنى قول كۆندۈرۈش، ئۆگىنىش مەشقى دەپ قارايتتى. خىزمەتنى، توختىماي سىزىشنى ۋە كۈن بويى دەم ئالماي شاملارنىڭ يورۇقىدا سەھىپىلەرنى كۆرۈشنى رەسسامنى ئەمالىققا ئېلىپ بارىدىغان كۆڭۈللۈك بىر ئىش دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇستا رەسسام مىرەك پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا، بەزى چاغلاردا تىرناق، گۈرۈچ، ھەتتا چاچلارغا دەرەخلەرنى پۈتۈن يوپۇرماقلىرى بىلەن سىزىپ، ئەمالىققا ئەتەي ۋە تېز يېقىنلىشىپ، بەزى چاغلاردا شاد ـ خۇراملىقتا تولغان ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان باغچىلارنى سىزىپ، خالىي بولغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقنى ئېھتىيات بىلەن كېچىكتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ۋە بۇ ئەڭ كۆڭۈللۈك نەتىجىگە ئېرىشىدىغان مۇۋاپىق ۋاقىتنى ئىزدىگەنىدى. ئۇ 70 ياشقا كەلگەندە، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنى مۇكاپاتلاش

ئۇچۇن قوللۇپ ئۇستىگە قوللۇپ سېلىپ مۇھاپىزەت قىلىدىغان غەزىنىسى-
دە ساقلانغان مىڭلىغان كىتابلارنىڭ سەھىپىلىرىنى ئۇنىڭغا ئېچىپ بەر-
دى. ئۇستاز مىرەك ئۇرۇش قوراللىرى، تاۋار - دۇردۇن، مەخمەل - دۇخاۋا
ۋە ئالتۇنلار بىلەن تولغان غەزىنىدىكى ئالتۇن شامدانلارغا قوندۇرۇلغان
شاملارنىڭ يورۇقىدا ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار ئىشلىگەن ئاجايىپ
كىتابلارنىڭ نادىر سەھىپىلىرىنى ئۇچ كېچە - كۈندۈز كۆز ئۈزمەي كۆر-
گەندىن كېيىن ئەما بولۇپ قالدى. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى كۈتۈۋالىدى-
غاندەك كامىللىق ۋە ئىتائەتچانلىق بىلەن بۇ يېڭى ئەھۋالنى قوبۇل قىلى-
غاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ئۇستاز تەكرار گەپ - سۆز قىلمىغان ۋە زادى رە-
سىم سىزمىغانىدى. «تارىخىي رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەت
ھەيدەر دۇغلات بۇنى ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك ۋاقتىنىڭ مەنزىرىلىرىگە مۇ-
يەسسەر بولغان بىر رەسسامنىڭ ھاياتى چەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى
ئىنسانلار ئۇچۇن ئىشلىنىدىغان كىتاب سەھىپىلىرىگە ئەمدى ھېچقاچان
قايتالمايدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ: "ئەما رەسسامنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيى-
تى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا مۇيەسسەر بولغان يەردە، جەزمەن مۇتلەق جىم-
جىتلىق، بەختىيار قاراڭغۇلۇق ۋە بوش سەھىپىلەرگە خاس بولغان ئەبەدىي
چەكسىزلىك مەۋجۇتتۇر" دېگەن ئىدى.
قارا ئۇستاز ئوسماننىڭ ئەمالىق ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ھەق-
قىدىكى سوئالغا قارىتا مەندىن ھەقىقىي جاۋابنى ئاڭلاشتىن كۆرە، بىساتى-
لىرىمنى، ھۇجرامنى، رەسىملىرىمنى كۆرگەندە قورۇنۇپ قالماسلىقنى
كۆزدە تۇتقانلىقىمۇ ماڭا ئايان ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن بايان قىلغان ھېكا-
يىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللاندىم. "ئەمالىق —
شەيتان ۋە گۇناھ كىرەلمەيدىغان بەختىيار ئالەم" دېدىم ئۇنىڭغا.
— تەبرىزدە، — دېدى قارا، — ئۇستاز مىرەكنىڭ تەسىرى بىلەن
ئەمالىقنى ئاللاھنىڭ ئېھسانى، ئەڭ يۇكسەك پەزىلەت دەپ قارايدىغان كونا-
سېرۋاتىپ رەسساملارنىڭ بەزىلىرى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزلىرى-
نىڭ تېخىچە ئەما بولۇپ قالمىغانلىقىدىن خىجالەت بولىدۇ، بۇنىڭ ئىق-
تىدارسىزلىق ۋە ماھارەتسىزلىكلىكىنىڭ بىر ئىسپاتى دەپ قارىلىشىدىن
قورقۇپ، ئەما قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. قەزۋىنلىك جامالىددىنىنىڭ تەسى-

رىگە ئۇچرىغان بۇ كۆزقاراش تۇپەيلىدىن بەزىلەر راست ئەما بولمىسىمۇ،
دۇنياغا ئەمادەك قاراشنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن قاراڭغۇدا ئەينەكلەر ئارد-
سىدا ئولتۇرۇپ، شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ
سەھىپىلىرىگە تاماقىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ھەپتىلەپ قارايدۇ.

ئىشىك قېقىلدى، ئېچىپ قارىسام رەسىمخانىدىن كەلگەن چىرايلىق
شەھلا كۆزلۈك بىر سۇمباتلىق شاگىرت ئىكەن. ئۇ ھەلچى نازاكەتلىك ئە-
پەندى قېرىنداشىمىزنىڭ جەسىتىنىڭ سۇيى تارتىلىپ كەتكەن بىر قۇ-
دۇقتىن تېپىلغانلىقىنى، نامىزىنىڭ مېھرىماھ جامەسىدە ناماز ئەسىردە
ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە خەۋەرنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىت-
تىك قايتتى. ئى ئاللاھ! بىزلەرنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.

# 15. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر

مۇھەببەت كىشىنى ئەقىلسىز قىلىپ قويامدۇ ياكى ئەقىلسىزلەر
مۇھەببەت باغلامدۇ؟ بىر نەچچە يىللاردىن بېرى يايمىچىلىق ۋە ئەلچىلىك
قىلىۋاتىمەن، لېكىن زادى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. مەن ھەمىشە بىر ـ بىرد-
گە ئاشىق بولۇشقان تېخىمۇ ئەقىللىق، تېخىمۇ قۇۋ، تېخىمۇ ئۇستات بىر
جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنى، بولۇپمۇ، شۇنداق بىر ئەرنى كۆرۈشنى ناھايىتى
ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما مېنىڭ بىلىدىغىنىم: ئەگەر بىر ئەر ھىيلىگەر-
لىك، قىلتاقچىلىق، ئۇستاتلىق بىلەنلا شۇغۇللانسا، بۇ ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ
ھەقىقىي ئاشىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قارا ئەپەندىگە كەلسەك، ئۇ ھا-
زىردىنلا سوغۇققانلىقىنى يوقاتتى، مەن بىلەن شەكۈرە توغرۇلۇق سۆز-
لەشكىنىدىمۇ نورمال ئۆلچەمگە رىئايە قىلمايدىغان بولدى.

بازاردا ئۇنىڭغا شەكۈرەنىڭ داۋاملىق ئۇنى ئويلايدىغانلىقىنى، مەندىن
ئۇنىڭ ئۇچۇرىنى سورايدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئۇنى ھېچقاچان بۇنداق
ئەھۋالدا كۆرۈپ باقمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. يەنى، مەن بۇ تەپسىلاتلارنى
كىشىلەرگە ناخشىنىڭ قايتارمىسىدەك تولا سۆزلەپ ئادەتلىنىپ كەتكەن
بىر يۈرۈش ئىبارىلەر بىلەن سۇدەك يادلاپ دېگۈدەك بايان قىلدىم. ئۇ مې-
نىڭ كۆزلىرىمگە شۇنداق غەمكىن قارىدىكى، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. ئۇ
ماڭا بەرگەن خېتىنى دەرھال بىۋاسىتە شەكۈرەگە يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى
ئېيتتى. پۈتۈن ئەقىلسىزلەر مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەندە، ھەرقانداق ئىشقا
گويا زادىلا كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغاندەك بىر ئەلپازدا مۇئامىلە قىلىدۇ،
شۇنداقلا، ھاياجانلىنىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ ـ دە، مە-
شۇقلىرىنىڭ قولىغا قورال بەرگەندەك ئىش قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇلار-
نىڭ مەشۇقلىرى ئەقىللىق بولسا، جاۋابىنى قەستەن كېچىكتۈرىدۇ. يەكۈن
شۇكى: مۇھەببەتتە ئالدىرىغان يولدا قالىدۇ.

شۇڭا، قارا ئەپەندى ”ناھايىتى ئالدىراش“ دەپ بەرگەن خەتنى ئالدى

بىلەن باشقا يەرگە ئېلىپ بارغىنىمنى بىلسە ئىدى، ئۇ ماڭا رەھمەت ئېيتقان بولاتتى. بازاردا ئۇنى خېلى ئۇزاق كۈتۈپ توڭۇپ كەتكەنىدىم. ئىسسىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال يول ئۈستىدىكى بالىلىرىمنىڭ بىرىنىڭكىگە كىرمەكچى بولدۇم. مەن خەتلىرىنى توشۇپ ئۆز قولۇم بىلەن ياتلىق قىلغان قىزلارنى "بالام" دەپ ئاتايتتىم. بۇ ئاۋاق قىز مەندىن شۇنداق خۇرسەن ئىدىكى، ھەربىر كەلگىنىمدە ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇشتىن باشقا، يەنە قولۇمغا بىرنەچچە تەڭگە تۇتقۇزاتتى. ھازىر ئۇ ھامىلىدار ئىكەن، كۆڭلى بەك خۇشال. ئۇ ماڭا ئىخلامۇر① چېيى دەملىدى. مەن چاينى تولىمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئىچتىم. يالغۇز قالغىنىمدا قارا ئەپەندى بەرگەن پۇللارنى سانىغاندىم، 20 تەڭگە ئىكەن.

مەن يەنە يولۇمغا ماڭدىم. خالتا كوچىلاردىن، تار يوللاردىن، پاتقاقلار توڭلاپ مېڭىش تەس بولۇپ كەتكەن ئوڭغۇل - دوڭغۇللۇقلاردىن ئۆتتۇم. ئۆينىڭ دەرۋازىسىنى قاققىنىمدا قىزىقچىلىقىم تۇتۇپ ۋارقىرىدىم:

— يايمىچى كەلدى، يايمىچى! — دېدىم. پادىشاھلارغا لايىق ئەڭ ياخشى شىپۇنلار، كەشمىرنىڭ ئاجايىپ ياغلىقلىرى، بۇرسا دۇخاۋىسىدىن ئىشلەنگەن بەلباغلىقلار، ئەڭ ياخشى يىپەك چىلتەكلىك مىسىر رەختىدىن تىكىلگەن كۆڭلەكلەر، گۈلدار گاز ياغلىقلار، كارنۋات ياپقۇچ ۋە كىرلىكلەر، رەڭگارەڭ قولياغلىقلار بار، بۈگۈن بار، ئەتە يوق!

دەرۋازا ئېچىلدى، ئۆيگە كىردىم. ئۆي ئىچىدە ھەر ۋاقىتتىكىدەك تۆشەك، ئۇيقۇ، چۈچۈگەن ياغ ۋە زەي پۇراقلىرى، ياشىنىپ كېتىۋاتقان بويتاق ئەرلەرگە خاس قېرىق پۇراقلاردىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

— ھۇ پېرىخون، نېمىگە ۋارقىرايسەن؟

مەن زوۋان سۈرمەي خەتنى چىقىرىپ بەردىم. ئۇ غۇۋا قاراڭغۇ ئۆيدە كۆلەڭگىدەك يېقىنلاپ كېلىپ، قولۇمدىكى خەتنى ئالدى - دە، شۇئان يازدىكى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە ھەمىشە لامپا يېقىغلىق تۇراتتى. مەن ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ:

— دادىڭىز يوقمۇ؟ — دېدىم.

---

① ئىخلامۇر — "بۇدى" دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخ يوپۇرمىقىدىن ئىشلەنگەن چاي، — ت.

جاۋاب قايتۇرمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا خەتنى ئوقۇۋاتاتتى. بوپتۇ، ئوقۇۋالسۇن دېدىم. چىراغ كەينىمدە بولغاچقا، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىگەنىدىم. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە قايتىلاپ ئوقۇشقا باشلىدى.

— خوپ، خەتتە نېمە دەپتۇ؟ — دېدىم.

هاسان خەتنى ئوقۇدى.

"قەدىرلىك شەكۈرە خانىم، مەنمۇ بىرقانچە يىللاردىن بېرى بىرلا كىشىنى ئويلاپ ياشىغانلىقىم ئۈچۈن، سىزنىڭ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئېرىڭىزنى كۈتۈپ، ئۇنىڭدىن باشقا هېچكىمنى ئويلىمىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن ھەمدە خاھىشىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمەن. سىزگە ئوخشاش بىر ئايالدىن ئادىللىق ۋە ئىپپەتتىن باشقا نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟ (هاسان قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى!) لېكىن رەسسىم ئۈچۈن دادىڭىزنى يوقلاپ بېرىشىم سىزنى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. بۇنداق قىلىشنى ئەسلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنمەن. مەن ھەرگىز سىزدىن بىرەر ئىشارەت ياكى جاسارەت ئالدىم دېيەلمەيمەن. نۇرلۇق جامالىڭىزنى دېرىزىدىن چېلىقتۇرغىنىمدا، بۇنى ئاللاھنىڭ ماڭا قىلغان بىر ئېھسانى دەپلا ئويلىدىم، باشقا ھەرقانداق خىيالدا بولمىدىم. چۈنكى مەن چىرايىڭىزنى كۆرەلىسەملا، شۇنىڭ خۇشاللىقىغا قانائەت قىلىمەن. ("بۇ يېرىنى نىزامىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئاپتۇ" دەپ سۆز قىستۇردى هاسان غەزەپ بىلەن). لېكىن "ماڭا يېقىنلاشما" دېسىڭىز، ئېيتىڭا، ئۇنداقتا سىز يېنىڭىزغا بىرىنىڭ كېلىشىدىن قورقىدىغان پەرىشتىمۇ؟ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، مۇنۇلارنى ئاڭلاڭ: بۇرۇن مەن يېرىم كېچىلەردە دائىم يىراق جايلاردىكى غېرىبلىق باسقان، ئۈمىدسىزلىككە پاتقان سارايۋەن بىلەن بىرقانچە جېنىدىن تويغان قاتىللاردىن باشقا هېچكىم ياتمايدىغان لەنىتى كارۋانسارايلاردا تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن، ھۇجرىنىڭ دېرىزىلىرىدىن تاقىر تاغلارغا چۈشكەن ئاي يورۇقىنى تاماشا قىلغاچ، مەندىنمۇ بىتەلەي بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت ماڭا ھېلىقى دېرىزىدە كۆرۈنگىنىڭىزدەك كۆرۈندىغانلىقىڭىزنى ئويلايتتىم. قۇلاق سېلىڭ: ھازىر كىتاب

ئىشى بىلەن دادىڭىزنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، ماڭا بالىلىق چاغلىرىمدا سىزغان رەسىمنى قايتۇرۇپ بېرىپسىز. بۇ قەلبىڭىزنىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئەمەس، بەلكى سىزنى تاپقانلىقىمنىڭ بېشارىتى. ئوغۇللىرىڭىز-دىن بىرىنى، يەنى ئورخاننى كۆردۈم. بىچارە يېتىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇنىڭ دادىسى بولارمەن!"

— خۇداغا ئامانەت، ياخشى يېزىپتۇ، ئۇ شائىر بوپتۇ، — دېدىم.

— يېنىڭىزغا بىرىنىڭ كېلىشىدىن قورقىدىغان پەرىشتىمۇسىز، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ، — بۇ سۆزنى ئىبنى زەرخانىيدىن ئوغرىلاپتۇ. مەن ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى يازالايمەن. ئۇ يانچۇقىدىن ئۆز خېتىنى ئېلىپ، — مانا بۇنى شەكۈرەگە ئاپىرىپ بەر! — دېدى.

ئۇنىڭ خەت بىلەن بىللە بەرگەن پۇلى مېنى بىرىنچى قېتىم بىئارام قىلدى. بۇ ئادەمنىڭ جاۋاب ئالالمىغان مۇھەببەتكە تەلۋىلەرچە ئېسىلىۋال-غانلىقىدىن يىرگەندىم. ھاسان گويا مېنىڭ بۇ ھېسسىياتىمنى ئىسپاتلى-ماقچى بولغاندەك، ئۆزۈندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ ئەپەندىلىك سالاپىتىنى تاشلاپ، قوپاللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، خالىساق ئۇنى قازى ئارقىلىق ئۆيگە كەل-تۈرىمىز.

— راستلا ئېيتامدىمەن؟

بىرھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن، "ئېيتما" دېدى. ئۆيدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا، ئۇنىڭ گۇناھىنى بىلگەن كىچىك بالىدەك يەرگە قاراپ تۇرغى-نىنى كۆردۈم. ھاساننىڭ مىجەزىدىكى ئەنە شۇ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگەن-لىكىم ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك پۈتۈنلەي پۇل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن خەتلىرىنى يەتكۈ-زەتتىم.

ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا، ھاسان مېنى ئىشىكتە توختىتىۋال-دى.

— شەكۈرەگە مېنىڭ ئۇنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيت-تامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھاياجان بىلەن مەستانىلەرچە بىر ئەلپازدا.

— خېتىڭىزدە بۇنى يازمىدىڭىزمۇ؟ — دېدىم.
— ئېيتقىنا، ئۇنى ھەم دادىسىنى قانداق قىلسام قايىل قىلالايمەن؟
— ياخشى ئادەم بولۇڭ ... ، — دېدىم ـ دە، دەرۋازىغا قاراپ ماڭدىم.
— بۇ ياشقا كەلدىم، بەك كېچىكىپ كەتتى... ، — دېدى ئۇ مەيۇسلەنگەن ھالدا.
— سىز ھازىر كۆپ پۇل تېپىشقا باشلىدىڭىز، ھاسان باشلىق. بۇ كىشىنى ياخشى ئادەمگە ئايلاندۇرالايدۇ...، — دەپ چىقىپ كەتتىم.
ئۆينىڭ ئىچى ئىنتايىن قاراڭغۇ ۋە زېرىكەرلىك ئىدى، تاشقىرىدا ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. يۈزۈمگە كۈن نۇرى چۈشكەنىدى. شەكۈرەنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم. لېكىن زەي، سوغۇق ۋە قاراڭغۇ ئۆيدە كۆرگەن ھېلىقى بىچارە ئەرگىمۇ ھېسداشلىق قىلالاتتىم. خىيالىمدا يوق، ئۆزۈمچىلا لالەلىدىكى دوراپۇرۇشلار بازىرىغا كىرىپ قاپتىمەن. دارچىن، زەپەر، قارىمۇچ پۇراقلىرى ئارىسىدا كاللام سەگەكلىشىپ قالار دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن خاتالىشىپتىمەن.
شەكۈرە ئۆيدە خەتلەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قارانىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مۇھەببەت يالقۇنى قاپلىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم، ئۇ خۇش بولۇپ كەتتى.
— ئۆيدە تور توقۇپ ئولتۇرۇشقان ئاياللاردىن تارتىپ ھەممە ئادەم دېگۈدەك نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ نېمىشقا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتىدۇ — دەپ گەپنى بۇرىدىم.
— خەيرىيە، ھالۋا تەييارلاپ بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئايالى قەلبىيەگە تاۋاق بېرىپ كەلگىن، — دېدى شەكۈرە.
— ئۇنىڭ نامىزىغا پۈتۈن ئەرزۇرۇملۇقلاردىن باشقا يەنە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم كېلەرمىش، — دېدىم، — تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمىز، دېيىشىۋېتىپتۇ.
شەكۈرە قارانىڭ خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدى. مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن خاپا ھالدا ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. بۇ ئايالنىڭ شۇقەدەر تۇرمۇش تەجرىبىسى بار ئىدىكى، ئۇ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئىشتىياقنى تىزگىن-

لىۋالالايتتى. ئۇنىڭ خەتنى ئوقۇۋاتقىنىدا، مېنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرغىنىمدىن ئۇنىڭ خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭدىن قارانىڭ خېتىگە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقىنىنى ۋە مېنىڭ ئۇنى قوللاۋاتقىنىمنى چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭا كۈلۈمسىرىگەندە، ئۇنى خۇش بولسۇن دەپ مۇنداق سوراشقا مەجبۇر بولدۇم.

— خەتتە نېمە دەپتۇ؟

— بالىلىق چاغلىرىدىكىدەك... ماڭا ئاشىق ئىكەن.

— سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن؟

— مېنىڭ ئېرىم بار، ئۇنى كۈتۈۋاتىمەن.

مۆلچەرلىگىنىڭلارنىڭ ئەكسىچە، ئۇ شۇنچە يىل مەندىن ياردەم تەلەپ قىلغان تۇرۇقلۇقمۇ، بۈگۈن بۇ يالغان گەپنى قىلغىنىغا ئانچە خاپا بولۇپ كەتمىدىم. ھەتتا بۇ گەپ مېنىڭ ھاردۇقۇمنى چىقاردى دېسەممۇ بولىدۇ. مەن خېتىنى توشۇغان ياكى بۇ ھەقتە نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلىغان نۇرغۇن ياش قىز - چوكانلار شەكۈرەگە ئوخشاش ئەستايىدىل بولسا، مېنىڭ ئىشىممۇ، ئۇلارنىڭ ئىشىمۇ كۆپ ئاسانلىشاتتى، ھەتتا بەزىلىرى تېخىمۇ ياخشى ئەرلەرگە ياتلىق بولالايتتى.

— يەنە بىر خەتتە نېمە دەپتۇ؟ — دەپ سورىدىم يەنىلا.

— ھاسانىنىڭ خېتىنى ھازىر ئوقۇغۇم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — قارانىڭ ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگىنىدىن ھاسانىنىڭ خەۋىرى بارمىكەن؟

— ئۇنىڭ بۇنداق بىر ئادەمنىڭ بارلىقىدىنمۇ خەۋىرى يوق.

— سىز ھاسان بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ چىرايلىق قارا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ.

— سېنىڭ تەلىپىڭ بىلەن.

— قانداقچە؟

— ئۇ سېنى مەجنۇنلارچە سۆيىدۇ. كۆڭلۈك باشقا بىرىنى تارتسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلمىقىڭ تەس. خەتلىرىنى قوبۇل قىلغىنىڭدىن ئۇ تولىمۇ ئۈمىدلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل. چۈنكى

ئۇنىڭ نىيىتى سېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇ كىشىلەرگە ئاكىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، سېنى ئەرگە ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ، — ئاخىرقى سۆزۈمدىكى تەھدىت پۇرىقىنى يېنىكلىتىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېنى ئۇ بىتەلەيىنىڭ جارچىسى ئىكەن دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۇلۇمسىرەپ قويدۇم.

— ئۇنداقتا يەنە بىر كىشى نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ كىمنى سورىغانلىقىنى بىلەتتى.

— رەسساممۇ؟

— كاللام قوچۇلۇپ كەتتى، — دېدى بىردىنلا ئۇ، بەلكىم ئۆز خىيالىدىن قورقتى بولغاي، — ئىش بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. دادام ياشىنىپ قالدى. كەلگۈسىدە بۇ يېتىم باللىرىم بىلەن قانداقمۇ قىلارمەن؟ ھەممىمىزگە بىر پېشكەللىكنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شەيتاننىڭ بىزگە ھەر خىل بالايىئاپەتلەرنى تەييارلاپ قويغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. ئېيتىپ، مېنى خاتىرجەم قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىڭ.

— ھەرگىز ئەنسىرىمە، قەدىرلىك شەكۈرەم، — دېدىم تىترەك ئاۋاز بىلەن، — ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەقىللىقسەن، ناھايىتى گۈزەلسەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېقىملىق ئېرىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويىسەن، ئۇنى قۇچاقلايسەن، پۈتۈن دەردلىرىڭنى ئۇنتۇپ بەختىيار بولىسەن. بۇلارنى كۆزلىرىڭنىڭ ئىچىدىن كۆرۈۋاتىمەن.

قەلبىمدە شۇنداق بىر رەھىمدىللىك قوزغالدىكى، كۆزلىرىمگە ياش تولدى.

— خوپ، ئۇ ئەر كىم بولغۇسى؟

— بۇنى ئەقىللىق يۈرىكىڭ ساڭا ئېيتمىدىمۇ؟

— يۈرىكىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بەختسىزمەن.

بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بىرھازا شەكۈرەنىڭ ماڭا زادى ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، مەندىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىشەنچسىزلىكىنى ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەمدە مېنىڭ ھېسداشلىقىم-

نى قوزغىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى خىيالىمدىن كەچۈردۈم. ئۇنىڭ خەتلەرگە شۇتاپتا جاۋاب بەرمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپنى قىلدىم. بۇ گەپنى مەن بارلىق قىزلارغا، ھەتتا ئۇلارنىڭ قاسساپقا پۇل بېرىپ ناۋايغا قارايدىغانلىرىغىمۇ دېگەن ئىدىم. مەن ئاشۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپلا بوغچامنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقىپ تىكىۋەتتىم.

— ئاشۇ گۈزەل كۆزلىرىڭنى يوغان ئاچساڭ، بېشىڭغا ھېچقانداق بەختسىزلىك كەلمەيدۇ، قەدىرلىكىم، ئەندىشە قىلما.

# 16. مەن شەكۆرە

بۈرۈن يايمىچى ئېستېر ھەر قېتىم كەلگەندە، ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاش
ئەقىللىق، گۈزەل، تەربىيە كۆرگەن، تۇل، ئەمما ئار ـ نومۇسلۇق بىر ئا-
يالغا مەپتۇن بولغان بىرەر ئاشىقنىڭ ئىشق تەقەززاسىنى باسالماي، كى-
شىنىڭ يۈرەك تارىنى چەككىدەك ئوتلۇق ھېسسىيات بىلەن يېزىپ ئەۋەت-
كەن خېتىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. خەتلەرنىڭ ھەر
دائىم مېنى قوغلىشىۋاتقانلاردىن كەلگەنلىكىنى كۆرگىنىمدە، ھېچبولمى-
سا ئېرىمنى كۈتۈش ئۈچۈن سەۋر ـ تاقەتكە ئېرىشەتتىم. لېكىن ھازىر
يايمىچى ئېستېر ھەر قېتىم كېلىپ كەتكەندىن كېيىن كاللام قالايمىقان-
لىشىپ، ئۆزۈمنى تېخىمۇ بىچارە ھېس قىلىدىغان بولدۇم.
مەن ئۆز دۇنيايىمنىڭ ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالدىم. ئاشخانىدىن سۇنىڭ
پورۇقلاپ قايىنىغان ئاۋازى، لىمون ۋە پىيازنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. خەيرىيە-
نىڭ كاۋا قايىنىتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. شەۋكەت بىلەن ئورخاننىڭ ھوي-
لىدا، ئانار كۆچىتىنىڭ يېنىدا بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ قىلىچ ئويناپ
ۋارقىراشقانلىرىنى ئاڭلىدىم. دادام يان ھۇجرىدا جىمجىت ئولتۇراتتى.
ھاساننىڭ خېتىنى ئېچىپ ئوقۇدۇم ۋە ئەندىشە قىلىدىغان بىرەر نەرسە
يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندىم. لېكىن ئۇنىڭدىن بىر ئاز قورقتۇم
ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە بولغان چاغلىرىمدا قوينۇمغا كىرىشكە تىرىش-
قانلىقىغا تاقابىل تۇرالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تەبرىكلىدىم. كېيىن
قارانىڭ خېتىنى گويا ئۇ بىر خىل ئاجىز، ئاسانلا سۇنۇپ كېتىدىغان بىر-
نەرسىدەك ئاۋايلاپ تۇتۇپ ئوقۇغىنىمدا كاللام تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ
كەتتى. ئۇ خەتلەرنى قايتا ئوقۇمىدىم. كۆن چىققانىدى، مەن مۇنداق ئوي-
لىدىم: "كېچىلەرنىڭ بىرىدە ھاساننىڭ قوينىغا كىرسەم ۋە ئۇنىڭ بىلەن
مۇھەببەتلەشسەم، بۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم سەزمەيدۇ. ئۇ يوقاپ كەت-

كەن ئىرىمگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئەينى ئۆزى...» بەزىدە بۇنداق تۇترۇقسىز ۋە غەلىتە خىياللار كاللامغا كىرىۋالىدۇ. ئاپتاپ ۋۇجۇدۇمنى ئىسسىتقاندا، گويا گەۋدەم، تېنىم، بوينۇم، كۆكسىلىرىمنىڭ ئۇچىغىچە ئىللىغاندەك بولدۇم. سېخىي نۇرنى ئايىماي چېچىۋاتقان قۇياش نۇرىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم راھەتلىنىپ ئولتۇرغىنىمدا بىردىن ئورخان كىرىپ كەلدى.

— ئاپا، نېمىنى ئوقۇۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ.

— دۇرۇس، بابا ئېستىر يېڭى ئەپكەلگەن خەتلەرنى قايتا ئوقۇمىدىم، دەپ سىلەرگە يالغان ئېيتقانىدىم. ئەمما يەنە ئوقۇۋاتاتتىم. لېكىن ئەمدى ھەقىقەتەن ئۇ خەتلەرنى قاتلاپ قوينۇمغا سالدىم ۋە ئورخانغا:

— كەل، قۇچىقىمغا چىق، — دېدىم. ئۇ كەلدى، — ئۇھ، كۆز تەگمىسۇن، نېمىدېگەن ئېغىرسەن، چوڭ بولۇپ كېتىپسەن، بىراق مۇزلاپ كېتىپسەن، — دەپ سۆيدۈم.

— ئاپا، ئەجەب ئىسسىق ئىكەنسەن، — دەپ دۈمبىسىنى مەيدەمگە ياقتى ئۇ.

بىر - بىرىمىزگە چىڭ يېپىشىپ، جىمجىت ئولتۇرۇش ئىككىلىمىزگە خۇشياقتى. ئۇنىڭ بوينىنى پۇراپ سۆيدۈم ۋە تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، جىمىدە ئولتۇردۇق.

— غىدىقىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ بىرھازادىن كېيىن.

— ئېيتە، — دېدىم جىددىي ئاۋاز بىلەن، — جىنلارنىڭ پادىشاھى كېلىپ، مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن، دېسە، ھەممىدىن ئاۋۋال نېمە تەلەپ قىلىسەن؟

— شەۋكەت بىز بىلەن بىللە بولمىسۇن دەيمەن.

— يەنىچۇ، بىر داداڭ بولۇشنى خالامسەن؟

— ياق، مەن چوڭ بولغاندا سەن بىلەن توي قىلىمەن.

پۈتۈن بەختسىزلىكلەر ئىچىدە ئەڭ يامىنى قېرىلىق يېتىپ، چىرايىدىن كەتمەكتۇر. ھەتتا ئەرسىز ۋە نامرات بولۇشنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق، ئەمما تۇرمۇشتا سىزگە زوقلىنىدىغان ھېچكىمنىڭ بولماسلىقى تولىمۇ بەختسىزلىك دەپ ئويلىدىم. ئورخاننىڭ ئىسسىغان ۋۇجۇدىنى قۇچىقىمدىن چۈشۈردۈم، ماڭا ئوخشاش بىر يامان ئايال ياخشى بىر كىشىگە

ياتلىق بولۇشى كېرەك دەپ ئويلاپ دادامنىڭ يېنىغا چىقتىم.

— سۇلتان ئالىيلىرى كىتابنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ سىزنى مۇكاپاتلىغۇسى، — دېدىم. يەنە ۋېنېتسىيىگىمۇ بارسىز.

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى دادام، — بۇ قېتىمقى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى مېنى چۆچۈتتى. دۈشمەنلىرىمىز جەزمەن كۈچلۈك ئىكەن.

— مېنىڭ بۇ ئەھۋالىم ئۇلارغا جۈرئەت ئاتا قىلدى. ئۇلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى خاتا ھالدا ئۈمىدلەندۈرۈپ قويىدى، بۇنىسى ماڭا ئايان.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— بالدۇرراق ياتلىق بولۇپ كەتسەم بولغىدەك.

— نېمە؟ كىم بىلەن؟ بىراق سەن نىكاھلىق تۇرساڭ، — دېدى دادام ۋە، — بۇ خىيال نەدىن چىقتى؟ — دەپ سورىدى، — ساڭا كىم تەكلىپ قويىدى؟ ئىنتايىن مۇۋاپىق ۋە رەت قىلىشقا بولمايدىغان بىرى بولغان تەقدىردىمۇ، — دېدى ئاقىل دادام، — بىزنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىزدىن گۇمانلىنىمەن، — دېدى، ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ، مېنىڭ بەختسىزلىكىمنى مۇنداق يەكۈنلىدى، — ياتلىق بولۇشۇڭ ئۈچۈن ھەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك چوڭ ئىشلار بارلىقىنى بىلىسەن، — ئۇزۇن بىر سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ يەنە مۇنداق دېدى، — مېنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇ سەن قىزىم؟

— ئېرىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاخشام چۈشۈمدە كۆردۈم — دېدىم، لېكىن راستلا شۇنداق چۈش كۆرگەن ئايالدەك يىغلىمىدىم.

— رەسىمنى كۆرگەندە چۈشىنىپ كۆرىدىغان كىشىدەك، چۈشكىمۇ قانداق تەبىر بېرىشنى بىلىش كېرەك.

— كۆرگەن چۈشۈمنى سىزگە ئۆرۈپ بېرىشىمنى مۇۋاپىق كۆرەمسىز؟

بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، گويا كۆڭلىمىزدە دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمىزنى تېزلا كاللىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ، يەكۈنلەپ بولغاندەك بىر - بىرىمىزگە كۈلۈمسىرەشتۇق.

— چۈشۈڭنى ئانالىز قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنـ

دىم، بىراق قېيىنئاتاڭ، قېيىنئىنىڭ ۋە ئۇلارغا يان باسىدىغان قازى باش-قا ئىسپاتلارنى تەلەپ قىلىدۇ.

— بالىلارنى ئېلىپ يېنىپ كەلگىنىمگە ئىككى يىلدىن ئاشتى. لې-كىن قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئىنىم مېنى قايتۇرۇپ كېتەلمىدىغۇ؟

— چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئۆتكەن خاتالىقنى ياخشى بىلىدۇ، — دېدى دادام، — لېكىن بۇ سېنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىڭغا ئۇلارنىڭ رازى بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

— مەزھىپىمىز مالىكى ياكى ھەنبەلى بولسا ئىدى، — دېدىم، — ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەنلىكىگە قاراپ، قازى مېنى نىكاھتىن ئاجراشتۇ-رۇپ يەنە نەپىقىمۇ بەلگىلەيتتى. لېكىن بىز ئاللاھقا شۈكۈركى، ھەنەفى مەزھىپىدىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇنداقمۇ قىلالمايمىز.

— ئۇسكۇدار قازىسىنىڭ شافىئى مەزھىپىدىكى مۇئاۋىنىنىڭ گېپى-نى قىلما، ئۇلار ئىشەنچلىك ئەمەس.

— ئۇرۇشتا ئېرى يوقاپ كەتكەن ئىستانبۇللۇق ئاياللارنىڭ ھەممى-سى نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۈچۈن شاھىدلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بې-رىشىدىكەن. ئۇ: "شافىئى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېرىڭ يوقاپ كەتتىمۇ؟ يو-قاپ كەتكىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالدىڭمۇ؟ بۇلار شاھىدلىرىڭمۇ؟" دەپ شۇئان نىكاھتىن ئاجرىشىش خېتى كېسىپ بېرىدىكەن.

— بۇلارنى سېنىڭ كاللاڭغا كىم سالدى، قەدىرلىك قىزىم؟ — دېدى ئۇ، — كىم سېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى؟

— مەن نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئەگەر راستتىنلا مېنى ئۆ-زىگە ئەسىر قىلىۋالىدىغان بىرى بولسا، ئەلۋەتتە سىز ئۇنىڭ كىملىكىنى ماڭا ئېيتىسىز ۋە مەن كىمگە ياتلىق بولۇش مەسىلىسىدە سىزنىڭ قارا-رىڭىزغا ئەلۋەتتە ھۆرمەت قىلىمەن.

زىرەك دادام قىزىنىڭمۇ ئۆزىدەك زىرەكلىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىشقا باشلىدى. ئەسلىدە دادام كۆزلىرىنى ئۈچ سەۋەبتىن مۇ-شۇنداق تېز چىمچىقلىتاتتى: 1. قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، بىرەر ئا-قىلانە ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن جىددىي ئويلىنىشقا توغرا

كەلگەندە؛ 2. ئامالسىزلىق ۋە مەيۈسلۈكتىن يىغلىۋەتكىسى كەلگەن چاغلاردا؛ 3. قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سەۋەبلەرنى ئۈستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزى باشقىلارغا ھېلىلا ھەسرەتلىنىپ يىغلىۋېتىدىغاندەك تەسىرات بەرمەكچى بولغاندا.

— بالىلىرىڭنى ئېلىپ كېتىپ، قېرى داداڭنى يالغۇز تاشلىۋېتەمسەن؟ بىلەمسەن، كىتابىمىز (توغرا، ئۇ كىتابىمىز دېدى) تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ يۈرەتتىم، لېكىن ئەمدى سەن بالىلارنى ئېلىپ كەتمەكچى بولساڭ، مەن دەرۋەقە ئۆلۈپ كەتسەم بولغىدەك.

— جېنىم دادا، سىز ھەممىنى ھېلىقى يارىماس قېيىنئىنىمدىن قوغدىماسلىقنى، تۆلۈش ئۈچۈن نىكاھتىن ئاجرىشىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتاتتىڭىزغۇ؟

— بىراق، مېنى تاشلاپ كېتىشىڭنى خالىمايمەن. ئېرىڭ ھامىنى بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ. قايتىپ كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، سېنىڭ نىكاھلىق سالاھىيەت بىلەن ياشاۋەرگىنىڭنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. بۇ ئۆيدە داداڭ بىلەن بىللە تۇرساڭلا بولغىنى.

— بۇ ئۆيدە سىز بىلەن بىللە تۇرۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى خالىمايمەن.

— قەدىرلىكىم، ھېلى سەن دەرھال ياتلىق بولمىسام بولمايدۇ دېمىدىڭمۇ؟

— دادام بىلەن دە ـ تالاش مۇشۇنداق بولاتتى: ئاخىرقى ھېسابتا قارارىمنىڭ خاتا بولغانلىقىغا ئىشەندىم.

— مەن ھېلى دېگەندىم، — دېدىم يەرگە قاراپ. كېيىن يىغىدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ـ دە، بىردىن توغرا ئەقىل تاپقاندەك جاسارەتكە كېلىپ شۇنداق دېدىم:

— خوپ، مەن ئەمدى زادى ياتلىق بولمامدىمەن؟

— سېنى مەندىن يىراقلارغا ئېلىپ كەتمەيدىغان بىر كۈيئوغۇل چىقسا، مىڭ مەرتىۋە رازىلىق بىلەن ماقۇل كۆرىمەن. سېنى قوغلىشىۋاتقان كىم، ئۇ بۇ ئۆيدە بىز بىلەن بىللە تۇرالامدۇ؟

زۇۋان سۈرمىدىم. دادامنىڭ بۇ ئۆيدە بىز بىلەن بىللە تۇرىدىغان كۈيئوغۇلنى ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئاستا ـ ئاستا قىينايدىـ

غانلىقىنى ئەلۋەتتە ھەر ئىككىلىمىز بىلەتتۇق. دادام ئۇ كۈيئوغۇلنى ئىچ كۈيئوغۇل دەپ شۇنچىلىك ئۈستىلىق بىلەن كەمسىتەتتىكى، ئۇزۇنغا بارمايلا مېنىڭمۇ ئۇ ئادەمدىن ئىختىيارسىز رايىم يېنىپ قالاتتى.

— داداڭ قوشۇلماي تۇرۇپ، مۇشۇ ئەھۋالىڭدا ياتلىق بولۇشۇڭنىڭ ھەرھالدا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىسەنغۇ دەيمەن؟ ياتلىق بولۇشۇڭنى خالىمايمەن ۋە رۇخسەت قىلمايمەن.

— مەن ياتلىق بولماقچى ئەمەس، نىكاھتىن ئاجراشماقچى.

— چۈنكى ئۆز مەنپەئىتىدىن باشقا ھېچنەرسە بىلەن كارى بولمايدى-غان بىر ئاڭسىز ھايۋان سېنى رەنجىتىپ قويىدۇ. سېنى قانداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىدىغانسەن، قەدىرلىك قىزىم؟ بىز بۇ كىتابنىمۇ تا-ماملىمىساق بولمايدۇ.

زۇۋان سۈرمىدىم. چۈنكى گەپ باشلىسامىلا، مىجەزىمنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان شەيتان مېنى كۈشكۈرتەتتى - دە، دادامنىڭ كېچىلىرى خەيرىيەنى قويىنىغا سېلىۋالىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بارلىقىنى ئۇنىڭ يۈ-زىگە سېلىۋېتىشتىن يانمايتتىم. لېكىن ماڭا ئوخشاش بىر قىزغا ياشانغان دادىسىنىڭ دېدەك بىلەن بىر ئورۇندا ياتقىنىنى يۈزىگە سېلىش يارىشامدۇ؟

— سېنى كىم نىكاھىغا ئالماقچى؟

يەرگە قاراپ جىم تۇردۇم. لېكىن خىجالەت بولۇشتىن ئەمەس، بەلكى غەزىپىم كەلگەنلىكىدىن شۇنداق قىلغانىدىم. ھەممىدىن يامىنى، شۇنچە خاپا بولغىنىمنى بىلسەممۇ، نېمىشقىدۇر، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگە-نىم مېنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا خىيالىمدا دادام بى-لەن خەيرىيەنىڭ ئەنە شۇنداق كۈلكىلىك ۋە يىرگىنچلىك ئەھۋالدا تۆ-شەكتە ياتقىنىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتىم. يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم-دە، يەرگە قاراپ دېدىم:

— ئوچاقتا كاۋا بار، كۆيۈپ كەتمىسۇن.

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپلا پەلەمپەينىڭ يېنىدىكى، ئېچىلمايدىغان دېرىزىسى قۇدۇققا قارايدىغان ھوجرىغا كىردىم. قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ ئورۇن - كۆرپىلىرىمنى تېپىپ كارىۋاتقا سېلىپ ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئاھ! بالا ۋاقتىدا ئازار يەپ، تۆشەكتە يېتىپ يىغلاپ - يىغلاپ ئۇخلاپ قېلىش

نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك! دېمەك، بۇ دۇنيادا مېنى ياخشى كۆرىدىغان ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن! بۇ خىل تەنھالىق شۇنچىلىك ئازابلىق ئىدىكى، مېنىڭ بۇ غېرىبلىق ئازابىدىن يىغلىغان چاغدىكى ئۆكسۈشلىرىمنى ۋە ئاھۇ پەريادلىرىمنى ئاڭلىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە ياردەمگە كەلگەن بولاتتىڭلار!

بىر ئازدىن كېيىن ئورخاننىڭ مېنىڭ ئورنۇمغا كىرىپ، بېشىنى كۆكسىلىرىمنىڭ ئارىسىغا قويۇپ ياتقانلىقىنى بايقىدىم. قارىسام، ئۇمۇ ئۇ يەردە ئېسەدەپ يىغلاۋېتىپتۇ. ئۇنى ئۆزۈمگە تارتىپ چىڭ قۇچاقلىدىم.

— يىغلىما، ئاپا، — دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن، — دادام ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىدۇ.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟

ئۇ گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. شۇنداق سۆيۈپ باغرىمغا باستىمكى، پۈتۈن دىل ئازابلىرىمنى ئۇنتۇدۇم. زىلۋا بويلۇق ئورخانىمنىڭ نازۇك بەدىنىنى قۇچاقلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتىن ئاۋۋال، ئۇشتۇمتۇت يەنە بىر ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم، شۇنى ئېيتىپ بېرەي: بايا دادام بىلەن خەيرىيە ھەققىدىكى ئىشنى غەزىپىمنى باسالماي سىلەرگە دەۋەتكىنىمگە ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ياق، دېگەنلىرىم يالغان ئەمەس، لېكىن يەنىلا بۇنى دېگەنلىكىمدىن شۇنداق خىجالەتمەنكى، سىلەرنىڭ ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن، بۇ گەپنى زادى ئاڭلىمىغان بولۇڭلار، يەنى، بۇ ئىشقا دادامۇ خەيرىيە بىلەن ئۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇپ باقمىغاندەك قاراشتا بولغايسىلەر، بولامدۇ؟

# 17. مەن يېزنە تاغاڭلار

قىز بالا چوڭ قىلىش بەك تەس. ئۇ ئىچكىرىكى ھۇجرىدا يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆكسۈشلىرىنى ئاڭلىدىم. لېكىن قولۇمدىكى كىتابنىڭ سەھىپىلىرىگە قاراشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايتتىم. مەن ئوقۇماقچى بولغان كىتاب «كىتابۇل ئەھۋالۇل قىيامەت»① نىڭ بىر سەھىپىسىدە، ئۆلۈمدىن ئۈچ كۈن كېيىن، روھنىڭ ئاللاھتىن ئىجازەت ئېلىپ، بۇرۇندىن ئۆزى ياشاۋاتقان تەننى يوقلاپ بارىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. روھ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تېنىنىڭ قەبرە ئىچىدە قانلار ۋە چىرىگەن سۇلارغا چىلىنىپ ياتقان ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرگىنىدە مەيۇسلىنىپ، "بىچارە تېنىم، بىچارە قەدىرلىك ئەسلى ۋۇجۇدۇم" دەپ يىغلاپ ماتەم قىلارمىش. بۇنىڭ بىلەن بىر ھازا نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى، قۇدۇقنىڭ تېگىدىكى ھالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ روھى ئېھتىمال ئۇنى يوقلاپ قەبرىگە ئەمەس، بەلكى قۇدۇققا بارغاندا، جەزمەن ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولغاندۇ دەپ ئويلىدىم.

شەكۈرەنىڭ ئۆكسۈشلىرى توختىغاندا، ئۆلۈم دەھشىتى بايان قىلىنغان كىتابنى تاشلاپ، ئۇچامغا يەنە بىر يۇڭ كۆڭلەكنى كىيدىم، قوي يۇڭىدىن قىلىنغان قېلىن بەلۋېغىمنى بېلىمنى ئىسسىق تۇتىدىغان قىلىپ چىڭ ئورىدىم ۋە چۆرىسىگە توشقان تېرىسى تۇتۇلغان شالۋۇرۇمنىمۇ كىيدىم. ئۆيدىن چىقىپ قارىسام، شەۋكەت دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

— بوۋا، قەيەرگە بارىسىز؟

— ئۆيگە كىرگىن، جىنازا نامىزىغا بارىمەن.

قار قاپلىغان كوچىلاردا، ھەممە تەرىپى تۆكۈلۈپ تۇرغان، تاملىرى قىيسىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان نامراتلارنىڭ ئۆيلىرى ئارىسى-

① «قىيامەت ھەققىدىكى كىتاب» مەنىسىدە. — ت.

دىن، ئوت كەتكەن يەرلەردىن ئۆتتۇم. ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن، كوچ-تاتلىقلار، ئېتىزلىقلار ئارىسىدىن، هارۋا جابدۇقلىرى، ئېگەر - توقۇملار-نى ساتىدىغان دۇكانلاردىن، تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدىن، ئۇلاغ جابدۇق ئۇستىلىرى ۋە تاقىچىلارنىڭ ئالدىدىن سېپىل يولىغا قاراپ، قېرىلارغا خاس ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىپ، مۇزدا تېيىلىپ كەتمەسلىككە تىرى-شىپ خېلى ئۇزۇن ماڭدىم.

جىنازا نامىزىنى نېمىشقا ئەدىرنە قاپىدىكى① مېھرىماھ جامەسىدە چۈشۈرىدىغانلىقىنى بىلمىدىم. مەسچىتتە مېيىتنىڭ گاڭگىراپ قالغان هازىدار قېرىنداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇم. رەسساملار، خەت-تاتلار ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ يىغلاشتۇق. ئۇشتۇمتۇت ھەممە يەرنى قاپلىغان قارا تۇماننىڭ ئىچىدە مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندە، تاۋۇت قويىدىغان تاشنىڭ ئۇستىدىكى تاۋۇتقا كۆزۈم چۈشتى ۋە بۇ ئىشنى قىلغان پەسكەش-كە شۇنداق غەزەپلەندىمكى، "ئاللاھۇمەمبارىك" دۇئاسىمۇ كالىلامدا قالايمى-قانلىشىپ كەتتى.

نامازدىن كېيىن جامائەت تاۋۇتنى مۇرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭ-غاندا يەنىلا ئەتراپىمغا رەسساملار بىلەن نەققاشلار ئولىشىۋالغانىدى. ئىل-گىرىكى قانچىلىغان كېچىلەردە لەيلەك مەن بىللە غوۋا جىنچىراغ يورۇقىدا مېنىڭ كىتابلىرىم ئۈچۈن تەڭ كۈچ چىقىرىپ ئىشلەشكەن ئى-دى. ئەنە شۇ كېچىلەردە ئۇ مېنى نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ھەل بېرىش ما-ھارىتىنىڭ تۆۋەنلىكىگە ۋە رەڭ ئىشلىتىشتىكى — سۆلەتلىك كۆرۈنسۇن دەپ ھەممە يەرگە سۆسۈن رەڭ ئىشلىتەتتى — تەجرىبىسىزلىكىگە ئى-شەندۇرۇشكە كۆپ تىرىشقان ئىدى. ئەينى چاغدا مەنمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ "لېكىن ئادەم يوق" دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان ئىدىم. مۇشۇ دەقىقىدە بىز ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنۇتقان ھالدا بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلىشىپ يىغلاشتۇق. زەيتۇن ئەپەندىنىڭ ماڭا دوستلۇق ۋە بىر خىل ھۆرمەت بىلەن قارىشى، ئاندىن قۇچاقلىشىشىدىن — قۇچاقلىشىشنى بىلىدىغان ئادەم ياخشى ئادەم — شۇنچىلىك خۇش بولدۇم، بۇنىڭدىن ئايان ئىدىكى، بارلىق رەس-

① ئەدىرنە قاپى — ئىستانبۇلدىكى بىر رايون نامى. — ت.

ساملار ۋە خەتتاتلار ئارىسىدا، ئۇ مېنىڭ كىتابىمغا ھەممىدىن بەكرەك ئىشىنەتتى.

جامە قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە باش رەسسام ئوسمان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق ـ دە، بىر ـ بىرىمىزگە نېمە دېيىشىدىغىنىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. بۇ تولىمۇ كۆڭۈلسىز ۋە كەيپىيات جىددىي بولۇۋاتقان بىر چاغ ئىدى. مەرھۇمنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىرى ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. داغدۇغىغا ئامراق بىرەيلەن تەكبىر ئېيتىۋاتاتتى.

ـــ قايسى قەبرىستانلىققا قويۇلىدىكەن؟ ـــ دەپ سورىدى مەندىن ئۇستاز ئوسمان، ئاز ـ تولا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ.

"خەۋىرىم يوق" دېسەم، بۇ ئېنىقلا دۈشمەنلەرچە پوزىتسىيە بولۇپ قالاتتى، شۇڭا مەن جىددىيلىشىپ قالدىم ۋە كۆپ ئويلانمايلا پەلەمپەيدە يېنىمدىكى كىشىدىن مەنمۇ، "قايسى قەبرىستانلىققا قويۇلىدىكەن؟ ئەدىرنە قاپىغىمۇ ياكى باشقىسىغىمۇ" دەپ سورىدىم.

ـــ ئەييۇپقا①، ـــ دېدى كىچىك تۇرۇپ ساقال قويۇۋالغان بىر تەلۋە.

ـــ ئەييۇپقا قويۇلىدىكەن، ـــ دېدىم ئۇستازغا بۇرۇلۇپ، لېكىن ئۇ ھېلىقى ساقاللىق ۋە تەرسا كىچىك تەلۋىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا، "ئاڭلىدىم" دېگەن مەنىدە شۇنداق بىر قارىدىكى، مەنمۇ ئۇچرىشىشىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق داۋاملىشىشىنى ئۇنىڭ خالىمايدىغانلىقىنى شۇئان چۈشەندىم.

"مەخپىي" كىتابىمنىڭ يېزىلىشى، رەسىملىرىنىڭ سىزىلىشى، نەقىشلىنىشىگە سۇلتانىمىزنىڭ مېنى مەسئۇل قىلغانلىقىغا ئۇستاز ئوسماننىڭ ئەلۋەتتە ئوغىسى قايناپتى. بۇنىڭدىن باشقا سۇلتانىمىز مېنىڭ تەسىرىم بىلەن پەرەڭ ئۇسلۇبىدىكى رەسىمگە قىزىقىپ قالغانىدى. بىر قېتىم سۇلتان بىر ئىتالىيىلىككە سىزدۇرغان ئۆز ئوبرازىنى تەقلىد قىلىشقا ئۇلۇغ ئۇستاز ئوسماننى مەجبۇرلىغانىدى. ئۇستاز ئوسمان ئىتالىيىلىك رەسسامنىڭ ھېلىقى غەلىتە رەسىمىنى بىزارلىق بىلەن تەقلىد قىلىپ، شۇ قېتىمقى رەسىم سىزىشنى "قىيىن قىستاق" دەپ ئاتىغانىدى.

① ئەييۇپ ـــ ئىستانبۇلدىكى مەھەللىلەردىن بىرى. ـــ ت.

شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭ مەندىنمۇ ئاغرىنىپ قالغانلىقى ماڭىمۇ مەلۇم ھەم ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىمۇ ھەقلىق ئىدى.

پەلەمپەيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ بىر ھازا كۆككە قارىدىم ۋە خېلىلا كەينىدە قالغىنىمنى بىلىپ، مۇزلۇق پەلەمپەيلەردىن چۈشۈشكە باشلىدىم. ئايىغىمنى ئاستا ـ ئاستا يۆتكەپ پەلەمپەينىڭ ئىككى باسقۇچىنى باسا ـ باسماي، بىرى كېلىپ مېنى قولتۇقلىۋالدى، قارىسام قارا ئىكەن.

ــــ ھاۋا بەك سوغۇق، توڭۇپ كەتكەنسىز؟ ــــ دېدى ئۇ.

شەكۇرەنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋاتقان مۇشۇ ئىكەنلىكىدىن ھېچ گۇمانىم يوق. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا مېنى قولتۇقلىۋالغىنىمۇ مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئىسپاتلايتتى. ئۇنىڭ تۇرقى گويا ماڭا: "12 يىل ئىشلىدىم، ئادەم بولدۇم" دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ بولدۇم. ئۇ رەسىمخانىدا نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى ماڭا كېيىن سۆزلەپ بەرسۇن دەپ ئويلىدىم ـ دە:

ــــ سەن مېڭىۋەر، بالام، دېدىم، ــــ بېرىپ جامائەتكە يېتىشىۋال.

ئۇ بىر ئاز ھەيران بولدى، لېكىن چاندۇرمىدى. ئۇنىڭ سالماقلىق بىلەن قولۇمنى قويۇۋېتىپ يۈرۈپ كەتكىنىگىمۇ خۇش بولدۇم. شەكۇرەنى بۇنىڭغا بەرسەم، بىز بىلەن بىر ئۆيدە تۇرارمۇ؟

ئەدىرنە قاپىدىن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىققانىدۇق. خېلى تۆۋەندە، تومانىنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر كۆزدىن غايىب بولۇۋاتقان تاۋۇتنى ۋە ئۇنى مورىلىرىدە كۆتۈرۈپ دۆڭلۈكتىن دېڭىز قولتۇقىغا قاراپ تېز سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتقان رەسساملار، خەتتاتلار، شاگىرتلار توپىنى كۆردۇم. ئۇلار شۇنداق ئىتتىك مېڭىشاتتىكى، قار بىلەن قاپلانغان ۋادىدىن ئەييۇپقا چۈشىدىغان پاتقاقلىق يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغان ئىدى. جىمجىتلىق ۋە تۇمان ئارىسىدىن سولدا خانىم سۇلتان ۋەخپىسىنىڭ شامچىلىق كارخانىسىنىڭ تۇرخۇنىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئىسلارنى كۆرگىلى بولاتتى. سېپىلنىڭ تۆۋىدە ئەييۇپتىكى يۇنانلىق قاسساپلار ئالدىراش ئىشلەۋاتقان قۇشخانا ۋە كۆن ـ خۇرۇم كارخانىسى بار ئىدى. بۇ يەردىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق ئالدىمىزدا غۇۋا كۆرۈنگەن ئەييۇپ جامەسىنىڭ گۇمبەزلىرىگە ۋە قەبرىستانلىقتىكى رەتلىك تىكىلگەن سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ تو-

ۋىگىچە تارقالغانىدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، تۆۋەندىن، بالاتتىكى[1] يېڭى يەھۇدىي مەھەللىسىدىن چىقىپ ئۆيۈن ئوينىشىۋاتقان بالىلارنىڭ چۇقانلىرىنى ئاڭلىدىم.

ئەپيۈپنىڭ تۇزلەڭلىكىگە چۇشكىنىمىزدە كېپىنەك يېنىمغا كەلدى. ئۇ ھەر دائىمقىدەك قىزغىن كەيپىياتى بىلەن ئۇنلۇك ئاۋازدا گەپ باشلىدى.

— بۇ ئىشنى زەيتۇن بىلەن لەيلەك قىلىشتى، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ رەھمەتلىك بىلەن ئاداۋىتىم بارلىقى ھەممە كىشىگە، بولۇپمۇ ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇنداقلا، ئۇلار بۇنى باشقىلارنىڭمۇ بىلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇستاز ئوسماندىن كېيىن رەسىمخانىغا كىم باشلىق بولار، دېگەن مەسىلىدە ئارىمىزدا ھەسەتخورلۇق تۇيغۇسى، ھەتتا دۈشمەنلىك كەيپىياتى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ھازىر ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ گۇناھى ماڭا تېڭىلىدىغانلىقىنى، ھېچبولمىغاندا مالىيە ۋەزىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان سۇلتانىمىزنىڭ مەندىن، ياق، بىزلەردىن يىراقلىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمەكتە ئىدى.

— بىزلەر دېگىنىڭ كىملەر؟

— بىزلەر رەسىمخانىدا بۇرۇنقى ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى، پارس ئۇستازلىرىنىڭ يولىدا مېڭىشنى، پۇل ئۇچۇن ئۇچرىغانلا نەرسىنى سىزماسلىقنى تەكىتلەيمىز. كىتابلىرىمىزغا قورالىلارنىڭ، قوشۇنلارنىڭ، ئەسەرلەرنىڭ، ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ ئورنىغا قەدىمىي رىۋايەتلەر، تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى ھېكايەتلەر، چۆچەكلەر كىرىشى كېرەك، كونا ئۇلگىلەردىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز، مۇنەۋۋەر رەسساملارمۇ بازاردىكى دۇكانلارغا ئۈچ - تۆت تەڭگە پۇل ئۇچۇن ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى سىزىپ بېرىشتەك پەسكەش ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك دەيمىز. سۇلتان ئالىيلىرى بىزنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

— ئۆزۈڭگە بىھۇدە قارا چاپلاۋاتىسەن، — دېدىم گەپنى قىسقارتسۇن دەپ، — رەسىمخانىدا بۇنداق ئىشنى قىلىدىغان پەس تەبىئەتلىك بىرەر كىشىنىڭ يوشۇرۇنالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھەممىڭلار قېرىنداشسىد-

---

[1] بالات — ئىستانبۇلدىكى بىر رايون نامى. — ت.

لەر. بۇرۇن سىزىلىپ باقمىغان ئۈچ ـ تۆت تېما سىزىلغان بولسىمۇ، ھېچقانچە زىيان كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ھېچبولمىغاندا بىر ـ بىرىگىلار بىلەن ئارازلاشقىدەك ئىش يوق.

خۇددى بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغىنىمدىكىدەك، دەل شۇ دەقىقىدە ھەقىقىي ئەھۋال كاللامدا غىل ـ پال ئەكس ئەتكەندەك بولدى. نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ قاتىلى ئوردا رەسىمخانىسىدا ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇستىلاردىن بىرى ئىدى ۋە ئالدىمدىكى قەبرىستانلىقنىڭ دۆڭلۈكىدىن چىقىۋاتقان كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئىدى. شۇ تاپتا مەن قاتىلنىڭ شەيتانلىق ۋە جىنايەتنى يەنە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ مەن تەييارلاۋاتقان كىتابقا دۈشمەن بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇرۇن ئۆيۈمگە كۆپ قېتىم زىيارەتكە كەلگەنلىكىگە، شۇنداقلا مەندىن نەقىش ۋە رەسىم سىزىش خىزمەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئېھتىماللىقىغىمۇ ئىشىنەتتىم. ئۆيۈمگە كېلىپ ـ كېتىدىغان كۆپ ساندىكى رەسساملار ۋە نەقاشلاردەك، كېيىنەكمۇ قىزىمغا ئاشىق بولغان بولغىيمىدى؟ ئەجەبا، ئۇ خىيالىغا كەلگەننى دەۋاتقان چېغىدا، بەزىدە مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ دەل ئەكسى بولغان رەسىملەرنى سىزىشنى تەلەپ قىلغانلىقىمنى ئۇنۇتقانمىدۇ، ياكى ئۇستىلىق بىلەن مەندىن گەپ ئېلىپ سىناپ بېقىۋاتامدىغاندۇ؟

ياق، سىناپ باقالمايدۇ، دەپ ئويلىدىم بىر ئازدىن كېيىن. كېپىنەكتىمۇ باشقا ئۇستا رەسساملاردەك ماڭا قارىتا مەلۇم بىر مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بار ئىدى. ئۇرۇش چىقىمى ۋە سۇلتانىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلمەسلىكى تۈپەيلىدىن، خەزىنىدىن رەسساملارغا بېرىلىدىغان پۇل ۋە ئىنئاملار توختىغاندا، ئۇلار بىر مەزگىل مېنىڭ كىتابىمغا ئىشلەپ، ئىشتىن سىرت كىرىم قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ مېنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ھەتتا شۇ ۋەجىدىن ـــ پەقەت بۇ ۋەجىدىنلا ئەمەس ـــ ئۇلار بىلەن ئۆيۈمدە ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشەتتىم. ئەمما بۇ ئەھۋال ئۇلاردا ماڭا نىسبەتەن بىرەر دۈشمەنلىك غەرىزى پەيدا قىلىشى مۇمكىن، دېگەن مەنىنى بەرمەيتتى. رەسساملىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆز-

دە تۇتۇپ، ئۆزلىرى ياقتۇرۇشقا تېگىشلىك كىشىنى ياخشى كۆرۈشكە ئا-
قىلانە ۋە ئادەمگەرچىلىككە ياتقىدەك سەۋەب تېپىپ بېرەلەيدىغان دەرىجىدە
يېتىشكەن كىشىلەر ئىدى.

سۇكۇتنىڭ داۋاملىشىۋەرمەسلىكى ھەمدە سۆھبەتنىڭ ئوخشاش تې-
مىغا قايتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن "خۇدانىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇر، ئۇلار
تاۋۇتنى دۆڭگە ئېلىپ چىققاندا دۆڭدىن چۈشكەندەك تېزلىكتە ماڭدى" دې-
دىم.

كېپىنەك پۈتۈن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ:
"سوغۇقنىڭ كۈچى - دە" دېدى.

بۇ ئادەمنىڭ راستىلا ئادەم ئۆلتۈرۈشى مۇمكىنمۇ، دەپ ئويلىدىم. مە-
سىلەن، ھەسەتخورلۇقنى ئالايلى، ئۇ كېيىن مېنىمۇ ئۆلتۈرەرمۇ؟ ئېھتى-
مال، ئۇ، بۇ ئادەم دىنىمىزغا كۇپۇرلۇق قىلدى، دەپ بىر باھانە ئويدۇرۇپ
چىقىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ بىر ئۇلۇغ ئۇستاز بولۇپ، ئىقتىدارى ئۇرغۇپ
تۇراتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟ نېمىگە
ئۆلتۈرسۇن؟ قېرىلىق پەقەت دۆڭلەرگە چىقىشتا قىينالغانلىقتىلا ئىپادى-
لەنمەسلىكى، بەلكى ئۆلۈمگە ئانچە پەرۋا قىلماسلىقتىمۇ ئىپادىلىنىشى
كېرەك. ئۇ ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ كەمچىللىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېدەك
قىزنىڭ تۆشىكىگە كىرىش ھاياجىنىنى باسالمىغانلىق ئەمەس، بەلكى
پەرھىزنى بۇزۇۋەتكەندەك بىر ئىش. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر تۇرلۇك
سېزىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شۇئاندا كەلگەن قارارىمنى ئۇنىڭ يۈزىگە
ئېيتىۋەردىم.

— ئەمدى كىتابنى داۋاملاشتۇرمايمەن.

— نېمىشقا؟ — دېدى چىرايى ئۆزگەرگەن كېپىنەك.

— ئۇنىڭدا بىر پېشكەللىك بار. سۇلتانىمىزمۇ پۇل بېرىشنى توخ-
تاتتى. بۇنى زەيتۇن بىلەن لەيلەككىمۇ ئېيتقىن.

ئۇنىڭ يەنە سوئال سورىغۇسى بولغىيدى بەلكىم، لېكىن بىز شۇ
ئەسنادا دۆڭلۈكتىكى زىچ سەرۋى دەرەخلىرى، ئېگىز سارچى ئوتلىرى ۋە
قەبرە تاشلىرى ئارىسىدىكى قەبرىستانلىققا كېلىپ قالدۇق. قەبرىستا-

لىقىنىڭ ئەتراپى رەت ـ رەت جامائەت بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ”بىسـ-
مىللاھى ۋەئەلا مىللەتى رەسۇلۇللا“ ① دېيىشلىرىدىن ۋە تەدرىجى ئەۋجـ-
گە چىققان يىغا ئاۋازلىرىدىن جەسەتنىڭ شۇ تاپتا يەرلىككە قويۇلۇۋاتقانـ-
لىقىنى بىلدىم.

ئۇلار كېپەننى بوشىتىۋاتاتتى. ئەگەر مېيىتنىڭ مىجىلىپ كەتكەن
باش سۆڭىكىدە بىر كۆزى ساق قالغان بولسا، ئۇلار ھازىر مېيىت بىلەن
كۆزمۇ كۆز قارىشىۋاتاتتى. لېكىن يىراقتا بولغانلىقىم ئۈچۈن ھېچنەر-
سىنى كۆرەلمەيتتىم. مەن مۇردىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قەبرە بېشىدا
ئەمەس، پۈتۈنلەي باشقا بىر يەردە قارىغانىدىم...

بىر خاتىرە: بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى سۇلتانىمىزنىڭ ياتقان يېرى
جەننەتتە بولغۇسى مەرھۇم بوۋىلىرى سىپرۇس ئارىلىنى ۋېنېتسىيىلىكـ-
لەردىن تارتىۋېلىش خىيالىغا كېلىپ قاپتۇ. شەيخۇل ئىسلام② ئەبۇسسۇئۇت
جانابلىرىمۇ بىر چاغلاردا مىسىرلىق سۇلتانلار تەرىپىدىن بۇ ئارالنىڭ
مەككە ۋە مەدىنىنىڭ ھەربىي تەمىنات ئورنى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىنى
ئەسكەرتىپ، دىنىي جەھەتتە مۇقەددەس بولغان يەرلەرنى بېقىۋاتقان بىر
ئارالنىڭ خىرىستىئان كۇپپارلىرىنىڭ قولىدا قالسا توغرا بولمايدىغانلىقى
ھەققىدە بىر پەتىۋا چىقارغانىدى. شۇنىڭ بىلەن زىممەمگە دەسلەپكى ئەل-
چىلىك ۋەزىپەم سۈپىتىدە ۋېنېتسىيىلىكلەرگە بۇ كۈتۈلمىگەن قارارنى،
يەنى سىپرۇس ئارىلىنى بىزگە بېرىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇشتىن ئى-
بارەت بۇ قىيىن ۋەزىپە چۈشكەنىدى. مەن ۋېنېتسىيىدە چېركاۋلارنى
كۆزدىن كەچۈرگەن، ئۇلارنىڭ كۆۋرۈكلىرى، ئوردىلىرىغا ھەيران بولغان،
ئەڭ باي ۋېنېتسىيىلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئېسىلغان رەسىملەرگە مەپتۇن
بولغان ۋە بۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇلار كۆرسەتكەن مېھماندوستلۇققا ئىشى-
نىپ قېلىپ، تەھدىتلەر بىلەن تولغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ، سۇلتانىمىز-
نىڭ مەغرۇرلۇق ۋە تەمەننا بىلەن سىپرۇسنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى يەت-
كۈزگەنىدىم. ۋېنېتسىيىلىكلەر شۇ قەدەر خاپا بولۇشتىكى، دەرھال چاقى-

① مېيىتنى دەپنە قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇرۇت. — ت.

② شەيخۇلئىسلام — ئوسمانىيە دۆلىتىدە ئۆلىمالارنىڭ باشلىقى بولۇپ، دىيانەت ئىشلىرى، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل يۇقىرى ئەمەلدار. — ت.

رىلغان كېڭەشمىدە بۇنداق مەكتۇپنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىشىمۇ توغرا ئە-
مەس دەپ قاراشتى. تېخىمۇ يامىنى، غەزەپلەنگەن كىشىلەر توپى مېنى باش
ۋالىينىڭ قەسرىدە توسۇۋالغان ئىدى، مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن دەرۋازىۋەن-
لەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ باستۇرۇپ كىرگەن ئۆكتەملەر مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىش-
كە ئۇرۇنغاندا، باش ۋالىينىڭ ئىككى نەپەر قورallلىق مۇھاپىزەتچىسى مې-
نى قەسرىنىڭ مەخپىي كارىدورىدىن قاچۇرۇپ، قانالغا بارىدىغان ئارقا
دەرۋازىغا چىقىرىپ قويغانىدى.مەن ئۇ يەردە بۈگۈنكىدەك تۇماننىڭ ئىچىدە
مېنى كۈتۈۋېلىپ قولتۇقلاپ ماڭغان ئاق لىباسلىق، ئېگىز بويلۇق كېمە-
چىنى دەل ئۆلۈم ئىلاھىنىڭ ئۆزى دەپ ئويلىغانىدىم ۋە ئۇنىڭ كۆز قارى-
چۇقلىرى ئىچىدىن ئۆز سىمايىمنى كۆرگەنىدىم.

مەن كىتابىمنى مەخپىي تاماملاپ ۋېنېتسىيىگە يەنە بىر قېتىم بې-
رىشنى تەشنالىق بىلەن خىيال قىلدىم. مەن ئۈستى توپا بىلەن چىرايلىق
كۆمۈلگەن قەبرىنىڭ يېنىغا باردىم: ھازىر ئۇ يەردە پەرىشتىلەر ئۇنى سو-
ئال - سوراق قىلىۋاتىدۇ، جىنسىنى، دىنىنى، پەيغەمبىرىنى سوراۋاتىدۇ.
مەن شۇ دەقىقىدە ئۆز ئۆلۈمىمنى ئويلىدىم.

بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ يېنىمغا قوندى. قارانىڭ كۆزلىرىنىڭ ئە-
چىگە مېھرىبانلىق بىلەن قارىدىم ۋە مېنى قولتۇقلىۋېلىشىنى، قايتىشتا
ماڭا يولداش بولۇشىنى تەلەپ قىلدىم. كىتابىمغا ئىشلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ
ئەتە ئەتىگەندە بالدۇرراق كېلىشىنى، ئۆيدە ئۇنى كۈتىدىغانلىقىمنى ئېيت-
تىم. چۈنكى ئۆز ئۆلۈمىمنى تەسەۋۋۇر قىلغان شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا
قانچىلىك بەدەل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، كىتابىمنى پۈتتۈرۈشۈم كې-
رەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەنىدىم.

# 18. مېنى قاتىل دېگۈسى

بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن جەسىتى ئۈستىگە سوغۇق، نەم توپا تاشلانغاندا، ھەممىدىن بەكرەك مەن يىغلىدىم. ”ئۆلگۈچى بىلەن بىللە مەنمۇ ئۆلەي، قويۇۋېتىڭلار، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۆرگە كۆمۈلەي“ دەپ ۋارقىرىشىمغىلا، كۆپچىلىك مېنى قەبرىگە چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ ئىككى بىقىنىمدىن تۇتۇۋېلىشتى. نەپسىم بوغۇلۇپ، تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك ئازابلىنىۋاتقىنىمدا، ئۇلار راۋان نەپەس ئېلىشىم ئۈچۈن ئالقانلىرىنى پېشانەمگە قويۇپ، بېشىمنى كەينىگە تارتىشتى، يىغا - زار قىلىپ ئۆكسۈپ - ئېسەدەپ ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىمنى مەرھۇمنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قاراشلىرىدىن سېزىپ قېلىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. رەسىمخانىدىكى غەيۋەتخورلار مېنىڭ بۇنچىۋالا يىغلىغانلىقىمغا قاراپ، نازاكەتلىك ئەپەندى بىلەن ئارىمىزدا بىرەر كۆڭۈل رىشتىمىز بارلىقىنى ئويلاشتى بولغاي، ئېھتىمال.

كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغۇچە بىر تۈپ چىنار دەرىخىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ دالدىلاندىم. مەن جەھەننەمگە مەھكۇم قىلغان بۇ ئەقىلسىزنىڭ يەنىمۇ ئەقىلسىزرەك بىر تۇغقىنى مېنى چىنارنىڭ كەينىدە توسۇۋالدى. ئۇ ناھايىتى مەنىلىك نەزىرى بىلەن كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى ۋە مېنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قۇچاقلىغاندىن كېيىن بۇ ئەخمەق مەندىن: ”سىز شەنبىمىدىڭىز ياكى چارشەنبىمۇ؟“ دەپ سورىدى. ”بىر چاغلاردا رەھمەتلىكنىڭ ئىسمى چارشەنبە ئىدى“ دېيىشىمگە ئۇ چۆچۈپ كەتتى.

بىزنى بىر - بىرىمىزگە سىرلىق ھالدا باغلىغان تەخەللۇسلىرىمىزنىڭ ھېكايىسى ناھايىتى ئاددىي. شاگىرتلىق يىللىرىمىزدا، يېڭىدىن ئۇستاز ياردەمچىلىكىدىن ئۇستازلىققا ئۆسكەن رەسسام ئوسمانغا ھەممە-

لەننىڭ ھۆرمىتىمىز، قايىللىقىمىز، مۇھەببىتىمىز ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغ رەسسام ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەم سېھىرلىك ماھارەت ھەم شەيتاندەك ئەقىل بەرگەچكە، بىزگە ھەممە ئىشنى ئۇ ئۆگەتكەنىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى شاگىرتلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولغانلىقتىن، ئارىمىزدىن بىرى ئۇستازنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قەلەم قاپچۇقى، سومكىسى، ئىچى قەغەزلەر بىلەن تولغان ئارخىپ قىسقۇچىنى كەينىدىن رەسىمخانىغىچە كۆتۈرۈپ مېڭىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا يېقىن بولۇشقا شۇنداق تەشنا ئىدۇقكى، بۈگۈن "مەن بارىمەن" دەپ بىر - بىرىمىزدىن تالىشاتتۇق.

ئۇستاز ئوسمان ئۇلاردىن بىرىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ھەر ئەتىگەنلىكى ئۇستازنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭلا بېرىشى رەسساملار ئارىسىدا تۈگىمەس - پۈتمەس غەيۋەت - شىكايەتلەرنى ۋە بىر تالاي ھاقارەتلىك مەسخىرىلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇستاز ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنى بىرىمىزنىڭ بېرىشىمىزنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇستاز جۈمە كۈنلىرىمۇ ئىشلەيتتى. رەسىمخانىغا شەنبە كۈنلىرى بارمايتتى. ئۇ ئوغلىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى... ئۇمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاشلا شاگىرت بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا ئۇ ئاتىسىدىن ۋە ھەممىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ، سەنئەتتىن ۋاز كەچكەن ئىدى. ئەينى چاغدا، ئۇمۇ ئاددىي بىر شاگىرتتەك ھەر دۈشەنبە كۈنلىرى ئاتىسىغا ھەمراھ بولاتتى. ھەممىمىزدىن ئىقتىدارلىق، زىلۋا ۋە ئېگىز بويلۇق پەيشەنبە ئىسىملىك يەنە بىر بۇرادىرىمىزمۇ بار بولۇپ، ئۇ نامەلۇم بىر كېسەللىكتىن قىزىتمىسى ئۆرلەپ كىچىكلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. رەھمەتلىك نازاكەتلىك ئەپەندى ئۇستازنىڭ ئۆيىگە چارشەنبە كۈنلىرى باراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمى چارشەنبە ئىدى. لېكىن، كېيىن ئۇستازىمىز مېھرىبانلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىسىملىرىمىزنى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، سەيشەنبىدىن زەيتۇنغا، جۈمەدىن لەيلەككە، يەكشەنبىدىن كېپىنەككە ئۆزگەرتكەنىدى. ئۇنى بولسا، ھەلچىلىكنى ناھايىتى ئىنچىكە ئىشلەيدىغان ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن نازاكەتلىك دەپ ئاتىغان ئىدى. ئۇلۇغ ئۇستاز ھەممىمىزنى قارشى ئالغاندا دەيدىغىنىدەك، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا:

— خۇش كەپسەن چارشەنبە، ياخشىمۇسەن؟ — دەيتتى.

ئۇنىڭ بۇرۇن مېنى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئەسلىگىنىمدە كۆزلىرىم ياشقا تولارمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم: شاگىرت چاغلىرىمىزدا ھەرقانچە تاياق يېسەكمۇ ئۇستاز ئوسمانىنىڭ بىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، رەسىملىرىمىزنىڭ كۆركەملىكىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ قوللىرىمىز، بىلەكلىرىمىزنى سۆيىدىغانلىقى، ئۇ بىزنى سۆيگەنچە ھۇنەرگە بولغان ئىشتىياقىمىزمۇ شۇنچە جۇش ئۇرۇپ، ۋايىغا يېتىدىغانلىقى ئۇچۇن رەسىمخانىدا ئۆزىمىزنى خۇددى جەننەتتە تۇرغاندەك سېزەتتۇق. ئۇ چاغدا بۇ بەختىيار يىللىرىمىزنى خۇنۇكلەشتۇرگەن ھەسەتخورلۇقنىڭ خاراكتېرىمۇ باشقىچە ئىدى.

بىر ئۇستا بېشى بىلەن قوللىرىنى، يەنە بىر ئۇستا گەۋدىسى بىلەن كىيىملىرىنى سىزىپ بويىغان بەزى ئادەم رەسىملىرىگە ئوخشاش، ئۆزۈمنى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ يەتكەنسىلەر. ماڭا ئوخشاش ئاللاھتىن قورقىدىغان بىرى ئويلىمىغان يەردىن قاتىل بولۇپ قالغاندا بىردىنلا ئۇ ئىشقا ماسلىشالمايدۇ. مەن گويا ئۆزۈمنى بۇرۇنقى ھاياتىم داۋاملىشىۋاتقاندەك كۆرسىتىش ئۈچۈن قاتىللىقا ماس ئىككىنچى بىر خىل تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدىم. شۇ تاپتا، ھاياتىمدا زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ مەسخىرىلىك ۋە دارىتمىلىق ئىككىنچى تەلەپپۇز بىلەن گەپ قىلىۋاتىمەن. قاتىل بولمىغان بولسام، ھەممىشە سۆزلىشىدىغان ئادەتتىكى تونۇش تەلەپپۇزىمنىلا ئاڭلايتتىڭلار ئەلۋەتتە. لېكىن ئۆزۈمنى ”مەن قاتىل“ دېمەي، بەلكى ئۆز تەخەللۇسۇم بىلەن ئاتايمەن. ھېچكىم بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۇرىمەن دېمىسۇن. چۈنكى مېنى ئاشكارىلاپ قويغىدەك شەخسىي ئۇسلۇبىم ياكى نۇقسانىم يوق. ئۇسلۇبنىڭ بەزىلەر ئېيتقاندەك ئىنسانىي تۇيغۇ ئەمەس، بىر رەسسامنى يەنە بىرىدىن پەرقلەندۇرىدىغان نۇقسان ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

لېكىن مېنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىمدا، بۇنىڭ بىر مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەن. چۈنكى ئۇستاز ئوسمان بىزگە مېھرىبانلىق بىلەن ئاتا قىلغان ۋە يېزنە تاغا جانابلىرىمۇ ياقتۇرۇپ قوللانغان تەخەللۇسلىرىمىز بىلەن ئېيتساق، مېنىڭ كېپىنەك، زەيتۇن ياكى لەيلەك

ئىكەنلىكىمنى پەرق ئېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلمايمەن. ئەگەر پەرق ئەتسەڭلار، جەزمەن قىلچە ئىككىلەنمەي، شۇھامانلا يۈگۈرۈپ بېرىپ مېنى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ جاللاتلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدسىلەر.

شۇڭا مەن نېمىنى ئويلىسام شۇنى ئېيتالمايمەن. ئەمەلىيەتتە ئۆز ئىچىمدە بىرەر ئىشنى ئويلاۋاتقىنىمدىمۇ سىلەرنىڭ مېنى تىڭشاۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ھاياتىمدىكى مېنىڭ سالاھىيىتىمنى ئاشكارىلايدىغان تەپسىلاتلارنى ۋە غەزەپلىرىمنى ئاڭسىز ھالدا ئەسلەپ ئولتۇرمايمەن. “ئا”، “ب”، “ج” دېگەن ئۈچ ھېكايىنى بايان قىلغىنىمدا، كاللامنىڭ بىر بۇرجىكىدە سىلەرنىڭ قاراشلىرىڭلارنى كۆزەتكەنىدىم.

مەن تۈمەن مىڭ قېتىملاپ سىزغان جەڭچىلەر، ئاشىق ـ مەشۇقلار، شاھزادىلار ۋە رىۋايەتلەردىكى قەھرىمانلار شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن نەرسىگە، مەسىلەن، ئۇ يەردە شۇ ئاجايىپ دەقىقىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە، بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئەجدىھالارغا، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقان گۈزەل قىزلارغا قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن قارىماققا، بۇ گەۋدىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاشۇ ئاجايىپ رەسىملەرنى تاماشا قىلىۋاتقان رەسىم ھەۋەسكارلىرىغا قاراۋاتقاندەك بىر ئىپادىمۇ ئەكس ئېتەتتى. بىرەر ئۇسلۇبىم ۋە ئالاھىدىلىكىم بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت رەسىمىمدىلا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ جىنايىتىمگە ۋە سۆزلىرىم ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، خالاس. قېنى مېنىڭ كىملىكىمنى سۆزلىرىمنىڭ ئورانىدىن تېپىپ بېقىڭلارچۇ!

سىلەر مېنى قولغا ئالساڭلار، بۇنىڭ بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ بەختسىز روھىغا بىرەر ھۇزۇر بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئويلايمەن. مەن ھازىر دەرەخلەر ئاستىدا، قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى ئىچىدە دېڭىز قولتۇقىنىڭ مەرۋايىتتەك جۇلالىق سۇلىرىنى ۋە ئىستانبۇلنىڭ گۈمبەزلىرىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن. مەن ھايات ياشاشنىڭ نەقەدەر ياخشىلىقىنى يەنە بىر قېتىم بايقىغىنىمدا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرەكلەپ توپا تاشلاشماقتا. بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندى كېيىنكى چاغلاردا ھېلىقى ئەپت ـ بەشىرىسى يىرگىنچلىك ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچىنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن ئۇلپەت بولۇش-

قا باشلىغاندىن كېيىن مېنى زادى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىز سۇلتانىمىزنىڭ كىتابلىرىغا رەسىم سىزغان مۇشۇ 25 يىل ئىچىدە ئۆزىمىزنى بىر - بىرىمىزگە يېقىن دەپ ھېس قىلغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولغانىدى. 20 يىلنىڭ ئالدىدا بىر مەزگىل سۇلتانىمىزنىڭ رەھمەتلىك ئاتىسىنىڭ «شاھنامە» سىنى ئىشلىگەندە بۇرادەر بولدۇق. لېكىن كۆپرەك فۇزۇلىنىڭ «دىۋان» ناملىق ئەسىرىنىڭ سەككىز پارچە رەسىمىنى سىز - غاندا يېقىن ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇ چاغدا، يەنى بىر ياز كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنىڭ ھەققانىي ئەمما مەنتىقسىز تەلەپلىرىنى (رەسسام رەسىمىنى سىزغان مە - تىننى روھىدا ھېس قىلىشى كېرەكمىش) قاندۇرۇش ئۇچۇن بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. قارلىغاچ تويلىرى بېشىمىزدا قالايمىقان ئۇچۇشۇپ يۈرگەندە، ئۇ مۇغەمبەر قىياپەتتە تۇرۇپ ماڭا فۇزۇلىنىڭ «دىۋان»ىدىن ئوقۇپ بەرگەن مىسرالارنى سەۋر بىلەن ئاڭلىغانىدىم. شۇ كېچىدىن باشلاپ: "مەن مەن ئەمەس، مەن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سەن" دېگەن مىسرا، يەنە مەن ھەمىشە ئويلاپ يۈرگەن، يەنى بۇ مىسرانى رەسىم ئارقىلىق قانداق ئىپادىلەشكە بو - لىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ، ئۆز - ئۆزۈمدىن سوراپ چىقارغان خۇلا - سىلىرىم ئېسىمدە قاپتۇ.

مەن ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ ئۇ - يىگە يۈگۈرۈپ باردىم، ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى بىز بۇرۇن ئولتۇرۇپ شېئىر ئوقۇغان كىچىك باغچىنىڭ قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى ۋە بىر قانچە يىللاردىن كېيىن كۆرگەن باشقا باغچىلاردەك كىچىكلەپ كەتكەنلى - كىنى ھېس قىلدىم. ئۆيىمۇ شۇنداق ئىدى. ياندىكى ھۇجرىدىن ئايالالارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك ئەۋجىگە چىققان يىغا - زارلىرى. چېكىدىن ئاشقان پەريادلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چوڭ ئاكىسى سۆز قىلى - غاندا دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم: بىتەلەي قېرىندىشىمىز نازاكەتلىك ئەپەندى - نىڭ يۈزى تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. كاللىسى مىجىلىپتۇ. ئۇ ياتقىلى تۆت كۈن بولغان قۇدۇقتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن قېرىنداشلىرى ئۇنى تونۇيالماپتۇ. ئۆيدىن ئېلىپ كېلىنگەن بىچارە ئايالى قەلبىيەمۇ قاراڭغۇ كېچىدە تونۇيالمىغان بۇ جەسەتنى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى - دىن ئاران تونۇپتۇ. ھەسەتخور قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلان -

غان يۇسۇپ پەيغەمبەرنىڭ مىديانلىق سودىگەرلەر تەرىپىدىن قۇدۇقتىن چەقىرىلغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلدى. «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا»دىكى بۇ كۆرۈنۈشنى سىزىشتىن ناھايىتى خۇشالمەن. چۈنكى ئۇ بىزگە ھاياتتا ئەڭ ئاساسىي تۇيغۇنىڭ قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇق ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

تۇيۇقسىز ئارىدا بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى سەزدىم. يىغلايمۇ؟ بىراق كۆزۈم قاراغا چۈشۈپ قالدى. پەسكەش ئەبلەخ ھەممىمىزنى كۆزىتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى يېزنە تاغا جانابلىرى تەرىپىدىن رەسساملار ئارىسىغا بۇ ئىشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئادەمدەك كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتاتتى.

— بۇ پەسكەشلىكنى كىم قىلىشى مۇمكىن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۆلۈكنىڭ چوڭ ئاكىسى، — چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان قېرىندىشىمىزغا قايسى ۋىجدانسىزنىڭ كۆزى قىيغاندۇ؟

ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەرگەن بۇ سوئالغا مەنمۇ سەممىمىي كەيپىياتتا قوشۇلدۇم ۋە ئۆز ـ ئۆزۈمگە جاۋاب ئىزدىدىم. نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ دۈشمەنلىرى كىم بولغاي؟ ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىگەن بولسام، باشقا كىم ئۆلتۈرەر بولغىيدى؟ بىر چاغلاردا — «ماھارەتنامە» ناملىق كىتاب ئىشلىنىۋاتقان يىللاردا — ئۇنىڭ بەزىلەرنى پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئۇسۇللىرىغا ئەھمىيەت بەرمىدى، تېخىمۇ ئەرزان ۋە تېخىمۇ تېز ھەل بېرىش ئۈچۈن بىز رەسساملار شۇنچە ئەجىر قىلغان سەھىپىلەرنىڭ چۆرىسىنى ناچار رەڭلەر بىلەن بۇزدى دەپ ئۇلار بىلەن ماجىرالاشقانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئۇلار كىم بولغىيدى؟ بىراق، كېيىن دۈشمەنلىكنىڭ بۇ سەۋەبتىن ئەمەس، ئۇنىڭ تۆۋەنكى قەۋەتتىكى چىرايلىق بىر سەھىپە تۈپلىگۈچى شاگىرتقا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقى تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە گەپ ـ سۆزلەر چىققانىدى. لېكىن بۇ ناھايىتى كونا ۋەقە ئىدى. يەنە نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ نازاكەتلىكلىكىنى، نازۇكلۇقىنى، ئاياللارغا خاس لاتاپەتلىك قىياپىتىنى ياقتۇرمايدىغانلارمۇ بار ئىدى، لېكىن بۇلار باشقا سەۋەبلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى: نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ باشقا ئۇسۇللارغا قۇللارچە ئىخلاس قىلىدىغانلىقى، ھەل بىلەن رەسىمگە رەڭنى ماسلاشتۇرۇشتا قىلنى قىرىق يارىدىغانلىقى، باشقا رەسساملارنىڭ (بولۇپمۇ مېنىڭ)

مەۋجۇت بولمىغان نۇقسانلىرىمىزنى ئۇستاز ئوسماننىڭ ئالدىدا بىلەرمەن-
لىك بىلەن ئېيتىۋەتكىنىمدەك، يېقىنقى بىر ماجىرا، يەنى ئۇستاز ئوسمان
يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئالاھىدە دىققەت قىلغان بىر ئىش — ئوردا رەس-
ساملىرىنىڭ سىرتتا قوشۇمچە ئىش قىلىشى، ئوردا سىرتىدىكى ئۇششاق-
چۈششەك ھاۋالىلارنى مەخپىي قوبۇل قىلىشى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى سۇلتانىمىزنىڭ قىزىقىشى تۆۋەن-
لەپ، مالىيە ۋەزىرىنىڭ پۇللارنى كېمەيتىۋېتىشى بىلەن پۈتۈن رەسساملار
بەزى ياش، ئەقىلسىز پاشالارنىڭ ئىككى قەۋەتلىك قەسىرلىرىگە ۋە ئەڭ
ئۇستىلىرى كېچىلىرى يېزىنە تاغىنى يوقلاپ بېرىشقا باشلىغانىدى.

يېزىنە تاغىنىڭ ئۇڭۇشسىزلىقنى باھانە قىلىپ كىتابنى، ياكى كى-
تابىمىزنى داۋاملاشتۇرماسلىق قارارىغا كەلگەنلىكىگە گۇمانخورلۇق تۈپەي-
لى خاپا بولمىدىم. دەرۋەقە، ئۇ ئەقىلسىز نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ قاتىلى
ئۇنىڭ كىتابىنى ئىشلەشكە قاتناشقان ھەرقايسىمىزنىڭ ئارىمىزدىن بى-
رىمىز ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا سىز بولسىڭىز،
ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم بىر قاتىلنى كېچىلىرى ئۆيىڭىزگە رەسىم
سىزىشقا چاقىرارمىدىڭىز؟ ياكى ئالدى بىلەن ھەقىقىي قاتىل كىم، ئەڭ
ياخشى رەسسام قايسىسى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەرمىدىڭىز؟ ئۇنىڭ ناھا-
يىتى تېزلىكتە ئۆيگە كەلگەن رەسساملار ئارىسىدا رەڭ تاللاشتىن ھەل
بېرىشكىچە، جەدۋەل تۈزگۈچىلىكتىن رەسساملىققىچە، چىراي سىزىشتىن
سەھىپە لايىھىلەشكىچە بولغان ئىشلاردا ئەڭ ماھارەتلىك ئادەمنىڭ كىم
ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشىدىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يالغۇز مەن بىلەنلا
داۋاملىق ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىدىن ھېچ گۇمانلانمايمەن. مېنىڭ-
چە، ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي ماھارەتلىك رەسسام ئەمەس، بەلكى ئاددىي بىر
قاتىل ئىكەنلىكىمنى ھەرگىزمۇ بىلمەيتتى.

يېزىنە تاغىنىڭ يېنىدا بىللە ماڭغان ھېلىقى قارا ئەپەندىنى، يەنى ئۇ
ئەقىلسىزنى كۆز قىرىمدا كۆزەتمەكتىمەن. ئۇلار قەبرىستانلىقتىن تار-
قالغان جامائەتتىن ئايرىلىپ ئەييۇپ پىرىستانىغا چۈشكەندە، مەنمۇ ئۇلار-
نىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ئۇلار پىرىستاندىن تۆت پالاقلىق بىر قېيىققا ئول-
تۇردى. مەنمۇ كېيىن مۇسىبەتنى ئۇنتۇپ ئۆزئارا كۈلكە - چاقچاق بىلەن

قايتىشقان ياش شاگىرتلار بىلەن بىللە ئالتە پالاقلىق قېيىققا ئولتۇردۇم. پەنەر قاپىدا① قېيىقلىرىمىز بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كەتكىدەك دەرىجىدە يېقىنلىشىپ قېلىۋىدى، قارانىڭ يېزنە تاغىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى خېلى يېقىندىن كۆردۇم ۋە بىردىن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن ئاسانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم. ئى ئاللاھ، سەن بۇ ئىشەنگۈسىز قۇدرەتنى ھەممىمىزگە بەردىڭ، لېكىن بىزنى ئۇنىڭدىن پايدىلانماڭلار دەپ قورقۇتىۋاتىسەن.

شۇنداقتىمۇ، كىشىلەر بۇنداق قورقۇش كەيپىياتىنى بىر قېتىم يېڭىپ تەدبىر قوللانسا، شۇئان پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالىدۇ. بۇرۇن يالغۇز شەيتاندىنلا ئەمەس، ئىچىمدىكى ئەڭ كىچىك رەزىللىك بەلگىسىدىنمۇ قورقاتتىم. مانا ئەمدى رەزىللىكنىڭ چىدىغىلى بولىدىغان بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا رەسسام ئۈچۈن كېرەكلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلىۋاتىمەن. جىنايەتتىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ كۈنلەردە قوللىرىم تىترەش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈرگىنىمدىن بېرى رەسىمنى تېخىمۇ ياخشى سىزىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. رەڭلەرنى تېخىمۇ جۇلالىق ۋە كۆركەم بېرىۋاتاتتىم، ئەڭ مۇھىمى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمنىڭ ئاجايىباتلارنى يارىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتىم. لېكىن ئىستانبۇلدا مېنىڭ سىزغان ئاجايىباتلىرىمنى قەدىرلەيدىغان قانچىلىك ئادەم بار؟

جىبالىدىن② دېڭىز قولتۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىستانبۇلغا غەزەپ بىلەن قارىدىم. قار بىلەن قاپلانغان گۈمبەزلەر كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا بىردىنلا پالىلداپ كۆزنى قاماشتۇرۇشقا باشلىدى. بىر شەھەر قانچىلىك چوڭ ۋە رەڭگارەڭ بولسا، بۇ سەۋەنلىك ۋە گۇناھىڭىزنى يوشۇرىدىغان شۇنچە كۆپ بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن، ئادەم سانى قانچىلىك كۆپ بولسا، گۇناھلىرىڭىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كېتىدىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. شەھەرلەرنىڭ سۈپەت - ساپاسى ئۇنىڭدا قانچىلىك ئالىملار، كۇتۇپخانىلار، رەسساملار، خەتتاتلار ۋە مەكتەپلەرنىڭ

① پەنەر قاپى — ئىستانبۇلنىڭ دېڭىز بويىدىكى مەھەللىلەردىن بىرى. — ت.
② جىبالى — ئىستانبۇلنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى ئوچۇقچىلىقلاردىن بىرى. — ت.

بارلىقى بىلەن ئەمەس، قاراڭغۇ كوچىلىرىدا مىڭلارچە يىللاردىن بۇيان ئىنسى - جىن سەزمىگەن جىنايەتلەرنىڭ قانچىلىك يۈز بەرگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەك. بۇ مەنتىقە بويىچە ئىستانبۇلنىڭ پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شەھەر ئىكەنلىكىگە قىلچە گۇمان يوق ئىدى.

ئۇن قاپانى① پىرىستانىدا قارا بىلەن يېزىنە تاغىنىڭ كەينىدىن مەنمۇ قېيىقتىن چۈشتۈم. ئۇلار بىر - بىرىنى يۆلىشىپ دۆڭلۈكلەردىن چىقىشىدا مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇلار سۇلتان مەھمەت جامەسىنىڭ كەينىدىكى بىر ئوت كەتكەن يەردە توختاپ يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلدى. يېزىنە تاغا جانابلىرى ئۆزى يالغۇز قالغاندا ماڭا ئاجىز بىر بوۋايدەك كۆرۈنگەنىدى، ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىز دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقان ئاشۇ ئەبلەخنىڭ تېرىغان ئىغۋالىرىنى، ھەممىمىزنى بۇ ئىغۋادىن قوغداش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىمنى دەپ بەرگىم ۋە ئۇنىڭدىن: ”نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئاشۇ سۆزلىرى توغرىمۇ، بىز سىزغان رەسىملەردە سۇلتانىمىزنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش، رەسىم سىزىش ئۇسۇللىرىمىزدا دىنىمىزغا نىسبەتەن خائىنلىق ۋە كۇپۇرلۇق ئالامەتلىرى بارمۇ؟ ئاخىرقى چوڭ رەسىمنى تاماملىدىڭىزمۇ؟“ دەپ سورىغۇم كەلدى.

كەچقۇرۇن قارلىق كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، قاراڭغۇ كوچىنىڭ ئايىغىغا نەزەر تاشلىدىم. ئۆزۈمنى گويا جىن - شاياتۇن، ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك ھېس قىلدىم. كوچىدا بولسا، ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋاتقان ئاتا - بالىلارنىڭ روھسىز سىماسى ۋە قار باسقان دەرەخلەرنىڭ ھەسرىتىلا كۆزگە چېلىقاتتى. كوچا بېشىدىكى يېزىنە تاغا جانابلىرىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك كۆركەم ئۆيىدە، ھازىر ئۇ يەردىكى يالىڭاچ كاشتان دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن تۇيۇقسىز كۆرۈنگەن ئۆگزىنىڭ ئاستىدا دۇنيادا ئەڭ گۈزەل بىر ئايال بار. ئەمما مەن ئەقلىمنى يوقىتىشنى خالىمايمەن.

① ئۇن قاپانى — ئىستانبۇلدىكى دېڭىز قولتۇقى پىرىستانلىرىدىن بىرى. — ت.

# 19. مەن پۇل

مەن 22 كاراتلىق ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تىللاسى. مەندە ئالەم پاناھى سۇلتانىمىز ئالىيلىرىنىڭ شانلىق مۆھۈرى بار. بۈگۈن، دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن، ھەسرەتكە تولغان بۇ كۆركەم قەھۋەخانىدا، سۇلتانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئۇستىلىرىدىن لەيلەك يېرىم كېچىدە رەسىمىمنى سىزىپ پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، تېخى ئالتۇن سۈيى بەرمىدى. لېكىن سىلەر ئالتۇن سۈيى بېرىلگەندىن كېيىنكى قىياپىتىمنى كاللاڭلاردا تەسەۋۋۇر قىلالايسىلەر. سۈرىتىم بۇ يەردە، لېكىن ئۆزۈم سىلەرنىڭ قەدىردان قېرىندىشىڭلار، ئۇستا رەسسام لەيلەكنىڭ پۇل قاپچۇقىدىمەن. ئۇ ھازىر ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنى قاپچۇقىدىن ئېلىپ سىلەرگە كۆرسىتىۋاتىدۇ. مەرھابا، خۇش كەپسىلەر، ئۇستا سەنئەتكارلار، مېھمانلار، ياخشىمۇسىلەر. مېنىڭ پارقىراقلىقىم بىلەن كۆزلىرىڭلار يوغان ئېچىلىدۇ، ۋۇجۇدۇمدا شام يورۇقىنىڭ ئەكس ئەتكىنىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىسىلەر ۋە ئاخىرىدا خوجايىنىم ئۇستاز لەيلەكتىن ھەسەت قىلىسىلەر. توغرا ئېيتىسىلەر، چۈنكى رەسسامنىڭ ماھارىتىنى ئۆلچەشتە مەندىن باشقا ھېچنەرسە يوق.

ئۇستاز لەيلەك كېيىنكى ئۈچ ئايدا ماڭا ئوخشاش تىللادىن نەق 47نى تاپتى. ھەممىمىز بۇ قاپچۇقتا، يەنە كېلىپ لەيلەك ئەپەندىنىڭ بىزنى ھېچكىمدىن يوشۇرغۇسى يوق. ئۇ ئىستانبۇلنىڭ رەسساملىرى ئارىسىدا ھېچكىم ئۆزىچىلىك كۆپ پۇل تاپمىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. رەسساملار ئارىسىدا بۇنداق بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغانلىقىم ۋە ھاجەتسىز ماجىرالارنىمۇ ھەل قىلالىغانلىقىم بىلەن ئىنتايىن ئىپتىخارلىنىمەن. بۇرۇن قەھۋەخانىلارغا كېلىشنى ئۆگەنمىگەن، كاللىمىز تېخى ئېچىلمىغان چاغلاردا، ئەقىلسىز رەسساملار كېچىلىرى ھامان كىمنىڭ ماھارىتى ئەڭ يۇقىرى، كىم رەڭ بېرىشنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ، كىم دەرەخنى ئەڭ

ياخشى سىزىدۇ، بولۇت سىزىشنىڭ مۇتەخەسسىسى كىم دېگەنلەرنى تالاش ـ
تارتىش قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە ھەر كېچە ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىپ،
بىر ـ بىرىنىڭ چىشلىرىنى تۆكۈۋېتەتتى. ھازىر ھەممە ئىشقا مېنىڭ ئا ـ
دىل ھۆكۈمىمنىڭ ھاكىم بولغانلىقى رەسىمخانىدىكى ئىش تەرتىپىگىمۇ
يېقىملىق بىر ئىناقلىق، ھەتتا ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارغا لايىق بىر
كەيپىيات ئېلىپ كەلدى.

بۇ ھۆكۈم ئېلىپ كەلگەن ئىناقلىق ۋە كەيپىياتنىڭ تۈرتكىسى بى ـ
لەن، سىلەر ماڭا ئالماشتۇرالايدىغان خىلمۇ خىل نەرسىلەرنى مىسال قى ـ
لىپ ئۆتەي: ياش ۋە گۈزەل بىر دېدەكنىڭ ئومۇمىي باھاسىنىڭ 50 تىن
بىرى بولىدىغان بىر ئايىغى؛ گىرۋىكى پىل چىشىدىن بولغان، ياغاچ يا ـ
غىچىدىن ياسالغان ياخشى بىر ساتىراش ئەينىكى؛ 90 تەڭگە قىممىتىدىكى
قۇياش نۇسخىلىق ۋە كۈمۈش ۋاراقلىق، ئىچى تارتمىلىق، ياخشى رەڭ بې ـ
رىلگەن بىر ساندۇق؛ 120 دانە يېڭى پىشۇرۇلغان نان؛ ئۈچ كىشىلىك يەر ـ
لىك ئورنى ۋە تاۋۇت؛ بىر كۈمۈش يەڭلىك؛ بىر ئاتنىڭ ئوندىن بىرى، قې ـ
رى ۋە سېمىز بىر قول ئايالنىڭ ئىككى پاقالچىكى؛ بىر تۇياق سۇ كالى ـ
سىنىڭ موزىيى؛ جۇڭگونىڭ ئىككى دانە فارفۇر تاۋىقى؛ سۇلتانىمىزنىڭ
رەسىمخانىسىدىكى پارس نەققاشلىرىدىن تەبرىزلىك دەرۋىش مەھمەتنىڭ
ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىر ئايلىق ئىش
ھەققى؛ قەيسى بىلەن بىللە ياخشى بىر ئوۋ بۆركۆتى؛ پانايوتنىڭ شارابى ـ
دىن ئون كومزەك؛ دۇنياغا مەشھۇر بەچچىلەردىن مەخمۇت بىلەن بىر سا ـ
ئەت جەننەتتىكىدەك بىللە بولۇش ۋە ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان باشقا
ناھايىتى نۇرغۇن پۇرسەتلەردىن ئىبارەت.

بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى، بىر مەزگىل نامرات بىر موزدۇز شا ـ
گىرتىنىڭ كىر پايپىقىنىڭ ئىچىدە ئون كۈن تۇرغاندىم. ئۇ بىچارە ھەر
كېچە مەن بىلەن ئالماشتۇرالايدىغان تۈگىمەس ـ پۈتمەس نەرسىلەرنى سا ـ
ناپ ئۇخلاپ قالاتتى. ئەللەي ناخشىسىدەك مۇڭلۇق بۇ ئۇزۇن شېئىرنىڭ
مىسرالىرى ماڭا پۇلنىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈكى يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغانى ـ
دى.

تۆشۈك دېگەندە ئەقلىمگە كەلدى. بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن بې ـ

شىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى بايان قىلسام نەچچە توم كىتاب بولىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدا يات ئادەم يوق، ھەممەيلەن دوستىمىز، ھېچكىمگە ئېيتمىساڭلار ۋە لەيلەك ئەپەندىمۇ خاپا بولمىسا، سىلەرگە بىر سىرنى ئېيتىپ بېرىمەن. قەسەم قىلالامسىلەر؟

خوپ، ئېتىراپ قىلىمەن. مەن چەمبەرلىك تاش ① پۇل زاۋۇتىدىن چىققان 22 كاراتلىق ھەقىقىي ئوسمانىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تىللاسى ئەمەسمەن. مەن ساختا پۇل. مېنى ۋېنېتسىيىدە ناچار ئالتۇندىن قۇيۇپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، 22 كاراتلىق ئوسمانىيە تىللاسى دەپ ئالدامچىلىق قىلدى. سىلەرنىڭ بۇنى چۈشەنگەنلىكىڭلارغا رەھمەت.

ۋېنېتسىيىدىكى پۇل زاۋۇتىدىن ئىگىلىشىمچە، بۇ ئىش بىر نەچچە يىللاردىن بېرى داۋاملىشىۋېتىپتۇ. لېكىن يېقىنقى چاغلارغىچە ۋېنېتسىيە كۇپپارلىرى تۆۋەن كاراتلىق نىسبەت بىلەن شەرققە ئەكىلىپ تارقاتقان تىللالارمۇ يەنىلا شۇ پۇل زاۋۇتىدا ئۆزلىرى قۇيغان ۋېنېتسىيە پۇللىرى ئىدى. بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە "ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ" قا ئىشىنىدىغان ئوسمانىيىلىكلەرمۇ ئۈستىدىكى يېزىقىنىلا قاراپ ئىچىدىكى ئالتۇننىڭ مىقدارى بىلەن كارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ساختا ۋېنېتسىيە ئالتۇنلىرى پۈتۈن ئىستانبۇلنى قاپلاپ كەتتى. كېيىن ئالتۇنى ئاز، مىسى كۆپ بولغان ساختا پۇلنى قاتتىقمۇ - يۇمشاقمۇ دەپ چىشلەپ بېقىپ پەرقلەندۈرۈشكە باشلاشتى. مەسىلەن، مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈۋاتىسەن دېيەلى، پۈتۈن جاھان ئاشىق بولغان سۈباتلىق بەچچە ماخمۇتنى ئىزدەپ بارسەن. ئۇ ئالدى بىلەن ئاغزىغا ھېلىقىنى ئەمەس، پۇلنى ئېلىپ چىشلەيدۇ ۋە ساختا دەپ سېنى جەننەتتىكىدەك بىر سائەتلىككە ئەمەس، يېرىم سائەتلىككە كەلتۈرىدۇ. ۋېنېتسىيە كۇپپارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ساختا پۇللىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى كۆرۈپ، ئوسمانىيىلىكلەر سېزەلمەيدۇ دەپ پۈتۈنلەي ساختا ئوسمانىيە تىللاسىنى قۇيۇشنى قارار قىلدى.

ئەمدى غەلىتە بولغان بىر ئىشقا دىققەت قىلايلى. بۇ ۋېنېتسىيە كۇپ-

① ئىستانبۇلنىڭ مەركىزىدىكى چەمبەرلەنگەن ئېگىز تاش مۇنار بار يەر. — ت.

پارلىرى رەسىم سىزغاندا گويا رەسىم ئەمەس، بەلكى سىز سىزىدىغان نەرسەنىڭ ئەينى ئۆزىنى ياساپ چىقىدۇ. لېكىن پۇل قويغاندا ھەقىقىي پۇلنى قويماي، ئۇنىڭ ساختىسىنى قويىدۇ.

ۋېنېتسىيەدىن تۆمۈر ساندۇقلارغا قاچىلاندۇق، كېمىلەرگە چۈشۈپ، ئۇياق - بۇياققا سوقۇلۇپ ئىستانبۇلغا كەلدۇق. ئۆزۈمنى بىر سەرراپنىڭ دۇكىنىدا، بىر ئۇستىنىڭ سامساق پۇرايدىغان ئاغزىدا كۆردۈم. بىر ئاز كۈتتۇق، تىللا پارچىلىماقچى بولغان بىر ساددا سەھرالىق كەلدى. ھىيلىگەر ئۇستا سەرراپ، سېنىڭ ئالتۇنۇڭ ھەقىقىيمۇ ياكى ساختىمۇ، چىشلەپ كۆرەي، دەپ ئۇنىڭ تىللاسىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

بىز ئۇنىڭ ئاغزىدا ئۇچراشقىنىمىزدا كۆردۈمكى، سەھرالىقنىڭ تىللاسى ھەقىقىي ئوسمانىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئىدى. سەرراپ مېنى سامساق پۇراقلىرى ئىچىدە كۆرگىنىدە: ”سەن ساختا ئىكەنسەن“ دېدى. ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى، ئەمما بۇ گەپنى مەغرۇرلۇق بىلەن دېگەنلىكى غۇرۇرۇمغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن مەنمۇ يالغان ئېيتىپ: ”ئەسلى سەن ئۆزۈڭ ساختا“ دېدىم.

بۇ چاغدا ساددا سەھرالىقمۇ: ”مېنىڭ تىللايىم قانداقسىگە ساختا بولسۇن! مەن ئۇنى 20 يىلنىڭ ئالدىدا توپىغا كۆمۈپ ساقلىغانىدىم. ئۇ چاغدا بۇنداق ئەدەپسىزلىك بارمىدى“ دەپ ماختاندى.

مەن قانداق بولىدىكىن دەپ قىزىقىپ تۇرغىنىمدا، سەرراپ سەھرالىقنىڭ تىللاسىنى ئەمەس، ئاغزىدىن مېنى چىقىرىپ: ”ئال، تىللايىڭنى، پەسكەش ۋېنېتسىيە كۇپپارلىرىنىڭ ساختا پۇلىنى ئالمايمەن“ دېدى ۋە: ”سەن نومۇسنى بىلمەمسەن؟“ دەپ بىچارە سەھرالىقنى ئەيىبلىدى. ئۇ بىر نەچچە ئېغىز جاۋاب قايتۇرۇپ ئاخىرى مېنى ئېلىپ كەتتى. باشقا سەرراپلاردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئازار يېگەن ئۇ بىچارە ناچار تىللا دەپ مېنى 90 تەڭگىگە پارچىلاتتى. يەتتە يىلدىن بېرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ قىلغان تۈگىمەس - پۈتمەس ساياھەتلىرىم مانا شۇنداق باشلاندى.

ۋاقتىمنىڭ كۆپىنى بىر ئەقىللىق پۇلغا ئوخشاش ئىستانبۇلدا قاپچۇقتىن قاپچۇققا، بەلۋاغدىن يانچۇققا سەرگەردانلارچە كېزىپ يۈرگەنلە-

كىمنى ئېيتىپ بىلەن ئېيتاي: بىر كومزەكنىڭ ئىچىگە سېلىنىپ بىر باغچىدا بىر تاشنىڭ تېگىدە بىر نەچچە يىل كۆمۈلۈپ تۇرۇش مەن ئۈچۈن بىر قاباھەتلىك چۈش ئىدى. بۇنداق تەقدىرىمۇ بېشىمغا كەلمىدى ئەمەس، لېكىن قانداقتۇ بۇ زېرىكەرلىك مەزگىللەر قىسقا ۋاقىت داۋاملىشاتتى. مېنى قولىغا ئالغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ساختا ئىكەنلىكىمنى بايقىسا، مەندىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى. ئەمما ساختا ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ خېرىدارنى ئاگاھلاندۇرغاننى تېخى ئۇچراتمىدىم. لېكىن ساختا ئىكەنلىكىمنى بىلمەي ماڭا 120 تەڭگە سانىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلگەن ھامان باشقا بىرىنى ئالداپ مەندىن قۇتۇلغىچە غەزەپ، خاپىلىق ۋە تاقەتسىزلىك بوھرانلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تېپىچەكلەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ كېتەتتى. بۇ بوھران جەريانىدا ئۆزلىرىمۇ باشقىلارنى ئالداشقا نەچچە قېتىملاپ تەرەددۇت قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم جىددىيلىشىپ، غەزىپىنى يوشۇرالمىغانلىقى تۈپەيلى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، مېنى بېرىپ ئۆزلىرىنى ئالدىغان ئادەمنى چىن دىلىدىن ”ئەخلاقسىز“ دەپ قاغاشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال قىلالمايتتى!

مۇشۇ يېقىندىن بۇيانقى يەتتە يىل جەريانىدا ئىستانبۇلدا 500 قېتىم قولدىن قولغا ئۆتۈپ، مەن كىرمىگەن ئۆي، دۇكان، بازار، مەسچىت، چېركاۋ، يەھۇدىي ئىبادەتخانىلىرى قالمىدى. تەرەپ ـ تەرەپتە سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىمدە مەن توغرۇلۇق ئويلىغىنىمدىن كۆپ غەيۋەت ـ شىكايەتلەر بولغانلىقىنى، ئەپسانىلەر ئويدۇرۇلۇپ، يالغانلار توقۇپ چىقىرىلغانلىقىنى كۆردۈم: مەن ئەڭ قىممەتتى بار نەرسە ئىكەنلىكىم، رەھىمسىزلىكىم، كۆزۈمنىڭ كورلۇقى، مېنىڭمۇ پۇلغا ئامراقلىقىم، دۇنيانىڭ، ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئۈستۈمگە بىنا بولغانلىقى، ھەممە نەرسىنى سېتىۋالالايدىغانلىقىم، پاسكىنىلىقىم، ئادىللىقىم، پەسكەشلىكىم ئۇزلۇكسىز يۈزۈمگە سېلىندى. ساختا ئىكەنلىكىمنى بىلگەنلەر تېخىمۇ غەزەپلىك مۇئامىلە قىلىپ، ماڭا ناھايىتى سەت گەپلەرنى قىلدى. ھەقىقىي قىممىتىم چۈشكەندە، يوشۇرۇن قىممىتىم ئارتاتتى. لېكىن مانا شۇنداق رەھىمسىز يوشۇرۇن مەنىلەر ۋە نامەلۇم تۆھمەتلەر داۋاملىشىپ تۇرسىمۇ، مۇتلەق

كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ مېنى سەمىمىي ئىشتىياق بىلەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆردۇم. بۇ مېھىر ـ مۇھەببەتسىز زاماندا، بۇ قەدەر كۆڭۈلدىن قايناپ چىققان ھەتتا سىرتقا تاشقىنلىغان مۇھەببەتنىڭ ھەممىمىزنى خۇشاللاندۇرۇشقا تېگىشلىك بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئويلايمەن.

كوچىمۇ كوچا، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ، ئىستانبۇلنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىنى كۆردۇم. يەھۇدىيلاردىن ئابخازلارغىچە، ئەرەبلەردىن مىنگرېيەلىكلەرگىچە ھەممە كىشىنىڭ قولىنى تونۇدۇم. مانىساغا بارىدىغان ئەدىرنەلىك① بىر تەرغىباتچىنىڭ پۇل قاپچۇقىنىڭ ئىچىدە بىر قېتىم ئىستانبۇلنىڭ سىرتىغا چىقتىم. قاراقچىلار يولىمىزنى توسۇپ، جېنىڭغا تۇرامسەن، مېلىڭغىمۇ دېگەندە، ئامالسىز تەرغىباتچى ئالدىراشلىق بىلەن بىزنى سوڭىغا تىقىپ يوشۇردى. بۇ يەر ساماساق يېگەن ئادەمنىڭ ئاغزىدىنمۇ سېسىق پۇرايتتى ۋە بىئارام قىلاتتى. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى. چۈنكى قاراقچىلار "مېلىڭغا تۇرامسەن، جېنىڭغىمۇ!" دېمەي، "ئىپپىتىڭگە تۇرامسەن، جېنىڭغىمۇ!" دېدى ۋە ئۇنىڭغا نۆۋەت بىلەن چېقىلدى. ئۇ كىچىك تۆشۈكتە نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىمىزنى سىلەرگە ئېيتمايلا قوياي. شۇڭا ئىستانبۇلنىڭ سىرتىغا چىققىنىمغا ھەرگىز خۇش بولمايمەن!

ئىستانبۇلدا قىزغىن قارشى ئېلىندىم. ياش قىزلار مېنى چۈشلىرىدىكى ئەرلىرىنى سۆيگەندەك سۆيۈشتى؛ دۇخاۋا پۇل قاپچۇقلىرىدا، ياستۇقلىرىنىڭ تېگىدە، يوغان كۆكسلىرىنىڭ ئارىسىدا، پەلتولىرىنىڭ ئىچىدە ساقلىنىشىپ، ئۇيقىلىق ھالدا بارمۇ ـ يوقمۇ دەپ سىلاشتى. بىر ھامامدا ئوچاقنىڭ ئۇستىدە، چېتىكنىڭ ئىچىدە، ئاجايىپ پۇرايدىغان بىر گىرىم بويۇملىرى دۇكىنىدىكى كىچىك بىر ئەينەك قۇتىنىڭ تېگىدە، بىر ئاشپەزنىڭ يېسىمۇق تاغىرىنىڭ مەخپىي يانچۇقىدا ساقلاندىم. تۆگە تېرىسىدىن قىلىنغان كەمەرلەرنىڭ، مىسىر شاتلاڭگىسىدىن تىكىلگەن ئەستەرلەرنىڭ، ئىچى قېلىن يۇڭ رەخت بىلەن قاپلانغان ئاياغ كىيىملەرنىڭ، رەڭگارەڭ شالۋۇرلارنىڭ مەخپىي بۆلۈڭلىرىدا پۈتۈن ئىستانبۇلنى كەزدىم. سائەتچى ئۇستا پېترو مېنى قوڭغۇراقلىق سائەتنىڭ كۆرۈنمەيدىغان قىس-

① ئەدىرنە ــ تۈركىيىنىڭ ئۆلكىلىرىدىن بىرى. ــ ت.

مىغا، بىر رۇملۇق مىلىچمال دۇكاندارى مېنى بىۋاستە قوي سۇتىدىن
قىلىنغان ئېرىمچىكنىڭ ئىچىگە قويدى. مۆھۈرلەر، زىبۇ زىننەت بۇيۇم-
لىرى ۋە ئاچقۇچلار بىلەن بىللە يۇڭ رەخت پارچىلىرىغا يۆگىلىپ مو-
رىلارنىڭ، ئوچاقلارنىڭ ئىچىگە، دېرىزە تەكچىلىرىنىڭ تېگىگە، قېلىن
سامان ماتراسلارنىڭ ئارىسىغا، تىكلىمە ئىشكاپ ۋە ساندۇقلارنىڭ يوشۇرۇن
بۆلمىلىرىگە قويۇپ ساقلاندىم. تاماق داستىخىنىدىن تۇرۇپ، يوشۇرۇپ
قويغان يېرىمدە بارمۇ دەپ پات - پات كېلىپ قاراپ باققان ئاتىلار، بىكار-
دىن - بىكار مېنى ئاغزىغا سېلىپ شورىغان ئايالالار، پۇراپ - پۇراپ بو-
رۇنلىرىغا تەگكۈزگەن باللار، تېرە قاپچۇقتىن قولىغا ئېلىپ، كۈندە يەت-
تە قېتىم كۆرمىگىچە ئارام تاپمايدىغان، بىر ئايىغى گۆرگە ساڭگىلىغان
بوۋايلارنى كۆردۈم. تېجىمەل بىر چېركەس ئايال بار ئىدى، كۈن بويى ئۆي-
لەرنى سۈپۈرۈپ تازىلىغاندىن كېيىن، بىزلەرنى قاپچۇقتىن چىقىرىپ، يا-
غاچ چوتكا بىلەن يۇياتتى. بىر كۆزلۈك بىر سەرراپ توختىماي بىزنى مو-
نار قىلىپ تىزاتتى. ھەشقىپىچەك پۇرايدىغان بىر ھامال ئائىلىسىدىكى-
لەر بىلەن بىللە بىزنى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغاندەك تاماشا قىلاتتى. ئا-
رىمىزدا بولمىغان بىر ھەلچىمۇ — ئىسمىنى دېيىش ھاجەتسىز — كېچە-
لىرى ھەمىشە بىز بىلەن ھەرخىل نەقىشلەرنى تىزاتتى. مەن يەنە پالىساد-
دىر ياغىچىدىن ياسالغان قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلدىم، ئوردىلار-
غا كىرىپ چىقتىم. ھىرات نۇسخىسىدىكى كىتابلارنىڭ ئىچىگە، گۈل
پۇرايدىغان ئاياغ كىيىملەرنىڭ ئۆكچىسىگە، لىڭگىرچاقلارنىڭ ياپقۇچىغا
يوشۇرۇندۇم. يۇزلىگەن كىر، يۇڭلۇق، سېمىز، مايلىق، تىترەك، قېرى
قوللارنى كۆردۈم. ۋۇجۇدۇمغا ئەپيۇن چېكىلگەن سورۇنلارنىڭ، شامچىلىق
كارخانىلىرىنىڭ، سۇرلىگەن ماكرېل بېلىقىنىڭ ۋە پۇتۇن ئىستانبۇلنىڭ
تەر پۇرىقى سىڭدى. مانا بۇ ھاياجان ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى بېشىمدىن
ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تۇن قاراڭغۇلۇقىدا قۇربانىنى بوغۇزلاپ مېنى قاپ-
چۇقىغا سالغان پەسكەش قاراقچىنىڭ ئىپلاس ئۆيىدە، ”تۇفى، ھەممىسى
سېنىڭ كاساپىتىڭدىن“ دەپ يۇزۇمگە تۇكۇرۇلگىنىمگە شۇنداق مەيۇسلەن-
دىمكى، ئاردىن غايىب بولغۇم كېلىپ كەتتى.
لېكىن، مەن بولمىسام، رەسسامنىڭ ياخشىسى بىلەن يامىنىنى

ھېچكىم بىر - بىرىدىن پەرق ئېتەلمەيتتى ۋە بۇ تۆپەيلى رەسساملار بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يوقالماي، ئەڭ ماھارەتلىك، ئەڭ ئەقىللىق رەسسامنىڭ پۇل قاپچۇقىغا كىرىپ بۇ يەرگە كەلدىم.

ئۆزۈڭلارنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى رەسسام دەپ قارىساڭلار، ئامال - چارە قىلىپ مېنى قولغا كەلتۈرۈڭلار.

# 20. مېنىڭ ئىسمىم قارا

شەكۈرەنىڭ دادىسىنىڭ بىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە ئەۋەتكەن خەتلەرىمىزنى قانچىلىك بىلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق. ئۇنىڭ خېتىدىكى دادىسىدىن ناھايىتى قورقىدىغان قورقۇنچاق قىز ئىكەنلىك ئىپادىسىگە قارىسام، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق سۆزنىڭمۇ بولمىغانلىقى يەكۈننى چىقىرىشىمغا توغرا كېلەتتى. لېكىن ئەھۋالنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلاتتىم. يايمىچى ئېستېرنىڭ قاراشلىرىدىكى ھىيلىگەرلىكى، شەكۈرەنىڭ دېرىزىدە كۆرۈنگەن چاغدىكى جەزىبىدارلىقى، يېزنە تاغامنىڭ مېنى رەسساملىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىشتە قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن مېنى چاقىرغان چاغدىكى ئامالسىزلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان قىياپىتى مېنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى.

ئەتىگەن يېزنە تاغام مېنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇش بىلەنلا ۋېنېتسىيەدە كۆرگەن ئادەم رەسىملىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئالەم پاناھى سۇلتانىمىزنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە نۇرغۇن ئوردىلارغا، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىغا، چېركاۋلارغا كىرىپ چىقىپتۇ. مىڭلىغان ئادەم رەسىملىرىنىڭ ئالدىدا كۈنلەپ تۇرۇپ ئۇلارنى تاماشا قىپتۇ، رامكىلارغا كېرىلگەن رەختلەرگە، تاختىلارغا، تاملارغا سىزىلغان مىڭلىغان ئادەم چىرايلىرىنى كۆرۈپتۇ. ”ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئۆز ئالدىغا، ئوخشاشمىغان ئادەملەرنىڭ چىرايلىرى!“ دېدى ئۇ. ئۇلارنىڭ خىلدۇ خىللىقى، رەڭلىرى، ئۈستىگە چۈشكەن نۇرنىڭ يارقىنلىقى، بۇ چىرايلارنىڭ يېقىملىقلىقى، ھەتتا رەھىمسىزلىكى كۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر مەنىلەرگە يوشۇرۇنغانلىقىغا ئۇ تولىمۇ مەپتۇن بوپتۇ.

— ئۇلار گويا بىرەر يوقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەك، ھەم-

مىسى ئۆز رەسىملىرىنى سىزدۇرىدىكەن، — دېدى ئۇ، — پۈتۈن ۋېنېتسىيىدە پۇلى ۋە كۈچى بارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ھاياتىغا شاھىد، خاتىرە بولسۇن دەپ رەسىملىرىنى سىزدۇرىدىكەن ۋە ئۇنى بايلىقلىرىنىڭ، كۈچ - قۇدرىتىنىڭ، ئىقتىدارلىرىنىڭ سىمۋولى قىلىدىكەن. شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ئۇ يەردە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىكەنلىكىگە بېشارەت قىلىپ، ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى بىر - بىرىگە ئۇقتۇرىدىكەن ۋە كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىكەن.

گويا ھەسەت، خىرىس، ئاچكۆزلۈك ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقاندەك. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كەمسىتىش پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى، لېكىن ۋېنېتسىيىدە كۆرگەن ئادەم رەسىملىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا كىچىك بالىلاردەك شادلىققا تولغانىدى.

رەسىم ئىگىسى بولغان بايلار، شاھزادىلەر، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئائىلىلىرىدە پۇرسەت بولسىلا چىرايلىرىنى سىزدۇرۇش كەيپىياتى خۇددى بىر يۇقۇملۇق كېسەلدەك يامراپ كەتكەنىدى. بۇ كۆپپارلار چېركاۋلىرىنىڭ تاملىرىغا ئىنجىلدىن، دىنىي رىۋايەتلەردىن تام رەسىملىرىنى سىزدۇرغاندىمۇ رەسىمنىڭ ئىچىگە ئۆز چىرايلىرىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىنى شەرت قىلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ، مەسىلەن، ساينت ئىستېفاننىڭ دەپنە قىلىنىشىنى كۆرسىتىدىغان رەسىمگە قارىسىڭىز، ئېھ، قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدە يىغا - زار قىلىشىۋاتقانلار ئارىسىدا سىزگە ئوردىسىنىڭ تاملىرىدىكى رەسىملەرنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھاياجانلانغان ھالدا ماختىنىپ كۆرسەتكەن شاھزادىمۇ بار. ئۇنىڭ كەينىدىن ساينت پېترونىڭ ئۆز كۆلەڭگىسى بىلەن كېسەللەرنى ساقايتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر تام رەسىمدە، بىر چەتتە ھەسرەتتە تولغىنىۋاتقان بەختسىز بىمار، ئەمەلىيەتتە، سىزنىڭ مۇلايىم ئۆي خوجايىنىڭىزنىڭ چوشقىدىنمۇ ساغلام قېرىندىشى بولۇپ، سىز بۇنىڭ بىر خىل خىيالەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. ئەتىسى، سىز ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بىر رەسىمنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭدا سىز ھېلىلا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئاچ قالغان بۆرىدەك تاماق يېگەنلىكىنى كۆرگەن بىر يۇندىخورنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرىسىز.

— بەزىلەر ھەتتا ئاچ قالغان ئادەم تاماق تاللىمىغاندەك، — دېدى

يېزنە تاغام خۇددى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى ھەققىدە گەپ قىلغاندەك قورقۇنچ بىلەن، — پەقەت رەسىمدىن ئۇرۇن ئېلىش ئۈچۈن، رەسىمدىكى كىشىلەر توپى ئىچىدە قەدەھلەرگە شاراب قۇيۇۋاتقان بىر خىزمەتكار، زىناخور ئايالنى چالما - كېسەك قىلغان بىر رەھىمسىز ياكى قولى قانلىق بىر قاتىل بولۇشقىمۇ رازى بولىدىكەن.

— بۇ خۇددى، — دېدىم ئاڭلىماسقا سېلىپ، — قەدىمىي پارس ئەپسانىلىرىنى بايان قىلغان كىتابلاردا، شاھ ئىسمائىلنىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىنى كۆرگىنىمىزدەك، ياكى خۇسرەۋ بىلەن شېرىننىڭ قىسسىسىدە ئۇلاردىن ناھايىتى كېيىن ھۆكۈم سۈرگەن ئەمىر تۆمۈرنىڭ رەسىمى سىزىلغانلىقىنى ئۇچراتقىنىمىزدەك بىر ئىش.

ئۆيىنىڭ ئىچىدە بىر تاراق - تۇرۇق ئاۋاز بارمۇ؟

— بىراق ھېلىقى پەرەڭ رەسىملىرى گويا بىزنى قورقۇتۇش ئۈچۈن سىزىلغاندەكلا تۇيۇلدى، — دېدى كېيىن يېزنە تاغام — ئۇلار بىزنى پەقەت رەسىم سىزدۇرغۇچىلارنىڭ كۈچى ۋە بايلىقى بىلەن قورقۇتۇپلا قالماي، يەنە بىزنى بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئىنتايىن ئالاھىدە ۋە سىرلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇپ تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان چىرايلىرى، كۆزلىرى، قىياپەتلىرى ۋە پۈرمىلىك كۆڭلەكلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سىرلىق بىر مەخلۇقنىڭ ئۆلگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بىزنى قورقۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئۇ بىر قېتىم، كومو كۆلىنىڭ بويىدىكى بىر ھەشەمەتلىك داچىدا، بىر تەلۋە ئاشىقنىڭ پادىشاھلاردىن كاردىناللار① غىچە، ئەسكەرلەردىن شائىرلارغىچە پەرەڭ تارىخلىرىدىكى پۈتۈن مەشھۇر زاتلارنىڭ چىراي تەسۋىرلىرىنى توپلىغان ھەشەمەتلىك بىر رەسىملەر كۆرگەزمە زالىنىڭ بۆلمىلىرىنىڭ بىرىدە قانداق غايىب بولغانلىقىنى بايان قىلدى. ”مېھماندوست ساھىبخان ماڭا ئىپتىخار بىلەن كۆرسەتكەن كۆرگەزمە زالىنىڭ ئۆيلىرىدە مېنى ئۆزى خالىغانچە كۆرسۇن دەپ ئەركىن قويۇۋەتكەندە، — دېدى ئۇ، — كۆپىنچىسى راستتەك كۆرۈنگەن ۋە بەزىسى كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بۇ ئاتالمىش مۇھىم كۈپپار زاتلىرىنىڭ پەقەت رەسىملىرى

① كاردىنال — باش ئېپىسكوپ. — ت.

سىزىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ دۇنيانى تولدۇرغان شەخسلەرگە ئايلانغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ رەسىملىرى ئۆزىگە مەلۇم سېھرىي كۈچنى مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇلارنى شۇنداق تەڭداشسىز قىلغانىدىكى، رەسىملەر ئارىسىدا بىر ھازا ئۆزۈمنى نۇقسانلىق ۋە ئاجىز ھېس قىلدىم، گويا مەنمۇ شۇ شەكىلدە سىزىلغان بولسام، بۇ ئالەمدە نېمىشقا مەۋجۇت بولغانلىقىمنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەتتىم."

ئۇ ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار ياراتقان مۇكەممەل ۋە ئۆزگەرمەس ئىسلام رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ كەلگۈسىدە ئادەم رەسىملىرى ھەۋەسى بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى شۇئان چۈشىنىپتۇ. ئېھتىمال ئۇنى ئارزۇمۇ قىپتۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇپ بىئارام بولغانلىقىنى ئېيتتى. "لېكىن گويا باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىمنى، ئۆزگىچىلىكىمنى ھەم تەڭداشسىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلغۇممۇ بار ئىدى" دېدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن، شەيتان بىزنى گۇناھقا يېتەكلىگەن چاغلاردىكىدەك، ئۇ ئۆزى قورققان نەرسىگە قارىتا كۈچلۈك بىر ئارزۇنىڭ جەلپ قىلىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىپتۇ، "قانداق دېسەم بولار، بۇ گويا گۇناھكارلارچە بىر ئارزۇ ئىدى. گويا ئاللاھ ئالدىدا ئۆز ـ ئۆزىنى مۇبالىغە قىلغانغا، ئۆزىنى قالتىس چاغلىغانغا، ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزىگە قويغانغا ئوخشاش ئىش ئىدى" دېدى ئۇ يەنە.

بىر ئازدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە: پەرەڭ ئۇستازلار بىر خىل بالىلار ئويۇنىدەك مەغرۇرلىنىپ روياپقا چىقارغان بۇ ھۈنەر ئۇلۇغ سۇلتانىمىزغا ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ ئاتا قىلىپلا قالماي، بەلكى، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەرنى تەسىرى ئاستىغا ئالىدىغان، ئۇنى دىنىمىزغا خىزمەت قىلىدىغان بىر ھەققانىي كۈچكە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن، دېگەن خىيال كېپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە: سۇلتانىمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان زاتلارنىڭ رەسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر كىتاب تەييارلىتىش پىكرى پەيدا بوپتۇ. ئىستانبۇلغا قايتقان يېزنە تاغام سۇلتانىمىز ئالىيلىرىغا رەسىمنى پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن سىزىش كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن، بىراق سۇلتان ئالىيلىرى ھە دېگەندىلا ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان-

لىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— ئاچقۇچ — ۋەقەلىكتە، — دەپتۇ دانا ۋە شان - شەۋكەتلىك سۇلتانىمىز ئالىيلىرى، — كۆركەم بىر رەسىم بىر ھېكايىنى (ۋەقەلىكنى) نازۇكلۇق بىلەن تولۇقلايدۇ. ھېكايىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىيالمايدىغان رەسىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىدىغان بولساق، ئۇ رەسىمنىڭ پەقەت كىشىدە گويا بىر بۇتنى كۆرگەندەك تەسىرات پەيدا قىلىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان بولىدۇ. چۈنكى، مەۋجۇت بولمىغان ھېكايىگە ئىشەنمىگىنىمىز ئۇچۇن، تەبىئىي ھالدا رەسىمگە ۋە ئۇ نەرسىگە ئىشىنىمىز. بۇ پەيغەمبىرىمىز چاقتۇرۇۋېتىشتىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ كەئبىدىكى بۇتلارغا چوقۇنغىنىدەك بىر ئىش. ئەگەر بىر ھېكايىنىڭ پارچىسى بولمىسا، ئالايلۇق، بۇ قەلەمپۇرنى ياكى ئۇ ئەدەپسىز پەتەكنى قانداق سىزىسەن؟

— قەلەمپۇرنىڭ چىرايلىقلىقى ۋە تەڭداشسىزلىقىنى نامايان قىلىپ سىزىمەن.

— كېيىن سەھىپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ئۇنى ئالەمنىڭ مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرامسەن؟

— قورقتۇم، — دېدى ماڭا يېزنە تاغام، — سۇلتانىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى بىزنى قەيەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بىر ھازا گاڭگىراپ قالدىم.

شۇنى سەزدىمكى، يېزنە تاغام دۇنيانىڭ ۋە قەغەزنىڭ مەركىزىگە ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن باشقا بىر نەرسىنى قويۇشتىن قورقاتتى.

— كېيىن سەن مەركىزىگە بىر پەتەكنى ئورۇنلاشتۇرغان رەسىمنى تامغا ئاسقىلىڭ كېلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ سۇلتانىمىز، يېزنە تاغامنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى بىلىپ يەتكەندەك، — لېكىن بۇ رەسىمنى تامغا ئېسىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىز تامغا ئاسقان رەسىمگە، مەقسىتىمىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر مەزگىلدىن كېيىن چوقۇنۇشقىمۇ باشلايمىز. كۇپپارلارغا ئوخشاش ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ شۇنداقلا خۇدا (ئاللاھ كەچۈرگەي) ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۇرگەن بولسام، ئۇ چاغدا ئاللاھنى دۇنيادا كۆرگىلى بولىدىغانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ ئىنسان قىياپىتىدە زاھىر بولىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتىم، ئادەم رەسىمنى سىزىپ تامغا ئېسىشنى

قوبۇل قىلاتتىم. تامغا ئېسىلغان رەسىملەرگە، كېيىنكى چاغلاردا سەزمەستىنلا چوقۇنۇشقا باشلايدىغانلىقىمىزنى بىلسەن، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنى شۇنداق ياخشى بىلەتتىمكى، — دېدى يېزنە تاغام ماڭا، — ئۇنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن بىز ھەممىمىز ئويلاۋاتقان ئاشۇ ئىشتىن قورقىمەن.

— شۇ ۋەجىدىن رەسىمىمنىڭ تامغا ئېسىلىشىغا قوشۇلمايمەن، — دەپتۇ سۇلتانىمىز.

— لېكىن ئۇ بۇنى تەلەپ قىلاتتى، — دەپ پىچىرلىدى يېزنە تاغام ماڭا شەيتانلارچە كۈلۈمسىرەپ.

ئەمدى قورقۇش نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى.

— لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ بىر رەسىمىمنىڭ پەرەڭ ئۇستازلارنىڭ ئۇسلۇبلىرى بىلەن سىزىلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ سۇلتانىمىز، — ئۇ رەسىم بىر كىتابنىڭ سەھىپىلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇلۇشى كېرەك. ئۇ كىتابنىڭ زادى قايسى كىتاب ئىكەنلىكىنى ماڭا سەن ئېيتىپ بېرىسەن.

— بىر ھازا قورقۇنچ ۋە تەئەججۈپتە قالدىم، — دېدى يېزنە تاغام. كېيىن ماڭا بايىقى مۇغەمبىرانە نەزىرى بىلەن شۇنداق بىر كۈلۈمسىرىدىكى، يېزنە تاغام گويا بىردىنلا باشقا بىرىگە ئوخشاپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

— سۇلتانىمىز ئالىيلىرى ماڭا كىتابنى ئىشلەشنى دەرھال باشلاشقا بۇيرۇۋىدى، خۇشاللىقتىن بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە ۋېنېتسىيە باش ۋالىيسىغا ئۇ كىتابنى مەندىن ئەۋەتىدىغان ھەدىيە سۈپىتىدە تەييارلاشنىمۇ بۇيرۇدى. كىتاب پۈتكەندە، ئۇ كىتابنىڭ ھىجرىيەنىڭ مىڭىنچى يىلى ئىسلام خەلىپىسىنىڭ سىمۋولى بولمىش ئۇلۇغ سۇلتانىمىزنىڭ غالىب كۈچىگە شاھىد بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ ۋېنېتسىيەلىكلەر بىلەن سۈلھى قىلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلىندۈرۈپ قويماسلىق ۋە رەسىمخانىنىڭ ئىچىدە ھەسەتخورلۇق پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن مەندىن كىتابنى يوشۇرۇن تەييارلاشنى تەلەپ قىلدى. مەنمۇ كېرەكلىك رەسىملەرنى خۇشاللىق بىلەن مەخپىي سىزدۇرۇشقا باشلىدىم.

# 21. مەن يېزنە تاغاڭلار

شۇنداق قىلىپ، جۈمە كۈنى ئەتىگەندە، سۇلتانىمىزنىڭ پەرەڭ ئۇستازلار ئۇسلۇبىدىكى رەسىمى كىرگۈزۈلىدىغان كىتاب قانداق ئىشلىنىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم. دەسلەپ دەيدىغىنىم ئوخشاش ھېكايىنى سۇلتانىمىزغا قانداق بايان قىلغانلىقىم ۋە كىتابنى تەييارلاشقا ئۇنى قانداق قايىل قىلغانلىقىم ئىدى. لېكىن يوشۇرۇن مەقسىتىم رەسىملەرنىڭ ئالدىدىكى تېخى يېزىشنى باشلىيالمىغان ھېكايىلەرنى قاراغا يازدۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

كىتابنىڭ رەسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تاماملىغانلىقىمنى، ئاخىرقى رەسىمنىڭ ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتتىم. ”كىتابتا ئۆلۈمنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىم بار، — دېدىم، — كىتابتا يەنە سۇلتانىمىز تەسەررۇپىدىكى دۆلەت زېمىنىنىڭ قانداق خاتىرجەم دىيار ئىكەنلىكى نامايان بولسۇن دەپ، ئەقىللىق رەسسام لەيلەككە دەرەخنىڭ رەسىمىنى، شەيتاننىڭ رەسىمىنى، بىزلەرنى ناھايىتى يىراقلارغا ئېلىپ بارىدىغان ئاتنىڭ رەسىملىرىنى سىزدۇردۇم. يەنە ھەمىشە چىرايىدىن ھىيلىگەرلىك ۋە بىلەرمەنلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىتمۇ بار، پۇلمۇ بار... بۇلارنى رەسىمخانىنىڭ ئۇستا رەسساملىرىغا شۇنداق چىرايلىق سىزدۇردۇمكى، — دېدىم قاراغا، — ئۇلارغا بىر قارىساڭلا، ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ قانداق يېزىلىشى كېرەكلىكىنى شۇئان ئېيتىپ بېرەلەيسەن. شېئىر بىلەن رەسىمنىڭ، رەڭ بىلەن سۆزنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

بىر ئارىدا قىزىمنى بېرىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيتايمۇ دەپ ئويلىدىم. بۇ ئۆيدە بىز بىلەن بىللە تۇرارمۇ؟ لېكىن ئۆزۈمگە يەنە ”ئۇنىڭ سۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىغىنىغا، چىرايىدىكى ساددا قىياپەتكە ئىشەنمە، ئۇ شەكۈرەنى ئېلىپ قېچىشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ، لېكىن كىتا-

بىمنى تاماملىيالايدىغان قارادىن باشقا ئادىمىم يوق" دېدىم.

جۈمە نامىزىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئىتالىيىلىك ئۇستازلارنىڭ رەسىمدىكى ئەڭ چوڭ بايقىشىنى تىلغا ئالدىم. "ئەگەر، — دېدىم، — گويا كوچىدا ماڭغان - تۇرغاننى، دۇنياغا تاغدىن - باغدىن نەزەر سېلىپ، رەسسىمىمىزنى ئۇ يەردىن، يەنى كوچا مەنزىرىسىدىن سىزماقچى بولساق، پەرەڭ ئۇستازلارغا ئوخشاش كوچىلاردا ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن نەرسىنى، يەنى كۆلەڭگىلەرنىمۇ رەسسىمىمىزنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك".

— كۆلەڭگىنى قانداق سىزىدۇ؟ — دەپ سورىدى قارا.

جىيەنىم سۆزلىرىمنى تىڭشاۋاتقاندا، ئۇنىڭدىكى بىر خىل سەۋرسىزلىك ئالامىتىنى كۆرەتتىم. ئۇ بەزىدە ئۆزى ماڭا ھەدىيە قىلغان موڭغۇل سىياھ قۇتىسىنى ئوينايتتى، بەزىدە قولىغا لاخشىگىرنى ئېلىپ ئوچاقنىڭ كۇلىنى كوچىلايتتى، بەزىدە مەن ئۇنى بېشىمغا لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقاندەكمۇ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. چۈنكى مەن رەسىمنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدىن يىراقلاشتۇرماقچى بولغانىدىم، ھىراتلىق ئۇستازلارنىڭ چۈشلىرىدىكىدەك رەسىملىرىگە ۋە پۈتۈن رەسىم ئەنئەنىسىگە خىيانەت قىلغانىدىم، شۇنداقلا، پادىشاھىمىزنىمۇ بۇ ئىشقا قايىل قىلغانىدىم. بەزىدە قارا زادى مىدىرلىماي ئۆزۈندىن - ئۆزۈن ئولتۇرۇپ، كۆزىنى مەندىن زادىلا ئۈزمەيتتى. بۇ ئەھۋالغا قاراپ مەن ئۇنى "جەزمەن قىزىڭنى قولغا كەلتۈرگىچە ساڭا قۇل بولساممۇ مەيلى" دەپ ئويلىسا كېرەك دەپ قارايتتىم. بىر قېتىم مەن ئۇنى ھويلىغا باشلاپ چىقىپ، بۇرۇن ئۇ كىچىك ۋاقتىدىكىدەك، ئۇنىڭغا دەرەخلەرنى، ئاپتاپتا جۇلالىنىپ تۇرغان يوپۇرماقلارنى، ئېرىۋاتقان قارنى، كوچىمىزدىكى ئۆيلەرنىڭ يىراقلاشقانچە تېخىمۇ كىچىك كۆرۈنۈشىدىكى سەۋەبنى ئاتىلارچە كۆيۈنۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەيمىكىن دەپ سىناپ باقماقچى بولدۇم. لېكىن بۇ ئىشىم خاتا ئىدى. بۇ ماڭا ئارىمىزدا بۇرۇندىنلا بەرپا بولغان بىر خىل ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئاللىقاچان تۈگىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بالىلىق چاغلىرىدىكى ھەۋەسنىڭ ۋە ئۆگىنىش ئىشتىياقىنىڭ ئورنىنى ئالجىغان بوۋاينىڭ قىزىغا كۆز تىككەن بىر يىگىتنىڭ ھەرقانداق بىمەنىلىكلەرگە نىسبەتەن

سەۋر ـ تاقەتلىك كەيپىياتى ئالغانىدى. 12 يىلدىن بۇيان كەزگەن دىيارلار، شەھەرلەرنىڭ چوڭلۇقى، چاڭ ـ توزانلىرى پۈتۈن كۆچى بىلەن جىيەنىمنىڭ روھىغا سىڭگەنىدى. ئۇ مەندىنمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. 12 يىلنىڭ ئالدىدا شەكۈرەنى ئۇنىڭغا بەرمىگەنلىكىم ئۇچۇنلا ئەمەس ــ بۇ ئەينى ۋاقىتتا مۇمكىن ئەمەس ئىدى ــ بەلكى مۇسۇلمان رەسساملارنىڭ ھىراتلىق مەشھۇر ئۇستازلارنىڭ ئۇسلۇبىلىرىغا يات بولغان رەسىملەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىم ۋە بۇ بىمەنىلىكلەرنى تەكرار ـ تەكرار بايان قىلغانلىقىم ئۇچۇن مەندىن خاپا بولغانلىقىنى پەرەز قىلاتتىم. ئۇنىڭ قولىدا ئۆلىدىغانلىقىمنىمۇ ئىختىيارسىز تەسەۋۋۇر قىلدىم.

لېكىن ئۇنىڭدىن قورقمايتتىم. دەل ئەكسىچە، ئۆزۈم ئۇنى قورقۇتماقچى بولدۇم. چۈنكى، مېنىڭچە، ئۇنىڭدىكى قورقۇش كەيپىياتى مەن ئۇنىڭدىن يېزىشنى تەلەپ قىلغان ماقالىگە ماس كېلەتتى. مەن ئۇنىڭغا: "ئۇ رەسىملەردىكىدەك، ئىنسان ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزىگە قويالىشى كېرەك، ــ دېدىم ۋە يەنە، ــ رەسساملىرىمىدىن بىرى ماڭا ناھايىتى ياخشى شەكىلدە ئۆلۈمنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىمنى سىزىپ بەردى، كۆرۈپ باقمىن، ــ دەپ قوشۇمچە قىلدىم."

شۇنداق قىلىپ، بىر يىلدىن بېرى، ئۇستا رەسساملارغا مەخپىي سىزدۇرغان رەسىملىرىمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشكە باشلىدىم. دەسلەپ ئۇ بىر ئاز ئۆزىنى قاچۇردى، ھەتتا قورقتى. ئۇ ئۆلۈم مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن «شاھنامە»گە ئائىت تەسۋىري قوللانمىلاردا ھەممە كىشى خەۋەردار بولغان ئۆلۈم كۆرۈنۈشلىرىدىن ئەفراسىياپنىڭ سياۋۇشنىڭ كاللىسىنى ئالغانلىقى، ياكى ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمەي قېلىپ، رۇستەمنىڭ سوخرابنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن ئىلھام ئېلىپ سىزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، تېمىغا دەرھال قىزىقتى. رەھمەتلىك سۇلتان سۇلايماننىڭ جىنازا نامىزى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردە مەن ھەسرەتلىك ۋە تەمكىن رەڭلەر بىلەن پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىكى بىر ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوللىنىپ، ئۆز قەلىمىم بىلەن كۆلەڭگىنى سىزىپ قوشۇمچە قىلىپ سىناپ باققان ئىدىم. مەن ئۇنىڭغا ئۇيۇق سىزىقنى ۋە بۇلۇتلارنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاش-

تۇرۇۋۋەتكەن قاراڭغۇ چوڭقۇرلۇقنى كۆرسەتتىم ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ ۋېنىپتسىيە ئوردىلىرىدا سىزىلغان رەسىملەردىكى كۆپپارلارنىڭ قىياپەت-لىرىدە ھەممىسى ئۆزىگە خاس ئوبرازنى نامايان قىلىشقا تىرىشقانلىقىنى، ئۇ رەسىملەرنىڭ ۋە بۇ جەھەتتىكى تەڭداشسىزلىقىنى ئەسلەتتىم: "ئۇلار شۇ قەدەر يېگانە ۋە تەڭداشسىز بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇكى ۋە بۇنى شۇنداق تەشنالىق بىلەن ئارزۇ قىلىدۇكى، — دېدىم، — قارا، مۇردىنىڭ كۆزلە-رىنىڭ ئىچىگە قارا، ئىنسان ئۆلۈمدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ بۇ جاھاندا تەڭداشسىز بولۇش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن قورقىدۇ. بۇ رەسىمگە قاراپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى يازغىن، مۇردىنى سۆزلەتكىن. مانا قەغەز - قە-لەم، يازغىنىڭنى دەرھال خەتتاتقا بېرىمەن."

ئۇ بىر ھازا جىمجىت تۇرۇپ رەسىمگە قارىدى. كېيىن: "بۇنى كىم سىزدى؟" دەپ سورىدى.

— كېپىنەك سىزدى. ئەڭ قابىلىيەتلىكى ئۇ. بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇ ئۇستاز ئوسماننىڭ قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەنىدى.

— بۇ ئىتنىڭ رەسىمىنىڭ تەقلىدىنى مەدداھ قىسسە سۆزلىگەن قەھۋەخانىدا كۆرگەنىدىم، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن قوپالراق سىزىلغان ئى-كەن، — دېدى قارا.

— كۆپچىلىكى روھىي جەھەتتىن ئۇستاز ئوسمانغا ۋە رەسىمخانىغا ۋاپادار بولغان رەسساملىرىم، ئۇلار مېنىڭ كىتابىمدا سىزىلغان نەرسە-لەرگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تۈن كېچىلەردە بۇ يەردىن چىقىپ، ئۇدۇل قەھۋەخانىغا بېرىپ، پۇل ئۈچۈن سىزىلغان رەسىملەر ھەققىدە مېنى ئە-دەپسىزلەرچە مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن. بىر ئارىدا پادىشاھىمىز مېنىڭ زورۇم بىلەن ئەلچىخانىدىن ئېلىپ كەلگەن ياش بىر ۋېنىپتسىيىلىك رەسسامغا ئۆز رەسىملىرىنى سىزدۇرغان. ئۇنىڭدىن كې-يىن ئۇستاز ئوسمانغا بۇ ماي بوياق رەسىمنىڭ ئەينى ئۆزىنى ئۆز ئۇسلۇبى بىلەن قايتا سىزدۇرغانىدى. ۋېنىپتسىيىلىك رەسسامنى تەقلىد قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئۇستاز ئوسمان بۇ قوپاللىق بىلەن زورلاپ سىزدۇرغان، كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان رەسىمگە مېنى جاۋابكار قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىنى توغرا ئىدى.

ئۇنىڭغا پۈتۈن بىر كۈن ھەرقانچە قىلىپ پۈتتۈرەلمىگەن ئاخىرقى رەسىمدىن باشقا پۈتۈن رەسىملەرنى كۆرسەتتىم ۋە ئۇنى بۇ رەسىملەرنىڭ ھېكايىلىرىنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈردۈم، رەسساملارنىڭ مىجەز - خاراكتېرلىرىنى سۆزلەپ بەردىم ۋە ئۇلارغا قانچىلىكتىن پۇل بەرگەنلىكىمنى بىر - بىرلەپ ساناپ بەردىم. پېرسپېكتىۋىدىن ئەكس ئەتكەن ئارقا كۆرۈنۈشتىكى نەرسىلەرنىڭ ۋېنېتسىيە رەسىمىدە بارغانسېرى كىچىكلەپ سىزىلىشىنىڭ دىنسىزلىق ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە سۆزلەشكىنىمىزدەك، شور پېشانە نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ پۇلىنى كۆزلەش، ھەسەتخورلۇق ۋە خىرىس ۋەجىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىمۇ سۆزلەشتۇق.

قارا ئۇ كۈنى كېچىدە ئۆيىگە قايتىپ كەتتى، مەن ئۇنى ۋەدە قىلغىنىدەك، ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە كېلىدۇ، كىتابىمنىڭ ھېكايىلىرىنى مەندىن يەنە ئاڭلايدۇ دەپ خاتىرجەم ئىدىم. ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىدىم؛ سوغۇق كېچىدە، گويا بىر شۇملۇقتىن دېرەك بار ئىدىكى، ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن بىئارام بولغان قاتىلىمنى مەندىن ۋە كىتابىمدىنمۇ كۈچلۈكرەك شەيتان ۋەسۋەسىگە سالاتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن دەرۋازىنى دىققەت بىلەن چىڭ تاقاپ، ھەر كېچىدە قىلىدىغىنىمدەك، كەينىگە رەيھانگۈل قاچىسى ئورنىدا ئىشلىتىدىغان كونا سۇ كۈپىنى قويۇپ قويدۇم. ئوچاقتىكى ئوتنى كۆمۈۋېتىپ يېتىشىنىڭ ئالدىدا، قارىسام، قاراڭغۇدا شەكۈرە ئۇچىسىدا ئاق لىباس بىلەن ئالدىمدا ئەرۋاھتەكلا پەيدا بولدى.

— بۇ ئادەمگە ياتلىق بولۇشنى ھەقىقىي قارار قىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ياق، دادا، مەن ياتلىق بولۇشتىن ئاللىقاچان ۋاز كەچتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن نىكاھلىق.

— ئۇنىڭغا ياتلىق بولغۇڭ بولسا رۇخسەت قىلاي.

— ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشنى خالىمايمەن.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى سىز خالىمايسىز. سىز خالىمىغان بىرىنى مەنمۇ چىن

كۆڭلۈمدىن خالىمايمەن.

شۇئاندا، ئوچاقتىكى چوغنىڭ ئۇنىڭ كۆزىدە يالقۇنجىغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ خاپا بولغانلىقتىن ئەمەس، غەزەپتىن كۆزلىرىگە ياش ئالغان- دى. لېكىن ئاۋازىدا ھېچقانداق خاپىلىق ئالامىتى سېزىلمەيتتى.

— قارا سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدىم سىر بەرگەندەك.

— بىلىمەن.

ئۇ مېنىڭ پۈتۈن بىر كۈن ئېيتقانلىرىمنى رەسىمگە ئاشىقلىقىدىن ئەمەس، ساڭا ئاشىقلىقىدىن ئاڭلىدى.

— مۇھىمى كىتابىڭىزنى پۈتتۈرۈپ بېرىدۇ.

— ئېرىڭ بىر كۈن بولمىسا بىر كۈن قايتىپ كېلىدۇ، — دېدىم.

— نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بەلكىم تىمتاسلىقتىن بو- لۇشى مۇمكىن، ئېرىمنىڭ ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بۈگۈن كېچە ياخشى چۈشەندىم. چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىم توغرا چىقىشى مۇمكىن: ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ ئاللىقاچان يىرتقۇچ - قۇشلارغا يەم بولۇپ كې- تىپتۇ، — ئۇ چۈشىنىڭ ئاخىرىنى ئۇخلاۋاتقان بالىلار ئاڭلاپ قالىدىغاندەك پىچىرلاپ ۋە غەلىتە بىر غەزەپ بىلەن سۆزلىدى.

— مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، — دېدىم، — بارلىقىمنى بېغىشلىغان بۇ كىتابنى پۈتتۈرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنىڭغا قەسەم قىل.

— قەسەمغۇ قىلارمەن، بىراق كىتابىڭىزنى كىم پۈتتۈرىدۇ؟

— قارا! بۇنى ئۇنىڭغا سەن قىلدۇرالايسەن.

— ئۆزىڭىز ئۇنىڭغا ئىشلەتكۈزۈۋاتىسىزغۇ، قەدىرلىك دادا، — دېدى ئۇ، — بۇ ھەقتە ماڭا ھاجىتىڭىز يوق.

— توغرا، بىراق ئۇ سېنى دەپ ماڭا بويسۇنۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار مې- نى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ قورقۇپ كىتابتىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن.

— ئۇنداقتا، مېنى ئەمرىگە ئالالمايدۇ، — دېدى ئەقىللىق قىزىم كۈلۈمسىرەپ.

مەن ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگىنىنى نەدىن كۆردۈم؟ پۈتۈن سۆھبىتىمىز جەريانىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئايرىلاپ چاقنىغان نۇردىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرەلمىگەندىم. ھۇجرامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ

ئۆرە تۇراتتۇق.

— ئۇنىڭ بىلەن خەۋەرلىشىپ، ئۆزئارا شەرەتلىشىپ تۇرامسىلەر؟ — دەپ سورىدىم ئۆزۈمنى تۇتالماي.

— بۇنداق ئىشنى نەدىن ئويلاپ تاپتىڭىز؟

بىر ھازا كىشىنى ئازابلايدىغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ناھايىتى يىراقلاردا بىر ئىتنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سەل توڭۇپ تىترىدىم. ھۇجرا شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، بىر - بىرىمىزنى كۆرەلمەيتتۇق، پەقەت بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرغىنىمىزنىلا سېزەتتۇق. كېيىن توساتتىن بىر - بىرىمىزگە ئېسىلىپ چىڭ قۇچاقلاشتۇق. ئۇ ئانىسىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئانىسىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغان چاچلىرىنى سۆيدۈم، باش - كۆزىنى سىلىدىم. ئۇنى تۆشىكىدە قۇچاقلىشىپ ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىنىڭ يېنىغا ياتقۇزدۇم. ئۆتكەن ئىككى كۈننى ئويلاپ، شەكۇرەنىڭ قارا بىلەن خەۋەرلەشكەنلىكىدىن گۇمانىم قالمىدى.

# 22. مېنىڭ ئىسمىم قارا

ئۇ كۆنى كېچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن، ھەدېگەندىلا ئۆزىنى مېنىڭ ئانام ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىغان ئۆي خوجايىنىمدىن قۇتۇلۇپ، دەرھال ھۇجرامغا كىردىم ـ دە، تۆشەكتە سوزۇلۇپ يېتىپ شەكۈرەنى ئويلىدىم.

قانداقتۇر بىر ئويۇننىڭ قىزىقچىلىقى ئىختىيارسىز دىققىتىمنى بۆلۈۋەتتى. گەپنى شۇنىڭدىن باشلايلى: 12 يىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيگە ئىككىنچى قېتىم بارغىنىمدا، ئۇ ماڭا زادى كۆرۈنمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ مېنى شۇنداق سىرلىق يوسۇندا مۇھاسىرىگە ئېلىشقا باشلىغاندىكى، مەن ئۇنىڭ مېنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى، مېنى بولغۇسى ئېرى دەپ مۆلچەرلەۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن مەنتىقىلىق بىر ئويۇن زوقىنى ئېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ ئۇنى ھەممىشە كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئىبنى ئەرەبىنىڭ ”مۇھەببەتنىڭ كۆچى كىشىگە ئۆزى كۆرمىگەن كىشىنى كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا، كۆرۈنمىگەننى ھەممىشە يېنىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە“ دېگەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنگەنىدىم.

ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئاۋازلار ۋە پول ـ تاختايلىرىنىڭ غىچىلداشلىرىدىن شەكۈرەنىڭ مېنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلاتتىم. بىر ئارىدا ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە ئىشكى كارىدورغا ئېچىلىدىغان ياندىكى ھۇجرىدا تۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندىم: چۈنكى بالىلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئىتتىرىشىپ جېدەل قىلىشىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئانىسىنىڭ تەھدىتلىك قاراشلىرى ۋە قاپاق تۈرۈشلىرى ۋەجىدىن ئاۋازلىرىنى پەسەيتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم. ئارىلاپ، سۈنئىي ھالدا، ناماز ئوقۇۋاتقان بىرىنىڭ دىققىتىنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورققاندەك

ئەمەس، ئەتەي پىچىرلاشقانلىقىنى، كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈشكىنىنى ئاڭلايتتىم.

يەنە بىر قېتىم، بوۋىسى ماڭا يورۇقلۇق بىلەن كۆلەڭگىنىڭ ئاجايىباتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ئىككى بالا ـــ شەۋكەت بىلەن ئورخان ھۇجرىغا كىرىشتى ۋە بىرگە قەھۋە تۇتتى. ئۇلارنىڭ ئېھتىيات بىلەن پەتنۇس تۇتۇشلىرىدىن ھەرىكەتلەرنى ئالدىنئالا مەشىق قىلىۋالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن بۇ ئىشنى ئاپىسىنىڭ، بەلكىم كېيىن بالىلىرىغا ئاتا بولىدىغان ئادەمنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆرۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بۇ ئادەم ھەققىدە سۆزلىشىشكە ئىمكان يارىتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىپ، ”سېنىڭ كۆزلىرىڭ نېمىدېگەن چىرايلىق“ دېدىم شەۋكەتكە ۋە شۇئان ئۇنىڭ ئىنىسى ئورخاننىڭ قىزغىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ”سېنىڭمۇ شۇنداق ئىكەن“ دەپ قوشۇمچە قىلدىم ۋە يانچۇقۇمدىن سولىشىپ قالغان قەلەمپۇر چېچەكنى ئېلىپ پەتنۇسقا قويغاندىن كېيىن ئىككىلا بالىنىڭ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدىن قاقاھلىغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

بەزىدە ماڭا قارىغان كۆزنىڭ تاملارنىڭ، يېپىق ئىشىكلەرنىڭ ھەتتا ئۆي تورۇسىنىڭ قايېرىدىكى قايسى تۆشۈكتە ئىكەنلىكى، ماڭا قايسى نۇقتىدىن قارىغانلىقىغا قىزىقاتتىم. بەزى يېرىقلارغا، ئويمانلارغا ياكى خاتا نۇقتىلارغا قاراپ ھەرخىل مۆلچەرلەرنى قىلاتتىم. ئۇ يېرىقنىڭ كەينىگە شەكۇرەنىڭ قانداق مۆكۈنگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مانا بۇ چاغلاردا باشقا بىر قاراڭغۇ نۇقتىدىن بىھۇدە گۇمان قىلىپ، گۇمانلانغان نەرسىنىڭ راست ياكى ئەمەسلىكىنى بىلگىم كېلەتتى. لېكىن، توختىماي سۆزلەۋاتقان يېزنە تاغامغا ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن ئۈچۈن، ئولتۇرغان يېرىمدىن تۇرۇپ، قۇلىقىم يېزنە تاغام سۆزلەۋاتقان ھېكايىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتىم، شۇنداقلا يەنە ئارىلاپ ئالدىراشلىق، ھەيرانلىق ۋە خىيالچانلىق بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭغاندەك بولۇۋالاتتىم - دە، تامدىكى گۇمان قىلغان نۇقتىلارغا، ئۇ يەردىكى قارا كۆلەڭگىگە يېقىنلىشاتتىم.

ئۇ يەردە، يەنى مەن خاتا ھالدا كۆزىتىش تۆشۈكى دەپ قارىغان يەردە شەكۈرەنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشالمىغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنەتتىم. كەينىدىن غەلىتە بىر تەنھالىق تۇيغۇسى قوزغىلىپ، ھاياتىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئادەمدەك تاقەتسىزلىنەتتىم.

بەزىدە، شەكۈرەنىڭ ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى ئۇشتۇمتۇتلا ھېس قىلىپ قالاتتىم ۋە ئۇنىڭ مېنى نازارەت قىلىۋاتقىنىغا شۇنداق كۈچلۈك ئىشىنەتتىمكى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزغا ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنى تېخىمۇ سالماق، كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك كۆرسەتمەكچى بولغان بىر كىشىدەك، ھەرخىل قىياپەتتە كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتىم. كېيىن، شەكۈرەنىڭ ۋە باللارنىڭ ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلمىگەن ئۇ ئەرنى — غايىب بولغان شۇ ئاتا بىلەن مېنى سېلىشتۇرۇۋاتقانلىقىمۇ خىيالىمغا كەچتى، شۇنداقلا يەنە دەل شۇ چاغدا، يېزنە تاغام سۆزلەپ بەرگەن، ۋېنېتسىيىدىكى يېڭى بىر خىل مەشھۇر زاتلار خىيالىمغا كەلدى. مەن ئۆزۈمنىمۇ شۇلارغا ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم، يالغۇز پەقەت شەكۈرەلا ئۇلار توغرىلىق دادىسىدىنلا ئاڭلىغان ئىدى؛ بۇ مەشھۇر زاتلار ئۇلار يازغان كىتابلار ياكى رەسىمنى سىزغان سەھىپىلەر ئارقىلىقلا نام چىقارغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر - ئەۋلىيالارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن مۇناسىۋەتلەردە ئازاب چېكىش بەدىلىگە نام چىقارغان ئەمەس، شۇنداقلا، ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەن ئېرىگە ئوخشاش ئۆز بىلىكىنىڭ كۈچىگە ۋە قىلىچىنىڭ تىغىغا تايىنىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كاللىلىرىنى ئېلىش بەدىلىگە نام چىقارغانمۇ ئەمەس. بۇ مەشھۇر شەخسلەر خۇددى يېزنە تاغام ئېيتقاندەك، دۇنيانىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان قاراڭغۇلۇقلىرى ۋە سىرلىق بۇلۇڭلىرىنىڭ كۈچىدىن ئىلھاملىنىپ شۇنچە نەپىس رەسىملەرنى سىزىپ چىقالىغان ئىدى. بۇ ئاجايىپ رەسىملەرنى يېزنە تاغام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىلەن، مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. شۇڭلاشقا، ئۇ ئاشۇ ئاجايىباتلارنى جېيەنىگە ئىنچىكە رەۋىشتە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ كەلگەن ئىدى. مەن ئەنە شۇ گۈزەل رەسىملەرنى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېقىشقا شۇنچە زور غەيرەت بىلەن تىرىشقان بولسامۇ، ئاخىرى ھېچنەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم - دە، ئۆزۈمنىڭ ئوخشىمىسىزلىقىغا ئۇچرىغىـ

ئۆرە تۇراتتۇق.

— ئۇنىڭ بىلەن خەۋەرلىشىپ، ئۆزئارا شەرەتلىشىپ تۇرامسىلەر؟ — دەپ سورىدىم ئۆزۈمنى تۇتالماي.

— بۇنداق ئىشنى نەدىن ئويلاپ تاپتىڭىز؟

بىر ھازا كىشىنى ئازابلايدىغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ناھايىتى يىراقلاردا بىر ئىتنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سەل توڭۇپ تىترىدىم. ھۇجرا شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، بىر - بىرىمىزنى كۆرەلمەيتتۇق، پەقەت بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرغىنىمىزنىلا سېزەتتۇق. كېيىن توساتتىن بىر - بىرىمىزگە ئېسىلىپ چىڭ قۇچاقلاشتۇق. ئۇ ئانىسىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئانىسىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغان چاچلىرىنى سۆيدۇم، باش - كۆزىنى سىلىدىم. ئۇنى تۆشكىمدە قۇچاقلىشىپ ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىنىڭ يېنىغا ياتقۇزدۇم. ئۆتكەن ئىككى كۈنى ئويلاپ، شەكۇرەنىڭ قارا بىلەن خەۋەرلەشكەنلىكىدىن گۇمانىم قالمىدى.

# 22. مېنىڭ ئىسمىم قارا

ئۇ كۈنى كېچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن، ھەدېگەندىلا ئۆزىنى مېنىڭ ئانام ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىغان ئۆي خوجايە-نىمدىن قۇتۇلۇپ، دەرھال ھۇجرامغا كىردىم ـ دە، تۆشەكتە سوزۇلۇپ يې-تىپ شەكۈرەنى ئويلىدىم.

قانداقتۇر بىر ئويۇننىڭ قىزىقچىلىقى ئىختىيارسىز دىققىتىمنى بۆلۈۋەتتى. گەپنى شۇنىڭدىن باشلايلى: 12 يىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆ-يىگە ئىككىنچى قېتىم بارغىنىمدا، ئۇ ماڭا زادى كۆرۈنمىدى. يەنە بىر تە-رەپتىن، ئۇ مېنى شۇنداق سىرلىق يوسۇندا مۇھاسىرىگە ئېلىشقا باشلىغا-نىدىكى، مەن ئۇنىڭ مېنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى، مېنى بولغۇسى ئېرى دەپ مۆلچەرلەۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن مەنتىقلىق بىر ئويۇن زو-قىنى ئېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ ئۇنى ھەمىشە كۆ-رۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئىبنى ئەرەبىنىڭ "مۇھەببەتنىڭ كۆ-چى كىشىگە ئۆزى كۆرمىگەن كىشىنى كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا، كۆرۈ-مىگەنى ھەمىشە يېنىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە" دېگەنلىكىنى ئېخىمۇ ئېنىق چۈشەنگەنىدىم.

ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئاۋازلار ۋە پول ـ تاختايلىرىنىڭ غىچىلداشلىرى-دىن شەكۈرەنىڭ مېنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلات-تىم. بىر ئارىدا ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە ئىشكى كارىدورغا ئېچىلى-دىغان ياندىكى ھۇجرىدا تۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندىم: چۈنكى بالىلار-نىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئىتتىرىشىپ جېدەل قىلىشىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئانىسىنىڭ تەھدىتلىك قاراشلىرى ۋە قاپاق تۈرۈشلىرى ۋەجىدىن ئاۋاز-لىرىنى پەسەيتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم. ئارىلاپ، سۈنئىي ھالدا، ناماز ئوقۇۋاتقان بىرىنىڭ دىققىتىنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورققاندەك

ئەمەس، ئەتەي پىچىرلاشقانلىقىنى، كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈشكىنىنى ئاڭلايتتىم.

يەنە بىر قېتىم، بوۋىسى ماڭا يورۇقلۇق بىلەن كۆلەڭگىنىڭ ئاجايىباتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ئىككى بالا — شەۋكەت بىلەن ئورخان ھۇجرىغا كىرىشتى ۋە بىزگە قەھۋە تۇتتى. ئۇلارنىڭ ئېھتىيات بىلەن پەتنۇس تۇتۇشلىرىدىن ھەرىكەتلىرىنى ئالدىنئالا مەشىق قىلىۋالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن بۇ ئىشنى ئاپىسىنىڭ، بەلكىم كېيىن بالىلىرىغا ئاتا بولىدىغان ئادەمنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆرۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بۇ ئادەم ھەققىدە سۆزلىشىشكە ئىمكان يارىتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىپ، ”سېنىڭ كۆزلىرىڭ نېمىدېگەن چىرايلىق“ دېدىم شەۋكەتكە ۋە شۇئان ئۇنىڭ ئىنىسى ئورخاننىڭ قىزغىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ”سېنىڭمۇ شۇنداق ئىكەن“ دەپ قوشۇمچە قىلدىم ۋە يانچۇقۇمدىن سولىشىپ قالغان قەلەمپۇر چېچىكىنى ئېلىپ پەتنۇسقا قويغاندىن كېيىن ئىككىلا بالىنىڭ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدىن قاقاھلىغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

بەزىدە ماڭا قارىغان كۆزىنىڭ تاملىرىنىڭ، يېپىق ئىشىكلەرنىڭ ھەتتا ئۆي تورۇسىنىڭ قايېرىدىكى قايسى تۆشۈكتە ئىكەنلىكى، ماڭا قايسى نۇقتىدىن قارىغانلىقىغا قىزىقاتتىم. بەزى يېرىقلارغا، ئويمانلارغا ياكى خاتا نۇقتىلارغا قاراپ ھەرخىل مۆلچەرلەرنى قىلاتتىم. ئۇ يېرىقنىڭ كەينىگە شەكۇرەنىڭ قانداق مۆكۈنگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مانا بۇ چاغلاردا باشقا بىر قاراڭغۇ نۇقتىدىن بىھۇدە گۇمان قىلىپ، گۇمانلانغان نەرسىنىڭ راست ياكى ئەمەسلىكىنى بىلگىم كېلەتتى. لېكىن، توختىماي سۆزلەۋاتقان يېزنە تاغامغا ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن ئۈچۈن، ئولتۇرغان يېرىمدىن تۇرۇپ، قۇلىقىم يېزنە تاغام سۆزلەۋاتقان ھېكايىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتىم، شۇنداقلا يەنە ئارىلاپ ئالدىراشلىق، ھەيرانلىق ۋە خىيالچانلىق بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭغاندەك بولۇۋالاتتىم - دە، تامدىكى گۇمان قىلغان نۇقتىلارغا، ئۇ يەردىكى قارا كۆلەڭگىگە يېقىنلىشاتتىم.

ئۇ يەردە، يەنى مەن خاتا ھالدا كۆزىتىش تۆشۈكى دەپ قارىغان يەردە شەكۇرەنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشالمىغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنەتتىم. كەينىدىن غەلىتە بىر تەنھالىق تۇيغۇسى قوزغىلىپ، ھاياتىمدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئادەمدەك تاقەتسىزلىنەتتىم.

بەزىدە، شەكۇرەنىڭ ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى ئۇشتۇمتۇتلا ھېس قىلىپ قالاتتىم ۋە ئۇنىڭ مېنى نازارەت قىلىۋاتقىنىغا شۇنداق كۈچلۈك ئىشىنەتتىمكى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزغا ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنى تېخىمۇ سالماق، كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك كۆرسەتمەكچى بولغان بىر كىشىدەك، ھەرخىل قىياپەتتە كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتىم. كېيىن، شەكۇرەنىڭ ۋە بالىلارنىڭ ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلمىگەن ئۇ ئەرنى — غايىب بولغان شۇ ئاتا بىلەن مېنى سېلىشتۇرۇۋاتقانلىقىمۇ خىيالىمغا كەچتى، شۇنداقلا يەنە دەل شۇ چاغدا، يېزنە تاغام سۆزلەپ بەرگەن، ۋېنېتسىيىدىكى يېڭى بىر خىل مەشھۇر زاتلار خىيالىمغا كەلدى. مەن ئۆزۈمنىمۇ شۇلارغا ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم، يالغۇز پەقەت شەكۇرەلا ئۇلار توغرىلىق دادىسىدىنلا ئاڭلىغان ئىدى؛ بۇ مەشھۇر زاتلار ئۇلار يازغان كىتابلار ياكى رەسىمنى سىزغان سەھىپىلەر ئارقىلىقلا نام چىقارغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر - ئەۋلىيالارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن مۇناستىرلاردا ئازاب چېكىش بەدىلىگە نام چىقارغان ئەمەس، شۇنداقلا، ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەن ئېرىگە ئوخشاش ئۆز بېلىكىنىڭ كۈچىگە ۋە قىلىچىنىڭ تىغىغا تايىنىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كاللىلىرىنى ئېلىش بەدىلىگە نام چىقارغانمۇ ئەمەس. بۇ مەشھۇر شەخسلەر خۇددى يېزنە تاغام ئېيتقاندەك، دۇنيانىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان قاراڭغۇلۇقلىرى ۋە سىرلىق بۇلۇڭلىرىنىڭ كۈچىدىن ئىلھاملىنىپ شۇنچە نەپىس رەسىملەرنى سىزىپ چىقالىغان ئىدى. بۇ ئاجايىپ رەسىملەرنى يېزنە تاغام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىلەن، مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. شۇڭلاشقا، ئۇ ئاشۇ ئاجايىباتلارنى جىيەنىگە ئىزچىل رەۋىشتە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ كەلگەن ئىدى. مەن ئەنە شۇ گۈزەل رەسىملەرنى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېقىشقا شۇنچە زور غەيرەت بىلەن تىرىشقان بولسامۇ، ئاخىرى ھېچنەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم - دە، ئۆزۈمنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىغا ئۇچرىغى-

نىمنى ھېس قىلىپ، ئۆزۈمنى كەمسىتىش تۇيغۇسىغا كېلىپ قالدىم.

بىر ئارىدا شەۋكەتنى يەنە ئالدىمدا كۆردۈم. ئۇ تەمكىن ھالدا ئالدىمغا كەلگەندە، ماۋەرائۇننەھىردىكى بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە كافكاز تاغلىرىدىكى چېركەس قەبىلىلىرىدىكىدەك، ئۆينىڭ چوڭ ئوغلى مېھماننىڭ قولىنى پەقەت ئۆيگە كەلگىنىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزى كوچىغا چىققاندا ئۇچراپ قالسىمۇ سۆيىدىغانلىقىنى ئويلىدىم ـ دە، ئانچە دىققەت قىلمايلا، قولۇمنى سۆيۈپ پېشانىسىغا كۆتىرەمدىكىن دەپ قولۇمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. دەل شۇ چاغدا، ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردىن شەكۇرەنىڭ كۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ماڭا كۈلگەنمىدۇ؟ تەمتىرەپ قالدىم ۋە قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن، ئېھتىمال، مەندىن مۇشۇنى كۈتۈۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ـ دە، شەۋكەتنى تۇتۇپ ئىككى مەڭزىگە سۆيدۈم. بۇ ئارقىلىق بىر ياقتىن يېزنە تاغامنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويغانلىقىمنى سەزگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش نىيىتىم ئەسلا يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۇچۇن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم ۋە بىر ياقتىن ۋۇجۇدۇمدا ئانىسىنىڭ پۇرىقى بارمىكىن دەپ بالىنى بىر ھازا دىققەت بىلەن پۇرىدىم. ئۇنىڭ قولۇمغا بىر قەغەز پارچىسىنى تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنى سەزگىنىمدە، شەۋكەت ئاللىقاچان كەينىگە بۇرۇلۇپ يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى.

يۇمۇۋالغان ئالىقىنىمنىڭ ئىچىدە قەغەزنى خۇددى گۆھەردەك چىڭ سىقىمداپ تۇتتۇم. بۇنىڭ شەكۇرەدىن ماڭا ئەۋەتىلگەن بىر باغاقچە ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا، خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يېزنە تاغامغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىلى ئاز قالدىم. ئەجەبا بۇ شەكۇرەنىڭ مېنى تەقەززالىق بىلەن تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ ئىختىيارسىز ھالدا خىيالىمدا ئۆزۈمنى شەكۇرە بىلەن تەلۋىلەرچە مۇھەببەتلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. مەن ئويلاۋاتقان ئۇ ئىشەنگۈسىز ئىشنىڭ پات ئارىدا رېئاللىققا ئايلىنىشىغا شۇ قەدەر مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئىشەندىمكى، يېزنە تاغامنىڭ ئالدىدا شەھۋەت نەپسىمنىڭ بىمەھەل قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بۇنى شەكۇرە كۆرگەنمىدۇ؟ دىققىتىمنى باشقا ياققا بۇراش ئۇچۇن پۈتۈن دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېزنە تاغامنىڭ سۆزلىرىگە

قولاق سالدىم.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، يېزنە تاغام كىتابىنىڭ رەسمىي سىزىلغان باشقا بىر سەھىپىنى ماڭا كۆرسەتمەكچى بولغاندا، كاككۇك گۈلىنىڭ ھە-دى كېلىپ تۇرغان قەغەزنى ئېچىپ، ئۇنىڭدا ھېچنەرسە يېزىلمىغانلىقىنى كۆردۇم. قەغەزنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۇم كەلمەي، ئۇنىڭ ئالدى - كەينىگە قارىدىم.

— دېرىزە، — دېدى يېزنە تاغام، — پېرسپېكتىۋ ئۇسۇلىنى قوللى-نىش ئالەمگە دېرىزىدىن قارىغاندەكلا بىر ئىش. ئۇ نېمە قەغەز ئىكەن؟

— ھېچنەرسە، يېزنە تاغا، — دېدىم، لېكىن كەينىدىن قەغەزنى قايتا - قايتا يۇرىدىم.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، يېزنە تاغامنىڭ تەرەت قاچىسىنى ئىش-لەتكۈم كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىپ باغچىدىكى ھاجەتخانىغا كىردىم. بۇ يەر مۇزدەك سوغۇق ئىدى. تېزلىكتە ئىشىمنى پۈتتۈرۈپ ھوي-لىغا چىقسام، شەۋكەت ئالدىمغا ئۇچرىدى. ئۇ مۇغەمبەرلەرچە ماڭا قاراپ جىمجىت تۇردى.

قولىدا بوۋىسىنىڭ تېخى ھورى چىقىپ تۇرغان تەرەت قاچىسى بار ئىدى. ئۇ كەينىمدىن ھاجەتخانىغا كىرىپ ئۇنى تۆكۈپ چىققاندىن كېيىن ھويلىدا بوش تەرەت قاچىسىنى تۇتقان ھالدا بۇدرۇق مەڭزىلىرىنى دومبايى-تىپ، شەھلا كۆزلىرى بىلەن كۆزۈمگە تىكىلدى.

— سىز ئۆلۈك مۈشۈكنى كۆرگەنمۇ؟ — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ بۇرنى خۇددى ئانىسىنىڭ بۇرنىغا ئوخشايتتى. ئانىسى بىزنى كۆرۈۋاتقانمىدۇ، دەپ قارىدىم. بىر قانچە يىللاردىن كېيىن مەن شەكۈرەنى چۈشۈمدىكىمدەك دەس-لەپ كۆرگەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھېلىقى دېرىزىنىڭ قاپقىقى تاقاقلىق ئىدى.

— ياق.

— ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىدىكى ئۆلۈك مۈشۈكنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟

ئۇ جاۋابىمنى كۈتمەيلا كوچىغا چىقىپ كەتتى. كەينىدىن ماڭدىم. پاتقاق يولدا 40 — 50 قەدەم مېڭىپ، پەرۋىشسىز قالغان بىر باغچىغا

كىردۇق. ئەتراپ ھۆلچىلىك ئىدى، چىرىگەن غازاڭلار ۋە بىلىنەر - بىلى-
لىنمەس سېسىغان بىر نەرسە پۇرايتتى. ئۇ ئالدى تەرەپتە غەمكىنلىك
ئەكس ئەتكەن ئەنجۈر ۋە بادام كۆچەتلىرىنىڭ كەينىدىكى زىچ باراقسانلىق-
نىڭ دالدىسىدا تۇرغان سېرىق سىرلانغان ئۆيگە بۇ يەرنى ياخشى بىلىدى-
غاندەك ئىشەنچلىك تەمكىن قەدەم بىلەن كىردى.

ئۆينىڭ ئىچى قوپقۇرۇق ئىدى، لېكىن بۇ يەردە ئادەم ئۆلتۈرۈلگەنلى-
دەك سەل ئىسسىق ئىدى.

— بۇ كىمنىڭ ئۆيى، — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— يەھۇدىيلارنىڭ، ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئائىلىسى بالى-
لىرىنى ئېلىپ يەل - يېمىش بازىرىنىڭ يېنىدىكى يەھۇدىيلار مەھەللى-
سىگە كۆچۈپ كەتتى. ئۇلار ھازىر يايمىچى ئېستېرگە بۇ ئۆينى سېتىپ
بېرىشنى ھاۋالە قىپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ كېلىپ، — مۇ-
شۇك كېتىپتۇ، يوق تۇرىدۇ، — دېدى.

— ئۆلۈك مۇشۇكمۇ كېتەمدۇ؟

— بوۋام ئۆلۈكلەرمۇ كېزىپ يۈرىدۇ دېگەن.

— بىراق ئۆزى ئەمەس، روھلىرى كېزىپ يۈرىدۇ، — دېدىم.

— ئۇنى نەدىن بىلىسىز؟ — دېدى جىددىي ھالدا قولىدىكى تەرەت
قاچىسىنى چىڭ تۇتۇپ.

— بىلىمەن، سەن بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرامسەن؟

— ئاپام ئېستېر بىلەن كېلىدۇ. كېچىلىرى ئەرۋاھلار كېلەرمىش.
لېكىن مەن بۇ يەردىن قورقمايمەن. سىز ئادەم ئۆلتۈرگەنمۇ؟

— ھەئە.

— قانچىنى؟

— ئانچە كۆپ ئەمەس.

— قىلىچ بىلەنمۇ؟

— قىلىچ بىلەن.

— ئۇلارنىڭ روھلىرى كېزىپ يۈرەمدۇ؟

— بىلمەيمەن. كىتابلاردا يېزىلىشىچە كېزىپ يۈرىدىكەن.

— ھاسان تاغامنىڭ بىر قىزىل قىلىچى بار، تەگكەنلا نەرسىنى كې-

سىدۇ. يەنە بىر ياقۇتلۇق خەنجىرى بار. دادامنى سىز ئۆلتۈرگەنمۇ؟

بېشىم بىلەن "ھەئە" ياكى "ياق" مەنىسىنىمۇ بەرمەيدىغان بىر خىل ئىپادىدە قىمىرلاپ قويدۇم.

— داداڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

— ئاپام تۈنۈگۈن شۇنداق دېدى، چۈشىدە كۆرۈپتۇ، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىكەن.

بىز ھەمىشە ئۆزىمىزنىڭ پەسكەش مەنپەئىتىمىز، لاۋۇلداپ يانغان شەھۋانىي ھەۋەسلىرىمىز ۋە بىزنى دىلى سۇنۇق ئادەمگە ئايلاندۇرغان مۇ-ھەببىتىمىز ئۈچۈن، قىلىشنى خالىمايدىغان بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىش-نى، پۇرسەت بولسا، بۇ ئىشلارنى ناھايىتى ئۇلۇغ بىر مەقسەت ئۈچۈن قى-لىشنى ئويلايمىز. مەنمۇ بۇ يېتىملەرنىڭ ئاتىسى بولۇشقا شۇ تاپتا يەنە بىر بەل باغلىدىم ۋە يېزنە تاغام بار ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ـ دە، شۇ ۋەجە-دىن، ماقالىسىنى يېزىپ، رەسىملىرىنى تاماملىشىم زۆرۈر بولغان ھېلىقى كىتاب ھەققىدىكى ئۇلارنىڭ بوۋىسى سۆزلەپ بېرىۋاتقان چۈشەندۈرۈشلەر-نى تېخىمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم.

سۆزنى يېزنە تاغام ماڭا كۆرسەتكەن رەسىملەردىن باشلاي. مەسىلەن، ئاتنى مىسال قىلاي: بۇ رەسىمدە بىرمۇ ئادەم يوق، ئاتنىڭ ئەتراپىدىمۇ ھېچنەرسە يوق بولسىمۇ، بۇ پەقەتلا بىر ئاتنىڭ رەسىمى خالاس، دېيەل-مەيتتىم. دۇرۇس، ئات ئۇ يەردە ئىدى، لېكىن ئېنىقكى، چەۋەندازى بىر چەتتە بولۇشى مۇمكىن ئىدى ياكى كىم بىلسۇن، ئۇ كەينىدىكى قەزۋىن ئۇسلۇبىدا سىزىلغان بىر چاتقاللىقنىڭ ئىچىدىن چىقامدۇ تېخى. بۇنىمۇ ئاتنىڭ ئۈچىسىدىكى ئىگەر ـ توقۇمدىن ۋە ئۈستىگە ئىشلەنگەن ئېسىلزا-دىلەرگە خاس نەقىشلىرىدىن بىر قاراپلا چۈشەنگىلى بولاتتى. بەلكىم ئات-نىڭ يېنىدا قىلىچ ئاسقان بىرەر كىشى پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

مەلۇمكى، يېزنە تاغام رەسىمخانىدىن مەخپىي تەكلىپ قىلغان ئۇ ئۇستا رەسسامدىن بىر ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزىشنى تەلەپ قىلغانىدى. كېچىدە كەلگەن رەسسام كاللىسىدا گويا بىر كىتابتەك ساقلانغان ئات رە-سىمىنى پەقەت بىر ھېكايىنىڭ پارچىسىدەك پەرەز قىلىپ يادقا سىزىشقا باشلىدى. رەسسام نۇرغۇن ئوخشاشلىرىنى مىڭ قېتىملاپ كۆرگەن، ئۇ-

رۇش مەيدانلىرىدىن ئېلىنغان ھەمدە مۇھەببەت كۆرۈنۈشلىرىدىن ئېلىنغان ئات رەسىملىرىنى سىزىشقا باشلىغاندا، يېزنە تاغام پەرەڭ ئۇستىلىرىنىڭ ئۇسۇللىرىدىن ئىلھاملىنىپ رەسسامغا يولىيورۇق بەرگەن بولۇشى، مەسلەن ئۇنىڭغا، ”چەۋەندازنى سىزما، ئۇ يەرگە بىر دەرەخ سىز، لېكىن ئۇنى تەگلىك رەسىم قىلىپ كىچىكرەك سىزارسەن“ دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

كېچىسى كەلگەن رەسسام ئىش تاختىسىنىڭ ئالدىدا يېزنە تاغام بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئادەتلەنگەن، يادلىۋالغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان بۇ غەلىتە، قائىدىدىن سىرت رەسىمنى سىزماقتا ئىدى. يېزنە تاغام ئۇنىڭغا پۇلنى جىقراق بەرگەنلىكى، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ غەلىتە رەسىم تولىمۇ جەزبىدار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ شام يورۇقىدا ھەۋەس بىلەن سىزىۋاتاتتى. لېكىن خۇددى يېزنە تاغامدەك، بۇ رەسساممۇ ئات رەسىمىنى زادى قايسى ھېكايىنى بېزەپ ياكى تولۇقلاپ سىزىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەن ئىدى. يېزنە تاغامنىڭ مەندىن كۈتكىنى شۇ ئىدىكى، مەن يېرىم ۋېنىتسىيە، يېرىم پارس شەكلىدىكى بۇ رەسىملەرگە قاراپ ئۇلارغا مۇۋاپىق بىر ھېكايىنى ئالدىدىكى سەھىپىگە يېزىۋېتىشىم كېرەك ئىدى. شەكۈرەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ھېكايىلارنى چوقۇم يېزىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن كاللامغا مەدداھنىڭ قەھۋەخانىدا بايان قىلغانلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە كەلمەيتتى.

# 23. مېنى قاتىل دېگۈسى

مېخانىكىلىق سائىتىمنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازى ماڭا كەچ كىرگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. تېخى نامازشامغا ئەزان چىقمىغان بولسىمۇ، ئىش ئۈستەلىمنىڭ ئۈستىدىكى شامنى خېلى بالدۇرلا ياققانىدىم. “ھاسانپاشا” قارا سىياھىغا چىلانغان، ياخشى جۇلالانغان سىلىق قەغەزدە بىمالال يۈگۈرەيدىغان قەلىمىم بىلەن بىر ئەپيۇنكەشنىڭ رەسىمىنى يادقا ھەم تېز سىزىپ پۈتتۈردۈم. كۆڭلۈمدە ھەر ئاخشىمى مېنى كوچىغا چاقىرىدىغان ھېلىقى ئاۋازنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. كېچىسى تالاغا چىقماي ئۆيدە ئىشلەش قارارىغا كېلىپ، ئاردا ئىشىكىمنى ئىچىدىن مىخلاپمۇ باققانىدىم.

مەن ناھايىتى تېز تاماملىغان بۇ كىتابنى سەھەردە تېخى ھېچكىم ئورنىدىن تۇرماستا گالاتا① دىن كېلىپ دەرۋازىنى قاققان بىر ئەرمەن ھاۋالە قىلغانىدى. كېكەچلەپ گەپ قىلسىمۇ، تەرجىمانلىق، رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى قىلىدىغان بۇ ئادەم پەرەڭ — ئىتالىيە سەيياھلىرى بىرەر «قىياپەتنامە»② تەلەپ قىلسىلا، دەرھال مېنى تېپىپ، كەسكىن سودىلىشىشقا باشلايتتى. سەھەردە، 20 رەسىملىك سۈپىتى قوپال بىر «قىياپەتنامە»نى 120 تەڭگىگە سىزىشقا كېلىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن بىر توپ ئىستانبۇللۇقنىڭ بىرلا ۋاقىتتا نامازشام ئوقۇۋاتقان كۆرۈنۈشىنى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن سىزىشقا باشلىدىم. مەن شەيخۇلئىسلام، ئوردا دەرۋازىۋەنلەر باشلىقى، ئىمام، مۇھاپىزەتچى پىيادە ئەسكەر، دەرۋىش، ئاتلىق ئەسكەر، قازى، جىگەرچى، جاللات (جاللاتنىڭ جازا ئىجرا قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ناھايىتى بازارلىق)، تىلەمچى، ھامامغا كېتىۋاتقان

① گالاتا — ئىستانبۇلنىڭ بايلار مەھەللىسىنىڭ بىرى. — ت.

② «قىياپەتنامە» — كىيىم - كېچەكلەر ھەققىدىكى كىتاب. — ت.

ئايال، ئەپيۇنكەش قاتارلىقلارنى سىزدىم. ئۈچ ـ تۆت تەڭگىنى ئارتۇق تېپىش مەقسىتىدە بۇ خىل كىتابلارنى ناھايىتى كۆپ سىزغانىدىم. بۇ رەسىملەرنى سىزغاندا ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن، موي قەلىمىمنى قەغەز يۈزىدىن كۆتۈرمەي تۇرۇپلا قازىنىڭ ياكى تىلەمچىنىڭ رەسىملىرىنى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ سىزىشتەك ھەر خىل ئويۇنلارنى ئۆزلىكىمدىن چىقىرىۋالدىم.

پۈتۈن قولاق كەستىلەر، شائىرلار، دەردمەنلەر نامازشامنى ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ تېنىدىكى جىنلار بىلەن شەيتانلار بىرلىكتە قوتراپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ئۇلارنى ئازدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىچىمىزدىكى بىئارام ئاۋاز: "چىقىڭلار، تاشقىرىغا چىقىڭلار! باشقا كىشىلەرنىڭ، قاراڭغۇلۇق، پەرىشانلىق ۋە رەزىللىك دۇنياسىغا يۈگۈرۈڭلار" دەيدۇ. بىر قانچە يىل ۋاقتىمنى بۇ جىن ـ شەيتانلارنى بېسىشقا سەرپ قىلدىم. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ قولۇمنىڭ مۆجىزىسى دەپ تونۇلغان رەسىملىرىمنى مەن ئەنە شۇ جىن ـ شەيتانلارنىڭ ياردىمى بىلەن سىزغان ئىدىم. لېكىن يەتتە كۈن ئىلگىرى ھېلىقى ئەبەلەخنى ئۆلتۈرگىنىمدىن كېيىن، ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئىچىمدىكى جىن ـ شەيتانلارنى باشقۇرالمايدىغان بولدۇم. ئۇلار بۇ چاغدا شۇنداق دەھشەتلىك قوترايدىكى، ئۆز ـ ئۆزۈمگە: "بىر دەم تالا ـ تۈزگە چىقسام بېسىقىپ قالار" دەيتتىم.

شۇ خىياللار بىلەن ئادەتتىكىدەك نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈردۈم. تېز مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم. قارلىق كوچىلاردا، پاتقاق يوللاردا، مۇز توڭلاپ كەتكەن دۆڭلۈكلەردە — ھېچكىم ماڭمىغان يوللاردا توختىماستىن ماڭدىم. شۇ ماڭغانچە، شەھەرنىڭ جىمجىت، ئادەمسىز بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا كېچە قاراڭغۇلۇقى چۈشكەندە، گۇناھلىرىم گويا ئاستا ـ ئاستا كەينىمدە قالغاندەك ماڭدىم. تار كوچىلاردا، تاشتىن قوپۇرۇلغان سودا سارايلارنىڭ، پەلەمپەيلەرنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ تاملىرىنى بويلاپ قەدەملىرىمنىڭ ئەكس ساداسى ئاڭلانغاندا، قورقۇنچلىرىم يېنىكلەيتتى.

ئاياغلىرىم مېنى ئىختىيارسىز ھالدا ھەر كېچە كېلىدىغان بۇ چەت

مەھەللىگە، ئەرۋاھلار بىلەن جىنلارمۇ ئەيمىنىپ كىرەلمەيدىغان تاشلىنىپ قالغان كوچىلارغا ئېلىپ كەلدى. بۇ مەھەللىنىڭ ئەرلىرىنىڭ يېرىمىنىڭ پارس ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، يېرىمىنىڭ بەختسىزلىك تۈپەيلى مەھەللىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. لېكىن مەن بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيتتىم. پارس ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن بۇ چىرايلىق مەھەللىنىڭ بېشىغا كەلگەن بىردىنبىر پالاكەت شۇ ئىدىكى، 40 يىل ئىلگىرى دۈشمەن ئۇۋىسى دېيىلىدىغان "قەلەندەرى" خانىقاسىنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىپ قالغان ئىدى.

جىغان چاتقاللىقنىڭ ۋە ئەڭ سوغۇق ھاۋادىمۇ خۇش پۇرايدىغان لاۋىر دەرەخلىرىنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆتتۇم. قىيسىيىپ قالغان تۇرخۇن بىلەن قاپقىقى چۈشۈپ كەتكەن دېرىزە ئارىسىدىكى تاختايلارنى ھەر دائىمقى تېجىمەللىكىم بىلەن تۇزەشتۇرۇپ قويدۇم. ئىچكىرىگە كىرىۋىدىم، 100 يىللىق چاڭ ـ توزان ۋە چىرىگەن نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى ئۆپكەمگە سۇمۇرۇلدى. بۇ يەردە بولۇش مېنى شۇنداق خۇشال قىلدىكى، كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى.

ئاللاھتىن باشقا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغانلىقىمنى، بۇ دۇنيادا بېرىلىدىغان جازانىڭ مېنىڭ نەزىرىمدە بىر تىيىنلىك ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى تېخى تىلغا ئالمىغان ئىدىم، ئەمدى دېمەكچىمەن. مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم، «قۇرئان كەرىم»نىڭ "فۇرقان" سۈرىسىدە ماڭا ئوخشاش قاتىللارنىڭ قىيامەت كۈنى تارتىدىغان قاتمۇ قات ئازابلىرى ھەققىدە ئېيتىلغان بايانلار ئىدى. ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان كونا كىتابلاردا، قەدىمي ئەرەب رەسساملىرى تېرىلەرگە سىزغان ئاددىي، گۆدەكلەرچە، ئەمما قورقۇنچلۇق جەھەننەم ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار ۋە قانداقتۇر جۇڭگو ۋە موڭغۇل ئۇستىلىرى سىزغان شەيتانلارنىڭ ئىسكەنجىلىرىنى ئەسلىتىدىغان جازا تۈرلىرى ۋە دەھشەتلىرى قاچانكى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەنسە، ئىختىيارسىز ھالدا مۇنداق بىر مەنتىقىمنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرمەي قالمايمەن: "ئىسرا" سۈرىسىنىڭ 33 ـ ئايىتىدە نېمە دېيىلگەن؟ "ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، ئاللاھ (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلدى" دېيىلمىگەنمىدى؟ خوپ، ئۇنداقتا: مەن جەھەننەمگە يوللىغان پەسكەش، ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى

ھارام قىلغان مۆمىن بەندە ئەمەس ئىدى ھەم ئۇنىڭ كاللىسىنى مىجىۋې-
تىشىمگە ھەقلىق بولغان ناھايىتى ئورۇنلۇق سەۋەبلىرىم بار ئىدى.

بۇ ئادەم سۇلتانىمىز مەخپىي ھاۋالە قىلغان كىتابنى ئىشلىگۈچى-
لەرگە، يەنى بىزلەرگە تىل تەگكۈزدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرمى-
سام، يېزنە تاغا جانابلىرىنى، بارلىق رەسساملارنى، ھەتتا ئۇستاز ئوسماننى
دەھرىيلىكتە ئەيىبلەپ، مىجەزى ئوسال ئەرزۇرۇملۇق موللىنىڭ مۇرىت-
لىرىنىڭ خالىغىنىچە ئەسكىلىك قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرەتتى. ناۋادا،
بىرەر قېتىم كىمدۇر بىرى رەسساملارنىڭ كۇپۇرلۇقلىرى ھەققىدە ئاغزى-
غا كەلگەننى جار سېلىپ يۈرسە، كۆچ كۆرسىتىشكە باھانە ئىزدەپ يۈرگەن
بۇ ئەرزۇرۇملۇقلار يالغۇز بىرلا ئۇستا رەسسامنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا قانا-
ئەتلەنمەي، پۈتۈن رەسىمخانىنى تۈپتۈز قىلىۋېتىشى، بۇ ئەھۋالغا سۇلتا-
نىمىزمۇ ئۈندىمەيلا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ
ئىدى.

بۇ يەرگە ھەر بىر كېلىشىمدە قىلىدىغىنىمدەك، بىر بۇلۇڭدا تۇرى-
دىغان سۈپۈرگە ۋە دەسماللار بىلەن ئەتراپنى سۈرتۈپ سۈپۈردۈم. بۇ
ئىشلارنى قىلغىنىمدا قەلبىم ئىللىدى ۋە ئۆزۈمنى ئاللاھنىڭ ياخشى بىر
قولىدەك ھېس قىلدىم. بۇ ياخشىلىق ھېسسىياتىنى مەندىن كەم قىلمىغاي
دەپ ئاللاھقا ئۇزۇن دۇئا قىلدىم. ھاۋا تۇلكىلەرگە سېرىق مىس تېزەكلەت-
كىدەك دەرىجىدە سوغۇق بولۇپ، سوغۇق يىلىكلىرىمگە ئۆتۈپ كېتىۋاتات-
تى. گېلىم ئاغرىشقا باشلىۋىدى، تاشقىرىغا چىقتىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ھېلىقى غەلىتە روھىي ھالىتىمدە ئۆزۈمنى پۈ-
تۈنلەي باشقا بىر مەھەللىدە كۆردۈم. خانىقانىڭ تاشلىۋېتىلگەن مەھەللى-
سى بىلەن بۇ يەرنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار، نېمىنى ئويلىغانلىقىم، ئىككى
چېتىگە قاتار سەرۋى دەرەخلىرى تىكىلگەن بۇ كوچىلارغا قانداقچە كېلىپ
قالغىنىمنى بىلمەيمەن.

لېكىن ھەر قانچە ماڭساممۇ كەينىمگە تاشلىيالمىغان بىر خىيال
ئىچىمنى قۇرتتەك غاجىلايتتى. سىلەرگە ئېيتسام بەلكىم بىر ئاز يېنىك-
لەپ قالارمەن. ئۇنى رەزىل تۆھمەتخور دەيلى، ياكى بىتەلەي نازاكەتلىك ئە-
پەندى دەيلى ـــ ئەمەلىيەتتە ئىككىلىسى بىر كىشى ـــ رەھمەتلىك ھەلچى

تېخى رەھمەتلىك بولۇشتىن سەل ئىلگىرى يېزنە تاغىنى قاتتىق ئەيىبلە-گىنىدە ماڭا يەنە بىر سۆزنى قىلغانىدى. بۇ ئەبلەخ يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ بارلىق رەسىملەردە كۆپپار ئۇسلۇبىدىكى پېرسپېكتىۋ ئۇسۇلىنى قوللان-غانلىقى ھەققىدە توختالغىنىدا، مېنىڭ ھېچقانداق باشقىچە ئىنكاستا بول-مىغانلىقىمنى كۆرۈپ، "يەنە ئاخىرقى بىر رەسىم بار، ئۇ رەسىمدە يېزنە تاغا بىز ئىشىنىدىغان ھەممە نەرسىگە قارىتا كۇپۇرلۇق قىلدى. ئۇنىڭ قىلمىشى دىنسىزلىق بولۇپلا قالماي، پۈتۈنلەي كۇپۇرلۇق" دېگەنىدى. ئۇ ئەبلەخنىڭ بۇ تۆھمىتىدىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى يېزنە تاغا جانابلىرى ھە-قىقەتەن مەندىن بىر قەغەزنىڭ ھەرقايسى بۆلۈكلىرىگە پەرەڭ رەسىملىرى-دىكىدەك بىر - بىرىدىن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە پەرقلىق بولغان نەر-سىلەرنى — ئات، پۇل، ئۆلۈمگە ئوخشاش تەسۋىرلەرنى — سىزىشىمنى تەلەپ قىلغانىدى. مېنىڭ سىزىشىمنى تەلەپ قىلغان سەھىپىدىكى جەد-ۋەللەپ قويۇلغان چوڭ بىر بۆلىكىگە بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندى ھەل بەرگەن بولۇپ، شۇ بۆلەكنىڭ ئۈستى گويا مەندىن ۋە باشقا رەسساملاردىن بىر نەرسىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك باشقا قەغەزلەر بىلەن يېپىلغانىدى.

يېزنە تاغىدىن ئاخىرقى چوڭ رەسىمدە نېمىنى سىزغانلىقىنى سورى-ماقچى ئىدىم، لېكىن نۇرغۇن سەۋەبلەر مېنىڭ ئۇنى سورىشىمغا ئىمكان بەرمەيتتى. سورىسام، تەبىئىيكى نازاكەتلىك ئەپەندىنى مېنىڭ ئۆلتۈر-گەنلىكىمدىن گۇمانلىناتتى ۋە گۇمانىنى ھەممە كىشىگە ياياتتى. مېنى بىئارام قىلىدىغان يەنە بىر نەرسە شۇكى، بۇنى ئۇنىڭدىن سورىسام، يېزنە تاغىنىڭ نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى قۇۋۋەتلىشى ئېنىق ئىدى. بەزىدە مەن ئۆز - ئۆزۈمگە "بېرىپ سوراۋەر-سەممۇ بولىدىغۇ، بۇنىڭ خۇپسەنلىك ئىكەنلىكىدىن پەقەت ئۆزۈملا گۇمان قىلىمەن، ئەمما نازاكەتلىك ئەپەندىدە بۇ خىل گۇمان يوق" دەيتتىم. لېكىن بۇ خىياللار قورقۇنچلىرىمنى ئانچە يېنىكلىتەلمەيتتى. كىشى بەزىدە بى-لىپ - بىلمەي ناشايان ئىشلارنى قىلىپ قويسا، بۇنىسى ئانچە قورقۇنچلۇق بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ھازىر كاللام ئىنتايىن سەگەك ئىدى.

ئاياغلىرىم كاللامدىن ئەقىللىقرەك كېلىپ، مېنى ئىختىيارسىز ھالدا يېزنە تاغىنىڭ ئۆيى بار كوچىغا ئېلىپ كەلدى. بىر بۆلۈكىگا يوشۇ-

روندۇم ۋە قاراڭغۇدا كۆرەلىشىمچە ئۆينى ئۇزاققىچە كۆزەتتىم: ئۇ دەرەخزارلىق ئارىسىدىكى ئىككى قەۋەتلىك چوڭ ۋە ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ئۆي ئىدى! شەكۈرە ئۆينىڭ قايسى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. شاھ تەھمەسىپ زامانىدا تەبرىزدە سىزىلغان بەزى رەسىملەردىكىدەك، ئۆي گويا ئوتتۇرىسىدىن پىچاق بىلەن كېسىلگەندەك كۆرۈنگەن بولسا، شەكۈرەنى قايسى قاپقىنىڭ كەينىدە قايسى يوسۇندا كۆرەرمەن؟ خىيالىمدا بۇنى سىزىشقا تىرىشتىم.

ئىشىك ئېچىلدى، قاراڭغۇدا قارانىڭ ئۆيدىن چىققانلىقىنى كۆردۈم. دەرۋازىنىڭ كەينىدىن قاراغا بىر ھازا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان يېزنە تاغا دەرۋازىنى تاقىدى.

ھەسرەت بىلەن بايىقى مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇپ، بىمەنە خىياللارغا غەرق بولغان كاللامدا، شۇ ھامان مۇنداق ئۈچ يەكۈن پەيدا بولدى:

بىرىنچى: قارا ئىش ھەققىگە ناھايىتى ئەرزان باھا قويىدىغان ۋە خەتەرسىز ئىشلەيدىغان بولغاچقا، يېزنە تاغا جانابلىرى كىتابنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ.

ئىككىنچى: گۈزەل شەكۈرە قاراغا ياتلىق بولىدۇ.

ئۈچىنچى: تەلەيسىز نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرى توغرا ئىكەن، ئۇنى بىھۇدە ئۆلتۈرۈپتىمەن.

بۇنداق ئەھۋاللاردا، يەنى رەھىمسىز ئىدراك كىشىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا ئۇنىڭغا قارشى يەكۈن چىقارغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئالدى بىلەن ئۈچىنچى يەكۈنگە، يەنى مېنىڭ سېپى ئۆزىدىن رەزىل بىر قاتىل ئىكەنلىكىم ھەققىدىكى يەكۈنگە ئەقلىمنىڭ يېرىمى پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى چىقتى. بۇ ئارىدا ئاياغلىرىم يەنە بىر قېتىم ئەقلىمدىن غالىب كەلگەچكە، مەن ناھايىتى تېزلا قارا ئەپەندىگە يېتىشىۋالدىم.

قانچە كوچىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىمىزنى بىلمەيمەن. ئالدىمدا ھاياتىدىن ۋە ئۆزىدىن مەمنۇن ھالدا كېتىۋاتقان قارانى ئۆلتۈرۈۋېتىش شۇتاپتا مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان ئىش ئىدى. شۇنداق قىلساملا، قەلبىمنى ئازابلاۋاتقان ئالدىنقى ئىككى قايغۇلۇق يەكۈندىن ساقلىنالايتتىم. ھەتتا

ئۇ چاغدا بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ كاللىسىنىمۇ بىھۇدە چاققان ھېسابلانمايتتىم. ھازىر سەككىز - ئون قەدەم يۈگۈرۈپ، قارانىڭ كەينىدىن يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن زەربە بەرسەم، ھەممە ئىش بۇرۇنقى ھالىغا كېلەتتى. يېزنە تاغىنىڭمۇ كىتابىنى پۈتتۈرۈشكە مېنى تەكلىپ قىلماي ئامالى يوق ئىدى. ئەمما ئەقلىم ناھايىتى توغرا ۋە ئېھتىيات بىلەن (توغرۇلۇق كۆپ چاغلاردا قورقۇنچاقلىقتىن باشقا نېمە بولسۇن؟) ماڭا يەنە شۇنى ئاگاھلاندۇراتتىكى، مەن ئۆلتۈرۈپ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن رەزىل ھەقىقەتەن بىر تۆھمەتخور ئىدى. بۇ ھۆكۈمىم توغرا بولسا، ئۇنى بىھۇدە ئۆلتۈرمىگەن بولىمەن ۋە ئىشلىگەن كىتابىدا يوشۇرۇشقا تېگىشلىك ھېچقانداق بىرەر مەخپىيەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن يېزنە تاغا مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ.

لېكىن ئالدىمدا كېتىۋاتقان قاراغا قارىغىنىمدا شۇئان چۈشەندىمكى: بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمەيتتى. ھەممىسى قۇرۇق خىيال ئىدى، خالاس. قارا ئەپەندى مەندىنمۇ پۇختا ئىدى. ھەممىمىز مۇنداق ئەھۋالنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەنىدۇق: بەزىدە مەنتىقلىق تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ھەپتىلەپ، يىللاپ تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كېيىن، بىر كۈنى بىر نەرسىنى كۆرىمىز، مەسىلەن، مەلۇم بىر چىراي، مەلۇم بىر قۇر كىيىم ياكى مەلۇم بەختىيار بىر ئادەم، ۋەھازاكا. كېيىن تۇيۇقسىز تەسەۋۋۇرلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، مەسىلەن، ئۇنىڭ قىزىنى بىزگە ھەرگىز بەرمەيدىغانلىقىنى ۋە بىزنىڭ ھەرگىز مەلۇم مەرتىۋىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىمىز.

قارانىڭ بېشىغا، بويىنىغا، مۈرلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈشىگە، ماڭغان چاغدىكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان تۇرقىغا (گويا قەدەملىرىنى دۇنياغا ئىلتىپات ياغدۇرىدىغاندەك تاشلايتتى) قەلبىمنى مەھكەم چىرمىۋالغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى بىلەن قارايتتىم. قاراغا ئوخشاش ۋىجدان ئازابلىرىدىن يىراق، ئالدىدا بەختىيار كېلەچەك بولغان ئادەملەر پۈتۈن دۇنيانى ئۆز ئۆيى دەپ قارايدۇ، ھەر بىر ئىشىكنى ئۆز ئېغىلىغا كىرگەن بىر پادىشاھتەك ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىزلەرنىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇھامان يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ

ئۇنىڭ كاللىسىغا ئېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋالدىم.

بىز بىر ئايالغا ئاشىق بولغان ئىككى ئەرمىز. ئۇ ئالدىمىدا كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقىنىمنى ئۇ زادى سەزمىدى. بىز ئىستانبۇلنىڭ ئەگرى - توقاي كوچىلىرىدا بىردەم ئويمانغا چۈشۈپ، بىردەم دۆڭگە چىقىپ، خۇددى ئاكا - ئۇكىلاردەك، ئىتلار توپلىشىپ تالىشىدىغان قاقاس كوچىلاردىن، جىنلار ئۇۋا تۇتۇپ كەتكەن ئوت كەتكەن خارابىلاردىن، گۈمبەزلىرىدە پەرىشتىلەر يېتىپ ئۇخلاپ قالغان مەسچىتلەرنىڭ ھويلىلىرىدىن، پىچىرلاشقاندەك كېچە شامىلىدا شىلدىرلىشىپ تۇرغان سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىدىن، ئەرۋاھلار توپلاشقان قار قاپلىغان قەبرىستانلىقلارنىڭ چەتلىرىدىن، ئادەم بوغۇزلايدىغان قاراقچىلار ماكانلاشقان جايلارنىڭ يېنىدىن، سان - ساناقسىز دۇكانلارنىڭ، ئېغىللارنىڭ، خانىقالارنىڭ، شامچىلار، تېرىچىلەرنىڭ كارخانىلىرى ئالدىدىن، تاملارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، مەن ئۇنى پايلاپ ماڭغىنىمنى ئەمەس، بەلكى دوراپ ماڭغىنىمنى ھېس قىلدىم.

# 24 . مېنىڭ ئىسمىم ئۆلۈم

كۆرگىنىڭلاردەك، مەن ئۆلۈم، لېكىن قورقۇشۇڭلارنىڭ هاجىتى يوق، چۈنكى مەن پەقەتلا بىر رەسىم. شۇنداقتىمۇ مەندىن قورقىدىغانلىقىڭلارنى كۆزلىرىڭلاردىن كۆرۈۋاتىمەن. ئويناۋاتقان ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەن بالىلاردەك، مېنىڭ راست ئەمەسلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، راست ئۆلۈمگە ئۇچرىشىپ قالغاندەك قورقۇنچقا چۈشكىنىڭلاردىن خۇشالمەن. سىلەر مېنى كۆرۈپ، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئاخىرقى پەيت يېتىپ كەلگەنلىكىنى هېس قىلغىنىڭلاردا، قورققىنىڭلاردىن ئىشتانغا قويۇۋېتەي دەپ قالغانلىقىڭلارنى سېزىمەن. بۇ بىر چاقچاق ئەمەس. شىردەك باتۇر دېيىلگەن ئەرلەرمۇ ئۆلۈم بىلەن ئۇچراشقىنىدا، ئۆزىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى تۇتالماي قالىدۇ. سىلەر مىڭ قېتىملاپ سىزغان جەسەتلەر بىلەن تولغان جەڭ مەيدانلىرى تەسۋىر قىلغىنىڭلاردەك قان، ئوق ـ دورا، ئوت ئالغان قورال ـ ياراغلارنىڭ پۇرىقى بىلەن ئەمەس، چوڭ ـ كىچىك تەرەت ۋە چىرىگەن جەسەت پۇراقلىرى بىلەن تولغان بولىدۇ.

سىلەرنىڭ ئۆلۈم رەسىمىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنىڭلارنى بىلىمەن. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى، ئېگىز بويلۇق، زىلۋا ۋە سىرلىق بىر بوۋاي مېنى سىزغان ياش ئۇستا رەسسامنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى. ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىنىڭ غۇۋا قاراڭغۇ رەسىمخانىسىدا ئۇ ئەنبەر پۇرايدىغان قويۇق قەھۋىنى سۇنۇپ ياش رەسسامنىڭ زېهنىنى ئاچتى. كېيىن كۆك ئىشىكلىك قاراڭغۇ هۇجرىدا، ئەڭ ياخشى هىندى قەغەزلىرىنى، تىيىن تۈكىدىن ياسالغان موي قەلەملەرنى، ئالتۇن قەغەزلەرنى، خىلمۇ خىل قەلەملەر بىلەن مارجان ساپلىق قەلەمتىراشلارنى كۆرسىتىپ، كۆپ پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىپ، ئۇستا رەسسامنى قىزىقتۇردى.

— ماڭا ئۆلۈمنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بەرگىن، — دېدى بوۋاي كەي-

نىدىن.

— ئۆمرۈمدە ئۆلۈم رەسىمىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلۈم رەسىمىنى سىزالمايمەن، — دېدى مېنىڭ رەسىمىمنى سىزماقچى بولغان مۆجىزە قوللۇق رەسسام.

— بىر نەرسىنى سىزالىشىڭ ئۈچۈن جەزمەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆرۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى جىددىي ئىستەكلىك زىلۋا بوۋاي.

— توغرا، ھاجىتى يوقتۇ بەلكىم، — دېدى مېنى سىزىدىغان ئۇستا رەسسام، — ئەمما رەسىمنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلار سىزغاندەك مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلىسىڭىز، ئالدى بىلەن مىڭ قېتىملاپ سىزىلىشى كېرەك. رەسسام قانچىلىك ئۇستا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يېڭى بىر تېمىنى دەسلەپ شاگىرتتەك سىزىدۇ. ئەمما بۇنداق قىلىش ماڭا زادى ياراشمايدۇ. ئۆلۈم رەسىمىنى سىزغاندا ئۇستىلىقىمنى بىر ياققا قايرىپ قويالمايمەن. چۈنكى بۇ مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.

— بۇ ئۆلۈم بەلكىم سېنى تېماڭغا يېقىنلاشتۇرار، — دېدى بوۋاي.

— تېمىنى ئۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشىمىز ئەمەس، ئۆت-كۈزمىگەن بولۇشىمىز بىزنى ئۇستا قىلىدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ ئۇستىلىق سېنى ئۆلۈم بىلەن تونۇشتۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پېشقەدەم ئۇستازلارغا ۋە ماھارەتلىرىگە سادىق رەسساملارغا يارىشىدىغان شەكىلدە قوش مەنىلەر، كىنايىلەر، ئىككى بىسلىق سۆزلەر، ئىستىئارە ۋە ياپتا گەپلەر بىلەن تولغان ئەستايىدىل سۆھبەتكە كىرىشتى. مېنىڭ مەۋجۇدلۇقۇم سۆھبەت تېمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن مەن دىققەت بىلەن ئاڭلىغان بۇ مۇنازىرىنىڭ قەھۋەخانىمىزدىكى ئالىي دەرىجىلىك رەسساملارنى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغانلىقى ماڭا ئايان. لېكىن بىر ئارىدا ئىش بۇ يەرگە كەلدى:

— رەسسامنىڭ ماھارىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئۇنىڭ ھەممە نەرسىنى پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن سىزغانلىقىدىمۇ ياكى ھېچكىم كۆرمىگەن تېمىلارنى رەسىمگە كىرگۈزگەنلىكىدىمۇ؟ — دېدى مۆجىزە قوللۇق، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان ئەقىللىق رەسسام. ئۇ

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆزى بىلىسىمۇ، ئېھتىيات قىلىۋاتاتتى.

— ۋېنېتسىيىلىكلەر رەسسامنىڭ ئىقتىدارىنى زادى سىزىلمىغان تېمىلارنى ۋە ئۇسۇللارنى بايقىيالىشى بىلەن ئۆلچەيدۇ، — دېدى بوۋاي مەقسەتلىك ھالدا.

— ۋېنېتسىيىلىكلەر ۋېنېتسىيىلىكلەر شەكلىدە ئۆلىدۇ، — دېدى سىزىدىغان رەسسام.

— لېكىن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، — دېدى بوۋاي.

— رىۋايەت ۋە رەسىم كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان يېرىدىنى ئەمەس، ئوخشىمايدىغان يەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، — دېدى ئەقىللىق رەسسام، — ئۇستا رەسساملار بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغان رىۋايەتلەرنى ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن سىزىپ ئۇستا بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، گەپ پەرەڭلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈمىگە، ئەزرائىلغا، ئاللاھنىڭ باشقا پەرىشتىلىرىگە، ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆپپارلارنىڭ رەسىملىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلارغا توختالدى. بىر ئازدىن كېيىن مېنى سىزىدىغان ۋە شۇ تاپتا ئېسىل قەھۋەخانىمىزدا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ياش ئۇستا بۇ سىرلىق گەپلەردىن ھاياجانلاندى، ئۇنىڭ قوللىرى بىتاقەت بولۇپ، مېنى سىزىشقا ئالدىرايتتى. لېكىن ئۇ مېنىڭ قانداق بىر نەرسە ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتى.

ياش ئۇستىنى قايىل قىلماقچى بولغان قوۋ بوۋاي بۇنى ھېيلىگەرلەرچە ھېس قىلىپ، قاراڭغۇ ھۇجرىدا بىھۇدە يېنىپ تۇرغان شامنىڭ يالقۇنىدا نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مۆجىزە قوللۇق ياش ئۇستىغا تىكتى.

— ۋېنېتسىيىلىك ئۇستىلار خۇددى ھايات ئادەمدەك سىزغان ئۆلۈم بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەزرائىلدەك بىر پەرىشتە، — دېدى ئۇ، — لېكىن ئۇ ئىنسان قىياپەتلىك. خۇددى «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغاندا جىبرىئىلنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ئىنسان قىياپىتىدە كۆرۈنگىنىدەك ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟

ئاللاھ ئىشەنگۈسىز ئىقتىدار ئاتا قىلغان ياش ئۇستازنىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن مېنى سىزماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم، چۈنكى شەيتان بوۋاي ئۇنىڭ قەلبىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ۋەسۋەسىگە سېلىپ مۇنداق بىر پىكىرنى ئويغاتقانىدى: ئۇ بولسىمۇ، بىز ئەسلىدە پۈتۈن شان - شەرەپلىرى بىلەن ھەممە كىشى بىلىدىغان بىر نەرسىنى ئەمەس، بەلكى ھېچكىم بىلمەيدىغان غوۋا - مەۋھۇم بىر نەرسىنى سىزىشنى تەلەپ قىلىمىز، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، خالاس.

— مەن ئۆلۈمنى زادى چۈشەنمەيمەن، — دېدى بىر ئازدىن كېيىن مېنى سىزىدىغان رەسسام.

— ئۆلۈمنى ھەممىمىز بىلىمىز، — دېدى بوۋاي.

— ئۇنىڭدىن قورقىمىز، لېكىن ئۇنى چۈشەنمەيمىز.

— ئۇنداقتا سەن بۇ قورقۇنچنى سىزغىن، — دېدى بوۋاي.

ھازىرلا دېگۈدەك رەسسىمىم سىزىلاتتى. ئۇستا رەسسامنىڭ گەجگىسىنىڭ كۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى، بىلەك مۇسكۇللىرىنىڭ چىڭقىلىۋاتقانلىقىنى، بارماقلىرىنىڭ قەلەمگە سوزۇلغانلىقىنى سەزدىم. لېكىن ئۇ ھەقىقىي ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەييارلىقنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەسىمگە بولغان ئىشتىياقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

قۇۋ بوۋايمۇ بۇنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، بىر ئازدىن كېيىن سىزىلىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولغان مېنىڭ رەسىمىمگە ئىلھام بولسۇن دەپ، ئالدىدىكى كىتابلاردىن ئەل جەۋزىيىيەنىڭ «كىتابۇل روھ»① ناملىق ئەسىرىدىن، غەززالىنىڭ «كىتابۇل ئەھۋالۇل قىيامەت»② ناملىق ئەسىرىدىن ۋە سۇيۇتىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆلۈم ھەققىدىكى پارچىلارنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، مۆجىزە قوللۇق رەسسام سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىكى مېنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق رەسىمىمنى سىزىشقا باشلىغاندا، ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ جەننەتتىن تاكى بۇ دۇنياغىچە ۋە مەشرىقنىڭ ئەڭ يىراق جايىدىن

① «كىتابۇل روھ» — «روھ ھەققىدىكى كىتاب» مەنىسىدە. — ت.
② «كىتابۇل ئەھۋالۇل قىيامەت» — «قىيامەتتىكى ئەھۋاللار ھەققىدىكى كىتاب» — ت.

مەغرىبنىڭ ئەڭ يىراق جايىغىچە سوزۇلغان مىڭلىغان قانىتى بارلىقى ۋە بۇ قاناتلار دىنىي كامىللارنى مېھرىبانلىق بىلەن ئۆز پاناھىغا ئالىدىغانلىقى، گۇناھكار ۋە ئاسىيلارغا ھەر بىرى بىردىن مىخ بولۇپ سانجىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بوۋاينىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. رەسساملارنىڭ كۆپىنچىڭلار جەھەننەمگە كىرىسلەرغۇ تايىنلىق، شۇنىڭ بىلەن رەسسام مېنى پۈتۈن ئەزايىم مىخلار بىلەن قاپلانغان ھالدا سىزدى. ئۇ يەنە بوۋاينىڭ: ئاللاھ سىلەرگە جېنىڭلارنى ئېلىشقا ئەۋەتىدىغان پەرىشتىنىڭ قولىدا ھەممىڭلارنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان بىر دەپتەر بارلىقى ۋە بۇ دەپتەرنىڭ سەھىپىلىرىدە بەزىلىرىڭلارنىڭ ئىسمى قارا چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىنغانلىقى، لېكىن ئۆلۈم ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھنىڭ بىلىدىغانلىقى ۋە بۇ ۋاقىت كەلگەندە ئەرشتىكى دەرەختىن بىر ياپراق چۈشىدىغانلىقى، بۇ ياپراقنى تۇتۇۋېلىپ ئوقۇغان كىشىنىڭ ئۆلۈم نۆۋىتىنىڭ كىمگە كەلگەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى توغرىلىق ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدى ۋە بۇ ۋەجىدىن مېنى قورقۇنچلۇق ئەمما كىتابنى چۈشىنىدىغان كىشىدەك، نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقان قىلىپ سىزدى. سەۋدايى بوۋاي كىتابتىن ئادەم قىيापىتىدە كەلگەن ئۆلۈم پەرىشتىسى ئەجىلى تولغان كىشىگە قولىنى ئۇزىتىپ جېنىنى ئالغاندىن كېيىن، بىردىن ئەتراپىنى قۇياش نۇرىدەك بىر نۇر قاپلايدىغانلىقىنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئەقىللىق رەسسام مېنى نۇرلار ئىچىدە سىزدى. چۈنكى ئۇ بۇ نۇرنىڭ ئۆلۈمنىڭ يېنىدىكىلەرگە كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھاياجانلانغان بوۋاي «كىتابۇل روھ»دىن قەدىمكى زاماندىكى كېيەن ئوغرىلىرى شاھىد بولغان، يەنى گەۋدىسىنىڭ ئۇ يەر — بۇ يېرىگە مىخلار سانجىلغان جەسەتنى، تۆپراقنى قازغاندا يېڭى جەسەت ئورنىدا پەيدا بولغان ياالقۇنلار، ئىچىگە قوغۇشۇن قۇيۇلغان باش سۆڭەكلىرى ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتقان قولى سېھىرلىك رەسسام مېنىڭ رەسىمىمنى سىزغاندا، ئۇنىڭغا ماڭا قارىغان كىشىلەرنى دەھشەتكە سالىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كىرگۈزدى.

لېكىن رەسىم سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ بۇنىڭغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ رەسىمگە ئاتا قىلغان ۋەھىمە دەھشەتتىدىن ئەمەس، بەلكى مانا

بۇ رەسىمنى سىزغانلىقىدىن پۇشايمان قىلغانىدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى ئاتىسى شەرمەندىلىك ۋە خىجىللىق بىلەن ئەسلەيدىغان بىر كىمدەك ھېس قىلىمەن. مۆجىزە قوللۇق ئۇستا رەسسام مېنى سىزغانلىقىغا نېمىشقا پۇشايمان قىلدى؟

1. ئۆلۈمنىڭ رەسىمى، يەنى مەن دېگەندەك ئۇستىلىق بىلەن سىزىلمىغانلىقىم ئۈچۈن. دەل سىلەر كۆرگەندەك، مەن ۋېنېتسىيىلىك ئۇلۇغ ئۇستازلار ۋە ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار سىزغان تەسۋىرلەردەك مۇكەممەل ئەمەسمەن. مەن ئۆلۈمنىڭ ئابرۇيىغا لايىق بولمىغان بۇ پەرىشان ھالىمدىن ئۆزۈممۇ نومۇس قىلىمەن.

2. بوۋاينىڭ شەيتانلارچە قايىل قىلىشى بىلەن مېنى سىزغان ئۇستا رەسسام تۇيۇقسىز، ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىنىڭ پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تەقلىد قىلغانلىقىنى بايقاپ، بۇنى ئۇ پېشقەدەم ئۇستازلارغا بولغان بىر خىل ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىغان ۋە بۇنى ئۆزى سادىر قىلغان تۇنجى سەۋەنلىك ۋە ئۇياتلىق ئىش دەپ ھېس قىلغان ئىدى. شۇڭا، بۇ ھېسسىيات ئۇنىڭ روھىنى تاتىلايتتى.

3. ئۇ ھەتتا بۇ يەردە ماڭا كۆنگەندىن كېيىن كۈلۈمسىرەشكە باشلىغان بەزى گالۋاڭلاردەك، ئەمدى شۇنى بىر ئاز چۈشەندىكى: ئۆلۈمگە چاقچاق قىلغىلى بولمايتتى.

مېنى سىزغان ئۇستا رەسسام ھازىر كېچىلىرى كوچىلاردا پۇشايمان ئىلكىدە توختىماي ئايلىنىپ يۈرەتتى. خۇددى بەزى جۆڭگولۇق ئۇستىلاردەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزى سىزغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغىمۇ ئىشىنىپ قالغان ئىدى.

# 25. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر

قىزىل مۇنار ۋە قارا كەدىلىك ئاياللار بىلەجىكتىن سۆسۈن رەڭ ۋە قىزىل رەڭ يوتقانلىق ئالغاچ كېلىشىمنى هاۋالە قىلغانىدى، ئەتىگەندىلا ئالدى بىلەن ئۇلارنى بوغچامغا سالدىم. يېڭى كەلگەن پورتۇگالىيە پاراخوتى ئېلىپ كەلگەن جۇڭگونىڭ يىپەكلىك رەختلىرىنىڭ يېشىلىنى ئالماي، هاۋارەڭنى ئالغانىدىم. بۇ يىلقى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارا قىشتا قار توختىماي يېغىۋەرگەچكە، بىرمۇنچە يۇڭ پايپاق، قېلىن يۇڭ بەلۋاغ، رەڭگارەڭ قېلىن يۇڭ پىنجەكلەرنىمۇ سېتىۋېلىپ، چىرايلىق قاتلاپ بوغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سالدىم. بوغچامنى ئاچقىنىمدا، بىرنەرسە سېتىۋېلىشقا ئانچە قىزىقمايدىغان ئاياللارنىڭمۇ ئىچى ئاداپ كەتسۇن دەيتتىم. ئاندىن ئېلىم - سېتىم ئۇچۇن ئەمەس، غەيۋەتخور ئايالار ئۇچۇن ئۆزى يېنىك، باهاسى قىممەت يىپەك قول ياغلىقلار، هەميانلار، مۇنچا لۆڭگىسى قاتارلىقلارنىمۇ قاچىلاپ كۆتۈرۈپ باقسام بېلىمنى ئۈزۈۋەتكىدەك دەرىجىدە ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ. بوغچىنى يەرگە قويۇپ، ئىچىدىن نېمىنى ئېلىۋەتسەم بولار دەپ قاراپ تۇراتتىم، ئىشىك قېقىلدى. نەسىم ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ مېنى چاقىردى.

ئىشىكنىڭ ئالدىدا يۈز - كۆزى قىزىرىپ كەتكەن دېدەك خەيرىيە بىر پارچە خەتنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— شەكۈرە خانىم ئەۋەتتى، — دېدى ئۇ ئاستاغىنە. شۇ قەدەر جىددىيلىشىپ كەتكەنىدىكى، ئۇنى ئىشقىي مۇھەببەت دەرياسىغا راسا چۆكۈپ، ياتلىق بولغۇسى كېلىپ كېتىپتۇ دەپ قالاتتىڭىز.

خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن ئىتتىك ئېلىپ، بۇ گالۋاڭ قىزغا هېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆيگە قايتىشنى تاپىلىدىم. نەسىم سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەن هەر قېتىم سىرتقا خەت - خەۋەر توشۇغىلى چىققىنىمدا

ئىسكەت كىرگۈزىدىغانغا ئېلىپ چىقىدىغان ھېلىقى يوغان ئەمما يېنىك بوغچىنى قولۇمغا ئېلىپ:

— يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ قىزى شەكۈرە ئىشق ئوتىدا ۋاژىلداپ كۆيۈۋېتىپتۇ، بىچارە قىز ئۆزىنى يوقىتىپتۇ، — دېدىم.

قاقاھلاپ كۈلگىنىمچە تاشقىرىغا چىقتىم، ئەمما ۋۇجۇدۇمنى شۇئان بىر خىل خىجالەتچىلىك قاپلىدى. ئەسلىدە مەن شەكۈرەنىڭ قەلب سىر-گۈزەشتىلىرىنى مەسخىرە قىلماقچى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بەختسىز ھايا-تىغا ئېچىنىپ كۆز يېشى تۆكمەكچى ئىدىم. ئۇ نېمىدېگەن گۈزەل، قارا كۆزلۈك غەمكىن قىز-ھە!

ئەتىگەننىڭ سوغۇق ھاۋاسىدا تېخىمۇ سۆرۈن ۋە پەرىشان كۆرۈنگەن يەھۇدىيلار مەھەللىسىنىڭ ۋەيرانە ئۆيلىرى ئالدىدىن ئۇچقاندەك تېز مې-ڭىپ ئۆتتۇم. خېلىدىن كېيىن ھاساننىڭ كوچىسىدا بىر بولۇڭنى ماكان قىلىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان بىر ئەما تىلەم-چىنى كۆرۈپ پۇتۇن كۈچۈم بىلەن "يايمىچى" دەپ ۋارقىرىدىم.

— ھۇ پور كۆتەك پېرىخون، — دېدى ئۇ، ۋارقىرىمىساڭمۇ سېنى ئا-ياغ تىۋىشىڭدىن تونۇيتتىم.

— پاسكىنا قارىغۇ، — دېدىم، — نەس باسقان تاتار! قارىغۇلار خۇدا ئۇرغان بالا-قازالار، خۇدا جازايىڭنى بەرگەي.

بۇرۇن بۇنداق ئىشلارغا ئانچە خاپا بولۇپ كەتمەيتتىم. ھاساننىڭ دەرۋازىسىنى دادىسى ئاچتى. ئۇ ئابخازلاردىن بولۇپ، ئالىيجاناب، ئەدەپلىك ئادەم ئىدى.

— قېنى بۇ قېتىم بىزگە نېمىلەرنى ئەپكەلدىڭكىن، — دېدى ئۇ.

— سىزنىڭ ھورۇن ئوغلىڭىز ئۇخلاۋاتامدۇ؟

— ئۇخلاۋاتامدۇ دېدىڭمۇ؟ سېنىڭ خەۋىرىڭنى كۈتۈپ كۆزى تۆت بو-لۇپ كەتتى.

بۇ ئۆي شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، ھەر قېتىم كىرگىنىمدە گويا گۆرگە كىرگەندەك ھېس قىلاتتىم. شەكۈرە ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى-نى زادى سورىمايتتى، ئەمما بۇ ئائىلە ھەققىدە ئۇنىڭغا ھەمىشە بۇ گۆرگە قايتىپ كېلىشنى زادى ئويلىماسلىقىنى ئېيتاتتىم. گۈزەل شەكۈرەنىڭ

بىر چاغلاردا بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى ئىكەنلىكىنى، شوخ، چاتاقچى ئو-
غۇللىرى بىلەن بۇ ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمۇ تەس ئىدى.
ئۆينىڭ ئىچى قاتتىق ئۇيقۇ ۋە ئۆلۈم پۇراپ تۇراتتى. يەنە بىر ئۆيگە، يەنى
تېخىمۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىردىم.

بۇ يەردە ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. خەتنى تېخى كۆرسەتمە-
گەنىدىم، ھاسان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سېزىپ قېلىپ قولۇمدىن تارتىۋال-
دى. ھەر قېتىمدىكىدەك ئۆز ئالدىغا ئوقۇپ ھەيرانلىقىنى قاندۇرۇۋالسۇن
دەپ رايىغا قويۇپ بەردىم. ئۇ بىردەمدىلا خەتنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— باشقا نەرسە يوقمۇ؟— دېدى، لېكىن باشقا نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى
بىلەتتى،— بۇ قىسقىچىلا يېزىلغان خەت ئىكەن،— دەپ ئۇنى ئوقۇدى:

*”قارا ئەپەندى، سەن ئۆيىمىزگە كېلىپ كەچكىچە ئولتۇرسەن، لې-
كىن دادامنىڭ كىتابى ئۈچۈن تېخىچە بىر قۇر خەتمۇ يازماپسەن. دادامنىڭ
كىتابىنى يېزىپ تاماملىماي تۇرۇپ ھەرگىز ھەرقانداق ئۈمىد كۈتمە.“*

ئۇ خەتنى قولىدا تۇتقىنىچە گويا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى
مېنىڭ خاتالىقىمدەك، مېنى ئەيىبلەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارايتتى. مەن
بۇ ئۆيدىكى جىمجىتلىقنى ياخشى كۆرمەيتتىم.

— ئۆزىنىڭ ئائىلىلىك ئىكەنلىكى، ئېرىنىڭ ئۇرۇشتىن قايتىپ
كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچنەرسە دېيىلمەپتۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟— دېدى
ھاسان..

— نېمە ئۈچۈنلۈكىنى مەن نەدىن بىلەي،— دېدىم،— بۇ خەتلەرنى
يازغان مەن ئەمەس.

— بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ گۇمانلىنىمەن،— دەپ خەتنى 15 تەڭگە پۇل
بىلەن بىللە ماڭا قايتۇرۇپ بەردى ئۇ.

— بەزى ئەرلەر پۇل تاپقانچە پىخسىقلىشىپ كېتىدۇ، سىز ئۇنداق
ئەمەس،— دېدىم.

بۇ ئادەمنىڭ قىياپىتى شۇنداق سۈرۈن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇ-
جۇدىدىن شەيتانلارچە ئەقىل - پاراسەتمۇ ئۇرغۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ شە-

كۆرەنىڭ نېمە ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭ خېتىنى قوبۇل قىلمىدىغانلىقىنى چۈشىـ-نەلەيتتى.

— شەكۆرەنىڭ دادىسى قانداق كىتاب يېزىۋېتىپتۇ؟

— قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى سىز بىلىسىز! ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارغا بارلىق پۇلنى سۇلتانىمىز بېرىدىكەن.

— ئۇ كىتابتىكى رەسىملەر توپەيلىدىن رەسساملار بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — پۇل ئۈچۈنمۇ ياكى ئاللاھ جازاسىنى بەرگەي ئۇ كىتاب دىنىمىزغا كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇ رەسىمـ-لەرگە قارىغان كىشى شۇئان قارىغۇ بولۇپ قالارمىش.

ئۇ بۇ گەپلەرنى بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن دېدىكى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى راست دەپ قالماسلىقىم كېرەكلىكىنى چۈشەندىم. راست دېيىشكە تېگىشـ-لىك بىرەر سۆز بولغان تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا مېنىڭ ئۇنى راست دېيىش - دېمەسلىكىم ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيەتسىز ئىدى. مەن توشۇيدىغان خەت - چەكلەرگە، يەنى مېنىڭ ۋاستىچىلىقىمغا موھتاج نۇرغۇن ئەرلەرگە ئوخشاش، ھاسانمۇ غورۇرىغا تەگكەندە مېنى كۆزگە ئىلـ-مايتتى. مەنمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىم توپەيلىدىن بۇنىڭغا بىئارام بولغان بو-لۇۋېلىپ ئۇلارنى خۇشال قىلاتتىم. قىزلار بولسا غورۇرىغا تەگكەندە ماڭا ئېسىلىپ يىغلايتتى.

— سەن ئەقىللىق ئايال، — دېدى ھاسان مېنىڭ غورۇرۇمغا تەگكەنـ-لىكىنى سېزىپ تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، — بۇ خەتنى دەرھال يەتكۈزۈپ بەر. ئۇ ئەخمەقنىڭ جاۋابىنى كۈتىمەن.

شۇئان ئىچىمدە" قارا ئۇنچىۋالا ئەخمەق ئەمەس" دېگۈم كەلدى. بۇ ئەھۋالدا رەقىب ئەرلەرنى بىر - بىرىگە ھەسەت قىلدۇرۇش ئەلچى ئېسـ-تېرنىڭ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشىغا سەۋەب بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ بىردىنلا دەرغەزەپ بولۇشىدىن قورقتۇم.

— كوچىنىڭ بېشىدىكى تاتار تىلەمچىچۇ، — دېدىم چىقىپ كېتىۋېـ-تىپ، — بەك يۇزسىز ئىكەن.

ئەما بىلەن تاكاللاشماسلىق ئۈچۈن كوچىنىڭ يەنە بىر بېشىدىن مېـ-ڭىپ ئەتىگەنلىك توخۇ بازىرىدىن ئۆتتۇم. مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن توخۇ-

نىڭ باش ۋە پەنجىسىنى يېمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ غەلىتىلىكىدىن! ياتقان يېرى جەننەت بولغايكى، مومام پورتۇگالىيىدىن بۇ يەرگە يېڭى كەلگىنىدە، ئەرزان دەپ، توخۇ پەنجىسىنى كۆپ پىشۇرۇپ يەيدىغانلىقىنى ئېيتاتتى.

كەمەر ئارالغا كەلگىنىمىزدە، يېنىدا دېدەكلىرى بار، ئات ئۈستىدە ئەر كىشىدەك تىك ئولتۇرغان، دىمىغى ئۈستۈن، تەكەببۇر، بىرەر پاشا① نىڭ رەپىقىسىمۇ ياكى باينىڭ قىزىمۇ، ئىشقىلىپ بىر ئايالنى كۆرۈپ ھەسەت قىلدىم. شەكۇرەنىڭ دادىسى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىتابقا كىرىشىپ كەتكەن، ئەقلى بىر غېرىچ، پايدىسىز ئىش قىلىدىغان ئادەم بولمىغان بولسا، شەكۇرەنىڭ ئېرى سەفەۋي ئۇرۇشىدىن غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇمۇ ئاشۇ مەغرۇر ئايالدەك ياشىغان بولار ئىدى. بۇنىڭغا ھەممىدىن كۆپرەك ئۇ لايىق ئىدى.

قارانىڭ كوچىسىغا كىرگىنىمدە بىردىن يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. شەكۇرەنىڭ بۇ ئەبلەخكە ياتلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلالامدىمەن؟ شەكۇرەنى ھاسان بىلەن ئالاقىسى بار، ئەمما ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدىغان قىلدىم، لېكىن بۇ قاراچۇ؟ ئۇنىڭ شەكۇرەگە بولغان مۇھەببىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا تەرەپلىرى خېلى تۈزۈك.

— يايمىچى...

يالغۇزلۇقتىن، بويتاقلىقتىن، ئەرسىزلىكتىن ئەقلىنى يوقاتقان ئاشىقلارغا بىر پارچە خەتنى يەتكۈزۈشنىڭ خۇشاللىقىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايمەن. چۈنكى، ئۇلار ئەڭ كۆڭۈلسىز خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن خەتنى ئوقۇشقا باشلىغاندا، ھەممىسىنىڭ قەلبىنى بىر ئۈمىد قاپلايدۇ.

شەكۇرە خېتىدە ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغان، ھەمدە ئۇنىڭ ”ھەرگىز ئۈمىدلەنمە“ دېگەن سۆزىنى بىر شەرتكە باغلىغانلىقى ئۈچۈن، قارا ئۈمىدلىنىشكە ئەلۋەتتە ھەقلىق ئىدى. ئۇنىڭ خەتنى ئوقۇغىنىنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۈم. ئۇ خۇشاللىقتىن جىددىيلىشىپ كەتتى، ھەتتا قورقتى. جاۋاب يېزىش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ كەت-

① پاشا — ئوسمان پادىشاھلىقى زامانىدا يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە ئوفىتسېرلارغا بېرىلگەن نام. — ت.

كىنىدە، مەن ئەقىللىق بىر يايمىچى ئايالغا ئوخشاش يالغانغا يۇدۇۋالىدىغان
بوغچامنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن بىر قارا رەڭلىك ھەميانىنى ئالدىم - دە، قارا-
نىڭ ھەيران - ھەس بولۇپ تۇرغان ئايال ئۆي خوجايىنىغا كۆرسىتىپ:

— ئەڭ ياخشى ئىران دۇخاۋىسىدىن ئىشلەنگەن، — دېدىم.

— ئوغلۇم پارس ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى ئۇ، — سەن
قاراغا كىمدىن خەت ئەپكېلىۋاتىسەن؟

ئۇنىڭ ئۇزايىدىن شۇنى سەزدىمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋاق قىزىنى ياكى
قانداقتۇر بىرىنىڭ قىزىنى ئارسلان كەبى قاراغا چېتىپ قويۇش ئۈچۈن
ئامال - چارە قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ھېچكىمدىن، — دېدىم، — ئۇنىڭ بايرامپاشا ساناتورىيىسىدە ئې-
غىر كېسەل بولۇپ ياتقان بىچارە تۇغقىنى پۇل تەلەپ قىلىدىكەن.

— ھە، نېمە!— دېدى ئۇ زادى ئىشەنمەي، — كىم ئىكەن، ئۇ بىتە-
لەي؟

— ئوغلىڭىز ئۇرۇشتا قانداق ئۆلۈپتۇ؟— دەپ سورىدىم گەپنى
بۇراپ.

بىز بىر - بىرىمىزگە يوچۇن قاراشتۇق. ئۇ ھۇۋقۇشتەك يالغۇز بىر
تۇل خوتۇن بولۇپ، تۇرمۇشى جەزمەن قىيىن ئەھۋالدا ئىدى! ئەگەر ئېس-
تېرگە ئوخشاش يايمىچى ۋە پوچتىكەش بولسىڭىز، تېزلا بىلىۋالالايسىز-
كى، بايلىق، ھوقۇق ۋە رىۋايەتلەردىكى ئىشەنگۈسىز مۇھەببەت قىسسىلە-
رىلا كىشىلەرنى قىزىقتۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى ھەسرەت، جۇدالىق،
ھەسەتخورلۇق، تەنھالىق، دۇشمەنلىك، كۆز ياشلىرى، غەيۋەتخورلۇق ۋە
تۈگىمەس - پۈتمەس يوقسۇللۇقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، گويا ئۆيلەردىكى
بېساتلار، يەنى بىر پارچە ئۆچۈپ كەتكەن كونا گىلەم، بوش دوخوپكا تەخ-
سىسىنىڭ ئۈستىدىكى چۆمۈچ ۋە مىس قازان، ئوچاقنىڭ يېنىدىكى
لاخشىگىر ۋە كۆل ئالىدىغان داس، چوڭ - كىچىك ئىككى كونا ساندۇق،
ئۆيدە بىر تۇل خوتۇننىڭ تەنھا تۇرىدىغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئەر
كىشىنىڭ بۆكىنى ئېسىپ قويغان ئاسقۇ، ئوغرىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئې-
سىپ قويۇلغان بىر كونا قىلىچ قاتارلىقلار ئەنە شۇلاردىن دېرەك بېرىپ
تۇراتتى.

قارا خۇشال بولغان هالدا ھەمياننى ئېلىپ قايتىپ چىقتى.
— يايمىچى ئايال، — دېدى ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىغان ئۆي خوجايىنى ئايالغا ئاڭلىتىپ، — مانا بۇنى بىچارە بىمارغا ئالغاچ بېرىڭ، جاۋاب خېتى بولسا ئالغاچ كېلەرسىز. بۈگۈن كەچكىچە مەن يېزنە تاغام جانابلىرىنىڭكىدە بولىمەن.

مانا بۇ ئويۇنلارنىڭ هېچبىر هاجىتى يوق ئىدى. قاراغا ئوخشاش بىر جەسۇر يىگىتنىڭ ئىشارەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، قول ياغلىق، سالام خەت يوللاپ ئۆزىگە بىر قىز تاللىشىنىڭ دەرۋەقە يوشۇرىدىغان بىر يېرى يوق ئىدى. ياكى بولمىسا ئۇ راستتىنلا ئۆي خوجايىنىنىڭ قىزىنى كۆزلەمدۇ؟ بەزىدە قاراغا زادى ئىشەنمەيمەن ۋە ئۇنىڭ شەكۈرەنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئالداپ كېتىشىدىن قورقىمەن. بولمىسا نېمىشقا كۈن بويى شەكۈرە بىلەن بىر ئۆيدە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ئىشارەت قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ.

كوچىدا ھەمياننى ئېچىۋېدىم، ئىچىدىن 12 تەڭگە پۇل بىلەن بىر پارچە خەت چىقتى. خەتكە شۇنداق قىزىقتىمكى، يۈگۈرۈپ هاسانغا ئېلىپ باردىم. كۆكتاتچىلار دۇكانلىرىنىڭ ئالدىغا قاتكۈك، سەۋزىلەرنى تۆكۈپ قويغانىدى. ئەمما مېنىڭ "كەل، بىزنى ئال ئېستېر" دەپ توۋلىغان كۆدىلەرنى تۇتۇپ باققىممۇ يوق ئىدى.

كوچىغا كىرگىنىمدە ئەما تاتارنىڭ يەنە گەپكە تۇتماقچى بولۇپ تۇرغىنىنى كۆردۈم -دە، ئۇنىڭغا قاراپ "تۇفى" دەپ تۈكۈردۈم. ئەھۋال مانا شۇ. نېمىشقا بۇ سوغۇقلار ئاشۇ پەسكەشلەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋەتمەيدىغاندۇ؟

هاسان خەتنى ئىچىدە ئوقۇپ بولغىچە تاقىتىم تاق بولدى. ئاخىر ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، "قانداق؟" دەۋەتكەنىدىم، ماڭىمۇ ئوقۇپ بەردى:

*"قەدىرلىك شەكۈرە خانىم، مەندىن دادىڭىزنىڭ كىتابىنى تاماملاشنى تەلەپ قىلىپسىز. مەلۇم بولسۇنكى، شۇنىڭدىن باشقا بىرەر مەقسىتىم يوق. ئۆيۈڭلەرگە شۇ مەقسەتتە كەلگەنىدىم. بۇرۇن ئېيتقىنىڭىزدەك، سىزنى بىئارام قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بىردىنبىر دەردىم سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. لېكىن قانداقتۇر بۇ مۇھەببەت*

تۇپەيلى دادىڭىزنىڭ، يەنى يېزنە تاغام جانابلىرىنىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك، كىتابى ئۈچۈن يېزىشقا تېگىشلىك ھېكايىنى باشلىيالمايۋاتىمەن. قاچاز-لىكى سىزنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىسام ئېسىمنى يوقىتىمەن. دادىڭىزنىڭ خىزمىتىنى قىلالمايمەن. كۆپ ئويلىدىم، بۇنىڭ بىرلا سەۋەبى بار: 12 يىلدىن كېيىن چىرايىڭىزنى پەقەت ئاشۇ بىر قېتىم دېرىزىڭىزدىن كۆرگەنىدىم. ھازىر ئۇ ئوبرازنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورقىمەن. سىزنى يە-نە بىر قېتىم يېقىندىن كۆرسەم، چىرايىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورق-مايتتىم، دادىڭىزنىڭ كىتابىنى ئوڭۇشلۇق تاماملايتتىم. شەۋكەت تۇنۇگۈن مېنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ بوش قالغان ئۆيىگە ئېلىپ باردى. بۇ ئۆيدە بىزنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ. بۈگۈن مەن خالىغان ۋاقىتتا بېرىپ سىزنى ئۇ يەردە كۈتەي. شەۋكەت تۇنۇگۈن سىزنىڭ چۈشىڭىزدە ئېرىڭىز-نىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىڭىزنى ئېيتتى.“

ھاسان خەتنى بەزى يەرلەردە ئاۋازىنى ئايالارنىڭ چىرقىراق ئاۋازد-دەك ئىنچىكىلىتىپ، بەزى يەرلەردە ئەقلى - ھوشىنى يوقاتقان ئاشىقنىڭ تىترەك يېلىنىشلىرىغا ئوخشىتىپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، قارانىڭ ”سېنى يەنە بىر كۆرسەم“ دېگەن ئارزۇسىنىڭ پارچە تەلەپپۇزىنى مەس-خىرە قىلىپ ئوقۇغانىدى. ” قارا شەكۈرەنىڭ ئۆزىگە ئۈمىد بېغىشلىغاز-لىقىنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ سودىلىشىشقا باشلاپتۇ، — دېدى ئۇ، — بۇنداق ئىنچىكە ھېسابلىشىش ھەقىقەتەن بىر ھەقىقىي ئاشىقنىڭ ئىشى ئەمەس.“

— ئۇ شەكۈرەگە ھەقىقەتەن ئاشىق، — دېدىم سەبىيلەرچە.

— بۇ سۆزۈڭمۇ سېنىڭ قاراغا يان باسقانلىقىڭنى ئىسپاتلايدۇ، — دېدى ئۇ، — چۈشىدە ئاكامنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى يېزىشى ئې-رىمنىڭ ئۆلگەنلىكىگە تەن بېرىمەن دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

— بۇ بىر چۈش، — دېدىم مەن ھاماقەتلەرچە.

— مەن شەۋكەتنىڭ قانداق ئەقىللىق ۋە ئادەم ئالداشقا ئۇستىلىقىنى بىلىمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىل بىر ئائىلىدە ياشىدۇق! ئانىسىنىڭ رۇخسىتى ۋە مەجبۇرلىشى بولمىسا شەۋكەت قارانى ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن

يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارمايدۇ. شەكۇرە ئاكامنى ۋە بىزنى بىر ياققا قايرىپ قويالايمەن دەپ قارىسا خاتالىشىدۇ! ئاكام ھايات! ئۇ ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىدۇ.

ھاسان سۆزىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ئۇچاقتىكى ئوتتا شامنى ياقىمەن دەپ قولىنى كۆيدۈرۈۋالدى. ئۇ ۋايىسغىنىچە قولىنى ئاغزىغا سېلىپ، ئاخىرى شامنى يېقىپ شىرەنىڭ گىرۋىكىگە قويدى ـ دە، قەلەم قاپچۇقىدىن قومۇش ساپلىق قەلەمنى ئې-لىپ، سىياھ قۇتىسىغا چىلاپ كىچىك بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىشقا باشلى-دى. شۇئان مېنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىمغا ئۇنىڭ خۇش بولغانلىقىنى دەرھال چۈشەندىم، ئەمما ئۇنىڭدىن قورقمايدىغانلىقىمنى كۆرسىتىش ئۈ-چۈن بارلىق كۈچۈم بىلەن كۈلۈمسىرىدىم.

— ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىي دېگىنى كىم؟ بۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن، — دېدى ئۇ.

— بۇ ئۆيلەرنىڭ سەل نېرىسىدا بىر سېرىق ئۆي بار. كىشىلەر ئىل-گىرىكى پادىشاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان باي دوختۇرى موشې خامون، ئا-ماسيالىق يەھۇدىي ئاشنىسى بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسىنى بىر نەچچە يىل ئۇ يەردە يوشۇرۇپ ساقلىغان دېيىشىدۇ. بىرنەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا ئاماس-يادا خېمىرتۇرۇچسىز بولكا بايرىمى① ھارپىسىدا يەھۇدىيلار مەھەللىسىدە بىر گرېك ياش "يوقىلىپ" كەتكەندە، بەزىلەر ئۇنىڭ قېنى بىلەن پېتىر نان خېمىرىنى يۇغۇرۇش ئۈچۈن بوغۇزلانغانلىقىنى ئېيتىشقان. بىرقانچە يالغانچى شاھىدلار چىققاندا، بۇ يەھۇدىيلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە باش-لىغان. پادىشاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان دوختۇرى بۇ گۈزەل ئايالنى ئاكىسى بىلەن قاچۇرۇپ، پادىشاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن يوشۇرۇپ ساقلىغانىكەن. پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتكەندە دۈشمەنلىرى بۇ گۈزەل ئايالنى قولغا چۈشۈ-رەلمەپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەنھا ياشىغان ئاكىسىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

— ئەگەر شەكۇرە ئاكامنىڭ ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىشىنى كۈتمە-سە، ئۇلار شەكۇرەنىمۇ جازالايدۇ، — دېدى ھاسان ۋە خەتنى قايتۇرۇپ بەردى.

① خېمىرتۇرۇچسىز بولكا بايرىمى — يەھۇدىيلارنىڭ مىسىردىن كۆچكەنلىكىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل بايرىمى. — ت.

ئۇنىڭ چىرايىدىن غەزەپ ۋە خىرىس ئەمەس، ھەقىقىي ئاشىقلارغا خاس بەختسىزلىك ۋە پەرىشانلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇھەببەتنىڭ بۇ يىگىتنى بىر بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆزلىرىدىن بايقىدىم. تاموژنىدا ئىشلەپ تاپقان پۇللارمۇ ئۇنى زادى ياشارتمىغانىدى. ئۇنىڭ پەرىشان قاراشلىرىدىن، شۇنچە كۆپ تەھدىتلىك سۆزلەرنى قىلغىنىدىن ئايان ئىدىكى، مەندىن ئۇنىڭ شەكۈرەنى قايىل قىلىشىنىڭ قانداق ئامالى بارلىقىنى يەنە سورايدىغانلىقىنى پەرەز قىلدىم، ئەمما ئۇنىڭدا بۇنى سورىغىدەك تاقەتمۇ قالمىغان ۋە پۈتۈنلەي ئەسەبىيلەشكەن ئىدى. بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلىكتىن تەلۋىلەشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن، مۇھەببىتىنىڭ رەت قىلىنغانلىقى ئۇنىڭغا مۇھىم بىر سەۋەب بولىدۇ-دە، شۇھامان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەھشىيلىك تەبىئىتى باش كۆتۈرىدۇ. بالىلار ئېيتىشقان، ئۇنىڭ ھەرقانداق نەرسىنى كېسىدىغان قورقۇنچلۇق ئۆتكۈر قانلىق قىلىچىدىن ۋە كاللامغا كەلگەن دەھشەتلىك قىياسلاردىن شۇنداق قورقتۇمكى، قاچماقچى بولۇپ، ئۆزۈمنى دەرھال كوچىغا ئاتتىم.

تاتار تىلەمچىنىڭ ھاقارەتلىرىگە مانا شۇنداق ئاسانلا ئۇچراپ قالدىم. لېكىن دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، يەردىن ئالغان بىر تاشنى ئالدىغا يېيىغلىق قول ياغلىقىغا ئاستا قويۇپ:" مانا ئال، پاسكىنا تاتار" دېدىم.

ئۇنىڭ پۇل دەپ ئويلىغان تاشقا ئۈمىد بىلەن قول سوزغانلىقىنى كۈلمەي تۇرۇپ تاماشا قىلدىم. ھاقارەتلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۆزۈم ياخشى ئەر تېپىپ ياتلىق قىلغان "قىزلىرىم"دىن بىرىنىڭكىگە كەتتىم.

كۆيۈمچان "قىزىم" ماڭا تۈنۈگۈن ئېشىپ قالغان، لېكىن يېڭى پىتى تۇرغان پالەك قاتلىمىسى ئېلىپ كەلدى. ئۇ چۈشلۈككە تۇخۇمغا مول دورا-دەرمەك سېلىپ، مەن ياخشى كۆرىدىغان ئالۇچا بىلەن سەل چۈچۈمەل تەملىك قوي گۆشى قوردىقى تەييارلاۋاتاتتى. كۆڭلىگە كەلمىسۇن ئۈچۈن كۈتۈپ ئولتۇرۇپ يۇمشاق نان بىلەن قورداقتىن لىق ئىككى چۆمۈچ يېدىم. ئۇ يەنە تەملىك ئۆزۈم شەربىتى تەييارلىغانىدى، تارتىنماي ئولتۇرۇپ گۈلقەنتمۇ ئەكەلدۈرۈپ، تاماقنى سىڭدۈرسۇن دەپ ئۇنىڭغا بىر قوشۇق شەربەت قوشۇپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، غەمكىن شەكۈرەنىڭ خېتىنى ئاپىرىپ بەرگىلى كەتتىم.

# 26. مەن شەكۈرە

خەيرىيە ئېستېرنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا، تونۇگۈن يۇيۇ-لۇپ قۇرۇغان كىر - قاتلارنى قاتلاپ ساندۇققا سېلىۋاتاتتىم... شۇنى دې-مەكچىمەنكى، نېمە ئۇچۇن سىلەرگە يالغان ئېيتاي؟ شۇنداق، ئېستېر كەلگەندە كالانتىر① دىكى تۆشۈكتىن دادام بىلەن قارانى يوشۇرۇن كۆزى-تىۋاتاتتىم ۋە قارا بىلەن هاساندىن كېلىدىغان خەتلەرنى تاقەتسىزلىك بى-لەن كۈتكەنلىكىم ئۈچۈن پۈتۈن خىيالىم ئېستېردە ئىدى. چۈنكى دادامنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇشىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق گۇمانغا ئاساسلانغانلى-قىنى هېس قىلغىنىمدەك، قارانىڭ ماڭا بولغان هەۋىسىنىڭمۇ هاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. ئۇمۇ پۈتۈن ئاشىقلار-دەك ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۆيلەنگۈسى كەلگەنلىكى ئۇچۇن ئاسانلا ئاشىق بولغان گەپ. مەن بىلەن بولمىسا باشقا بىرى بىلەن توي قىلىدۇ ۋە توي قىلىشتىن ئاۋۋال هامان ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ.

ئاشخانىدا خەيرىيە ئېستېرنى بىر بۇلۇڭغا ئولتۇرغۇزۇپ، قولىغا بىر ئىستاكان گۈلاب② تۇتقۇزۇپ، ماڭا گۇناهكاردەك قارىدى. خەيرىيەنىڭ كۆرگەن - بىلگەن هەممە نەرسىنى دادامغا بىر - بىرلەپ يەتكۈزىدىغانلى-قىنى ئۇ دادامنىڭ قوينىغا كىرگەندىن بېرى سېزىپ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ يۈرەتتىم.

— بەختسىز قارا كۆزۈم، گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، مەن كېچىكىپ كەلدىم. چۈنكى ئېرىم بولغان چوشقا — نەسىم مېنى زادى قويۇپ بەرمى-دى، — دېدى ئېستېر، — سېنىڭ بېشىڭدا مەجبۇرلايدىغان ئېرىڭ يوق، بۇنىڭ قەدرىنى بىل.

ئۇ خەتلەرنى چىقارغاندا قولىدىن تارتىۋالدىم. خەيرىيە كۆز ئالدى-

① كالانتىر — ئىككى ئۆينى ئايرىپ تۇرىدىغان ئىشكاپ — ت.

② گۈلاب — خۇشپۇراق گۈل سۈيى — ت.

مىزدىن ئىرغاڭلاپ ئۆتمىسىمۇ، ھەممىنى ئاڭلىيالايدىغان بىر بۇلۇڭغا بېرىۋالغانىدى. ئېستېر چىرايىمغا قارىمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا كەينىمنى قىلىپ تۇرۇپ ئاۋۋال قارانىڭ خېتىنى ئوقۇدۇم، ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىنى ئويلىغىنىمدا تىترەپ كەتكەنىدىم، ئۆزۈمگە، ”قورقما شەكۈرە، سەن ھەرقانداق ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلالايسەن“ دېدىم ۋە ھاساننىڭ خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئۇمۇ قۇتىرىغىلى تۇرۇپتۇ:

*”شەكۈرە خانىم، مەن ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋاتىمەن، لېكىن سىزنىڭ قىلچە پىسەنت قىلمايۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن. كېچىلىرى چۈشلىرىمدە ئۆزۈمنى جىمجىت تاغ چوققىلىرىدا سىزنىڭ خىيالىي كۆلەڭگىڭىزنى قوغلىشىۋاتقان ھالدا كۆرىمەن. ئوقۇغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپقان خەتلىرىمنى ھەر قېتىم جاۋابسىز قالدۇرغىنىڭىزدا يۈرىكىمگە دەستىسى ئۈچ پەيلىك يا ئوقى تەگكەندەك بولىدۇ. بۈگۈنكى خېتىمنى جاۋاب بېرەرسىز دەپ يېزىۋاتىمەن. گەپ ئاللىقاچان ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ كېتىپتۇ. بالىلىرىڭىز سىزنىڭ: ’چۈشۈمدە ئېرىمنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ كۆرۈپتىمەن، ئەمدى مەن ئەركىن‘ دېگەنلىكىڭىزنى ئېيتىشىپتۇ. بۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما ئېنىقى ئاكامنىڭ ئەمرىدە ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە يەنىلا مۇشۇ ئائىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. ھازىر دادامۇ رازى بولدى. بۈگۈن سىزنى ئۆيگە ئەپكېلىش ئۈچۈن قازىغا بارماقچىمىز. بىرقانچە ئادەملەر بىلەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا بارىمىز. بۇنى دادىڭىزمۇ بىلسۇن. بوغچىڭىزنى تەييارلاپ قويۇڭ، ئۆيگە قايتىپ كېلىسىز. جاۋابىنى دەرھال ئېستېردىن يوللارسىز.“*

خەتنى قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە سوئال نەزىرىم بىلەن ئېستېرغا قارىدىم، بىراق ئۇ نە ھاسان، نە قارا ھەققىدە ماڭا يېڭى بىر نەرسە دېمىدى.

ئاشخانا ئىشكاپىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يوشۇرۇپ قويغان قومۇش ساپلىق قەلەمنى ئېلىپ، قەغەزنى نانتاختىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قاراغا بىر پارچە خەت يازاي دەپ يەنە توختاپ قالدىم. بىر ئىش ئېسىمگە كەلگەنىدى، بۇرۇ-

لۇپ ئېستېرگە قارىدىم: ئۇ خۇددى كىچىك بالىلاردەك خۇشاللىق بىلەن گۇلابقا دۇم چۈشكەندى. بىردىنلا مېنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى ئېستېرنىڭ بىلىپ قالغانلىقى ماڭا ئىنتايىن بىمەنە تۇيۇلدى. قەغەز - قەلەمنى ئورنىغا سېلىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

— نېمىدېگەن يېقىملىق كۈلىسەن، گۈزىلىم، — دېدى ئۇ ماڭا، — ئەنسىرىمە، ئاخىرىدا ھەممە ئىش ياخشى ئاياغلىشىدۇ. ئىستانبۇلدا ساڭا ئوخشاش ساھىبجامال، قەلبى زېرەك، قولى گۈل بىر قىزنى ئېلىشقا تەشنا بولغان باي بەگزادىلەر، پاشالار كۆرىمىڭ.

سىلەرگە مەلۇم: بەزىدە شۈبھىسىز ئىشەنگەن بىر سۆزنى بىرىگە دەپ سالىمىز، كېيىن ئۆزىمىزدىن: "مەن بۇ سۆزگە پۈتۈنلەي ئىشەنگەن تورۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئاغزىمدىن چىقارغان چاغدا ئۆزۈمگە ئىشىنەلمەيمەن" دەپ سورايمىز. مەنمۇ شۇنداق ھېسسىيات بىلەن:

— بىراق، ئېستېر، ئىككى بالىسى بار تۇل ئايالنى كىم ئالسۇن، خۇدا ھەققىدەبل— دېدىم.

— ساڭا ئوخشاشلارنى نۇرغۇن كىشىلەر ئىزدەيدۇ، — دېدى ئۇ قولى بىلەن بىرمۇنچە ئىشارەتلەرنى قىلىپ.

ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدىم. ئىچىمدە ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئويلايتتىم. شۇنداق سۈكۈت قىلدىمكى، ئۇ مېنىڭ كۆز ئىپادەمدىن ئۇنىڭغا بىرەر خەت بەرمەيدىغانلىقىمنى، ھەتتا قايتىپ كېتىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندى. ئېستېر كەتكەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدىكى بولۇڭۇمغا بېرىپ يەنە شۇنداق سۈكۈتكە چۆكتۈم. بۇنى سىلەرگە قانداق ئۇقتۇرسام بولار، ئىشقىلىپ، شۇتاپتا ماڭا روھىممۇ بىراقلا تۇنجۇقۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

تامغا يۆلەنگىنىمچە ھېچ ئىش قىلماي بىر ھازا قاراڭغۇلۇقتا ئۆرە تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئويلىدىم، قانداق قىلىشىمنى، ئىچىمدە ئۆلگىيۋاتقان قورقۇنچنى ئويلايتتىم. بۇ چاغدا يۇقىرىقى قەۋەتتە شەۋكەت بىلەن ئورخانىنىڭ پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— خوتۇن كىشىدەك قورقۇنچاق ئىكەنسەن، — دېدى شەۋكەت، — كەينىمدىن ھۇجۇم قىلىشقا باتۇر ئىكەنسەن.

— چىشىم لىڭشىپ قالدى، — دېدى ئورخان.

مەن بىر ياقتىن، دىققىتىمنىڭ يېرىمىنى دادام بىلەن قارانىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتقان سۆھبەتكە قاراتتىم.

رەسىمخانىنىڭ كۆك ئىشىكى ئوچۇق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئوچۇق ئاڭلايتتىم: "ئىتالىيىلىك ئۇستاز رەسساملارنىڭ ئوبراز رەسىملىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، كىشىلەر قورقۇنچ بىلەن شۇنى چۈشەندىكى، — دېدى دادام، — رەسىمدە كۆزلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە ئوپئوخشاش دۈگىلەك تۆشۈك ئەمەس، بەلكى ئەينەكتەك نۇر قايتۇرىدىغان، قۇدۇقتەك نۇرنى سۈمۈرىدىغان، خۇددى بىزنىڭ كۆزلىرىمىزگە ئوخشايدۇ. لەۋلەر قەغەزدەك تۈپتۈز يۈزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېرىق ئەمەس، بەلكى خۇشاللىقىمىز، خاپىلىقلىرىمىزنى ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل روھىي ھالىتىمىزنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ رەڭگىدىكى قىزىللىقمۇ ئۆزئارا ئوخشاشمايدۇ. بۇرۇنلىرىمىزمۇ يۈزلىرىمىزنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىيدىغان قورۇق تام ئەمەس، بەلكى ھەربىر چىرايدا پۈتۈنلەي باشقىچە تۈس ئالغان، ھاياتىي كۈچ ۋە ھەيرانلىقىمىزنى نامايان قىلىدىغان بىر قورالدۇر."

دادامنىڭ رەسىمدىكى كۆپپار بەگلىرىنى "بىز" دېگىنىگە قارامۇ ماڭا ئوخشاش ھەيران بولدى بولغاي، تۆشۈكتىن قارىغىنىمدا قارانىڭ چىرايىنى ئىنتايىن سولغۇن ھالەتتە كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. بۇغداي ئۆڭلۈك سۆيۈملۈكۈم، جاپا چەككەن باتۇرۇم، مېنى ئويلاۋېرىپ تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىيالمىغاچقا، چىرايىڭ تاتىرىپ كەتتىمۇ - نېمە؟

بەلكىم سىلەر قارانىڭ ئېگىز بويلۇق، زىلۋا ۋە يېقىملىق، پېشانىسى كەڭ، بادام قاپاق، قاڭشارلىق بىر ئەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر. ئۇنىڭ قوللىرى بالىلىق چاغلىرىدىكىدەك ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، بارماقلىرى ھەرىكەتلىك ۋە چاققان ئىدى، ئۆرە تۇرغىنىدا تۇرقى تاسمىدەك ئۇزۇن ۋە تۈز، مۈرىلىرى كەڭ بولسىمۇ، لېكىن مۈرىسىدە يۈك توشۇيدىغان ھامماللارنىڭكىدەك بەك كەڭمۇ ئەمەس ئىدى. بالىلىق ۋاقتىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىمۇ، چىرايىمۇ سەبىي ئىدى. 12 يىلدىن كېيىن بۇ قاراڭغۇ بۇلۇڭۇمدىن ئۇنى دەسلەپ كۆرگىنىمدە خېلىلا يېتىلگەنلىكىنى چۈشەندىم.

شۇ تاپتا قاراڭغۇدا كۆزۈمنى كامارغا چاپلىغىنىمدا، قارانىڭ چىرا-

يىدا 12 يىلدىن كېيىن پەيدا بولغان قايغۇنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇنىڭ مەن
ئۇچۇن شۇنچە ئازاب چەككەنلىكىدىن ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغانلىقىمنى سې-
زىۋاتىمەن ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇ دادامنىڭ كى-
تابى ئۇچۇن سىزىلغان بىر رەسىمگە قارىغىنىچە دادامنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلاۋاتقاندا، قارانىڭ چىرايىدىن پۈتۈنلەي مەسۇملۇك ۋە سەبىيلەرچە بى-
غۇبارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ گۈل رەڭ ئاغ-
زىنى سەبىيلەرچە ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىن كۆكسۈمنى ئاغزىغا سال-
غۇم كەلدى. ناۋادا، مەن بارماقلىرىم بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىنى سىلاپ،
چاچلىرىنى تارىغان بولسام، ئۇ بېشىنى كۆكسلىرىمنىڭ ئارىسىدىكى
ئېرىقچىغا قويۇپ، بالىلىرىمغا ئوخشاش كۆكسۈمنىڭ ئۇچىنى ئاغزىغا ئې-
لىپ بەختىيار ھالدا كۆزلىرىنى يۇمغان بولاتتى ۋە بىر بىچارە گۈدەككە
ئوخشاش مېنىڭ شەپقىتىم بىلەنلا ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ما-
ڭا ئاخىرغىچە باغلانغان بولاتتى.

بۇ خىيال مېنى شۇنداق خۇشال قىلدىكى، ۋۇجۇدۇمنى بىر ئاز تەر
باسقاندا قارانىڭ دادام كۆرسەتكەن شەيتان رەسىمگە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ
كۆكسلىرىمنىڭ چوڭلۇقىغا ھەيرانلىق ۋە دىققەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى
تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئۇ يالغۇز كۆكسلىرىمگىلا ئەمەس، چاچلىرىمغا، بوي-
نۇمغا ۋە ھەممە يېرىمگە مەستانىلارچە قارايتتى. ئۇ ماڭا شۇنداق مەپتۇن
بولاتتىكى، ياش ۋاقتىدا ئېيتالمىغان پۈتۈن شېرىن سۆزلىرىنى ئېيتماق-
چى بولاتتى. چىرايىدىن، قاراشلىرىدىن مېنىڭ مەغرۇر ھالىمغا، كۆرگەن
- بىلگەنلىرىمگە، ئېرىمنى سەۋر ۋە جاسارەت بىلەن كۈتۈۋاتقىنىمغا، ئۆ-
زىگە يازغان خېتىمنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران بولغانلىقىنى چۈشىنەت-
تىم.

بىردىنلا، مېنى قايتا ياتلىق قىلماسلىقىنىڭ پىلانىنى قۇرغان دادامغا
خاپا بولدۇم. پەرەڭ رەسساملىرىغا تەقلىد قىلىپ سىزدۇرغان رەسىملەر-
دىن، شۇنداقلا ۋېنېتسىيە سەپىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەردىنمۇ بىزار بول-
دۇم.

كۆزۈمنى تەكرار يۇمدۇم. ئى ئاللاھ، بۇلارنى مەن ئۆز خاھىشىم بىلەن
قىلىۋاتقىنىم يوق. خىيالىمدا قارا ماڭا شۇنداق يېقىملىق يېقىنلاشتىكى،

قاراڭغۇدا گويا ئۇنى يېنىمدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم. بىردىن ئۇنىڭ كەينىمدە پەيدا بولغانلىقىنى، گەجگەمنى، بوينۇمنى، قۇلاقلىرىمنىڭ كەينىنى سۆيگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ناھايىتى كۈچلۈكلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇتاپتا ساغلام، بەستلىك، كۈچلۈك بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تايىنىشقا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈمنى بىخەتەر ھېس قىلاتتىم. گەجگەم غىدىقلىنىپ، كۆكسۈمنىڭ ئۈچى تىترەيتتى. قاراڭغۇدا كۆزلىرىمنى يۇمغىنىمدا، كەينىمدە گويا ئۇنىڭ ھېلىقى نەرسىسىنىڭ دىڭگىيىپ ماڭا تىرەلگەنلىكىنى شۇنداق ھېس قىلدىمكى، بېشىم قېيىپ كەتتى. قارانىڭ ئۇ نەرسىسى قانداقتۇ؟

بەزى چۈشلىرىمدە ئېرىم ماڭا ئۇنى ھەسرەت بىلەن كۆرسىتەتتى. بايقىدىمكى، ئېرىم بىر ياقتىن سەفەۋىي ئەسكەرلىرى نەيزىلىگەن، ئوقلار ئۆتمە تۆشۈك قىلىۋەتكەن قانلىق گەۋدىسىنى رۇسلاپ مېڭىشقا تىرىشسا، يەنە بىر ياقتىن بىزگە يېقىنلاشماقچى بولۇپ ھەپىلىشەتتى. ئەپسۇسكى، ئارىمىزدا بىر دەريا بار. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن قانلار ئىچىدە مېنى چاقىرىپ ئېچىنىشلىق توۋلىغىنىدا قارىسام ئالدى كۆپۈپ كېتىپتۇ. ئەگەر مۇنچىدا گىروزىيىلىك كېلىنچەكنىڭ ئېيتقىنى ۋە ھېلىقى قىلىقسىز مومايلارنىڭ ” شۇنداق، شۇنچىلىك بولىدۇ“ دېگىنى توغرا بولسا، ئېرىمنىڭ ئۇ نەرسىسى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئەگەر قارانىڭ ئۇنىڭكىدىن چوڭ بولسا، تۈنۈگۈن مەن شەۋكەتتىن يوللىغان قۇرۇق قەغەزنى ئالغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بەل تاسمىسىنىڭ ئاستىدا كۆرگەن ھېلىقى يوغان نەرسە ھەقىقەتەن شۇ بولسا — دەرۋەقە شۇ ئىدى — بەلكىم ئىچىمگە سىغماس ياكى ناھايىتى قىيىنلارمەن دەپ قورققانىدىم.

— ئاپا، شەۋكەت مېنى دوراۋاتىدۇ.

كالانتىرنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدىن چىقىپ، ئاستاغىنە ئۇدۇلدىكى ھۇجرىغا كىرىپ، ساندۇقتىن قىزىل دۇراپ پىنجىكىمنى ئېلىپ كىيدىم. بالىلار ئورۇن - كۆرپىلىرىمنى چۇۋۇشتۇرۇپ، ئۈستىدە ۋارقىراپ - جارقىراپ ئويىنىشىۋاتاتتى.

— سىلەرگە ئۆيگە قارا كەلگەندە ۋارقىراشماڭلار دېمىگەنمىدىم؟

— ئاپا، بۇ قىزىل پىنجەكنى نېمىگە كىيدىڭ؟ — دېدى شەۋكەت.

— بىراق ئاپا، شەۋكەت دائىم مېنى دورايدۇ، — دېدى ئورخان.

— ساڭا ئۇنى دورىما دېمىدىممۇ؟ بۇ پاسكىنا نەرسە بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟— يېنىدا بىر پارچە تېرە تۇراتتى.

— جەسەت،— دېدى ئورخان،— شەۋكەت كوچىدىن ئەپكىردى.

— دەرھال ئۇنى ئەپكەلگەن يەرگە ئاپىرىپ تاشلاڭلار.

— شەۋكەت ئاپارسۇن.

— چاپسان بولۇڭلار.

ھەر قېتىم ئۇلارنى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى قىلىدىغىنىمدەك، غەزەپ بىلەن لەۋلىرىمنى چىشلەشكە باشلىغاندا، ئەلپازىمنى كۆرۈپ قورقۇپ چىقىشىپ كەتتى. سوغۇق تەگكۈزمەي دەرھال قايتىپ كېلەر، ئىنشائاللا.

بارلىق رەسساملار ئىچىدە ھەممىدىن قارانى ياقتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى ئۇ مېنى ھەممىدىن كۆپرەك ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىمەن. قەغەز - قەلەم ئېلىپ، بىر ھەپسىلە بىلەن گويا ھېچ ئويلاشماستىنلا مۇنۇلارنى يازدىم:

*"بولىدۇ، نامازشامغا ئەزان چىقىشتىن ئىلگىرى ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە كۆرۈشەيلى. دادامنىڭ كىتابىنى بالدۇرراق تاماملىغىن."*

ھاسانغا جاۋاب يازمىدىم. چۈنكى بۇگۈن راستىنلا قازىغا بارسا، ئۇنىڭ بىلەن دادىسى بىرمۇنچە كىشىلەرنى باشلاپ تۇيۇقسىز ئۆيىمىزنى باسىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا خەت يازمايتتى، مەندىن جاۋاب كۈتمەيتتى - دە، دەرھال كېلىشەتتى. ھازىر ئۇ مەندىن خەت كۈتمەكتە. خەت بارمىسا تېرىكەتتى - دە، ئادەم باشلاپ باستۇرۇپ كېلەتتى. مېنى ئۇنىڭدىن زادى قورقمايدۇ دەپ ئويلىماڭلار. ئىشنىڭ توغرىسى، مېنى ئۇنىڭدىن قوغدىشى ئۈچۈن قاراغا تايىنىمەن. لېكىن شۇئان كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەرنى دەپ بېرەي: ھاساندىن شۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە قورقۇپ كەتمەيمەنكى، مەن ئۇنىمۇ ياخشى كۆرىمەن.

بۇ ياخشى كۆرۈش قانداق ئىش دېسەڭلار، خاپا بولمايمەن ۋە سوئاللىڭلار يوللۇق دەپ قارايمەن. ئېرىمنىڭ ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىشىنى

ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە كۈتۈپ ئولتۇرغان يىللاردا بۇ يىگىتنىڭ قانداق بىر بىچارە ئىكەنلىكىنى، قانداق ئاجىز ۋە شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىم ئەمەس. ئەمما ئېستېر ھازىر ئۇنىڭ كۆپ پۇل تاپقانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى ئېستېرنىڭ قاپاقلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان قاشلىرىدىن چۈشىنەتتىم. ھازىر ھاساننىڭ پۇلى ۋە ئۆزىگە ئىشەنچى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلغان كەمچىلىكلىرىمنىڭ يوقالغانلىقىنى ۋە مېنى ئۇنىڭغا جەلپ قىلغان ھې-لىقى قاراڭغۇ، جىندەك، غەلىتە تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئويلايمەن. بۇ تەرىپىنى ئۇنىڭ ماڭا تەرسالىق بىلەن يوللىغان خەتلىرىدىن بايقىدىم.

قارامۇ، ھاسانمۇ ماڭا ئاشىق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ئەرزىيەت چەك-تى. قارا 12 يىل يىراق جايلارغا كېتىپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. ئۇ-نىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى. ھاسان ھەر كۈنى ماڭا چۆرىسىگە قۇش ۋە كېپىنەك رەسىملىرى سىزىلغان سالام خەتلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. ئۇ خەت-لەرنى ئوقۇپ، دەسلەپ ئۇنىڭدىن قورقتۇم، كېيىن ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قالدىم.

ھاساننىڭمۇ مېنىڭ ھەممە ئىشىمغا قىزىقىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ چۈشۈمدە ئېرىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلى-كىنى كۆرگەنلىكىمنى بىلىدىغانلىقىغا ھەيران بولمىدىم. چۈنكى، مەن قاراغا يوللىغان خەتلەرنى ئېستېرنىڭ ھاسانغا ئوقۇتقانلىقىدىن گۇمان قىلاتتىم. شۇ ۋەجىدىن، قاراغا ئېستېردىن جاۋاب يوللىمىدىم. گۇمانلى-رىمنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى سىلەر مەندىن ياخشى بىلىسىلەر.

ــ نەگە كەتتىڭلار؟ــ دەپ سورىدىم بالىلار قايتىپ كەلگەندە.

لېكىن ئۇلار بۇنى راستىنلا خاپا بولۇپ دېمىگەنلىكىمنى دەرھال چۈشەندى. مەنمۇ ئورخاندىن يوشۇرۇن شەۋكەتنى بىر چەتكە، يەنى قاراڭغۇ كالانتىرنىڭ تۆۋىگە تارتىپ قۇچىقىمغا ئېلىپ، بويىنى، چاچلىرى ۋە گەج-گىسىگە سۆيدۇم.

ــ مۇزلاپ كېتىپسەن قوزام، كېلە، ئۇ چىرايلىق قوللىرىڭنى ئاپاڭ ئىسسىتىپ قويسۇن...ــ دېدىم.

ئۇنىڭ قوللىرى سېسىق پۇراپ كەتكەنىدى، لېكىن گەپ قىلمىدىم. بېشىنى باغرىمغا بېسىپ قۇچاقلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئىسسىپ، يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان مۇشۇكتەك ئۆزىنى تاشلاپ يېنىك ھاسىراشقا باشلىدى.

— دەپ باققىنا، سەن ئاپاڭنى ناھايىتى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ھەم.

— ھەئە دېدىڭمۇ؟

— شۇنداق.

— ھەممىدىن ياخشى كۆرەمسەن؟

— ھەئە.

— ئۇنداقتا مەن ساڭا بىر نەرسىنى ئېيتاي، — دېدىم سىر بەرگەندەك، — ئەمما ھېچكىمگە ئېيتمايسەن، بولامدۇ؟ — دەپ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم، — مەنمۇ سېنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىمەن، بىلەمسەن؟

— ئورخاندىنمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟

— ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك. ئورخان كىچىك، قۇش بالىسىدەك ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيدۇ. سەن بولساڭ ئەقىللىق، چۈشىنىسەن، — ئۇنىڭ چاچلىرىنى پۇراپ سۆيدۈم، — شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر سەندىن بىر نەرسە سورايمەن. تۈنۈگۈن قارا ئەپەندىگە مەخپىي ھالدا بىر پارچە ئاق قەغەزنى ئاپىرىپ بەرگەن ئىدىڭغۇ؟ بۈگۈنمۇ ئاپىرىسەن، بولامدۇ؟

— دادامنى ئۇ ئۆلتۈرۈپتۇ.

— نېمە؟

— دادامنى ئۇ ئۆلتۈرۈپتۇ. تۈنۈگۈن ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە ئۆزى دېدى.

— نېمە دېدى؟

— داداڭنى مەن ئۆلتۈردۈم، مەن كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، — دېدى.

تۇيۇقسىز بىر ئىش يۈز بەردى. كەينىدىنلا شەۋكەت قۇچىقىمدىن چۈشۈپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ بالا نېمىگە يىغلايدىغاندۇ؟ ھە راست، بايا ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنى بىر كاچات ئۇرغانىدىم، شۇنىڭغا يىغلىسا كېرەك.

باشقىلارنىڭ مېنى تاش يۈرەك دەپ ئويلىشىنى خالىمايمەن. لېكىن مېنىڭ شۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ، مەن ياتلىق بولماقچى بولغان بىر كىشىنى بۇنداق دېگەنلىكىمگە ئاچچىقىم كەلگەنىدى.

دادىسىدىن يېتىم قالغان بىچارە بالىنىڭ توختىماي يىغلىشىدىن بىردىنلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يىغلىۋەتكىدەك بولدۇم.

بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلىدۇق. بالا تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆكسۈيتتى. بىر كاچاتقىمۇ شۇنچە يىغلىغان بارمۇ؟ بېشىنى سىلىدىم.

ھەممە ئىش مۇنداق باشلاندى. گەپ ئارىسىدا ئالدىنقى كۈنى دادامغا چۈشۈمدە ئېرىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىمنى دەپ بەرگەنىمنى بىلىسىلەر. ئەسلىدە پارسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن زادى قايتمىغان بۇ تۆت يىل ئىچىدە ھەمىشە چۈشۈمدە ئۇنى شۇنداق كۆرگەنىدىم. چۈشۈمدە يەنە بىر جەسەتمۇ كۆرگەن، ئەمما ئۇنىڭ جەسىتىمۇ، ئەمەسمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

چۈشلەر ئادەتتە مەلۇم مەقسەتكە يېتىشكە باھانە بولىدۇ. ئېستېرنىڭ مومىسى كەلگەن پورتۇگالىيىدە چۈشلەر خۇداسىزلارنىڭ شەيتان بىلەن تېپىشىپ جۈپلىشىشىنىڭ باھانىسى قىلىنارمىش. ئۇ چاغدا ئېستېرنىڭ جەمەتى يەھۇدىيلىكىنى ئىنكار قىلىپ، "بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش خىرىستىئان كاتولىكى بولدۇق" دېيىشكەن بولسىمۇ، پورتۇگالىيە چېركاۋلىرىدىكى ئېيزۇئىتلار① جەمئىيىتىنىڭ جازا ئىجرا قىلغۇچىلىرى بۇنىڭغا ئىشەنمەي، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ چۈشلىرىدە كۆرگەن جىن - شەيتانلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتقۇزغاندەك، ئۇلار كۆرمىگەن چۈشلەرنىمۇ ئىسكەنجە زورى بىلەن ئۇلارغا تاڭغان ۋە ئىقرار قىلدۇرغانكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەردە چۈشلەر ئادەملەرنىڭ شەيتان بىلەن جۈپلەشكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەپ كۆيدۈرۈشكە باھانە بولىدىكەن.

چۈشلەر ئۈچ خىل نەرسىگە باھانە بولىدۇ:

① ئەيسا جەمئىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ — ت.

ئا: سىز مەلۇم بىر نەرسە تەلەپ قىلىسىز، لېكىن كىشىلەر تەلەپ قىلىشىڭىزغىمۇ يول قويمايدۇ. ئۇ چاغدا چۈشۈمدە كۆردۈم دەيسىز. شۇنداق قىلىپ، سىز تەلەپ قىلماقچى بولغان نەرسىڭىزنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغاندەك قىلىپ ئېيتىسىز.

ب: بىرىگە يامانلىق قىلماقچى بولىسىز. مەسىلەن، بىرىگە قارا چاپلايسىز. ئۇ چاغدا چۈشۈمدە پالانچى خانىمنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى كۆردۈم دەيسىز ياكى چۈشۈمدە بىرەيلەن پالانچى پاشاغا تۈك - تۈگلاپ شارابلارنى تەقدىم قىلغانلىقىنى كۆردۈم دەيسىز. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر سىزگە ئىشەنمىسىمۇ، ئۇلار سىز قىلغان بۇ غەيۋەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى هامان هېسابقا ئالىدۇ. سىزمۇ مەقسىتىڭىزگە يېتىسىز.

ج: بىرنەرسە تەلەپ قىلىسىز، ئەمما نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ بىلمەيسىز. شۇڭا بىر قالايمىقان چۈشنى ئېيتىسىز، كىشىلەر شۇئان تەبىر بېرىپ، نېمە تەلەپ قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى، ئۇلار سىزگە نېمە بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەسىلەن: سىزگە بىر ئەر، بىر پەرزەنت ۋە بىر ئۆي كېرەك، دەيدۇ.

بۇ چۈشلەر ھەقىقەتەن ئۇيقۇلىرىمىزدا كۆرگەن نەرسىلەر ئەمەس، ھەممە كىشى كۈپكۈندۈزدە كۆرگەن چۈشنى بىر ئىشقا باھانە بولسۇن دەپ كېچە كۆردۈم دەيدۇ. كېچىسى كۆرگەن راست چۈشلەرنى پەقەت ئەخمەقلەرلا ئۆز پېتى ئېيتىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر يا سىزنى مەسخىرە قىلىدۇ، ياكى ئادەتتە بولغىنىدەك چۈشكە يامان تەبىر بېرىدۇ. راست چۈشلەرنى بولسا ھېچكىم راست دېمەيدۇ. ئۇ چۈشنى كۆرگەنلەرمۇ شۇنداق. ئەجەبا سىز راست دەمسىز؟

چالا ئېيتىلغان بىر چۈش بىلەن ئېرىمىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىشارەت قىلغىنىمدا، دادام دەسلەپ بۇ چۈشنى ئەمەلىيەتنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئەمما دەپنە مۇراسىمىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادام بۇ چۈشتىن ئېرىمىنىڭ ئۆلگەنلىك يەكۈنىنى چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن تۆت يىلدىن بۇيان ھايات ئېرىمىنىڭ بىر چۈشتە ئۆلگەنلىكىگە كىشىلەر ئىشىنىپلا قالماي بۇ ئۆلۈمنى شۇنداق ئېتىراپ قىلىشتىكى، گويا رەسمىي ئېلان قىلىنغاندەك

بولدى. باللار ھەقىقەتەن يېتىم قالغانلىقىنى شۇ چاغدا بىلدى ۋە مەيۇس-
لەندى.

— سەن چۈش كۆرگەنمىدىڭ؟— دەپ سورىدىم شەۋكەتتىن.

— ھەئە،— دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەپ،— دادام قايتىپ كەلمەپتۇ، ئا-
خىرى مەن سەن بىلەن توي قىلىپ چۈش كۆرگەن.

ئۇنىڭ ئىنچىكە بۇرنى، قارا كۆزلىرى، كەڭ مۇرىلىرى دادىسىغا ئە-
مەس، ماڭا ئوخشايدۇ. بەزىدە مەن بۇ يۇمىلاقباش ئوغۇللىرىمنىڭ ئىككى-
لىسى دادىسىنىڭ كەڭ پېشانىسىنى تارتمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىمەن.

— ئەمدى بېرىپ ئۇكاڭ بىلەن قىلىچ ئوينا.

— دادامنىڭ كونا قىلىچىنىمۇ؟

— ھەئە.

باللارنىڭ قىلىچۋازلىق قىلىشقان تاراق - تۇرۇقىنى ئاڭلاپ بىر-
ھازا ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قارىدىم ۋە ئىچىمدە ئارتىۋاتقان قورقۇنچ بىلەن
ئەندىشىنى بېسىشقا تىرىشتىم. ئاشخانىغا كىرىپ خەيرىيەگە:

— دادام خېلىدىن بېرى بېلىق شورپىسىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.
سېنى يەلكەنلىك كېمە پرىستانىغا ئەۋەتىدىغاندەك تۇرىمەن. شەۋكەت ياخ-
شى كۆرىدىغان مېۋە قېقىنى تىقىپ قويغان يېرىڭدىن باللارغا بىرنەچچە
تال ئەپچىقىپ بەرگىن،— دېدىم.

شەۋكەت ئاشخانىدا قاق يەۋاتقاندا، ئورخان بىلەن ئىككىمىز يۇقىرى-
قى قەۋەتكە چىقتۇق. ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىپ بويىنىنى سۆيدۇم ۋە:

— تەرلەپ كېتىپسەنغۇ، بۇ يېرىڭ نېمە بولدى،— دېدىم.

— شەۋكەت تاغامنىڭ قىزىل قىلىچى، دەپ ئۇردى.

— كۆكىرىپ كېتىپتۇ،— ئاغرىۋاتامدۇ،— دەپ تۇتتۇم،—
قاراڭلار، بۇ شەۋكەت نېمىدېگەن ئەقىلسىز، سېنى نېمە دېسەم بولار، سەن
ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ئەستايىدىل. سەندىن بىر ئىشنى سورىماقچىمەن.
مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلساڭ شەۋكەتكىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئېيتمىغان بىر
سىرنى ساڭا ئېيتىمەن.

— قانداق ئىش؟

— بۇ قەغەزنى كۆردۇڭمۇ؟ بوۋاڭنىڭ يېنىغا كىرسەن، ئۇنىڭغا كۆر-

سەتمەي بۇنى قارا ئەپەندىنىڭ قولىغا بېرىسەن، چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم.
— شۇنداق قىلالامسەن؟
— ئاندىن ماڭا قايسى سىرنى ئېيتىسەن؟
— سەن ئاۋۋال قەغەزنى ئەكىرىپ بەر، — دەپ ئېپاردەك پۇرايدىغان بويىنىغا يەنە بىرنى سۆيدۈم ۋە "ئېپاردەك" دەپ قويدۇم، لېكىن خەيرىيە بۇ باللارنى مۇنچىغا ئاپارمىغلى خېلى بولغاندى. دەرۋەقە، شەۋكەتنىڭ ھېلىقى نەرسىسى مۇنچىدىكى ئاياللارنى كۆرۈپ دىڭگىيىشقا باشلىغاندىن بېرى بارمىغاندى. — سىرنى كېيىن ئېيتىمەن، سەن ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ناھايىتى چىرايلىق. شەۋكەتنىڭ مىجەزى ئەسكى. ئۇ ئانىسىغا قول كۆتۈرۈشتىنمۇ يانمايدۇ، — دەپ ئۇنى سۆيدۈم.
— ئەكىرمەيمەن، قارا ئەپەندىدىن قورقىمەن، دادامنى ئۇ ئۆلتۈرۈپتىكەن، — دېدى ئۇ.
— بۇنى ساڭا شەۋكەت دېدى، شۇنداقمۇ؟ — دېدىم، — تېزلىكتە تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ ئۇنى چاقىرغىن.
ئۇ غەزىپىمنى چىرايىمدىن كۆرۈپ، قورقۇنچ بىلەن قۇچىقىمدىن چۈشۈپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئېھتىمال ئۇ شەۋكەتنى پالاكەت باسىدىغانلىقىنى سەزگەنلىكى ئۈچۈن خۇش بولسا كېرەك. بىرئازدىن كېيىن ئىككىلىسى قىزىرىپ - تاترىپ، ھاسىراپ - ھۆمىدەپ كېلىشتى. شەۋكەتنىڭ بىر قولىدا مېۋە قېقى، يەنە بىر قولىدا قىلىچ بار ئىدى.
— ئۇكاڭغا داداڭلارنى قارا ئەپەندى ئۆلتۈرگەنلىكىنى دەپسەنغۇ، — دېدىم، — ئىككىنچى بۇ ئۆيدە ئۇنداق گەپ قىلغۇچى بولما. قارا ئەپەندىنى ياخشى كۆرۈڭلار، ھۆرمەتلەڭلار، ئاڭلىدىڭمۇ؟ پۈتۈن ھاياتىڭلارنى ئاتىسىز ئۆتكۈزەلمەيسىلەر.
— مەن ئۇنى خالىمايمەن، ئۆز ئۆيىمىزگە، ھاسان تاغامنىڭ يېنىغا كېتىپ دادامنى كۈتىمەن، — دېدى شەۋكەت قوپاللىق بىلەن.
— شۇئان شۇنداق غەزەپلەندىمكى، ئۇنىڭغا بىر كاچات سالدىم. ئۇ قىلىچنى تېخىچە تۇتۇپ تۇراتتى، شۇئان قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.
— دادامنى كۈتىمەن، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ. لېكىن مەن ئۇنىڭ-

دىن بەتتەر مەيۇس ئىدىم.

— داداڭلار يوق، قايتىپ كەلمەيدۇ، — دېدىم كۆز يېشى قىلىپ، — ئاتىسىز قالدىڭلار، ئاڭلىدىڭلارمۇ، ھارىملارا — شۇنداق يىغلاپ كەتتىمكى، سىرتتىكىلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقتۇم.

— بىز ھارىمى ئەمەس، — دېدى شاۋكەت يىغلاپ تۇرۇپ، بىز پۇخادىن چىققىچە يىغلىدۇق. بىرھازادىن كېيىن، يىغىنىڭ كۆڭلۈمنى يۇمشىتىپ، مېنى ياخشىلىققا ئۈندىگەنلىكى ئۈچۈن يىغلىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. يىغلا ـ يىغلا، باللار بىلەن گىرەلىشىپ كارىۋاتقا ئۆزىمىزنى تاشلىدۇق. شەۋكەت بېشىنى كۆكسىلىرىمنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالغانىدى. بەزىدە ئۇنىڭ ماڭا مۇشۇنداق چىرمىشىپ چاپلىشىۋالغانلىقىدىن ئۇنىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم ۋە ئۇلار بىلەن بىللە مەنمۇ ئۇخلاپ قالاتتىم. لېكىن شۇ تاپتا خىيالىم تۆۋەنكى قەۋەتتە ئىدى. مەززىلىك قايناۋاتقان ماندارىن پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ باللارنى ئويغاتتىم.

— چىقىڭلار، تۆۋەنكى قەۋەتتە خەيرىيە سىلەرگە تاماق بەرسۇن.

ھۇجرىدا يالغۇز قالدىم. قار يېغىشقا باشلىغانىدى. ئەي ئاللاھ، ماڭا مەدەت بەرگەيسەن، دەپ يېلىندىم. ئاندىن «قۇرئان كەرىم»نى ئېچىپ، "ئال ئىمران" سۈرىسىدىن جەڭدە ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ، رەھمەتلىك ئېرىم ئۈچۈن كۆڭلۈمگە تەسەللى تاپتىم. دادام قاراغا پادىشاھىمىزنىڭ تېخى پۈتمىگەن رەسىمىنى كۆرسەتكەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ بۇ رەسىمنىڭ چوقۇم ئۆز ئەينى بولىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. رەسىمگە قارىغان كىشى پادىشاھىمىزنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە بىۋاستە قاراشقا تىرىشقانلاردەك قورقۇپ كۆزلىرىنى قاچۇراتتى.

ئورخاننى يېنىمغا چاقىردىم. ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىشتىن ئاۋۋال بېشى، مەڭزىلىرىگە ئۈزۈۈندىن ـ ئۈزۈن سۆيدۈم.

— ئەمدى قورقماستىن ۋە بوۋاڭغا كۆرسەتمەستىن، دەرھال بۇ قەغەزنى قاراغا بەرگىن، چۈشەندىڭمۇ؟

— چىشىم مىدىراپ قالدى.

— قايتىپ كەلگىنىڭدە، خالىساڭ چىشىڭنى تارتقۇزغىلى ئېلىپ باراي، — دېدىم، — ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈڭنى ئاتىسەن، ئۇمۇ ھەيران بو-لۇپ سىنى قۇچاقلايدۇ. شۇ چاغدا قەغەزنى ئاستا قولىغا تۇتقۇزۇپ قويـ-سەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— قورقىمەن.

— قورقىدىغان ھېچنەرسە يوق. قارا بولمىسا، كىمنىڭ ساڭا دادا بو-لۇشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ ھاسان تاغاڭ! ئۇنىڭ داداڭ بولۇشىنى خالامسەن؟

— خالىمايمەن.

— ئۇنداقتا خوپ، مېنىڭ ئوماق، ئەقىللىق ئورخانىم، — دېدىم، — ئەگەر ئەكىرمىسەڭ، پەخەس بول، مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىدۇ. يىغلىساڭ تېخىمۇ ئاچچىقىم كېلىدۇ.

ئۇمىدسىزلىك ۋە ئىستائەتچانلىق بىلەن ئۆزاتقان قولىغا خەتنى قاتلاپ - قاتلاپ تۇتقۇزدۇم. ئى ئاللاھ، بۇ ئىشلارنى بۇ يېتىملەر تالادا قال-مىسۇن دەپ قىلىۋاتىمەن، مەدەت بەرگەيسەن. ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئە-شىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم. بوسۇغىدا ئۇ يەنە بىر قېتىم قورقۇنچ بە-لەن ماڭا قارىدى.

ئورنۇمغا قايتىپ، كاماردىن ئۇنىڭ ئېغىر قەدەملەر بىلەن كارىدورغا كىرگەنلىكىنى، دادام بىلەن قارانىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى، توختىغانلىقىـ-نى، قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغانلىقىنى، كەينىدىن مەن قاراپ تۇرغان كامارغا قاراپ قويغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يىغلاشقا باشلىدى، لېكىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى قارانىڭ قۇچىقىغا ئېتىشىنىمۇ ئەپلەشتۈردى. قارانىڭ بالىلىرىمغا ئاتا بولۇشقا رازى بولغىدەك دەرىجىدە كاللىسى ئىشـ-لەيدىغانلىقى ئۈچۈن قۇچىقىدا نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى بىلمىگەن ئورخان-نى كۆرۈپ، جىددىيلەشمەي، بالىنىڭ ئالىقىنىغا قارىدى.

دادامنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرىنى كۆرگەن ئورخان كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتىپ چىقىشى بىلەنلا، يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچىقىمغا ئالدىم ۋە ئۆزۈنغىچە سۆيۈپ، تۆۋەنكى قەۋەتتىكى ئاشخانىغا ئېلىپ چۈشۈپ، ئاغزى-نى ئۇ ياخشى كۆرىدىغان كىشمىشلەر بىلەن تولدۇرۇپ:

— خەيرىيە، سەن باللارنى ئېلىپ يەلكەنلىك كېمە پرىستانىغا بې-
رىڭلار - دە، كوستانىنىڭ دۆكىنىدىن دادامغا شورپا سالغىلى كېفال بېلىقى ئېلىپ كېلىڭلار. مانا بۇ 20 تەڭگىنى ئال. بېلىقتىن ئاشقان پۇلغا قايتىشتا ئورخانغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان سېرىق ئەنجۈر ۋە قىزىل كورنۇس قېقى ئېلىپ بەر، شەۋكەتكىمۇ نوقۇت ۋە ياڭاقلىق سۇجۇق① ئېلىپ بەر. نامازشامغىچە خالىغىنىڭچە ئوينات، ئەمما سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن، — دېدىم.

ئۇلار كېيىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆينىڭ جىمجىتلىقىغا ھەۋىسىم كەلدى. يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقىپ قېيىنئاتام ياسىغان، ئېرىم ماڭا ھەدىيە قىلغان ئەينەكنى يوشۇرۇپ قويغان يەردىن، يەنى ئەتىر پۇرايدىغان ياستۇق قاپلىرى ئارىسىدىن ئېلىپ ئاستىم. يىراقتىن ئالدىغا ئۆتۈپ ئاستاغىنە مىدىرلىسام، پۈتۈن گەۋدەمنى ئەينەكتە ئايرىم - ئايرىم كۆرەلەيتتىم. قىزىل دۇراپ پىنجىكىم يارىشىپتۇ. لېكىن ئاپامنىڭ تويلۇق ساندۇقىدىن ئالغان سۆسۈن رەڭ كۆڭلەكنىمۇ ئىچىمگە كىيىۋېلىشنى خالايتتىم. ساندۇقتىن مومام ئۆز قولى بىلەن گۈل تىككەن ئالما رەڭ پاختىلىق چاپاننىمۇ ئېلىپ كىيىپ باقتىم، بىراق ياراشمىدى. سۆسۈن رەڭ كۆڭلەكنى كىيىپلا مۇزلاپ تىترەپ كەتتىم. مەن بىلەن بىللە شامنىڭ يالقۇنىمۇ لەپىلدىدى. ئەڭ سىرتىغا ئەلۋەتتە ئىچى تۈلكە تېرىسىدىن قىلىنغان پەلتۇيىمنى كىيەتتىم. لېكىن ئاخىرىدا پىكرىمنى ئۆزگەرتىپ، كارىدوردىن جىمجىت ئۆتۈپ، ئاپام بەرگەن ئۇزۇن ھەم كەڭ ھاۋارەڭ سوكنا پەلتۇيىمەنى ساندۇقتىن ئېلىپ كىيدىم، لېكىن دەل شۇ چاغدا ئىشىك تەرەپتىن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتىم. قارا سىرتقا چىقماقچى بولۇۋېتىپتۇ! دەرھال ئاپامنىڭ كونا پەلتۇسىنى يېشىۋېتىپ، قىزىل جۇۋا پەلتۇنى كىيدىم. پەلتۇنىڭ كۆكرەك قىسمى تار ئىدى، ئۇنى ياقتۇردۇم. بېشىمنى چىڭ تېڭىپ، چۈمبىلىمنى يۈزۈمگە تارتتىم.

قارا ئەپەندى تېخى چىقمىدى، مەن ھاياجانلانغىنىمدىن ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانىدىم. ئەمدى چىقسام دادامغا "باللار بىلەن بېلىق ئالغىلى

① سۇجۇق — ياڭاق، نوقۇت، بادام مېغىزلىرىنى ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن قاتۇرۇپ تەييارلانغان يېمەكلىك — ت.

بارغاندىم" دېيىشكە توغرا كېلەتتى. پەلەمپەيلەردىن مۈشۈكتەك ئاۋايلاپ چۈشتۈم.

ئىشىكنى غىچ قىلىپ ياپتىم ـ دە، ھويلىدىن جىمجىت ئۆتۈپ كوچىغا چىقتىم، بىردەم تۇرۇپ ئۆي تەرەپكە بۇرۇلۇپ، چۈمبەلنىڭ ئىچىدىن قارىۋىدىم، گويا بۇ ئۆي بىزنىڭ ئەمەستەك كۆرۈندى.

كوچىدا ھېچكىم يوق ئىدى، ھەتتا بىرەر مۈشۈكمۇ كۆرۈنمەيتتى. قار ئۇچقۇنلىرى ھاۋادا لەيلەپ ئۇچۇشاتتى. يىل بويى كۈن چۈشمەيدىغان تاشلىۋېتىلگەن باغچىغا قورقۇمسىراپ كىردىم. چىرىگەن غازاڭلار نەم ۋە تاپ پۇرايتتى. لېكىن ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە كىرىش بىلەنلا ئۆزۈمنى ئۆيۈمدە تۇرغاندەك ھېس قىلدىم. كىشىلەر بۇ يەردە جىنلارنىڭ كېچىلىرى تېپىشىپ، ئوچاققا ئوت قالاپ، ئويۇن ـ تاماشا قىلىشىدىغانلىقى توغرىلىق رىۋايەت قىلىشاتتى. بوش ئۆيدە ئۆزۈمنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىمنى ئاڭلاپ بىرئاز قورقتۇم ۋە مىدىرلىماي كۈتتۈم. ھويلىدا بىردىنلا تاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، لېكىن تېزلا ھەممە تاۋۇش بىراقلا جىمىپ كەتتى. يېقىن بىر يەردە ئىت قاۋىدى. بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ھەممە ئىتلىرىنى ھاۋشىشىدىن تونۇيتتىم، لېكىن قاۋاۋاتقان بۇ ئىتنى بىلەلمىدىم.

كېيىنكى جىمجىتلىقتا گويا ئۆينىڭ ئىچىدە باشقا بىرەيلەن باردەك ھېس قىلدىم: ئۇ كىشى ئاياغ تىۋىشلىرىمنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ ئورنۇمدىن زادىلا مىدىرلىمىدىم. كوچىدىن بەزىلەر پاراڭلىشىپ ئۆتۈۋىدى، شۇھامان خەيرىيە بىلەن باللارنى ئويلىدىم. خۇدا ساقلاپ ئۇلارغا سوغۇق ئۆتۈپ قالمىغاندۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپ تېخىمۇ تىمتاس بولۇپ كېتىۋىدى، ئاستا ـ ئاستا ۋۇجۇدۇمنى پۇشايمان قاپلىدى. قارا كەلمەسلىكى مۇمكىن. دېمەك، خاتالىشىپتىمەن، غۇرۇرۇم ئانچە زەربىگە ئۇچرىماستا ئۆيگە قايتىشىم كېرەك ئىدى. ھاساننىڭ مېنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى قورقۇنچ ۋەھىمىسىدە ئويلاپ ئولتۇراتتىم، ھويلىدا تاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئىشىك ئېچىلدى.

تېزلىكتە ئورنۇمنى ئالماشتۇردۇم. نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. لېكىن باغچىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇرغان دېرىزىنىڭ

سول تەرىپىگە ئۆتكەندە ئۇچامغا چۈشكەن يورۇقتا قارانىڭ مېنى دادامنىڭ دېگىنىدەك ” سىرلىق كۆلەڭگىلەرنىڭ ئىچىدە“ كۆرەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندىم. چۇمبىلىمنى يېپىپ، ئاياغ تىۋىشلىرىغا قۇلاق سېلىپ كۈتتۇم.

قارا ئىشىك بوسۇغىسىدىن ئۆتۈپ مېنى كۆرگىنىدە بىرنەچچە قەدەم چامداپ توختىدى. شۇنىڭ بىلەن بەش - ئالتە قەدەم ئارىلىقتا تۇرۇپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. ئۇ كامادىن كۆرۈنگەن چاغدىكىدىنمۇ ساغلام ۋە كۈچلۈك ئىدى. بىرھازا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— چۇمبىلىڭىزنى ئېچىڭ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — ئىلتىپات قىلىڭ.

— مەن نىكاھلىق، ئېرىمنى كۈتۈۋاتىمەن.

— چۇمبەلنى ئېچىڭ، — دېدى يەنە شۇ ئاۋاز بىلەن، — ئۇ ھېچقاچان قايتىپ كەلمەيدۇ.

— مېنى بۇ يەرگە مۇشۇ گەپنى قىلىشقا چاقىرغانمىدىڭىز؟

— ياق، سىزنى كۆرۈش ئۈچۈن چاقىردىم. 12 يىلدىن بېرى سىزنى ئويلاپ كەلدىم. چۇمبىلىڭىزنى ئېچىڭ قەدىرلىكىم، سىزنى بىر كۆرەي.

چۇمبىلىمنى ئاچتىم. ئۇنىڭ ئۈن - تىن چىقارماي يۈزۈمگە، كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراشلىرىنى ياقتۇرۇپلا قالدىم.

— ياتلىق بولۇش، پەرزەنتلىك بولۇش سىزنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپتۇ، چىرايىڭىزمۇ ئېسىمدىكىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ.

— مېنى ئېسىڭىزدە قانداق ساقلىغانىدىڭىز؟

— ئىنتايىن ھەسرەت بىلەن. چۈنكى ئەسلىگەن ۋاقتىمدا، ئەسلىگەن نەرسىنىڭ سىز ئەمەس، سىزنىڭ خىيالىي ئوبرازىڭىز ئىكەنلىكىنى ئويلايتتىم. بالىلىق ۋاقتىمىزدا رەسىملىرىنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە ئاشىق بولغان خۇسرەۋ بىلەن شېرىن ھەققىدە سۆزلەشكەنلىكىمىز يادىڭىزدىمۇ دەيمەن؟ نېمە ئۈچۈن شېرىن يېقىملىق خۇسرەۋنىڭ رەسىمىنى دەسلەپ دەرەخ شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغىنىدا كۆرگەن چېغىدىلا ئاشىق بولماي، ئۇ رەسىمنى ئۈچ قېتىم كۆرگەندىن كېيىن ئىشق - مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولغان؟ سىز بۇرۇن ھەمىشە رىۋايەتلەردە ھەممە نەرسە ئۈچ قېتىم يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتىڭىز. مەن مۇھەببەتنىڭ تۈنجى رە-

سول تەرىپىگە ئۆتكەندە ئۇچامغا چۈشكەن يورۇقتا قارانىڭ مېنى دادامنىڭ دېگىنىدەك ” سىرلىق كۆلەڭگىلەرنىڭ ئىچىدە“ كۆرەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندىم. چۈمبىلىمنى يېپىپ، ئاياغ تىۋىشلىرىغا قۇلاق سېلىپ كۈتتۈم.

قارا ئىشىك بوسۇغىسىدىن ئۆتۈپ مېنى كۆرگىنىدە بىرنەچچە قەدەم چامداپ توختىدى. شۇنىڭ بىلەن بەش - ئالتە قەدەم ئارىلىقتا تۇرۇپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. ئۇ كاماردىن كۆرۈنگەن چاغدىكىدىنمۇ ساغلام ۋە كۈچلۈك ئىدى. بىرھازا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— چۈمبىلىڭىزنى ئېچىڭ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — ئىلتىپات قىلىڭ.

— مەن نىكاھلىق، ئېرىمنى كۈتۈۋاتىمەن.

— چۈمبەلنى ئېچىڭ، — دېدى يەنە شۇ ئاۋاز بىلەن، — ئۇ ھېچقاچان قايتىپ كەلمەيدۇ.

— مېنى بۇ يەرگە مۇشۇ گەپنى قىلىشقا چاقىرغانمىدىڭىز؟

— ياق، سىزنى كۆرۈش ئۈچۈن چاقىردىم. 12 يىلدىن بېرى سىزنى ئويلاپ كەلدىم. چۈمبىلىڭىزنى ئېچىڭ قەدىرلىكىم، سىزنى بىر كۆرەي.

چۈمبىلىمنى ئاچتىم. ئۇنىڭ ئۈن - تىن چىقارماي يۈزۈمگە، كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراشلىرىنى ياقتۇرۇپلا قالدىم.

— ياتلىق بولۇش، پەرزەنتلىك بولۇش سىزنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپتۇ، چىرايىڭىزمۇ ئېسىمدىكىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ.

— مېنى ئېسىڭىزدە قانداق ساقلىغانىدىڭىز؟

— ئىنتايىن ھەسرەت بىلەن. چۈنكى ئەسلىگەن ۋاقتىمدا، ئەسلىگەن نەرسىنىڭ سىز ئەمەس، سىزنىڭ خىيالىي ئوبرازىڭىز ئىكەنلىكىنى ئويلايتتىم. بالىلىق ۋاقتىمىزدا رەسىملىرىنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە ئاشىق بولغان خۇسرەۋ بىلەن شېرىن ھەققىدە سۆزلەشكەنلىكىمىز يادىڭىزدىغۇ دەيمەن؟ نېمە ئۈچۈن شېرىن يېقىملىق خۇسرەۋنىڭ رەسىمىنى دەسلەپ دەرەخ شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغىنىدا كۆرگەن چېغىدىلا ئاشىق بولماي، ئۇ رەسىمنى ئۈچ قېتىم كۆرگەندىن كېيىن ئىشق - مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولغان؟ سىز بۇرۇن ھەممىشە رىۋايەتلەردە ھەممە نەرسە ئۈچ قېتىم يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتىڭىز. مەن مۇھەببەتنىڭ تۈنجى رە-

سىمدىلا يالقۇنلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتاتتىم. لېكىن كىممۇ خۇسرەۋنىڭ رەسىمىنى كىشى ئۇنىڭغا ئاشىق بولغىدەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ سىزالىسۇن؟ كىممۇ ئۇنى ھەركىم تونۇيالىغۇدەك دەرىجىدە توغرا سىزالىسۇن؟ بۇ ھەقتە زادى سۆزلەشمىگەنىدۇق. بۇ 12 يىل ئىچىدە يېنىمدا تەڭداشسىز يارقىن چىرايىڭىزنىڭ شۇنداق ھەقىقىي رەسىمى بولسا ئىدى، بەلكىم ئۇنچىۋالا قىينالمىغان بولاتتىم.

قارا ئەپەندى بۇ ھەقتە، يەنى رەسىمگە قاراپ ئاشىق بولۇش قىسسىسى ۋە ئۆزىنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىغان ئازابلار چەككەنلىكى ھەققىدە يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن نۇرغۇن تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلدى. ئۇ چاغدا دىققىتىم ئۇنىڭ ماڭا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىشىغا مەركەزلەشكەنلىكى ئۈچۈن ئېيتقان ھەربىر سۆزى ئېسىمدە قالمىغانىدى، ئەمما بىۋاستە خاتىرىلىرىم ئارىسىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇلارنى كېيىن بىر - بىرلەپ ئەسلەپ، تەمىنى تېتىيتتىم. بىراق ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى شۇ تاپتا ھېس قىلىۋاتىمەن ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىۋاتىمەن. ئۇنى 12 يىل ئازابلىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلىك ھېس قىلدىم. بۇ قارانىڭ گەپ - سۆزلىرى نېمىدېگەن پاساھەتلىك، ئۆزىمۇ نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ئادەم - ھە! ئۇ پاك بىر سەبىي بالىغا ئوخشايدىكەن! مانا بۇلارنى كۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ مېنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈشى ماڭا ئىشەنچ بېغىشلايتتى.

بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلىدۇق. بۇنىڭغا شۇ قەدەر خۇشال بولدۇمكى، ئۆزۈمنى بىر ئەيىب سادىر قىلىپ قويغاندەكمۇ ھېس قىلمىدىم. گۆدەك بالىدىنمۇ شېرىن بىر ھېسسىيات بىلەن ھوشۇمنى يوقىتاي دېدىم. ئۇنى تېخىمۇ قۇچاقلىدىم ۋە مېنى سۆيۈشكە يول قويدۇم. مەنمۇ ئۇنى سۆيدۇم. سۆيۈشۈۋاتقاندا گويا پۈتۈن ئالەم شېرىن بىر قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. ھەممە ئادەمنىڭ بىزگە ئوخشاش قۇچاقلىشىشىنى ئۈمىد قىلدىم. مۇھەببەتنىڭ مۇشۇنداق بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى غۇۋا ئەسلىدىم. ئۇ تىلىنى ئاغزىمغا سالدى. شۇنداق ھوزۇرلاندىمكى، گويا بىز بىللە پۈتۈن ئالەم پارلاق بەختكە چۆمگەنىدى، خىيالىمغا ھېچقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ كەچمەيتتى.

ئەگەر كۆڭۈللىرىڭىز بىر يەردە مېنىڭ پاجىئەلىك ھېكايەم بىرەر كىتابتا بايان قىلىنسا ۋە ھىراتلىق ئاجايىپ رەسساملاردەك بىرەرسى ئۇنى سىزىپ چىقسا، قارا بىلەن ئۆزئارا قۇچاقلاشقىنىمىزنى قانداق سىزار بولغىيدى؟ ئەمدى شۇنى سۆزلەپ بېرەي: دادام ماڭا ھاياجان بىلەن كۆرسەتكەن بەزى ئاجايىپ سەھىپىلەر بار ئىدى. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ھېكايە ۋەقەلىرىدىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى ياپراقلارنىڭ شىلدىرلىشىغا ماس كېلەتتى، تام بېزەكلىرى سەھىپىلەرنىڭ چۆرىسىدىكى ھەل بىلەن قىلىنغان نەقىشلەرگە ماس كېلەتتى، سەھىپىلەرنىڭ رامكىسى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھەلنى قاناتلىرى ئارقىلىق تەشكەن قارلىغاچنىڭ شادلىقى بىلەن ئاشىقلارنىڭ خۇشاللىقى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بىر - بىرىگە يىراقتىن قىيا بېقىشقان، مەنىلىك سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىنى ئەيىبلەشكەن ئاشىقلار بۇ رەسىملەردە شۇنداق كىچىك سىزىلاتتىكى ۋە شۇنداق يىراقتىن كۆرۈنەتتىكى، كىشى شۇئان گويا ھېكايە ئۇلارنى ئەمەس، بەلكى ئۇلار تېپىشقان شاھانە ساراي ۋە ئۇنىڭ ھويلىسىنى، ياپراقلىرى بىر - بىرلەپ ھەۋەس بىلەن سىزىلغان كۆركەم باغچىنى ۋە ئۇلارنى يورۇتقان يۇلتۇزلۇق كېچىنى ھەمدە بۇك - باراقسان دەرەخلەرنىلا بايان قىپتۇ دەپ قاراشقا بولاتتى. لېكىن ئۇ رەسىملەردىكى رەسسامنىڭ سەمىمىي بىر تەسەۋۋۇر بىلەنلا سىزىپ چىققان مەخپىي رەڭ تەرتىپىگە ۋە پۈتۈن رەسىمنىڭ ھەربىر بۇرجەكىدىن چىققان سىرلىق نۇرلارغا ياخشى دىققەت قىلىدىغان بولسىڭىز، بۇ رەسىملەردىكى سىرنىڭ رەسىمى سىزىلغان مۇھەببەت بىلەن ئوخشاش ماتېرىيالدىن يارىتىلغانلىقىنى پەقەت ئۇنى ئىنچىكە كۆزەتكەنلەرلا شۇئان چۈشىنەلەيدۇ. بىر نۇر گويا رەسىمى سىزىلغان ئاشىقلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ رەسىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىغا سىڭگەندەك، قارا بىلەن ئىككىلەن قۇچاقلاشقىنىمىزدا، ماڭا ئىشىنىڭكى، گويا پۈتۈن ئالەمگە خۇددى شۇنىڭدەك بىر بەخت تارقالماقتا ئىدى.

مېنىڭ بۇنداق بەختنىڭ ھېچقاچان ئۇزۇن داۋاملاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىدەك تۇرمۇش تەجرىبەم بار. خۇداغا شۈكۈر، قارا ئالدى بىلەن مېنىڭ تولۇق كەلگەن يوغان كۆكسۈمنى يېقىملىق سىلاپ تۇتتى. شۇنداق خۇش بولدۇمكى، ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ، كۆكسۈمنىڭ توپچىلىرىنى

ئاغزىغا ئېلىشنى ئۈمىد قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلالمىدى. چۈنكى قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئۆزىمۇ خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. گويا نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ھەپىلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىغانسېرى ئارىمىزدا بىر خىل قورقۇنچ ۋە خىجالەتچىلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مېنى يانپاشلىرىمدىن ئۆزىگە تارتىپ قاتتىق تۇرۇپ كەتكەن يوغان بىر نەرسىنى دوۋسۇنۇمغا تىرىگەندە ئاۋۋال سۆيۈندۇم، قىزىقتىم، تارتىنمىدىم. شۇنداق ئۇزۇن قۇچاقلىساڭ، بۇ مۇشۇنداق بولىدۇ، دېدىم ئۆزۈمگە غۇرۇر بىلەن. كېيىن ئۇنى چىقارغاندا بېشىمنى بىر يانغا بۇرىۋالدىم، لېكىن سايماننىڭ يوغانلىقىدىن چەكچەيگەن كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئالالمىدىم.

خېلىدىن كېيىن، ئۇ مېنى قىپچاق ئاياللىرى ۋە مۇنچىدا لەتىپە سۆزلەيدىغان ئەدەپسىز ئاياللارمۇ دەرھال قىلالمايدىغان ئەدەپسىزلىكلەرگە زورلىغاندا، ھودۇقۇش ۋە بىقارارلىق بىلەن توختاپ قالدىم.

— قاپاقلىرىڭىزنى تۈرمەڭ سۆيۈملۈكۈم، — دەپ يالۋۇردى ئۇ ماڭا.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنى ئىتتەردىم ۋە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشىگە قارىماي ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كەتتىم.

# 27. مېنىڭ ئىسمىم قارا

ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە شەكۈرە قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا مېنى ئەيىبلىمەكتە ئىدى. شەكۈرەنىڭ قارىشىچە، قولۇمدىكى بۇ يوغان نەرسىنى بەلكىم تىبلىستا ئۇچراتقان چېركەس قىزلىرىنىڭ، قىپچاق پاھىشەلىرىنىڭ، سارايلاردا تېنىنى ساتىدىغان نامرات كېلىنچەكلەرنىڭ، تۈركمەن ۋە ئەجەم تۇللىرىنىڭ، ئىستانبۇلغا يامراۋاتقان ئادەتتىكى پاھىشەلەرنىڭ، مىنگېرىيىلىك ئىپپەتسىزلەرنىڭ، نايناق ئابخازلارنىڭ ۋە قىلىقسىز ئەرمەنىي مومايلارنىڭ، گېنۇيە ۋە سۇردىيىلىك جادىلارنىڭ، ئايالچە ياسىنىۋالىدىغان زەيپانىلەرنىڭ، ئاچكۆز بەچچىلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئاسانلا سالالىسامۇ، شەكۈرەنىڭكىگە ئۇنداق قىلالمايتتىم. مەن يەنە ئەرەبىستاندىكى تىنجىق كىچىك شەھەرلەرنىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدىن كاسپى دېڭىز بويلىرىغىچە، پارستىن باغدادقىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە باھاسى ئەرزان، ئۆزلىرى نامرات تۈرلۈك خوتۇن ـ قىزلار بىلەن يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرگەنىكەنمەن. شەكۈرەنىڭ غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ ئېيتقانلىرىدىن ئايان بولدىكى، مەن ئۆز كونتروللۇقىمنى پۈتۈنلەي يوقىتىپتىمەن. بەزى ئاياللارنىڭ غۇرۇرى بارلىقىنى ئۇنتۇپتىمەن. دېمەك، مېنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى سۆزلىرىمۇ سەممىمىي ئەمەس ئىكەن.

مەشۇقۇمنىڭ رەڭگارەڭ سۆزلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئاڭلاپ تۇراتتىم، قولۇمدىكى گۇناھكار سايمان ئاللىقاچان تۇسىنى يوقاتقانىدى. ئەھۋالىمدىن، ئۆزۈم ئۇچرىغان پەرىشانلىقتىن خىجالەت بولدۇم. ئەمما ئىككى نەرسە مېنى خۇشال قىلاتتى: 1. كۆپىنچە ھاللاردا بۇنداق ئەھۋالدا باشقا ئاياللارغا ھايۋانلارچە مۇئامىلە قىلغىنىمدەك، شەكۈرەنىڭ غەزىپى ۋە قاتتىق سۆزلىرىگە قارىتا مەنمۇ ئوخشاش غەزەپ ۋە قاتتىق سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغانىدىم. 2. شەكۈرەنىڭ سەپەرلىرىمدىن بەش

قولدەك خەۋەردارلىقىنى، دېمەك، مېنى پەرىزىمدىكىدىنمۇ زىيادە ئويلايدى- غانلىقىنى بىلگەنىدىم.

تەلىپىم ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن روھىم چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن شەكۈرە دەرھال ماڭا ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىغانىدى.

— مېنى ھەقىقەتەن سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرسەڭ، — دېدى ئۆزىنى ئەپۇ قىلدۇرماقچى بولغاندەك، — غۇرۇرلۇق بىر ئوغۇل بالىدەك ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالاتتىڭ - دە، ئۆزۈڭ ھەقىقىي سۆيىدىغان ئايالنىڭ غۇرۇرىنى سۇن- دۇرۇشقا تىرىشمىغان بولاتتىڭ. مەن بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ئامال - چارە ئىزدەپ يۈرگەن يالغۇز سەنلا ئەمەس. بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى بىر- كىم كۆردىمۇ؟

— ياق.

ئۇ گويا قار باسقان قاراڭغۇ باغچىدا يۈرگەن بىر كىشى باردەك، مەن 12 يىلدىن بېرى ئېسىمگە ئالالمىغان گۈزەل چىرايىنى ئىشىككە بۇرىدى ۋە ماڭا بۇ چىرايىنى ياندىن كۆرۈش نېسىپ بولدى. تۇيۇقسىز سىرتتىن تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئىككىلىمىز جىم بولۇپ كۈتتۇق، لېكىن ئىشىكتىن ھېچكىم كىرمىدى. شەكۈرەنىڭ 12 ياش ۋاقتىدىمۇ بى- لىدىغانلىرى مېنىڭكىدىن كۆپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ مەندە بىر خىل بىتەلەيلىك ھېسسىياتى پەيدا قىلغانلىقىنى ئەسلەيتتىم.

— ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئەرۋاھى دائىم بۇ يەردە ئايلى- نىپ يۈرىدۇ، — دېدى ئۇ.

— بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ تۇرامسىز؟

— جىنلار، ئەرۋاھلار، شەيتانلار... شامال بىلەن كېلىدۇ، ئۇلار بى- ساتلارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ ۋە جىمجىتلىقتا ئاۋاز چىقىرىدۇ. ھەممە نەرسە گەپ قىلىدۇ. بۇ يەرگە دائىم كەلمىسەممۇ، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن.

— شەۋكەت مېنى بۇ يەرگە ئۆلۈك مۈشۈكنى كۆرسەتكىلى باشلاپ كەلگەن، لېكىن يوق ئىكەن.

— ئۇنىڭغا دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئېيتىپسەن، شۇنداقمۇ؟

— پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس. مېنىڭ سۆزلىرىم ئۆزگىرىپ شۇ ھالەت-

كە كەپتىمۇ؟ ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دادىسى بولۇشنى خالايتتىم.

— ئەمىسە نېمىشقا دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئېيتتىڭ؟

— ئۇ ئاۋۋال مەندىن سەن ئادەم ئۆلتۈرگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا راست گەپنى، يەنى ئىككى ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— ماختىنىش ئۈچۈنمۇ؟

— ھەم ماختىنىش، ھەم ئانىسىنى ياخشى كۆرىدىغان بالىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن. چۈنكى ئانىسىنىڭ ئۇ چاتاقچىلارغا ئۆيدىكى غەنيمەتلەرنى كۆرسىتىپ، دادىسىنىڭ ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلىقلىرىنى ماختاپ تەسەللى بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

— ئۇنداقتا داۋاملىق ماختان. چۈنكى، ئۇ سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

— شەۋكەت ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەمما ئورخان ياخشى كۆرىدۇ، — دېدىم سۆيگىنىمنىڭ بىر خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىمدىن غۇرۇرلىنىپ، — لېكىن مەن ھەر ئىككىسىنىڭ دادىسى بولىمەن.

سۇس قاراڭغۇلۇقتا گويا مەۋجۇت بولمىغان مەلۇم بىر نەرسىنىڭ كۆلەڭگىسى ئارىمىزدىن ئۆتكەندەك بولدى-دە، بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتۇق. مەن ئېسىمنى يىغقىنىمدا شەكۈرە پەس ئاۋازدا ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى.

— بىتەلەي ئېرىمنىڭ بىر ئىنىسى بار، ئىسمى ھاسان. مەن ئېرىمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ قېيىنئاتام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى. ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن، ھازىر بىر نەرسىدىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ. مېنىڭ بىرىگە (ئېھتىمال ساڭا) ياتلىق بولىدىغانلىقىمنى ئويلاپ بەك خاپا بولۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا مېنى مەجبۇرىي ئۆيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ماڭا خەۋەر قىلدى. قازىنىڭ نەزىرىدە مەن تۇل بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، مېنى ئېرىم نامىدىن مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ھەرقاچان باستۇرۇپلا كېلىشى مۇمكىن. دادامۇ قازىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن تۇل بولۇشۇمنى خالىمايدۇ. چۈنكى نىكاھتىن ئاجراشسام، ئۆزۈمگە يېڭى بىر ئەر تېپىپ، ئۆزىگە قارىمايدىغانلىقىمنى ئويلايدۇ. ئاپام ۋاپات بولۇپ دادام يالغۇز قالغاندىن كېيىن،

مېنىڭ باللار بىلەن يېنىدا بولۇشۇم ئۇنى ناھايىتى خۇشال قىلغانىدى. سەن بىز بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالامسەن؟

— قانداق دەيسىز؟

— ئەگەر بىز توي قىلساق، دادام ۋە بىز بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشنى خالامسەن؟

— بىلمەيمەن.

— بۇنى بالدۇرراق ئويلان. ۋاقتىمىز كۆپ قالمىدى، ماڭا ئىشەن. دادام بىزگە بىر يامانلىق يېقىنلىشىۋاتقاندەك بىر شەپىنى سېزىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، ئۇنىڭ قارىشى توغرا. ھاسان ئادەملىرى بىلەن ياساۋۇللارنى باشلاپ ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كەلسە، دادامنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسا، ئېرىمنىڭ جەسىتىنى كۆرگەنلىكىڭنى ئېيتىپ گۇۋاھلىق بېرەلەمسەن؟ سەن پارىستىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭ ئۈچۈن قازى گۇۋاھلىقىڭغا ئىشىنىدۇ.

— گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئەمما ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم.

— خوش، مېنى تولغا چىقىرىش ئۈچۈن، باشقا بىر شاھىد تېپىپ، پارىستىكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئېرىمنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسىتىنى كۆرگەنلىكىڭنى قازىغا ئېيتىشنى خالامسەن؟

— ئۇنى كۆرمىدىم، قەدىرلىكىم، لېكىن سىز ئۈچۈن ئېيتىمەن.

— باللىرىمنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇلارنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ باققىنا.

— شەۋكەتنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، كەسكىن، سەمىمىيلىكىنى، ئەقىللىق ۋە قىلمەن دېگىنىنى قىلىدىغانلىقىنى، ئورخاننىڭ نازۇك، كىچىك، زېرەك تۇرقىنى ياخشى كۆرىمەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سىزنىڭ باللىرىڭىز بولغانلىقىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدىم.

ئۇ قارا كۆزلۈكۈم سەل كۈلۈمسىرىدى ۋە بىرئاز كۆز يېشى قىلدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش ئالدىراشلىق بىلەن دەرھال باشقا تېمىغا كۆچتى:

— دادامنىڭ تۈتۈش قىلىۋاتقان كىتابى تاماملىنىشى ھەمدە سۇلتان

ئالىيلىرىغا سۇنۇلۇشى كېرەك. ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ يۈرگەن بەختسىز-لىك ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كىتاب سەۋەبىدىن بولۇۋاتىدۇ.

— نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن باشقا يەنە قانداق شەي-تانلىق بار؟

بۇ سوئال ئۇنىڭغا تازا ياقمىدى. ئۇ سەممىي كۆرۈنۈشكە تىرىشات-تى-يۇ، ئەمما ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئەرزۇرۇملۇق نۇسرەت موللا تەرەپدارلىرى دادامنىڭ كىتابىدا دىنسىزلىق ۋە پەرەڭ كۆپپارلىقىنى تەرغىب قىلىدىغان نەرسىلەر بار دەپ گەپ تارقىتىپتۇ. ئۆيىمىزگە كېلىپ- كېتىپ تۇرىدىغان رەسساملار بىر- بىرىگە ھەسەت قىلىشىپ يامان غەرەزلەردە بولۇشۇۋاتسا كېرەك. سەن ئۇلارغا ئارىلىشىپ يۈرىسەن، شۇڭا، بۇنى ياخشى بىلىسەن!

— رەھمەتلىك ئېرىڭىزنىڭ ئىنىسى، — دېدىم، — ئۇنىڭ بۇ رەس-ساملار بىلەن، دادىڭىزنىڭ كىتابى بىلەن ۋە نۇسرەت موللا تەرەپدارلىرى بىلەن بىرەر ئالاقىسى بارمۇ ياكى ئۇ ئۆزىنىلا بىلىدىغان ئادەممۇ؟

— ئالاقىسى يوق، ئەمما ھاسان ئۆزىنىلا بىلىدىغان ئادەممۇ ئەمەس.

سىرلىق، غەلىتە بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ھاسان بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغىنىڭلاردا، ئاراڭلاردا ئۆزئارا تارتى-نىپ- قورۇنۇپ ئۆتىدىغان ئىش بولمىغانمىدى؟

— ئىككى ئېغىز ئۆيلۈك بىر ئائىلىدە بولۇشىچە بولاتتى.

دەل شۇ چاغدا، ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە بىرنەچچە ئىت ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي تالىشىپ قاۋاشقا باشلىدى.

شۇنچە ئۇرۇشلارنى قىلغان، زەپەرلەر قۇچقان ۋە سۇيۇرغاللىق① يەر- زېمىنگە ئىگە بولغان رەھمەتلىك ئېرىڭىز سىزنى نېمىشقا ئىككى ئېغىزلىق بىر ئۆيدە ئىنىسى بىلەن بىللە قالدۇرغاندۇ، دېيەلمىدىم- دە، بالىلىقتىكى سۆيگىنىمدىن تارتىنغان ھالدا شۇنداق دەپ سورىدىم:

— ئېرىڭىز بىلەن نېمىشقا توي قىلغانتىڭىز؟

— ئەلۋەتتە بىر ئادەم بىلەن توي قىلاتتىم- دە، — دەپ جاۋاب بەر-

① ئۆز ۋاقتىدا ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئۆيلۈك دەپ بېرىلگەن يەر. — ت.

دى ئۇ. بۇ توغرا جاۋاب ئىدى ۋە ئېرىنى ماختاپ مېنى رەنجىتمەي، نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانلىقىنى قىسقىچە ۋە ئۇستىلىق بىلەن چۈشەندۈردى، — سەن شۇ كەتكەنچە كەلمىدىڭ. قېيىنداش بەلكىم مۇھەببەتنىڭ بەلگىسىدۇر. لېكىن سۆيگەن ئادىمىنىڭ ھېچبىر خەۋىرىنى ئالالمىسا، بۇنداق نىكاھنىڭ كېيىنلىكى خەيرلىك بولاتتىمۇ؟ — دېدى. بۇمۇ توغرا ئىدى. لېكىن ئېرى بولمىش ئۇ قاراقچىغا تېگىشكە سەۋەب بولالمايتتى. شەكۈرەنىڭ چىرايىدىكى غەرەزلىك قاراشتىنمۇ مەن ئىستانبۇلدىن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، باشقىلارغا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ مېنى ئۇنتۇغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. بۇ چېنىپ تۇرغان يالغان گەپنى مېنىڭ سۇنۇق كۆڭلۈمگە بىرئاز بولسىمۇ تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئېيتقانلىقىنى، بۇنىڭمۇ مىننەتدار بولۇشۇمغا تېگىشلىك بىر ياخشى نىيەتنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم ۋە سەپەرلىرىم جەريانىدا ئۇنى قانداقتۇ كاللامدىن چىقىرالمىغانلىقىمنى، كېچىلىرى ئۇنىڭ ئوبرازى ئەرۋاھلاردەك كۆز ئالدىمدىن نېرى بولمىغانلىقىنى ئېيتىشقا باشلىدىم. بۇلار باشقا بىرىگە ھەرگىز ئېيتالمايمەنغۇ دەپ قارىغان ئەڭ مەخپىي، ئەڭ چوڭقۇر ھەسرەتلىرىم ئىدى. بۇ پۈتۈنلەي توغرا ئىدى، ئەمما بىردىنلا ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقىدىمكى، ئاڭلىماققا، بۇ سۆزلەر قىلچە سەممىي ئەمەس ئىدى.

شۇ چاغدىكى ھېسسىيات ۋە ئارزۇلىرىمنى توغرا ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم بايقىغان بۇ پەرقنىڭ مەنىسىنى، يەنى بەزى چاغلاردا ھەقىقەتنى ئەينى پېتى ئېيتىشنىڭ كىشىنى سەممىيەتسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بۇ يەردە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشۈم كېرەك. ئەڭ ياخشى مىسالنى بەلكىم ئارىلىرىدىكى بىر قاتىل بىزنى بىئارام قىلغان رەسساملاردىن كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئەڭ مۇكەممەل رەسىمنى ئالساق، مەسىلەن، بىر ئاتنىڭ رەسىمى دەيلى، ئۇ ھەقىقىي بىر ئاتنى، يەنى ئاللاھ ياراتقان بىر ئاتنى ياكى بۈيۈك ئۇستا رەسساملارنىڭ سىزغان ئاتلىرىنى قانچىلىك ئەينەن ئىپادىلىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى سىزغان تالانتلىق رەسساممىزنىڭ شۇ چاغدىكى سەممىي ھېسسىياتلىرىنى گەۋدىلەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. رەسسامنىڭ ياكى بىزدەك ئاللاھنىڭ مۆمىن

قۇللىرىنىڭ سەمىمىيىتى تالانتى پىشىپ كامالەتكە يەتكەن پەيتلىرىدە ئە-مەس، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، سۆزدە يېڭىلىشىپ قالغاندا، سەۋەنلىك، ئۇ-مىدسىزلىك ۋە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بەرگەن چاغلاردا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەن بۇ سۆزلەرنى باياتىن شەكۈرەگە قوزغالغان كۈچلۈك ئىستەك-ئىنتىلىشلىرىمنىڭ — ئۇمۇ شۇنى ھېس قىلدى — سەپەرلىرىم جەريانىدا ئۇچراتقان، مەسىلەن، يۈزلىرى سوزۇنچاق، قارامۇتۇق، لەۋلىرى مەيدەك قىزىل بىر قەزۋىن گۈزىلىگە قارىتا قوزغالغان كىشىنى بىھوش قىلغۇچى ئىشق ئوتىدىن ھېچقانداق پەرقى يوقلۇقىغا قاراپ، شېرىن ئارزۇلىرى بەر-بات بولغان ياش خانىملارغا ئېيتىۋاتىمەن. قەدىرلىكىم شەكۈرە تەڭرى ئاتا قىلغان چوڭقۇر تۇرمۇش ساۋاتى ۋە زېرەك سەزگۈسى بىلەن مېنىڭ ئۆزى ئۈچۈن 12 يىل ئۆزۈم خالاپ جۇڭگوچە ئازابلانغانداك مۇھەببەت ھەسرىتى بىلەن ئازاب چەككىنىمنى ھەم ئۇنىڭ بىلەن 12 يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم يالغۇز بىللە بولغىنىمدا، ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ-لۇقتىكى تەشنالىقىنى ئالدىراپ - سالدىراپ قاندۇرۇشتىن باشقا نەرسە كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان پەرىشان بىر شەھۋەتپەرەستەك مۇئامىلە قىلغانلى-قىمنى چۈشىنەتتى. نىزامى گۈزەللەر گۈزىلى شېرىنىنىڭ ئاغزىنى مەرۋا-يىت تولدۇرۇلغان بىر قۇتىغا ئوخشاتقانىدى.

قۇترىغان ئىتلار قايتىدىن جېنىنىڭ بارىچە ھاۋشىغىلى باشلىغاندا، "ئەمدى قايتاي" دېدى شەكۈرە بىئاراملىق بىلەن. كەچ بولۇشقا تېخى بىر-ئاز ۋاقىت بولسىمۇ، ئەرۋاھقا ئايلانغان يەھۇدىينىڭ ئۆيى خېلىلا قاراڭغۇ-لىشىپ كەتكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىرىلىكتە سەزدۇق. ئۇنى يەنە بىر قۇ-چاقلاش ئۈچۈن ۋۇجۇدۇم ئىختىيارسىز ئالغا سىلجىغانىدى، ئەمما ئۇ قۇشقاچتەك دىككىدە سەكرەپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— ئېيتە، مەن ھېلىھەم چىرايلىقمۇ؟

مەن جاۋاب بەردىم. ئۇ نازاكەت بىلەن ئاڭلىدى ۋە سۆزۈمگە ئىشە-نىپ:

— كىيىملىرىمچۇ؟— دەپ سورىدى.

ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەردىم.

— خۇش بۇي پۇرامدىمەن؟

نىزامىنىڭ «مۇھەببەت شاھمىتى» دېگىنىنىڭ بۇنداق سۆز ئويۇنلىرى بىلەن ئەمەس، ئاشىقلار ئارىسىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ھېسسىي پائالىيەت-تىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى شەكۇرەمۇ بىلەتتى، ئەلۋەتتە.

— ھازىر تاپاۋىتىڭ قانداق، — دەپ سورىدى ئۇ، — يېتىملىرىمنى باقالامسەن؟

12 يىلدىن ئارتۇق دۆلەت خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدىكى سىناقلار، جەڭگاھلاردا كۆرگەن ئۇرۇش ۋە جەسەتلەردىن ئالغان مول تەج-رىبىلەر ۋە پارلاق كېلەچىكىمدىن سۆز ئېچىپ ئۇنى قۇچاقلىدىم.

— بايا نېمىدېگەن ياخشى قۇچاقلاشقانىدۇق، — دېدى ئۇ، — ئەمدى بولسا ھەممە نەرسە دەسلەپكى سېھرىنى يوقاتتى.

قانچىلىك سەمىمىي ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدىم ۋە 12 يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئۇنىڭغا سىزىپ بەرگەن رە-سىمنى شۇنچە يىل ساقلىغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن ئېستېر ئارقىلىق ماڭا قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى سورىدىم. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شۇنى بايقى-دىمكى، ئۇ مېنىڭ شۇنىمۇ چۈشەنمىگەنلىكىمگە ھەيران بولغان ۋە كۆڭ-لىدە ماڭا نىسبەتەن ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل مېھرىبانلىق قوزغالغان ئىدى، بىز سۆيۈشتۇق. بۇ قېتىم ئۆزۈمنى كىشىنى بىھوش قىلغۇچى شەھۋەت ئىسكەنجىسىگە چۈشكەندەك ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككىمىزنىڭ قەلبىگە، كۆكسىگە ۋە ئىچ - باغرىغا كىرگەن كۈچلۈك مۇھەببەتنىڭ بۈركۈتتەك قانات قېقىشلىرى بىلەن سىلكىنگەن ھالدا كۆردۈم. سۆيۈشۈش مۇھەببەتنى تەسكىن تاپتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئەمەسمۇ؟

شەكۇرەنىڭ يوغان كۆكسىنى تۇتقىنىمدا، ئۇ تېخىمۇ قەتئىي ئەمما يېقىملىق قىياپەتتە مېنى كەينىمگە ئىتتىردى. نىكاھلانماي تۇرۇپ ئۆزۈم بۇلغاپ قويغان بىر ئايال بىلەن نىكاھنى ئىشەنچلىك ھالدا داۋاملاشتۇرالايدىغان دەرىجىدە يېتىلگەن ئەر ئەمەس ئىدىم. ئۆزۈممۇ ئال-دىراپ قىلغان ئىشقا شەيتان ئارىلاشمىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغۇدەك دە-رىجىدە كالتە ئەقىل بولۇپ، بەختلىك نىكاھنىڭ ئالدى بىلەن چەكسىز سەۋر - تاقەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە موھتاجلىقى-نى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە تەجرىبىسىز ئىدىم. ئۇ قۇچىقىمدىن سىيرىلىپ

چىقىپ، چۈمبەلنى چۈشۈرۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. مەن ئېچىلغان ئىشىكتىن بالدۇر قاراڭغۇ چۈشكەن كوچىلارغا ياغقان قارنى كۆرۈپ، بۇ يەردە باياتىن پەس ئاۋازدا كۇسۇرلاشقانلىقىمىزنى — بەلكىم ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ روھىنى قورۇندۇرماسلىق ئۈچۈن — ئۇنتۇپ ۋارقىرىدىم:

— بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ مۇھەببەت شاھمىتىنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا. ئۇ باغچىدىكى قار قاپلىغان يوللارغا ئاياغ ئىزىنى قالدۇرۇپ، ئۈن-تىنسىز يۈرۈپ كەتتى.

# 28. مېنى قاتىل دېگۈسى

ئىشىنىمەنكى، مەن بايان قىلماقچى بولغان ئىش سىلەردىمۇ بولغان. بەزىدە ئىستانبۇلنىڭ باش - ئۇچى كۆرۈنمەس كوچىلىرىدا پىرقىراپ - چۆرگىلەپ يۈرگىنىمدە، بىر ئاشخانىدا ئاغزىمغا بىر قوشۇق تائامنى سالغان ياكى قومۇشسىمان بىر پەۋاز بېزىكنىڭ ئەگرى - بۈگرى تولغىماچلىرىغا كۆزلىرىمنى قىسىپ دىققەت بىلەن قارىغىنىمدا، بىردىنلا گويا شۇ تاپتىكى ئەھۋالنى بۇرۇنمۇ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەندەك ھېس قىلىمەن. يەنى گويا كوچىلاردا قارنى دەسسەپ ماڭغىنىمدا، بۇرۇنمۇ كوچىلاردا قارنى دەسسەپ ماڭغانىدىم، دېگۈم كېلىدۇ ئىچىمدە.

مەن بايان قىلماقچى بولغان بۇ پەۋقۇلئاددە ئىشلار ھەممىمىز بىلىدىغان ھازىرقى زاماندىلا ئەمەس، بەلكى گويا ئۆتمۈشتىمۇ بولۇپ ئۆتكەن. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى. ئاندا - ساندا قار ئۇچقۇندايتتى. مەن يېزنە تاغامنىڭكىگە بارىدىغان كوچىدا كېتىۋاتاتتىم.

بەزى كېچىلەرنىڭ ئەكسىچە، بۇ يەرگە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى بىلىپ مەقسەتلىك ھالدا كەلگەنىدىم. بەزى كېچىلەردە بولغىنىدەك، مەن باشقا ئىشلارنى، يەنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ دەۋرىدىن قالغان، مۇقاۋىسىغا قۇياش نەقىشلەنگەن، لېكىن ھەل بېرىلمىگەن ھىرات كىتابلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بىر كىتابتىن 700 كۈمۈش تەڭگە ئالغانلىقىمنى دەسلەپ ئاپامغا ئېيتقانلىقىمنى، شۇنداقلا گۇناھلىرىم بىلەن قىلغان ئەخمەقلىقلىرىمنى غەمكىن ھالدا ئويلاپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا يەنە مېنى بۇ كوچىغا ئاياغلىرىم ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى ھەمدە بۇ يەرگە نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ۋە ئويلاپ كەلگەنلىكىمنى ئەسكە ئالدىم.

ھېچكىم ماڭا ئېچىپ بەرمەسمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن ئاشۇ چوڭ
قورۇنىڭ دەرۋازىسىنى قاقماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، دەرۋازىنىڭ ئۆزلۈ-
كىدىن ئېچىلىشى بىلەن، ئاللاھنىڭ يەنە مەن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى
چۈشەندىم. مەن يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ كىتابىغا يېڭى رەسىملەرنى
سىزىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن كېچىلەردە دائىم ئۆتىدىغان، پارىلداپ
تۇرىدىغان تاشلىق يولدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئوڭ تەرەپتىكى قۇدۇقنىڭ
يېنىدا بىر چېلەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە سوغۇقتىن قورقمايدىغان
بىر قۇشقاچ دۈگدىيىپ تۇراتتى، سەل نېرىدا كەچ كىرىپ كەتكەن بول-
سىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر تېخىچە ئوت يېقىلمىغان ئوچاق، سولدا مېھ-
مانلارنىڭ ئاتلىرىلا باغلىنىدىغان ئېغىل بار ئىدى، ھەممە نەرسە جاي -
جايىدا ئىدى. ئېغىلنىڭ يېنىدىكى ئۈچۈق ئىشىكتىن ئىچكىرى كى-
رىپ، ئاياغلىرىمنى ياغاچ پەلەمپەيلەرگە تاق - تاق ئۇرۇپ ۋە يۆتىلىپ
يۇقىرىغا چىقتىم.

يۆتەلسەممۇ بىرەر جاۋاب چىقمىدى. يۇقىرىدىكى دەھلىزنىڭ ئېغ-
زىدا پاتقاق بولۇپ كەتكەن ئاياغلىرىمنى سېلىپ، ئىشىكنىڭ يېنىغا تى-
زىلىق باشقا ئاياغلارنىڭ قاتارىغا قويغان چېغىمدىكى تاراق - تۇرۇق
ئاۋازلارغىمۇ جاۋاب بولمىدى. بۇ يەرگە ھەر قېتىم كەلگىنىمدىكىدەك،
چەتتە تۇرغان ئاياغلار ئارىسىدا شەكۇرەنىڭ دەپ پەرەز قىلغان بىر جۈپ
يېشىل ۋە سىپتا ئاياغلار كۆرۈنمىگەچكە، ئۆيدە ھېچكىمنىڭ يوق ئى-
كەنلىكى ئەقلىمگە كەلدى.

شەكۇرە بالىلىرىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ
ئويلاپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆيگە تۇيۇقسىز كىردىم. كارىۋات ۋە ئورۇن -
كۆرپىلەرنى تۇتۇپ باقتىم. تامنىڭ تۈۋىدىكى ساندۇقنى، قاپقىقى پەيدەك
يېنىك بىر ئىشكاپنى ئېچىپ ئىچىگە قارىدىم. ئۆيدىكى بىلىنەر - بى-
لىنمەس بادام پۇرىقىنى شەكۇرەنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارالغان پۇراق بولسا
كېرەك دەپ ئويلاپ تۇرغىنىمدا، مەن قاپقىقىنى ئاچقان يۇقىرىقى ئىش-
كاپقا قىستاپ سېلىپ قويۇلغان بىر ياستۇق دومىلاپلا، ئالدى بىلەن ھا-
ماقەت كاللامغا چۈشتى - دە، ئاندىن تام تۈۋىدىكى مىس چۆگۈن بىلەن
ئىستاكانلارنى ئۆرۈۋەتتى. تاراقلىغان ئاۋازغا قۇلاق سالغاچ ئۆينىڭ ناھا-

يىتى قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن بۇ يەرنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

— خەيرىيە، — دەپ توۋلىدى ئىچكىرىكى ئۆيدىن يېزنە تاغا جانابلىرى، — شەكۇرە، قايسىڭلار ئۇ؟

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆيدىن چىقتىم. دەھلىزدىن چاپىرسىغا كېسىپ ئۆتتۇم ۋە قىش كۈنلىرى بىز يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ كىتابى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كۆك ئىشىكلىك رەسىمخانىغا كىرىپ:

— مەن يېزنە تاغا، مەن، — دېدىم.

— سەن كىمسەن؟

ئۇستاز ئوسمان بالىلىق ۋاقتىمىزدا بىزگە قويغان بۇ لەقەملەر مانا ئەمدىلىكتە يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ بىز بىلەن قىزىقچىلىق قىلىپ چاقچاقلىشىشىغا ئەسقاتقانلىقىنى شۇ تاپتا چۈشەندىم. مەن مەغرۇر خەتتاتنىڭ كۆركەم ئىشلەنگەن مەلۇم بىر كىتابىنىڭ ئاخىرقى بېتىگە ئىمزا قويغان ۋاقتىدىكىدەك، "پېقىر گۇناھكار قۇلىڭىز" نىڭ لەقىمى، قەيەردىن كەلگەنلىكى، دادىسىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇننىڭ تولۇق ئىسمىنى سۆزمۇ سۆز سوزۇپ تەلەپپۇز قىلدىم.

— ھە؟ — دېدى ئۇ ئاۋۋال، كېيىندىن يەنە "ھە!" دەپ قوشۇمچە قىلدى.

بالىلىق چاغلىرىمدا ئاڭلىغان بىر سۈرىيە رىۋايىتىدە تەسۋىرلەنگەن ئۆلۈم گىردابىدىكى بوۋايغا ئوخشاش، يېزنە تاغا جانابلىرى بىردەملىك سۈكۈتكە چۆمدى. قىسقىغىنا داۋاملاشقان بۇ جىمجىتلىق گويا مەڭگۈلۈك سۈكۈتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

بايا ئۆلۈمنى تىلغا ئالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى بۇ يەرگە شۇنداق بىر ئىش قىلىش نىيىتىدە كەلدى دەپ قارايدىغانلار بولسا، ئوقۇغان بۇ كىتابنى خاتا چۈشەنگەن بولىدۇ. بۇنداق نىيىتى بار ئادەم ئىشىكنى قاقامدۇ؟ ئاياغلىرىنى يېشىپ سالامدۇ؟ پىچاقسىز كېلەمدۇ؟

— دېمەك، كەلدىڭ، — دېدى ئۇ يەنە رىۋايەتتىكى بوۋايدەك، ئەمما كېيىندىنلا باشقىچە تەلەپپۇزدا، — خۇش كەپسەن، ئوغلۇم، قېنى ئېيتە، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئەتىياز پەسلىدە ئېچىۋېتىل-
گەندە چىنار ۋە ئانار دەرەخلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان كىچىك ۋە تار
دېرىزىنىڭ موم رەخت قاپلانغان روجىكىدىن پەقەت ئۆيدىكى نەرسىلەر-
نىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولغۇدەك، شۇنداقلا جۇڭگولۇق رەسساملار
ياقتۇرغۇدەك دەرىجىدە غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. يېزىنە تاغا ھەرقا-
چانقىدەك سول تەرەپتىن يورۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان بۇلۇڭدىكى رېھىلىنىڭ
بېشىدا ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى تولۇق كۆرەلمەيتتىم. ئۇنىڭ
بىلەن بۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە شام يورۇقىدا مۇشۇ رەسىم چوتكىلىرى، بو-
ياق قۇتىلىرى، قەلەملەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ رەسىم سىزغان، رەسىم
ھەققىدە سۆزلەشكەندە ھېس قىلغان يېقىنلىقنى جىددىيلىك ئىچىدە
ھېس قىلىشقا تىرىشاتتىم. ياتسىراش تۇيغۇسىدىنمۇ ياكى رەسىم سىز-
غاندا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىم ۋە بۇ گۇناھلىرىمىنىڭ دىنىي تەلۋى-
لەرگىمۇ مەلۇم بولۇپ قالغانلىقىدىن كۆڭلۈمدە ۋەھىمە پەيدا بولغانلى-
قىنى ئاشكارا ئېيتىۋېرىشتىن نومۇس قىلىپ ئۆزۈمنى تارتقانلىقىم ئۈ-
چۈنمۇ، ئىشقىلىپ بىلەلمىدىم، ئىچىمدىكى ۋەسۋەسىلەرنى، دەردىمنى
شۇئان ئۇنىڭغا بىر ھېكايە قىلىپ ئېيتىپ بېرىشنى قارار قىلدىم.

ئىسفاھانلىق رەسسام شەيخ مۇھەممەدنىڭ ھېكايىسىنى بەلكىم سى-
لەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر. رەڭ تاللاشتا، كىتاب بەتلىرىنى رەتلەشتە ياكى
ئادەم، ھايۋان ۋە چىراي سىزىشتا، رەسىمنىڭ ئىچىگە شېئىرلاردىلا كۆ-
رۈلىدىغان بىر خىل جۇشقۇنلۇق بىلەن گېئومېتىرىيىدىلا كۆرۈلىدىغان
بىر مەخپىي مەنتىقنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان رەس-
سام يوق ئىكەن. ياش تۇرۇپلا ئۇستازلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن
كېيىن، بۇ مۆجىزە قوللۇق ئۇستاز تېما تاللاش، يېڭىلىق يارىتىش ياكى
ئۇسلۇب جەھەتتە بولسۇن، توپتوغرا 30 يىلغا قەدەر زامانىسىنىڭ ئەڭ
يۈرەكلىك ۋە تىنىم تاپماس رەسسامى بولغانىكەن. بۇ يەرگە موڭغۇللار-
نىڭ ۋاستىسى بىلەن كەلگەن جۇڭگوچە سۇ بوياق رەسىملەردىكى قور-
قۇنچلۇق شەيتانلارنى، مۈڭگۈزلۈك ئالۋاستىلارنى، يوغان تاشاقلىق ئاي-
غىرلارنى، يېرىمى ئادەم، يېرىمى ھايۋان مەخلۇقلارنى، دېۋىلەرنى، جىن -
شەيتانلارنى نازۇك ۋە نەپىس ھىرات ئۇسلۇبىغا شۇ كىشى يۇقىرى ماھا-

رەت بىلەن تەكشى نىسبەتتە قوشقان. ئۇ پورتۇگالىيە ۋە فىلېمېنكتىن
كەلگەن سودا كېمىلىرىدىن چىققان ئوبراز رەسىملىرىگە ھەممىدىن
ئاۋۋال قىزىققان ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان؛ تاكى چىڭگىزخان زاما-
نىدىن قالغان يىرتىق كونا كىتابلاردىكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئۇسلۇبلارنى
ئۇ تېپىپ چىقىپ جانلاندۇرغان؛ ئىسكەندەرنىڭ ئايالالار ئارىلىدا سۇغا
چۆمۈلىۋاتقان يالىڭاچ گۈزەللەرنى كۆزىتىشى، شېرىنىنىڭ كېچىسى ئاي
يورۇقىدا يۇيۇنىۋاتقىنىغا ئوخشاش ئەرلىك جىنسىي ھەۋەسنى قوزغىتى-
دىغان تېمىلارنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇ سىزىشقا جۈرئەت قىلغان؛ پەي-
غەمبىرىمىز ھەزرەتلىرىنى بۇراك ئىسىملىك تۇلپار بىلەن ئاسمانغا كۆ-
تۈرۈلۈۋاتقان؛ پادىشاھلارنى بەدىنىنى قاشلاۋاتقان، ئىتلارنى جۈپلىشىۋات-
قان، شەيخلەرنى مەي ئىچىپ مەست بولغان ھالدا سىزىپ، بۇلارنى پۈتۈن
رەسساملار جامائىتىگە ئۇ قوبۇل قىلدۇرغانىكەن. مانا بۇلارنى ئۇ خۇپى-
يانە ياكى ئاشكارا ھالدا خۇماردىن چىققۇچە شاراب ئىچىپ ۋە ئەپيۇن
چېكىپ ئۆتكۈزگەن 30 يىللىق تىرىشچانلىقى ۋە جاسارىتى نەتىجىسىدە
ۋۇجۇدقا چىقارغانىكەن. كېيىن، ياشانغىنىدا بىر سوپى شەيخنىڭ مۇرى-
تى بولۇپ، قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، 30 يىلدا
سىزغان رەسىملىرىنىڭ ھەممىسىدە دىنسىزلىق، ئىمانسىزلىق بارلىقى
ھەققىدە يەكۈن چىقارغان ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلغانىكەن. ئۇلارنى ئىن-
كار قىلىپلا قالماي، ھاياتىنىڭ كېيىنكى 30 يىلىنى شەھەرمۇ شەھەر،
ئوردىمۇ ئوردا، كۇتۇپخانىمۇ كۇتۇپخانا كېزىپ، ئۆزى رەسىمىنى سىزغان
كىتابلارنى پادىشاھلارنىڭ خەزىنىلىرىدىن، كۇتۇپخانىلىرىدىن ئىزدەپ
تېپىپ يوقىتىۋېتىشكە سەرپ قىلغانىكەن. نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا
سىزغان بىرەر رەسىمىنى قايسى پادىشاھنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تاپمى-
سۇن، بىر ئامال قىلىپ سىلىقچە كۆندۈرەلمىسە، ھىيلە ئىشلىتىپ،
ھېچكىم دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتا يا كىتابنىڭ ئۆز رەسىمى بولغان
ۋارىقىنى يىرتىۋېتەتتىكەن ياكى بىر پۇرسەت تېپىپ ئۆز ئاجايىباتلىرى-
نىڭ ئۈستىگە سۇ چېچىپ بۇزۇۋېتەتتىكەن. بۇ ھېكايىنى بىر رەسسام-
نىڭ سەنئەتكە بولغان مېھرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز ئېتىقادىدىن ھا-
ماقەتلەرچە ۋاز كېچىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان قايغۇ ـ ئەلەملىرىگە مى-

سال بولسۇن دەپ بايان قىلغانىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىككە شەيخ مۇھەممەدنىڭ شاھزادە ئابباس مىرزا ۋالىي بولغان قەزۋىندىكى كاتتا كۇتۇپخانىغا پەقەت ئىچىدە ئۆزى سىزغان نەچچە يۈزلىگەن كىتاب بولغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۇ كىتابلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئايرىۋېلىپ يوقىتىۋېتىشكە ئامال تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوت قويۇۋەتكەنلىكىنى ئەسلەتتىم. دەھشەتلىك زور ئوتتا گويا رەسساملىقنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ھەسرەت ۋە پۇشايمان ھېسسىياتلىرى بىلەن كۆيۈپ ئۆلگەنلىكىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەندەك كۆپتۈرۈپ ھېكايە قىلدىم.

— بىز سىزغان رەسىملەردىن قورقۇۋاتامسەن ئوغلۇم؟ — دېدى ماڭا يېزنە تاغا كۈيۈنۈپ.

ئۆيىنىڭ ئىچى شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، ئۇ بۇنى ماڭا كۈلۈمسىرەپ دېگەنلىكىنى كۆرمەي تۇرۇپلا قىياس قىلدىم.

— كىتابىمىزنىڭ مەخپىيىتى دېگەن بىر نەرسە قالماپتۇ، — دېدىم، — بەلكىم بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەستۇ، لېكىن پىتنە - ئىغۋالار ھەممە يەرگە تارقىلىپ كەتتى. بەزىلەر بىزنى ئوغرىلىقچە دىنىمىزغا كۇپۇرلۇق قىلدى دېيىشىۋېتىپتۇ. بۇ يەردە سۇلتانىمىز ئالىيلىرى تەلەپ قىلغان ۋە كۈتكەن كىتابنى ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشىمىز تەلەپ قىلغان بىر كىتابنى، ھەتتا سۇلتان ئالىيلىرىنى مەسخىرە قىلغان ۋە خۇداسىزلىق، دىنسىزلىق قىلغان، كۇپپار رەسسام ئۇستىلىرىنى دورىغان بىر كىتابنى تەييارلىدى دېيىشىۋېتىپتۇ. يەنە بەزىلەر كىتابىمىزنى ھەتتا "شەيتانىنىمۇ سۆيۈملۈك كۆرسەتتى" دېيىشىپتۇ. ئۇلار بىزنى ئالەمگە كوچىدىكى ئىپلاس ئىتلارنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ، بىر ئات چىدۇنى بىلەن بىر مەسچىتنى — مەسچىت يىراق كۆرۈنۈشلۈك بولۇپ قاپتۇ دېگەن باھانە بىلەن — تەڭ قىلىپ سىزىپ، دىنىمىزغا كۇپۇرلۇق قىلدى، مەسچىتكە كېتىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلدى دېيىشىۋاتىدۇ. كېچىلىرى بۇلارنى ئويلاپ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن.

— رەسىملەرنى بىرلىكتە سىزدۇق، — دېدى يېزنە تاغا، — بۇنداق ئىشلارنى قىلىش ئەمەس، ئۇنى بىرەر قېتىم ئويلاپمۇ باقتۇقمۇ؟

— ھەرگىز، — دېدىم تېخىمۇ كۈچەيتىپ، — لېكىن قانداقلا

بولمىسۇن، بۇ ھەممىسى كىشىلەر ئاڭلىغان گەپ. ئۇلار ئاخىرقى بىر رەسىم بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ رەسىمدە يوشۇرۇن خۇداسىزلىق ئەمەس، ئاشكارا كۇپۇرلۇق بار دېيىشىپتۇ.

— ئاخىرقى رەسىمنى سەنمۇ كۆرگەن.

— ئىككى سەھىپىلىك بىر رەسسام بولۇش ئۈچۈن چوڭ بىر تاختا قەغەزنىڭ سىز كۆرسەتكەن بۆلۈكلىرىگە سىزنىڭ تەلىپىڭىز بويىچە سىزغانىدىم، — دېدىم يېزنە تاغىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش غەرىزىدە ئېھتىيات ۋە قەتئىيلىك بىلەن، — لېكىن رەسىمنىڭ تاماملانغىنىنى كۆرمىدىم. رەسىمنىڭ تاماملانغىنىنى كۆرگەن بولسام، بۇ يىرگىنچلىك تۆھمەتلەرنى پاك ۋىجدانىم بىلەن ئىنكار قىلاتتىم.

— نېمە ئۈچۈن گۇناھ ھېس قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — روھىڭنى غاجىلاۋاتقان نەرسە نېمە؟ سېنى ئۆزۈڭدىن گۇمانلاندۇرغان كىم؟

— بىر كىشى بىرنەچچە ئاي سەرپ قىلىپ خۇشال - خۇراملىق بىلەن رەسىمىنى سىزغان بىر كىتابنىڭ مۇقەددەس دەپ بىلگەن نەرسىلەرنى ھاقارەتلىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىش ھايات تۇرۇپ جەھەننەم ئازابىنى چېكىش دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئاخىرقى رەسىمنى كۆرگەن بولسامچۇ كاشكى، — دېدىم.

— پۈتۈن دەردىڭ مۇشۇمۇ؟ — دېدى ئۇ، — بۇ يەرگە شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟

بىردىنلا ئالاقزادە بولۇپ كەتتىم. ئۇ مېنى خۇددى ھېلىقى بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ قاتىلى دەۋاتقاندەك رەزىل بىر خىياللارغا كېلىپ قالغانمىدۇ؟

— سۇلتانىمىزنى تەختىدىن چۈشۈرۈپ، ئورنىغا شاھزادىنى چىقارماقچى بولغانلارمۇ بۇ ئىغۋاغا قوشۇلۇپ، دەرۋەقە، بۇ كىتابنى سۇلتانىمىزمۇ مەخپىي قوللاپتۇ دەپ گەپ تارقىتىشتى، — دېدىم.

— بۇلارغا قانچىلىك ئادەم ئىشىنىدۇ؟ — دېدى ئۇ ھارغىن ھالدا بىزارلىق بىلەن، — جامائەتنىڭ بىر ئاز ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولغانلىقىدىن كۆرەڭلەپ خۇدىنى بىلەلمەي قالغان ھەرقانداق بىر تاماخور دىن

تەرغىباتچىسى دىنىنىڭ تاشلىنىۋېتىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى داۋراڭ قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ جان بېقىشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى مانا شۇ.

ئەجەبا، ئۇ مېنى بۇ يەرگە پەقەت ئۆزىگە بۇ ئىغۋانى يەتكۈزگىلى كەلدى دەپ قارامدىغاندۇ؟

— بىچارە مەرھۇم نازاكەتلىك ئەپەندى، — دېدىم تىترەك ئاۋاز بىلەن، — گويا بۇ ئاتالمىش ئاخىرقى رەسىمنىڭ تاماملانغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا دىنغا كۇپۇرلۇق قىلىنغانلىقىغا ئىشەنگەنلىك ئۈچۈن بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمىشمىز. بۇلارنى ئوردا رەسىمخانىسىدىكى ماڭا يېقىن بىر باش غوجىدار ئېيتتى. شاگىرتلار ۋە ياردەمچىلەرنىڭ قانداقلىقىنى سىزمۇ بىلىسىز. بۇ ئىشنى ھەممە ئادەم غۇلغۇلا قىلىشىۋاتىدۇ.

بۇ مەنتىقىنى بويلاپ، بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ، سۆزۈمنى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدىم. ئېيتقانلىرىمنىڭ قايسىلىرى ئۆزۈم ئاڭلىغان گەپلەر ئىكەنلىكىنى، قايسىلىرىنى ئۇ ئىغۋاگەر نائەھلىنى ئۇچۇقتۇرغاندىن كېيىن قورقىنىمدىن توقۇپ چىققانلىقىمنى، يەنە قايسىلىرىنى مەن باشقىلارغا يەتكۈزۈش جەريانىدا قوشۇۋەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. مەن شۇنچە كۆپ گەپ ساتقاندىن كېيىن، يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ئۇ ئىككى سەھىپىلىك ئاخىرقى رەسىمنى كۆرسىتىپ، مېنى خاتىرجەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلغاندىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، چوڭقۇر گۇناھقا پاتقانلىق خۇدۇكىدىن قۇتۇلالايدىغانلىقىمنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ؟

ئۇنى ئىككىلەندۇرۇش ئۈچۈن جۈرئەت بىلەن:

— كىشى ئاڭىسىز ھالدا دىنغا كۇپۇرلۇق قىلىدىغان بىر رەسىمنى سىزارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ جاۋاب ئورنىدا گويا ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان بىر بالىنى ئويغىتىپ كەتمىسۇن دېگەندەك، ناھايىتى سىلىق بىر قول ئىشارىتى قىلدى ۋە تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىغاندەك:

— قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، بۇ شامنى ياندۇرايلى، — دېدى.

شامداندىكى شامنى ئوتدانىدا ياققاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا ماڭا تونۇش بولمىغان بىر مەغرۇرلۇق ئەكس ئېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ زادى ياقتۇرمى-

دىم. بۇ بىر رەھىمدىللىكنىڭ ئىپادىسىمىدۇ ياكى ئۇ مېنى ھېلىقى پەسكەش قاتىل دەپ ئويلاۋاتامدۇ ۋە ياكى مەندىن قورقۇۋاتامدۇ؟ بىردىن خىياللىرىمنىڭ گويا مېنىڭ ئىختىيارىمدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، شۇ ئاندا ئويلاۋاتقان نەرسىلەرگە باشقىلارنىڭ كاللىسىدىكى خىياللىرىدەك گاڭگىرىغان ھالدا ئەگەشكەنلىكىمنىلا ئەسلىمەكتە ئىدىم. مەن دەسسەپ تۇرغان گىلەمنىڭ بىر بۇرجىكىدە بۆرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى، نېمىشقا مەن ئۇنىڭغا تېخىچە دىققەت قىلمىغاندىمەن؟

— رەسىمگە، نەقىشكە، نەپىس ئىشلەنگەن كىتابلارغا قىزىقىدىغان پۈتۈن خانلار، شاھلار، سۇلتانلارنىڭ قىزىقىشلىرىنىڭ ئۈچ باسقۇچى بولىدۇ، — دېدى يېزنە تاغا جانابلىرى، — ئالدى بىلەن ئۇلار جەسۇر، دوستانە ۋە ھەۋەسكار كېلىدۇ. رەسىمنى باشقىلارنىڭ قولىدا كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز ئابرۇيى ئۈچۈن ئۇنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان كىتابلارنى ئۆز ھەۋەسلىرىگە ئاساسەن سىزدۇرىدۇ. رەسىملەرنى تاماشا قىلىشنى، چىن كۆڭلىدىن ھوزۇر ئېلىشنى ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن ئابرۇيىمۇ بولىدۇ. ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ دۇنيادا نامىنىڭ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن كىتابلارنىمۇ قالدۇرىدۇ. ھاياتلىرىنىڭ كەچكۈز پەسلىدە ھېچبىر پادىشاھ بۇ دۇنيادا نامىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بۇ دۇنيادا نامى مەڭگۈ ئۆچمەسلىك دېگەننى، بۇ دۇنيادا ياشىغان كېيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن خاتىرىلىنىش دەپ چۈشىنىمەن. دەرۋەقە، رەسىمخۇمار ھۆكۈمدارلار بىزگە سىزدۇرغان، ئىچىگە ئىسمىلىرىنى يازدۇرغان، بەزى چاغلاردا ئۆز تەرجىمىھاللىرىنى يازدۇرغان كىتابلار بىلەن بۇ دۇنيادا ئۆز نامىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەي ساقلاپ قالالىغان. ئۇلار ياشىغان چاغلىرىدا ئۇ دۇنيادا ياخشى ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەرھال رەسىمنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن بىر توسالغۇ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. مېنى ئەڭ كۆپ بىئارام قىلغان ۋە قورقۇتقان نەرسە مانا شۇ. ئۆزىمۇ ئۇستا رەسسام بولغان، ياشلىقىنى ئۆز رەسىمخانىسىدا ئۆتكۈزگەن شاھ تەھمەسپ ئۆلۈمى يېقىنلاشقاندا، ئۇ ھەشەمەتلىك رەسىمخانىسىنى تاقىغان، مۆجىزىكار رەسساملارنى تەب-

رىزدىن يىراقلاشتۇرغان، ئىشلەتكەن كىتابلارنى كۆزىدىن يوق قىلغان،
پۇشايمان بوھرانلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەنىدى. نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسى رەسىملەرنىڭ ئۆزلىرىگە جەننەتنىڭ ئىشىكىنى تاقايدىغانلىقىغا
ئىشىنىدۇ؟

— سەۋەبىنى سەن ياخشى بىلىسەن! چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ھەز-
رەتلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى رەسساملار ئاللاھ تەرىپىدىن ئەڭ قاتتىق
جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئەسلەيدۇ.

— رەسساملار ئەمەس، — دېدى يېزنە تاغا جانابلىرى، — تەسۋى-
رىي سەنئەتچى. بۇ ھەدىس بۇخارىينىڭ.

— قىيامەت كۈنى تەسۋىرىي سەنئەتچىدىن سىزغان رەسىملىرىگە
جان بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ، — دېدىم ئېھتىيات بىلەن، — ئەمما ئۇ
ھېچنەرسىگە جان بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن جەھەننەم ئازابىغا ھۆكۈم قى-
لىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە "ياراتقۇچى" ئاللاھنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. ياراتقۇچى بولغان، يوقنى بار قىلغۇچى، جان-
سىزغا جان بەرگۈچى پەقەت ئاللاھدۇر، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن بەسلە-
شىشكە ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. رەسساملارنىڭ ئاللاھ قىلىدىغان ئىشنى
قىلىشقا ئۇرۇنۇشى، ئۇنىڭغا ئوخشاش ياراتقۇچى بولۇشنى دەۋا قىلىش-
لىرى ئەڭ چوڭ گۇناھ.

گويا مەنمۇ ئۇنى ئەيىبلىگەندەك، بۇلارنى كەسكىن ئەلپازدا سۆزلە-
ۋىدىم، ئۇ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— سېنىڭچە، بىز شۇنداق ئىشنى قىلىۋاتامدۇق؟

— ھەرگىز، — دەپ كۈلۈمسىرىدىم. لېكىن مەرھۇم نازاكەتلىك
ئەپەندى ئاخىرقى رەسىمنىڭ تولۇقلىمىسىنى كۆرۈپ شۇنداق ئويلاشقا
باشلىغانىكەن. ئۇ پېرسپېكتىۋ ئىلمى بىلەن رەسىم سىزىش، پەرەڭ
رەسسام ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن پايدىلىنىش شەيتاننىڭ ئېزىت-
قۇسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىكەن. ئاخىرقى رەسىمدە بىز پەرەڭ ئۇسلۇب-
لىرىنى قوللىنىپ، ئىنسان چىرايىنى ئۇنىڭغا قارىغاندا رەسىم ئەمەس
ھەقىقىي تەسىرات بېرىدىغان شەكىلدە شۇنداق سىزغانىمىشمىزكى،
سىزغان نەرسىمىزنى كۆرگۈچىلەرنىڭ خۇددى چېركاۋلاردىكىدەك، چىن

دىلىدىن رەسىمگە سەجدە قىلغۇسى كېلەرمىش. ئۇ يەنە پېرسپېكتىۋ رەسىمنى ئاللاھنىڭ قاراش نۇقتىسىدىن كوچىدىكى ئىتنىڭ قاراش نۇقتىسىغا چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، پەرەڭ ئۇستازلارنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى قوللىنىش، ئۆز بىلىدىغىنىمىز ۋە ئۆز ماھارەتلىرىمىزنى كۇپپارلارنىڭ ماھارەت ۋە ئۇسلۇبلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش بىزنى ساپلىقىمىزدىن مەھرۇم قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قۇلى ئورنىغا چۈشۈرىدىغان بىر شەيتان ئېزىتقۇسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— ساپ بولغان ھېچقانداق نەرسە يوق، — دېدى يېزنە تاغا جانابلىرى، — قاچانلىكى نەقىشتە، رەسىمدە ئاجايىباتلار يارىتىلسا، قاچانلىكى بىر رەسىمخانىدا مېنىڭ خۇشاللىقتا كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلار تۆكتۈرىدىغان، ھاياجاندىن تەنلىرىمنى جۇغۇلدىتىدىغان بىر گۈزەللىك ئوتتۇرىغا چىقسا، بىلىمەنكى، ئۇ يەردە بۇرۇندىن بىر - بىرىگە يېقىن بولمىغان ئىككى ئايرىم نەرسە ئۆزئارا بىرلىشىپ، بىر يېڭى ئاجايىباتنى ئوتتۇرىغا چىقارغان-بولىدۇ. بەھزات ۋە پۈتۈن پارس رەسىملىرىنىڭ گۈزەللىكى، ئەرەب رەسىم سەنئىتى بىلەن موڭغۇل - جۇڭگو رەسىم سەنئىتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. شاھ تەھمەسىپنىڭ ئەڭ گۈزەل رەسىملىرى پارس ئۇسلۇبى بىلەن تۈركمەن نەپىسلىكىنى بىرلەشتۈردى. بۈگۈن كىشىلەر ھىندىستاندىكى ئەكبەرخاننىڭ رەسىمخانىلىرىنى تەرىپلەپ تۈگىتەلمەيۋاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ رەسساملىرىنى پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. شەرقمۇ ئاللاھنىڭدۇر، غەربمۇ شۇنداق. ئاللاھ بىزنى ساپ ۋە پاكلارنىڭ ئىستەكلىرىدىن ئايرىمىغاي.

شامنىڭ يورۇقىدا، ئۇنىڭ چىرايى نەقەدەر يېقىملىق ۋە پارقىراق كۆرۈنسە، تامغا چۈشكەن كۆلەڭگىسىمۇ شۇ قەدەر قاراڭغۇ ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى شۇ قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە توغرا دەپ قارىسامۇ، يەنىلا ئىشەنمىدىم. مەندىن گۇمانلانغانلىقى خىيالىمغا كىرىۋالغىنى ئۈچۈن مەنمۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلىناتتىم. ئۇنىڭ ئارىلاپ تۆۋەنگە، دەرۋازىغا قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى مەندىن قۇتقۇزىدىغان بىرىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم.

— سەن ماڭا ئىسپاھانلىق رەسسام شەيخ مۇھەممەدنىڭ ئۆزى سىزغان ھەممە ئۆزى ئىنكار قىلغان ئاشۇ رەسىملەر كىرىشتۇرۇلگەن نەچچە يۈزلىگەن كىتابلار ساقلىنىۋاتقان كاتتا كۇتۇپخانىغا ئوت قويۇۋەتكەنلىكى ۋە ۋىجدان ئازابلىرى تۈپەيلىدىن ئوتقا سەكرەپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى بايان قىلدىڭ، — دېدى ئۇ، — مەنمۇ ساڭا ئۇ رىۋايەتنىڭ سەن بىلمەيدىغان يەنە بىر قىسمىنى ھېكايە قىلىپ بېرەي. شۇنداق، رەسسام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 30 يىلىدا ئۆز رەسىملىرىنى ئىزدىگەن، لېكىن ۋاراقلىرىنى ئۆرىگەن كىتابلاردا ئۆز رەسىملىرىدىن كۆپرەك ئۆزىدىن ئىلھام ئېلىپ سىزىلغان تەقلىدىي رەسىملەرنى كۆرگەن. خېلى كېيىنكى يىللاردا بولسا ئىككى ئەۋلاد رەسسامنىڭ ئۆزى ئىنكار قىلغان رەسىملەرنى ئۈلگە سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۇ رەسىملەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغانلىقىنى ۋە يادلىۋالماق تۈگۈل روھلىرىنىڭ بىر پارچىسى قىلغانلىقىنى كۆرگەن. شەيخ مۇھەممەد ئۆز رەسىملىرىنى نېپىپ يوقىتىۋېتىشكە تىرىشقاندا، ياش رەسساملارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن كىتابتا ئۇلارنى ھەيرانلىق بىلەن كۆپەيتكەنلىكىنى، باشقا ھېكايىلەرنى رەسىم قىلىپ سىزغاندا پايدىلانغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا ئورناشتۇرۇۋالغانلىقىنى ۋە پۈتۈن دۇنيادا تارقاتقانلىقىنى چۈشەنگەن. يىللار بويى كىتابتىن كىتابقا، رەسىمدىن رەسىمگە ئۆتۈپ قېنىپ ئوقۇغان ۋە كۆزدىن كەچۈرگەنچە تەدرىجىي چۈشىنىمىزكى: ياخشى بىر رەسسام ئۆزىنىڭ ئاجايىباتلىرى بىلەن بىزگە تەسىر بېرىپلا قالماي، ئەڭ ئاخىرىدا نەزەر دائىرىمىزنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ. بىر رەسسامنىڭ ماھارىتى ۋە رەسىملىرى روھىمىزغا بىر قېتىم شۇ قەدەر تەسىر قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئالەمنىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن مىزان بولىدۇ. ئىسپاھانلىق رەسسام ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز رەسىملىرىنى ئۆزى كۆيدۈرۈپ يوقاتقان بولسىمۇ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ يوقالمايلا قالماي، ئەكسىچە كۆپەيگەنلىكىگە شاھىد بولۇش بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىر چاغلاردا ئۆزلىرى كۆرگەندەك كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزى ياشلىق مەزگىلىدە سىزغان رەسىملەرگە ئوخشىمىغان نەرسىلەرنىڭ ئەمدى سەت كۆرۈنىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنگەن.

ئىچىمدە قوزغالغان ھەيرانلىقىم بىلەن يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىش ئارزۇيۇمنى باسالمىدىم ـ دە، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئايىغىغا ئاتتىم. قوللىرىنى سۆيگىنىمدە كۆزلىرىمدىن ياشلار ئەگىدى. روھىمدا ئۇنىڭغا ئۇستاز ئوسمانغا بەرگەن ئورۇننى بەرگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

— رەسسام، — دېدى يېزنە تاغا جانابلىرى تەمەننا تەلەپپۇزى بىلەن، — رەسىمنى ۋىجدانىغا تايىنىپ ۋە ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىن پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ھېچ نەرسىدىن قورقماي سىزىدۇ. دۈشمەنلىرىنىڭ، دىنىي تەلۋىلەرنىڭ، ھەسەتخورلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىرىغا قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ.

بىراق يېزنە تاغا جانابلىرى ئەسلا رەسسام ئەمەس، دەپ ئويلىدىم قارا داغلار چۈشكەن قوللىرىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن سۆيۈپ. بۇنداق ئويلىغىنىمدىنمۇ شۇئان خىجالەت بولدۇم. گويا باشقا بىرى بۇ شەيتاننى ۋە ھاياسىز پىكرنى كاللامغا مەجبۇرىي تاڭغاندى. يەنىلا ئويلىغىنىمنىڭ توغرىلىقىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر.

— ئۆلاردىن قورقمايمەن، — دېدى يېزنە تاغا، — چۈنكى ئۆلۈمدىن قورقمايمەن.

— ئۆلار كىم ئىدى؟ — ئۇنىڭ كىملەرنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى چۈشەنگەن قىياپەتتە بېشىمنى لىڭشىتتىم. لېكىن ئىچىمدە بىر خىل غەزەپمۇ قوزغالغانىدى. يېزنە تاغىنىڭ يېنىدىكى قەدىمىي كىتابنىڭ ئەل جەۋزىيەنىڭ «كىتابۇل روھ» ناملىق كىتابى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۆلۈمدىن كېيىن روھنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىدىغان بۇ كىتابقا ئۆلۈشكە خۇشتار ئالجىغان قېرىلار قىزىقىدۇ. پەتنۇسلارنىڭ ئىچىدە ۋە ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە قەلەم قاپچۇقى، رەسىم پىچىقى، قېرىنداش ئۇچلىغۇچ، سىياھ قۇتىسى ۋە موي قەلەملەرنىڭ ئارىسىدا بۇ يەرگە كەلمىگەندىن بېرى پەيدا بولغان يېڭى بىر نەرسىنى، يەنى بىر مىس سىياھ قۇتىسىنى كۆردۈم.

— ئۆلاردىن قورقمايدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلايلى، — دېدىم بىر غەيرەت بىلەن، — ئاخىرقى رەسىمنى ئېلىپ، ئۆلارغا كۆرسىتەيلى.

— بۇ ئۇلارنىڭ ئىغۋالىرىغا قارىتا ئۆزىمىزدىن خۇدۇكسىرەپ زىيادە ئەھمىيەت بەرگەندەك بىر تەسىر پەيدا قىلمامدۇ؟ قورقايلى دېسەك، قورققۇدەك بىر ئىش قىلمىدۇق - دە. سېنى بۇنچىۋالا قورقۇنچ ھېس قىلدۇرغىدەك يەنە نېمە بار؟

ئۇ ئاتلارچە بېشىمنى سىلىدى. يىغىۋاشتىن كۆزلىرىمدىن ياش ئېقىپ كېتىشىدىن ۋەھىمە يېدىم - دە، ئۇنى قۇچاقلىدىم.

— بىچارە ھەلكەش نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ نېمىشقا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىمەن، — دېدىم ھاياجان بىلەن، — نازاكەتلىك ئەپەندى سىزگە، كىتابىڭىزغا، بىزلەرگە بوھتان چاپلاپ، ئەرزۇرۇملۇق نۇسرەت موللىنىڭ ئادەملىرىنى توپلاپ بىزگە تاقابىل تۇرماقچى بولغان ۋە بىزنى شەيتانغا ماسلىشىپ دىنسىزلىق قىلدى دەپ قارىغانىدى. ئۇ ئۇ يەر - بۇ يەردە ئىغۋا تارقىتىپ كىتابىڭىز ئۈچۈن ئىشلىگەن باشقا رەسساملارنى سىزگە قارشى كۈشكۈرتۈشكە باشلىغانىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇت شۇنداق قىلغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق. ھەسەتخورلۇقتىن بولۇشى ياكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ھەممىمىزنى يوقىتىش ئۈچۈن قانداق قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى كىتابىڭىز ئۈچۈن ئىشلىگەن باشقا رەسساملارمۇ ئاڭلىدى. سىز ھەممەيلەننىڭ قورققانلىقىنى، خۇددى ماڭا ئوخشاش گۇمانلىنىشقا باشلىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيسىز. ئۇلاردىن بىرى بىر كۈنى تۈن يېرىمىدا نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. نازاكەتلىك ئەپەندى ئۇنى سىزگە ۋە بىزگە، كىتابىڭىزغا، نەقىشكە، رەسىمگە، بىز ئىشەنگەن ھەممە نەرسىگە قارشى كۈشكۈرتكەنلىكى ئۈچۈن ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈپ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن.

— ئەبلەخ؟

— نازاكەتلىك ئەپەندى بىر زەھەرخەندە ۋە رەزىل خائىن ئىدى، — دېدىم، گويا ئۇ ئۆيدە ئالدىمدا تۇرغاندەك، — ئىپلاس! — دەپ ۋارقىرىدىم.

بىر دەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇ مەندىن قورققانمىدۇ؟ مەن بولسام ئۆزۈمدىن قورقاتتىم. گويا باشقا بىرىنىڭ خىرىسى ۋە ئەقلىنىڭ

شامىلىغا ئۇچرىغانىدىم. بىراق بۇنداق ھېسسىياتمۇ ياخشى ئىدى.

— ساڭا ۋە ئىسپاھانلىق رەسسامغا ئوخشاش قورقۇنچقا ئەسىر بولغان بۇ رەسسام كىم؟ ئۇنى كىم ئۆلتۈرۈپتۇ؟

— خەۋىرىم يوق، — دېدىم.

ئەمما يالغان ئېيتقانلىقىمنى چىرايىمدىن بىلسۇن دەيتتىم. بۇ يەرگە كېلىپ ناھايىتى خاتا قىلغانلىقىمنى چۈشىنەتتىم. ئەمما گۇناھكارلىق ۋە پۇشايمان ھېسسىياتلىرىغىمۇ بېرىلمىدىغانىدەك ئەمەس ئىدىم. يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ مەندىن گۇمانلىنمىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن ھۇزۇر ۋە كۈچ ئالاتتىم. دېنىسىزلىق بارمۇ دەپ ئەمەس، ئۇ زادى قانداق بىر نەرسە بولۇپ قالىدى دەپ قىزىقىش بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئاخىرقى رەسىمنى، مېنىڭ قاتىلى ئىكەنلىكىمنى ياخشى چۈشىنەر ۋە مەندىن قورقسا ئۇ ئاخىرقى رەسىمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ماڭا كۆرسىتەر دەپ ئويلىدىم.

ئۇ نائەھلىنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى شۇنچە مۇھىممۇ؟ — دېدىم، — ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن كىشى ياخشى ئىش قىلغان بولمامدۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قارىمىغانلىقى ماڭا غەيرەت بەردى. ئۆزىنىڭ سىلەردىن كۆپ ياخشى ۋە ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ئۇلۇغ كىشىلەر سىلەرنىڭ قىلىقىڭلار ئۈچۈن خىجالەتچىلىك ھېس قىلغىنىدا كۆزلىرىڭلارنىڭ ئىچىگە مانا شۇنداق قارىيالمايدۇ. بەلكىم ئۇلار سىلەرنى پاش قىلىپ، جازالىغۇچى جاللاتلارغا تاپشۇرۇشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

تاشقىرىدا، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا دېگۈدەك ئىتلار قوترىشىپ قاۋاشقا باشلىدى.

— سىرتتا يەنە قار يېغىۋېتىپتۇ، — دېدىم، — بۇلار مۇشۇ ۋاقىتقىچە نەدە يۈرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا سىزنى بۇنداق يالغۇز تاشلاپ كەتتى؟ ھەتتا شامنىمۇ يېقىپ قويماپتۇ.

— غەلىتە ئىش، — بۇنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — دېدى ئۇ.

ئۇ شۇنداق سەمىمىي ئىدىكى، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشەندىم ۋە باشقا رەسساملار بىلەن بىرلىكتە ئۇنى مەسخىرە قىلىشقان بولساممۇ، ئەسلىد-

ده ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلـ.
دىم. تۇيۇقسىز قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەت ۋە
مۇھەببەت قوزغالغانلىقىنى شۇئان چۈشەندى بولغاي، يەنە ھېلىقى
چەكسىز ئاتىلارچە غەمخورلۇق بىلەن چاچلىرىمنى سىلىدى. بۇنى زادى
چۈشىنەلمىدىم. مەن ئۇستاز ئوسماننىڭ ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار-
نىڭ ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىپ سىزغان رەسىمىنىڭ ئىستىقبالى
يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. بۇ شۇنداق يىرگىنچلىك بىر خىيال ئىدىكى،
ئۇنىڭدىن قورقتۇم. ئادەتتە بىر پالاكەتتىن كېيىن ھەممىمىزگە مۇنداق
بولىدۇ: ئاخىرقى بىر ئۈمىد بىلەن، بىمەنە كۆلكىگە قېلىشىمىزغا ھېچ
پىسەنت قىلماي، ھەممە ئىشنىڭ بۇرۇنقىدەك داۋاملىشىشى ئۈچۈن يېـ-
لىنىمىز.
— يەنە كىتابىمىزنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشنى داۋاملاشتۇرايلى، —
دېدىم، — ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەك كېتىۋەرسۇن.
— رەسساملار ئارىسىدا بىر قاتىل بار. كىتابىمنى قارا ئەپەندى
بىلەن بىللە داۋاملاشتۇرىمەن.
— ئۇ مېنى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كۈشكۈرتۈۋاتامدۇ نېمە؟
— قارا ھازىر قەيەردە؟ قىزىڭىز بىلەن باللار قەيەردە؟ — دەپ
سورىدىم.
بۇ سۆزلەرنى گويا ئاغزىمغا باشقا بىر كۈچنىڭ سالغانلىقىنى ھېس
قىلاتتىم، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتالمايتتىم. بۇنىڭدىن كېيىن خۇشال بو-
لۇش ۋە ئۈمىد قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق يولۇم قالمىغانىدى. پەقەت ئە-
قىللىق ۋە مەسخىرىچى بولالايتتىم ۋە ھەمىشە كۆڭۈللۈك بولغان بۇ
ئىككى سۆيۈملۈك جىننىڭ، يەنى ئەقىلنىڭ ۋە مەسخىرىچىلىكنىڭ كەي-
نىدە ئۇلارنى تىزگىنلەيدىغان ۋە ماڭا يېقىنچىلىق قىلىدىغان شەيتاننىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلاتتىم. دەل شۇ ئاندا دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى
كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئىتلار گويا قاننىڭ ھىدىنى ئالغاندەك غال-
جىرلارچە قاۋاشقا باشلىدى.
بۇ ئەھۋالنى مەن ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزمىگەنمىـ-
دىم؟ ناھايىتى يىراقتىكى بىر شەھەرچىدە، ھازىر ماڭا ناھايىتى ئۇزۇن

بىلىنگەن بىر كۈندە، سىرتتا مەن كۆرەلمەيدىغان بىر قار يېغىۋاتقاندا. شام يورۇقىدا مېنى بوياقنى ئوغرىلىدى دەپ ئەيىبلىگەن بىر جاھىل ئالجىغان قېرىغا ھېچقانداق گۇناھىم يوقلۇقىنى يىغلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقانىدىم. ئۇ چاغدىمۇ خۇددى ھازىرقىدەك، يىراقتىكى دەرۋازىنىڭ كەينىدە ئىتلار قاننىڭ ھىدىنى ئالغاندەك غالجىرلارچە قاۋاشقا باشلىغانىدى. يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭمۇ ھېلىقى قورۇق بېسىپ كەتكەن رەزىل قېرىلارغا خاس كىبىرلىك ئېڭىكى ۋە ھازىر ئەڭ ئاخىرىدا كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە رەھىمسىزلەرچە تىككەن كۆزلىرىدىن شۇنى چۈشىنەتتىمكى: ئۇنىڭ مېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىش نىيىتى بار ئىدى. ئۇنى ياش ۋاقتىمدىكى رەسسام شاگىرتلىقىمدىن قالغان بۇ چىدىغۇسىز خاتىرىنى، كاللامدا ئىزناسى ئېنىق، رەڭگى ئاللىقاچان ئۆڭۈپ كەتكەن بىر رەسىمدەك قانداق گەۋدىلەندۈرگەن بولسام، ھازىر ئۇ چاغنىمۇ شۇنداق ئېنىق ۋە سولغۇن بىر خاتىرىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزەتتىم.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئولتۇرغان يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ، ئىش تاختىسىنىڭ ئۈستىدىكى بەزىسى ئەينەكتىن، بەزىسى چىنىدىن، بەزىسى خرۇستالدىن ياسالغان تونۇش سىياھ قۇتىلىرى ئارىسىدىن ھېلىقى يېڭى پەيدا بولۇپ قالغان چوڭ ۋە ئېغىر تۇچ سىياھ قۇتىنى قولۇمغا ئالدىم. مېنىڭ بارلىق سىزغانلىرىمنى ۋە كۆرگەنلىرىمنى، ماڭا گويا شۇ ئاندا بېشىمدىن ئۆتكەن بىر نەرسە ئەمەس، ناھايىتى كونا بىر خاتىرىدەك ئەسلەيتتىم. ئەنە شۇ خاتىرىلەرنى بىزلەرگە بارلىق ھۈنىرىنى ئۆگەتكەن، تەسەۋۋۇرۇمدىكى تىرىشچان رەسسام، يەنى باش رەسسام ئۇستاز ئوسمان ئېنىق ۋە سولغۇن رەڭلەر بىلەن كۆز ئالدىمدا قايتا سىزىپ بېرىۋاتاتتى. بىز ھەمىشە چۈشلىرىمىزدە ئۆزىمىزنى سىرتتىن كۆرۈپ قورقاتتۇققۇ. ئەنە شۇ ۋەھىمە بىلەن ئاغزى تار يوغان تۇچ سىياھ قۇتىسىنى قولۇمغا ئېلىپ مۇنداق دېدىم:

— شاگىرت ۋاقتىمدا، يەنى ئون ياش ۋاقتىمدا بۇنداق بىر سىياھ قۇتىسىنى كۆرگەنىدىم.

— ئۇ 300 يىللىق بىر موڭغۇل سىياھ قۇتىسى، — دېدى يېزنە

تاغا جانابلىرى، ــ قارا ئۇنى تەبرىزدىن ئىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭغا پەقەت قىزىل بوياق قاچىلىنىدۇ.

شۇ ئەسنادا شەيتان مېنى سىياھ قۇتىسىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بۇ ئالجىغان قېرىنىڭ قاپاقباش كالىلىسىغا ئىتتىشقا كۈشكۈرتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭغا تېز پۈكمىدىم ۋە بولمىغۇر بىر ئۈمىد بىلەن:

ــ نازاكەتلىك ئەپەندىنى مەن ئۆلتۈردۈم، ــ دېدىم.

نېمە ئۈچۈن ئۈمىد بىلەن شۇنداق دېگەنلىكىمنى چۈشىنىسىز. شۇنداقمۇ؟ يېزنە تاغىنىڭ مېنى چۈشىنىدىغانلىقى ۋە كەچۈرىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم ۋە مەندىن قورقۇپ بولسىمۇ، ماڭا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

# 29. مەن يېزنە تاغاڭلار

ئۇ ئۆزىنىڭ نازاكەتلىك ئەپەندىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىشى بىلەنلا ئۆينىڭ ئىچىنى ئۇزۇن بىر جىمجىتلىق باستى. شۇئان ئۇنىڭ مېنىمۇ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى خىيالىمدىن كەچۈردۈم. خېلى ۋاقىتقىچە يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ بۇ يەرگە مېنى ئۆلتۈرگىلى كەلدىمۇ ياكى ئۆزىنى مەلۇم قىلغىلى ۋە مېنى قورقۇتقىلى كەلدىمۇ؟ زادى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئۆزى بىلەمدىغاندۇ؟ شۇ دەقىقىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پۈتۈن ماھارەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىدىن خەۋىرىم بولغان بۇ كاراMەت رەسسامنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى زادى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ قورقتۇم. شۇتاپتا ئۇ قولىدا ھېلىقى چوڭ قىزىل سىياھ قۇتىسىنى تۇتقان ھالدا كەينىمدە گەجگەمگە يۈزلىنىپ ئۆرە تۇراتتى. مەن بۇنى ھېس قىلسامۇ، لېكىن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىمىدىم. بۇنداق سۈكۈتنىڭ ئۇنى بىئارام قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، يەنە ئۇنىڭغا:

— ئىتلار تېخىچە قاۋاشتىن توختىمىدى، — دېدىم.

يەنە بىر قېتىم سۈكۈتكە چۆمدۇق. مۇشۇ قېتىم ئۆلۈشۈمنىڭ ياكى بۇ شۈملۈكتىن خالىي بولۇشۇمنىڭ ئۆزۈمگە ۋە ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغان سۆزلىرىمگە باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇنىڭ ھەققىدە مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئۇنىڭ رەسىملىرىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكى ئىدى. مانا بۇ ئەگەر رەسسام ئەسىرىدە ئۆزىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ روھىنى مۇتلەق ئاشكارىلىماسلىقى كېرەكلىكىگە ئىشەنسىڭىز، بۇمۇ ئېپتىخارلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش. خوپ، ئۇ مېنى قانداقسىگە ئۆيدە ئادەم يوق چاغدا كېلىپ تۇتۇۋالدى ـ ھە؟ خىيالىمدا ئەنە شۇ ئويلار غۇۋا كەزمەكتە، لېكىن كاللام باش ـ ئايىغىنى تاپالمىغىدەك دە-

رىجىدە قايمۇقۇپ كەتكەندى. شەكۆرە قەيەردىدۇ؟

— ئۇنى مېنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىمنى باشتىلا بىلگەنىدىڭىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مەن بۇنى بىلمىگەنىدىم، پەقەت ئۇ ماڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتقاندىلا، ئاندىن بىلگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئەمدىلەتىن كاللامغا شۇ خىياللار كەچتىكى، ئۇ نازاكەتلىك ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈپ ياخشى قىلغان بولسا كېرەك، راستىنى ئېيتقاندا، رەھمەتلىك ھەلكەش ئۇستا ئاستا - ئاستا ئۆز قورقۇنچىسىغا ئەسىر بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ بېشىغا بالا تېرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، قۇپقۇرۇق بىر ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز بىللە تۇرۇۋاتقان بۇ قاتىلغا قارىتا ئىچىمدە بىلىنەر - بىلىنمەس مىننەتدارلىق ھېسسىياتى پەيدا بولدى.

— ئۇنى ئۆلتۈرگىنىڭگە ھەيران بولمايمەن، — دېدىم، — كىتابلار بىلەن ياشاۋېرىپ، چۈشىدىمۇ سەھىپىلەرنى كۆرىدىغان بىزگە ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئالەمدە بىر نەرسىدىن قورقىدۇ. بىز بولساق مەنئى قىلىنغان، تېخىمۇ خەتەرلىك ئىش بىلەن، يەنى مۇسۇلمانلار شەھىرىدە رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. ھەر بىر رەسسامنىڭ كۆڭلىدە خۇددى ئىسفاھانلىق رەسسام شەيخ مۇھەممەدكە ئوخشاش ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىدىغان، ئۆكۈنىدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئەيىبلەيدىغان، نادامەت قىلىپ ئاللاھتىن ۋە جامائەتتىن ئەپۇ تىلەشكە ئىنتىلىدىغان كۈچلۈك بىر خاھىش مەۋجۇت. كىتابلىرىمىزنى گۇناھكارلاردەك مەخپىي ئىشلەيمىز ۋە كۆپ چاغلاردا ئۆزرە تىلىگەندەك تەييارلايمىز. بىزنى دىنسىز دەپ ئەيىبلەيدىغان موللىلارنىڭ، دىن تەرغىباتچىلىرىنىڭ، قازىلارنىڭ، شەيخلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز قىلغان ھۇجۇملىرىغا تىز پۈكۈشىنىڭ، يەنە كېلىپ بۇ پۈتمەس - تۈگىمەس گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنىڭ رەسسامنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا يەنە كۈچەيتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتىم.

— دېمەكچىكى، ئەقىلسىز نازاكەتلىك ئەپەندىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكىنىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمامسىز؟

— ماقالىدا، رەسىملەردە بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان نەرسىمۇ مۇشۇ قورقۇنچنىڭ ئىچىدە. ئەتىگەندىن كەچكىچە، كېچىلىرى شام يورۇقىدا، تاكى كۆزلەردىن ئايرىلغىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىمىزنى رەسىمگە ۋە كىتابلارغا بېغىشلىشىمىزنىڭ سەۋەبى پەقەت پۇل ۋە ئېھسان ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىدىن، جامائەتتىن قېچىش ئۈچۈندۇر. لېكىن بۇ قىزغىنلىققا نىسبەتەن، بىز ئىلھام بىلەن سىزغان مۇشۇ رەسىملەرنى بىز قاچقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. لېكىن ئۇلارنىڭ بىزنى ئىمانسىز دېيىشچۇ! بۇ گەپلەر تۇغما تالانتلىق ھەقىقىي رەسسامغا قانداق ئازابلارنى ئېلىپ كېلەر؟ لېكىن ھەقىقىي رەسىملەرمۇ زادى كۆرۈلمىگەن، ھېچكىم ئىپادىلىمىگەن ئازابلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇ دەسلەپ كىشىلەر ئەسكى قاتارىغا چىقىرىۋەتكەن، ياخشى سىزىلمىغان، دىنسىزلىقنى تەشەببۇس قىلدى دەيدىغان رەسىملەرنىڭ ئىچىدە، ھەقىقىي رەسسام ئۆزىنىڭ شۇ مۇھىتقا بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. ھەم ئۇ يەردىكى تەنھالىقتىن قورقىدۇ. لېكىن بۇنداق قورقۇنچلۇق، ئەندىشىلىك ھاياتقا كىممۇ ئۆمۈر بويى چىدىيالىسۇن؟ رەسسام ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تارتىپ كېلىۋاتقان قورقۇنچلۇق تۇيغۇلىرىدىن باشقىلاردىن بۇرۇنراق ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش ئارقىلىق قۇتۇلغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا پەقەت گۇناھىنى ئىقرار قىلغاندىلا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىدۇ. ئىسفاھانلىق رەسسام ئۆزىگە دوزاخ ئوتىنى ئۆزى ياقتى.

— لېكىن سىز رەسسام ئەمەس، — دېدى ئۇ، — مەنمۇ ئۇنى قورققانلىقىم ئۈچۈن ئۆلتۈرمىدىم.

— سەن ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ ئويلىغىنىدەك، ھەرقانداق تەشۋىشتىن مۇستەسنا ھالدا رەسىم سىزىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ!

مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان رەسسام ئۇزۇندىن بېرى تۇنجى قېتىم ناھايىتى ئاقىلانە بىر گەپنى قىلدى: ”بىلىمەن، سىز بۇ سۆزلەرنى مېنى ئالداش، ئىشەندۈرۈش ھەم بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلدىڭىز، —

دېدى ۋە مۇنداق قوشۇمچە قىلدى، — ئەمما كېيىنكى دېگىنىڭىز توغرا. شۇنى چۈشىنىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ.“

بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىدىم. ئۇ ماڭا گەپ قىلـ. غاندا، ئۆزايدىن ئۇنىڭ ئارىمىزدىكى كونا ئەدەپ - قائىدىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆز رايى بىلەن كېتىدىغانلىقىنى سەز. دىم. ئەمما قەيەرگە كېتىدۇ؟

— سىزگە بولغان ھۆرمىتىم ئۆزگەرمەيدۇ، ئەنسىرىمەڭ، — دېدى ئۇ ۋە كەينىمدىن ئالدىمغا ئۆتۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئەمما بۇ ماڭا ناھايىتى ئېچىنىشلىق تۇيۇلۇپ كەتتى، — ئەھۋال مانا شۇ، — دېدى ئۇ، — مەن بىر ئىش قىلىۋاتىمەن، لېكىن ئۇ ئىشنى قىلغان گويا مەن ئەمەس، ئىچىمدە بىر نەرسە مېنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتىدۇ ۋە ماڭا ئۇ پۈتۈن ئەسكىلىكنى قىلدۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا تولىمۇ موھتاجمەن، رەسىم سىزىش ئۈچۈنمۇ شۇنداق.

— بۇلار شەيتان ھەققىدە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان تۇترۇقسىز گەپ. لەر.

— يەنى مەن يالغان گەپ قىلىۋاتامدىمەن؟

ئۇنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقىنىنى، شۇنىڭ ئۈ. چۈن مەندىن ئۆزىنى خاپا قىلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— ياق، سەن يالغان گەپ قىلمىدىڭ، لېكىن كۆڭلۈڭدە نېمە ئويى. لىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن.

— ياق، كۆڭلۈمدىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. تېخى ھايات تۇ. رۇپلا گۆر ئازابىنى تارتىۋاتىمەن. سىزمەستىنلا سەۋەبىڭىزدىن كېكىر. تىكمىزگىچە گۇناھقا پاتتۇق. ئەمدى ماڭا تېخىمۇ باتۇر بول دەيسىز. مەن سىزنىڭ تۇپەيلىڭىزدىن قاتىل بولدۇم. نۇسرەت موللىنىڭ قۇترى. غان ئىتلىرى ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن.

مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنمىگەچكە، ئۇ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقى. رىماقتا ئىدى. قولىدىكى بوياق قۇتىسىنى تېخىمۇ ئەسەبىيلىك بىلەن سىقىپ تۇتاتتى. قارلىق كوچىدىن ئۆتكەن بىرى ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى

ئاڭلاپ ئۆيگە كىرەرمۇ؟

— ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈردۇڭ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا قىزىقىشتىن ئەمەس، بەلكى ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، — ئۇ قۇدۇقنىڭ بېشىدا قانداق ئۇچرىشىپ قالدىڭلار؟

— نازاكەتلىك ئەپەندى سىلەرنىڭ ئۆيدىن چىققان كېچىسى مېنى ئۆزى ئىزدەپ كەلدى، — دېدى ئۇ كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۆزىنى ئاقلاپ، — ئۇ ئىككى سەھىپىلىك ئاخىرقى رەسىمنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. گەپ تارقىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنى بۇ سۆزىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆپ ھەپىلەشتىم. ئۇنى ئوت كەتكەن يەرگە باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا قۇدۇقنىڭ يېنىغا كۆمۈپ قويغان پۇلۇم بارلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىشەندى: بۇ رەسسامنىڭ پۇل ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىغا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىسپات بولماس. شۇڭا مەن ئەپسۇسلۇق ھېس قىلمىدىم. ئۇ ماھارەتلىك، لېكىن بىر چاكىنا رەسسام ئىدى. بۇ ئاچكۆز ھاماقەت توڭلاپ كەتكەن تۇپراقنى تىرناقلىرى بىلەن قېزىشقا تەييار ئىدى. قۇدۇقنىڭ يېنىدا ھەقىقەتەن كۆمۈلگەن ئالتۇنلىرىم بولغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈمنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق ئىدى. دەرۋەقە، سىز ھەلىلىك ئىشقا سېلىش ئۈچۈن بىر پەسكەشنى تاللاپتىكەنسىز. ئۇ رەھمەتلىكنىڭ قولى ئەپچىل بولسىمۇ، رەڭ تاللاش، ھەل بېرىش، رەڭ بېرىش جەھەتتىكى ماھارەتلىرى تولىمۇ ئاددىي ئىدى. مەن ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىدىم. ئېيتىڭا، ئۇسلۇب دېگەن نەرسىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى نېمە؟ ھازىر پەرەڭلەرمۇ، جۇڭگولۇقلارمۇ رەسسامنىڭ ماھارەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇب ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ. ياخشى رەسسامنىڭ باشقىلاردىن ئايرىم بىر ئۇسلۇبى بولۇشى كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ؟

— ئەندىشە قىلما، يېڭى ئۇسلۇب رەسسامنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە بولمايدۇ، — دېدىم، — بىر شاھزادە ئۆلىدۇ، بىر شاھ جەڭدە مەغلۇب بولىدۇ. پۈتمەس - تۈگىمەس دەپ قارالغان دەۋرمۇ تۈگەيدۇ، بىر رەسىمخانا تاقىلىدۇ ۋە ئۇ يەرنىڭ رەسساملىرى تارقىلىپ ئۆزلىرىگە باشقا يۇرتلار، باشقا كىتابپەرەس ھامىيلارنى ئىزدەيدۇ. بىر كۈنى بىر پادىشاھ ھەر يەرلەردىن، مەسىلەن، ھىراتتىن ۋە ھەلەپتىن كەلگەن بۇ يۇرت -

ماكانسىز، گاڭگىراپ قالغان، ئەمما ماھارەتلىك رەسساملارنى ۋە خەت-
تاتلارنى ئۆز قارارگاھىغا ياكى ئوردىسىغا شەپقەت بىلەن تەكلىپ قى-
لىپ، ئۆز رەسىمخانىسىنى قۇرىدۇ. ئۆزئارا تونۇشمايدىغان رەسساملار
ئالدى بىلەن ئۆزى بىلىدىغان كونا ئۇسۇللار بىلەن رەسىم سىزسىمۇ،
كېيىن كوچىدا بىللە ئوينىپ يۈرگەن باللارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئارد-
سىدا بىرەر ئوخشاشلىقىش، جېدەل - ماجىرا، تالاش - تارتىشلار بولى-
دۇ. بىر نەچچە يىللار داۋاملاشقان غوۋغالار، ھەسەتخورلۇقلار، سۈيى-
قەستلەر رەڭ ۋە رەسىم تەتقىقاتلىرىنىڭ ئاخىرىدا مەيدانغا چىققان يېڭى
بىر ئۇسلۇبدۇر. بۇ ئۇسلۇبنى ئادەتتە ئۇ رەسىمخانىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر
ۋە ئەڭ ماھىر رەسسامى ئىجاد قىلىدۇ. ئۇنى ئەڭ تەلەيلىك رەسسامىمۇ
دەيلى، قالغان رەسساملارغا بۇ ئۇسلۇبنى مەڭگۇ تەقلىد قىلىپ مۇكەم-
مەللەشتۇرۇش ھەتتا جۇلالاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قارىيالماي، كۈتۈلمىگەن مۇلايىم پوزىتى-
سىيە بىلەن مەندىن سەممىيەت ۋە شەپقەت تىلەپ، خۇددى بىر كىچىك
قىزچاقتەك تىترەپ سورىدى:

— مېنىڭ ئۆز ئۇسلۇبىم بارمۇ؟

بىردىنلا كۆزلىرىمدىن ياشلار تۆكۈلۈشنى ئۈمىد قىلدىم، پۈتۈن
كۈچۈم بىلەن مۇلايىم، شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇشقا تىرىشتىم ۋە
ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى تەقەززالىق بىلەن ئېيتتىم:

— 60 نەچچە يىللىق ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەڭ ماھارەتلىك، قولى
ئەڭ چىۋەر، كۆزى ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ مۆجىزىلىك رەسسامسەن. مىڭ
رەسسامنىڭ قەلىمى بىلەن سىزىلغان بىر توپ رەسىم ئالدىمدا بولسا،
ئۇنىڭ ئىچىدە سېنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان كارامەت قەلىمىڭنىڭمۇ بارلى-
قىنى شۇئان پەرق ئېتىپ تونۇيمەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، لېكىن مېنىڭ ماھارىتىمنىڭ سىرد-
نى چۈشىنەلىگۈدەك ئەقىللىق ئەمەسسىز، — دېدى ئۇ، — ھازىر مەن-
دىن قورققانلىقىڭىز ئۈچۈن يالغان ئېيتىۋاتىسىز. شۇنداق بولسىمۇ،
مېنىڭ ئۇسلۇبلىرىمنى يېڭىۋاشتىن ئېيتىپ بېقىڭ.

— قەلىمىڭ سىزىقىنىڭ توغرىسىنى گويا سېنىڭ قول تەگكۈزۈ-

شۇڭ بىلەن ئەمەس، ئۆزلۈكىدىن تاپالايدۇ. سېنىڭ قەلىمىڭ سىزغان رەسىم ئەمەلىيمۇ ئەمەس، ھەزىلمۇ ئەمەس! نۇرغۇن ئادەم قاتناشقان بىر سورۇننى سىزغىنىڭدا، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا قارىشىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرى، مەتنىنىڭ مەنىسىدىن چىققان قارشىلىشىشلار رەسىمىڭدە زادى تۇگىمەيدىغان نەپىس بىر پىچىرلاش بىلەن ئاجايىپ تۇسكە كىرىدۇ. مەن سېنىڭ رەسىملىرىڭگە ئۇ پىچىرلاشنى ئاڭلاش ئۇ- چۈن بىر - بىرلەپ قارايمەن. ھەر بىر قاراشتا مەنىنىڭ ئۆزگەرگىنىنى خۇشاللىق بىلەن بايقايمەن ۋە نېمە دېسەم بولار؟ رەسىمنى ماقالىغا ئوخشاش يېڭىۋاشتىن ئوقۇشقا باشلايمەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ مەنە قاتلاملىرى كەينى - كەينىگە تىزىلىپ، پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ پېرس- پېكتىۋىدىنمۇ يىراقلارغا كەتكەن بىر چوڭقۇرلۇق نامايان بولىدۇ.

— ھىم، ياخشى دېدىڭىز، پەرەڭ ئۇستازلىرىنى قويۇپ سۆزلەۋې- رىڭ.

— سېنىڭ قەلىمىڭ ھەقىقەتەن كارامەت، شۇنداق كۈچلۈككى، سىزغان رەسىمىڭنى كۆرگەن كىشى نەرسىگە ئەمەس، سېنىڭ سىزغى- نىڭغا ئىشىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ سەن ماھارىتىڭ بىلەن ئىمانى ئەڭ مۇستەھكەم مۇخلىسنىمۇ يولدىن چىقىرىپ ئېتىقادىدىن ۋاز كەچتۈرە- لىگىنىڭدەك، بىر رەسىم بىلەن ئەڭ تۇزەلمەس ئىمانسىزنىمۇ ئاللاھنىڭ يولىغا كىرگۈزەلەيسەن.

— توغرا، لېكىن ئۇ مەدھىيەمۇ ئەمەسمۇ، بىلمەيمەن، ئېيتىۋې- رىڭ.

— ھېچبىر رەسسام بوياقنىڭ تەڭشىلىش ئۆلچىمىنى، سىرلىرىنى سەنچىلىك بىلمەيدۇ. ئەڭ پارقىراق، ئەڭ جانلىق، ئەڭ ھەقىقىي رەڭلەر- نىڭ ھەممىسىنى سەن تەييارلايسەن.

— خوپ، يەنە؟

— بەھزات ۋە مىرسەييىد ئەلىدىن قالسا، ئەڭ چوڭ رەسسام سەن ئىكەنلىكىڭنى بىلىسەن.

— توغرا، مەن بۇنى ياخشى بىلىمەن. سىز بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا كىتابنى مەن بىلەن ئەمەس، ئۇ كالتە پەم قارا ئەپەندى بىلەن بىللە

ئىشلەيسىز؟

— ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى رەسساملىق ماھارىتى تەلەپ قىلمايدۇ، — دېدىم، — بۇ بىر، ئىككىنچىدىن ئۇ ساڭا ئوخشاش قاتىل ئەمەس.

ئۇ ماڭا يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى. چۈنكى مەنمۇ دەرھال ئىچىم بوشاپ قالغان ھېسسىيات بىلەن كۈلگەنىدىم. بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن مۇشۇنداق «پوزىتسىيە ۋە ئۇسلۇب» دېگەن تېما بىلەن قۇتۇلىدىغانلىقىمنى سېزەتتىم. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئاساسىي تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى تۆچتىن ياسالغان موڭغۇل سىياھ قۇتىسى ھەققىدە ئاتا - بالىدەك ئەمەس، تەجرىبىسى مول ئىككى ھەۋەسكار بوۋايدەك كۆڭۈللۈك مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدۇق. تۆچنىڭ ئېغىرلىقى، سىياھ قۇتىسىنىڭ تەكشىلىكى، قۇتا بويىنىنىڭ ئىچكىرىلىكى، قومۇش ساپلىق كونا خەتتات قەلەملىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئۇ ئالدىمدا ئۆرە تۇرۇپ سىياھ قۇتىسىنى ئاستا چايقاپ، قويۇقلۇق دەرىجىسىنى دەڭسەۋاتقان قىزىل سىياھنىڭ سىرلىرى، ۋەھاكازالار ھەققىدە سۆزلەشتۇق. موڭغۇللار جۇڭگولۇق ئۇستىلاردىن ئۆگەنگەن قىزىل بوياقنىڭ سىرلىرىنى خوراسانغا، بۇخاراغا، ھىراتقا ئېلىپ بارمىغان بولسا، بىز ئىستانبۇلدا بۇ رەسىملەرنى ھەرگىز سىزالمايدىغانلىقىمىز ھەققىدىمۇ توختالدۇق. بىز سۆزلىشىۋاتقاندا گويا بوياققا ئوخشاش ۋاقىتنىڭ زىچلىقىمۇ ئۆزگىرىۋاتاتتى ۋە ۋاقىت بارغانسېرى ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلۈمنىڭ بىر بۇرجىكىدە يەنىلا نېمىشقا تېخىچە بۇ ئۆيدە ھېچكىم يوق دەپ ھەيران بولاتتىم. ئۇنىڭ قولىدىكى ئېغىر سىياھ قۇتىسىنى ئورنىغا قويۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

— كىتابىڭىز تاماملانغاندا مېنىڭ سىزغان رەسىملىرىمنى كۆرگەنلەر ماھارىتىمنى چۈشىنەرمۇ؟ — دەپ سورىدى، بىللە ئىشلىگەن ۋاقتىمىزدىكىدەك ئەركىن مۇئامىلە بىلەن.

— خۇدا بۇيرۇسا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە كىتابنى ساق - سالامەت تاماملىۋالساق، سۇلتانىمىز ئالىيلىرى ئۇنى قولىغا ئېلىپ كۆرىدۇ، ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن زەرلىك ۋاراقلارنىڭ جايىدا ئىشلىتىلگەن - ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى تەكشۈرىدۇ. خۇددى بىر ئەخلاقنامىنى ئوقۇغاندەك، ئۆ -

زىنىڭ سۈرىتىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن قاراپ، پۈتۈن پادىشاھلارغا ئوخ-
شاش، بىزنىڭ ئاجايىپ رەسىمىمىزگە ئەمەس، رەسىمدىكى ئۆزىگە ھەيران بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاقىت ئاجرىتىپ، بىزنىڭ قانداق جاپالىق ئەجىر بىلەن كۆز نۇرىمىزنى سەرپ قىلىپ ۋە قانداق ھەۋەس بىلەن مەغرىب ۋە مەشرىقنىڭ روھىنى مۇجەسسەملەپ ئىجاد قىلغان كۆركەم مەنزىرىلىرىمىزنى تاماشا قىلسا ئەجەب ئەمەس! سەنمۇ بىلى-
سەن، بىرەر مۆجىزە بولمىسا، بۇ رامكىنى كىم ئىشلىدى، ھەلنى كىم بەردى، بۇ ئادەمنى ۋە ئاتنى كىم سىزدى دەپ سوراپمۇ قويمايدۇ ۋە كى-
تابنى خەزىنىسىگە سېلىپ قۇلۇپلاپ قويىدۇ. لېكىن بىز پۈتۈن ماھارەت ئىگىلىرىگە ئوخشاش ئۇنى يەنىلا كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۆجىزە بولىدۇ دەپ سىزىۋېرىمىز.

بىز خۇددى سەۋر بىلەن نېمىنىدۇ كۈتۈۋاتقاندەك بىر ئاز سۈكۈت قىلدۇق.

— ئۇ مۆجىزە قاچان بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — كۆز نۇرى-
مىزدىن ئايرىلغىچە سىزغان شۇنچىۋالا رەسىم قاچان ھەقىقىي چۈشى-
نىشكە سازاۋەر بولىدۇ؟ كىشىلەر ماڭا ۋە بىزگە تېگىشلىك ھۆرمەتنى قاچان بېرىدۇ؟

— ھېچقاچان!

— نېمە ئۈچۈن؟

— تەلەپ قىلغىنىڭنى ھەرگىز بەرمەيدۇ، — دېدىم، — كەلگۈسى-
دە كىشىلەرنىڭ ساڭا بولغان تونۇشى تېخىمۇ ئازىيىدۇ.

— كىتابلار مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، — دېدى ئۇ مەغرۇر ھالدا، لېكىن ئۆزىگىمۇ پۈتۈنلەي ئىشەنچ قىلالماي.

— ئىتالىيىلىك ئۇستازلارنىڭ ھېچبىرىدە سېنىڭ شېئىرىي پۇرى-
قىڭ، ئېتىقادىڭ، سەزگۈرلۈكۈڭ، ئىشلەتكەن رەڭلىرىڭنىڭ ساپلىقى ۋە پارلاقلىقىنىڭ ئىزناسى يوق. ماڭا ئىشەن، ئەمما ئۇلارنىڭ رەسىملىرى ئىنتايىن قايىل قىلارلىق، تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ. دۇن-
يانى بىر مۇنارنىڭ پەشتىقىدىن كۆرگەندە ۋە پېرسپېكتىۋ دېگەن نەر-
سىگە سەل قاراپ ئەمەس، كوچىدا كۆرگەن مەنزىرىلەرنى ياكى بولمىسا

شاھزادىنىڭ ھۇجرىسىدا كۆرگەن ئورۇن ـ كۆرپىسى، ئۇستىلى، ئەينەكى، يولۋىسى، قىزى ۋە پۇللىرى قاتارلىقلارنى سىزىدۇ. ئۇلارنىڭ سىزمايدىغان نەرسىسى يوق. ساڭا مەلۇم، مەن ئۇلارنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرىغا قايىل بولمايمەن. رەسىمنىڭ دۇنيانى بىۋاستە تەقلىد قىلىشى بولمىغۇر ئىش، ئۇنىڭدىن قاتتىق يىرگىنىمەن. لېكىن ئۇلار يېڭى ئۇسلۇبتا سىزغان ھېلىقى رەسىملەر كىشىنى شۇنداق جەلپ قىلىدۇكى، كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى نەرسىنى خۇددى كۆرگىنىدەك سىزىدۇ. دەرۋەقە ئۇلار كۆرگەنلىرىنى سىزىدۇ، بىز بولساق ئويلىغىنىمىزنى سىزىمىز. ئۇلارنىڭ سىزغانلىرىنى كۆرۈپلا چۈشىنىمىز، بىر كىشىنىڭ چىرايىنى مەڭگۈ ئۆلمەس قىلىشنىڭ يولى پەرەڭلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئارقىلىقلا بولىدۇ. بۇنىڭ جەلپكارلىقى شۇنداق كۈچلۈككى، پەقەت ۋېنېتسىيىلىكلەرلا ئەمەس، پەرەڭ دىيارلىرىنىڭ پۈتۈن تىككۈچىلىرى، قاساپلىرى، ئەسكەرلىرى، پوپلىرى، دۇكاندارلىرى... ھەممە كىشى ئۆزىنى شۇنداق سىزدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ رەسىملەرنى بىر كۆرسىڭىز سىزمۇ ئۆزىڭىزنى شۇنداق كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىسىز، ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، تەڭداشسىز، ئالاھىدە ۋە غەلىتە بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنمەكچى بولىسىز. كىشىنى ئەقلىنىڭ كۆرگىنىدەك ئەمەس، يېڭى ئۇسلۇبلار ئارقىلىق كۆزنىڭ كۆرگىنىدەك سىزىش شۇنداق پۇرسەتنى بېرىدۇ. كەلگۈسىدە، كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھەممە كىشى رەسىمنى شۇلاردەك سىزىدۇ. رەسىم دېگەندە، پۈتۈن جاھان ئۇلار سىزغان ئەسەرلەرنى ئويلايدۇ! بۇ يەردە رەسىمنى زادى چۈشەنمەيدىغان بىچارە، كالۋا تىككۈچىمۇ شۇنداق بىر رەسىمى بولۇشنى ئويلايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي بىر كالۋا ئەمەس، ئالاھىدە، تەڭداشسىز بىر شەخس ئىكەنلىكىگە بۇرنىنىڭ ئەگىمەچلىكىگە قاراپ ئىشىنىدۇ.

— ئېھ، ئۇ چاغدا بىز مۇشۇنداق رەسىمنى سىزالايمىز، — دېدى چاقچاقچى قاتىل.

— سىزالمايمىز! — دېدىم مەن، — سەن كىشىلەرنىڭ پەرەڭ دورامچىسى بولۇشتىن قانداق قورقىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ ئۆلتۈرگەن مەرھۇم نازاكەتلىك ئەپەندىدىن ئۆگەنمىدىڭمۇ؟ كىشىلەر قورقماي سىناپ

كۆرسىمۇ، نەتىجە يەنىلا ئوخشاش بولىدۇ. ئاخىرى بىزنىڭ ئۇسلۇبلىرى-
مىز ئۆلۈپ، رەڭلىرىمىز ئۆچىدۇ. كىتابلىرىمىز ۋە رەسىملىرىمىزگە
ھېچكىم قىزىقمايدۇ، قىزىققانلارمۇ يا ھېچ نەرسە چۈشەنمەي، كالپۇك-
لىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، نېمە ئۈچۈن بۇ رەسىملەردە پېرسپېكتىۋ يوق دې-
يىشىدۇ ياكى ئۇ كىتابلارنى زادى تاپالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا قىزىقماس-
لىق بىلەن بىللە، رەسىملىرىمىزنى ۋاقىت ۋە پالاكەتلەر ئاستا - ئاستا
يەپ تۈگىتىدۇ. تۈپلەشكە ئىشلەتكەن ئەرەب يېلىمىدە بېلىق، سۆڭەك،
بال بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە سەھىپىلىرى تۇخۇم ۋە كىراخمال بىلەن قى-
لىنغان مەلھەم بىلەن جۇلالاندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن نومۇسسىز، ئاچكۆز
چاشقانلار ۋاراقلارنى شاپۇر - شۇپۇر يۇتۇۋېتىدۇ، ئاق چۈمۈلىلەر،
قۇرتلار ۋە خىلمۇ خىل ھاشاراتلار كىتابلىرىمىزنى غاجاپ تۈگىتىۋېتى-
دۇ. تومىلار پارچىلىنىپ، بەتلىرى ئاجراپ كېتىدۇ. ئوغرىلار، بىپەرۋا
خىزمەتكارلار، بالىلار، ئوچاققا ئوت ياققان ئايالىلار ۋاراقلارنى، رەسىم-
لەرنى رەھىمسىزلەرچە يىرتىدۇ. بالا شاھزادىلەر قوللىرىدىكى ئويۇنچۇق
قەلەملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان سىزىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئا-
دەملەرنىڭ كۆزلىرىنى ئويىدۇ، ۋاراقلار بىلەن بۇرۇنلىرىنى سۈرتىدۇ،
چۆرىلىرىنى قارا قەلەم بىلەن بويايدۇ؛ ھەدېسىلا بۇنى گۇناھ دېگۈچىلەر
ھەممە يېرىگە قارا سۈركىتىۋېتىدۇ. رەسىملىرىمىزنى يىرتىپ، كېسىپ،
بەلكىم باشقا رەسىملەرنى سىزىدۇ ياكى ئويۇنچۇق قىلىۋالىدۇ. ئانىلىرى
رەسىملەرنى چاكىنىكەن دەپ يىرتىشسا، ئاتىلىرى، ئاكىلىرى ئايالىلارنىڭ
رەسىملىرىگە قاراپ قول زىناسى قىلىدۇ؛ ۋاراقلار يالغۇز بۇنىڭدىنلا ئە-
مەس، پاتقاقتىن، نەمدىن، ناچار يېلىمدىن، تۆكۈرۈكتىن ۋە ھەر خىل
مەينەتچىلىك ۋە يېمەكلىك يۇقۇندىلىرىدىن بىر - بىرىگە چاپلىشىپ،
چاپلاشقان يەرلەر پاختىلىشىپ كېتىدۇ ۋە كىرلەردىن، داغلاردىن يىرىڭ-
لىق ئىششىقلاردەك چېچەكلەر ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا كىتابلىرىمىزنى
يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن ئۆگزىلەر، سەللەر ۋە پاتقاقلار نابۇت قىلىدۇ.
سۇلار، نەملىكلەر، ھاشاراتلار ۋە بىپەرۋالىقلار ئۇماچ ھالىغا كەلتۈر-
گەن، ئۆتمۈشتۈك بولۇپ، ئەبجىقى چىقىپ، رەڭلىرى ئۆچۈپ تونۇغۇ-
سىز بولۇپ كەتكەن سەھىپىلەردىن باشقا، مەلۇم قۇرۇق ساندۇقنىڭ تې-

گىدىن مۆجىزىدەك چىققان ئاخىرقى بىر پاك ـ پاكىز كىتابمۇ، تەبىـئىيكى كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر رەھىمسىز ئوت ئاپەتنىڭ يالقۇنلىرىدا كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. ئىستانبۇلنىڭ ھېچ بولمىغاندا ھەر 20 يىلدا بىر كۆيۈپ كۈل بولماي بىرەر نۇسخا كىتاب ساقلىنىپ قالغان بىرەر مە-ھەللىسى بولسۇنمۇ؟ موڭغۇللار باغدادتا كۆيدۈرۈۋەتكەن ۋە بۇلىغانلىرى-دىنمۇ كۆپ كىتاب ۋە كۇتۇپخانىلار ھەر ئۈچ يىلدا بىر يوق بولىدىغان بۇ شەھەردە قايسى رەسسام ئۆزىنىڭ كلاسسىك ئەسىرىنىڭ 100 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەسىملى-رى ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۆزىنىڭمۇ بەھزاتتەك ئەسلىنىدىغانلىقىنى تە-سەۋۋۇر قىلالىسۇن؟ يالغۇز بىزنىڭ ئەجداد قىلغانلىرىمىزلا ئەمەس، ئە-سىرلەر بويى بۇ ئالەمدە بىنا قىلىنغان ھەممە نەرسە ئوت ئاپەتلىرى، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، بىپەرۋالىقلار بىلەن يوق بولىدۇ. شۇڭا، شېرىنىنىڭ دېرىزىدىن خۇسرەۋگە مەغرۇرانە قارىشى، خۇسرەۋنىڭمۇ ئاي يورۇقىدا يۇيۇنىۋاتقان شېرىنىنى كۆڭۈللۈك تاماشا قىلىشى ۋە پۈتۈن ئاشىقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە نازاكەت ۋە ئەدەپ بىلەن كۆز سۈزۈشلىرى؛ رۇستەمنىڭ ئاق شەيتاننى قۇدۇقنىڭ تۈۋىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈشى؛ مۇھەببەتتىن سەۋدايى بولغان مەجنۇننىڭ چۆلدە ئاق يولۋاس ۋە تاغ ئۆچكىسى بىلەن دوست بولغان چاغدىكى قايغۇلۇق قىياپىتى؛ ھەر كېچە جۇپلىشىدىغان چىشى بۆرىگە ئۆزى كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان پادىدىن بىر قوينى ھەدىيە قىلغان ۋاپاسىز چوپان ئىتنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىپ دەرەخكە ئېسىلىشى؛ گۈللەر، پەرىشتىلەر، ياپراقلىق دەرەخ شاخلىرى، قۇشلار ۋە كۆز ياشلى-رى بىلەن ئىشلەنگەن پۈتۈن سەھىپىلەرنىڭ بارلىق گىرۋەك بېزەكلى-رى؛ ھاپىزنىڭ سىرلىق شېئىرلىرىنى بېزەش ئۈچۈن سىزىلغان بارلىق ئۇد① چالغۇچىلار؛ مىڭلىغان، تۈمەن مىڭلىغان رەسسام شاگىرتلىرىنىڭ كۆزلىرىنى نابۇت قىلغان، ئۇستازلارنى كور قىلغان پۈتۈن تام بېزەك-لىرى؛ ئىشىك ماڭلايلىرىغا، تاملارغا ئېسىلغان كىچىك لەۋھەلەرگە، رەسىمنىڭ ئىچىدىكى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن رامكىلارنىڭ

① ئۇد ــ تۈرك مۇزىكىسىدا زەخمەك بىلەن چېلىنىدىغان بىر چالغۇ. ــ ت.

ئىچىگە يوشۇرۇنغان پۈتۈن بېيىتلار؛ تام تۈۋلىرىگە، بۇلۇڭلارغا، ئىشىك - دېرىزە ماڭلايلىرىغا، دەسسىلىدىغان يەرلەرگە، چاتقاللارنىڭ تۆپىلىرىگە، قىيا تاشلارنىڭ ئارىلىرىغا يوشۇرۇنغان كەمتەر ئىمزالار؛ ئاشىقلارنى ياپقان يوتقانلاردىكى پۈتۈن گۈل - چېچەكلەر؛ سۇلتانىمىزنىڭ رەھمەتلىك بوۋىسى دۈشمەن قەلئەسىگە زەپەر بىلەن ھۇجۇم قىلغاندا بىر چەتتە سەۋر بىلەن ئەجىلىنى كۈتۈپ تۇرغان كۆپپارلارنىڭ تېنىدىن جۇدا بولغان كاللىلىرى؛ كۆپپار ئەلچىسى سۇلتانىمىزنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ئايىغىنى سۆيۈۋاتقاندا ئارقىدا كۆرۈنگەن ۋە سەنمۇ ياش ۋاقتىڭدا سىزىشقا قاتناشقان توپلار، مىلتىقلار، چېدىرلار؛ مۈڭگۈزلۈك، مۈڭگۈزسىز، قۇيرۇقلۇق، قۇيرۇقسىز، چىشلىرى ئۇچلۇق، تىرناقلىرىمۇ ئۇچلۇق بارلىق شاياتۇنلار؛ جۇملىدىن، بىلىملىك ھۆپۈپ، ئېگىزدە ئۇچىدىغان قۇشقاچ، بىلىمسىز سار، شائىر بۇلبۇللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان خىلمۇ خىل سىزىلغان قۇشلار؛ مۇلايىم مۈشۈكلەر، قۇترىغان ئىتلار، چاپقۇر بولۇتلار؛ سىزىلغان رەسىملەردە تەكرارلانغان چىرايلىق گىياھلار؛ كۆلەڭگىلەر قاپلىغان كېلەڭسىز قىيا تاشلار ۋە پەيغەمبەرنىڭكىدەك سەۋر - تاقەت بىلەن ياپراقلىرى بىر - بىرلەپ سىزىلغان تۈمەن سىزىلغان ئارچا، چىنار ۋە ئانار دەرەخلىرى؛ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ياكى شاھ تەھمەسىپنىڭ زامانىدىن قالغان ئوردا سارايلار ئۈلگە قىلىنىپ بىنا قىلىنغان، ئەمما ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى بېزىگەن ئوردىلار ۋە ئۆيلەرنىڭ يۈز سىزىلغان خىش - كېسەكلىرى؛ دالىدا چىمەنلىكلەر ئۈستىگە ۋە گۈل - چېچەكلىرى ئېچىلغان باھاردىكى دەرەخلەر ئاستىغا سېلىنغان ئاجايىپ چىرايلىق گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، گۈزەل قىز - يىگىتلەر چالغان نەغمىنى ئاڭلاۋاتقان تۈمەن سىزىلغان مۇڭلۇق شاھزادىلەر؛ ئۆتكەن 150 يىلدىن بۇيان سەمەرقەندتىن ئىستانبۇلغا كەلگەن، سىزىلغان رەسسام شاگىرتلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن يېگەن تاياقلىرى، ئىشتكەن تىل - ئاھانەتلىرى ھېسابىغا كەلگەن تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ئاپىرىدە بولغان ئاجايىپ فار فۇر قاچىلار ۋە گىلەم رەسىملىرى؛ سەن يەنىلا ئوخشاش جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن سىزغان ئۇ ئاجايىپ باغچىلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدا پەرۋاز قىلغان سارلارنىڭ،

دەھشەتلىك ئۆلۈم ۋە جەڭ مەيدانلىرىنىڭ، نازاكەت بىلەن شىكار قىلغان پادىشاھلار ۋە شۇنداق نازاكەت بىلەن قاچقان ئۆردەك ـ كېپىنەكلەرنىڭ، سېنىڭ ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن شاھلارنىڭ، ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەنلەرنىڭ، كۆپپارلارنىڭ يەلكەنلىك كېمىلىرىنىڭ ۋە دۈشمەن شەھەرلىرىنىڭ ھەمدە قەلەمگىدىن قاراڭغۇ ئۆيلەرنىمۇ پارقىراتقان قاراڭغۇ كېچىلەردە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار، ئەرۋاھلاردەك ئارچىلار ۋە سەن قىزىل بولىغان مۇھەببەت ۋە ئۆلۈم رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى يوق بولىدۇ...

ئۇ سىياھ قۇتىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېشىمغا ئاتتى.

كۈچلۈك زەربىدىن ئالدىمغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم ـ دە، ھەرقانچە قىلىپمۇ تەسۋىرلىيەلمىگىدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق بىر ئاغرىق ئازابىنى ھېس قىلدىم. بىردىنلا گويا ئاغرىقىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى ۋە بۇ جىمى ئالەم رەڭگىنى يوقاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەقلىمىنىڭ زور بىر قىسمى ماڭا قىلىنغان بۇ مۇئامىلىنىڭ مەقسەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، بېشىمغا يېگەن زەربە بىلەن ـــ ياكى زەربە تۈپەيلىدىن ـــ ئەقلىمىنىڭ گاراڭ بولغان يەنە بىر قىسمى بولسا، كىشىگە چۈشىنىكسىز بولغان ياخشى نىيەت بىلەن، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ساراڭغا، توۋا، مېنى خاتا ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسەن دېمەكچى ئىدى.

ئۇ تۇچ سىياھ قۇتىسىنى بېشىمغا يەنە بىر قېتىم ئاتتى.

بۇ قېتىم بۇنىڭ خاتالىق ئەمەس، ساراڭلىق، غەزەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى مېنىڭ ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئۆلۈمگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كاللامنىڭ ھېلىقى گاراڭ بولغان بىر قىسمىمۇ چۈشەندى. بۇ ۋەقەدىن شۇنداق قورقتۇمكى، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئېچىنىشلىق ئاۋازدا ۋارقىراشقا باشلىدىم. پەريادىم رەسىم قىلىپ سىزىلسا ياپىپېشىل بولاتتى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا جىمجىت كوچىلاردا بۇ پەريادنى ھېچكىمنىڭ ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىم.

ئۇ مېنىڭ پەريادىمدىن قورققان ھالدا تۇرۇپلا قالدى. شۇئان كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئالامەتلەردىن قورقۇنچ ۋە خىجالەتچىلىك بىلەن بىللە، قىلغان ئىشىغا ئادەتلەنگەنلىكى ۋە ئۇنى

ئېتىراپ قىلىش ئىپادىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ مەن تونۇيدىغان ئۇستا رەسسام ئەمەس، بەلكى يىراق جايدىن كەلگەن، تىلىمنىمۇ بىلمەيدىغان ۋە ئۇچىغا چىققان ئەسكى بىر يات ئادەم ئىدى. بۇمۇ ماڭا شۇ چاغدىكى غېرىبلىق ھېسسىياتىمنى بىر نەچچە ئەسىر ئۇزارتىۋەتكەندەك تۇيۇلدى. مەن گويا بۇ دۇنيانى قۇچاقلىغاندەك ئۇنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولدۇم، پايدىسى بولمىدى. يېلىندىم، ياكى ئۆزۈمچە ئۇنىڭغا: "ئوغلۇم، ئوغلۇم، مېنى ئۆلتۈرمىگىن" دېدىم خۇددى چۈشەكەۋاتقاندەك بىر ئەھۋالدا. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ سىياھ قۇتىسى بىلەن بېشىمغا يەنە بىرنى سالدى.

تەپەككۇرۇم، كۆرگەنلىرىم، خاتىرىلىرىم، كۆزلىرىم ھەممىسى ۋۇجۇدۇمدىكى قورقۇش دەھشىتى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ھېچقانداق بىر رەڭنى پەرق ئېتەلمەيتتىم ۋە بارچە رەڭلەرنىڭ قىزىلغا ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مېنىڭچە، ئۇ قان، ئەمەلىيەتتە بولسا قىزىل سىياھ ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى سىياھ دەپ قارالغان نەرسىمۇ مېنىڭ ئېقىپ توختىمىغان قىزىل قېنىم ئىدى.

شۇ تاپتا ئۆلۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، بۇ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ناھەق، ئادالەتسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىك دەپ قارىدىم. لېكىن قانلار ئىچىدىكى قېرى كاللام مېنى ئاستا - ئاستا ئېلىپ كەلگەن يەر مۇشۇ ئىدى. كېيىن چۈشەندىمكى، خاتىرىلىرىم تاشقىرىدىكى قاردەك ئاپئاق ئىدى. بېشىم ئاغرىم بىلەن قوشۇلۇپ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى.

ئەمدى سىلەرگە ئۆلۈمىم ھەققىدىكى تەسىراتىمنى سۆزلەپ بېرەي. بۇنى بەلكىم ئاللىقاچان چۈشەنگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن: ئۆلۈم ھەممە نەرسىنىڭ ئاقىۋىتى ئەمەس، بۇ ئېنىق. لېكىن پۈتۈن كىتابلاردا يېزىلغىنىدەك، ئۇ ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە جاننى ئاغرىتىدىغان بىر نەرسە. يېرىلغان باش سۆڭىكىم ۋە مېڭەملا ئەمەس، گويا ھەممە يېرىم بىر - بىرىنىڭ ئىچىگە ئۆتۈشۈپ، سانجىقلار بىلەن تولغىنىپ كۆيەتتى. بۇنداق چىدىغۇسىز ئاغرىققا چىداش شۇنداق تەسكى، ئەقلىمنىڭ بىر قىسمىدا شۇنداق بىر ئىستەك كېزەتتىكى، ئىمكان بولسا ھەممىنى ئۇنتۇپ، بىرەر ئامال - چارە تېپىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولسام ئوبدان بولات-

تى!
ئۆلۈم ئالدىدا بالىلىق چاغلىرىمدا ئاڭلىغان بىر سۈرىيە چۆچىكد-
نى ئەسلىدىم: تەنها ياشايدىغان بىر بوۋاي تۈن يېرىمىدا ئۇيقۇسىدىن
ئويغىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئىستاكان سۇ ئىچىپتۇ. ئىستاكاننى
شىرەگە قوياي دېگەندە، ئۇ يەردىكى شامنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپتۇ. نەگە
كەتكەندۇ؟ ئىچكىرىدىن قىلدەك ئىنچىكە بىر يورۇق كۆرۈنۈشكە باشلاپ-
تۇ، ئۇ يورۇقنى تەكشۈرۈپتۇ. كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىر-
سە، ئورنىدا باشقا بىرەيلەن قولىدا شام تۇتۇپ ياتقىدەك. ئۇ "سەن
كىم؟" دەپ سوراپتىكەن، "ئۆلۈم" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يات ئادەم. بوۋاي
بىر ھازا سىرلىق بىر جىمجىتلىقتا قاپتۇ. "دېمەك كەپسەن - دە" دەپ-
تىكەن، "شۇنداق" دەپتۇ ئۆلۈم خۇشال ھالدا. بوۋاي قەتئىي ھالدا "ياق،
سەن مېنىڭ چالا قالغان چۈشۈم" دەپتۇ ۋە يات ئادەمنىڭ قولىدىكى
شامنى شۇئان پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ - دە، قاراڭغۇدا ھەممە نەرسە يوق
بوپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ بوش ئورنىغا كىرىپ ئۇخلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇ يەنە 20 يىل ياشاپتۇ.
مېنىڭ تەقدىرىمنىڭ بۇنداق بولمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى.
چۈنكى ئۇ سىياھ قۇتىسىنى بېشىمغا يەنە بىر قېتىم ئاتقانىدى. شۇنداق
قاتتىق ئاغرىق ئازابىنى ھېس قىلدىمكى، كاللامغا ئۇرۇلغان زەربىنى
بىلىنەر - بىلىنمەس سەزدىم، ئۇمۇ، سىياھ قۇتىسىمۇ، شام غۇۋا يورۇ-
تۇپ تۇرغان ئۆيمۇ ئاستا - ئاستا غۇۋالىشىپ، كۆز ئالدىمدىن يىراقلى-
شىپ كېتىۋاتاتتى.
شۇنداقتىمۇ مەن تېخى ھايات ئىدىم. بۇنى مەن يەنىلا بۇ دۇنياغا
بولغان ھېرىسمەنلىك، يىراقلارغا قېچىپ كېتىش ھەققىدىكى خىيالىم-
دىن، قوللىرىم، بىلەكلىرىم بىلەن قانلار ئېقىپ تۇرغان بېشىمنى ۋە
يۈزۈمنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرىمدىن، بىر ئارىدا ئۇنىڭ
بىلىكىنى چىشلىۋالغانلىقىمدىن ۋە سىياھ قۇتىسىنىڭ يەنە يۈزۈمگە
ئۇرۇلۇۋاتقىنىدىن بىلگەنىدىم.
بۇنى ئېلىشىش دېيىلسە، ئېھتىمال بىز بىر ئاز ئېلىشقان ئوخ-
شايمىز. ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ئىنتايىن خاپا ئىدى. شۇئاندا ئۇ مېنى

ئۆڭدامغا يىقىتتى ـ دە، تىزى بىلەن مۆرەمگە دىسلاپ، يەرگە چاپلىشۋەت-
تى. سەكراتتا جان تالىشىۋاتقان مەندەك بىر بوۋايغا ئىنتايىن ھۆرمەت-
سىزلىك بىلەن تىل ياغدۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېدى. بەلكىم ئۇنى چۈ-
شىنەلمىگەن، ئاڭلىيالمىغان، قان تولغان كۆزلىرىگە قارىغۇم كەلمىگەن-
لىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك، سىياھ قۇتىسى بىلەن بېشىمغا يەنە بىرنى
ئۇردى. قۇتىدىن چاچراپ چىققان سىياھ ۋە ئېھتىمال مەندىن چاچرىغان
قانمۇ بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى، ئۇستۋېشى قىپقىزىل بولۇپ
كەتكەنىدى.

مەن بۇ دۇنيادا ئەڭ ئاخىرقى كۆرگەن نەرسەم ماڭا دۈشمەن بولغان
مۇشۇ ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىن مەيۈسلەنگەن ھالدا كۆزلىرىمنى يۇم-
دۇم. بۇنىڭ كەينىدىنلا يېقىملىق، ئىللىق بىر نۇرنى كۆردۈم. بۇ نۇر
ئەمدى پۈتۈن ئاغرىقلىرىمنى توختىتىدىغان ۋە ئۇنتۇلدۇرىدىغان شېرىن
ئۇيقۇدەك ئارامبەخش ۋە جەلپكار ئىدى. نۇرنىڭ ئىچىدە بىرىنى كۆرۈپ،
كىچىك بالىدەك، "سەن كىم" دەپ سورىدىم.

— مەن ئەزرائىل، — دېدى ئۇ، — ئىنسان بالىلىرىنىڭ بۇ ئا-
لەمدىكى سەپىرىگە مەن خاتىمە بېرىمەن. بالىلارنى ئانىلىرىدىن، ئا-
ياللارنى ئەرلىرىدىن، ئاشىق ـ مەشۇقلارنى بىر ـ بىرىدىن، ئاتىلارنى
قىزلىرىدىن مەن ئايرىۋېتىمەن. بۇ ئالەمدە مەندىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان
بىرمۇ جانلىق يوق.

ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ يىغلاشقا
باشلىدىم.

كۆز ياشلىرىم مېنى ئىنتايىن ئۇسسىتىۋەتكەنىدى. بىر يېنىمدا
كىشىنى بارغانسېرى سارااسىمغا سېلىۋاتقان ئاغرىق بار ئىدى. ئۇ يۈز ـ
كۆزۈم قان ئىچىدە قالغان غالجىرلىق ۋە زالىملىق قاپلىغان يەر ئىدى.
يەنە بىر يېنىم غالجىرلىق ۋە زۇلۇم تۈگىگەن يەر ئىدى. لېكىن ئۇ يەر
ماڭا نىسبەتەن يات ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۆلۈكلەر دۇنياسى بايا ئەزرا-
ئىل مېنى چاقىرغان ھېلىقى نۇرلۇق ئالەم ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىم
ئۈچۈن ئۇ يەردىن قورقاتتىم. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، مېنى ئاغرىق
ئازابلىرى ئىچىدە تولغىنىپ پەرياد قىلدۇرغان بۇ دۇنيادا ئۇزۇن تۇرال-

مايدىغانلىقىمنى، بۇ قورقۇنچلۇق ئازاب - ئوقۇبەت دىيارىدا ماڭا ئارام-
بەخش بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقاقمۇ قالمىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم. بۇ دۇن-
يادا قېلىش ئۈچۈن گويا بۇ قورقۇنچلۇق ئازابقا چىدىشىم كېرەك ئىدى
ۋە بۇمۇ مەن مۇشۇ قېرى ھالىم بىلەن قىلالايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

شۇڭا ئۆلۈمىمدىن ئاۋۋال ئۆلۈشنى ئۆزۈم تەلەپ قىلدىم. دەل شۇ
چاغدا پۈتۈن ھاياتىم بويىچە باش قاتۇرۇپ، كىتابلاردا جاۋابىنى تاپالمى-
غان نەرسىنىڭ، يەنى نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمدىن
مۇستەسنا بولالمايدىغانلىقى ھەققىدىكى سوئالىمنىڭ جاۋابى مانا شۇ
ئاددىي تەلەپتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى شۇئان چۈشەندىم. مەن يەنە ئۆ-
لۈمنىڭ مېنى تېخىمۇ پاراسەتلىك قىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندىم.

شۇنداقتىمۇ، ئىچىمنى ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال ھۇجرى-
سىغا، بىساتلىرىغا، ئۆيگە ئاخىرقى قېتىم قارىۋالغۇسى كەلگەن ئادەم-
دەك، يۈرەك - باغرىمنى ئەنە شۇ ئىنتىلىشنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز
بىر خىل بىقارارلىقى چۇلغىدى. ئالاقزادىلىك ۋە سېغىنىش ئىچىدە قى-
زىمنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلدىم. بۇنى شۇنداق كۆپ
ئويلىدىمكى، بىر ھازاغىچە چىشىمنى چىشلەپ ئاغرىققا ۋە بارغانسېرى
ئارتىۋاتقان تەشنالىقىمغا چىداپ قىزىمنى كۈتۈشنى ئۈمىد قىلدىم.

شۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىمدىكى ھېلىقى جاننى ئالىدىغان ۋە يېقىم-
لىق كۆرۈنگەن ھېلىقى نۇر بىر ئاز خىرەلەشتى ۋە ئەقلىم ئىشىكلىرى-
نى مەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان دۇنيانىڭ تىۋىشلىرىغا ۋە تاراق - تۇرۇقلى-
رىغا ئاچتى. قاتىلىمنىڭ ھۇجرىدا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، ئىشكاپنى
ئاچقانلىقىنى، قەغەزلىرىمنى ئاختۇرۇپ، ئاخىرقى رەسىمنى ھېرىسمەن-
لىك بىلەن ئىزدىگەنلىكىنى، تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن بوياقلىرىمنى ئا-
رىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ساندۇقلارنى، قۇتىلارنى، سىياھ قۇتىلىرىنى،
ئىش ئۈستىلىنى تېپىپ ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئىختىيارسىز
ئىڭرىۋەتتىم، ھالسىرىغان بىلەكلىرىم ۋە ماغدۇرى ئۈزۈلگەن پۇتلىرىم-
نىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلدىم ۋە كۈتۈپ تۇردۇم.

ئاغرىق زادى توختىمىدى. بارغانسېرى ئۇساپ كەتتىم، چىشىمنى
چىشلەشكە مادارىم قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر ھازا كۈتتۈم.

قىزىم ئۆيگە كەلسە پەسكەش قاتىلىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقى بىردىن ئەقلىمگە كەلدى، لېكىن بۇنى ئويلاشنىمۇ خالىمىدىم. دەل شۇ چاغدا قاتىلىمنىڭ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ھەرھالدا ئاخىرقى رەسىمنى تاپقان بولۇشى كېرەك.

ئىنتايىن ئۇسساپ كەتكەنىدىم، لېكىن يەنىلا كۈتتۈم. قېنى، قىزىم، گۈزەل شەكۈرەم، چاپسانراق كەل.

ئۇ كەلمىدى.

ئەمدى ئاغرىققا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. قىزىمنى كۆرەلمەيلا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى سەزدىم. بۇ ماڭا شۇنداق ئېغىر كەلدىكى، ھەسرەتتىن ئۆرتىنىپ كەتتىم. دەل شۇ چاغدا، سول يېنىمدا ھازىرغىچە زادى كۆرمىگەن بىر چىراي كۆرۈندى ۋە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ماڭا بىر ئىستاكان سۇ ئۇزاتتى.

ھەممىنى ئۇنتۇپ سۇغا قولۇمنى ئۇزاتتىم.

ئۇ ئىستاكاننى تارتىۋېلىپ: "مۇھەممەد پەيغەمبەر يالغان ئېيتىپتۇ دېگىن، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئىنكار قىل" دېدى.

بۇ شەيتان ئىدى. جاۋاب قايتۇرمىدىم، ھەتتا ئۇنىڭدىن قورقمىدىم. رەسىم سىزىشنىڭ ئۇنىڭغا ئالدىنىش ئىكەنلىكىگە ھېچقاچان ئىشەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئىشەنچ بىلەن كۈتۈپ، ئالدىمدىكى مەڭگۈلۈك سەپەرنى ۋە كېلەچىكىمنى خىيال قىلدىم.

شۇ چاغدا، بايا مەن كۆرگەن نۇر ئىچىدىكى پەرىشتە ماڭا يېقىنلاشقاندا شەيتان غايىب بولدى. كاللامنىڭ بىر يېنى شەيتاننى قاچۇرغان بۇ نۇرلۇق پەرىشتىنىڭ ئەزرائىل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن ئىسيانكار بولغان يەنە بىر يېنى ماڭا «كىتابۇل ئەھۋالۇل قىيامەت» دە ئەزرائىلنىڭ قاناتلىرى مەشرىقتىن مەغرىبكە يېتىدىغان ۋە پۈتۈن دۇنيانى ئىلكىدە تۇتقان مىڭ قاناتلىق پەرىشتە ئىكەنلىكى يېزىلغانلىقىنى ئەسلىتەتتى.

كاللام خېلىلا قالايمىقانلاشقاندا، نۇرلار ئىچىدىكى ھېلىقى پەرىشتە ماڭا ياردەم بەرمەكچى بولغاندەك يېنىمغا كەلدى. شۇنداق، خۇددى غەززالى «دۇررەتۇل فاخىرە»① دە يازغىنىدەك يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن:

— ئاغزىڭنى ئاچ، روھىڭ ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسۇن، — دېدى.

ئاغزىمدىن بىسمىللادىن باشقا نەرسە چىقمايدۇ، — دەپ جاۋاب قايتۇردۇم ئۇنىڭغا.

لېكىن بۇ ئاخىرقى بىر باھانە ئىدى. بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىمنى، ۋاقتىمنىڭ توشقانلىقىنى بىلگەنىدىم. ئەمدى زادى كۆرۈش نېسىپ بولمايدىغان قىزىمغا بۇ قانلىق كۆرۈمسىز گەۋدەمنى مۇشۇ بىچارە ئەھۋالدا قالدۇرۇپ كېتىش مېنى بىردىنلا خىجالەت قىلدى. ۋۇجۇدۇمنى سىقىپ تۇرغان تار كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندەك بۇ ئالەمدىن كېتىشنى خالاپ قالدىم.

ئاغزىمنى ئاچتىم ۋە ھەممە نەرسە پەيغەمبىرىمىزنىڭ جەننەتنى زىيارەت قىلغان مىراج سەپىرىنى تەسۋىرلىگەن رەسىملەردىكىدەك رەڭگارەڭ بولۇپ كەتتى ۋە مول ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بېرىلگەندەك رەڭگارەڭ يورۇقلۇقتا پۇركەندى. كۆزلىرىمدىن بىر تامچە ئېچىنىشلىق ياش ئاقتى. ئىچ باغرىمدىن، ئاغزىمنىڭ ئىچىدىن قىيىن بىر نەپەس چىقتى ۋە ھەممە نەرسە ئاجايىپ بىر جىمجىتلىققا چۆمدى.

ئەمدى روھىمنىڭ گەۋدەمدىن ئاستاغىنە ئايرىلىپ، ئەزرائىلنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرەلەيتتىم. روھىم بىر ھەرىنىڭ چوڭلۇقىدا، نۇرلار ئىچىدە ئىدى ۋە گەۋدەمدىن ئايرىلغان چاغدىكى تىترەك ۋەجىدىن، ئەزرائىلنىڭ قولىدا سىمابتەك تىترەيتتى. لېكىن ئەقلىم ئۇنىڭدا ئەمەس، مەن ھازىر ئىچىگە كىرگەن يېپيېڭى ئالەمدە ئىدى.

شۇنچە ئازابتىن كېيىن، ئەمدى ئىچىمنى بىر تۈرلۈك ھۇزۇر قاپلىدى ۋە ئۆلۈم ماڭا ئىلگىرى قورققىنىمدەك ئازابلىقمۇ بىلىنمىدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە راھەتلىنىپ قالغانىدىم، شۇ تاپتىكى ئەھۋالىمنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقى، ھايات ۋاقتىمدا ھېس قىلغان قىيىن - قىستاقلارنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكى شۇئان ئايدىڭلاشتى. ئەمدى ھەممە نەرسە ئەسىرلەرچە ۋە تاكى قىيامەتكىچە مۇشۇنداق بولغۇسى. بۇنىڭدىن شىكايەتمۇ قىلمىدىم، خۇشال بولۇپمۇ كەتمىدىم. بىر چاغلاردا كەينى - كەينىدىن، تېز - تېز بېشىمغا كەلگەن ئىشلار ھازىر چەكسىز بوشلۇق-

① «دۇررەتۇل فاخىرە» — «كۆركەم مەرۋايىت» مەنىسىدە.

قا كېچىيىپ، بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولماقتا ئىدى. چاقچاقچى رەسسام ھەر بىر بۇلۇڭىغا بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىسى يوق باشقا نەرسىلەرنى سىزغان ئىككى سەھىپىلىك كەڭ رەسىملەردىكىدەك، ھازىر ناھايىتى نۇرغۇن نەرسە بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرمەكتە ئىدى.

# 30. مەن شەكۈرە

قار شۇنداق قاتتىق يېغىۋاتاتتىكى، چۈمبەلمەدىن ئۆتۈپ كۆزلىرىمگە سانجىلاتتى. چىرىگەن ئوت - چۆپلەر، پاتقاقلار، سۇنغان شاخ - شۇمبىلار بىلەن قاپلانغان باغچىدا ئاران ماڭغانىدىم، كوچىغا چىقىپلا قەدىمىم تېز - لەشتى. مېنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمغا قىزىقىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. قاراغا قانچىلىك ئىشىنىمەن؟ ئۇنداقتا سىلەرگە ئوچۇق بىرنەرسە دەپ بې - رەي. ئۆزۈمنىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقىمنى بىلىشكە مەنمۇ قىزىقىمەن. بىلىسىلەرغۇ دەيمەن، كاللام قالايمىقان. شۇنداقتىمۇ هازىر شۇنى بىلىمەن: هەر ۋاقىتتىكىدەك، تاماق بىلەن، باللار بىلەن، دادام بىلەن، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىمەن ۋە ئۆزۈن ئۆتمەي، مەن سورىمىساممۇ قەلبىم ماڭا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۆزلۈكىدىن پىچىرلاپ دەپ بېرىدۇ. كىمگە ياتلىق بولىدىغانلىقىمنى ئەتە چۈشكە قالماي بىلىمەن.

بىر ئىش بار، ئۇنى ئۆيگە قايتماي تۇرۇپلا سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماق - چىمەن. ياق! ئەمدى قارا كۆرسەتكەن هېلىقى يوغان سايىماننىڭ چوڭلۇقىنى قويۇپ تۇرۇڭلار. قىزىقساڭلار، ئۇ هەقتە كېيىن سۆزلىشەرمىز. ئەسلىي شۇنى دېمەكچىدىمكى، قارا تولىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلدى. مەن ئۇنىڭ كۆ - زىنىڭ شەهۋەتتىن باشقا نەرسىنى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئويلاۋاتقىنىم يوق. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى راست شۇنداق دېگەن تەقدىردىمۇ هېچۋەقەسى يوق. مېنىڭ چۆچۈيدىغىنىم ئۇنىڭ هاماقەتلىكى! ئۇ كۆڭلىدە مېنى ئۇركۈ - تۈپ قاچۇرالايدىغانلىقىنى، غورۇرۇم بىلەن ئوينىشىپ رايىمنى قايتۇرالاي - دىغانلىقىنى، هەتتا تېخىمۇ خەتەرلىك ئىشلارغا يول ئاچالايدىغانلىقىنى قىلچە ئويلاپ باققان ئەمەس! ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەمكىن قاراشتىن مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، مېنى ئالغۇسى بارلىقىنى كۆرۈپ يەت - كەنمەن. ئۇ 12 يىل كۈتكەن يەردە، نېمە ئۈچۈن قائىدە بويىچە يەنە 12 كۈن

كۆتەلمەيدۇ؟

بىلەمسىلەر؟ مەن ئۇنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىغا ۋە ئۇنىڭ غەمكىن، بالىلارچە قاراشلىرىغا ئاشىق ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن. بۇنى ئۇنىڭغا ئەڭ ئاچچىقىم كەلگەن، ئەمما ئىچىم ئاغرىغان چاغدا ھېس قىلدىم. "ئەي بىچارە بالا، — دېيتتى ئىچىمدە بىر ئاۋاز، — شۇنچىۋالا ئازابقا بەرداشلىق بېرەلەيسەن، بىراق يەنە شۇنچە ئىقتىدارسىزسەن." كۆڭلۇمدە ئۇنى شۇنداق قوغدىغۇم بار ئىدىكى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۇچۇن خاتالىشىپ كەتسەممۇ، ئۆزۈمنى بۇ ئەركە يىگىتكە ئاتىيالايتتىم.

بىچارە باللىرىمنى ئويلاپ، قەدەملىرىمنى تېزلەتتىم. دەل شۇ چاغدا، كۆز كۆزنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارنىڭ ۋە بالدۇر چۈشكەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە، ئەرۋاھتەك بىر ئادەم ماڭا قاراپ كېلىۋاتقاندەك مەلۇم بولدى ـ دە، بېشىمنى ئالدىمغا ئېگىشتۇرۇپ ئىتتىك قاچتىم.

دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرگىنىمدە، خەيرىيە بىلەن باللارنىڭ تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلدىم. ھەرھالدا نامازشامغا تېخى ئەزان چىقمىغانىدى. پەلەمپەيلەردىن يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقتىم. ئۆينىڭ ئىچى ماندارىن مۇرابباسى پۇراپ كېتىپتۇ. دادام قاراڭغۇ ھوجرىسىدا ئىكەن. پۇتلىرىم مۇزلاپ كەتكەنىدى. لامپىنى يېقىپ ھوجرىغا كىرگىنىمدە ئىشكاپنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، ياستۇقلارنىڭ ئۆرۈلۈپ ئەتراپقا چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، "شەۋكەت بىلەن ئورخاننىڭ ئىشى" دېدىم. ئۆيدىكى جىمجىتلىق ھەر دائىمقىدەك بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر ماڭا سەل غەلىتىرەك بىلىندى. كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، قاراڭغۇدا تەنھا ئولتۇرۇپ بىردەم خىيال سۈرۈۋالاي دەپ ئويلىساممۇ، تۆۋەندىن — دەل ئاستىمىدىكى قازناقتىن ئەمەس، يازلىق رەسىمخانىدىن بىر تاراق ـ تۇرۇق ئاڭلاندى. دادام بۇ سوغۇقتا ئۇ يەرگە چۈشكەندىمۇ؟ لېكىن ئۇ يەردە چىراغ يورۇقى كۆرگەنلىكىم ئېسىمدە يوق. شۇ ئەسنادا تاش ياتقۇزۇلغان يولدىن ھويلىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ غىچىرلىغىنىنى ئاڭلىدىم. كەينىدىن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ھېلىقى ئۆلگۈر ئىتلارنىڭ شۇم قاۋاشلىرى باشلانغاندا ئەرۋاھىم ئۇچتى.

— خەيرىيە! شەۋكەت! ئورخان! — دەپ ۋارقىرىدىم.

مۇزلاپ كەتكەنىدىم. دادامنىڭ ئوتدېنىدا ئوت باردۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئىسسىنىپ چىقاي ــ شۇ تاپتا خىيالىم قارادا ئەمەس، بالىلاردا ئىدى ــ دەپ چىراغنى ئېلىپ دادامنىڭ يېنىغا كىردىم.

كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چۇشۇپ كېفال بىلىقى شورپىسى ئۇچۇن پەستە ئوتدانغا سۇ قويۇپ قويايمۇ دەپ ئويلىدىم. كۆك ئىشىكلىك ھۇجرىغا كىردىم. ھەممە نەرسە چېچىلىپ، ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. دادام نېمە ئىش قىلغاندۇ دەپ ئويلايتتىم.

بىردىنلا ئۇنىڭ پولدا ياتقانلىقىنى كۆردۈم.

قورقۇپ چىرقىراپ كەتتىم. كەينىدىن يەنە ۋارقىرىدىم. كېيىن، دادامنىڭ جەسىتىگە قاراپ سۆكۈتكە چۆككەن ھالدا تۇرۇپلا قالدىم.

قاراڭلار، سىلەرنىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكىڭلار ۋە سوغۇققان قىياپىتىڭلاردىن، دەرۋەقە، بۇ ھۇجرىدا بولغان ئىشلارنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ھەممىنى بولمىسىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىسىلەر. شۇ تاپتا سىلەر مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى ۋەقەگە بولغان ئىنكاسىم، نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىمنى ئويلاۋاتىسىلەر. بەزىدە بىر رەسىمگە قارىغان چېغىڭلاردىكىدەك، رەسىمدىكى قەھرىماننىڭ ئازابىنى، ھېكايىنىڭ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتكە كېلىش جەريانىنى ئويلاپ يەتسەڭلار، كېيىن مېنىڭ ئىنكاسىمغا قاراپ، ئۇ يەردە مېنىڭ ئورنۇمدا سىلەر بولغان بولساڭلار، داداڭلار مۇشۇنداق ئۆلتۈرۈلسە، نېمىنى ھېس قىلىدىغانلىقىڭلارنى پەرەز قىلالامسىلەر؟ مېنىڭ قايغۇمنى ئەمەس، مانا بۇنى ھەۋەس بىلەن ئويلاشقا تىرىشاتتىڭلار.

دۇرۇس، كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، بىرى دادامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. چاچلىرىمنى يۇلۇپ، باش ـ كۆزۈمنى تاتىلىدىم. ھۆكۈرەپ يىغلىدىم. بالىلىق چاغلىرىمدىكىدەك، ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئېسىلدىم ۋە تېنىنىڭ ھىدىنى پۇرىدىم. قورققانلىقىم، قايغۇ ـ ھەسرىتىم، يالغۇزلۇقىمدىن ئۆزۈمدىن ـ ئۆزۈم تىترىدىم، نەپسىم بوغۇلدى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم ـ دە، دادامنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنى، ھەر ۋاقىتتىكىدەك كىتابلىرى ئارىسىدا، بۇلۇڭدا جىمجىت ئولتۇرۇشىنى تىلەپ ئاللاھقا يېلىندىم. تۇرۇڭ دادا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئۆلمەڭ، چاقچاق بولۇڭ دادا، ئۆلمەڭ، ئورنىڭىز ـ

دىن تۇرۇڭ، دېدىم. لېكىن ئۇنىڭ قانلار ئىچىدىكى كاللىسى چېقىلىپ پار-چە - پارچە بولۇپ كەتكەنىدى. قەغەزلىرىنىڭ، كىتابلىرىنىڭ يىرتىلىشى-دىن، شىرەلەرنىڭ، بوياق قۇتىسى، سىياھ قۇتىلىرىنىڭ پارە - پارە بولۇپ چېچىلىپ يېتىشىدىن، كۆرپىچەك، ئىش ئۇستىلى، يېزىق تاختىلىرىنىڭ ۋەھشىيلەرچە چېقىلىپ، ھەممە نەرسىنىڭ چېچىۋېتىلگەنلىكىدىن، دادامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە بولغان غەزىپىم بىر ياقتا قېلىپ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىنى ۋە ھەممە نەرسىسىنى مۇشۇ دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتكەن ئا-دەمنىڭ نەپرىتىدىن قورقتۇم. يىغىنى توختاتتىم. يان كوچىدا ئىككى كى-شى قاراڭغۇدا قىزغىن پاراڭلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئىچىمدە دۇنيانىڭ چەكسىز جىمجىتلىقىنى تىڭشايتتىم. يۇزۇمدىكى ياشلارنى ۋە بۇرنۇمنى قوللىرىم بىلەن سۇرتەتتىم. باللارنى ۋە ھاياتىمىزنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئويلاپ كەتتىم.

ئەتراپتىكى جىمجىتلىقتا قۇلاق سالدىم ۋە يۇگۇرۇپ بېرىپ دادامنى ئايىغىدىن تۇتۇپ سۆرەشتۇرۇپ كارىدورغا ئېلىپ چىقتىم. ئۇ يەردە قانداق-تۇر بىر ئاۋاز ئېغىرلاشتى، لېكىن پەسەنت قىلماي پەلەمپەيلەردىن پەسكە چۈشۈرۈشكە تىرىشتىم. پەلەمپەيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ھالىمدىن كېتىپ ئولتۇرۇۋالدىم. يىغلىغۇم كېلىپ تۇراتتى. لېكىن تاراقلىغان بىر ئاۋازدىن خەيرىيە بىلەن باللار كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، يەنە ئور-نۇمدىن تۇرۇپ، دادامنىڭ ئاياغلىرىنى قولتۇقلىرىمغا قىستۇرۇپ، تۆۋەنگە تېخىمۇ تېزراق چۈشتۇم. بىچارە دادامنىڭ بېشى پارە - پارە بولۇپ، شۇنداق قان ئىچىدە قالغانىدىكى، بېشى پەلەمپەي پەشتاقلىرىغا ئۇرۇلغاندا، نەم لاتىنى يەردە سۆرىگەندەك ئاۋاز چىقىراتتى. تۆۋەندە قانداقتۇر يېنىكلەپ قالغان گەۋدىسىنى بۇراپ تاش ياتقۇزۇلغان يولدا سۆرەپ ئېغىلنىڭ يېنىدىن يازلىق رەسىمخانىغا كىردىم. قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىچىنى كۆرۈش ئۈچۈن قاز-ناقتىكى ئوچاقتا ئوت ياققىلى يۇگۇردۇم. كېيىنمىگە يانغاندا دادامنى ئەكىرىپ قويغان رەسىمخانىنىڭمۇ ناھايىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى قولۇم-دىكى شامنىڭ يورۇقىدا كۆرۈپ بىرھازا ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ كىمدۇ، خۇدا ھەققىدە، ئۇلارنىڭ قايسىسىدۇ؟

كاللام تېز ئىشلىمەكتە ئىدى. تېزلىكتە ناھايىتى كۆپ نەرسىنى ئويى-

لىشاتتىم. دادامنى ئۇ خارابىدەك ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئىشىكنى چىڭ تاقىدىم. قازناقتىن بىر چېلەك ئەپچىقىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ يۇقىرىغا چىقتىم. چىراغنىڭ يورۇقىدا كارىدوردىكى قاننى، ئاندىن پەلەمپەيلەرنى سۈرتتۈم. بۇ ئىشلارنى ناھايىتى تېز قىلدىم. يۇقىرىقى قەۋەتتىكى ھۇجرامغا چىقىپ، قانغا مىلەنگەن كىيىملىرىمنى يېشىۋېتىپ، پاكىزلىرىنى كىيدىم. چېلەك، دەسماللارنى ئېلىپ دادامنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەي دەپ تۇرغاندا دەرۋازىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. دەل شۇ چاغدا نامازشامغا ئەزان چىقتى. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، چىراغنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇلارنى پەلەمپەيىنىڭ بېشىدا كۈتۈپ تۇردۇم.

— ئاپا، بىز كەلدۇق، — دېدى ئورخان.

— خەيرىيە! مۇشۇ ۋاقىتقىچە نەدە يۈردۈڭلار! — دەپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ۋارقىرىدىم، گويا ۋارقىرىماي پىچىرلىغاندەك ئاۋاز بىلەن.

— نامازشامدىن كېيىن قالمىدۇققۇ ئاپا... — دېدى شەۋكەت.

— جىم! بوۋاڭلار ئاغرىق، ئۇخلاۋاتىدۇ.

— ئاغرىپ قاپتىمۇ!— دېدى خەيرىيە تۆۋەندە تۇرۇپ، لېكىن مېنىڭ زۇۋان سۈرمىگىنىمدىن خاپا بولغىنىمنى سەزدى، — شەكۈرە خانىم كوستانى① كۈتۈپ كەچ بولۇپ كەتتى. كېفال بېلىقى كەلگەندىن كېيىن ھايال بولماي لاۋېر② يوپۇرمىقى يىغدۇق. ئاندىن كېيىن بالىلارغا ئەنجۈر قېقى بىلەن ئۈۋودىيە قېقى ئېلىپ بەردىم.

كۆڭلۈمدە پەسكە چۈشۈپ، خەيرىيەنى پەس ئاۋاز بىلەن ئەيىبلىگۈم كەلدى، لېكىن پەلەمپەيلەردىن چۈشۈۋېتىپ، قولۇمدىكى چىراغ يورۇقىنىڭ ھۆل پەلەمپەيلەرنى ۋە ئالدىراشچىلىقتا پاكىز سۈرتۈلمىگەن قان تامچىلىرىنى ئۇچۇق كۆرسىتىپ قويۇشىدىن قورقتۇم. بالىلار تاراقلىشىپ پەلەمپەيدىن چىقىپ ئاياغلىرىنى سالدى.

— تىنچ، — دېدىم، ئۇلارنى ھۇجرىمىزغا ئىتتىرىپ، — بوۋاڭلار ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۇياققا بارماڭلار.

— بوۋامنىڭ ھۇجرىسىغا ئەمەس، كۆك ئىشىكلىك ھۇجرىغا ئوت

① كوستا — يۇك پاراخوتىنىڭ نامى — ت.

② لاۋېر — قىش - ياز يېشىل تۇرىدىغان، يوپۇرمىقى خۇشپۇراقلىق دەرەخ — ت.

سۇنغىلى كىرىمەن، — دېدى شەۋكەت.
— بوۋاقلار ئۇ يەردە ئۇخلاپ قالدى، — دېدىم پىچىرلاپ.
لېكىن ئۇلارنىڭ بىردەم ئارىسالدى بولغانلىقىنى كۆرۈپ:
— بوۋاقلارنىڭ يېنىغا كىرسەڭلار، ئۇنى ئاغرىتىپ قويغان جىنلار سىلەرگىمۇ تەگمىسۇن، ھۇجراڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، — دېدىم ۋە ئىككىلىسىنى قوللىرىدىن يېتىلەپ قۇچاقلىشىپ ياتىدىغان ھۇجرىمىزغا ئېلىپ كىردىم، — ئېيتىڭلارچۇ، شۇ چاغقىچە كوچىدا نېمە قىلدىڭلار؟
— ئەرەب تىلەمچىلىرىنى كۆردۇق، — دېدى شەۋكەت.
— قەيەردە؟ — دەپ سورىدىم، — قولىدا بايرىقى بارمىكەن؟
— دۆڭلۈكتە خەيرىيەگە بىر لىمون بەردى. خەيرىيە ئۇلارغا پۇل بەردى. ئۇلارنىڭ ئۈستۈنى قار قاپلاپ كېتىپتۇ.
— يەنچۇ؟
— مەيداندا نىشانغا ئوق ئېتىشىۋېتىپتۇ.
— مۇشۇ قاردىمۇ؟ — دېدىم.
— ئاپا، مۇزلاپ كەتتىم، — دېدى شەۋكەت، — كۆك ئىشىكلىك ھۇجرىغا كىرەيچۇ؟
— بۇ ئۆيدىن سىرتقا چىقمايسىلەر، بولمىسا ئۆلىسىلەر. ئوتدانىنى مەن ئەكىرىپ بېرەي، — دېدىم قەتئىي ھالدا.
— نېمىشقا ئۆلگىدەكمىز؟ — دېدى شەۋكەت.
— سىلەرگە بىر نەرسىنى دەپ بېرەي، — دېدىم، — لېكىن ھېچكىمگە ئېيتمايسىلەر، ئۇقتۇڭلارمۇ؟
ئۇلار ئېيتماسلىققا ۋەدە بەردى.
— سىلەر كوچىدىكى ۋاقتىڭلاردا بۇ يەرگە ناھايىتى يىراقتىكى بىر يۇرتتىن رەڭگى يوقىلىپ ئۆلگەن ئاپئاق بىر ئادەم كېلىپ بوۋاقلار بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ بىر جىن ئىكەن.
ئۇلار مەندىن جىننىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سوراشتى.
— دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن، — دېدىم، — ئۇ بوۋاقلارنىڭ كىتابلىرىدىكى رەسىملەرنى كۆرگىلى كەپتىكەن. ئۇ رەسىملەرگە قارىغان گۇناھكار شۇئان ئۆلىدىكەن.

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ماڭا قاراڭلار، مەن پەسكە خەيرىيەنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئوتدان بىلەن تاماق پەتنۇسىنى ئېلىپ چىقىمەن، سىلەر ھەرگىز ئۆيدىن چىقماڭلار، بولمىسا ئۆلىسىلەر. چۈنكى جىن تېخى ئۆيىنىڭ ئىچىدە، — دېدىم.

— ئاپا، ئاپا، كەتمە، — دېدى ئورخان.

شەۋكەتكە قاراپ:

— ئۇكاڭغا سەن مەسئۇل، — دېدىم، — سىرتقا چىقساڭلار، جىن تەگمىگەن تەقدىردىمۇ، مەن ئۆلتۈرىمەن، — شۇنداق دەپلا ھەر قېتىم ئۇلارنى ئۇرغان چاغلىرىمدىكىدەك يامان ئەلپازىمنى كۆرسەتتىم، — ئەمدى كېسەل بوۋاڭلار ئۆلمىسۇن دەپ دۇئا قىلىڭلار. ياخشى ئادەم بولساڭلار، ئاللاھ دۇئايىڭلارنى ئىجاۋەت قىلىدۇ. ھېچكىم سىلەرگە چېقىلمايدۇ، — ئۇلار خۇشياقمىغاندەك دۇئا قىلىشىپ قالدى. مەن پەسكە چۈشۈپ كەتتىم.

— بىرى ماندارىن مۇرابباسىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ، — دېدى خەيرىيە، — مۇشۇك قىلدىمىكىن دېسەم، ئۇنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، ئىت ئۆيگە كىرەلمەيدۇ.

ئۇ بىردىن چىرايىمدىكى دەھشەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— ۋايىيەي؟ — دېدى ئۇ، — نېمە بولدى؟ دادىڭىز ئەپەندىم بىرنەرسە بولدىمۇ نېمە؟

— ئۆلۈپ كەتتى.

ئۇ ۋارقىرىۋەتتى. قولىدىكى پىچاق بىلەن پىيازنى دۆشىگە شۇنداق ئۇردىكى، توغراپ قويغان بېلىق چاچراپ كەتتى. كەينىدىن يەنە بىر پەرياد كۆتۈرگەنىدى، ئىككىمىلەن ئۇنىڭ سول قولىدىكى قاننىڭ بېلىق قېنى ئەمەس، دەسلەپ ۋارقىرىغاندا كېسىۋالغان كۆرسەتكۈچ بارمىقىدىن ئېقىۋاتقان قانلىقىنى بىلدۇق. يۈگۈرۈپ يۇقىرىغا چىقىپ، ئۇدۇلدىكى ئۆيدىن بىر پارچە داكا ئېزدەۋېتىپ، بالىلارنىڭ ھۇجرىسىدىن تاراق - تۇرۇق، ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى ئاڭلىدىم. قولۇمدىكى داكا بىلەن ھۇجرىغا كىرسەم، شەۋكەت ئورخاننىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، مۇرىلىرىگە دىسلاپ، كانىيىنى بوغۇۋاپتۇ.

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر! — دەپ جان - جەھلىم بىلەن ۋارقىرىدىم.

— ئورخان ئۆيدىن چىقمەن دېگەندى، — دېدى شەۋكەت.

— يالغان، — دېدى ئورخان، — شەۋكەت ئىشىكنى ئاچقانىدى، چىقما دېدىم، — دەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— تىنچ ئولتۇرمىساڭلار ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

— ئاپا، كەتمە، — دەيتتى ئورخان.

تۆۋەندىكى قەۋەتتە خەيرىيەنىڭ بارمىقىنى تېڭىپ قاننى توختاتتۇق. دادامنىڭ ئەجىلى بىلەن ئۆلمىگەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ قورقۇپ، "ئى ئاللاھ، بىزنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن" دېگەن دۇئانى ئوقۇدى ۋە كېسىلگەن بارمىقىغا قاراپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ دادامنى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يىغلىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرەتتىمىكىن ياكى راست ياخشى كۆرگەنلىكى ئۇچۇن يىغلاۋاتامدىكىن؟ ئۇ يۇقىرىغا چىقىپ دادامنى كۆرمەكچى بولدى.

— يۇقىرىدا ئەمەس، ئارقا ھۇجرىدا، — دېدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ چىرايىمغا گۇمان بىلەن قارىدى. لېكىن مېنىڭ كىرىپ قارىيالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ، ئەندىشىسى ۋە قورقۇش ھېسسىياتىنى يېڭەلمەي، چىراغنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. تۇرغان يېرىمدىن، يەنى قازاناقنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۇنىڭ تاش ياتقۇزۇلغان يولدا تۆت - بەش قەدەم مېڭىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى قايغۇلۇق ھالدا ئاۋايلاپ ئىتتەرگىنىنى، قولىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا قالايمىقان ھۇجرىغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ دادامنى كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن چىراغنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، چوڭ ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى يورۇتۇشقا ھەپىلەشتى.

— ئاھ! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ دادامنى كېيىن ياتقۇزۇپ قويغان يەردە — ئىشىكنىڭ يېنىدا كۆرگەنىدى. قېتىپ تۇرۇپ قالغىنىچە ئەھۋالنى كۆزەتتى. ئۇنىڭ تاش يېيىتىلغان يولدىكى ۋە ئېغىلنىڭ تېمىدىكى كۆلەڭگىسى زادى قىمىرلىمايتتى. ئۇ قاراپ تۇرغىنىدا مەنمۇ ئۇنىڭ نېمىنى كۆرگەنلىكىنى ئويلىدىم. ئۇ قايتىپ كەلگىنىدە يىغلىمىغانىدى. دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئېنىق چۈشەنمىگۈدەك دەرىجىدە ئۆزىنى يوقاتمىغانلىقىنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم.

— ئەمدى گېپىمگە قۇلاق سال خەيرىيە، — دېدىم، قولۇمدا ئىختى -

يارىسىز تۇتۇۋالغان بېلىق پىچىقىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدىم، — يۇقىرىقى قەۋەتمۇ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىپتۇ. بەتبەخت ئىبلىس ئۇ يەرگىمۇ كىرىپ، ھەممە نەرسىنى چېقىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ھەممە يەر خارابىلىققا ئايلىنىپتۇ. دادامنىڭ باش - كۆزىنى ئۇ يەردە قىيما - چىيما قىلىپتۇ ۋە ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈپتۇ. بالىلار كۆرمىسۇن، سىنىمۇ قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ جەسەتنى ئۇ يەرگە چۈشۈردۈم. سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن مەنمۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدىم. دادام ئۆيدە يالغۇز قالغانىدى.

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، — دېدى ئۇ قوپالغىنە، — نەگە كەتكەنىدىڭىز؟

مەن ئەتەي سۈكۈت قىلدىم. ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشىراق ئاڭلىسۇن دەيتتىم. كەينىدىن:

— قارا بىلەن بىللە ئىدىم، — دېدىم، — ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە قارا بىلەن ئۇچراشتۇق، لېكىن بۇنى ھېچكىمگە ئېيتما. دادامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىمۇ ھازىرچە ھېچكىم ئۇقمىسۇن.

— ئۇنى كىم ئۆلتۈردى؟

ئۇ راستىنلا كالۋامۇ ياكى مەندىن ئەتەي قىستاپ سوراۋاتامدۇ؟

— بىلسەم ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى يوشۇرمايتتىم، بىلمەيمەن.

— سەن بىلەمسەن؟— دېدىم.

— مەن نەدىن بىلەي، — دېدى ئۇ، — ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

— ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىلىسەن، — دېدىم. ئىچ - ئىچىمدىن پەرياد سېلىپ يىغلىغۇم كېلەتتى، لېكىن سۈكۈت قىلدىم. ھەر ئىككىلىمىز بىردەم جىم بولدۇق. خېلىدىن كېيىن:

— ئەمدى بېلىقنى قويۇپ، بالىلارغا تاماق بەر، — دېدىم.

ئۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاشقا باشلىغاندا ئۇنىڭغا ئېسىلدىم. بىر - بىرىمىزنى چىڭ قۇچاقلاشتۇق. ئۆزۈمگە ۋە بالىلارغىلا ئەمەس، ھەممىمىزگە ئېچىنىپ ئۇنى سۆيدۈم. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى قۇچاقلىغانچە ئىچىمنى تۇرلۇك گۇمانلار تاتىلاپ غاجىلايتتى. دادام قەتل قىلىنغاندا، قەيەردە ئىكەنلىكىم سىلەرگە مەلۇم. خەيرىيە بىلەن بالىلارنى بىر يەرگە ئەۋەتكەنلى-

كىمنى، ئەمما بۇنى باشقا بىر نىيەت بىلەن قىلغانلىقىمنى، كەينى ـ كەي-
نىدىن يۈز بەرگەن تەپسىلاتلارنى بىلىسىلەر... بىراق خەيرىيە بىلەمدۇ؟ ئۇ-
نىڭغا ئېيتىپ بەرسەم ئۇقارمۇ، چۈشىنەرمۇ؟ چۈشىنىدۇ ھەم خۇيلىنىدۇ.
ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك قۇچاقلىدىم. لېكىن دېدەكلىك ئەقلى بىلەن بۇنىمۇ
ھېيلىسىنى يېپىش ئۈچۈن قىلدى دەپ ئويلايدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەل-
تۈرۈشكە باشلىغاندا، گويا ئۇنى ئالداۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. دادام بۇ يەردە
ئۆلتۈرۈلگەندە، مەن قارا بىلەن ئۈچراشقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلە-
شىۋاتاتتىم. بۇ ئەقىلنى يالغۇز خەيرىيە ئويلىغان بولسا، ئۇنچىۋالا خىجالەت
بولمىغان بولاتتىم. بىراق بىلىمەن، سىلەرمۇ شۇنداق چۈشىنىسىلەر. ھەت-
تا، مېنى ئۆزۈڭلاردىن بىر نەرسىنى يوشۇردى دەپ ئويلايسىلەر، ئېتىراپ
قىلىڭلاركى، نېمىدېگەن بىچارىمەن! نېمىدېگەن بەختسىزمەن! مەن يىغلاشقا
باشلىغاندا، خەيرىيەمۇ يىغلىدى ۋە بىر ـ بىرىمىزنى قۇچاقلاشتۇق.
يۇقىرىقى قەۋەتتىكى ھۇجرىغا سالغان داستىخاندا قورسىقىمنى تويغ-
دۇرغاندەك بولدۇم. ئارىدا، بوۋاڭلارغا قاراپ باقاي، دەپ چىقىپ كېتىپ
ئىچكىرىدە ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتاتتىم. كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغان با-
لىلارنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ، تۆشەككە كىرىپ مېنى چىڭ قۇچاقلاشتى. خې-
لى ۋاقىتقىچە ئۇلار جىنىدىن قورقۇپ ئۇخلىيالمىدى. "بىر نەرسە تاراقلاۋا-
تىدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟" دەپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ھېچ ياتالمىدى. ھۇزۇرلى-
نىپ ئۇخلاپ قالسۇن دەپ ئۇلارغا بىر ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ھېكايىسىنى
ئېيتىپ بېرىشكە ۋەدە بەردىم. خەۋىرىڭلار بار، قاراڭغۇدا گەپ ـ سۆزلەرنىڭ
چېكى بولمايدۇ.
— ئاپا، ھېچكىم بىلەن توي قىلمايسەن ـ ھە؟— دېدى شەۋكەت.
— ئەمدى قۇلاق سال، — دېدىم، — شىر شاھزادە بار ئىكەن، ئۇ ئۇ-
زۇندىن بېرى بىر ساھىبجامال قىزغا ئاشىق ئىكەن. قانداقچە شۇنداق بوپتۇ
دېسەڭلار، ئۇ بۇ ساھىبجامالنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن رەسىمىنى كۆرگەنىكەن.
بەختسىزلىك ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلىك چاغلىرىمدا قىلغىنىمدەك، ھې-
كايەمنى بۇرۇن بىلىدىغاندەك ئەمەس، شۇ تاپتا ئويدۇرۇپ چىقارغاندەك
ئېيتتىم. كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەرنىڭ، خاتىرىلىرىمنىڭ ۋە ھەسرەتلىرىمى-
نىڭ رەڭلىرى بىلەن ئويدۇرۇپ چىققانلىقىم ئۈچۈن، سۆزلىگەنلىرىم ئۆز

بېشىمدىن ئۆتكەنلەرگە جورا بولغان بىر خىل قايغۇلۇق رەسىمگە ئوخشايد-
تى.

بالىلارنىڭ ئىككىلىسى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئىسسىق ئورۇندىن
چىقىپ خەيرىيە بىلەن بىرلىكتە يىرگىنچلىك ئىبلىس ئەبجىقىنى چىقى-
رىۋەتكەن بىساتلارنى يىغىشتۇردۇق. پارە - پارە قىلىۋېتىلگەن ساندۇقلار-
نى، كىتابلارنى، رەختلەرنى، چۆرۈۋېتىلگەن چىنە - قاچا سۇنۇقلىرىنى،
كومزەكلەرنى، سىياھ قۇتىلىرىنى، چېقىۋېتىلگەن ئىش ئۇستىلى، بوياق
قۇتىلىرىنى، نەپرەت بىلەن يىرتىپ تاشلىۋېتىلگەن قەغەزلەرنى، ۋاراقلارنى
بىر - بىرلەپ قولدىن ئۆتكۈزگىنىمىزدە، ھەر ئىككىمىز پات - پات ئىشى-
مىزنى توختىتىپ يىغلايتتۇق. گويا دادامنىڭ ئۆلۈمىدىن بەكرەك ئۆيلەر-
نىڭ، بىساتلارنىڭ شۇنچىۋالا بىسەرەمجان قىلىۋېتىلگەنلىكىگە، مەخپىيە-
تىمىزگە شۇنداق ۋەھشىيلىك بىلەن تاجاۋۇز قىلىنغانلىقىغا بىئارام بولاتت-
تۇق. ئۆز تەجرىبەمدىن شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، قەدىردانى ئۆلگەن كىشى-
لەر ئۆيدە قالغان نەرسىلەرنىڭ بۇرۇنقىدەك تۇرغانلىقىغا قاراپ كۆڭلى تە-
سەللى تاپاتتى. شۇنداقلا، ئۇلار يەنە پەردىلەرنىڭ، ياپقۇچلارنىڭ، كونا نورد-
نىڭ ھەر ۋاقىتتىكىدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇشىغا قاراپ، ئەزرائىل دوست
تۇتقان ئادەمنى ئۆز ۋاقتىدىلا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىغا ھەر ۋاقىت ئىشىنەت-
تى. دادامنىڭ سەۋر ۋە ھەۋەس بىلەن ئىشكىلىرىنى، بۇلۇڭلىرىنى ئەستايى-
دىللىق بىلەن نەقىشلىگەن ئۆيىنىڭ رەھىمسىزلەرچە ۋەيران قىلىنىشى
بىزگە بۇنداق تەسەللى ياكى تەسەۋۋۇر قالدۇرمىغىنىدەك، بۇ ئىشنى قىلغان
دوزىخىينىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئەسلىتىپ، بىزنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە
سالاتتى.

مەسىلەن، مېنىڭ تەلىپىم بىلەن ئىككىمىز پەسكە چۈشۈپ، قۇدۇق-
تىن پاكىز سۇ تارتىپ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، رەھمەتلىك دادام ئۆمىد
ۋە ئۆلۈم بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغاند-
لىقىنى ئېيتقان “ئال ئىمران” سۈرىسىنى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھىرات
نۇسخىسىدىكى «قۇرئان كەرىم»دىن ئوقۇۋاتقاندا، ئىككىلىمىز تۇيۇقسىز
دەرۋازىنىڭ غىچىرلىغانلىقىنى قورقۇنچ ئىچىدە سەزدۇق، لېكىن كەينىدىن
ھېچ شەپە كەلمىدى. يېرىم كېچىدە دەرۋازىنىڭ دېمىنى تەكشۈرۈپ، كەينى-

گە دادام باھار كۈنلىرى سەھەردە قۇدۇقتىن ئۆزى سۇ تارتىپ سۇغىرىدىغان
رەيھانگۈل تەشتىكىنىمۇ يانداپ قويغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردۇق، قولـ-
ـىمىزدىكى چىراغ يورۇقىدىن ئۆزىراپ كۆرۈنگەن سايىلىرىمىزنى باشقا بىرـ-
ـىنىڭمىكىن دەپ قالدۇق. شۇغىنىسى، دادامنى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى دەپ
ئېتىراپ قىلماقتىن باشقا ئامالىمىزمۇ يوق ئىدى. دادامنىڭ قانغا بويالغان
يۈزىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى جىمجىت ئالماشتۇرۇشقا باشلىدۇق (يەڭلىرىـ-
ـنى تېگىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ، دەپ پىچىرلىدى خەيرىيە) ئۆزىمىز بولساق
ئەتراپىمىزدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر خىل جىمجىتلىقنىڭ سۈرىدىن دەھـ-
ـشەت ۋەھىمىسىدە قالغاندۇق.

دادامنىڭ قانغا مىلەنگەن كىيىملىرىنى، ئىچ كىيىملىرىنى يەشتۇرـ-
ـگەندە بىزدە ھەيرانلىق قوزغاتقان نەرسە شۇ بولدىكى، قاراڭغۇ ھۇجرىدا
ئۈستىگە چۈشكەن شام يورۇقىدا، ئۇنىڭ تېنى گويا ھاياتىي كۈچكە تولغانـ-
ـدەك ئاپئاق رەڭدە تۇراتتى. ئىككىلىمىز ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئىشتىن
تۇرۇپ - تۇرۇپلا قورقۇپ تىترەپ تۇرغاچقا، دادامنىڭ داغلار ۋە يارىلار بىلەن
قاپلانغان يالىڭاچ گەۋدىسىنىڭ ئەركىن سوزۇلۇپ ياتقىنىغا قاراشتىن، ئۇنى
كۆزدىن كەچۈرۈشتىن تارتىنىمىغاندۇق. خەيرىيە يۇقىرىقى قەۋەتكە
دادامنىڭ كىيىملىرىنى، يېشىل يىپەك كۆڭلىكىنى ئەپكەلگىلى چىقىپ
كەتكەندە، بىردىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بىچارە دادامنىڭ ئەۋرىتىگە قاراپ
سالدىم ۋە قارىغىنىمدىن ئىنتايىن نومۇس قىلدىم. پاك - پاكىز كىيىندۈـ-
ـرۈپ، بويىنىدىكى، يۈزىدىكى، چېچىدىكى قانلارنى دىققەت بىلەن تازىلىغاندىن
كېيىن، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن دادامغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. بۇرنۇمنى ساقالـ-
ـلىرىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ قېنىپ - قېنىپ پۇرىدىم ۋە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن
يىغلىدىم.

ئاراڭلاردا مېنى ۋىجدانسىز ھەتتا گۇناھكار دەپ قارايدىغانلارغا يەنە
ئىككى قېتىملىق ھەسرەت بىلەن يىغلىغان چاغلىرىمنى ئېيتىپ بېرەي:
1. يۇقىرىقى قەۋەتتىكى ھۇجرىنى بالىلار سېزەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈـ-
ـرۈپ، قەغەز پارقىرىتىدىغان دېڭىز قۇلۇلىسىنى بالىلىق چاغلىرىمدىن قالـ-
ـغان ئادەت بىلەن قۇلىقىمغا تۇتۇپ، دېڭىز شاۋقۇنىنىڭ بېسىلغانلىقىنى
سەزگەندە؛ 2. كېيىنكى 20 يىلدا دادام ھەمىشە تېگىگە قويۇپ ئولتۇرغانلىـ-

قى ئۇچۇن گويا بەدىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان قىزىل مەخمەل كۆر-
پىچەكنىڭمۇ تىتما - تالاڭ بولغانلىقىنى كۆرگەندە ئۆزۈمنى باسالماي،
ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كەتكەن ئىدىم. ئوڭشىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى
نابۇت قىلىنغانلاردىن باشقا، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە بۇرۇنقى ھالىتىگە كەل-
تۈرۈلگەندە، خەيرىيە بۇ كېچە ئورۇن - كۆرپىسىنى بىزنىڭ ھۇجرىغا كۆ-
تىرىپ كىرىپ، بىز بىلەن بىللە يېتىشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ تەلە-
پىنى رەھىمسىزلىك بىلەن رەت قىلىپ، ”باللار تاڭ ئاتقاندا گۇمانلىنىپ
قالمىسۇن“ دېدىم. لېكىن راستىنى ئېيتقاندا، پەقەت خەيرىيەنى جازالاش
ئۈچۈنلا، باللىرىم بىلەن تەنھا قالماقچى بولغان ئىدىم. ئورۇنغا كىرىپ،
خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم. بېشىمغا كەلگەن ئىشنىڭ قورقۇنچلۇق-
لۇقىنى ئويلاپ ئەمەس، بۇندىن كېيىن بېشىمغا قانداق ئىشلارنىڭ كېلىدى-
غىنىنى ئويلايتتىم.

# 31. مېنىڭ ئىسمىم قىزىل

«شاھنامە»نىڭ ئاپتورى شائىر فىردەۋسى غەزنىنگە كېلىپ، شاھ
ماھمۇدنىڭ ئوردا شائىرلىرى تەرىپىدىن سەھرالىق دەپ كەمسىتىلگەندىن
كېيىن، باشتىكى ئۈچ مىسراسى ناھايىتى قىيىن قاپىيە بىلەن ئاياغلىشى-
دىغان بىر تۆتلۈكنىڭ① ھېچكىم ئاياغلاشتۇرالمىغان ئاخىرقى مىسراسىنى
ئېيتقىنىدا، مەن شۇ سورۇندا، فىردەۋسىنىڭ پەرىجىسىنىڭ ئۈستىدە ئى-
دىم؛ «شاھنامە»نىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى رۇستەم يوقاپ كەتكەن ئېتىنى
ئىزدەپ يىراق دىيارلارغا بارغىنىدا، رۇستەمنىڭ ئوقدېنىنىڭ ئۈستىدە ئى-
دىم؛ ئەپسانىدىكى دىۋىنى خىسلەتلىك قىلىچى بىلەن ئىككى پارچە قىلى-
ۋەتكىنىدە، ئاققان قانلارنىڭ ئىچىدە ئىدىم؛ ئۇ شاھنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان
بولۇۋېتىپ، شاھنىڭ ساھىبجامال قىزى بىلەن كېچىنى مۇھەببەتلىشىپ
ئۆتكۈزگىنىدە، يوتقاننىڭ چاكلىرى ئارىسىدا ئىدىم. ھەر يەردە ئىدىم ۋە
ھەر يەردىمەن. تۇر ئىنىسى ئىرەچنىڭ كاللىسىنى خائىنلارچە چاپقاندا؛
چۇشلەردىكىدەك ھەيۋەتلىك ئەپسانىۋى قوشۇنلار بوز دالىدا بىر - بىرى بە-
لەن تۇتۇشقاندا ۋە ئىسكەندەرنىڭ بېشىغا ئاپتاپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن چىرايى-
لىق بۇرنىدىن توختىماي قان ئاققاندا، مەن ئۇ يەردە ئىدىم. ھەپتىنىڭ ھەر
بىر كۈنى ئوخشىمىغان رەڭدىكى چېدىرلارنىڭ ئىچىدە، باشقا ئىقلىمدىن
كەلگەن كارامەت ساھىبجاماللار بىلەن تۇنەپ، ئۇلار ئېيتىپ بەرگەن ھېكا-
يىنى تىڭشىغان ساسانىي شاھى بەھرام گور ھەر سەيشەنبە كۈنى زىيارەت
قىلىدىغان ۋە رەسىمىنى كۆرۈپ ئاشىق بولغان ساھىبجامالنىڭ كىيىمىدە،
شۇنداقلا، شېرىنىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ئاشىق بولغان خۇسرەۋنىڭ تاجى-
دىن تارتىپ بارلىق كىيىملىرىدە ئىدىم. قەلئەلەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان
ھەربىي قوشۇنلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىدە، زىياپەت داستىخانلىرىنىڭ قات-

① تۆتلۈك — «قىتئە» دەپ ئاتىلىدىغان شېئىر تۈرلىرىدىن بىرى — ت.

لىرىدا، پادىشاھلارنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيگەن ئەلچىلەرنىڭ مەخمەل تونلى-
رىدا، بالىلار مەست بولۇپ ئاڭلايدىغان ھېكايىلەردە تەسۋىرلەنگەن قى-
لىچلارنىڭ رەسىملىرىدە ئىدىم. ھىندىستان ۋە بۇخارادا ئىشلەنگەن قېلىن
قەغەزلەردە سۇباتلىق شاگىرتلار ۋە ئۇستا رەسساملارنىڭ دىققەت نەزىرى
ئاستىدا ئىنچىكە موي قەلەملەر بىلەن سىزىشى نەتىجىسىدە ئۇششاقىنىڭ
گىلەملىرىنى، تام نەقىشلىرىنى، دېرىزە يوچۇقىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇپ
كوچىنى تاماشا قىلغان گۈزەللەرنىڭ كۆڭلەكلىرىنى، سوقۇشۇۋاتقان
خورازلارنىڭ تاجلىرىنى، ئەپسانىۋى دىيارلارنىڭ ئەپسانىۋى مېۋىلىرى بى-
لەن ئانارلىرىنى، شەيتاننىڭ ئاغزىنى، رامكىلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنچىكە
سىزىقنى، چېدىرلارنىڭ ئەگرى - بۈگرى نەقىشلىرىنى، رەسساملار ئۆز
كەيپى ئۈچۈن سىزغان كۆز بىلەنلا كۆرگىلى بولىدىغان گۈل - چېچەكلەر-
نى، تاتلىق - تۈرۈمدىن ياسالغان قۇش ھەيكەللىرىنىڭ ئالۇچىدىن قويۇلغان
كۆزلىرىنى، پادىچىلارنىڭ پايپاقلىرىنى، رىۋايەتلەردىن چىققان شەپەقلەرنى
ۋە مىڭلىغان، تۈمەن مىڭلىغان جەڭچىنىڭ، شاھنىڭ، ئاشىقنىڭ جەسىتىنى
ۋە يارىلىرىنى نامايان قىلاتتىم. مەن قانلار گۈللەردەك ئېچىلغان جەڭ مەي-
دانلىرىغا، سۇمباتلىق يىگىتلەر ۋە شائىرلار دالىدا شاراب ئىچىپ نەغ-
مە - ناۋا ئاڭلىغاندا، ئەڭ ئۇستا شائىرنىڭ تونىغا، پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلى-
رىغا، قىزلارنىڭ لەۋلىرىگە، ئۆلۈكلەرنىڭ يارىلىرى ۋە چېپىپ تاشلانغان
قانغا مىلەنگەن كاللىلارغا سۈركىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.

سورىغىنىڭلارنى ئاڭلاۋاتىمەن: تېنى بىر خىل رەڭدە بولۇش دېگەن
نېمە؟

رەڭ — كۆزنىڭ سىلىنىشى، گاسلارنىڭ نەغمىسى، قاراڭغۇدا ئاڭلانغان
سۆز. تۈمەن مىڭ يىللاردىن بېرى ھەر خىل كىتابلار، بىساتلاردىن روھلار-
نىڭ شامالنىڭ شىۋىرلىغىنىدەك پىچىرلاشقىنىنى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن،
مېنىڭ سىلىنىشىمنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ سىلىشىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېي-
تىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر. مېنىڭ بىر تەرىپىم بۇ يەردە كۆزلىرىڭلار-
غا قاراپ گەپ قىلىدۇ، ئۇ مېنىڭ ئېغىر تەرىپىم؛ يەنە بىر تەرىپىم ئۈستۈن
نەزەردە قاراشلىرىڭلار بىلەن قاناتلىنىدۇ، ئۇ مېنىڭ يېنىك تەرىپىم.

قىزىل بولۇشتىن ئىنتايىن بەختىيارمەن! ئىچىم كۆيۈۋاتىدۇ؛ كۈچ-

لۇكمەن. بايقالغانلىقىمنى بىلىمەن؛ ماڭا قارشى چىقالمايدىغانلىقىڭلارنىمۇ بىلىمەن.

يوشۇرۇنمايمەن: مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا نازۇكلۇق بىلەن نەپىسلىك ئاجىزلىق ياكى كۈچسىزلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى، قەتئىيلىك ۋە ئىرادە بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا ئۆزۈمنى كىشىلەرنىڭ نەزىرى ئاستىغا قويىمەن. باشقا رەڭلەردىن، كۆلەڭگىلەردىن، قىستاڭچىلىقتىن ياكى يالغۇزلۇقتىن قورقمايمەن. مەندىن ئۈمىد كۈتكەن بىر رەسىم قەغىزىنى ئۆزۈمنىڭ غالىب ئوت يالقۇنۇم بىلەن تولدۇرۇش نېمىدېگەن ياخشى! مەن بولغانلىكى يەردە كۆزلەر پارقىرايدۇ، قىزغىنلىقلار كۈچىيىدۇ، قاشلار كۆتۈرۈلىدۇ، يۈرەكلەر تېزلىشىدۇ. ماڭا قاراڭلار، هايات ياشاش نېمىدېگەن گۈزەل! كۆرۈش نېمىدېگەن ياخشى. ياشاش كۆرۈش دېمەكتۇر. هەممە يەردە كۆرۈنىمەن. هاياتلىق مەن بىلەن باشلىنىدۇ. هەممە نەرسە ماڭا قارايدۇ، ماڭا ئىشىنىڭلار.

تىنچلىنىپ، مېنىڭ قانداقچە بۇنداق ئاجايىپ بىر قىزىل بولغانلىقىمنى ئاڭلاڭلار. بوياقنى بىلىدىغان ئۇستا رەسسام هىندىستاننىڭ ئەڭ ئىسسىق يېرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئەڭ ياخشى قىزىل هاشاراتنىڭ قۇرۇتۇلغىنىنى ئۆز هاۋانچىسىدا هاۋانچا تېشى بىلەن يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭدىن بەش دەرهەم، سوپۇن ئوتىدىن① بىر دەرهەم ، ئېرىتكۈچتىن يېرىم دەرهەم تەييار قىلدى. ئۈچ ئوققا② باراۋەر كەلگىدەك سۇنى قازانغا قۇيۇپ، سوپۇن ئوتىنى ئىچىگە سېلىپ قايناتتى. ئاندىن ئېرىتكۈچنى سۇغا قۇيۇپ، ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ بىر ئىستاكان قەهۋە ئىچكۈدەك ۋاقىتقىچە قايناتتى. ئۇ قەهۋەنى ئىچىۋاتقاندا، مەنمۇ تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بوۋاقتەك تاقەتسىزلىنەتتىم. قەهۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى سەگەكلەشتۈرۈپ، كۆزلىرىنى روشەنلەشتۈرگەندە قىزىل پاراشوكنى قازانغا تۆكۈپ، بۇ ئىشقا ئىشلەتكەن ئىنچىكە ۋە پاكىز تاياقلاردىن بىرى بىلەن ياخشى ئارىلاشتۇردى. ئەمدى هەقىقىي بىر قىزىل بولاتتىم. لېكىن قويۇقلۇق دەرىجەم شۇنداق مۇهىم ئىدىكى، سۇنىڭ بەك ئۇزۇن قاينىماسلىقى، شۇنداقلا بەك قىسقىمۇ قاينىماسلىقى لازىم ئىدى. ئۇ تاياقنىڭ ئۇچى بىلەن سۇدىن ئازراق ئېلىپ باش بارمىقىنىڭ (باشقا بار-

① سوپۇن ئوتى — يىلتىزى، شېخى ۋە سۈيى كۆپۈكلىنىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.
② ئوققا — 1283 گىرامغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى — ت.

ماقلار قەتئىي بولمايدۇ) تىرنىقىغا سۈركىدى. ئۇھ، قىزىل بولۇش نېمىدې-گەن ياخشى! ئۇنىڭ تىرنىقىنى قىزىل بويىدىم، تىرناقىنىڭ چۆرىسىگە سۇ-دەك ئاقمىدىم؛ قويۇقلۇقۇم نورمال ئىدى، ئەمما قالدۇقلىرىم بار ئىدى. قازاننى ئوچاقتىن چۈشۈرۈپ، مېنى پاكىز رەختتىن ئۆتكۈزۈپ سۈزدى، تېخىمۇ ساپ بولدۇم. ئاندىن ئوتقا قويدى، يەنە ئىككى قېتىم قاينىتىپ كۆپتۈردى ۋە ئازراق سوقۇلغان زەمچە سېلىپ، سوۋۇتۇشقا قويۇپ قويدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. ئۇ يەردە قازاننىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسىگە ئا-رىلاشماي تۇردۇم. كۆڭلۈمدە پۈتۈن سەھىپىلەرگە، ھەر يەر، ھەر نەرسىگە سۈركىلىدىغىنىمنى خىيال قىلغىنىمدا، ھازىرقىدەك تۇرۇش قەلبىمنى ئازابلايتتى. بۇ جىمجىتلىقتا قىزىل بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى نېمىدۇ دەپ ئويلىدىم.

بىر قېتىم پارس شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە بىر ئەما رەسسام يادقا سىزغان ئاتنىڭ رەسىمىدىكى ئېگەر يوپۇقىنىڭ نەقىشلىرىگە بىر شاگىرتنىڭ موي قەلىمى بىلەن سۈركەلگەندە، ئىككى ئۇستا ئەما رەسسامنىڭ ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

— پۈتۈن رەسساملىق ھاياتىمىز بويىچە ئىشتىياق ۋە ئېتىقاد بىلەن ئىشلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، تەبىئىيكى، ئەما بولغان بىزلەر قىزىلنىڭ قانداق بىر رەڭ، قانداق بىر ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى بىلىمىز ۋە ئەسلەي-مىز، — دېدى ئاتنى يادقا سىزغىنى، — لېكىن تۇغما ئەما بولغان بولساق، سۆباتلىق شاگىرتىمىز سۈركەۋاتقان بۇ قىزىلنى قانداق بىلەتتۇق؟

— ياخشى سوئال، — دېدى يەنە بىرى، — بىراق رەڭلەر بىلىنمەيدۇ، بەلكى ھېس قىلىنىدۇ.

— قىزىلدىكى ھېسسىياتنى زادى بىلمەيدىغان بىرىگە چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ ئۇستازىم.

— بارمىقىمىزنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزۈپ باقساق، ئۇنى تۆمۈر بىلەن مىسنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىدەك ھېس قىلىمىز. ئالقىنىمىزغا ئالساق كۆيدۈرىدۇ. تېتىپ باقساق، تۇزلۇق گۆشتەك چىڭ ھەم سىپتا بىلىنىدۇ. ئاغزىمىزغا ئالساق، ئاغزىمىزدا لىق بولىدۇ. پۇرىساق ئاتتەك پۇرايدۇ. گۈلگە ئوخشىتىپ پۇرىسا، پۇرىقى قىزىلگۈلگە ئەمەس، ماي چېچەككە ئوخشايدۇ.

ئۇ چاغلاردا، 110 يىلنىڭ ئالدىدا رەسساملار ئۇچۇن پەرەڭ رەسىملىرى شاھلارنى قىزىقتۇرىدىغان ھەقىقىي بىر تەھدىت دەپ قارالمىغانلىقى ۋە مەشھۇر ئۇستازلارمۇ ئۆز ئۇسلۇبلىرىغا ئاللاھقا ئىشەنگەندەك ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەرەڭ ئۇستازلارنىڭ ئەڭ ئاددىي قىلىچ يارىسى ياكى ئەڭ ئاددىي يۇڭ رەختنى سىزىشتا، قىزىلنىڭ ئاچمۇ ئەمەس، توقمۇ ئەمەس خىلمۇ خىل ئارا رەڭگىنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىر خىل غۇرۇرسىزلىق ۋە دۆتلۈك دەپ قاراپ دىمىغىدا كۈلۈشكەن ئىدى. پەقەت تەجرىبىسىز، بىقارار ۋە ئىرادىسىز رەسساملارلا بىر تونىنىڭ قىزىلىغا پەرقلىق قىزىللارنى ئىشلىتىدۇ، دېيىشكەنىدى. ئۇلار كۆلەڭگە باھانە بولالمايدۇ، دەرۋەقە يېگانە بىر قىزىل بار، بىز پەقەت ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز دەپ جاكارلاشقانىدى.

— بۇ قىزىلنىڭ مەنىسى نېمە؟— دەپ سورىدى يەنە ئاتنى يادقا سىزغان ئەما رەسسام.

— رەڭلەرنىڭ مەنىسى ئۇلارنىڭ ئالدىمىزدا نامايان بولۇشى ۋە بىزنىڭ ئۇلارنى كۆرۈشىمىزدۇر، — دېدى يەنە بىرى، — كۆزى كۆرمەيدىغان كىشىگە قىزىلنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

— خۇداسىزلار، دىنسىزلار، ئېتىقادسىزلارمۇ ئاللاھنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىدۇ، — دېدى ئاتنى سىزغان ئەما رەسسام.

— لېكىن ئۇ كۆرىدىغان كىشىگە كۆرۈنىدۇ، — دېدى يەنە بىر ئۇستا، — شۇ ۋەجىدىن «قۇرئان كەرىم» كۆرىدىغان كىشى بىلەن كۆرمەيدىغان كىشىنىڭ ھەرگىز ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ.

سۇباتلىق شاگىرت ئاتنىڭ ئېگەر يوپۇقىغا مېنى ئاۋايلاپ سۈركىدى. نەپىس بىر رەسىمنىڭ ئاق - قارىسىغا ئۆز تولۇقلىقىم، كۈچلۈكلىكىم ۋە جانلىقلىقىم بىلەن ئورۇنلاشقىنىم ماڭا شۇنداق كۆڭۈللۈك بىر ھېسسىيات بېغىشلىدىكى، مۇشۇك يۇڭىدىن قىلىنغان قەلەم مېنى قەغەزگە سۈركىگەندە خۇشاللىقتىن غىدىقلىنىپ كېتەتتىم. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۆز رەڭگىمنى نامايان قىلغاندا، گويا ئالەمگە "قىزىل بول" دېيمەن ۋە ئالەم مېنىڭ قان رەڭگىمگە ئايلىنىدۇ. كۆزى كۆرمەيدىغانلار بۇنى ئىنكار قىلىدۇ، لېكىن ھەممە يەردە مەن مەۋجۇت.

# 32. مەن شەكۈرە

ئەتىگەندە باللار ئويغىنىشتىن ئىلگىرى ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قاراغا دەرھال ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە كېلىشنى ئوقتۇرۇپ بىر باغاقچە يازدىم ۋە خەيرىيەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، تېزلىكتە ئېستېرگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلىدىم. خەيرىيە باغاقچىنى ئېلىپ، بېشىمىزغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان كەلگۈلۈكلەردىن ۋەھىمە يەپ، بىرەر نەرسىنى ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قارىدى. مەنمۇ ئەمدى تەپ تارتمىدىغان دادام بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يېڭىدىن پەيدا بولغان بىر پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن ئارىمىزدىكى ئەدەپ ـ قائىدىنىڭ ۋە پرىنسىپلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولدى. كېيىنكى ئىككى يىل جەريانىدا خەيرىيە دادامدىن پەرزەنت كۆرۈپ قالسا، دېدەك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، خانىم بولۇۋالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنلىكىمنى ئەمدى سىلەرگە ئىقرار قىلاي. باللار ئويغانماستا بىتەلەي دادامنى يوقلىدىم ۋە تارشىدەك قېتىپ كەتكەن، ئەمما قانداقتۇر يۇمشاقلىقىنى يوقاتمىغان قولىنى ھۆرمەت بىلەن سۆيدۈم. دادامنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنى، بۆكىنى، سۆسۈن رەڭ پەرىجىسىنى يوشۇرۇپ قويدۇم ۋە باللار ئويغانغاندا ئۇلارغا بوۋىسىنىڭ ساقايغانلىقىنى، ئەتىگەن مۇستاپا پاشانىڭكىگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم.

خەيرىيە ئەتىگەنلىك لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىپ قايتىپ كېلىپ، ناشتىلىق ئۈچۈن داستىخان سېلىپ ماندارىن مۇرابباسىنىڭ يېگىلى بولىدىغان بىر قىسمىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقاندا، مەن ئېستېرنىڭ ئەمدى قارانىڭ دەرۋازىسىنى قېقىۋاتقانلىقىنى ئويلاۋاتاتتىم. قار توختاپ، كۈن چىققانىدى.

ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ باغچىسىغا كىرگىنىمدىمۇ تونۇش

بىر ئەھۋالنى كۆردۈم: ئۆگزە گەرنىزلىرىدىن، دېرىزىنىڭ قىرغاقلىرىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان مۇزلار تېزلا كىچىكلەپ قالغان، پاختىلىشىپ چىرىگەن غازاڭلارنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغان باغچىغا قۇياش سېخىي نۇرلىرىنى چىپ-چىپ تۇراتتى. قارانىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام — بىرەر ھەپتىنىڭ ئالدىدا بولغاندەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتكەنىدى — ئۇنى دەسلەپ كۆرگەن يەردە مېنى كۈتۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، چۈمبىلىمنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدىم:

— خۇشال بولغۇڭ كەلسە خۇشال بولۇۋەرگىن. ئەمدى ئارىمىزدا دادامنىڭ نارازىلىقلىرىغا، قارشى چىقىشىغا، گۇمانلىرىغا ئورۇن قالمىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام سەن مېنى بۇ يەردە ھۆرمەتسىزلىك بىلەن قىستاۋاتقىنىڭدا، بىرى — ئىبلىسنىڭ يېگانىسى ئادەم يوق ئۆيىمىزگە كىرىپ دادامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

قارانىڭ ئىنكاسىدىن بەكرەك، مېنىڭ نېمىشقا بۇنداق نەزىرى ئۈستۈن ۋە سەممىيلىكتىن يىراق پوزىتسىيە بىلەن گەپ قىلغانلىقىمغا ھەيران بولىدىغانسىلەر. بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلمەيمەن. بەلكىم مەن يىغلايمەن، قارا مېنى قۇچاقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئويلىغىنىمدىنمۇ تېز يېقىنلىشىمەن دەپ شۇنداق قىلغاندىمەن.

— ئۆيىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى چېقىۋېتىپتۇ، مەلۇمكى، غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن ھەرىكەت قىپتۇ. مەن ئۇنى بۇنىڭ بىلەنلا قۇتۇلۇپ كېتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىبلىس ئۆز بۇلۇڭىدا ئارامخۇدا ئولتۇرىدۇ دەپ ئويلىمايمەن. ئۇ دادامنىڭ كىتابىنىڭ ئاخىرقى رەسىمىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. مېنى، بىزلەرنى، دادامنىڭ كىتابىنى ئۇنىڭدىن قوغدىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. ئەمما بىزنى قايسى سالاھىيەت بىلەن، قايسى يېقىنلىقنى باھانە قىلىپ قوغدايسەن؟ ئەمدى مەسىلە شۇنىڭدا.

ئۇ بىر نەرسە دېيىشكە تەمشەلگەنىدى، گويا ھەممىشە شۇنداق قىلىدىغىنىمدەك، قاراشلىرىم بىلەن، ئۇنى ئاسانلا تىنچلاندۇردۇم.

— دادام ئۆلگەندىن كېيىن، قازىنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ ھامىيىم ئېرىم ۋە ئېرىمنىڭ ئائىلىسى بولىدۇ. دادام ھايات ۋاقتىدىمۇ شۇنداق ئىدى. چۈنكى، قازىنىڭ قارىشىچە ئېرىم ھايات. ئېرىمنىڭ ئىنىسى ئاكىسى يوق چاغلاردا مەندىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنغانلىقى ۋە بۇ ئەدەپسىزلىك ۋە نائەھلى-

لىك قېيىنئاتامنى ئارىسالدى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۇل ئاتالماي تۇ-رۇپمۇ دادامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەلىگەنىدىم. ئەمدى دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، بىرەر ئەر قېرىندىشىمنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئىگىسىز مەن دېسەم بولىدۇ ياكى ھېچ شۈبھىسىز ئېرىمنىڭ ئىنىسى ۋە قې-يىنئاتامنى ئىگەم دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ مېنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، دادامنى مەجبۇرلاۋاتقان-لىقىنى، مېنى تەھدىت بىلەن قىستىماقچى بولغانلىقىنى بىلىسەن. دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان ھامانلا ئۇلار مېنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ بېرىشنى خا-لىمىغانلىقىم ئۈچۈن، دادامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى يوشۇرىمەن. بەلكىم بىھۇدە يوشۇرىدىغاندىمەن. چۈنكى بۇنى ئۇلار قىلدۇرغان بولۇشىمۇ مۇم-كىن.

دەل شۇ ئاندا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ چىقىق دېرىزە قاپقاق-لىرى ۋە سۇنۇق دېرىزىلىرى ئارىسىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە سوزۇلۇپ چۈ-شۈۋاتقان ئىنچىكە نۇر دەستىسى ئۆينىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيانقى چاڭ-توزانلىرىنى يورۇتۇپ، قارا بىلەن ئىككىيلەننىڭ ئارىمىزغا چۈشتى.

— دادامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى شۇ سەۋەبتىن يوشۇرمايمەن، — دې-دىم قارانىڭ ماڭا ئىنتايىن دىققەتتە مۇھەببەتلىك نەزەر بىلەن قاراۋاتقان كۆزلىرىگە مەستلىكىم كەلگەن ھالدا قاراپ، — دادام ئۆلتۈرۈلگەندە قەيەر-دە ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىيالماسلىقتىن قورقىمەن. خەيرىيەنىڭ شاھىد-لىقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا پايدىسىز — ماڭا بولمىسىمۇ دادامنىڭ كىتابىغا پايدىسىز — سۇيىقەستلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قېلىشىدىن قورقىمەن. ئىشەنچلىك بىر ھامىيىم ۋە بىر ئە-گەم بولمىغانىكەن، دادامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى داۋراڭ قىلىشىم، جىنا-يەتنى قازىغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش جەھەتتە ھە دېگەندە بىر ئاسانلىق تۇغ-دۇرسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردا پەقەت بايا ئويلىشىلغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن (مەسىلەن، خەيرىيە دادامنىڭ سەن بىلەن توي قىلىشىمنى خالىمايدىغانلى-قىنى بىلىشى مۇمكىن) بېشىمغا بالا بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى مۆل-چەرلىيەلەيمەن.

— دادىڭىز سىزنىڭ ماڭا ياتلىق بولۇشىڭىزنى خالىمايدىكەن-دە؟ — دەپ سورىدى قارا.

— خالىمايتتى، چۈنكى خەۋىرىڭ بولغىنىدەك، سېنىڭ مېنى ئۆزىدىن يىراققا ئېلىپ كېتىشىڭدىن قورقاتتى. ئەمدى سەن دادامغا بۇ تەھدىتىنىمۇ سالالمايسەن، بۇ ئەھۋالدا بىزنىڭ نىكاھلىنىشىمىزغا بىتەلەي دادامنىڭمۇ ھېچقانداق نارازىلىقى يوق دېگەن گەپ. سېنىڭ بىرەر نارازىلىقىڭ بارمۇ؟

— يوق، گۈزىلىم.

— ناھايىتى ياخشى. مېنىڭ ھامىيىمنىڭمۇ سەندىن ھېچقانداق پۇل ۋە ئالتۇن تەلىپىمۇ يوق. ساڭا يۈزتۇرانە ھالدا نىكاھ شەرتلىرىمنى ئېيتىپ ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن. ئەپسۇسكى، تەپسىلاتىنى ھازىرلا ئېيتىشقا مەجبۇر بولغان بەزى نىكاھ شەرتلىرىممۇ بار.

بىر ھازا سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدىم، "خوپ" دېدى قارا ئارىسالدى بولغىنىنى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ ئۆزرە تىلىگەن تەلەپپۇزدا.

— بىرىنچى، — دەپ باشلىدىم، — ماڭا تاقەت قىلالمىغىدەك دەرىجەدە بولمىغۇر مۇئامىلە قىلساڭ ياكى مېنىڭ ئۈستۈمگە باشقا بىرىنى ئالساڭ، مېنىڭ نەپىقە ئېلىپ نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلىقىمنى دەلىللەش ئۈچۈن ئىككى شاھىد ئالدىدا قەسەم قىلىسەن. ئىككىنچى، سەۋەبلىك-سەۋەبسىز ئالتە ئايدىن ئارتۇق ئۆينى تاشلىۋەتسەڭ ۋە قايتىپ كەلمىسەڭ، مېنىڭ تۇل ھېسابلىنىشىمغا ۋە ماڭا نەپىقە بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىككى شاھىد ئالدىدا قەسەم قىلىسەن. ئۈچىنچى، توي قىلغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ئۆيۈمگە كۆچۈپ كېلىسەن. لېكىن دادامنى قەتلە قىلغان پەسكەش تېپىلغىچە ياكى سەن تاپقىچە — ئۇنىڭغا ئۆز قولۇم بىلەن جازا بېرىشنى خالايمەن! — ۋە سۇلتانىمىزنىڭ كىتابى سېنىڭ ماھارەت ۋە غەيرىتىڭ بىلەن تاماملىنىپ، ئۇنىڭغا شەرەپ بىلەن تاپشۇرۇلغىچە مەن بىلەن بىر ياستۇققا باش قويمايسەن. تۆتىنچى، مەن بىلەن بىر ئۆيدە ياتقان ئوغۇللىرىمغا ئۆز ئوغۇللىرىڭدەك مېھرىبانلىق قىلىسەن.

— خوپ.

— ياخشى. ئالدىمىزدىكى پۈتۈن توسالغۇلار مۇشۇنداق تېزلىكتە ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلسە، ناھايىتى يېقىندا بىر ئۆيدە بولىمىز ئەلۋەتتە.

— بىر ئۆيدە بولىمىز، ئەمما بىر تۆشەكتە ئەمەس.
— ھەممە ئىشنىڭ بېشى نىكاھ، — دېدىم، — ئالدى بىلەن ئۇنى بىر تەرەپ قىلايلى. مۇھەببەت نىكاھتىن كېيىن بولىدۇ. ئۇنتۇما: نىكاھلانماي تۇرۇپ يالقۇنجىغان مۇھەببەت يالقۇنى نىكاھ بىلەن ئۆچىدۇ، ئۇنىڭدىن بىمەنە قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئازاب - كۈلپەت قالىدۇ خالاس. توي قىلغاندىن كېيىن ھېس قىلىنغان مۇھەببەتمۇ تۈگەيدۇ ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇنىڭ ئورنىنى بەختىيارلىق ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى ئالدىراقسان ئەخمەقلەر توي قىلماي تۇرۇپ ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋېرىپ، پۈتۈن مۇھەببەتنى تۈگىتىۋېتىدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇلار ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ مەقسەت مۇھەببەت دەپ قارايدۇ.
— توغرىسى قانداق؟
— توغرىسى بەختىيارلىق. مۇھەببەتمۇ، نىكاھمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى: بىر ئەر، بىر ئۆي، پەرزەنتلەر، بىر كىتاب. مېنىڭ ئېرى غايىب، دادىسى مەرھۇم بولغان بۇ ئەھۋالىمنىڭمۇ سېنىڭ بىمەنە تەنھالىقىڭدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ كۈن بويى كۈلۈشۈپ، ئۇرۇشۇپ، سۆيۈشىدىغان ئوغۇللىرىم بولمىسا ياشىيالمايمەن. سەن مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭ، ھەتتا بۈگۈن كېچىنى مەن بىلەن تۆشەكتە ئۆتكۈزەلمىسەڭمۇ، ھەرھالدا دادامنىڭ جەسىتى بىلەن ۋە بالىلىرىمنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى بىلەن بىر ئۆيدە ئۆتكۈزۈشىمىزگە سەمىمىي جان پىدا قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئەمدى دەيدىغانلىرىمنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىغايسەن.
— ئاڭلايمەن.
— نىكاھتىن ئاجرىشىشىم ئۈچۈن خىلمۇ خىل يوللار بار. ساختا شاھىدلار ئېرىمنىڭ سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى مېنى شەرتلىك قويۇۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ، مەسىلەن، مەلۇم بىرى گۇۋاھلىق بېرىپ، ئېرىمنىڭ "ئىككى يىلغىچە سەپەردىن قايتىپ كەلمىسەم خوتۇنۇم تول دەپ قارالسۇن" دەپ قەسەم قىلغانلىقى ھەققىدە يالغاندىن قەسەم قىلىدۇ ياكى تېخىمۇ توغرىلاپ، ئېرىمنىڭ جەسىتىنى جەڭ مەيدانىدا كۆرگەنلىكىنى رەڭلىرى ۋە تەپسىلاتلىرى بىلەن بايان قىلىپ قەسەم قىلىدۇ. لېكىن ئۆيدىكى جەسەتنى ۋە قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئىنىمنىڭ نارازىلىقلىرىنى ئويلاشقاندا، بۇ ساختا گۇۋاھلىقلار تولىمۇ ئاقمايدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئە-

قىلىق، تەدبىرلىك قازىلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. مەزھىپى بىزگە ئوخشاش ھەنەفىي بولغان قازىلارمۇ ئېرىمنىڭ مېنى نەپىقىسىز تاشلاپ تۆت يىلغىچە سەپەردىن قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ، مېنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىمنى تەستىقلىيالمايدۇ. لېكىن ئۈسكۈدار قازىسى مېنىڭدەك ئەھۋالدا قالغان ۋە پارس ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن كۈنسايىن سانى كۆپىيىۋاتقان ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن سۇلتانىمىز ئالىيلىرىنىڭ ۋە شەيخۇلئىسلامنىڭ كۆز يۇمۇشى بىلەن بۇ خىل ئىشلارنى بەزىدە شافىئىي مەزھىپىدىن بولغان مۇئاۋىن قازىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرىدىكەن. ئۇ بىزدەكلەرنى شارت - شۇرت نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇپ نەپىقە بۇيرۇيدىكەن. ھازىر دەل مېنىڭ ئەھۋالىمغا توغرا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان ئىككى ئادەم تېپىپ، ئۇلارغا بىر ئاز پۇل سەرپ قىلىپ، بىرلىكتە ئۈسكۈدارغا ئۆتۈپ، ئۈسكۈدار قازىسىنى مېنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دەۋايىمغا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز مۇئاۋىنىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە كۆندۈرۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلالىساقلا، بۇ شاھىدلارنىڭ شاھىدلىقى بىلەن مېنى نىكاھتىن ئاجراشتۇرىدۇ ۋە قازىنىڭ دەپتىرىگە نىكاھنىڭ ئاجرىغانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ سەن دەرھال ھۆكۈمنامىنى قولۇڭغا ئېلىپ، نىكاھتىن ئاجراشقىنىمدىن كېيىنلا ئانچە كېچىكمەي نىكاھلىنىشىمغا بولىدىغانلىقىنى يەنە باشقا بىر ئىسپاتنامە بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلساڭ، شۇنداقلا يەنە بۇ ئىشلارنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىنگىچە پۈتكۈزۈپ بۇياققا قايتىپ كەلسەڭ، كەچقۇرۇن بىزنىڭ نىكاھىمىزنى قىلىدىغان بىر ئىمام تېپىش ئانچە تەسمۇ ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن كېچە مېنىڭ ئېرىم بولۇپ، مەن بىلەن ۋە بالىلىرىم بىلەن بىر ئۆيدە بولالايسەن. شۇنداقلا يەنە بىزلەرنى ئۇ ئىبلىسنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ، كېچىنى دىر - دىر تىترەپ ئۆتكۈزۈشتىن، ئۆيدىن ئاڭلانغان تاراقلىغان ئاۋازلارنى تىڭشاپ تۈننى تاڭغا ئۇلاشتىن ۋە سەھەردە دادامنىڭ ۋاپاتىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرغىنىمىزدا، مېنى ئەل - جامائەت ئالدىدا ئىگىسىز بىچارە ئايالنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قۇتقۇزىسەن.

— خوپ، — دېدى قارا بالىلارچە ئۈمىدۋارلىق بىلەن، — خوپ، سىزنى ئالىمەن.

بايا نېمە ئۈچۈن نەزىرىمنى ئۇستۇن تۇتۇپ، ئانچە سەمىمىي بولمىغان تەلەپپۇزدا قارا بىلەن سۆزلەشكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغىنىمنى ئېيتقاندىم. ئەمدى بىلدىم: ئەمەلگە ئېشىشىغا ئۆزۈممۇ تەستە ئىشىنىدىغان بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قارانى پەقەت مۇشۇ پوزىتسىيە بىلەنلا قايىل قىلالايتتىم. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ كىچىك چاغلىرىدا بىر ھاماقەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

— مېنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىمنى، شۇنداقلا خۇدا بۇيرۇسا كەچقۇرۇن قىلىنىدىغان نىكاھىمىزنى ئىناۋەتسىز دەپ قارايدىغان، دادامنىڭ كىتابىنىڭ تاماملىنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى قىلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى نۇرغۇن ئىش بار تېخى، لېكىن ھازىر سېنىڭ كاللاڭنى پاراكەندە قىلماي، چۈنكى ھازىر كاللاڭ بەكلا قوچۇلۇپ كەتتى.

— كاللىڭىز ھەرگىز پاراكەندە ئەمەس، — دېدى قارا.

— چۈنكى بۇلار مېنىڭ تاپقان ئەقلىم ئەمەس. نەچچە يىللاردىن بېرى دادام بىلەن تولا سۆزلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن نەرسىلەر، — دېدىم. مەن ئۇنى بۇ چارىلەرنى مېنىڭ ئايالغا خاس بولغان كاللامدىن چىقمىغانلىقىغا ۋە ئاشۇ دېگەنلىرىمگە ئىشەندۇرمەكچى ئىدىم.

قارا مېنى ناھايىتى ئەقىللىق كۆردى ۋە بۇنى يۈزۈمگە دېيىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان ھەرقانداق بىر ئەر دېيەلەيدىغان بىر سۆزنى قىلدى:

— ناھايىتى ئەقىللىقسىز.

— شۇنداق، — دېدىم، — ”ئەقىللىق“ دەپ ماختىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. مەن كىچىك ۋاقتىمدا داداممۇ دائىم شۇنداق ماختايتتى.

لېكىن مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن، دادامنىڭ مېنى ”ئەقىللىق“ دەپ ماختاپ باقمىغانلىقىنى دېمەكچى ئىدىم، لېكىن كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدىم. يىغلاۋېتىپ گويا مەن ئۆزۈم ئەمەس، بەلكى باشقا بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم ۋە مەلۇم بىر كىتابنىڭ سەھىپىسىدىكى ئېچىنىشلىق بىر رەسىمگە قاراپ ھەسرەتلەنگەن ئوقۇرمەندەك، ئۆز ھاياتىمنى سىرتتىن كۆزەتتىم ھەمدە ئۆزۈمگە ئېچىندىم. كىشىنىڭ ئۆز دەردىگە ۋە باشقىلارنىڭ دەردىگە ياش تۆكۈشىنىڭ شۇنداق بىر ساپ تەرىپى بار ئىدىكى، قارا مېنى قۇچاقلىغىنىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزغا بەختىيارلىق

ھېسسىياتى تارقىلاتتى. لېكىن بۇ قېتىم بىز بىر ـ بىرىمىزنى قۇچاقلى ـ
غىنىمىزدا بۇ بەختىيارلىق تۇيغۇسى پەقەت ئارىمىزدىلا قالدى، ئەمما ئەترا ـ
پىمىزغا، يەنى بىزگە دۈشمەن بولۇۋاتقانلارنىڭ دۇنياسىغا تارقىلالمىدى.

# 33. مېنىڭ ئىسمىم قارا

تۇل، يېتىم ۋە مەيۇس شەكۇرەم پەيدەك يېنىك قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭدىن تارقالغان بادام ھىدى ۋە نىكاھ خىياللىرى بىلەن، ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىدىكى جىمجىتلىق ئىچىدە قالغانىدىم. چېچىلىپ كەتكەن زېھنىم، قانداقتۇر كىشىنى ئازابقا سالغىدەك بىر خىل تېز سۈرئەتتە ئىشلىمەكتە ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، يېزنە تاغامنىڭ ئۆلۈمىگە ماتەم بىلدۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئۇچقاندەك ئۆيۈمگە قايتتىم. بىر ياقتىن، شەكۈرە مېنى ئالداۋاتامدىكىن، ئۆزىنىڭ بىرەر چوڭ غەرىزى ئۈچۈن مەندىن كوزىر ئورنىدا پايدىلىنىۋاتامدىكىن دېگەن بىر تۇرلۇك گۇمان ئىچىمنى گويا قۇرتتەك غاجىماقتا ئىدى، يەنە بىر ياقتىن، بەختلىك نىكاھ ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيتتى.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، مېنىڭ قاق سەھەردە نەگە بېرىپ نەدىن كەلگەنلىكىمنى بىلىش ئۈچۈن مېنى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋېلىپ سوراققا تارتقان ئايال ئۆي خوجايىنىم بىلەن بىر نەچچە ئېغىز سۆزلەشكەندىن كېيىن، ھۇجرامدىكى كارىۋات كۆرپىسىنىڭ قېتىغا تىقىپ قويغان بەلۋېغىمنىڭ ئەستىرى ئىچىدىن 22 دانە ۋېنېتسىيە تىللاسىنى ئېلىپ، تىترىگەن قوللىرىم بىلەن ھەمىيېنىمغا سالدىم. تەكرار كوچىغا چىققىنىمدا، شەكۈرەنىڭ نەملەنگەن غەمكىن قارا كۆزلىرىنى زادىلا كاللامدىن نېرى قىلالمايدىغىنىمنى شۇئان چۈشەندىم.

ئالدى بىلەن، شىرنىڭ بېشى نەقىشلەنگەن ۋېنېتسىيە تىللالىرىنى داۋاملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان بىر يەھۇدىي سەررايقا پارچىلاتتىم. ئاندىن، ئىسمىنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھازىرغىچە سىلەرگە ئېيتمىغان مەھەللىگە (ھازىر ئېيتىمەن: ياقۇتلار مەھەللىسى)، مەرھۇم يېزنە تاغامنىڭ ۋە شەكۈرەنىڭ باللىرى بىلەن مېنى كۈتۈۋاتقان ئۆي جايلاشقان كوچىغا خىيال سۈرگەن ھالدا قايتىپ كەلدىم. كوچىلاردا يۈگۈرگەندەك مې-

ڭىپ كېتىپ بارغىنىمدا، ئېگىز بىر توپ چىنار دەرىخى يېزنە تاغام ۋاپات بولغان كۈنى نىكاھ ھەققىدە شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ ۋە ئۆزۈمچە پىلان تۈزگەچ ئۈچقاندەك ماڭغانلىقىم ئۈچۈن مېنى مەنسىتمىگەندەك مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. كەينىدىنلا ئېرىگەنلىكى مۇزلارنىڭ سۈيى بىلەن شىرىلداپ ئېقىۋاتقان مەھەللە بۇلىقى ماڭا، خۇددى ”پىسەنت قىلما، ئىشلىرىڭنى ياخشى ئىشلە ۋە خۇشاللىقىڭنى قەدىرلەشنى بىل“ دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شۇنداق بولسىغۇ ياخشى بولاتتى. بىراق، بىر بۇلۇڭدا ئۈچىسىنى يالاۋاتقان بىر بىتەلەي قارا مۈشۈك گويا ماڭا: ”سېنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان ھەممىلا ئادەم، ھەتتا سەنمۇ ئۆز كۆڭلۈڭدە يېزنە تاغاڭنىڭ قەتلە قىلىنىشىدا سېنىڭمۇ قولۇڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلىۋاتىدۇ“ دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مۈشۈك ئۈچىسىنى يالاشتىن توختىغاندا، بىر ھازا ئۇنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن ئۆزئارا قاراشتۇق. ئىستانبۇلنىڭ مۈشۈكلىرى كىشىلەرنىڭ بەك ئەركىلىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھاياسىز بولىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر.

مەن يوغان قارا كۆزلىرىنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دائىم ئۇيقۇسى قانمىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئىمام جانابلىرىنى ئۆيىدە ئەمەس، مەھەللە مەسچىتىنىڭ ھويلىسىدا كۆردۈم ۋە ئۇنىڭدىن مەھكىمىدە گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ قانداق ۋاقىتتا زۆرۈر، قانداق ۋاقىتتا ئىختىيارىي بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ناھايىتى چوڭ قانۇنىي مەسىلىنى سورىدىم ۋە ئۇنىڭ مەغرۇر پوزىتسىيە بىلەن بەرگەن جاۋابىنى تۈنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك قاشلىرىمنى كۆتۈرگەن ھالدا تىڭشىدىم. ”بىر ھادىسىدە باشقا شاھىدلار بولغان ئەھۋالدا شاھىدلىق ئىختىيارىي بولىدۇ، — دەپ ئىزاھلىدى ئىمام جانابلىرى، — لېكىن شاھىد بىر بولغان ئەھۋالدا گۇۋاھلىق بېرىش ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ.“

— مېنىڭ دەردىممۇ مانا شۇ، — دەپ سۆز قىستۇردۇم، — ھەممە كىشى بىلىدىغان بىر مەسىلىدە بارلىق شاھىدلار ”بۇ ئىختىيارىي ئەھۋال“ دېگەن باھانىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، ھۇرۇنلۇق قىلىپ سوتقا بارمىغانلىقى ئۈچۈن مەن ياردەم قىلغان كىشىلەرنىڭ ناھايىتى جىددىي ئىشلىرىمۇ ھەل بولمىغانىدى.

— ئېھ، — دېدى ئىمام جانابلىرى، — سەنمۇ ھەميانىنىڭ ئاغزىنى

كەڭرەك ئاچقىن.

ھەمىيىنىمنى ئېچىپ ئىچىدىكى ۋېنېتسىيە تىللالىرىنى كۆرسەتتىم. مەسچىتنىڭ كەڭ ھويلىسى ۋە ئىمامنىڭ چىرايىمۇ، شۇنداقلا ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىمىز بىردىنلا ئالتۇننىڭ جۇلاسى بىلەن يورۇپ كەتكەندەك بىلىندى. ئىمام مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى.

ئاۋۋال كىم ئىكەنلىكىمنى ئۇقتۇردۇم. — يېزنە تاغام جانابلىرى كېسەل ئىدى، — دەپ ئىزاھلىدىم، — كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا قىزىنىڭ تۇللۇقى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىپ، نەپىقە بەلگىلىنىشىنى تەلەپ قىلماقچىدى.

ئۈسكۈدار قازىسىنىڭ مۇئاۋىنى توغرىلىق ئېغىز ئېچىشىمنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئىمام جانابلىرى بەختسىز شەكۈرە خانىم ئۈچۈن، دەرۋەقە ئۇزۇندىن بېرى پۈتۈن مەھەللىنىڭ ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، بالدۇرلا شۇنداق قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۈسكۈدار قازىسىنىڭ ئالدىغا نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۈچۈن بارغاندا زۆرۈر بولغان ئىككىنچى شاھىدنىڭ ئورنىغا ئىمام جانابلىرى ئىنىسىنى ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىنىسىغا ئاتاپ يەنە بىر تىللا بەرسەم، بىر مەھەللىلىك ھەمدە شەكۈرەنىڭ ۋە سۆيۈملۈك يېتىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان بىر قېرىنداشقىمۇ ساۋابلىق ئىش قىلغان بولاتتىم. ئىمام جانابلىرىنىڭ ئۆزىگە ئىككى تىللا بېرىدىغان بولدۇم، ئىككىنچى شاھىد ئۈچۈن باھانى كېمەيتمەكچى بولدى، دەرھال كېلىشتۇق. ئىمام جانابلىرى ئىنىسىنى چاقىرغىلى كەتتى.

ئۇشبۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ھەلەپ قەھۋەخانىلىرىدا كۆرگەن مەدداھلار ئويۇن كۆرسىتىپ بايان قىلغان "مۇشۇك - چاشقان" ھېكايىلىرىغا ئوخشاش بىر ئىش بولىدىغان بولدى. كىتاب قىلغۇچىلار بۇ ھېكايىلارنى مەسنەۋى شەكلىدە ھۆسنخەت بىلەن يازدۇرسىمۇ، ھېكايىلاردا زىيادە قاراملىق، زىيادە ھىيلە بار دەپ ھەرگىز راست دېمىگەن ۋە رەسىمىنىمۇ سىزدۇرمىغان بولاتتى. ئەمما مەن بولسام بىر كۈنلۈك قاراملىقىمىزنى ئەقلىمنىڭ سەھىپىلىرىگە تۆت كۆرۈنۈش بىلەن توپلاپ نەقىشلىدىم.

بىرىنچى كۆرۈنۈشتە، رەسسام بىزنى ئۇن قاپانىدىن① يولغا چىقىپ،

① ئۇن قاپانى — ئىستانبۇلدىكى دېڭىز بويىدىكى بىر يەر ئىسمى. — ت.

ئۇسكۇدارغا بارىدىغان تۆت پالاقلىق قىزىل قېيىقنىڭ ئىچىدە، يوسفور بو-
غۇزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شاپ بۇرۇتلۇق، بىلەكلىرى توم پالاقچىلار ئارىسىدا
سىزىشى كېرەك. ئىمام بىلەن سۆرۈن چىراي ئاۋاق ئىنىسى ھېچ ئويلىمى-
غان بۇ سەپەردىن خۇشال ھالدا پالاقچىلار بىلەن بۇرادەرچىلىك قىلىشىۋات-
قاندا، مەن پېقىر قېيىقنىڭ تۇمشۇقىدا نىكاھ ھەققىدىكى پۈتمەس - تۈگى-
مەس شېرىن خىياللارغا چۆمگەن ھالدا، ئاپتاپلىق قىش ئەتىگەنلىكى ھەر
ۋاقىتتىكىدىنمۇ سۈزۈك كۆرۈنگەن بوغۇز سۇلىرىنىڭ تېگىدىكى بىرەر
بەختسىزلىك ئالامىتى، مەسىلەن، دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن بىر قاراقچىلار
كېمىسىدىكى ئۆلۈكلەرنى كۆرۈشۈم مۇمكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن دېڭىز-
نىڭ تېگىگە قارايتتىم. شۇڭا، رەسسام دېڭىزنى ۋە بۇلۇتلارنى قانچىلىك
خۇشبۇي رەڭلەر بىلەن سىزغىنىدىن قەتئىينەزەر، سەرگۈزەشتىمىزنى ئو-
قۇغانلار ھەممە ئىشىمىزنى كۆڭۈللۈك ئىكەن دەپ قالمىسۇن ئۈچۈن، بوغۇز-
نىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ تېگىگە مېنىڭ بەختىيار - شېرىن خىياللىرىمغا زىت
بولغان ۋەھىمىلىك روھىي ھالىتىمگە ماس كېلىدىغان بىر ئىما - ئىشارەت،
مەسىلەن، ئاجايىپ يىرگىنچلىك بىر بېلىق سىزىپ قويۇشى كېرەك.

ئىككىنچى رەسىمىمىز پادىشاھلارنىڭ ئوردىلىرىنى، ئوردا مەجلىس-
لىرىنى، پەرەڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئوردا قوبۇلىدىكى كۆرۈنۈشلىرىنى، مول ئۆي
بىساتلىرىنى كۆرستىدىغان تەپسىلىي ۋە ياخشى رەتلەنگەن رەسىملەرنىڭ
بەھزاتقا لايىق نەپىسلىكلىرىنى، يەنى رەسىم ئىچىدىكى ھەزىل - چاق-
چاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. يەنى، بىر بۇلۇڭدا قازى جانابلىرىنىڭ
توختاشقا ئىشارەت قىلغاندەك بىر ئالىقىنىنى ئاچقىنى ۋە مەن ئۆزاتقان پا-
رىغا ”ھەرگىز“ ۋە ”ياق“ دېگەن ئىشارەتنى قىلىۋاتقىنى، يەنە بىر قولى بىلەن
مەن بەرگەن ۋېنېتسىيە تىللالىرىنى خىجىل بولغان ھالدا يانچۇقىغا سې-
لىۋاتقىنى ۋە بۇ پارىنىڭ نەتىجىسى گەرچە كېيىنچە مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ ئىپادىسى، شۇ ئاندا رەسىمدە كۆرۈنۈشى، ئۇسكۇدار قازىسىنىڭ ئور-
نىغا شافىي مەزھىپىدىن بولغان مۇئاۋىن قازى شاھاب ئەپەندىم جانابلىرى
ئولتۇرغان قىلىپ سىزىلىشى كېرەك. بىرلا ۋاقىتتا كەينى - كەينىدىن
كەلگەن ۋەقەلەرنى بىر رەسىمدە سىزىشنى پەقەت ئەڭ كامالەتكە يەتكەن ئە-
قىللىق رەسساملارلا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى مۇم-

كىن. شۇنىڭ بىلەن، مەسىلەن، دەسلەپ مەن بەرگەن پارىنى كۆرگەن كۆز رەسىمنىڭ باشقا بىر يېرىدە قازىنىڭ كۆرپىچىكىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ مۇئاۋىن قازى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھېكايىمىزنى ئوقۇمىسىمۇ شۇئان قازى جانابلىرىنىڭ ئىككى ۋېنېتسىيە تىللاسىنى يانچۇقىغا سېلىپلا شەكۇرەنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشى ئۈچۈن ئورنىنى شافىي مەزھىپىدىن بولغان مۇئاۋىن قازىغا بەرگەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

ئۈچىنچى رەسىمدىمۇ ئەينى سورۇننى كۆرسىتىش كېرەك. لېكىن ھېكايىمىزدە بىر ئويۇن بارلىقىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن بۇ قېتىم تاملار نەقىشلەنگەندە، ئەگرى - بۈگرى شاخچىلىرى ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى بېزەكلەردىن پايدىلىنىش كېرەك ۋە بۇلار ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم. مۇئاۋىن قازىنىڭ باش تەرىپىگە بىر - بىرىنى ئالداشقا سىمۋول قىلىنغان قىزىقارلىق رەڭلىك بۇلۇتلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم. ئىمام جانابلىرى بىلەن ئىنىسى مۇئاۋىن قازىنىڭ ھوزۇرىغا بىر - بىرلەپ كىرىدىغان بولغاچقا، رەسىمدە بىرلىكتە كۆرسىتىلىشكە تېگىشلىك بۇ كىشىلەر بىچارە شەكۇرەنىڭ ئېرىنىڭ تۆت يىلدىن بېرى ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا شەكۇرەنىڭ يوقسۇللۇقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئىككى يېتىم بالىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم ۋە ئاچلىقتا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، ھازىرغىچە نىكاھلىق ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ يېتىملەرگە ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان بىرى چىقمىغانلىقىنى، ھەتتا نىكاھلىق بولغانلىقى ئۈچۈن شەكۇرەگە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز قەرز پۇل بېرىشكىمۇ بولمايدىغانلىقىنى شۇنداق چۈشەندۈرۈشى كېرەككى، بۇنى ئاڭلىغان گاسلارمۇ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا رۇخسەت قىلىۋېتىشى تەبىئىي ئىدى. لېكىن رەھىمسىز مۇئاۋىن قازى قىلچە ئىنكاس بىلدۈرمەي، شەكۇرەنىڭ ھامىيسى كىم؟ دەپ سورىدى. بىر ھازا ئارىسالدىلىقتىن كېيىن دەرھال سۆز قىستۇرۇپ، سۇلتانىمىزغا خەۋەرچىلىك ۋە ئەلچىلىك قىلغان مۆھتەرەم ئاتىسى ھايات، دېدىم.

— ئۇ مەھكىمىگە كەلمىسە، ھەرگىز نىكاھتىن ئاجراشتۇرمايمەن، — دېدى مۇئاۋىن قازى.

ئىنتايىن جىددىيلىك ئىچىدە ھازىر يېزنە تاغام جانابلىرىنىڭ كېسەل

تۆشكىدە جان تالىشىپ ياتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاللاھتىن تىلەيدىغان ئاخىر-قى ئۈمىدى قىزىنىڭ نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىنى كۆرۈش ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم.

— نىكاھتىن ئاجرىشىپ قانداق قىلماقچى؟ — دېدى مۇئاۋىن قازى، — سەكراتتىكى بىر ئادەم قىزىنىڭ ئۇرۇشتا يوقاپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان ئېرىدىن ئاجرىشىشىنى زادى نېمە ئۈچۈن بۇنداق جىددىي تەلەپ قىلىدى-كەن؟ قۇلاق سال، ئۇنىڭ ناھايىتى مۇنەۋۋەر ھەم ئىشەنچلىك بىرەر كۈيئو-غۇل نامزاتى بولسا، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى كەينىدە قالمايدۇ.

— نامزات بار، مۇئاۋىن قازى جانابلىرى، — دېدىم.

— كىم؟

— مەن!

— بۇ قانداق بولغىنى؟ سەن ھامىي بولغۇچىنىڭ ۋەكىلى ئەمەسمى-دىڭ! — دېدى مۇئاۋىن قازى، — نېمە ئىش قىلىسەن؟

— شەرقىي ۋىلايەتلەردە پاشالارغا كاتىپلىق قىلغان، خەت - چەك تو-شىغۇچى، مالىيە ياردەمچىلىكى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. سۇلتانى-مىزغا سۇنىدىغان پارس ئۇرۇشلىرى تارىخىغا ئائىت بىر ئەسەرنى يېزىپ تاماملىدىم. رەسىمچىلىكنى بىلىمەن. مەن بۇ قىزنىڭ ئىشقىي مۇھەببىتى-گە 20 يىلدىن بېرى ئەسىرمەن.

— تۇغقىنىمۇسەن؟

مۇئاۋىن قازىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈم زادىلا كۈتمىگەن، يەتتە تەزىم قىلىشقا مەجبۇر بولغىدەك ئوڭايسىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن، ئۆز ھاياتىم-نى گويا قىلچە مەخپىيىتى يوق بىر نەرسىدەك بىراقلا بازارغا سېلىۋېتىش-تىن خىجالەت بولۇپ سۈكۈت قىلدىم.

— شوخلىدەك قىزارماي، جاۋاب بەرگىن، بولمىسا ئۇنى نىكاھتىن ئاجراشتۇرمايمەن.

— ھامامنىڭ قىزى بولىدۇ.

— ھىم، چۈشەندىم. ئۇنى بەختلىك قىلالامسەن؟

بۇنى سورىغاندا ئۇ قولى بىلەن ئەدەپسىز بىر ئىشارەت قىلدى. بۇ

سەتچىلىكنى رەسسام سىزىۋالمىغاي ئىلاھىم، يۈزۈمنىڭ قانداق قىزارغان-لىقىنى كۆرسەتسىلا كۇپايە.
— كىرىمىم جايىدا.
— شافىي مەزھىپىدىن بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئېرى تۆت يىلدىن بېرى ئۆرۈشتىن قايتىپ كەلمىگەن بۇ بەختسىز شەكۈرەنى نىكاھتىن ئاجرىتىد-شىمىنىڭ كىتابقا ۋە ئېتىقادىمغا زىت ھېچقانداق تەرىپى يوق، — دېدى مۇ-ئاۋىن قازى جانابلىرى، — ئۇنى نىكاھتىن ئاجراشتۇردۇم. ئەمدى ئېرى ئۆرۈشتىن قايتىپ كەلسىمۇ، ئۇستىدىن دەۋا قىلالمايدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىنكى رەسىم، يەنى تۆتىنچىسىدە، مۇئاۋىن قازى قارا سياھ بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگەن ھەرپ قوشۇنلىرى بىلەن نىكاھتىن ئاج-رىشىش كېلىشىمىنى دەپتەرگە چۈشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن شەكۈرەم-نىڭ ئەمدى تۇل ئىكەنلىكىنى ۋە دەرھال يېڭىۋاشتىن ياتلىق بولۇشقا بى-رەر توسالغۇ يوقلۇقىنى بايان قىلغان قەغەزنى مۆھۈرلەپ ماڭا بېرىش قاتار-لىقلارنى تەسۋىرلەپ كۆرسىتىش كېرەك. مېنىڭ شۇ دەقىقىدىكى خۇشاللىق ھېسسىياتىمنى، نە مەھكىمىنىڭ تاملىرىنى قىزىل بوياپ، نە رەسىمگە قان قىزىل رامكىلار سىزىپ ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىڭىللىرىنى، قىزلىرىنى، ئاچىلىرىنى نىكاھتىن ئاجراشتۇرغىلى كېلىشىپ قازىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توپلاشقان ئەرلەرنىڭ ۋە ساختا شاھىدلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ قايتماقچى بولۇپ ماڭدىم.
پوسفور بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ياقۇتلار مەھەللىسىگە بارغاندا، نى-كاھىمىزنى قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلغان ئاڭلىق ئىمام جانابلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىنى شۇ يولدا قالدۇرۇپلا ئۆز يولۇمغا ماڭدىم. چۈنكى، مەن بايا كو-چىدا كۆرگەن كىشىلەرنىڭ مەن ئېرىشكەن ئىشەنگۈسىز بەختىيارلىقتىن ھەسەت قىلىپ، دەرھال كەينىمدىن بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. شەكۈرەمنىڭ كوچىسىغا يۈگۈرۈپ باردىم. شۇم قاغىلار بۇ يەردە بىر ئۆلۈك بارلىقىنى بىلىپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ ئۆگزىلەردە جانلى-نىپ سەكرەشمەكتە ئىدى. يېزنە تاغام ئۈچۈن قانغۇدەك ماتەم تۇتالمىغىنى-مىز ھەتتا كۆز يېشىمۇ تۆكەلمىگىنىمىزدىن ئىچىم تىت - تىت بولۇپ، بى-ئارامىلىق ھېس قىلماقتا ئىدىم. لېكىن شۇئان ئۆينىڭ چىڭ تاقالغان قاپ-

قاقلىرىدىن، ئىشىكىدىن، ئەتراپتىكى جىمجىتلىقتىن، ھەتتا ئانار كۆچە-تىدىن ھەممە ئىشنىڭ جايىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم.

شۇ ئارىدا بەكمۇ ئالدىراشلىق بىلەن ھەرىكەت قىلغانلىقىمنى چۈشەن-گەنسىلەر. يەردىن ئالغان بىر تاشنى دەرۋازىغا قارىتىپ ئېتىۋىدىم، قىڭغىر كەتتى. ئۆيگىمۇ بىر تاش ئېتىۋىدىم، تامغا تەگدى. ئاچچىقىمدا ئۆيگە تاش ياغدۇردۇم، ئاخىرى بىر دېرىزە ئېچىلدى. بۇ تۆت كۈن ئىلگىرى، يەنى چار-شەنبە كۈنى ئانار كۆچىتىنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن شەكۈرەنى دەسلەپ كۆرگەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ دېرىزىسى ئىدى. ئورخان ئۇ يەردە كۆرۈندى. قاپقاقنىڭ ئارىلىقىدىن ئورخاننى ئەدەپلەۋاتقان شەكۈرەنىڭ ئاۋا-زىنى ئاڭلىدىم، ئاندىن ئۆزىنى كۆردۈم. بىز ھازا گۈزىلىم بىلەن ئۈمىدلىك قاراشتۇق. شۇتاپتا ئۇ نە ماڭا يېقىملىق، نە گۈزەل كۆرۈنمىدى. ئۇ "كۈتۈپ تۇر" دېگەن مەنىنى بېرىدىغان بىر ئىشارەتنى قىلىپلا دېرىزىنى ياپتى.

كەچ كىرىشكە تېخى خېلى ۋاقىت بار ئىدى. جىمجىت باغچىدا دۇنيا-نىڭ، دەل - دەرەخلەرنىڭ، پاتقاق كوچىلارنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران بولۇپ ئۈمىد بىلەن كۈتتۈم. ئۆزۈن ئۆتمەي خەيرىيە گويا بىر دېدەك ئەمەس، خا-نىملاردەك كىيىنگەن ھالدا كەلدى. بىر - بىرىمىزدىن ئارىلىق قالدۇرغان ھالدا ئەنجۈر كۆچەتلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتتۇق.

— ھەممە ئىش جايىدا، — دېدىم ئۇنىڭغا قازىدىن ئالغان ھۆججەتنى كۆرسىتىپ — شەكۈرە نىكاھتىن ئاجراشتى. ھازىر يەنە مەھەللىدىن بىر ئىمام... تېپىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېمەكچى بولدۇم - يۇ، — ئىمام شۇتاپ-تا كېلىۋاتىدۇ، — دېۋېتىپتىمەن ئىتتىكلا، — شەكۈرە تەييارلانسۇن.

— شەكۈرە خانىم كېلىن كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ئاز بولسىمۇ كېلىشى-نى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ توي زىياپىتىگە ئېغىز تېگىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بادام بىلەن ئۆرۈك مېغىزى سالغان پولۇدىن بىر قازان تەي-يارلاپ قويدۇق.

بەلكىم ئۇ ھەۋەس بىلەن يەنە نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىنى ئېيتماقچى ئىدى، ئەمما مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئەگەر توي بۇنداق داغدۇغىلىق بولۇپ كەتسە، — دېدىم — ھاسان بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى خەۋەر تېپىپ، بېسىپ كېلىشىدۇ ۋە رەزىللىك قى-

لىپ نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ـ دە، بىز ئامالسىز قالىمىز، ياخشى ئىشلىرىمىز يوققا چىقىدۇ. شەكۈرە ھاسان ۋە قېيىنئاتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يېزنە تاغىمىز جانابلىرىنى قەتلە قىلغان ئىبلىستىنمۇ ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ. سىلەر قورقمامسىلەر؟

— قورقمامدىغان؟ — دېدى ئۇ ۋە يىغلىغىلى تۇردى.

— ھېچكىمگە تىنماي تۇرۇڭلار، — دېدىم، — يېزنە تاغامنى ئېلىپ چىقىپ، كېچىلىك كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، ئورنىنى سېلىپ، ئۆلۈك ئەمەس، كېسەلدەك ياتقۇزۇڭلار. ياستۇقىنىڭ بېشىدا ئىستاكان، دورىلارنى قويۇپ قويۇڭلار، دېرىزە قاپقىقىنى يېپىپ قويۇڭلار. ھۇجرىدا چىراغ بولمىسۇن ـ دە، نىكاھتا شەكۈرەنىڭ ھامىيسى كېسەل ئاتىسى بولسۇن. كېلىن كۆچۈر ـ گۈچىلەرنى تەكلىپ قىلماي، قوشنىلاردىن ئۈچ ـ تۆت كىشىنى چاقىرىپ قويسىلەر، بولدى. ئۇلارنى چاقىرغاندا يېزنە تاغامنىڭ ئاخىرقى تەلىپىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتىسىلەر. بۇ خۇشاللىق ئەمەس، ماتەملىك توي بولىدۇ. بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمىساق، ئۇلار بىزنى پاراكەندە قىلىپ، سىزنىمۇ جازالايدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ؟

ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇنىڭغا ئاق ئېتىمنى مە ـ نىپ، شاھىدلىرىمنى ئېلىپ، كېچىكمەي قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى، شە ـ كۈرەنىڭ تەييارلىنىپ تۇرۇشىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆينىڭ خوجايىنى مەن بولىدىغانلىقىمنى ۋە ھازىر ساتىراشخانىغا بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مانا بۇلارنى مەن ئالدىن پىلانلىمىغان بولساممۇ، لېكىن بۇ ئىشلار دەل ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقان چاغدا ئەقلىمگە كەلگەنىدى ۋە بەزى جەڭلەردە ھېس قىلغىنىمدەك، ئۆزۈمنىڭ ئاللاھنىڭ يېقىن كۆرگەن ۋە ئۆز پاناھىدا ساق ـ لىغان بەندىسى ئىكەنلىكىمگە، ئاللاھ مېنى پاناھىدا ساقلىغاچقا ئىشلارنىڭ جايىدا يۈرۈشۈۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم. بۇ ئىشەنچنى كۆڭلىڭىزدە ھېس قىلسىڭىز، ئەقلىڭىزگە نېمە كەلسە، كۆڭلىڭىزگە نېمە كەچسە، شۇنى قىلالايسىز ۋە قىلغان ئىشلىرىڭىزمۇ توغرا چىقىدۇ.

ياقۇتلار مەھەللىسىدىن دېڭىز قولتۇقىغا قاراپ مېڭىپ تۆت كوچىدىن ئۆتتۇم. قوشنا مەھەللىدىكى ياسىن پاشا مەسچىتىنىڭ قارا ساقاللىق، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئىمامىنى ئىزدەپ باردىم. ئىمام قولىغا

بىر سوپۇرگە سېپىنى ئېلىۋېلىپ، ئىتلارنى قوغلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، هامامنىڭ قىزىنىڭ دادىسى ئالالاھنىڭ ئەمرى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، مەرھۇم ئاتىمىزنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى بويىچە قىزى بىلەن ئىككىمىزنىڭ نىكاھلانماقچى بولۇۋاتقىنىمىزنى، شۇنداقلا، هامامنىڭ قىزى ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلمىگەن ئېرىدىن بوگۇن ئۇسكۇدار قازىسىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىنى ئۇقتۇردۇم. ئىمام شەرىئەت هۆكمىگە ئاساسەن نىكاھلىق ئايالنىڭ نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن قايتا نىكاھلىنىشى ئۇچۇن بىر ئاي كۈتۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ نارازىلىق بىلدۈردى. مەن ئۇنىڭغا شەكۈرەنىڭ بۇرۇنقى ئېرى تۆت يىلدىن بېرى بۇ يەردە بولمىغانلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭ هامىلدار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتتىم ۋە ئۇسكۇدار قازىسىنىڭ دەرۋەقە بوگۇن ئەتىگەن دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ ئايالنى نىكاھتىن ئاجراشتۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قىلىپ بەرگەن قەغىزىنى كۆرسىتىپ جاۋاب بەردىم. چۈنكى، مەن ئىمام جانابلىرىنى نىكاھقا توسالغۇ بولىدىغان هېچنەرسە يوقلۇقىدىن خاتىرجەم قىلماقچى ئىدىم. دۇرۇس، شەكۈرە دەرۋەقە يېقىن تۇغقىنىم ئىدى، لېكىن هامامنىڭ قىزى بولغانلىقى نىكاھقا توسالغۇ بولالمايتتى. ئۇنىڭ ئالدىنقى نىكاھى پۈتۈنلەي ئاياغلاشقانىدى. ئارىمىزدا ياكى دىن پەرقى ۋە ياكى ئىجتىمائىي پەرق ھەمدە بايلىق پەرقى يوق ئىدى. ئىمام نەق تەڭلىگەن تىللالارنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن ئەھلىمەھەللىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارا ئۆتكۈزۈلىدىغان تويدا نىكاھ قىلىپ قويسا، تۇل ئايالنىڭ يېتىم باللىرىغىمۇ بىر ساۋابلىق ئىش قىلغان بولاتتى. بىراق ئىمام جانابلىرى بادام بىلەن ئۆرۈك مېغىزى سېلىنغان پولۇنى ياخشى كۆرەرمۇ؟

ياخشى كۆرىدىكەن، بىراق كۆزى تېخىچە دەرۋازا ئالدىدىكى ئىتلاردا ئىدى. تىللالارنى ئالدى. كېيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئەينەكتە چاچ ـ ساقىلى ۋە بۆكىگە بىر قارىۋېتىپ نىكاھ قىلىشقا كەلمەكچى بولدى. ئۆيىنى سورىغانىدى، تەپسىلىي ئېيتىپ بەردىم.

12 يىلدىن بۇيان ئارزۇ قىلغان نىكاھ قانچىلىك ئالدىراشلىق بىلەن قىلىنىۋاتىسمۇ، كۆيئوغۇلنىڭ پۈتۈن جىددىيلىك ۋە خەتەرلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى بىر ساتىراشنىڭ شەپقەتلىك قوللىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ يېقىملىق

سۆزلىرىنى تىڭشىغاچ تويلۇق چاچ ـ ساقال ياسىتىشىغا دەرۋەقە نېمىنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن؟ مەن ئىختىيارسىز كېلىپ قالغان بۇ ساتىراشنىڭ دۇكىنى يېزنە تاغام بىلەن ھامىمام گۈزەل شەكۈرەنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە كۆچۈپ كەتكەن ئاقسارايدىكى ۋەيرانە ئۆيلەر جايلاش-قان كوچىنىڭ بازار تەرىپىدە ئىدى. بۇ يەرگە بىر قانچە يىللاردىن كېيىن تۇنجى كەلگەن كۈنۈم، يەنى بەش كۈننىڭ ئالدىدا ئۇچراشقان ساتىراش، بۇ-گۈن دۇكىنىغا كىرگىنىمدە مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ھەقىد-قىي ئىستانبۇل ساتىراشلىرىدەك سۆزنى ئارىدىكى 12 يىلدا نەلەرگە يوقاپ كەتكەنلىكىمنى سوراشتىن باشلاپ، ئاخىرىنى مەھەللە غەيۋەتلىرىگە ئۇلاش-تۇردى ۋە ھەقىقىي ھاياتلىق دېيىلگەن ھېلىقى مەنىلىك سەپەرنىڭ ئاخىر-رى، يەنى ھەممىمىز بارىدىغان ئاخىرقى مەنزىلگاھى بىلەن ئاياغلاشتۇردى.

مەن ئۇنىڭغا گويا 12 يىل ئەمەس، 12 كۈننىڭ ئالدىدا بۇ يەردە ئىدىم، دېيەلمىدىم. ساتىراش ئۇستام ياشىنىپ قالغان بولۇپ، قارا داغلار چۈش-كەن، تىترەپ تۇرىدىغان قوللىرى بىلەن ئۇستىرىنى مەڭزىمدە ماڭدۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھاراققا زىيادە بېرىلىپ كەتكىنى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تېرىلىرى يۇمران، لەۋلىرى غۇنچىدەك، زەڭگەر كۆزلۈك بالا شاگىرتى ئۇستىسىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دۇكىنى 12 يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تازىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردە ئوبدانلا تەر-تىپكە چۈشكەن بولۇپ، خېلى ئىلگىرىلەش بار ئىدى. ئۇ ۋاراقشىپ قايىنىغان سۇنى تورۇسقا يېقىن بىر زەنجىر بىلەن ئېسىلغان داسقا قۇيۇپ، داسنىڭ تې-گىدىكى مىس جۈمەكتىن چۈشكەن ئىسسىق سۇ بىلەن چاچلىرىمنى ۋە يۈ-زۈمنى كۆڭۈل قويۇپ يۇدى. بۇ كەڭ ۋە كونا داس قەلەي بىلەن تۇۋلەنگەن ئىدى، ئاتەشدانىنىڭ ئىچى پاكىز ۋە داغسىز ئىدى، ھېقىق ساپلىق ئۇستى-رىلارمۇ ئۆتكۈر ئىدى. 12 يىل ئىلگىرى ھۆرۈنلۈك قىلىپ تارتمىغان پەر-تۇقنى مانا ئەمدى تارتىۋالغان، يەنى پاكىز بىر يېپەك پەرتۇقنى تارتىۋالغا-نىدى. يېشىغا قارىغاندا ئېگىز بويلۇق، زىلۋا ۋە نازاكەتلىك شاگىرتتىن بىرنى ئېلىۋالغىنىغا قاراپ، بۇ ساتىراش ئۇستىنىڭ دۇكىنىغا ۋە ئۆزىگە نىسبەتەن تەرتىپ ئورناتقانلىقىنى چۈشەندىم ۋە ئىختىيارسىز ھالدا نىكاھ بويتاق ئەر كىشىنىڭ ئۆيىگىلا ئەمەس، ئىشىغا، دۇكىنىغىمۇ يېڭى بىر ھا-

ياتلىق ۋە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدىكەن دېگەنلەرنى خىيالىمدىن كەچۈردۈم ھەمدە ئۆزۈمنى ئەتىر پۇرايدىغان ئىسسىق سۇ ۋە مول كۆپۈكلۈك سوپۇن بىلەن چېچىمنى يۇيۇۋاتقان ساتىراشنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردىم.

مەستخۇشلۇقتا ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنىمۇ سەزمەيلا قالدىم. ساتىراشنىڭ كۆنگەن بارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئاتەشدانىنىڭ ئىسسىقىدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۆي ئىچىدىكى ئىللىقلىق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇلۇغ ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىشىم زۆرۈر. چۈنكى، شۇنچە نۇرغۇن ئەرزىيەتلەرنى چەككىنىمدىن كېيىن، تۇرمۇش ماڭا بىردىنلا بۇگۈنكى ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئاجايىپ ھەدىيەنى ئاتا قىلغان ئىدى. مەن ياراتقۇچىمىزنىڭ بۇ ئالەمنى زادى قانداق بىر سىرلىق تارازا بىلەن تەڭشەپ تۇرۇۋاتقىنىغا تولىمۇ ئەجەبلەندىم. مەن ئۇشتۇمتۇت يېزنە تاغام ئۈچۈن قايغۇردۇم ۋە ئۇنىڭغا ئېچىندىم. شۇ دەقىقىدە، ئۇنىڭ جەسىتى ئۆيدە، يەنى ئۆزۈنغا قالمايلا مېنىڭ خوجايىنلىقىمغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھېلىقى ئۆيدە ياتاتتى. مەن ئورنۇمدىن دەست تۇرۇپ قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، ساتىراشنىڭ داۋاملىق ئوچۇق تۇرىدىغان ئىشىكىدە بىر يىلەنىڭ سايىسى كۆرۈندى، بۇ رۇلۇپ قارىسام شەۋكەت ئىكەن!

ئۇ جىددىي ئەمما ئۆزىگە ئىشەنگەن قىياپەت بىلەن ماڭا بىر قەغەزنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېيەلمەي، بىرەر شۇم خەۋەرنى ئاڭلايدىغاندەك ئىچىمنى مۇزدەك بىر ئېقىم قاپلىدى، خەتنى تىترىگەن ھالدا ئوقۇدۇم، خەتتە:

"كېلىن كۆچۈرگۈچىلەر بولمىسا نىكاھلانمايمەن ــ شەكۈرە" دەپ يېزىلغان ئىدى.

شەۋكەتنى بىلىكىدىن تارتىپ قۇچىقىمغا ئالدىم. شەكۈرەمگە "باش ئۇستىگە، قەدىرلىكىم!" دەپ يازماقچى ئىدىم، لېكىن ساۋاتسىز ساتىراشتا قەلەم ـ سىياھ نېمە قىلسۇن! شۇڭا ئېھتىيات بىلەن شەۋكەتنىڭ قۇلىقىغا: "ئاپاڭغا مېنىڭ ماقۇل بولغىنىمنى يەتكۈزۈپ قوي" دەپ پىچىرلىدىم ۋە يەنە شۇنداق پىچىرلاپ تۇرۇپ بوۋىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم.

ــ ئۇخلاۋاتىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

شۇ دەقىقىدە مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، شەۋكەتمۇ، ساتىراشمۇ،

ھەتتا سىلەرمۇ يېزنە تاغامنىڭ ئۆلۈمىنى مەن بىلەن ئالاقىسى بارمىدۇ دەپ
گۇمانلىنىۋاتساڭلار كېرەك (دەرۋەقە شەۋكەت باشقا نەرسىلەردىنمۇ گۇمان-
لىناتتى). تولىمۇ ئەپسۇس، مەن ئۇنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، ئۇنى زورمۇ
زور سۆيۈپ قويماقچى بولۇۋىدىم، ئۇ بوي بەرمەيلا قايرىلغان پېتى كېتىپ
قالدى. توي جەريانىدىمۇ ئۇچىسىغا ھېيتلىق كىيىملەرنى كىيگەن بولسى-
مۇ، لېكىن ماڭا يىراقتىن باشتىن - ئاخىرغىچە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن
قاراپ تۇردى.

شەكۇرە دادىسىنىڭ ئۆيىدىن مېنىڭ ئۆيۈمگە كەتمەيدىغان، دەل ئەك-
سىچە، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرىدىغان بولغاچقا،
كېلىن كۆچۈرگۈچىلەرمۇ بۇ ئالاھىدە ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئىش قىلدى. تەبى-
ئىيكى، باشقىلارغا ئوخشاش باي دوستلىرىمنى، تۇغقانلىرىمنى كىيىندۈ-
رۈپ، ئاتلىرىغا مىندۈرۈپ شەكۇرەنىڭ دەرۋازىسىغا كەلتۈرۈشكە قۇدرىتىم
يەتمەيتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئىستانبۇلغا كەلگەندىن كېيىنكى ئالتە
كۈندىن بۇيان ئۇچراشقان بالىلىق چاغلىرىمدىكى دوستلىرىمدىن ئىككى-
سىنى (بىرى ماڭا ئوخشاش كاتىپ بولغان، يەنە بىرى بىر مۇنچىنى باش-
قۇراتتى)، چېچىمنى ياساۋېتىپ ماڭا بەخت تىلىگەندە كۆزلىرىگە ياش ئالغان
قەدىرلىك ساتىراش ئۇستامنى يېنىمغا ئالدىم. ئۆزۈم دەسلەپ كەلگەن بى-
رىنچى كۈنۈم مىنگەن ئاق ئېتىمغا مىندىم ۋە شەكۇرەمنىڭ دەرۋازىسىغا،
گويا ئۇنى بۇ ئۆيدىن باشقا بىر ئۆيگە، باشقا بىر ھاياتقا ئېلىپ كېتىدىغاندەك
بىر ئەلپازدا يېتىپ كەلدۇق.

دەرۋازىنى ئاچقان خەيرىيەگە مەردلەرچە سۆيۈنچە بەردىم. شەكۇرە ئۇ-
چىسىغا قىپقىزىل توي كىيىملىرىنى كىيگەن ۋە بېشىدىن ئايىغىغىچە
چۈشىدىغان ھالرەڭ چۈچا ئاسقان ھالدا ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ، ئۆكسۈپ
يىغلىغان پېتى چىقىپ كەلدى (بىر ئايال بالىلارغا ۋارقىرىدى). ئۇ جامائەت-
نىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ۋە ”كۆز تەگمىسۇن“ دېگەندەك تەبرىك سادالىرى
ئارىسىدا ئۆيدىن چىقىپ بىز يېتىلەپ كەلگەن يەنە بىر ئاق ئاتقا چەبدەسلىك
بىلەن مىندى. شۇنىڭ بىلەن ساتىراش ماڭا كۈيۈنۈپ ئاخىرقى مىنۇتلاردا
تېپىپ كەلگەن بىر دۇمباقچى بىلەن سۇنايچى ئالدىمىزدا سالماق توي كۈيى-
نى ئورۇنلاشقا باشلىدى. كەمبەغەل، غەمكىن، لېكىن مەغرۇر كېلىن كۆ-

چۈرگۈچىلىرىمىز يولغا چىقتى.
ئاتلىرىمىز قوزغىلىشى بىلەن تەڭ، شەكۈرەنىڭ بۇ نىكاھنى ئۇڭۇش-
لۇق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈستىلىق بىلەن كېلىن كۆچۈرۈش ئىشىنى ئو-
رۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشەندىم. چۈنكى، كېلىن كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ياردى-
مىدە، نىكاھ ئاخىرلاشقان پەيتتە بولسىمۇ بۇ ئەھۋال پۈتۈن مەھەللىگە ئۇق-
تۇرۇلاتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشمۇ ئەسلىدىلا كۆپچىلىكنىڭ ئېغىدىن ئۆت-
كۈزۈلگەن ھېسابتا بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئەر - خوتۇنچىلىقىمىزغا بو-
لىدىغان نارازىلىقلار بېسىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، نىكاھلاشماقچى بولغان-
لىقىمىزنى مۇشۇنداق ئاشكارا ئۇقتۇرغانلىقىمىز دۈشمەنلىرىمىزگە، شە-
كۈرەنىڭ بۇرۇنقى ئېرىگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە جەڭ ئېلان قىلغاندەك چۈ-
شەنچە بېرىپ قوياتتى، شۇنداقلا، كۆز - كۆز قىلىپ توي قىلىشىمۇ ئىشنى
باشتىلا خەتەرگە ئېلىپ باراتتى. مېنىڭچە بولسا ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي، توي
مۇراسىمىمۇ ئۆتكۈزمەي مەخپىي نىكاھ قىلىنغان بولاتتىم، ئاندىن ئۇنىڭ
ئېرى بولۇپ، ئەر - خوتۇنچىلىقىمىزنى رەسمىي قوغدايتتىم.

مەن كېلىن كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا، رىۋايەتلەردىكىدەك ئويناپ
تۇرىدىغان ئاق ئېتىمنى مىنىپ مەھەللىنىڭ كوچىلىرىدا كېتىۋاتقىنىمدا،
قايسىدۇر بىرەر كوچىنىڭ ئارىلىقىدىن ياكى قاراڭغۇ بىر دەرۋازىدىن ھاسان
ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغاندەك، ئىخ-
تىيارسىز قورقۇنچ بىلەن ھەدەپ ئەتراپقا قارايتتىم. لېكىن دەرۋازىلارنىڭ
ئالدىدىن ياكى تام تۈۋىلىرىدىن ئۆتكىنىمىزدە، بىزنىڭ بۇ غەلىتە كېلىن
كۆچۈرگۈچىلىرىمىزگە ئەجەبلەنگەن ھالدا قاراپ قالغان، ئەمما ھۆرمەت-
سىزلىك قىلماي تۇرغان بوۋايلارنى، مەھەللىنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى، ئىشنى
توختىتىپ بىزگە سالام بەرگەن يات كىشىلەرنى كۆردۈم. بىز خاتا كىرىپ
قالغان كىچىك بازاردا بىر باققال رەڭگارەڭ بېھى، سەۋزە، ئالمىلىرىنى
تاشلاپ كېتەلمەي، بىز بىلەن ئۈچ - تۆت قەدەم بىللە مېڭىپ، خۇشال ھالدا
"كۆز تەگمىسۇن" دەپ توۋلاپ قويدى. غەمكىن چىراي دۇكاندارمۇ بىزگە كۈ-
لۈمسىرەپ قاراپ قويدى. تاۋاقتىكى ناننىڭ كۈيۈكلىرىنى شاگىرتىغا قىر-
دۇرۇۋاتقان ناۋايمۇ ماقۇللىغان نەزىرى بىلەن بىزگە قاراپ قويدى. بۇ ئالا-
مەتلەردىن مەن شەكۈرەنىڭ سۆز - چۆچەك تورىنى ئۈستىلىق بىلەن ئىشقا

سېلىپ، ئۆزىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىپ، ماڭا ياتلىق بولغانلىقىدىن مەھەل-
لىدىكىلەرنى تېزلا خەۋەردار قىلىپ، جامائەتكە ئەھۋالنى ئېتىراپ قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن ئالدىن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندىم.
شۇنداقتىمۇ بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە، كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمغا، ھەتتا بىرەر
سېسىق گەپ ۋە سەت ھاقارەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەمىشە ئەنسىرەيتتىم.
شۇڭا بازاردىن چىققاندا ۋارقىراش - جارقىراشلار، چاقچاقلار بىلەن كەيند-
مىزگە ئەگىشىۋالغان، سۆيۈنچە تەلەپ قىلغان بالىلار توپلىرىدىن زادىلا خا-
پا بولمىدىم: ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىق، چۇقان - سۈرەن ۋە قالايمى-
قانچىلىقلارنىڭ بىزنى قوغدىغانلىقىنى ۋە مۇبارەكلىگەنلىكىنى دېرىزە ئا-
رىلىقلىرىدىن، سالاسۇنلارنىڭ، قاپقاقلارنىڭ ئارىلىرىدىن غۇۋا كۆرۈنگەن
ئاياللارنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىدىن چۈشەنگەنىدىم.

ئاخىرى، خۇداغا شۈكۈر، بابا مېڭىپ كەلگەن يولغا تەكرار قەدەم بې-
سىپ، چىققان ئۆيىمىزگە قاراپ ياندۇق. كۆزۈم كېلىن كۆچۈرگۈچىلەر
ماڭغان يولدا، ئەمما قەلبىم شەكۇرەنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىدە
ئىدى. ئەسلىدە مېنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەيۈسلەندۈرگەن نەرسە دادىسى ئۆلتۈ-
رۈلگەن كۈنى ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىتەلەيلىكى
ئەمەس، بەلكى توينىڭ شۇ قەدەر ئاددىي ۋە نامرات ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئىدى.
سۆيۈملۈك شەكۇرەم ئەسلى كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تازا
ماس كېلەتتى. ئۇ كۈمۈش تىزگىنلىك، ئېگەرلىرى نەقىشلىك ئاتلارغا مى-
نىشكەن، ئۈستىگە بۇلغۇن تېرىسى ۋە يىپەكلەردىن قىلىنغان ئالتۇن بې-
زەكلىك كىيىملەرنى كىيىشكەن چەۋەندازلارنىڭ ھامىيلىقىدا، يۈزلىگەن
ئات ۋە ھارۋىلارغا ھېسابسىز تويلۇق مال - بىساتلارنى بېسىپ مېڭىشقا
ھەقلىق ئىدى. ئۇ باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تويچىلار توپى، پاشا قىزلى-
رى، ھارۋىلارغا ئولتۇرۇۋېلىپ يول بويى ئۆتمۈشتىكى شان - شەۋكىتىنىڭ
تەرىپىنى قىلىپ ماڭىدىغان ئوردا نازىنىنلىرى ۋە ياشانغان خانىملىرىنى
يېتەكلەپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ تويىدا بارلىق بايلارنىڭ
قىزلىرى يامان كۆزلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈچىسىغا ئارتىۋالىدىغان،
قاندەك قىزىل يىپەك رەختتىن قىلىنغان چىملىدىقسىمان يۈز ياپقۇمۇ يوق
ئىدى؛ مېۋىلەر، ئالتۇن - كۈمۈش ۋاراقلار، يالتىراپ تۇرغان ياقۇتلار ۋە

لېنتىلار بىلەن بېزەلگەن چوڭ توي شاملىرىنى، شاخچە شەكلىدىكى بېزەك-
لەر① نى سەپ ئالدىدا دىققەتنى جەلپ قىلارلىق شەكىلدە كۆتۈرۈپ ماڭىدى-
غان بىرەر خىزمەتكارىمۇ يوق ئىدى. دۇمباقچى بىلەن سۇنايچىمۇ توي قات-
ناشچىلىرىغا ئالاھىدە ھۆرمەتنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەدېسىلا چېلىشتىن
توختىۋالاتتى. ئالدىمىزدا "پوش، پوش، كېلىن كەلدى!" دەيدىغان كىشىمۇ
بولمىغانلىقتىن، توي قاتناشچىلىرىمىز بازاردىكى ئادەم توپىغا، مەيدان بۇ-
لۇڭىدا سۇ ئېلىۋاتقان خىزمەتكارلارنىڭ ئارىسىغا ئارىلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
مەن بۇنىڭدىن خىجالەت ھېس قىلاتتىم. لېكىن قانداقتۇر بىر ئازابلىق قاي-
غۇ مېنى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئىزتىراپقا سېلىپ، كۆزلىرىمگە ياش كەل-
مەكتە ئىدى. كەينىمىزگە قايتىپ ئۆيگە كېلىشكە ئاز قالغاندا، بىردىنلا
غەيرەتكە كەلدىم ـ دە، ئات ئۈستىدە ئۆلتۈرۈپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم.
ھالرەڭ كېلىن لېنتىلىرى ئېسىلغان قىزىل رەڭلىك چۈمپەردىنى يېپىپ
ئولتۇرغان شەكۈرەنىڭ بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەردىن مەيۈسلىنىشىنىڭ ئورنىغا،
توي قاتناشچىلىرىنىڭ ۋە سەپەرنىڭ بىرەر بالا ـ قازاغا ئۇچرىماي تىنچ ـ
ئامان ئاياغلاشقانلىقىغا خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ مەنمۇ خاتىرجەم بول-
دۇم. شۇنداق قىلىپ، بىر ئازدىن كېيىن مېنىڭ رەپىقەم بولغۇسى گۈزەل
كېلىننى پۈتۈن كۈيئوغۇللار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرگە ئەمەل
قىلغان ھالدا ئاتتىن چۈشۈرۈپ قولتۇقلىدىم ۋە ئالدىن تەييارلاپ قويغان
لىق بىر ھەميان كۈمۈش تەڭگىنى خۇشال ـ خۇراملىقتا چۆمگەن كۆپچى-
لىكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ يەرگە چاچتىم. بۇ ئېچىنىشلىق
كېلىن كۆچۈرۈش قوشۇنىغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان باللار تەڭگىلەرنى بۆ-
لۈشۈۋاتقاندا، شەكۈرە بىلەن ئىككىمىز ئالدى بىلەن ھويلىغا كىرىپ، تاش
يېپىتىلغان يولدىن ئۆتۈپ ھۇجرىغا كىرىشىمىز بىلەنلا، ئۆينىڭ ئىسسى-
قىدا ئىچكىرىكى ئۆيدىن كېلىۋاتقان قويۇق جەسەت پۇرىقىنى سېزىپ ۋە-
ھىمىگە چۈشتۇق.

كېلىن كۆچۈرگۈچىلەر توپى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشقاندا گويا ئۆيدى-
كى ياشانغانلار، ئاياللار ۋە باللار (بىر بۇلۇڭدىن ئورخان گۇمان بىلەن ماڭا

① كېلىننىڭ ھۇجرىسىغا قويۇش ئۈچۈن مومدىن مېۋە كۆچىتىگە تەقلىد قىلىپ ياسىلىپ، سۈنئىي مېۋە، گۈل، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋاراقلار بىلەن بېزىلىدىغان شاخچە بولۇپ، تۈركچە "ناخىل" دەپ ئاتىلىدۇ. ــ ت.

سوزۇلۇپ قاراۋاتاتتى)دەك شەكۈرەنىڭمۇ بۇنداق پۇراقنى زادى سەزمىگەندەك قىلغىنىنى كۆرۈپ بىردىن گۇمانلىنىپ قالدىم. لېكىن جەڭ مەيدانلىرىدا كىيىملىرى يىرتىلغان، ئاياغ كىيىملىرى، ئۆتۈكلىرى، كەمەرلىرى يوقالغان، يۈز - كۆزلىرى، لەۋلىرى بۆرە، قۇشقا يەم بولغان ۋە ئاپتاپتا قاغجىرىغان جەسەتلەرنىڭ پۇراقلىرىنى ئېغىز - بۇرنۇم ۋە دىماغلىرىم بىلەن كىشىنى تۇنجۇقتۇرغىدەك دەرىجىدە يېتەرلىك پۇراپ كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ھەرگىز خاتالاشمىغانلىقىمدىن خاتىرجەم ئىدىم.

تۆۋەنكى قەۋەتتىكى قازناقتا خەيرىيەدىن يېزنە تاغام جانابلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن پۈتۈن ھۇجرىلاردىن بۇنداق سېسىق پۇراق كېلىۋاتقانلىقىنى سورىدىم ۋە بۇنداق بولغاندا ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. گەپلىرىم ئۆزۈمگىمۇ ئوچۇق ئاڭلانمىدى، گويا ئۆز - ئۆزۈمگە غۇدۇڭشىپ، جۆيلۈۋاتقاندەك بىلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن، كاللامدا خەيرىيەگە تۇنجى قېتىم خوجايىنىدەك گەپ قىلغانلىقىمنى ئويلايتتىم.

— بۇيرۇغىنىڭىزدەك، ئۇنىڭ تۆشەكلىرىنى يايدۇق. كېچىلىك كىيىمىنى كىيدۈردۇق، ئۈستىگە يوتقانىنى ياپتۇق، بېشىغا ئىستاكان ۋە دورىلارنى قويدۇق. پۇراق ئېھتىمال ئۆيدىكى ئاتەشداننىڭ ئىسسىقى تۈپەيلى چىقىۋاتامدىكىن، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

بىر - ئىككى تامچە يېشى قوي گۆشى قورۇۋاتقان قازانغا تېمىپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغلىشىدىن يېزنە تاغام جانابلىرىنىڭ كېچىلىرى ئۇنى قوينىغا ئېلىپ ياتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، لېكىن كېيىن بۇ خىيالىمدىن ئۆزۈم خىجالەت بولدۇم. قازناقنىڭ بىر بۇلۇڭىدا جىمجىت ۋە مەغرۇر ئولتۇرغان ئېستېر ئاغزىدا چايناۋاتقان نەرسىنى يۇتقاچ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— شەكۈرەنى بەختلىك قىلغىن، ئۇنى قەدىرلىگىن، — دېدى.

خىيالىمدا ئىستانبۇلغا دەسلەپ كەلگەن كۈنۈم كوچىلاردا يۈرگىنىمدە ئاڭلىغان ھېلىقى ئۇدىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم، لېكىن ئاھاڭىدا قايغۇدىن كۆپرەك ھاياتلىق بار ئىدى. كېيىن يېزنە تاغام كېچىلىك كىيىمى بىلەن ياتقۇزۇلغان غۇۋا قاراڭغۇ ھۇجرىدا ئىمام جانابلىرى شەكۈرە بىلەن ئىككىمىزنىڭ نىكاھىمىزنى قىلىۋاتقاندىمۇ خىيالىمدا يەنىلا شۇ نەغمىنىڭ كۈيى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

خەيرىيە ئالدىنئالا يوشۇرۇنچە ھۆجرىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرغانلىقى، چىراغنىمۇ يورۇقنى غۇۋالاشتۇرىدىغان بىر بۇلۇڭغا قويغانلىقى ئۈچۈن، يېزنە تاغامنىڭ كېسەل ئەمەس، بەلكى جەسەت ئىكەنلىكىمۇ زادىلا چانمىدى. ئۇ كېچىلىك كىيىم بىلەن ياتقان ھالەتتە نىكاھ ئۈستىدە شەكۈرەنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە رول ئوينىدى. ساتىراش دوستۇم بىلەن مەھەللىدىكى ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار بىر بوۋايمۇ شاھىد بولدى. ئىمامنىڭ تىلەكلىرى، نەسىھەتلىرى ۋە ھەممەيلەننىڭ دۇئالىرى بىلەن تاماملانغان مۇراسىم جەريانىدا كۆپنى كۆرگەن بىر بوۋاي، يېزنە تاغامنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، بېشىنى گۇمان بىلەن رەھمەتلىككە يېقىنلاشتۇرماقچى بولۇۋىدى، مەن ئىمام نىكاھنى قىلىپ بولۇشى بىلەنلا ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، يېزنە تاغامنىڭ قېتىپ كەتكەن قولىنى تۇتۇپ پۇتۇن كۈچۈم بىلەن:

— ئەنىسىرىمەڭ، جان يېزنەم، شەكۈرەنى، بالىلارنى ئاچ - يالىڭاچ قويماي، ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە مېھىر - مۇھەببەتتىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگىنىچە تىرىشىمەن، — دەپ ۋارقىرىدىم.

كېيىن، گويا قارىماققا يېزنە تاغام كېسەل تۈشكىدىن، ياستۇقىدىن ماڭا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېيىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندەك، قۇلىقىمنى دىققەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىنلاشتۇردۇم - دە، خۇددى بىر ياش، كۆپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر پېشقەدەمنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىدىن خۇلاسىلىنىپ چىققان ئىككى ئېغىز ھېكمەتلىك نەسىھەتنى تىڭشىغاندەك زېھىن قويۇپ تىڭشىدىم. ئىمام جانابلىرى ۋە مەھەللىلىك بوۋاي قېيىنئاتامنىڭ كېسەل تۈشكىدە، ئۆلۈمىنىڭ بوسۇغىسىدا يېتىپ پىچىرلاپ قىلغان نەسىھەتلىرىنى مېنىڭ شۇنچىلىك ساداقەت ۋە چەكسىز قىزغىن مېھىر بىلەن تىڭشاۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، رازىمەنلىك ھېسسىياتى بىلەن ماڭا قارىدى. ئۇيلايمەنكى، ئەمدى ھېچكىم مېنى يېزنە تاغامنى ئۆلتۈرۈشتە قولى باردەك دەپ ئويلىمايتتى.

ھۆجرىدىكى مېھمانلارغا كېسەل تاغامنىڭ ئادەم خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇلار ھۆجرىدىن چىقىشىپ، خەيرىيەنىڭ پولۇسى بىلەن پاقلان گۆشى قورۇمىسىنى — ئەمدى مەنمۇ جەسەتنىڭ پۇرىقى بىلەن بەدىيان ۋە زىرە سېلىپ قورۇلغان پاقلان گۆشىنىڭ پۇرىقىنى پەرق ئېتەلمەي قالغاندى -

دىم — يېيىش ئۈچۈن ئەرلەر ئولتۇرغان يان ئۆيگە چىققاندا، مەنمۇ كارىدورغا چىقىپ، خۇددى ئۆز ئۆيىدە غەمكىن، خىيالچان مېڭىپ يۈرگەن قايغۇلۇق بىر كىشى نېمىنىدۇر خىيال قىلغاندەك ئۆز ھۇجرىمىزدىن ئۆتۈپ، خەيرىيەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپتىمەن. ئاياللار ئارىسىغا كىرگەن ئەر كىشىدىن ھودۇقۇپ كېتىشتى. مەن ئۇلارغا دىققەت قىلمىدىم. شەكۈرە مېنى كۆرۈپ، بەختىيارلىق بىلەن كۈلدى. مەن شەكۈرەگە يېقىملىق نەزەر بىلەن قاراپ:

— دادىڭىز چاقىرىدۇ، شەكۈرە، نىكاھىمىز قىلىنىدى، قولىنى سۆيۈپ چىقىڭ، — دېدىم.

ئۆيدە بىر توپ ئاياللار بار ئىدى، بۇلارنىڭ تۆت - بەشى شەكۈرەلەرنىڭ يېقىن قوشنىلىرى بولۇپ، يەنە بىرقانچە ياش قىزلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان سەمىمىيلىكتىن قارىغاندا، ئۇلار يېقىن تۇغقانلىرىدەك قىلاتتى. ياش قىزلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزلىرىنى ياپقاچ، ماڭا يەر تېگىدىن سەپسېلىپ قارشاتتى.

خېلىدىن كېيىن، مېھمانلار تاماقلىرىنى يېيىشىپ، ياڭاق، بادام، مېۋە قاقلىرى، شېكەرلەنگەن مېۋە، قەلەمپۇر كەمپۈتلىرىگە ئېغىز تېگىشىپ، نامازشامدىن سەل كېيىن تارقاشتى. ئاياللار ھۇجرىسىدا بولسا، شەكۈرەنىڭ توختىماي ئاققان كۆز ياشلىرى بىلەن بالىلارنىڭ شوخلۇق ۋە جېدەللىرى قىزغىن كەيپىياتنى سۇسلاشتۇرماقتا ئىدى. ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا سۆز تېمىسى قوشنىلارنىڭ توي كېچىسىگە دائىر چاقچاقلىرىغا يۆتكەلدى. مەن زادىلا كۈلمەي، قايغۇغا چۆمگەن ھالدا جىمجىت ئولتۇراتتىم. قارىماقتا، بۇ ھالىتىم قېيىنئاتامنىڭ كېسىلىگە بىئارام بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلدۈرەتتى. مانا بۇ بىئاراملىق ئارىسىدا كاللامغا شۇ نەرسە ئەڭ چوڭقۇر ئورناشقان ئىدىكى، تاماقتىن ئاۋۋال ئاتىمىزنىڭ قولىنى سۆيۈش ئۈچۈن شەكۈرە بىلەن بىللە ئۇ ياتقان ھۇجرىغا چىقتۇق، تەنھا قالغىنىمىزدا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سوغۇق ۋە قېتىپ كەتكەن قولىنى ھەر ئىككىلىمىز ھەقىقىي ھۆرمەت بىلەن سۆيدۇق، ئاندىن كېيىن ھۇجرىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا بېرىپ قانغۇچە سۆيۈشتۇق. ئايالىمنىڭ تىلىنى ئاغزىمغا ئېلىۋىدىم، ئۇنىڭ ئىسسىق تىلىدىن بالىلار ھەمىشە شۇمىدىغان شېكەرلەنگەن مېۋە قېقىنىڭ تەمىنى تېتىدىم.

# 34. مەن شەكۈرە

كۆپچىلىك قايتىشقان، قايغۇ - ھەسرەتلىك تويىمىزنىڭ ئاخىرقى مېھمانلىرى ئاياغلىرىنى كىيىپ، چۇمبەل ۋە باش ياغلىقلىرىنى ئارتىشىپ ئاخىرقى بىر تال ئەقىدە كەمپۈتلىرىنى ئاغزىغا سالغان بالىلىرىنى يېتىلىشىپ دەرۋازىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇزۇن بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھەممىمىز ھويلىدا ئىدۇق، قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى ئىچىدە يېرىم سۇيى بار چېلەكتىن ئاۋايلاپ سۇ ئىچىۋاتقان قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. كىچىككىنە بېشىنىڭ قىسقا تۈكلىرى ئوچاقنىڭ يورۇقىدا پارقىرىغان بۇ قۇشمۇ بىر ھازادىن كېيىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. تۈن قاراڭغۇلۇقىغا چۆككەن بوش ئۆيىمىزدە، دادامنىڭ يوقىرىقى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىدا ئۆلۈك ياتقانلىقىنى ھەسرەت بىلەن ھېس قىلدىم.

— باللار، — دېدىم كېيىن ئورخان بىلەن شەۋكەت ياخشى بىلىدىغان، مۇھىم بىر ئىشنى ئېلان قىلغان چېغىمدىكى تەلەپپۇز بىلەن، — بۇياققا كېلىڭلار.

ئۇلار كېلىشتى.

— ئەمدى قارا سىلەرنىڭ داداڭلار بولدى، ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈڭلار.

ئۇلار ئۇن - تىن چىقارماي، ياۋاشلىق بىلەن سۆيۈشتى.

— مېنىڭ تەلەيسىز يېتىملىرىم ئاتىسىز چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتىغا قانداق ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ سۆزىنى قانداق كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ۋە ئاتىغا قانداق ئىشىنىش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ، — دېدىم قاراغا، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ساڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قالسا ۋە ياتسىراپ، قوپاللىق، گۆدەكلىك قىلىپ قويسا، ئىشىنىمەنكى، سەن ئاۋۋال ئۇلارغا يول قويالايسەن ۋە بۇنى ئۇلارنىڭ دادىسىنى بىر قېتىممۇ كۆرمەي، ھەتتا دادىسى

بارلىقىنى ئېسىگىمۇ كەلتۈرمەي چوڭ بولغانلىقىدىن دەپ قارىيالايسەن.

— مەن دادامنى ئەسلىيەلەيمەن، — دېدى شەۋكەت.

— تىنچ ... ئاڭلا، — دېدىم، — بۇنىڭدىن كېيىن قارانىڭ سۆزى سىلەر ئۈچۈن مېنىڭ سۆزۈمدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ، — مەن قاراغا قارىدىم، — ئەگەر ئۇلار گېپىڭنى ئاڭلىمىسا، ساڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلسا، شۇنداقلا، ئۇلاردا يەنە يولسىزلىق ۋە بەڭۋاشلىق، ئەدەپسىزلىكلەرنىڭ كىچىككىنە ئالامىتى كۆرۈلسە، ئاۋۋال ئۇلارغا ئەسكەرتىپ قوي، لېكىن ئۇلارنى ئەپۇ قىل، — دېدىم بىردىنلا تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن "تاياق" دېگەن سۆزنى تىلغا ئالماي، — قەلبىڭدە مېنىڭ ئورنۇم قانداق بولسا، ئۇلارنىڭ ئورنىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك.

— شەكۇرە خانىم، مەن پەقەت سىزنىڭ ئېرىڭىز بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، — دېدى قارا، — بۇ سۆيۈملۈك يېتىملەرنىڭ ئاتىسى بولۇش ئۈچۈنمۇ سىز بىلەن توي قىلدىم.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— ئى ئاللاھ، بېشىمىزدىن ئۆز نۇرۇڭنى كەم قىلمىغايسەن، يارەببىم، — دېدى بىر چەتتە تۇرغان خەيرىيە، — ئى ئاللاھ، بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، يارەببىم.

— ئاڭلىغانسىلەر؟ — دېدىم، — ئاپىرىن سىلەرگە، چىرايلىق ئوغۇللىرىم. داداڭلار سىلەرنى شۇنداق ياخشى كۆرگەنىكەن، مۇبادا سىلەر بەزىدە گەپ ئاڭلىماي، ئۇنىڭ سۆزىگە خىلاپلىق قىلساڭلارمۇ، ئۇ يەنىلا ئاۋۋال سىلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ.

— كېيىنمۇ ئەپۇ قىلىمەن، — دېدى قارا.

— ئەمما ئۈچىنچى قېتىم قىلما دېگىنىنى قىلساڭلار... ئۇ جاغدا تاياق يەيسىلەر، — دېدىم، — ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ يېڭى داداڭلار بولغان قارا ھەمەتلىك داداڭلار كېتىپ قايتىپ كېلەلمىگەن ئاشۇ ئاللاھنىڭ غەزىپى تەگكۈر ئۇرۇشلارغا، ئەڭ دەھشەتلىك ۋە پاجىئەلىك جەڭلەرگە قاتنىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان، بوۋاڭلار سىلەرنى ئەركىلىتىپ بەك يامان ئۆگىتىپ قويدى. ئەمدى بوۋاڭلار ئېغىر كېسەل.

— بوۋامنىڭ يېنىغا كىرەيچۇ، — دېدى شەۋكەت.

— گەپ ئاڭلىمىساڭلار، قارا سىلەرگە تاياقنىڭ جەننەتتىن چىققانلىقىنى ياخشى ئۆگىتىپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا بوۋاڭلار سىلەرنى مېنىڭ قولۇمدىن ئېلىپ قۇتقۇزۇۋالغاندەك، قارانىڭ قولىدىن تارتىپ ئالالمايدۇ. ئەگەر داداڭلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەيلى دېسەڭلار، ھەرگىزمۇ بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار، نېمە تاپساڭلار تەڭ ئېلىڭلار، يالغان گەپ قىلماڭلار، دۇئايىڭلارنى قىلىپ، يادلايدىغىنىڭلارنى تاماملىماي ئۇخلىماڭلار، خەيرىيەگە سەت گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنى مەسخىرە قىلماڭلار... چۈشەندىڭلارمۇ؟

قارا ئېڭىشىپ ئورخاننى قۇچىقىغا ئالدى، لېكىن شەۋكەت يىراق تۇرغانىدى، بىردىن ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتكۈم كەلدى. ”بىتەلەي غەمكىن يېتىمىم، بىچارە يېتىم شەۋكىتىم. بۇ كەڭ ئالەمدە ئەجەپ يېتىم بولۇپ قالدىڭ.“ تۇيۇقسىز ئۆزۈمنى شەۋكەتتەك بىر كىچىك بالا، دۇنيادا يەككە-يېگانە بىر يېتىم دەپ ئويلىدىم ھەمدە شەۋكەتنىڭ كىچىكلىكى ۋە بىتەلەيلىكى بىلەن ئۆز كىچىكلىكىم كاللامدا بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى-دە، چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى ئۆز باللىقىمنى ئويلاش، بىر چاغلاردا مېنىڭمۇ ھازىر قارانىڭ قۇچىقىدا تۇرغان ئورخاندەك، دادامنىڭ قۇچىقىغا چىققانلىقىمنى، لېكىن ئۇ يەردە ئورخانغا ئوخشاش كۆچىتىدە تۇرمىغان مېۋىدەك سۇنئىي ئەمەس، كۆڭۈللۈك تۇرغانلىقىمنى، دادامنى چىڭ قۇچاقلاپ بىر - بىرىمىزنىڭ تېنىنى تىنماي پۇراشقانلىرىمىزنى ئەسلىدىم. يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم - دە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە ئۆزۈممۇ ئويلىمىغان يەردىن:

— قېنى ئەمىسە، قارانى ”دادا“ دەپ بېقىڭلار، — دېدىم.

كېچە ناھايىتى سوغۇق، ھويلىمىزمۇ ئىنتايىن جىمجىت ئىدى. يىراقلاردا ئىتلار كۆڭۈلسىز ھاۋشىشاتتى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن جىمجىتلىق قاپقارا گۈلدەك ھېچ سەزدۈرمەي ئېچىلىپ غايىب بولدى.

— خوپ باللار، — دېدىم خېلىدىن كېيىن، ئەمدى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى. بۇ يەردە ھەممىمىزگە سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن.

تويدىن كېيىن تەنها قېلىشتىن قورققان كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلنىڭ تارتىنچاقلىقى بىلەن، قارا بىلەن ئىككىمىزلا ئەمەس، باللار ۋە خەيرىيە قاتارلىق ھەممەيلەن ئۆيگە خۇددى باشقا بىرىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيىگە كىرگەندەك

تارتىشىپ كىردۇق. ئۆينىڭ ئىچىدە دادامنىڭ جەسىتىنىڭ پۇرىقى بار ئى-
دى، لېكىن ھېچكىم بۇنى سەزمىگەندەك قىلاتتى. پەلەمپەيلەردىن ئاستا
چىققاندا قولىمىزدىكى چىراغلاردىن ئۆينىڭ تورۇسىغا چۈشكەن كۆلەڭگى-
لەر ھەر دائىمقىدەك چۆرگىلەپ - چۆرگىلەپ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كې-
تەتتى، بىر چوڭىيىپ، بىر كىچىكلەيتتى. لېكىن بۇلار ماڭا گويا تونجى
قېتىم بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. يۇقىرىغا چىقىپ، كارىدورغا ئاياغلىرىمىزنى
يېشىۋاتقاندا شەۋكەت:

— يېتىشتىن ئاۋۋال بوۋامنىڭ قولىنى سۆيەيمۇ؟ — دېدى.

— مەن بايا قارىغاندىم، — دېدى خەيرىيە، — بوۋاڭ شۇنداق قاتتىق
ئاغرىپ كېتىپتىكى، ئىچىگە جىنلار جىق كىرىۋالغان ئوخشايدۇ. ھەممە
يېرىنى كېسەللىك ئوتى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۆيگە كىرىڭلار، ئورنۇڭلارنى
سېلىپ بېرەي.

خەيرىيە ئۇلارنى ئۆيگە كىرگۈزىۋەتتى. ئۇ بالىلارنىڭ ئورۇنلىرىنى
سېلىۋاتقاندا، كىرلىكلەرنى ئاچقاندا، يوتقانلارنى ياپقاندا، قولىغا تۇتقان
ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تەڭداشسىز بىر گۆھەردەك بىلىنەتتى. بۈگۈن كېچە
ئۇلار بۇ يەردە، بۇ ئىسسىق ئۆيدە، بۇ پاكىز كىرلىكلەرنىڭ ۋە قۇش پەيلى-
رىدەك ئىللىق يوتقانلارنىڭ ئىچىدە يېتىپ، گويا پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا
ياتقاندەك پاراڭلىشاتتى.

— خەيرىيە، بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بەر، — دېدى گارشوكتا ئولتۇرغان
ئورخان.

— بۇرۇنقى زاماندا كۆك رەڭلىك بىر ئادەم بار ئىكەن، — دېدى خەي-
رىيە، — يەنە ئۇنىڭ جان دوستى بولغان بىر جىن بار ئىكەن.

— ئۇ ئادەم نېمىشقا كۆك ئىكەن؟ — دېدى ئورخان.

— خەيرىيە، خۇدا ھەققىدە، — دېدىم، — بۈگۈنچە جىن - پەرى،
ئەرۋاھلارنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتماي تۇرغىن.

— نېمىشقا ئېيتمايدۇ؟ — دېدى شەۋكەت، ئاپا، — سەن بىز ئۇخلاپ
قالغاندا بوۋامنىڭ يېنىغا كىرەمسەن؟

— خۇداغا ئامانەت، بوۋاڭلارنىڭ كېسىلى ئېغىر، — دېدىم، — ئەل-
ۋەتتە كېچىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولمىسام بولمايدۇ، كېيىن يەنە قايتىپ

كىرىمەن!

— بوۋامنىڭ يېنىغا خەيرىيە كىرسۇن، — دېدى شەۋكەت، — كېچە-لىرى بوۋامغا خەيرىيە قارايتتىغۇ؟

— بولدىمۇ؟ — دېدى خەيرىيە چىرايىنى يېقىملىق خىيال قاپلىغان ئورخاننىڭ كاسىسىنى لاتا بىلەن سۈرتمۇۋېتىپ. ئۇ گارشوكنىڭ ئىچىگە بىر نەزەر تاشلىدى ۋە گويا پۇرىقىدىن ئەمەس، ئىچىدىكىنى ئاز كۆرگەندەك يو-زىنى پۇرۇشتۇردى.

— خەيرىيە، — دېدىم، — گارشوكنى ئاچىقىپ تۆكۈۋېتىپ ئېلىپ كەل، شەۋكەت كېچىدە ئۆيدىن چىقمىسۇن.

— نېمىشقا چىقمايمەن؟ — دېدى شەۋكەت، — خەيرىيە نېمە ئۈچۈن جىن - پەرىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ؟

ئورخان قورقماق تۇگۇل، ھەمىشە چوڭ تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ چىرايىدا بىر تۇرلۇك بالىلارچە ساددا ئۈمىدۋارلىق ئىپا-دىسىنى كۆرەتتىم. ھازىرمۇ ئۇ ئەنە شۇنداق ئەلپازدا، — چۈنكى ئۆيدە جىنلار بار، دۆت، — دېدى.

— ئاپا، راستمۇ؟

— ئۆيدىن چىقساڭلار، بوۋامنى كۆرىمەن دېسەڭلار، جىن چاپلىشىۋا-لىدۇ.

— قارا قەيەردە ياتىدۇ؟ — دېدى شەۋكەت، ئۇ بۈگۈن قەيەردە ئۇخلاي-دۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدىم، — ئورنىنى خەيرىيە سېلىپ بېرىدۇ.

— ئاپا، سەن يەنە بىز بىلەن ياتىدىغانسەن؟ — دېدى شەۋكەت.

— قانچە قېتىم دەيمەن، بۇرۇنقىدەك سىلەر بىلەن ياتىمەن.

— ھەمىشىمۇ؟

خەيرىيە گارشوكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئاخىرى رەسىمنى ئوغ-رىلاپ كەتكەن رەزىل قاتىل چىقىلمىغان باشقا توققۇز رەسىمنى يوشۇرۇپ قويغان يەردىن، يەنى ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ كامارىدا ئولتۇردۇم ۋە چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سىرنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ ئۇ-زۇندىن - ئۇزۇن قارىدىم. بۇ رەسىملەر شۇنداق كۆركەم ئىدىكى، كىشى

ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇنتۇغان خاتىرىلىرىدەك قارىشى مۇمكىن ئىدى ۋە قارىغانسېرى رەسىملەرمۇ خۇددى يازما ئەسەرلەردەك قارىغان كىشى بىلەن سۆزلىشەتتى.

رەسىملەرگە قاراپ خىيالغا كەتكەنىدىم. مەن بىلەن بىللە ئورخاننىڭمۇ ئۇنىڭدىكى غەلىتە ۋە شۇبھىلىك قىزىل رەڭگە قاراۋاتقانلىقىنى، تۇمشۇقۇمغا تاقالغان چىرايلىق بېشىنىڭ تۇرقىدىن بىلدىم. بەزى چاغلاردىكىدەك، بىردىن كۆكسۇمنى چىقىرىپ ئۇنى ئېمىتكىلىرىم كېپكەتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق ئۆلۈم تەسۋىرلەنگەن رەسىمدىن ئەيمىنىپ، غۇنچىدەك لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن يېقىملىق نەپەس ئېلىۋاتقىنىدا، ئۇنى يەۋەتكىلىرىم كەلدى.

— سېنى يەۋېتەلەيمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئاپا، دۇمبەمنى قاشلاپ قويغىنا، — دەپ ئۆزىنى تاشلىدى ئۇ.

— تۇر ئورنۇڭدىن، ھايۋان، — دەپ ۋارقىرىدىم ۋە بىر كاچات سالدىم. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىغانىدى. رەسىملەرگە قارىسام ھېچ نەرسە بولماپتۇ، يۇقىرىسىدىكى ئات بىر ئاز پۇرلىشىپتۇ، لېكىن بىلىنەر-بىلىنمەس ئىدى.

خەيرىيە قورۇق گارشوكنى ئېلىپ قايتىپ كىرگەندە، رەسىملەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيدىن چىقىشىمغا شەۋكەت جىددىي ۋارقىرىدى:

— قەيەرگە، ئاپا، قەيەرگە بارىسەن؟

— ھازىرلا كىرىمەن.

كارىدوردىن ئۆتتۇم، ئۇ يەر مۇزدەك سوغۇق ئىدى. قارا بۇ يەردە تۆت كۈن دادام بىلەن ئولتۇرۇپ رەسىم، نەقىش ۋە پېرسپېكتىۋ ھەققىدە سۆزلەشكەن بولۇڭدا، دادامنىڭ بوش قالغان كۆرپىچىكىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇراتتى. رەسىملەرنى ئالدىدىكى ئىش ئۈستىلىگە، كۆرپىچەكىنىڭ ئۈستىگە، يەرگە قويدۇم. تۈيۇقسىز شامنىڭ يورۇقىدا ئۆينىڭ ئىچىنى بىر خىل رەڭ قاپلىدى. ئۆي ئىچىدە بىر نۇر، گويا بىر ئىسسىقلىق ۋە ھەيران قالارلىق بىر جانلىقلىق پەيدا بولغانىدى. گويا تۈيۇقسىز ھەممە نەرسە ھەرىكەتلەندى.

ھۆرمەت بىلەن مىدىرلىماي سۈكۈتتە تۇرۇپ رەسىملەرگە قارىدۇق. سەل مىدىرلىساق، ئۇدۇلدىكى ئۆيدىن ئۆلۈم پۇرىقىنى ئېلىپ كەلگەن ھاۋا

شامنى لىپىلدىتاتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن دادامنىڭ سىرلىق رەسىملىرى مىدىرلاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ رەسىملەر دادامنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزۈمگە چوڭ كۆرۈنەتتىمۇ؟ مېنىڭ سىھىرگە ئەسىر بولۇشۇمغا ئۇنىڭدىكى ئاتىنىڭ غەلىتىلىكى، قىزىل رەڭنىڭ ئۆزگىچىلىكى، دەرەخنىڭ ھەسرىتى، ئىككى سەرگەرداننىڭ قايغۇسى سەۋەب بولغانمىدۇ ياكى بۇ رەسىملەر ئۈچۈن دادامنى، ھەتتا باشقىلارنىمۇ ئۆلتۈرگەن قاتىلدىن قورققانلىقىم سەۋەب بولغانمىدۇ؟ بىر ھازادىن كېيىن، قارا بىلەن ئىككىمىز ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنىڭ رەسىملەر تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا يەنە نىكاھىمىز بولغان كېچە بىر ھۇجرىدا تەنھا بىللە بولۇشتىن پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۇق. ئىككىلىمىزنىڭ مۇڭداشقىمىز بار ئىدى.

— سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرغىنىمىزدا، بىچارە دادامنىڭ ئۆيىقۇ ئۈستىدە ۋاپات بولغانلىقىنى ھەممە كىشى ئۇقسۇن، — دېدىم. بۇ سۆزۈم ھەرقانچە توغرا بولسىمۇ، گويا سەمىمىي ئەمەس ئىدى.

— ھەممە ئىش ئەتىگەندە بولغىنى ياخشى، — دېدى قارا ماڭا ئوخشاشلا غەلىتە تەلەپپۇز بىلەن، ئۇ راستىنى ئېيتمىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سۆزىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى.

ئۇ ماڭا يېقىنلىشىش ئۈچۈن بىلىنەر - بىلىنمەس ھەرىكەتلەنگەندە، ئۇنى قۇچاقلىغۇم، باللارنىڭ بېشىنى تۇتقاندەك بېشىنى بىلەكلىرىم ئارىسىغا ئالغىلىرىم كېلىپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا دادامنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىدىم: كارىدورغا چۈشكەن يورۇقتا دادام بار ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم - دە، مۇزدەك سوغۇق كارىدورغا چىقتىم. دادامنىڭ ھۇجرىسىدىكى تېخىچە ئوتى ئۆچمىگەن ئاتەشداننىڭ ئىسسىقىدىن جەسەت پۇرىقى تارقالماقتا ئىدى. بۇ يەرگە شەۋكەت كەلگەندىمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ؟ ئاتەشداننىڭ غۇۋا يورۇقىدا، دادامنىڭ جەسىتى كېچىلىك كىيىمى ئىچىدە ئازادە ياتاتتى. بەزى كېچىلىرى ئۇ ئۇخلاش ئالدىدا شام يورۇقىدا «كىتابۇل روھ»نى ئوقۇغىنىدا، ئۇنىڭغا "كېچىلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن دادا" دەيدىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. ئۇ ئىستاكاننى قولۇمدىن

ئاۋايلاپ ئېلىپ "سۆ بەرگەن قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن چىرايلىق قىزىم" دەپ كىچىك ۋاقتىمدىكىدەك مەڭزىمگە سۆيۈپ قوياتتى ۋە كۆزلىرىمنىڭ ئىچىـ گە قارايتتى. شۇ تاپتا دادامنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايىغا قاراپ قورققۇم كەلـ دى. ئەسلىدە ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغۇم يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ گويا شەيتاـ نىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن، چىرايىنىڭ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگۈم كېلەتتى.

كۆك ئىشىكلىك ھۇجرىدىن قورقۇمسىراپ كەينىمگە يانغانىدىم، قارا ئېسىلغىلى تۇردى. ئۇنى نېرى ئىتتەردىم. لېكىن ئاچچىقلاش ئۇياقتا تۇر- سۇن، دەرمەھەل شامنىڭ تىترىگەن يورۇقىدا بىر ـ بىرىمىزنى ئىتتىرىشـ تۇق. لېكىن بۇ راستتىن تۇتۇشۇش بولمىسىمۇ، گويا تۇتۇشۇشنىڭ بىر تەقلىدى ئىدى. بىر ـ بىرىمىزگە سوقۇلۇشتىن، بىر ـ بىرىمىزنىڭ بىلەـ كىمىز، يانپاشلىرىمىز ۋە كۆكسىمىزنىڭ ئۆزئارا سۈركىلىپ، تېگىپ كېـ تىشلىرىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدۇق. مەندىكى بۇنداق زىددىيەتلىك ھېسسىيات نىزامى «خۇسرەۋ بىلەن شېرىن»دە بايان قىلغان ھېلىقى روھىي ھالەتكە ئوخشايتتى. خۇددى شېرىنىدەك، "لەۋلىرىمنى سۆيۈپ زېدە قىلىۋەتمە" دېـ گەندە، سۆزلىرىمنىڭ تېگىدە "شۇنداق قىل" دېگەن مەنە بارلىقىنى نىزامىـ نىڭ ئەسىرىنى پىششىق ئوقۇغان قارامۇ ھېس قىلغانمىدۇ؟

ــــ ئۇ ئىبلىس تېپىلغۇچە، يەنى دادامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل تۇتۇلمىـ غىچە سەن بىلەن بىر ئورۇندا ياتمايمەن، ــــ دېدىم.

ئۆيدىن قاچقاندەك يېنىپ چىققىنىمدا، پۈتۈن ئەزايىمنى بىر خىل خىجالەتچىلىك ھېسسىياتى قاپلىدى. چۈنكى ئاۋازىم شۇنداق يۇقىرى چىـ قىپ كەتتىكى، شۇ دەقىقىدە سۆزلىرىمنى باللارنىڭ ۋە خەيرىيەنىڭ ئاڭـ لىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەريادىمنى گويا پەقەت ئۇلار ئاڭلىسۇن دەپ ئەمەس، بەلكى بىچارە دادام ۋە ئۇنىڭ جەسىتى، يەنى، قايسى بىر نامەلۇم غېرىب، تۇپراقتا ئاللىقاچان چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن رەھمەتلىك ئېرىمنىڭمۇ ئاڭلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

باللارنىڭ يېنىغا كىرىشىمگىلا:

ــــ ئاپا، شەۋكەت كارىدورغا چىقتى، ــــ دېدى ئورخان.

ــــ راست چىقتىڭمۇ؟ ــــ دېدىم ۋە يۈزىگە بىر كاچات سالماقچى بولۇپ

دېۋەيلىدىم.

— خەيرىيە، — دېدى شەۋكەت ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

— چىقمىدى، — دېدى خەيرىيە، — ئۆيدە بولدى.

بىر هازا ھۆرپەيدىم ـ دە، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىيالمىدىم. دەمال ـ لىققا شۇنى چۈشەندىمكى، دادامنىڭ ئۆلۈمى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، بالىلار مېنىڭ ئاچچىقىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن خەيرىيەدىن پاناھلىق تىلەيتتى، سىرلىرىمىزنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلايتتى. بۇ پەسكەش دې ـ دەكنىڭمۇ بۇ پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، مېنى باشقۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى تەبى ـ ئىي ئىدى. ئۇ ھەتتا بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، دادامنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچ ـ رىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىمۇ ماڭا ئارتىشى مۇمكىن ئىدى ۋە بالىلارنىڭ ھامىيلىقىنى ھاسانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىنمۇ يانمايتتى. دۇرۇس، ئۇ ھەقىـ ـ قەتەن شۇنداق قىلاتتى. مانا بۇ نومۇسسىزلىققا ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادامنىڭ قوينىغا كىرگەنلىكى سەۋەب بولۇشى ئېنىق ئىدى. ئەمدى سىلەردىن نېمە ـ نى يوشۇراي، ئۇ دەرۋەقە شۇنداق قىلاتتى. ئۇنىڭغا يېقىملىق كۈلۈمسىرى ـ دىم، ئاندىن شەۋكەتنى قۇچىقىمغا ئېلىپ سۆيدۇم.

— شەۋكەت كارىدورغا چىقتى دەۋاتىمەن، — دېدى ئورخان.

— ئورنۇڭلارغا كىرىڭلار، مەن ئاراڭلاردا ياتاي، سىلەرگە قويرۇقسىز بۆرە بىلەن قارا جىننىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

— ئەمىسە خەيرىيەگە جىننىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرمە دېدىڭغۇ، — دېدى شەۋكەت، — خەيرىيە نېمىشقا بۇگۈن كېچە ئېيتسا بولمايدۇ؟

— جىن يېتىملارنىڭ شەھىرىدىنمۇ ئۆتەمدۇ؟ — دېدى ئورخان.

— ئۆتىدۇ! — دېدىم، — ئۇ شەھەردە ھېچقانداق بالىنىڭ ئاپىسى ۋە دادىسى يوق. خەيرىيە، تۆۋەنگە چۈشۈپ ئىشىكلەرنى يەنە بىر يوقلاپ چىق، بىز ھېكايە ئاياغلاشمايلا ئۇخلاپ قالىمىز.

— مەن ئۇخلىمايمەن، — دېدى ئورخان.

— قارا بۇگۈن كېچە قەيەردە ياتىدۇ؟ — دېدى شەۋكەت.

— رەسىمخانىدا، — دېدىم، — ئاپاڭلارنى چىڭ قۇچاقلاڭلار ـ دە، يوت ـ قانىڭ ئىچىدە ياخشى ئىسسىنايلى. بۇ مۇزدەك ئاياغ قايسىڭلارنىڭ؟

— مېنىڭ، — دېدى شەۋكەت، — خەيرىيە قەيەردە ياتىدۇ؟

ھېكايىنى باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەرقېتىمقىدەك يەنە دەسلەپ ئورخان ئۇخلاپ قالغاندا ئاۋازىمنى پەسەيتتىم.

— مەن ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن سەن ئورۇندىن چىقىپ كەتمەيدىغانسەن ئاپا؟ — دېدى شەۋكەت.

— چىقمايمەن.

ھەقىقەتەن بۇنداق نىيىتىممۇ يوق ئىدى. شەۋكەت ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئەسلىدە ئىككىنچى نىكاھىم بولغان توي كېچىسى ئوغۇللىرىم بىلەن قۇچاقلىشىپ ئۇخلاشنىڭ نەقەدەر خۇشاللىنارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىچكىرىكى ئۆيدە يېقىملىق، ئەقىللىق ۋە ھەۋەسكار بىر ئەرمۇ بار ئىدى — ئويلايتتىم. شۇ خىيال بىلەن ياتقىنىمچە ئۇخلاپ قالدىم، لېكىن خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم. كېيىن ئەسلىشىمچە، چۈش كۆرۈش بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدىكى تىنچسىز ۋە راھەتسىزلىك ئالەمىدە، ئاۋۋال رەھمەتلىك دادامنىڭ غەزەپلىك روھى بىلەن ھەپىلەشتىم، كېيىن ئۇ روھنىڭ يېنىغا مېنىمۇ ئەۋەتمەكچى بولغان پەسكەش قاتىلنى خىيالىمدىن نېرى قىلىشقا تىرىشتىم، لېكىن دادامنىڭ روھىدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغان ۋە كەينىمگە كىرىۋالغان قاتىل بىر مۇنچە تاراق - تۇرۇق ئاۋازلارنى چىقاردى. چۈشۈمدە ئۆيىمىزگە تاش ئاتتى، تاش دېرىزىگە، تامغا تەگدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىشىككىمۇ تاش ئاتتى، ھەتتا ئىشىكنى بۇزۇپ كىرگەندەكمۇ ھېس قىلدىم. كەينىدىن بۇ رەزىل روھ ھېچنەرسىگە ئوخشىمايدىغان بىر ھايۋاننىڭ ھۇۋلىشى ياكى غىڭشىشىغا ئوخشاش يىغلىغاندەك بىر ئاۋاز چىقارغاندا، يۈرىكىم دۇپۇلدەپ تېز سوقۇشقا باشلىدى.

تەر بېسىپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇ غەلىتە ئاۋازنى چۈشۈمدە ئاڭلىدىممۇ ياكى راستىلا بۇ ئاۋازلار ئۆينىڭ ئىچىدە چىققانمىدۇ؟ ئويغىنىپ كەتتىم. ئەھۋالنى چۈشىنەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن باللارنى قۇچاقلاپ، مىدىرلىماي كۇتۇشكە باشلىدىم. ئاۋازلارنى ئۇيقۇدا ئاڭلىغانلىقىمغا ئىشەنمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، ئەينى شۇنداق يىغا ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىدىم. شۇ ئەسنادا ھويلىغا يوغان بىر نەرسە گۇلدۇرلەپ چۈشتى. بۇمۇ تاشمىدۇ؟

قورقۇپ كەتتىم، لېكىن شۇئان بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىش بولدى: ئۆينىڭ ئىچىدە تاراقلىغان ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم. خەيرىيە قەيەردىدۇ؟ قارا قايسى

ئۆيدە ئۇخلاۋاتقاندۇ؟ بىچارە دادامنىڭ جەسىتى قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئى ئاللاھ، بىزنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. باللار پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

بۇ ئىش نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن بولغان بولسا، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئەر كىشىسىدەك ئەھۋالنى ئىگىلەش ئۈچۈن قورقۇنچۇمنى يېڭىشقا تىرىشىپ، جىنلارغا، ئەرۋاھلارغا جەڭ ئېلان قىلاتتىم. ئەمما ھازىر بولسا يوشۇرۇنۇپ، باللارنى قۇچاقلىۋالغانىدىم، گويا دۇنيادا ھېچكىمىم يوق ئىدى؛ ھېچكىم ماڭا ۋە باللارغا ياردەمگە كەلمەيتتى. بىر پېشكەللىكنى كۆتۈپ ئاللاھقا دۇئا قىلدىم. چۈشۈمدىكىدەك تەنھا ئىدىم. دەرۋازا ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئىدى، شۇنداقمۇ؟ شۇنداق.

ئىختىيارسىز، يەنە قانداق قىلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇچامغا پەرىجەمنى ئارتىپ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتىم.

— قارا! — دەپ پىچىرلىدىم پەلەمپەيلەرنىڭ بېشىدا.

پۇتۇمغا بىر نەرسە كىيىپ پەسكە چۈشتۇم. دەرھال ئاتەشداندىن شامنى ياندۇرۇپ چىقىۋىدىم، شام ھويلىنىڭ تاش ياتقۇزۇلغان يولىغا چىقارچىقماي ئۆچۈپ قالدى. شامال چىقىۋاتاتتى، لېكىن ھاۋا ئوچۇق ئىدى. كۆزۈم قاراڭغۇغا كۆنگەندە يېرىم ئاينىڭ ھويلىنى ئوبدان يورۇتقانلىقىنى كۆردۈم. ۋاي ئاللا! دەرۋازا ئوچۇق ئىكەن، سوغۇقتا دىر - دىر تىترەپ تۇرۇپلا قالدىم.

نېمىشقا قولۇمغا پىچاق ئېلىۋالمىغاندىمەن؟ قولۇمدا شامدان ياكى بىرەر تاياقمۇ يوق ئىدى. قاراڭغۇدا، تۇيۇقسىز دەرۋازىنىڭ ئۆزلۈكىدىن لىڭشىغانلىقىنى كۆردۈم. خېلىدىن كېيىن، لىڭشىش توختىغاندىمۇ غىچىرلاش توختىمىدى. گويا چۈشتىكىدەك بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانلىقىم ئېسىمدە. ئەمما قورقۇپ ئەقلىمنى يوقىتىپ قويمىغانىدىم، لېكىن ھويلىدا مېڭىپ يۈرگىنىمنى بىلەتتىم.

ئۆينىڭ ئىچىدىن، گويا ئۆگزىنىڭ ئاستى قىسمىدىن بىر ۋەھىملىك ئاۋاز ئاڭلىنىۋىدى، بىچارە دادامنىڭ روھى تېنىدىن ئايرىلىشتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. دادامنىڭ روھىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، قاتتىق ئازابلاندىم، ھەم خاتىرجەملىك ھېس قىلدىم. بۇ ۋەھىملىك ئاۋازلارنىڭ ئاڭلىنىشىغا ئەگەر دادام سەۋەبكار بولسا، دېدىم ئۆزۈمگە،

ئۇ چاغدا بۇنىڭدىن ماڭا بىرەر پالاكەت كەلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بايا
تەندىن ئايرىلىپ كۆككە ئۆرلەشكە تىرىشقان روھىنىڭ ئازابى مېنى شۇنداق
ھەسرەتلەندۇردىكى، بىچارە دادامغا شاپائەت قىلغاي دەپ ئاللاھقا دۇئا قىلـ-
دىم. دادامنىڭ روھى يالغۇز مېنىلا ئەمەس، بالىلارنىمۇ قوغدايدىغانلىقىنى
ئويلاپ يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى. ئەگەر دەرۋازىنىڭ سىرتىدا رەزىللىك قىـ-
لىشقا تەييارلىنىۋاتقان بىرەر ئىبلىس بولسا، دادامنىڭ بىئارام بولغان رو-
ھى ئۇنى قورقۇتۇپ ھەيدىۋېتىشى چوقۇم.

شۇ چاغدا، ئەجىبا دادامنى بىئارام قىلغان نەرسە قارامىدۇ، دەپمۇ ئەن-
سىرىدىم. قاراغا بىركىم زىيانكەشلىك قىلىۋاتامدۇ - يا؟ قارا قەيەردىدۇ؟
دەل شۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ سەل نېرىسىدا، كوچىدا قارانىڭ بىرەيلەن بىلەن
سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قەدىمىمنى توختاتتىم.

يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دەرەخزارلىقنىڭ كەينىدىن بىرىنىڭ قاراغا
بىر نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بايا ئورۇندا ياتقىنىمدا ئاڭلىغان يە-
غا ئاۋازى مۇشۇ كىشىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدىم - دە، بۇنىڭ ھاسان ئىكەن-
لىكىنىمۇ شۇئان چۈشەندىم. ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىرخىل يېلىنىش ۋە يىغلام-
سىراش بىلىنىپ تۇراتتى، لېكىن تەھدىتلىك كەيپىياتىمۇ يوق ئەمەس ئە-
دى. يىراقتىن مانا شۇلارنى ئاڭلىدىم. جىمجىت كېچىدە ئۇلار پۈتۈن دىققە-
تى بىلەن توختىماي مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى.

شۇئاندا بۇ دۇنيادا بالىلىرىم بىلەن تەنھا قېلىشنىمۇ ئويلىدىم. قارانى
ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلايتتىم، راستىمنى ئېيتقاندا، قارانىلا ياخشى
كۆرەتتىم. چۈنكى ھاساننىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازىدا، بايا ئېيتقان ئازابلىرىم-
دەك يۈرىكىمنى داغلايدىغان مەزمۇنلار بار ئىدى.

— ئەتە بۇ يەرگە قازىنى، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنى، ئاكامنىڭ ھايات-
لىقىغا، تېخىچە پارس تاغلىرىدا ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىغا قەسەم قىلىدىغان شا-
ھىدلارنى ئېلىپ كېلىمەن! نىكاھىڭلار قانۇنلۇق ئەمەس! سىلەر بۇ يەردە زى-
نا قىلىۋاتىسىلەر، — دەيتتى ئۇ.

— شەكۆرە سېنىڭ ئەمەس، رەھمەتلىك ئاكاڭنىڭ خوتۇنى ئىدى، —
دېدى قارا.

— ئاكام ھايات، — دېدى ھاسان ئىشەنچ بىلەن، — ئۇنى كۆرگەن شا-

ھىدلار بار.

— ئۇ توت يىلدىن بۇيان ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇگۈن ئەتىگەن ئۇسكۇدار قازىسى شەكۇرەنى ئۇنىڭ نىكاھىدىن ئاجراشتۇردى. ئاكاڭ ھايات بولسا، شاھىدلىرىڭ ئۇنىڭغا شەكۇرەنىڭ ئاجراشقانلىقىنى ئېيتىپ قويسۇن.

— شەكۇرە بىر ئاي ئۆتمىگۈچە ياتلىق بولالمايدۇ، — دېدى ھاسان، — دىنغا ۋە «قۇرئان كەرىم»گە زىت بۇنداق سەتچىلىككە شەكۇرەنىڭ دادىسى قانداق رازى بولدى؟

— يېزنە تاغام جانابلىرى، — دېدى قارا، — ئېغىر كېسەل، سەكراتقا چۈشۈپ قالدى... بىزنىڭ نىكاھلىنىشىمىزغا قازى پەتىۋا بەردى.

— يېزنە تاغاڭنى بىرلىكتە زەھەرلىدىڭلارمۇ، — دېدى ھاسان، — بۇ ئىشنى خەيرىيە بىلەن بىللە قىلدىڭلارمۇ؟

— قېيىنئاتام سېنىڭ شەكۇرەگە قىلغانلىرىڭنىڭ خاپىلىقى ئىچىدە ياتىدۇ. ئەگەر ئاكاڭ راستتىنلا ھايات بولسىمۇ، سەن قىلغان نومۇسسىزلىقنىڭ ھېسابىنى ئالماي قويمايتتى.

— ھەممىسى يالغان، — دېدى ھاسان، — بۇ شەكۇرە ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىققان باھانىلار.

ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر پەرياد ئاڭلاندى. ۋارقىرىغان خەيرىيە ئىدى. كەينىدىن شەۋكەتمۇ ۋارقىرىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە ۋارقىرىشاتتى. قورقۇنچ بىلەن مەنمۇ ۋارقىرىدىم ۋە قانداق قىلىشىمنى بىلمەي ئۆيگە يۈگۈردۈم.

شەۋكەت پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرگەن پېتى ھويلىغا چىقىپ كەتتى ۋە:

— بوۋام مۇزدەك بولۇپ كېتىپتۇ، بوۋام ئۆلۈپ كېتىپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

— بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلاشتۇق. ئۇنى قۇچىقىمغا ئالدىم. خەيرىيە تېخىچە پەرياد قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قارامۇ، ھاسانمۇ خەۋەر تاپتى.

— ئاپا، بوۋامنى بىرى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، — دېدى بۇ قېتىم شەۋكەت.

بۇنى ھەممەيلەن ئاڭلىدى، لېكىن ھاسان ئاڭلىغاندىمۇ؟ شەۋكەتنى چىڭ قۇچاقلىدىم ۋە ئانچە جىددىيلەشمەي ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىردىم. پە-

لەمپەيلەرنىڭ بېشىدا، خەيرىيە بالىنىڭ قانداقچە ئويغىنىپ تالاغا چىقىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇۋاتقىنىنى ئېيتىۋاتاتتى.

— ئاپا، بىزنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەيمەن دېگىنىڭ قېنى، — دېدى شەۋكەت ۋە يىغلاشقا باشلىدى. خىيالىم دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تىكىلىپ تۇرغان قارادا ئىدى.

ئۇنىڭ زېھنى ھاساندا بولغاچقا، دەرۋازىنى ياپالمىغانىدى. شەۋكەتنىڭ مەڭزىگە سۆيدۇم ۋە تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدىم، بويىنىنى پۇرىدىم، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ خەيرىيەنىڭ قۇچىقىغا بەردىم ۋە ئۇلارغا:

— خەيرىيە، ئىككىڭلار يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقىڭلار، — دەپ پىچىرلىدىم.

ئۇلار يۇقىرىغا چىقىپ كەتكەندە دەرۋازا تەرەپكە قارىدىم. تۇرغان يېرىمدىن، يەنى دەرۋازىنىڭ بىر نەچچە قەدەم نېرىسىدىن ھاسان مېنى كۆرەلمەس دەپ ئويلايتتىم. ئۇ ئالدى تەرەپتىكى قاراڭغۇ دەرەخزارلىقتا تۇرغان ئورنىنى ئۆزگەرتكەنمىدۇ، كوچا ياقىسىدىكى بوك - باراقسان دەرەخلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغانمىدۇ؟ لېكىن ئۇ مېنى جەزمەن كۆردى، ھەتتا مەن تەرەپكە قاراپ گەپمۇ قىلدى. مەن چىرايىنى كۆرەلمىگەن بىرەيلەننىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قىلىۋاتقان گەپلىرى تولىمۇ كەيپىمنى ئۇچۇرماقتا ئىدى. تېخىمۇ جەھلىمنى قاتۇرغىنى شۇ بولدىكى، ھاسان ھەدەپ ئۇستۇمدىن شىكايەت قىلىپ، مېنى ئەيىبلەۋاتقان چاغدا، كۆڭلۇمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىختىيارسىز ھېس قىلىپ قالدىم. خۇددى دادام ھەمىشە ماڭا ھېس قىلدۇرۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۆزۈمنىڭ توغرا قىلمايۋاتقىنىمنى، خاتالاشقانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدىم. شۇ دەقىقىدە، مەن شۇنى ھېس قىلىپلا قالماي، مېنى ئىزچىل تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بۇ ئەرنى راستىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھەسرەت ئىچىدە چۈشەندىم. ئى ئاللاھ، ماڭا مەدەت بەرگەيسەن. مۇھەببەت بىھۇدە ئازاب چېكىشنىڭ ئەمەس، ساڭا يېقىنلىشىشنىڭ بىر يولى ئەمەسمۇ؟

ھاسان مېنى "قارا بىلەن بىرلىشىپ داداڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ" دېدى ۋە بۇنى شەۋكەتنىڭ دېگەنلىكىنى، ئەسلىدە ھەممە ئىشنىڭ ئايدىڭ ئىكەنلىـ-

كىنى، بىزنىڭ قىلغىنىمىز جەھەننەمگە لايىق بىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ھازىرلا قازىغا بېرىپ ھەممە ئەھۋالنى ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى دېدى. شۇنداقلا يەنە، ئەگەر مەن گۇناھسىز بولسام، قولۇم دادامنىڭ قېنىغا مىلەن-مىگەن بولسا، مېنى ۋە بالىلارنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ، ئاكىسى ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگۈچە بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى. لې-كىن، ئەگەر مەن گۇناھكار بولسام، ئېرى جەڭلەردە قان ئاققۇزۇۋاتقاندا، ئۇ-نى رەھىمسىزلىك بىلەن تاشلىۋەتكەن ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەرخىل جازاغا لايىق ئىكەنلىكىمنى ئېيتتى. بىز بۇلارنى سەۋر قىلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا تۇيۇقسىز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ھازىر ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ئەسلىي ئېرىڭىزنىڭ ئۆيىگە قايتى-سىڭىز، — دېدى ھاسان، پۈتۈنلەي باشقىچە پوزىتسىيە بىلەن، — بالىلارنى ئېلىپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆيىڭىزگە غىپپىدە بېرىۋالسىڭىز، مەنمۇ بۇ ساختا نىكاھ ئويۇننى، بۇ كېچە بۇ يەردە ئىگىلىگەنلىرىمنى، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىمەن ۋە كەچۈرىۋېتىمەن. يەنە نەچ-چە يىل ئىككىمىز بىللە ئاكامنىڭ ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىشىنى تاقەت بى-لەن كۈتەيلى، شەكۇرە.

ئۇ مەستىمىكىن، ئاۋازىدا بىر تۈرلۈك بالىلارچە تەلەپپۇز بار ئىدىكى، ئېرىمنىڭ ئالدىدا ماڭا بەرگەن تەكلىپلىرىنىڭ ئۆز جېنىغا زامىن بولۇش ئېھتىمالىدىن ئەنسىرەيتتىم.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇ.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ دەل قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدىم. ئى ئاللاھ، ھەممىمىزگە، بىز گۇناھكار بەندىلىرىڭگە مەدەت بەرگەيسەن.

— چۈنكى دادىڭىزنى ئۆلتۈرگەن ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە ياشىيالماي-سىز، شەكۇرە. بۇنى مەن ياخشى بىلىمەن.

تۇيۇقسىز ئەقلىمگە دادامنى ئۆلتۈرگەن ئۇ بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇمانمۇ كەلدى. ھازىر ئۇ بەلكىم بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ تېخى! بىراق، بۇ ھاسان ئادەم ئەمەس، شەيتان ئىدى. بەلكىم ئۇ ئويلىرىم خاتا بو-لۇشىمۇ مۇمكىن.

— ئاڭلا، ھاسان ئەپەندى، — دېدى قارا قاراڭغۇلۇققا قاراپ، — قې-

يىنىئاتام ئۆلتۈرۈلدى، بۇ راست. ئۇنى بىر پەسكەش ئۆلتۈردى.

— نىكاھتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلدىغۇ دەيمەن؟ — دېدى ھاسان، — ئۇنى بۇ ئالدامچى نىكاھقا ۋە قانۇنسىز نىكاھتىن ئاجرىشىشقا، ساختا شاھىدلارغا، ھىيلىلىرىڭلارغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭلار. ئۇ قارانى مۇۋاپىق ئادەم دەپ قارىغان بولسا، ھازىر ئەمەس، بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا قىزىنى ئۇنىڭغا بەرگەن بولاتتى.

ھاسان رەھمەتلىك ئېرىم بىلەن ۋە بىز بىلەن بىر نەچچە يىل بىللە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ھەممىدىن يامىنى، ئېرىم بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە سۆزلەشكەن، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋە ھازىر ئۇنتۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلغان ئىشلارنى ئىشق كۈنچىلىكنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئېسىدە چىڭ ساقلىغانىدى. شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىمكى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن ئارىمىزدا بىر نەچچە يىللىق ئىنتايىن كۆپ خاتىرىلىرىمىز بار ئىدى. ھاسان ھازىر بۇلارنى بىر - بىرلەپ تۆكسە، قارانىڭ ماڭا نەقەدەر يات، يېڭى ۋە يىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قېلىشىم تەبىئىي ئىدى.

— يېزنە تاغامنى سېنى ئۆلتۈردى دەپ گۇمانلىنىۋاتىمىز، — دېدى قارا.

— سىلەر ئۇنى نىكاھىڭلارغا پۇرسەت يارىتىش ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭلار. بۇنىسى ئېنىق. مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھېچقانداق ئاساسىم يوق.

— بىزنى نىكاھلانمىسۇن دەپ ئۆلتۈردۈڭ ئۇنى، — دېدى قارا، — ئۇ شەكۈرەنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا ۋە بىزنىڭ نىكاھلىنىشىمىزغا ئىجازەت بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قوياي دېدىڭ. دەرۋەقە، يېزنە تاغام جانابلىرى شەكۈرەنى ئۆيگە قايتىپ كېلىشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەنىدىڭ. ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولغانىدىڭ. ئۇ ھايات بولسا، شەكۈرەنى ھېچقاچان قولغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىڭ.

— گەپنى كۆپەيتمە، — دېدى ھاسان قەتئىيلىك بىلەن، — بۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلايدىغان قۇلىقىم يوق. بۇ يەر بەك سوغۇق ئىكەن. مەن بايا تاش ئېتىپ سىلەرنى چاقىرغىچىلا مۇزلاپ كەتتىم، زادى ئاڭلىمىدىڭلار.

— قارا ئىچكىرىدىكى ئۆيدە دادامنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈۋاتاتتى، — دېدىم مەن.

بۇ گەپنى خاتا قىلدىممۇ نېمە؟

هاسان خۇددى مەن قارا بىلەن سۆزلەشكەندە بەزىدە قوللىنىدىغان ھېلىقى سۇنئىي تەلەپپۇز بىلەن گەپ قىلدى:

— شەكۇرە خانىم، سىز ئاكامنىڭ خوتۇنى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بالىلارنى يېنىڭىزغا ئېلىپ، يەنىلا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە نىكاھىدا بولغان قەھرىمان ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئۆيىگە ھازىرلا قايتىپ كەتسىڭىز ياخشى قىلغان بولىسىز.

— ياق، — دېدىم كىچىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىغا پىچىرلىغاندەك، — ياق هاسان، ياق.

— ئۇنداقتا ئاكامنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىم ۋە ساداقىتىم ئۈچۈن بۇ يەردە ئاڭلىغانلىرىمنى ئەتىگەندىلا قازىغا ئۇقتۇرۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ. بولمىسا ئۇلار مەن بىلەن ھېسابلىشىدۇ.

— سەندىن ئەلۋەتتە ھېساب ئالىدۇ، — دېدى قارا، — سەن قازىغا بارغىنىڭدا، مەنمۇ بۈگۈن ئەتىگەندە سۇلتانىمىزغا قەدىرلىك قۇلى يېزنە تاغام جانابلىرىنى سېنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئاشكارىلايمەن.

— مەيلى، — دېدى هاسان ئاستاغىنە، — شۇنداق قىل.

مەن پەرياد كۆتۈرۈپ:

— ھەر ئىككىڭلارنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدىم، — قازىغا بارماڭلار، كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىدۇ!

— ئىسكەنجىدىن قورقمايمەن، — دېدى هاسان، — ئىككى نۆۋەت ئىسكەنجىدىن ئۆتتۈم، ھەر قېتىمدا گۇناھكار بىلەن گۇناھسىزنىڭ پەقەت ئىسكەنجىدە بىر - بىرىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى كۆردۈم. ئىسكەنجىدىن ئىغۋاگەرلەر قورقسۇن. مەن قازىغا، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر باشلىقىغا، شەيخۇلئىسلامغا، ھەممە كىشىگە بىچارە يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ كىتابى ۋە رەسىملىرىنىمۇ مەلۇم قىلىمەن. ھەممە كىشى ئۇ رەسىملەرنى تىلغا ئېلىشىۋاتىدۇ. ئۇ رەسىملەردە نېمىلەر بار؟

— ھېچنەرسە يوق، — دېدى قارا.

— دېمەك، سەن دەرھال كۆرۈپسەن ـ دە.

— يېزنە تاغام جانابلىرى كىتابنى مېنىڭ تاماملىشىمنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

— ياخشى، خۇدا بۇيرۇسا ئىككىمىزنى بىرلىكتە ئىسكەنجىگە ئالار.

ئىككىلىسى جىم بولۇشتى. كېيىن باغچا تەرەپتىن كەلگەن ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىدۇق. ئۇ كەتتىمۇ، ياكى يېزنىڭ يېنىمىزغا كېلىۋاتامدۇ، بىز ئۇنى كۆرمىگەن ياكى نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمىگەنىدۇق. ئۇ قاراڭغۇدا باغچىنىڭ ئۇ بېشىدىكى تىكەنلەر، جىرىملار ۋە چاتقاللار ئارىسىدىن ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ئىدى. دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، ئالدىمىزدىن ئايلىنىپ ئۆتسىمۇ، يەنىلا بىزگە كۆرۈنمەي غايىب بولالايتتى. لېكىن بىزگە قاراپ يېقىنلاپ كەلگەن ئاياغ تىۋىشلىرىنى زادى ئاڭلىمىدۇق. تۇيۇقسىز "ھاسان" دەپ ۋارقىرىدىم، لېكىن جاۋاب قايتۇرمىدى.

— جىم، — دېدى قارا.

ھەر ئىككىلىمىز سوغۇقتىن دىر ـ دىر تىترەيتتۇق. ئارتۇق كۆتمەي دەرۋازىنى چىڭ تاقاپ ئۆيگە كىردۇق. باللار ئىسسىتىپ قويغان ئورۇنغا كىرمەي، ئالدى بىلەن دادامغا يەنە بىر قارىدىم. قارا بولسا رەسىملەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردى.

# 35. مەن ئات

مېنىڭ هازىر تىنچ تۇرغانلىقىمغا قارىماڭلار، ئەسلىدە ئەسىرلەر بويى چېپىپ يۈرىمەن. تۈزلەڭلىكلەرنى بېسىپ ئۆتتۈم، جەڭلەرگە قاتناشتىم، شاھلارنىڭ غەمكىن قىزلىرىنى ئۈستۈمگە مىندۈرۈپ ياتلىق قىلدىم؛ ھېكايىدىن تارىخقا، تارىختىن رىۋايەتكە، كىتابتىن كىتابقا، سەھىپىدىن سەھىپىلەرگە چېپىپ كېلىۋاتىمەن؛ نۇرغۇن ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، كىتابلارنىڭ ۋە جەڭلەرنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ، يىقىلماس قەھرىمانلارغا، ئەپسانىلاردىكى ئاشىقلارغا، چۈشلەردىكى قوشۇنلارغا ھەمراھ بولغانلىقىم، غالىب پادىشاھلىرىمىز بىلەن سەپەردىن سەپەرگە چاپقانلىقىم ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇنلىغان رەسىملىرىم سىزىلدى.

بۇنچىۋالا كۆپ رەسىمنىڭ سىزىلىشى قانداق تۇيغۇ ئاتا قىلار؟

ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىمەن ئەلۋەتتە، لېكىن رەسىمى سىزىلغان يالغۇز مەنمىدىم، دەپمۇ سورايمەن. بۇ رەسىملەردىنمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ھەممە كىشىنىڭ كاللىسىدا قىياپىتىم باشقا بىر خىل، شۇنداقتىمۇ رەسىملەر ئارىسىدا بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك، بىر بىرلىك بارلىقىنىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلىمەن.

يېقىندا رەسسام دوستلارنىڭ ئېيتقان ھېكايىلىرىدىن مۇنداق ئاڭلىدىم: پەرەڭ كۇپپارلىرىنىڭ پادىشاھى ۋېنېتسىيە ۋالىيسىنىڭ قىزىنى خانىشلىققا ئېلىشنى ئويلايدىكەن. ئېلىشىنىغۇ ئالار، لېكىن ۋېنېتسىيىلىك بىر نامراتنىڭ كۆرۈمسىز قىزى بولۇپ قالسىچۇ؟ پادىشاھ ئەڭ ئۇستا رەسسامغا، سەن بېرىپ ۋېنېتسىيە ۋالىيسىنىڭ قىزىنىڭ، مال ـ مۈلكى ۋە بىساتلىرىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ كەل، ۋېنېتسىيىلىكلەر نامەھرەملىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، رەسسامغا قىزلىرىنىلا ئەمەس، بايتاللىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، ئوردىلىرىنىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ، دەپتۇ. ماھارەتلىك رەسسام

شۇنداق بىر رەسىم سىزىپتۇكى، ئۇ قىزنى ۋە ئۇ ئاتنى كۆرسەڭ تونۇيسەن. پەرەڭ پادىشاھى ئۇ قىزنى ئالايمۇ، ئالمايمۇ دەپ ۋېنېتسىيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن رەسىملەرنى ئوردىسىنىڭ ھويلىسىدا كۆرۈۋاتقاندا، ئۆز ئايغىرى بىردىنلا كۆيلەپ، رەسىمدىكى كۆركەم بايتالغا ئارتىلماقچى بولۇپ، تېپىچەكلەپ، رامكىدىكى رەسىمنى تىتما - تالاڭ قىلىۋېتىپتۇ. ئات باققۇچىلار يوغان سايمىنىنى چىقىرىپ قۇترىغان بۇ ھايۋاننى ئاران تىزگىنلىۋاپتۇ.

ئۇلار دېيىشىپتۇكى: پەرەڭ ئايغىرىنى شۇ قەدەر قۇترىتقان نەرسە ۋېنېتسىيە بايتىلىنىڭ كۆركەملىكى ئەمەس — كۆركەملىكىغۇ كۆركەم ئېكەن — بەلكى رەسىمنىڭ مەلۇم بىر بايتالنى ئۈلگە قىلىپ، خۇددى شۇ بايتالدەك سىزىلغانلىقى ئىدى. دېمەك، مانا ئەمدى ئۇ بايتالغا ئوخشىتىلىپ، خۇددى راست بايتالنىڭ رەسىمدەك سىزىلغانلىقىمۇ گۇناھمۇ؟ ھازىرقى ئەھۋالدا كۆرگىنىڭلاردەك، باشقا ئات رەسىملىرىدىن پەرقىم ناھايىتى ئاز.

ئەسلىدە بېلىمنىڭ كۆركەملىكىگە، ئاياغلىرىمنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا، مەغرۇر تۇرقۇمغا دىققەت قىلغانلار مېنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىمنى بىلەلەيدۇ. لېكىن بۇ گۈزەللىكلەر مېنىڭ بىر ئات بولۇش سۈپىتىم بىلەن پەرقلىق ئىكەنلىكىمنى ئەمەس، مېنى سىزغان رەسسامنىڭ ماھارىتىدىكى پەرقنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، ئەسلىدە ماڭا پۈتۈنلەي ئوخشاش بىرەر ئاتمۇ يوق. مەن پەقەت رەسسامنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بىر ئاتنىڭ خىيالىي رەسىمىمەن.

”ۋاي، نېمىدېگەن كېلىشكەن ئات بۇ!“ دېيىشىدۇ كىشىلەر ماڭا قاراپ. ئۇلار مېنى ئەمەس، ئەسلىدە رەسسامنى ماختىشىدۇ. لېكىن پۈتۈن ئاتلار بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ھەممىدىن بۇرۇن بۇنى رەسسام پەرق ئېتىشى كېرەك.

كېلىپ قاراپ بېقىڭلار، ھېچبىر ئايغىرنىڭ سايمىنى باشقا بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. قورقماڭلار، يېقىندىن ياخشى كۆرەلەيسىلەر، ھەتتا قولۇڭلاردا تۇتۇپ باقساڭلارمۇ بولىدۇ. ئاللاھ ماڭا ئاتا قىلغان ئۇ ئەتىۋارلىق نەرسە ئۆزىگە خاس شەكلى، ئەگىملىرى بولغان بىر تەۋەررۈكتۇر.

پۈتۈن ئاتلار ھەممىمىز ئەڭ چوڭ شەكىل بەرگۈچى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن بىر - بىرىمىزدىن پەرقلىق بولساقمۇ، رەسساملار بىزنى

نېمىشقا يادقا سىزىدۇ؟ نېمىشقا بىزگە زادى قارىماستىن مىڭلىغان، تۈمەن مىڭلىغان ئات رەسىملىرىنى سىزىۋېرىش بىلەن ماختىنىدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئالەمنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئالەم-نى سىزىشقا تىرىشىدۇ. بۇنداق شېرىك كەلتۈرۈش (ئاللاھ كۆرسەتمىسۇن) ئاللاھ قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ئۆز كۆزى كۆرگەن بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، خىياللىرىدىكى ئەينى ئاتنى (بۇ ئاللاھ نەزىرىدىكى ئات) دەپ مىڭلارچە قېتىم سىزغانلار، ئەڭ ياخشى ئاتنى ئەما رەسساملار ياد-قا سىزالايدۇ دەپ دەۋا قىلغۇچىلار ئەسلىدە ئاللاھ بىلەن بەسلىشىپ دىن-سىزلىق قىلغان بولمامدۇ؟

پەرەڭ ئۇستازلارنىڭ يېڭى رەسىم ئۇسلۇبلىرى دىنسىزلىق ئەمەس، دەل ئەكسىچە دىنىمىزغا ئەڭ ئۇيغۇن نەرسىدۇر. ئەرزۇرۇملۇق قېرىنداش-لىرىم مېنى خاتا چۈشەنمىگەي: مەن پەرەڭ كۇپپارلىرىنىڭ نامەھرەملىكنى بىلمەي، ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشىگە يول قويىدىغانلىقىنى، قەھۋە بىلەن چىرايلىق بەچچىلەردىن ھۇزۇرلىنىشنى① بىلمەيدىغانلىقىنى، ئەر-لىرىنىڭ ساقال - بۇرۇتسىز لاغايلاپ يۈرۈپ، دەل ئەكسىچە چاچلىرىنى خو-تۇن كىشىلەرنىڭكىدەك ئۇزۇن قويۇۋالىدىغانلىقىنى، ”ھەزرىتى ئېيسا ئاللاھنىڭ ئۆزىدۇر“ (ئەسلا ئۇنداق ئەمەس!) دېيىشلىرىنى زادى ياقتۇرماي-مەن. ھەتتا ئۇلارغا ئىنتايىن ئاچچىقىم كېلىدۇ. ئۇلاردىن بىرى ئالدىمغا كەلسە، كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپسەم دەيمەن.

لېكىن ئەزەلدىن جەڭگە كىرمەي، ئاياللاردەك ئۆيدە ئولتۇرىدىغان رەسساملار تەرىپىدىن خاتا سىزىلىشتىنمۇ بىزارمەن. ئۇلار مېنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقان ھالىتىمنى سىزغاندا، ئىككى پۇتۇمنى بىرلا ۋاقىتتا ئالدىغا سوزۇلغان قىلىپ سىزىشىدۇ. ھېچقانداق ئات توشقانغا ئوخشاش ئۇنداق چاپمايدۇ. ئالدى پۇتۇمنىڭ بىرى ئالدىدا بولسا، يەنە بىرى كەينىدە بولىدۇ. ھېچقانداق ئات سەپەر رەسىملىرىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئالدىنقى پۇتىنىڭ بىرى پۇتۇنلەي يەردە بولغاندا يەنە بىرىنى غەلىتە ھالدا ئىتتا ئوخشاش ئال-دىغا ئۇزاتمايدۇ. بىر - بىرىنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئوخشاش ئەينى قېلىپتا

① تەنە بىلەن ئېيتىلغان سۆز —— ت.

كېيىنى - كېيىندىن 20 قېتىم سىزىلغىنىدەك، ھېچقانداق چەۋەندازلار ئەترىتىنىڭ ئاتلىرى بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش پۇتىنى تاشلىيالمايدۇ. كىشىلەر بىزگە دىققەت قىلمىغاندا، ئايىغىمىزدىكى يېشىل چۆپلۈكتە ئوتلايمىز. ھەرگىز رەسىمىمىز سىزىلىۋاتقاندەك نازاكەت بىلەن تىك قاراپ تۇرمايمىز. رەسساملار نېمە ئۈچۈن يېيىش، ئىچىش، تېزەكلەش ۋە ئۇخلىشىمىزدىن شۇنچە نومۇس قىلىدۇ؟ نېمىشقا مېنىڭ مۇشۇ خۇدا بەرگەن تەۋەررۇكۇمنى سىزىشتىن قورقىدۇ؟ بالىلار بىلەن ئاياللار ئادەم يوق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا كۆزلىرى قانغۇدەك قارىۋېلىشقا ئىنتايىن قىزىقىدۇ. بۇنىڭ نېمە زىيىنى بار؟ ئەرزۇرۇملۇق موللا بۇنىڭغىمۇ قارشى تۇرامدۇ؟

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر چاغلاردا شىرازدا مىجەزى ئىتتىك، غەمكەندىشىدە يۈرىدىغان بىر شاھ بار ئىكەن. دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆزىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇشىدىن ئەنسىرەپ، شاھزادىسىنى ئىسپاھانغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتمەي، ئوردىسىنىڭ ئەڭ چەتتىكى بىر ئۆيىگە قاماپ قويۇپتۇ. تالا - تۈزنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئۆيدە 31 يىل مەھبۇس بولۇپ، كىتاب ئوقۇپ چوڭ بولغان شاھزادە، ئەجىلى توشقان ئاتىسى ئۆلگەندە تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەنلا: "ماڭا بىر ئات كەلتۈرۈڭلار، كىتابلاردا رەسىمىنى كۆپ كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىگە ناھايىتى قىزىقىمەن" دەپتۇ. ئوردىنىڭ ئەڭ كۆركەم بىر ئېتىنى ئېلىپ كەلگەندە، يېڭى شاھ ئاتنىڭ موردىدەك بۇرۇن تۆشۈكلىرى، ئەدەپسىز سوڭى، رەسىملەردىكىدەك پارقىرىمايدىغان تۈكلىرى، يوغان ساغرىسى بارلىقىنى كۆرۈپ تەسەۋۋۇرى بەربات بولۇپ، مەملىكەتنىڭ پۈتۈن ئاتلىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ. 40 كۈن داۋاملاشقان بۇ زالىملارچە قىرغىندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ دەريالىرى ھەسرەت بىلەن قان رەڭگىدە ئېقىپتۇ. ئاللاھنىڭ ئادالىتى بىلەن بۇ يېڭى شاھ دۈشمىنى بولغان قارا قويۇنلۇق تۈركمەن بېگىنىڭ قوشۇنلىرى ئالدىدا ئاتلىق لەشكەرسىز قالغانلىقى ئۈچۈن يېڭىلىپ، پارە - پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ھېچكىم كىتابلاردا يېزىلغىنىدەك، ئاتلارنىڭ قېنى بىھۇدە ئاقتى دەپ ئەندىشە قىلمىغاي.

# 36. مېنىڭ ئىسمىم قارا

شەكۈرە بالىلار بىلەن بىللە ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن بىرھازا ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ئاۋازلارنى، توختىماي داۋاملىشىۋاتقان تاراق - تۇرۇقلارنى ئاڭلىدىم. بىر ئارىدا شەكۈرە بىلەن شەۋكەت گۈدۈڭشىپ بىرنىمىلەرنى دېيىشىشكە باشلىۋىدى، ئاپىسى ئۇنى ”تىنچ“ دەپ جىددىي توختاتتى. شۇ چاغدا، قۇدۇقنىڭ يېنىدىكى تاش ياتقۇزۇلغان يولدىن بىر شەپە ئاڭلىدىم، لېكىن كەينىدىنلا جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن دىققىتىمنى ئۆگزىگە قونغان بىر چايكىغا بۇرىدىم. لېكىن ئۇمۇ ھەممە نەرسىلەرگە ئوخشاشلا سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. ئاندىن كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئىنتايىن غۇۋا بىر ئىڭرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم: خەيرىيە چۇشەكەپ يىغلاۋاتاتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئىڭراشلىرى يۆتەلگە ئايلاندى، يۆتەللەرمۇ بىردىن ئەۋجىگە چىقىپ بېسىقىپ قالدى، يەنە ھېلىقى كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق باشلاندى. بىرئازدىن كېيىن، يېزنە تاغامنىڭ جەسىتى ياتقان ھۇجرىدا بىرىنىڭ مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قېتىپلا قالدىم.

پۈتۈن جىمجىتلىقلار جەريانىدا، ئالدىمدا تۇرغان رەسىملەرگە بېرىلگەن رەڭلەرگە قاراپ، بۇ رەسىملەرنىڭ قايناق ھېسسىياتلىق زېيتۇننىڭ، گۈزەل كۆزلۈك كېپىنەكنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى كاللامدىن ئۆتكۈزەتتىم ۋە رەھمەتلىك ھەلكەشنىڭ ئۇلارغا قانداق رەڭ بەرگەنلىكىنى ئويلايتتىم. بەزى كېچىلەر يېزنە تاغامغا ئوخشاش رەسىملەرگە بىر - بىرلەپ خىتاب قىلىپ: ”شەيتان!“ ، ”ئۆلۈم!“ دېگىممۇ كېلەتتى، لېكىن بىر تۈرلۈك ۋەھىمە مېنى تەخىر قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. يېزنە تاغام ھەرقانچە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارغا مۇۋاپىق بىر ھېكايە يازالمىغانلىقىم ئۈچۈن، دەرۋەقە، مېنى بۇ رەسىملەر خېلىلا غەزەپلەندۈرگەنىدى. يېزنە تاغامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان

ھەقىقەت سۈپىتىدە كاللامغا ئاستا ـ ئاستا ئورناشقانلىقى ئۈچۈن قورقۇنچ ۋە تاقەتسىزلىكمۇ ھېس قىلاتتىم. پەقەت شەكۇرەگە يېقىنلىشاي دەپ بۇ رەسىملەرگە يېزنە تاغامنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندا قارىغاندەك قاراۋاتاتتىم. ھازىر شەكۇرە خوتۇنۇم بولغانىكەن، بۇ غەلىتە نەرسىلەرگە نېمىشقا دىققىتىمنى بۇراپتىمەن؟ "باللار ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، شەكۇرە ياتقان ئورنىدىن چىقىپ، يېنىڭغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن" دېدى ئىچىمدىن بىر رەھىمسىز ئاۋاز. قارا كۆز گۈزىلىم كېلەر دەپ شام يورۇقىدا رەسىملەرگە قارىغانچە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كۈتتۈم.

سەھەردە خەيرىيەنىڭ پەريادلىرى بىلەن ئويغانغىنىمدا شامداننى تۇتۇپ كارىدورغا يۈگۈردۈم. توساتتىن ھاسان بىلەن يىغىپ كەلگەن ئادەملىرىنىڭ ئۆيگە بېسىپ كىرگىنىنى بىلىپ، رەسىملەرنى يوشۇرۇش ئەقلىمگە كەلدى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شەكۇرەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خەيرىيەنىڭ يېزنە تاغام جانابلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى باللارغا ۋە قولۇم ـ قوشنىلارغا ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ۋارقىراۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم.

شەكۇرە بىلەن كارىدوردا ئۇچراشقىنىمدا بىر ـ بىرىمىزگە ئېسىلدۇق، قۇچاقلاشتۇق. خەيرىيەنىڭ پەريادلىرى بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرغان باللار جىممىدە تۇرۇشۇپلا قالدى.

— بوۋاڭلار ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى شەكۇرە ئۇلارغا، — سىلەر ئۇ ھۇجرىغا كىرمەڭلار.

ئۇ قوللىرىمدىن چىقىپ، دادىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ يىغلاشقا باشلىدى.

مەن باللارنى چىققان ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپ:

— كېيىملىرىڭلارنى ئالماشتۇرۇۋېلىڭلار، توڭۇپ كېتىسىلەر، — دەپ كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇردۇم.

— بوۋام ھازىر ئەمەس، كېچىدە ئۆلگەن، — دېدى شەۋكەت.

ياستۇقنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالغان شەكۇرەنىڭ ئۇزۇن بىر تال چېچى سىزغان بىر ھەرپ ماڭا "ۋاۋ①" دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يوتقاننىڭ ئىچىدە

① ئەرەبچە ھەرپنى كۆرسىتىدۇ — ت.

تېخىچە شەكۈرەنىڭ بەدىنىدىن چىققان ئىسسىقلىق بار ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ خەيرىيە بىلەن قىلىنىشۋاتقان يىغا ـ زار ۋە پەريادلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتۇق. ئۇ ـ نىڭ خۇددى دادىسى زادى كۈتۈلمىگەن يەردىن ھازىر جان ئۈزگەندەك پەرياد قىلىشى ماڭا شۇنداق ھەيران قالارلىق ۋە ساختا كۆرۈندىكى، شەكۈرەمنى زادىلا تونۇمايدىغاندەك، ئۇنىڭ ئىچىدە ماڭا ناھايىتى يات بىر جىن باردەك ھېس قىلدىم.

ــ قورقۇۋاتىمەن، ــ دېدى ئورخان " يىغلايمۇ " دېگەندەك يېلىنىش ـ لىق قاراپ.

ــ قورقماڭلار، ــ دېدىم، ــ ئاپاڭلار قولۇم ـ قوشناڭلارغا بوۋاڭلار ـ نىڭ ئۆلۈمىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن يىغلاۋاتىدۇ.

ــ ئۇلار كەلسە قانداق قىلىدۇ؟ــ دېدى شەۋكەت.

ــ كەلسە، بوۋاڭلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى ئۈچۈن يالغۇز بىزلا ئەمەس، ئۇلارمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەسرىتىمىز تارقىلىپ يېنىكلىشىدۇ.

ــ بوۋامنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ــ دەپ سورىدى شەۋكەت.

ــ ئاپاڭنى بىئارام قىلساڭ، مەن سېنى ياخشى كۆرمەيمەن، ــ دەپ مەنمۇ ۋارقىرىدىم.

بىز ئۆگەي دادا بىلەن ئۆگەي بالا تۇۋلاشقاندەك ئەمەس، گۈركىرەپ ئاققان بىر دەريانىڭ بويىدا گەپ قىلىشقان ئىككى كىشىدەك ۋارقىراشقان ـ دۇق. بۇ چاغدا شەكۈرە پەريادلىرىنى مەھەللىگە تېخىمۇ ياخشى ئاڭلىتىش ئۈچۈن كارىدورغا چىقىپ، دېرىزىنىڭ ياغاچ تاقىقىنى سۇرۇپ قاپقاقلارنى ئېچىۋاتاتتى.

تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆيدىن چىقتىم. كارىدورنىڭ دېرىزىسىگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېسىلىپ ياغاچ تاقى ـ قىنى كۈچەپ سۈرگەنىدۇق، قاتتىق ئىتتىرىشىمىز بىلەن قاپقاقلار قومۇ ـ رۇلۇپ ھويلىغا چۈشۈپ كەتتى. يۈزىمىزگە كۈن نۇرى چۈشۈپ سوغۇق ھاۋا ئۇردى ۋە بىردەم گاڭگىراپ قالدۇق. شەكۈرە پۈتۈن دۇنياغا خىتاب قىلىۋات ـ قاندەك ۋارقىراپ، قانغۇچە يىغلاشقا باشلىدى.

ۋارقىراشلار بىلەن پۈتۈن مەھەللىگە ئېلان قىلىنغان يېزنە تاغام جا ـ

نابىلىرىنىڭ ئۆلۈمى مېنىڭ نەزىرىمدە شۇ چاغقىچە ھېس قىلغىنىمدىن زى-
يادە ئېچىنىشلىق ۋە ھەسرەتلىك بىر قايغۇغا ئايلانغانىدى. راست ياكى
ساختا بولسۇن، ئائىلەمنىڭ يىغلىشىمۇ مېنى مەيۈسلەندۈرەتتى. مەنمۇ زادى
كۈتمىگەن شەكىلدە يىغلاشقا باشلىدىم. راست ھەسرەت بىلەن يىغلىدىممۇ
ياكى يېزنە تاغامنىڭ ئۆلۈمىگە گۇماندار بولۇپ قېلىشىمدىن قورقۇپ
يىغلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدىممۇ، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

— كەتتى، كەتتى، كەتتى؛ ئاھ جان دادام كەتتى، كەتتى، كەتتى...—
دەپ ۋاقىرايتتى شەكۈرە.

مېنىڭ ئۆكسۈشلىرىم ۋە سۆزلىرىممۇ ئەنە شۇنداق ئىدى، لېكىن نەق
نېمە دەۋاتقانلىقىمنى سەزمەيتتىم. ئۆزۈمنى شۇ چاغدا ئۆيلىرىدىن، ئىشىك-
لەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن، دېرىزە قاپقاقلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىزنى كۆزى-
تىۋاتقان مەھەللىلىكلەرنىڭ نەزىرى بىلەن كۆزەتتىم ۋە ئۆزۈمنى توغرا
ئىش قىلدىم دەپ ئويلايتتىم. يىغلىغانسېرى ھەسرىتىم ۋە كۆز ياشلىرىم-
نىڭ راست ياكى راست ئەمەسلىكى ھەققىدىكى ئۆز گۇمانلىرىممۇ، جىنايەت
بىلەن ئەيىبلىنىش خۇسۇسىدىكى ئەندىشىلىرىممۇ، ھەتتا ھاسان ۋە ئۇنىڭ
ئادەملىرىدىن قورقۇشلىرىممۇ كۆز ياشلىرىم بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك
تۇيۇلدى.

شەكۈرە مېنىڭ ئىدى. مەن گويا كۆز ياشلىرىم بىلەن ۋارقىراپ بۇنى
مۇبارەكلەيتتىم. پەرياد قىلىۋاتقان ئائىلەمنى ئۆزۈمگە تارتتىم ۋە بالىلارنىڭ
كۆز ياشلىرى بىلەن بىزگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئوتلۇق مۇھەب-
بەت بىلەن مەڭزىگە سۆيدۈم. مەن تېخى يىغلاۋاتساممۇ، ئۇنىڭ مەڭزىلىرى-
نىڭ بايىقى ئىللىق تۆشەككە ئوخشاش يۇمرانلىقىنى، بالىلىق چاغلىرى-
مىزدىكى بادام كۆچىتىدەك خۇشپۇراقلىقىنى ھېس قىلدىم.

كېيىن بالىلار بىلەن بىللە جەسەتنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئەمدى خېلىلا
پۇراق پەيدا بولۇپ قالغان ئىككى كۈنلۈك جەسەتنىڭ ئەمەس، گويا سەكراتتا
ياتقان ئادەمنىڭ تەكرارلىشىنى ۋە شۇ ئاخىرقى سۆزى بىلەن جەننەتكە كى-
رىشىنى ئۈمىد قىلىپ، "لائىلاھە ئىللەللاھ" دېدىم. يېزنە تاغاممۇ شۇنداق
دېگەندەك ھەرىكەتلەرنى قىلدۇق ۋە پۈتۈنلەي دېگۈدەك نابۇت بولۇپ كەتكەن
يۈزىگە، پارە - پارە بولۇپ كەتكەن بېشىغا قاراپ كۆلۈمسىرىدۇق. دەل شۇ

چاغدا مەن قوللىرىمنى ئېچىپ "ياسىن" سۈرىسىنى ئوقۇدۇم، ھەممىلەن جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى. شەكۈرە ئېلىپ كەلگەن پاكىز داكا بىلەن يېزنە تاغامنىڭ ئاغزى ئوچۇق ئېڭىكىنى ئاۋايلاپ تاڭدۇق، ساق قالغان كۆزىنى يەنە بىر قېتىم سىلىقلىق بىلەن يۇمدۇردۇق، گەۋدىسىنى ئاستاغىنە ئۆرۈپ، ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ياتقۇزدۇق ۋە نابۇت بولغان يۈزىنى قىبلىگە قارايدىغان قىلىپ بۇرىدۇق. شەكۈرە دادىسىنىڭ ئۈستىگە پاكىز بىر يوپۇقنى ياپتى.

مانا بۇ ئىشلارغا بالىلارنىڭ خۇددى دوختۇردەك دىققەت بىلەن سەپسېلىپ قاراشلىرى ۋە يىغا - زارلاردىن كېيىنكى سۈكۈتلەرگە زوقۇم كەلدى. ئاخىرىدا ئۆزۈمنى ھەقىقىي ئايالى، پەرزەنتلىرى بار بولغان، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان بىر كىشىدەك ھېس قىلدىم. مانا بۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىنمۇ كۈچلۈك بىر خىيال ئىدى.

رەسىملەرنى يىغىشتۇردۇم ۋە ئارخىپ قېپىنىڭ ئىچىگە بىر - بىرلەپ قىستۇرۇپ يېنىمغا ئېلىپ، قېلىن تونۇمنى كىيىپ ئۆيدىن ئۇچقاندەك چىقتىم. يىغا - زارىمىزنى ئاڭلاپ، قايغۇمىزغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن كېلىشكەن قولۇم - قوشنىلاردىن ياشانغان بىر موماي بىلەن، تۇرقىدىن ئويۇن - تاماشا چىقتى دەپ خۇشال بولغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان، بۇرنى ئېقىپ تۇرغان نەۋرىسىنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇدۇل مەھەللە مەسچىتىگە باردىم.

ئىمامنىڭ "ئۆي" دېگىنى توخۇ كاتىكىدەك كىچىك بىر ئۆي بولۇپ، ئۇ يوغان گۈمبەزلىك، كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك، ھويلىسى كەڭ، يېڭى ياسالغان بىر جامەنىڭ يېنىدىكى نومۇس قىلغۇدەك كىچىك بىر تارچۇقتا ئىدى. ھازىر پات - پات كۆرۈپ تۇرغىنىمدەك، ئىمام ئۆيىنى ئاشۇ كىچىك ۋە سۈرۈن توخۇ كاتىكىدىن پۈتۈن جامەگە قەدەر كېڭەيتىۋالغان بولۇپ، ھويلىنىڭ بېشىدىكى ئىككى تۈپ كاشتان دەرىخىنىڭ ئارىسىغا ئايالىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن كىر - قاتلارنى يېيىشى ئۈچۈن تانا تارتىۋالغانلىقىغىمۇ ئىمام قىلچە ئېرەنشىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. ئىككى لالما ئىت ئۆزلىرىنى خۇددى ئىمام جانابلىرىنىڭ ئائىلە ئەزاسى چاغلاپ قالغاندەك، ھويلا ئىچىدە بىمالال يۇرۇشەتتى. ئىمامنىڭ ئوغۇللىرى ئىتلارنى تاياق بىلەن قوغلاپ، نېرى قىلغاندىن كېيىن ئىمامنىڭ ئۆزى بىلەن بىر بۇلۇڭغا باردىم.

ئۇنىڭ ماڭا قارىغان چاغدىكى كۆز ئىپادىسىدىن "خوش، بۇ ياققا كې-

لىپ قاپسەنغۇ“ دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقلا يەنە، تۈنۈگۈنكى نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇش ۋە نىكاھىمىزنى ئوقۇپ قويۇش ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا قىلدۇرمىغانلىقىمىز ئۈچۈن قورسىقى كۆپكەنلىكىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى.

— يېزنە تاغام جانابلىرى بۈگۈن سەھەرە ئالەمدىن ئۆتتى.

— ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!— دېدى ئۇ خەيرلىك بىلەن. سۆزۈمگە ”بۈگۈن، سەھەر“ دېگەن سۆزنى نېمىشقا قوشقاندىمەن، ئۆزۈمنى قاراپ تۇرۇپ گۇمانغا تۇتۇپ بېرىدىغان بىر گەپنى قىلدىممۇ نېمە؟ مەن دەرھال تۈنۈگۈن ئۇنىڭغا بەرگەن تىللالاردىن يەنە بىرنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئەزاندىن ئىلگىرى سالات ئوقۇشنى، ئىنىسى ئارقىلىق ئۆلۈم خەۋىرىنى پۈتۈن مەھەللىگە ئۇقتۇرۇۋېتىشنى تاپىلىدىم.

— ئىنىمنىڭ يېرىم ئەما بىر ياخشى بۇرادىرى بار، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز مېيىتنى ياخشى يۇيىمىز، — دېدى ئىمام.

— يېزنە تاغام جانابلىرىنىڭ مېيىتىنى بىر ئەما بىلەن يېرىم كالۋاغا يۇيغۇزۇشتىن ياخشى ئىش بولسۇنمۇ؟ جىنازا نامىزىنىڭ پېشىندە ئوقۇلىدىغانلىقىنى، ئوردىدىن، رەسىمخانىدىن، مەدرىسىلەردىن ۋە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنلاردىن نۇرغۇن ئادەم كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. يېزنە تاغام جانابلىرىنىڭ يۈزىنىڭ، بېشىنىڭ زەخىملىنىش ئەھۋالىنى ئىزاھلايدىغان ھېچقانداق گەپ قوشمىدىم. چۈنكى، مەسىلىنى پەقەت يۇقىرى ئورۇندىن بىر تەرەپ قىلىشقا باشتىلا قارار قىلغانىدىم.

سۇلتانىمىز يېزنە تاغامغا ھاۋالە قىلغان كىتابنىڭ مەبلەغ ھېساباتىنى مالىيە ۋەزىرىگە تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم خەۋىرىنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشۈم كېرەك ئىدى. بۇ مەقسەت بىلەن ئوردىغا كىرىش ئۈچۈن سوغۇق چەشمە دەرۋازىسىنىڭ① ئۇدۇلىدىكى تىككۈچىلىك كارخانىسىدا مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان ۋە رەھمەتلىك دادام تەرەپتىن تۇغقان كېلىدىغان بىر ئۆي بېزەكچىسىنىڭكىگە بېرىپ، ئۇنىڭ قارا داغلار باسقان قولىنى سۆيدۇم ۋە ئۇنىڭغا مالىيە ۋەزىرى بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەكلىكىنى يېلىنىپ ئۇقتۇردۇم. ئۇ ماڭا قۇچاقلىرىغا

① سوغۇق چەشمە دەرۋازىسى — ئىستانبۇلدىكى مەھەللە ئىسمى — ت.

رەڭگارەڭ يىپەك رەختلەرنى قويۇۋېلىپ، مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ پەردە تى-
كىۋاتقان تاقىر باش شاگىرتلار ئارىسىدا بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى ئېيت-
قاندىن كېيىن، مېنى ئۆلچەش ۋە ھېسابات ئىشى ئۈچۈن ئوردىغا كىرىدىغان
باش ئۇستا ياردەمچىسىگە قوشتى. سوغۇق چەشمە دەرۋازىسىدىن پارات
مەيدانىغا چىققاندا ئاياسوفىيانىڭ ئۇدۇلىدىكى رەسىمخانا بىناسىنىڭ ئالدى-
دىن بىھۇدە ئۆتۈپ، باشقا رەسساملارغا جىنايەتنى ئۇقتۇرۇشتىن ھازىرچە
قۇتۇلغان بولدۇم.

پارات مەيدانى ھەر ۋاقىتتىكىدەك جىمجىت بولسىمۇ، ماڭا ئىنتايىن
ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بىلىندى. ئالىي كېڭەشمە چاقىرىلغان كۈنلىرى ئەرز -
ھال ئېيتقۇچىلار توپلىنىپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرىدىغان ئەرزىيەتچىلەر دەرۋا-
زىسى ئالدىدىمۇ، ئامبارلار ئەتراپىدىمۇ ھېچكىم يوق ئىدى. لېكىن شۇنداق-
تىمۇ ماڭا ياغاچچىلار كارخانىسىدىن، ناۋايخانىدىن، كېسەلخانىنىڭ دېرى-
زىلىرىدىن، ئېغىللاردىن، قۇببىلىق راۋاقلىرى بار ئىككىنچى دەرۋازىنىڭ
ئالدىدىكى ئاتلارنىڭ يېنىدا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان ئات باققۇچىلار-
دىن، ئارچىنزارلىقنىڭ ئىچىدىن گويا ئۈزلۈكسىز بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭ-
لىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئالاقزادىلىكنى بىرئازدىن كېيىن ھاياتىمدا
تۇنجى قېتىم ئۆتۈۋاتقان بابۇسسالام دەپ ئاتىلىدىغان ئىككىنچى دەرۋازىدىن
ئۆتۈش ئالدىدىكى ۋەھىمە دەپ بىلدىم.

دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ، جاللاتلار ھەر دائىم بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىدىغان
جايغىمۇ دىققىتىمنى بۇرىمىدىم. باشقىلاردا مېنى يول باشلاپ كېتىۋاتقان
تىككۈچىنىڭ ياردەمچىسى ئىكەن دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن،
قولۇمغا ئېلىۋالغان ئۆي زىننەتلەيدىغان بىر توپ رەختكە شۈبھىلىك قارى-
شىۋاتقان دەرۋازىۋەنلەردىن ئۆزۈمنىڭ ئەندىشىلىك ھاياجىنىمنى يوشۇرۇش-
قىمۇ ئامالسىز ئىدىم.

ئالىي كېڭەش زالىغا كىرىشىمىز بىلەنلا، ھەممە يەرنى تىمتاسلىق
باستى. يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدەپ سوققىنى قولۇمدىكى، بويۇنۇمدىكى تومۇرلار-
دىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئوردىغا كىرگەن - چىققانلاردىن ۋە يېزنە تاغام-
دىن تەرىپىنى ۋە تەسۋىرىنى ئىنتايىن كۆپ ئاڭلىغان بۇ يەر ھازىر خۇددى
جەننەتتەك، رەڭگا - رەڭ ۋە گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر باغچا بولۇپ،

شۇتاپتا ئۇ كۆز ئالدىمدا ئايان بولۇپ تۇراتتى. لېكىن مەن جەننەتكە كىرگەن كىشى ھېس قىلىدىغان خۇشاللىقنى ئەمەس، قانداقتۇر بىر قورقۇنچ ۋە ئەيمىنىشنى ھېس قىلاتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ بىر قولى ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم. شۇ دەقىقىدە، يەنە شۇنى ئۇزۇل - كېسىل چۈشەندىمكى، سۇلتان ئالىيلىرى دەرۋەقە جاھاننىڭ ھۇل ئاساسى ئىدى. مەن يۇمران چىملىقلاردا سەيلە قىلىپ يۈرگەن توز قۇشلىرىغا، فونتانلارغا زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان ئالتۇن جاملارغا، گويا پۈتى يەرگە تەگمىگەندەك جىمجىت غۇيۇلداپ يۈرگەن كىمخاپ تونلۇق ئالىي كېڭەشمە خەۋەرچىلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىغىنىمدا، كۆڭلۈمدە ئۆز پاسىبانىمغا سادىق بولغىنىمدىن شەرەپ ھېس قىلماي تۇرالمىدىم. مەن شۇھامان سۇلتان ئالىيلىرى ھاۋالە قىلغان مەخپىي كىتابنى چوقۇم تاماملاش قارارىغا كەلدىم. كىتابنىڭ تېخى تاماملانمىغان، چالا قالغان رەسىملىرى بولسا قولتۇقۇمدا قىستۇرۇقلۇق ئىدى. ئالىي كېڭەش سارىيىنى شۇنچە يېقىنىدىن كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ قورقۇمسىرىغان ھالدا قارىدىم. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي گاڭگىرىغان ھالدا ئالدىمدىكى تىككۈچىنىڭ كەينىدىن مېڭىۋەردىم.

بىزگە قوشۇلۇپ ماڭغان دەرۋازىۋەن يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا كېڭەش سارىيى ۋە مالىيە بىناسى ئالدىدىن خۇددى چۈشلەردىكىدەك ئەيمىنىش بىلەن ئۈن - تىنسىز ئۆتتۇق. كۆڭلۈمدە گويا بۇ يەرلەرنى بۇرۇن كۆرگەن ۋە بىلىدىغاندەك بىر ھېسسىيات بار ئىدى.

كونا كېڭەش زالى دەپ ئاتىلىدىغان يەرگە كەڭ بىر ئىشىكتىن كىردۇق. چوڭ گۈمبەزنىڭ ئاستىدا قوللىرىدا رەختلەر، تېرە پارچىلىرى، كۈمۈشتىن قىلىنغان قىلىچ غىلاپلىرى ۋە سەدەپ قويۇلغان ساندۇقلارنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا ئىش كۈتۈپ تۇرۇشقان ئۇستىلارنى كۆردۇم. بۇلارنىڭ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ توقماقچى، ئۆتۈكچى، كۈمۈشچى ۋە دوخاۋچى، پىل چىشى نەققاشچىلىرى ۋە سازەندىلىرى قاتارلىق ھۈنەرۋەنلىرىدىن ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندىم. ھەممەيلەن ئىش ھەققى ئىشلىرى، ماتېرىيال ئېلىش ۋە ياكى شاھنىڭ بويىنى ئۆلچۈۋېلىش ئۈچۈن سىرتتىكىلەرنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن شاھ قەسرىگە كىرىشكە ئىجازەت ئېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن قوبۇل قىلىنىشنى كۈتۈپ، تۈرلۈك ئىلتىماسلىرىنى مەلۇم

قىلىشقا تەييارلىنىپ، مالىيە ۋەزىرىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇ-
شاتتى. كۇتكۇچىلەر ئارىسىدا بىرەر رەسسامنى كۆرمىگەنلىكىم ئۇچۇن
خۇشال بولدۇم.

بىزمۇ بىر چەتتە كۇتۇشكە باشلىدۇق. ئارىلاپ مالىيە ۋەزىرى كاتىپد-
نىڭ ھېسابلاردىكى بىرەر خاتالىق ۋەجىدىن بەزى سۆزلەرنى قايتا - قايتا
سورىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. كېيىن بىر قۇلۇپسازنىڭ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىد-
لەن جاۋاب قايتۇرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئاۋازلار ئىنتايىن تۆۋەن، خۇددى
پىچىرلاپ دېگىدەك چىقىۋاتقاچقا، ھويلىدىكى كەپتەرلەرنىڭ قانات قېقىپ
ئۇچقان ئاۋازىنىڭ گۇمبەز ئىچىدىن قايتقان ئەكس ساداسى كەمتەر قول
ھۈنەرۋەنلەرنىڭ پۇل ۋە ماتېرىيال تەلەپ قىلغان سىپايە ئاۋازلىرىدىنمۇ
كۇچلۇك ئاڭلىناتتى.

نۆۋەت ماڭا كېلىپ، مالىيە ۋەزىرىنىڭ گۇمبەزلىك كىچىك ئىشخاند-
سىغا كىرگىنىمدە، ئۇ يەردە بىرلا كاتىپنى كۆردۈم، دەرھال مالىيە نازىرىغا
مەلۇم قىلىدىغان چوڭ بىر مەسىلە بارلىقىنى، يەنى سۇلتانىمىز ھاۋالە
قىلغان ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىنىۋاتقان بىر كىتابنىڭ چالا قالغاد-
لىقىنى ئېيتتىم. ھىم... مالىيە ئىشلىرى كاتىپى بىرنەرسىنى سەزگەن
بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا يېزنە تاغامنىڭ كىد-
تابىدىكى رەسىملەرنى كۆرسەتتىم. رەسىملەرنىڭ ئاجايىپ جەزىبىدارلىقد-
دىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يېزنە تا-
غامنىڭ ئىسمىنى، لەقىمىنى، شۇغۇللانغان خىزمەتلىرىنى بايان قىلدىم ۋە
ئۇنىڭ مۇشۇ رەسىملەر تۇپەيلىدىن ئۆلگەنلىكىنى قىستۇرۇپ ئۆتتۇم. ھەم-
مە ئەھۋالنى تېز - تېز سۆزلىدىم. چۈنكى، سۇلتانىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كىد-
رەلمەي ئوردىدىن قايتىپ كەتسەم، يېزنە تاغامنى ئاشۇ پاجىئەلىك ئەھۋالغا
چۈشۈرۈپ قويغان جىنايەتنى باشقىلارنىڭ ماڭا يۈكلەپ قويىدىغانلىقىنى
ناھايىتى ياخشى بىلەتتىم.

كاتىپ مالىيە ۋەزىرىگە خەۋەر قىلغىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن
ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. يېزنە تاغامنىڭ ئېيتىشىچە، سۇلتا-
نىمىزنىڭ يېنىدىن زادى نېرى بولمايدىغان، ھەتتا ناماز مەزگىللىرىدە جاي-
نامازلىرىنى سېلىپ بېرىدىغان، بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ سىرداشى بولىدىغان

مالىيە ۋەزىرى، سۇلتانىنىڭ خاس ئوردىسىدىن چىقىپ ئالدىمغا كېلەرمۇ؟ ئوردىنىڭ مەركىزى بولغان خاس ئوردىغا بىر خەۋەرچى ئەۋەتىلگەنلىكىگەمۇ دېگەندەك ئىشەنگىلى بولمايدۇ دەپ قارايتتىم. سۇلتانىمىز ئالىيلىرى ھازىر قەيەردە، دېڭىز ساھىلىدىكى داچىلىرىدىن بىرىدىمۇ، ھەرەمخانىدىمۇ، ياكى مالىيە ۋەزىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللىمۇ؟ ئۇنىسى نامەلۇم.

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن مېنى ئىچكىرىگە چاقىردى. كاللام قۇپقۇرۇق بولۇپ، قورقۇشمۇ ئەقلىمگە كەلمىدى دېسەممۇ بولىدۇ. لېكىن ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى دۇخاۋىچىنىڭ چىرايىدىكى ھۆرمەت ۋە ھەيرەت ئىپادىسىنى كۆرۈپ يەنىمۇ ئالاقزادە بولدۇم. ئىچكىرىگە كىرگەندە بىردىنلا قورقتۇم، ھېچ نەرسە دېيەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم. ۋەزىرنىڭ بېشىدا پەقەت ۋەزىرلەرگىلا خاس بولغان، كالۋۇتۇندا كەشتىلەنگەن باش كىيىمى بار ئىدى. ئۇ مالىيە ۋەزىرى ئىدى، ئۇ كاتىپ مەندىن ئالغان رەسىملەرنى ئىش ئۈستىلىگە قويۇپ قاراشقا باشلىدى. ئۇلارنى مەن سىزغاندەك قورقۇپ، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى سۆيدۇم.

— ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — خاتا ئاڭلىمىغاندىمەن، يېزنە تاغاڭ ۋاپات بولدىمۇ؟

بىرھازا ھاياجاندىنمۇ ياكى گۇناھكارلىق ھېسسىياتىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، جاۋاب بېرەلمەي، پەقەت بېشىم بىلەن تەستىقلىدىم. شۇ چاغدا ھېچ كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى: كۆزۈمدىن چىققان بىر تامچە ياش، مالىيە ۋەزىرنىڭ ھەيرانلىق ۋە ھېسداشلىق نەزىرى ئاستىدا مەڭزىمنى بويلاپ تۆۋەنگە ئاقتى. شۇتاپتا ئوردا ئىچىدە تۇرغانلىقىمدىن، مالىيە ۋەزىرنىڭ سۇلتانىمىزنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن سۆزلەشكىلى ئالدىمغا كەلگەنلىكىدىن، سۇلتانىمىزغا شۇقەدەر يېقىن تۇرۇۋاتقانلىقىمدىن قاتتىق ھەيرانلىققا چۆمگەن ئىدىم. كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلار توختىماي ئاقاتتى، خىجالەتمۇ بولمىدىم.

— قانغىچە يىغلىۋال ئوغلۇم، — دېدى مالىيە ۋەزىرى.

ئۆكسۈپ يىغلىدىم. بۇ 12 يىل جەريانىدا يېشىممۇ چوڭىيىپ، يېتىلگەنلىكىمنى ھېس قىلماقتا ئىدىم، لېكىن كىشى پادىشاھىغا، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەركىزىگە شۇنچە يېقىن كەلگەندە، ئۆزىنى گويا بىر كىچىك بالىدەك

ھېس قىلىدىكەن. ئۆكسۈشلىرىمنى تاشقىرىدىكى كۈمۈشچىلەر بىلەن دۇخاۋىچىلارنىڭ ئاڭلىشىغىمۇ پەسەنت قىلمىدىم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، مالىيە ۋەزىرىگە ئەھۋالنى تولۇق يەتكۈزۈشۈم كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، كۆڭلۈمدە بار گەپنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدىم. مالىيە ۋەزىرىنىڭ كۆز ئالدىدا، شەكۈرەنى نىكاھىمغا ئالغانلىقىم، يېزنە تاغامنىڭ كىتابىنى ئىشلەش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلار، ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ رەسىملەردىكى سىرلار، ھاساننىڭ تەھدىتلىرى ۋە يېزنە تاغامنىڭ جەسىتى كۆز ئالدىمغا كەلگەندە، كۆڭلۈمنى توختىتىپ ئالدىم. لېكىن ئۆزۈمنى ئالەم پاناھى سۇلتانىمىزنىڭ چەكسىز ئادالىتى ۋە شەپقىتىگە تاپشۇرسام، ئۆزۈم چۈشۈپ قالغان بۇ تۇزاقتىن چىقالايدىغانلىقىمنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ھەممىنى بايان قىلغانىدىم. مالىيە ۋەزىرى بايانلىرىمنى چۈشىنىپ، مېنى جازا ئىجراچىلىرىغا، جاللاتلارغا تاپشۇرماي، ھېكايەمنى جاھاننىڭ تۈۋرۈكى بولغان سۇلتانىمىزغا بىۋاستە يەتكۈزەرمۇ؟

— يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ئۆلۈمى دەرھال رەسىمخانىغا ئۇقتۇرۇلسۇن، — دېدى مالىيە ۋەزىرى، — نامىزىغا پۈتۈن رەسساملار قاتناشسۇن.

ئۇ بۇنىڭغا مېنىڭ بىرەر نارازىلىقىم بار-يوقلۇقىنى بىلمەكچى بولغاندەك چىرايىمغا قارىدى. بۇ غەمخورلۇق ماڭا بىر ئىشەنچ بەردى-دە، يېزنە تاغامنى ۋە ھەلكەش نازاكەتلىك ئەپەندىنى كىم، نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى گۇمانلىرىمنىمۇ ئاشكارىلىۋەتتىم. ئەرزۇرۇم تەرغىباتچىسىنىڭ مۇرىتلىرىنى، ساز چالدى، ئۇسسۇل ئوينىدى دەپ خانىقالارغا باستۇرۇپ كىرگەنلىرىنى يوشۇرۇن ئىبارىلەر بىلەن ئۇقتۇردۇم. مالىيە ۋەزىرىنىڭ شۇبھىلىك نەزەر بىلەن قارىغىنىنى كۆرگىنىمدە، باشقا گۇمانلىرىمنىمۇ ئېيتقۇم كەلدى: يېزنە تاغام جانابلىرىنىڭ كىتابىغا رەسىم ۋە نەقىش ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىنغانلىق تۈپەيلى ئېرىشىدىغان ئىش ھەققى ۋە نام-ئاتاقلار رەسساملار ساھەسىدىكى ئۇستازلار ئارىسىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان رىقابەت ۋە ھەسەتخورلۇقلارغا يول ئاچقان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى مەلۇم قىلدىم. بۇ ئىشلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ئۆز ئىچىدىن مانا شۇنداق نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكلەرنى، سۈيىقەستلەرنى قوزغىغان بولۇشى

مۇمكىنلىكىنىمۇ ئېيتتىم. لېكىن بۇلارنى دېگىنىمدە گويا ھازىر سىلەر-نىڭ ھېس قىلغىنىڭلاردەك، مالىيە ۋەزىرىنىڭمۇ مەندىن سەل گۇمانلانغان-لىقىنى ئاللاقاچانلىق ئىچىدە سەزدىم. ئى ئاللاھ، سەندىن باشقا نەرسە تىلى-مەيمەن، ھەر ئىش بولسا، ئادىل بولغاي.

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مالىيە ۋەزىرى گويا مېنىڭ سۆزلىرىم ۋە تەقدىرىم ئۈچۈن مەندىن خىجالەت بولغاندەك قىياپەتتە كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، ئۈستەلدىكى رەسىملەرگە تىكتى.

— بۇلار توققۇز دانە ئىكەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن يېزنە تاغا بىلەن ئۇن رەسىملىك بىر كىتاب ئىشلەش ھەققىدە كېلىشىم قىلغان ئىدۇق ۋە بىزدىن بۇ رەسىملەرگە ئىشلەتكىنىدىن كۆپرەك ئالتۇن قەغەز ئالغانىدى.

— ئىمانسىز قاتىل بوش قالغان ئۆيدە مول ئالتۇن سۈيى سۈركەلگەن ئاخىرقى رەسىمنى ئوغرىلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدىم.

— خەتتاتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھېچ بىلەلمىدۇق.

— رەھمەتلىك يېزنە تاغام كىتابىنىڭ مەتىنىنى تېخى ئايىغلاشتۇرمى-غانىدى، ئۇنى تاماملىشىم ئۈچۈن مەندىن ياردەم كۈتەتتى.

— ئوغلۇم، سەن ئىستانبۇلغا تېخى يېڭى كەلدىم دېدىڭغۇ.

— بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا، نازاكەتلىك ئەپەندى ئۆلتۈرۈلۈپ ئۈچ كۈن-دىن كېيىن كەلگەنىدىم.

— يېزنە تاغاڭ، تېخى باشلىمىغان كىتابقا بىر يىلدىن بېرى رەسىم سىزدۇرۇۋاتقانمىدى؟

— شۇنداق.

— بۇ كىتابتا بايان قىلىنىدىغان مەزمۇنلارنى ساڭا ئېيتقانمىدى؟

— سۇلتانىمىز تەلەپ قىلغان مەزمۇنلار دەل مۇنداق ئىدى: پەيغەمبە-رىمىزنىڭ ھىجرىتىدىن دەل بىر يىل ئۆتكەندە، يەنى ئىسلام تەقۋىمى مىڭ-ىنچى يىلنى كۆرسەتكەندە، ۋېنېتسىيە ۋالىيسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئىسلام قىلىچى بىلەن غۇرۇرىنى، ئوسمانىيە سۇلالىسىنىڭ كۈچىنى ۋە بايلىقىنى نامايان قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالىدىغان مەزمۇندىكى بىر كىتاب ئىدى. بۇ كىتاب دۇنيانىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مۇھىم نەرسى-لىرىنى ھېكايە قىلاتتى، رەسىملىرىنى ئايان قىلاتتى ۋە خۇددى «قىياپەتنا-

مە»① لەردە بايان قىلىنغىنىدەك، سۇلتانىمىزنىڭ رەسمى كىتابىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالاتتى. پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىنمۇ پايدىلىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئوقۇش داۋامىدا ۋېنىتسىيە ۋالىيسىنىڭمۇ ھەيرانلىقىنى ۋە دوست بولۇش ئارزۇسىنى قوزغايتتى.

— بۇلارنى بىلىمەن، لېكىن ئوسمانىيە سۇلالىسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە مۇھىم نەرسىلىرى بۇ ئىتلار ۋە دەرەخلەرمۇ، — دېدى ئۇ رەسىملەرنى كۆرسىتىپ.

— يېزنە تاغام رەھمەتلىك بۇ كىتابنىڭ سۇلتانىمىزنىڭ بايلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى كۈچىنى ۋە يوشۇرۇن ھەسرىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

— سۇلتانىمىزنىڭ رەسمى قېنى؟

— ئۇنى كۆرمىدىم، ئىمانسىز قاتىل يوشۇرغان يەردە، ئېھتىمال ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە بولۇشى مۇمكىن.

رەھمەتلىك يېزنە تاغام ھازىر ئالغان ئالتۇنلار بەدىلىگە ۋەدە قىلغان كىتابنى تەييارلىيالمىغان، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئورنىغا مالىيە ۋەزىرى ئېتىبارسىز ھېسابلىغان بىر قاتار غەلىتە رەسىملەرنى سىزدۇرغان بىر ئادەم قاتاردا قارالماقتا ئىدى. مالىيە ۋەزىرى مېنى يېزنە تاغىسىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىش ياكى قانداقتۇر نامەلۇم بىر سەۋەبلەر بىلەن، مەسىلەن، ئالتۇن قەغەزلەرنى سېتىپ خەجلەش ئۈچۈن ئاشۇ ئېتىقادسىز ۋە ئىشەنچسىز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن دەپتىرىمنىڭ يېپىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئاخىرقى غەيرىتىمنى يىغىپ جىددىي يوسۇندا سۆزلەشكە باشلىدىم ۋە يېزنە تاغامنىڭ ماڭا، بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندىنى ئۆزى ئىشلەتكەن ئۇستا رەسساملاردىن بىرىنىڭ ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى مەلۇم قىلدىم. زەيتۇندىن، لەيلەكتىن ۋە كېپىنەكتىن يېزنە تاغامنىڭ قانداق گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتىم، لېكىن سۆزنى ئانچە ئۇزارتمىدىم. چۈنكى بۇ ھەقتە ئانچە كۆپ ئىسپاتلىرىممۇ يوق ۋە ئۆزۈمگە

---

① قىياپەتنامە — بىر كىشىنىڭ چىرايىدىن ۋە ئەزالىرىنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشىدىن ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىتى، ئەخلاقى ۋە ئېتىقادىنى بىلىش ماھارىتى ھەققىدىكى كىتاب — ت.

ئىشەنچىمۇ يوق ئىدى. مالىيە ۋەزىرىنىڭ شۇتاپتا مېنى نومۇسسىز بىر پەسكەش، ئىغۋاگەر بىر كالۋا دەپ قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم.

شۇ ۋەجىدىن، مالىيە ۋەزىرى يېزنە تاغامنىڭ ئەجەلى بىلەن ئۆلمىگەنلىكىنى رەسىمخانىدىن يوشۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتقاندا، بۇنى مەن بىلەن باشلىغان بىر ھەمكارلىقنىڭ دەسلەپكى ئىشارىتى دەپ قاراپ خۇش بولدۇم. رەسىملەر مالىيە ۋەزىرىدە قالدى. بايا ئۆتكەندە جەننەتكە كىرگەندەك ھاياجانلانغان بابۇسسالام دەرۋازىسىدىن دەرۋازىۋەنلەرنىڭ دىققەت نەزىرى ئاستىدا تاشقىرىغا چىققىنىمدا، بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن ئۆيگە قايتقان بىر كىشىدەك يېنىكلەپ قالدىم.

# 37. مەن يېزنە تاغاڭلار

دەپنە مۇراسىمىم ئارزۇ قىلغىنىمدەك ناھايىتى ياخشى بولدى. مەن كېلىشىنى ئۈمىد قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەلدى. بۇنىڭدىن پەخىر-
لەندىم. ئۆلۈمىم ئېلان قىلىنغاندا ئىستانبۇلدا بولغان ۋەزىرلەردىن سىرۇسلۇق ھاجى ھۈسەيىن پاشا، توپال باقى پاشالار بىر چاغلاردا ئۆزلىرد-
گە نۇرغۇن خىزمەت قىلغانلىقىمنى ۋاپادارلىق بىلەن ئەسلەشتى. زامانى-
سىدا ماختاش، مەدھىيىلەرگىمۇ سازاۋەر بولغان ھەم كىشىلەر تەرىپىدىن تەنقىدلەرگىمۇ ئۇچرىغان مالىيە ئەمەلدارى قىزىل مەلەك پاشانىڭ كېلىشى مەھەللىمىز مەسچىتىنىڭ كۆڭۈلسىز ھويلىسىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. باش جارچى مۇستاپا ئاغىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشتىن ئالاھىدە مەمنۇنىيەت ھېس قىلدىم. ناۋادا ھايات بولۇپ، دۆلەتكە پائال خىزمەت قىلىۋەرگەن بول-
سام، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىدە بولغان بولاتتىم. تەزكىرىچى كامالىدىن ئەپەندى، ئالىي كېڭەشمە جارچىلىرىدىن ھەر ۋاقىتتىكى تەبەس-
سۇملىرىنى يەنىلا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ساقلاپ كەلگەن باش پۈتۈكچى سەرت سەلىم ئەپەندى — بۇلار بەزىلىرى يېقىن بۇرادىرىم، بەزىلىرى بولسا ئەشەد-
دىي دۈشمىنىم ئىدى — ۋە سىياسىي سەھنىدىن بالدۇر چېكىنگەن سابىق ئالىي كېڭەشمە خادىملىرى، مەدرىسىدىكى ساۋاقداشلىرىم — ئۆلۈمىمنى قانداق، قەيەردىن ئاڭلىغانلىقىغا ھەيرانمەن — يەنە باشقىلار، تۇغقانلىرىم، ئۇرۇق - جەمەتلىرىم، ياشلار بولۇپ، كەڭ دائىرىلىك، سۈرلۈك ۋە ھاياجان-
لىق بىر مۇراسىم بولدى.

جامائەت بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ تەمكىن سۈكۈناتى ۋە قايغۇلىرى بىلەن ئىپتىخارلاندىم. مالىيە ۋەزىرى خازىم ئاغا بىلەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ كېلىشى سۇلتانىمىز ئالىيلىرىنىڭ ئۆلۈمىم ئۈچۈن سەممىي قايغۇرغانلىقىنى ھەممىگە ئايان قىلدى. مانا بۇ قاتىلىم بولغان

پەسكەشنىڭ تېپىلىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىلىدىغانلىقىدىن، جازا
ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ -
يوق، بىرنېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن ئۇ مەلئۇننىڭ ھازىر ھويلىدا باشقا
رەسساملار ۋە خەتتاتلار بىلەن بىللە چىرايىدا جىددىيلىك ۋە ئىنتايىن قايـ-
غۇلۇق قىياپەت بىلەن تاۋۇتۇمغا قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن.

مېنى قاتىلغا غەزەپلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بو-
لۇۋاتىدۇ، ھەتتا خائىنلارچە ۋە رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىمدىن بە-
ئارام بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىماڭلار. ھازىر پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئاراملىق
ھېس قىلىۋاتىمەن. روھىم پانىي دۇنيادا بىرقانچە يىللار ئازاب چەككەندىن
كېيىن باردىغان يېرىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خاتىرجەممەن.

روھىم سىياھ قۇتىسى زەربىسىدىن قانغا مىلەنگەن ھالدا ئازاب چېـ-
كىۋاتقان چاغلىرىمدىن باشلاپ ۋۇجۇدۇمنى ۋاقىتلىق تەرك ئېتىپ، نۇرلار
ئىچىدە بىرھازا تىترىگەندىن كېيىن، بۇ كۈچلۈك يورۇقلۇق ئىچىدە چىرايـ-
لىرى قۇياشتەك پارلاق تەبەسسۇم چىراي ئىككى پەرىشتە خۇددى مەن «كە-
تابۇل روھ»تا بىر نەچچە قېتىملاپ ئوقۇغىنىمدەك ماڭا ئاستا - ئاستا يې-
قىنلاشتى ۋە گويا مەن ھازىر بىر روھ ئەمەس تېخى بىر گەۋدىدەك، قوللى-
رىمنى تۇتۇپ يۇقىرىغا چىقاردى. خەيرلىك چۈشلەردىكىدەك قىلچە سىلـ-
كىنمەي، سىلىق ۋە ئىنتايىن تېز يۇقىرىغا ئۆرلىدۇق! ئوت دېڭىزلىرىدىن
ئۆتتۇق، نۇر دەريالىرىدىن ئاشتۇق... قاراڭغۇ دېڭىزلارغا كىردۇق، قار ۋە
مۇز تاغلىرىغا چىقتۇق. بۇلارنىڭ ھەربىرى تالاي يىللار داۋاملىشىدىغان
ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن ماڭا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بې-
رىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

خىلمۇخىل جامائەتلەرنىڭ، غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ، ئېيتىپ تۈگەت-
كۈسىز ھاشاراتلار ۋە قۇشلار بىلەن تولغان سازلىقلار ۋە بۇلۇتلارنىڭ ئارى-
سىدىن، يەتتە قات ئاسماندىن مانا شۇنداق ئۆتتۇق. ئاسماننىڭ ھەربىر قە-
ۋىتىدە، پەرىشتىلەردىن ئالدىدا ماڭغىنى بىر دەرۋازىنى ئۇراتتى. "كىم-
سەن؟" دەپ سورالغاندا مېنى پۈتۈن ئىسىملىرىم ۋە سۈپەتلىرىم بىلەن تە-
رىپلىگەندىن كېيىن، "ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياخشى بىر بەندىسى!" دەپ
ئىزاھلايتتى، بۇ سۈپەتلەرنى ئاڭلىغىنىمدا، كۆزلىرىمدىن خۇشاللىق ياش-

لىرى ئاقاتتى. لېكىن جەننەتتىلەر بىلەن دوزىخىلار ئايرىلىدىغان قىيامەت
كۈنىگە بەلكىم مىڭلارچە يىل بارلىقىنىمۇ بىلەتتىم.

چۈنكى ھەممە ئىش بەزى ئۈششاق ـ چۈششەك ئوخشىماسلىقلار بىلەن
ئۆلۈم ھەققىدە يېزىلغان سەھىپىلەردە غەززالىنىڭ، ئەل جەۋزىيەنىڭ ۋە
باشقا ئالىملارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولاتتى. كىتابلاردا ھەربىرى بىرەر چىگىش
مەسىلە ياكى پەقەت ئۆلگۈچىلا بىلىدىغان قاراڭغۇ سىر سۈپىتىدە تاشلىنىۋې-
تىلگەن نەرسىلەر ئەمدى تۈمەن مىڭ خىل رەڭدار نۇرلار بىلەن بىر ـ بىر -
لەپ پارتلاپ چىقىپ ئايان بولاتتى.

مانا بۇ ئاجايىپ يۇقىرىغا ئۆرلەش جەريانىدا كۆرگەن رەڭلەرنى قانداق
چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ پۈتۈن ئالەمنىڭ رەڭلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى،
ھەممە نەرسىنىڭ رەڭ ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. مېنى پۈتۈن نەرسىلەردىن
ئايرىغان كۆچىنىڭ رەڭلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى ھېس قىلغىنىمدەك،
ھازىر مېنى مېھرىبانلىق بىلەن قۇچاقلىغان، پۈتۈن ئالەمگە باغلىغان نەر-
سىنىڭمۇ رەڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ماندارىن رەڭلىك ئاسمانلارنى، يو-
پۇرماقتەك يېشىل رەڭلىك گەۋدىلەرنى، قەھۋە رەڭلىك توخۇملارنى، ھاۋا-
رەڭ ئەپسانىۋى ئاتلارنى كۆردۈم. ھەممە نەرسە مەن بىر قانچە يىللار ياقتۇرۇپ
قارىغان رەسىملەر ۋە ئەپسانىلاردىكىدەك ئىدى. شۇڭا ھەممە نەرسىنى ھەيـ-
رەت ۋە ھەيرانلىق بىلەن تونجى قېتىم كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتىم ھەممىدە
ئۇلار مەن كۆرگەن شەكىلدە، گويا مېنىڭ خاتىرىلىرىمدە مەۋجۇت ئىدى.
مەن خاتىرە دېگەن نەرسىنىڭ پۈتۈن ئالەمنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ۋە
پۈتۈن ئالەمنىڭمۇ ئالدىمدا ئېچىلغان چەكسىز ۋاقىت تۈپەيلى كەلگۈسىدە
ئالدى بىلەن مېنىڭ تەجرىبەم، ئاندىن مېنىڭ خاتىرەم بولىدىغانلىقىنى
چۈشىنەتتىم. بۇ رەڭ تەنتەنىسى ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكىنىمدە، نېمە ئۇ-
چۇندۇر بىر تار كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىن چىققاندەك راھەتلەنگەنلىكىمنىمۇ
چۈشەندىم: بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ھېچقانداق نەرسە چەكلەنگەن ئەمەس ئىدى
ۋە پۈتۈن زامانلارنى ۋە ماكانلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چەكسىز
ۋاقتىم ۋە ئورنۇم بار ئىدى.

بۇنى ئەقلىمگە كەلتۈرۈش بىلەنلا، ئۆزۈمنىڭ "ئۇ" نىڭ يېنىدا بول-
غانلىقىمنى قورقۇش ۋە خۇشاللىق ئىچىدە سەزدىم. ھېچنەرسە بىلەن سې-

لىشتۇرغىلى بولمايدىغان بىر قىزىل رەڭنىڭ بارلىقىنى شۇ چاغدا ئەيمە-
نىش ئىچىدە ھېس قىلدىم.

بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسە قىپقىزىل بولدى. بۇ رەڭنىڭ گۈزەل-
لىكى ئىچىمگە ۋە پۈتۈن ئالەمگە يېيىلغاندى. بۇ مەنزىرە ئىچىدە ”ئۇ“
نىڭغا خېلىلا يېقىنلاشقاندا، خۇشاللىقتىن يىغلىۋەتكۈم كېلەتتى. ئۇستىۋې-
شىم قان ئىچىدە تۇرغاندا بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن خىجالەت بول-
دۇم. ئەقلىمنىڭ يەنە بىر قىسمى ئۆلۈم قىسمەتلىرى بايان قىلىنغان كى-
تابلاردا ئوقۇغىنىمدەك، ”ئۇ“ ئەزرائىلنى ۋە باشقا پەرىشتىلىرىنى ئەۋەتىپ
مېنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلغانلىقىنىمۇ ئېيتاتتى.

ئۇنى كۆرەلەرمىدىم؟ ھاياجاندىن نەپەس ئالالماسلىقىم مۇمكىن دەپ
ئويلىدىم.

بۇ ھەممە يەرنى قاپلىغان ۋە ئالەمنىڭ پۈتۈن ھادىسىلىرىنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان شۇنداق ئاجايىپ ۋە گۈزەل بىر قىزىل ئىدىكى، ئۇنىڭغا يې-
قىنلاشقانلارنىڭمۇ ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلى-
قىنى ۋە مېنىڭ ”ئۇ“ نىڭغا شۇ قەدەر يېقىن تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئويلىغى-
نىمدا كۆزلىرىمدىن ياشلىرىم ئۈزلۈكسىز تۆكۈلمەكتە ئىدى.

لېكىن ”ئۇ“ نىڭ ماڭا ئانچە كۆپ يېقىنلاشمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم.
پەرىشتىلىرىدىن مېنى سورىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مېنى ماختاپ بەرگەنلى-
كىنى، ئۇنىڭمۇ مېنى ئۆزىنىڭ پەرمانلىرىغا ۋە مەنئى قىلغانلىرىغا ئىتا-
ئەتكار ياخشى بىر بەندە سۈپىتىدە كۆرۈپ دوست تۇتقانلىقىنى بىلدىم.

ئىچىمدە قوزغالغان خۇشاللىق ۋە ئاققان كۆز ياشلىرىم تويۇقسىز بىر
گۇمان بىلەن زەھەرلەندى. بۇ گۇماندىن دەرھال قۇتۇلۇش ئۈچۈن خاتىر-
جەمسىزلىك بىلەن تەشۋىشلىنىپ ”ئۇ“ نىڭدىن سورىدىم.

— ھاياتىمنىڭ كېيىنكى 20 يىلىدا ۋېنېتسىيىدە كۆرگەن كۇپپار
رەسىملىرىدىن تەسىرلەندىم. ھەتتا بىر مەزگىل ئۆز رەسىملىرىمنى ئۇلار-
نىڭ ئۇسلۇبىدا سىزىش نىيىتىدىمۇ بولدۇم، لېكىن بۇنىڭغا جۈرئەت قىلال-
مىدىم. كېيىن سېنىڭ ئالىمىڭنى، بەندىلىرىڭنى ۋە ئالەمدىكى كۆلەڭگەڭ
بولغان سۇلتانىمىزنى كۇپپارلارنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن سىزدۇردۇم.

”ئۇ“ نىڭ ئاۋازىنى ئەمەس، ماڭا بەرگەن جاۋابىنى ئۆز ئىچىمدە

ئەسلىدىم:

"مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ مېنىڭ."

ھاياجاندىن ئۆزۈمنى بېسىۋالالمىدىم.

— شۇنداق، ھەممە نەرسىنىڭ، مانا بۇلارنىڭ... بۇ ئالەمنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئىچىمدە "سىر" ياكى "مېھرىبانلىق" دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ قايسى بىرى ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالمىدىم.

پەرىشتىلەرنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىدىن، هازىرچە ئاسمانىنىڭ بۇ ئېگىز قەۋىتىدە مېنىڭ ھەققىمدە بىر قارارغا كېلىنگەنلىكىنى، لېكىن تۈمەن مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆلگەن روھلارنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن، بىز تۇغرۇلۇق ئاخىرقى قارارغا كېلىدىغان قىيامەت كۈنىگىچە بەرزاھدا① ھەممىمىزنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندىم. ھەممە نەرسىنىڭ كىتابلاردا يېزىلغىنىدەك داۋاملىشىشى مېنى مەمنۇن قىلاتتى. تۆۋەنگە چۈشۈپ دەپنە قىلىنىدىغان چاغدا، جەسىتىمگە يېڭىدىن قايتىپ كېلىشىم كېرەكلىكىنىمۇ كىتابلار ئارقىلىق ئېسىمگە ئالدىم.

لېكىن جەسىتىمگە يېڭىۋاشتىن كىرىشىمنىڭ بىر ئەدەبىي ئوخشىتىش ئىكەنلىكىنىمۇ دەرھال خۇداغا كەلتۈرۈلگەن شۈكۈر دەپ بىلدىم. مېنى پەخىرلەندۈرگەن ھەيۋەتلىك دەپنە قىلغۇچىلار جامائىتى نامازدىن كېيىن تاۋۇتۇمنى كۆتۈرۈپ دەرھال يېقىن جايدىكى كىچىك دۆڭلۈك قەبرىستانلىقىغا ماڭغاندا، ھەممىيلەن قايغۇغا چۆمگەن، ئەمما ئىنتايىن رەتلىك ئىدى! ئۇلارنى يۇقىرىدىن ئىنچىكە، يىپتەك سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان ھالدا كۆرمەكتە ئىدىم.

ئۆز ئەھۋالىمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتەي: رەسۇلۇللانىڭ "مۆمىنلەرنىڭ روھى جەننەت دەرەخلىرىنىڭ مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر قۇشتۇر" دېگەن ھەدىسىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، روھ ئۆلۈمدىن كېيىن ئاسماندا سەيلە قىلىپ يۈرىدۇ. ئەبۇ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ رىۋايەت قىلغىنىدەك، بۇ ھەدىس روھنىڭ قۇش شەكلىگە كىرىدىغانلىقى، ھەتتا بىر قۇش بولىدىغانلى-

---

① بەرزاھ — قىيامەتكىچە روھلار تۇرىدىغان "ئارىلىق ماكان" .

قىنى بىلدۈرمەستىن، بەلكى ئەل جەۋزىيەنىڭ ناھايىتى توغرا ئىپادىلىگە-
نىدەك روھنىڭ بىر قۇش بارالايدىغان يەرلەردە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرەت-
تى. پېرسپېكتىۋ ئۇسلۇبىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋېنېتسىيىلىك ئۇستازلار
”كۆرۈش بۇلۇڭى“ دەيدىغان ئورۇن ئەل جەۋزىيەنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئىس-
پاتلايتتى.

ئۆزۈم تۇرغان يەردىن، مەسىلەن، شۇ تاپتا قەبرىستانغا كىرگەن دەپنە
قىلغۇچىلار جامائەتنى بىر يىپتەك سوزۇلغان ھالەتتە كۆرەلەيتتىم. دې-
ڭىز قولتۇقى تاماملانغان يەردىن سارايبۇرنۇغا بۇرۇلۇش بىلەنلا يەلكەنلىرى
شامالدا كۆپۈپ كەتكەن بىر كېمىنىڭ بارغانسېرى تېز كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ
خۇددى بىر رەسىمنى كۆرگەندەك ئىشتىياق بىلەن تاماشا قىلماقتا ئىدىم.
گويا بىر مۇناردەك ئېگىزلىكتىن قارىغانلىقىم ئۈچۈن، پۈتۈن ئالەم مەن
سەھىپىلىرىنى بىر - بىرلەپ ۋاراقلىغان ئاجايىپ بىر كىتابنىڭ رەسىم-
لىرىنى ئەسلىتەتتى.

لېكىن مېنىڭ كۆرۈۋاتقانلىرىم بۇنداق ئېگىز يەرگە چىققان ۋە روھى
تېنىدىن ئايرىلمىغان بىر كىشىنىڭ كۆرىدىغىنىدىن ئارتۇق ئىدى. تاكى
قارشى قىرغاقتا ئۇسكۇدارنىڭ كەينىدىكى قەبرىلەر ئارىسىدىكى بىر باغ-
چىدا «ئۇزۇن ئېشەك»① ئويۇنى ئويناۋاتقان بالىلارنى، 12 يىل ئۈچ ئاينىڭ
ئالدىدا باش مىنىستىر راغىپ پاشا قوبۇل قىلىدىغان ۋېنېتسىيە ئەلچىسى-
نى دېڭىز بويىدىكى داچىسىدىن پاشانىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلگىنىمىزدە،
خارجى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ يەتتە جۈپ پالاقلىق قېيىقىنىڭ پوسفور بوغۇزىدا
نەپىس ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يېڭى لانگا بازىرىدا يوغان بىر قات-
كۆكنى خۇددى ئېمىۋاتقان بوۋاقنى قۇچاقلىغاندەك كۆتۈرۈۋالغان سېمىز
ئايالنى، ئالىي كېڭەشنىڭ جارچىسى رامىزان ئەپەندى ئۆلۈپ كەتكەندە،
”ئەمدى كۈشەندىدىن قۇتۇلدۇم“ دەپ خۇشال بولغىنىمنى، كىچىكىمدە ئانام
ھويلىغا كىرلارنى يېيىۋاتقاندا، موماملىنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ قىزىل كۆڭ-
لەكلەرگە قارىغىنىمنى، شەكۇرەنىڭ رەھمەتلىك ئانىسى بۇ قىزىغا تولغاق
يېپىشكە باشلىغاندا، كىندىك ئانىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ يىراق مەھەللىلەردە
چېپىپ يۈرگىنىمنى، 40 يىلنىڭ ئالدىدا يوقىتىپ قويغان قىزىل كەمە-

① «ئۇزۇن ئېشەك» — ئىتتىرىشىپ، ئۆرۈشۈپ ئوينايدىغان قوپال بىر ئويۇن — ت.

رىمنىڭ بار يېرىنى (ۋاسفى ئوغرىلاپ كېتىپتىكەن)، 20 يىل ئىلگىرى بىر قېتىم چۈشۈمدە كۆرگەن ۋە خۇدا بۇيرىسا ئەمدى ئاللاھ ماڭا جەننەت سۈرىتىدە كۆز ئالدىمدا نامايان قىلىدىغان ناھايىتى يىراقلاردىكى ئاجايىپ باغچىنى، گورى قەلئەسىدىكى ئىسيانچىلارنى باستۇرغان گۇرجىستان باش ۋالىيسى ئەلى بەگ ئەۋەتكەن كېسىلگەن كاللىلارنى، بۇرۇن ۋە قۇلاقلارنى شۇنداقلا ماڭا ماتەم بىلدۇرۇپ كەلگەن قوشنا ئاياللار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ھويلىدىكى ئوچاققا قاراپ مەن ئۇچۇن يىغلاۋاتقان گۇزەل شەكۈرەنىمۇ مانا ئەمدى كۆرەلمەيتتىم.

كىتابلاردا بۇرۇنقى ئالىملار روھنىڭ تۆت يۇرتى بارلىقىنى بايان قىلغان: 1. ئانا ۋۇجۇدى، 2. پانىي دۇنيا، 3. ھازىر تۇرۇۋاتقان بەرزاھ، 4. قىيامەتتىن كېيىن بارىدىغان جەننەت ياكى جەھەننەم.

بەرزاھتىن ئۆتكەنكى ۋە ھازىرقى زاماننى بىر ۋاقىتتا كۆرگىلى بولىدۇ ۋە روھ ئەسلىمىلەرنى داۋاملىق ساقلاپ قالغاندا، ماكان چېگرىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. لېكىن ھاياتنىڭ بىر تار كۆڭلەك ئىكەنلىكى زاماننىڭ ۋە ماكاننىڭ زىندانلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىلا چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئۆلۈكلەر ئالەمدە تەندە بولمىغان روھ قانداقچە ھەقىقىي بەختىيارلىقنىڭ سەۋەبى بولسا، ھايات كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئەڭ چوڭ بەختىيارلىقنىڭ روھسىز تەن ئىكەنلىكىنى ئەپسۇسكى ھېچكىم ئۆلمەي تۇرۇپ چۈشىنەلمەيدۇ. شۇڭا، چىرايلىق ئۆتكەن دەپنە مۇراسىمىم جەريانىدا، ئۆيدە مەن ئۇچۇن ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ بىھۇدە يىغلىغان قەدىرلىك شەكۈرەمگە ھەسرەت بىلەن قاراپ، ئۇلۇغ ئاللاھقا بىزلەرگە جەننەتتە تەنسىز بىر روھ ۋە پانىي دۇنيادا روھسىز بىر تەن بەرگەيسەن دەپ ئىلتىجا قىلىپ يېلىندىم.

# 38. ئۇستاز ئوسمان

ھاياتىنى مەردلىك بىلەن سەنئەتكە بېغىشلىغان مىجەزى تەرسا ياشاغان سەنئەتكارلارنى بىلىسىلەر. ئۇلار ھەممە ئادەمنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار ئېگىز بويلۇق، ئۇستىخانلىق ۋە ئورۇق كېلىدۇ. ھاياتىنىڭ قالغان قىسقا قىسمىنىڭ، شۇنداقلا ئۆتۈپ كەتكەن ئۇزۇن قىسمىنىڭ يەنە بىر تەكرارلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاسانلا تېرىكىپ ئاچچىقلىنىدۇ، ھەممە نەرسىدىن رەنجىيدۇ؛ ھەممە نەرسىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشنى خالايدۇ، ھەممە ئادەمنى ئەيىبۇھەنناس دېگۈزىدۇ. ھېچكىمنى، ھېچ نەرسىنى ياقتۇرمايدۇ. مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى.

16 ياشلىق شاگىرت ۋاقتىمدا، مەن بىلەن رەسىمخانىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بىرلىكتە رەسىم سىزىش شەرىپىگە نائىل بولغان ئۇستىلار ئۇستىسى نۇرۇللا سەلىم جانابلىرى 80 يېشىدا مانا شۇنداق بولۇپ قالغان ئىدى (لېكىن مەندەك ئاچچىقى يامان ئەمەس ئىدى). 30 يىلنىڭ ئالدىدا بىز دەپنە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ ئۇستا سىرىق ئەلىمۇ شۇنداق ئىدى (ئۇمۇ مەندەك ئورۇق ۋە ئېگىز ئەمەس ئىدى). ئۇ چاغلاردا رەسىمخانىلارنى باشقۇرغان بۇ مەشھۇر ئۇستازلارنىڭ كەينىدىن ئېيتىلغان تەنقىد ئوقلىرىنىڭ ھازىر مېنىڭ دۈمبەمگىمۇ شەپقەتسىزلەرچە ئېتىلىۋاتقىنىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن بىز توغرۇلۇق دېيىلىۋاتقان تېتىقسىز سەپسەتىلەرنىڭ ئەسلى ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. پاكىت مۇنداق:

1. ياقتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ھېچقانداق يېڭى نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق يېڭىلىقنى ياقتۇرمايمىز.

2. ئاچچىقى يامانلىق، ناخۇشلۇق ياكى باشقا كەمچىلىك بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئەقىلسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە ئەقىلسىزلەرگە لايىق مۇئامىلە

قىلىمىز. (لېكىن ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىش بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق ۋە ئاقىلانىلىق بولىدۇ.)

3. شاگىرتلىق ۋاقتىمدىن بېرى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگەن رەسساملىرىمدىن باشقا، كۆپچىلىكنىڭ ئىسمى ۋە چىرايلىرىنى ئۇنتۇپ، بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشۇم ئالجىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئىسىملار ۋە چىرايلارنىڭ ئەستە تۇتۇشقا ئەرزىمىگۇدەك دەرىجىدە رەڭدىن ۋە جۇلاسىدىن مەھرۇم بولغانلىقىدىندۇر.

ئەخمەقلىقى تۇپەيلىدىن ئاللاھ جېنىنى بالدۇرلا ئېلىپ كەتكەن يېزىنە تاغىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا، رەھمەتلىكنىڭ بىر چاغلاردا مېنى پەرەڭ ئۇستازلىرىنى دوراشقا مەجبۇرلاپ قانداق ئازابلىغانلىقىنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ باقتىم. ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىنمۇ مۇنداق ئويلىدىم: ئاللاھنىڭ سوۋغىتى بولغان ئەمالىق ۋە ئۆلۈم ماڭىمۇ ئانچە يىراق ئەمەس. تەبىئىيكى، مەن سىزغان رەسىملەر ۋە كىتابلار كۆزۈڭلارنى يورۇتقان، كۆڭلۈڭلاردىمۇ خۇرسەنلىك گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغانغا قەدەر مېنى ئەسلەيسىلەر. لېكىن ۋاپاتىمدىن كېيىنمۇ كىشىلەرنىڭ مېنى بىلىپ، ئەسلەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا، ياشانغىنىمدا مېنى خۇشال قىلغان ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن:

1. بالىلار (ئۇلار پۈتۈن ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى يەكۈنلەيدۇ.)

2. كۆڭۈللۈك خاتىرىلەر. (چىرايلىق بەچچىلەر، گۈزەل ئاياللار، چىرايلىق رەسىملەرنى سىزىش ۋە دوستلۇق.)

3. ھىراتلىق ئۇستازلارنىڭ كلاسسىك رەسىملىرىنى تاماشا قىلىش. (بۇنى بىلمەيدىغانلارغا چۈشەندۈرۈش تەس.)

مانا بۇلارنىڭ ئەڭ ئاددىي مەنىسى مۇنداق: سۇلتانىمىزنىڭ مەن رەھبەرلىك قىلغان رەسىمخانىسىدا ئەمدى بۇرۇنقىدەك كارامەت رەسىملەرمۇ سىزىلمايدۇ. ئىشلارنىڭ تېخىمۇ چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىمۇ ھەممىگە ئايان. پۈتۈن ئۆمرىمىزنى بۇ ئىشقا ئىشتىياق بىلەن بېغىشلىغان بولساقمۇ، ھەممە نەرسە زاۋالغا يۈز تۇتۇپ، تۈگەيدۇ. ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ گۈزەللىك دەرىجىسىگە بۇ يەردە ناھايىتى كەم ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزنىمۇ ھەسرەت بىلەن ھېس قىلىمەن. بۇ ھەقىقەتلەرنى كەمتەرلىك بىلەن ئېتىراپ

قىلغىنىمىزدا تۇرمۇشمۇ بىز ئۈچۈن ئاسانغا توختايدۇ. دەرۋەقە، كەمتەرلىك تۇرمۇشنى قولايلاشتۇرىدىغان بىر پەزىلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا شۇقەدەر قارشى ئېلىنىدىغان گۈزەل ئەخلاقتۇر.

شاھزادىلىرىمىزنىڭ سۈننەت توي مۇراسىمىنى بايان قىلىدىغان توينامىدا مىسىر باش ۋالىيسى سۈننەت قىلىنغان بالىغا ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن نەپىس ئىشلەنگەن، نەقىشلەنگەن ئالتۇن زەنجىرلىك، ياقۇت، زۇمرەت ۋە فىرۇزە قويۇلغان بىر قىلىچنى قىزىل دۇخاۋا يېپىلغان پەتنۇسقا قويۇپ ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، يەنە يۈگىنى ۋە زەنجىرلىك تىزگىنى ئالتۇندىن سوقۇلغان، مەرۋايىت ۋە پىرىدوت تېشىدىن كۆز قويۇلغان ئۆزەڭگىلىكى بار، تۇمشۇقىنىڭ ئۈستى ئاق قاشقىلىق، تۈكلىرى كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدىغان، شاش، دىمىغى ئۈستۈن ۋە چاقماقتەك يۈگۈرۈك بىر ئەرەب ئېتىنى ۋە ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن نەقىشلىك، ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن، قىزىل دۇخاۋا بىلەن قاپلانغان پۆپۈكلۈك ئېگىرىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر رەسىمنى مانا شۇنداق كەمتەرلىك بىلەن بېزەۋاتاتتىم. بۇ رەسىمنىڭ لايىھەسىنى مەن تۈزگەن بولۇپ، ئېتىنى، قىلىچىنى، شاھزادىسىنى ۋە ئۇلارنى تاماشا قىلىۋاتقان ئەلچىلەرنى شاگىرتلارغا بىر - بىرلەپ بوياتقان ئىدىم. مەن يەنە رەسىمنىڭ ئوڭ - سولىغا موي قەلىمىمنى سۈرۈپ يۈرۈپ، ئات بەيگە مەيدانىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ بەزى ياپراقلىرىغا سۆسۈن رەڭ بەردىم. تاتارخانىنىڭ ئەلچىسىنىڭ تۈگمىلىرىگە سېرىق رەڭ سۈركىدىم. ئاتنىڭ تىزگىنلىرىگە ناھايىتى ئاز ئالتۇن سۈيى بېرىۋاتسام، ئىشىك قېقىلدى، شۇھامان توختاپ قالدىم.

كەلگەن كىشى بىر ئوردا خىزمەتكارى ئىكەن، مېنى ئوردىدىن مالىيە ۋەزىرى چاقىرتىپتۇ. كۆزلىرىم يېقىملىق قىچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى. لوپا ئەينىكىمنى چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا سالدىم - دە، خىزمەتكار يىگىت بىلەن ئىشخانىدىن چىقتىم.

ناھايىتى ئۇزۇن ئىشلىگەن ئادەمگە كوچىلاردا مېڭىش نېمىدېگەن راھەت! ئالەم ئاللاھ تەرىپىدىن گويا تۈنۈگۈنلا يارىتىلغاندەك يېپيېڭى ۋە ئاجايىپ مۆجىزىدەك كۆرۈنەتتى.

بىر ئىتنى كۆردۈم، ئۇنىڭ تۇرقى پۈتۈن ئىتلارنىڭ رەسىملىرىدىن

مەنىلىك ئىدى. بىر ئاتنى كۆردۈم، ئۇستا رەسساملىرىم ئاتنىڭ سىياقىنى
ئۇنىڭ سىياقىدىن ياخشىراق سىزىدۇ. ئات بەيگە مەيدانىدا بىر چىنار دەرى-
خىنى كۆردۈم، بۇ يۇقىرىدا مەن بايان قىلغان رەسىمدىكى ياپراقلىرىغا سۆ-
سۈن رەڭ سۈركىگەن چىنار دەرىخى ئىدى.

ئۆتكەن ئىككى يىلدا مەن ئەنە شۇ بەيگە مەيدانىدىن ئۆتكەن كۆرەكلەر
تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرنى سىزغان ئىدىم. مانا ئەمدى شۇ بەيگە مەيدانىدا
كېتىۋېتىپ، گويا ئۆزۈم سىزغان رەسىمنى دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس
قىلدىم. مەسىلەن، بىر كوچىغا كىرگەندە، ئەگەر پەرەڭ رەسىمدە بولساق،
رامكىدىن ۋە رەسىمدىن چىقىپ كېتىمىز. ئەگەر بىز ھىراتلىق ئۇستازلار-
نى دوراپ سىزغان رەسىمدە بولساق، ئاللاھ بىزنى يۇقىرىدىن كۆرگەن يەر-
گە يېتىپ بارىمىز. ئەگەر جۇڭگو رەسىمدە بولساق، رەسىمدىن زادى چى-
قالمايمىز، چۈنكى جۇڭگولۇقلارنىڭ رەسىملىرى چەكسىز داۋاملىشىپ كې-
تىۋېرىدۇ.

ماليە ۋەزىرى بىلەن بېرىلىدىغان ئىش ھەققىلىرى، رەسساملار سۇل-
تانىمىزغا ئاتاپ تەييارلاۋاتقان ھەدىيەلەر، كىتابلار، نەقىشلىك تۆگە قۇشى
تۇخۇملىرى، رەسساملارنىڭ سالامەتلىكى، ئامانلىقى ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقى،
كېرەكلىك بويۇملار، ئالتۇن قەغەز ۋە باشقا ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش
مەسىلىلىرى، ئادەتتىكى شىكايەتلەر ۋە تەلەپلەر، جاھان پاناھى پادىشاھى-
مىزنىڭ مىجەز. تەلەپ، خۇرسەنلىك ۋە بۇيرۇقلىرى، مېنىڭ كۆزلىرىم، لو-
پا ئەينەكلىرىم، بەل ئاغرىقلىرىم، ماليە ۋەزىرىنىڭ پەسكەش كۈيئوغلى ۋە
ئالىتاغىل مۈشۈك ھەققىدە پاراڭلاشقاچ خىزمەتكار يىگىت مېنى ئالىي كې-
ڭەشمە زالىغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى. گەپ ـ سۆز قىلىشماي خاس باغچىغا
كىردۇق. بىزدىنمۇ جىمجىت دەرەخلەر ئارىسىدىن دېڭىز بويىغا قاراپ گۇ-
ناھكاردەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاۋايلاپ چۈشتۇق. ساھىل داچىسىغا يې-
قىنلاپ كېتىۋاتاتتۇق. ئۆزۈمگە، دېمەك سۇلتانىمىزنى كۆرىدىكەنمەن،
دەيتتىم. لېكىن يولدىن چىقتۇق ۋە ئۈچ ـ تۆت قەدەم مېڭىپ، قېيىقلار تۇ-
رىدىغان يەرنىڭ كەينىدىكى تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر بىنانىڭ ئەگمە شە-
كىللىك دەرۋازىسىدىن كىردۇق. مۇھاپىزەتچىلەر ناۋايخانىسىدىن نان پۇرى-
قى كېلىپ تۇراتتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىكى قىزىل فورمىلىق مۇھا-

پىزەتچىلەرنى كۆردۈم.

مالىيە ۋەزىرى بىلەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقى بىر ئىشخانىدا تۇراتتى: ئۇلار پەرىشتە بىلەن شەيتان ئىدى!

سۇلتانىمىزنىڭ ئەمرى بىلەن ئوردا باغچىسىدا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندىغان، مەھبۇسلارنى قىيىن - قىستاققا ئالىدىغان، سوئال - سوراق قىلىندىغان، تاياق بىلەن ساۋايدىغان، كۆزنى ئويىدىغان، دەررىگە باسىدىغان ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى. ماڭا گويا بىر مېھمانسارايى ھۇجرىسىدا بىللە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان بىر نەس باسقان ياتاقدىشىم ماڭا بىر تەسىرلىك بىرەر ھېكايە ئېيتىپ بېرىدىغاندەك تۇيۇلدى.

لېكىن مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەمەس، بەلكى مالىيە ۋەزىرى سۆز باشلىدى:

— سۇلتانىمىز بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ناھايىتى مەخپىي تۇ-تۇشنى تەلەپ قىلغان بىر ئەلچىلىك ھەيئىتىنىڭ ھەدىيەلىرىدىن بىرى سۇ-پىتىدە بىر كىتاب تەييارلىتىلىشىنى ماڭا ھاۋالە قىلغانىدى، — دېدى ئۇ خىجالەت بولغان ھالدا، — بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇش تەلەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، كىتابنى شاھنامەچىلەر باشلىقى ئۇستاز لوقمانغا يازدۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەنىدەك، كامالەتكە يەتكەن سىزدەك ئۇستازنىمۇ ئارىلاشتۇ-رۇشنى خالىمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە شاھزادىلەرنىڭ سۈننەت تويىنى بايان قىلىدىغان تويىنامىغا پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن كىرىش-كەنلىكىڭلارنى تەقدىرلىدى.

ئىشخانىغا كىرىش بىلەنلا بىرەر پەسكەش ماڭا بوھتان چاپلىغانمىدۇ، "بۇ رەسىمدە كۇپۇرلۇق بار، ئۇ رەسىمدە سىزنى مەسخىرە قىلىدىغان مەز-مۇنلار بار" دەپ سۇلتانىمىزنى ئىشەندۇرگەنمىدۇ، ياشىنىپ قالغىنىمغا قا-رىماي ئىسكەنجىگە ئېلىنارمەنمۇ، دېگەنلەرنى ۋەھىمە باسقان ھالدا خىيا-لىمدىن كەچۈردۈم. ئەمما شۇتاپتا سۇلتانىمىزنىڭ مەندىن باشقا بىرىگە كى-تاب ھاۋالە قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلۈمنى ئېلىشقا تىرىشىۋاتقان مالىيە ۋە-زىرىنىڭ سۆزلىرى ماڭا ھەسەلدىنمۇ شېرىن بىلىنىۋاتاتتى. ئۇ كىتابنىڭ مەن ياخشى بىلىدىغان مەزمۇنىنىمۇ ئاڭلىدىم، ئەمما بىرەر يېڭى مەزمۇنىد-

مۇ ئۇچراتمىدىم. ئەرزۇرۇملۇق نۇسرەت موللا ھەقىقىدىكى پىتنە-ئىغۋالاردىنمۇ ئاز - تولا خەۋىرىم بار ئىدى، رەسىمخانىدىكى پۈت تىپىشىشلەرنىمۇ ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئوبدان بىلەتتىم.

گەرچە، بىر سوئالنىڭ جاۋابىدىن خەۋىرىم بولسىمۇ، يەنىلا شۇ سوئالنى سوراپ باققۇم كەلدى، يەنى كىتابنى تەييارلاشقا كىم مەسئۇل ئىكەنلىكىنى سورىدىم.

— بىلگىنىڭىزدەك، يېزنە تاغا جانابلىرى، — دېدى مالىيە ۋەزىرى ۋە كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ قوشۇمچە قىلدى، — ئۇنىڭ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمىگەنلىكىنى، ئۇنى باشقا بىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلمىسىزغۇ دەيمەن؟

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم بالىلارچە ساددىلىق بىلەن ۋە جىم تۇردۇم.

— سۇلتانىمىز بۇ ئىشقا ئىنتايىن غەزەپلەندى، — دېدى مالىيە ۋەزىرى.

— يېزنە تاغا جانابلىرى دېگەن بۇ ھاماقەت كالتە پەم ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە بىلمىدىن كۆپرەك تەقلىدچىلىك، ئەقلىدىن كۆپرەك ھەۋەس ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بولغاچقا، ئۇستا رەسساملار ئۇنىڭ كەينىدىن مەسخىرە بىلەن كۇلۇشۇپ غەيۋەت قىلىشاتتى. دەرۋەقە دەپنە مۇراسىمىدا بىر سېسىق پۇراقنى سەزگەنىدىم. ئەجىبا ئۇ قانداق ئۆلتۈرۈلگەندۇ؟

مالىيە ۋەزىرى پاجىئەنى بايان قىلدى. يا رەببىم، بىزلەرنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، قاتىل كىم بولغىيدى؟

— سۇلتانىمىزنىڭ بىر ئەمرى بار، — دېدى مالىيە ۋەزىرى، — خۇدادى تويىنامىگە ئوخشاشلا، بۇ كىتابىڭىزمۇ بالدۇرراق تاماملىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

— يەنە بىر ئەمرىمۇ بار، — دېدى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى، — بۇ يىرگىنچلىك قاتىل رەسساملار تارمىقى ئىچىدە بولسا، ئۇ بەتنىيەت ئىبلىسنىڭ تېپىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھەممىگە ئىبرەت بولغۇدەك جازا بېرىلىدۇكى، ھېچكىم قايتا سۇلتانىمىزنىڭ كىتابىغا تۇس-

قۇنلۇق قىلىشنى، رەسسامنى ئۆلتۈرۈشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان بولىدۇ.

مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ چىرايىدا سۇلتانىمىز جىنايەتكارغا بېرىدىغان قورقۇنچلۇق جازانى بىلىدىغاندەك بىر ھاياجان ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

بۇ ئىككىيلەنگە بۇ ۋەزىپىلەرنى سۇلتانىمىزنىڭ تېخى يېڭىلا ۋە بىر ۋاقىتتا، سۇلتانىمىزنىڭ شۇتاپتا غەزىپىنى باسالماي، بۇ ئىشنى بىرلىكتە بېجىرىش ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى مەجبۇرلىغانلىقىنى چۈشەندىم ۋە كۆڭلۈمدە سۇلتانىمىزغا نىسبەتەن ھەم ھەيرانلىق، ھەم زىيادە ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالدى. بىر يىگىت قەھۋە ئېلىپ كىردى، بىردەم ئولتۇردۇق.

ئۇلار يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن، رەسسام ۋە كىتابتىن خەۋىرى بار بىر جىيەنى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئىسمى قارا ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇنى تونۇيدىغان ياكى تونۇمايدىغانلىقىمنى سورىغانىدى، جاۋاب قايتۇرمىدىم. ئۇلار يەنە: ئۇ يېقىندا پارس ئېلىدىكى سەرھات پاشانىڭ يېنىدىن يېزنە تاغىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىستانبۇلغا قايتىپ كەپتۇ (مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقى ماڭا شۈبھىلىك قاراپ قويدى)، ئىستانبۇلدا يېزنە تاغىسىغا خېلىلا يېقىنلىشىپ، ئۇ تەييارلاۋاتقان كىتابنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپتۇ، ئۇ نازاكەتلىك ئەپەندى قەتلە قىلىنغاندىن كېيىن، يېزنە تاغىسىنىڭ ئۆيىگە يېرىم كېچىلەردە بۇ كىتابنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشىپ بەرگىلى كېلىدىغان رەسساملاردىن گۇمانلانغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئۇ بۇ ئۇستا رەسساملار مەزكۇر كىتابقا سىزغان رەسىملەرنى كۆرۈپتىكەن، يېزنە تاغىنىڭ قاتىلى بۇ رەسىملەردىن بىرىنى، يەنى ئەڭ كۆپ ئالتۇن ئىشلىتىلگەن سۇلتانىنىڭ رەسىمىنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، دېدى. بۇ ياش يېزنە تاغىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئوردىدىن ۋە مالىيە ۋەزىرىدىن ئىككى كۈن يوشۇرغانلىقى، شۇ ئارىلىقتا يېزنە تاغىسىنىڭ قىزى بىلەن شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن دەپ قارالغان شۈبھىلىك نىكاھنى ئالدىراپ - سالدىراپ قىلدۇرۇپلا ئۆيىگە كىرىۋالغانلىقى ئۈچۈن، قارادىن ئىككىلىسى گۇمانلىناتتى.

— ئەگەر رەسساملىرىمىزنىڭ ئۆيلىرى، ئىشخانىلىرى ئاختۇرۇلۇپ،

يوقالغان رەسىم ئۇستا رەسساملىرىمىزنىڭ قايسى بىرىدىن چىقسا، قارانىڭ توغرا ئىكەنلىكى شۇئان مەلۇم بولىدۇ، — دېدىم مەن، — لېكىن ئۇلار مې-نىڭ قەدىرلىك بالىلىرىم، ھەممىسى كامالەتكە يەتكەن رەسساملار، مەن ئۇلارنى شاگىرتلىق ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ تونۇيمەن، كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر جانغا زامىن بولمايدۇ.

— زەيتۇننىڭ، لەيلەكنىڭ، كېپىنەكنىڭ، — دېدى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى، مەن ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن قويغان ئەركىلەتمە ئىسىملىرىنى مەسخىرە بىلەن قوللىنىپ، — ئۆيلىرىنى، ئۆۋلىرىنى، ئىش ئورۇنلىرىنى، بولسا دۇكانلىرىنى، ھەممە يېرىنى ئاخىرىغىچە بىر-بىرلەپ ئىزدەيمىز. جۈملىدىن قارانىڭكىنىمۇ... — ئۇ بىر ئامالسىزلىق ئىپادى-سى كۆرسىتىپ يەنە، — بۇ قىيىن ئەھۋالدا خۇداغا شۈكۈر، قازى جانابلى-رىدىن سوراق ۋاقتىدا قىيىن-قىستاققا ئېلىش ئىجازىتى ئالالىدۇق. ئۇ رەسساملار تارمىقىغا يېقىن بولغان ئىككىنچى كىشىنىڭمۇ قەتلە قىلىنغانلى-لىقى شاگىرتىدىن ئۇستىسىغىچە پۈتۈن رەسساملار ئۇستىدە گۇمان پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن قىيىن-قىستاققا ئېلىش قانۇنغا ئۇيغۇن، — دېدى.

سۈكۈت ئىچىدە شۇنى ئويلىدىمكى، بىرىنچىدىن، ئىسكەنجىگە ئېلىش قانۇنغا ئۇيغۇن دېگىنى بىلەن، سۇلتانىمىزنىڭ ئىجازىتى يوق ئىدى؛ ئىك-كىنچىدىن، قازىنىڭ نەزىرىدە، بارلىق رەسساملار گۇمانلىق بولغاچقا، تار-ماق باشلىقى بولغىنىم ئۈچۈن، ئارىمىزدىكى جىنايەتچىنى چىقىرىپ بەر-مىدى دېگەن ئەيىبنىڭ ماڭا ئارتىلىشى ئېنىق ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، قول ئاستىمدىكى رەسساملار تارمىقىنىڭ رەسساملىرىنى، شۇنداقلا، كېيىنكى يىللاردا ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلغان قەدىرلىك كېپىنەك، زەيتۇننى ۋە باش-قىلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن ئاۋۋال مەندىنمۇ ئوچۇق-ئاشكارە ياكى ئاۋازسىز تەستىق تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى.

— سۇلتانىمىز يالغۇز تويىنامىنىڭلا ئەمەس، ھازىر چالا قالغان بۇ كى-تابنىڭمۇ ئۆز لايىقىدا تاماملىنىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، — دېدى مالىيە ۋەزىرى، — قىيىن-قىستاقلار ئۇستازلارنىڭ قوللىرىغا، كۆزلى-رىگە، ماھارەتلىرىگە زىيان يەتكۈزەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمىز، — ئۇ ماڭا قارىدى، — شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— تېخى يېقىندا بۇنداق بىر ئەندىشە بولغانىدى، — دېدى مۇھاپىزەت-چىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاتتىق ئاۋاز بىلەن، — رېمونت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زەرگەرلەر بىلەن قويمىچىلاردىن بىرى شەيتاننىڭ ئازدۇ-رۇشى بىلەن سۇلتانىمىزنىڭ ھەمشىرىسى نەجمىيە سۇلتاننىڭ سېپى يا-قۇتتىن ئىشلەنگەن پىنجاننى ئەخمەقلىق قىلىپ ئوغرىلاپ كەتكەن. ھەم-شىرىسىنىڭ بۇ پىنجاننى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، قاتتىق ھەسرەتلەنگىنىنى كۆرگەن سۇلتانىمىز، بۇ ئوغرىلىق قىلمىشى ئۈسكۈدار ئوردىسىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن سۇلتان بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇردى، زەر-گەرلەر ۋە قويمىچى ئۇستىلارنىڭ ھۈنەرلىرى، كۆزلىرى ۋە بارماقلىرى ئۇ-چۇن سۇلتانىمىزغا ئوخشاش نەجمىيە سۇلتاننىڭمۇ بىئارام بولىدىغانلىقى-نى چۈشىنەتتىم. شۇئان قويمىچى ئۇستىلارنى يالىڭاچلاپ باغچىدىكى مۇز توڭلاپ كەتكەن كۆلچەكنىڭ كاچكۇللىرى ئارىسىغا تاشلاتتىم. ئارىدا بىر چىقىرىپ ئۇلارنى يۈزلىرىگە، قوللىرىغا زىيان يەتمەيدىغان ئۇسۇلدا ئېھتى-يات بىلەن، ئەمما دەھشەتلىك قامچىلاتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي شەيتانغا ئەگەش-كەن قويمىچى ئىقرار قىلىپ جازاغا رازى بولدى. ئۇستا قويمىچىلار مۇزدەك سۇغا پاتۇرۇلۇپ سوغۇقتا توڭۇپ شۇنچە تاياقلارنى يېسىمۇ، پاك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋە بارماقلىرى ھېچقانداق مېيىپ بولمىدى. ھەتتا پادىشاھ ماڭا ھەمشىرىسىنىڭ ناھايىتى خۇرسەن بولغانلىقىنى، قوي-مىچىلار ئارىسىدىكى ناچار ئۇرۇق تازىلانغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تېخىمۇ پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىنى ئېيتتى.

مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ رەسساملىرىمىزغا قويمىچىلار-نىڭكىدىنمۇ بەتتەر مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ سۇلتانىمىز-نىڭ كىتاب ئىشلىتىش ئىشتىياقىغا ھۆرمەت قىلسىمۇ، ئەسلىي ئېتىبار-لىق ھۈنەر خەتتاتلىق دەپ قاراپ، نۇرغۇن كىشىلەردەك نەقىشنى، بولۇپمۇ رەسىمنى دىنسىزلىقنىڭ ئۆيچۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرىدىغان ۋە دەرۋەقە جازالىنىشقا تېگىشلىك كېرەكسىز نەرسە، ھەتتا خوتۇن كىشىگە لايىق ئىش دەپ كۆزگە ئىلمايتتى.

— سىز پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئىشلەۋاتقاندا، قەدىرلىك رەسساملى-رىڭىز ۋاپاتىڭىزدىن كېيىن كىم باش رەسسام بولىدۇ دەپ ھىيلە - مىكىر

ئىشلىتىشكە باشلاپتۇ، — دېدى ئۇ مېنى غىدىقلاپ.

— مەن بىلمەيدىغان بىر ئىغۋا، ماڭا ئىشلىتىلگەن يېڭى بىر ھىيلە - مىكىر بارمىكىن؟— ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ سۈكۈت قىلدىم. ماڭا ئۇقتۇرماي رەھمەتلىك كالتە پەمگە كىتاب تەييارلاتقانلىقى ئۈچۈن مالىيە ۋەزىرىگە ياخشى كۆرۈنۈش ھەمدە ئۈچ - تۆت تەڭگىنى ئارتۇق تېپىش ئۈچۈن مەخپىي ھالدا بۇ كىتابنىڭ رەسىملىرىنى سىزغان نانكور رەسساملىرىمدىن قاتتىق نەپرەتلەنگىنىمنى مالىيە ۋەزىرى ئوبدانلا سەزگەنىدى.

رەسساملىرىمغا قانداق جازا، قىيىن - قىستاقلارنى قوللىنار؟ بۇ ھەقتە بىرھازا ئويلىنىپ قالدىم ۋە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ سۈكۈتتە تۇردۇم. سوئال - سوراق قىلىپ قىيىنىغاندا تېرىسىنى شىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئەس-لىگە كەلمەيدۇ؛ ئىسپانچىلارغا قوللانغاندەك قوزۇققىمۇ ئولتۇرغۇزمايدۇ، چۈنكى، بۇ كۆپكە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئۆلۈم جازاسى؛ بۇ رەسساملارنىڭ قول، پۇت، بارماقلىرىنى ھاپىلا - شاپىلا سۇندۇرۇپ مە-جىۋىتىشكىمۇ بولمايدۇ. مەن ئىستانبۇل كوچىلىرىدا پات - پات كۆرۈپ تۇرىدىغان يەكچەشمىلەردىن بىلىشىمچە، كېيىنكى چاغلاردا كۆپ قوللى-نىلغاندەك، ئۇستا رەسساملارنىڭ بىر كۆزىنى ئويۇۋېلىشمۇ مۇۋاپىق ئە-مەس. شۇڭا، قەدىرلىك رەسساملىرىمنى خاس باغچىنىڭ خىلۋەت بۇلۇڭىدا، مۇزدەك كۆلچەكنىڭ ئىچىدىكى نىلۇپەرلەرنىڭ ئارىسىدا دىر - دىر تىت-رەۋاتقاندەك ۋە بىر - بىرىگە نەپرەت بىلەن قارىشىۋاتقاندەك كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم - دە، بىردىن كۆلۈۋەتكۈم كەلدى. لېكىن زەيتۇننىڭ يانپاشلىرى قىزىق تۆمۈر بىلەن داغلانغاندا قانداق چىرقىرايدىغانلىقىنى، كىشەنلەنگەن جان كېپىنىكىمنىڭ تېنىنىڭ سولىشىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم قارتتىدە قىلدى. ماھارەتكە پىشقان ۋە رەسىمگە بولغان ئىشتىياقىدىن تە-سىرلىنىپ، بەزىدە كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان جان كېپىنىكىمنىڭ ئوغرى شاگىرتلار قاتارىدا دەررىگە باستۇرۇلۇشىنى ھەتتا ئويلاشقىمۇ پېتىنالماي، تۇرغان ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم.

قېرىلىقتىكى ئەقلىم ئۆز ئىچىدىكى چوڭقۇر سۈكۈناتنىڭ سېھرى بە-لەن بىرھازا جىم بولۇپ قالدى. بىر چاغلاردا ئۇلار بىلەن بىللە ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئىشتىياق بىلەن رەسىم سىزاتتۇق.

— ئۇلار سۇلتانىمىزنىڭ ئەڭ ئۇستا رەسساملىرى، ئۇلارنى ھەرگىز زەخىملەندۇرمەڭلار، — دېدىم مەن.

مالىيە ۋەزىرى خۇرسەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىنىڭ يېنە بىر بېشىدىكى ئىش ئۇستىلىدىن بىر توپلام قەغەزنى ئېلىپ كېلىپ ئالدىمغا قويدى ۋە ئىشخانىنى قاراڭغۇ كۆرۈپ، يېنىمغا شاملىرىنىڭ يالقۇنلىرى لىپىلداپ كۆيۈۋاتقان ئىككى چوڭ شامداننى ئەكىلىپ قويدى. بۇلار ھېلىقى رەسىملەر ئىدى.

لوپا ئەينەكنى ئۇستىدە ئۇياق - بۇياققا سۈرۈپ كۆرگەنلىرىمنى سىزلەرگە قانداق چۈشەندۇرسەم بولار دەپ ئويلىسام، كۆڭلۈمگە كەلگەنلىرىم كېلەتتى. لېكىن بۇ ئەھۋالنىڭ كۈلكىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاچچىقىم كەلگەنىدى، ئەمما بۇمۇ راست دەپ قارىلىدىغان نەرسىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، يېزنە تاغا جانابلىرى گويا مېنىڭ ئۇستا رەسساملىرىمغا، "ئۆزۈڭلارغا ئوخشىتىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭلارنى باشقا بىرىنىڭ ئورنىدا بىلىپ سىزىڭلار" دېگەنىدى. گويا ئۇلارنى مەۋجۇت بولمىغان خاتىرىلىرىنى ئەسلەشكە، شۇنداقلا ھېچقاچان ئۇمىد قىلىپ باقمىغان بىر كەلگۈسىنى چۈشىدە كۆرۈپ، شۇنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا مەجبۇرلىغانىدى. تېخىمۇ ئەشەنگۈسىز بولغىنى، بۇ بىمەنىلىكلەر ئۈچۈن بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكەنلىكى ئىدى.

— بۇ رەسىملەرگە قاراپ قايسى رەسىملەرنى قايسى رەسسام سىزغانلىقىنى ئېيتالامسىز؟— دېدى مالىيە ۋەزىرى.

— ھەئە، — دېدىم غەزەپ بىلەن، — بۇ رەسىملەرنى قەيەردىن تاپتىڭىز؟

— ئۇلارنى قارا ئۆزى ئېلىپ كېلىپ تاپشۇردى، — دېدى مالىيە ۋەزىرى، — ئۇ ئۆزىنى ۋە رەھمەتلىك يېزنە تاغىسىنى گۇناھسىزغا چىقىرىشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

— ئۇنى سوراق قىلغاندا ئىسكەنجىگە ئېلىڭ، — دېدىم، — شۇنداق قىلغاندا رەھمەتلىك يېزنە تاغىمىزنىڭ يەنە قانداق مەخپىيەتلىرى بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

— بىز ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتۇق، — دېدى ئوردا مۇھا-

پىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقى ھەۋەس بىلەن، — بىر ئازدىن كېيىن يېڭى كۈيئوغۇلنىڭ پۈتۈن ئۆيىنى ئاختۇرىمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدا غەلىتە بىر ئېچىلىش، بىر تۈرلۈك تەپتارتىش ۋە ھۆرمەت ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇشتى.

كەينىمگە قارىمايلا چۈشەندىمكى، جاھان پاناھى سۇلتانىمىز ئالىيلىرى كىرگەندى.

# 39. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر

كۆپچىلىك بىرلىكتە يىغلاش نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك! بىچارە قەدىرلىككىم شەكۇرەنىڭ دادىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، يار - بۇرادەرلەر ئارىسىدىكى بارلىق ئاياللار ئۆيگە توپلىشىپ يىغا - زار قىلىشىۋاتقاندا، مەنمۇ ئاھ ئۇرۇپ كۆز يېشى تۆكتۇم. بەزىدە يېنىمدىكى گۈزەل قىزغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىسام، بەزىدە پۈتۈنلەي باشقىچە ھېسسىياتتا ئۆزۈمنىڭ بەختسىز ھاياتىم ۋە دەردلىرىمگە ھەسرەت قىلىپ كۆز يېشى تۆكەتتىم. ھەپتىدە بىر قېتىم مۇشۇنداق يىغلىيالىسام، كۈن بويى كوچىلاردا جان بېقىش كويىدا پالاقلاپ يۈرگىنىمنى، سېمىزلىكىم ۋە يەھۇدىي بولغانلىقىم ئۈچۈن كەمسىتىلگەنلىرىمنى ئۇنتۇپ، ھەر ۋاقىتتىكىدەك ۋات - ۋات بىر ئېستېر بولىدىغانلىقىمنى ئويلايتتىم.

جامائەت ئارىسىدا يۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ بىر قارا قوي ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇغان ھالدا تويغۇچە يەپ - ئىچىۋالالايدىغانلىقىم ئۈچۈن مەرىكىلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. ھېيت - بايراملاردا قالغان - قاتقان يالپۇز مۇرابباسى، باداملىق باقالى ۋە مېۋە قاقلىرىنى، سۈننەت تويلىرىدا گۆشلۈك پولۇ بىلەن پىنجان قاتلىمىلىرىنى① يېيىشنى، پادىشاھنىڭ ئات بەيگە مۇراسىملىرىدا گىلاس شەربىتى ئىچىشنى، تويلاردا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى يېيىشنى، دەپنە مۇراسىملىرىدىن كېيىن قولۇم - قوشنىلار كىرگۈزگەن كۈنجۈت، ھەسەل، ئىپار تەملىك ھالۋىلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرەتتىم.

ئۈن - تىنسىز كارىدورغا چىقىپ ئاياغ كىيىملىرىمنى كىيدىم. پەسكە چۈشۈپ، قازناققا كىرىشتىن ئاۋۋال ئىغىلنىڭ يېنىدىكى ئۆينىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، دەرھال يۈگۈرۈپ

---

① دۈگىلەك قىيمىلىق تورمەل — ت.

بىرىپ ئىچىگە قارىدىم ۋە شەۋكەت بىلەن ئورخاننىڭ يوقىرىدا يىغا - زار قىلىشىۋاتقان ئاياللاردىن بىرىنىڭ ئوغلىنى تانا بىلەن باغلاپ قويۇپ، رەھىمدىلىكىنىڭ موي قەلىمى بىلەن يۈزىگە بوياقلارنى سۈركەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شەۋكەت بالىنى "قاچماقچى بولىدىكەنسەن، مۇشۇنداق ئۇرىمىز" دەپ بىر كاچات سالدى.

— بالام، چىرايلىق ئويناڭلار، ئۇرۇشمىساڭلارچۇ؟— دېدىم سىلىق، ئەمما سۈنئىي ئاۋازىم بىلەن.

— ئارىلاشما!— دەپ ۋارقىرىدى شەۋكەت.

ئۇلار ئۇرغان بالىنىڭ سېرىق چاچ، قورقۇنچاق، كىچىك سىڭلىسىنىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا كۆرۈپ، قانداقتۇر ھېسداشلىق قىلغۇم كەلدى. بولدىلا، ئارىلاشما، ئېستېر! دېدىم ئىچىمدە.

قازناقتا خەيرىيە ماڭا گۇمانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— يىغلاۋېرىپ ئېغىزلىرىم قۇرۇپ كەتتى، خەيرىيە، خۇدا ھەققىدە بىر ئاز سۇ بەرگىن،— دېدىم.

ئۇ ئىندىمەستىن سۇ ئېلىپ بەردى. سۇنى ئىچىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ يىغلاۋېرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىدىم.

— بىچارە يېزنە تاغا جانابلىرىنى شەكۈرەنىڭ نىكاھىدىن بۇرۇن ئۆلگەندى، دېيىشىۋاتىدۇ،— دېدىم ئۇنىڭغا،— كىشىلەرنىڭ ئاغزى باغلاپ قويىدىغان تاغار ئەمەستە، ھەتتا ئەجىلى بىلەن ئۆلمىگەنلىكى توغرىلىق پاراڭ بولۇۋاتىدۇ.

خەيرىيە ئىتتىك بېشىنى تۆۋەنگە سېلىپ ئاياغلىرىنىڭ ئۇچىغا قارىدى، كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا قارىمايلا: "ئاللاھ قورۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلىغاي" دېدى.

بىرىنچى ھەرىكەت "بۇ دېگىنىڭ توغرا" دېگەن مەنىنى بېرەتتى، سۆزلىرىنىڭ تەلەپپۇزى شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرلىقىنى ئۇقتۇراتتى.

— قانداق بولغىنى؟— دەپ سورىدىم بىر سىر دىشىدەك پىچىرلاپ.

لېكىن يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىچارە خەيرىيەنىڭ شەكۈرەنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈمىدىنىڭ قالمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئىدى. بابا يوقىرىقى قەۋەتتە ئەڭ سە-

مىمى يىغلىغانمۇ ئۇ ئىدى.

— مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن؟— دېدى ئۇ.

— شەكۇرە سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدىم خەۋەرچىلىك ئا-دىتىم بىلەن. مەن شۇھامانلا ئۈزۈم شەربىتى كۆپى بىلەن چۈچۈمەل كۆكتات كۆپى ئارىسىغا رەت - رەت تىزىلغان كورىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ھېلى-دىن - ھېلىغا بارمىقىم بىلەن بىرىنىڭ بىر چېتىدىن ئازراق ئېلىپ تېتىپ باقسام، بىرىگە بۇرنۇمنى يېقىنلاشتۇرۇپ پۇراپ بېقىپ، قايسى تاۋاقنى كىم كىرگۈزگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سوراشقا باشلىدىم.

— بۇ قەيسەرلىك قاسىم ئەپەندىنىڭكى، ماۋۇ رەسساملار تارمىقىدىن ئىككى كوچا نېرىدا ئولتۇرىدىغان كالفانىڭكى، ئاۋۇسى قۇلۇپسىز چولاق ھەمدىنىڭكى، ئاۋۇ ئەدىرنەلىك كېلىنىنىڭ تاۋىقى...— دەپ خەيرىيە بىر - بىرلەپ ساناۋاتقاندا، شەكۇرە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— رەھمەتلىك نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئايالى قەلبىيە ئۆلۈم پاتىھە-سىگىمۇ كەلمىدى، بىرەيلەن ئارقىلىق خەۋەرمۇ يوللىمىدى، تاۋاقمۇ ئەۋەت-مىدى!

ئۇ قازناقنىڭ ئىشكىدىن پەلەمپەيلەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاش ياتقۇزۇل-غان يولغا قاراپ مېڭىۋىدى، ئۇنىڭ خەيرىيەدىن يىراقراق تۇرۇپ مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ دەرھال ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم.

— نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ دادامغا بىرەر ئۆچمەنلىكى يوق ئىدى. ئۇ دەپنە قىلىنىغان كۈنى بىز تاۋۇقىمىزنى ئەۋەتتۇق. زادى نېمە بولغانلىقىنى بىلگۈم بار، — دېدى شەكۇرە.

— مەن ھازىر بېرىپ ئۇقۇپ كېلەي، — دېدىم شەكۇرەنىڭ خىيالىنى چۈشىنىپ.

ئۇنى ئارتۇق گەپ قىلدۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى سۆيۈپ قويىدى. ھويلىنىڭ سوغۇقى ئۆتكەنلىكتىن، بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلىشىپ مىدىر-لىماي تۇردۇق. ئاندىن گۈزەل شەكۇرەنىڭ چاچلىرىنى سىلىدىم.

— ئېستېر، قورقۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ.

— قورقما جېنىم، — دېدىم، — ھەر ئىشتا بىر خەيرلىك بار. قارى-غىنا، ئاخىرى ياتلىق بولدۇڭ، مانا.

— بىراق توغرا قىلدىمۇ ـ يوق، ئۇنى بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ، — شۇڭا ئۇنى ئۆزۈمگە يېقىنلاشتۇرماي، كېچىنى بىچارە دادامنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدۈم.

ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە "چۈشەندىڭمۇ" دېگەندەك قىلىپ قارىدى.

— هاسان قازىنىڭ نىكاهىڭلارغا ئىناۋەتسىز دەپ قاراۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، — ئۇ بۇنى ساڭا ئەۋەتتى، — دېدىم.

شەكۈرە "ياق، بولمايدۇ" دېسىمۇ باغاقچىنى ئېچىپ ئوقۇدى، لېكىن نېمە دەپ يېزىلغانلىقىنى ماڭا ئېيتمىدى.

ئۇ توغرا قىلغانىدى، چۈنكى بىر ـ بىرىمىزنى قۇچاقلىشىپ تۇرغان هويلىدا ئىككىمىز يالغۇز ئەمەس ئىدۇق. يۇقىرىدا ئەتىگەن نامەلۇم سەۋەب بىلەن چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كەتكەن كارىدور دېرىزىسىنىڭ قاپقىقىنى ئوڭشاۋاتقان لولا ياغاچچى بىزنى ۋە ئىچكىرىدە يىغلىشىۋاتقان ئاياللارنى كۆزىتىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئۆيدىن چىققان خەيرىيە "تاۋاق كەلدى" دەپ دەرۋازىنى ئۇرۇپ ۋارقىرىغان ۋاپادار قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن يۈگۈردى.

— دەپنە قىلىنغىلى خېلى بولدى، — دېدى شەكۈرە، — ئەمدى بىچارە دادامنىڭ روهى جىسمىدىن ئاخىرقى قېتىم ئايرىلىپ، ئەمدى قايتىپ كەلمەسلىك ئۈچۈن ئاسمانغا كۆتۈرۈلىۋاتقاندەك هېس قىلىۋاتىمەن.

ئۇ قۇچىقىمدىن چىقىپ، ئاسمانغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

بىردىن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا شۇنداق يىراق ۋە يات هېس قىلدىمكى، شەكۈرە قاراپ تۇرغان ئاسماندىكى ئاشۇ بۇلۇتقا ئايلىنىپ قالغان بولسام هەيران بولمىغان بولاتتىم. گۈزەل شەكۈرە دۇئاسىنى تاماملاپلا كۆزلىرىمگە مېهرىبانلىق بىلەن سۆيدى.

— ئېستېر، — دېدى ئۇ، — دادامنىڭ قاتىلى هاياتلا بولىدىكەن، ماڭمۇ، ئوغۇللىرىمغىمۇ بۇ دۇنيادا كۆڭۈل خوشلۇقى يوق.

ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغانلىقىغا خۇش بولدۇم.

— نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئايالىدىن گەپ ئېلىپ بې-

قىلىڭ ۋە نېمىشقا بىزگە تاۋاق كىرگۈزمىگىنىنى ئۇقۇپ، دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىڭ.

— ھاسانغا ئېيتىدىغان سۆزۈڭ بارمۇ؟— دېدىم.

بۇنى سورىغانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، سورىغاندا كۆزىگە قارىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن خىجالەت بولدۇم ۋە خىجالەت بولغىنىم مەلۇم بولۇپ قالمىسۇن دەپ خەيرىيەنى توختىتىۋېلىپ، كورىنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم. "ئۇھ، پىستىلىق قارا بۇغداي ھالۋىسى ئىكەن" دېگىنىمچە بىزەچە ئېلىپ ئاغزىمغا سېلىپ، — ماندارىنمۇ ساپتۇ تېخى، — دېدىم.

گويا ھەممە ئىش جايىدا بولغاندەك، شەكۈرەنىڭ ماڭا يېقىملىق كۈلۈمسىرىشىنى كۆرۈش مېنى خۇشال قىلغانىدى.

بوغچامنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقىپ ئىككى قەدەم ماڭمايلا، كوچىنىڭ بېشىدا قارانى كۆردۈم. بۇ قېيىنئاتىسىنى يېڭى دەپنە قىلىپ قايتىپ كەلگەن يېڭى كۈيئوغۇل ئىدى. ئۇنىڭ كۆتۈرەڭگۈ قىياپىتىدىن ھاياتىدىن ناھايىتى خۇرسەن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدىم. كەيپىياتىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن يولدىن چىقىپ دەرەخزارلىققا كىردىم ۋە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ بېغىدىن ئۆتتۈم. ئۇنىڭ سىڭلىسى مەشھۇر يەھۇدىي دوختۇر موشې خامونىڭ ئاشنىسى ئىدى. ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان بۇ باغچىدىن ھەر نۆۋەت ئۆتكىنىمدە كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولاتتىكى، ھەمىشە بىرەر خېرىدار تېپىپ بۇ ئۆينى سېتىۋېتىشىم كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قالاتتىم.

ئۇ باغچىدىكى ئۆلۈم پۇرىقى نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدىن كۆڭۈل يېرىم بولمايتتى. مىڭلىغان ئۆيلەرگە كىرىپ — چىقىدىغان، تالاي ـ تالاي تۇل ئاياللار تونۇيدىغان ئېستېر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئېرىدىن بالدۇر ئايرىلىپ قالغان ئاياللاردا يا ئۈمۈتسىزلىك ۋە قايغۇ ياكى غەزەپ ۋە قارشىلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى (شەكۈرەم بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن). قەلبىيە خانىمنىڭ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەنلىكىنى سەزدىم، بۇنداق بولغىنىمۇ بىرھېسابتا ئىشىمنى تېزلەشتۈرەتتى.

تەقدىر ئۆزلىرىگە رەھىمسىزلىك قىلغان مەغرۇر ئاياللارغا ئوخشاش، قەلبىيە خانىممۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالغان كۈنلىرىدە، ئۆيىگە ھال سوراپ

كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ساپ نىيەتتە ھېسداشلىق قىلىپ كەلسىمۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. شۇڭا، بۇ زىيارەتچىلەرنى بىلەن كۆپ ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرماي، ئاز - تولا چىرايلىق گەپلەرنى قويۇپ، بىۋاستە ئاساسىي تېمىغا ئۆتەتتى. چۈشتىن كېيىن قەلبىيە بىردەم كۆز يۇمۇپ قايغۇسىنى باسماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بۇ ئېستىر نېمىگە كەلگەندۇ؟ مەن ئۇنىڭ جۇۋىگودىن كەلگەن پاراخوت ئېلىپ كەلگەن ئەڭ يېڭى يىپەك رەختلەر بىلەن بۇرسادىن كەلگەن ياغلىقلارغا قىلچە قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بوغچامنى ئېچىشقىمۇ ئۇرۇنمىدىم ۋە شۇئان ۋالاق - ۋۇلۇق گەپنى باشلاپ، كۆزى ياشلىق شەكۈرەنىڭ دەردىنى ئېيتتىم: "ئۆزگە ئوخشاش دەردمەن قەلبىيە خانىمنى ئۆيلىمىغان يەردىن رەنجىتىپ قويغانلىقىنى سەزگەن بىچارە شەكۈرەگە بۇمۇ يېڭى بىر قايغۇ بوپتۇ" دېدىم.

قەلبىيە خانىم شەكۈرەدىن ئەھۋال سورىمىغانلىقىنى، پاتىھەگە ۋە ھازىسىغا بارمىغانلىقىنى، ھەتتا بىرەر تاۋاق ئەۋەتىپ قويۇشنىمۇ ئويلىمىغانلىقىنى مەغرۇر پوزىتسىيە بىلەن ئېتىراپ قىلدى. مەغرۇرلۇقنىڭ كەينىدە يوشۇرالمىغان بىر خۇشاللىقمۇ بار ئىدى ئەلۋەتتە. ئۇ ئاچچىقىنى ئېپادىلىيەلىگەنلىكىدىن خۇرسەن ئىدى. مانا شۇ ئاجىز نۇقتىدىن باشلاپ سىلەرنىڭ ئەقىللىق ئېستېرىڭلار قەلبىيەنىڭ ئاچچىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قېزىشقا باشلىدى.

قەلبىيە يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئېرىنى كىتاب ئىشلەشكە تەۋسىيە قىلغانلىقى ۋەجىدىن، مەرھۇم يېزنە تاغا جانابلىرىغا خاپا ئىكەنلىكىنى بىر پەستىلا ئىزاھلاپ بولدى. مەرھۇم ئېرىنىڭ بۇ ئىشنى ئۈچ - تۆت تەڭگىنى ئارتۇق تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يېزنە تاغا جانابلىرى ئۇنى سۇلتانىمىزنىڭ بۇ كىتابنى ئىشلەشكە پەرمان قىلغانلىقىغا قايىل قىلغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن يېزنە تاغا جانابلىرى ئۇنىڭ ئېرىگە شۇنچە كۆپ بېزەكچىلىكنى قىلدۇرغان نەقىشلىك سەھىپىلەرنىڭ ئاستا - ئاستا نەقىشلىك سەھىپە بولۇشتىن قېلىپ، مۇكەممەل رەسىمگە ئايلانغانلىقىنى، بۇ رەسىملەرنىڭمۇ ئويلىمىغان يەردىن دىنسىزلىق،

بىدئەتلىك، ھەتتا كۆپۈرلۈق بەلگىلىرىنى كۆرسەتكەنلىكىنى بايقاشقا
باشلاپ، توغرا ـ خاتالىقىنى ئايرىيالمايۋاتقاندا، رەھمەتلىك ئېرىنىڭ كۆ-
ڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. لېكىن نازاكەتلىك ئەپەندى-
دىنمۇ ئەقىللىق ۋە ئېھتىياتچان بىر ئايال بولغان قەلبىيە خانىم ئېھتىيات
بىلەن قوشۇمچە قىلدى: مانا بۇ گۇمانلار بىردەمدىلا ئەمەس، ئاستا ـ ئاستا
باشلانغان. مەرھۇم نازاكەتلىك ئەپەندى ھېچقاچان ئېنىق بىر كۆپۈرلۈقنى
ئۇچراتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئەندىشىلىرىنى ئورۇنسىز خىيال دەپ قارىغا-
نىدى. دەرۋەقە، رەھمەتلىك نازاكەتلىك ئەپەندى ئەرزۇرۇملۇق نۇسرەت مول-
لىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى تولۇق ئاڭلايتتى، نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا
ئوقۇمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى، دىنغا سوپىلارچە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن رە-
سىمخانىدىكى بەزى رەزىللەرنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىدىنمۇ خە-
ۋەردار ئىدى ھەمدە بۇ ئەدەپسىز مەسخىرىلەرنىڭ ئۆز ماھارىتىگە ۋە ھۈنە-
رىگە نىسبەتەن ھەسەتخورلۇق يۈزىسىدىن قىلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ياخشى بى-
لەتتى.

قەلبىيەنىڭ نەملەنگەن كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ چىققان بىر تامچە ياش
مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى، شۇنىڭ بىلەن ياخشى نىيەتلىك ئېستېر دەرھال
قەلبىيەگە رەھمەتلىك ئېرىدىنمۇ ياخشى بىر ئەر تېپىشقا ۋەدە بەردى.

— ئۇ رەھمەتلىك مانا بۇ دەردلىرىنى ماڭىمۇ ئانچە ئېيتىپ كەتمەيت-
تى، — دېدى قەلبىيە ئېھتىيات بىلەن، — ئېسىمگە كەلگەنلەرنى ئۆز ـ
ئۆزۈمچە كاللامدا يىغىنچاقلىدىم. بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلارنىڭ سەۋەبچى-
سى، دەل ئاشۇ ئەڭ ئاخىرقى كېچە ئۇنى يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ئۆيىگە ئې-
لىپ بارغان ئاشۇ رەسىملەر ئىكەن دەپ يەكۈن چىقاردىم.

بۇ بىر خىل ئۆزۈر ئىدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن، مەنمۇ كىم بىلسۇن، يېزنە
تاغا جانابلىرىنىڭمۇ ئېھتىمال شۇ "رەزىل" تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى
ئېيتتىم، شەكۈرە بىلەن قەلبىيەنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىمۇ ۋە دۈشمەنلىرىمۇ
بىر ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتىم. شۇ تاپتا بىر چەتتە مېنى دىققەت بىلەن كۆ-
زىتىپ تۇرغان ئىككى يوغان باش يېتىم بالىمۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ
بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتاتتى. لېكىن رەھىمسىز ئەل-
چىلەرگە خاس تەپەككۇر قىلىدىغان بۇ كاللام دەرھال ماڭا شەكۈرەنىڭ ئۇ-

نىڭغا قارىغاندا ناھايىتى گۈزەل، باي ۋە جەزىبىدار ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتى. كاللامغا كەلگەن ئويۇمنى ئېيتىۋەردىم:

— شەكۈرە بىرەر گۇناھىم بولسا ئەپۇ سورايمەن دەيدۇ ۋە سىزگە قېرىنداشلارچە ھەمدەردلىك دوستلۇقىنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە بۇنى ئويلاپ كۆرۈشىڭىزنى، ئۆزىگە ياردەم بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. رەھمەتلىك نازاكەتلىك ئەپەندى ئاخىرقى كېچە بۇ يەردىن چىققىنىدا، يېزىنە تاغا جانابلىرىدىن باشقا بىرەر كىشى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقانمۇ؟ ئۇنىڭ باشقا بىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىدىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بارمىدى؟

— بىچارە نازاكەتلىكنىڭ يانچۇقىدىن مۇشۇ نەرسىلا چىقتى، — دېدى ئۇ.

ئىچىدە نەقىش يىغىنلىرى، رەخت پارچىلىرى ۋە يوغان بىر دانە ياڭاق بار تالدىن توقۇلغان قاپقاقلىق قۇتىدىن قاتلاقلىق بىر قەغەزنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.

پۈرلىشىپ كەتكەن قېلىن قەغەزنى ئېلىپ يېقىندىن دىققەت قىلىپ قارىسام، سۇدا سىياھى يېيىلىپ كەتكەن ناھايىتى نۇرغۇن شەكىللىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئاران پەرق ئەتتىم، ئەمما ئويلىغانلىرىمنى قەلبىيە ئېيتىۋەتتى.

— ئۇلار ئات، — دېدى ئۇ، — رەھمەتلىك نازاكەتلىك ئەپەندى بىرنەچچە يىل يالغۇز ھەلچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، لېكىن ئات سىزىپ باقمىغانىدى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن ئات سىزىشنى تەلەپ قىلمايتتى.

سىلەرنىڭ ياشىنىپ قالغان ئېستېرىڭلار قول ئۇچىدا سىزىلغان، لېكىن سۇدا يېيىلىپ كەتكەن ئاتلارغا قارايتتى، ئەمما ھېچ نەرسە چۈشىنەلمەيتتى.

— بۇ قەغەزنى شەكۈرەگە ئېلىپ بارسام، ئۇ ناھايىتى خۇش بولاتتى، — دېدىم.

— شەكۈرە بۇ قەغەزنى تەلەپ قىلسا، ئۆزى كەلسۇن، — دېدى قەلبىيە پەرۋاسىز بىر ئەلپازدا.

# 40 . مېنىڭ ئىسمىم قارا

بەلكىم ھازىر چۈشەنگەنسىلەر، ماڭا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ، يەنى مۇھەببەت ۋە ھەسرەت، خۇشاللىق ۋە قايغۇنى مەڭگۈلۈك تەنھالىقنىڭ باھانىسى قىلىۋالغان مەندەك غەمكىن كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا چوڭ خۇشاللىقلارمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، چوڭ قايغۇ - ھەسرەتلەرمۇ بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ روھى بۇنداق ھېسسىياتلار بىلەن ئاستىن - ئۈستۈن بولغان چاغدا ئۇلارنى زادى چۈشىنەلمەيمىز دېمەكچى ئەمەسمەن. دەل ئەكسىچە، بۇ ھېسسىياتلارنى ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. چۈشىنەلمەيدىغىنىمىز پەقەت ئاشۇ چاغدا ئۆز روھىمىزنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان غەلىتە ئەندىشىدىن ئىبارەتتۇر، خالاس. ئەقلىمىزنى، قەلبىمىزنى قاراڭغۇلاشتۇرغان بۇ ئاۋازسىز ئەندىشە ھېس قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان ئەسلىي خۇشاللىقنىڭ ۋە قايغۇ - ھەسرەتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

شەكۇرەنىڭ دادىسىنى — خۇداغا شۈكۈر — دەپنە قىلىپ، تېزلىكتە قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن قۇچاقلاپ كۆرۈشتۇم. ئاندىن ئۇ ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراۋاتقان بالىلىرىنى قۇچاقلىغان ھالدا ئۆزىنى كۆرپىگە تاشلاپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاشقا باشلىغاندا، گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ قايغۇسى ماڭا غەلىبە ئېلىپ كەلگەنىدى. چۈنكى مەن شۇتاپتا، ياش ۋاقتىمدىن تارتىپ، ئوڭۇمدىمۇ چۈشۈمدىمۇ ئارزۇلاپ يۈرگەن مەشۇقۇمنى نىكاھىمغا ئالغان ۋە ئۇنىڭ مېنى مەنسىتمىگەن دادىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆينىڭ خوجايىنى بولغانىدىم. مېنىڭ كۆز ياشلىرىمغا كىم ئىشەنسۇن؟ لېكىن ماڭا ئىشىنىڭلار، بۇنداق ئەمەس. راستلا ئاچچىق يىغلىغۇم بار ئىدى، بىراق يىغلىيالمىدىم. چۈنكى يېزنە تاغام ئۆز ئاتام بولمىسىمۇ، ماڭا ئىزچىل ئۆز ئاتامدەك مۇئامىلە قىلغانىدى. لېكىن جەسەتنى يۇغان ئۇششاق سۆز ئىمام باشتىن - ئاياغ ئاغزى بې-

سىلماي سۆزلەۋەرگەچكە، يېزنە تاغامنى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەپتۇ دېگەن ئىغۋا پاراڭ دەپنە مۇراسىمىدا مەسچىت قورۇسىدا سەزگىنىمدەك، ھەمسىياقلار ئارىسىدىمۇ ئوبدانلا تارقالغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، يىغلىيالمىغىنىم تەتۈرگە بۇرۇلىدىغان بولدى دەپ بىئارام بولماقتا ئىدىم. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم، كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى ھېسسىياتىم، ماڭا "تاش يۈرەك" دېگەن تامغىنىڭ بېسىلىپ قېلىشى ئىدى.

سىلەرگىمۇ مەلۇم، بەزى كىشى كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان ھامىلىرىمىز ماڭا ئوخشاشلارنى جامائەت ئىچىدىن قوغلاپ چىقارمىسۇن دەپ مۇنداق بىر باھانە بىلەن قوغدايدۇ: ئۇلار "ئۇ ئىچىدە يىغلىدى" دېيىشىدۇ. دەرۋەقە، مەنمۇ ئىچ - ئىچىمدىن يىغلىدىم، نېمىشقىدۇر شۇنچىۋالا كۆز يېشى قىلىپ، تارام - تارام ياش تۆكۈپ كېتىپتۇ دەپ ھەيران بولغان ئۇششاق سۆز قوشنىلارنىڭ ۋە يىراق تۇغقانلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن، بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇنۇشقا تىرىشاتتىم. ئەجىبا، ئەمدى ئائىلە باشلىقىدەك مۇئامىلە قىلىپ ئەھۋالنى تىزگىنلىسەم بولارمۇ دەپ بىقارار بولۇپ تۇرغىنىمدا دەرۋازا قېقىلدى. ھاسان بولۇشى مۇمكىن دەپ بىردەم جىددىيلەشتىم. لېكىن كۆز يېشى قۇرۇمىغان بۇ دوزاختىن قانداقلا بولمىسۇن قۇتۇلسام، شۇنىڭغا رازى ئىدىم.

ئوردا خىزمەتكارلىرىدىن بىرى مېنى ئوردىغا چاقىرىپ كەپتۇ، ھودۇقتۇم.

ھويلىدىن چىقىپلا، يەردە پاتقاق ئىچىدىن بىر كۈمۈش تەڭگە تېپىۋالدىم. ئوردىدىن چاقىرىپتۇ دەپ بەك قورقتۇممۇ - قانداق؟ دەرۋەقە، قورققانىدىم. لېكىن تالادا، سوغۇقتا، كوچىلاردا ئاتلار، ئىتلار، دەرەخلەر ۋە ئادەملەر ئارىسىدا يۈرۈۋاتقىنىمدىن خۇرسەن ئىدىم. جاللاتقا تاپشۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال زىندان كۆزەتچىسىنى ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا، ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىگە، كۆلدىكى ئۆردەكلەر بىلەن ھاۋادىكى بۇلۇتنىڭ ئاجايىپ شەكلىگە دېگەندەك كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەرگە قىزىقتۇرسام، ئالەمنىڭ رەھىمسىزلىكى يۇمشايدۇ دەپ ئويلايدىغان خىيالپەرەسلەردەك، مېنى ئېلىپ كېتىشكە كەلگەن ئوردا خىزمەتكارى بىلەن دوست بولۇۋالماقچىمۇ بولدۇم. لېكىن يۈز - كۆزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن بۇ يىگىت زادى

كۆلمەيدىغان، كەم سۆز بىر بالا بولۇپ چىقتى. ئاياسوفىيە جامەسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىنچىكە ۋە ئېگىز ئارچىلارنىڭ تۇمان باسقان كۆككە نەپەس بوي تارتقانلىقىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىغىنىمدا، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ئەمەس، بەلكى، شۇنچە يىللاردىن كېيىن شەكۈرەنى نىكاھىمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇپ قانغۇدەك مۇھەببەتلەشمەي تۇرۇپ، ئوردىدا قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىنىپ، ناھەق ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى ئويلاپ تۈكلىرىم تەتۈر ئۆرۈلدى.

بىز ۋەھىمە باسقان ھالدا مۇراسىم جاكار مۇنبىرى تەرەپكە قارىدۇق. مۇراسىم مۇنبىرى جايلاشقان ئوتتۇرا ئىشىكنىڭ كەينىدە ئىسكەنجىگە ئالغۇچىلار بىلەن قولى ئىتتىك جاللاتلار ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان سورۇن بار ئىدى. بىز ئەكسى تەرەپكە، يەنى ياغاچچىلار تۇرىدىغان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئامبارلارنىڭ كەينىدىن ئۆتكەندە، ئاغزىدىن ھور چىقىپ تۇرغان بىر تورۇق ئاتنى كۆردۇق. ئاتنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدا بىر مۈشۈك پاتقاق باسقان ئۇچىسىنى يالاۋاتقان بولۇپ، ئۇ بىزگە قاراپمۇ قويمىدى. بۇ مۈشۈكمۇ بىزگە ئوخشاش ئۆز مەينەتچىلىكىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئامبارلارنىڭ كەينىدە يېشىل، سۆسۈن رەڭ فورمىلىرىدىن كىمنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىغان ئىككى كىشى مېنى كەم سۆز بالىدىن تاپشۇرۇۋېلىپ، يېڭى ياسالغانلىقى ياغاچلىرىنىڭ پۇرىقىدىن بىلىنىپ تۇرغان كىچىك بىر ئۆينىڭ قاراڭغۇ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ، قاماپ قويدى ـ دە، ئىشىكنى قۇلۇپلىۋەتتى. قاراڭغۇ ئۆيگە قامىلىشىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىش ئالدىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش رەسمىيەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئىشنى ئاۋۋال پالاق بىلەن باشلار دېگەن ئۈمىد بىلەن، بۇ ئىشتىن خالاس بولۇش ئۈچۈن قانداق يالغان گەپ ئوقۇسام بولار دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. ياندىكى ئۆيدە خېلى كۆپ ئادەم بولسا كېرەك، تاراقلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تەلەيپۇزۇمدىكى شادىمانلىق ۋە خۇشخۇيلىقىمغا قاراپ، گەپ ـ سۆزۈمدىن مېنىڭ جازاغا تارتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلمايسىز، ئەلۋەتتە. يۇقىرىدا سىلەرگە ئاللاھنىڭ تەئەيلىك بىر بەندىسى

ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىدىغانلىقىمنى ئېيتمىغانمىدىم؟ نەچچە يىللاردىن بېرى تارتقان جەبىر - جاپالاردىن كېيىن، مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بې-شىمغا قونغان بەخت قۇشلىرى بۇنى ئىسپاتلاشقا كۇپايە قىلمىغان تەقدىر-دىمۇ، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندا يەردىن تېپىۋالغان تەڭگىنىڭ بولسىمۇ بىر ھېكمىتى باردۇر؟

ئىسكەنجىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، مېنى قوغدايدىغانلىقىغا ئوبدانلا ئى-شەنگەن ئەنە شۇ تەڭگە بىلەن تەسەللى تاپتىم. ئاللاھ بەخش ئەتكەن تەلەي ئىشارىتىنى قولۇمغا ئالدىم ۋە ئۇنى سىلاشتۇرۇپ بىر نەچچە قېتىملاپ سۆيدۇم. بىر كەملەردە مېنى قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقىرىپ يەنە بىر ئۆيگە ئې-لىپ كىردى. ئالدىمدا تۇرغان ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بىلەن تاقىرباش خورۋاتىيىلىك جازا ئىجراچىلىرىنى كۆرۈپ، تەڭگىنىڭمۇ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. يانچۇقۇمدىكى تەڭگىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىل-تىپاتى ئەمەس، بەلكى ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۆزۈم شەكۇرەنىڭ بېشىدىن تۆككەن تەڭگىلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى، باللارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋالالمىغان-لىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقان كۆڭلۈمدىكى رەھىمسىز ئاۋازنىڭ ئېيتقان-لىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنداق قىلىپ مەن قىيىن - قىستاققا ئالغۇچىلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان چېغىمدا ئىشىنىدىغان ھېچ-قانداق خام خىيال، تايىنىدىغان ھېچقانداق نەرسە قالمىغانىدى.

سەزمەپتىمەن: كۆزلىرىمدىن ياشلار ئېقىشقا باشلاپتۇ. يىلىنماقچى بولدۇم، لېكىن چۈشۈمدىكىدەك ئاغزىمدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. ئىنساننىڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بۇ ئالەمدىن يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىنلىكى ئۇرۇشلاردىن، ئۆلۈملەردىن ۋە ئۇزۇندىن بېرى تونۇش بولغان سىياسىي قەتلە ۋە قىيىن - قىستاقلاردىن ماڭىمۇ مەلۇم ئىدى، لېكىن ئۇنى ئۆز بېشىمدىن زادى ئۆتكۈزمىگەنىدىم. بۇلار مېنى ئۇچامدىكى كى-يىملەردىن يالىڭاچلىۋەتكەندەك بۇ ئالەمدىنمۇ يالىڭاچلايتتى.

جاللاتلار مېنىڭ پىنجىكىمنى، كۆڭلىكىمنى يەشتۇردى. ئۇلاردىن بىرى ئۈستۈمگە چىقىپ ئولتۇردى، تىزلىرى بىلەن مۈرىلىرىمنى باستى. يەنە بىرى خۇددى تاماق ئېتىۋاتقان ئاياللارغا خاس ئېھتىياتچان، نەپىس ۋە تەجرىبىلىك قول ھەرىكەتلىرى بىلەن بېشىمنىڭ ئىككى يېنىغا بىر قە-

پەس كىيگوزۇپ، قىسقۇچنى ئاستا ـ ئاستا بوراپ چىگىتىشقا باشلىدى. قەپەس ئەمەس، گويا بىر تۆمۈر ئامبۇر بېشىمنى ئىككى ياندىن سىقىشقا باشلىغان ئىدى.

پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ۋارقىرىدىم، يالۋۇردۇم، لېكىن سۆزلىرىمنى ئۇققىلى بولمايتتى. يىغلىدىم، چۈنكى نېرۋىلىرىم بوشىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار بوراشنى توختىتىپ، — يېزنە تاغا جانابلىرىنى سەن ئۆلتۈر-دۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بىر نەپەس ئىلىشىپ، — ياق، — دېدىم.

قىسقۇچنى يەنە بوراشقا باشلىغانىدى، قاتتىق ئاغرىپ كەتتى.

يەنە سوراشتى.

— ياق، — دېدىم.

— كىم ئۆلتۈردى؟ — دېدى.

— بىلمەيمەن، — دېدىم.

ئۆلتۈردۈم دەيمۇ دەپ ئويلاشقا باشلىدىم، لېكىن كاللامنىڭ ئەتراپىدا دۇنيا كۆڭۈللۈك پىرقىراۋاتاتتى. كۆڭلۈمنى بىر نارازىلىق قاپلىدى. ئازاب-قا كۆنۈپ قالارمەنمۇ دەپ سورىدىم ئۆزۈمدىن. مەن ۋە جاللاتلىرىم بىردەم تۇرۇپ قالدۇق. بىر يېرىم ئاغرىمىسىمۇ قورقۇۋاتاتتىم.

يانچۇقۇمدىكى تەڭگىنىڭ خاسىيىتى بولسا، بەلكىم مېنى ئۆلتۈرمەس دېگەن خىيالنى يېگىۋاشتىن كاللامغا كەلتۈرۈپ تۇرۇۋشۇمغا ئۇلار بىردىنلا مېنى قويۇۋەتتى. بېشىمنى ئەسلىدە ناھايىتى ئاز قىسقان قىسقۇچنىڭ قە-پىسىنىمۇ ئىلىۋەتتى. ماڭا مىنىۋالغان جاللاتمۇ چۈشۈپ كەتتى. لېكىن ئۇزايدىن ئەپۇ سورايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كۆڭلىكىم بىلەن پىنجىكىمىنى كىيدىم.

ئۆزۈن بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

ئۆينىڭ يەنە بىر بېشىدا باش رەسسام ئوسمان ئەپەندىنى كۆردۈم ۋە يېنىغا بېرىپ قولىنى سۆيدۈم.

— خاپا بولما بالام، — دېدى ئۇ ماڭا، — سېنى بىر سىناپ باقتى.

يېزنە تاغامدىن كېيىن ئۆزۈمگە يەنە بىر ئاتا تاپقانلىقىمنى شۇئان چۈشەندىم.

— سۇلتانىمىز سېنى ھازىرچە قىيىن - قىستاققا ئالماسلىقنى بۇيرۇدى، — دېدى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى، — ئۇ باش رەسسام ئۇستاز ئوسماننىڭ رەسساملىرىنى، كىتاب تەييارلاۋاتقان قوللىرىنى ئۆلتۈرگەن پەسكەش قاتىلنى تېپىشقا ياردەملىشىشىڭنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۈچ كۈن ئىچىدە، رەسساملار تەييارلىغان نەقىشلىك سەھىپىلەرگە قاراپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ھىيلىگەرنى تاپالايسىلەر. سۇلتانىمىز كىتابلىرى ۋە رەسساملار ھەققىدە ئىغۋاگەرلەر توقۇغان پىتنە - پاساتلاردىن ناھايىتى غەزەپلەندى. سۇلتانىمىزنىڭ ئەمرى بويىچە مەن ۋە مالىيە ۋەزىرى خازىم ئىككىمىز سىلەرنىڭ بۇ پەسكەشلەرنى تېپىشىڭلارغا ياردەم قىلىمىز. بىرىڭلار رەھمەتلىك يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ يېقىنى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىڭلار. كېچىسى كەلگەن رەسساملارنىڭ قانداق ئىشلىگەنلىكىنى، كىتابنىڭ مەزمۇنىنى بىلىسىلەر. يەنە بىرىڭلار تارمىقىدىكى پۈتۈن رەسساملارنى بەش قولدەك تونۇيدىغانلىقى بىلەن ماختىنىدىغان بىر چوڭ ئۇستاز. يالغۇز ئۇ چوشقىنى ئەمەس، ئۇ ئوغرىلىغان ۋە ئىغۋا يوسۇندا تارقىلىپ يۈرگەن، يوقالغان سەھىپىنىمۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە تاپالمىساڭلار، ئادىل سۇلتانىمىز قىيىن - قىستاقلىق سوراققا ئالدى بىلەن قارا ئەپەندى ئوغلۇم، سېنىڭ تارتىلىشىڭنى تەلەپ قىلدى. كېيىن نۆۋەتنىڭ رەسساملار تارمىقىدىكى ئۇستازلارغا كېلىدىغانلىقىغا بىزنىڭ گۇمانىمىز يوق.

نەچچە يىللاردىن بېرى بىللە ئىشلىگەن ئىككى دوست — باش رەسسام ئۇستاز ئوسمان ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭغا خىزمەت ھاۋالە قىلىپ خەزىنىدىن ماتېرىيال ۋە پۇل چىقىرىپ بەرگەن مالىيە ۋەزىرى خازىم ئاغا ئارىسىدا بىرەر مەخپىي ئىشارەتلىشىش، ياكى ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇش ئالامەتلىرىنى زادى كۆرەلمىدىم.

— سۇلتانىمىزنىڭ تارماق، ئورۇن، تەشكىلاتلىرىدا بىرەر جىنايەت سادىر بولغاندا، تارماقتىكىلەر جىنايەتكارنى تېپىپ تاپشۇرغىچە پۈتۈن تارماقنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقىنى، ئارىلىرىدىكى قاتىلنى چىقىرىپ بېرەلمىگەن بىرەر تارماقتىكىلەرنىڭ ئاغىنىلىرى ۋە ئۇستازلىرى باشلىق بىرقاتار ئادەملەرمۇ بىر قاتىللار تارمىقى سۈپىتىدە ئارخىپقا كىرگۈزۈلۈپ

جازالىنىدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، — دېدى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى، — شۇنىڭ ئۈچۈن باش رەسساممىز ئۇستاز ئوسمان قاتتىق نازارەت قىلىپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن پۈتۈن سەھىپىلەرنى تەكشۈرۈپ، گۇناھسىز رەسساملارنى ئازدۇرۇپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرگۈزگەن شەيتانلىق، ھىيلە - مىكىر، پىتنە - پاساتلارنى پاش قىلىپ، جىنايەتچىنى جاھان پاناھى سۇلتانىمىزنىڭ ئادىل قانۇنىغا تاپشۇرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن تارمىقىنىڭ بۇلغانغان نامىنىمۇ پاكلايدۇ. بۇ مەقسەتتە ئۇستاز ئوسمان تەلەپ قىلغان ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭغا ئەپكەلدۇردۇق ۋە ئەپكەلدۇرىمىز. ئادەملىرىمىز ئۇستا رەسساملارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇرۇن مەخپىي سىزغان كىتاب سەھىپىلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ كېلىدۇ.

# 41. ئۇستاز ئوسمان مەن

ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بىلەن مالىيە ۋەزىرى بىزگە سۇلتانىمىزنىڭ ئەمرلىرىنى تەكىتلەپ چىقىپ كەتكەندە، ئىشخانىدا ئىككىمىزلا قالدۇق. تەبىئىيكى، قىيىن - قىستاق ئازابى پەيدا قىلغان قورقۇنچ تۈپەيلىدىن، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىۋاتقان قارا ھارغىن ۋە غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك شۈكلەپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئامراقلىقىم ئۆزۈمگە ئايان بولغاچقا، ئۇنى پاراكەندە قىلمىدىم.

مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ ئادەملىرى خەتتاتلارنىڭ، ئۇستا رەسساملارنىڭ ئۆيلىرىدىن يىغىپ ئېلىپ كەلگەن سەھىپىلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، رەسساملىرىمىدىن كىمنىڭ قايسى رەسىملەرنى سىزغانلىقىنى ئايرىپ چىقىشىم ئۈچۈن ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەنىدى. يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ كىتابى ئۈچۈن سىزىلغان ۋە قارا ئۆزىگە بولغان گۇماننى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن مالىيە ۋەزىرى خازىم ئاغىغا ئەكىلىپ تاپشۇرغان رەسىملەرنى دەسلەپ كۆرگىنىمدە قانچىلىك يىرگەنگەنلىكىمنى بىلىسىلەر. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، پۈتۈن ئۆمرىنى بۇ ئىشقا بېغىشلىغان بىر رەسسامدا شۇنداق قاتتىق يىرگىنىچ ۋە نەپرەت قوزغىغان ئەنە شۇ سەھىپىلەردە جەزمەن بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ نەرسىلەرمۇ بار. چۈنكى ناچار سۈپەتلىك سەنئەتلا بىزدە بۇنداق ئىنكاس قوزغىيالمايدۇ. شۇڭا رەھمەتلىك ھاماقەت كېچىدە كەلگەن رەسساملارغا سىزدۇرغان توققۇز سەھىپىگە مانا شۇنداق ھەيرانلىق بىلەن يېڭىۋاشتىن قاراشقا باشلىدىم.

بىر ۋاراق ئاق قەغەزدىكى، بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندى باشقا رەسسەملەردىكىدەك ھەل بېرىپ سىزغان ۋە رامكىغا ئالغان بىر رەسىمنىڭ ئىچىدە بىر دەرەخ كۆردۈم ۋە ئۇنىڭ قايسى ۋەقەلىكنىڭ قايسى كۆرۈنۈشىدىن

چىققانلىقىنى ئويلاشقا تىرىشتىم. ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ رەسساملىرىمدىن قەدىرلىك كېپىنەك، ئەقىللىق لەيلەك ۋە زېرەك زەيتۇنلارغا بىر دەرەخنى سىزدۇرسام، ئۇلار ئالدى بىلەن بۇ دەرەخنى مەلۇم بىر ھېكايىنىڭ پارچەسى سۈپىتىدە ئويلىشىدۇ ـ دە، ئۇنى قىينالمايلا سىزالايدۇ. ئۇ دەرەخكە دىققەت قىلىپ قارىسام، شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىدىن رەسسامنىڭ قايسى ھېكايىنى ئويلاشقانلىقىنى بىلەلەيمەن. لېكىن بىچارە، تەنھا بۇ دەرەخنىڭ كەينىدە ئۇنى تېخىمۇ تەنھا كۆرسەتكەن ۋە شىرازنىڭ پېشقەدەم ئۇستىلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى ئەسلىتىدىغان خېلىلا يۇقىرىدىن ئايان بولۇپ تۇرغان ئۇپۇق سىزىقى بار ئىدى. ئۇپۇق سىزىقى يۇقىرىدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بوشلۇقتا باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ رەسىمدە پەرەڭ ئۇستازلارنىڭ، بىر دەرەخنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى سىزىش خاھىشى بىلەن ئەجەم ئۇستازلىرىنىڭ ئالەمنى يۇقىرىدىن كۆزىتىش خاھىشى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىپ، بۇ رەسىم نە پەرەڭلەرگە، نە پارسلارغا خاس بولمىغان غەيرىي بىر رەسىم بولۇپ قالغانىدى. دۇنيانىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدىكى دەرەخ مۇشۇنداق بىر نەرسە بولسا كېرەك، دەيتتىم ئۆزۈمگە. لېكىن، ئىككى پەرقلىق ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىدە، مېنىڭ رەسساملىرىم بىلەن رەھمەتلىك ھاماقەتنىڭ كەم ئەقلى بىرلىشىپ قىلچە ئەھمىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بولمىغان بىر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى. مەن بۇ رەسىمنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى خىل دۇنيا قاراشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىن ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنىڭ سەنئەتكە خاس ماھارەتتىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن غەزەپلىنەتتىم.

باشقا رەسىملەرنى، چۈشلەردە كۆرگەن مۇكەممەل ئاتنىڭ، بوينى قىسىق ئايالنىڭ رەسىمىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىمۇ بۇنى ھېس قىلدىم. تېمىنىڭ تاللىنىشى، مەيلى ئىككى سەرگەردان دەرۋىش ياكى شەيتاننىڭ تەسۋىرى بولسۇن، ھەممىسى دېگىدەك مېنى غەزەپلەندۈرەتتى. مەلۇمكى، سۇلتانىمىزنىڭ كىتابىغا بۇ رەسىملەرنى مېنىڭ رەسساملىرىم ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. كىتاب تاماملانماي تۇرۇپ يېزنە تاغىنىڭ جېنىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان تەقدىرىگە يەنىمۇ ھەيران بولدۇم. بۇ كىتابنى تاماملاشنى زادى ئويلاپ باقمىغانىدىم.

بۇ ئىتنىڭ رەسىمدىن بىزارلىق ھېس قىلىپ، غەزەپلەنمەسلىكىم مۇمكىنمۇ؟ ئۇ تولىمۇ ئېتىبارلىق نەزەر بىلەن سىزىلغان بولۇپ، گويا بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزدەك، تۇمشۇقىمىزنىڭ ئاستىدىلا، غەرەزسىز بىر نەزەر بىلەن بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئىتنىڭ تۇرقى ئادەتتىكىچە بولۇپ، ئۇ بېشىنى پەسكە ئېگىشتۇرگىنىدە خۇددى قىيا بېقىپ، بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاق چىشلىرى بولسا كىشىگە دەھشەت سېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. قىسقىسى، بۇ رەسىمنى سىزغان رەسساملارنىڭ (رەسىمگە قايسى ئۇستىلارنىڭ قەلەملىرى تەگكەنلىكى ئۇستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈۋاتاتتىم) ماھارىتىگە بىر تەرەپتىن ھەيران بولاتتىم، ئەمما بۇ ماھارەتنىڭ چۈشىنىكسىز بىر ئۇقۇم تۈپەيلى مەلۇم بىر بىمەنە مەنتىقە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقىنى زادى كەچۈرەلمەيتتىم. ياۋروپالىقلارغا تەقلىد قىلىش خاھىشىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ كىتابنى سۇلتانىمىز ۋېنېتسىيە باش ۋالىيسىغا ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇتقان ئىدى. شۇڭا، كىتابچە ۋېنېتسىيىلىكلەر كۆرۈپ چۈشىنەلىگىدەك ماھارەت بويىچە تەييارلاش تەلەپ قىلىنغان ئىدى. لېكىن بۇلارمۇ مەزكۇر رەسىملەرنى تامامەن تەقلىدچىلىك ئۇسۇلى بويىچە سىزىشقا يېتەرلىك سەۋەب بولالمايتتى.

بىر پارچە رەسىم دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى. چۈنكى، رەسىمدە كىشىنى ھەيرەتكە سالىدىغان ئاجايىپ بىر قىزىللىق بار ئىدى. مەن بىر قاراپلا رەسىمدىكى قايسى تەسۋىرلەرگە رەسساملىرىم ئارىسىدىن كىملەرنىڭ قولى تەگكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا باشلىدىم. رەسىمگە كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر قول، سىرلىق بىر غەرەزنىڭ تۈرتكىسىدە غەلىتە بىر خىل قىزىل بوياقنى سۈركىگەن، رەسىمدە ئەكس ئەتكەن پۈتۈن ئالەم تەدرىجىي ھالدا قىزىللىققا چۆككەنىدى. بىر ھازا قاراغا بۇ ئاجايىپ رەسىمدىكى چىنار دەرىخىنىڭ (لەيلەك)، كېمىلەر ۋە ئۆيلەرنىڭ (زەيتۇن)، لەگلەك ۋە گۈللەرنىڭ (كېپىنەك) قايسى رەسساملىرىم تەرىپىدىن سىزىلغانلىقىنى كۆرسەتتىم.

— ئۆزۈن يىللاردىن بېرى پۈتۈن بىر رەسساملار تارمىقىغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن سىزگە ئوخشاش چوڭ ئۇستا رەسسام رەسساملىرىنىڭ

ماھارەتلىرىنى، ھەر بىرىنىڭ قەلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە موي قەلە-
مىنىڭ تۇسىنى ئەلۋەتتە پەرق ئېتەلەيدۇ، — دېدى قارا، — لېكىن يېزنە
تاغامغا ئوخشاش غەلىتە بىر كىتابخۇمار ئادەم رەسساملارنى يېڭى ۋە نامە-
لۇم ئۇسلۇبلار بىلەن رەسىم سىزىشقا مەجبۇرلىغان چاغلاردا، رەسساملە-
رىڭىزنى قانداق تونۇيسىز ۋە كىمنىڭ قايسى رەسىمنى سىزغانلىقىغا
قانداقسىگە مۇنداق كېسىپلا ھۆكۈم قىلالايسىز؟
— بىر زامانلاردا ئىسپاھانغا ھۆكۈمدار بولۇپ، ئۆز قەلئەسىدە تەنھا
ياشايدىغان كىتابخۇمار، رەسىمخۇمار بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، — دەپ
بىر ھېكايىنى باشلاپ جاۋاب بەردىم، — ئۇ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، ئەقىل-
لىق، لېكىن رەھىمسىز پادىشاھ ئىكەن. رەسىم سىزدۇرۇپ تەييارلاتقان
كىتابلىرى بىلەن قىزىدىن باشقا ھېچنەرسىنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. بۇ
پادىشاھ قىزىغا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىكەنكى، ئۇنىڭ ئۇستىدىن "ئۆز
قىزىغا ئۆزى ئاشىق" دەپ گەپ تارقاتقان دۇشمەنلىرىمۇ كىشىلەر تەرىپە-
دىن "ئاشۇرۇۋەتتى" ياكى "ھەددىدىن ئاشتى" دەپ قارالمايدىكەن. چۈنكى
قوشنا مەملىكەت شاھزادىلىرى ۋە شاھلاردىن قىزىغا ئەلچى كەلسە، ئۇلار-
غا ئۇرۇش ئېلان قىلغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق غەزەپلىنىدىكەن، شۇنداقلا،
تولىمۇ تەكەببۇر ۋە ھەسەتخور ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن، تەبىئىيكى، پۈتۈن
دۇنيادا ئۇنىڭ قىزىغا لايىق ھېچقانداق ئەر چىقماپتۇ. ھەتتا ئۇ قىزىنى
قىرىق قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلانغان قىرىق ھۇجرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى
بىر ھۇجرىدا ساقلاپتۇ. چۈنكى ئىسپاھاندا كەڭ تارقالغان بىر ئېتىقاد تو-
پەيلى، ئۇمۇ قىزىنىڭ باشقا ئەرلەرنى كۆرسە گۈزەللىكىنىڭ يوقىلىپ
كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. بىر كۈنى ئۆزى ھاۋالە قىلغان «خۇسرەۋ
بىلەن شېرىن» ناملىق كىتاب يېزىلىپ، ھىرات ئۇسلۇبىدا نەقىشلىنىپ
پۈتكەندە، ئىسپاھاندا: كىتاب سەھىپىلىرىدىكى بىر قىزىقارلىق رەسىمدە
تەسۋىرلەنگەن سولغۇن چىراي ساھىبجامال ھەسەتخور پادىشاھنىڭ قىزى
ئىكەن! دېگەن ئىغۋا تارقىلىپتۇ. ئىغۋالارنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن بۇ سىرلىق
رەسىمدىن گۇمانلانغان پادىشاھ بۇ قېتىم تىترىگەن قوللىرى بىلەن كى-
تابنىڭ سەھىپىلىرىنى ئاچقىنىدا، رەسىمگە سىزىلغان گۈزەلنىڭ دەل
قىزىغا ئوخشايدىغانلىقىنى سېزىپتۇ ۋە ھەسرەتلىنىپ كۆز يېشى قىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پادىشاھنىڭ قۇلۇپلانغان قىرىق ھوجرىنىڭ ئەڭ ئىچىدىكى قىزىنىڭ ۋۇجۇدى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ گۈزەللىكى خۇددى زىرىكىشتىن بۇرۇختۇم بولغان ئەرۋاھتەك، بىر كېچىسى ھوجرىلاردىن چىقىپ ئەينەكلەردە ئەكس ئېتىپ، ئىشىكلەرنىڭ ئاستىدىكى يوچۇق ۋە قۇلۇپلارنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئۆتۈپ، كېچىسى ئىشلىگەن رەسساملاردىن بىرىنىڭ كۆزىگە گويا بىر نۇر ۋە سۈزۈك تۇمان سىياقىدا يېتىپ كەپتۇ. ياش ئۇستا رەسسام بۇ ئىشەنگۈسىز گۈزەللىكتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي، ئۇنى شۇ چاغدا سىزىۋاتقان رەسىمنىڭ بىر بۇرجىكىگە سىزىپ قويۇپتۇ. بۇ رەسىمدە شېرىنىنىڭ بىر دالا سەيلىسىدە خۇسرەۋنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىكەن.

— ئۇستاز جانابلىرى، بۇ ھەقىقەتەن بىر تاسادىپىي ئەھۋال، — دېدى قارا، — چۈنكى، ئاشۇ رىۋايەتتىكى ئۇ كۆرۈنۈشنى بىزمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز.

— بۇ رىۋايەت ئەمەس، بولغان ئىشلار، — دېدىم، — قۇلاق سال:

— رەسساممىز پادىشاھنىڭ قىزىنى گۈزەل شېرىن دەپ ئەمەس، شېرىنگە ياردەم قىلغان، ئۇ چېلىپ داستىخان سالغان كېنىزەكلەردىن بىرى دەپ سىزغان. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئۇ كېنىزەكنى سىزىۋېتىپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن شېرىنىنىڭ گۈزەللىكى بىر چەتتە تۇرغان كېنىزەكنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى ئالدىدا ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ۋە رەسىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان. پادىشاھ رەسىمدە قىزىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ رەسىمنى سىزغان بۇ تالانتلىق رەسسامنى تاپماقچى بوپتۇ. لېكىن زېرەك رەسسام پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن كېنىزەكنىڭ ۋە پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ رەسىمنى كىم سىزغانلىقى سېزىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆز ئۇسلۇبى بىلەن ئەمەس، يېڭى بىر ئۇسلۇبتا سىزىپتۇ. چۈنكى ئۇ رەسىمگە باشقا نۇرغۇن رەسساملارنىڭ قەلىمى ۋە ماھارىتىمۇ سىڭگەنىكەن.

— خوپ، پادىشاھ قىزىنىڭ رەسىمنى سىزغان رەسسامنىڭ كىملىكىنى قانداق تېپىپتۇ؟

— قۇلاقلىرىغا قاراپ.

— كىمنىڭ قۇلاقلىرىغا قاراپ؟ قىزنىڭمۇ؟ قىزنىڭ رەسىمىنىڭمۇ؟

— ئەسلىدە ئىككىلىسىنىڭ ئەمەس. ئاۋۋال بىۋاسىتە سەزگۈسى بىلەن ئۆز رەسساملىرى تەييارلىغان پۈتۈن كىتابلارنى، سەھىپىلەرنى، رەسىملەرنى ئېچىپ ئالدىغا يېيىپتۇ ۋە ئۇلاردىكى قۇلاقلارغا سەپسېلىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىلىدىغان بىر نەرسىنى قايتىدىن كۆرۈپتۇ: رەسساملارنىڭ ھەر بىرى ماھارىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇلاقلارنى ئۆز ئالدىغا سىزىپتۇ. ئۇلار سىزغان چىراي بىر پادىشاھنىڭ، بىر بالىنىڭ، بىر جەڭچىنىڭ چىرايى (ئاللاھ كەچۈرگەي)، پەيغەمبىرىمىز ھەزرەتلىرىنىڭ نىقابلانمىغان چىرايى (ئاللاھ يەنە كەچۈرگەي)، ياكى شەيتاننىڭ چىرايى بولۇشى مۇھىم ئەمەس، رەسساملار ھەرقانداق ئەھۋالدا، ھەر بىر رەسىمدە قۇلاقلارنى بىر مەخپىي ئىمزانى سىزغاندەك پۈتۈنلەي ئوخشاش سىزىپتۇ.

— نېمىشقا؟

— ئۇستا رەسساملار يۈزنىڭ رەسىمىنى سىزغاندا پۈتۈن دىققىتىنى چىراي ئىپادىسىگە، يۈزنىڭ بىر ئادەمنىڭكىگە ئوخشىشى ياكى ئوخشىماسلىقىغا، چىرايىنىڭ كەم - كۈتىسىز گۈزەللىككە يېقىن بولۇشىغا ۋە كونا ئۇلگىلەرگە ماس كېلىشىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. نۆۋەت قۇلاقلارغا كەلگەندە، نە باشقا رەسساملاردىن ئوغرىلىمايدۇ، نە بىر ئۇلگىنى دورىمايدۇ، نە بىرەر ھەقىقىي قۇلاققا قارىمايدۇ. قۇلاقنى سىزغاندا ھېچ نەرسىنى ئويلىمايدۇ، ھېچ نەرسىگە قىزىقمايدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلاپمۇ باقمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارمۇ قەلەملىرىنى يادقا ھەرىكەتلەندۈرۈۋېتىدۇ.

— لېكىن ئۇلۇغ ئۇستازلار پۈتۈن ئاجايىباتلىرىنى ھەقىقىي ئاتلارغا، دەرەخلەرگە، ئادەملەرگە زادى قارىماي يادقا سىزىۋېرىدىغۇ؟ — دېدى قارا.

— توغرا، — دېدىم مەن، — لېكىن بۇ نۇرغۇن يىللار ئويلىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، باش قاتۇرۇپ ئىشلەش ئارقىلىق يېتىلىپ تاكامۇللاشقان يادقا سىزىش ئۇسۇلى. ئۇلار ئۆمۈر بويى نۇرغۇنلىغان ئاتلارنىڭ رە-

سىملىرىنى ۋە ئاتلارنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن كۆز ئالدىدىكى قېنى بار، جېنى بار ئەڭ ئاخىرقى ئاتنىڭ ئۆز كاللىسىدىكى مۇكەممەل ئات ئوبرازىنى بۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا ئون مىڭلارچە قېتىم ئات رەسىمى سىزغان ئۇستا رەسسامنىڭ قەلىمى ئەڭ ئاخىرىدا ئاللاھ لايىھىلىگەن ئات رەسىمگە خېلى يېقىنلىشىدۇ ۋە بۇنى ئۆز روھىدىن ۋە تەجرىبىسىدىن بىلىدۇ. بىر قول دەرمەھەل يادقا سىزغان ئات ئەمەلىيەتتە ماھارەت، تىرىشچانلىق ۋە بىلىم بىلەن سىزىلغان ئات بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ ئېتىغا يېقىن بىر ئاتتۇر. لېكىن ھېچقانداق بىلىم توپلىماي، نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئەتراپلىق ئويلىماي ۋە پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ قۇلىقىغىمۇ دىققەت قىلماي سىزغان قۇلاقتىن ئەلۋەتتە نۇقسان كۆرۈلمەي قالمايدۇ. ئەنە شۇنداق نۇقساننىڭ كۆرۈلۈشى نۇقسانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر رەسسامدا ئۆزىگە خاس پەرقنى شەكىللەندۈرىدۇ، يەنى ئۇ بىر خىل ئىمزادەك بولۇپ قالىدۇ.

تاراقلىغان بىر ئاۋاز سۆزىمىزنى بۆلۈۋەتتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئەتىردىكى باشلىقىنىڭ ئادەملىرى خەتتاتلاردىن ۋە رەسساملىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدىن يىغىپ كەلگەن سەھىپىلەرنى كونا رەسىمخانىغا ئەكىرىپ قويۇشقانىدى.

— ئەسلىدە، دەرۋەقە قۇلاق ئادەمنىڭ بىر كەمچىلىكى، — دېدىم قارانى كۈلۈمسىرىتىش ئىستىكىدە، — ئۇ ھەممە كىشىدە بار، لېكىن ھەممە كىشىدە پەرقلىق بولىدىغان بىر ئەزا، يەنى سەتلىكنىڭ مۇكەممەل بەلگىسى.

— ھېكايىدا قۇلاقنىڭ سىزىلىش ئۇسلۇبى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنىدىغان رەسسامنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلار كەپتۇ؟

— قارىغۇ قىلىنىپتۇ، — دېمىدىم قارا تېخىمۇ ھەسرەتلەنمىسۇن دەپ، — پادىشاھنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئاپتۇ، — دېدىم. ئۇ كۈنى ھازىرمۇ رەسساملارنى پەرق ئېتىشتە قوللىنىدىغان بۇ ئۇسۇل نۇرغۇن رەسىمخانىلارنىڭ خوجايىنى بولغان خانلار، شاھلار، پادىشاھلار ئارىسىدا ”كېنىزەك ئۇسۇلى“ دەپ ئاتالدى ۋە كېيىنكى كۈنلەردە بىرەر رەسسام بىرەر رەسىم سىزىپ، ئۇنىڭغا قاملاشمىغان مەلۇم بىر شەكىلنى كىرگۈزۈپ قويۇپ، كېيىن سىزغىنىنى ئىنكار قىلسا، بۇ ئىش گۇناھنى كىم سادىر قىلغان-

لىقنى دەرھال بىلىش ئۈچۈن بىر سىر سۈپىتىدە ساقلىنىدۇ. ئىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى رەسىمنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالمىغان، ئەھمىيەت بې- رىلمىگەن، تېز سىزىلغان ۋە پۈتۈنلەي تەكرارلانغان تەپسىلاتلارنى تېپىش- تۇر. بۇلار قۇلاقلار، قوللار، ئوت - چۆپلەر، ياپراقلار ياكى ئاتلارنىڭ ياي- لىلىرى، پۇتلىرى، ھەتتا تۇياقلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، رەسسام بۇ تەپسىلاتلارنىڭ ئىچىدە ئۆز مەخپىي ئىمزاسى بارلىقىنى سېزىپ قالسا، بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، بۇرۇت بولمايدۇ، چۈنكى نۇرغۇن رەسسام بۇرۇتلارنى ئۆزى بىل- گەنچە سىزىشقا بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم ئىمزا بولالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن قاشلار بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ. ئەمدى بىز رەھمەتلىك يېزنە تاغىنىڭ رەسىملىرىگە موي قەلەملىرىنى تەگكۈزگەن ياش ئۇستىلارنىڭ قايسىلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

شۇنىڭ بىلەن، بىرى مەخپىي، بىرى ئاشكارا ئىشلەنگەن، ھەرقايسى ئوخشىمىغان ۋەقە ۋە تېمىلارنى بايان قىلغان، ئايرىم ئۇسلۇبتا رەسىمى سىزىلغان ئىككى كىتابنى، يەنى رەھمەتلىك يېزنە تاغىنىڭ كىتابى بىلەن مېنىڭ نازارىتىمدە ئىشلەنگەن شاھزادىمىزنىڭ سۈننەت توينى بايان قىل- لىدىغان تويىنامەنىڭ سەھىپىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇردۇق ۋە قارا بىلەن ئىككىيلەن مېنىڭ لوپا ئەينىكىم سۇرۇلگەن يەرلەرگە دىققەت قىلىپ قا- رىدۇق.

1. تويىنامە سەھىپىسىدە، ئالدى بىلەن پارات مۇراسىمىنى تاماشا ئۈ- چۈنلا ياسالغان مۇنبەردىن پاراتنى تاماشا قىلىۋاتقان سۇلتانىمىزنىڭ ئال- دىدىن ئۆتۈۋاتقان جۇۋىچىلار ئەترىتىدە قىزىل تون كىيىپ، سۆسۈن رەڭ بەلۋاغ تاقىغان بىر جۇۋىچى ئۇستا قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان تۈلكە جۇۋىغا ئىشلىتىلگەن تۈلكىنىڭ ئوچۇق ئاغزىغا دىققەت قىلدۇق. تۈلكى- نىڭ بىر - بىرلەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان چىشلىرى بىلەن يېزنە تاغىنىڭ شەيتاننى ئەكس ئەتتۈرگەن رەسىمىدىكى سەمەرقەنددىن كېلىش ئېھتى- ماللىقى بار دەپ قارالغان يېرىمى شەيتان، يېرىمى دىۋە سۈرەتلىك ھېلىقى بىتەلەي مەخلۇقنىڭ چىشلىرى بىر قولدىن، يەنى زەيتۇننىڭ قەلىمىدىن چىققانىدى.

2. تويغا تەنتەنە قىلىنىۋاتقان ئىنتايىن شاد ـ خۇراملىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۇلتانىمىز ئات بەيگە مەيدانىغا قاراپ تۇرغان دېرىزىنىڭ تۈۋىدە كىيىملىرى جۇلجۇل بىر توپ يوقسۇللار ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن جەڭ ـ چىلەر سىياقىدا تەسۋىرلەنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى: "پادىشا ـ ھىم، بىزلەر ئالىيلىرىنىڭ قەھرىمان جەڭچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن كۈپپارلارغا قارشى دىن يولىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشتۈق ۋە بىر قىسىم يېقىن سەپداشلىرىمىزنى گۆرۈگە قويۇپ، فىديە پۇلى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن قويۇپ بېرىلدۇق. لېكىن ئىستانبۇلغا كەل ـ گىنىمىزدە ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ناھايىتى ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. ھازىرغىچە بىز كۈپپارلارنىڭ قولىدا گۆرۈدە قالغان سەپداشلىـ ـرىمىزنى قۇتقۇزغىدەك پۇلنى تاپالمىدۇق. بۇ ھەقتە ئالىيلىرىنىڭ ياردە ـ مىگە موھتاجمىز. بىزگە يا ئالتۇن بەرگەيلا، ياكى ئەسىر بەرگەيلا، بىز ئۇلارنى ئېلىپ بېرىپ گۆرۈدىكى سەپداشلىرىمىزغا ئالماشتۇرايلى. ئۇلار ـ نى قۇتقۇزايلى" دەپتۇ. بۇ چاغدا سۇلتانىمىز بىلەن بىچارە يوقسۇل غازىلە ـ رىمىزنى ۋە مەيداندىكى پارس، تاتار ئەلچىلىرىنى بىر بۇلۇڭدا بىر كۆزى بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان لالما ئىتنىڭ تىرناقلىرى بىلەن يېزنە تاغىنىڭ كىتابىدىكى ئالتۇن ئاقچىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان رەسىم ـ نىڭ بۇلۇڭلىرىنى تولدۇرۇپ تۇرغان ئىتنىڭ تىرناقلىرىدىن مەلۇمكى، بۇ رەسىم بىر قەلەمدىن، يەنى لەيلەكنىڭ قولىدىن چىققانىدى.

3. سۇلتانىمىزنىڭ ئالدىدا موللاق ئېتىۋاتقان، تاختىنىڭ ئۈستىدە تۇخۇم ماڭدۇرۇۋاتقان سېھىرگەرلەر ئارىسىدا، سۆسۈن رەڭ پىنجەك كىيـ ـگەن، يالىڭاچ پاقالچەكلىك تاقىرباش بىر كىشى بىر چەتتە قىزىل گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ داپ چېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ داپ چالغان بارماقلىرى دەل يېزنە تاغىنىڭ كىتابىدىكى «قىزىل» ناملىق رەسىمدە مىس پەتنۇس تۇتۇپ تۇرغان ئايالنىڭكىگە ئوخشايتتى. بۇ شۈبھىسىز زەيتۇننىڭ ئەسىرى ئىدى.

4. سۇلتانىمىزنىڭ ئالدىدىن ئىتتىرىپ ئۆتكۈزگەن چاقلىق ھارۋى ـ نىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى يوغان قازاندا گۆش ـ لۈك، پىيازلىق قاتكۆك دولمىسى پىشۇرۇپ ئۆتۈۋاتقان ئاشپەزلەر ئەترىتى

بىلەن يېنىدا قازانلارنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئۇستا ئاشپەزلەر دەسسىگەن ھال رەڭ تۇپراقتىكى كۆك رەڭلىك تاشلار يېزىنە تاغا «ئۆلۈم» دەپ ئاتىغان رەسىمدىكى ئەرۋاھسىمان مەخلۇق ئايىغىنى يەرگە تەگكۈزمەي، ئۈستىدىن لەيلەپ كېتىۋاتقان زەڭگەر رەڭلىك تۇپراقتىكى قىزىل تاشلار بىلەن بىر قولدىن، يەنى كېيىنكىنىڭ قولىدىن چىققانىدى.

5. ئالەم پاناھى سۇلتانىمىزغا خۇشامەتلىك ئىبارىلەرنى ياغدۇرۇپ، پارس شاھىنىڭ دوستانىلىقى ۋە سۇلتانىمىزغا نىسبەتەن قېرىنداشلىقتىن باشقا ھېچقانداق غەرىزى يوقلۇقىنى داۋاملىق ئېيتىپ كېلىۋاتقان پارس ئەلچىسىنىڭ ھەيۋەتلىك قەسىرى ئالدىدا شاھ قوشۇنلىرىنىڭ ئوسمانىيەگە يېڭى ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنىڭ تاتار پوچتىكەشلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈشى بىلەن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن كىشىلەر توپى ئەلچىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، ئالا - توپىلاڭ كۆتىرىپ يۈگۈرگەندە، بەيگە مەيدانىدا كۆتىرىلگەن توپا - چاڭنى بېسىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان سۇچىلار، ئالا - توپىلاڭ كۆتۈرىۋاتقان كىشىلەر توپىغا كەندىر يېغى چىچىپ تىنجىتىش ئۈچۈن مۈرىلىرىدە تېرە تۇلۇملارنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشكەن ئادەملەر تەسۋىرلەنگەن رەسىمدە، سۇچىلار بىلەن كەندىر يېغى تۇلۇملىرىنى كۆتۈرۈۋالغان ئادەملەرنىڭ يۈگۈرگەن چاغدىكى ئاياغلىرىنى كۆتۈرگەن ھالىتى بىلەن «قىزىل» ناملىق رەسىمدە سىزىلغان يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئايىغىنى كۆتۈرۈشلىرى بىر قولدىن، يەنى كېيىنكىنىڭ قولىدىن چىققانىدى.

بۇ ئاخىرقى بايقاش، يەنى قولۇمدىكى لوپا ئەينەكنى ئوڭغا - سولغا، ئۇ رەسىمگە - بۇ رەسىمگە يۆتكەپ ئىزدەۋاتقان چېغىمدىكى بايقاش ماڭا ئەمەس، بەلكى قېيىن - قىستاق ۋەھىمىسى باسقان ۋە ئۆيدە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان خوتۇنىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىش ئۈمىدى بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئولتۇرغان قاراغا تەئەللۇق ئىدى. ”كېيىنزەك ئۇسۇلى“ بىلەن رەھمەتلىك يېزىنە تاغىسىدىن قالغان توققۇز پارچە رەسىمنى ۋە ئۇلارغا قولى تەگكەن رەسساملىرىمىزدىن قايسىسىنىڭ قايسى رەسىمنى سىزغانلىقىنى ئېنىقلاپ، بۇ مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش ئىشى پۈتۈن بىر چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىمىزنى ئالدى.

قارانىڭ رەھمەتلىك يېزنە تاغىسى ھېچقانداق بىر سەھىپىنى يالغۇز
بىر رەسسامنىڭ قەلىمىگە ۋە ماھارىتىگە تاپشۇرمىغان بولۇپ، رەسىملەر-
نىڭ كۆپىگە ئۇستا رەسساملاردىن ئۇچەيلەن قول تەگكۈزگەنىدى. بۇ ھال
رەسىملەرنىڭ خېلى ئوبدانلا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، يۆتكىلىپ تۇرغانلىد-
قىنى كۆرسىتەتتى. مەن تونۇيدىغان رەسساملاردىن باشقا، رەسىملەرگە
قاتناشقان بەشىنچى بىر قولنىڭ كۆرۈمسىز ئىزلىرىنى بايقىغىنىمدا، رە-
زىل قاتىلنىڭ نەقەدەر قابىلىيەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرغەزەپكە
كەلدىم. دەل شۇ چاغدا قارا رەسىمگە ئېھتىيات بىلەن سۈركەلگەن بوياق-
تىن ئۇنىڭ يېزنە تاغىسىنىڭ ئەسرى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالغاچقا، خاتا
ئىزدەشتىن خالىي بولدۇق. تويىنامىمىزغا ھەل بەرگەندەك، ئەينى شۇ ئۇ-
سۇلدا يېزنە تاغىنىڭ كىتابىغىمۇ ھەل بەرگەن (شۇنداق، دەرۋەقە كۆڭلۈم
مەيۈسلىنەتتى)، تاملارغا، يوپۇرماقلارغا، بۇلۇتلارغىمۇ ئارىلاپ موي قەلە-
مىنى تەگكۈزگەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندىنى ھې-
سابقا ئالمىغاندىمۇ، بۇ رەسىملەرگە رەسساملىرىمدىن پەقەت ئەڭ كۆزگە
كۆرۈنگەن ئۈچ ئۇستا رەسساممىنىڭ قاتناشقانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. بۇلار مېنىڭ شاگىرتلىق ۋاقتلىرىدىن تارتىپ ئۆزۈم بىر قول-
لۇق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن باللىرىم، قەدىرلىك ئۈچ ماھىرىم: زەي-
تۇن، كېپىنەك، لەيلەكلەر ئىدى.

ئىزدىگەن نەرسىمىزنى تېپىشىمىزغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن ھەر
بىرىنىڭ ماھارىتى، ئۇستىلىقى ۋە مىجەز - خاراكتېرى ھەققىدە مۇھاكى-
مە يۈرگۈزۈشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. بۇ مۇھاكىمە يالغۇز ئۇلار ھەققىدىلا ئە-
مەس، مېنىڭ ئۆز ھاياتىمغىمۇ چېتىلىدۇ.

## زەيتۇننىڭ سۈپەتلىرى

ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ۋەلىجان بولۇپ، مېنىڭ قويغىنىمدىن باشقا
قوشۇمچە ئىسمى بار - يوقلۇقىدىن خەۋىرىم يوق. چۈنكى ئۇنىڭ بىر يەر-
گە ئىمزا قويغانلىقىنى كۆرمىدىم. ئۇ شاگىرت ۋاقتىدا ھەر سەيشەنبە ئە-
تىگەنلىكى مېنى ئۆيدىن رەسىمخانىغا ئېلىپ باراتتى. ئۆزى ناھايىتى تە-

كەببۇر ئىدى، چۈنكى، ئەسەرلىرىگە سالاھىيىتىنى تۆۋەنلىتىپ ئىمزا قويماقچى بولسا، ئۇنىڭ تونۇغلىق بولغۇدەك ئۇچۇق كۆرۈنۈشىنى ئۇمىد قىلاتتى. بۇ، قويغان ئىمزانى يوشۇرمايتتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ قابىلىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ قولىدىن ھەل بېرىشتىن تاكى جەدۋەل تۈزۈشكىچە ھەممە ئىش كېلەتتى ۋە ئۇ ئىشلارنى تولىمۇ ياخشى قىلاتتى. دەل - دەرەخ، ھايۋان ۋە ئادەم چىرايىنى سىزىشتا رەسىمخانامنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەسسامى ئىدى. ۋەلىجاننى تەخمىنەن ئون يېشىدا ئىستانبۇلغا ئېلىپ كەلگەن دادىسىنى سەفەۋى شاھىنىڭ تەبرىزدىكى رەسىمخانىسىنىڭ مەشھۇر قىياپەت رەسسامى سىياۋۇش تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ شەجەرىسى تاكى موڭغۇللارغا تۇتىشاتتى. شۇڭا موڭغۇل - جۇڭگو تەسىرىگە ئۇچرىغان سەمەرقەند، بۇخارا ۋە ھىراتتا ماكانلاشقان 150 يىل ئىلگىرىكى پېشقەدەم ئۇستىلاردەك، ياش ئاشىقلارنى خۇددى ئاي يۈزلۈك جۇڭگولۇقلاردەك سىزاتتى. نە شاگىرتلىقىدا، نە ئۇستا بولغان ۋاقتىدا بولسۇن، بۇ تەرسا سەنئەتكارنىڭ ئۇسلۇبىنى زادى ئۆزگەرتەلمىگەن ئىدىم. ئۇنى روھىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرغان موڭغۇل - جۇڭگو - ھىرات ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسلۇب ۋە ئۈلگىلىرىدىن يىراقلاشسىكەن، ھەتتا ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتسىكەن دەيتتىم. بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتقىنىمدا، ئۇ ماڭا ھەرقايسى مەملىكەت ۋە رەسىمخانىلاردا كېزىپ يۈرگەن كۆپچىلىك رەسساملاردەك، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى، دەرۋەقە، ئەسلىدە ئۇلارنى ئۆگەنمىگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. نۇرغۇن رەسساملارنىڭ قەدىر - قىممىتى دەل ئۇلارنىڭ ئېسىدە ساقلانغان ئاشۇ ئاجايىپ ئۈلگىلەردىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەلىجان ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئۇنتۇپ كېتەلىگەن بولسا تېخىمۇ كاتتا رەسسام بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستازلىرىدىن ئۆگەنگەنلىرىنى روھىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ۋاز كېچەلمەيۋاتقان بىر ئەر گۇناھتەك يوشۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنىڭ ئۇ ئۆزىمۇ سېزەلمىگەن ئىككى پايدىسى بار: 1. بۇ مۇشۇنداق ماھارەتتە پىشىپ يېتىلگەن قابىلىيەتلىك بىر رەسسامغا نىسبەتەن، بۇ خىل كونا شەكىل گويا بىر گۇناھتەك يات - يوچۇن تەسىر بېرىدۇ. 2. ئۇنتۇلغان نەرسىنى زۆرۈر تېپىلغان ۋاقىتتا ئېسىگە ئالىدۇ ۋە قەدىمىي ھىرات ئۇسلۇبلىرىدىن بى-

رىنى يېڭى بىر تېما، يېڭى بىر تارىخ، كۆنمىگەن بىر كۆرۈنۈشلەرگە مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك تەدبىقلاپ قوللىنالايدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر بول-
غاچقا، كونا ئۇسلۇبتىن، شاھ تەھمەسپنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلىرىدىن
ئۆگەنگەنلىرىنى يېڭى رەسىمگە ماسلاشتۇرۇشنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا
ھىرات رەسىمى بىلەن ئىستانبۇل رەسىمى ئەپچىل بىرلىشىدۇ.

پۈتۈن رەسساملىرىمغا قىلغىنىمدەك، مەن بىر قېتىم ئالدىن خەۋەر بەرمەيلا ئۇنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز يوقلاپ بارغانىدىم. مېنىڭ ئىش ئورنۇم ۋە باشقا نۇرغۇن ئۇستا رەسساملارنىڭ ئىش ئورنىنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئىش ئورنىدا بوياقلىرى، موي قەلەملىرى، دېڭىز قۇلۇلىسىدىن ياسالغان قەغەز سىلىقلىغۇچلىرى، رەسىم سىزىش ئۇستىلى قاتارلىقلار قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، ئەتراپنى مەينەتچىلىك باسقان ئىدى. مەن بۇلارنى زادى چۈشىنەلمەي قالدىم، لېكىن ئۇ بۇ ئەھۋالدىن قىلچە خىجىللىق ھېس قىلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۈچ - تۆت تەڭگىنى ئارتۇق تېپىش ئۈچۈن سىرتتا شەخسىي ئىش قىلمايتتى. قارا مەن بايان قىلغان بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رەھمەتلىك يېزنە تاغىسى چوقۇندىغان پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىغا كۆپرەك زەيتۇننىڭ ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى ۋە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن شۇئاندىلا بۇنىڭ رەھمەتلىك ھاماقەتكە قارىتا بىر مەدھىيە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ خاتا بىر تونۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. مەن زەيتۇننىڭ سىرتتىن باھا بېرىپلا، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۇستىسى سىياۋۇشتىن ۋە ئۇنىڭ ئۇستىسى مۇزەپپەردىن ھالقىپ، ھەتتا ھىرات ئۇسلۇبلىرىغا، بەھزات ياشىغان دەۋرگە ۋە باشقا پېشقەدەم ئۇستازلارغا زىيادە ۋە يوشۇرۇن باغلانغان - باغلانمىغانلىقى توغرىلىق قارانىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ سىرتىغا قاراپلا كېسىپ ھۆكۈم قىلالامايمەن. بىراق مەن ھەمىشە ئۇنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن ساقلانغان باشقا نەرسىلەر بارلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. رەسساملىرىمنىڭ ئىچىدە ئەڭ جىمغۇر، ئەڭ سەزگۈر، لېكىن ئەڭ ۋاپاسىز، ئەڭ خائىن ۋە يولدىن چىققىنى (بۇلارنى ئاغزىمغا كېلىشچە ئېيتىۋەردىم) دەل ئۇ ئىدى. ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ قىيىن - قىستاقلىرىنى ئويلىساملا، ئەقلىمگە ھەممىدىن بۇرۇن ئۇ كېلىدۇ (ئۇنىڭ قىيىن - قىستاققا ئېلىنىد-

شنى ھەم خالايمەن، ھەم خالىمايمەن). ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا جىنغا ئوخ-
شاش، ھەممىنى، جۈملىدىن مېنىڭ كەمچىلىكلىرىمنىمۇ كۆرىدۇ ۋە سې-
زىدۇ. لېكىن ھەرقانداق مۇھىتقا ماسلىشىدىغان سەرگەردانلارچە ئېھتىيات
بىلەن ھەرگىزمۇ ئاغزىنى ئېچىپ ئازغىنە خاتالىقلىرىمىزنىمۇ كۆرسەت-
مەيدۇ. ئۇ ھىيلىگەر، لېكىن مېنىڭچە قاتىل ئەمەس (قاراغا بۇنى ئېيتمى-
دىم). چۈنكى ئۇ ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا پۇلغىمۇ ئىشەنمەيدۇ،
لېكىن ئەسەبىيلەرچە پۇل توپلايدۇ. ئەپسۇسكى، پۈتۈن قاتىللار ئويلىغى-
نىمىزنىڭ ئەكسىچە ئىمانسىزلاردىن ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە ئىمانلىقلار-
دىن چىقىدۇ. كىتابچىلىق رەسساملىقى، رەسساملىق بولسا — ئاللاھ
كۆرسەتمىسۇن — ئاللاھقا جەڭ ئېلان قىلىشقا ئېچىلغان بىر ئىشىكتۇر.
بۇنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. بۇ مەنىدە ئىمانسىزلىقى تۈپەيلى زەيتۇن ھەقى-
قەتەن بىر رەسسامدۇر. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى كېيىنەكتىن،
ھەتتا لەيلەكتىن كەم دەپ ئويلايمەن. زەيتۇننىڭ ئوغلۇم بولۇشىنى ئۈمىد
قىلاتتىم. بۇنداق دېيىش بىلەن قارانىڭ كۆڭلىدە زەيتۇنغا نىسبەتەن ھە-
سەتخورلۇق ھېسسىياتى قوزغاشنى ئويلايتتىم. لېكىن قارا كۆزلىرىنى
مۆلۈلدىتىپ، ماڭا بالىلارچە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. ئۇ چاغدا مەن ئۇ-
نىڭغا، زەيتۇننىڭ قارا بوياق بىلەن رەسىم سىزىشقا ئەڭ ئۇستىلىقى،
جەڭچىلەرنى، ئوۋچىلىق كۆرۈنۈشلىرىنى ۋە لەيلەكلەرنىڭ جۇڭگوچە كۆ-
رۈنۈشلىرىنى، بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ ئۇد چې-
لىۋاتقان سۇباتلىق يىگىتلەرنى رەسىمگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەڭ ماھىرلىقى
ھەمدە ئەپسانىۋى ئاشىقلارنىڭ ھەسرىتىنى، قولىدا قىلىچ تۇتقان شاھلار-
نىڭ غەزەپلىك ئەلپازلىرىنى، ئەجدىھانىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى دالدىغا
ئالغان قەھرىماننىڭ چىرايىدىكى قورقۇنچ ئىپادىسىنى سىزىشقا ئۇستى-
لىقىنى ئېيتتىم.
— بەلكىم يېزنە تاغام سۇلتانىمىزنىڭ چىرايى بىلەن ئولتۇرۇش
قىياپىتى پەرەڭلەرنىڭكىدەك تەپسىلىي سىزىلغان ئاخىرقى رەسىمنى ئۇ-
نىڭغا سىزدۇرغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى قارا.
ئۇ ماڭا كاللىنى قايمۇقتۇرىدىغان بىر سوئالنى قويماقچىمىدىكىنە؟
— ئەگەر شۇنداق بولسا، يېزنە تاغىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ

ئۆزى بىلىدىغان بىر رەسىمنى نېمىشقا ئېلىپ كېتىدۇ؟ — دېدىم، — ياكى نېمە ۋەجىدىن ئاشۇ رەسىم ئۈچۈن يېزىنە تاغىنى ئۆلتۈرىدۇ؟

بىر ھازا ئويلىنىپ تۇردۇق.

— ئۇ رەسىمدە بىر نۇقسان بولغانلىقى ئۈچۈن، — دېدى قارا، — ياكى بىر ئىشتىن پۇشايمان قىلىپ قورققانلىقى ئۈچۈن، ياكى ... — ئۇ بىر ئاز ئويلاندى، — ياكى بىتەلەي يېزىنە تاغامنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ رەسىمدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر زىيانكەشلىككە يول ئېچىش، ياكى ئۇنى خاتىرە قىلىش ئۈچۈن، ۋە ياكى ئۇنى ھېچقانداق بىر سەۋەبسىزلا ئېلىپ كەتمىگەندۇ؟ ھەرھالدا زەيتۇن ئۇلۇغ بىر رەسسام ۋە تەبىئىيكى، گۈزەل رەسىملەرنى ھۆرمەتلەيدۇ.

— زەيتۇننىڭ ئۇلۇغ رەسسام ئىكەنلىكىنى دېيىشتۇق، — دېدىم خاپا بولۇپ، — لېكىن يېزىنە تاغىنىڭ بۇ رەسىملىرىنىڭ ھېچقايسىسى گۈزەل دېگۈدەك ئەمەس.

— ئۇنىڭ ئاخىرقى رەسىمنى كۆرمىدۇق، — دېدى قارا يۈرەكلىك بىلەن.

## كېپىنەكنىڭ سۈپەتلىرى

ئۇ ئوق - دورا ئامبىرى رايونىدىن كەلگەن ھاسان چەلەبى ① دەپ تونۇلغان، لېكىن مەن ئۇنى ھەمىشە “كېپىنەك” دەيمەن. بۇ ئىسىم ماڭا ئۇنىڭ گۈزەل بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى چىرايلىقلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ دېمىسىمۇ كۆرگۈچىلەر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي يەنە بىر قارىغۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە چىرايلىق. مەن ھەمىشە ھەيران بولىدىغان مۆجىزە شۇكى، ئۇ چىرايلىق بولۇپلا قالماي، يەنە قابىلىيەتلىك. ئۇ بىر رەڭ ئۇستىسى. ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەرىپى مانا شۇ. گويا ئۇ رەڭ بېرىش ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا قىزغىنلىق بىلەن رەسىم سىزىدۇ. لېكىن مەن يەنە ئۇنىڭ يېنىك تەبىئەتلىك، ھەم غەرەزسىز ۋە بىقارار ئىكەنلىكىنىمۇ قاراغا ئېيتىۋەتتىم. كۆز قاراشلىرىمنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۇ-

① چەلەبى — ئەپەندى، ئاغا، بەگ مەنىلىرىدە. — ت .

چۈن، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ رەسىم سىزىدىغان ھەقىقىي رەسسام ئىكەنلىكىنى قوشۇمچە قىلىپ ئېيتىپ قويدۇم. ئەگەر رەسىم سىزىشتا ئەقىل تولۇقلاش مەقسەت قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا ياكى ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى ھايۋان بىلەن سۆزلىشىش، ياكى سۇلتاننىڭ ئىپتىخارىنى قانائەتلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەر سىزىلغان رەسىمدىن كۆزنىڭ خۇمارىنى چىقارغىلى بولسىلا، كېپىنەكنى ھەقىقىي رەسسام دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ 40 يىلنىڭ ئالدىدىكى قەزۋىنلىك ئۇستىلىرىدىن ئالغان تەلىمى بويىچە سىزىقلارنى ئەركىن ـ ئازادە، كەڭرى ۋە بىمالال سىزىدۇ. ئوچۇق، ساپ رەڭلىك بوياقلارنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن سۈركەيدۇ ۋە سىزغان رەسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا يېقىشلىق چەمبەرسىمان ھالقىلارنى يوشۇرۇن ئىپادىلەيدۇ. ئۇنى ئالەمدىن ئۆتكىلى خېلى بولغان قەزۋىنلىق ئۇستازلىرى ئەمەس، بەلكى مەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈردۈم. ئېھتىمال، شۇ ۋەجىدىن ئۇنى ئوغلۇمدەك ۋە ئوغلۇمدىنمۇ چارە كۆرسەم كېرەك. لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچ ھەيرانلىق ھېس قىلمايمەن. بالىلىقىدا ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا بارلىق شاگىرتلىرىمدەك ئۇنى قەلەم ساپلىرى، سىزغۇچلار بىلەن ھەتتا تاياقلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرغانىدىم، لېكىن بۇ مېنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىمەيدىغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيتتى. چۈنكى لەيلەكنىمۇ سىزغۇچلار بىلەن كۆپ ئۇرغانىدىم، لېكىن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن. بەزى كىشىلەر ئۇستازىنىڭ تايىقى ياش شاگىرتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىستېداتنى ۋە شەيتان ۋەسۋەسىلىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ دەپ قارايدۇ، لېكىن ئەمەلىيەت تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. تاياق پەقەت ئۇلارنى ۋاقىتىنچە بېسىپ تۇرىدۇ، خالاس. ئەگەر بۇ تاياق خالىس نىيەتتە توغرا ئۇرۇلغان بولسا، جىن ـ شەيتان ۋەسۋەسىلىرى كېيىن قايتا باش كۆتۈرۈپ، پىشىپ يېتىلىۋاتقان رەسسامنى ئۆز كەسپى ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. كېپىنەكنى ئۇرغان تاياقلار ئۇنىڭ بەختلىك ۋە ئىنتائەتكار نەققاش بولۇپ يېتىشىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى.

يەنە ئۇنى قاراغا ماختاپ بېرىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم:

— كېپىنەكنىڭ رەسىمى، — دېدىم ئۇنىڭغا، — شائىرلارنىڭ مەسنەۋىسىدە تەپەككۇر قىلغىنىدەك، مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىلغان بىر پارچە

رەسسامنىڭ پەقەت ئاللاھ ئىلتىپات قىلغان رەڭنىڭ تەسىر كۈچى ۋە ئۇنى جانلىق قوللىنىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنىڭ ياخشى دەلىلىدۇر. دەل ئەنە شۇ دەلىل ئارقىلىق مەن كېپىنەكتە يېتەرسىز بولغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدىم: ئۇ جامىنىڭ شېئىرىدا نېمىنىڭ "روھنىڭ قاراڭغۇ كېچىسى" دېيىلگەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ خىل ئېتىقادسىزلىق بولغان ئەمەس. ئۇ جەننەتتە شاد - خۇراملىق ئىچىدە رەسىم سىزىدىغان بىر رەسسامغا ئوخشاش، ئېتىقاد ۋە شادىمانلىق بىلەن، ئۆزىنىڭ كۆڭۈللۈك رەسىم سىزالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ئىش باشلايدۇ ۋە رەسىملىرىنى خۇشال ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىدۇ. ھەربىي قوشۇنلىرىمىزنىڭ دۈشمەن قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشى، ۋېنگىرىيە ئەلچىسىنىڭ سۇلتانىمىزنىڭ ئايىغىنى سۆيۈشى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇلدۇل بىلەن يەتتە قەۋەت ئاسمانغا چىقىشى، مانا بۇلار ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق كۆرۈنۈشلەر، لېكىن ئۇلار كېپىنەكنىڭ قولىدا سەھىپىدىن قانات قېقىپ چىققاندەكلا ھەقىقىي خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ. مەن سىزدۇرغان بىر رەسىمدە ئۆلۈمنىڭ مۇدھىشلىقى ياكى ئوردىدىكى ئالىي كېڭەشمىدە كۆرۈلگەن جىددىيلىكلەر زىيادە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، كېپىنەككە "خالىغىنىڭچە رەڭ بەر" دېيمەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدىغا قەبرە تۇپرىقى چېچىلغاندەك روھسىز كۆرۈنگەن كېيىم - كېچەكلەر، ياپراقلار، بايراقلار، دېڭىزلار تۇيۇقسىز بىر شامال بىلەن دولقۇنلانغاندەك ئۆزگىرىش ياسايدۇ. بەزىدە ئاللاھ ياراتقان دۇنيانىڭ كېپىنەكنىڭ سىزغىنىدەك كۆرۈنۈشىنى، ھاياتنىڭ شاد - خۇراملىققا تولۇشىنى، ئاللاھنىڭمۇ دەل شۇنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالىمەن. دەرۋەقە، كېپىنەكنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى دۇنيا گويا رەڭلەر ئۆزئارا ماسلاشقان ھالدا بىر - بىرىگە گۈزەل شېئىرىي مەدھىيىلەرنى ئوقۇۋاتقاندەك، ۋاقىت مېڭىشتىن توختىغاندەك، شەيتاندىن مۇستەسنا بىر ئالەمدۇر.

لېكىن بۇنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى كېپىنەك ئۆزىمۇ بىلىدۇ. بىر كىشى ئۇنىڭغا — شۇنداق، ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ — ئۇنىڭ رەسىمىدە ھەممە نەرسە بايرام كۈنلىرىدىكىدەك خۇشاللىققا چۆمگەن بولسىمۇ، لېكىن مەنە چوڭقۇرلۇقى كەم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن ئىدى. ئۇنىڭ رە-

سىملىرىدىن بالا شاھزادىلەر ۋە ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالغان، ئالجىغان ھەرەمخانا ئاياللىرى ھوزۇرلىنىدۇ، لېكىن تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە رەزىللىككە قارشى چىقىشقا مەجبۇر بولغان ئادەملەر بۇ رەسىملەرگە قىلـ چە قىزىقمايدۇ. بايقۇش كېپىنەك ئۆزى ھەققىدىكى بۇ تەنقىدلەرنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بەزىدە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپ ئىقتىدارى ئۆزىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدىغان ماھارەتسىز رەسساملاردىن ھەسەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ شەيتان ۋەسۋەسىسى دەپ ئويلىغان نەرسە كۆپ چاغلاردا يۇزەكى رەزىللىك ۋە ھەسەتخورلۇقتۇر.

مەن ئۇنىڭ رەسىم سىزغاندا، رەسىمدىكى گۈزەل دۇنيانىڭ ئىچىگە چۆكۈپ، رەسىم سىزىشنىڭ خۇرسەنلىكىدىن بەھرىمەن بولماي، بەلكى سىزغان رەسىمنى باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىنىلا ئويلايدىغانلىقىغا خاپا بولىمەن، ھەتتا پۇل تېپىشنى ئويلايدۇ دەپمۇ خاپا بولىمەن. ئادىمىيلىككە خاس يەنە بىر خىسلەت شۇكى: ئۇنىڭدىن كۆپ قابىلىيەتسىز بولغان نۇرغۇن رەسساملارمۇ بار، ئۇلار رەسىم سىزغاندا ئۆزىنى ھۈنىرىگە تېخىمۇ كۆپ بېغىشلىيالايدۇ.

كېپىنەك بۇ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى رەسىمـ گە بېغىشلىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ھەسرىتىگە چۈشكەندى. تىرناققا ۋە گۈرۈچ دانلىرىنىڭ ئۈستىگە ئاددىي كۆز بىلەن كۆرۈش تەس بولغان رە- سىملەرنى سىزىدىغان ئەقىلسىز رەسساملاردەك، ئۇنىڭمۇ ئىخلاس بىلەن ئىنچىكە ئىشلەش ھەۋىسى بار ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭدىن نۇرغۇن رەس- ساملار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە شۇنچە كۆپ قابىلىيەت ئاتا قىلغىنىدىن خە- جىل بولغىنى ئۈچۈنلا، ئۆزلىرىنى بالدۇرلا كور قىلىپ قويىدىغان بۇ ھې- رىسمەنلىككە بېرىلگەنمۇ دەپ سورىغانىدىم. پەقەت قابىلىيەتسىز رەس- ساملار ئاسانلا نام چىقىرىش ۋە ئەقىلسىز خوجايىنلىرىنىڭ نەزىرىگە چۈ- شۈش ئۈچۈن گۈرۈچكە دەرەخنىڭ پۈتۈن يوپۇرماقلىرىنى بىر - بىرلەپ سىزىشتەك ھەۋەسلەرگە بېرىلىدۇ.

كېپىنەكنىڭ رەسىمنى ئۆزى ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، باش- قىلارنى ھوزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن سىزىشى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزى ئىمىشقىدۇر يېگەلمىگەن بۇ خىل ھوزۇرلاندۇرۇش خاھىشى كېپىنەكنى كىشىلەرنىڭ

ئىلتىپاتىغا تېخىمۇ قىزىقىدىغان قىلىپ قويغانىدى. قورقۇنچاق كېپىنەك شۇ ۋەجىدىن ئۆزىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن باش رەسسام بولۇشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بۇ تېمىنى قارا ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

— شۇنداق، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنۇمغا چىقىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدىم.

— شۇنىڭ ئۈچۈن رەسسام بۇرادەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— مۇمكىن. چۈنكى ئۇ قالتىس بىر ئۇستاز، لېكىن ئۆزى بۇنى بىلمەيدۇ ۋە رەسىمنى سىزغاندىمۇ سىرتقى ئالەمنى ئۇنتۇمايدۇ.

بۇ سۆز ئاياغلىشىشى بىلەنلا، ئەسلىدە مەندىن كېيىن رەسىمخانىغا كېپىنەكنىڭ باشلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنىمۇ ھېس قىلدىم. زەيتۇنغا ئىشىنەلمەيمەن، لەيلەكنىڭمۇ ئاخىرىدا سەزمەستىنلا پەرەڭ ئۇسلۇبلىرىغا قورال بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. كېپىنەكنىڭ ماختاش - مەدھىيىلەرگە بولغان ھېرىسمەنلىكى جانغا زامىن بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقمايتتى. بۇنى ھېس قىلىپ، تولىمۇ ھەسرەتلەندىم. چۈنكى ئۇ كەلگۈسىدە رەسىمخانىنى باشقۇرالايتتى ۋە سۇلتانىنىڭ خاھىشىنى قاندۇرالايتتى. پەرەڭلەرنىڭ قىزىل تونلۇق باش روھانىيلىرىنى، كۆۋرۈكلىرىنى، قېيىقلىرىنى، شامدانلىرىنى، چېركاۋ ۋە ئېغىللىرىنى، ئۆكۈزلىرى ۋە ھارۋا چاقلىرىنى — ھەممە نەرسىسىنى، خۇددى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشلا مۇھىم بولغىنىدەك، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتۈن تەپسىلاتلىرى بىلەن سىزىپ، ئۇلارنى گويا رەسىم ئەمەس راستتەك كۆرسىتىپ، تاماشا قىلغۇچىلارنى قانائەتلەندۈرۈش ماھارىتىگە پەقەت كېپىنەكلا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە رەڭگە بولغان ئېتىقادى دەل ئەنە شۇ تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى.

— باشقا رەسساملىرىڭىزنىڭكىگە بارغىنىڭىزدەك، ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ تۇيۇقسىز يوقلاپ بارغانمىدىڭىز؟

— كېپىنەكنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇغان خۇشاللىق ۋە قايغۇنى ناھايىتى ياخشى بىلەلەيدۇ ۋە مۇھەب-

بەتنىڭ قىممىتىنى قايسى دەرىجىدە ھېس قىلغانلىقىنى سېزەلەيدۇ. لې-
كىن بارلىق رەڭ ھەۋەسكارلىرىدەك ھەۋەسلىرىنىڭ شامىلىغا ئەگىشىپ،
ئاسانلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان مۆجىزىلىك ماھارى-
تىنى ۋە رەڭ سەزگۈرلۈكىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ئۇچۇن ئۇ-
نىڭغا ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىلا يېقىندىن دىققەت قىلغانىدىم. ئۇنىڭ ھەممە
خۇسۇسىيەت، ئەھۋالاتلىرىنى بىلىمەن. تەبىئىيكى، بۇنداق ئەھۋاللاردا
باشقا رەسساملار شۇئان ھەسەت قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇستاز - شاگىرت
مۇناسىۋىتى دەخلىگە ئۇچراپ، مۇئامىلە قىلىشماقمۇ قىيىنلىشىدۇ. مۇ-
ھەببەت سەرگۇزەشتىلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ خۇسۇستا، ئۇ كىشى-
لەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىدىن زادىلا قورقمايتتى. يېقىندىن بېرى مەھەل-
لە دۇكاندارىنىڭ گۈزەل قىزىنى ئالغاندىن كېيىن، بېرىپ ئۇنى يوقلاپ
كېلىشنى ئويلاپمۇ كەتمىدىم، بارغىدەك پۇرسەتمۇ بولمىدى.

— ئۇنى ئەرزۇرۇملۇق موللا مۇرىتلىرى بىلەن ئۇلپەت بولۇۋالدى
دېگەن ئىغۋالارمۇ بار، — دېدى قارا، — ئەگەر ئەرزۇرۇملۇق موللا ۋە ئۇ-
نىڭ مۇرىتلىرى ئاشپىزىدىن سېھىرگەرگىچە، سوپىسىدىن ھەزىلكەشلى-
رىگىچە، كاۋاپچىدىن قولۇپسازلىرىغىچە ھەممە كىشىنىڭ ۋاقىتلىق رە-
سىمىنى سىزىدىغان تويىنامىلىرىمىزنى، ئۇرۇشلارنى، قورال - ياراغلارنى
ۋە ئادەتتىكى چاغلارنى كۆرسىتىدىغان سەپەرنامىلىرىمىزنى دىنغا خىلاپ
دەپ مەنئى قىلسا ھەمدە پېشقەدەم پارس ئۇستىلىرىنىڭ كىتابلىرىغا ۋە
ئۇسلۇبلىرىغا قايتىشنى دەۋەت قىلسا، كېيىنەك بۇ ئىشتىن پايدا ئالىدۇ
دېيىشىدۇ.

— ئەمىر تۆمۈرنىڭ دەۋرىدىن قالغان ئۇ ئاجايىپ رەسىملەرگە ماھا-
رەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قايتساقمۇ، شۇنداقلا يەنە مەندىن كېيىن ئە-
قىللىق لەيلەك ئەڭ ياخشى داۋاملاشتۇرىدىغان ئاشۇ ھايات ۋە تۇرمۇش
تەپسىلاتلىرىغا كىرسەكمۇ، ھەممىسى ئاخىرى ئۇنتۇلىدۇ، — دېدىم رە-
ھىمسىزلىك بىلەن، — چۈنكى ھەممە ئادەم رەسىمنى پەرەڭلەردەك سى-
زىشنى خالايدۇ.

مەن ئۆزۈم بۇ قارغىش تەگكۈر سۆزلەرگە ئىشىنەرمەنمۇ؟

— يېزنە تاغاممۇ شۇنداق دېگەنىدى، — دېدى ئاستاغىنە قارا، —

لېكىن ئۇ بۇنى ياخشى ئىش دەيتتى.

## لەيلەكنىڭ سۆپەتلىرى

مەن ئۇنىڭ "گۇناھكار رەسسام مۇستافا چەلەبى" دەپ ئىمزا قويغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. شۇڭا ئۇ ئۆزۈمنىڭ خاس بىر ئۇسلۇبىم بارمۇ - يوقمۇ، بولۇشى كېرەكمۇ - يوقمۇ، بولسا، ئىمزا بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشۇم كېرەكمۇ - يوقمۇ، ياكى پېشقەدەم ئۇستازلاردەك يوشۇرۇشۇم كېرەكمۇ - يوقمۇ، كەمتەرلىك بىلەن ئىمزا قويۇشۇم كېرەكمۇ ياكى قويماسلىقىم كېرەكمۇ دېگەندەك مەسىلىلەرگە باش قاتۇرماي، ئىمزاسىنى تەبەسسۇم قىلغان ھالەتتە بىر تۇرلۇك غالىبلارچە ھېسسىيات بىلەن قويدۇ.

ئۇ مەن ئاچقان يولدا جاسارەت بىلەن ماڭدى ۋە بۇرۇن ھېچكىم سىزالمىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ قەغەزگە چۈشۈردى. ئەينەكچى ئۇستىلارنىڭ ئوچاقلىرىدا ئېرىتكەن ماتېرىيالنى پىرقىرىتىپ پۈۋلەپ كۆك قوتا ۋە يېشىل بوتۇلكىلارنى ياساشلىرىنى، پۈتۈن دىققىتىنى ئاياغ كىيىملەرگە ۋە ئۆتۈكلەرگە مەركەزلەشتۇرۇپ مۇكچىيىپ ئولتۇرغان موزدۇزلارنىڭ كۆن - خۇرۇملىرىنى، يىڭنىلىرىنى، قېلىپلىرىنى، ھېيت - بايراملاردا ئاتنىڭ يايلىنى شەكىللەندۈرگەن چىرايلىق ئىلمەڭگۈچلەرنى، جۇۋازنىڭ ئۇرۇقنى ئېزىپ ياغ چىقىرىشىنى، توپلىرىمىزنىڭ دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا ئېتىلىشىنى، مىلتىقلىرىمىزنىڭ ئىستىۋۇللىرى ۋە ۋېنتىلىرىنى خۇددى ماڭا ئوخشاش ئۇمۇ كۆردى ۋە ئەمىر تۆمۈر دەۋرىنىڭ پېشقەدەم ئۇستىلىرى، تەبرىزنىڭ، قەزۋىنىنىڭ مۆجىزىكار رەسساملىرى ئۆز سالاھىيىتىنى كەمسىندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇنداق نەرسىلەرنى سىزمىغان دېمەي سىزدى. ئۇ كېيىن سىزىدىغان «زەپەرنامە» گە تەييارلىق بولسۇن دەپ جەڭ مەيدانلىرىغا بارغان، دۈشمەن قەلئەلىرى، توپلار، قوشۇنلار، يارىلىرىدىن قان ئېقىپ تۇرغان ئاتلار، ئەجەل گىردابىدا جان تالىشىۋاتقانلار ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى سىزىش ئۈچۈن ئۇلارنى ھەۋەس بىلەن تەتقىق قىلىپ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەن تۇنجى مۇسۇلمان رەسسام ئىدى.

ئۇنى ئۇسلۇبىدىن ئاۋۋال تېمىسىدىن، تېمىسىدىن ئاۋۋال ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان تەپسىلاتلارنى كۆرەلەيدىغان ئالاھىدىلىكىدىن تونۇۋالايمەن. بىرەر رەسىمنى سەھىپىنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن، ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىنىڭ بويىلىشىغىچە بولغان ھەممە نەرسىسى بىلەن ئۇنىڭغا خاتىرجەم ھاۋالە قىلىپ تاپشۇرالايمەن. شۇ ۋەجىدىن، ئەسلىدە مەندىن كېيىن باش رەسساملىق ئورنىغا ئولتۇرۇشقا ئۇ ھوقۇقلۇق ئىدى. لېكىن ئۇ ئىنتايىن شۆھرەتپەرەس بولۇپ، ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايتتى، باشقا رەسساملارنى زادىلا مەنسىتمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئادەمنى باشقۇرالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا، ھەممىسىنى ئۆزىدىن قاچۇرۇپ قويۇشى تەبىئىي ئىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭچە بولسا، ئىشەنگۈسىز تىرىشچانلىقى بىلەن رەسىمخانىمىزنىڭ پۈتۈن رەسىملىرىنى ئۇ ئۆزى سىزىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ سىزىشنى خالىسا سىزىدۇ. ئۇ قالتىس كاتتا ئۇستاز، ئۆز ئىشىغا پىششىق، ئۆزى ئۆزىگە چوقۇنىدۇ. بۇ نەقەدەر بەخت!

بىر قېتىم ئۇنىڭغا خەۋەر قىلمايلا ئۆيىگە بارغىنىمدا، ئۇ ئىشلەۋېتىپتىكەن. ئىش ئۇستىلى، شىرە، كۆرپىچەكلەر پۈتۈنلەي سۇلتانىمىزنىڭ كىتابلىرى ئۈچۈن، يەنى، مەن ئۈچۈن رەسىم سىزغان سەھىپىلەر، ئۆزلىرىچە بىزنى مەنسىتمەيدىغان ھاماقەت پەرەڭ سەيياھلىرىنىڭ بىمەنە كىتابلىرى ئۈچۈن قول ئۈچىدىلا سىزغان كىيىم - كېچەك شەكلىنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كىتاب سەھىپىلىرى، ئۇنى تولىمۇ ئىززەتلىگەن بىر پاشا ئۈچۈن سىزغان ئۈچ رەسىملىك سەھىپە بىلەن تەسۋىرلەنگەن بىر كىشى، رەسىملەر توپلىمى ئۈچۈن ھەتتا ئۆز ھەۋەسى ئۈچۈن سىزغان رەسىملەردىن ئىبارەت بىر قاتار رەسىم پارچىلىرى بىلەن (بىر پارچە ئەدەپسىز جۈپلىشىش رەسىمىمۇ بار)... تولغانىدى. ئىشچى ھەرىلەردەك تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئېگىز بويلۇق، زىلۋا لەيلىكىم بىر رەسىمدىن يەنە بىرىگە يۈگۈرەيتتى، ناخشىلارنى ئېيتاتتى، ئارىلاپ، بوياقلارنى تەڭشەيدىغان شاگىرتىنىڭ مەگزىنى چىمدىۋالاتتى، رەسىمگە بىرەر چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، بىزگە كۆرسىتىپ، ھەيرانلىق بىلەن ئۆزىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. باشقا رەسساملىرىمنىڭ ئەكسىچە، مېنى كەپتۇ دەپ ئالاھىدە

ھۆرمەت بىلدۈرۈش بىلەن ئىشىنى توختىتىپ قويماي، دەل ئەكسىچە ئاللاھ بەرگەن قابىلىيىتىنىڭ ۋە ئىشلەۋېرىپ ئارتتۇرغان ماھارىتىنىڭ ئىشلەش سۈرئىتىنى (ئۇ بىر ۋاقىتتا يەتتە – سەككىز رەسسامنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ) خۇشاللىق بىلەن كۆرسىتەتتى. شۇتاپتا، ھېلىقى رەزىل قاتىل مۇشۇ ئۈچ ئۇستا رەسسامدىن بىرى بولۇپ قالمىغاي، ئىلاھىم. كۆڭلۈمگە لەيلەك شۇمىدۇ دېگەن خىيال كېچىۋىدى، شۇئان ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. شاگىرتلىق يىللىرىدا ئۇنى ھەر جۇمە كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىشىك ئالدىمدا كۆرگىنىمدە كېپىنەكنى كۆرگىنىمدەك خۇشال بولمايتتىم.

ئۇ تۈرلۈك غەلىتە تەپسىلاتلارغىمۇ ھېچقانداق كەمسىتمەي (كۆز بىلەن كۆرۈشتىن سىرت)، ئوخشاش ھۆرمەت كۆزى بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن، رەسىمدىكى مەۋقەسى پەرەڭ ئۇستازلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. لېكىن پەرەڭ رەسساملىرىنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ شۆھرەتپەرەس لەيلىكىمنىڭ نەزىرى ۋە قەلىمى ئاستىدا، كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى ئەزەلدىنلا خاس ئۆزگىچىلىككە ياكى باشقىچە جەزبىدارلىققا ئىگە ئەمەس ئىدى. قىياسىمچە، بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ كىشىلەرنى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا يوسۇندا مەنسىتمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. شۇ ۋەجىدىن، رەھمەتلىك يېزنە تاغا سۇلتانىمىزنىڭ چىرايىنى ئۇنىڭغا سىزدۇرمايتتى.

ئادەتتە ئۇ ئەڭ مۇھىم تېمىنى سىزغاندىمۇ بىر بۇرجەككە، ۋەقەگە مۇناسىۋەتسىز بولغان بىرەر گۇمانخور ئىتنى ياكى مەلۇم بىرەر مۇراسىمنىڭ ھەشەمەتلىك تەنتەنىسىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن يوقسۇللۇق تۈپەيلىدىن ھېچكىم نەزەر كۆزىنى سالمىغان بىر تىلەمچىنى رەسىمنىڭ بىرەر جايىغا سىزماي قالمايتتى. دېمەك، ئۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى سىزغان رەسىملىرىدە، تاللىغان تېمىلىرىدا تولۇق ئىپادىلىيەلەيتتى ۋە ئۆزىنىمۇ مەسخىرە قىلالايتتى.

— نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەزرىتى يۇسۇپنى قېرىنداشلىرىنىڭ ھەسەت بىلەن قۇدۇققا تاشلىغىنىغا ئوخشايدىكەن، — دېدى قارا، — يېزنە تاغامنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىمۇ خۇسرەۋنىڭ ياش خوتۇنى شېرىنگە كۆزى چۈشكەن ئوغلى تەرىپىدىن تويۇقسىز ئۆلتۈ-

رۇلۇشىگە ئوخشايدىكەن. ھەممە كىشى لەيلەكىنىڭ قانلىق ئۇرۇش ۋە قورقۇنچلۇق ئۆلۈم رەسىملىرىنى سىزىشقا ئامراقلىقى خۇسۇسىدا گەپ-سۆز قىلىشىۋاتىدۇ.

— ھەرقانداق بىر كىشى، رەسسام ئۆزى سىزغان تېمىغا ئوخشايدۇ دەپ قارىسا، ئۇ مېنى ۋە ئۇستا رەسساملىرىمنى زادىلا چۈشەنمىگەن بولىدۇ. بىزلەرنى ئاشكارىلىغان نەرسە بىزگە باشقىلار ھاۋالە قىلغان تېمىلار ئەمەس (بۇ تېمىلار دەرۋەقە پۈتۈنلەي ئوخشاش)، تېمىنى ئىپادىلىگەندە رەسىمگە سىڭدۈرگەن يوشۇرۇن ھېسسىيات: رەسىمنىڭ ئىچىدىن كۆزگە چېلىققان بىر نۇر، ئادەملەر، ئاتلار، دەرەخلەرنىڭ سەھىپىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن ئەكس ئەتكەن ئارىسالدىلىق ياكى غەزەپ، سەرۋى دەرىخىنىڭ كۆككە تاقاشقىنىدا ھېس قىلغان ئۈمىد ۋە ھەسرەت، كۆرۈش قۇۋۋىتىمىزدىن مەھرۇم قېلىش خەتىرىگىمۇ پەرۋا قىلمىغىدەك قىزغىنلىق بىلەن چاقچۇقلاردا زىننەتلەنگەن بارلىق تام، ۋەھاكازالار، سەھىپىگە سىڭگەن تەۋەككۇلچىلىك ۋە سەۋرچانلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مانا بۇلار ھەممىسى بىزگە يوشۇرۇن بولغان ئىزنالار بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىردەك تەكشى تۇرغان ئاتلار ئەمەستۇر. بىزنىڭ مەخپىي ئىشارەتلىرىمىزدىن مەلۇمكى، بىر ئاتنىڭ شاشلىقى ۋە تېزلىكىنى سىزغاندا رەسسام ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلىكى ۋە تېزلىكىنى سىزمايدۇ. ئاتنىڭ رەسىمىنى ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە سىزىشقا تىرىشىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ بايلىقىغا ۋە ئۇنى ياراتقۇچىغا بولغان ھۆرمىتىنى، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى رەڭ ئارقىلىق ئىپادىلەپ كۆرسىتىدۇ، خالاس.

# 42. مېنىڭ ئىسمىم قارا

ئۇلۇغ ئۇستاز ئوسمان بىلەن ئىككىيلەننىڭ ئالدىمىزدا بەزىلىرى يېزىلىپ بولغان، بەزىلىرىنىڭ رەڭلىرى بېرىلمىگەن، بەزىلىرى چالا قالغان كىتاب سەھىپىلىرى تۇراتتى. پۈتۈن بىر چۈشتىن كېيىن ۋاقتىمىزنى ئۇستا رەسساملار ۋە يېزنە تاغامنىڭ كىتابىنىڭ سەھىپىلىرى ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ۋە ئۇلارنى باھالىغان جەدۋەللەرنى تولدۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ئۆيلىرى ئاختۇرۇلغان ئۇستىلار ۋە خەتتاتلاردىن يىغىۋالغان سەھىپىلەرنى (بەزى رەسىملەرنىڭ بىزنىڭ ئىككى كىتابىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، بەزى سەھىپىلەر بولسا، خەتتاتلارنىڭ ئۈچ - تۆت تەڭگە پۇل ئۈچۈن يوشۇرۇنچە ئوردا سىرتىدىن بۇيرۇتما قوبۇل قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايتتى) ئېلىپ كەلگەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ ھۆرمىتى بار بولسىمۇ، لېكىن قوپال تەلەتلىك ئادەملىرىنى قايتىپ كەتكەندۇ دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتۇق، شۇ ئارىدا، ئۇلاردىن ئۆزگە ئىنتايىن ئىشىنىدىغان بىرى ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ئالدىغا تاقىلداپ كېلىپ، كەمىرىنىڭ ئىچىدىن بىر قەغەزنى چىقاردى.

دەسلەپ مەن ئۇنى ئوغلىنى شاگىرتلىققا بەرمەكچى بولغان بىرەر ئاتىنىڭ بىر مۇنچە تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ باشلىقلىرىغا بىر ئامال قىلىپ يەتكۈزگەن ئىلتىماسلىرىدىن بىرىدۇ دەپ ئويلاپ كۆڭۈل بۆلمىدىم. يوچۇقلاردىن ئۆي ئىچىگە چۈشكەن غۇۋا يورۇقتىن ئاپتاپ قايتقانلىقىنى چۈشەندىم ـ دە، رەسساملارنىڭ ياش تۇرۇپلا ئەما بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن شىرازلىق پېشقەدەم ئۇستازلار بارلىققا كەلتۈرگەن ھەرىكەتنى قىلىپ، كۆزلىرىمنى دەم ئالدۇرۇش نىيىتىدە باشقا ھېچ نەرسىگە قارىماي يىراقلارغا بوش ـ بوش قاراشقا تىرىشماقتا ئىدىم. دەل شۇ چاغدا ئۇستازىم قولىدا تۇتۇپ ھەيرانلىق ئىپادىسى بىلەن قاراۋاتقان قەغەزنىڭ يېقىم-

لىق رەڭگىنى، قاتلىنىش شەكلىنى ھاياجان بىلەن بايقىدىم ـ دە، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. بۇ شەكۇرە ماڭا ئېستېر ئارقىلىق ئەۋەتكەن خەتلەرنىڭ ئەينى ئۆزى ئىدى. گويا بىر ھاماقەتتەك "پاھ" دەۋەتكىلى تاس قالدىم، لېكىن شۇئان دىققەت قىلدىمكى، بۇ شەكۇرەنىڭ تۇنجى خېتىدىكىدەك، ئۇنىڭ يېنىدا قېلىن قەغەزگە سىزىلغان رەسىم بار ئىدى!

ئۇستاز ئوسمان رەسىملىك قەغەزنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، مەن شەكۇرەدىن كەلگەنلىكىنى شۇئان خىجالەتچىلىك بىلەن پەملىگەن خەتنى ماڭا بەردى.

*"قەدىرلىك ئېرىم قارا، مەن ئېستېرنى مەرھۇم نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ تۇل قالغان ئايالى قەلبىيەدىن گەپ ئېلىپ باقسۇن دەپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەنىدىم، قەلبىيە ئۇنىڭغا بۇ خەتنىڭ ئىچىدىكى رەسىملىك قەغەزنى كۆرسىتىپتۇ. ئاندىن مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ دېگۇدەك يالۋۇرۇپ، ساڭا ئەسقېتىپ قالار دەپ بۇ رەسىملىك قەغەزنى ئېلىپ كەلدىم. بۇ قەغەز بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ قۇدۇقتىن چىققان جەسىتى بىلەن بىللە ئىكەن. قەلبىيە قەسەم قىلىپ، رەھمەتلىك ئېرىگە ھېچكىمنىڭ ئات سىزدۇرمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنداقتا بۇنى كىم سىزغان؟ ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپتۇ. بۇ ئات مەسىلىسىنى مۇھىم بىر ئىش دەپ قاراپ، بۇ قەغەزنى ساڭا ئەۋەتتىم. بالىلار ھۆرمەت بىلەن قولۇڭنى سۆيىدۇ، ئايالىڭ شەكۇرە."*

بۇ نەپىس خەتنىڭ ئاخىرقى ئىككى سۆزىنى مەلۇم بىر باغچىدىكى چىرايلىق ئىككى قىزىلگۈلنى ئەستايىدىللىق بىلەن تاماشا قىلغاندەك ھۆرمەت بىلەن ئىككى قايتۇرۇپ ئوقۇدۇم. ئۇستاز ئوسمان لوپا ئەينەك بىلەن دىققەت قىلىپ قارىغان قەغەزگە مەنمۇ كۆزلىرىمنى يېقىنلاشتۇرۇپ، شۇئان سىياھى خېلىلا يېيىلىپ كەتكەن شەكىللەرنىڭ پىشقەدەم ئۇستىلاردەك قول كۆندۈرۈش ئۈچۈن بىر يولىلا سىزىلغان ئاتلار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.

شەكۈرەنىڭ خېتىنى ئىچىدە ئوقۇغان ئۇستاز ئوسمان ئۇنلۇك سو-
رىدى:

— بۇنى كىم سىزغان؟

— تەبىئىيكى، رەھمەتلىك يېزنە تاغىغا ئات رەسىمىنى سىزىپ بەر-
گەن رەسسام، — دەپ ئۆزى جاۋاب بەردى كەينىدىن.

ئۇ بۇنىڭغا شۇقەدەر ئىشەنگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، كىتابتىكى ئات
رەسىمىنى كىمنىڭ سىزغانلىقىنىمۇ پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيتتۇق.
توققۇز سەھىپە ئارىسىدىن ئاتنىڭ رەسىمىنى چىقىرىپ دىققەت بىلەن
قاراشقا باشلىدۇق.

بۇ بىر كۆركەم، ئاددىي ۋە كىشىلەر ھەۋەسلىنىپ كۆزىنى ئۈزەلمەي-
دىغان تورۇق ئات ئىدى. كۆزىنى ئۈزەلمەيدىغان دەپ توغرا دېگەندىمەنمۇ؟
يېزنە تاغام بىلەن ۋە كېيىن بۇ رەسىملەر بىلەن يالغۇز قالغىنىمدىمۇ بۇ
ئاتقا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ كەتكەن بولسامـمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئانچە
كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەنىدىم. ئۇ كۆركەم، لېكىن ئادەتتىكى بىر ئات ئى-
دى: شۇقەدەر ئاددىي ئىدىكى، ھەتتا كىم سىزغانلىقىنى پەرق ئېتەلمىگە-
نىدىم. رەڭگى خورمارەڭ تورۇق ئەمدى كاشتان رەڭ تورۇق بولۇپ كۆرۈ-
نۈۋاتاتتى، كاشتان رەڭنىڭ ئىچىدە بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىللىقمۇ بار
ئىدى. ئۇ مەن باشقا كىتاب ۋە رەسىملەردە ئىنتايىن كۆپ كۆرگەن بىر ئات
بولۇپ، كىشى رەسسامنىڭ زادى كۆڭۈلشمەي يادقا سىزغانلىقىنى قاراپلا
پەرەز قىلالايتتى.

بىز ئاتتا يوشۇرۇنغان سىرنى بايقىغىچە ئۇنىڭغا مانا شۇنداق قاراپ
تۇردۇق. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدا كۆز ئالدىمدا ھوردەك كۆتىرىلگەن بىر گۈ-
زەللىك ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ياشاشقا، ئۆگىنىشكە ۋە ھەممىگە قۇچاق ئېچىش-
قا تەييار تۇرغىندەك دەرىجىدە ھاياجان قوزغايدىغان بىر خىل كۈچنى بايقى-
دىم ۋە ئۆزۈمدىن "بۇ ئاتنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئاتتەك قىلىپ سىزغان
قولى سېھىرلىك رەسسام كىمدۇ؟" دەپ سورىدىم، بىردەمدە ئۇنىڭ رەزىل
بىر قاتىل ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغاندەك. ئات ئالدىمدا گويا ھەقىقىي بىر
ئاتتەك تۇراتتى، لېكىن ئەقلىمنىڭ بىر قىسمىدا ئۇنىڭ بىر رەسىم ئى-
كەنلىكىنى بىلەتتىم ۋە بۇ ئىككى چۈشەنچە ئارىسىدىكى گاڭگىراش مەندە

نۇقسانسىز بىر مۇكەممەللىك ھېسسىياتى قوزغايتتى.

بىز بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قول كۆندۈرۈش ئۈچۈن سىزىلىپ سىياھى يېپىلىپ كەتكەن ئاتلار بىلەن يېزنە تاغامنىڭ كىتابى ئۈچۈن سىزىلغان ئاتنى سېلىشتۇردۇق ۋە ئۇلارنىڭ بىر قولدىن چىققانلىقىنى دەرھال چۈشەندۇق: ئاتلارنىڭ تۇرقى بىرەر ھەرىكەتنى ئەمەس، سۈكۈناتنى سەزدۈرەتتى. ئۇلار مەغرۇر، كۈچلۈك ۋە كۆركەم ئىدى. يېزنە تاغامنىڭ كىتابىدىكى ئاتنىڭ رەسىمىگە قاراپ ھەيرانلىق ھېس قىلدىم.

— بۇ ئات شۇقەدەر كۆركەمكى، — دېدىم، — كىشى ھامان ئالدىغا بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ ئۇنى سىزىۋېلىشنى، كېيىن ھەممە يېرىنى سىزىشنى ئويلايدۇ.

— بىر رەسسامغا قىلىنىدىغان ئەڭ ياخشى ئىلتىپات ئۇنىڭ رەسساملىرىنىڭ بىزدىمۇ رەسىم سىزىش ھاياجىنى قوزغايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر، — دېدى ئۇستاز ئوسمان، — لېكىن ھازىر بىر ئىبلىسنىڭ ھۈنىرىگە ئەمەس، كىم ئىكەنلىكىگە قارايلى. رەھمەتلىك يېزنە تاغا جانابلىرى بۇ ئاتنىڭ قانداق بىر ھېكايىنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولغىيمىدى؟

— ئېيتمىغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قۇدرەتلىك سۇلتانىمىزنىڭ تەسەررۇپىدىكى بارلىق دىيارلاردا مەۋجۇت بولغان ئاتلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ كۆركەم بىر ئات بولۇپ، ئالىيجاناب ئوسمانىيەنىڭ بىر ئارغىمىقى. ۋېنېتسىيە باش ۋالىيسىغا سۇلتانىمىز تەسەررۇپىدىكى دىيارلارنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلىدىغان بىر سىمۋول. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، پەرەڭ ئۇستازلار سىزغان رەسىملەردىكىدەك، بۇ ئاتمۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى بىر ئاتتىنمۇ شاش، جانلىق، ئىستانبۇلدىكى مەلۇم بىر ئېغىلدا بېقىلىۋاتقان، ئات باققۇچىسى بولغان بىر ئات بولۇپ، ۋېنېتسىيە باش ۋالىيسى ئۆزىگە: ئوسمانىيەنىڭ رەسساملىرىنىڭمۇ دۇنيانى بىزگە ئوخشاش كۆزدە كۆرۈپ رەسىم سىزىشقا باشلىغىنىغا قارىغاندا، ئوسمانىيە بىزگە ئوخشاشقا باشلاپتۇ، دەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇلتانىمىزنىڭ كۈچىنى ۋە دوستلۇقنى ئېتىراپ قىلاتتى. چۈنكى كىشى بىر ئاتنى باشقا بىر خىل سىزىشقا باشلىغاندا، پۈتۈن ئالەمنىمۇ باشقا بىر خىل كۆزدە كۆرۈشكە

باشلايدۇ. لېكىن بۇ ئات غەلىتە بولسىمۇ، پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە سىزىلغان.

بۇ ئات ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختىلىش ئۇنى نەزىرىمدە تېخىمۇ جەلپكار ۋە قىممەتلىك قىلغانىدى. ئاتنىڭ ئاغزى سەل ئوچۇق ئىدى ۋە چىشلىرى ئارىسىدىن تىلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئاياغلىرى مەزمۇت ۋە كۆركەم ئىدى. بىر رەسىمنى ئۆلمەس قىلىدىغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆزىمىدۇ ياكى ئۇ توغرۇلۇق ئېيتىلغان بايانلارمىدۇ؟ ئۇستاز ئوسمان قولىدىكى لوپا ئەينەكنى ئاتنىڭ ئۈستىدە ئاستا ـ ئاستا سۈرۈۋا-تاتتى.

— بۇ ئات زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟— دېدىم سەمىمىي ھالدا، — بۇ ئات نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئات! بۇ قانداق ئات؟ بۇ ئات نېمە ئۈچۈن مېنى ھاياجانغا سالىدۇ؟

— كىتاب ھاۋالە قىلغۇچى پادىشاھلار، ھۆكۈمدارلار، پاشالارنىڭ ھاۋالە قىلغان كىتابلىرىغا ئوخشاشلا، رەسىملىرىمۇ كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرەتلىرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇلار بۇ رەسىملەرگە بېرىلگەن ئالتۇن ھەللەرنىڭ، ئۇلارغا سىڭگەن رەسساملارنىڭ ئەجرى ۋە كۆز نۇرى-نىڭ موللۇقى ئۆز بايلىقلىرىغا دەلىل بولىدۇ دەپ ئۇلارنى گۈزەل ھېس قىلىدۇ، — دېدى ئۇستاز ئوسمان، — رەسىمنىڭ گۈزەللىكى خۇددى رە-سىمگە ئىشلىتىلگەن ئالتۇنلاردەك، رەسسامنىڭ ماھارىتىنىڭ نادىر ۋە قىممەتلىك بىرنەرسە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھىم-دۇر. رەسىمنى كۆرگەن، كىتابنى ۋاراقلىغان باشقا كىشىلەر بولسا، تېما ۋەجىدىن، بۇ ئاتنىڭ پەقەت بىر ئاتقا ئوخشايدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئېتى ياكى ھەقىقەتەن بىر تەسەۋۋۇردىكى ئات بولغانلىقى ئۈچۈن گۈزەل ھېس قىلىدىكى، ئۇ راستلىق تۇيغۇسىنى ماھارەت بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. بىز ئۇ-چۇن ئېيتقاندا، رەسىمدىكى گۈزەللىك ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى مەنەنىڭ موللۇقى ۋە ئىپادىلەشتىكى ئىنچىكىلىكتە. بۇ ئاتتا ئاتتىن باشقا قاتىل-نىڭ بارمىقى، ئىبلىسنىڭ بەلگىسى بارلىقىنى بايقاش رەسىمنىڭ مەنىلى-رىنى تەبىئىي ھالدا كېڭەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، رەسىمنى ئەمەس، رەسى-مى سىزىلغان ئاتنى گۈزەل ھېس قىلىش، يەنى ئاتنىڭ رەسىمىنى بىر

رەسىمنى كۆرگەندەك ئەمەس، بەلكى ئاتنى كۆرگەندەك كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— بۇ رەسىمگە بىر ئاتقا قارىغاندەك قارىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭدا نېمىنى كۆرەتتىڭىز؟

— بۇ ئاتنىڭ جۇغىغا قاراپ ئۇنىڭ بىر تۇتى① ئەمەسلىكىنى، بوينىنىڭ ئۇزۇن ۋە ئەگمەچلىكىگە قاراپ، ياخشى بىر بەيگە ئېتى ئىكەنلىكىنى، دۇمبىسىنىڭ تۈز بولغىنىغا قاراپ، ئۇزۇن سەپەرلەر ئۈچۈن يارامىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتالايمەن. زىلۋا ئاياغلىرى ئۇنىڭ بىر ئەرەب ئېتىدەك چەبدەس ۋە ئەقىللىق ئىكەنلىكى مەنىسىنى بېرىدۇ. لېكىن بۇ ئەرەب ئېتى ئەمەس. چۈنكى ئۇزۇن گەۋدىسى ۋە يوغان ئاياغلىرىنىڭ نەپىسلىكى بۇخارالىق ئالىم ئىبنى فەزلاننىڭ مال دوختۇرلۇق كىتابىدا ئېسىل ئاتلار ھەققىدە ئېيتقان بايانلىرىدەك، ئېتىمىزنىڭ ئالدىغا دەريا دۈچ كەلسە بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇركۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوردىمىزنىڭ مال دوختۇرى فۇيۇزى تەرىپىدىن ناھايىتى ياخشى تەرجىمە قىلىنغان مەزكۇر مال دوختۇرلۇق كىتابىدىن يادلىۋالغان ۋە ئېسىل ئاتلار ھەققىدە ئېيتىلغان شۇنداق چىرايلىق سۆزلەر باركى، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى ئالدىمىزدا تۇرغان مۇشۇ تورۇق ئېتىمىزغىمۇ تەدبىقلىيالايمەن: ئاتلارنىڭ ياخشىسى كۆركەم قىياپەتلىك، ئاھۇ كۆزلۈك بولىدۇ؛ قۇلاقلىرى قومۇش ياپرىقىدەك ۋە ئىككى قۇلىقىنىڭ ئارىسى كەڭ بولىدۇ؛ ياخشى ئاتنىڭ چىشى كىچىك، ماڭلىيى يۇمىلاق، قاشلىرى يىرىك، بويى ئېگىز، يايلىسى ئۇزۇن، بېلى قىسقا، بۇرنى كىچىك، مۇرىسى تار، دۇمبىسى يايپاڭ بولىدۇ؛ يانپىشى تولۇق، بوينى ئۇزۇن، كۆكرەكلىك، ساغرىسى كەڭ ۋە يانپىشىنىڭ ئىچكى قىسمى گۆشلۈك بولىدۇ؛ دىمىغى ئۇستۇن ۋە نەپىس بولىدۇ؛ ماڭغاندا ئىككى تەرىپىگە سالام بەرگەندەك ئىرغاڭلاپ ماڭىدۇ.

— بۇ دەل بىزنىڭ تورۇق ئېتىمىز! — دېدىم ئات رەسىمگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

① تۇتى — بىر خىل جۇغى كىچىك ئات — ت.

— ئېتىمىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالدۇق، — دېدى ئۇستاز ئوسمان ئادەتتىكى تارتىنچاقلىقى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — ئەپسۇسكى، بۇ ئۇنىڭ رەسسامنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى، كاللىسى جايىدا ھەرقانداق بىر رەسسامنىڭ ئات رەسىمىنى ھەقىقىي ئاتقا قاراپ سىزمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. رەسساملىرىم تەبىئىيكى ئاتنى يادقا بىر يولىلا سىزىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى كۆپىنچىسىنىڭ ئاتنىڭ ئىزناسىنى تۇيىقىنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ سىزىدىغانلىقى.

— ئات يەرنى دەسسەپ تۇرسۇن دەپ ئاياغلىرىدىن باشلانمامدۇ؟ — دېدىم ئەپۇ سورىغاندەك.

— قەزۋىنلىك جامالىددىننىڭ «ئاتلارنىڭ سىزىلىشى» دېگەن ئەسەرىدە دېگىنىدەك، ئايىغىدىن باشلاپ سىزغان بىر ئات رەسىمىنى پەقەت پۈتۈن ئاتلار يادىمىزدا بولغاندىلا توغرا پۈتكۈزەلەيمىز. ئويلاپ ۋە ئەسلەپ ياكى ھەتتا تېخىمۇ بىمەنە ھالدا، ھەقىقىي ئاتقا قاراپ تۇرۇپ سىزىلىدىغان بىر ئات رەسىمىنىڭ باشتىن بويۇنغا، بويۇندىن گەۋدىگە قاراپ سىزىلىدىغانلىقى مەلۇم. بۇنداق بىر رەسىمنى، يەنى كوچىلاردا كۆرۈلىدىغان ئادەتتىكى بىر يۈك توشۇيدىغان ئاتنىڭ رەسىمىنى ئالدىراپ - تېنەپ سىناق تەرىقىسىدە سىزىپ تىككۈچىلەرگە، قاسساپلارغا ساتىدىغان بەزى پەرەڭ رەسساملىرى بار ئىكەن. بۇنداق بىر ئات رەسىمى ئالەمنىڭ مەنىسىنى، ئۇنىڭ ئاللاھ ياراتقان گۈزەللىكىنى ھەرگىز ئىپادىلىمەيدۇ. لېكىن ئىشەنىمەنكى، ئۇلارمۇ ھەقىقىي رەسىمنىڭ ئەينى چاغدا كۆز بىلەن كۆرگەن نەرسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس، قولنىڭ كۆڭۈلكىكى ۋە يادىدىكىلەر بىلەن سىزىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. رەسسام قەغەزنىڭ بېشىدا ھەر دائىم تەنھا. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئەسلەشكە موھتاج. ئەمدى قولنىڭ تېزلىكى ۋە ماھارىتىگە تايىنىپ ئىلگىرىلىشى بىلەن يادقا سىزىلغان ئېتىمىزدىكى مەخپىي ئىمزانى ”كېنىزەك ئۇسۇلى“ بىلەن تېپىشتىن باشقا ئامالىمىز يوق. سەنمۇ بۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ قارىغىن.

ئۇ خۇددى تېرىگە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەنگەن بىر قەدىمىي خەرىتىدىكى خەزىنىنى ئىزدىگەندەك، قولىدىكى لوپا ئەينەكنى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ ئاجايىپ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئاستا - ئاستا سۇ-

رەتتى.

— خوپ، — دېدىم، ئۆزىنى خوجايىنغا ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن دەرھال كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر كەشپىيات يارىتىش ئىستىكىگە چۈشكەن ئوقۇغۇچىدەك، — ئېگەرنىڭ يوپۇقىنىڭ رەڭلىرى ۋە نەقىشلىرىنى باشقا رەسىملەردىكى ئېگەر يوپۇقلىرى بىلەن سېلىشتۇرالايمىز.

— بۇ نەقىشلەرگە ئۇستا رەسساملىرىم موي قەلەملىرىنى ھەرگىز سۈركىمەيدۇ. رەسىملەردىكى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ، گىلەملەرنىڭ، يېپىلغان چېپىتلارنىڭ نەقىشلىرىنى شاگىرتلار سىزىدۇ. بەلكىم ئۇنى كېچىسى رەھمەتلىك نازاكەتلىك ئەپەندى سىزغان بولۇشى مۇمكىن.

— قۇلاقلارمۇ؟— دېدىم ھاياجان بىلەن، — ئاتلارنىڭ قۇلاقلىرى بار...

— ياق، بۇلار ئەمىر تۆمۈرنىڭ زامانىدىن قالغان ئۆلگىلەرنىڭ سىرتىغا چىقمىغان، بىز بىلىدىغان قومۇش يوپۇرمىقىغا ئوخشاش قۇلاقلار.

— ياپىلىدىكى ئۆرۈملەر، ياپىلىنىڭ بىر - بىرلەپ تارىلىشى، — دېمەكچى ئىدىم، ئەمما بۇ ئۇستاز - شاگىرت ئويۇنىنى ياقتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن سۈكۈت قىلدىم. ئەگەر شاگىرت بولىدىكەنمەن، ئۆز ھەددىمنى بىلىشىم كېرەك.

— بۇ ياققا قارا، — دېدى ئۇستاز ئوسمان بىر دوختۇر خىزمەتدىشىغا بىر يامان يارىنى كۆرسەتكەندەك سالماقلىق ئەمما ئىنتايىن دىققەتلىك تەلەپپۇز بىلەن، — كۆردۈڭمۇ؟

ئۇ قولىدىكى لوپىنى ئەمدى ئاتنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەنىدى ۋە رەسىمنىڭ يۈزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ بىزگە قارىتىپ ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتۇرۇۋاتاتتى. لوپا ئەينەك چوڭايتىپ كۆرسەتكەن نەرسىنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن بېشىمنى يېقىنلاشتۇردۇم.

ئاتنىڭ تۇمشۇقى، يەنى بۇرۇن تۆشۈكى غەلىتە ئىدى.

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئۇستاز ئوسمان.

— تېخىمۇ ياخشىراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كۆزۈمنى لوپىنىڭ دەل ئۇدۇلىغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇستاز ئوسمانمۇ شۇنداق قىلغاچقا، رەسىمدىن خېلىلا يىراقلاشقان لوپىنىڭ ئۇدۇلىدا دې-

گىدەك يۈزلىرىمىز بىر ـ بىرىگە تېگىپ كېتىۋىدى، شۇئان ئۇستازنىڭ ساقاللىرىنىڭ يىرىك ھەم قاتتىقلىقىنى، مەڭزىنىڭ سوغۇقلىقىنى ھېس قىلىپ، بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتىم.

ئارىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. گويا ھارغىن كۆزلىرىمدىن بىر غېرىچ نېرىدىكى رەسىمنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ بىر نەرسە بارلىقىنى پەملەۋاتقاندەك، بىز ھۆرمەت ۋە ھەيرانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆزئارا ئۇنىڭغا شاھىد بولماقتا ئىدۇق.

— بۇرۇندىكى بۇ نەرسە نېمىدۇ؟— دەپ پىچىرلىدىم بىر ھازادىن كېيىن.

— بۇرۇننى غەلىتە سىزىپتۇ،— دېدى ئۇستاز ئوسمان كۆزىنى رەسىمدىن ئۈزمەي.

— ئۇنىڭ قولى تېيىلىپ كەتكەنمۇ قانداق؟ بۇ بىر سەۋەنلىكمۇ؟

— بۇرۇننىڭ غەلىتە، غەيرىي سىزىلىشىغا تېخىچە قاراپ تۇراتتۇق.

— جۇڭگولۇق چوڭ رەسساملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان رەسساملار مۇھاكىمە قىلىشىۋاتقان، پەرەڭلەرنى دوراپ شەكىللەندۈرگەن "ئۇسلۇب" دېگەن نەرسە مۇشۇ ئىكەن ـ دە؟— دېدى ئۇستاز ئوسمان مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن.

رەھمەتلىك يېزنە تاغامنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ خاپا بولدۇم ـ دە: "رەھمەتلىك يېزنە تاغام، نۇقسان ئەگەر قابىلىيەتسىزلىكتىن ياكى ماھارەتنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولماي، رەسسامنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان بولسا، ئۇ نۇقسان ئەمەس، ئۇسلۇب، تۈر دەيتتى" دېدىم.

رەسسامنىڭ قولىدىن ياكى ئاتنىڭ ئۆزىدىن، قەيەردىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، يېزنە تاغامنى ئۆلتۈرگەن پەسكەشنى تېپىش ئۈچۈن مۇشۇ بۇرۇندىن باشقا ھېچقانداق يىپ ئۇچى يوق ئىدى. ھالبۇكى، بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ جەسىتىدىن چىققان قەغەزدىكى سىياھى يېيىلىپ كەتكەن ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى ئەمەس، بۇرۇنلىرىنى پەرق ئېتىشتىمۇ قىينالماقتا ئىدۇق.

ئۇستاز ئوسماننىڭ قەدىرلىك رەسساملىرىنىڭ، كېيىنكى يىللاردا

خىلمۇ خىل كىتابلارغا نەقىشلىگەن ئات رەسىملىرىنى تېپىش ۋە بۇرۇن تۆشۈكىدىكى نۇقسانىنى ئىزدەشكە خېلى ۋاقىت سەرپ قىلدۇق. تېخى ئاياغلاشمىغان «تويىنامە»دە ھەرقايسى ھۆنەر ـ كەسىپ تەشكىلاتلىرىنىڭ سۇلتانىمىزنىڭ ئالدىدا پىيادە پاراتتىن ئۆتۈۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن 250 پارچە رەسىمنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاز ئات بار ئىدى. شۇڭا سۇلتانىمىزنىڭ رۇخسىتى بىلەن بەزى رەسىم كىتابلىرى، ئۇلگە دەپتەرلىرى ۋە يېڭى تاماملانغان كىتابلار قويۇلغان رەسىمخانا بىناسى، سۇلتاننىڭ خاس خانىسى ۋە ھەرەمخانىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، تېخى قولۇپ ئۇستىگە قولۇپ سېلىنىپ، ئوردا ئامبىرىغا يوشۇرۇلمىغان قانچىلىك كىتاب بولسا ھەممىسى ئېلىپ كېلىندى.

ياش شاھزادىلەردىن بىرىنىڭ ئۆيىدىن تېپىلغان «زەپەرنامە» نىڭ سەھىپىلىرىدە قوش بەتلىك بىر رەسىمنى چېلىقتۇردۇق. بۇ رەسىمدە زېگېتۋار مۇھاسىرىسىدە ئۆلگەن قانۇنىي سۇلتان سۇلايماننىڭ دەپنە مۇراسىمى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. بىز ئالدى بىلەن رەسىمدىكى تاۋۇت ھارۋىسىغا قېتىلغان ئاق قاشقىلىق توروق ئات بىلەن كېيىك كۆزلۈك كورەڭ ئاتقا ۋە ئالتۇن نەقىشلىك ئېگەرلىك، ھەشەمەتلىك ئۈچلىق يېپىلغان يانداقتىكى باشقا غەمكىن ئاتلارغا ئىنچىكىلەپ قارىدۇق. بۇلارنى كېپەينەك، زەيتۇن ۋە لەيلەكلەر سىزغانىكەن. بۇ ئاتلارنىڭ يوغان چاقلىق تاۋۇت ھارۋىسىنى تارتىپ كېتىۋاتقان قىياپىتى، گويا نەملەنگەن كۆزلىرى بىلەن ئىگىسىنىڭ توق قىزىل يوپۇق ئاستىدىكى جەسىتىگە قاراپ سالام بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئىپادىلەش شەكلى بىلەن ئوخشاش قىياپەتتە (بىر پۇتىنى مەغرۇر ھالدا ئالدىغا تاشلىغان، يەنە بىر پۇتى ئۇنىڭ يېنىدا تىك تۇرغان) ھالەتتە ئىدى. ھەممىسىنىڭ بويىنى ئۇزۇن ۋە ئەگىمەچ، قۇيرۇقلىرى باغلانغان، يايلى قىرقىلغان ۋە تاراقلىق ئىدى. لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ تۇمشۇقىدا بىز ئىزدىگەن نۇقسان يوق ئىدى، دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقان ۋە ئەتراپتىكى تۆپىلىكلەردە رەھمەتلىك سۇلتان سۇلايمانغا سالام بېرىپ تۇرغان قوماندانلار، ئالىملار، ئىماملار مىنگەن يۈزلىگەن ئاتلارنىڭمۇ ھېچقايسىسىنىڭ تۇمشۇقىدا نۇقسان يوق ئىدى.

بۇ قايغۇلۇق دەپنە مۇراسىمىنىڭ قايغۇسى بىزگىمۇ تەسىر قىلدى.
ئۇستاز ئوسمان ۋە ئۇنىڭ رەسساملىرى شۇقەدەر ئەجىر سىڭدۈرگەن بۇ
ئاجايىپ كىتابنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى، يەنى، شاھزادىلەر بىلەن
ھەرەمخانا ئاياللىرىنىڭ سەھىپىلەرنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە قالايمىقان
نەرسىلەرنى سىزىۋەتكەنلىكىنى، قىڭغىر - قىيسىق خەتلەرنى يېزىۋەتكەن-
لىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەسرەتلەندۇق. بىر كىشى سۇلتانىمىزنىڭ بوۋى-
سىنىڭ شىكارغا چىققانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىمدىكى بىر تۈپ دەرەخ-
نىڭ يېنىغا سەت پوچىركىسى بىلەن: ”بېگىم جانابلىرى، ئۆزلىرىنى مۇ-
شۇ دەرەختەك مۇستەھكەم سەۋر بىلەن سۆيىمەن ۋە كۈتىمەن“ دەپ يېزىپ
قويغانىدى. قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان، ئەمما كۆز بىلەن كۆرمىگەن ئەپسانىۋى
كىتابلارنى مانا شۇنداق پەرىشانلىق ۋە قايغۇلۇق ھېسسىيات بىلەن كۆزدىن
كەچۈردۇق.

ئۇستا رەسساملارنىڭ ئۇچلىسىنىڭ قەلەملىرى تەگكەن «ماھارەتنا-
مە»نىڭ 2 - تومىدا گۇمبۇرلىگەن توپلارنىڭ ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ
كەينىدىن قالقان تۇتۇپ قىلىچلىرىنى ئوينىتقان شانلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر
مىنگەن ۋە ھەر خىل سۇرلۇك ساۋۇتلارنى كىيىپ ھەيۋەتلىك، لېكىن تەر-
تىپ بىلەن ئىلگىرىلەپ، قىزغۇچ تۆپىلىكلەردىن ئېشىپ كېتىۋاتقان
كۆك، بوز، توروق رەڭلىك يۇزلىگەن ئاتلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆردۇق.
ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ تۇمشۇقى نۇقسانلىق ئەمەس ئىدى. ”نۇقسان دېگەن
زادى نېمە!“ دېدى ئۇستاز ئوسمان، كېيىن شۇ كىتابتا سۇلتان جەمەتى
تۇرالغۇسىنىڭ سىرتقى دەرۋازىسى ۋە شۇ تاپتا بىز كۆرۈۋاتقان پارات
مەيدانى تەسۋىرلەنگەن بىر سەھىپىگە قارىغاندا: ئوڭدىكى دوختۇرخانا،
ئەرزىيەت ئىشخانىسى، ھويلىدىكى دەرەخلەر ھەجمى رامكىلارنىڭ ئىچىگە
سىغقۇدەك كىچىك سىزىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزىمىزگە ئادەتتىن تاش-
قىرى چوڭدەك كۆرۈنىۋاتاتتى. بۇ بىر تالاي رەسىملەردىكى دەرۋازىۋەنلەر،
مۇھاپىزەتچىلەر ۋە كېڭەشمە كاتىپلىرى مىنگەن رەڭگارەڭ ئاتلارنىڭ
تۇمشۇقلىرىدىمۇ بىز ئىزدەۋاتقان يىپ ئۇچى يوق ئىدى. سۇلتانىمىزنىڭ
ئۇلۇغ بوۋىسى ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ دۇلقادىر ھۆكۈمدارىغا ئۇرۇش
ئېلان قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر پارچە رەسىمدە، كۇسكۇن دەر-

ياسى بويىدا بارگاھ قۇرغان قوشۇنلار، پاتپاراق بولۇپ قېچىشىپ يۈرگەن قىزىل قۇيرۇقلۇق قارا تايغانلار، تىك قۇيرۇقلۇق كېيىك باللىرى، قورقۇنچاق توشقانلارنىڭ ئۆۋلىنىۋاتقىنى ۋە قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان چىپار تېرىلىك يولۋاسنى كۆردۇق. نە سۇلتان مىنگەن ئاق قاشقىلىق تورۇق ئاتنىڭ تۇمشۇقىدا، نە ئالدىمىزدىكى قىزىل توپىلىق تۆپىلىكلەرنىڭ ئۈستىدە، ھاۋاغا شۇڭغۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان بۈركۈتلەرنى تۇتۇپ تۇرغان بۈركۈتچىلەر مىنگەن ئاتلاردا بىز ئىزدىگەن يىپ ئۇچى يوق ئىدى.

گۈگۈم چۈشكىچە، ئۇستاز ئوسماننىڭ رەسساملىرىدىن زەيتۇن، كېپىنەك، لەيلەكلەر كېيىنكى تۆت - بەش يىل ئىچىدە سىزغان يۈزلىگەن ئاتلارنى كۆردۇق. ئۇلار: قىرىم خانى مەھمەت گەرەينىڭ كۆركەم قۇلاقلىق تورۇق چىپار، قارا ۋە سېرىق ئاتلىرى، بىر ئۇرۇشتا تۆپىلىكنىڭ كەينىدىن بوينىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان قىزغۇچ ۋە كۆك رەڭ ئاتلار؛ تۇنىستىكى خەلقۇل ۋاد قەلئەسىنى ئىسپانىيە كۈپپارلىرىدىن تارتىۋالغان ھەيدەر پاشانىڭ ئاتلىرى ۋە ئۇ يەردىن قېچىپ كېلىۋېتىپ، تۇمشۇقچىلاپ يىقىلغان ئىسپانىيىنىڭ قىزىل تورۇق ۋە پىستە يېشىلى ئاتلىرى؛ ئۇستاز ئوسماننى ”بۇ كۆزۈمدىن چىقىپ قاپتۇ، ئەجەبا بۇنى كىم بۇنداق قول ئۇچىدىلا سىزغاندۇ“ دېگۈزگەن قارا ئات؛ دەرەخ تۈۋىدە خان ئائىلىسىدىكى خىزمەتكار يىگىت چالغان ئۇدنى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان قىزىل ئات، گۈزەل شېرىن ئايدىڭدا كۆلدە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقاندا، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان نازۇك ۋە مۇلايىم ئات شەبدىز؛ ئات ئۈستىدە نەيزىۋازلىق ئويۇنى ئوينايدىغانلار مىنىۋالغان ئويناق ئاتلار؛ قانداقتۇر ئۇستاز ئوسماننى، ”ياشلىقىمدا ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭغا نۇرغۇن كۈچۈمنى سەرپ قىلىپ چارچىدىم“ دېگۈزگەن چاپچىپ تۇرغان شاش ئات بىلەن سۇباتلىق ئات باققۇچى ھەزرىتى ئىلياسنى بۇتپەرەسلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن قۇياش رەڭلىك دۇلدۇل ئاتمۇ بار بولۇپ، لېكىن قاناتلىرى خاتا ھالدا ھەزرىتى ئىلياسقا سىزىپ قويۇلغان ئىدى؛ يەنە قانۇنىي سۇلتان سۇلايماننىڭ بېشى كىچىك، گەۋدىسى تولغان نەسىللىك كۈرەڭ ئېتىمۇ بار ئىدى ( ئۇ يېنىدىكى ياش ۋە ئوماق، سۆيۈملۈك شاھزادىسىگە قايغۇلۇق نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۈچ ئوغلى

كىچىك چاغلىرىدىلا كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ دائىم بۇ كىچىك ئوغلىنى يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرەتتى). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شاش ئاتلار، يۇگۇرۈك ئاتلار، هارغىن ئاتلار، كۆركەم ئاتلار، كىشنىنىڭ نەـ زىرى ئانچە چۈشمەيدىغان ئاتلار، كىتاب سەهىپىلىرىدىن مەڭگۇ چىقمايـ دىغان ئاتلار... گويا بۇ سەهىپىلەرنىڭ قىستاڭچىلىقىدىن رامكىنى تېشىپ چىقىشقا ئۇرۇنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلارنىڭ هېچقايسىسىنىڭ تۇمشۇقىدا بىز ئىزدىگەن ئىمزا يوق ئىـ دى.

شۇنداقتىمۇ، ۋۇجۇدىمىزدا بىر تۈرلۈك بىزارلىق ۋە قايغۇلۇق هېسـ سىيات بىلەن بىرگە يەنە هاياجانمۇ ئۇرغۇپ تۇرماقتا ئىدى. بىر ـ ئىككى قېتىم ئاتنى خىيالىمىزدىن نېرى قىلىپ، كۆرۈۋاتقان رەسىملەردىكى گۈزەللىككە، تۈرلۈك ـ تۈمەن جەزبىدار رەڭلەر ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەنىدۇق. ئۇستاز ئوسمان بۇ رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزى تەييارلاپ نازارەت قىلغان ۋە سىزغان بولغاچقا، رەسىملەرگە هەيرانلىقتىن كۆپرەك ئەسلەش هاياجىنى بىلەن قارايتتى.

— بۇ رەسىمنى قاسىم پاشا① لىق قاسىم سىزغان!— دېدى ئۇ، سۇلـ تانىمىزنىڭ بوۋىسى سۇلتان سۇلايماننىڭ قىپقىزىل ئۇرۇش چېدىرىنىڭ تۈۋىدىكى سۆسۈن رەڭ ئوت ـ چۆپلەرنى كۆرسىتىپ،— ئۇ هەرگىز بىر ئۇلۇغ ئۇستاز ئەمەس ئىدى، لېكىن 40 يىل رەسىملەرنىڭ بوش يەرلىرىـ گە مانا شۇنداق بەش يوپۇرماقلىق، گۈللۈك ئوت ـ چۆپلەرنى سىزغانىدى. ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى. مۇشۇ ئەرزىمەس چۆپلەرنى ئۇ دائىم باشقىلاردىن ياخشى سىزغانلىقى ئۈچۈن مەن هەمىشە ئۇنىڭغا سىزـ دۇراتتىم،— بىر ئاز جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن،— ئەپسۇس، ئەپسۇس!— دېدى ئۇستازىم. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بىر دەۋرنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى روـ هىمىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن هېس قىلدىم.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. بىردىن ئۆيگە يورۇق چۈشۈپ، بىر شەپە پەيدا بولدى، دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىغان يۈرىكىم شۇئان ئەهۋالنى چۈشەندى: جاهان هۆكۈمدارى سۇلتانىمىز ئالىيلىرى تۇيۇقسىز

① قاسىم پاشا — ئىستانبۇلدىكى بىر رايون ئىسمى — ت.

كىرىپ كەلگەنىدى. ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئالدىغا ئاتتىم، پېشىنى سۆيدۈم، بېشىم قېيىپ، كۆزىگە قارىيالمىدىم.

لېكىن ئۇ باش رەسسام ئۇستاز ئوسمان بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى. پادىشاھنىڭ ھېلىلا مەن بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ رەسىملەرنى كۆرگەن كىشى بىلەن سۆزلەشكەنلىكى قەلبىمنى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، ئەمما سۇلتان ئالىيلىرى بايا مەن ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ، ئۇستازىم بايان قىلغان ئىشلارنى خۇددى ماڭا ئوخشاش دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. يېنىدىكى مالىيە ۋەزىرى، بۇر-كۈت كۆندۈرگۈچىلەر سەردارى ۋە كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان بىرقانچە كىشى ئۇنى قوغدىغاچ ئۇچۇق سەھىپىلەردىكى رەسىملەرگە دىققەت بىلەن قارىشاتتى. مەن پۈتۈن جاسارىتىمنى توپلاپ، جاھان ھۆكۈمدارى سۇلتانىمىزنىڭ چىرايىغا بىر ياندىن بولسىمۇ ئۆزۈمدىن قارىدىم. نېمىدېگەن سۇباتلىق! نېمىدېگەن ئالىيجاناب ۋە دۇرۇس ئادەم! يۈرىكىممۇ ئەمدى جايىغا چۈشكەنىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇمۇ ماڭا قارىدى ۋە بىر-بىرىمىزگە قاراشتۇق.

— رەھمەتلىك يېزنە تاغىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم، — دېدى ئۇ. شۇنداق، سۇلتانىمىز ماڭا گەپ قىلىۋاتاتتى. ھاياجاندىن ئۇنىڭ گېپىنى چala ئاڭلاپ قالغانىدىم.

— ... ئىنتايىن قايغۇردۇم. ئەمما تەييارلانغان بۇ رەسىملەرنىڭ بىر ئاجايىبات ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ماڭا تەسەللىدۇر. ۋېنېتسىيىلىك كۇپپارلار بۇلارنى كۆرسە ھەيران قالىدۇ. مېنىڭ پاراسىتىمدىن چۆچۈيدۇ. ئەمدى بۇ ئاتنىڭ تۇمشۇقىدىن ئۇ مەلئۇن رەسسامنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشىڭلار كېرەك. بولمىسا پۈتۈن ئۇستا رەسساملار قىيىن-قىستاق ئازابىنى تارتىشقا مەھكۇم بولىدۇ. ئەمما شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ.

— جاھان پاناھى سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇستاز ئوسمان، — ئەگەر ئۇستا رەسساملىرىم ھېچقانداق ئويلانماستىن بىر بوش سەھىپىگە تېزلىكتە بىر ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزسا، بەلكىم بۇ قەلەم خاتالىقىنى كىم سادىر قىلغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

— دەرۋەقە بۇ ھەقىقىي بۇرۇن بولماي، قەلەم خاتالىقى بولسا،— دې-
دى سۇلتانىمىز تولىمۇ دانالىق بىلەن.
— سۇلتانىم،— دېدى ئۇستاز ئوسمان،— شۇنىڭ ئۇچۇن بۈگۈن
كېچىلا بىر مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇشقا پەرمان بەرگەيلا، يەنى كېچىدە رەس-
ساملارنىڭ ئۆيلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتساق، ئۇلار جەم بولغاندا مۇسا-
بىقە تەربىقىسىدە بوش قەغەزگە تېزلىكتە بىردىن ئات رەسمى سىزىشنى
تەلەپ قىلساق...
سۇلتانىمىز، "ئاڭلىدىڭمۇ" دېگەن مەنىدە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى
باشلىقىغا قارىدى.
— شائىر نىزامىنىڭ مۇسابىقە توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى ئىچىدە
مەن ھەممىدىن ياقتۇرغان ھېكايە قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟— دې-
دى ئۇ.
ئۆلتۇرغانلارنىڭ بىرقىسمى "بىلىمىز" دېدى. بىر قىسمى "قايسى-
كىن؟" دېدى، بىر قىسمى ماڭا ئوخشاش جىم تۇردى.
— مەن شائىرلارنىڭ مۇسابىقىسىنى ياكى مۇسابىقىلەشكەن جۇڭگو-
لۇق ۋە گرېك رەسساملارنىڭ ئەينەك تالىشىش ھېكايىسىنى ئېيتىشنى
ياقتۇرمايمەن،— دېدى سۇباتلىق سۇلتانىمىز،— پەقەت دوختۇرلارنىڭ
ئەجەللىك رىقابەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ھەممىدىن ياخشى كۆرى-
مەن.
سۇلتانىمىز سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپلا بىزنى تاشلاپ نامازشامغا ئول-
گۇرۇش ئۇچۇن چىقىپ كەتتى.
بىرئازدىن كېيىن نامازشامغا ئەزان ئېيتىلىۋاتقاندا، غۇۋا قاراڭغۇدا
ئوردا دەرۋازىلىرىدىن چىقتىم ـ دە، شەكۈرەنى، بالىلارنى، ئۆيىمىزنى
خۇشاللىق بىلەن ئويلاپ، مەھەللىگە قاراپ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كې-
تىۋاتقىنىمدا دوختۇرلارنىڭ ئەجەللىك رىقابىتى ھەققىدىكى ھېكايىنى
قورقۇنچ بىلەن ئەسلىدىم.
پادىشاھنىڭ ئالدىدا مۇسابىقىلەشكەن ئىككى دوختۇردىن بىرى، يەنى
ئادەتتە ھال رەڭ كىيىم بىلەن رەسمى سىزىلىدىغىنى بىر پىلنى ئول-
تۇرگىدەك كۈچلۈك زەھەردىن بىر خىل يېشىل رەڭلىك كۆمىلاچ دورا يا-

ساپ، يەنە بىر دوختۇرغا، يەنى توق كۆك رەڭلىك تون كىيگەننىڭ بېرىپ-تۇ. كۆك تونلۇق دوختۇر ئاۋۋال زەھەرلىك دورىنى، ئاندىن شۇ يەرنىڭ ئۆ-زىدە ياسىغان زەھەر قايتۇرغۇچى توق كۆك رەڭ كۆمىلاچ دورىنى يۇتتۇرۇ-ۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېقىملىق كۆلۈمسىرىشىدىن مەلۇم بوپتۇكى، ئۇ ھېچ نەر-سە بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەمدى رەقىبىگە ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىتىش نۆۋىتى كۆك رەڭ كىيىملىك دوختۇرغا كەپتۇ. كۆك كىيىملىك دوختۇر قىلچە ھودۇقماستىن، نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگىنىدىن مەمنۇن بولغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. باغچىدىن بىر تال ھال رەڭ گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنى لەۋلىرى-گە يېقىنلاشتۇرۇپ، ھېچكىم ئاڭلىمىغان بىر شېئىرنى ئۇنىڭ ئىچىگە پىچىرلاپتۇ. كېيىن خاتىرجەم ھالدا ھال رەڭ كىيىملىك دوختۇرغا بۇ گۈلنى پۇراشقا سۇنۇپتۇ. ھال رەڭ كىيىملىك دوختۇر گۈلنىڭ ئىچىگە پىچىرلانغان شېئىرنىڭ كۈچىدىن شۇنداق ئەندىشە قىپتۇكى، ئۇ پۇرىقىدىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى بولمىغان بۇ گۈلنى بۇرنىغا تۇتۇشى بىلەنلا قورققىنىدىن يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ.

# 43. مېنى ”زەيتۇن“ دېيىشىدۇ

نامازشامدىن ئىلگىرى دەرۋازا قېقىلدى، ئاچتىم: ئوردىدىن ئەۋەتىلگەن مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ بىر ئادىمى، يەنى پاكىز، سۇباتلىق، تەبەسسۇم چىراي، يېقىملىق بىر ياش يىگىت قولىدا بىر شامدان، قەغەز ۋە يېزىق تاختىسى تۇتقان ھالدا ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. شام يورۇقى ئۇنىڭ چىرايىنى يورۇتماقتا يوق، ئەكسىچە غۇۋا كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا دەرھال: سۇلتانىمىزنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇستا رەسساملارنىڭ قايسىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاتنىڭ رەسىمىنى ئەڭ چىرايلىق سىزىپ چىقالايدىغانلىقى خۇسۇسىدا بىر مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلدى ھەمدە ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئولتۇرۇپ، قەغەزنى تاختىغا، تاختىنى تىزلىرىمغا قويۇپ، كۆرسىتىلگەن رامكىنىڭ ئىچىدە تېز سۈرئەتتە دۇنيادىكى ئەڭ كۆركەم ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىشىمنى تەلەپ قىلدى.

مېھماننى ئۆيگە باشلىدىم. يۈگۈرۈپ بېرىپ، مۈشۈك قۇلىقىنىڭ تۈكىدىن ياسالغان ئەڭ ئىنچىكە موي قەلىمىم بىلەن سىياھىمنى ئېلىپ كەلدىم ۋە يەردە ئولتۇرۇپ بىردەم ئويلاندىم. بۇ ئىشنىڭ ئىچىدە قېنىم ۋە جېنىم بىلەن جاۋاب قىلىدىغان بىرەر ھىيلە ـ مىكىر ياكى بىرەر ئويۇن بارمىدۇ؟ ئېھتىمال! لېكىن ھىراتنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلىرىنىڭ پۈتۈن رىۋايەتلىرى ئۆلۈم بىلەن گۈزەللىك ئارىسىدىكى ئەنە شۇ نەپىس سىزىقلار بىلەن سىزىلغان ئەمەسمىدى؟

قەلبىمنى رەسىم سىزىش ھەۋىسى قاپلىدى، لېكىن پۈتۈنلەي پېشقەدەم ئۇستازلاردەك سىزىشتىنمۇ قورقتۇم ۋە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

روھىم ئەندىشىلەردىن خالىي بولسۇن، پەقەت سىزماقچى بولغان كۆركەم ئاتنى ئويلاي ۋە كۈچۈمنى، دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرەي دەپ بىرھازا قۇرۇق قەغەزگە قاراپ تۇردۇم.

مەن ھازىرغىچە سىزغان ۋە كۆرگەن پۈتۈن ئات رەسىملىرى كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل بىرى بار ئىدى. تېخى ھېچكىم سىزىپ باقمىغان بۇ ئاتنى ھازىر سىزاتتىم. تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، ئۇنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ئاستا - ئاستا غايىب بولدى. گويا بىرھازا ئۆزۈمنى، بۇ يەردە ئولتۇرغىنىمنى، رەسىم سىزىدىغانلىقىمنىمۇ ئۇنتۇدۇم. قولۇم ئۆزلۈكىدىن قەلەمنى سىياھ قۇتىسىغا چىلاپ، سىياھنى لايىقىدا ئىچكۈزدى. قېنى قولۇم، ئەمدى كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئاجايىپ ئاتنى رېئاللىققا ئايلاندۇر! ئات بىلەن مەن گويا بىر تەن بولغان بۇ ئالەمدىن ئورۇن ئېلىش ئالدىدا ئىدۇق.

بىرھازا ھاياجان بىلەن رامكىلانغان قۇرۇق قەغەزنىڭ ئىچىدىن بۇ ئورۇننى ئىزدىدىم. تەسەۋۋۇرۇمدا ئاتنى ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردۇم ۋە بىردىن:

شۇنداق، مەن تېخى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا قولۇم قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆزلۈكىدىن قەلەم تەۋرىتىپ، قاراڭ، ئىنتايىن نەپىس ھالدا ئاتنىڭ پۈتىنىڭ ئۇچىدىن باشلىدى ۋە تېزلىكتە يۇقىرىغا بۇرۇلۇپ، كۆركەم - زىلۋا پاقالچىقىدىن ئۆتۈپ يۇقىرىغا چىقتى. يەنە شۇ ئىرادە بىلەن تىزىدىنمۇ بۇرۇلۇپ، تېزلىكتە يۇقىرىلاپ كۆكرىكىنىڭ ئاستىغا بارغاندا بىردىن خۇشاللاندىم! ئەمدى بۇ يەردىن بۇرۇلۇپ، غەلىبە بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ بىر ياي سىزدى: كۆكرىكى نېمىدېگەن چىرايلىق بولغان! كۆكرەك ئاستا - ئاستا تارىيىپ، ئۇچى ئىنچىكىلەپ، دەل كۆز ئالدىمدىكى ئاتنىڭكىدەك بويۇن ئايان بولدى. قەلىمىمنى كۆتۈرمەستىن ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن تۆۋەنگە سىلجىدىم. بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، مەزمۇت ئاغزىغا باردىم ۋە ئاغزىنى ئوچۇق سىزماقچى بولدۇم. ئاغزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئاغزىڭنى يەنە ئاچ، ئات، دەپ چىرايلىق تىلىنى چىقارغۇزدۇم. بۇرنىدىن ئاستاغىنا (ئارىسالدى بولماي) بۇرالدىم. تۈپتۈز يۇقىرىغا چىققىنىمدا پۈتۈن رەسىمگە بىر كۆز يۈگۈرتتۈم ۋە سىزىقنى دەل تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدەك تارتقىنىمدا، ئۆزۈم گويا رەسىم سىزىۋاتقانلىقىمنى ئۇنتۇغان، ئاتنىڭ قۇلاقلىرى بىلەن كۆركەم بويىنىنىڭ چىرايلىق ئەگمىسىنى مەن ئەمەس، گويا قوللىرىم ئۆزلىكىدىنلا سىزىۋاتاتتى. يادقا ۋە تېزلىكتە ئاتنىڭ سۆڭگەچ قىسمىنى سى-

زىۋاتقىنىمدا، قولۇم ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالدى ـ دە، سىياھ قۇتىسىغا موي قەلىمىمنى چىلىدى. ساغرىسىنى، كۆچلۈك ۋە قېلىن مۇسكۇللىرىنى سىزغاندا ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم. پۈتۈن دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ رەسىمىمگە بېرىلگەنىدىم. بىردەم ئۆزۈمنى سىزغان ئېتىمنىڭ يېنىدا دەپ ئويلىدىم. خۇشال هالدا ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى سىزىشقا باشلىدىم. بۇ جەڭ ئېتى، شۇنداقلا بەيگە ئېتى ئىدى. قۇيرۇقىنى تۈگۈنلەپ رەتلىگەندىن كېيىن روهلۇق هالدا يۇقىرىغا سىلجىدىم. كاسا ۋە سوڭىنى سىزغاندا، گويا ئۆز سوڭۇمدا يېقىملىق بىر سالقىنلىق هېس قىلدىم ۋە ئاشۇ هېسسىيات بىلەن يۇمران ساغرىسىنى، ئوڭ پۇتىنىڭ كەينىدە قالغان سول ئارقا پۇتىنى، ئاخىرىدا تۇۋاقلىرىنى سىلاپ ئۆتتۈم. سول ئالدىنقى پۇتىغا دەل تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك كۆركەم قىياپەت ئاتا قىلغان قولۇمغا ۋە سىزغان ئېتىمغا ھەقىقەتەن ھەيران ـ ھەس ئىدىم.

قولۇمنى قەغەز بېتىدىن كۆتۈرۈپ، ئېتىمنىڭ ئوتلۇق، ئەمما قايغۇلۇق كۆزىنى، بىرهازا ئارىسالدىلىق بىلەن بۇرۇن تۆشۈكىنى ۋە ئېگەر يۇپۇقىنى تېزلىكتە سىزدىم. يايلىنى ئامراقلىق بىلەن سىلىغاندەك بىر ـ بىرلەپ تارىدىم، ئۆزەڭگىسىنى تاقىدىم، ماڭلىيىغا ئاق قاشقا قويدۇم ۋە ئاخىرىدا قىزغىنلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تولۇق چوڭلۇقتا ئۇرۇقدان بىلەن زەكەرنى سىزدىم. شۇنىڭ بىلەن تەلتۆكۈس سىزىلىپ بولدى.

مەن كارامەت بىر ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزغاندا، ئۆزۈمنىمۇ ئاشۇ كارامەت ئاتتەك ھېس قىلماقتا ئىدىم.

# 44. مېنى ”كېپىنەك“ دېيىشىدۇ

ئالاھازەل نامازشام ۋاقتى ئىدى. دەرۋازا ئالدىدا بىرەيلەن سۇلتانىمىزنىڭ مۇسابىقە ئېلان قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. پەرمانبەردارمەنكى، سۇلتان ئالىيلىرى، ئەڭ كۆركەم ئاتنىڭ رەسىمىنى كىممۇ مەندىن ياخشى سىزالىسۇن!

لېكىن، بوياق ئىشلەتمەي سىياھ قەلەم ئۇسلۇبىدا سىزىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا بىردەم تۇرۇپ قالدىم. نېمىشقا بوياق ئىشلەتمەيمىز؟ رەڭ تاللاش ۋە رەڭ ئىشلىتىشكە مەن ئەڭ ماھىر بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ قايسى رەسىمنىڭ ئەڭ ياخشى رەسىم ئىكەنلىكىگە كىم باھا بېرىدۇ؟ ئوردىدىن كەلگەن كەڭ غوللۇق، لەۋلىرى ھال رەڭ چىرايلىق يىگىتنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئېلىپ باقتىم ۋە بۇ ئىشنىڭ كەينىدە باش رەسسام ئۇستاز ئوسماننىڭ بارلىقىنى سەزدىم. ئۇستاز ئوسمان ھېچ شۈبھىسىز ماھارىتىمنى بىلىدۇ ۋە پۈتۈن ئۇستا رەسساملاردىن مېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بوش سەھىپىگە تىكىلىپ تۇرغىنىمدا، سۇلتانىمىز بىلەن ئۇستاز ئوسماننىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆرسىلا دىلىنى يايرىتىدىغان ئاتلارنىڭ نەسلى، تۇرقى ۋە مىجەز - پەيلى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇستاز ئوسمان ئون يىلنىڭ ئالدىدا سىزغان ئاتلاردەك شاش، ئەمما سالماق، سۇلتانىمىز تولىمۇ ياقتۇرىدىغان ئاتلاردەك، مەن سىزماقچى بولغان بۇ ئاتنىڭ كۆركەملىكىگە ھەر ئىككىسى ئوخشاش پىكىردە بولسۇن دېگەننى كۆزدە تۇتۇپ، ئاتنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئايىغى ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەكلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئەجىبا، مۇكاپاتى قانچە تىللادۇ؟ بۇ رەسىمنى مىرمۇساۋۋىر قانداق سىزار بولغىيدى؟ بەھزاتچۇ؟

بىردىن ئەقلىمگە بىر ئىش كەلدىكى، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىچە

مېنىڭ لەنىتى قولۇم قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەل-
مەيدىغان ئاجايىپ بىر ئاتنى ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن سول ئالدىنقى ئايىغىدىن
باشلاپ سىزغىلى تۇردى. ئاياغلىرىنى دەرھال گەۋدە بىلەن بىرلەشتۈرگەن-
دىن كېيىن، جاسارەت بىلەن تېزلىكتە ئىككى ياي سىزدىمكى، كۆرسە-
ڭىز، گويا مېنى رەسسام ئەمەس، بەلكى ئۇستا خەتتات دەيتتىڭىز. ئۆز قو-
لۇمنىڭ قەغەزدە يۆتكىلىشىگە خۇددى باشقا بىرىنىڭ قولىدەك ھەيرانلىق
بىلەن قارايتتىم. بۇ ئاجايىپ يايىلار، ئاجايىپ ئاتنىڭ دومباق قارنى، ھەي-
ۋەتلىك كۆكرىكى ۋە ئاق قۇنىڭكىدەك بوينى سىزىلىپ، رەسىم پۈتكەن
بولدى. نېمىدېگەن ماھارەتلىكمەن! شۇنىڭ بىلەن بىللە، قولۇم ئۆزلۈكى-
دىن ساغلام ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئاتنىڭ ئوچۇق ئاغزىنى، بۇرنىنى، ئە-
قىللىق پېشانىسى ۋە قۇلاقلىرىنى سىزىپتۇ. كەينىدىن يەنە بىر قېتىم،
قاراڭلار، نېمىدېگەن چىرايلىق بىر ياي سىزدىم. خۇددى بىر ھەرپنى يې-
زىۋاتقاندەك، ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدىم. بېشىنى
ئېگىز غادايتىپ تۇرغان ئاجايىپ ئېتىمنىڭ ئەگىمىسىنى بويلاپ ماڭغان
سىزىقنى ئۇنىڭ نۇقسانسىز بوينى ئارقىلىق داۋام قىلىپ ئېگىرىگە تۇتۇش
قىلدىم. قولۇم ئېگەرنى سىزىۋاتاتتى. مېنىڭ گەۋدەمدەك ساغلام ۋە يۇ-
مىلاق گەۋدىلىك ئېتىمنىڭ قەغەزدە ئايان بولغان شەكلىگە ئىپتىخار بى-
لەن قارىدىم. بۇ ئاتقا ھەممە كىشىنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. مۇكاپاتنى
ئالغىنىمدا سۇلتانىمىز ماڭا ئېيتىدىغان شېرىن سۆزلىرىنىمۇ خىيالىمدىن
ئۆتكۈزدۈم. ماڭا بىر خالتا تىللا بېرەرمىكىن دەپ ئويلىدىم، ئۇلارنى بىر -
بىرلەپ قانداق سانايدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا كۈلگۈم كېلەتتى. بۇ ئا-
رىدا ئېگەرنى سىزىپ تاماملاۋاتقان قولۇمغا كۆز قىرىمدا قاراۋاتاتتىم،
شۇنداقلا، قەلىمىمنى سىياھ قۇتىسىغا بىر چىلاپمۇ ئالدىم. ئاندىن ئاتنىڭ
ساغرىسىنى كۆلۈپ تۇرۇپ چاقچاق قىلغاندەك سىزدىم. قۇيرۇقىنى ناھا-
يىتى تېزلا سىزىۋەتتىم. سوڭىنى مەن ھازىرلا ئەپلەيدىغان بىر بەچچىنىڭ
سوڭىدەك سۆيۈنۈپ ۋە ئالىقانلىرىم بىلەن تۇتقۇم كېلىۋاتقاندەك بىر ھە-
ۋەسنىڭ تۇرتكىسىدە سىزدىم. شۇ تەسەۋۋۇر بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغى-
نىمدا، ئەقىللىق قولۇم كەينى پۇتلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ قەلەمنى توخ-
تاتتى. بۇ ئات دۇنيادا ئەڭ كۆركەم، چاپچىپ تۇرىدىغان بىر جەڭ ئېتى

بولغانىدى، قەلبىمنى بىر خۇشاللىق قاپلىدى. ئېتىم ئۇلارغا يېقىپ قالسا، مېنى ئەڭ ماھارەتلىك رەسسام، ھەتتا ھازىردىن باشلاپلا باش رەسسام دەپ ئېلان قىلىپمۇۋېتەمدۇ تېخى، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن كەچۈرۈپ، خۇشالمۇ بولدۇم. لېكىن بۇ ھاماقەتلەرنىڭ "نېمىدېگەن تېز ۋە ئويناپ تۇرۇپ سىزىۋەتكەن!" دەيدىغانلىقىنىمۇ ئويلىدىم ۋە بۇ ۋەجىدىن بۇ ئاجايىپ رەسىمگە جىددىي مۇئامىلە قىلماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپمۇ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسىمگە قانداق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىمنى كۆرسۇن دەپ، ئاتنىڭ يايلىسىنى، بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى، چىشلىرىنى، قۇيرۇقىنىڭ قىللىرىنى، ئېگەر يوپۇقىنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ ئىشلىدىم. مۇشۇ تۇرقىغا يان، ئارقا تەرەپتىن قارىغاندا ئاتنىڭ ئۇرۇقدېنى كۆرۈنۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئاياللار زىيادە قاراپ كەتمىسۇن دەپ سىزمىدىم. ئېتىمغا ئېپتىخار بىلەن قارىدىم: رەسىمدىكى ئات ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن تىك تۇرغان، بوراندەك تېز يۈگۈرۈك، كۆچلۈك ئات بولغانىدى! بۇ رەسىمنى سىزغان ئۇ ئاجايىپ رەسسامنى خۇددى بەھىزاتنى، مىرمۇساۋۋىرنى ماختىغاندەك ماختاشلىرى تەبىئىي ئىدى ۋە ئۇ چاغدا مەنمۇ ئۇلاردەك بولاتتىم.

مەن بۇ كارامەت بىر ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتقاندا، ئۆزۈمنى ئەنە شۇنداق كارامەت ئاتلارنىڭ رەسىمىنى سىزالايدىغان پېشۋا ئۇستازلارغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم.

# 45. مېنى "لەيلەك" دېيىشىدۇ

نامازشامدىن ئۆتكەن مەزگىل ئىدى، قەھۋەخانىغا بارماقچى بولۇپ تۇراتتىم، دەرۋازىدا بىرەيلەن ساقلاپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. خەيرلىك ئىشتۇر، دەپ ئالدىغا چىقتىم. ئورۇدىدىن كەلگەن بىرەيلەن ئىكەن، مەقسەتنى ئۇقتۇردى. "خوپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆركەم ئات. سىز ماڭا ھەر بىرىگە قانچە پۇل بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. مەن دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆركەم ئاتلاردىن سىزگە بەش - ئالتىنى سىزىپ بېرەي" دېگىم كەلدى.

ئەلۋەتتە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلدىم ۋە بۇنداق دېمىدىم. دەرۋازىدا تۇرغان بالىنى ئىچكىرىگە باشلىدىم - دە، مۇنداق ئويلىدىم: مەن ئۇنى سىزاي دېسەم دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆركەم ئات يوق - دە. جەڭ ئاتلىرىنى، يوغان موڭغۇل ئاتلىرىنى، نەسىللىك ئەرەب ئاتلىرىنى، قانلار ئىچىدە تولغانغان باتۇر ئاتلارنى، ھەتتا ھارۋىدا قۇرۇلۇشلارغا تاش توشۇيدىغان بىچارە ئاتلارنىمۇ سىزالايمەن. لېكىن كىم بۇلارنى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆركەم ئات دېسۇن؟ دەرۋەقە، سۇلتانىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆركەم ئاتنى سىزىشنى تەلەپ قىلغىنىغا قاراپ شۇنى چۈشەندىمكى، ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى پارس دىيارىدا مىڭ قېتىملاپ رەسىمى سىزىلغان ئاتلار ئىچىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ۋە شەكىل، قىياپەت جەھەتتىن بارلىق فورمۇلىلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاجايىپ ئات ئىدى. بۇ نېمە ئۈچۈندۇ؟

روشەنكى، نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ بىر قاپچۇق تىللا تېپىشىمنى خالىمايدۇ. كىملا بولمىسۇن، ئادەتتىكى بىر ئاتنى سىزىپ قويسا، ھېچكىمنىڭ سىزغىنى مېنىڭ سىزغان ئاتلىرىمغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. سۇلتانىمىزنى كىم ئالدىدى؟ ماڭا ھەسەت قىلىدىغان رەسساملارنىڭ غەيۋەت - شىكايەتلىرى ئۇزۇلمىسىمۇ، سۇلتانىمىز مېنىڭ ئەڭ

ماھارەتلىك رەسسام ئىكەنلىكىمنى ياخشى بىلىدۇ ۋە سىزغان رەسىملىرىمنى ياقتۇرىدۇ.

بىردىن قولۇم غەزەپ بىلەن ھەرىكەتكە كەلدى ــ دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ پۈتۈن دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھەقىقىي بىر ئاتنى سىزىۋەتتىم. بۇلارنى كوچىلاردا، جەڭلەردە كۆرگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن. بۇ ھارغىن، لېكىن شۇنداق سالاپەتلىك بىر ئات... كېيىن يەنە شۇنداق غەزەپ بىلەن بىر ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئېتىنىمۇ سىزىۋەتتىم، ناھايىتى كۆركەم چىقتى. رەسىمخانىنىڭ ھېچقايسى رەسسامى بۇنداق كۆركەم نەرسىلەرنى سىزالمايدۇ. يادقا يەنە بىرنى سىزماقچى بولۇۋىدىم، لېكىن ئوردىدىن كەلگەن يىگىت ”بىرسى كۇپايە“ دېدى.

ئۇ قەغەزنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانىدى، ئۇنى ئېلىۋالدىم. چۈنكى بۇ پەسكەشلەرنىڭ بۇ ئاتلارغا بىر قاپچۇق تىللا بەرگۈزمەيدىغانلىقىنى ئىسمىمنى بىلگەندەك بىلىمەن.

ئۆزۈمنىڭ ئويى بويىچە سىزسام، ماڭا بىر قاپچۇق تىللانى بەرگۈزمەيدۇ. بۇ بىر قاپچۇق تىللانى ئالالمىسام، بۇنىڭدىن كېيىن نامىمغا داغ چۈشكەن بولىدۇ. ئويلاندىم، ”توختاپتۇر“ دېدىم ئوردىدىن كەلگەن يىگىتكە. ئۆيگە كىرىپ يالتىراپ تۇرىدىغان ئىككى دانە ۋېنېتسىيە تىللاسىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. قورققىنىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ”يولۋاستەك يىگىت ئىكەنسەن“ دېدىم.

كىشىلەردىن يوشۇرىدىغان ئۇلگە دەپتەرلىرىمدىن بىرىنى ئېلىپ چىقتىم. بۇنىڭغا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرگەن ئەڭ چىرايلىق رەسىملەردىن مەخپىي نۇسخا ئېلىۋالغانىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا خەزىنىنىڭ پاكىنەك باشلىقى جەزمىگە ئون تىللا بەرسە، بۇ پەسكەش ئادەم خەزىنىدە قۇلاپلانغان، مەخپىي ساقلىنىدىغان كىتابلارنىڭ سەھىپىلىرىدىن ئەڭ ياخشى دەرەخلەر، ئەجدىھالار، قۇشلار، ئوۋچىلار، جەڭچىلەردىن نۇسخا ئېلىپ بېرەتتى. رەسىملەردە ۋە نەقىشلەردە ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى كۆرۈشنى ئەمەس، پېشقەدەم ئۇستازلارنى ۋە قەدىمكى چۆچەكلەرنى ئەسلەشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۇچۇن بۇ دەپتىرىم ئەتىۋارلىق نەرسە ئىدى.

ئوردىدىن كەلگەن يىگىتكە سەھىپىلەرنى ۋاراقلاپ كۆرسىتىپ،

ئاتلاردىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللىدىم. سىزىقلارنىڭ ئۈستىنى قولۇمدىكى يىڭنە بىلەن تېشىپ ئىزناسىنى چۈشۈرۈۋالدىم. كىتابنىڭ ئاستىغا پاكىز بىر قەغەز قويۇپ، ئۈستىگە كۆمۈر كۈلىدىن يېتەرلىك قۇيدۇم ۋە تېگىگە ياخشىراق ئۆتسۇن دەپ بىرئاز سىلكىشتۈردۈم. ئۈلگىنى شۇنداقلا كۆتۈرۈۋىدىم، كۆمۈر كۈلى تېگىدىكى قەغەزگە كۆركەم ئاتنىڭ پۈتۈن شەكلى تۇتاش چېكىت بولۇپ چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتىم.

قەلىمىمنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، شۇ چاغدا كۆڭلۈمگە كەلگەن بىر ئىلھام بىلەن ناھايىتى تېز ۋە كەسكىن ھەرىكەتلەر ئارقىلىق چېكىتلەرنى چىرايلىق ۋە نەپىس شەكىلدە ئۆزئارا تۇتاشتۇردۇم. بۇ ئاتنىڭ قارنىنى، كۆركەم بويىنىنى، بۇرنىنى، ساغرىسىنى سىزغاندا خۇشاللىق بىلەن ئىچىمدە "مانا بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆركەم ئات. بۇنى باشقا كالۋالارنىڭ ھېچقايسىسى سىزالمايدۇ" دېدىم.

ئوردىدىن كەلگەن يىگىتنى بۇلارغا ئىشەندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ قايتىپ بېرىپ رەسىمنى قايسى ئىلھام بىلەن سىزغانلىقىمنى سۇلتانىمىزغا ھەرگىز ئېيتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يەنە ئۈچ دانە ساختا تىللا بەردىم ۋە بىر قاپچۇق تىللانى ئاللىسام يەنە بېرىدىغانلىقىمدىن بېشارەت بەردىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بايا خوتۇنۇمغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ ئاغزى ئېچىلىپ قالغان ئىدى. ئېھتىمال، ئۇ خوتۇنۇمنى قايتىدىن كۆرۈشنىمۇ ئويلايدىغاندۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر ياخشى بىر ئات رەسىمنى سىزىپ چىقالىسىلا ياخشى رەسسام بولغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشى رەسسام بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئات رەسىمىنى سىزىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. سۇلتانىمىزنى ۋە ئەتراپىدىكى ئەخمەقلەرنىمۇ ئەڭ ياخشى رەسسام ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەندۇرۇشكىمۇ توغرا كېلىدۇ.

مەن ئاشۇ كارامەت ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتقىنىمدا، ئۆزۈمنىمۇ خۇددى شۇنداق كارامەت ھېس قىلماقتا ئىدىم.

# 46. مېنى قاتىل دېگۈسى

سىلەر مېنىڭ ئاتنى سىزىشىمدىن كىم ئىكەنلىكىمنى پەرق ئېتەلەدىڭلارمۇ؟

بىر ئات سىزىپ بېرىشىم تەلەپ قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىشىم بىلەنلا بۇنىڭ مۇسابىقە ئەمەسلىكىنى، سىزغان ئېتىمدىن مېنى ئېنىقلىماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم. قېلىن قەغەزگە مەشىق قىلىپ سىزغان ئات رەسىملىرىمنى ئۇلار بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ جەسىتىنىڭ ئۈستىدىن تېپىۋالغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. لېكىن سىزغان ئاتلىرىمغا قاراپ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلگۈدەك بىرەر كەمچىلىكىم ۋە بىرەر ئۇسلۇبىم يوق، بۇنىڭدىن ئىنتايىن خاتىرجەممەن. شۇنداقتىمۇ، ئاتنى سىزىۋاتقىنىمدا، يەنىلا بىر تۈرلۈك ۋەھىمىگە ئەسىر بولدۇم. يېزىنە تاغىنىڭ ئېتىنى سىزغاندا، ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بىر نەرسە سىزغان بولغىيمىدىم؟ ئەمدى پەرقلىق بىر ئات سىزىشىم كېرەك! بۇ قېتىم پۈتۈنلەي باشقا نەرسىلەرنى ئويلىدىم. ”ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم“ ـ دە، باشقا بىرى بولدۇم.

لېكىن، مەن ئۆزۈم كىم؟ رەسىمخانىنىڭ ئۇسلۇبىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىچىدىكى ئاجايىباتلارنى يوشۇرىدىغان بىرىمۇ، ياكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىچكى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئاتنى غەلىبە بىلەن سىزىدىغان بىرىمۇ؟

شۇئاندا بۇ غالىب رەسسامنىڭ ئىچىمدە ئىكەنلىكىنى قورقۇنچ ئىلكىدە ھېس قىلدىم. گويا ئىچىمدىكى باشقا بىر روھ ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن خىجالەت بولدۇم.

ئۆيدە تۇرالمايدىغانلىقىمنى دەرھال چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تاشقىرىغا ئېتىپ قاراڭغۇ كوچىلاردا تېز قەدەملەر بىلەن ماڭدىم. شەيخ

ئوسمان ئاتا «پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى» ناملىق ئەسىرىدە ھەقىقىي دەرۋىش ئىچىدىكى شەيتاندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشى، ھېچقانداق يەردە توختىماسلىقى كېرەكلىكىنى يازغان. ئۇ 67 يىل شەھەردىن ـ شەھەرگە كېزىپ يۈرگەندىن كېيىن، شەيتاندىن قېچىشتىن چارچاپ ئۇنىڭغا تەسلىم بولغانىدى. دەل مۇشۇ ياشتا ئۇستا رەسساملار ئەمالىقا، ئاللاھنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئېرىشىدۇ، ئىختىيارسىز بىر ئۇسلۇب ئىگىسى بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن ئۇسلۇب تەسىرلىرىدىن قۇتۇلىدۇ.

بەيازىتتا، توخۇچىلار بازىرىدا، قۇل بازىرىنىڭ بوش مەيدانىدا، شورپا ۋە شېكەرلىك تاماق دۇكانلىرىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئىچىدە بىرنەرسە ئىزدىگەندەك ئارىلىدىم. ئىشىكلىرى تاقاقلىق ساتىراشخانا، كىرچىلەرنىڭ دۇكانلىرى ئالدىدىن ئۆتتۈم. ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ پۇلىنى ساناۋاتقان بىر ناۋاي بوۋاينىڭ، ئىپاردەك چۈچۈمەل كۆكتات ۋە تۇزلۇق بېلىق پۇرايدىغان بىر مىلچمال دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، پەقەت رەڭلىرىگىلا كۆزۈم چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، بىر نەرسىلەرنى ئۆلچەپ تارتىۋاتقان دورا ـ دەرمەكچىنىڭ دۇكىنىغا كىردىم ۋە كىشىلەرگە قىزغىن ھېسسىيات بىلەن قارىغاندەك، قەھۋە، زەنجىۋىل، دارچىن خالتىلىرىغا، رەڭگارەڭ سېغىز قۇتىلىرىغا، پەشتاختىدىن پۇرىقى كېلىپ تۇرغان شاكال بەدىيان، قارا كۆز بەدىيان، ئارپا بەدىيان، زەپەر دۆۋىلىرىگە چىراغ يورۇقىدا ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم. بىردەم بۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئاغزىمغا سالغۇم، بىردەم بۇلارنى بوش بىر سەھىپىگە سىزىۋالغۇم كېلەتتى.

ئۆتكەن ھەپتىدە ئىككى قېتىم تاماق يېگەن ۋە ئۆز ـ ئۆزۈمگە ”قايغۇلۇقلار ئاشخانىسى“ دېگەن (ئەسلىدە ”يوقسۇللار“ دېيىشىم كېرەك ئىدى) ئاشخانىغا كىردىم. ئۇنىڭ ئىشىكى كونا خېرىدارلىرىغا يېرىم كېچىگىچە ئوچۇق ئىدى. ئاشخانىنىڭ ئىچىدە گويا ئۆلۈم جازاسىدىن قاچقانلارغا ياكى ئات ئوغرىلىرىغا ئوخشايدىغان بىرقانچە بىچارە، بىتەلەيلىكتىن ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن گويا ئەپيۇننىڭ كۈچى بىلەن خىيالىدا روھى غايىبانە جەننەتلەردە كېزىۋاتقاندەك كۆزلىرى خۇمارلاشقان بىرقانچە غېرىبلار؛ ئۆز كەسپىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئۈستىدە دەتالاش قىلىپ ئولتۇرغان

ئىككى تىلەمچى، يەنە بۇ كىشىلەر تويپىدىن ئايرىلىپ بىر بۇلۇڭغا بېرىۋال-
غان بىر ياش مۆتىۋەر بار ئىدى. ھەلەپلىك ئاشپەزگە مۇلايىملىق بىلەن
سالام بەردىم. گۆشلۈك قاتكۆك دولمىسىنى تاماق قاچامغا دۆۋىلەپ ئۇ-
سۇپ، ئۈستىگە قېتىق قۇيدۇرۇپ، ئاچچىق قىزىلمۇچ سېپىپ، مۆتىۋەر-
نىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم.

ھەر كېچە مېنى بىر غەم - قايغۇ ۋە كۆڭۈلسىزلىك باساتتى. قې-
رىنداشلار، قەدىرلىك قېرىنداشلار، زەھەرلىنىۋاتىمىز، چىرىپ كېتىۋاتى-
مىز، ئۆلۈۋاتىمىز، ياشانغانسېرى تۈگىشىۋاتىمىز، بەختسىزلىك ئىچىگە
كېكىردىكىمىزگىچە پېتىپ كېتىۋاتىمىز. بەزى كېچىلىرى چۈشۈمدە قو-
دۇقتىن ئۇنىڭ تاشقىرىغا چىققانلىقىنى ۋە مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەنلىكى-
نى كۆرۈۋاتىمەن. لېكىن ئۇنى تويپىغا چوڭقۇر كۆمۈۋەتكەن تۇرساق، قەب-
رىسىدىن چىقالمايدۇ - دە.

”ئاش كەلسە، ئىمان قېچىپتۇ“ دېگەندەك، شورپا بىلەنلا بولۇپ كەت-
مەي، ھېلىقى ياش مۆتىۋەر بىلەن سۆھبەتلەشكەچ ئولتۇرغۇم كەلدى. ئېھ-
تىمال، ئاللاھ ماڭا شۇنى كۆڭلۈمگە سالغان بولسا كېرەك؟ ”شۇنداق، —
دېدىم ئۇنىڭغا، — قاتكۆك دولمىسى ناھايىتى ئوخشاپتۇ، گۆشىنىمۇ مۇۋا-
پىق تۇغراپتۇ.“ ئۇنىڭ كەچۈرمىشىنى سورىسام، يىگىرمە تەڭگىلىك دىنىي
مەكتەپنى يېڭى پۈتكۈزۈپ، ئارىف پاشانىڭ خىزمىتىگە كىرگەن بىر كاتىپ
ئىكەن. كېچىدە نېمە ئۈچۈن پاشانىڭ قونالغۇسىدا، مەسچىتتە ياكى ئۆيىدە
خوتۇنىنىڭ قوينىدا بولماي، بۇ بويتاق قاراقچىلار ئاشخانىسىغا كېلىپ
قالغانلىقىنى سورىمىدىم. ئۇ مەندىن قەيەردىن كەلگەنلىكىمنى، كىم ئى-
كەنلىكىمنى سورىدى. مەن بىردەم ئويلىنىۋېلىپ دېدىم:

— ئىسمىم بەھزات، ھىراتتىن، تەبرىزدىن كەلدىم. ئاشۇ ھەشەمەت-
لىك رەسىملەرنى، ئەڭ ئىشەنگۈسىز ئاجايىباتلارنى مەن سىزغان. پارستىن
ئەرەبىستانغىچە ھەر بىر مۇسۇلمان رەسىمخانىسىدا، ئەسىرلەردىن بۇيان
كىشىلەر رەسىمچىلىك ھەققىدە پاراڭلاشقاندا: ”قارىساڭ خۇددى بەھزاتنىڭ
رەسىمىدەك، راست دەيسەن“ دەيدىغان بەھزات مەن بولىمەن.

ئەسلىي مەسىلە بۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە. مېنىڭ رەسىمىم كۆزنىڭ كۆر-
گىنىنى ئەمەس، ئەقىلنىڭ كۆرگىنىنى نامايان قىلىدۇ. بىلگىنىڭلاردەك،

رەسسام كۆز ئۈچۈن يارىتىلغان بىر خۇشلۇق. بۇ ئىككى چۈشەنچىنى بىرلەشتۈرسەڭلار، مېنىڭ دۇنيايىم مەيدانغا چىقىدۇ، يەنى:

ئا: رەسسام روھىنىڭ كۆرگىنىنى كۆزنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن جانلىق نامايان قىلىشتۇر.

ل: كۆزنىڭ دۇنيادا كۆرگەنلىرى رەسىمگە سىڭىپ روھنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ.

م: دېمەك، گۈزەللىك روھنىڭ بىلگىنىنى كۆزنىڭ دۇنيادا يېڭىۋاشتىن بايقىشىدۇر.

تاسادىپىي بىر ئىلھام بىلەن ئۆز روھىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىقارغان بۇ مەنتىقىنى يىگىرمە تەڭگىلىك مەدرىسنى پۈتكۈزگەن بۇ ئەپەندىم چۈشەنگەندىمۇ؟ ياق، چۈنكى شەھەر چېتىدىكى مەھەللە مەدرىسىدە كۈندە يىگىرمە تەڭگىگە دەرس ئۆتكەن (بۈگۈن بۇنىڭغا يىگىرمە نان كېلىدۇ) خەلىپىتىمىنىڭ قىزلىرى ئالدىدا ئۈچ يىل ئولتۇرۇپسەنۇ، تېخىچە بەھزاتنىڭ كىملىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟ مەلۇمكى، يىگىرمە تەڭگىلىك خەلىپىتىممۇ بەھزاتنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىكەن. خوپ، ئەمىسە ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، دەپ مۇنداق سۆز باشلىدىم:

— مەن ھەممە نەرسىنى، ھەرقانداق تېمىنى سىزىپ باققان: پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسچىتتە، يېشىل مېھرابىنىڭ ئالدىدا تۆت خەلىپىسى بىلەن ئولتۇرغىنىنى؛ كېيىن باشقا بىر كىتابتا رەسۇلۇللانىڭ بۇراق ئىسىملىك دۇلدۇلغا مىنىپ، مىراج كېچىسى يەتتە قات جەننەتكە چىققىنىنى؛ ئىسكەندەرنىڭ جۇڭگوغا قىلغان سەپىرىدە دېڭىزنى بوران بىلەن دولقۇنلاندۇرغان مەخلۇقنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ساھىلدىكى بۇتخانىنىڭ دۇمبىقىنى چالغانلىقىنى؛ ئۇد ئاۋازىنى تىڭشىغاچ كۆلچىكىدە قىپيالىڭاچ سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان ھەرەمخانا گۈزەللىرىنى مارىلاپ قول زىناسى قىلىۋاتقان پادىشاھنى؛ ئۇستازىنىڭ ھەممە ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىپ بولغىنىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئۇستازىنى يېڭىۋېلىشقا نىيەت باغلىغان بىر ياش چېلىشچىنىڭ ئۇستازى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ ئۆگەتمىگەن ئاخىرقى بىر ھۈنەر تۇپەيلى يېڭىلىپ قېلىپ، سۇلتان ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگەنلىكىنى؛ گۆدەك لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ تورۇس - تاملىرى نەپىس نەقىش-

لەنگەن بىر سىنىپتا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ «قۇرئان كەرىم» ئوقۇۋاتقانىدا
بىر ـ بىرىگە ئاشىق بولۇشقانلىقىنى؛ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئەڭ تارتىن-
چاقلىرىدىن ئەڭ ئەدەپسىزلىرىگىچە بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە
نېمە ئۈچۈندۇر قارىيالماسلىقلىرىنى؛ ئوردىلارنىڭ تاشلارنى بىر ـ بىرلەپ
تىزىپ ياسىلىشىنى؛ گۇناھكارلارنىڭ قىيىن ـ قىستاق جازالىرىغا تارتى-
لىشلىرىنى؛ بۇركۇتلەرنىڭ ئۇچۇشىنى؛ تىنىمسىز توشقانلارنى؛ مەككار
يولۋاسلارنى؛ سەرۋى ۋە چىنار دەرەخلىرىنى ۋە شاخلىرىغا قونغان سې-
غىزخانلارنى؛ ئۆلۈمنى؛ ئۆز ئارا بەسلەشكەن شائىرلارنى؛ غەلىبىسىنى مۇ-
بارەكلەپ سېلىنغان داستىخانلارنى ۋە ماڭا ئوخشاش ئالدىدا بىر تاۋاق
شورپىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغانلارنى سىزغانىدىم.

ئېھتىياتچان كاتىپ ئەمدى قورقمايتتى، ھەتتا مېنى قىزىق ئادەم
ئىكەن دەپ قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى.

— ئۇستازىڭ بۇ ھېكايىنى ساڭا ئوقۇتقان بولغىيدى، سېنىڭ خەۋ-
رىڭ بار، — دېدىم، — شەيخ سەئدىنىڭ «بوستان» ناملىق ئەسىرىدە مەن
ناھايىتى ياقتۇرىدىغان بىر ھېكايە بار. پادىشاھ دارا بىر شىكاردا كۆپچى-
لىكتىن ئايرىلىپ تۆپىلىكلەردە تەنھا ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، كىملىكى نا-
مەلۇم بىر خەتەرلىك ئادەم ئۇچراپتۇ. پادىشاھ دارا ئىنتايىن ئالاقزادە بو-
لۇپ، ئات ئۈستىدە دەرھال يايىنى قولىغا ئاپتۇ. ئۆچكە ساقاللىق ھېلىقى
ئادەم: "پادىشاھىم، توختىغايلا، ئوقلىرىنى ئاتمىغايلا، مېنى تونۇمىغانلىرى
نېمىسى؟ مەن ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىگەن ئات ۋە تايلىرىنى باققان سادىق ئات
باقارلىرى ئەمەسمۇ؟ ئالىيلىرى مېنى نەچچە قېتىم كۆرگەن. پېقىر ئۆز-
لىرىنىڭ يۈزلىگەن ئاتلىرىنىڭ ھەر بىرىنى خۇيى، رەڭلىرى بىلەن تونۇي-
مەن. خوپ، ئۆزلىرى نېمە ئۈچۈن قول ئاستىلىرىدىكى بىز قۇللىرىدىن
شۇنچە كۆپ كۆرگەن مەندەك بىرىگىمۇ دىققەت قىلمىغانىدىلا؟" دەپ يىلى-
نىپتۇ.

بۇ كۆرۈنۈشنى سىزغىنىمدا، ئات باققۇچى كۆيۈنۈپ باققان قارا تو-
رۇق ۋە ئاق ئاتلارنى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان جەننەتتەك يېشىل
يايلاقتا شۇنداق خۇشال ۋە ئىشتىياق بىلەن سىزىمەنكى، شائىر سەئدىنىڭ
قىسسىسىدىكى ھېكمەتنى ئەڭ ئەقىلسىز ئوقۇرمەنمۇ چۈشىنىدۇ. بۇ دۇن-

يانىڭ گۈزەللىكى ۋە سىرى پەقەت ئۇنىڭغا سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن. كىشىنىڭ دىققىتى — قىزىقىش ۋە شەپقەت بىلەنلا مەيدانغا چىقىدۇ. ئەگەر سىز خۇشال بايتاللار، ئاتلار يايرىغان ئاشۇ جەننەتتە ياشىماقچى بولسىڭىز، كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ، رەڭلىرىگە، تەپسىلاتلىرىغا ۋە ئويۇن-كۈلكىلىرىگە دىققەت قىلىپ قاراڭ.

يىگىرمە تەڭگىلىك مۇدەررىسنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتى ماڭا قىزىقىش ۋە ھېيىقىش نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قوشۇقنى تاشلاپ قاچقىسى كېلىۋىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمىدىم.

— ئۇستىلارنىڭ ئۇستىسى بەھزات ئۇ رەسىمدە پادىشاھنى، ئات باقارنى، ئاتلارنى شۇنداق سىزغانىدىكى، — دېدىم، — يۈز يىلدىن بېرى رەسساملار ئۇ سىزغان ئاتلارنى تەقلىد قىلىپ تۈگىتەلمىدى. ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ ۋە قەلبىدىن چىقىرىپ سىزغان ئاتلارنىڭ ھەربىرى ئەمدىلىكتە بىر تىپىك ئۈلگە بولدى. ئۇ ئاتلارنى يۈزلىگەن رەسسام (جۈملىدىن مەنمۇ) يادقا سىزىمىز. سەن ئاتنىڭ رەسىمىنى كۆرگەنمۇ؟

— ئۇستىلار ئۇستىسى بولغان بىر ئۇلۇغ ئۇستاز بىر كۈنى مېنىڭ رەھمەتلىك ئۇستازىمغا بەرگەن بىر سېھىرلىك كىتابتا بىر قاناتلىق ئاتنىڭ رەسىمىنى كۆرگەنىدىم.

ئۇستازى بىلەن بىرلىكتە «ئاجايىپ مەخلۇقات»نى گۆھەردەك كۆرگەن بۇ ھاماقەتنى مۇشۇ يەردىلا كاللىسىنى شورپا قاچىسىغا تىقىپ تۇنجۇقتۇرۇۋېتەيمۇ ياكى ھاياتىدا كۆرگەن يېگانە ئات رەسىمىنى (كىم بىلسۇن، قانچىلىك ناچار كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىمۇ) ماڭا ھارغىچە ماختىۋالسۇن دەپ قويۇپ بېرەيمۇ؟ ئۈچىنچى بىر يولنى تاپتىم ۋە قوشۇقۇمنى تاشلاپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. خېلى ئۇزۇن يۈرگەنىدىن كېيىن، تاشلىۋېتىلگەن بىر خانىقاغا كىرگىنىمدە، ئىچىمنى بىر خىل خۇشاللىق قاپلىدى. ئەتراپىنى سۈپۈرۈپ تازىلىغاندىن كېيىن ھېچ ئىش قىلماي جىمجىتلىقتا قۇلاق سالدىم.

كېيىن ئەينەكنى يوشۇرۇپ قويغان يەردىن ئېلىپ شىرەگە تىكلەپ قويدۇم. كەينىدىن تىزلىرىم ئۈستىگە رەسىم سىزىش تاختىسى بىلەن

ئىككى سەھىپىلىك رەسىمنى قويۇپ، ئولتۇرغان يېرىمدىن ئەينەكتە يۈ-زۈمنى كۆرۈپ، كۆمۈر قەلەم بىلەن ئۆز يۈزۈمنى سىزىشقا باشلىدىم. خېلى ئۇزۇن ھەپىلەشكەندىن كېيىن يەنىلا قەغەزدىكى يۈزنىڭ مېنىڭ ئەينەك-تىكى يۈزۈمگە ئوخشىمىغانلىقىنى كۆرۈش كۆڭلۈمنى شۇنداق يېرىم قىل-دىكى، كۆزلىرىمگە لىقىدە ياش كەلدى. يېزنە تاغا ماختاپ كۆككە كۆتۈر-گەن ۋېنېتسىيىلىك رەسساملار بۇنى قانداق سىزغان بولغىيدى؟ بىرھازا ئۆزۈمنى ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئورنىغا قويدۇم ۋە شۇنداق ھېس قىلىپ رە-سىم سىزسام، بەلكىم رەسىمىمنى ئۆزۈمگە ئوخشىتالارمەن دەپ ئويلىدىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن، پەرەڭ رەسساملىرىنىمۇ، يېزنە تاغىنىمۇ قاغىدىم ۋە سىزغىنىمنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، قايتىدىن ئەينەككە قاراپ سىزىشقا باش-لىدىم.

خېلىدىن كېيىن ئۆزۈمنى ئاۋۋال كوچىلاردا، كېيىن پاسكىنا قەھ-ۋەخانىدا كۆردۈم. بۇ يەرگە قانداق كەلگىنىمنىمۇ بىلمەيتتىم. ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرگىنىمدە، بۇ يوقسۇل رەسساملار ۋە خەتتاتلار ئارىسىغا كىر-گەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق خىجالەت بولدۇمكى، پېشانەمدىن تەر چىقىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ ماڭا قارىشىۋاتقانلىقىنى، بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ، مېنى كۆرسىتىپ كۇلۇشكەنلىرىنى سەزدىم. شۇنداق، مەن ئۇلارنىڭ شۇنداق قى-لىشقىنىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۆزۈمنى تەبىئىي كۆرسىتىشكە تى-رىشىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆزلىرىم باشقا ئۇستا رەسساملارنى، بىر چاغلاردا ئۇستاز ئوسمانغا بىللە شاگىرت بولغان قەدىرلىك قېرىنداشلىرىمنى ئىزدەيتتى. ئۇلارغىمۇ بۇ كېچە بىر-دىن ئات رەسىمى سىزدۇرغانلىقى ۋە بۇ ئەخمەقلەرنىڭ بۇ مۇسابىقىگە ئەستايىدىل قاتناشقانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم.

مەدداھ تېخى قىسسىسىنى باشلىمىغانىدى، رەسىممۇ تېخى ئېسىل-مىغانىدى. بۇمۇ مېنى قەھۋەخانىدىكى كۆپچىلىككە يېقىنلىشىشقا مەجبۇر قىلدى.

خوپ، سىلەرگە راستىنى ئېيتاي: كۆپچىلىككە ئوخشاش مەنمۇ چاق-چاق قىلدىم، ئەدەپسىز ھېكايىلەرنى سۆزلىدىم، دوستلار بىلەن ھەددىدىن

زىيادە ھەرىكەتلەر بىلەن سۆيۈشتۇم، قوش مەنىلىك، كىنايىلىك ئوخشى-تىشلارنى ئېيتىشتىم، ياش ئۇستىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىشىۋىدى، كۆپ-چىلىككە ئوخشاش، ئورتاق دۈشمەنلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن مەسخىرە قىلدىم. ھاياجىنىم ئەۋجىگە چىققاندا ئەيمەنمەستىن قول چاقچاقلىرىنى قىلىپ، بويۇن سۆيۈشلەرگىچە قىلمىغىنىم قالمىدى. مانا بۇ قىلىقلارنى قىلىۋېتىپ، روھىمنىڭ بىر قىسمىنىڭ رەھىمسىز جىمجىتلىقتا چۆم-گەنلىكىنى سەزگىنىمدە، چىدىغۇسىز بىر خىل ئېچىنىش ھېس قىلدىم.

شۇنداقتىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي سۆز ئويۇنلىرى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ۋە بىز غەيۋەتنى قىلغان باشقىلارنىڭ ھېلىقى نەرسىسىنى موي قەلەمگە، قومۇشقا، قەھۋەخانىنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە، نەيگە، توقماققا، مۇنارغا، شېرىن - شېكەر چوكا كەمپۈتكە، قارىغايغا ۋە ياكى ئىككى قېتىم پۈتۈن ئالەمگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگىنىمدەك، ھەممە ئادەم ماختايدىغان چىرايلىق بەچ-چىلەرنىڭ كەينىنىمۇ ماندارىنغا، ئەنجۈرگە، گۆش گىردىگە، ياستۇققا ۋە ناھايىتى كىچىك چۇمۇلە ئۇۋىسىغا ئوخشىتاتتىم. لېكىن مەن بىلەن بىر دېمەتلىك بىر مەنمەنچى خەتتات ئۆز سايىمىنى ئىنتايىن يېڭى ئۆگەنچى-لەرچە ۋە ئۆزىگە ئىشەنچىسىز ھالدا پەقەت كىمە ماچىتىسى بىلەن ھامما-نىڭ ئەپكىشىگە ئوخشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ھەر خىل كىنايىلەر بىلەن، ياشانغان رەسساملارنىڭ بېشىنى كۆتۈرەلمەي-دىغان ھېلىقى نەرسىلىرىنى؛ يېڭى شاگىرتلارنىڭ ئالۇچا رەڭلىك لەۋلى-رىنى؛ بەزى خەتتاتلارنىڭ پۇللىرىنى (ماڭا ئوخشاش) بىر يەردە (ئەڭ پاس-كىنا كاماردا) يوشۇرۇپ ساقلىغانلىقىنى؛ مەن ئېچىۋاتقان شارابنىڭ ئى-چىگە گۈل ياپرىقى ئەمەس، ئەپيۇن سېلىنغانلىقىنى؛ تەبرىز ۋە شىرازدىكى ئاخىرقى بىرنەچچە ئۇستازلارنى؛ ھەلەپتە كىشلەرنىڭ قەھۋىنى شارابقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ يەرنىڭ خەتتاتلىرىنى، چىرايلىق بەچچىلىرىنى تىلغا ئالدىم.

بەزىدە ئىچىمدىكى ئىككى روھتىن بىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە قۇچۇپ يەنە بىرىنى كەينىدە قالدۇرىدىغانلىقىنى، بەزىدە ئاشۇ جىمجىت ۋە ھېسسىياتسىز قىسمىمنى ئاخىرى ئۇنتۇپ كېتىشىم مۇمكىنلىكىنى ئويلاپمۇ قالاتتىم. ئۇ چاغلاردا كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن بالىلىق

چاغلىرىمدىكى ھېيت ـ بايراملارنى ئەسلەيتتىم. لېكىن مانا بۇ چاقچاقلار، سۆيۈشۈپ قۇچاقلىشىشلار ھەرقانچە كۆپ داۋام قىلغان بولسىمۇ، بەزىدە مېنى كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە قايغۇ ـ ئەلەملەر بىلەن تەنھا قالدۇرغان سۇرلۇك جىمجىتلىقمۇ ھۆكۈم سۇرۇپ قالاتتى.

مېنى ھەمىشە ئەيىبلەيدىغان، سىرتقى مۇھىتتىن ئايرىۋەتكەن بۇ جىمجىت ۋە رەھىمسىز روھنى (ئۇ روھ ئەمەس بىر جىن ئىدى) ئىچىمگە كىم سالغان بولغىيدى؟ شەيتانمۇ؟ لېكىن ئىچىمدىكى جىمجىتلىق شەيتان قىلماقچى بولغان ئەدەپسىزلىكلەر بىلەن ئەمەس، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە روھقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ساپ ھېكايىلەر بىلەنلا ھۇزۇر تاپاتتى.

شۇ ھۇزۇرغا ئېرىشەرمەن دەپ شارابنىڭ تەسىرى بىلەن ئىككى ھېكايە ئېيتىپ بەردىم. ئېگىز بويلۇق، سولغۇن، ئەمما پاكىز چىراي بىر شاگىرت خەتتات زەڭگەر كۆزلىرىنى كۆزلىرىمگە تىكىپ، سۆزلىرىمگە ناھايىتى دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.

## رەسسام ئۆز روھىنىڭ تەنھالىقىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بايان قىلغان ئەمالىق ۋە ئۇسلۇب ھەققىدىكى ئىككى ھېكايە

## ئا

ئات رەسىمىنى ئاتلارغا قاراپ سىزىش، كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك پەرەڭ ئۇستازلارنىڭ كەشپىياتى ئەمەس، بۇ قەزۋىنلىك ئۇلۇغ ئۇستاز جامالىددىننىڭ دەسلەپكى پىكرى ئىدى. ئاققويۇنلۇق سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئۇزۇن ھاسان قەزۋىننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ياشانغان ئۇستاز جامالىددىن غالىب خاقانىنىڭ رەسىمخانىسىدا رەسىم سىزىشقا ھەۋەس بىلەن قاتنىشىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈشلەرگە چىقىپ، خاقانىنىڭ تارىخىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئۇرۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن بېيىتماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن 62 يىل ھېچقانداق ئۇرۇشقا قاتناشماي، ئات، ئاتلىق ئەسكەر ۋە جەڭ رەسىملىرىنى سىزغان. بۇ ئۇلۇغ ئۇستاز خاقانىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن تۇنجى جەڭگە بارغان بولسىمۇ، خاقانىنىڭ قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلىرىنىڭ شىددەت ۋە ھەيۋەت

بىلەن ھۆجۈمغا ئۆتۈشىنى كۆرەلمەستىن، دۈشمەن تەرەپتىن ئېتىلغان بىر توپ بىلەن كۆزلىرىدىن ۋە قوللىرىدىن ئايرىلغانىدى. دەرۋەقە، ھەقىقىي ئۇلۇغ ئۇستازلارغا ئوخشاش ئەمالىقنى ئاللاھنىڭ بىر ئىھسانى سۈپىتىدە كۆتكەن ياشانغان ئۇستاز قولسىز بولۇپ قېلىشنىمۇ چوڭ بىر كەمتۈكلۈك دەپ قارىمىغان. رەسسامنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بەزىلەرنىڭ تەرسالىق بىلەن دېگىنىدەك ئىختىيارىدا ئەمەس، بەلكى كاللىسى ۋە قەلبىدە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەسلىي رەسىم ۋە مەنزىرىلەرنى، ھەقىقىي ۋە نۇقسانسىز ئاتلارنى ئەمدى ئەما بولغاندىن كېيىن كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان ۋە بۇ ئاجايىباتلارنى رەسىم ھەۋەسكارلىرى بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن ئۆزگە ئېگىز بويلۇق، سولغۇن، ئەمما پاكىز چىراي ۋە زەڭگەر كۆزلۈك بىر خەتتات شاگىرت تاپقان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قەلەم تۇتالىغان بولسا، ئاللاھنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا كۆز ئالدىدا مەلۇم بولغان ئاجايىپ ئاتلارنى قانداق سىزىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ يازدۇرغان. ئۇستازنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ياش خەتتات 303 پارچە رەسىمنى «ئاتلارنىڭ رەسىمى»، «ئاتلارنىڭ يۈرۈشى»، «ئاتلارنىڭ ئاشىقى» دەپ ئۈچ كىتابقا توپلىغان ۋە ھەربىر ئاتنىڭ ئالدىنقى سول پۇتىدىن باشلاپ سىزىلغان بۇ 303 ئاتنىڭ قانداق سىزىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە بىر مەزگىل ئاققويۇنلۇق سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى مەملىكەتلەردە ئىنتايىن قارشى ئېلىنىپ، ھەر خىل يېڭى نۇسخىلىرى ۋە تەقلىد قىلىنغان كۆچۈرۈلمىلىرى مەيدانغا كەلگەن، بەزى رەسسام، شاگىرتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن يادقا ئېلىنغان ھەم بىر مەشىق كىتابى سۈپىتىدە قوللىنىلغانىدى. لېكىن ئۇزۇن ھاسانىنىڭ ئاققويۇنلۇق دۆلىتى ھالاكەتكە ئۇچرىغان ۋە ھىرات ئۇسلۇبى پۈتۈن پارس دىيارلىرىنى قاپلىغاندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، ھىراتلىق كامالىددىن رىزانىڭ «ئەمانىڭ ئاتلىرى»ناملىق كىتابىدا بۇ ئۈچ كىتاب قاتتىق تەنقىدلىنىپ، كۆيدۈرۈۋېتىلىشى كېرەكلىكى قاتتىق تەكىتلەنگەنىدى. كامالىددىن رىزا ئىلگىرى سۈرگەن بۇ يوللۇق مەنتىقىنىڭ كۈچى بار ئىدى. قەزۋىنلىك جامالىددىننىڭ ئۈچ كىتابىدا رەسىمى سىزىلغان ئاتلارنىڭ ھېچبىرى ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئات بولالمايتتى. چۈنكى ئۇلار "ھەقىقىي ۋە نۇقسانسىز" ئەمەس ئىدى. ياشانغان

ئۇستاز بۇ ئاتلارنى پەقەت بىر قېتىملا ۋە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت بىر
مەيدان ھەقىقىي جەڭنى كۆرگەندىن كېيىن سىزغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقىي
بولالمايتتى. فاتىخ سۇلتان مەھمەت ئاققويۇنلۇق سۇلالىسىنىڭ ئالتۇن ـ
كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ ئىستانبۇلغا ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ 303 ھې-
كايىدىن① بەزىلىرىنىڭ ئىستانبۇلدا باشقا كىتابلاردا ئۇچرىشىغا، ھەتتا
بەزى ئاتلارنىڭ بۇ ھېكايىلەردە سۆزلەنگىنىدەك سىزىلغانلىقىغا ھەيران
بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

## ل

ھىرات ۋە شىرازلاردا بىر ئۇستا رەسسامنىڭ بىر ئۆمۈر ھەددىدىن
زىيادە ئىشلىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەما بولۇپ قېلىشى
ئۇستازنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىپلا قالماي، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ئەجرى ۋە ماھارىتىگە
بەرگەن ئىنئامى دەپ ماختىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن بىر مەزگىل ھىراتتا يا-
شىغان بولسىمۇ، ئەما بولمىغان پېشقەدەم ئۇستازلارغا گۇمانلىق قارالغان-
لىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ ياشانغان چېغىدا ئەمالىقنى تەلەپ قى-
لىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. ئۇزۇن بىر مەزگىل، كىشىلەر بۇنداق سەنئەت-
كارلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنى پېشقەدەملەرنىڭ ئىزىدىن ماڭغان،
ئۆز ـ ئۆزىنى ئەما قىلىشنى باشقا بىر شاھ ئۈچۈن ئىشلەش ياكى ئۇسلۇب
ئۆزگەرتىشتىن ئەلا بىلگەن پەزىلەتلىك ئۇستازلارنىڭ يولىنى تۇتقان دەپ
قارالغانىدى. مىران شاھ ئەۋلادىدىن بولغان ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىلىرىدىن
ئەبۇ سەئىد، تاشكەنت ۋە سەمەرقەنتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قۇرغان رە-
سىمخانىسىدا، ئەمالىقنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، تەقلىدىگە ئەمالىقتىنمۇ كۆپ-
رەك ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكى بىلەن يېڭى بىر ئالەم ئاچقانىدى. ئەبۇسە-
ئىدگە ئىلھام بەرگەن ياشانغان ئۇستا سەنئەتكار قارا ۋەلى كۆزلىرى كۆر-
مەيدىغان رەسسامنىڭ قاراڭغۇدىمۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئاتلارنى كۆرىد-

① سىزىلىپ بولغان ھەربىر پارچە رەسىمگە شۇ رەسىمگە مۇناسىۋەتلىك ھېكايە قوشۇپ قو-
يۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە رەسىملەر "ھېكايە" دەپ ئېلىنغان — ت.

غانلىقىنى، ئەسلىي ماھارەت كۆزلىرى بىلەن كۆرەلەيدىغان رەسسامنىڭ
دۇنيانى ئەمالاردەك كۆزىتەلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئېيت-
قان. بۇنى ئۇ 67 يېشىدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قەغەز بېتىگە قارىغان
بولسىمۇ، كۆرەلمىگەنلىكتىن قەلىمىنىڭ ئۇچى خالىغان بىر ئاتنى سىز-
غانلىقى بىلەن ئىسپاتلىغانىدى. مىران شاھى مەشھۇر ئۇستازغا ياردەم
بولسۇن دەپ گاس سازەندىلەرگە ئۇد چالدۇرۇپ، گاچا مەدداھلارغا ھېكايە
سۆزلەتكەن بۇ سەنئەت مۇراسىمىنىڭ ئاخىرىدا، قارا ۋەلى سىزغان ئاجايىپ
ئات ئۇلۇغ ئۇستاز سىزغان باشقا ئاتلار بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سېلىش-
تۇرۇلۇپ، بۇنىڭدا ھېچقانداق پەرق يوقلۇقى كۆرۈلگەنىدى. بۇ ئەھۋال
مىران شاھنى بىئارام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەشھۇر ئۇستاز ۋە ماھا-
رەتلىك رەسسام كۆزى ئوچۇق بولسۇن ياكى يۇمۇقلۇق بولسۇن، ئاتلارنى
مەڭگۇ پەقەت بىر شەكىلدە، يەنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكىدەك كۆرىدىغانلى-
قىنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇلۇغ رەسساملار ئىچىدە ئەما بىلەن
كۆزى كۆرىدىغانلار ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق ئىدى: قول ھەمىشە
ئوخشاش ئاتنى سىزاتتى، چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئۇسلۇب دەيدىغان پەرەڭ ئى-
جادىيىتى يوق ئىدى. ئۇلۇغ ئۇستا سەنئەتكار قارا ۋەلىنىڭ ئاتلىرى 110
يىل پۈتۈن مۇسۇلمان رەسساملار تەرىپىدىن تەقلىد قىلىنىغان. ئۆزى بولسا
ئەبۇسەئىدنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە رەسىمخانىسىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى بە-
لەن سەمەرقەندتىن قەزۋىنگە كۆچۈپ كېلىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن،
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ”ئەما بىلەن كۆزى كۆرىدىغان كىشى ئوخشاش بول-
سۇنمۇ“ دېگەن ئايىتىنى يامان نىيەت بىلەن رەت قىلماقچى دەپ، ئاۋۋال
ئەما قىلىنىغان، كېيىن ياش نىزام شاھنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆل-
تۈرۈلگەنىدى.

مەن يەنە ئۈچىنچى ھېكايە سۆيىتىمدە، ئۇلۇغ ئۇستاز بەھزاتنىڭ ئۆ-
زىنى ئەما قىلغانلىقىنى، ھىراتتىن ھېچقاچان ئايرىلىشنى خالىمىغانلى-
قىنى، تەبرىزگە مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىلغاندا نېمە ئۈچۈن زادى رەسىم
سىزمىغانلىقىنى، رەسسامنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزى مەنسۇپ بولغان رەسىمخانى-
نىڭ ئۇسلۇبى ئىكەنلىكىنى، ئۇستاز ئوسماندىن ئاڭلىغان باشقا رىۋايەت-

لەرنى كۆزى چىرايلىق شاگىرت خەتتاتقا قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەر ـ مەكچى ئىدىم، لېكىن ئەقلىم مەدداھقا بەنت بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ـ گۈن ئاخشام شەيتاننىڭ قىسسىسىنى سۆزلەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟

ــ ھەممىدىن بۇرۇن "مەن" دېگەن كىشى شەيتان! ــ دېگىم كەلدى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ــ ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇبى بولغان كىشى شەي ـ تان. مەشرىق بىلەن مەغرىبنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىغانمۇ شەيتان.

كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، مەدداھنىڭ قېلىن قەغىزىگە كاللامغا كېلىشىـ چە شەيتاننى سىزدىم. رەسىمنى سىزىۋاتقىنىمدا، مەدداھ بىلەن شاگىرتى، باشقا رەسساملار ۋە ھەيران بولغان تاماشىبىنلار كۈلۈشۈپ مېنى كۆشكۈر ـ تەتتى.

سىلەرچە مېنىڭ شەخسىي ئۇسلۇبىم بارمۇ ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسى شارابنىڭ ۋەسۋەسىسىمۇ؟

# 47. مەن شەيتان

زەيتۇن يېغىدا قورۇلغان قىزىلمۇچنىڭ پۇرىقىنى، تاڭ شەپىقىدە تىپتىنچ دېڭىز يۈزىگە ياغقان يامغۇرنى، ئوچۇق دېرىزىنىڭ تۈۋىدە تۇساتتىن كۆرۈنگەن بىر ئايالنىڭ چىرايىنى، جىمجىتلىقلارنى، خىيال سۈرۈشنى ۋە سەۋر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن ۋە ئادەتتە مېنىڭ ھەققىمدىكى سۆز ـ چۆچەكلەرگە پىسەنت قىلىپ كەتمەيمەن. لېكىن بۈگۈن ئاخشام بۇ قەھۋەخانىغا رەسسام ۋە خەتتات بۇرادەرلىرىمنى بەزى غەيۋەت ـ شىكايەتلەر، يالغان گەپ ـ سۆزلەر، پىتنە ـ ئىغۋالاردىن ئاگاھلاندۇرغىلى كەلدىم.

شۇنىسى ماڭا ئايانكى، ئەلۋەتتە، سىلەر مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنىڭ دەل ئەكسىگە ئىشىنىسىلەر. لېكىن سىلەر دېگەنلىرىمنىڭ دەل ئەكسىنىڭ ھەر دائىم توغرا بولۇشى ناتايىنلىقىنى سەزگۈدەك دەرىجىدە ئەقىللىق كېلىسىلەر ۋە مەندىن گۇمانلانساڭلارمۇ، يەنىلا سۆزلىرىمنى سەزگۈرلۈك بىلەن قىزىقىپ ئاڭلايسىلەر: «قۇرئان كەرىم» دە 52 يەردە ئۇچرايدىغان ئىسمىمنىڭ ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان ئىسىملاردىن بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىسىلەر.

خوپ، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن، يەنى «قۇرئان كەرىم»دىن باشلايلى. ئۇنىڭدا مېنىڭ ھەققىمدە ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى توغرا. بۇنداق دېيىشتىن مەقسىتىم شۇكى، مېنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىل ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالغايسىلەر. چۈنكى بۇ يەردە ئۇسلۇب مەسىلىسى بار. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مېنى پەس كۆرۈشى ماڭا قاتتىق ئازاب ئېلىپ كەلدى. بۇ ئازاب مېنىڭ تۇرمۇش شەكلىم. بۇ ھەقتە مۇنازىرىلەشمەكچى ئەمەسمەن.

دۇرۇس، ئاللاھ بىز پەرىشتىلەرنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئىنسانىنى ياراتتى، ئاندىن بىزنىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق،

"ئەئراف" سۈرىسىدە يېزىلغىنىدەك، پۈتۈن پەرىشتىلەر ئىنسانغا سەجدە قىلغاندا مەن رەت قىلدىم. ئادەم ئاتىنىڭ لايدىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى، مەن بولسام، ھەممىگە مەلۇم بولغان ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان ئوتتىن يارىتىلغانلىقىمنى ئەسكەرتتىم ۋە ئادەمگە سەجدە قىلمىدىم. شۇڭا ئاللاھ مېنى "تەكەببۇر" دەپ قارىدى ۋە:

— جەننەتتىن چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ① ، — دېدى. مەن:

— ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) مۆھلەت بەرگىن ②، — دېدىم.

مۆھلەت بەردى. مەن ئۇنىڭغا بۇ مەزگىل ئىچىدە سەجدە قىلىشنى رەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن جازالىنىشىمغا سەۋەب بولغان ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادىنى يولدىن چىقىرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئاللاھمۇ مەن يولدىن چىقارغانلارنى جەھەننەمگە يوللايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ باشتىن - ئاياغ بۇ ۋەدىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلىسىلەر. بۇ ھەقتە قوشۇمچە قىلىدىغان كۆپ نەرسەم يوق.

بەزىلەر ئۇ چاغدا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مەن بىلەن بىر كېلىشىم تۈزگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ مەنتىقە بويىچە مەن ئۇلۇغ ئاللاھقا بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن ياردەمچى بولغان بولىمەن - دە، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئازدۇرۇشقا تىرىشىمەن. ياخشىلار ياخشى نىيەتكە كېلىپ يولدىن چىقمايدۇ. يامانلار نەپسىلىرىگە ئەسىر بولۇپ گۇناھ سادىر قىلىدۇ - دە، كېيىن جەھەننەمگە يول ئالىدۇ. ھەممە ئادەم جەننەتكە كىرسە، ھېچكىم ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغانلىقى، دۇنيا ۋە دۆلەت ئىشلىرى پەقەت ياخشىلىق بىلەنلا يۈرۈشمەيدىغانلىقى، ئالەمدە ياخشىلىقنىڭ باراۋىرىدە يامانلىقمۇ، ساۋابنىڭ باراۋىرىدە گۇناھمۇ مەۋجۇت بولىدىغان بولغاچقا، مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم ناھايىتى مۇھىم. ئاللاھ ياراتقان پانىي ئالەمنىڭ تەرتىپى مېنىڭ سايەمدە ۋە دەرۋەقە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ (نېمە ئۈچۈن قىيامەتكىچە ياشىشىم ئۈچۈن ماڭا سۈرە چۈشۈرگەن بولغىيدى؟) ئىجازىتى بىلەن ئەمەلىيلەشكەن بول-

① ② «ئەئراف» سۈرىسى، 13 - 14 - ئايەتلەر. — ت.

سىمۇ، مېنىڭ "يامان" بولۇشۇم، ماڭا ھېچقاچان تېگىشلىك ئىنئام بېرىلـ-
مەسلىكى... مانا بۇلار مېنى ئىچ - ئىچىمدىن ئازابلايتتى. بەزىلەر، مەسىـ-
لەن، مىستىنتىزمچى① مەنسۇر (يۇڭ ئاتقۇچى) ياكى مەشھۇر ئىمام غەززا-
لىنىڭ ئىنىسى ئەھمەد غەززالىغا ئوخشاشلار مېنىڭ يوشۇرۇن ئازابىم
ھېسابىغا بۇ مەنتىقنى داۋاملاشتۇردى. ھەتتا ئۇلار ماقالىلىرىدا ھەممە
ئىش ئاللاھنىڭ ئىجازىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدىغان بولغاچقا، ئەسلىد-
ە مەن سادىر قىلغان گۇناھلارنىڭمۇ ئاللاھ تەلەپ قىلغان ئىشلار ئىكەن-
لىكىنى، ياخشى - يامان دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، چۈنكى
ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىنى، مېنىڭمۇ
ئاللاھنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىمنى يېزىپ بايان قىلىشقان ئىدى.

بۇ ئەقىلسىزلەرنىڭ بەزىلىرى ھەقلىق ھالدا كىتابلىرى بىلەن قو-
شۇپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. چۈنكى، تەبىئىيكى، ياخشىلىقمۇ ۋە يامان-
لىقمۇ مەۋجۇت. بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈش ھەربىر ئادەمنىڭ ئىشى.
مەن (ئاللاھ كەچۈرگەي) ئاللاھ ئەمەسمەن ۋە بۇ بىمەنىلىكلەرنى ئۇ ئە-
قىلسىزلەرنىڭ كاللىسىغا مەن سالمىدىم. ئۇلار ئۆزلىرى ئويلاپ تاپقان.

مانا بۇ مېنى ئىككىنچى نارازىلىقىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر
قىلدى: ئالەمدىكى پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ۋە گۇناھلارنىڭ مەنبەسى مەن
ئەمەس. ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ كۈشكۈرتىشىم، ئالدىشىم ۋە
ئازدۇرۇشۇم بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا ئۆز ھەۋەسى، شەھۋىتى، ئىرادى-
سىزلىكلىرى، پەسكەشلىكى ۋە كۆپىنچە ئەقىلسىزلىقلىرى ۋەجىدىن گۇ-
ناھ سادىر قىلىدۇ. بەزى مول بىلىملىك تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ مېنى پۈتۈن
يامانلىقلاردىن پاكلاشقا ئۇرۇنۇشلىرى قانداق بىمەنىلىك بولسا، ھەممە يا-
مانلىقنى مەندىن چىقىدۇ دەپ قاراشمۇ «قۇرئان كەرىم»گە ئىنتايىن زىت.
خېرىدارنى ئالداپ، سېسىق ئالمىنى ھىيلە بىلەن ساتىدىغان باققاللارنى،
يالغان گەپ قىلغان بالىلارنى، خۇشامەتچىلەرنى، ناشايان خىياللارنى قىلىد-
ىغان ياشانغانلارنى، قول زىناسى قىلغان ئوغۇل بالىلارنى مەن ئازدۇرغان
ئەمەس. ھەتتا ئۇلۇغ ئاللاھمۇ بۇ ئاخىرقى ئىككى مەسىلىدە مېنى تىلغا

---

① تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق ئالەم بارلىقىغا ئىشەنگۈچى ــ ت.

ئىلىشقا تېگىشلىك بىرەر يامانلىق تاپالمايدۇ. ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ئېغىر گۇناھ سادىر قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن. لېكىن بەزى موللىلار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىگەنلەرنى، چۈشكۈرگەنلەرنى، ھەتتا يەل قويۇۋەتكەنلەرنىمۇ مېنىڭ ئازدۇرغانلىقىمنى قەيت قىلىشىدۇ. بۇ دەل ئۇلارنىڭ مېنى قىلچە چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

سىلەر بەلكىم "ئۇلار چۈشەنمىسۇن، ئۇ چاغدا سەن ئۇلارنى تېخىمۇ ئاسان ئالدىيالايسەن" دېيىشىڭلار مۇمكىن. توغرا، لېكىن مېنىڭمۇ ئۆز غۇرۇرۇم بارلىقىنى، دەرۋەقە، ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن ئارىمىزغا باشقىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك سالغانلىقىنى ئەسكەرتىشىم كېرەك. ھەر خىل قىياپەتكە ئاسانلا كىرەلەيدىغانلىقىم، بولۇپمۇ شەھۋەت قوزغايدىغان گۈزەل ئايال بولۇپ، تەقۋادار كىشىلەرنى يولدىن ئازدۇرىدىغانلىقىم تالاي - تالاي كىتابلاردا كۆرمىڭ قېتىملاپ يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى رەسسام بۇرادەرلىرىم نېمىشقا تېخىچە مېنى غەيرىي تەبىئىي، مۈڭگۈزلۈك، قۇيرۇقلۇق، يۈزلىرىنى مونەك گۆشلەر قاپلىغان قورقۇنچلۇق مەخلۇق سۈپىتىدە سىزىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟

ئەسلى تېمىمىز "رەسىم" گە كەلسەك، سىلەرنى كېيىنكى كۈنلەردە پاراكەندە قىلمىسۇن دەپ ئىسمىنى ئېيتقۇم كەلمىگەن بىر تەرىقەتچىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بىر توپ ئالامانلار ئالا - تاغىل ناخشىلارنى ئېيتىشىپ، ئىستانبۇل كوچىلىرىنى بېشىغا كىيىشكەن ئىدى. ئۇلار ناخشىلىرىدا ئەزان ئېيتىشنىڭ، خانىقالارغا توپلىنىپ، بىر - بىرىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇشۇپ زىكىر - سۆھبەت قىلىشنىڭ ۋە نەغمە - ناۋانىڭ تەڭكەشلىكىدە ئۆزىنى ئۇنتۇشنىڭ ھەمدە قەھۋە ئىچىشنىڭ ئاللاھنىڭ كالامىغا زىت ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىشاتتى. بۇ تەرىقەتچىدىن ۋە مۇرىتلىرىدىن قورققان ئارىمىزدىكى بەزى رەسساملار پەرەڭ ئۇسلۇبى بىلەن سىزىلغان رەسىملەرنىڭ مېنىڭ ۋەسۋەسەم بىلەن سىزىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ يۈرۈپتۇ، دەپمۇ ئاڭلىدىم. ماڭا بىرقانچە يۈز يىللاردىن بېرى سانسىز بوھتانلار چاپلاندى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەقىقەتتىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

ئىشنىڭ بېشىغا كېلەيلى. كىشىلەر مېنىڭ ھاۋا ئانىغا مەنئى قىلىنغان مېۋىنى يېگۈزگەنلىكىمگە ئىشىنىشىپ، پۈتۈن ئىشنىڭ باشلىنىشىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ياق، باشلىنىش ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مېنى تەكەببۇر دەپ قارىغانلىقىمۇ ئەمەس. ئىشنىڭ دەسلىپىدىلا ئۇنىڭ ماڭا ۋە باشقا پەرىشتىلەرگە ئادەمنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە باشقا پەرىشتىلەر ئادەمگە سەجدە قىلغاندا، مېنىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق سەۋەبلەر بىلەن ئادەمگە سەجدە قىلىشنى رەت قىلغانلىقىم ... مېنى ئوتتىن ياراتقان تۇرۇقلۇق، ئىنتايىن قەدىرسىز ماتېرىيال بولغان لايدىن يارىتىلغان ئادەمگە سەجدە قىل دېيىشى سىلەرچە ئورۇنلۇقمۇ؟ ۋىجدانىڭلار بىلەن ئېيتىڭلارچۇ قېرىنداشلىرىم! خوپ، بىلىمەن، سىلەر بۇ يەردە ھېچقانداق نەرسىنىڭ يوشۇرۇن قالمايدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە بىر كۈنى سىلەردىن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپ قورقىسىلەر. خوپ، ئۇ چاغدا سىلەرگە ۋىجداننى نېمىشقا بەرگەن دەپ سورىمايلا قوياي. قورقىنىڭلارنى ھەقلىق دەپ بىلەي ـ دە، بۇ سوئالىمنى ۋە ئوت بىلەن لاينىڭ پەرقىنى ئۇنتۇپ كېتەي، لېكىن زادى ئۇنتۇيالمايدىغان ۋە ئىپتىخار بىلەن خاتىرىلەيدىغان بىر ئىش بار: مەن ئادەمگە سەجدە قىلمىدىم.

لېكىن يېڭى پەرەڭ ئۇستازلار ھازىر دەل شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار مۆتىۋەرلەرنىڭ، پوپلارنىڭ، باي سودىگەرلەرنىڭ ۋە ھەتتا ئاياللارنىڭمۇ كۆزلىرىنىڭ رەڭگى، تەنلىرىنىڭ توقۇلمىسى، لەۋلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان قايرىلىشى، كۆكرەكلىرىنىڭ ئارىسىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆلەڭگە، پېشانىلىرىدىكى قورۇقلار، بارماقلىرىدىكى ئۈزۈكلەر، ھەتتا قۇلاقلىرىدىن چىقىپ تۇرغان چېكە چاچلارغىچە ھەممە نەرسىنى ئۆز پېتىچە سىزىپ كۆرسىتىش بىلەن قانائەت قىلمايدۇ. گويا ئادەم سەجدە قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەخلۇقتەك، ئۇلارنى رەسىملىرىنىڭ دەل مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ رەسىملەرنى چوقۇنىدىغان بۇتتەك تاملارغا ئاسىدۇ. ئادەم ھەتتا كۆلەڭگىسىمۇ پۈتۈن تەپسىلاتلىرى بىلەن سىزىلغىدەك دەرىجىدە مۇھىم بىر مەخلۇقمۇ؟ بىر كوچىدىكى ئۆيلەر كىشىلەرنىڭ كۆزى خاتا كۆرگىنىدەك، بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك سىزىلسا،

ئالەمنىڭ مەركىزىگە ئاللاھ ئەمەس، ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولامدۇ؟ بۇلارنى ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىزدىن ياخشى بىلىدۇ. لېكىن ئادەمگە سەجدە قىلىشنى رەت قىلغان، بۇ ۋەجىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب ۋە يېتىملىكلەرنى تارتقان ۋە بۇ ۋەجىدىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، قارغىشلارغا ئۇچرىغان مەن ھەرقانداق بىر كىمنىڭ بۇ رەسىملەرنى سىزىشقا مېنىڭ يول كۆرسەتكەنلىكىمنى داۋراڭ قىلىشىنىڭ نەقەدەر بىمەنە ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك بولدى دەپ قارايمەن. بەزى موللىلارنىڭ يازغىنى، بەزى تەرىقەتچىلەرنىڭ سۆزلىگىنىدەك، بارلىق ئوغۇل باللارنىڭ مېنىڭ كۈشكۈرتىشىم بىلەن قول زىناسى قىلغانلىقىغا، ھەممە كىشىنى مېنىڭ يەل قويدۇرىۋەتكەنلىكىمگە ئىشىنىشى مەنتىقىگە ئۇيغۇنراق.

بۇ تېمىدا يەنە بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن. لېكىن سۆزۈم كاللىسى ئۆزىنى كۆرسىتىش ھەۋىسى، شەھۋەتپەرەسلىك، پۇل - دۇنيا ھەۋىسى ۋە مەنتىقىسىز ھاۋايى - ھەۋەسلەر ۋەجىدىن ھەمىشە بۇلغانغان كىشىلەرگە تەئەللۇق ئەمەس! مېنى پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھ چەكسىز ئەقلى بىلەن چۈشىنىدۇ. پەرىشتىلىرىڭنى ئادەمگە سەجدە قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا تەكەببۇر بولۇشنى سەن ئۆگەتمىدىڭمۇ؟ ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۆزلىرىگە سېنىڭ پەرىشتىلىرىڭدىن ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلغىنىڭ بويىچە مۇئامىلە قىلىنىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزلىرىنى ئالەمنىڭ مەركىزىگە قويۇشۇۋاتىدۇ. كىشىلەر، ھەتتا سېنىڭ ئەڭ سادىق بەندىلىرىڭمۇ ئۆز رەسىملىرىنى پەرەڭ ئۇستىلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا سىزىشنى خالايدۇ. بۇ ئۆزىگە تەمەننا قويغانلىقنىڭ نەتىجىسى. ئۇلار تېزلا سېنى ئۇنتۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇنى ئۆزۈمنى بىلگەندەك بىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېنى ئۇنتۇشنىڭ جىنايىتىنى يەنە ماڭا يۈكلەيدۇ.

مانا بۇلارغا كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەنلىكىمنى سىلەرگە قانداق ئۇقتۇرسام بولار؟ دەرۋەقە، ئەسىرلەر بويى كىشىلەر ماڭا رەھىمسىزلەرچە تاش ئېتىشقان، قارغاشقان، تىللاشقان، ئەيىبلەشكەن بولسىمۇ، ساق - سالامەت ئۆرە تۇرغىنىمنى كۆرسىتىپ، مېنى ھەدېسىلا قارغاۋېرىدىغان غەزەپلىك دۈشمەنلىرىم قىيامەتكىچە ياشاش ئىجازىتىنى ماڭا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالغان بولسا،

ھەممىمىزنىڭ ئىشى ئاسانلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن ئالالايدىغان 60 ـــ 70 يىللىق ئۆمرى بىر دەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا: "ئۇنداقتا كۆپرەك قەھۋە ئىچىپ، ئۇنى ئۇزارتىشقا تىرىشىڭلار" دەي دېسەم، بەزىلەر "شەيتان بۇنداق دېگەنىكەن، دەل بۇنىڭ ئەكسىنى قىلاي" دەپ قەھۋە ئىچمەيدىغانلىقىنى ياكى بېشىنى يەرگە، پۇتىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ كۆتىگە قەھۋە قۇيدۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن.

كۇلمەڭلار. ئوي ـ پىكرىنىڭ مەزمۇنى ئەمەس، شەكلى مۇھىم. رەسسامنىڭمۇ نېمە سىزغانلىقى ئەمەس، ئۇسلۇبى مۇھىم، لېكىن بۇلارمۇ مەلۇم بولماسلىقى كېرەك. ئاخىرىدا بىر مۇھەببەت ھېكايىسى سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدىم، بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. مېنى بۇ كېچە ۋاقلاتقان سۆزمەن مەدداھ ئەتە ئەمەس، ئۆگۈن چارشەنبە كېچىسى تامغا بىر ئايالنىڭ رەسىمىنى ئاسقىنىدا، بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

# 48 . مەن شەكۇرە

چۈشۈمدە دادامنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دېۋە-
دى، قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. شەۋكەت بىلەن ئورخان ئىككى يېنىمدا ماڭا
چىڭ چاپلىشىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ هارارىتىدىن تەرلەپ كەتكەنىدىم. شەۋكەت
قولىنى قورسىقىمغا، ئورخان تەرلەپ كەتكەن بېشىنى كۆكسۈمگە قويۇۋالغا-
نىدى. ئۇلارنى ئويغاتماي ئورۇندىن سوغۇرۇلۇپ، ئۆيدىن چىقىۋالدىم.

كارىدوردىن ئۆتۈپ، ئۈن - تىن چىقارماستىن قارانىڭ ئىشىكىنى
ئاچتىم. قولۇمدىكى شامدانىنىڭ يورۇقىدا ئۇنى ئەمەس، قاراڭغۇ ۋە سوغۇق
هۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېپەنلەنگەن جەسەتتەك سوزۇلۇپ ياتقان ئاق تۆ-
شەكنى كۆردۈم. شامدانىنىڭ يورۇقى قانداقتۇر تۆشەككە يېتىپ بارالمايتتى.

قولۇمنى تېخىمۇ سوزغىنىمدا، شامنىڭ ماندارىن رەڭلىك يورۇقى
قارانىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن سولغۇن يۈزىگە، يالىڭاچ مۈرىلىرىگە
چۈشتى. ئۇنىڭغا خېلىلا يېقىنلاشتىم. ئۇ ئورخانغا ئوخشاش قۇرتتەك تو-
گۈلۈپ ئۇخلاۋاتاتتى، چىرايى خۇددى ئۇيقۇدىكى قىز بالىدەك كۆرۈنەتتى.

"بۇ مېنىڭ ئېرىم" دېدىم ئۆزۈمگە. قارىماققا ئۇ ماڭا شۇ قەدەر
يىراق ۋە يات ئىدىكى، كۆڭلۈمنى ئىختىيارسىز پۇشايمان قاپلىدى. قو-
لۇمدا خەنجەر بولسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. ياق، هەقىقەتەن شۇنداق قىل-
ماقچى ئەمەسمەن، پەقەت بالىلىق ۋاقتىمىزدا هەممەيلەننىڭ خىيالىدىن
كەچۈرۈپ باققىنىدەك، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم قانداق بولار، دېگەننى دوراپ
باققانىدىم. ئۇنىڭ بىر نەچچە يىللاردىن بېرى مېنى ئويلاپ ياشىغانلىقى-
غىمۇ، چىرايىدىكى بالىلارچە مەسۇم ئىپادىگىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

يالاڭ ئايىغىمنىڭ ئۇچى بىلەن مۈرىسىنى تۈرتۈپ ئويغاتتىم. ئۇ مې-
نى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. هاياجانلىنىشتىن بەكرەك، دەل مېنىڭ ئۈمىد
قىلغىنىمدەك، بىر دەملىك بولسىمۇ قورقتى. ئۇيقۇسى ئېچىلماستا سۆز
ئاچتىم:

— چۈشۈمدە دادامنى كۆردۈم، — دېدىم، — ئۇ ماڭا ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر سىرنى ئېيتتى. ئۇنى سەن ئۆلتۈرۈپسەن ...

— دادىڭىز ئۆلتۈرۈلگەندە بىز بىللە ئەمەسمىدۇق؟

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدىم، — لېكىن سەن دادامنىڭ ئۆيدە يالغۇز قالىدىغانلىقىنى بىلەتتىڭ.

— بىلمەيتتىم. بالىلارنى سىز خەيرىيە بىلەن بىر يەرگە ئەۋەتىۋەتكەن، ئۇنى بىرگە خەيرىيە، بەلكىم بىرگە ئېستېر بىلىشى مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا يەنە كىمنىڭ بىلىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز.

— بەزىدە ئىختىيارسىزلا كۆڭلۈمدە بىر ئاۋاز نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىشنىڭ پېشكەللىكىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ سىرىنى ماڭا ئېيتماقچى بولۇۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ. مەن ئۇ ئاۋازنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئاغزىمنىمۇ ئاچىمەن، لېكىن چۈشەكمىگەن چاغدىكىدەك بوغۇزۇمدىن چىقمايدۇ. سەنمۇ ھازىر بالىلىق چاغلىرىمىزدا تونۇشقان ھېلىقى ياخشى ۋە پاك قارا ئەمەسسەن.

— ئۇ پاك قارانى دادىڭىز بىلەن ئىككىڭلار قوغلىۋەتكەنىدىڭلار.

— دادامدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن مەن بىلەن توي قىلغان بولساڭ، ئىنتىقامىڭنى ئاپسەن، بەلكىم بالىلار شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ياخشى كۆرمىسە كېرەك.

— بىلىمەن، — دېدى ئۇ، لېكىن بۇ سۆزنى ھەسرەت بىلەن ئېيتمىغانىدى، — دەرۋەقە، يېتىشتىن ئىلگىرى سىز تۆۋەندە ئىدىڭىز، ئۇلار ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ "قارا، قارا، كۆتۈك يارا" دېيىشكەنىدى.

— ئۇلارنى ئۇرساڭچۇ، — دېدىم ئاۋۋال راستىنلا. بىراق كەينىدىن دەرھاللا، — ئۇلارغا قول تەگكۈزسەڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دېدىم.

— كىرىڭ بۇ ئورۇننىڭ ئىچىگە، — دېدى ئۇ، — مۇزلاپ كېتىسىز.

— ئېھتىمال سېنىڭ ئورنۇڭغا مەڭگۈ كىرمەسلىكىم مۇمكىن، چۈنكى ئىككىمىز خاتا توي قىلغان ئوخشايمىز. ئۇلار بىزنىڭ نىكاھىمىزنى قانۇنىي جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ دېيىشىۋاتىدۇ. مەن يېتىشتىن ئاۋۋال ھاسانىنىڭ ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىدىم. ئۇنۇتمىغىن، رەھمەتلىك ئېرىم ئۆيدىكى ۋاقتىدا ئۇلار بىللە تۇرغان چاغلىرىمىزدىمۇ بىر نەچ-

چە يىل ئۇنىڭ ئاياغ ئاۋۇشلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. بالىلار ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ رەھىمسىز. ئۇنىڭ بىر قىزىل قىلىچى بار. ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭگە پەخەس بول.

قارانىڭ قاراشلىرىدا ئىنتايىن ھارغىنلىق ۋە بىر جىددىيلىكنى كۆردۈم - دە، ئۇنى قورقىتالمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم.

— ئىككىمىزدىن كۆپرەك ئۈمىدۋار ھەمدە قايغۇلۇق بولغىنى سەن، — دېدىم، — مەن بەختسىز بولماسلىق ۋە بالىلىرىمنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن. سەن بولساڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىسەن.

ئۇ مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، زېرىكەرلىك كارۋانسارايلاردا، قاقاس تاغلاردا، قارلىق كېچىلەردە تىنىماي مېنى ئويلىغانلىقىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلەپ كەتتى. ئۇ بۇلارنى دېمىگەن بولسا، بالىلارنى ئويغىتىپ بۇرۇنقى ئېرىمنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنمۇ بولاتتىم. بىردىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدىم:

— بەزىدە ماڭا بۇرۇنقى ئېرىم تۇيۇقسىز قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. سەن بىلەن يېرىم كېچىدە بىر ئۆيدە بولۇشتىن، بالىلارنىڭ بىزنى بايقاپ قېلىشىدىن ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىمىز بىلەن قۇچاقلاشساقلا، ئۇنىڭ شۇھامان ئىشىكنى قېقىشىدىن قورقىمەن.

تاشقىرىدىن، يەنى دەرۋازا سىرتىدىن مۈشۈكلەرنىڭ جان جەھلى بىلەن تالىشىپ قىيا - چىيا قىلىشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئاندىن بىر ھازا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، بىردىن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتكۈم كەلدى. قولۇمدىكى شامداننى شىرەگە قويالمايتتىم، يا ھۇجرامغا بالىلارنىڭ يېنىغا قايتىپ چىقالمايتتىم. دادامنىڭ قەتلە قىلىنىشىدا ئۇنىڭ قولى يوقلىقىغا تولۇق قايىل بولغۇچە بۇ ھۇجرىدىن چىقمايمەن دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە.

— بىزنى كۆزگە ئىلمايۋاتىسەن، — دېدىم قاراغا، — مېنى نىكاھىڭغا ئالغىنىڭدىن كېيىن ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتىڭ. ئەسلىدە ئېرىم قايتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىزنى بىچارە ھېس قىلاتتىڭ، ئەمدى دادام ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ بىچارە ھېس قىلىۋاتىسەن.

— شەكۇرە خانىم، — دېدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن، سۆزنى

شۇنداق باشلىغانلىقىغا خۇشال ئىدىم، ــ بۇ سۆزلىرىڭىزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. سىز ئۇچۇن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن.

ــ ئۇنداقتا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مەن بىلەن بىللە كۇتكىن.

بىر نەرسىنى كۇتۇۋاتقىنىمنى نېمىگە دېگەندىمەن؟

ــ ئۇنداق قىلالمايمەن، ــ دېدى ئۇ خىجالەت بولغان ھالدا يوتقاننى ۋە ئۇچىسىدىكى كېچىلىك كىيىمنى كۆرسىتىپ.

ئۇ راست ئېيتاتتى، شۇنداقتىمۇ سۆزۈمنى رەت قىلغانلىقىغا ئاچچىقىم كەلگەندى.

ــ دادام ئۆلتۈرۈلمەستە بۇ ئۆيگە خۇددى سۇتنى ئۆرۈۋەتكەن مۇشۇكتەك قورۇنۇپ كىرەتتىڭ، ــ دېدىم، ــ ئەمدىلىكتە مېنى "شەكۈرە خانىم" دېگىنىڭدە، بۇنى ئاغزىڭغا كېلىشىچە دەپ قويغاندەك تۇرسەن ۋە مېنىڭ غەرىزىڭنى چۈشىنىشىمنى ئۈمىد قىلىۋاتىسەن.

غەزەپتىن ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى مۇزدەك چىرمىغان سوغۇقتىن تىترەيتتىم.

ــ خوتۇنۇم بولغاندىكىن قوينۇمغا كىرىڭ! ــ دېدى ئۇ.

ــ دادامنى ئۆلتۈرگەن پەسكەشنى قانداق تاپىمىز؟ ــ دېدىم، ــ ئۇنى تېپىش ئۇزۇنغا سوزۇلسا، مەن بۇ ئۆيدە سەن بىلەن بىللە تۇرسام دۇرۇس بولمايدۇ.

ــ ئېستېر بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بەختىڭلارغا يارىشا، ئۇستاز ئوسمان پۈتۈن دىققىتىنى ئاتلارغا بۆلدى.

ــ ئۇستاز ئوسمان رەھمەتلىك دادامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. ئەمدىلىكتە بىچارە دادامنىڭ روھى ئەرشتە تۇرۇپ ئۆز قاتىلىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەسرەتلىنىۋاتقاندۇ.

قارا بىردىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى. مەن ئورنۇمدىن مىدىرلىيالماي قالدىم. لېكىن ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە، ئۇ قولۇمدىكى شامدانىنىڭ شامىنى قولى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتتى، ھەممە يەر قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى.

— دادىڭىز ئەمدى بىزنى كۆرمەيدۇ، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — ئىككىلەن تەنھا قالدۇق. ئەمدى ئېيتىڭ شەكۈرە: ئۇن ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ يەرگە قايتىپ كەلگىنىمدە، ماڭا مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى، قەلبىڭىزدىن ماڭا ئورۇن بېرىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرغانىدىڭىز، كېيىن نىكاھلاندۇق. نىكاھلانغاندىن كېيىن مېنى ياخشى كۆرۈشتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتىسىز.

— ساڭا مەجبۇرىيەت تۈپەيلى نىكاھلاندىم! — دەپ پىچىرلىدىم.

قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئالدىمدىلا دېگۈدەك تۇرغان گەۋدىسىگە سۆزلىرىمنىڭ فۇزۇلى ئېيتقاندەك، مىخقا ئوخشاش قېقىلغانلىقىنى رەھىمسىزلارچە ھېس قىلغانىدىم.

— سېنى ياخشى كۆرمەكچى بولسام بالىلىق ۋاقتىمدىلا ياخشى كۆرگەن بولاتتىم، — دەپ يەنە پىچىرلىدىم.

— ماڭا ئېيتىڭ، قاراڭغۇدىكى گۈزەل، — دېدى ئۇ، — ئۆيىڭىزگە كىرىپ - چىققان بارلىق رەسساملارنى جەزمەن مارىلاپ كۆرگەنسىز، سىزچە ئۇلارنىڭ قايسىسى قاتىلدۇ؟

ئۇنىڭ يەنىلا خۇشاللىقىنى يوقاتمىغانلىقىغا خۇش بولدۇم. ئۇ مېنىڭ ئېرىم ئىدى.

— مۇزلاپ كەتتىم.

بۇ سۆزنى دېگەن - دېمىگەنلىكىم ئېسىمدە يوق، سۆيۈشۈشكە باشلىدۇق. قاراڭغۇدا تېخىچە بىر قولۇمدا شامداننى تۇتۇپ ئۇنى قۇچاقلىغىنىم، ئۇنىڭ يۇمران تىلىنى ئاغزىمغا ئېلىشىم، كۆز ياشلىرىم، چاچلىرىم، كېچىلىك كىيىمىم، تىترىشىم، ھەتتا ئۇنىڭ بەدىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېقىملىق تۇيۇلاتتى. مۇزلاپ كەتكەن بۇرنۇمنىڭ ئۇنىڭ ئىسسىق مەڭزىگە يېقىلىپ ئىسسىنىشىمۇ يېقىملىق تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. لېكىن قورقۇنچاق شەكۈرە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. سۆيۈشۈۋاتقاندا ئۆزىنى ئۇنتالمىدى - دە، قولىدىكى شامداننى، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان دادىسىنى، بۇرۇنقى ئېرىنى، تۆشەكتە ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىنى ئويلىدى.

— ئۆيدە ئادەم بار، — دەپ ۋارقىرىغىنىمچە قارانى ئىتتىرىۋېتىپ كارىدورغا چىقتىم.

# 49. مېنىڭ ئىسمىم قارا

سەھەرنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئۆيدىن ھېچكىمگە كۆرۈنمەي، بىرەر گۇناھ قىلىپ قويغان مېھماندەك ئۈن ـ تىنسىز چىقىپ، پاتقاق كوچىلاردا خېلى ئۇزۇن ماڭدىم ۋە بەيازىتتىكى مەسچىت ھويلىسىدا تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇدۇم. مەسچىت ئىچىدە پەقەت مۇگەدەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان بىر بوۋاي بىلەن ئىمام جانابلىرىدىن باشقا كىشى يوق ئىدى. بەزىدە غۇۋا چۈشلىرىمىز ۋە ھەسرەتلىك خاتىرىلىرىمىز ئارىسىدا ئاللاھنىڭ بىزگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ قولىغا ئۈمىد بىلەن ئىلتىماس تاپشۇرغان بىر كىشىنىڭ ئۈمىدۋارلىقى بىلەن ئۇنىڭدىن مەلۇم تىلەكلەرنى تىلەيمىز. شۇ تاپتا مەن ئاللاھتىن ماڭا بەختىيار بىر ئائىلە ئاتا قىلىشىنى يېلىنىپ تەلەپ قىلدىم.

ئۇستاز ئوسماننىڭ ئۆيگە بارغىنىمدىن كېيىن بىر ھەپتە بولمايلا، ئۇنىڭ ئاستا ـ ئاستا رەھمەتلىك يېزنە تاغامنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە ۋە يىراق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كىتاب نەقىشلەشكە بولغان ئېتىقادى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى، بۇ ئۇلۇغ ئۇستاز ئۇزۇن يىللاردىن بېرى رەسساملار ئارىسىدا قورقۇنچ، ئەيمىنىش ۋە ھۆرمەت تۇيغۇلىرىنى قوزغىغان بىرى بولۇپلا قالماي، يەنە مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆز ھالىغا شۈكۈر قىلىپ يۈرىدىغان بىر ياشانغان دەرۋىشكە ئوخشايتتى.

بىز ئۇستازنىڭ ئۆيىدىن ئوردىغا قاراپ ئاتلاندۇق. ئۇ ئات ئۈستىدە بېشىنى سالغان، مەن ئاتنىڭ يېنىدا بېشىمنى سالغان ھالدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، گويا قەدىمىي چۆچەكلەر ئۈچۈن سىزىلغان ئەرزان باھالىق رەسىملەردىكى ياشانغان دەرۋىش بىلەن ئىرادىلىك مۇرىتقا ئوخشايتتۇق.

ئوردىغا كەلگىنىمىزدە، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىزدىنمۇ روھلۇق ۋە تەق بولۇپ تۇرغانلىقىنى بايقىدۇق. سۇلتانىمىز بىزنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندە ئۈچ ئۇستا رەسسام سىزغان ئات رەسىملىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەلئۇن قاتىلنى دەرھال بېكىتىشىمىزگە ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەرزىگىمۇ قۇلاق سالماي، قاتىلنى قىستاق - سوراققا ئېلىشنى بۇيرۇغانىدى. شۇ ۋەجىدىن بىز كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن جاللاتلار جازا ئىجرا قىلىدىغان فونتاننىڭ ئالدىغا ئەمەس، بەلكى خىلۋەت جايدىكى مەخپىي سوراق قىلىش، قىيىن - قىستاققا ئېلىش ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئىشلىرىغا ئەپلەك دەپ قارالغان خاس باغچىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كىچىك ئاددىي ئۆيگە ئېلىپ بېرىلدۇق.

تۇرقىدىن مۇھاپىزەتچىلەر ئەترەت باشلىقىنىڭ ئادىمى ئەمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان نازاكەتلىك ۋە مۇلايىم بىر ياش تەمكىن ھەرىكەتلەر بىلەن ئىش ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە ئۈچ تاختا قەغەزنى قويدى.

ئۇستاز ئوسمان لوپا ئەينىكىنى قولىغا ئالغىنىدا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ لوپىنى ۋە ئۇنىڭدىن بەلگىلىك يىراقلىقتا تۇرغان كۆزىنى خۇددى زېمىنىنىڭ ئۈستىدىن نەپەس شۇڭغۇپ ئۆتكەن بۈركۈتتەك ئاجايىپ كۆركەم سىزىلغان ئۈچ ئاتنىڭ رەسىمى ئۈستىدىن ئاستا - ئاستا يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ئاتلارنىڭ بۇرۇنلىرى ئۈستىگە كەلگەندە، بىردەم توختاپ سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— يوق، — دېدى سوغۇققانلىق بىلەن.

— نېمە يوق؟ — دېدى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترەت باشلىقى.

مەن ئەسلىدە ئۇلۇغ ئۇستاز پۇختا ئىش كۆرۈپ، ئاتلارنىڭ يايلىدىن تۇيۇقسىزلا ھەممە يېرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم.

— مەلئۇن رەسسام ھېچقانداق ئىز قالدۇرماپتۇ، — دېدى ئۇستاز ئوسمان، — توروق ئاتنى كىمنىڭ سىزغانلىقىنى بۇ رەسىملەردىن بىلگىلى بولمىدى.

ئۇ قويۇپ قويغان لوپىنى ئېلىپ ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىگە قارىدىم: ئۇستازنىڭ دېگىنىدەك ئىدى. يېزنە تاغام تەييارلىغان كىتابقا سى-

زىلغان تورۇق ئاتنىڭ غەلىتە بۇرۇن تۆشۈكىگە ئوخشايدىغان بۇرۇن بۇ ئۈچ ئاتنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق ئىدى.

دەل شۇ چاغدا تاشقىرىدا قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر جازا قورالىنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇرغان جازا ئىجراچىلىرى ئەقلىمگە كەلدى. ئوچۇق ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇلارغا قاراشقا تەمشىلەۋېتىپ، بىردىنلا بىرەيلەننىڭ گويا جىن تەگكەندەك كەينىگە داجىپ، ئۆزىنى بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ كەينىگە يوشۇرغانلىقىنى كۆردۈم. دەل شۇ چاغدا تۇمانلىق سەھەرنى يورۇتقان يورۇقلۇقتەك ئالەمنىڭ تۈۋرۈكى سۇلتانىمىز ئالىيلىرى كىرىپ كەلدى.

ئۇستاز ئوسمان شۇئان ئۇنىڭغا بۇ ئات رەسىملىرىدىن بىر نەرسە تاپالمىغانلىقىنى ئىزاھلىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەيران قالارلىق رەسىملەردىكى ئاتلاردىن بىرىنىڭ ئالدى پۇتلىرىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈشىگە، يەنە بىرىنىڭ نازاكەتلىك قىياپىتىدىكى نەپىسلىكىگە، ئۈچىنچىسىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي كىتابلاردا كۆرۈلىدىغان سالماقلىق ۋە مەغرۇرانە قىياپىتىگە سۇلتانىمىز دىققەت قىلماي تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر بىر ئات رەسىمىنىڭ قايسى رەسسام تەرىپىدىن سىزىلغانلىقىنى بىر - بىرلەپ مۆلچەرلىدى ۋە رەسساملارغا ئۆيىمۇ ئۆي كىرىپ ئۇقتۇرغان يىگىتمۇ ئۇستاز ئوسماننىڭ ھۆكۈمىنى ئىسپاتلىدى.

— رەسساملىرىمنى بەش قولدەك بىلىدىغانلىقىمغا ھەيران بولمىغايلا سۇلتانىم، — دېدى ئۇستاز، — چۈنكى مەن بەش قولدەك بىلىدىغان رەسساملىرىمدىن مەن زادى بىلمەيدىغان بىر سىزىقنىڭ قانداق چىققانلىقىغا ھەيرانمەن. چۈنكى بىر ئۇستا رەسسامنىڭ ھېچقانداق كەمچىلىكى ئاساسسىز ئەمەس.

— دېگىنىڭىزدەك بولغاندا، — دېدى سۇلتانىمىز.

— سائادەتلىك ئالەم پاناھى سۇلتان ئالىيلىرى، بىز بۇ تورۇق ئاتنىڭ بۇرنىدا كۆرگەن مەخپىي ئىمزا مېنىڭچە چۈشىنىكسىز ۋە بىمەنە بىر رەسسامنىڭ كەمچىلىكى ئەمەس، بۇ يىلتىزى ناھايىتى ئىلگىرىكىگە، باشقا رەسىم، ئۇسۇل، ئۇسلۇبلارغا ۋە بەلكىم باشقا ئاتلارغا تۇتىشىدىغان بىر نەرسىدۇر. ئىچكى خەزىنىلىرىدە، قۇلۇپ ئۈستىگە قۇلۇپ سېلىنغان

يەر ئاستى ئۆيلىرىدە، تۆمۈر ساندۇقلاردا، ئىشكاپلاردا ساقلىنغان نەچچە يۈز يىللىق كىتابلارنىڭ ھەيران قالارلىق سەھىپىلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك، بەلكىم بۈگۈن خاتا دەپ قارىغان نەرسىنىڭ قانداق ئۇسۇلغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز ۋە بۇنى ئۈچ رەسسامدىن بىرىنىڭ قەلىمىگە باغلىشىمىز مۇمكىن.

— ئۇردا خەزىنىسىگە كىرمەكچىمۇ سەن؟ — دېدى سۇلتان ھەيران بولغان ھالدا.

— شۇنداق، — دېدى ئۇستازىم.

بۇ ھەرەمخانىغا كىرمەكچى بولغاندەك ئەدەپسىزلەرچە تەلەپ ئىدى. شۇ تاپتا مەن ھەرەمخانا بىلەن خەزىنە ئامبارلىرى سۇلتان ئوردىسىنىڭ جەننىتى بولغان خاس باغچىسىنىڭ ئەڭ چىرايلىق ئىككى بۇلۇڭىغا ئورۇنلاشقىنىدەك، سۇلتانىمىزنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ قەدىرلىك ئىككى بۇرجىكىگە قۇرۇلغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم.

مەن سۇلتانىمىزنىڭ سۇباتلىق چىرايىدىن ئىنكاسىنى بىلمۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتاتتىم، لېكىن ئۇ شۇئان كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنمىدۇ؟ ئۇستازىمنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىن ھەممىمىز، ھەتتا پۈتۈن رەسساملار جازالىنىشىمىز مۇمكىنمىدۇ؟

ئالدىمدىكى ئۈچ ئاتقا قارىغىنىمدا ئەمدى شەكۆرەنى قايتا كۆرەلمەي، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باشمۇ قويالماي ئۆلىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم. ھەيران قالارلىق ئاتلار شۇنچە كۆركەم بولۇشىغا قارىماي، ھازىر مەن ئۈچۈن ناھايىتى يىراق بىر ئالەمدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

خاس باغچىغا، يەنى ئوردىنىڭ يۈرىكىگە بالىلىق چاغلىرىدا ئېلىپ كىرىلىپ، بۇ يەردە چوڭ بولۇپ، بۇ يەردە ياشاش سۇلتانىمىزنىڭ قۇلى بولۇش ۋە بۇ يولدا ئۆلۈش دېگەن مەنىنى بەرسە، رەسسام بولۇشنىڭمۇ ئاللاھنىڭ گۈزەللىكىنىڭ قۇلى بولۇش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈش مەنىسىنى بېرىدىغانلىقى ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق جىمجىتلىقتا كاللامغا مۇستەھكەم ئورناشتى.

خېلىدىن كېيىن مالىيە ۋەزىرىنىڭ ئادەملىرى بىزنى يۇقىرىغا، يەنى ئوتتۇرا ئىشىككە ئېلىپ بارغاندا، كاللامدا تېخىچە شۇ ئۆلۈم ۋە ئۆلۈمنىڭ

سۇكۇتى بار ئىدى. لېكىن سانسىز پاشالار ئۆلۈم جازاسى بىلەن جىنىدىن ئايرىلغان بابۇسسالام دەرۋازىسىدىن ئۆتكىنىمىزدە، دەرۋازىۋەنلەر بىزگە قاراپمۇ قويۇشمىدى. تۈنۈگۈن خۇددى جەننەتتەك جەزبىدارلىقى بىلەن كۆزلىرىمنى قاماشتۇرغان كېڭەشمە مەيدانىمۇ، مۇنارمۇ، تۇزلارمۇ مېنى قىلچە قىزىقتۇرمىدى. تېخىمۇ ئىچكىرىگە، سۇلتانىمىزنىڭ مەخپىي دۇنياسىنىڭ يۈرىكى بولغان خاس باغچىسى ئەندېرۇنغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىمىزنى چۈشەنگەنىدىم.

شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرىي ئەزەملەرمۇ ئىجازەتسىز كىرەلمەيدىغان دەرۋازىلاردىن ئۆتتۇق. رىۋايەتلەردىكى بالىلاردەك، ئالدىمغا ئۇچرايدىغان ئاجايىباتلار ۋە يىرتقۇچ هايۋانلارغا دۇچ كەلمەسلىك ئۈچۈن كۆزلىرىمنى يەردىن ئۈزمەي كېتىۋاتاتتىم. قوبۇلخانىغا قاراپمۇ قويمىدىم. بىراق بىردىنلا كۆزۈم هەرەمخانىنىڭ تېمىغا تاشلاندى. باشقا دەرەخلەردىن هېچقانداق پەرقى بولمىغان ئادەتتىكى بىر چىنار دەرىخىگە ۋە پارقىراپ تۇرىدىغان هاۋارەڭ ئەتلەستىن تون كىيگەن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى. ئېگىز تۈۋرۈكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، باشقىلىرىدىن چوڭ ۋە كۆركەم، ئۈستى گۈمبەزلىك يوغان بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدۇق. بوسۇغىسىدا زەرباپ تونلۇق خەزىنە غوجىدارلىرى بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ئېڭىشىپ قۇلۇپنى ئېچىۋاتاتتى.

مالىيە ۋەزىرى كۆزلىرىمىزنىڭ ئىچىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر نېمىدېگەن بەختلىك، سۇلتانىمىز ئالىيلىرى ئوردا خەزىنىسىگە كىرىشىڭلارغا ئىجازەت بەردى. هېچكىم كۆرەلمەيدىغان كىتابلارنى كۆرۈپ، ئالتۇن سەھىپىلەرنى، ئىشەنگۈسىز رەسىملەرنى تاماشا قىلىپ، ئوۋچىلاردەك ئىز قوغلايسىلەر. سۇلتانىمىز ئۇستاز ئوسمانغا ئۈچ كۈن مۆهلەت بەرگەنلىكىنى، بۇنىڭ بىرىنچى كۈنى تامام بولغانلىقىنى، ئىككى كۈن ئىچىدە، يەنى پەيشەنبە كۈنى چۈشكىچە رەسساملار ئارىسىدىكى مەلئۇننىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاپ مەلۇم قىلىشنى، ئەگەر مەلۇم قىلالمىسا، بۇ ئىشنى مۇهاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ قىستاق ـ سوراق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشۇمنى بۇيرۇدى.

ئاۋۋال ئۇلار قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىگە باشقا ئاچقۇچ سېلىنمىسۇن دەپ

چاپلانغان پېچەتنى ساقلاش ئۇچۇن كەيدۈرۈلگەن ئاسما قۇلۇپنىڭ ياپقۇچە-نى ئېلىۋەتتى. خەزىنە دەرۋازىۋىنى بىلەن ئىككى غوجىدار پېچەتنىڭ جا-يىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باشلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىشتى. پېچەت يىر-تىلدى. ئاچقۇچ قۇلۇپ تۆشۈكىگە كىرگەندە، قۇلۇپ ھەممىمىزنىڭ دىققە-تىنى جەلپ قىلغان بىر جىمجىتلىقتا جاراڭلاپ ئېچىلدى. ئۇستاز ئوس-مانىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى، ئۇستى نەقىشلەنگەن چوڭ ياغاچ ئىشىكنىڭ بىر قانىتى ئېچىلغاندا، بۇ چىرايغا گويا ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىن قالغان بىر قارا نۇر ئۇرۇلدى.

— سۇلتانىمىز كاتىبات باشلىقى ۋە مال - مۈلۈك تىزىملىك دەپتە-رىنى تۇتقان كاتىپلارنىڭ بىھۇدە كىرىشىنى خوپ كۆرمىدى، — دېدى ما-لىيە ۋەزىرى، — ئوردا كۇتۇپخانا باشلىقى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا كىتابلارنى باشقۇرغۇچى يوق، سۇلتانىمىز شۇ ۋەجىدىن سىلەر بە-لەن بىرلىكتە پەقەت جەزمى ئاغىنىڭ كىرىشىنى بۇيرۇدى.

بۇ كىشى ئاز بولغاندا 70 ياشلاردىكى كۆزلىرى ئۆتكۈر بىر پەتەك ئا-دەم ئىدى. بېشىدىكى يەلكەنگە ئوخشايدىغان باش كىيىمى ئۆزىدىنمۇ ئەلە-تە ئىدى.

— جەزمى ئاغا خەزىنىنىڭ ئىچىنى ئۆز ئۆيىدەك بىلىدۇ، كىتابلار-نىڭ ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ئورنىنى بۇ كىشىدەك ياخشى بىلىدىغىنى يوق.

ياشانغان پەتەك مەغرۇرلانمىدى. ئۇ خەزىنىنىڭ خىزمەتكارلىرى كۆ-تۈرۈۋالغان كۈمۈش پۇتلۇق ئاتەشدان بىلەن سېپىغا سەدەپ ئورنىتىلغان تەرەت قاچىسى، چىراغ ۋە شامدانلارنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

مالىيە ۋەزىرى ئىشىكنىڭ ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ 70 يىللىق پې-چىتى بىلەن يەنە قۇلۇپلىنىپ پېچەتلىنىدىغانلىقىنى، ناماز شامدىن كې-يىن بۇ يەردە ھازىر بولغان خەزىنە ئاغىلىرىنىڭ شاھىدلىقىدا پېچەتنىڭ يەنە يىرتىلىپ ئېچىلىدىغانلىقىنى، ئۇستۇۋېشىمىز، كىيىم - كېچەكلىرى-مىز، يانچۇقلىرىمىزغا، كەمەرلىرىمىزنىڭ ئىچىگە بىر نەرسە "خاتا" كىرىپ قېلىشىدىن دىققەت قىلىشىمىزنى، چۈنكى، چىققاندا تونلىرىمىزغىچە ئاختۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

قاتار تىزىلىپ تۇرغان غوجىدارلارنىڭ ئارىسىدىن خەزىنە ئىچىگە

كىردۇق. ئۇ يەر مۇزدەك ئىدى. ئىشىك يېپىلغاندا بىر دەم ھەممە يەر قاراڭغۇچىلىق بولۇپ كەتتى ۋە دىمىغىمغا ئۇرۇلغان چىرىك زەي پۇرىقىنى سەزدىم. ھەممە يەر تىقما - تىقما بولۇپ، ماتېرىياللار، ساندۇقلار، تۆمۈر قالپاقلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى. كۆڭلۈمدە كەڭ كۆلەملىك بىر ئۇرۇشقا ناھايىتى يېقىندىن شاھىد بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

يۇقىرىدىكى دېرىزىلەرنىڭ قېلىن قاپقاقلىرى ۋە ئېگىز تاملارنى بويلاپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەيلەرنىڭ ۋە ئىككىنچى قەۋەتنى چۆرىدىگەن ياغاچ بالكونلارنىڭ سالاسۇنلىرى ئارىسىدىن پۈتۈن بوشلۇققا چېچىلغان يورۇقلۇققا كۆزلىرىم كۆندى. تاملاردىكى دۇخاۋىلار، گىلەملەر، تام گىلەملىرىنىڭ رەڭلىرى تۈپەيلى بۇ ئۆي قىپقىزىل كۆرۈنەتتى. مانا بۇ بايلىقلار ۋە ئەشيالارنىڭ توپلىنىشى ئۈچۈن قىلىنغان يۈرۈشلەر، ئۇرۇشلارنىڭ، ئېقىتىلغان قانلارنىڭ، بۇلاپ - تالانغان شەھەرلەرنىڭ ۋە خەزىنىلەرنىڭ نەتىجىسىنى ئەيمىنىش ئىچىدە ھېس قىلدىم.

— قورقتۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ياشانغان پەتەك ئىچىمدىكى تۇيغۇنى ئاشكارىلاپ، — تۇنجى قېتىم كىرگەن كىشى قورقىدۇ. كېچىلىرى بۇ ئەشيالارنىڭ روھى پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدۇ.

كىشىنى قورقۇتىدىغان نەرسە مانا بۇ ئىشەنگۈسىز كۆپ ئەشيانىڭ ئىچىگە چۆككەن جىمجىتلىق ئىدى. كەينىمىزدىكى ئىشىكنىڭ قۇلۇپىغا ئۇرالغان پېچەتنىڭ يىرتىلغان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، مىدىرلىماي ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ تۇراتتۇق.

قىلىچلار، پىل چىشلىرى، تونلار، كۈمۈش شامدانلار، ئەتلەس بايراقلارنى كۆردۈم. سەدەپ قۇتىلار، تۆمۈر ساندۇقلار، جۇڭگودا ئىشلەنگەن لوڭقىلار، كەمەرلەر، چالغۇ ئەسۋابلىرى، ساۋۇتلار، يىپەك ياستۇقلار، دۇنيانى كۆرسىتىدىغان گلوبۇسلار، ئۆتۈكلەر، جۇۋىلار، كەركىدان مۈڭگۈزلىرى، نەقىشلىك تۆگە قۇشى تۇخۇملىرى، مىلتىقلار، ئوقلار، توقماقلار بار نۇرغۇن ئىشكاپلارنى كۆردۈم. ھەممە يەر رەخت، گىلەم ۋە تاۋار - دۇردۇنلار بىلەن تولغانىدى. بۇلار ياغاچتىن قۇراشتۇرۇلغان يۇقىرىقى قەۋەتلەردىن، سالاسۇنلاردىن، تام ئىشكاپلاردىن، تاملارغا ئېچىلغان كىچىك

تەكچىلەردىن توپ ـ توپى بىلەن ھېلى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ساڭگىلاپ
تۇراتتى. رەختلەر، قۇتىلار، شاھانە لىباسلار، قىلىچلار، ھال رەڭ يوغان
شاملار، سەللىلەر، مەرۋايىت بىلەن نەقىشلەنگەن ياستۇقلار، ئالتۇن بىلەن
قاپلانغان ئېگەرلەر، ئالماس ساپلىق قىلىچلار، ياقۇت ساپلىق توقماقلار،
پاختىلىق بۆكلەر، پەي تاجلار، غەلىتە سائەتلەر، پىل چىشىدىن ياسالغان
ئات ۋە پىل ھەيكەللىرى، قاپقاقلىرى ئالماسلىق تاماكا قۇتىلىرى، سەدەپ-
لىك تارتمىلار، ئات پۆپۈكلىرى، يوغان تەسۋىلەر، ياقۇت ۋە فىرۇزىلەر بى-
لەن بېزەلگەن تۈمۈر قالپاقلار، ئىۋرىقلار، خەنجەرلەرنىڭ ئۇستىگە مىسلى
كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ بىر نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. يۇقىرىدىكى دېرىزىلەر-
دىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس چۈشۈپ تۇرغان بۇ يورۇقلۇق گويا بىر ياز كۈنى
بىر مەسچىت گۈمبىزىنىڭ ئۇستىدىكى ئەينەكلىك تۈڭلۈكتىن چۈشكەن
كۈن نۇرىدەك، غۇۋا قاراڭغۇ ھۇجرىنىڭ ئىچىدە چاڭ ـ توزان زەررىچىلى-
رىنى يورۇتاتتى. لېكىن بۇ كۈن نۇرى ئەمەس ئىدى. بۇ ئاجايىپ يورۇق-
لۇقنىڭ ياردىمىدە بۇ يەردە ھاۋا گويا قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان بىر
نەرسىدەك تۇيۇلاتتى ۋە پۈتۈن نەرسىلەر بۇ يورۇقلۇق تۈپەيلى گويا ئوخ-
شاش ماتېرىيالدىن ياسالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆي ئىچىدىكى جىمجىتلىق
ۋەھىمىسىدە يەنە بىر دەم تۇرغىنىمىزدىن كېيىن، قىزىل رەڭنى
سۈسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئەشيالارنى ۋە بۇ سوغۇق، سۇرلۇك ئۆينى بىر خىل
سىرلىق رەڭگە كىرگۈزگەن نەرسىنىڭ نۇرغا ئوخشاش ھەممە يەرنى قاپ-
لىغان توزان ئىكەنلىكىنىمۇ بايقىدىم. مانا بۇ نۇرغۇن ئەشيالارنى بىزگە
تېخىمۇ ۋەھىمىلىك كۆرسەتكەن نەرسە بىزلەر ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قاراپ-
مۇ كۆزلىرىمىز بىلەن ئاڭقىرالمىغان غەلىتە ۋە نامەلۇم نەرسىلەرنىڭ ئا-
رىلىشىپ كەتكەنلىكى ئىدى. مەن ساندۇق بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغان
بىر نەرسىنى كېيىن قاتلىنىدىغان ئىش ئۇستىلى ئىكەن دەپ ئويلىدىم،
يەنە بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر پەرەڭ سايمىنى ئىكەنلىكىگە
ھۆكۈم قىلدىم. ساندۇقلاردىن ئېلىپ تاشلىنىۋەرگەن تونلار ۋە تاجلار ئا-
رىسىدىكى سەدەپ ئورنىتىلغان بىر كىچىك ساندۇقنىڭ ئەسلىدە موسكۋا
چار پادىشاھى ھەدىيە قىلغان، قىممەت باھالىق نەرسىلەر سېلىنىدىغان
زىننەتلىك ساندۇقچە ئىكەنلىكىنى سەزدىم.

جەزمى ئاغا ئاتەشداننى مورا ئوچاققا قويۇپ قويدى.

— كىتابلار قەيەردە؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇستاز ئوسمان.

— قايسى كىتابلار؟ — دېدى پەتەك بوۋاي، — ئەرەبىستاندىن كەلتۈرۈلگەنلىرىمۇ ياكى كۇفە نۇسخىسىدىكى قۇرئانلارمۇ؟ ياتقان يېرى جەننەت بولغۇسى ياۋۇز سۇلتان سەلىمخان ئالىيلىرىنىڭ تەبرىزدىن ئالدۇرغانلىرىمۇ ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان پاشالارنىڭ كىتابلىرىمۇ، پادىشاھىمىزنىڭ بوۋىلىرىغا ۋېنېتسىيە ئەلچىسى ھەدىيە قىلغان كىتابلارمۇ، ياكى فاتىخ سۇلتان مەمەت زامانىدىن قالغان خىرىستىئان كىتابلىرىمۇ؟

— بۇنىڭدىن 30 يىل مۇقەددەم، شاھ تەھمەسىپ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغۇسى سۇلتان سەلىم ئالىيلىرىغا ھەدىيە قىلغان كىتابلار، — دېدى ئۇستاز ئوسمان.

پەتەك بىزنى چوڭ بىر ياغاچ ئىشكاپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇستاز ئوسمان ئۇنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ ئالدىدىكى كىتابلارنى كۆرگىنىدە تاقەتسىزلىك بىلەن بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ ئىزاھاتىنى ئوقۇدى، سەھىپىلىرىنى ۋاراقلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەنمۇ سەھىپىلەرگە، ھەر بىرى دىققەت بىلەن سىزىلغان سەل قىيسىق كۆزلۈك پادىشاھنىڭ رەسىمىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم.

— چىڭگىزخان، چاغاتايخان، تولۇي خان ۋە جۇڭگو پادىشاھى قۇبلايخانلار، — دەپ ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇ كىتابنى يېپىپ يەنە بىرىنى ئالدى.

پەرھادنىڭ مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن ئاشىقى شېرىننى ئېتى بىلەن بىرلىكتە ھاپاش قىلىپ، ھەسرەت بىلەن ئېلىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىدىغان ئىشەنگۈسىز گۈزەل بىر رەسىم كۆزىمىزگە چېلىقتى. ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ھەسرىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاغدىكى قىيا تاشلار، بۇلۇتلار ۋە پەرھادنىڭ مۇھەببىتىگە شاھىد بولغان ئۈچ تۈپ ئېسىل سەرۋى دەرىخىنىڭ ياپراقلىرى ھەسرەتلىك بىر قولنىڭ تىترەشلىرى ۋە شۇنداق بىر ھەسرەت بىلەن سىزىلغانىدىكى، تۆكۈلگەن ياپراقلاردىكى كۆز يېشىنىڭ تەمى ۋە ھەسرىتى شۇئان ئۇستاز ئوسمان بىلەن مېنى تەسىرلەندۈردى. بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈش ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ

سىزغىنىدەك پەرھادنىڭ ئەرلىك جاسارىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، مۇھەببەت ھەسرىتىنىڭ پۈتۈن ئالەمدە ئوخشاش ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن سىزىلغانىدى.

— بۇنىڭدىن 80 يىل مۇقەددەم تەبرىزدە بەھزاتقا تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن كىتابلاردىن، — دەپ ئۇستاز ئوسمان كىتابنى ئورنىغا قويۇپ، يەنە بىرىنى ئاچتى.

بۇ «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن مۈشۈك بىلەن چاشقاننىڭ مەجبۇرىي دوستلۇقىنى كۆرسىتىدىغان بىر رەسىم ئىدى. ئېتىزدا يەردىكى بۆلغۈن بىلەن كۆكتىكى كۆكنەكنىڭ ھۇجۇملىرى ئارىسىدا قىسىلىپ قالغان بىچارە چاشقان ئوۋچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغان بىر بىچارە مۈشۈك تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. ئۇلار مۇنداق كېلىشىدۇ: مۈشۈك دوستىدەك مۇئامىلە قىلىپ چاشقاننى مېھرىبانلىق بىلەن يالايدۇ. بۆلغۈن بىلەن كۆكنەك مۈشۈكتىن قورقۇپ چاشقاننى ئوۋلاشتىن ۋاز كېچىدۇ. چاشقانمۇ مۈشۈكنى قاپقاندىن ئېھتىيات بىلەن قۇتقۇزىدۇ. مەن رەسساملارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنەلمەي تۇراتتىم، ئۇستاز كىتابنى باشقا كىتابلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپ يەنە بىر كىتابنىڭ باشقا بىر سەھىپىسىنى ئاچتى.

بۇ بىر قولىنى نازاكەت بىلەن ئېچىپ بىر مەسىلىنى سوراۋاتقان، يەنە بىر قولى بىلەن يېشىل پەرىجىسىنىڭ ئۈستىدىن تىزىنى تۇتۇۋالغان سىرلىق بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان بىر ئەر كىشىنىڭ قىزىقارلىق رەسىمى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنلىق، مۇھەببەت ۋە دوستلۇققا ھەسەت قىلىپ ئىشتىياق بىلەن قارىدىم.

ئۇستاز ئوسمان ئۇ كىتابنى قويۇپ، باشقا بىر كىتابتىن يەنە بىر سەھىپىنى ئاچتى. ئۇ بىر - بىرىگە ئەزەلدىن دۈشمەن بولغان ئىران ۋە تۇران ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغا، تىزلىق، ئوقيا، ساداق بىلەن تولۇق قوراللىنىپ، بويۇنلىرىغىچە پولات قاپ ئىچىدىكى ھەيران قالارلىق ھەيۋەتلىك ئاتلىرىغا مىنىشىپ، سېرىق توپىلىق بوز دالىدا بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى سەپ تارتىپ، ئۇچلىرى رەڭگارەڭ پۆپۈكلۈك نەي-

ـزىلىرىنى تەڭلىشىپ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشىدىن ئاۋۋال ئالغا ئېتىـ-
لىپ چىقىپ تۇتۇشقان قوماندانلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ كۆرەشلىرىنى سەۋر
بىلەن تاماشا قىلدى. مەن ئۆزۈمگە، بۇگۇن ياكى يۈز يىلنىڭ ئالدىدا سىـ-
ـزىلغان رەسىم بولسۇن، ئۇ بىر ئۇرۇش ياكى مۇھەببەت كۆرۈنۈشى بولـ-
سۇن، ئىمانى كامىل رەسسامنىڭ سىزىپ كۆرسەتكەن نەرسىسى ئۆز ئىرا-
دىسى بىلەن ئۆزىنىڭ رەسىم سىزىش ئىشتىياقىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر، دېمەكـ-
چى ئىدىم ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، رەسسام سىزغان نەرسە ئۆزىنىڭ سەۋر-
چانلىقىدۇر دەپ ئىزاھلىماقچى ئىدىم، لېكىن ئۇستاز ئوسمان:

— بۇمۇ ئەمەس، — دەپ ئۇ ئېغىر كىتابنى ياپتى.

بىر رەسىملەر توپلىمىدا ئېگىز تاغلارنىڭ غۇژمەك ـ غۇژمەك بۇ-
لۇتلار ئىچىدە غايىب بولۇپ، بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان كەڭ بىر مەنـ-
ـزىرە رەسىمىنى كۆردۇق. مەن بۇ رەسىمدە رەسسامنىڭ بۇ ئالەمگە قاراپ
ئۇنى باشقا ئالەمدەك كۆرسەتكەنلىكىنى ئويلىدىم. ئۇستاز ئوسمان بۇ
جۇڭگو رەسىمىنىڭ، بۇخارادىن ھىراتقا، ھىراتتىن تەبرىزگە، تەبرىزدىن
پادىشاھىمىزنىڭ ئوردىسىغا خىلمۇ خىل كىتابلارغا كىرىپ ـ چىقىپ،
پارچىلىنىپ، كېيىن باشقا رەسىملەر بىلەن بىرلىكتە توپلىنىپ جۇڭگو-
دىن ئىستانبۇلغا قانداق كەلگەنلىكىنى ھېكايە قىلدى. ئاندىن بىر ـ بىـ-
ـرىدىن قورقۇنچلۇق، بىر ـ بىرىدىن ياخشى سىزىلغان، ئۇرۇش ۋە ئۆلۈم
مەنزىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرنى كۆردۇق. ئۇلار رۇستەمنىڭ شاھ
مازەندېران بىلەن بىللە، رۇستەمنىڭ ئەفراسىياپنىڭ ھەربىي قوشۇنىغا
ھۇجۇم قىلىشى، ساۋۇت ئىچىدىكى تونۇغىلى بولمايدىغان سىرلىق جەڭچى —
رۇستەم ... قاتارلىقلار ئىدى. يەنە بىر رەسىملەر توپلىمىدا، كىملىكى نا-
مەلۇم ئاجايىپ ـ غارايىپ ھەربىي قوشۇنلار، جەڭدە رەھىمسىزلەرچە پارە ـ
پارە بولغان جەسەتلەر، قانغا بويالغان خەنجەر ـ قىلىچلار، كۆزلىرىدە
ئەرۋاھ روھى ئەكس ئەتكەن بىتەلەي لەشكەرلەر، بىر ـ بىرىنى قىيما ـ
چىيما قىلىپ چېپىشقان جەڭگىۋارلارنى كۆردۇق. ئۇستاز ئوسمان —
قانچە مىڭىنچى قېتىملىقنى، كىم بىلسۇن — خۇسرەۋنىڭ كېچىسى ئاي
يورۇقىدا كۆلدە يۇيۇنۇۋاتقان شېرىننى مارىلاپ كۆرۈۋاتقانلىقىغا، ئاشىق ـ
مەشۇق لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ ئۇزۇن جۇدالىقتىن كېيىن بىر ـ بىرىنى

كۆرۈپ مەپتۇن بولۇشقانلىقىغا ۋە ئالەمنىڭ بىر چېتىگە قېچىپ بېرىپ، بىر بەختىيار ئارالغا ماكانلاشقان سالامان بىلەن ئابسالنىڭ دەرەخلەر، گۈللەر ۋە قۇشلار بىلەن ۋىچىرلىشىۋاتقان چاغدىكى شادىمانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىمگە قارىدى ۋە ھەقىقىي بىر ئۇلۇغ ئۇستازدەك، ئىختىيارسىز ھالدا مېنىڭ ئەڭ بولمىغۇر رەسىمدىمۇ رەسسامنىڭ ماھارىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ياكى رەڭلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشىدىن بولسۇن، ئۇ رەسىمنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە مەلۇم بولغان غەلىتىلىككە دىققەت قىلىشىمنى ئەسكەرتتى. خۇسرەۋ بىلەن شېرىن كېنىزەكلەر ئېيتقان قىزىقارلىق ھېكايىلارنى ئاڭلاۋاتقىنىدا، دەرەخ شېخىغا قونسا بولمايدىغان شۇملۇق چىللايدىغان ھۇۋقۇشنى ئۇ يەرگە قايسى بەتبەخت ۋە قارا نىيەتلىك رەسسام قوندۇرغاندۇ؟ سۇباتلىق يۇسۇپنىڭ يېقىملىق چىرايىنى كۆرگەندە، لەززەتلىك ماندارىنلارنى سويۇۋاتقان بارماقلىرىنى كېسىۋالغان مىسىرلىق ئاياللار ئارىسىغا ئايالچە كىيىنىۋالغان ئاۋۇ بەچچىنى كىم ئورۇنلاشتۇرغاندۇ؟ ئىسفەندىيارنىڭ ئوق بىلەن كور قىلىنغانلىقىنى سىزغان رەسسام كېيىن ئۆزىنىڭ كور بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلىگەن بولغىيمىدى؟

بىز يەنە پەيغەمبىرىمىز ھەزرەتلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە ئەتراپىدا ھەمراھ بولغان پەرىشتىلەرنى، زۆھەل① يۇلتۇزىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قارا تەنلىك، ئالتە قوللۇق ئۇزۇن ساقاللىق بوۋاينى، بوۋاق رۇستەمنىڭ ئانىسى ۋە ئىنىكئانىلىرىنىڭ پەرۋىشى بىلەن سەدەپ ئورنىتىلغان بۆشۈكتە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقىنىنى، دارانىڭ ئىسكەندەرنىڭ قوچىقىدا ھەسرەت بىلەن ئۆلگەنلىكىنى، بەھرام گۆرنىڭ رۇس مەلىكىسى بىلەن قىزىل ھۇجرىغا كىرگەنلىكىنى، سىياۋۇشنىڭ بۇرنىدا يوشۇرۇن ئىمزاسى يوق بىر قارا ئات بىلەن گۇلخان ئۇستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈۋاتقىنىنى، ئوغلى ئۆلتۈرۈۋەتكەن خۇسرەۋنىڭ قايغۇلۇق جىنازىسىنى كۆردۇق. ئۇستاز ئوسمان كىتابلارنى تېز - تېز تاللاۋاتقىنىدا، بەزىدە بىر رەسسامنى تونۇپ ماڭا كۆرسەتتى، گۈللەر ئارىسىغا، بىر خارابىنىڭ ئىچكىرىسىگە ياكى جىن يوشۇرۇنغان قاراڭغۇ قۇدۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا خىجالەت بىلەن سىزىلغان بىر ئىمزانى تېپىپ چىقاتتى. ئوخشاشمايدىغان ئىمزالارغا، ئىمزا-

① زۆھەل — ساتۇرن يۇلتۇزى. — ت.

هاتلارغا قاراپ كىمنىڭ كىمدىن نېمىنى ئۆگەنگەنلىكىنى ئېنىقلايتتى. بەزى كىتابلاردا بىر قانچە سەھىپە رەسىمنى ئۇچرىتىمىز دەپ، ئۇلارنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ۋاراقلايتتى. بەزىدە ئۇزۇن جىمجىتلىقلار ھۆكۈم سۈ ـ رەتتى. پەقەت سەھىپىلەرنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس شاراقلىشىنى ئاڭلايت ـ تۇق. بەزىدە ئۇستاز ئوسمان "پاھ!" دەپ توۋلايتتى ـ دە، مەن ئۇنىڭ نېمە ـ گە ھەيران بولغانلىقىنى بىلەلمەي جىم تۇراتتىم. بەزى رەسىملەردىكى سەھىپە تەرتىپى ياكى دەرەخلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇ ـ شىنى باشقا كىتابلاردا پۈتۈنلەي باشقا ھېكايىلارنىڭ ئوخشىمايدىغان كۆرۈ ـ نۈشلىرىدىمۇ ئۇچراتقانلىقىمىزنى ماڭا كۆرسىتىپ ئەسلىتەتتى. نىزامى ـ نىڭ «خەمسە»سىنىڭ تاكى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھ رىزا زامانىدا، يەنى 200 يىلنىڭ ئالدىدا ئىشلەنگەن بىر كىتابتىكى مەلۇم رەسىم بىلەن، تەبى ـ رىزدە 70 ــ 80 يىلنىڭ ئالدىدا ئىشلەنگەنلىكى ئېيتىلغان باشقا بىر كى ـ تابتىكى مەلۇم رەسىمنى بىر ـ بىرى بىلەن سېلىشتۇراتتى ۋە مەندىن رەسساملارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئەسىرىنى زادى كۆرمەي تۇرۇپمۇ، ئوخشاش رەسىمنى سىزالىشىدىكى ھېكمەتنى سورايتتى ۋە جاۋابىنى ئۆزى بېرەتتى.

ــ رەسىم سىزىش خاتىرىلەش دېمەكتۇر.

كونا كىتابلارنى ئېچىپ ـ يېپىپ، ئاجايىباتلار ئالدىدا ھەسرەتلىنىپ (چۈنكى ھازىر ھېچكىم رەسىملەرنى بۇنداق سىزمايتتى)، ئىقتىدارسىز ـ لىقلار ئالدىدا يەنە چىرايى ئېچىلىپ (چۈنكى ئەسلىدە پۈتۈن رەسساملار قېرىنداش ئىدۇق!)، رەسسام خاتىرىلىگەن نەرسىنى، يەنى قەدىمىي دەرەخ رەسىملىرى، پەرىشتىلەرنى، كۈنلۈكلەر، يولۋاسلار، چېدىرلار، ئەجدىھالار ۋە ھەسرەتلىك شاھزادىلارنى كۆرسىتىپ مۇنۇلارنى ئىشارەت قىلاتتى: ئەي ـ نى چاغدا ئاللاھ دۇنيانى تەڭداشسىز ھالدا كۆرگەن ۋە كۆرگەن نەرسىلەر ـ نىڭ گۈزەللىكىگە ئىشىنىپ ئۇنى بەندىلىرىگە ئاتا قىلغانىدى. بىز رەس ـ ساملارنىڭ ۋە دۇنيانى كۆزىتىشنى بىلىدىغان رەسىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ ۋەزىپىمىز ئاللاھ كۆرۈپ بىزلەرگە ئاتا قىلغان بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى ئېسىمىزدە تۇتۇش ئىدى. ھەر ئەۋلاد رەسسامنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستىلىرى پۈتۈن ھاياتىنى سەرپ قىلىپ كۆزلىرى ئەما بولغۇچە ئىشلەپ، زور غەيرەت ۋە ئىلھام بىلەن ئاللاھ كۆرۈشكە نىسىپ قىلغان بۇ سىرلىق خىيالەتكە

يېتىپ بېرىشقا، شۇنداقلا ئۇنى سىزىشقا تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىنسانىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلىرىنىڭ جەۋھىرىنى ئەسلىتىشكە ئوخشايتتى. ئەپسۇسكى، ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستازلارمۇ خۇددى ھارغىن بوۋايلار ۋە ئىشلەۋېرىپ ئەما بولغان ئۇلۇغ رەسساملاردەك ئۇ ئاجايىپ رەسىمنىڭ پەقەت ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئەسلىيەلەيتتى. بىر ـ بىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى زادى كۆرمىگەن ۋە بولۇپمۇ ئارىلىرىدا نەچچە يۈز يىل ئۆتكەن پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ بىر دەرەخنى، بىر قۇشنى، ھامىمدا يۇيۇنغان بىر شاھزادە ياكى دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان غەمكىن بىر ياش قىزنى خۇددى مۆجىزىدەك بىر ـ بىرىنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش سىزىشلىرىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، خەزىنە ئامبىرىنىڭ قىزىل يورۇقلۇقى غۇۋالىشىپ، ئىشكاپتا شاھ تەھمەسىپ پادىشاھىمىزنىڭ ئاتىسىغا يوللىغان ھەدىيە كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسى يوقلۇقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن ئۇستاز ئوسمان بايىقى مەنتىقىنى ئەسلىدى:

— بەزىدە، قۇشلارنىڭ قانىتى، ياپراقنىڭ دەرەخ شاخلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرۇشى، پېشايۋان گىرۋىكىنىڭ ئەگمىسى، بۇلۇتنىڭ ھاۋادا تۇرۇشى، بىر ئايالنىڭ كۈلۈشى ئۇستازنىڭ شاگىرتلارغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۆرسىتىشى ۋە ئۆگىتىشى ئارقىلىق يادقا ئېلىنىپ، ئەسىرلەر بويى ساقلىنىدۇ. ئۇستا رەسسام بۇ ماھارەتنى ئۆز ئۇستازىدىن ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر ئۆلگە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە خۇددى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزگەرمەسلىكىگە ئىشەنگەندەك چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغاندەك خاتىرىسىگە نەقىشلىۋالغان بۇ ماھارەتنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. لېكىن ئۇنتۇماسلىقى ئۇنى مەڭگۈ قوللىنىدۇ دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ. رەسسام كۆز نۇرىنى تۆككەن رەسىمخانىنىڭ ۋە بىللە ئولتۇرۇپ رەسىم سىزغان تەرسا ئۇستىنىڭ ئادەتلىرى، رەڭ ئىشتىياقى ۋە پادىشاھنىڭ ھەۋەسلىرى بەزىدە رەسسامنىڭ بۇ ماھارەتنى ئىشلىتىشىگە يول قويماي، بىر قۇشنىڭ قانىتىنى ياكى قازنىڭ كۈلۈشىنى سىزغاندا...

— ياكى بىر ئاتنىڭ بۇرنىنى، — دېدىم مەن دەرھاللا.

— ياكى ئاتىنىڭ بۇرنىنى، — دېدى ئۇستاز ئوسمان ھېچ كۈلۈمسىـ
رىمەي، — روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭگەندەك سىزمايدۇ - دە، ئۇ ئۇ-
لۇغ ئۇستاز ئۇ چاغدا ئىشلىگەن رەسىمخانىنىڭ ئادەتلىرى دائىرىسىدە
ھەممەيلەن سىزغاندەك شەكىلدە سىزىۋېرىدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟

ئۇستاز ئوسمان ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن نۇسخىسىنى قولىمىزدىن ئۆتكۈزگەن نىزامىنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ناملىق ئەسىرىدىكى شىرىنـنى تەختتە كۆرسىتىدىغان بىر رەسىملىك سەھىپىدىن، ئوردا سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى تاشقا ئويۇلغان بىر ئابىدە يېزىقىنى ئوقۇدى: ئى ئۇلۇغ ئاللاھ، ئالىيجاناب سۇلتانىمىز، ئادىل خاقانىمىز غالىب ئەمىر تۆمۈرخانـنىڭ ئوغلىنىڭ كۈچىنى، تەختىنى، دىيارىنى پاناھىڭدا ساقلىغىنىڭكى، ئۇ بەختىيار بولغاي (سول ياندىكى تاشقا يېزىلغان)، ھەمىدە باي بولغاي (ئوڭ ياندىكى تاشقا يېزىلغان).

— رەسسام ئاتىنىڭ بۇرنىنى مېڭىسىگە ئويۇلغاندەك سىزغان رەسىمـلەرنى نەدىن تاپىمىز؟ — دەپ سورىدىم بىر ھازادىن كېيىن.

— شاھ تەھمەسىپ ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەن مەشھۇر «شاھنامە» نامـلىق كىتابنى تېپىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇستاز ئوسمان، — رەسىمـنىڭ سىزىلىشىدا ئاللاھنىڭ تەسىرى ساقلىنىپ قالغان ئەينى ۋاقىتتىكى گۈزەل، قەدىمىي، سىرلىق زامانلارغا قايتىشىمىز لازىم. بىز كۆرىدىغان يەنە نۇرغۇن كىتابلار بار.

ئۇستاز ئوسماننىڭ ئەسلىي مەقسىتى غەلىتە بۇرۇنلۇق ئاتلارنى تېپـپىش ئەمەس، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ خەزىنىدە پۈتۈن كۆزلەردىن يىراق ئۇخلاپ ياتقان بۇ ھەيران قالارلىق رەسىملەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپ كۆرۈش ئىكەنلىكىنى ئەقلىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۆيدە مېنى كۈتۈپ تۇرغان شەكۈرەگە يەتكۈزىدىغان يىپ ئۇچىنى تېپىش ئۈچۈن شۇنداق بىتاقەت ئىـدىمكى، ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ مۆزدەك خەزىنە ئامبىرىدا مۇمكىن قەدەر كۆپـرەك تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، ياشانغان پەتەكنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن باشقا ئىشـكاپلار ۋە ساندۇقلارنى ئېچىپ، رەسىملەرنى كۆرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. بەزىدە بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان رەسىملەرنى كۆرۈۋېرىشتىن زېرىكەتـ

تۇق، خۇسرەۋنىڭ شىرىننى كۆرگىلى ئۇنىڭ قەسرىنىڭ دېرىزىسى ئال-
دىغا كېلىشىنى يەنە كۆرگىمىز يوق ئىدى. خۇسرەۋنىڭ ئېتىنىڭ بۇرنى-
غىمۇ نەزەر سالماي، ئۇستازنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، ئاتەشدانىنىڭ ئالدىدا
ئىسسىنىشقا بېرىۋالاتتىم ياكى خەزىنىنىڭ بىر - بىرىگە ياندىش باشقا
ئۆيلىرىدىكى ھەددىدىن زىيادە دۆۋىلىنىپ كەتكەن رەخت، ئالتۇن،
قورال - ياراغ ۋە ساۋۇت - دۇبۇلغا قاتارلىق ئولجا دۆۋىلىرى ئارىسىدا
ھۆرمەت ۋە ھەيرانلىق بىلەن ئارىلايتتىم. بەزىدە ئۇستاز ئوسماننىڭ ئاۋا-
زىدىن ۋە قول ئىشارىتىدىن بىر كىتابنىڭ ئىچىدە يېڭى بىر ئاجايىباتنىڭ
ياكى غەلىتە بۇرۇنلۇق ئاتنىڭ ئاخىرى مەلۇم بولغانلىقىنى بىلىپ يۈگۈ-
رۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باراتتىم - يۇ، فاتىخ سۇلتان مەھمەت زامانىدىن قالغان
بىر ئۇشاق گىلىمنىڭ ئۇستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئۇستازنىڭ يېنىك
تىترىگەن قوللىرى ئارىسىدا تۇتقان سەھىپىدىن، مەن ھازىرغىچە باشقا
ھېچقانداق جايدا زادىلا ئۇچراتمىغان بىر تېمىنى، يەنى ھەزرىتى نۇھنىڭ
كېمىسىگە شەيتاننىڭ ئوغرىلىقچە چىقىۋالغانلىقى ھەققىدىكى تەسۋىرنى
كۆرگەن بولاتتىم.

بىز يەنە ئەمىر تۆمۈرنىڭ زامانىدىن تاكى قانۇنىي سۇلتان سۇلايماز-
غىچە ھەرخىل دۆلەتلەرنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان يۈزلىگەن شاھ، سۇلتان
ۋە خانلارنىڭ كېيىكلەر، شىرلار، توشقانلار ئارىسىدا شاد - خۇراملىق بە-
لەن شىكار قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى تاماشا قىلدۇق ۋە بىر تۆگىنىڭ
كەينى پۇتىنىڭ تىزىغا باغلىغان تاختىلارنى دەسسەپ بىچارە ھايۋاننىڭ
ئېپپىتىگە تەگكەن نومۇسسىزدىن شەيتاننىڭمۇ بارمىقىنى چىشلەپ ئىزا
تارتقىنىنى كۆردۇق. باغداد يولى بىلەن كەلگەن بىر ئەرەبچە كىتابتا ئاجا-
يىپ بىر قۇشنىڭ ئاياغلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، دېڭىزلاردىن ئۇچۇپ ئۆتكەن
تىجارەتچىنىڭ ئۇچۇشىنى كۆردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىتابنىڭ ئوچۇق
تۇرغان بىرىنچى بېتىدە، شەكۇرە بىلەن ئىككىيلەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
كۆرۈنۈش، يەنى خۇسرەۋنىڭ دەرەخكە ئېسىلغان رەسىمىنى كۆرگەن شې-
رىننىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقىنى كۆردۇق. بىر پىلنىڭ ئۇستىگە ئو-
رۇنلاشتۇرۇلغان قۇشلار ۋە كىچىك ئەرەب ھەيكەللىرىنى، چىشلىق چاقلار
ۋە مېتال شارچىلاردىن قۇراشتۇرۇپ ياسالغان بىر مۇرەككەپ سائەتنىڭ

ئىچكى قۇرۇلمىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن رەسىمنى كۆرۈپ ۋاقىتنى ئېسىمىزگە ئالدۇق.

كىتابتىن كىتابقا، رەسىمدىن رەسىمگە ئۆتۈپ قانچىلىك ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلغانلىقىمىزنى ھېسابلاپ چىقالمايتتىم. بىز كۆرگەن رەسىملەر ۋە ھېكايىلارغا سىڭىپ كەتكەن تۈگىمەس - پۈتمەس ئالتۇن ۋاقىتلار بىزنىڭ چىرىك ۋە زەي خەزىنە ئامبىرىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزغا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئەسىرلەر بويى نۇرغۇن شاھ، شاھزادە، سۇلتان، خانلارنىڭ رەسىمخانىسىدا سانسىزلىغان ئۇستازلارنىڭ كۆز نۇرىنى سەرپ قىلىپ سىزغان سەھىپىلىرى ساندۇقلاردا ساقلانغان نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، گويا ئەتراپىمىزنى قاپلىغان تۈمۈر قالپاقلار، سېپى ئالماس قىلىچلار، خەنجەرلەر، ساۋۇت - دۇبۇلغىلار، ھەتتا جۇڭگودىن كەلتۈرۈلگەن پىنجانلار بىلەن چاڭ - توزان باسقان نەپىس ئىشلەنگەن ئۇدلار، تەڭدىشىنى ھەقىقەتەن رەسىملەردە كۆرگەن ئىنجىل، ياستۇقلار بىلەن پالازلار ۋە خىلمۇ خىل ئاتلارغا جان كىرگۈزۈپ تىرىلدۈرۈپ، ھازىرلا ھەرىكەتكە كەلتۈرۈدىغاندەك بىلىنەتتى.

— ئەمدى چۈشەندىمكى، ئەسىرلەر بويى مىڭلىغان رەسساملار ئوخشاش رەسىملەرنى مەخپىي ۋە ئاستا - ئاستا سىزىش ئارقىلىق ئەسلىدە ئالەمنىڭ مەخپىي ۋە ئاستا - ئاستا باشقا بىر ئالەمگە ئايلىنىشىنى سىزىپ چىققان ئىكەن.

ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. لېكىن بۇخارادىن ھىراتقا، تەبرىزدىن باغدادقا، ئەڭ ئاخىرى ئىستانبۇلغىچە يېتىپ كەلگەن، ئۆتكەنكى 200 يىل مابەينىدە سىزىلغان بۇ مىڭلىغان رەسىمگە ئۇستازىمنىڭ كۆرسەتكەن دىققىتى ئاللىقاچان ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدە بىرەر بەلگە ئىزدەشتىن كۆپ يىراقلاپ كەتكەنىدى. بىز بۇ دىيارلاردا بىر نەچچە ئەسىر رەسىم سىزىپ نەقىش ئىشلىگەن پۈتۈن ئۇستازلارنىڭ ئىلھام، ماھارەت ۋە سەۋرچانلىقىغا قايغۇلۇق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتاتتۇق.

شۇنىڭ ئۈچۈن، نامازشام ۋاقتىدا خەزىنە ئامبىرىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلغاندا، ئۇستاز ئوسمان ماڭا سىرتقا چىققۇسى يوقلۇقىنى، بۇ يەردە

تاڭ ئاتقۇچە شام ۋە چىراغلارنىڭ يورۇقىدا رەسىملەرنى كۆرسە، ئاندىن سۇلتانىمىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى مۇۋاپىق ئورۇندىيالايدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، كۆڭلۈمگە دەسلەپ كەلگىنى ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ۋە پەتەك بىلەن بىللە بۇ يەردە قېلىش ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىش ئىدى.

ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇستازىم بۇ قارارىمىزنى بىزنى سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان غوجىدارلارغا ئۇقتۇرۇپ، مالىيە ۋەزىرىدىن ئىجازەت سورىغاندا شۇئان پۇشايمان قىلدىم. شەكۈرە بىلەن ئۆي كۆز ئالدىمغا كېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كېچىنى ئۆزى يالغۇز بالىلار بىلەن قانداق ئۆتكۈزۈدىغانلىقىنى، قايىقى ئۇخشالغان دېرىزىلەرنى قانداق قىلىپ چىڭ تاقايدىغانلىقىنى ئويلاپ تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئەنسىرەيتتىم.

خەزىنە ئامبىرىنىڭ بىر قانىتى ئوچۇق ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس تۇمان ئىچىدە تۇرغاندەك كۆرۈنگەن ئوردا سەيناسىنىڭ ئېگىز چىنارلىرى ۋە ئۇ شاد - خۇرام باغچىدا سۇلتانىمىز ئاڭلاپ بىئارام بولمىسۇن دەپ ئىشارەت بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئىككى ياش ئوردا خىزمەتكارىنىڭ ھەرىكەتلىرى مېنى سىرتتىكى كۆڭۈللۈك ھاياتقا دەۋەت قىلاتتى. لېكىن نومۇس ۋە گۇناھ ھېسسىياتلىرى بىلەن ئورنۇمدىن مىدىرلىيالمىدىم.

# 50. بىز ئىككى دەرۋىش

سۇلتانىمىز ئالىيلىرىنىڭ ئەجدادلىرى بىر نەچچە يۈز يىلدا يۈزلەنگەن مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىپ تالان ـ تاراج قىلىپ توپلىغان خەزىنىنىڭ ئەڭ مەخپىي بۆلۈڭىدا تۇرغان بىر رەسىملەر توپلىمىدىكى جۇڭگو، سەمەرقەند ۋە ھىراتتىن كەلتۈرۈلگەن سەھىپىلەر ئارىسىدا بىز ئىككىيلەننىڭمۇ رەسىمىمىز بارلىقى ھەققىدىكى ئىغۋالار، پەتەك جەزمى ئاغا تەرەپىدىن رەسساملار تارمىقىغىچە يېتىپ بارغانلىق ئېھتىماللىقىغا ئاساسەن، بىزمۇ ئۆز ھېكايىمىزنى ئۆز ئۇسلۇبىمىز بىلەن چۈشەندۈرسەك، بۇ كۆڭۈللۈك قەھۋەخانىغا تولغان مۆھتەرەملەردىن خاپا بولىدىغان ئادەم چىقماس دەپ ئويلايمەن.

ئالەمدىن ئۆتكىنىمىزگە 110 يىل بولدى. بىز قۇتقۇزۇۋالالمىغان خانىقالىرىمىز خۇداسىزلارنىڭ ماكانى، شەيتانىنىڭ ئۇۋىسى دەپ قارىلىپ، دەرۋەقە، ئۇ پارسپەرەسلىكتە ئەيىبلىنىپ، تاقىتىۋەتكىلى 40 يىل بولدى. ئەمما كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىز يەنىلا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى پەرەڭ ئۇسلۇبىدا سىزىلغانلىقىمىز ئۈچۈن! بۇ رەسىمدە كۆرۈنگەنىدەك، بىر كۈنى بىز ئىككى دەرۋىش سۇلتانىمىزنىڭ مەملىكىتىدە بىر شەھەردىن يەنە بىرىگە باردۇق.

بىز يالاڭئاياغ، بېشىمىز قاپاق، يېرىم يالىڭاچ ئىدۇق، ئۇچىمىزدا پىنجەك بىلەن كېيىك تېرىسى، بېلىمىزدە كەمەر، قولىمىزدا ئۇچى ئەگمەچ ھاسا، بويىنىمىزدا زەنجىرگە ئېسىلغان تىلەمچىلىك تاۋىقى، بىرىمىزدە ئوتۇن كېسىدىغان پالتا، يەنە بىرىمىزدە قاچىمىزغا ئاللاھ نېمە بەرسە يەيدىغان قوشۇق بار ئىدى.

ئەمدى يېقىن دوستۇم، قەدىرلىكىم، بۇرادىرىم بىلەن ھەمىشە بولىدىغان مۇنازىرىگە كىرىشكەندۇق: تاۋاقتىكىنى يېيىشكە قوشۇقنى ئاۋۋال

قايسىمىز تۇتىمىز؟ ئاۋۋال مەن، ياق، ئاۋۋال مەن، دېيىشىۋاتاتتۇق. بۇلاق بېشىدىكى دەڭدە پەرەڭ ساياھەتچىسى بولغان غەلىتە بىر ئادەم بىزنى توختىتىۋېلىپ، ھەر بىرىمىزگە بىردىن ۋېنېتسىيە تەڭگىسى بەرگەندىن كېيىن رەسىمىمىزنى سىزىشقا باشلىدى.

پەرەڭلەر غەلىتە خەلق. ئۇ گويا بىز سۇلتانىمىزنىڭ چېدىرىدەك، بىزنى قەغەزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىزنى يېرىم يالىڭاچ ھالدا سىزىۋاتاتتى، دەرھال ئەقلىمگە كەلگەننى بۇرادىرىمگىمۇ ئېيتتىم ۋە ھەقىقىي يوقسۇل، تىلەمچى، قەلەندەر دەرۋىشتەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن كۆزلىرىمىزنىڭ قارىسىنى ئىچكىرى، ئېقىنى تاشقىرى قىلىپ ئەمالاردەك قاراشقا باشلىدۇق. بۇ ئەھۋالدا دەرۋىش تەبىئىتى بىلەن سىرتقى ئالەمنى ئەمەس، كاللىسىدىكى ئالەمنى تاماشا قىلىدۇ ـ دە، كاللىمىز بەڭ بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، ئىچىدىكى مەنزىرە پەرەڭ رەسسامنىڭ كۆرگىنىدىن تېخىمۇ خۇشاللىنارلىق بولىدۇ.

بۇ چاغدا سىرتقى مەنزىرە تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى، چۈنكى بىر موللىنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق.

خاتا چۈشىنىپ قالمىغايسىلەر. موللا جانابلىرى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا بۇ كۆڭۈللۈك قەھۋەخانىدا بىر ئېغىر خاتالىققا يول قويغان. بۇ موللا جانابلىرى ئەسلىدە ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچى نۇسرەت موللا بولمىغىنىدەك، ئاتىسى نامەلۇم خۇسرەت موللىمۇ ئەمەس، دەرەخ ئۈستىدە شەيتان بىلەن قالايمىقان ئىش قىلغان سىۋاسلىق خوجىمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى ھەممە نەرسىنى يامانغا ھەيدەيدىغان مۇرىتلار، ئەگەر مەدداھ موللا جانابلىرى ئالىيلىرىغا يەنە تىل تەگكۈزسە ئۇنىڭ تىلىنى كېسىمىز، قەھۋەخانىسىنىمۇ دۇم كۆمتۈرۈۋېتىمىز دەپتۇ.

بۇنىڭدىن 120 يىل ئىلگىرى قەھۋەمۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ھېلى گېپىنى قىلغان موللا جانابلىرىنىڭمۇ دىمىغىدىن دۇت چىقاتتى.

— بۇلارنى نېمىگە سىزىسەن، ھەي پەرەڭ كۇپپار! — دېدى ئۇ، — ئوغرىلىق بىلەن تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن بۇ رەزىل قەلەندەر نەشە چېكەتتى، ھاراق ئىچەتتى، بىر ـ بىرىگە بەچچىۋازلىق قىلاتتى ۋە بۇ يېرىم يالىڭاچ ھالىدىن مەلۇمكى، ئۇلار ناماز، دۇئا، ئۆي، ئائىلە، يۇرتنى

بىلمەيدىغان دۇنيانىڭ گۇناھكارلىرى ئىدى. بۇ گۈزەل مەملىكىتىمىزنىڭ شۇ قەدەر گۈزەللىكلىرى تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بۇ پەسكەشلىكنى سىزىسەن؟ بىزنىڭ يۈزىمىزنى چۈشۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟

— ياق، سىلەرنىڭ بولمىغۇر تەرەپلىرىڭلارنىڭ رەسىمى كۆپ پۇلغا يارايدىغانلىقى ئۈچۈن، — دېدى پەرەڭ. بىز ئىككى دەرۋىش رەسسامدىكى بۇ ئەقىلنىڭ كۈچىگە ھەيران بولدۇق.

— كۆپ پۇلغا يارىسا، شەيتاننىمۇ گۈزەل كۆرسىتەمسەن؟ — دېدى موللا جانابلىرى، ئۇ ھىيلىگەرلەرچە بىر مۇنازىرە قوزغاشقا تىرىشىۋاتاتتى. بۇ رەسىممىزدىن ئايان ئىدىكى، پەرەڭ رەسسامى ھەقىقىي سەنئەتكار ئىدى. ئۇ ئەقىلنى قۇرۇق داۋراڭغا ئەمەس، ئەسەرگە ۋە پۇلغا قاراتقانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىزنى سىزىۋالدى ۋە رەسىمنى ئېتىنىڭ ئېگەرىدىكى كىتاب بوغچىسىغا سېلىپ يۇرتىغا قايتتى، لېكىن ئوسمانىيەنىڭ غالىب قوشۇنى تونا دەرياسى بويىدىكى ئۇ شەھەرنى بېسىۋېلىپ بۇلاپ-تالىغانلىقى ئۈچۈن، بىز كېيىنمىزگە قايتىپ ئىستانبۇلدىكى خەزىنە ئامبىرىغا كەلدۇق. ئۇ يەردىن نۇسخا ئېلىنىپ بىر مەخپىي دەپتەردىن باشقا بىر كىتابقا ۋە ئاخىرىدا كىشىلەر قەھۋىنى جانغا جان قاتىدىغان شىپالىق دورىدەك ئىچىدىغان بۇ كۆڭۈللۈك قەھۋەخانىغا يېتىپ كەلدۇق. ئەمدى:

## رەسىم، ئۆلۈم ۋە ئالەمدىكى ئورنىمىز ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات

بايا تىلغا ئالغان كونيالىق موللا جانابلىرىنىڭ تەرغىباتلىرى يازدۇرۇلۇپ توپلانغان قېلىن كىتابنىڭ بىر يېرىدە مۇنداق دېيىلگەن: دەرۋىشلەر دۇنيانىڭ ئارتۇقچە تاشلاندۇقىدۇر. چۈنكى، دۇنيادا ئىنسانلار: 1. ئاقسۆڭەكلەر، 2. سودىگەرلەر، 3. دېھقانلار، 4. سەنئەتكارلاردىن ئىبارەت تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ. دەرۋىشلەر بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچىدۇر.

يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ”بۇلار جۈپ بولۇپ يۈرىدۇ ۋە ھەمىشە قولىدىكى قوشۇق بىلەن تاۋاقتىكى تاماقنى قايسىمىز ئاۋۋال يەيمىز“ دەپ تالاش-

تارتىش قىلىشىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئالدى بىلەن كىم كىمنى بەچچە قىلىدۇ دېگەن تالاش - تارتىشقا مۇغەمبەرلەرچە بىر ئىما بولۇپ، بۇنى بىلمەيدىغانلار چۈشەنمەي كۈلۈشىدۇ. خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار، موللا جانابلىرى بىز بىلەن ۋە پۈتۈن بەچچىلەر، شاگىرتلار ھەمدە رەسساملار بىلەن بىر يولدىكى كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن سىرىمىزنى بىلىدۇ.

## ئەسلى سىر

پەرەڭ كۆپپارى رەسىمىمىزنى سىزىۋاتقاندا بىزگە شۇنداق يېقىملىق دىققەت بىلەن قارىدىكى، بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىزنى سىزىشىنى ياقتۇرۇپ قالدۇق. لېكىن ئۇ ئالەمگە ئاددىي كۆز بىلەن قاراپ، كۆرگىنىنى ئەينى پېتى سىزىشتەك خاتالىققا يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە ئوخشاش ئەسلىدە كۆزى كۆرىدىغانلار ئەما قىلىپ سىزىلدى. ئەمما بىز بۇنىڭغا ئالدانمىدۇق، ھازىر ئىنتايىن خۇشالمىز. موللا جانابلىرىنىڭ قارىشىچە، بىز جەھەننەمگە كىرەتتۇق. بەزى ئىمانسىزلارنىڭ قارىشىچە، بىز چىرىدىگەن بىر جەسەت ئىدۇق ۋە سىلەرنىڭ، يەنى بۇ يەردە توپلانغان ئەقىللىق رەسساملار جامائىتىنىڭ قارىشىچە بىر رەسىم ئىدۇق ۋە رەسىم بولغانلىقىمىز ئۈچۈن گويا ھايات ئادەمدەك ئالدىڭلاردا ئىدۇق. چۈنكى، مەلۇم موللا جانابلىرى بىلەن توقۇنۇشىمىز ئاياغلاشقاندىن كېيىن كونيادىن سىۋاسقا قاراپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، سەككىز يېزىدا تىلەمچىلىك قىلىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزنىڭ بىر كېچىسى قار يېغىپ شۇنداق قاتتىق سوغۇق بولغانىدى، ئىككى دەرۋىش بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قېلىپ توڭلاپ ئۆلدۇق. ئۆلۈشتىن ئاۋۋال چۈشۈمدە رەسىمىم سىزىلغانلىقىنى ۋە رەسىمىمنىڭ مىڭلارچە يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرگەنلىكىنى كۆردۈم.

# 51. مەن ئۇستاز ئوسمان

بۇخارادا ئابدۇللاخان زامانىدىن قالغان بىر ھېكايە تارقالغانىدى.
ئىنتايىن گۇمانخور ھۆكۈمران بولغان بۇ ئۆزبېك خانى بىر رەسىمگە بىر-
دىن ئارتۇق رەسسامنىڭ قەلىمى تېگىشىگە نارازى بولمايدىكەنۇ، رەسسام-
لارنىڭ بىر - بىرىنىڭ سەھىپىلىرىگە قاراپ، بىر - بىرىنى دوراپ
سىزىشىنى ياقتۇرمايدىكەن. چۈنكى رەسىم ئارقىلىق بىرەر جىنايەت سا-
دىر بولسا، بىر - بىرىنى بىپەرۋالىق بىلەن دورىغان رەسساملار ئارىسىدا
جىنايەتكارنى تېپىش مۇمكىن بولماي قالىدىكەن. تېخىمۇ مۇھىمى، بىر -
بىرىدىن ئوغرىلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان رەسساملار بىر مەزگىلدىن
كېيىن ئۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاللاھنىڭ خاتىرىلىرىنى ئىزدەش-
كە مەجبۇرلاشتىن كۆرە، يېڭىدىكىلەرنىڭ مورىسى ئۇستىدىن قاراپ كۆ-
رۈۋالغانلىرىنى ھورۇنلۇق بىلەن كۆچۈرۈپ سىزىپ قويىدىكەن. شۇ تۈپەي-
لى ئۆزبېك خانى ئورۇشلاردىن ۋە زالىم چار پادىشاھتىن قېچىپ ئۆزىدىن
پاناھ تىلەپ، بىرى جەنۇبتىكى شىرازدىن، يەنە بىرى شەرقتىكى سەمەر-
قەندتىن كەلگەن ئىككى ئۇلۇغ ئۇستازنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئاپتۇ،
لېكىن بۇ ئىككى داڭلىق ئۇستىغا بىر - بىرىنىڭ رەسىمىگە قاراشنى
مەنئى قىلىپ، ئۇلارغا ئوردىسىنىڭ بىر - بىرىگە ئەڭ يىراق بولغان ئىك-
كى بۇلۇڭىدىن ئايرىم - ئايرىم كىچىك رەسىمخانا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئۇستاز نەق 37 يىل 4 ئاي ئابدۇللا خاندىن بىر - بىرى-
نىڭكىنى زادى كۆرۈشۈپ باقمىغان سەھىپىلىرىنىڭ نەقەدەر كارامەت
بولغانلىقىنى، قايسى جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ، قايسى جە-
ھەتلەردىن بىر - بىرىگە ئاجايىپ شەكىلدە ئوخشاشلىقىنى رىۋايەت تىڭ-
شىغاندەك ئاڭلاپتۇ ۋە بىر - بىرىنىڭ رەسىملىرىگە ئۆلگۈدەك ھەۋەس بى-
لەن قىزىقىپتۇ. ئۆزبېك خانى تاشپاقىدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن

ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى ياشانغان رەسسام بىر - بىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ ئىشخانىلىرىغا يۈگۈرۈشۈپتۇ ۋە بىر كۆرپىچەكنىڭ ئىككى بۇرجىكىدە، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىنى قۇچاقلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئابدۇللا خاننىڭ رىۋايەتلىرى ئارقىلىق بىلگەن بىر - بىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئىككىسىنىڭ ھەپسىلى پىر بوپتۇ. چۈنكى كۆرگەن رەسىملەر ئۇلارغا خاندىن ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغان رەسىملەردەك ھەيران قالارلىق ئەمەس، كېيىنكى يىللاردا كۆرگەن كاتتا رەسىملەردەك ئالاھىدىلىكى يوق، نۇرسىز ۋە تۇتۇق كۆرۈنۈپتۇ. ئىككى ئۇلۇغ ئۇستاز بۇ تۇتۇقلۇقنىڭ سەۋەبىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمالىقا ئاز قالغانلىقى ئىكەنلىكىنى ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئىككىلىسى پۈتۈنلەي ئەما بولغاندىن كېيىنمۇ چۈشەنمەپتۇ - دە، پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا خان تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، چۈشلەرنىڭ رەسىملەردىنمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

يېرىم كېچىدە خەزىنىنىڭ سوغۇق ئامبىرىدا 40 يىل خىيالىنى قىلغان كىتابلارنىڭ سەھىپىلىرىنى سوغۇقتىن مۇزلاپ كەتكەن بارماقلىرىم بىلەن ۋاراقلاپ كۆرۈۋاتقىنىمدا، بۇ زالىملىق ئەكس ئەتكەن بۇخارا ھېكايىسىنىڭ پېرسوناژلىرىدىنمۇ بەكرەك تەلەيلىك ئىكەنلىكىمدىن خۇشال ئىدىم. پۈتۈن ئۆمرۈم بويىچە رىۋايەتلىرىنى ئاڭلىغان بەزى كىتابلارنى، ئەما بولۇپ ئۆلۈشۈمدىن بۇرۇن قولۇمغا ئېلىش مېنى شۇنداق ھاياجانلاندۇرغانىدىكى، بەزىدە ۋاراقلىغان سەھىپىلەردىن بىرىنىڭ، ئاڭلىغان رىۋايىتىدىنمۇ ھەيران قالارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ،” شۈكۈر، شۈكۈر، ئاللاھقا شۈكۈر“ دەپ گۇدۇڭشىيتتىم.

مەسىلەن، 80 يىلنىڭ ئالدىدا شاھ ئىسمائىل دەريادىن ئۆتۈپ ھىرات ۋە پۈتۈن خۇراساننى ئۆزبېكلەردىن قىلىچىنىڭ كۈچى بىلەن تارتىۋېلىپ، ئىنىسى سام مىرزىنى ھىراتقا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەندە، ئىنىسى بۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر كىتاب تەييارلاتقان ۋە ئەمىر خۇسرەۋنىڭ دېھلى ئوردىسىدا كۆرگەن، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر رىۋايەتنى بايان قىلىدىغان «يۇلتۇزلارنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق كىتابنى يېڭىۋاشتىن يازدۇرۇپ، رەسىمىنى سىزدۇرغانىدى. بۇ كىتابتىكى بىر رەسىم رىۋايەت-

لەردىن ئاڭلىغىنىمدەك، بىر دەريانىڭ بويىدا ئۇچرىشىپ، غەلىبىلىرى ۋە ئۇچرىشىشلىرىنى مۇبارەكلەشكەن ئىككى ھۆكۈمدارنى كۆرسىتەتتى. رە- سىمدىكى بۇ ئىككى ھۆكۈمدار دېھلى سۇلتانى كەيقۇبات بىلەن ئاتىسى — بېنگال ھۆكۈمرانى بۇغراخان بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ چىرايى كىتابنى تۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلغان شاھ ئىسمائىل بىلەن ئىنىسى سام مىر- زىغا ئوخشايتتى. قايسى ھېكايىنى ئەقلىمگە كەلتۈرۈپ رەسىمگە قارد- سام، ئۇ ھېكايە قەھرىمانلىرىنىڭ چىرايلىرىنىڭ رەسىمدىكى سۇلتاننىڭ چېدىرىدا مەلۇم بولغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ ماڭا بۇ مۆجە- زىلىك سەھىپىنى كۆرۈش پۇرسىتى بەرگەنلىكى ئۈچۈن شۈكۈر قىلدىم.

يەنە شۇ دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازلىرىدىن شەيخ مۇھەممەد سىزغان بىر رەسىمدە پادىشاھىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سۆيگۈسى مۇھەببەت دەرىجىسىگە يەتكەن بىر ئەرزىمەس قۇلنىڭ سۇلتاننى چەۋگەن توپ ئويناۋاتقاندا كۆ- رۈپ، بەلكىم توپ ماڭا قاراپ كەلگەندە يەردىن قولۇمغا ئېلىپ ئۇنىڭغا بې- رەرمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن سەۋر قىلىپ خېلى ئۇزۇن كۈتكەندىن كېيىن توپ ئۆز ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنى يەردىن ئېلىپ سۇلتانىغا بېرىۋاتقانلىقى سىزىلغانىدى. مىڭ قېتىملاپ ئاڭلىغىنىمدەك، بىر ئەرزىمەس قۇلنىڭ بىر ئۇلۇغ خاقانغا، يەنى بىر ئۇلۇغ پادىشاھقا ياكى ياش ۋە سۇباتلىق شا- گىرتنىڭ بىر ئۇلۇغ ئۇستازغا بولغان يۇللۇق ھۆرمىتى، مۇھەببىتى، ھەيرانلىقى ۋە قايىللىقى قۇلنىڭ توپنى تۇتقان قوللىرىنىڭ سوزۇلۇشى- دىن، پادىشاھنىڭ چىرايىغا قاراشقا نېمە ئۈچۈندۇر پېتىنالمايۋاتقانلىقى قاتارلىق نازۇك ھېسسىياتلىرى شۇنداق بىر ئىنچىكىلىك ۋە چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن سىزىلغانىدىكى، كىشى بۇ سەھىپىنى كۆرگىنىدە، مې- نىڭمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغىنىمدەك، دۇنيادا ئەڭ زور خۇشاللىق ياش، سۇ- باتلىق ۋە ئەقىللىق شاگىرتلارغا ئۇستاز بولۇش ئىكەنلىكىنى، يەنى بىر ئۇلۇغ ئۇستازغا قۇللۇق دەرىجىسىگە چۈشكەندەك قايىللىق بىلەن شاگىرت بولۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدىم. بۇ ھەقىقەتتىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالمىغانلار ئۈچۈن ھەسرەتلىنەتتىم.

مەن سەھىپىلەرنى ۋاراقلاپ مىڭلىغان قۇشلارغا، ئاتلارغا، ئەسكەر- لەرگە، ئاشىقلارغا، تۆگىلەرگە، دەرەخلەرگە، بۇلۇتلارغا پۈتۈن دىققىتىم

بىلەن جىددىي قاراۋاتقىنىمدا، خۇددى خەزىنىدىكى بايلىقلارنى باشقىلارغا
كۆرسىتىۋىلىش پۇرسىتىگە نائىل بولغىنىدىن شادلىنىۋاتقان قەدىمكى
زامانىنىڭ بىرەر پادىشاھىدەك خۇشال بولۇپ كەتكەن پەتەك بوۋاي ماختانغان
ھالدا ساندۇقلاردىن يېڭى كىتابلارنى ئېلىپ ئالدىمغا قوياتتى. بىر تالاي
ئاجايىپ كىتابلار، ئادەتتىكى توملار ۋە قالايمىقان ئارىلىشىپ كەتكەن رە-
سىم توپلاملىرى ئارىسىدىكى بىر تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئىككى ئايرىم بۆلۇ-
كىدىن چىققان ئىككى كىتابنىڭ بىرى توق قىزىل رەڭلىك شىراز ئۇسلۇ-
بىدا تۈپلەنگەن بولۇپ، يەنە بىرىنىڭ مۇقاۋىسىغا ھىراتتا جۇڭگو تەسىرى
بىلەن تۇم قارا رەڭ بېرىلگەن ئىدى. بۇ ئىككى كىتابنىڭ ھەشەمەتلىك
سەھىپىلىرى شۇ قەدەر ئوخشىشاتتىكى، دەسلەپ ئۇلارنى نۇسخىسى بىر -
بىرىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. قايسى ئەسلىي نۇسخا،
قايسى تەقلىدى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا تىرىشتىم ۋە كىتابنىڭ ئاخىرى-
دىكى ئىزاھاتتىن خەتتاتنىڭ ئىسىملىرىنى، مەخپىي ئىمزالىرىنى ئىزدە-
دىم، ئاخىرىدا تىترەك باسقان ھالدا نىزامىنىڭ بۇ ئىككى كىتابى دەل
ئۇستاز شەيخ ئەلى تەبرىزىنىڭ قارا قويۇنلۇق خاقانى جىھان شاھ بىلەن
ئاققويۇنلۇق خاقانى ئۇزۇن ھاسانغا بېغىشلانغان بىر رىۋايەت كىتابلىرى
ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. قارا قويۇنلۇق شاھى ئۇلۇغ ئۇستا رەسسامنىڭ
باشقا بىرەيلەنگىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىتابنى يېزىپ، سىزىپ بەرمەس-
لىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاق-
قويۇنلۇق خاقانىنىڭ يېنىغا پاناھلىنىپ بارغان ۋە بىرىنچى كىتابنىڭ
ئوخشىشىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى قىلىپ يادقا سىزغانىدى. ئېسىل كە-
تابلاردىن ئەما ھالدا سىزىلغان ئىككىنچىسىنىڭ رەسىملىرىنىڭ تېخىمۇ
ئاددىي ۋە ساپلىقىنى، بىرىنچىسىنىڭ رەڭلىرىنىڭ ناھايىتى جانلىق ۋە
ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنى كۆرۈش ئارقىلىق، مەن ئەمالارنىڭ خاتىرى-
لىرى ھاياتنىڭ ئىنتايىن ئاددىيلىقىنى نامايان قىلىدىغانلىقى، ئەمما ھايا-
تىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

ھەقىقىي ئۇلۇغ ئۇستا بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھەممىنى كۆرۈپ تۇر-
غۇچى ۋە ھەممىنى بىلگۈچى ئۇلۇغ ئاللاھقا شۈكۈر، ئۆزۈمنىڭمۇ كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە ئەما بولىدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان. لېكىن شۇنداق بولۇشىنى

هازىر تەلەپ قىلىنىۋاتىمىغاندىمەن؟ كاللىسى چېقىلماستا مەنزىرىلەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغان ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان مەهكۇمدەك، ئۇلۇغ ئاللاهقا "بۇ رەسىملەرنىڭ هەممىسىنى كۆرۈپ كۆزلىرىمنى قاندۇرۇۋالاي" دېدىم. چۈنكى خەزىنە ئامبىرىنىڭ ئەشيالار بىلەن تولغان هەشەمەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇقىدا ئاللاهنىڭ بارلىقىنى تولىمۇ يېقىندىن هېس قىلماقتا ئىدىم.

مەن ۋاراقلىغان سەهىپىلەردە ئەمالىق هەققىدىكى رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر ئاللاهنىڭ هېكمىتى بىلەن ناهايىتى كۆپ ئۇچرىغانىدى. بىر مەشهۇر كۆرۈنۈشتە شېرىنىنىڭ بىر دالا سەيلىسىدە چىنار دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىلغان خۇسرەۋنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى سىزىلغان بولۇپ، چىنار دەرىخىنىڭ پۈتۈن ياپراقلىرىنى ئاسماننى قاپلىغان شەكىلدە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ سىزغان شىرازلىق شەيخ ئەلى رىزا بۇ رەسىمگە قاراپ ئەسلىي تېمىنىڭ چىنار دەرىخى ئەمەسلىكىنى ئېيتقان بىر ئەقلىسىزگە جاۋاب سۈپىتىدە، رەسىمدىكى ئەسلىي تېما گۈزەل ياش قىزنىڭ مۇهەببىتى ئەمەس، رەسسامنىڭ مۇهەببىتى ئىكەنلىكىنى پەخىرلەنگەن هالدا ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكچى بولغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى چىنار دەرىخىنى بىر تال گۈرۈچ دېنىغا يەنە پۈتۈن ياپراقلىرى بىلەن سىزىشقا باشلىغانىدى. ئۇلۇغ ئۇستاز ئىشنى باشلاپ يەتتە يىل ئۈچ ئايدىن كېيىن ئەما بولۇپ قالغىنىدا، گۈرۈچ دېنىغا سىزىلىۋاتقان رەسىمنىڭ يېرىمى پۈتكەن ئىدى. رەسىمدىكى شېرىنىنىڭ سۆيۈملۈك دوستلىرىنىڭ چىرايلىق ئاياغلىرى يېنىغا پەخىرلەنگەن هالدا قويۇلغان ئىمزانى خاتا كۆرۈپ قالمىغانلا بولسام، شۇ دەقىقىدە كۆز ئالدىمدا ئايان بولىدىغىنى بىر تال گۈرۈچكە سىزىلغان چىنار دەرىخى بولماستىن، ئەما بولغان ئۇستازنىڭ قەغەزدىكى كۆركەم دەرىخى بولاتتى، ئەلۋەتتە. يەنە بىر سەهىپىدە بولسا، ئىسكەندەرنىڭ رۇستەمنى ئاچا ئۇچلۇق ئوقى بىلەن كور قىلغانلىقى هىندى دىيارىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى كۆرگەن رەسساملار سىزغاندەك يارقىن ۋە رەڭدار سىزىلغان بولۇپ، ئەلمىساقتىن تارتىپ رەسسامغىلا خاس بولغان دەرد - هەسرەت ۋە يوشۇرۇن ئۈمىد هېسابلانغان ئەمالىق كۆرگۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە گويا بىر خۇشاللىقنىڭ مۇقەددىمىسىدەك كۆرۈنەتتى.

مانا بۇ رەسىملەرنى ۋە كىتابلارنى، ئوزۇن يىللاردىن بېرى ئاڭلاپ كەلگەن رىۋايەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ھاياجان بىلەن ئارزۇ قىلغان كىشىدەك، بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇلارنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەن بىر بوۋايغا خاس جىددىيەت بىلەن تاماشا قىلاتتىم. رەختلەرنىڭ، چاڭ - توزاننىڭ رەڭگىدىن ۋە شامدانلاردىكى شاملارنىڭ غەلىتە يورۇقىدىن سوغۇق خەزىنە ئامبىرى دەسلەپ كۆرگەن قارامتۇل قىزىل رەڭگە تولغان ئىدى. مەن ھەيرانلىقتىن ئىختىيارسىز بىر نىدا قىلىشىم بىلەنلا، قارا بىلەن پەتەك ئارىلاپ يېنىمغا كېلىپ، مۇرەمنىڭ ئۈستىدىن مەن كۆرۈۋاتقان ئاجايىپ سەھىپىگە قارىدى، مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدىم:

— بۇ خىل قىزىللىقنىڭ سىرىنى تەبرىزلىك ئۇلۇغ ئۇستاز مىرزا بابا ئىمامى ئۆزى بىلەن بىللە قەبرىگە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ گىلەمنىڭ چۆرىسىنى، سەفەۋى شاھىنىڭ باش ياغلىقىدىكى قىزىلباشلارغا① خاس بەلگىنى ۋە بۇ سەھىپىدىكى بىر شىرنىڭ قورساق قىسمىنى ھەمدە بۇ يەردىكى ئاۋۇ چىرايلىق بەچچىنىڭ ئۇچىسىدىكى تونىنى ئەنە شۇ قىزىللىق بىلەن بويىغان. ئاللاھ بەندىلىرىگە قانلىرىنىڭ قىزىلىدىن باشقا، بۇنداق روشەن قىزىل رەڭنى بىۋاسىتە كۆرسەتمىگەن، ئەمما بىزنىڭ ئۇنى تىرىدشىپ تېپىشىمىز ئۈچۈن ئۇچرايدىغان قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ئىچىگە، تاشلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرغان. بۇ چىرايلىق قىزىل رەڭنى دۇنيادا ئاددىي كۆز بىلەن پەقەت ئادەم توقۇغان رەختلەردە ۋە ئۇلۇغ ئۇستازلار سىزغان رەسىملەردىلا كۆرەلەيمىز، — دېيىتتىم ۋە، — بۇنى بىزگە كۆرسەتكۈچىگە شۈكۈر، — دەپ قوشۇمچە قىلاتتىم.

— بۇنىڭغا قاراڭلار، — دېدىم خېلىدىن كېيىن ۋە يەنە ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇلارغا مۇھەببەت، دوستلۇق، باھار ۋە خۇشاللىقلارنى بايان قىلغان، ھەرقانداق لىرىك غەزەللەر توپلىمىغا كىرگۈزۈشكە بولىدىغان ھەيران قالارلىق بىر رەسىمنى كۆرسەتتىم. رەسىم شۇنچىلىك رەڭدار ئىدىكى، باھاردا چېچەك ئاچقان دەل - دەرەخلەرگە، جەننەتتەك باغچىدىكى سەرۋى-

① قىزىلباش — سەفەۋىيە دۆلىتى (1502 — 1736) نىڭ ئەسكەرلىرى. — ت.

لەرگە ۋە بۇ باغچىدا ئۇلتۇرۇپ مەي ئىچىپ غەزەل ئوقۇشۇۋاتقان ئاشىقلار-نىڭ خۇشاللىقىغا قاراپ چىرىك ۋە چاڭ - توزان پۇرايدىغان سوغۇق خە-زىنە ئامبىرىدا گويا باھار چېچەكلىرىنىڭ ۋە بەختىيار ئاشىقلار ۋۇجۇدى-نىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ھىدىنى سەزگەندەك بولدۇق.

— ئاشىقلارنىڭ بىلەكلىرىنى، چىرايلىق يالىڭاچ ئاياغلىرىنى، تۇر-قىدىكى نازاكەتنى، ئەتراپىدىكى ئۈچۈپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ شادلىقىنى شۇ قەدەر سەممىي سىزغان رەسسامنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشتىكى سەرۋى دەرىخى-نى سىزىشىدىكى قوپاللىققا قاراڭ! — دېدىم، — بۇ رەسىم مىجەزىنىڭ ئوساللىقى ۋە جېدەلخورلۇقى تۈپەيلىدىن ھەممە رەسىمنى چالا تاشلىۋەت-كەن، شۇنداقلا "ئۇ رەسىمدىن نېمىنى چۈشەنسۇن" دەپ بارلىق شاھلار، خانلار بىلەن غوۋغالىشىپ، ھېچقانداق شەھەردە تۇرالمىغان بۇخارالىق لۇتفىنىڭ رەسىمى، غوۋغا قىلىشىپ، بىر شاھنىڭ ئوردىسىدىن يەنە بىر شاھنىڭ ئوردىسىغا كۆچۈپ شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ، بىرەر ھۆكۈمداردىن ئۆز تالانتىغا يارىشا ئىشلەپ بېرىشكە ئەرزىگۈدەك ھېچبىر كىتاب تاپالمى-غان بۇ ئۇستاز ئاخىرى قاقاس تاغلارغا ھاكىم بولغان ئەرزىمەس بىر بەگ-نىڭ رەسىمخانىسىغا كېلىشكە مەجبۇر بولغان ۋە "زېمىن كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، خان رەسىمنى چۈشىنىدۇ" دەپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 25 يىلىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەرزىمەس خاننىڭ ئەمەلىيىتىنى بىلىد-غان - بىلمەيدىغانلىقى بۇگۈنمۇ مۇنازىرە ۋە چاقچاق تېمىسى بولماقتا.

— بۇ سەھىپىنى كۆردۇڭلارمۇ؟ — دېدىم تۆت يېرىمىدىن خېلى ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ قېتىم ھەر ئىككىسى قولىدا شامدانلىرىنى تۇتقان ھالدا يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى، — بۇ كىتاب ھىراتتىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن، ياكى ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسىنىڭ زامانىدىن بۈگۈنگىچە بولغان 150 يىل ئىچىدە ئىگىسىنى ئون قېتىم ئۆزگەرتكەنىكەن، — ئۈچەيلەن بىرلىكتە كىتاب ئاخىرىدىكى ئىزاھات سەھىپىسىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپ-لىغان ئىمزالارنى، بېغىشلىمىلارنى، تارىخىي ماتېرىياللارنى، بىر - بىرى-نىڭ ئۈستىگە قىستاپ قويۇلغان ۋە ئارىلىرىغا قىستۇرۇلغان ھەمدە رېئال تۇرمۇشتا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكەن سۇلتانلارنىڭ ئىسىملىرىنى مې-نىڭ لوپا ئەينىكىم بىلەن چوڭايتىپ ئوقۇدۇق: "بۇ كىتاب ئاللاھنىڭ يار-

دىمى بىلەن ھىراتلىق مۇزەپپەرنىڭ ئوغلى، خەتتات سۇلتان ۋەلىنىڭ قولىدا ھىجرىيە 849 - يىلى ھىراتتا جاھان ھۆكۈمرانى بايسۇنغۇرنىڭ غالىب قېرىندىشى مۇھەممەد سۇكنىڭ رەپىقىسى ئىسمەتۇد دۇنياغا بېغىشلاپ تاماملاندى.“ ئۇنىڭ كەينىدىن، ئاققويۇنلۇق سۇلتان خېلىلنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى، كېيىن ئوغلى ياقۇپبەگكە، ئۇنىڭدىن شىمالدىكى ئۆزبېك سۇلتانلىرىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر مەزگىل خۇشال ھالدا كىتاب بىلەن مېلىكە بولۇپ، بىر - ئىككى رەسىمنى چىقىرىۋېتىپ، بىر - ئىككىسىنى قوشقان ۋە تۇنجى ئىگىسىدىن باشلاپ، ھەر بىر شاھ ھەۋەس بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ساھىبجامال رەپىقىلىرىنىڭ چىرايلىرىنى رەسىملەرگە كىرگۈزۈپ، پەخىرلەنگەن ھالدا ئاخىرقى سەھىپىگە ئىسىملىرىنى يازغانلىقىنى بىلدۇق ھەمدە بۇ ئۆزبېك سۇلتانلىرىدىن ھىراتنى ئالغان شاھ ئىسمائىل ئۇنى ھەدىيە سۈپىتىدە تەييارلاتقان ۋە بېغىشلىمىسىنىمۇ يازدۇرغاندىن كېيىن، ياتقان يېرى جەننەتتە بولغۇسى ياۋۇز سۇلتان سەلىمخان ئۇنى چالدىراندا مەغلۇب قىلىپ، تەبرىزدىكى خېشتى بېھىشت ئوردىسىنى تالان - تاراج قىلغاندا، غالىب سۇلتاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن چۆللەر، تاغلار، دەريالاردىن ئېشىپ ئىستانبۇلغا — بۇ خەزىنە ئامبىرىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئوقۇدۇق.

مېنىڭدەك ياشانغان رەسسامنىڭ دىققەت ۋە ھاياجانلىرىغا قارا بىلەن پەتەك قانچىلىك ئورتاقلىشىدۇ دەيسىلەر؟ يېڭى كىتابلارنى ئېچىپ، سەھىپىلەرنى ۋاراقلىغىنىمدا، كۆڭلۈمدە چوڭ - كىچىك يۈزلىگەن شەھەردە مىجەز - خاراكتېرى بىر - بىرىدىن پەرقلىق، ھەر بىرى ئۆزىگە خاس ھالدا رەھىمسىز بولغان شاھلارنىڭ، خانلارنىڭ، بەگلەرنىڭ خىزمىتىدە رەسىم سىزىپ، ماھارەت كۆرسىتىپ ئەما بولغان مىڭلىغان رەسساملارنىڭ چوڭقۇر ھەسرىتىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. شاگىرتلىق يىللىرىمىزدا يېگەن تاياقلىرىمىزنىڭ، سىزغۇچلار بىلەن مەڭزلىرىمىز قىزىرىپ كەتكۈچە ئەدەپلەنگىنىمىزنىڭ، مەرمەر سىلىقلىغۇچ بىلەن تاقىر باشلىرىمىزغا ئۇرغان چاغلاردىكى ئاغرىق ئازابىنى، قىيىن - قىستاقتا ئېلىش ئۇسۇللىرى ۋە جازا قوراللىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر ئىپتىدائىي كىتابنىڭ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلىغاندا نومۇس ھېس قىلدىم. قىيىن - قىستاقنى

دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئادالىتىنى قوغداش ئۈچۈن قازىنىڭ نازارىتىدە قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئۇسۇل دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى بىزنىڭ قانچىلىك رەھىمسىز ۋە يامان نىيەتلىك ئىكەنلىكىمىزنى دىنداشلىرىغا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشنىڭ دەسمايىسى قىلغان كۆپپار سەيياھلار بۇ رەسىملەرنى ئۈچ - تۆت تىللاغا تېز سىزىپ بېرىشنى راۋا كۆرگەن ۋىجدانسىز رەسساملارغا ئىشلەتكەن بۇ پەسكەش كىتاب ئوسمانىيەنىڭ خەزىنىسىگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن مانا شۇ پالاق - تاياق بىلەن ئۇرۇش، كىرېستقا مىخلاش، دارغا ئېسىش، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئېسىش، كانارغا ئېسىش، قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇش، زەمبىرەكتە ئۇچۇرۇش، مىخلاش، بوغۇش، بوغۇزلاش، ئاچ ئىتلارغا تالىتىش، قامچىلاش، تاغارغا قاچىلاش، پەرىسلاش، سوغۇق سۇغا پاتۇرۇش، چېچىنى يۇلۇش، بارماقلىرىنى سۇندۇرۇش، تېرىسىنى شىلىش، بۇرنىنى كېسىش ۋە كۆزلىرىنى ئويۇش قاتارلىق ئەھۋاللار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرنى سىزغاندا، رەسسامنىڭ ئالغان چۈشكۈن ھۇزۇرىدىن ئىنتايىن نومۇس قىلدىم. پەقەت بىزگە ئوخشاش پۈتۈن شاگىرتلىق يىللىرىدا رەھىمسىزلەرچە پالاق يېگەن، تاياق يېگەن، سىزغۇچنى خاتا تۇتۇپ سىزىقنى مايماق چىقىرىۋەتكەن ئەسەبىي ئۇستازنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشى ئۈچۈن مۇشتلانغان، ئىچىمىزدىكى شەيتان ئۆلۈپ، رەسىم جىنىغا ئايلىنىدۇ دەپ بىر نەچچە سائەتلەپ تاياق ۋە گەزلەر بىلەن ئۇرۇلغان خاس رەسساملار پالاق ۋە قىيناق - جازالار تەسۋىرلەنگەن رەسىمنى سىزىشتىن شۇ قەدەر چوڭقۇر ھۇزۇرلىناتتى ۋە بۇ قوراللارنى كىچىك بالىنىڭ لەگلىكىنى بويىغاندەك خۇشال - خۇراملىق بىلەن بويايتتى.

بىز ئىشلىگەن كىتابلاردىكى رەسىملەرنى بىر نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىن تاماشا قىلغانلار، گەرچە يىراقتىن ئانچە ياخشى چۈشەنمەي، يېقىنلىشىش ۋە چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن تاماشا قىلمايدىغانلار بەلكىم مەن سوغۇق خەزىنە ئامبىرىدا رەسىملەرنى تاماشا قىلغاندا ھېس قىلغان نومۇس، خۇشاللىق ۋە چوڭقۇر ھەسرەتنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ. سوغۇقتىن سەزگۈسىنى يوقاتقان ئاجىز قوللىرىم سەھىپىلەرنى ۋاراقلىغاندا، سەدەپ

ساپلىق تۆھپىكار لوپا ئەينىكىم ۋە سول كۆزۈم رەسىملەرنىڭ ئۈستىدىن
خۇددى پۈتۈن جاھاننى كۆزدىن كەچۈرگەن سەرگەردان لەيلەكتەك، ئاستىـ
دىكى مەنزىرىگە ھودۇقماي يەنىلا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ يېڭى شەيئىلەرنى
كۆزدىن كەچۈرەتتى. بىر قانچە يىللاردىن بۇيان بىزگە كۆرسىتىلمىگەن ۋە
بەزىلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئاڭلىغان سەھىپىلەردىن قايسى رەسساملارنىڭ
كىمدىن نېمىنى ئۆگەنگەنلىكىنى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇسلۇب دېيىلگەن
نەرسىنىڭ دەسلەپ قايسى رەسىمخانىلاردا قايسى شاھنىڭ ھامىيلىقىدا
شەكىللەنگەنلىكىنى، قايسى ئاجايىپ ئۇستازنىڭ كىمگە خىزمەت قىلغانـ
لىقىنى ياكى مەن، مەسىلەن، ھىراتتىن جۇڭگونىڭ تەسىرى بىلەن پۈتۈن
پارس دىيارىغا تارقالغانلىقىنى بىلىدىغان غۇژمەك ـ غۇژمەك جۇڭگو ئۇسـ
لۇبىدىكى بۇلۇتلارنىڭ قەزۋىنىدىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى بىلىپ، ئارىلاپ ـ
ئارىلاپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ھارغىن ھالدا ”پاھ!“ دەيتتىم. لېكىن ئىچكى دۇنيا-
يىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلانغان ھەمدە سىلەر بىلەن ئورتاقلىششقا
ئامالسىز بولغان ھەسرەت ۋە نومۇسلار، شاگىرتلىق ۋاقىتلىرىدا كۆپىنـ
چىسى ئۇستىلىرىدىن تاياق يېگەن ئاي يۈزلۈك، ئۆتكۈر كۆزلۈك، غۇنچە
بوي، سۇباتلىق رەسساملارنىڭ رەسىم ئۈچۈن چەككەن ئازاب ۋە خورلۇقـ
لىرى، ھېس قىلغان ھاياجان ۋە ئۈمىدلىرى، ئۇستىلىرىنىڭ غەمخورلۇقى
ۋە ئورتاق رەسىم ئىشتىياقى ھەمدە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نامسىز يوقاپ
كېتىشلىرى ۋە ئەمالىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

بىر قانچە يىللاردىن بېرى سۇلتانىمىزغا ئۇرۇش ۋە خۇشاللىق تەسـ
ۋىرلەنگەن رەسىملەرنى سىزغانلىقىم ئۈچۈن، رەسىم سىزالايدىغانلىقىمنى
روھىم ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان ھالدا، ئاشۇ سەزگۈر ۋە نازۇك
ھېسسىياتلار ئالىمىگە مانا شۇنداق قايغۇ ۋە ھەسرەت بىلەن كىردىم. بىر
رەسىملەر توپلىمىدا، خۇددى شۇ تاپتا ماڭا ئوخشاش تىزىغا بىر كىتابنى
قويغان قىزىل لەۋلىك، زىلۋا بويلۇق بىر پارس يىگىتنى كۆردۈم ـ دە،
بۇنىڭدىن ئالتۇن ۋە ئىقتىدار قوغلىشىدىغان شاھلار ئۇنۇتقان بىر نەرسىـ
نى، يەنى پۈتۈن گۈزەللىكلەر ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئەسلىدىم.
باشقا بىر رەسىملەر توپلىمى سەھىپىسىدە، ئىسفاھانلىق بىر ياش ئۇستاز
سىزغان بىر ـ بىرىگە ئاشىق بولغان ئىككى پەۋقۇلئاددە سۇباتلىق ياشنى

كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ياش ئالغان ھالدا ئۆزۈمنىڭ سۇباتلىق شاگىرتلىرىمنىڭ رەسىمگە بولغان ئىشتىياقىنى ئەسلىدىم. رەسىمدە لەۋلىرى گىلاس رەڭ، شەھلا كۆز، قاڭشارلىق، تال بەرگىدەك گۈزەل قىز يېنىدىكى ئۆزىنىڭكىدەك پۈتلىرى زىلۋا، سۈزۈك تەنلىك، نازۇك ۋە مۇلايىم يىگىتنىڭ يالىڭاچلانغان نازۇك بىلەكلىرىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ يىگىت بولسا، چىرايلىق بىلەكلىرىگە مۇھەببىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ۋە قىزغا بولغان رىشتىسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئوت بىلەن داغلاپ ئۈچ كىچىك داغ ھاسىل قىلغان بولۇپ، قىز ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەتلىك نەزىرى بىلەن گويا ئۈچ دانە چىرايلىق گۈلنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

يۈرىكىم غەلىتە تېز سوقۇشقا باشلىدى. تەبرىزنىڭ قارا قېرىنداش ئۇسلۇبى بىلەن سىزىلغان، تېرىسى مەرمەردەك سۈزۈك سۇباتلىق يىگىتلەرنى، كۆكسى يېڭى كۆتۈرۈلگەن نازۇك قىزلارنى كۆرسىتىدىغان شەھۋانىي رەسىملەرنى كۆرگىنىمدە، دەسلەپكى شاگىرتلىق چاغلىرىمدا، يەنى بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرى كۆرگىنىمدەك پېشانەمنى مۇنچاق - مۇنچاق تەر باستى. ئۇستىلىققا دەسلەپ قەدەم قويۇپ، ئۆيلىنىپ بىر نەچچە يىل كېيىن، رەسىمخانىغا شاگىرت نامزاتى قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان پەرىشتە چىراي، شەھلا كۆز، گۈل تەنلىك سۇباتلىق بىر ياشنى كۆرگىنىمدە ھېس قىلغان چوڭقۇر خىيالنى ۋە رەسىم سىزىشقا بولغان ئىشتىياقىمنى ئەسلىدىم. شۇ ئاندا رەسىم سىزىشنىڭ نومۇس ۋە ھەسرەت بىلەن ئەمەس، بەلكى مەن ھېس قىلىۋاتقان بۇ ئارزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇستا رەسسامنىڭ ماھارىتى بۇ ئارزۇنى ئالدى بىلەن ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتكە، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتنى ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئالەمگە بولغان مۇھەببەتكە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى شۇنداق كۈچلۈك ھېس قىلدىمكى، قوچىقىمدىكى ئىش تاختىسى بىلەن ئولتۇرۇپ دوك بولۇپ كەتكەن بارچە يىللارنى، ھۈنىرىمنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يېگەن بارلىق تاياقلارنى، رەسىم سىزىپ كۆزلىرىمنى ئەما قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىمنى، رەسىم ئۈچۈن ئۆزۈم چەككەن ۋە باشقىلارغا چەكتۈرگەن بارلىق ھەسرەتلەرنى بەختىيار بىر ئىشتىياقنىڭ غەلىبىسى سۈپىتىدە بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەنئى قى-

لىنغان بىر نەرسىگە قارىغاندەك، بۇ ئاجايىپ جەزبىدار رەسىمگە ئۇن -
تىنسىز ئۆزۈندىن - ئۆزۈن ۋە ئوخشاش ئىشتىياق بىلەن قارىدىم. خېلى
ئۆزۈندىن كېيىنمۇ يەنىلا قاراپ تۇراتتىم، ئىختىيارسىز كۆزۈمدىن چىق-
قان بىر تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ ئېڭىكىمگە چۈشتى.
خەزىنە ئامبىرىدا ئاستا - ئاستا سىلجىۋاتقان شامدانلاردىن بىرىنىڭ
ماڭا يېقىنلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ رەسىملەر توپلىمىنى بىر ياققا قويۇپ، با-
يا پەتەك يېنىمغا يۆتكەپ قويغان كىتابلاردىن بىرىنى خالىغانچە ئاچتىم.
بۇ شاھلار ئۈچۈن ئىشلەنگەن مەخسۇس بىر توپلام بولۇپ، بىر چىمەنزار-
نىڭ چېتىدە بىر - بىرىگە ئاشىق ئىككى كېيىكنى كۆردۈم. بۆرىلەر
ئۇلارنى بىر - بىرىدىن دۈشمەنلەرچە قىزغىنىشاتتى. سەھىپىنى ئۆرۈپ،
پەقەت ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلا سىزالايدىغان تورۇق ۋە قىزىل ئاتلار-
نى كۆردۈم. ئۇلار ئىنتايىن كۆركەم ئىدى! سەھىپىنى يەنە ئۆرىگىنىمدە
ئىشەنچ بىلەن ئولتۇرغان بىر قەلەمكەشنىڭ رەسىمىنى كۆردۈم: بۇ 70
يىللىق بىر رەسىم ئىدى. ئۇنىڭ كىملىكىنى دەرۋەقە يۈزىدىن بىلەلمەيت-
تىم، چۈنكى ھەرقانداق كىشىگە ئوخشىتىشقا بولاتتى. رەسىمدىكى كەيپى-
يات، ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ساقاللىرىنىڭ بىر نەچچە رەڭگە بويالغانلىقى
ئەقلىمگە بىر ئىشلارنى كەلتۈردى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى، رەسىمدىكى
ئاجايىپ قولنى تونۇدۇم. كۆڭلۈم مەندىنمۇ بۇرۇن سەزگەنىدى. بۇنداق
چىرايلىق قولنى پەقەت بەھزاتلا سىزالايتتى. دېمەك، رەسىم ئۇلۇغ ئۇس-
تاز بەھزاتنىڭ ئىدى. گويا رەسىمدىن يۈزۈمگە بىر نۇر چۈشكەندەك بول-
دى.
ئۇلۇغ ئۇستاز بەھزات سىزغان رەسىملەرنى بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر
نەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم. لېكىن بۇ رەسىملەرنى ئۆزۈم يالغۇز ئەمەس،
بىر قانچە يىللارنىڭ ئالدىدا پېشقەدەم ئۇستازلار بىلەن بىللە كۆرگەنىدى-
كىمىز ئۈچۈن، بەلكىم رەسىمنىڭ ئۇلۇغ بەھزاتنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەن-
نەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھازىرقىدەك كۆزۈم قاماشمىغانىدى.
خەزىنە ئامبىرىنىڭ زەي پۇرايدىغان قاراڭغۇلۇقى گويا يورۇپ كەتتى.
بۇ چىرايلىق سىزىلغان قول بىلەن ۋە مەن بايا كۆرگەن مۇھەببەت ئىشا-
رەتلىرى بىلەن داغلانغان ھېلىقى ئاجايىپ نازۇك بىلەك كاللامغا بىرلەش-

تى. ئاللاھ بۇ گۈزەللىكلەرنى ماڭا ئەما بولماستا كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن شۈكۈر قىلدىم. يېقىندا ئەما بولىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي؟ بىلمەيمەن! قولىدا شامدان تۇتقان ھالدا مەن كۆرۈۋاتقان سەھىپىگە قاراۋاتقان قاراغا سەزگۈلىرىمنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدۇم، لېكىن ئاغزىمدىن باشقا بىر گەپ چىقتى.

— قولىنىڭ چىرايلىقلىقىغا قارا، بۇ بەھزاتنىڭ، — دېدىم.

ياش ۋاقتىمدا ھەممىسىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ياخشى كۆرىدى-غان، مۇلايىم، تېنى يۇمران، سۇباتلىق شاگىرت باللاردىن بىرىنىڭ قو-لىنى تۇتقاندەك، قولۇم ئۆزلۈكىدىن قارانىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇنىڭ قولى سىلىق ۋە مەزمۇت ھەمدە مېنىڭكىدىن ئىسسىق ئىدى. بىلىكىنىڭ تومۇر-لۇق ئىچكى تەرىپى مېنى سۆيۈندۈرگىدەك نازۇك ۋە كەڭ ئىدى. ياش ۋاقتىمدا بىر شاگىرت بالىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ موي قەلەمنى قانداق تۇتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ قورقۇمسىرىغان تاتلىق كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە كۆزلىرىمنى مېھرىبانلىق بىلەن تىكەتتىم. قاراغا شۇنداق قاراپ، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدا قولىدا تۇتقان شامداندىكى شامنىڭ يالقۇنىنى كۆردۇم. "بىز رەسساملار ھەممىمىز قېرىنداش، — دېدىم، — لېكىن ئەمدى ھەممە ئىش تامام بولغۇسى"

— قانداقچە؟

ئۆمرىنى بىر خاقانغا، شاھزادىگە بېغىشلىغان، ئۇنىڭ رەسىمخانى-سىدا پېشقەدەم ئۇستازلاردەك ئاجايىباتلارنى ياراتقان ۋە ھەتتا رەسىمخانى-نىڭ بىر ئۇسلۇبى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان ئۇلۇغ ئۇستاز ھامىيسى بولغان خان ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغان چاغدا، ئۇنىڭ شەھرىگە باستۇرۇپ كەلگەن تاجاۋۇزچى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كەينىدىنلا تاپ بېسىپ كەل-گەن يېڭى ھۆكۈمدار، مۇقەررەر ھالدا ئىلگىرىكى خاننىڭ رەسىمخانىسىنى تارقىتىۋېتىدىغانلىقىنى، كىتابلىرىنىڭ مۇقاۋىلىرىنى چۇۋۇپ، سەھىپى-لىرىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، رەسىمدە تەسۋىرلەنگەن ۋە رەسسامنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بولغان ھەمدە ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆ-رىدىغان ئۇششاق - چۈششەك تەسۋىر - تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسىنى پەس كۆرۈپ بۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىختىيارسىز "ئەمدى

ھەممە ئىش تامام بولغۇسى" دەپ ئەما بولۇشنى ئارزۇ قىلىپمۇ قالىدۇ. بۇ سۆزنى شۇنداق دېدىم. لېكىن قاراغا بۇنى باشقىچە چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك ئىدى.

— بۇ رەسىم ئۇلۇغ شائىر ئابدۇللا خاتىفىنىڭ رەسىمى، — دېدىم، — خاتىفى شۇنداق ئۇلۇغ بىر شائىركى، شاھ ئىسمائىل ھىراتقا كىرگىنىدە، كىشىلەر ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشقان، لېكىن ئۇ ئورنىدىن مىدىرلىمىغان، شاھ ئىسمائىلمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا، يەنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئۆيىگە يوقلاپ بارغانىكەن. بۇنىڭ خاتىفىنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى ئۇستاز بەھزات سىزغان خاتىفىنىڭ يۈزىدىن ئەمەس، رەسىمنىڭ تېگىدىكى يېزىقتىن بىلىمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

قارا گۈزەل كۆزلىرى بىلەن "شۇنداق" دەپ ماڭا قارىدى. — رەسىمدىكى شائىرنىڭ چىرايىغا قارىغاندا، — دېدىم، — ئۇنىڭ باشقا چىرايلاردەك ھەرقانداق بىر چىراي ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. رەھمەتلىك ئابدۇللاخاتىفى ھازىر بۇ يەردە بولسا ئىدى، بۇ رەسىمدىكى چىرايدىن ئۇنى تونۇيالمايتتۇق. ئەمما مانا بۇ رەسىمنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىپ تونۇيتتۇق. رەسىمنىڭ كەيپىياتىدا، خاتىفىنىڭ تۇرقىدا، رەڭلەردە، ھەل بېرىشتە ۋە ئۇستاز بەھزات سىزغان ئۇ چىرايلىق قولدا شۇنداق بىر نەرسە باركى، بۇ بىر شېئىرنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكى شۇئان ئەقلىگە كېلىدۇ. چۈنكى رەسىمىمىزدە مەنە شەكىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھازىر سۇلتانىمىز رەھمەتلىك يېزنە تاغاڭغا ھاۋالە قىلغان كىتابتىكىدەك، پەرەڭ ۋە ئىتالىيە ئۇستازلىرىنى دوراپ رەسىم سىزىشقا باشلىغاندا، مانا بۇ مەنە ئالىمى تۈگەپ، شەكىل ئالىمى باشلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ پەرەڭ ئۇسۇلى بىلەن ...

— رەھمەتلىك يېزنە تاغام ئۆلتۈرۈلدى، — دېدى قارا قوپال تەلەپپۇزدا.

ئالىقىنىمدىكى قارانىڭ قولىنى، ياش بىر شاگىرتنىڭ كەلگۈسىدە ئاجايىباتلارنى سىزىشقا نامزات بولغان كىچىك قولىنى ھۆرمەت بىلەن سىققاندەك سىقتىم. بىر ھازا جىمجىت تۇرۇپ، بەھزاتنىڭ ئاجايىباتىغا ھۆرمەت بىلەن قارىدۇق. كېيىن، قارا قولىنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ:

— ئالدىنقى سەھىپىدىكى تورۇق ئاتلارنىڭ بۇرنىغا قارىيالماي ناھا-

يىتى تېز ئۆتۈپ كەتتۇق، ــ دېدى.

ــ ئۇ يەردە بىر نەرسە يوق، ــ دېدىم ۋە كۆرسۇن دەپ ئالدىنقى سە- ھىپىنى ئاچتىم. ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدە ھېچقانداق ئالاھىدىلىك يوق ئىدى.

ــ بۇرۇنلىرى غەلىتە ئاتلارنى قاچان تاپىمىز؟ ــ دەپ سورىدى قارا كىچىك بالىدەك.

لېكىن تۈن يېرىمىدىن سەھەرگىچە بولغان ئارىلىقتا پەتەك بىلەن ئىككىمىز شاھ تەھمەسىپنىڭ ھەيران قالارلىق «شاھنامە»سىنى بىر تۆ- مۈر ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى يىپەك رەختلەرنىڭ، يېشىل ئەتلەسلەرنىڭ تې- گىدىن تېپىپ قولىمىزغا ئالغىنىمىزدا، قارا بىر ئۇشاق گىلەمنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ، مەرۋايىت بىلەن نەقىشلەنگەن دۇخاۋا ياستۇققا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. لېكىن ھەيران قالارلىق كىتابنى بىر قانچە يىللاردىن كېيىن يېڭىدىن كۆرۈش بىلەنلا شۇئان چۈشەنگەنىدىم: مەن ئۈچۈن كۈن يەنە يېڭىدىن باشلانغانىدى.

بۇ كىتاب شۇ قەدەر چوڭ ۋە ئېغىر ئىدىكى، جەزمى ئاغا بىلەن ئىك- كىمىز ئاران مىدىرلاتتۇق. 25 يىلنىڭ ئالدىدا يىراقتىن كۆرگەن مۇقاۋى- سىنى تۇتقىنىمدا، كۆڭنىڭ ئىچىگە تاختاي ئېلىنغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ- نىڭدىن 25 يىل ئىلگىرى قانۇنىي سۇلتان سۇلايمان ئالەمدىن ئۆتكەندە، شاھ تەھمەسىپ تەبرىزنى ئۈچ قېتىم ئىشغال قىلغان بۇ پادىشاھتىن قۇ- تۇلدۇم دەپ شۇنداق خۇش بولغانىدىكى، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان سۇلتان سەلىمگە تۆگە - تۆگە ھەدىيەلەر بىلەن بىللە ھەيران قالارلىق بىر «قۇرئان كەرىم» بىلەن خەزىنىسىدىكى بۇ ئەڭ ياخشى كىتابنى يوللى- غانىدى. كىتاب ئاۋۋال 300 كىشىلىك پارس ئەلچىلىك ھەيئىتى بىلەن بىللە شۇ چاغدا يېڭى پادىشاھ قىشنى شىكار بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئەدىرنە ① گە بېرىپ، باشقا ھەدىيەلەر بىلەن بىللە تۆگىلەر ۋە قېچىرلارغا يۈكلە- نىپ ئىستانبۇلغا كەلگەندە، خەزىنىگە قويۇلۇشتىن ئاۋۋال باش رەسسام قارا مەمى بىلەن بىز ئۈچ ياش ئۇستاز كىتابنى كۆرگىلى بارغانىدۇق. خۇددى ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن پىلنى، ئافرىقىدىن ئېلىپ كەلگەن

① ئەدىرنە ــ تۈركىيىنىڭ شىمالدىكى بىر ئۆلكىسى. ــ ت.

زىراپىنى كۆرگىلى بارغان ئىستانبۇللۇقلاردەك ئوردىغا يۇگۇرۇشۇپ بارغان شۇ كۈنى، ئۇلۇغ ئۇستاز بەھزاتنىڭ ياشلىقىدا ھىراتتىن تەبرىزگە بارغانلىقىنى، لېكىن ئەما بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ كىتابقا قولىنى تەگكۈزمىگەنلىكىنى ئۇستاز قارا مەمىدىن ئاڭلىغان ئىدىم.

ئۇ چاغلاردا يەتتە ـ سەككىز رەسساملىك ئادەتتىكى كىتابلارغا ھەيران بولغان بىزدەك ئوسمانىيە رەسساملىرى ئۈچۈن ئىچىدە 250 پارچە چوڭ رەسىم بار بولغان بۇ كىتابنى كۆرۈش ھەشەمەتلىك ئوردىنى ھەممە كىشى ئۇخلاۋاتقاندا سەيلە قىلغاندەك ئىش ئىدى. كىتابنىڭ ئىشەنگۈسىز مول سەھىپىلىرىنى بىر مۆجىزىدىن كېيىن ئالدىمىزدا غىل ـ پال مەلۇم بولغان جەننەت باغچىسىنى تاماشا قىلغاندەك ئەيمىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۈن ـ تىنسىز كۆرگەنىدۇق.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى 25 يىل جەريانىدا، خەزىنىدە ياتقان بۇ كىتاب ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشىپ كەلگەنىدۇق.

25 يىلدىن كېيىن، ھەيران قالارلىق «شاھنامە» نىڭ قېلىن مۇقاۋىسىنى ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى ئاچقاندەك ئۈن ـ تىنسىز ئاچتىم. ئەمما يېقىملىق ئاۋازدا شاراقلىغان سەھىپىلەرنى ۋاراقلىغاندا، قەلبىمدە ھەيرانلىقتىن بەكرەك ھەسرەت ھېسسىياتى قوزغالدى.

1. ئىستانبۇللۇق پۈتۈن ئۇستا رەسساملارنىڭ بۇ كىتابنىڭ سەھىپىلىرىدىن بىر نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋەجىدىن ئالدىمدىكى رەسىملەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدىم.

2. ئۇ كىتابنىڭ 5 — 6 رەسىمدە بىر ئۇچرايدىغان ئاجايىباتلىرىغا (تاھمۇراس كېيىنكى تىنچلىق مەزگىلىدە ئۆزىگە ئېلىپبەنى، گرېكچىنى ۋە ھەرخىل تىللارنى ئۆگەتمىدىغان شەيتانلار ۋە دىۋىلەرنىڭ باشلىرىغا نەيزىنى نېمە دېگەن كەسكىن ۋە نەپىس ئۇرغان!)، بىرەر بۇرجەكلىرىدە بەھزات سىزغان قولنى ئۇچرىتىمەن دەپ پۈتۈن دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ قاراشقا ئامالسىز ئىدىم.

3. ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى ۋە قارا بىلەن پەتەكنىڭ بارلىقى كۆرگەنلىرىمگە پۈتۈن دىققىتىم بىلەن قارىشىمغا توسقۇن بولاتتى.

پۈتۈن ئۇلۇغ رەسساملارغا ئاللاھنىڭ بىر ئېھسانىدەك يېقىنلاشقان

قاراڭغۇلۇقنىڭ دۇخاۋا پەردىسى كۆزلىرىمنىڭ ئالدىغا چۈشۈشتىن ئاۋۋال
بۇ ھەيران قالارلىق كىتابقا تەبىئىيكى ئاللاھ مەردلەرچە ئېھسان قىلغان
بۇ پۇرسەت بىلەن قانغۇدەك قارىۋېلىش قانداق چوڭ بىر تەلەي بولسا، ئۇ-
نىڭغا قەلبىمدىن كۆپرەك ئەقلىم بىلەن قاراشمۇ بىر قايغۇ ئىدى، ئەلۋەت-
تە. سەھەرنىڭ يورۇقى خەزىنىنىڭ بارغانسېرى بىر سوغۇق قەبرىگە ئوخ-
شاپ قېلىۋاتقان ئامبىرىغا چۈشكىچە بۇ تەڭداشسىز كىتابنىڭ 259 (250
ئەمەس) رەسىمىنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا ئەقىل كۆزۈم بىلەن
قارىدىم. بۇنى ئەقلىي ھۆكۈمگە قىزىقىدىغان ئەرەب ئالىملىرىدەك، يەنە
بىر قېتىم ماددىلارغا ئايرىپ چۈشەندۈرەي.

1. بۇرۇن تۆشۈكلىرى پەسكەش قاتىلنىڭ سىزغىنىغا ئوخشايدىغان
بىر ئاتنى رۇستەم تۇراندا ئات ئوغرىلىرىنىڭ پېيىدە يۈرگەندە ئۇچراتقان
رەڭگارەڭ ئاتلار، ئەرەب سۇلتانى ئىجازەت بەرمىگەندە، پەرىدۇن شاھ مىنىپ
دىجلە دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن ھەيران قالارلىق ئاتلار، ئاتىسى بىر ئوغ-
لىغا يىراقتىكى پارس دىيارىنى، يەنە بىرىگە تېخىمۇ يىراق جۇڭگو دىيارى-
نى بەرگەندە، ئەڭ كىچىك ئوغلى ئىرەچكە ئەڭ ياخشى دىيار بولغان ئىراد-
نى بەردى دەپ كىچىك قېرىندىشىدىن قىزغانغان چوڭ ئاكىسى تۇر ئى-
رەچنىڭ كاللىسىنى خائىنلارچە چاپقاندا، بۇ مەنزىرىلەرنى يىراقتىن كۆ-
رۈپ تۇرغان غەمكىن بوز ئاتلار، ئىسكەندەرنىڭ ھازارلار① ، مىسىرلىقلار،
بەربەرىيلەر② ۋە ئەرەبلەرنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ساۋۇتلار، تۆمۈر قال-
قانلار، سۇنماس قىلىچلار ۋە يالتىرلاپ تۇرىدىغان تۆمۈر قالپاقلار بىلەن
قوراللانغان قەھرىمان قوشۇنىنىڭ ئاتلىرى، ئاللاھ پېشانىسىغا يازغان تەق-
دىرگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن توختىماي بۇرنى قانىغان شاھ يازغىرد
شىپالىق سۈيى بىلەن داۋالىنىپ ساقايغان يېشىل كۆلنىڭ بويىدا، كۈتۈل-
مىگەن يەردىن ئۇنى ئاللاھنىڭ جازاسى بىلەن دەسسەپ ئۆلتۈرگەن ئاجايىپ
ئات ۋە ئالتە - يەتتە رەسسام بىرلىكتە سىزغان يۈزلىگەن ئەپسانە ۋە ھە-
قىقىي ئاتلار ئىچىدە ئۇچرىتالمىدىم. لېكىن خەزىنىدىكى باشقا كىتابلارنى
كۆرۈش ئۈچۈن يەنە بىر كۈندىن ئارتۇق ۋاقتىم بار ئىدى.

---

① ھازارلار ــــ كاسپىي دېڭىز ئەتراپىدىكى خەلقلەر.

② بەربەرىيلەر ــــ جازايىرلىقلار.

2. كېيىنكى 25 يىل جەريانىدا ئۇستا رەسساملارنىڭ ئارىسىدا غەيۋەت ـ شىكايەت تېمىسى بولغان بىر دەۋا بار ئىدى: بىر رەسسام ئاسان كىرگىلى بولمايدىغان بۇ خەزىنە ئامبىرىغا سۇلتاننىڭ ئىجازىتى بىلەن كىرىپ، بۇ ھەيران قالارلىق كىتابنى تېپىپ، شام يورۇقىدا ئۇلگە دەپتەرلىرىگە ناھايىتى كۆپ ئات، دەرەخ، بۇلۇت، گۈل، قۇش، باغچا ۋە ئۇرۇش، مۇھەببەت كۆرۈنۈشى تەسۋىرلىرىدىن ئۇلگە ئالغان ۋە كېيىن بۇلاردىن پايدىلانغان ... شۇنىڭدىن كېيىن قاچانكى بىرەر رەسسام ھەيران قالارلىق ۋە پەۋقۇلئاددە بىر نەرسىنى سىزىپ قالسا، باشقىلار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ رەسىمىنى ئەنە شۇنداق تەبرىزنىڭ پارس رەسىمى دەپ كەمسىتىش ئۈچۈن، بۇ ئىغۋالارنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر يېڭىۋاشتىن كۆتۈرۈپ چىقىشاتتى. ئۇ چاغلاردا تەبرىز سۇلتانىمىزنىڭ دىيارى ئەمەس ئىدى. مېنىڭ ھەققىمدىمۇ پىتنە ـ ئىغۋا قىلىشقاندا، مەنمۇ يوللۇق يوسۇندا غەزەپلەنگەن بولساممۇ، لېكىن يوشۇرۇنچە خۇشمۇ بولغان ئىدىم. شۇڭا، بۇ ئىغۋالار باشقىلارنىڭ ئۇستىدىن توقۇلغان چاغدا مەنمۇ ئىشەنگەنىدىم. مانا ئەمدى غەلىتە بىر شەكىلدە 25 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ كىتابنى بىر قېتىم كۆرگەن رەسساملاردىن بىز تۆتەيلەننىڭمۇ ئۇنى يادىمىزدا تۇتۇپ، پۈتۈن 25 يىل مابەينىدە ئۇنى ئاڭسىزلارچە ئۆزگەرتىۋېرىپ سۇلتانلارنىڭ كىتابلىرىغا سىزغانلىقىمىزنى قايغۇلۇق ھالدا كۆردۈم. بۇ كىتابنى ياكى باشقىلىرىنى خەزىنىسىدىن چىقىرىپ ئالدىمىزغا قويمىغان قەھرلىك سۇلتانلىرىمىزنىڭ رەھىمسىزلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۆز رەسىم ئالىمىمىزنىڭ نەقەدەر تار ئىكەنلىكىگە ھەسرەتلىنەتتىم. ھىراتلىق ئۇلۇغ ئۇستازلار ياكى تەبرىزلىك يېڭى ئۇستىلار بولسۇن، پارس رەسساملىرى بىز ئوسمانىيە رەسساملىرىدىنمۇ مۇكەممەل رەسىملەرنى ۋە ئاجايىباتلارنى سىزىشتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن مەن پۈتۈن رەسساملىرىم قىستاق ـ سوراقتىن ئۆتسە قانداق ياخشى بولاتتى دەپ ئويلىدىم ۋە ئالدىمدا ئوچۇق تۇرغان رەسىمدە قولۇمنىڭ ئاستىغا دەسلەپ كەلگەن يۈزنىڭ كۆزلىرىنى قەلەمتىرىشىمنىڭ ئۈچى بىلەن رەھىمسىزلەرچە قىرىۋەتتىم. بۇ ھىندىستان ئەلچىسى ئېلىپ كەلگەن شاھمات تاختىسى بىلەن تاشلىرىغا قاراپ شاھمات

ئويۇننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگىنە - ئۆگەنمەي ئۇستا ھىندىستانلىقنى يەڭگەن پارس ئالىمىنىڭ ھېكايىسى بولۇپ، ياخشى بىر پارس يالغانچىلىقى ئىدى! شاھمات ئوينىغۇچىلارنىڭ، ئۇلارنى تاماشا قىلغان شاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆزلىرىنىمۇ بىر - بىرلەپ قىرىۋەتتىم. سەھىپىلەرنى كەينىگە ۋاراقلاپ، رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇشقان شاھلارنىڭ، ھەشەمەتلىك ساۋۇتلارنى كىيگەن ھەيۋەتلىك قوشۇنلاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ ۋە يەرلەردىكى كېسىلگەن باشلارنىڭمۇ كۆزلىرىنى قايتا - قايتا رەھىمسىزلەرچە قىرىۋەتتىم. بۇ ئىشنى ئۈچ سەھىپىگە قىلغىنىمدىن كېيىن قەلەمتىرىشىمنى كەمىرىمگە قىستۇردۇم.

قوللىرىم تىترەيتتى، لېكىن ئۆزۈمنى بەك ئوسال ھېس قىلمايتتىم. ھازىر 50 يىللىق رەسساملىق ھاياتىمدا ناھايىتى كۆپ ئۇچراتقان ھەم مۇشۇنداق غەلىتە ئىشنى قىلغان شۇنچە كۆپ ساراڭلارنىڭ نېمىنى ھېس قىلغانلىقىنى كىم چۈشىنەتتى؟ مەن قىرىۋەتكەن كۆزلەرنىڭ ئىچىدىن كىتابنىڭ سەھىپىلىرىگە قان تامچىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

3. بۇمۇ مېنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدىكى ئازابقا ۋە تەسەللىگە ئېلىپ كېلىدۇ. شاھ تەھمەسىپ ئەڭ ئۇستا پارس رەسساملىرىنى ئون يىل ئىشلىتىپ سىزدۇرغان بۇ گۈزەل كىتابقا ئۇلۇغ ئۇستاز بەھزاتنىڭ قەلىمى تەگمىگەن. ئۇنىڭ ئۇ چىرايلىق قوللىرى ھېچ يەرگە سىزىلمىغانىدى. ئۇ ئۆزى نەزەردىن چۈشكەن ھىراتتىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تەبرىزگە كەلگىنىدە ئاللىقاچان ئەما بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئىشلەپ پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ نۇقسانسىز مۇكەممەللىكىگە يەتكەن چاغدا رەسىمنى باشقا ھېچقانداق رەسىمخانىنىڭ ۋە ياكى شاھنىڭ ئارزۇلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئەما قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم خۇشاللىق بىلەن چۈشەندىم.

قارا بىلەن پەتەك قوللىرىدىكى قېلىن بىر تومنى ئېچىپ شۇئان ئالدىمغا قويۇشتى.

— ياق، بۇ ئەمەس، — دېدىم تەرسالىق قىلماي، — بۇ بىر موڭغۇل «شاھنامە»سى: ئىسكەندەرنىڭ تۆمۈردەك قۇدرەتلىك ئاتلىق قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۆمۈر ئاتلىرىغا نېفىت قاچىلاپ ئوت ئالدۇرغاندا بۇرۇن تۆ-

شۇكلىرىدىن پۇرقىراپ چىققان ئوت يالقۇنى بىلەن دۇشمەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

جۇڭگو رەسىملىرىنىڭ تەسىرى بىلەن سىزىلغان ئوت يالقۇنى ئىچىدىكى بۇ تۇمۇر قوشۇنغا قارىدۇق.

— جەزمى ئاغا، — دېدىم، — بۇنىڭدىن 25 يىل ئىلگىرى شاھ تەھمەسىپنىڭ بۇ كىتابىنى ئېلىپ كەلگەن پارس ئەلچىلىرىنىڭ ھەدىيەلىرىنى كېيىن بىز «سەلىم نامە»① دە سىزغانىدۇق ...

ئۇ «سەلىم نامە» تومىنى دەرھال تېپىپ كېلىپ ئالدىمغا قويدى. ئەلچىلەر رەھمەتلىك سۇلتان سەلىمگە باشقا ھەدىيەلەر بىلەن بىرلىكتە شاھنامىنى سۇنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پارقىراق رەڭ بېرىلگەن سەھىپىگە بىر - بىرلەپ يېزىلغان ھەدىيەلەرنىڭ ئارىسىدا بىر چاغلاردا ئوقۇپ گويا ئىشىنەلمىگەنلىكىم ئۇچۇن ئۇنتۇغان يېزىقنى كۆزۈم ئۈزلۈكسىز ئىزدەيتتى — بايقىدى:

*ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ۋە ئۇستازلار ئۇستازى رەسسام بەھزاتنىڭ كۆزلىرىنى ئەما قىلىشتا ئىشلەتكەن فىرۇزە ساپلىق ۋە سەدەپ بىلەن نەقىشلەنگەن ئالتۇن تاج يىڭنىسى.*

پەتەكتىن «سەلىم نامە» توپلىمىنى قەيەردىن تاپقانلىقىنى سورىدىم. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، خەزىنە ئامبىرىنىڭ چاڭ - توزانلىق قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ساندۇقلار، رەخت ۋە گىلەم دۆۋىلىرى، ئىشكاپلار ئارىسىدىن ۋە پەلەمپەي ئاستىلىرىدىن ئېڭىشىپ ماڭدۇق. بىر يوغىناپ بىر كىچىكلىگەن كۆلەڭگىلىرىمىزنىڭ قالقانلار، پىل چىشلىرى، يولۋاس تېرىلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. ئەينى ئاجايىپ قىزىل رەخت ۋە دۇخاۋا رەڭگىگە پۇركەنگەن باشقا بىر ئۆيدە «شاھنامە» توپلىمى چىققان تۆمۈر ساندۇقنىڭ يېنىدا باشقا كىتابلارنىڭ، كۈمۈش ۋە ئالتۇن تالالار بىلەن ئىشلەنگەن باش ياغلىقلىرىنىڭ ھەمدە سەيلون ياقۇتلىرىنىڭ، ياقۇت ساپلىق خەنجەرلەرنىڭ ئارىسىدا، شاھ تەھمەسىپ يوللىغان باشقا ھەدىيە-

① «سەلىم نامە» — سۇلتان سەلىمنىڭ يىلنامىسى. — ت.

لەرنىڭ بەزىلىرىنى، ئىسفاھان يىپەك زىلچىلىرىنى، پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن بىر شاھمات تاختىسىنى كۆردۈم ۋە جۇڭگو ئەجدىھالىرى، گۈل - گىياھلىرى ۋە سەدەپ بىلەن نەقىشلەنگەن كۇنلۇك بىلەن ئەمىر تۆمۈر زامانىدىن قالغانلىقى مەلۇم بولغان بىر قەلەم قاپچۇقىنى بايقىدىم. قاپچۇقنى ئاچسام ئىچىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس كۆيگەن قەغەز ۋە گۈل پۇرىقى بىلەن بىللە سېپى فىرۇزە ۋە سەدەپتىن بولغان ئالتۇن تاج يىڭنىسى چىقتى. يىڭنىنى ئالدىم - دە، ئۇچقاندەك ئورنۇمغا قايتتىم.

يالغۇز قالغىنىمدا، ئۇستاز بەھزات ئۆزىنى ئەما قىلغان يىڭنىنى ئۇچۇق تۇرغان «شاھنامە» سەھىپىسىنىڭ ئۇستىگە قويدۇم ۋە ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. بەھزاتنىڭ ئۆزىنى ئەما قىلغان يىڭنىسىنى كۆرگەنلىكتىن ئەمەس، ئۇنىڭ مۆجىزە قوللىرى ئالغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرۈشىمۇ مېنى تىترىتەتتى.

بۇ قورقۇنچلۇق يىڭنىنى شاھ تەھمەسىپ ھەدىيە كىتاب بىلەن بىللە سۇلتان سەلىمگە نېمىشقا يوللىغان بولغىيدى؟ بالىلىق چاغلىرىدا بەھزاتتىن رەسىم دەرسى ئالغان، ياشلىق چاغلىرىدا رەسساملارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن شاھ ياشانغىنىدا شائىرلار ۋە رەسساملارنى ئەتراپىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئۆزىنى ئىبادەتكە بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستازلار ئون يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان بۇ ھەيران قالارلىق كىتابنى قولىدىن چىقىرىشقىمۇ شۇ ۋەجىدىن رازى بولغىيمىدى؟ كىتاب بىلەن بىرلىكتە بۇ يىڭنە ئۇستا رەسسامنىڭ ئاقىۋىتى مانا شۇنداق ئەمالىق ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلسۇن دەپ يوللانغانمۇ، ياكى بىر چاغلاردا چۈشەندۈرگىنىدەك، بۇ ئاجايىپ كىتابنىڭ سەھىپىلىرىنى بىر قېتىم كۆرگەن كىشى ئالەمدە باشقا نەرسىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ دېيىش ئۈچۈنمۇ؟ لېكىن نۇرغۇن ھۆكۈمدارلارنىڭ ياش ۋاقتىدا قىلغىنىدەك، ياش ۋاقتىدىكى رەسىمگە بولغان ئىشتىياقىغا نىسبەتەن گۇناھكارلىق ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ پۇشايمان قىلغان شاھ ئۈچۈن بۇ كىتاب بىر ئاجايىبات ئەمەس ئىدى.

ياشىنىپ ھەپسىلىسى پىر بولغان ناخۇش رەسساملارنىڭ ئېيتقان ھېكايىلىرىنى ئەسلىدىم: قارا قويۇنلۇق ھۆكۈمدارى جىھان شاھنىڭ ھەر-

بىي قوشۇنلىرى شىرازغا كىرىش ئالدىدا، شەھەردىكى ھەيران قالارلىق باش رەسسام ئىبنى ھۇسام ”مەن باشقىچە ئۇسلۇبتا رەسىم سىزمايمەن“ دەپ شاگىرتىغا كۆزلىرىنى داغلاتقانىدى. ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى شاھ ئىسمائىلنى مەغلۇب قىلغاندىن كېيىن تەبرىزگە كىرىپ ھېشىت بېھىشت ئوردىسىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئىستانبۇلغا ئېلىپ كەلگەن رەسساملار ئارىسىدا ياشانغان بىر پارس ئۇستازىنىڭ يولدا كېسەللىكلەر تۇپەيلى ئەمەس، ئوسمانىيە ئۇسلۇبىدا رەسىم سىزالمايمەن دەپ ئۆز - ئۆزىنى دورىلار بىلەن ئەما قىلغانلىقى ئېيتىلغانىدى. رەسساملىرىم ئاچچىقلانغان چاغلاردا، بەھزاتنىڭ ئۆزىنى ئەما قىلغانلىقىنى ئۇلارغا ئىبرەت بولسۇن دەپ مەن ئېيتىپ بېرەتتىم. ئىككىنچى بىر ھەل قىلىش يولى يوقمىدۇ؟ ئۇستا رەسسام يېڭى ئۇسۇللارنى كىچىككىنە بولسىمۇ قوبۇل قىلسا، پۈتۈن بىر رەسىمخانىنى ۋە پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئۇسلۇبىنى بىر ئاز بولسىمۇ قۇتقۇزۇپ قالامسىمۇ؟

نەپەس ئىشلەنگەن ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن تاج يىڭنىسىنىڭ ئۇچىدا بىر قارا ئىز بار ئىدى، لېكىن ھارغىن كۆزلىرىم ئۇنى قانمۇ ياكى باشقا بىر نەرسىمۇ دەپ زادى پەرق ئېتەلمىگەنىدى. لوپىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، خۇددى قايغۇلۇق بىر مۇھەببەت كۆرۈنۈشىگە سىنچىلاپ قارىغاندەك يىڭنىگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قارىدىم. بەھزاتنىڭ بۇ ئىشنى قانداق قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدىم. ئادەمنىڭ ئاسانلىقچە ئەما بولمايدىغانلىقىنى، خۇددى ئۆزلۈكىدىن ئەما بولغان ياشانغانلار دۇچار بولغاندەك، قاپقاراڭغۇچىلىقنىڭ بەزىدە كۈنلەر، ئايلاردىن كېيىن ئاستا - ئاستا چۈشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

يان ھۇجرىغا كىرگەندە ئۇنى كۆرگەنىدىم، ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىدىم. سېپى بۇرمىلىق، توم رامكىسى ئابانوز① ياغىچىدىن بولغان، چۆردىسىگە خەتلەر گۈلدەك نەقىشلەنگەن، پىل چىشى ئورنىتىلغان بىر ئەينەك ئىكەن. ئورنۇمدا ئولتۇردۇم ۋە ئەينەكتە كۆزلىرىمنى كۆردۈم. 60 يىل سىزغان ۋە رەسىملەرنى تاماشا قىلغان كۆز قارىچۇقلىرىمدا ئالتۇن

① ئابانوز ــــ پېترو سىپلىتىس دېيىلىدىغان بىر خىل قاتتىق ياغاچ.

شامداننىڭ يالقۇنى ئىنتايىن چىرايلىق لەپىلدەپ تۇراتتى.

ئۇستاز بەهزات قانداق قىلغان بولغىيدى دەپ ئۆزۈمدىن يەنە بىر قېتىم قىزىقىپ سورىدىم.

كۆز قارىچۇقلىرىمنى ئەينەكتىن ئايرىماي، كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرگەن بىر ئايالنىڭ قولىدەك، قولۇم ئۆزلۈكىدىن يىڭنىنى تاپتى. خۇددى رەسىم سىزىلىدىغان تۆگە قۇشى تۇخۇمىنى ئۇچىدىن تەشكەندەك زادى ئىككىلەنمەي يىڭنىنى جاسارەت، سۈكۈنات ۋە كۈچ بىلەن سول كۆز قارىچۇقىمغا سانجىدىم. قىلغان ئىشىمنى سەزگەنلىكىم ئۈچۈن ئەمەس، كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئىچىم ئاغرىيتتى. يىڭنىنى كۆزۈمگە بارمىقىمنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر كەلگۈدەك سانجىپ تارتىۋالدىم.

قولۇمدىكى ئەينەكنىڭ رامكىسىغا ئىشلەنگەن بېيىتتە شائىر ئەيىنەككە قارىغۇچىغا چەكسىز گۈزەللىك ۋە چەكسىز يورۇقلۇق، ئەينەككىمۇ چەكسىز ئۆمۈر تىلىگەنىدى.

كۈلۈمسىرەپ ئەينى ئىشنى يەنە بىر كۆزۈمگىمۇ قىلدىم.

ئۇزۇنغىچە مىدىرلىماي تۇرۇپ، ئالەمنى، ھەممە نەرسىنى تاماشا قىلدىم.

ئالەمنىڭ رەڭلىرى ئۆيلىغىنىمدەك قارايماي، گويا ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرىگە ئۆتتى. لېكىن مەن يەنىلا ھەممە نەرسىنى كۆرۈۋاتاتتىم.

بىر ئازدىن كېيىن سولغۇن قۇياش نۇرى خەزىنە ئامبىرىنىڭ توق قىزىل قان رەڭگى رەختلەر ئارىسىغا چۈشتى. مالىيە ۋەزىرى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى يەنە ئوخشاش مۇراسىم بىلەن پېچەتنى يىرتىپ، قۇلۇپنى ۋە ئىشىكنى ئاچتى. جەزمى ئاغا تەرەت قاچىسى، چىراغ ۋە ئاتەشدانىنى ئالماشتۇرۇپ، يۇمشاق نان ۋە ئۈجمە قېقى ئېلىپ كەلدى ۋە بىزنىڭ سۇلتانىمىزنىڭ كىتابلىرى ئارىسىدا غەلىتە بۇرۇنلۇق ئاتلارنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل رەسىملىرىنى تاماشا قىلىپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئالەمنى ئەسلەشكە تىرىشىشتىن ياخشى يەنە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

# 52. مېنىڭ ئىسمىم قارا

ئەتىگەندە، مالىيە ۋەزىرى بىلەن خادىملار ئىشكىلەرنى مۇراسىم بىلەن ئاچقاندا، خەزىنە ئامبىرىنىڭ يېقىملىق قىزىل رەڭگىگە كۆزلىرىم شۇنداق كۆنگەن ئىدىكى، ئوردا باغچىسىدىن كىرگەن قىشنىڭ ئاپتىپىدىن كۆزلىرىم قامىشىپ، بىر تۇرلۇك ۋەھىمە ھېس قىلماقتا ئىدىم. مەنمۇ ئۇستاز ئوسماندەك، تۇرغان يېرىمدىن مىدىرلىمىدىم. ھەرىكەت قىلسام، گويا خەزىنە ئامبىرىنىڭ چىرىگەن، نەم، چاڭ ـ توزانلىق ۋە قولنى ئۇزاتسا تۇتقىلى بولىدىغان ھاۋاسى بىز ئىزدىگەن يىپ ئۇچلىرى بىلەن بىللە ئىشكتىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇستاز ئوسمان ئوچۇق ئىشكىلەرنىڭ يېنىدا ئىككى قاتار تىزىلغان خەزىنە خادىملىرىنىڭ باشلىرى ئارىسىدىن ئىچكىرىگە ئۇرغان يورۇقلۇققا تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئاجايىپ بىر نەرسىگە قارىغاندەك غەلىتە ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى.

ئالدىنقى كېچە رەسىملەر ئارىسىدا شاھ تەھمەسىپنىڭ «شاھنامە»سىنىڭ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاۋاتقىنىدا، ئۇنى يىراقتىن دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، چىرايىدا دەل مۇشۇنداق ھەيرانلىق ئىپادىسىنىڭ نامايان بولغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ تامغا چۈشكەن كۆلەڭگىسى يېنىك تىترەيتتى، بېشىنى بولسا دىققەت بىلەن قولىدىكى لوپىغا يېقىنلاشتۇراتتى، لەۋلىرىمۇ مەلۇم كۆڭۈللۈك سىرنى يېشىپ بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقاندەك يېنىك مىدىرلايتتى. كېيىن ئۇ بىر رەسىمگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپلا قالدى، لەۋلىرى بولسا، ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ يېپىلدى.

ئىشىك تاقالغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئېغىرلىشىۋاتقان بىئاراملىق ئىچىدە ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدىم. خەزىنىدىكى كىتابلاردىن يېتەرلىك ماتېرىياللارنى تېپىشقا ۋاقتىمىزنىڭ

يەتمەيۋاتقىنىمدىن قاتتىق ئەنسىرىدىم. ئۇستاز ئوسماننىڭ بۇ ئىشقا دىققى-
تىنى يېتەرلىك هالدا بۆلمەيۋاتقىنىنى سەزگەنلىكىم ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئەز-
دىشلىرىمنى ئۇقتۇردۇم.
ئۇ شاگىرتلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئادەتلەنگەن بىر ھەقىقىي ئۇس-
تىغا ئوخشاش قولۇمنى يېقىملىق تۇتتى. ”بىزگە ئوخشاشلارنىڭ ئالەمنى
ئاللاھنىڭ نەزىرى بىلەن كۆرۈشكە تىرىشىشتىن ۋە ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە
سېغىنىشتىن باشقا ھېچقانداق چارىمىز يوق، — دېدى ئۇ، — بۇ يەردە ئە-
نە شۇ نەرسىنىڭ بۇ رەسىملەر بىلەن ماتېرىياللار ئارىسىدىمۇ بىر - بى-
رىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئالەمنى ئاللاھنىڭ نەزى-
رى بىلەن كۆرۈشكە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ئادالىتى بىزگە يېقىنلىشىدۇ.
قارىغىنا، ئۇستاز بەھزات ئۆز - ئۆزىنى ئەما قىلغان يىڭنە مانا.
ئۇ يىڭنىنىڭ رەھىمسىز ھېكايىسىنى بايان قىلغاندا، تېخىمۇ ياخشى
كۆرەي دەپ يېقىنلاشتۇرغان لوپىنىڭ تېگىدىكى بۇ ناخۇش نەرسىنىڭ ئۇ-
چىغا دىققەت بىلەن قارىدىم ۋە ئۇ يەردە قىزغۇچ بىر نەملىكنى كۆردۈم.
— پېشقەدەم ئۇستازلار، — دېدى ئۇستاز ئوسمان، — پۈتۈن ھاياتى-
نى بېغىشلىغان ھۈنەرلىرى، رەڭلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىشنى
چوڭ ۋىجدان مەسىلىسى دەپ قارايتتى. ھازىرقىلاردەك ئالەمنى بىر كۆن
مەشرىقتىكى شاھنىڭ، يەنە بىر كۈن مەغرىبتىكى ھۆكۈمدارنىڭ ئىرادە
خاھىشى بويىچە كۆرۈشنى نومۇس قىلمىش ھېسابلايتتى.
ئۇنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ كۆزۈمگە ياكى ئالدىدىكى سەھىپىگە قارى-
مايتتى، گويا قول يەتمەس يىراق بىر يەردىكى بوشلۇققا تىكىلگەنىدى.
ئالدىدىكى «شاھنامە» سەھىپىسىدە، ئىران ۋە تۇران قوشۇنلىرى پۈتۈن
كۈچلىرى بىلەن قالايمىقان جەڭگە كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاتلار مۆرى-
دىشىپ، ئاتلىق جەڭچىلەرنىڭ نەيزىلىرى بىر - بىرىنىڭ ساۋۇتلىرىنى
تېشىپ، تەنلىرىنى پارە - پارە قىلغان، باش ۋە قول - پۇتلار ئۈزۈلۈپ،
قانلىق گەۋدىلەر يەرلەرگە يىقىلغان، كۆزلەر چاناقلىرىدىن چىققان، باتۇر
جەڭچىلەر جەڭ تۇلپارلىرى ئۈستىدە قىلىچلىرى بىلەن بىر - بىرىنى
ئۆلتۈرۈشۈۋاتقان مەنزىرىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى.
— غالىبلارنىڭ ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشقا، رەسساملىرىنى تەق-

لىد قىلىشقا مەجبۇر بولغان پېشقەدەم ئۇستازلار ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىرىنى قوغداش ئۇچۇن، ئاقىۋەتتە بەربىر بولىدىغان ئىشنى ئالدىنئالا يىگنە بىلەن باتۇرلارچە ئادا قىلغاندىن كېيىن، گويا مۇقەددەس ئىلتىپاتتەك بىلگەن ئاللاھنىڭ ساپ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۆزلىرىنى قاپلاشتىن ئىلگىرى، ئالدىغا قويغان ھەيران قالارلىق سەھىپىگە سائەتلەپ، بەزىدە كۈنلەپ توختىماي قارىشاتتى. باشلىرىنى زادى كۆتۈرمەي نەچچە سائەتلەپ قارىغانلىقتىن، بەزىدە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن تامچىلىغان قان تامچىلىرى بىلەن بۇلغانغان ئەنە شۇ رەسىملەردىكى مەنزىرىلەر ۋە مەنىلەردىن بۇ باتۇر ئۇستازلارنىڭ كۆزلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ، ئەما بولۇشقا قاراپ ماڭغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار بەھۇزۇر ھالدا، بەھۇزۇر تەمكىنلىك ئىچىدە، ئۆزلىرى ئۇچرىغان غەمكىنلىككە رايىشلىق بىلەن تەن بېرەتتى! بۇ نېمىدېگەن بەخت! مەن ئەمالىقنىڭ قاراڭغۇلىقىغا ئېرىشكىچە قايسى رەسىمگە قاراشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىلەمسەن؟

ئۇ قارىچۇقلىرى كىچىكلەپ، ئېقى بارغانسېرى يوغىناۋاتقاندەك كۆرۈنگەن كۆزلىرىنى گويا بالىلىق ئەسلىمىلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشىۋاتقاندەك، يىراقلارغا، گويا خەزىنە ئامبىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر يەرگە تىككەندى.

ــ ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار سىزغان، خۇسرەۋنىڭ ئاتلىق ھالدا شېرىن تۇرۇۋاتقان قەسىرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئۇنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان كۆرۈنۈش!

بەلكىم ئۇ پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئەما بولۇشىغا مەدھىيە سۇپىتىدە بىر ھەسرەتلىك شېئىرنى ئوقۇغاندەك ئۇ رەسىمنىڭ مەنىسىنى ئېيتماقچى ئىدى. ”ئۇلۇغ ئۇستازىم، جانابلىرى، ــ دەپ غەلىتە ھاياجان بىلەن سۆزىنى بۆلدۇم، ــ مەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان نەرسە جانانىمنىڭ نازۇك چىرايى. ئۇنى نىكاھىمغا ئالغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئۇنى سېغىنىش بىلەن 12 يىل ئويلىغان ئىدىم. خۇسرەۋنىڭ رەسىمىنى كۆرگىنىمدە، ئۇ ئاشىق بولغان شېرىننىڭ كۆرۈنۈشى ماڭا پۈتۈنلەي ئۇنى ئەسلەتتى.

ئۇستاز ئوسماننىڭ چىرايىدا ئۇچۇق ـ ئاشكارە بىر ئىپادە، يەنى قانداقتۇر بىر قىزىقىش نامايان بولغانىدى، لېكىن بۇ مېنىڭ ھېكايەم يا-

كى ئالدىدىكى قانلىق ئۇرۇش كۆرۈنۈشى ۋەجىدىنمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ گويا ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان بىر خۇشخەۋەرنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ماڭا قارىمىغانلىقىغا ئىشەنگىنىمدە، بىردىنلا ئالدىدىكى تاج يىڭنىسىنى ئېلىپ بۇ يەردىن يىراقلاشتىم.

خەزىنە ئامبارلىرىنىڭ ھامامغا يانداش بولغان ئۈچىنچى خانىسىنىڭ قاراڭغۇ بىر يېرىدە نەچچە يۈزلىگەن پەرەڭ قورالىلىرى، شۇنداقلا پەرەڭ ئەللىرى ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنىپ ئۆزۈن ئۆتمەي بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلغان يۈزلىگەن غەلىتە ۋە چوڭ سائەتلەر بار ئىدى، ئۇ يەرگە باردىم ۋە ئۇستاز ئوسمان بەھزاتنىڭ ئۆزىنى ئەما قىلغانلىقىنى ئېيتقان يىڭنىگە ناھايىتى دىققەت بىلەن قارىدىم.

توزان باسقان ۋە بۇزۇق سائەتلەرنىڭ ئالتۇن رامكىلىرى، خرۇستال ئەينەكلىرى، ئالماسلىرىدىن ئەكس ئەتكەن قىزغۇچ كۈن نۇرىدا يىڭنىنىڭ ھال رەڭ سۇيۇقلۇق يۇقۇپ قالغان ئالتۇن ئۇچى ئارىلاپ يالتىرايتتى. مۆجىزىكار ئۇستاز بەھزات ھەقىقەتەن مۇشۇ قورال بىلەن ئۆزىنى ئەما قىلغانمىدۇ؟ بەھزات قىلغان قورقۇنچلۇق ئىشنى ئۇستاز ئوسمانمۇ قىلغانمىدۇ؟ يوغان سائەتلەردىن بىرىنىڭ مېخانىزمىغا ئېسىلغان، رەڭگارەڭ بويالغان بارماقچىلىك بىر مەغرىبلىق① ئەبلەخنىڭ كۆزلىرىدىكى ئىپادە گويا ماڭا "شۇنداق!" دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بېشىغا ئوسمانىيەچە ياغلىق ئارتقان بۇ ئەبلەخ، مەلۇمكى، سائەت ساق چاغلاردا خابىسبورگدىن يوللانغان ھەدىيە ۋە ئىقتىدارلىق سائەتچىنىڭ بىر چاقچىقى سۈپىتىدە، ھەر بىر سائەت ۋاقىتنى ھەر قېتىم مەلۇم قىلغاندا، خۇشاللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، سۇلتانىمىزنىڭ ھەرەمخانىسىدىكى ئاياللىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى.

نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى كىتابلارنى قولۇمدىن ئۆتكۈزدۇم. پەتەكنىڭ مەلۇم قىلغىنىدەك، بۇلارمۇ كاللىسى ئېلىنىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان پاشالارنىڭ ماللىرى ئارىسىدىن چىققانىدى. شۇ قەدەر كۆپ پاشا ئۆلتۈرۈلگەنىدىكى، بۇ كىتابلار زادى تۈگىمەيتتى. پەتەك "ئېشەك ئۆلۈۋاتـ

① مەغرىب ــ ماراكەش.

سا، كەينى غىجەك تارتقاندەك"، شۇنچە كۆپ پاشالارنىڭ بايلىقى ۋە كۆچىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر سۇلتاننىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشۇپ، خۇددى پادىشاھلار ۋە سۇلتانلاردەك ئۆز نامىغا كىتاب يازدۇرۇپ، رەسىم سىزدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، بايلىقى مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى توغرا تاپقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەسىملەر توپلىمى، بەزىلىرى نەقىشلىك، رەسىملىك دىۋانلار ئىدى. بۇ كىتابلاردىنمۇ خۇسرەۋنىڭ رەسىمىنى كۆرگەن شېرىننىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىمنى ئۇچراتقىنىمدا، ئۇ رەسىملەرگە توختاپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاراپ كەتتىم.

رەسىم ئىچىدىكى رەسىم، يەنى شېرىننىڭ دالا سەيلىسىدە كۆرگەن خۇسرەۋنىڭ رەسىمى ھېچقانداق ئاشكارا بولمىغانىدى. رەسىم ئىچىدىكى رەسىمدەك كىچىك بىر تەپسىلاتنى رەسساملار ئانچە ياخشى سىزالمىغان دېيىشكە بولمايتتى. چۈنكى رەسىملەرنى سىزغان رەسساملارنىڭ كۆپچىلىكى تىرناق، گۈرۈچ، ھەتتا چاچ ـ قىل ئۈستىگىمۇ رەسىم سىزالايدىغان دەرىجىدە ئىنچىكە ئىشلىيەلەيتتى. ئۇنداقتا گۈزەل شېرىن كۆرۈپ ئاشىق بولغان يىقىلىق خۇسرەۋنىڭ چىرايىنى، كۆزىنى نېمە ئۈچۈن ئۇنى تونۇيالىغۇدەك ئاشكارا سىزمىغان بولغىيدى؟ چۈشتىن كېيىنكى بىر ۋاقىتتا، بەلكىم ئۇمىدسىزلىكىمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن بۇ سوئاللارنى ئۇستاز ئوسماندىن سورايمەن دەپ ئويلاپ قولۇمغا چىققان، قالايمىقان توپلەنگەن بىر رەسىملەر توپلىمىنىڭ سەھىپىلىرىنى خالىغانچە ۋاراقلاۋاتقىنىمدا، بىر توپ كېلىن كۆچۈرگۈچىلەر تەسۋىرلەنگەن، رەختكە سىزىلغان بىر رەسىمدىكى ئات دىققىتىمنى تارتىپ، بىردىنلا يۈرىكىم دۇپۇلدەپ كەتتى.

ئۇ يەردە، ئالدىمدا غەلىتە بۇرۇنلۇق بىر ئات بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە نازلىق بىر كېلىن ماڭا قاراپ تۇراتتى. سېھىرلىك ئات گويا ماڭا بىر سىرنى پىچىرلايتتى. چۈشۈمدىكىدەك، ۋارقىرىۋەتكۈم كەلدى ـ دە، بىراق ئاۋازىم چىقمىدى.

دەرھال كىتابنى قۇچاقلاپ، ئەشيالارنىڭ، ساندۇقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇستاز ئوسماننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، سەھىپىنى ئاچتىم.

ئۇ رەسىمگە قارىدى.

ئۇنىڭ چىرايىدا بىرەر خۇشاللىق ئىپادىسىنى كۆرەلمەي تاقەتسىزلەندىم. "ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى خۇددى يېزنە تاغامنىڭ كىتابىدا سىزىلغان ئاتنىڭكىدەك ئىكەن" دېدىم.

ئۇستاز ئوسمان قولىدىكى لوپىنى ئاتنىڭ ئۈستىگە كەلتۈردى. تۇمشۇقى سەھىپىگە تېگىپ كېتىدىغان دەرىجىدە كۆزلىرىنى رەسىمگە ۋە لوپىغا يېقىنلاشتۇردى.

جىمجىتلىقنىڭ داۋاملىشىشىغا چىدىمىدىم. "كۆرگىنىڭىزدەك، بۇ ئات يېزنە تاغامنىڭ كىتابىغا سىزىلغان ئاتنىڭ ئۇسۇل ۋە ئۇسلۇبى بىلەن سىزىلغان ئات ئەمەس، — دېدىم، — لېكىن بۇرنى شۇ ئاتنىڭ ئەينى، بۇ رەسىمنى سىزغان ئادەم ئالەمنى جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدىكىدەك كۆرۈشكە تىرىشقان بىر رەسسام، — بىر ئاز سۈكۈت قىلدىم، — رەسىمدىكىلەر بىر توي قاتناشقۇچىلىرى، بۇ ئەينى بىر جۇڭگو رەسىمى، لېكىن رەسىمى سىزىلغانلار جۇڭگولۇقلار ئەمەس، بىزگە ئوخشاشلار" دېدىم.

ئەمدى ئۇستازنىڭ لوپىسى رەسىمگە، بۇرنى بولسا لوپىغا چاپلانغاندەك ئىدى. ئۇ رەسىمنى كۆرۈش ئۈچۈن پەقەت كۆزلىرىنى ئەمەس، بېشىنى، بويىنىنىڭ مۇسكۇللىرى، مادارىدىن كەتكەن دۈمبىسى، مۈرىلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن ھەرىكەتكە كەلتۈرگەنىدى. ناھايىتى ئۇزۇن بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى يېرىق، — دېدى خېلىدىن كېيىن ھاسىرىغان ھالدا.

بېشىمنى ئۇنىڭ بېشىغا يېقىنلاشتۇردۇم. يۈزۈمنى يۈزىگە چاپلاپ دېگۈدەك، ئىككىيلەن ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاردۇق. بىر ھازادىن كېيىن ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ يېرىق ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، ئۇستاز ئوسماننىڭ كۆرۈشتە قىينالغانلىقىنىمۇ قايغۇلۇق ھالدا بايقىدىم.

— كۆردىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ناھايىتى ئاز كۆردۈم، قالغىنىنى سەن ئېيتىپ بەر، — دېدى ئۇ.

— مېنىڭچە، بۇ بىر قايغۇلۇق كېلىن، — دېدى ھەسرەت بىلەن، — ئۇ بۇرنى يېرىق بوز ئاتقا مىنىپ، ناتونۇش مۇھاپىزەتچىلەر ۋە يولداشلىرى

بىلەن بىللە كېتىۋېتىپتۇ. ئەرلەرنىڭ چىرايى، قوپال ئىپادىلىرى، قورقۇنچلۇق قارا ساقاللىرى، قوشۇما قاشلىرى، شاپ بۇرۇتلىرى، كېلەڭسىز ئۇستىخانلىرى، نېپىز رەختتىن تىكىلگەن پەرىجىلىرى، سىپتا ئاياغ كىيىملىرى، ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماقلىرى، پالتىلىرى ۋە قىلىچلىرى ئۇلارنىڭ ماۋەرائۇننەھىردىكى ئاققويۇنلۇق تۈركمەنلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كېچىسى پەنەر چىراغلارنىڭ، مەشئەللەرنىڭ يورۇقىدا دوستلىرى بىلەن سەپەر قىلغانلىقىغا قارىغاندا، يىراق بىر يەرگە سەپەر قىلغان گۈزەل كېلىن بەلكىم ھەسرەتلىك جۇڭگو مەلىكىسى بولسا كېرەك.

— ياكى كېلىنىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ نۇقسانسىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن رەسسام يۈزىگە جۇڭگولۇقلارنىڭكىدەك ئاق بوياق سۈرۈپ، كۆزلىرىنىمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭكىدەك قىيسىق سىزغان بولسا، بىز ئۇنى ھازىر جۇڭگولۇق دەپ ئويلاۋاتىمىز، — دېدى ئۇستاز ئوسمان.

— كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر بوز دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېرىم كېچىدە رەزىل قىياپەتلىك يات مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر يات مەملىكەتكە ۋە زادى كۆرمىگەن بىر ئەرگە ياتلىق بولغان بۇ ھەسرەتلىك گۈزەلگە ئىچىم ئاغرىدى، — دېدىم، — ئۇ مىنگەن ئاتنىڭ يېرىق بۇرۇن تۆشۈكىدىن بۇ ئات بىزنىڭ قايسى رەسساممىزنىڭ قولىدىن چىققانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ — دەپ سورىدىم كەينىدىن دەرھال.

— رەسىملەر توپلىمىنىڭ سەھىپىلىرىنى يەنە ۋاراقلاپ، كۆرگەنلىرىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى ئۇستاز ئوسمان.

بايا مەن كىتابنى ئۇستاز ئوسمانغا يۈگۈرۈپ ئەپكەلگىنىمدە تەرەت قاچىسىدا ئولتۇرۇۋاتقان پەتەكمۇ ھازىر يېنىمىزدا ئىدى ۋە مەن ۋاراقلىغان سەھىپىلەرگە ئۈچەيلەن قاراۋاتاتتۇق.

ھەسرەتلىك كېلىنىمىز سىزىلغان شەكىلدە سىزىلغان جۇڭگولۇق ساھىبجاماللارنى كۆردۇق. ئۇلار بىر باغچىدا توپلىنىپ غەلىتە شەكىللىك ئۇد چېلىشىۋاتاتتى. جۇڭگوچە ئۆيلەر، ئۇزۇن سەپەرگە چىققان كۆڭۈلسىز كارۋانلار، دالا دەرەخلىرى ۋە كونا خاتىرىلەردەك كۆركەم دالا مەنزىرىلىرىنى كۆردۇق. جۇڭگو ئۇسلۇبىدا سىزىلغان ئەگىمەچ دەرەخلەر، ھۆپپىدە

ئېچىلغان باھار چېچەكلىرى ۋە دەرەخ شاخلىرىدىكى خوشناۋا بۇلبۇللارنى كۆردۇق. خۇراسانچە چېدىرىدا ئولتۇرۇپ شېئىر، شاراب ۋە گۈزەللەر ھەققىدە گەپ سېتىشىۋاتقان شاھزادىلار، ئاجايىپ باغچىلار، بىلەكلىرىگە ئاجايىپ قارچىغىلارنى قوندۇرۇپ، كۆركەم ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدە تىك ئولتۇرۇپ شىكارغا چىققان يېقىملىق بەگلەرنى كۆردۇق. كېيىن سەھىپىلەر ئارىسىدىن گويا بىر شەيتان ئۆتتى - دە، رەسىمدە رەزىللىكنىڭ كۆپ چاغلاردا ئەقىللىقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. رەسسام ئەجدىھانى ئۇزۇن نەيزىسى بىلەن ئۆلتۈرگەن باتۇر شاھزادىنىڭ ھەرىكىتىگە بىرەر مەسخىرىچى مەزمۇننى قوشقان بىلغىيمىدى؟ ھۇزۇرىدا تەسەللى كۈتكەن بىچارە سەھرالىقلارنىڭ يوقسۇللۇقىدىن شەيخ خوشال بولغان بولغىيمىدى؟ جۈپلەشكەندە بىر - بىرىگە ئىلىنىشىپ قالغان ئىتلارنىڭ قايغۇلۇق كۆزلىرىنى سىزغاندا ئۇنىڭدىن قىزىقچىلىق ھېس قىلغان بولغىيمىدى ياكى ئۇلارغا قاراپ كۈلۈشكەن ئاياللارنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئېغىزلىرىنى غەلىتە بىر قىزىل بىلەن بويىغان بولغىيمىدى؟ كېيىن رەسسام سىزغان شەيتانىنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆردۇق: بۇ ئاجايىپ مەخلۇقاتلار ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار، «شاھنامە» رەسساملىرىمۇ نۇرغۇن قېتىملاپ سىزغان جىنلار ۋە دىۋىلەرگە ئوخشايتتى. لېكىن رەسسامنىڭ مەسخىرىلەرگە تولغان ھۈنىرى ئۇلارنى تېخىمۇ رەزىل، ۋەھشىي ۋە ئادەم قىياپەتلىك قىلغانىدى. ئادەم قىياپەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدى غەيرىي، شاخ مۈڭگۈزلۈك، مۈشۈك قۇيرۇقلۇق، قورقۇنچلۇق شەيتانلارنى كۆرۈپ كۈلدۇق. قاشلىرى قويۇق، يۈزى دۈگىلەك، كۆزلىرى يوغان، چىشلىرى ئۇچلۇق، تىرناقلىرى ئۇزۇن ۋە قارامتۇل تېرىلىرى ياشانغان كىشىلەرنىڭكىدەك قورۇق يالىڭاچ شەيتانلار مەن سەھىپىلەرنى ۋاراقلىغاندا بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ياقا سىقىشىشقا، يوغان بىر ئاتنى ئوغرىلاپ خۇداسىغا قۇربانلىق قىلىشقا، سەكرىشىپ ئۇسسۇل ئويناشقا، دەرەخلەرنى كېسىشكە، گۈزەل سۇلتانلارنى تەختىراۋان بىلەن كۆتۈرۈپ قېچىشقا، ئەجدىھالارنى تۇتۇشقا، خەزىنىلەرنى بۇلاپ - تالاشقا باشلىدى. ھەرخىل رەسساملار قەلەم تەگكۈزگەن كىتابقا شەيتانلارنى سىزغان "سىياھ - قەلەم" ئىسىملىك رەسسامنىڭمۇ چاچلىرى چۈشۈرۈلگەن، ئۈستىۋېشى پەرىشان، تۆمۈر زەنجىرلەرنى ئاسقان، قوللىرىدا

هاسىلىرى بار قەلەندەرى دەرۋىشلەرنى سىزغانلىقىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇس-
تاز ئوسمان ئوخشاشلىقلارنى بىر - بىرلەپ تەكرارلاتقۇزۇپ، ماڭا دىققەت
بىلەن قۇلاق سالدى.

— تېخىمۇ ياخشى نەپەس ئېلىپ، تېخىمۇ ياخشى چاپسۇن دەپ ئاتلار-
نىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى تىلىش موڭغۇللارنىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئەنئە-
نىسى، — دېدى، كېيىن، — ئاتلىرى بىلەن پۈتۈن ئەرەب، پارس ۋە جۇڭ-
گو دىيارىنى بويسۇندۇرغان ھۇلاگۇخاننىڭ قوشۇنلىرى باغدادقا كىرىپ
پۈتۈن شەھەرنى قىرغىن قىلىپ، بۇلاپ - تالاپ، پۈتۈن كىتابلارنى دىجلە
دەرياسىغا تاشلىغان چاغدا، مەشھۇر خەتتات ۋە كېيىن رەسسام بولغان
ئىبنى شاكىر، مەلۇم بولۇشىچە، قىرغىندىن قېچىپ باشقىلارغا ئوخشاش
جەنۇبقا ئەمەس، موڭغۇل ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ كېلىش تەرىپى بولغان
شىمالغا كەتكەنىدى. ئۇ چاغلاردا «قۇرئان كەرىم»دە مەنئى قىلىنغان دەپ،
كىتابلارغا رەسىم سىزىلمايتتى، رەسساملارمۇ ئېتىبارسىز قارىلاتتى.
كەسپىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ سىرى بولغان ئالەمنى مۇناردىن كۆرۈشنى، گا-
ھىدا كۆرۈنۈپ، گاھىدا كۆرۈنمەيدىغان ئۇپۇق سىزىقىنى ئۆلچەم قىلىشتا
چىڭ تۇرۇشنى ۋە بۇلۇتلاردىن قۇرت - قوڭغۇزلارغىچە ھەممە نەرسىنى
جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدەك ئەگرى - بۈگرى، جانلىق ۋە ئۈمىدۋار رەڭلەر
بىلەن سىزىشنى بىزگە ئۆگەتكەن پىرىمىز، ئۇستازىمىز ئىبنى شاكىرنىڭ
تاكى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ مەركىزىگىچە بېرىش ئۈچۈن چىققان ھەيران
قالارلىق ئۇزۇن سەپىرى جەريانىدا، شىمالغا بېرىش ئۈچۈن ئاتلارنىڭ بۇ-
رۇن تۆشۈكلىرىنى تەتقىق قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. لېكىن ئۇ قار -
شىۋىرغان دېمەي يۈرۈش قىلىپ، بىر يىلدا يېتىپ بارغان سەمەرقەندتە
كىتابقا رەسىم سىزغىنىدا، مېنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسلان-
ساق، ئۇ سىزغان ئاتلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ بۇرنى يېرىق ئەمەس ئىدى،
چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك نۇقسانسىز
ئاتلار، ئۇ كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇچراتقان كۈچلۈك، قۇدرەتلىك،
غالىب موڭغۇل ئاتلىرى ئەمەس، خۇشال بالىلىق چاغلىرىدا ياخشى بىلى-
دىغان كۆركەم ئەرەب ئاتلىرى ئىدى. بۇ ۋەجىدىن، يېزنە تاغىنىڭ كىتابى
ئۈچۈن سىزىلغان ئاتنىڭ غەلىتە بۇرنى ئەقلىمگە نە موڭغۇل ئاتلىرىنى،

نە موڭغۇللار خۇراسان، سەمەرقەندلەرگە ماكانلاشتۇرغان ئاتىنىڭ بۇرنىنى تىلىۋېتىدىغان بۇ ئادەتنى كەلتۇرمىدى.

ئۇستاز ئوسمان بەزىدە كىتابقا، بەزىدە ماڭا قاراپ سۆزلەيتتى، لېكىن بىز ئەمەس، ئۆزى خىيال قىلغان نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇراتتى.

— ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى تىلىشتىن ۋە جۇڭگو رەسىمىدىن باشقا، پارس دىيارىغا ۋە تاكى بۇ يەرگىچە موڭغۇل قەبىلىلىرى ئېلىپ كەلگەن يەنە بىر نەرسە — بۇ كىتابتىكى شەيتانلار. ئۇلار يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ كۈچلەر يوللىغان رەزىللىك ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى، بىز ئىنسانلارنىڭ هاياتىمىزنى ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ قاچىدىغانلىقىنى، بىزلەرنى قاراڭغۇ ۋە هالاكەتنىڭ يەر ئاستىغا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. بۇ يەر ئاستى دۇنياسىدا هەممە نەرسىنىڭ، بۇلۇتلار، دەرەخلەر، نەرسىلەر، ئىتلار، كىتابلارنىڭ ئۆز روهى بار ۋە ئۇلار سۆزلىشىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى ياشانغان پەتەك، — ئاللاھ شاهىد، مەن خەزىنىنىڭ ئىچىگە قۇلۇپلانغان بەزى كېچىلەردە پەقەت بۇ سائەتلەر ۋە جۇڭگو فار فۇر تاۋاقلىرى، دەرۋەقە داۋاملىق جاراڭلاپ تۇرىدىغان خرۇستال چىنىلەرلا ئەمەس، بەلكى بارلىق مىلتىقلار، قىلىچلار، قالقانلار ۋە قانغا بويالغان تۆمۈر قالپاقلارنىڭ روهلىرى قوزغىلىپ، شۇنداق سۆزلىشىشكە باشلايدۇكى، تۈن قاراڭغۇلۇقىدا خەزىنە ئامبىرى قىيامەت بىر جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىدۇ.

— بۇ ئېتىقادنى خۇراساندىن پارس دىيارىغا، كېيىن تاكى بىزنىڭ ئىستانبۇلىمىزغا بىز رەسىملىرىنى كۆرگەن قەلەندەرى دەرۋىشلەر ئېلىپ كەلدى، — دېدى ئۇستاز ئوسمان، — ياۋۇز سۇلتان سەلىم، شاھ ـ ئىسمائىلنى مەغلۇب قىلىپ تەبرىزنى ۋە ۋەھشەت بىھىشتىدىكى ئوردىسىنى تالان ـ تاراج قىلغاندا، ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بەدئۈز زامان مىرزا شاھ ئىسمائىلغا خىيانەت قىلدى ۋە بىللە كەلگەن قەلەندەرى دەرۋىشلىرى بىلەن بىللە ئوسمانىيەگە قوشۇلدى. قارلىق قىشتا تەبرىزدىن ئىستانبۇلغا قايتقان ياتقان يېرى جەننەتتە بولغۇسى ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ يېنىدا، سانسىز غەنىيمەتلەر بىللە كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە

چالدىراندا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان شاھ ئىسمائىلنىڭ ئاق تەنلىك، قىيسىق خۇمار كۆزلۈك ئىككى گۈزەل رەپىقىسىدىن باشقا، تەبرىزنىڭ بۇرۇنقى خوجايىنى بولغان موڭغۇللار، ئىلخانلىقلار، جەلايىرلىكلەر، قارا قويۇنلۇقلاردىن قالغان ۋە مەغلۇب بولغان شاھ ئۆزبېكلەر، پارسلار، تۈركمەنلەر، تۆمۈرىيلەردىن تالان ـ تاراج قىلىپ تەبرىزدىكى ۋەھشەت بېھىشتىد ئوردىسىدىكى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىغان مانا بۇ كىتابلار بار ئىدى. سۇلتانىمىز بىلەن مالىيە ۋەزىرى مېنى بۇ يەردىن چىقارغۇچە ئۇ كىتابلارنى ئوبدان كۆرۈۋالماقچىمەن.

لېكىن، ئۇنىڭ قاراشلىرىدا ئەمالاردا كۆرۈلىدىغان نىشان كەمتۈكلۈكى بار ئىدى. ئۇ سەدەپ لوپىنى كۆرۈش ئۇچۇن ئەمەس، ئادەتلەنگەنلىكتىن قولىدا تۇتاتتى. بىر ئاز سۈكۈت قىلدۇق. ئۇستاز ئوسمان سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنى ئېچىنىشلىق رىۋايەتتەك ئاڭلاۋاتقان پەتەكتىن ئۆزى تەپسىلىي تەرىپلەپ بەرگەن بىر كىتابنى تېپىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. پەتەك ئىزدىگىلى كەتكەندە، ئۇستازىمدىن سەمىمىي سورىدىم.

ـــ ئۇنداقتا، يېزنە تاغامنىڭ كىتابىدىكى ئات رەسىمىنى كىم سىزغان بولىدۇ؟

ـــ ھەر ئىككى ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى يېرىق، ـــ دېدى ئۇستاز، ـــ لېكىن سەمەرقەندتە بولسۇن، ياكى دېگىنىمدەك ماۋەرائۇننەھىردە بولسۇن، بۇ ئات جۇڭگو ئۇسلۇبىدا سىزىلغان. يېزنە تاغاڭنىڭ كىتابىدىكى كۆركەم ئات بولسا، ھىراتلىق ئۇستازلارنىڭ پارس ئۇسلۇبىدا سىزىلغان ئاجايىپ ئاتلىرىغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى ۋە ئوخشىشى بۇ دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان نەپىس بىر ئات ئىدى! ئۇ بىر موڭغۇل ئېتى ئەمەس، رەسىمدىكى ئات.

ـــ چۈنكى، مەلۇم بولغىنىدەك، موڭغۇللار چېكىنىپ، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغاندا، بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى ھىراتتا رەسىم سىزغان پېشقەدەم ئۇستازلاردىن بىرى ئات رەسىمىنى، يا كۆرۈپ ئېسىگە ئالغان بۇرنى يېرىق موڭغۇل ئاتلىرىدىن ياكى بۇ ئاتلارنى بۇرنى يېرىق سىزغان باشقا بىر رەسسامنىڭ رەسىمىدىن تەسىرلىنىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى نازۇكلۇق بىلەن سىزىلغان ئاجايىپ بىر

ئات رەسىمنى سىزغان. ئۇ ئاتنىڭ قايسى شاھ ئۈچۈن سىزىلغانلىقىنى، قايسى كىتابنىڭ قايسى سەھىپىسىدە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، لېكىن ئۇ كىتابنىڭ ۋە رەسىمنىڭ بىر ئۆردىدا، كىم بىلسۇن، بەلكىم شاھنىڭ ھەرەمخانىسىدىكى گۈزەللىرىنىڭ ئىنتايىن ياقتۇرغانلىقىغا، شۇ ۋەجىدىن، ئۇلارنىڭ كۆپ مەدھىيىلىنىپ، بىر مەزگىل رىۋايەت بولغانلىقىغا ئىشىنىمەن! شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتىكى بارلىق رەسساملار بۇرنى يېرىق بۇ ئاتنى ھەسەتخورلۇق بىلەن غودۇڭشىپ تەقلىد قىلىپ، كۆپەيتىۋەتكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىمەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەيران قالارلىق ئات بىلەن بىللە، ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىمۇ ئۈلگە بولۇپ، ئۇ رەسىمخانىدىكى رەسساملارنىڭ كاللىسىغا نەقىشلىنىپ، قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشقانىدى. بىر قانچە يىللاردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇرۇشلاردا مەغلۇب بولۇپ، بۇ رەسساملار خۇددى باشقا ھەرەمخانىلارغا ئېلىپ بېرىلغان قايغۇلۇق ئايالLARدەك ئۆزلىرىگە يېڭى شاھلار، شاھزادىلارنى تېپىپ، شەھەر ۋە مەملىكەت ئالماشتۇرغاندا، خاتىرىسىدىكى ئاتلارنىڭ چىرايلىق تىلىنغان بۇرۇن تۆشۈكلىرىنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشكەنىدى. كۆپچىلىك رەسساملار كاللىسىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ساقلانغان بۇ يېرىق بۇرۇننى ئوخشىمىغان رەسىمخانىلاردىكى ئوخشىمىغان ئۇستىلارنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسلۇبلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن زادى سىزماي، ئاخىرى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بەزى رەسساملار يېڭىدىن قاتناشقان رەسىمخانىلاردا بۇرنى چىرايلىق تىلىنغان ئاتلارنى سىزىش بىلەنلا قالماي، ”پېشقەدەم ئۇستازلار مۇشۇنداق سىزاتتى“ دەپ، ئۇنى سۇباتلىق شاگىرتلىرىغا ئۆگىتىشكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ بۇرنى يېرىق كۈچلۈك ئاتلىرى پارس ۋە ئەرەب دىيارىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، شۇنداقلا خانىۋەيران بولۇپ، كۆيدۈرۈلۈپ تالان ـ تاراج قىلىنغان شەھەرلەردە قايتىدىن يېڭى ھاياتلار باشلىنىپ بىر قانچە ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بەزى رەسساملار بۇنىڭ بىر ئۈلگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى يېرىق سىزىشنى داۋاملاشتۇرغانىدى. بەزىلىرىنىڭ ئىشغالىيەتچى موڭغۇل ئاتلىق لەشكەرلىرىدىنمۇ، ئاتلىرىنىڭ يېرىق بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىنمۇ زادى خەۋەرسىز

ھالدا "بۇ بىر ئۆلگە" دەپ، ئاتلىرىنى بىزنىڭ رەسساممىز سىزغاندەك سىزىۋەرگەنلىكىنىمۇ ئىشىنىمەن.

— ئۇستازىم، جانابلىرى، — دېدىم بىر ھەيرانلىق تۇيغۇسى بىلەن، — سىزنىڭ دېگەن ئۇسۇلىڭىز ھەقىقەتەن ئۇمىد قىلغىنىمىزدەك نەتىجە بەردى. ھەر بىر رەسسامنىڭ بىر مەخپىي ئىمزاسى بار ئىكەن.

— ھەممە رەسسامنىڭ ئەمەس، ھەر بىر رەسىمخانىنىڭ، — دېدى مەغرۇرلانغان ھالدا ئۇستاز، — ھەتتا ھەر بىر رەسىمخانىنىڭمۇ ئەمەس. بەزى ئېچىنىشلىق رەسىمخانىلاردا خۇددى بەزى بەختسىز ئائىلىلەردىكىدەك ئۇزۇن يىل ھەر كاللىدىن باشقا پىكىر چىقىدۇ - دە، بەختىيارلىقىنىڭ ئىناقلىقتىن كېلىدىغانلىقىنى، ئىناقلىقنىڭمۇ بەختىيارلىق ئىكەنلىكىنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. بەزى رەسساملار جۇڭگولۇقلاردەك، بەزىلىرى تۈركمەنلەردەك، بەزىلىرى شىرازلىقلاردەك ۋە بەزىلىرى موڭغۇللاردەك رەسىم سىزىشقا تىرىشىدۇ - دە، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ كەلگەن بەختسىز ئەر - خوتۇنلاردەك ئۇلارنىڭ بىرەر ئورتاق ئۇسلۇبلىرىمۇ بولمايدۇ.

ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدا ناھايىتى روشەن ھالدا مەغرۇرلۇق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ، بىر مەھەل چىرايىدا كۆرۈنگەن قايغۇلۇق، قېرىلىق ئىپادىسىنىڭ ئورنىنى پۈتۈن كۈچنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۇمىد قىلىدىغان ئەكسىچە بىر ئادەمنىڭ سۈرلۈك چىراي ئىپادىسى ئىگىلىگەن ئىدى.

— ئۇستازىم، — دېدىم، — سىز بۇ يەردە، يەنى ئىستانبۇلدا 20 يىلدىن بېرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن ھەرخىل ئىقتىدار ۋە خاراكتېرلىك رەسساملارنى ئاجايىپ ئىناقلىق ئىچىدە بىرلەشتۈرۈپ، ئوسمانىيەنىڭ ئۇسلۇبىنى ياراتتىڭىز.

بايا سەممىي قەلبىم بىلەن ھېس قىلغان ئەيمىنىش سېزىمى ئەمدى بۇ گەپلىرىمنى يۈزىگە ئېيتقاندا ئىختىيارسىز ساختا خۇشامەتكە ئايلىنىپ قالارمۇ؟ ماھارەت ۋە ئىقتىدارىغا ھەقىقىي ھەيران بولغان بىر ئۇستازنى ئۆز ئالدىدا ماختاپ سەممىيىتىمىزنى بىلدۈرسەك، ئۇ تەسىر كۈچى ۋە ئىقتىدارىدىن رەسمىي يوسۇندا قېپقېلىپ، بىر ئاز بىچارە ھالغا چۈشۈپمۇ

قالارمۇ؟

— ھېلىقى پەتەك نەگە كەتتى؟ — دېدى ئۇ.

خۇشامەتچىلىك ۋە ماختاشتىن خۇش بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا خۇش بولماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ھېس قىلىپ، نوپۇزلۇقلارغا خاس سالاپەت بىلەن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇ دەرھال سۆز تېمىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، بۇ سۆزنى قىلغانىدى.

— سىز پارس رىۋايەتلىرى ۋە ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى بولسىڭىزمۇ، ئوسمانىيەنىڭ شان - شەرىپى ۋە كۈچ - قۇدرىتىگە لايىق پەرقلىق بىر رەسىم ئالىمىنى ياراتتىڭىز، — دەپ پىچىرلىدىم، — رەسىمگە ئوسمانىيەنىڭ قىلىچىنىڭ كۈچىنى، غەلىبىسىنىڭ ئۈمىدۋار رەڭلىرىنى، ماددىي ئەشيا ۋە قورال - سايمانغا بولغان قىزىقىشى ۋە دىققىتىنى ھەممە خاتىرجەم، ئەركىن تۇرمۇش شەكلىنى سىز ئېلىپ كەلدىڭىز. ئۇستازىم، ھاياتىمنىڭ ئەڭ چوڭ شەرىپى شۇكى، سىز بىلەن بۇ يەردە ھەيران قالارلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئاجايىباتلىرىغا قاراپ ...

مەن مانا شۇنداق ئۆزۈندىن - ئۆزۈن پىچىرلاپ داۋاملىق مەدھىيىلىدىم. خەزىنە ئامبىرىدىكى خارابىزارلىقتا ئايلانغان ئۇرۇش مەيدانىدەك قالايمىقان ھالەت ۋە سوغۇق قاراڭغۇلۇقتا گەۋدىلىرىمىزنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن تۇرۇشى ۋە مېنىڭ پىچىرلاشلىرىمدىن بىر خىل يېقىملىق ئىپادە بىلىنىپ تۇراتتى.

چىرايىنىڭ ئىپادىسىنى باشقۇرالمىغان بەزى ئەمالارغا ئوخشاش، ئۇستاز ئوسماننىڭ كۆزلىرىدىمۇ ئاستا - ئاستا ياشانغان بوۋايلارغا خاس خۇشاللىق ئالامەتلىرى مەلۇم بولدى. مەن بىر دەم چىن يۈرەكتىن، بىر دەم ئەمالارغا بولغان بىزارلىق ۋە يىرگىنىش ھېسسىياتىم بىلەن ياشانغان ئۇستازنى ئۆزۈندىن - ئۆزۈن مەدھىيىلىدىم.

ئۇ سوغۇق بارماقلىرى بىلەن قولۇمنى تۇتتى، بىلەكلىرىمنى ۋە باش - كۆزۈمنى سىلىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن گويا كۈچى ۋە قېرىلىقى ماڭا ئۆتۈۋاتاتتى. شۇ دەقىقىدە ئۆيدە مېنى كۈتۈۋاتقان شەكۈرەنى ئويلىدىم.

ئالدىمىزدا ئوچۇق سەھىپىلەر بار ئىدى، بىر دەم مىدىرلىماي تۇردۇق. مېنىڭ مەدھىيىلىرىم ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ھەيرانلىقى ۋە ئېچە-

نىشى گويا بىزنى چارچاتقانلىقتىن، بىردەم ئارام ئالماقچى بولدۇق. ئاردىمىزدا قانداقتۇر بىر خىجالەتچىلىك بار ئىدى.

— پەتەك قەيەرگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

ھېلىگەر پەتەكنىڭ يوشۇرۇنغان بىر بۇلۇڭدىن بىزنى كۆزىتىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مۇرىلىرىمنى مىدىرلىتىپ، ئوڭ - سولغا قاراپ ئۇنى ئىزدەۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدىم، لېكىن كۆزلىرىمنى يەنىلا دىققەت بىلەن ئۇستاز ئوسماننىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىككەنىدىم. ئۇ راست ئەما بولدىمۇ ياكى ھەممىيلەننى، جۈملىدىن ئۆزىنى ئەما ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچىمۇ؟ شىرازنىڭ ماھارەتسىز ۋە ئېتىقادسىز بەزى پېشقەدەم ئۇستازلىرى ياشانغان چاغلىرىدا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىنى يۇزىگە سالماسلىقى ئۈچۈن ئەما بولۇۋالارمىش.

— بۇ يەردە ئۆلۈشنى خالايمەن، — دېدى ئۇ.

— ئۇلۇغ ئۇستازىم، جانابلىرى، — دەپ خۇشامەت قىلدىم مەن ئۇنىڭغا، — رەسىمگە ئەمەس، بەلكى رەسىم سىزىش ئارقىلىق تاپىدىغان پۇلغا، پېشقەدەم ئۇستازلارغا ئەمەس، ئەكسىچە، پەرەڭلەرگە تەقلىد قىلغۇچىلارغا ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقان بۇ رەزىل زاماندا دېگەنلىرىڭىزنى شۇنداق ياخشى چۈشەندىمكى، تەسىرلەنگىنىمدىن كۆزلىرىم ياشقا تولدى. لېكىن ئۇستا رەسساملىرىڭىزنى دۈشمەنلىرىدىن قوغداشمۇ سىزنىڭ باش تارتىشقا بولمايدىغان ۋەزىپىڭىز ئىدى. ئېيتىڭا، دېدەك ئۇسۇلىدىن قانداق نەتىجە چىقاردىڭىز؟ ئۇ ئاتنى سىزغان رەسسام كىم؟

— زەيتۇن.

ئۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا شۇنداق دېۋىدى، مەن ھەتتا ھەيرانمۇ بولمىدىم.

ئۇ بىر دەم جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— لېكىن يېزىنە تاغاڭنىمۇ، بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندىنىمۇ زەيتۇننىڭ ئۆلتۈرمىگەنلىكىگە ئىشىنىمەن، — دېدى سۇكۇنات بىلەن، — ئاتنى زەيتۇننىڭ سىزغانلىقىنى ئۇنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلارغا ھەممىدىن كۆپرەك يېقىن بولغانلىقىدىن، ھىرات رىۋايەتلىرىگە ۋە ئۇسلۇبلىرىغا ئەڭ يېقىن

بولغان ئۆلگىلىرىدىن ئۇنىڭ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇستىلىرىنىڭ شەجەرىسى تاكى سەمەرقەندكىچە تۇتىشىدىغانلىقىدىن پەرەز قىلدىم. سىنىڭ ”زەيتۇن بىر قانچە يىللاردىن بېرى سىزغان باشقا ئاتلاردا بۇ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى نېمىشقا ئۇچرىتالمىدۇق؟“ دەپ سورىمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. مەن ئىلگىرى ساڭا، بەزىدە مەلۇم ماھارەتنىڭ، ئالايلۇق، بىر قۇش قانىتىنىڭ تەسۋىرى، بىر يوپۇرماقنى شاختا قايسى يوسۇندا تۇتاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئۇستازدىن شاگىرتقا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد خاتىرىسىدە ساقلانغان ھالدا داۋام قىلىدىغانلىقىنى، رەسسامنىڭ ئۇسال مىجەزلىكى، مۇئامىلىسىنىڭ قاتتىقلىقى، رەسىمخانىنىڭ كەيپىياتى ۋە پادىشاھنىڭ ھەۋىسى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق ماھارەتنىڭ زادى مەيدانغا چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم. دېمەك، سۆيۈملۈك زەيتۇن بالىلىق چاغلىرىدا بىۋاسىتە پارس ئۇستىلىرىدىن ئۆگەنگەن ۋە زادى ئۇنۇتمىغان ئاتمۇ دەل ئاشۇ ئىدى. بۇ ئاتنىڭ ئەقىلسىز يېزنە تاغاڭنىڭ كىتابىدا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئاللاھنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان رەھىمسىز بىر ئويۇنى بولدى. ھىراتنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلىرىنى ھەممىمىز يېتەرلىك ئۆلگە قىلمىدۇقمۇ؟ خۇددى تۈركمەن رەسسام گۈزەل ئايال قىياپىتىنى ئويلىغان ھامان ئۇنى پەقەت جۇڭگولۇق قىلىپ سىزغاندەك، بىزلەرمۇ گۈزەل رەسىم دېگەندە، ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئاجايىباتلىرىنى ئويلىمىدۇقمۇ؟ ھەممىمىز ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارغا ئىخلاس قىلىمىز. بارلىق ئۇلۇغ رەسساملارنىڭ نەزىرىدە بەھزاتنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ھىرات، ھىراتتىن كېيىن موڭغۇل چەۋەندازلىرى ۋە جۇڭگولۇقلار بار. ھىراتنىڭ رىۋايەتلىرىگە چىڭ باغلانغان زەيتۇن كونا ئۇسلۇبلارغا ئۆزىدىنمۇ كۆپ، ھەتتا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندىنى نېمىشقا ئۆلتۈرسۇن؟

— ئەمىسە كىم؟ — دېدىم، — كېپىنەكمۇ؟

— لەيلەك! — دېدى ئۇ، — بۇنىمۇ ماڭا كۆڭلۈم ئېيتىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى، ھەسەتخورلۇقىنى ياخشى بىلىمەن. بۇلارغا قۇلاق سال: بىچارە ھەلكەش نازاكەتلىك ئەپەندى پەرەڭ ئۇسلۇبىغا تەقلىد

قىلىنغان سېنىڭ يېزنە تاغاڭنىڭ ئاشۇ كىتابىدا دىنسىزلىق، خۇداسىز-
لىق، مۇنكىرلىك① بارلىقىنى چۈشىنىپ، بۇنىڭدىن قورقـقان بولۇشى
ئېھتىمالغا يېقىن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەقىلسىز ئەرزۇرۇملۇق تەرغى-
باتچىنىڭ قۇرۇق گەپلىرىگە قۇلاق سالغىدەك دەرىجىدە ئەخمەق بولغانلىقى
ئۈچۈن، ھەل بەرگۈچى ئۇستىلار ئاللاھقا رەسساملاردىنمۇ يېقىن ئىكەنلى-
كىنى (ئەپسۇسكى، ئۇلار دۆت ۋە زېرىكەرلىك كېلىدۇ)، يەنە بىر تەرەپتىن،
ئەقىلسىز يېزنە تاغاڭنىڭ كىتابى سۇلتاننىڭ مەخپىي ۋە چوڭ بىر ئىشى
ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمە ۋە گۇمانلار
بىر - بىرىگە زىت كەلگەن: ئۇ سۇلتانغا ئىشىنەمدۇ ياكى ئەرزۇرۇملۇق
تەرغىباتچىغىمۇ؟ مەن بەش قولدەك تونۇيدىغان بۇ بىچارە بالام، يەنى نازا-
كەتلىك ئەپەندى ئىچىنى قۇرتتەك غاجىلاۋاتقان ھەرقانداق بىرەر دەردىنى
تەبىئىيكى ماڭا، يەنى ئۇستىسىغا ئېيتاتتى. لېكىن پەرەڭ ئۇسلۇبىغا تەق-
لىد قىلىپ، يېزنە تاغاڭنىڭ كىتابىغا ھەل بېرىشى ماڭا، رەسىمخانىمىزغا
خىيانەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەقىلسىز بولسىمۇ ناھايىتى ياخشى
چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، باشقا بىرىنى ئىزدىمەكچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ لەيلەكنىڭ ھۈنىرىگە قايىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خاتا چۈشەن-
چىسىگە ۋە ئېتىقادىغا بېرىلىپ، ھىيلىگەر ۋە ھەسەتخور لەيلەككە دەردىنى
ئېيتقان. ئۇنىڭ ئەنە شۇ خىل قايىللىقىدىن پايدىلىنىپ، لەيلەكنىڭ نازا-
كەتلىك ئەپەندىنى خالىغانچە باشقۇرغانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرگەنىدىم.
روشەنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەلۇم تالاش - تارتىش يۈز بەردى. نەتىجىدە،
نازاكەتلىك ئەپەندى لەيلەكنىڭ قولىدا ئۆلدى! نازاكەتلىك ئەپەندى بۇرۇن
كۆڭلىدىكى ۋەھىمىلەرنى ئەرزۇرۇملۇقلارغىمۇ ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار-
مۇ ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكىدە ھاياجانلىنىپ، ئۆز كۈچلىرىنى كۆرسە-
تىش نىيىتىدە بولغان ۋە ئۆزلىرىنى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈمىدە مەسئۇ-
لىيىتى بار دەپ قارىغان پەرەڭپەرەس يېزنە تاغاڭنىمۇ ئۆلتۈردى. بۇنىڭغا
ئىنتايىن قايغۇرغانلىقىمنى ئېيتالمايمەن. بىر نەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا،
يېزنە تاغاڭ سۇلتانىمىزنى ئالداپ بىر ۋېنېتسىيىلىك رەسسامغا (ئىسمى

① مۇنكىر — "ئىنكار قىلغۇچى" مەنىسىدە بولۇپ، ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر. — ت.

سېپاستىئىلو ئىدى) سۇلتانىمىزنىڭ رەسىمنى پەرەڭ ئۇسلۇبىدا سىزدۇرۇپ، كېيىن بۇ رەزىل رەسىمنىمۇ مېنىڭ ئالدىمغا بىر ئۈلگە سۈپىتىدە قويغان، مېنى ئۇنىڭ ئەينىسىنى سىزىشتەك سەت ۋە غورۇرنى يەرگە ئۇرىدىغان بىر ئىشقا مەجبۇرلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ كۆپپار ئۇسلۇبى بىلەن سىزىلغان ئۇ رەسىمنى سۇلتانىمىزغا بولغان ھۆرمىتىم يۈزىسىدىن مىڭبىر خىجىللىق بىلەن تەقلىد قىلغانىدىم. تەقلىد قىلمىغان بولسام، بەلكىم يېزنە تاغاڭنىڭ ئۆلۈمىگە بىئارام بولۇپ، بۈگۈن ئۇنى ئۆلتۈرگەن پەسكەشنى تېپىشقا تىرىشقان بولاتتىم. لېكىن، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىم يېزنە تاغاڭ ئەمەس، بەلكى رەسىمخانام. ھەر بىرىنى ئۆز بالامدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان، 25 يىل پەيلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇستا رەسساملىرىممۇ يېزنە تاغاڭ تۈپەيلىدىن ماڭا ۋە بىزنىڭ پۈتۈن رەسىم ئەنئەنىلىرىمىزگە خىيانەت قىلدى ۋە ”سۇلتانىمىزنىڭ ھازىرقى تەلىپى شۇ“ دېگەننى باھانە قىلىپ، ھازىر پەرەڭ ئۇستازلىرىنى ھەۋەس بىلەن دوراشقا باشلىدى. مانا بۇ نومۇسسىزلارنىڭ ھەممىسى قىيناق ـ سوراقتا ئېلىنىشقا تېگىشلىك! بىز رەسساملار تائىپىسى، ئالدى بىلەن بىزگە ئىش بەرگەن سۇلتانىمىزنىڭ ئەمەس، ھۈنەر ـ سەنئىتىمىزنىڭ قۇلى بولالىساق، ئاندىن جەننەتكە لايىق بولالايمىز. ھازىر مەن بۇ كىتابنى تەنھا كۆرۈشنى خالايمەن.

ئۇرۇش مەغلۇبىيىتىدە جاۋابكارلىقى بار دەپ ئەيىبلىنىپ، كاللىسى ئېلىنىشقا ھۆكۈم قىلىنغان بىر مەھكۇم پاشا ئاخىرقى تەلىپىنى ھەسرەت بىلەن قانداق بايان قىلىدىغان بولسا، ئۇستاز ئوسمانمۇ ئاخىرقى باياناتىنى شۇنداق بايان قىلماقتا ئىدى. ئۇ پەتەك ئالدىغا قويغان كىتابنىڭ سەھىپىلىرىنى ئاچتى ۋە ئەيىبلەش تەلەپپۇزى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزى تەلەپ قىلغان سەھىپىنى تېپىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئەيىبلەش تەلەپپۇزى ماڭا بىردىنلا ئۇنى پۈتۈن رەسىمخانا تونۇيدىغان باش رەسسام مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈۋەتكەندەك بىلىندى.

مەن ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم ۋە ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن ئىشلەنگەن ياستۇقلارنىڭ، تۇتقۇچى قىممەت باھالىق ياقۇتلار بىلەن نەقىشلەنگەن، ئوقى داتلىشىپ كەتكەن مىلتىقلارنىڭ ۋە ئىشكاپلارنىڭ ئارىسىدىن بىر

بولۇڭغا چىكىنىپ، ئۇستاز ئوسماننى يىراقتىن كۆزەتتىم. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا يۈرەك ـ باغرىمنى غاجىلاۋاتقان گۇمان قۇرتلىرى ھازىر گويا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىماقتا ئىدى. بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندىنى ۋە ئۇ-نىڭدىن كېيىن يېزنە تاغامنى سۇلتانىمىزنىڭ پەرەڭ ئۇسلۇبىدىكى كىتا-بىنى ئىشلەشتىن توختىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆلتۈرگۈزگەنلىكى ئەمدى ماڭا شۇ قەدەر ئېنىق بولدىكى، ئۇستاز ئوسمانغا نىسبەتەن بۇنىڭدىن ئىل-گىرى ئىزچىل تۇردە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلۈمدە يەنە ھازىر ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئالدىدىكى رە-سىمگە بېغىشلىغان، كۆزلىرى ئەما ياكى يېرىم ئەما بولسۇن، ئالدىدىكى رەسىمنى گويا يۈز ـ كۆزىنى قېرىلىق قورۇقلىرى قاپلىغان ھالدا كۆ-رۈۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئۇستازغا يەنىلا چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ رەسىمخانىدىكى كونا ئۇسۇل ۋە تەرتىپنى قوغداش، يېزنە تاغامنىڭ كىتابىدىن قۇتۇلۇش، يېڭىۋاشتىن سۇلتاننىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى بولۇش ئۈچۈن پەقەت ئۇستا رەسساملىرىدىن ھەرقانداق بىرىنى ئەمەس، ھەتتا مېنىمۇ ئاسانلا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىسكەنجىسىگە تاپشۇرۇشى مۇمكىنلىكى خېلىدىن كېيىن كاللامغا كەچتى. ئىككى كۈندىن بېرى قەلبىمنى ئۇنىڭغا باغلىغان ھۆرمەت ھېسسىياتىنى دىلىمدىن ۋە تەسەۋۋۇرۇمدىن يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، خېلى ئۇزاق زورۇقتۇم.

ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەنىدى. ئىچىمدىكى شەيتاننى تىنچىتىش، بىقارار-لىق جىنلىرىنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىش ئۈچۈن، ساندۇقلاردىن ئالغان كىتابلارنىڭ رەسىملىك سەھىپىلىرىگە ئۇزۇن بىر ھازا نىشانسىز قارى-دىم.

نۇرغۇنلىغان ئەر ـ ئاياللار بارمىقىنى ئاغزىغا سالماقتا ئىدى! بىر ھەيرانلىق ئىپادىسى سۈپىتىدە كېيىنكى 200 يىلدا سەمەرقەندتىن باغدادقىچە بولغان بارلىق رەسىمخانىلاردا بۇ ھەرىكەت قوللىنىلغانىدى. دۈشمەنلىرى قىستىغان كەيخۇسرەۋ جەيھۇن①دەرياسىنىڭ ئېقىش يولىدىن قارا ئېتى ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بىخەتەر ئۆتكىنىدە، ئۇنى سالغا

① جەيھۇن ـــ ئامۇ دەرياسى. ـــ ت .

سالمىغان پەسكەش سالچى بىلەن ئۇنىڭ پالاقچىسىمۇ بارماقلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن ئېغىزلىرىغا سالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇيىنىڭ كۈمۈش رەڭگى قارىداپ كەتكەن كۆلدە، ئاي يورۇقىدا يۇيۇنۇۋاتقان شىرىننىڭ گۈزەللىكىنى دەسلەپ كۆرگەن خۇسرەۋنىڭ بارمىقىمۇ ھەيرانلىقتىن ئاغزىدا قالغان. ناھايىتى دىققەت بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن كۆرگەن رەسىملەردىمۇ، قىيا ئۇچۇق ئوردا ئىشىكلىرىدە، قەلئە مۇنارلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز مۇئەللەقتىكى دېرىزىلىرىدە، پەردىلەرنىڭ كەينىدە كۆرۈنگەن گۈزەل ھەرەمخانا ئاياللىرىمۇ بارماقلىرىنى ئېغىزلىرىغا سالغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن ئىدى. ئىران قوشۇنىغا يېڭىلىپ تاجىدىن مەھرۇم بولغان تېزاۋ ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچقاندا، ئوردىسىنىڭ ھەرەمخانا دېرىزىسىدىن گۈزەللەر گۈزىلى ئەسپىنوۋي ھەسرەت ۋە ھەيرەت بىلەن بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ ئۇنىڭغا قارىغان ۋە كۆزلىرى بىلەن مېنى دۈشمەنگە تاشلاپ كەتمەڭ دەپ يالۋۇرغانىدى. "نومۇسۇمغا تەگدى" دېگەن بوھتان بىلەن تۇتۇلغان يۈسۈپ ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىلگەندە، دېرىزە تۈۋىدىكى تۆھمەتخور زۇلەيھا ھودۇقۇشتىن بەكرەك شەيتانلىق ۋە شەھۋەت بىلەن بارمىقىنى چىرايلىق ئاغزىغا سالغانىدى. بىر مۇھەببەت ناخشىسىدىن چىققان بەختىيار، لېكىن قايغۇلۇق ئاشىقلار جەننەتتەك بىر باغچىدا مۇھەببەتنىڭ ۋە شارابنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى يوقاتقاندا، يامان نىيەتلىك دېدەك ھەيرەتتىن بەكرەك ھەسەتخورلۇق بىلەن بارمىقىنى قىزىل ئاغزىغا سالغان ھالدا ئۇلارنى تاماشا قىلغانىدى.

بۇ ھەرىكەت پۈتۈن رەسساملارنىڭ ھەم نۇسخا دەپتەرلىرىگە ھەم كاللىسىغا نەقىشلەنگەن بىر ئۈلگە بولسىمۇ، ھەر بىر ئۇزۇن بارماق گۈزەل ئاياللارنىڭ ئاغزىغا ھەر بىر رەسىمدە باشقىچە بىر نەپىسلىك بىلەن كىرەتتى.

بۇ رەسىملەرنى كۆرۈش ماڭا قانچىلىك تەسەللى بولار؟ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇستاز ئوسماننىڭ يېنىغا بېرىپ مۇنداق دېدىم:

— ئۇستازىم، جانابلىرى، ئىشىك ئېچىلغاندا خەزىنىدىن چىقىپ كېتىشىمگە ئىجازەت قىلغايسىز.

— نېمە بولدى! — دېدى ئۇ، — يەنە بىر كېچە ۋە ئەتىگەنلىك

ۋاقتىمىز بار. كۆزلىرىڭ جاھانغا مەشھۇر ئەڭ گۈزەل رەسىملەرنى كۆ- رۈشكە نېمانچە تېز قاندى - ھە؟

ئۇستاز بۇنداق دېگىنىدە ئالدىدىكى سەھىپىدىن بېشىنى كۆتۈرمىگە- نىدى، لېكىن كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ رەڭگىدە مەلۇم بولغان سولغۇنلۇق ئاستا - ئاستا ئەمالاشقانلىقىنى ئىسپاتلايتتى.

— ئاتىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىدىكى سىرنى بىلدۇق، — دېدىم يۈرەكلىك ھالدا.

— ھە! — دېدى ئۇ، — شۇنداق، قالغىنى سۇلتانىمىز ۋە مالىيە ۋە- زىرى بىلىدىغان ئىش. بەلكىم ھەممىمىزنى ئەپۇ قىلار.

ئۇلارنىڭ قاتىلى دەپ لەيلەكنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەرمۇ؟ بۇنى قور- قۇپ سورىيالمىدىم، چۈنكى مېنى چىقىپ كەتكىلى قويماسمىكىن دەپ قورقاتتىم. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، ئۇنىڭ مېنى ئەيىبلەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتىم.

— بەھزاتنىڭ ئۆزىنى ئەما قىلغان تاج يىڭنىسى يوقىلىپ كەت- تى، — دېدى ئۇ.

— پەتەك ئېلىپ ئورنىغا قويۇپ قويغاندۇ، — دېدىم، — سىز كۆ- رۈۋاتقان بۇ سەھىپە نېمىدېگەن گۈزەل!

ئۇنىڭ چىرايى كىچىك بالىنىڭكىدەك كۈلۈمسىرىدى.

— خۇسرەۋنىڭ يېرىم كېچىدە شېرىننىڭ قەسرىنىڭ ئالدىغا ئاتلىق كېلىپ، ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان قايناق مۇھەببەت بىلەن كۈتكەنلىكى، — دېدى ئۇ، — بۇ رەسىم ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستىلارنىڭ ئۇسلۇبىدا سىزىلغان.

شۇ تاپتا ئۇ رەسىمگە خۇددى ئۇنى كۆرۈۋاتقاندەك قاراۋاتاتتى، لېكىن لوپىنى قولىغا ئالمىغانىدى.

— كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ باھار چېچەكلىرى ۋە يۇلتۇزلاردەك كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك جۇلالىنىپ بىر - بىرلەپ كۆرۈنۈشىدىكى گۈزەللىكنى، تام نەقىشلىرىدىكى كەمتەر، سەۋر- چانلىقنى، ئالتۇن رەڭ ھەلىنىڭ بېرىلىشىدىكى نەپىسلىكنى، پۈتۈن رە- سىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى ئاجايىپ تەڭپۇڭلۇقنى كۆرۈۋاتامسەن؟

يېقىملىق خۇسرەۋنىڭ ئېتى قىز بالىدەك زىلۋا ۋە نەپىس. يۇقىرىدىكى
دېرىزىدە قاراپ تۇرغان مەشۇقى شېرىنىنىڭ بويىنى قىسىلغان، لېكىن
چىرايى مەغرۇر، رەسسامنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتى ئىنچىكە ئىشلەنگەن
رەسىمنىڭ رەڭلىرىدىن قارىغاندا، ئاشىقلار بەدەن تۇقۇلمىلىرى ۋە تېرد-
لىرىدىن كۆرۈنگەن نۇرلار ئىچىدە گويا بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇشىدۇ. كۆرۈپ
تۇرۇپسەن، ئۇلارنىڭ باشلىرى بىر - بىرىگە مايىل، لېكىن بەدەنلىرىنىڭ
يېرىمى بىزگە مايىل. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ رەسىم ئىچىدە تۇرغانلىقىنى،
بىزگە كۆرۈنگەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەرگىز كىشىلەر ھەر دائىم
كۆرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشاشنى خالىمايدۇ، بۇنىڭ
ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ خاتىرىلىرىدىن چىققانلىقىنى ئىسپات-
لىماقچى بولۇپ سىناپ باقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەردە، ئۇ رەسىمنىڭ
ئىچىدە ۋاقىت توختىغان. رەسىم بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن ھېكايە ھەرقانچە
تېز بايان قىلىنىسىمۇ، ئۇلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن تارتىنچاق ۋە ئەدەپ-
لىك ياش قىزلاردەك، قوللىرى، بىلەكلىرى، زىلۋا گەۋدىلىرى، ھەتتا
كۆزلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ھەرىكەتلەندۈرمىگەن پېتى مەڭگۈ تۇرىدۇ.
ئۇلار بىلەن بىرلىكتە، توق كۆك رەڭگە پۈركەنگەن كېچىنىڭ ئىچىدە
ھەممە نەرسە جىمجىت - تۇرغۇن ھالەتتە بولىدۇ: كۆكتىكى قۇشلار
قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئىنتىزار-
لىققا تولغان قەلبلىرىدەك ئالدىراش قانات قېقىشىدۇ ھەمدە ئۇ يەردە، بۇ
تەڭداشسىز پەيتتە ئاسمانغا مىخلاپ قويغاندەك مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ
كۆز ئالدىغا ئاللاھنىڭ قارا دۇخاۋىدەك قاراڭغۇلۇقىنىڭ بىر پەردىدەك
چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار كونىلەر، ھەپ-
تىلەر بويى زادى مىدىرلىماي مۇشۇنداق بىر رەسىمگە قاراپ تۇرغان پېتى
ئەما بولۇشسا، ئاخىرى روھلىرى رەسىمنىڭ ئەنە شۇ چەكسىز ۋاقىت ئىد-
چىگە كىرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىشەتتى.

نامازشام ۋاقتىدا خەزىنىنىڭ ئىشىكى ئوخشاش قائىدە بويىچە ئېد-
چىلغاندا، ئۇستاز ئوسمان تېخىچە ئالدىدىكى سەھىپىدە تەسۋىرلەنگەن
كۆكتە مىدىرلىماي تۇرغان قۇشقا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ تۇراتتى.
لېكىن كۆز قارىچۇقلىرىدىكى سولغۇن رەڭنى پەرق ئەتكەنلەر خۇددى ئال-

ـدىدىكى تاۋاقتا خاتا يېقىنلاشقان بەزى ئەمالارنى پەرق ئەتكىنىمىزدەك، ئۇ-نىڭمۇ ئالدىدىكى ھەيران قالارلىق سەھىپىگە غەلىتە نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى.

ئۇستاز ئوسماننىڭ يەنە ئىچىدە قالدىغانلىقىنى، جەزمى ئاغىنىڭ ئىشكتە بولىدىغانلىقىنى بىلگەن خەزىنە خادىملىرى مېنى ئانچە قاتتىق ئاختۇرمىغانلىقى ئۈچۈن تونۇمنىڭ ئىچىدىكى تاج يىڭنىسىنى كۆرمەي قېلىشتى. ئوردىنىڭ سەيناسىدىن ئىستانبۇلنىڭ كوچىلىرىغا چىقىپ بىر ئارا كوچىغا كىردىم ۋە بەھزاتنى ئەما قىلغان قورقۇنچلۇق نەرسىنى تو-نۇمدىن ئېلىپ كەمىرىمگە سانجىپ، كوچىلاردا يۈگۈرگەندەك ماڭدىم.

خەزىنە ئامبىرىنىڭ سوغۇقى ئىچ - ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شەھەرنىڭ كوچىلىرىغا ئەتىگەندە كۆڭۈللۈك بىر باھار ھاۋاسى كەلگەندەك تۇيۇلدى. ئەسكىخان بازىرىدىكى بىر - بىرلەپ تاقىلىۋاتقان مىلىچمال، ساتىراش، كۆكتات، ئوتۇن دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، قەدىمىمنى ئاستىلىتىپ، پەنەر چىراغلار يورۇتقان ئىسسىق دۇكانلارنىڭ ئىچىدىكى ياغاچ تۈڭلەرغا، رەختلەرگە، سەۋزىلەرگە ۋە كوزا - كۈپلەرگە دىققەت بىلەن قارايتتىم.

يېزنە تاغامنىڭ كوچىسى (مېنىڭ كوچام دېيىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا "شەكۈرەنىڭ كوچىسى" مۇ دېيەلمەيتتىم) ئىككى كۈن كۆرمىگىنىم-گە تېخىمۇ يات ۋە يىراق بىر يەردەك كۆرۈندى. لېكىن شەكۈرەم بىلەن ساق - سالامەت بىللە بولۇش خۇشاللىقى ۋە "قاتىل تېپىلدى" دېيەلەيدى-غانلىقىم ئۈچۈن بوگۈن كېچە جانانىمنىڭ تۆشىكىگە كىرەلەيدىغانلىقىم مېنى پۈتۈن ئالەمگە شۇنداق يېقىنلاشتۇراتتىكى، ئانار كۆچىتىنى ۋە ئۆڭشالغان تاقاقلىق دېرىزە قاپقىقىنى كۆرۈپ، قوناقلىقتا ۋارقىرىغان بىر دېھقاندەك ۋارقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. چۈنكى شەكۈ-رەنى كۆرگەندە، "مەلئۇن قاتىلنىڭ كىملىكى مەلۇم بولدى" دەپ سۆز باش-لىماقچى ئىدىم.

دەرۋازىنى ئاچتىم. دەرۋازىنىڭ غىچىرلىشىدىنمۇ، قۇدۇقنىڭ چېلە-كىدىن سۇ ئىچكەن قۇشقاچىنىڭ بىغەملىكىدىنمۇ، ئۆينىڭ قاراڭغۇلىقى-دىنمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، لېكىن 12 يىل يەككە - يېگانە ياشىغان بىر ئا-

دەمنىڭ بۆرىدەك سەزگۈرلۈكى بىلەن شۇئان ئۆيدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلدىم. ئۆزۈمنىڭ يەككە ـ يېگانە قالغانلىقىمنى ھەسرەت بىلەن چۈشەنسەممۇ، يەنىلا ھەممە ئىشىكلەرنى، ئىشكاپلارنى، ھەتتا قازاننىڭ تۈۋاقلىرىنىمۇ ئېچىپ باقتىم، ساندۇقلارنىمۇ ئېچىپ قاردىم.

مانا بۇ جىمجىتلىق جەريانىدا مەن ئاڭلاۋاتقان ئاۋاز پەقەت تېز سوقۇۋاتقان يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىشى ئىدى. ئۇنىنى تاسقاپ، ئەلگەكنى ئېسىپ قويغان بىر بوۋايدەك ئەڭ چەتتىكى ساندۇقنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويغان قىلىچىمنى ئېلىپ ئاسقىنىمدا بىر دەم ھۆزۈرلاندىم. قەلىمىم بىلەن ئىش قىلغان شۇنچە يىللاردىن بۇيان قەلبىمگە تەسەللى ۋە تەڭپۇڭلۇقنى (مىڭىش تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ) مۇشۇ پىل چىشى ساپلىق قىلىچىم بەرگەنىدى. كىتابلار كىشىنىڭ بەختسىزلىكىگە تەسەللى بېرىدۇ دەپ قارايمىز، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىزگە بىر چوڭقۇرلۇقنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

ھويلىغا چىقتىم. قۇشقاچ ئۇچۇپ كەتكەنىدى. قومغا پېتىپ قالغان بىر كېمىنى تاشلىۋەتكەندەك، ئۆينى قاراڭغۇلۇقنىڭ جىمجىتلىقىغا تاشلاپ تاشقىرىغا چىقتىم.

شۇ تاپتا ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنگەن قەلبىم ماڭا، يۈگۈر، ئۇلارنى تاپ، دەيتتى. يۈگۈردۈم. شۇنداقتىمۇ ئادەم توپلاشقان يەردىكى يېقىن يول بىلەن مەسچىت ھويلىسىدىن ئۆتكىنىمدە، ياخشى ئويۇن چىقتى دەپ خۇشال بولۇشۇپ كەينىمگە ئەگىشىۋالغان ئىتلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىۋىدى، شۇئان قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم.

# 53. مېنىڭ ئىسمىم ئېستېر

كەچلىك تاماق ئۈچۈن يېسىمۇق شورپىسى قاينىتىۋاتاتتىم، "دەرۋازىنى قېقىۋاتىدۇ" دېدى نەسىم. شورپا قايناۋېرىپ قويۇلۇپ قازاننىڭ تۈۋىگە تۇتۇۋالمىسۇن، دەپ ئۇنىڭ قولىغا چۆمۈچنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئاجىز قولىنى تۇتۇپ قازاننىڭ ئىچىدە چۆمۈچنى ئىككى قېتىم قوچۇدۇم. چۈنكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويمىسا، قوچۇماي چۆمۈچنى شورپىنىڭ ئىچىدە كەچكىچە تۇتۇپ تۇراتتى.

دەرۋازىدا قارانى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىدى. ئۇنىڭ چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى، ھەتتا نېمە بولدۇڭ دېيىشكىمۇ ئېغىز بارمايتتى.

— سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، مەن كىيىممنى ئالماشتۇرۇپ چىقاي، — دېدىم.

رامىزان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا، مول زىياپەتلەرگە، بىر نەچچە كۈن داۋاملىشىدىغان تويلارغا تەكلىپ قىلىنغان چاغلىرىمدا كىيىدىغان رەڭدار كىيىملىرىمنى كىيدىم. بايراملىق بوغچامنى ئالدىم ـ دە، بىچارە نەسىمگە "شورپامنى كېلىپ ئىچىمەن" دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

مورىلىرىدىن ئاران ئىس چىقىۋاتقان يەھۇدىيلار مەھەللىسىدە قارا بىلەن بىللە بىر كوچىدىن ئۆتە ـ ئۆتمەي:

— شەكۈرەنىڭ بۇرۇنقى ئېرى ئۇرۇشتىن قايتىپ كەپتۇ، — دېدىم.

مەھەللىدىن چىققۇچە قارانىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، چىرايى كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدەك قارىداپ كەتتى.

— ئۇلار قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئۇ خېلىدىن كېيىن.

شەكۈرە بىلەن بالىلارنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى ئۇنىڭ سوئالىدىن چۈشەنگەنىدىم. "ئۆيىدىدۇ" دېدىم. بۇ سۆز شەكۈرەنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن قارانىڭ يۈرىكى ئازابلىنىدىغانلىقىنى دەرھال باي-

قاپ، ئىككىنچى جۈملە بىلەن بىر ئۈمىد ئىشىكىنى ئاچتىم ـ دە، ”ھەر ھالدا“ دېدىم.

— سىز ئۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەن ئېرىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ئۇنىمۇ كۆرمىدىم، شەكۈرەنىڭ ئۆيىنى تاشلاپ كەتكىنىنىمۇ كۆرمىدىم.

— ئەمىسە ئۆيىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— سېنىڭ چىرايىڭدىن.

— ماڭا ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتىپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ قەتئىي ھالدا.

بىچارە قارانىڭ تورقى شۇقەدەر دەردمەن ئىدىكى، ئۇ گويا ئېستېرنىڭ كۆزلىرىنى دېرىزىدىن ئۈزمەي، يولدىكى ھەربىر تاۋۇشقا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان سانسىز خىيالچان قىزلارغا ئەر تېپىپ بېرەلەيدىغان ۋە ھەرقانداق ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۆڭۈل خۇشلۇقى بىلەن قاقالايدىغان بىر ئايال يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ئېستېر ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى.

— شەكۈرەنىڭ بۇرۇنقى ئېرىنىڭ ئىنىسى ھاسان، — دېدىم، — ئۆيۈڭلارغا بېرىۋېلىپ (ئۆيۈڭلار دېگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇشال بولغىنىنى كۆردۈم)، شەۋكەتكە دادىسىنىڭ ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىش ئالدىدا ئىكەنلىكىنى، ناماز ئەسىر ۋاقتىدا ئۆيگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇ كەلگەندە ئۆيدە ئانىسىنى، بالىلارنى كۆرمىسە كۆڭلى يېرىم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شەۋكەت ئانىسىغا خەۋەرنى يەتكۈزسىمۇ، شەكۈرە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىپتۇ ۋە بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. ناماز ئەسىرگە يېقىن شەۋكەت ئۆيدىن قېچىپ، تاغىسى ھاسان بىلەن بوۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋاپتۇ.

— سىز بۇلارنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— ھاساننىڭ كېيىنكى ئىككى يىلدىن بېرى شەكۈرەنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئامال ـ چارىلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى شەكۈرە ساڭا دېمىگەنمۇ؟ بىر مەزگىل ھاسان مەندىن شەكۈرەگە خەتلەرنى يوللىغانىدى.

— شەكۈرە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرغانمىدى؟

— ئىستانبۇلنىڭ خىلمۇ خىل ئاياللىرىنى بىلمەن، — دېدىم مەغ-رۇرلانغان هالدا، — شەكۈرەدەك ئۆيىگە، ئېرىگە، نومۇسىغا سادىق ئايالنى كۆرمىدىم.

— بىراق، هازىر ئۇنىڭ ئېرى مەڭگۈ.

ئۇنىڭ ئاۋازىدا مېنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدىغان ئەرلەرگە خاس تەدبىرسىزلىك بار ئىدى. شەكۈرە قايسى تەرەپكە ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتە كۆڭۈلسىزلىك باشلىناتتى.

— هاسان شەۋكەتنىڭ دادىسىنى كۈتۈش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئانىسى قانۇنسىز نىكاھ بىلەن ياتلىق بولغان ئۇ ساختا ئەر، يەنى يېڭى دادا تۇپەيلىدىن ئۆزىنى ئىنتايىن بەختسىز هېس قىلىۋاتـ-قانلىقىنى، ئەمدى قايتىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىر قەغەزگە يېزىپ، شەكۈ-رەگە ئاپىرىپ بېرىشىم ئۈچۈن ماڭا بەردى.

— شەكۈرە قانداق قىلدى؟

— كېچىچە بىچارە ئورخان بىلەن ئىككىسى يەككە - يېگانە سېنى كۈتتى.

— خەيرىيەچۇ؟

— خەيرىيە سېنىڭ گۈزەل ئايالىڭغا قولىدىن كېلىشىچە دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ يۈرىدۇ. ئۇ رەھمەتلىك يېزنە تاغاڭنىڭ قوينىغا شۇنىڭ ئۈچۈن كىرگەنىدى. هاسان شەكۈرەنىڭ كېچىنى قاتىل ۋە ئەرۋاھلاردىن قورقۇپ يالغۇز ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ مەندىن شەكۈرەگە يەنە بىر خەت ئەۋەتتى.

— خەتتە نېمە دەپتۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، بۇ بىچارە ئېستېر ساۋاتسىز بولسىمۇ، غەزەپلىك خوجايىنلار، ئەسەبىي ئاتىلار بۇ سوئالنى سورىغاندا ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: مەن خەتنى ئەمەس، پەقەت خەتنى ئوقۇغان گۈزەل قىزىمىنىڭ چىرايىنى چۈشىنەلەيمەن.

— ئۇنىڭدىن نېمىنى چۈشەندىڭىز؟

— ئامالسىزلىقنى.

بىر ھازا گەپ - سۆز قىلىشمىدۇق. كىچىك بىر گىرېك چېركاۋىنىڭ ئۆگزىسىگە قونۇۋېلىپ كېچىنى كۈتۈۋاتقان ھۇۋقۇشنى كۆردۈم؛ قىياپىتىمگە ۋە بوغچامغا قاراپ كۈلۈشكەن، بۇرنى ئېقىپ تۇرغان مەھەللە بالىلىرىنى كۆردۈم؛ كەچ كىردى دەپ سەرۋىلىك قەبرىستانلىقتىن تىنىماي دۈمبىسىنى تاتىلاپ كوچىغا چۈشكەن قوتۇر ئىتنى كۆردۈم.

— ئاستىراق ماڭ! — دەپ ۋارقىرىدىم قاراغا، — مەن دۆڭلۈكتىن سەندەك چىقالمايمەن. قولۇمدىكى بۇ بوغچا بىلەن مېنى نەگە ئېلىپ بارىسەن؟

— سىز مېنى ھاسانىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋۋال، مەن سىزنى مەخپىي ئاشىقلىرى ئۈچۈن گۈللۈك ياغلىقلار، يىپەك بەلۋاغلار، كالۋۇتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن پۇل قاپچۇقلىرىنى ئالىدىغان مەرد يىگىتلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن.

قارانىڭ بۇ بىچارە ھالى بىلەن چاقچاق قىلالىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ياخشى ئىش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ چاقچىقىدىن دەرھال بىر جىددىيلىكنى سەزدىم: ”ئەگەر ئادەم توپلاپ بارساڭ، سېنى ھاسانىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارمايمەن، چۈنكى ئۇرۇش - جېدەلدىن ئۆلگۈدەك قورقىمەن“ دېدىم.

— سىز ئادەتتىكىدەك ئەقىللىق ئېستېر بولسىڭىز، ئۇرۇشمۇ بولمايدۇ، غوۋغامۇ بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

ئاقسارايدىن ئۆتۈپ ئارقىغا، يەنى لانگا كۆكتاتلىقىغا قاراپ كەتكەن يولغا چۈشتۇق. قارا بولسا، پاتقاق يولنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر چاغلاردا روناق تاپقان بىر مەھەللىدە تېخىچە ئىشتىن چۈشمىگەن بىر ساتىراشنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ پاكىز چىراي، قولى چېۋەر بىر يىگىتنىڭ تۇتۇپ بەرگەن چىراغ يورۇقىدا چاچ ياساۋاتقان ئۇستا بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇزۇن ئۆتمەي ساتىراش، شاگىرتى ۋە ئىككى ئادىمى ئاقسارايدا بىزگە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قىلىچلار، پالتىلار بار ئىدى. شاھزادە باشى كوچىسىدا شۇنچىلىك جاسارىتى بارلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان بىر مەدرىسە تالىپىمۇ قولىغا قىلىچ ئېلىپ قاراڭغۇدا بىزگە قوشۇلدى.

— شەھەر ئىچىدە كۈپكۈندۈزدە ئۆيگە باستۇرۇپ كىرەمسىلەر؟ —

دېدىم.

— كۈندۈز ئەمەس، كېچە، — دېدى قارا چاقچاق ئارىلاش خۇشاللىق بىلەن.

— ئادەم توپلىدىم دەپ ئۆزۈڭگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمە، — دېدىم، — بۇنداق قورالللار بىلەن نەق بىر قوراللىق زوراۋانلارنىڭ كوچىدا كېزىپ يۈرگەنلىكىنى مۇھاپىزەتچى پىيادە ئەسكەرلەر كۆرۈپ قالمىسۇن.

— ھېچكىم كۆرمەيدۇ.

— تۇنۇگۇن ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچىنىڭ مۇرىتلىرى ئاۋۋال بىر مەيخانىغا، كېيىن ساغىر قاپىدىكى جەرراھى خانىقاسىغا بېسىپ كىرىپ، كىشىلەرنى ئۇرۇپتۇ، بېشىغا تاياق يېگەن بىر بوۋاي ئۆلۈپتۇ. قاراڭغۇدا سىلەرنى شۇلار دەپ قالمىسۇن يەنە.

— سىز رەھمەتلىك نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ ئايالىنى يوقلاپ بېرىپسىز. ئالالاھ رازى بولسۇن، سىياھى يېيىلىپ كەتكەن ئاتنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ شەكۇرەگە خەۋەر قىپسىز. نازاكەتلىك ئەپەندى بۇ ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچىنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن ناھايىتى يېقىنمىدى؟

— ئۇ ئۆيدە ئۇ ئايالدىن بىر ئاز گەپ ئېلىپ باقسام، بىچارە شەكۇرەگە پايدىسى بولار دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدىم، — دەرۋەقە، مەن ئۇ يەرگە مېنىڭ بىتەلەي يەھۇدىيلارغا خاس ئەقلىم يەتمەيدىغان سىلەرنىڭ قانۇني ۋە سىياسىي ئىشلىرىڭلارغا ئارىلاشقىلى ئەمەس، فىلىپپىننىڭ سودا پاراخوتىدىن يېڭى كەلگەن رەختلەرنى كۆرسەتكىلى بارغانىدىم.

— ئېستېر خانىم، سىز ناھايىتى ئەقىللىق.

— شۇنداق بولغانلىقىم ئۈچۈن ساڭا شۇنىمۇ ئېيتاي: بۇ ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچىنىڭ مۇرىتلىرى يەنە تېخىمۇ غالجىرلىشىدۇ، يەنە تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

چارشىقاپىنىڭ كەينىدىكى كوچىغا كىرگەندە يۈرىكىم قورقۇنچ بىلەن تېز سوقۇشقا باشلىدى. كاشتان ۋە ئۇجمە دەرەخلىرىنىڭ يالىڭاچ ۋە نەم شاخلىرى يېرىم ئاينىڭ سولغۇن يورۇقىدا پارقىرايتتى. جىن ـ شەيتانلار چىقارغان شامال بوغچامنىڭ چۆرىسىدىكى چۈچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ، دەرەخلەردە ئىسقىرىق چېلىپ، بىز بىر توپ كىشىنىڭ كېلىۋاتقىنىمىزنى مە-

ھەللىنىڭ مارىلاپ ياتقان پۈتۈن ئىتلىرىغا يەتكۈزگەنىدى. ئۇلار بىردىن - ئىككىدىن ھاۋشىشقا باشلىغاندا قاراغا ئۆيىنى كۆرسەتتىم. قاراڭغۇ ئۆگ - زىسىگە، دېرىزە قاپقاقلىرىغا بىر دەم جىمجىت قاراپ تۇردۇق. قارا ئادەم - لىرىنى ئۆينىڭ ئەتراپىغا، بوش گۈللۈككە، دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىغا ۋە ئارقىدىكى ئەنجۈر كۆچەتلىرىنىڭ نېرىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

— بۇ ئارا كوچىدا بىر مەينەت تاتار تىلەمچى بار، — دېدىم، — ئۇ ئەما، لېكىن كوچىغا كىرگەن - چىققاننى مەھەللە باشلىقىدىن ياخشى بى - لىدۇ. پادىشاھنىڭ پاسكىنا مايمۇنىدەك داۋاملىق ئۆكتەملىك قىلىدۇ. ئە - گەر نېرىدا تۇرۇپ سەككىز - ئون تەڭگە بەرسىڭىز، ھەممە نەرسىنى ئېيت - تىپ بېرىدۇ.

يىراقتىن قارانىڭ ئاۋۋال پۇل بېرىپ، كېيىن قىلىچىنى كېكىردى - كىگە تىرەپ تاتارنى قىستاپ بىر نېمىلەرنى سوراۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. كېيىن قانداق بولدى بىلمەيمەن، ئۆيىنى كۆزىتىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان سا - تىراشنىڭ شاگىرتى پالتىسىنىڭ سېپى بىلەن تاتارنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەمدى بولدى قىلار دەپ بىر ئاز قاراپ تۇردۇم، لېكىن تاتار ھەدەپ يىغلا - ۋەردى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن دەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، تاتارنى بىر چەتكە تارتىۋالدىم.

— ئانامنى تىللىدى، — دېدى ساتىراشنىڭ شاگىرتى.

— ھاسان ئۆيدە يوق، دەيدۇ، — دېدى قارا، — بۇ قارغۇنىڭ دېگىنى راستمىدۇ؟ — ئۇ ماڭا شۇ يەردىلا يازغان بىر خەتنى ئۇزىتىپ، — مەڭ، بۇنى ئۆيگە ئەپكىرىپ ھاسانغا، ئۇ بولمىسا دادىسىغا بېرىڭ، — دېدى.

— شەكۈرەگە بىر نەرسە يازمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم خەتنى ئې - لىپ.

— ئۇنىڭغا ئايرىم خەت كىرگۈزسەم بۇ ئۆيدىكى ئەرلەر تېخىمۇ قۇترايدۇ، — دېدى قارا، — ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ پەسكەش قاتىلىنى تاپقان - لىقىمنى ئېيتىڭ.

— بۇ راستمۇ؟

— شۇنداق دېسىڭىزلا بولىدۇ.

تېخىچە يىغلاۋاتقان تاتارنى ئەيىبلەپ يىغلاشتىن توختاتتىم ۋە

"ساڭا قىلغان ياخشىلىقىمنى ئۇنتۇما" دېدىم. مەن بۇ ئىشلارنى ئۇ يەردىن هازىرچە كەتمەسلىكىنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ، ئەتەي ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلەتتىم.

بۇ ئىشلارغا نېمىشقا ئارىلىشىپ قالدىم؟ ئەدىرنە قاپىدا ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىرەيلەننىڭ ۋەدىلەشكەن قىزى باشقا بىرىگە ياتلىق بولۇپ كەتكەندە، ئۇ ماڭا ئوخشاش ئارىچى ئايالنى قولاقلىرىنى كېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. مومام ماڭا تۇركلەرنىڭ كۆپ چاغلاردا سەۋەبسىز ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. قەدىرلىكىم نەسىمنىڭ هازىر ئۆيدە ئىچىۋاتقان يېسسىمۇق شورپىسى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاياغلىرىم كەينىگە تارتسىمۇ، ئۇ يەردە شەكۇرەنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. بۇ ئىشقا قىزىقىشىمۇ ئىچىمنى تاتىلاۋاتاتتى.

— يايمىچى! جۇڭگودىن كەلگەن بايراملىق كۆڭلەكلىك يېپەك رەختلەر بار!

دېرىزە قاپقاقلىرىنىڭ يوچۇقىدىن سىزىپ چىققان ماندارىن رەڭلىك يورۇقلۇقنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى هېس قىلدىم. ئىشىك ئېچىلدى. هاساننىڭ مۇلايىم دادىسى مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۆي بايلارنىڭ ئۆيلىرىدەك ئىسسىق ئىدى. چىراغنىڭ يورۇقىدا، داستىخاننىڭ ئەتراپىدا بالىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرغان شەكۇرە مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— شەكۇرە، — دېدىم، — ئېرىڭ كەلدى.

— قايسىسى؟

— يېڭىسى، — دېدىم، — ئۇ قوراللىق ئادەملىرى بىلەن ئۆيىنى قورشىدى، ئۇلار هاسان بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار.

— هاسان ئۆيدە يوق، — دېدى تەكەللۇپ بىلەن قېيىنئاتا بوۋاي.

— تەلىيى بار ئىكەن، — دېدىم، — بۇ خەتنى ئوقۇپ باقىنا، — دەپ، پادىشاھنىڭ رەھىمسىز ئىرادىسىنى يەتكۈزگەن مەغرۇر ئەلچىدەك قارانىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا بەردىم.

ئەدەپلىك قېيىنئاتا خەتنى ئوقۇۋاتقاندا:

— ئېستېر، — دېدى شەكۇرە، — داستىخانغا كېلىڭ، يېسسىمۇق شورپىسى ئىچىپ ئىسسىنىۋېلىڭ.

— ئىچكۈم يوق، — دېدىم ئاۋۋال. ئۇنىڭ بۇ ئۆيىنى ئۆز ئۆيىدەك كۆرۈپ گەپ قىلغىنىنى ياقتۇرمىغانىدىم. لېكىن مەن بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قوشۇقنى تۇتقىنىمچە ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم.

— قاراغا بۇ ئىشنىڭ شەۋكەتنىڭ تۈپەيلىدىن بولغانلىقىنى ئېيتىڭ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — تۈنۈگۈن قاتىلدىن قورقۇپ ئورخان بىلەن ئۆزۈم يالغۇز كېچىچە كۈتتۇم. ئورخان كېچىچە تىترەپ چىقتى. بالىلىرىم ئايرىلىپ كەتتى. قايسى ئانىنىڭ بالىلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلسۇن! قارا ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەچكە، ھاسان بىزگە سۇلتانىمىزنىڭ جاللاتلىرى ئۇنى ئىقرار قىلدۇرغانلىقىنى، دادامنىڭ ئۆلۈمىدە ئۇنىڭ ھەسسىسى بارلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنىمۇ يەتكۈزدى.

— داداڭ ئۆلتۈرۈلگەندە قارا سېنىڭ يېنىڭدا ئەمەسمىدى؟

— ئېستېر، — دېدى شەكۈرە شەھلا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، — ماڭا ياردەم قىلىڭ.

— بۇ يەرگە نېمىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىڭنى ئېيتقىن، ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئاندىن ياردەم قىلاي.

— نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى بىلىدۇ دەمسىز؟ — دېدى ئۇ ۋە يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلدى، — قارا شەۋكىتىمگە ياخشى مۇئامىلە قىلمىغانىدى، — دېدى، — ھاسان بالىلارنىڭ ئەسلىي دادىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭغىمۇ ئىشىنىپتىمەن.

لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يالغان ئېيتقانلىقىنى چۈشەندىم، ئۇمۇ چۈشەنگىنىمنى بىلدى. ”ھاسانغا ئالداندىم“ دەپ پىچىرلىدى ئۇ. بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ھاساننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قارا بىلەن نىكاھلانغانلىقى ئۈچۈن ھاساننى تېخىمۇ كۆپ ئويلاشقا باشلىغانلىقىنى چۈشىنەتتىمۇ؟

ئىشىك ئېچىلدى. ئۆيگە قولىدا ئوچاقتىن يېڭى چىققان ئىسسىق نان تۇتقان خەيرىيە كىردى. ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ ھېچ پەرۋا قىلمىغان چىرايىدىن، يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، يا تاشلىۋەتكىلى، يا سېتىۋەتكىلى بولمايدىغان بۇ زەللە گۆشنىڭ شەكۈرەگە بىر بالا - قازا

سۈپىتىدە مىراس بولۇپ قالىدىغانلىقىنى شۇئان كۆرۈپ يەتتىم. ئىسسىق نانىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئىچىدە، شەكۇرە باللار ئۈچۈن دۆچ كەلگەن ئەسلىي ھەقىقەتنى چۈشەندىم: باللارنىڭ ئەسلىي ئاتىسى مەيلى ھاسان ياكى قارا بولسۇن، شەكۇرەنىڭ ئىزدىمەكچى بولغىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەر ئەمەس ئىدى. قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچەيگەن شۇ باللار ياخشى كۆرىدىغان بىر ئاتىنى تېپىش قىيىن مەسىلە ئىدى. شەكۇرە بارلىق ياخشى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى نىيەت بىلەن سۆيۈشكە تەييار ئىدى.

— ئىزدىگەن نەرسەڭنى يۈرىكىڭ بىلەن ئىزدەۋاتىسەن، — دېدىم ئويلاشمايلا، — لېكىن ئەقلىڭ بىلەن بىر قارارغا كېلىشىڭ كېرەك.

— ھازىرلا باللار بىلەن قارانىڭ يېنىغا قايتىمەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن شەرتلىرىم بار! — ئۇ بىر ئاز سۈكۈت قىلدى، — ئۇ شەۋكەت بىلەن ئورخانغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. مېنىڭ بۇ يەرگە پاناھلانغىنىم ئۈچۈن باشقىچە ھېساب ئالماسلىقى كېرەك ۋە ئەر ـ خوتۇنلۇق شەرتلىرىمىزگە (ئۇ ئۆزى بىلىدۇ) بويسۇنۇشى لازىم. ئۇ مېنى تونۇگۈن كېچە ئۆيدە قاتىلنىڭ، ئوغرىنىڭ، مۇتەھەمنىڭ ۋە ھاساننىڭ ئالدىدا يالغۇز تاشلىۋەتتى.

— داداڭنىڭ قاتىلنى تېخىچە تاپالماپتۇ، لېكىن ساڭا تاپقانلىقىنى ئېيتىشىمنى تاپشۇردى.

— ئۇنىڭ يېنىغا كېتەيمۇ؟

مەن جاۋاب بەرمەستىلا، قولىدىكى خەتنى بۇرۇنلا ئوقۇپ بولغان سابىق قېيىنئاتا:

— قارا ئەپەندىگە ئېيتىڭ، ئوغلۇم يوق ئەھۋالدا، مەن كېلىنىمنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن، — دېدى.

— قايسى ئوغلىڭىز؟ — دېدىم ئەتەي بىرەر جېدەل چىقسۇن دەپ، ئەمما سىلىق ئاۋاز بىلەن.

— ھاسان، — دېدى، ئۇ ياۋاش ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن خىجالەت بولغانىدى، — چوڭ ئوغلۇم پارس دىيارىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپتۇ، گۇۋاھچى بار.

— ھاسان قەيەردە؟ — دېدىم، شەكۇرە بەرگەن شورپىدىن ئىككى قوشۇق ئىچكەچ.

— تاموژنا ئىدارىسىدىكى كاتىپلار، ھامماللار ۋە باشقا ئادەملەرنى چاقىرغىلى كەتتى، — دېدى ئۇ يالغان گەپنى قاملاشتۇرالمايدىغان ساددا ئادەملەرنىڭ كۈلكىلىك قىياپىتى بىلەن، — تۈنۈگۈنكى ئەرزۇرۇملۇقلارنىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن، مۇھاپىزەتچى پىيادە ئەسكەرلەرمۇ بۈگۈن كېچە كوچا چارلايدىكەن.

— بىز ئۇلارنى كۆرمىدۇققۇ، — دېدىم ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ، — دېمەكچى بولغىنىڭىز مۇشۇمىدى؟

قېيىنئاتىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدىم. لېكىن شەكۇرە مېنىڭ بۇ گەپنى ئۆزىگە قىلغىنىمنى ئېنىق چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ كاللىسى ھەقىقەتەن قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىمىدۇ، ياكى بىر نەرسىنى، مەسىلەن، ھاساننىڭ ئادەملىرى بىلەن كېلىشىنى كۈتۈۋاتامدىغاندۇ؟ مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدە شەكۇرەنىڭ بىقارارلىقىنى ياخشى كۆرگەنلىكىمنى سەزدىم.

— بىز قارانى ياخشى كۆرمەيمىز، — دېدى شەۋكەت جۇرئەت بىلەن، — سەنمۇ بۇ يەرگە ئىككىنچى كەلگۈچى بولما، پور خوتۇن.

— ئۇنداقتا گۈزەل ئاناڭغا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان چۈچىلىق باش ياغلىقلارنى، گۈللۈك، چۆرىسى قوش كەشتىلەنگەن قول ياغلىقلارنى، سەن ياخشى كۆرىدىغان قىزىل رەڭلىك كۆڭلەكلىك رەختلەرنى كىم ئېلىپ كېلىدۇ؟ — دېدىم ۋە بوغچامنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدىم، — مەن يەنە بىر قېتىم كەلگىچە، بوغچىنى ئېچىپ كۆرۈپ، خالىغىنىڭلارنى تاللاپ كىيىڭلار، تاقاڭلار، خالىغىنىڭلارنى ئېلىپ، پىچىپ تىكىڭلار...

ئۆيدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ غەم قىلدىم: دەرۋەقە شەكۇرەنىڭ كۆزلىرىنى زادى بۇنداق ياشقا تولغان ھالدا كۆرمىگەنىدىم. تاشقىرىنىڭ سوغۇقىغا كۆنگەن ـ كۆنمىگەننىڭ ئارىلىقىدا، پاتقاق يولدا قارا قولىدا قىلىچىنى تۇتقان ھالدا مېنى توختىتىۋالدى.

— ھاسان ئۆيدە يوق ئىكەن، — دېدىم، — بەلكىم شەكۇرەنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن بازارغا شاراب ئالغىلى كەتكەن

ئوخشايدۇ ۋە بەلكىم ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك، ئادەملىرى بىلەن ھازىرلا كې-
لىپ قالار. ئۇ چاغدا ئۇرۇشىسىلەر، چۈنكى ئۇ بىر تەلۋە. ئەگەر قىزىل
قىلىچىنى قولىغا ئالسا...

— شەكۇرە نېمە دېدى؟

— قېيىنئاتىسى: "ياق، بولمايدۇ، كېلىنىمنى بەرمەيمەن" دېدى. لې-
كىن سەن ئۇنىڭدىن ئەمەس، شەكۇرەدىن قورققىن. كاللىسى ئېلىشىپ
كەتكەن ئايالىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئىككى كۈن كېيىن، قاتىل-
دىن قورققانلىقى، ھاساننىڭ تەھدىتلىرى ھەم سېنىڭ ھېچ خەۋەرسىز يو-
قاپ كېتىشىڭ تۈپەيلىدىن، بۇ ئۆيدە يەنە بىر كېچىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغانلى-
قىنى ھېس قىلىپ بۇ يەرگە قايتىپ كەپتۇ. مەندىن سورىساڭ، ئۇلار ئۇ-
نىڭغا دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدە سېنىڭمۇ قولۇڭ بارلىقىنىمۇ ئېيتى-
شىپتۇ. لېكىن شەكۇرەنىڭ بۇرۇنقى ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىشى يوق گەپ.
ھاساننىڭ يالغان سۆزىگە شەۋكەت بىلەن بوۋىسى ئىشەنگەندەك كۆرۈنىدۇ.
شەكۇرەنىڭ سېنىڭ يېنىڭغا قايتىپ كېلىش نىيىتى بار، لېكىن شەرتلى-
رىمۇ بار ئىكەن.

قارانىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ شەرتلەرنى ساناپ بەردىم.
ئۇ دەرھال راستتىنلا بىر ئەلچى بىلەن سۆزلەشكەندەك رەسمىي كەيپىياتتا
قوبۇل قىلدى.

— مېنىڭمۇ بىر شەرتىم بار، — دېدىم، — مەن ھازىر ئۇ ئۆيگە يەنە
كىرمەكچى، قېيىنئاتا كەينىدە تۇرۇۋاتقان دېرىزىنىڭ تاختىلىرىنى كۆر-
سەتتىم، — بىر ئازدىن كېيىن بۇ يەرگە ۋە ئىشىككە ھۇجۇم قىلىسىلەر.
مەن ۋارقىرىغاندا توختايسىلەر. ھاسان كەلسە ھەرگىز ئىككىلەنمەي ئۇ-
رۇشۇڭلار.

مانا بۇ سۆزلەر مۇمكىنقەدەر توقۇنۇشتىن ساقلانماقچى بولغان بىر
ئەلچىنىڭ ئاغزىدىن چىققىدىغان سۆز ئەمەس ئىدى ئەلۋەتتە. ئەمما مەن
بىر ئاز ئاشۇرۇۋەتكەنىدىم. "يايمىچى!" دەپ ۋارقىرىشىم بىلەنلا ئىشىك ئې-
چىلدى. ئۆيگە كىرىپ ئۇدۇل قېيىنئاتىنىڭ ئالدىغا باردىم.

— پۈتۈن مەھەللە ۋە بۇ تەرەپنىڭ قازىسىمۇ شەكۇرەنىڭ ئاللىبۇرۇن
نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىنى، يېڭىۋاشتىن «قۇرئان كەرىم»گە ئۇيغۇن

ھالدا نىكاھلانغانلىقىنى بىلىدۇ، — دېدىم، — سىزنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىڭىز تىرىلىپ جەننەتتىن، يەنى ھەزرىتى مۇسانىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلسىمۇ، شەكۈرە بىلەن نىكاھتىن ئاجراشقان ھېسابلىنىدۇ. نىكاھلىق بىر ئايالنى بۇ يەرگە ئەپكېلىۋاپسىلەر. قارا ئۆز ئادەملىرى بىلەن قازى ئارىلىشىشتىن ئاۋۋال سىلەرنى بۇ جىنايىتىڭلار ئۈچۈن جازالايدىغانلىقىنى سىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئېيتتى.

— ئۇنداق قىلسا خاتالىشىدۇ، — دېدى قېيىنئاتا سىلىقلىق بىلەن، — شەكۈرەنى بىز ئەپكېلىۋالمىدۇق! مەن ئەلھەمدۇلىللا بۇ بالىلارنىڭ بوۋىسى، ھاسان ئۇلارنىڭ تاغىسى. شەكۈرە يالغۇز قالغاندا، ئامالسىز بىزگە پاناھلاندى. خالىسا، شۇئان بالىلىرى بىلەن قايتىپ كېتەلەيدۇ. لېكىن ئۇنۇتمىغىن، بۇ يەر ئۇنىڭ بالىلىرىنى تۇغۇپ شاد ـ خۇرام چوڭ قىلغان ئۆز ئۆيى.

— شەكۈرە، — دېدىم تەۋەككۈلگە، — داداڭنىڭ ئۆيىگە قايتىشنى خالامسەن؟

ئۇ ”شاد ـ خۇرام ئۆي“ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ يىغلاشقا باشلىغانىدى، ”دادام يوق“ دېدى ياكى مەن شۇنداق ئاڭلاپ قالدىم بولغاي، بالىلىرى ئاۋۋال ئۇنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىشتى، ئاندىن ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ كۆكسىگە ئېسىلىشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. مەن ئېستېر ئانىچە ئەقىلسىز ئەمەس: شەكۈرەنىڭ يىغلاش ئارقىلىق بىر ياقىغا ئاغماي ھەر ئىككى تەرەپنى قولىدا تۇتۇۋاتقانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەنىدىم، لېكىن چىن قەلبىدىن يىغلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. چۈنكى مەنمۇ يىغلاشقا باشلىغانىدىم. بىر ئازدىن كېيىن قارىسام، ھىيلىگەر يىلان خەيرىيەمۇ يىغلاۋېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، ئۆيدە يىغلىمىغان بىرلا كىشىنىڭ، يەنى زەڭگەر كۆزلۈك قېيىنئاتىنىڭ جازاسىنى بېرىدىغاندەك، قارا بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. دېرىزە قاپقاقلىرى ئۇرۇلۇشقا، ئىشىك دەھشەتلىك قېقىلىشقا باشلىدى. ئىككى كىشى ئىشىكنى جالاقلىتىپ قاتتىق ئۇرۇۋاتاتتى. ھەر بىر ئۇرۇش ئۆينىڭ ئىچىدە توپ پارتلىغاندەك دەھشەتلىك ئاڭلىناتتى.

— سىز كۆپنى كۆرگەن تەمكىن ئادەمسىز، — دېدىم مەن قېيىنئاتىغا ئۆز كۆز ياشلىرىمدىن هاياجانلىنىپ، — دەرۋازىنى ئېچىپ شەكۈرەنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىڭ - دە، تاشقىرىدىكى قۇترىغان ئىتلار توختىسۇن.

— مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولساڭ، ئۆيىگە پاناهلانغان بىر يېتىم ئايالنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېلىنىنى كوچىغا چىقىرىپ، ئۇ ئىتلارغا تاشلاپ بېرەتتىڭمۇ؟

— ئۆزىنىڭ كەتكۈسى بار، — دېدىم يىغلاشتىن پۇتۇپ قالغان بۇرنۇمنى سۆسۈن رەڭ قول ياغلىقىم بىلەن سۈرتۈپ.

— ئۇنداقتا دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ كەتسە بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

شەكۈرەنىڭ باللىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. دەرۋازىغا يېپىشقانلارنىڭ قورقۇنچلۇق تاراق - تۇرۇقلىرى تېخىمۇ كۆپ كۆز ياشلىرىغا باهانە بولاتتى. باللار تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى. بۇ هال شەكۈرەنىڭمۇ، مېنىڭمۇ كۆز ياشلىرىمنى تېزلەتتى. لېكىن هەر ئىككىلىمىز ئۆينى ئۆرۈۋېتىدىغاندەك ئۇرۇلغان زەربىلەرنى، تاشقىرىدىكى تەهدىتلىك ۋارقىراشلارنىمۇ هېسابقا ئالاتتۇق، ئەمما ۋاقىتتىن ئۇتۇش ئۈچۈن يىغلىغانلىقىمىزنىمۇ بىلەتتۇق.

— گۈزەل شەكۈرەم، — دېدىم، — قېيىنئاتاڭ رۇخسەت قىلدۇ، ئېرىڭ قارا پۇتۇن شەرتلىرىڭنى قوبۇل قىلدى، سېنى ئىشتىياق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. بۇ ئۆيدە هازىر سېنىڭ ئىشىڭ يوق. تاللىق كىيىملىرىڭنى كىيگىن، چۈمبەلىڭنى تارت، بوغچاڭ بىلەن باللىرىڭنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچقىن - دە، جىمجىت ئۆيۈڭگە قايتايلى.

بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ باللار تېخىمۇ بەك يىغلاشقا باشلىدى، شەكۈرەنىڭ قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— هاساندىن قورقۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — ئۇ جەزمەن قورقۇنچلۇق ئىنتىقام ئالىدۇ، تېخىمۇ ۋەهشىيلىشىدۇ. چۈنكى بۇ يەرگە مەن ئۆزۈم كەلدىم.

— بۇ هەرگىز سېنىڭ يېڭى نىكاهىڭنى ئاياغلاشتۇرەلايدۇ، — دېدىم، — تايانچىسىز ئەهۋالدا قاپسەن، ئەلۋەتتە بىر يەرگە پاناهلىنىسەن، ئېرىڭ

سىنى ئەپۇ قىلدى، سىنى ئىلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ھاسانغا بىر قاز-چە يىللاردىن بېرى قانداق تاقابىل تۇرغان بولساق، يەنە شۇنداق تاقابىل تۇرالايمىز، — دەپ كۆلۈمسىرىدىم.
— بىراق، دەرۋازىنى مەن ئاچمايمەن، — دېدى ئۇ، — چۈنكى بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ يېنىغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كەتكەن بولۇپ قالىمەن.
— قەدىرلىك شەكۈرەم، دەرۋازىنى مەنمۇ ئاچالمايمەن، — دېدىم، — ساڭا مەلۇمكى، ئۇنداق قىلسام سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئارىلاشقان بولۇپ قالىمەن، مەندىن بۇنىڭ ئىنتىقامىنى تېخىمۇ قاتتىق ئالىدۇ.
ئۇنىڭ سۆزۈمنى توغرا تاپقانلىقىنى كۆزلىرىدىن كۆردۈم.
— ئۇنداقتا دەرۋازىنى ھېچكىم ئاچالمايدۇ، ئۇلارنى قويۇپ بېرەيلى، ئۆيگە كىرىپ بىزنى مەجبۇرىي ئىلىپ كەتسۇن، — دېدى ئۇ.
بۇنىڭ شەكۈرە ۋە بالىلىرى ئۇچۇن ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش چارىسى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندىم، لېكىن قورقتۇم. — ئۇ چاغدا قان تۆكۈ-لىدۇ، — دېدىم، — قازى ئارىلاشمىسا قانلىق ۋەقە يۈز بېرىدۇ، قان دەۋا-سى بىر قانچە يىللار داۋاملىشىدۇ. شەرەپلىك ياشاشنى خالايدىغان ھەر-قانداق كىشى دەرۋازىسى چېقىلىپ، ئۆيىگە بېسىپ كىرگەنگە، ئۆيىدىكى ئا-يالنىڭ مەجبۇرىي ئىلىپ كېتىلگەنگە قاراپ تۇرمايدۇ.
شەكۈرە مۇۋاپىق بىر جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا بالىلىرىنى قۇچاقلاپ بار ئاۋازى بىلەن يىغلاشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ نەقەدەر قۇۋلۇقىنى يەنە بىر قېتىم پۇشايمان قىلغان ھالدا چۈشەندىم، ئىچىمدىن بىر ئاۋاز ھەممىنى تاشلاپ كېتىشكە ئۈندەيتتى، لېكىن چېقىلىپ كەتكۈدەك ئۇرۇلغان دەرۋا-زىغا مەنمۇ چېقىلالمايتتىم. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ دەرۋازىنى چېقىپ ئۆيگە بېسىپ كىرىشىدىنمۇ، كىرمەسلىكىدىنمۇ ئوخشاشلا قورقاتتىم. چۈنكى، ماڭا ئىشەنگەن ۋە ئۆزىنىڭ بەك ئاشۇرۇۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان قارا-نىڭ ھەر ۋاقىت ئادەملىرىنى كەينىگە ياندۇرالايدىغانلىقى، بۇنىڭ قېيىنئا-تىنى يورەكلىك قىلىدىغانلىقىنىمۇ قىياس قىلاتتىم. قېيىنئاتىسى شەكۈ-رەنىڭ يېنىغا كەلگەندە، قېيىنئاتىنىڭ يالغاندىن يىغلىغانلىقىنى بىلدىم؛ لېكىن تېخىمۇ يامىنى شۇكى، قېيىنئاتا ھېچ دورىغىلى بولمايدىغان بىر ھالەتتە تىترەيتتى.

دەرۋازىغا يېقىن بېرىپ بارلىق كۈچۈم بىلەن ۋارقىرىدىم:

— توختا، بولدى بەس!

تاشقىرىدىكى ھەرىكەت بىلەن ئىچكىرىدىكى يىغلاشلار بىردىنلا توختىدى.

— ئانىسى، دەرۋازىنى ئورخان ئاچسۇن، — دېدىم تۇيۇقسىز بىر ئىلھام بىلەن ۋە بالا بىلەن سۆزلەشكەندەك يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — ئۇ ئۆيگە قايتىمەن دەيدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئاچچىقى كەلمەيدۇ.

سۆزۈم ئاياغلاشمايلا ئورخان ئاپىسىنىڭ بوشاپ كەتكەن قوللىرىدىن چىقىپ بۇ ئۆيدە بىر قانچە يىللاردىن بېرى ياشاپ كەلگەن بىر كىشىدەك ئاۋۋال دەرۋازىنىڭ تاقىقىنى، ئاندىن دەرۋازا تاختىسىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن زەنجىرىنى ئاچقانىدى، دەرۋازا ئالدىدىكى ئىككى ئادەم كەينىگە داجىدى. ئۆزلۈكىدىن ئېچىلغان دەرۋازىنىڭ ئارىلىقىدىن تاشقىرىنىڭ سوغۇقى غۇرقىراپ كىردى. شۇنداق بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردىكى، ناھايىتى يىراقلاردا بىر ھورۇن ئىتنىڭ بىكاردىن ھاۋشىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز ئاڭلىدۇق. شەكۈرە قۇچىقىغا قايتىپ كەلگەن ئورخاننى سۆيگەندە، ”ھاسان تاغامغا ئېيتىمەن“ دېدى شەۋكەت.

شەكۈرەنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ پەرەنجىسىنى قولىغا ئالغانلىقىنى، بوپىسىنى يىغىشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولدۇمكى، كۈلۈۋېتىشتىن قورقتۇم ۋە ئۇلتۇرۇپ يېسىمۇق شورپىسىدىن ئىككى قوشۇق ئىچتىم.

قارا ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېقىن كەلمىدى، شۇنداقلا ئەقلىنى يەنە بىر ئىشلەتتى. بىر ئارىدا شەۋكەت تاقاقنى ئىچىدىن تاقاپ، ئۆزىنى رەھمەتلىك دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا سولىۋالغاندا، ئۇنى ياردەمگە چاقىرساقمۇ ئۆيگە زادى قەدەم باسمىدى، ھېچكىمنى ئىچكىرىگە كىرگۈزمىدى. ئاخىرى شەۋكەت ئانىسى ھاسان تاغىسىنىڭ ياقۇت ساپلىق خەنجىرىنى ئېلىپ كېتىشكە ماقۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىشقا رازى بولدى.

— ھاساندىن، ئۇنىڭ قىزىل قىلىچىدىن قورقۇۋاتىمەن، — دېدى قېينئاتا بىرەر كېلىشمەسلىك ۋە ئىنتىقام كەيپىياتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئەندىشە بىلەن. ئۇ بىر - بىرلەپ نەۋرىلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ

دەرۋازىغا يېقىن بېرىپ بارلىق كۈچۈم بىلەن ۋارقىرىدىم:
— توختا، بولدى بەس!
تاشقىرىدىكى ھەرىكەت بىلەن ئىچكىرىدىكى يىغلاشلار بىردىنلا توختىدى.
— ئانىسى، دەرۋازىنى ئورخان ئاچسۇن، — دېدىم تۇيۇقسىز بىر ئىلھام بىلەن ۋە بالا بىلەن سۆزلەشكەندەك يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — ئۇ ئۆيگە قايتىمەن دەيدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئاچچىقى كەلمەيدۇ.
سۆزۈم ئاياغلاشمايلا ئورخان ئاپىسىنىڭ بوشاپ كەتكەن قوللىرىدىن چىقىپ بۇ ئۆيدە بىر قانچە يىللاردىن بېرى ياشاپ كەلگەن بىر كىشىدەك ئاۋۋال دەرۋازىنىڭ تاقىقىنى، ئاندىن دەرۋازا تاختىسىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن زەنجىرنى ئاچقاندى، دەرۋازا ئالدىدىكى ئىككى ئادەم كەينىگە داجىدى. ئۆزلۈكىدىن ئېچىلغان دەرۋازىنىڭ ئارىلىقىدىن تاشقىرىنىڭ سوغۇقى غۇرقىراپ كىردى. شۇنداق بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردىكى، ناھايىتى يىراقلاردا بىر ھورۇن ئىتنىڭ بىكاردىن ھاۋشىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز ئاڭلىدۇق. شەكۈرە قۇچىقىغا قايتىپ كەلگەن ئورخاننى سۆيگەندە، "ھاسان تاغامغا ئېيتىمەن" دېدى شەۋكەت.
شەكۈرەنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ پەرەنجىسىنى قولىغا ئالغانلىقىنى، بويىنى يىغىشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولدۇمكى، كۈلۈۋېتىشتىن قورقتۇم ۋە ئولتۇرۇپ يېسىمۇق شورپىسىدىن ئىككى قوشۇق ئىچتىم.
قارا ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېقىن كەلمىدى، شۇنداقلا ئەقلىنى يەنە بىر ئىشلەتتى. بىر ئارىدا شەۋكەت تاقاقنى ئىچىدىن تاقاپ، ئۆزىنى رەھمەتلىك دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا سولىۋالغاندا، ئۇنى ياردەمگە چاقىرساقمۇ ئۆيگە زادى قەدەم باسمىدى، ھېچكىمنى ئىچكىرىگە كىرگۈزمىدى. ئاخىرى شەۋكەت ئانىسى ھاسان تاغىسىنىڭ ياقۇت ساپلىق خەنجىرىنى ئېلىپ كېتىشكە ماقۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىشقا رازى بولدى.
— ھاساندىن، ئۇنىڭ قىزىل قىلىچىدىن قورقۇڭلار، — دېدى قېيىنئاتا بىرەر كېلىشمەسلىك ۋە ئىنتىقام كەيپىياتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئەندىشە بىلەن. ئۇ بىر - بىرلەپ نەۋرىلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ

سۆيدى، شەكۈرەنىڭ قولىقىغىمۇ بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىدى.

شەكۈرە ئۆيىنىڭ ئىشىك، تام، ئوچاقلىرىغا جىددىي ھالدا ئاخىرقى بىر قېتىم قارىغىنىدا، بۇ يەر ئۇنىڭ دەسلەپكى ئېرى بىلەن ھاياتىنىڭ ئەڭ بەختلىك يىللىرىنى ئۆتكۈزگەن يەر ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدىم. ھازىر بۇ ئۆيىنىڭ ئىككى بەختسىز ۋە تەنھا ئەر كىشىنىڭ ماكانى بولغانلىقىنى، ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغانلىقىنى شەكۈرە كۆرۈۋاتقانمىدۇ؟ ئۇ كۆڭلۈمنى ئاغرىتقانلىقى ئۈچۈن قايتىش يولىدا بىللە ماڭمىدىم.

ئىككى يېتىم بالا بىلەن بىرى ئايال خىزمەتكار، بىرى يەھۇدىي ۋە بىرى تۇل بولغان ئۈچ ئايالنى قايتىش يولىدا بىر - بىرىمىزگە يېقىنلاشتۇرغان نەرسە كېچىنىڭ سوغۇقى ۋە قاراڭغۇلۇقى ئەمەس، يات مەھەللىلەرنىڭ ۋە مېڭىش تەس بولغان كوچىلارنىڭ تارلىقى ۋە ھاسادىن قورقۇشنىڭ ۋەھىمىسى ئىدى. قارانىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قوغدىلىپ كېتىۋاتقان بۇ بىر توپ ئادەم خۇددى بىر خەزىنىنى يۆتكەۋاتقان كارۋاندەك، كۆزەتچىلەر، مۇھاپىزەتچى پىيادە ئەسكەرلەر، مەھەللە نوچىلىرى، قاراقچىلارغا ۋە ھاسانغا ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن يىراق يوللار، ئارا كوچىلار، قۇش ئۇچماس، كارۋان كەزمەس چەت ياقا مەھەللىلەر بىلەن كېتىۋاتاتتۇق. بەزىدە ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان تۇم قاراڭغۇلۇقتا بىر - بىرىمىزگە ۋە تاملارغا ئۇسۇشۇپ يول تېپىپ ماڭدۇق. جىن - ئالۋاستىلارنىڭ، يەر ئاستىدىن چىقىدىغان شەيتانلارنىڭ قاراڭغۇدا تۇتۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغاندەك، بىر - بىرىمىزگە چىڭ يېپىشىۋالغاندۇق. قوللىرىمىز بىلەن سىلاشتۇرۇپ پەرق ئەتكەن تاملار، تاقاقلىق قاپقاقلارنىڭ كەينىدە كېچىنىڭ سوغۇقىدا خورەك تارتىپ، يۆتىلىشىپ ئۇخلاۋاتقانلار بىلەن ئېغىللاردىكى مال - ۋارانلارنىڭ پەس ئاۋازلىرىنى ئاڭلايتتۇق.

ئەڭ نامرات ۋە ئەڭ قالايمىقان رايونلار، يېڭى كۆچمەنلەر بىلەن ھەرخىل جىن - شەيتانلار ماكانلاشقان مەھەللىلەردىن باشقا ئىستانبۇلنىڭ مانا بۇ كوچىلىرىغا قەدىمىم يەتكەن مەن ئېستېر شۇ تاپتا ئايىغى چىقماس قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدىكى ئەگرى - بوگرى تۈگىمەس - پۈتمەس كوچىلاردا غايىب بولۇشىمىزنى ئويلىسامۇ، كۇندۇزلىرى بوغچامنى كۆتۈرۈپ

سەۋر بىلەن ئۆتكەن بەزى بۇلۇڭ-پۇچقاقلارنى يەنىلا تونۇيالايتتىم. تەرزىباشى كوچىسىنىڭ تاملىرىنى، نۇرۇللا خوجا باغچىسىغا تام قوشنا ئاتخانىنىڭ قانداقتۇر دارچىندەك سېسىق پۇرىقىنى، سېھىرگەرلەر كوچىسىدىكى ئوت كەتكەن يەرلەرنى، بۇركۇتچىلەر يولى بىلەن كەڭ مەيداندىكى ئەما ھاجى بۇلىقىنى تونۇدۇم-دە، شەكۈرەنىڭ رەھمەتلىك دادىسىنىڭ ئۆيىگە ئەمەس، بىلەلمەيۋاتقان باشقا بىر تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلدىم.

ئاچچىقى كەلسە نېمە قىلىشىنى بىلمەيدىغان ھاساندىن (ۋە ئۇ ئىبلىس قاتىلدىن) ئائىلىسىنى يوشۇرماقچى بولغان قارانىڭ پاناھلىنىدىغان باشقا بىر يەر تاپقانلىقىنى شۇئان چۈشەندىم. ئۇ يەرنى بىلەلىسەم سىلەرگە ھازىر، ھاسانغىمۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئېيتاتتىم. بۇ نىيىتىمنىڭ ئەسكىلىكىدىن ئەمەس، بەلكى شەكۈرەنىڭ ھاساننىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىمدىن ئىدى. بىراق ئەقىللىق قارا ماڭا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى.

قۇل بازىرىنىڭ كەينىدىكى بىر قاراڭغۇ كوچىدا كېتىۋاتاتتۇق، كوچىنىڭ بېشىدىن ۋارقىراش-جارقىراش، ۋاراڭ-چۇرۇڭلار ئاڭلاندى. ئۇرۇشۇش باشلانغانلىقتىن ئاڭلانغان ئۇ گۇلدۇر-تاراقنى — پالتىلار، قىلىچلار، تاياقلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ ۋە جان ئاغرىغاندا چىققان قىيا-چىيالارنى ۋەھىمە ئىچىدە پەرق ئەتتىم.

قارا ئۆزىنىڭ چوڭ قىلىچىنى ئىشەنگەن بىر ئادىمىگە بەردى، شەۋكەتنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى تارتىۋېلىپ ئۇنى يىغلاتتى ۋە شەكۈرە، خەيرىيە بىلەن باللارنى ساتىراشنىڭ شاگىرتى بىلەن قالغان ئىككى ئادەمگە قوشۇپ نېرىغا كەتكۈزىۋەتتى. مەدرىسە تالىپى بولغان يىگىتنىڭ مېنى ساق-سالامەت ئۆيۈمگە يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى؛ يەنى، مېنى ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغۇزمىدى. بۇ بىر تاسادىپىيلىقمۇ ياكى يوشۇرۇنىدىغان يەرنى مەندىن ھىيلىگەرلەرچە يوشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ؟

بىز مېڭىشقا مەجبۇر بولغان تار كوچىنىڭ بېشىدا قەھۋەخانا ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان بىر دۇكان بار ئىدى. بەلكىم قىلىچۋازلىق باشلىنار-

باشلانماي ئاياغلاشقان بولۇشى مۇمكىن. ۋارقىراپ - جارقىرىشىپ دۇكانغا كىرىپ - چىققان بىر توپ ئادەم (دەسلەپ مەن ئۇلارنى بۇلاڭچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم) قەھۋەخانىنى چۇۋۇۋەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. پىنجانلار، قەھۋە چەينەكلىرى، ئىستاكانلار، ئۇستەللەرنى تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ قولىدىكى مەشئەللەرنىڭ يورۇقىدا خالايىققا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئېھتىيات بىلەن تاشقىرىغا ئاچىقتۇرۇپ، كېيىن ھەممىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا چېقىۋەتكەنىدى. بۇ ئىشنى توختىتىشقا تىرىشقان بىر كىشىنى ئانچە - مۇنچە ئۇچۇغداپ قويۇشتى، لېكىن ئۇ قېچىپ قۇتۇلدى. باشتا ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك، ئىش پەقەت قەھۋە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن دەپ ئويلىدىم. ئۇلار قەھۋەنىڭ زىيانلىرىنى، كۆزنى، ئاشقازاننى بۇزىدىغانلىقىنى، مېڭىنى بۇلغاپ، ئادەمنى ئىماندىن چىقىرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر پەرەڭ زەھىرى ئىكەنلىكىنى ۋە گۈزەل ئايال قىياپىتىگە كىرگەن شەيتان ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە قەھۋەنى سۇنغاندا، ئۇنىڭ قانداق رەت قىلغانلىقىنى سۆزلەۋاتاتتى. گويا بۇ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيگە قايتقىنىمدا، نەسىمنى ”بۇ زەھەرلىك دورىنى تازا ئىچ“ دەپ ئەيىبلەشنى كۆڭلۇمگە پۈكۈپ قويدۇم.

بۇ ئەتراپتا ناھايىتى كۆپ بويتاقلار ھۇجرىسى ۋە ئەرزان دەڭلەر بولغانلىقى ئۈچۈن بىر توپ بىكارچى، جېدەلخور لۈكچەك، سەرگەردان، شەھەرگە كىرىۋالغان بىكار تەلەپلەرنىڭ بىر دەمدە تاماشا كۆرگىلى كېلىپ توپلىشىشى بۇ قەھۋە دۈشمەنلىرىنى تېخىمۇ ئەزۋەيلىتىۋەتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مەشھۇر ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچى نۇسرەت خوجىنىڭ مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇلار ئىستانبۇلدىكى شاراب ۋە پاھىشە ئۇۋىلىرىنى، قەھۋەخانىلارنى تازىلاپ، ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يولىدىن چىققانلارنى، خانىقا پائالىيىتى دەپ نەغمە - ناۋا بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ ئەدەپسىزلىك قىلغانلارنى جازالارمىش. بۇ دىنىي ئەسەبىيلەر پۈتۈن دىن دۈشمەنلىرى، شەيتاننىڭ ئىشىنى قىلغانلار، بۇتقا چوقۇنغانلار، دىنسىزلار ۋە رەسىم سىزغۇچىلارنى سۆكتى. بۇ دۇكاننىڭ تاملىرىغا رەسىم ئېسىلىپ، دىنغا ۋە ئەرزۇرۇملۇق موللىغا تىل تەگكۈزۈپ، ئەدەپسىزلىكلەر قى-

لىنغان قەھۋەخانا ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا ئېسىمگە ئالدىم.
دۇكاننىڭ ئىچىدىن يۈز ـ كۆزى قانغا بويالغان بىر قەھۋەچى شا-گىرت چىقتى. ئۇنى يەرگە يىقىلارمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى، مەڭزىدىكى قاننى سۈرتمۇېتىپ ئارىمىزغا كىرىۋالدى ۋە بىز بىلەن بىللە ۋەقەنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى.
كۆپچىلىك قورقۇپ ئاستا ـ ئاستا كەينىگە داجىشتى. كۆپچىلىكنىڭ ئە-چىدە بىرەيلەننى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بىر ھازا قانداق قىلىشىنى بىلمەي قالغانلىقىنى سەزدىم. مۇھاپىزەتچى پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ياكى قولىدا كالتەك ـ توقماقلىرى بار باشقا بىر توپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەرزۇرۇمە-لىقلارنىڭ يېڭىۋاشتىن توپلانغانلىقىدىن بىلدىم. مەشئەللەر ئۆچۈپ، كە-شىلەر توپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.
قارا مېنىڭ بىلىكىمدىن تارتىپ تالىپ يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە "ئارا كوچىلار بىلەن قايتىڭلار، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويسۇن" دېدى. تالىپ يىگىتمۇ بايا تىكىۋەتمەكچى بولغانىدى، بىز يۈگۈرگەندەك مېڭىپ يىراقلاشتۇق. زېھنىم قارادا ئىدى، ئەپسۇسكى، ئېستېر ھازىر ھە-رىكەتنىڭ سىرتىدا قالدى، ئەمدى سىلەرگە بۇ ھېكايىنىڭ داۋامىنى سۆز-لەپ بېرەلمەيدۇ ـ دە.

# 54. مەن بىر ئايال

بەزىلەر: ”مەدداھ ئەپەندى، سەن ھەممە نەرسىنى دورىيالايسەن، لېكىن ئايال بولالمايسەن!“ دەيدىكەن. مەن ئۇلارغا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىمكەنلىكىنى ئېيتىمەن. شۇنداق، شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ، يېرىم كېچىلەرگىچە توي - تۆكۈن، ئويۇن - تاماشىلاردا، قەھۋەخانىلاردا ئۇنۇم پۇتۇپ كەتكۈچە ھەممىنى دوراپ، ھېكايە ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن، ئۆيلىنىشكە زادى نېسىپ بولمىدى، لېكىن، بۇ ئايال تائىپىسىنى تونۇمايمەن دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ.

ئاياللارنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن، ھەتتا ئۇلاردىن تۆتى بىلەن ئارىلاشتىم، كۆرۈشتۇم ۋە سۆزلەشتىم. بۇلار:

1. رەھىمەتلىك ئانام. 2. قەدىرلىك ھامام. 3. (مېنى دائىم ئۇرىدىغان) ئاكامنىڭ خوتۇنى (دەسلەپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانىدىم. بىر قېتىملىق پۇرسەتتە ئۇنى تولىمۇ تەسلىكتە كۆرگەنىدىم، ئاقىۋەت، ئاكام ”ئۆيدىن يوقال!“ دېگەنىدى). 4. ساياھەتلىرىم جەريانىدا كونيادا بىر ئوچۇق دېرىزىدىن بىر قېتىم كۆرگەن ئايال. ئۇنىڭ بىلەن زادى سۆزلەشمىگەن بولسامۇ، بىر قانچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭغا شەھۋانە ھېسسىياتتا بولۇپ كەلدىم. بەلكىم ئۇ بۇ چاغقىچە ئۆلۈپ كەتكەندۇ.

بىر ئايالنىڭ ئوچۇق يۈزىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش، ئۇنىڭ مۇلايىم ۋە مېھرىبانلىقىدىن ھۇزۇرلىنىش بىز ئەرلەرگە نىسبەتەن ھەم شەھۋانىي ھەمدە چوڭقۇر مەنىۋى ئازابلارغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغىنىدەك، ئەڭ ياخشىسى ئاياللارنى، بولۇپمۇ گۈزەل ئاياللارنى نىكاھلانماي تۇرۇپ زادى كۆرمەسلىك كېرەك ئىكەن. شەھۋانىي ھەۋەسلەرنى مەجبۇرىي قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاياللارنى ئىزدىمەيدىغان سۇباتلىق بەچچىلەر بىلەن دوست بولۇش بىردىنبىر چارە بولۇپ، ئاخىرىدا بۇمۇ لەززەتلىك بىر ئادەت بولۇپ قالىدۇ. پەرەڭ شەھەرلىرىدە ئاياللار پەقەت چىرايىنى ئەمەس، ئەڭ جەلىپ قىلغۇچى تەرەپلىرى بولغان

پارقىراپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى، ئاندىن گەدەنلىرىنى، بىلەكلىرىنى، چىرايلىق بويۇنلىرىنى، ھەتتا، ناۋادا سۆز ـ چۆچەكلەر راستلا بولسا، كۆركەم يانپاشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ يۈرۈشىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئەرلەرنىڭمۇ ئالدىنىڭ داۋاملىق قاتتىق بولۇپ تۇرۇشى، نەتىجىدە، ئۇ يەر-دىكى ئەرلەرنىڭ خىجالەتچىلىك ۋە ھەسرەت ـ نادامەتلەر ئىچىدە چىشىنى چىشلەپ يۈرۈشلىرى پۈتۈن جەمئىيەتنى ئەلۋەتتە پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرەڭ كۈپپارلىرىنىڭ ئوسمانىيەگە ھەر كۈنى يې-ڭى بىر قەلئەنى تارتتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

گۈزەل ئاياللاردىن يىراق ياشاشنىڭ روھىمنىڭ خۇشاللىقى ۋە ھۇ-زۇرى ئۈچۈن ئەڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى چاغ-لىرىدا چۈشەنگەندىن كېيىن، ئاياللارغا ئەكسىچە تېخىمۇ قىزىقىدىغان بولدۇم. ئۇ چاغدا ئانام بىلەن ھامامدىن باشقا ئايالنىمۇ كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھەۋىسىم سىرلىق تۈس ئالغانىدى، گويا كاللام غىدىقلىناتتى. ئا-ياللارنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى قىلىپ، يېگەنلىرىنى يەپ، سۆزلىرىنى تەكرارلاپ، ھەرىكەتلىرىنى دوراپ، كىيىملىرىنى كىيىپ ھېس قىلالايدىغانلىقىمنى چۈشىنەتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىر جۈمە كۈنى ئانام، دادام، ئاكام، ھامماملار بوۋامنىڭ فەخرەڭ بويىدىكى گۈلزارلىقىغا بارغىنىدا مەن مىجەزىم يوق دەپ ئۆيدە قالدىم.

— يۈر، دالىدا ئىتلار، دەرەخلەر، ئاتلارنى كۆرۈپ دوراپ بىزنى كۈل-دۈرىسەن، ئۆيدە يالغۇز نېمە قىلالايتتىڭ؟ — دېدى رەھمەتلىك ئانام.

— سېنىڭ كۆڭلەكلىرىڭنى كىيىپ ئايال بولىمەن، — دېيەلمەيت-تىم، شۇڭا، — قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدىم.

— چىدىماسلىق قىلما، — دېدى دادام، — كەل، چېلىشىمىز.

ئەمدى سىز كەبى نەققاش ۋە خەتتات قېرىنداشلىرىمغا ئۇلار كەتكەندە رەھمەتلىك ئانامنىڭ ۋە ھاممامنىڭ ئىچ كىيىملىرى ۋە كۆڭلەكلىرىنى بىر-بىرلەپ كىيگەندە نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىمنى، ئايال بولۇشنىڭ مەن ئۇ كۈنى چۈشەنگەن سىرلىرىنى سۆزلەپ بېرەي. ئالدى بىلەن بۇنى سۆزلەي: نۇرغۇن قېتىملاپ كىتابلاردا ئوقۇغان، تەرغىباتچىلاردىن ئاڭلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە، كىشى ئايال بولسا ئەسلىدە ئۆزىنى شەيتاندەك ھېس قىلمايدۇ.

دەل ئەكسىچە، رەھمەتلىك ئانامنىڭ گۈل چەككەن يۇڭ كۆڭلىكىنى كىيگىنىمدە، قەلبىمگە يېقىملىق بىر بەختىيارلىق ھېسسىياتى تارقالدى، ئۆزۈمنى ئۇنىڭدەك سەزگۈر ھېس قىلدىم. ھامامنىڭ كىيىشكە كۆزى قىيمىغان پىستە يېشىلى رەڭگىدىكى يىپەك كۆڭلىكى يالىڭاچ بەدىنىمگە تەگكەندە، ئىچىمدە بارلىق باللارغا، ھەتتا ئۆزۈمگە قارىتا بىر ئىشتىياق قوزغالدى، پۈتۈن ئالەمگە تاماق ئېتىپ، كىشىلەرنى ئېمىتىشنى ئارزۇ قىلدىم. كۆكسىلىرىم بولسا قانداق بولاتتى ـ ھە! شۇنداق قىلىپ، بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئەسلىدە قىزىققىنىم بويىچە يوغان كۆكرەكلىك بىر ئايال بولسام قانداق بولىدىكىن دەپ، كۆكسۈمگە نۇرغۇن نەرسىلەر (پاي-پاقلار، لۆڭگىلەر)نى پومىلاپ قىستۇردۇم ۋە ئۇ يوغان دۆڭچىنى كۆرۈپ، دەرۋەقە، ئۆزۈمنى شەيتاندەك مەغرۇر ھېس قىلدىم. ئەرلەر ئۇنىڭ كۆلەڭ-گىسىنى كۆرسىمۇ كەينىدىن يۈگۈرەيدىغانلىقىنى، ئېغىزىغا ئېلىشقا يال-ۋۇرۇپ ئىنتىلىدىغانلىقىنى شۇئان چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھا-يىتى كۈچلۈك ھېس قىلدىم. لېكىن، مەن كۈچلۈك بولۇشنى ئارزۇ قىلار-مىدىم؟ زېھنىم ئېلىشىپ كەتكەندى. مەن كۈچلۈك بولۇشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، كىشىلەرنىڭ ماڭا ئېچىنىشىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم ھەمدە مەن زادى تونۇمايدىغان باي، كۈچلۈك ۋە ئەقىللىق بىر ئەرنىڭ مېنى تەلۋىلەر-چە ياخشى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم ھەمدە ئۇنىڭدىن قورقاتتىم. ئانام-نىڭ تويلۇق ساندۇقىنىڭ تېگىدىكى يوپۇرماق نەقىشلىك كارنۋات ياپ-قۇچلارنىڭ يېنىدىكى خۇشپۇراقلىق يۇڭ پايپاقلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان بۇرمىلىق ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى تاقاپ، ھەر قېتىم مۇنچىدىن قاي-تىپ كەلگەندە مەڭزىلىرىنى تېخىمۇ قىزارتىش ئۈچۈن يۈزىگە سۈركەيدىغان ئەڭلىكنى سۈركەپ، ھامامنىڭ قارىغاي يېشىلى رەڭگىدىكى پەرىجىسىنى كىيىپ، شۇ رەڭدىكى نېپىز چۈمبەلنى چاچلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ تا-قاپ، سەدەپ رامكىلىق ئەينەكتە ئۆزۈمنى كۆرگىنىمدە ھەيران بولدۇم. ئۇلارغا ھېچ چېقىلمىغان بولساممۇ كۆزلىرىم، كىرپىكلىرىم ئاياللارنىڭ كۆز ـ كىرپىكلىرى بولۇپ قالغانىدى. پەقەت كۆزلىرىم ۋە مەڭزىلىرىم كۆرۈنەتتى، لېكىن مەن ناھايىتى گۈزەل بىر ئايال ئىدىم ۋە بۇ مېنى ناھا-يىتى خۇشال قىلدى. بۇنى مەندىنمۇ ئاۋۋال سەزگەن ئەرلىك ئەزايىم كۆ-

تۇرۇلۇۋىدى، بۇنىڭدىن تولىمۇ خاپا بولدۇم.

چىرايلىق كۆزۈمدىن چىققان بىر تامچە ياشنىڭ ئىقىشىنى قولۇمدىكى ئەينەكتە كۆردۇم ۋە شۇئان ھەسرەت بىلەن ئىچىمدىن بىر شېئىر قايناپ چىقتى. ئۇنى زادى ئۇنتۇمىدىم. چۈنكى شۇ ئاندا ئۇلۇغ ئاللاھ بەرگەن ئىلھام بىلەن ئۇ شېئىرنى ئاھاڭ سېلىپ ئېيتىپ، دەردىمنى ئۇنتۇشقا تىرىشتىم.

*دەيدۇكى بىقارار قەلبىم،*
*ئارزۇلايمەن مەشرىقتە بولسام مەغرىبنى،*
*مەغرىبتە بولسام مەشرىقنى.*
*دەيدۇكى باشقا يەرلىرىم،*
*ئارزۇلايمەن ئەر بولسام ئايال بولۇشنى،*
*ئايال بولسام ئەر بولۇشنى.*
*ئەجەب تەسكەن ئادەم بولۇش،*
*تېخىمۇ مۇشكۇل كىشىلىك تۇرمۇش.*
*ئارزۇيۇم شۇ: ھۇزۇرلىنىش،*
*ئالدىمدىنمۇ ـ كەينىمدىنمۇ،*
*مەشرىقتىنمۇ ـ مەغرىبتىنمۇ.*

ئىچىمدىن قايناپ چىققان ناخشىنى ئېيتقىنىمنى ئەرزۇرۇملۇق قېرىنداشلىرىمىز ھەرگىز ئاڭلىمىسۇن، ئاڭلىسا غەزەپلىنىدۇ دېمەكچى ئىدىم. لېكىن نېمىدىن قورقاي؟ بەلكىم غەزەپلەنمەس. چۈنكى غەيۋەت قىلىپ ئېيتىۋاتقىنىم يوق، لېكىن ھېلىقى مەشھۇر تەرغىباتچى ھەزرەتلىرى تىلغا ئېلىشنى خالىمايدىغان خۇسرەت ئەپەندىچۇ، خوتۇنى بار تۇرۇپ، خۇددى سىلەر رەسساملارغا ئوخشاش بەچچىلەرنى ئايالاردىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىكەن. مەن سىلەرگە پەقەت ئاڭلىغانلىرىمنى ئېيتىۋاتىمەن. لېكىن مەن ئۇنى ئىنتايىن ئوسال ئادەم دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايمەن. ئۇ ناھايىتى قېرى، ئاغزىدا چىشلىرى قالمىغان؛ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان بەچچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كەچۈرسىلەر، ئاغزى ئېيىقنىڭ

كۆتىدەك ناھايىتى سىپسىق پۇرايمىش.

خوپ، غەيۋەت مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەسلىي دەردىمگە كېلەي: ناھايىتى گۈزەل ئىكەنلىكىمنى كۆرۈشۈم بىلەنلا كىر - قات، قاچا - قۇچا يۇيۇشنى، دېدەكلەردەك كوچىغا چىقىپ ئۆزۈمنى بازارغا سېلىشنى زادى خالىمىدىم. نامراتلىق، كۆز ياشلىرى ۋە غەمكىنلىك، ئەيىنەككە قارىغانسېرى ئۈمىدسىزلىنىپ يىغلاش ۋە كۆڭلىنى يېرىم قىلىش سەت ئاياللارنىڭ ئىشى. مېنى ئالىقىنىدا كۆتۈرىدىغان بىر ئەر تېپىشىم كېرەك. لېكىن ئۇ كىم؟

شۇنداق قىلىپ، رەھمەتلىك دادام بولار - بولماس باھانىلار بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلغان پاشالارنىڭ ئوغۇللىرىنى، بەگزادىلەرنى تامدىكى كاماردىن مارىلاپ كۆرۈشكە باشلىدىم. ئەھۋالىم پۈتۈن رەسساملار ئاشىق بولغان، ئىككى بالىسى بار، كىچىك ئېغىزلىق ھېلىقى مەلۇم گۈزەل ئايالنىڭكىگە ئوخشىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەڭ ياخشىسى سىلەرگە بىچارە شەكۈرەنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي، لېكىن توختاڭلار، چارشەنبە ئاخشىمى سىلەرگە بۇنى سۆزلەپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدىم:

## شەيتان ۋەسۋەسگە سالغان ئايال بايان قىلغان مۇھەببەت ھېكايىسى

بۇ ھېكايە ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئىستانبۇلىمىزنىڭ نامراتلار مەھەللىلىرىدىن بىرى بولغان كەمەر ئۈستى مەھەللىسىدە يۈز بەرگەنىدى. مەھەللىنىڭ نوپۇزلۇقلىرىدىن بىرى بولغان چەلەبى ئەخمەت ۋاسىف پاشانىڭ كاتىپى ئىدى. ئۇ ئۆزىگە يارىشا ئائىلىلىك، ئىككى پەرزەنتى بار ئەپەندى ئادەم ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۇچۇق دېرىزىدىن قارا چاچلىق، قارا كۆز، ئېگىز بوي، زىلۋا، ئاي يۈزلۈك بوسنىيە گۈزىلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مەپتۇن بوپتۇ. لېكىن بۇ گۈزەل تۇرمۇشلۇق ئىكەن ۋە يېقىملىق ئېرىنى ياخشى كۆرگەچكە، چەلەبىگە قىلچە كۆڭلى يوق ئىكەن. شۇڭا، بىچارە چەلەبى دەردىنى ھېچكىمگە تىنماي، ئىشق ئوتىدا تاناپتەك تارتىلىپتۇ، رومدىن شاراب ئالدۇرۇپ ئىچىپتۇ، لېكىن، ئاخىرى مۇھەببىتىنى قولۇم - قوشنىلىرىدىن يوشۇرالماس ھالغا كەپتۇ. قولۇم - قوشنىلىرىمۇ ئاشىق - مەشۇق ھېكايىلىرىگە قىزىقىدىغانلىقى ۋە چەلەبىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقى

ئۈچۈن دەسلەپ ئۇنىڭ مۇھەببىتىگىمۇ ھۆرمەت قىپتۇ. ئۇنىڭغا ئانچە ـ مۇنچە چاقچاقلارنى قىلىپ قويۇپ، ئاڭلىماسقا سېلىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. لېكىن چارىسىزلىقتىن ھەسرىتىنى زادى باسالمىغان چەلەبى ھەر ئاخشىمى مەست بولۇپ، ئاي يۈزلۈك گۈزەل ئېرى بىلەن بەختىيار ياشاۋاتقان ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىچىك بالىدەك توختىماي يىغلاشقا باشلىغاندا، ھەممەيلەن قورقۇشۇپتۇ. ھەر ئاخشىمى بۇ ھەسرەتلىك ئاشىق يىغلىغاندا، ئۇلار ئۇنى يا ئۇرۇپ ھەيدىۋېتەلمەپتۇ، يا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلمەپتۇ. چەلەبىمۇ ھېچكىمنى ئەپەندىلەرچە دەرد تۆكۈپ بىئارام قىلماي، كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ چارىسىز ھەسرىتى ئاستا ـ ئاستا مەھەللىگە تارقىلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ ھەسرەت ـ نادامەتىگە ئايلىنىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ كەيپىنى قاچۇرۇپتۇ. زادى توختىماي كۆڭۈلسىز ئاققان مەيداندىكى بۇلاقتەك، ئۇ ئۆزىمۇ ھەسرەت مەنبەسى بوپتۇ. ئاۋۋال كوچا ـ كويلاردا تارقالغان ھەسرەتلىك ئاغرىنىشلار تەدرىجىي شۇم پېشانە ھەققىدىكى سۆز ـ چۆچەككە، ئاخىرىدا بىر خىل بەختسىزلىك ھەققىدىكى تەقدىر ـ قىسمەتكە ئايلىنىپتۇ. بەزىلەر باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ، بەزىلەرنىڭ ئىشى كەينىگە كېتىپتۇ، بەزىلەرنىڭ ھەۋىسى قاچقانلىقى ئۈچۈن كەسپىنى داۋاملاشتۇرالماپتۇ. مەھەللە بوش قالغاندىن كېيىن بىر كۈنى ئاشىق چەلەبىمۇ خوتۇن، بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتكەندە، ئاي يۈزلۈك گۈزەل بىلەن ئېرى تىكەندەك يالغۇز قاپتۇ. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان پالاكەت ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە سوغۇقچىلىق چۈشۈرۈپ، بارغانسېرى بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپتۇ. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ياشاپتۇ، لېكىن زادى بەختلىك بولالماپتۇ.

بۇ ھېكايە مۇھەببەت ۋە ئايالنىڭ نەقەدەر تۇزاق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن دېمەكچى ئىدىم، ئاپلا، ئۇنتۇپتىمەن. قارىماسىلەر بۇ ئەقلىمنى. مەن ھازىر ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقا بىر نەرسە دېيىشىم كېرەك ئىدى، خوپ، مۇنداق بىر سۆزنى ئېيتاي:

ئېھ، مۇھەببەت نېمىندېگەن گۈزەل!
لېكىن، ھېلى ئۆيگە بېسىپ كىرگەن ھېلىقى يات ئادەملەر كىم؟

# 55. مېنى "كېپىنەك" دېيىشىدۇ

دەرۋازىنى بۇزۇپ كىرگەن كىشىلەر توپىنى كۆرۈپ چۈشەندىمكى، ئەرزۇرۇملۇقلار بىزنىڭ ھەزىلكەش ماھىر رەسساملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ.

تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە قارامۇ بار ئىدى. ئۇنى قولىدا خەنجەر تۇتقان، يېنىدا بىر توپ غەلىتە ئادەملەر، ئاتاقلىق يايىمچى ئېستېر ۋە قولىدا بوپىسى بار باشقا ئاياللار بىلەن بىللە كۆردۈم. قەھۋەخانىدىن چىققانلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە تاياق يېگەنلىكى، قەھۋەخانا سايمانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالدا چېقىلىپ ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرۈپ قاچقۇم كەلدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە بىر توپ ئادەملەر، ئېھتىمال مۇھاپىزەتچى پىيادە ئەسكەرلەر يېتىپ كەلگەندى، ئەرزۇرۇملۇقلار شۇئان مەشئەللىرىنى ئۆچۈرۈپ قېچىشتى.

قەھۋەخانىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ھېچكىم قالمىغانىدى، كۆزەتكۈچىلەرمۇ يوق ئىدى. ئىچىگە كىردىم. ھەممە يەر چېقىلغان نەرسىلەر بىلەن تولغانىدى. پىنجان، تەخسە، ئىستاكان، چىنە ـ قاچا ۋە ئەينەك سۇنۇقلىرىغا دەسسەپ ماڭدىم. تامدا ئېگىزگە ئېسىلغان قارا چىراغ تېخىچە يېنىقلىق تۇراتتى، ئەمما ئۇ قەھۋەخانىنىڭ پۈتۈنلەي چېقىلغان، سۇنغان قاچا ـ قۇچا، ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار بىلەن تولغان پولى بىلەن ئىسلىنىشىپ كەتكەن تورۇسلىرىنىلا يورۇتاتتى.

كۆرپىچەكلەرنى ئۈستى ـ ئۈستىگە قويۇپ، ئۈستىگە چىقىپ چىراغنى ئالدىم ۋە ئۇنىڭ يورۇقىدا يەردە ياتقان بىر نەچچە كىشىنىڭ گەۋدىسىنى بايقىدىم. ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزى قانغا مىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ قارىيالماي، يەنە بىرگە پۈتلاشتىم. ئۇ ئىنجىقلاۋاتاتتى، چىراغنى كۆرۈپلا كىچىك بالىدەك ئىڭراپ كېتىۋىدى، دەرھال كەينىمگە داجىدىم.

بۇ يەرگە يەنە بىرەيلەن كىردى، ئاۋۋال قاتتىق چۆچۈدۈم، ئەمما ئۇنىڭ قارا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. يەردە ياتقان ئۈچىنچى گەۋدىگە ئىككىلىمىز پۈتلاشتۇق. چىراغنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىنلاشتۇرغىنىمدا، ئىككىلىمىز ئاللىقاچان كۆڭلىمىزگە كەچكەن بىر رىئاللىقنى كۆردۇق: مەدداھنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئايالچە پەردازلانغان يۈزىدە قان ئىزى يوق، لېكىن ئېڭىكى، كۆزى، قىزىل گىرىم قىلغان ئاغزى مىجىلىپ كەتكەن، بوينى سىقىلىپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى، قوللىرى ئىككى يېنىدىن كەينىگە قايرىلغانىدى. ئايالچە كىيىنگەن بۇ بوۋاينىڭ ئىككى قولىنى بىرەيلەن كەينىگە تۇتۇپ بېرىپ، قالغانلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە مۇشتلاپ قاتتىق ئۇرغانلىقىنى، ئاندىن بوغقانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ "تەرغىباتچى خوجا ئەپەندى ھەزرەتلىرىگە ئۇزاتقان تىلىنى كېسىۋېتىش ئۈچۈن" شۇنداق قىلغانمىدۇ؟

— چىراغنى بۇ يەرگە تۇتقىنا، — دېدى قارا. ئوچاقنىڭ يېنىدا، تۆكۈلگەن قەھۋە پاتقىقى ئىچىدىكى چېقىلغان قەھۋە يارغۇنچىقى، ئەلگەك، تارازا ۋە پىنجان سۇنۇقلىرىغا ئۇنىڭ قولىدىكى چىراغنىڭ يورۇقى چۈشتى. قارا مەدداھ ھەر ئاخشىمى رەسىملىرىنى ئاسىدىغان بۇلۇڭغا بېرىپ، چىراغ يورۇقىدا ئۆلگۈچىنىڭ ئىش قوراللىرى، بەلۋېغى، لۆڭگىسى، رەسىم ئاسىدىغان ئاچىماق تايىقىنى ئىزدىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زېھنىنىڭ رەسىملەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە يۇزۇمگە بايا قولۇمدىن ئالغان چىراغ يورۇقىنى تۇتۇپ: "خوپ، شۇنداق، ئۇ رەسىملەرنىڭ ئىككىسىنى دوستلۇقىمىز ئۈچۈن سىزىپ بەرگەنىدىم" دېدى. بىز باشقا نەرسىلەرنى چېلىقتۇرمىدۇق، پەقەت رەھمەتلىكنىڭ پاك - پاكىز چۈشۈرۈۋەتكەن تاقىر بېشىغا كىيگەن پارىچە بۆكىنىلا تاپالىدۇق.

تار كارىدورغا تۇتاشقان ئارقا ئىشىكتىن ھېچكىمگە كۆرۈنمەي، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا چىقتۇق. تۆيۈقسىز زەربىدە قەھۋەخانا ئىچىدىكى كىشىلەر ۋە رەسساملار بۇ ئىشىكتىن چىقىپ قېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك، لېكىن دومىلاپ ياتقان گۈل قاچىلىرى، ئۆرۈلۈپ كەتكەن قەھۋە تاغارلىرى بۇ يەردە بىر ئۇرۇش - جېدەل بولغانلىقىنىمۇ كۆرسىتەتتى.

قەھۋەخانىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشى، تونۇلغان مەدداھنىڭ رەھىمسىز -

لەرچە ئۆلتۇرۇلۇشى ۋە كېچىنىڭ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇقى قارا بىلەن مېنى بىر - بىرىمىزگە يېقىنلاشتۇردى، ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئىككى كوچىدىن ئۆتتۇق. قارا قولىدىكى چىراغنى ماڭا بەردى، ئاندىن خەنجىرىنى چىقىرىپ كېكىردىكىمگە تاقىدى.

— سېنىڭ ئۆيۈڭگە بارىمىز، — دېدى ئۇ — كۆڭلۈمنى تىندۇرۇش ئۈچۈن ئاختۇرماقچىمەن.

— ئۇلار ئاختۇرغان، — دەپ جىم تۇردۇم.

ئىچىمدە، ئاچچىقلىنىش ئەمەس، ئۇنى مەسخىرە قىلغۇم كەلدى. قارانىڭ مەن توغرۇلۇق چىققان رەزىل ئىغۋالارغا ئىشىنىشى ئۇنىڭمۇ ئادەتتىكى ھەسەتخورلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ ئۇ خەنجىرىنىمۇ ئۆزىگە ئانچە ئىشەنمىگەن ھالدا تۇتۇپ تۇراتتى.

ئۆيۈم قەھۋەخانىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ ماڭىدىغان كوچىنىڭ دەل ئەكس تەرىپىدە ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر توپىغا ئۈچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن مەھەللىلەر ئارىسىدىكى يان كوچىلاردىن ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا بۇرۇلۇپ، ھۆل ۋە يالغۇز دەرەخلەرنىڭ يېقىمسىز ھىدلىرى پۇراپ تۇرغان كۆڭۈلسىز باغچىلاردىن كەڭ ياي ھاسىل قىلىپ ئۆتتۇق. بىز قەھۋەخانا ئەتراپىدىن ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندا، قەھۋەخانىدىن ئاڭلانغان ئوپۇر - توپۇر ئاۋازلار تېخى توختىمىغانىدى. كوچىلاردىمۇ ئەرزۇرۇملۇقلارنىڭ ۋە ئۇلارنى قوغلاپ يۈرگەن مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ، مەھەللە كۆزەتچىلىرى ۋە ياشلارنىڭ يۈگۈرۈشلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتۇق. يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بىر يەرگە كەلگەندە:

— ئىككى كۈن ئۇستاز ئوسمان بىلەن خەزىنە ئامبىرىدا پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئاجايىباتلىرىنى كۆردۇق، — دېدى قارا.

بىر ھازا سۈكۈت قىلدىم، خېلىدىن كېيىن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— بىر رەسسام مەلۇم ياشتىن كېيىن بەھزات بىلەن ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ رەسىم سىزسىمۇ، — دېدىم، — كۆرگەنلىرى پەقەت كۆزىنى خۇش قىلىدۇ، روھىغا ھۇزۇر ۋە ھاياجان بېرىدۇ، لېكىن ماھارىتىنى بېيىتمايدۇ. چۈنكى، رەسىم كۆز بىلەن ئەمەس، قول بىلەن سىزىلىدۇ ۋە ئۇستاز

ئوسمانىنىڭ يېشىدا ئەمەس، مېنىڭ يېشىمدىمۇ، قولنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى
ئۆگەنمىكى تەس.

قولىدا خەنجىرى بار، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بۇ بىچارە ئەقىلسىزدىن
قورققانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مېنى كۈتۈۋاتقان گۈزەل ئايالىمغا مې-
نىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ قاراغا كۆرۈنمەستىن ئۆ-
زىنى دالدىغا ئېلىشى ئۈچۈن ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ گەپ قىلغانىدىم.

دەرۋازىدىن كىرىپ ئۆينىڭ ئىچىدە لىپىلدىغان چىراغنىڭ يورۇقىنى
كۆرگەنىدەك قىلدىم، لېكىن خۇداغا شۈكۈر، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى.
پۈتۈن ۋاقتىم ۋە كۆڭلىرىمنى ئاللاھنىڭ خاتىرىلىرىنى ئىزدەپ رەسىم
سىزىپ، كۆزۈم تالغاندا دۇنيادا تەڭدىشى يوق گۈزەل جانانىم بىلەن مۇ-
ھەببەتلىشىپ ئۆتكۈزىدىغان جەننەتتەك ئۆيۈمگە قولىدا خەنجەر تۇتقان بىر
ھايۋاننىڭ ئەسىرى بولۇپ كىرىش نامەھرەم رەپىقەمگە رەھىمسىزلەرچە
تاجاۋۇز قىلغاندەك بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن قارادىن ئىنتىقام ئېلىشقا
قەسەم قىلدىم.

قارا قەغەزلىرىمگە، تاماملاشقا ئاز قالغان بىر سەھىپىگە (قەرز زەن-
جىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پادشاھقا يېلىنىپ ئۇنىڭدىن ئېھسان ئالغان
مەھكۇملار)، بوياقلىرىم، ئىش ئۇستىلىم، پىچىقىم، قېرىنداش ئۈچلىغۇ-
چۇم، موي قەلىمىم، يېزىق تاختامنىڭ يېنىدىكى نەرسىلەرگە ۋە قەغەز
سىلىقلىغۇچ، قەلەمتىراش، قەلەم ـ قەغەز قۇتىلىرىمنىڭ ئارىسىغا،
ئىشكاپ، ساندۇقلار، كۆرپىچەكلەرنىڭ ئاستى، قەغەز قايچىلىرىمدىن بى-
رىگە، يۇمشاق قىزىل كۆرپىچەكنىڭ ۋە كېيىن گىلەمنىڭ ئاستىغا ۋە يەنە
بىر ئايلىنىپ شۇ يەرلەرگە قولىدىكى چىراغنى يېقىنلاشتۇرۇپ قارىدى.
ئۇ خەنجىرىنى قولىغا ئالغاندا دېگىنىدەك، ئۆيۈمنى ئەمەس، مەن رەسىم
سىزىدىغان ھۇجرىنى ئاختۇراتتى. مەن يوشۇرماقچى بولغان نەرسىنى، ئا-
يالىم شۇ تاپتا بىزنى مارىلاۋاتقان ھۇجرىغا يوشۇرالامسىمىدىم؟

— يېزنە تاغام تەييارلاتقان كىتابىنىڭ ئاخىرقى بىر رەسىمى بار ئى-
كەن، ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى ئۇ رەسىمنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۇ رەسىم باشقىلىرىدىن پەرقلىق ئىدى، — دېدىم دەرھال. رەھ-
مەتلىك يېزنە تاغاڭ ماڭا ئۇنىڭ بىر بۇرجىكىگە بىر تۇپ دەرەخ سىزدۇر-

غانىدى، ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ بىر يېرىدە ... ئوتتۇرىدا ۋە ئالدىدا بىر كىشىنىڭ رەسىمى، ئىشقىلىپ، سۇلتانىمىزنىڭ ئوبرازى بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ بىر يەرنى قالدۇرغان، لېكىن ئۇ يەرگە رەسىم سىزىلمىغانىدى. پەرەڭلەرنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان بۇ رەسىمدە ئارقا كۆرۈنۈشتىكى جىسىملار كىچىكرەك بولۇشى كېرەك بولغاچقا، دەرەخنى كىچىك سىزىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. رەسىم سىزىلغانسېرى كىشىگە گويا رەسىمگە ئەمەس، دېرىزىدىن دۇنياغا قاراۋاتقاندەك بىر تەسىراتنى بېرەتتى. رەڭلەرگە قاراپ، پېرسپېكتىۋ ئۇسۇلى بويىچە سىزىلغان رەسىمنىڭ رامكىسى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھەل دېرىزە رامكىسىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقىنى شۇ چاغدا چۈشەندىم.

— رامكىنى ۋە ھەلنى نازاكەتلىك ئەپەندى ئىشلەيتتى.

— بۇنى سورىماقچى بولساڭ، ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىگەنلىكىمنى ئېيتقاندىم.

— ھەرقانداق ئادەم بىر كىشىنى ئۆلتۈرسىمۇ ھېچقاچان ئۆلتۈردۈم دېمەيدۇ، — دېدى ئۇ جىددىي ھالدا ۋە قەھۋەخانا ھوجۇمغا ئۇچرىغاندا مېنىڭ ئۇ يەردە نېمە قىلغانلىقىمنى سورىدى.

چىراغنى مەن ئۆلتۈرگەن كۆرپىچەكنىڭ سەل نېرىسىدىكى قەغەزلەرىمنىڭ، رەسىم سىزغان سەھىپىلەرنىڭ ئارىسىغا يۈزۈمگە يورۇق چۈشۈرىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى ھوجرىنىڭ ئىچىدە، قاراڭغۇدا بىر كۆلەڭگىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى.

مەن سىلەرگە ئېيتقان نەرسىلەرنى، ئەسلىدە قەھۋەخانىغا ناھايىتى ئاز بارىدىغانلىقىمنى، بۇ قېتىم ئۇ يەردىن تاسادىپىي ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئېيتىشتىن باشقا، تامغا ئېسىلغان رەسىملەردىن ئىككىسىنى مەن سىزغانلىقىمنى، لېكىن قەھۋەخانىدا بولغان ئىشلارغا ھەقىقەتەن خاپا بولغانلىقىمنىمۇ ئېيتتىم. "چۈنكى، — دېدىم، — رەسىم كۈچىنى رەسسامنىڭ ماھارىتىدىن، رەسىم ئىشتىياقىدىن ۋە ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇش ئارزۇسىدىن ئەمەس، ھاياتنىڭ رەزىللىكلىرىگە پەرۋا قىلماسلىق ۋە جازالاش ئارزۇسىدىن ئالسا، ئاخىرىدا ئۆز - ئۆزىنى مەنسىتمىگەن ۋە جازالىغان بولىدۇ. مەنسىتمىگىنى مەيلى ئەرزۈرۈملۇق

تەرغىباتچى ياكى شەيتاننىڭ ئۆزى بولسۇن، ئاقىۋىتى ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ قەھۋەخانا ئەرزۇرۇملۇقلار بىلەن دۈشمەنلەشمىگەن بولسا، بۇ كېچە بەلكىم ھۇجۇمغا ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

— بىراق، ئۇ يەرگە نېمىگە بارغانىدىڭ، — دېدى بۇ ئەبلەخ.

— بارغانىدىم، چۈنكى ئۇ يەر ناھايىتى كۆڭۈللۈك. — ئۇ مېنىڭ دۇرۇس گەپ قىلىۋاتقىنىمنى چۈشەنگەنمىدۇ؟ — بىز ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادى، ۋىجدانىمىز ۋە ئەقلىمىز بىلەن بىر نەرسىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلىپ، ئۇ نەرسىدىن لەززەتمۇ ئالالايمىز، — دەپ قوشۇمچە قىلدىم، — مەن ئاشۇ ئەرزان رەسىملەردىن، تەقلىدلەردىن، شەيتان، پۇل ۋە ئىتلار ھەققىدە ۋەزنىسىز، قاپىيەسىز، قوپال تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان ھېكايىلەردىن ھوزۇر ئالغانلىقىم ئۈچۈنمۇ خىجالەتمەن.

— ئۇنداقتا ئۇ ئىمانسىزلارنىڭ قەھۋەخانىسىغا نېمىگە بارغانىدىڭ؟

— شۇنداق، — دېدىم ئىچىمدىن كەلگەن بىر ئاۋازغا جاۋابەن، — بەزىدە مېنىڭمۇ ئىچىمنى قۇرتتەك غاجايدىغان بىر شۈبھە بار، شۇنى ئېيتاي: رەسىمخانىدىكى ئۇستازلار ئىچىدە ئەڭ ماھارەتلىكى ۋە ئەڭ قابىليەتلىكىنىڭ مەن ئىكەنلىكىم يالغۇز ئۇستاز ئوسمان تەرىپىدىنلا ئەمەس، يەنە سۇلتانىمىز تەرىپىدىنمۇ ئوچۇق ئېتىراپ قىلىنىغاندىن بۇيان باشقا رەسساملارنىڭ ھەسەتخورلۇقلىرىدىن شۇنداق قورقۇشقا باشلىدىمكى، ماڭا قارىتا ئۆچمەنلىك تۇغۇلمىسۇن دەپ، ئۇلار بارغان يەرلەرگە ئاندا - ساندا بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇشقا تىرىشىۋاتىمەن. چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇلار مېنى ئەرزۇرۇملۇقنىڭ مۇرىتى دېيىشكە باشلىغىنىدىن تارتىپلا بۇ ئىغۋاغا باشقىلار ئىشىنىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇ رەزىل ئىمانسىزلارنىڭ قەھۋەخانىسىغا بېرىۋاتىمەن.

— ئۇستاز ئوسمان سېنىڭ ماھارەت ۋە قابىلىيىتىڭدىن ھەمىشە ئۇۋايسىزلىق ھېس قىلىدىغىنىنى ئېيتتى.

— مەن توغرۇلۇق يەنە نېمە دېدى؟

— سېنىڭ كىشىلەرنى رەسىم ئۈچۈن هاياتىڭدىنمۇ ۋاز كېچىدىغانلىقىڭغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن گۈرۈچ، تىرناقلارغا چاككىنا، بىمەنە رەسىملەرنى سىزىدىغانلىقىڭنى، ئاللاھنىڭ بەخش ئەتكەن ھۈنىرىدىن نومۇس

قىلىپ، ھەمىشە باشقىلارغا ياخشىچاق بولۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيت-
تى.

— ئۇستاز ئوسمان بەھزاتنىڭ مەرتىۋىسىدىكى ئادەم، — دېدىم سە-
مىمىي ھالدا، — يەنچۇ؟

— كەمچىلىكلىرىنىمۇ ئېيتتى، — دېدى ئۇ ئەبلەخ.

— كەمچىلىكلىرىمنى ئېيتىپ باق.

— ماھارىتىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن بولسىمۇ، رەسىم ئىشتىياقى
ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈش ئۈچۈن رەسىم سىزىدىغان-
لىقىڭنى ئېيتتى. رەسىم سىزغىنىڭدا سېنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان نەر-
سە رەسىمنى كۆرگۈچىلەر ئالىدىغان ھوزۇرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىكەن.
لېكىن سەن رەسىم سىزىشنىڭ ئۆزىگە خاس خۇشاللىقى ئۈچۈن رەسىم
سىزالىشىڭ كېرەك.

ھاياتىنى رەسىمگە ئەمەس، خەت-پەت يېزىش ۋە ئەمەل تاماسىدا
خۇشامەتچىلىككە ئاتىغان ئۇستاز ئوسماننىڭ مەن توغرۇلۇق ئويلىغان
نەرسىلەرنى شۇ قەدەر بىپەرۋالىق بىلەن ئاشكارىلىۋېتىشى يۈرىكىمنى
جاراھەتلىگەندى. قارا يەنە مۇنداق دېدى:

— پېشقەدەم ئۇلۇغ ئۇستازلار يېڭى بىر شاھنىڭ كۆچىگە، يېڭى بىر
شاھزادىنىڭ ھەۋىسىگە ياكى باشقا بىر دەۋرنىڭ ھەۋەسلىرىگە بويۇن ئې-
گىش ئۈچۈنلا پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلاپ قولغا كەلتۈرگەن ئۇسلۇب ۋە
ئۇسۇللاردىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى، بۇ تۈپەيلى ئۇسۇل ۋە ئۇسلۇب-
لىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلانماسلىق ئۈچۈن ئۆزلىرىنى باتۇرلارچە ئەما
قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، سۇلتانىمىزنىڭ تەلىپى شۇنداق دېگەن
باھانە بىلەن سىلەر مېنىڭ يېزىنە تاغام ئىشلەۋاتقان كىتابنىڭ سەھىپىلى-
رىگە رەسىملەرنى تامامەن پەرەڭ ئۇستىلارغا ھەۋەس بىلەن نومۇسسىزلار-
چە تەقلىد قىلىپ سىزىپسىلەر.

— ئۇلۇغ ئۇستاز باش رەسسام ئوسماننىڭ يامان غەرىزى يوق، —
دېدىم، — مەن مېھمىنىمغا ئىخلامۇر چېيى دەملەي.

يان ھۇجرىغا كىردىم. جانانىم ئۈچىسىدا يايمىچى ئېستېردىن ئالغان
جۇڭگو يىپەك رەختتىن تىكىلگەن ياتاق كىيىمى بىلەن يۇگۇرۇپ كې-

لىپ، ”مېھمىنىمغا ئىخلامۇر چېيى دەملەي“ دەپ مېنى دورىدى ۋە قولىنى ھېلىقى يېرىمگە ئۇزاتتى. ئۇ سېلىپ قويغان تۆشكىمىزنىڭ يېنىدىكى ئىشكاپنىڭ تېگىدىن ئەتىر پۇرايدىغان كىرلىكلەر ئارىسىدىكى سېپى ھېقىق تېشىدىن ياسالغان قىلىچنى ئېلىپ قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدىم. بۇ شۇ قەدەر ئۆتكۈر قىلىچكى، بىسىغا يېپەك ياغلىقنى تاشلىسا ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتى، ئالتۇن قەغەز تاشلىسا كېسىلگەن پارچىلار سىزغۇچ بىلەن سىزىپ كەسكەندەك تۈپتۈز چىقاتتى.

قىلىچىمنى يوشۇرۇپ، رەسىمخانامغا كىردىم. قارا ئەپەندى مېنى سوراقا تارتقىنىدىن شۇ قەدەر خۇشال ئىدىكى، قولىدا خەنجىرىنى تۇتۇپ تېخىچە قىزىل كۆرپىچەكىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. كۆرپىچەككە يېرىمىغا رەسىم سىزىلغان بىر سەھىپىنى قويۇپ، ”بۇنىڭغا قارا“ دېدىم. ئۇ قىزىقىش بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇنى چۈشىنىشكە تىرىشتى.

ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قىلىچىمنى كۆتۈردۈم ـ دە، ئېتىلىپ بېرىپ ئېسىلىپ يىقىتتىم. ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجىرى چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، بېشىنى يەرگە بېسىپ، قىلىچىمنى تېگىدىن كېكىردەككە تاقىدىم. ئېغىر گەۋدەم بىلەن دۈم قىلىپ بېسىۋالغان قارانىڭ زىلۋا گەۋدىسىنى دىسلاپ، ئېڭىكىم ۋە قولۇم بىلەن بېشىنى قىلىچنىڭ ئۆتكۈر بىسىغا تەگكىدەك باستىم. بىر قولۇم كىر چاچلىرىنى قامالليۋالغانىدى، يەنە بىر قولۇم قىلىچنى زىلۋا كېكىردىكىگە تاقىغانىدى. ئۇ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ مىدىرلىمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشۈم مۇمكىن ئىدى. بۇدۇر چاچلىرىغا، باشقا چاغدا بولسا بىر شاپىلاق ئۇرغۇم كېلىدىغان گەجگىسىگە، سەت قۇلاقلىرىغا بۇ قەدەر يېقىن تۇرۇش تېخىمۇ سەپرايىمنى ئۆرلەتتى. ”سېنى بۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋالدىم“ دەپ سىر بەرگەندەك قۇلىقىغا پىچىرلىدىم.

ئۇنىڭ ياۋاش بالىلاردەك ئۇن ـ تىن چىقارماي سۆزۈمگە قۇلاق سالغىنىغا خۇش بولدۇم: «شاھنامە» دىكى رىۋايەتلەردىن خەۋىرىڭ بار، ــ دەپ پىچىرلىدىم، ــ پەرىدۇن شاھ خاتا بىر ئىش قىلىپ مەملىكىتىنى ئۈچكە بۆلگەندە، ئەڭ ناچار دىيارلارنى ئىككى چوڭ ئوغلىغا، ئەڭ ياخشى دىيار بولغان ئىراننى كىچىك ئوغلى ئىرەچكە قالدۇرغانىدى. قىساسخور تۇر

ھەسەتخورلۇق قىلىپ كىچىك ئىنىسى ئىرەچنى ئالداپ، كاللىسىنى چاپماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى خۇددى مەن سېنى ھازىر تۇتقاندەك قاماللاپ ۋە خۇددى مەن ھازىر قىلغاندەك پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن ئىنىسىنىڭ گەۋدىسىنى يەرگە باسقانىكەن، سەنمۇ گەۋدەمنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىڭمۇ؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى، لېكىن ئۇنىڭ قۇربانلىق قويىدەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بىلدىم ۋە ماڭا يەنە بىر ئىلھام كەلدى: ”يالغۇز رەسىمدىلا ئەمەس، قىلىچنى كېكىردەككە تاقاپ كاللىنى ئەپچىللىك بىلەن چېپىشتىمۇ پارس ئۇسلۇبى ۋە ئۇسۇلىغا سادىقمەن. مەن ناھايىتى ياقتۇرىدىغان بۇ مەنزىرىنىڭ باشقا بىر تۈرىنىمۇ شاھ سىياۋۇشنىڭ ۋاپاتىنى تەسۋىرلىگەن رەسىملەردە كۆرگەنىدىم.“

ئۈن - تىن چىقارماي سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتقان قاراغا، سىياۋۇشنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا قانداق تەييارلانغانلىقىنى، پۈتۈن ئوردىسىنى، مال - مۈلكىنى قانداق كۆيدۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئاتلىق قوشۇنى بىلەن يۈرۈشلەرگە چىققانلىقىنى، ئۇرۇشتا قانداق مەغلۇپ بولغانلىقىنى، جەسەتلەر بىلەن تولغان ئۇرۇش مەيدانىنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئىچىدە چاچلىرى بىلەن يەردە قانداق سۆرىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ ياتقىنىدەك دۈم ياتقۇزۇلۇپ، ئاخىرى بويىنىغا بىر خەنجەرنىڭ تاقالغانلىقىنى ۋە غالىب شاھنىڭ مەغلۇپ شاھنى مۇشۇ ئەھۋالدا دوست - دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەكمۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە قانداق تالاش - تارتىش قىلىشقانلىقىنى ۋە يۈزى تۇپراققا بېسىلغان مەغلۇپ شاھنىڭ ئەنە شۇ تالاش - تارتىشلارنى ئاڭلاپ ياتقانلىقىنى ئۇزۇن - ئۇزۇندىن بايان قىلدىم ۋە قۇربانىمدىن: ”ئۇ رەسىمنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدىم ۋە، — گېرۇي ماڭا ئوخشاش، يەردە ياتقان سىياۋۇشنىڭ كەينىدىن كېلىپ ئۈستىگە ئارتىلىپ كېكىردىكىگە قىلىچنى تاقاپ چېچىنى قاماللاپ، كاللىسىنى چاپىدۇ، ئېتىلىپ چىققان قىزىل قېنى ئالدى بىلەن قۇرغاق تۇپراقتا قارا تۈتۈن چىقىرىدۇ، كېيىن ئۇ يەردە بىر گۈل ئېچىلىدۇ“ دېدىم.

بىر ئاز سۈكۈت قىلدىم ۋە يىراقتىكى كوچىلاردا پەرياد قىلىپ يۈگۈرۈشكەن ئەرزۇرۇملۇقلارغا قۇلاق سالدۇق. تاشقىرىدىكى پالاكەت ۋە دەھشەت شۇئان يەردە پومىداقلىشىپ ياتقان بىزنى تېخىمۇ بىر - بىردىمىزگە يېقىنلاشتۇردى.

— لېكىن، مانا بۇ رەسىملەردىن قارىغاندا، — دېدىم قارانىڭ ئالدىقىنىم ئىچىدىكى چاچلىرىنى تېخىمۇ چىڭ سىقىپ، كىشىلەر بەدەنلىرى بىزگە ئوخشاش بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ھەم بىر - بىرىدىن نەپرەتلەنگەن ئىككى كىشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سىزىشنىڭ قىيىنلىقىدنى ھېس قىلىدۇ. ئەپچىللىك بىلەن كاللا ئېلىش ئالدىدىكى خىيانەت، ھەسەتخورلۇق ۋە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئۇ رەسىملەرگە خېلى زىيادە سىڭىشى كېرەك. قىزۋىنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستازلىرىمۇ بىر - بىرىنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغان ئىككى ئەرنى سىزىشتا قىيىنىلىدۇ، ھەممە نەرسىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، لېكىن قارىغىنا، بىز ئىككىيلەن ناھايىتى تەرتىپلىك ۋە نازاكەتلىك.

— قىلىچ كېسىۋەتتى، — دەپ نالە قىلدى قارا.

— ماڭا گەپ قىلغىنىڭغا رەھمەت قەدىرلىكىم، قورقما، كەسمەيدۇ، دىققەت قىلىۋاتىمەن، بىزنىڭ بۇ تۇرقىمىزدىكى گۈزەللىكنى بۇزىدىغان ھېچقانداق ئىشنى قىلمايمەن. پېشقەدەم ئۇلۇغ ئۇستازلار پۈتۈن مۇھەببەت، ئۆلۈم ۋە ئۇرۇش كۆرۈنۈشلىرىدە بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن گەۋدىلەرنى خۇددى يېگانە بىر گەۋدىدەك سىزغىنىدا كۆزلىرىمىزگە ياش كېلىدۇ. قارىغىنا: بېشىم گەجگەڭگە خۇددى سېنىڭ بەدىنىڭنىڭ بىر قىسمىدەك تېگىپ تۇرىدۇ. چاچلىرىڭ ۋە گەجگەڭنىڭ پۇرىقىنى سېزىۋاتىمەن. پۇتلىرىمۇ سېنىڭ پۇتلىرىڭنىڭ ئىككى يېنىدا شۇنداق ماس ھالدا سوزۇلدىكى، بىزنى كۆرگۈچىلەر تۆت پۇتلۇق چىرايلىق بىر ھايۋان دەپ ئويلىشى مۇمكىن. دۇمبەڭ ۋە ساغرىڭدا ئېغىرلىقىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى سېزىۋاتامسەن؟— بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، لېكىن قىلىچنى باسمىدىم، چۈنكى، باسساملا قان تۆكۈلەتتى— گەپ قىلمىساڭ بۇ قولدىقىڭنى چىشلىۋالىمەن، — دېدىم ھېلىقى قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ گەپ قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بايد-

قى سوئالنى يەنە بىر قېتىم سورىدىم:

ئۇستۇڭدە ئېغىرلىقىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ھېس قىلىۋاتامسەن؟

— ھەئە.

— خۇشياقتىمۇ؟ بىز گۈزەلمۇ؟ — دەپ سورىدىم، — بىز پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئاجايىباتلىرىدا بىر - بىرىنى نەپىس قىياپەتتە ئۆلتۈرگەن ھەيران قالارلىق قەھرىمانلاردەك گۈزەلمۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى قارا، — ئۆزىمىزنى ئەينەكتە كۆرەلمىدىم.

ئىچكىرىدىكى ھۇجرىدىن بىزنى مارىلاپ تۇرغان ئايالىمىنىڭ بىزدىن سەل نېرىدا يەردە تۇرغان، قەھۋەخانىدىن ئېلىپ چىققان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا بىزنى قانداق كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم - دە، ھاياجاندىن قارانىڭ قولىقىنى راستلا چىشلىۋېلىشتىن قورقتۇم.

— ئۆيۈمگە ۋە نامەھرەم رەپىقەمنىڭ ئالدىغا خەنجىرىڭ بىلەن كىرىپ مېنى سوراققا تارتقان قارا ئەپەندى، — دېدىم، — ھازىر ئۇستۇڭدىكى كۆچۈمنى ھېس قىلىۋاتامسەن؟

— مۇشۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىڭنىمۇ ھېس قىلدىم.

— ئەمىسە سورىماقچى بولغان ھەرقانداق سوئالىڭنى سوراۋەرگىن.

— ماڭا ئۇستاز ئوسماننىڭ سېنى قانداق سىلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىن.

— شاگىرتلىقىمدا مەن ھازىرقى تۇرقۇمدىن ناھايىتى زىلۋا، نازۇك، چىرايلىق ئىدىم. ھازىر مەن سېنىڭ ئۇستۇڭگە چىققىنىمدەك، ئۇمۇ مېنىڭ ئۇستۇمگە چىقاتتى، بىلەكلىرىمنى سىلايتتى، لېكىن، بەزىدە جېنىمنىمۇ ئاغرىتاتتى. ئۇنىڭ بىلىمىگە، ماھارىتىگە ۋە كۈچىگە قايىل بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىشلارغىمۇ خۇش بولاتتىم ۋە ئۇنى بىر رەزىللىك دەپ ئويلىمايتتىم. چۈنكى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇستاز ئوسماننى ياخشى كۆرۈش مەن ئۈچۈن رەسىم سىزىشقا، رەڭ، قەغەز، قەلەم، رەسىمنىڭ گۈزەللىكى بولسا، رەسىمدىكى ھەممە نەرسىنى ۋە شۇنداقلا ئالەمنى ۋە ئاللاھنى سۆيۈشكە ئېچىلغان بىر يول ئىدى. ئۇستاز ئوسمان مەن ئۈچۈن ئاتىدىن چارە ئىدى.

— ئۇ سېنى ھەمىشە ئۇراتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتىنىڭ بالىنى مۇۋاپىق ۋە ئادىللىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇرغىنىدەك، ئۇستازنىڭ شاگىرتنى ئۇرۇشىمۇ بەرھەق ئىدى. ئۇ ماڭا ھۈنەر ئۆگىتىش ئۈچۈن جېنىمنى ئاغرىتىپ، جازالاپ ئۇراتتى. تىرناقلىرىمغا گەز بىلەن ئۇرغان چاغدىكى ئاغرىقنىڭ ۋەھىمىسى تۈپەيلىدىن بۈگۈن نۇرغۇن ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى ۋە تېز ئۆگەنگەنلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. شاگىرتلىقىمدا كوكۇلامدىن تۇتۇپ بېشىمنى تامغا ئۇرمىسۇن دەپ، بوياقنى ئۆرۈۋەتمەيتتىم، ئالتۇن سۇيىنى ئىسراپ قىلمايتتىم؛ ئاتىنىڭ پۇتىدىكى ئەگرىلىكنى كاللامغا ئورنىتىۋالغانىدىم؛ سەھىپە رامكىسىنى ئىشلىگۈچىنىڭ خاتاسىنى يوشۇراتتىم، موي قەلەملىرىمنى ئۆز ۋاقتىدا تازىلايتتىم ۋە پۈتۈن دىققىتىمنى ۋە روھىمنى سەھىپىگە بېغىشلاشنى ئۆگىنەتتىم. ھۈنىرىم ۋە ماھارىتىم يېگەن تاياقلىرىمنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، ھازىر شاگىرتلىرىمنى مەنمۇ بىمالال ئۇرالايمەن. ھەتتا ناھەق ئۇرۇلغان بىر تاياقمۇ ئەگەر شاگىرتنىڭ غورۇرىغا تەگمىسە، ئاقىۋەتتە بالىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

— لېكىن يەنىلا گۈزەل چىراي، يېقىملىق، پەرىشتە سۈپەت بىر شاگىرتنى ئۇرغىنىڭدا، بەزىدە ئۆز ھۇزۇرۇڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتكىنىڭدە، ئۇلۇغ ئۇستاز ئوسمانىنىڭمۇ ساڭا شۇنداق ئىشنى قىلغانلىقىنى بىلىسەنغۇ دەيمەن؟

— بەزىدە ئۇ قەغەز سىلىقلايدىغان مەرمەر تاش بىلەن قۇلىقىمنىڭ كەينىگە شۇنداق ئۇراتتىكى، قۇلىقىم ۋىڭىلداپ، كاللام پىرقىراپ كېتەتتى. بەزىدە شۇنداق كاچاتلايتتىكى، مەڭزلىرىم بىر نەچچە ھەپتە كۆزلىرىمدىن ياش ئاققۇزغىدەك ئاغرىيتتى. بۇلار يادىمدىن چىقمايدۇ، لېكىن ئۇستازىمنى ھۆرمەتلەيمەن.

— ياق، — دېدى قارا، — ئۇنىڭغا غەزەپلىنەتتىڭ. ئىچىڭدە چوڭقۇردىن - چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن غەزىپىڭنىڭ ئىنتىقامىنى يېزنە تاغامنىڭ پەرەڭلەرگە تەقلىد قىلىنغان كىتابىغا رەسىم سىزىش ئارقىلىق ئالاتتىڭ.

— سەن رەسساملارنى زادى چۈشەنمەيسەن. ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. بالىلىق چاغلىرىدا ئۇنىڭدىن يېگەن تاياقلار رەسسامنى ئۇستا-

زىغا ئۆلگۈچە سەممىي ھۆرمەت بىلەن باغلايدۇ.

— ئىرەچىنىڭ، سىياۋۇشنىڭ كېكىردەكلىرىگە، ھازىر سەن ماڭا قىلـ- غىنىڭدەك، كەينىدىن قىلىچ تەڭلىنىپ زالىملارچە ۋە خائىنلارچە كالللىسى ئېلىنىشى قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇقتىن بولـغان. «شاھنا- مە»دە بايان قىلىنىشىچە، قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇقنى پۈتۈنلەي بىر تەرەپكە يان باسىدىغان ئاتا پەيدا قىلىدۇ.

— شۇنداق.

— سىلەرنى بىر - بىرىڭلارغا ئۆچلەشتۈرۈپ قويغان، بىر تەرەپكە يان باسىدىغان ئاتاڭلار ھازىرمۇ سىلەرگە خىيانەت قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئەدەپسىزلەرچە، — ۋايجان، ئۆتۈنۈپ قالاي، كېسىۋېتىدىغان بولدى، — دەپ ئىنجىقلىدى ئۇ ۋە ئاغرىققا چىدىماي يەنە ۋارقىراپ، — دۇرۇس، كېكىردىكىمنى بوغۇزلاپ، قېنىمنى قۇربانلىق قويىدەك ئېقىتىـ- شىڭ بىر دەملىك ئىش، — دېدى، — لېكىن دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئاڭلىماي قول سالساڭ (دەرۋەقە ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىڭغا ئىشەنمەيمەن. ۋايجان، بولدى بەس)، ئەقلىڭ ئۆمۈرۋايەت ھازىر مەن ساڭا دېمەكچى بولغان سۆزنى ئويلايدۇ. قىلىچىڭنى سەل بوشات، — مەن سەل بوشاتتىم، — با- لىلىق چاغلىرىڭلاردىن بېرى ھەر بىر قەدىمىڭلار، ھەر بىر ھەرىكە- تىڭلارغا دىققەت قىلىپ، ئاللاھ ئاتا قىلغان قابىلىيىتىڭلارنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن باھار چېچەكلىرىدەك ھۆپپىدە ئېچىـ- لىپ ماھارەتكە ئايلىنىشىنى خۇشاللىق بىلەن كۆتكەن ئۇستاز ئوسمان ھازىر سىلەر بىلەن بىللە پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان رەسىمخانىسىنى ۋە ئۇسلۇبىنى قوغداش ئۈچۈن سىلەردىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەپتۇ.

— ئۇسلۇب دېيىلگەن نەرسىنىڭ كىشىنى قانداق بىزار قىلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەنسۇن دەپ نازاكەتلىك ئەپەندىنى دەپنە قىلغان كۈنى ساڭا ئۈچ مەسىلىنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم.

— ئۇلار رەسسامنىڭ ئۇسلۇبى ھەققىدە ئىدى، — دېدى قارا ئېھتىـ- يات بىلەن، — ئۇستاز ئوسماننىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پۈتۈن رەسىمخانىـ- نىڭ ئۇسلۇبىنى قوغداش ئىدى.

ئۇ نازاكەتلىك ئەپەندىنى ۋە يېزنە تاغىنى ئۆلتۈرگەن پەسكەشنىڭ

تېپىلىشىغا سۇلتاننىڭ قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى، بۇ مەقسەت بىلەن ئۇلارغا پادىشاھلىق خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنىمۇ ئېچىپ بەرگەنلەكىنى، لېكىن ئۇستاز ئوسماننىڭ بۇ پۇرسەتتىن، يېزنە تاغىنىڭ كىتابىغا توسقۇنلۇق قىلىش ۋە ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ، پەرەڭ ئۇستازلىرىنى تەقلىد قىلىشقا باشلىغانلارنى جازالاش ئۈچۈن پايدىلانماقچى بولغانلىقىنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن بايان قىلدى. قارا يەنە بۇرنى يېرىق ئاتنىڭ، ئۇسلۇب جەھەتتىن قارىغاندا زەيتۇننىڭ قولىدىن چىققان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلىنىدىغانلىقىنى، بىراق، باش رەسسام بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز كۆڭلىدە لەيلەكنىڭ جىنايەتكار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى جاللاتلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى. قىلىچنىڭ زورى بىلەن قارانىڭ راستىنى ئېيتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ۋەقەلەرنى ئۇ بالىلارچە ئەستايىدىللىق بىلەن بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سۆيۈپ قويغۇم كېلىپ كەتتى. ئاڭلىغانلىرىمدىن زادى ئەندىشە قىلمىدىم. چۈنكى، لەيلەكنى ئارىدىن سىقىپ چىقىرىش، ئۇستاز ئوسمان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن (ئاللاھ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي) مېنىڭ باش رەسسام بولۇشۇمدىن دېرەك بېرەتتى.

مېنى بىئارام قىلغان نەرسە ئۇنىڭ بايان قىلغانلىرىنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىشى ئەمەس، رېئاللىقتا ئايلانماسلىق ئېھتىماللىقى ئىدى. قارانىڭ سۆزلىرىدىن ئۇستاز ئوسماننىڭ پەقەت لەيلەكنى ئەمەس، مېنىمۇ قۇربان قىلىش مەقسىتى بارلىقىمۇ ئايان ئىدى. ئىشەنگۈسىز ئېھتىماللىقنى ئويلاش مېنى قاتتىق چۆچۈتۈپلا قالماي، كۆڭلۈمگە گويا تۇيۇقسىز ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بالىدەك ئىگە ـ چاقىسىزلىق ۋەھىمىسىنىمۇ سېلىپ قويدى. بۇنى ھەر بىر ئويلىغىنىمدا ئىختىيارسىز ھالدا قارانىڭ كېكىردىكىگە قىلىچىمنى پاتۇرۇۋەتكۈم كېلەتتى، لېكىن يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە بۇ ھەقتە قارا بىلەنمۇ، ئۆزۈم بىلەنمۇ مۇنازىرىلەشمىدىم. يېزنە تاغىنىڭ كىتابىغا پەرەڭ ئۇستازلىرىدىن ئىلھاملىنىپ بىمەنە رەسىمدىن بىر قانچىنى سىزىپ قويغانلىقىمىز بىزنى نېمە ئۈچۈن خائىنلىق گىردابىغا چۈشۈرگىدەك؟ نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمى لەيلەك بىلەن زەيتۇننىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان سۇيە-

قەستى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈردۈم ۋە قىلىچنى قارا-
نىڭ كېكىردىكىدىن تارتىۋالدىم.
— ئىككىيلەن بىللە زەيتۇننىڭ يېنىغا بارايلى ۋە ئۆيىنى ئوڭتەي -
توڭتەي قىلىپ ئاختۇرايلى، ئەگەر ئاخىرقى رەسىم ئۇنىڭدا بولسا، ھېچ
بولمىغاندا كىمدىن قورقىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالىمىز، ئۇنىڭ-
دىنمۇ چىقمىسا، ئۇنىمۇ ئۆزىمىزگە ياردەمچى قىلىپ، بىرلىكتە لەيلەك-
نىڭ ئۆيىگە ھۇجۇم قىلىمىز، — دېدىم.
ئۇنىڭ ماڭا ئىشىنىشىنى، ئۇنىڭ خەنجىرىنىڭ ئىككىمىزگە قورال
ئورنىدا ئىشلىتىلىشىمىزغا يېتىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇنىڭغا بىر ئىستا-
كان ئىخلامۇر چېيى بېرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ سورىدىم. قەھۋەخانى-
نىڭ چىرىغىنى يەردىن ئالغاندا، مەن ئۈستىگە يېقىلغان كۆرپىچەككە
ئىككىمىز بىر ھازا مەنىلىك يوسۇندا قاراپ قالدۇق. قولۇمدا چىراغنى
تۇتقان ھالدا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم ۋە كېكىردىكىدىكى بىلىنەر - بىلىن-
مەس كېسىلگەن يەرنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ بەلگىسى بولىدىغانلىقىنى
ئېيتتىم. ئۇنىڭدىن ئازراق قانمۇ تەپچىپ چىققانىدى.
كوچىلاردا ئەرزۇرۇملۇقلارنىڭ ۋە ئۇلارنى قوغلاپ يۈرگەنلەرنىڭ
گۈلدۈر - تاراقلىرى تېخىچە بېسىلمىغانىدى، لېكىن بىز بىلەن ھېچكىم-
نىڭ كارى بولمىدى. زەيتۇننىڭ ئۆيىگە تېزلىكتە يېتىپ بېرىپ، دەرۋا-
زىسىنى قاقتۇق، ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتۇق ۋە دېرىزە قاپقاقلىرىنىمۇ
تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇردۇق. ھېچكىم ھە دېمىدى. شۇنداق قاتتىق
تاراقلاتتۇقكى، ئاخىرى ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىغا ئىشەندۇق. ئىككىلىمىزنىڭ
خىيالى بىر يەردىن چىقىپ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قارا دېدى: "ئۆينىڭ ئى-
چىگە كىرىۋېرەيلىمۇ؟"
قارانىڭ خەنجىرىنىڭ كەينى بىلەن كوچىلاپ قۇلۇپنىڭ تۆمۈر ھال-
قىسىنى قايرىپ ئۈزۈۋەتتىم، ئاندىن ئىشىكنىڭ يېرىقىغا خەنجەرنى كىر-
گۈزۈپ، ئىككىيلەن كۈچەپ بېسىپ قۇلۇپنى چېقىۋەتتۇق. ئۆينىڭ ئىچى
ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى زەي، مەينەتچىلىك ۋە بويتاقلىق پۇراقلىرى بى-
لەن تولغانىدى. چىراغنىڭ يورۇقىدا، يىغىلمىغان ئورۇن - كۆرپىنى،
كۆرپىچەكلەرنىڭ ئۈستىگە خالىغانچە تاشلانغان بەلۋاغ، مايكا، ئىككى باش

ياغلىقى، ئىچ كىيىملەر، نەقىشبەندى نېمەتۇللا ئەپەندىنىڭ پارسچە - تۈركچە لۇغىتى، كىيىم ئاسقۇ، يۇڭ رەخت، يىپ - يىڭنە ۋە ئالما شۆپۈك- لىرى سېلىنغان مىس تەخسە، بىر قانچە كۆرپىچەك، دۇخاۋىدىن تىكىلگەن كارىۋات ياپقۇچى، بوياق، موي قەلەملىرىنى ۋە رەسسامنىڭ پۈتۈن رەسىم ماتېرىياللىرىنى كۆردۇق. ئىش تاختىسى ئۈستىدىكى قەغەزلەرنى، تەكشى كېسىلگەن بىر توپ ھىندى قەغىزىنى ۋە رەسىم سىزىلغان سەھىپىلەرنى ۋاراقلاپ كۆرگۈم كېلىۋىدى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

قارا مەندىنمۇ بەكرەك قىزىقاتتى. شۈغىنىسى، مەن بىر ئۇستا رەس- سامنىڭ، سەۋىيىسى ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان باشقا بىر رەسسامنىڭ ماتېرى- ياللىرىنى ئاختۇرۇشىنىڭ ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلەت- تىم. زەيتۇن كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك قابىلىيەتلىك ئەمەس، پەقەت قىزغىنلىقىلا بار ئىدى، قابىلىيىتىدىكى يېتەرسىزلىكنى، پېشقەدەم ئۇستازلارغا بولغان قايىللىقى بىلەن يېپىشقا تىرىشاتتى. لېكىن بۇرۇنقى ھەيران قالارلىق زاتلار رەسسامنىڭ تەسەۋۋۇرىنىلا ئويغىتىدۇ. ئەمما رە- سىمنى پەقەت قول سىزىدۇ، خالاس.

قارا كىر - قات سېۋىتىنىڭ تېگىدىن تارتىپ پۈتۈن ساندۇقلارنى، قۇتىلارنىڭ ئىچىنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇۋاتقاندا، مەن ھېچ نەرسىگە قول تەگكۈزمەي، زەيتۇننىڭ بۇرسادا ئىشلەنگەن لۆڭگىسى، قارا سەندەل ياغى- چىدىن ئىشلەنگەن تاغىقى، كىرلىشىپ كەتكەن مۇنچا لۆڭگىسى، ئەتىر قۇتىلىرى، ھىندى شاتلاڭگىسىدىن قىلىنغان كۇلكىلىك پەرتۇق، پاختى- لىق تون، كىرلىشىپ كەتكەن، ئارقا پېشىدە چېكى بار ئايالچە قېلىن پە- رىجە، مايماق - سايماق مىس پەتنۇس، تاپقان پۇلىغا نىسبەتەن ئەرزان ۋە كۆرۈمسىز بېساتلىرى ۋە كىر گىلەملىرىگە نەزەر سالماقتا ئىدىم. زەيتۇن يا ئىنتايىن پىخسىق بولۇپ، پۇل توپلىسا كېرەك، ياكى بولمىسا، بىرەر يەرگە پۇللىرىنى بۇزۇپ - چېچىپ سەرپ قىلسا كېرەك...

— نەق بىر قاتىلنىڭ ئۆيى، — دېدىم كېيىن بىر ئىلھام بىلەن، — بىرەر جايىنامازمۇ يوق ئىكەن، — لېكىن كاللامدىكى نەرسە بۇ ئەمەس ئى- دى، ئويلاندىم، — بەختلىك بولۇشنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ بېسات- لىرى ... — دېدىم. لېكىن كاللامنىڭ بىر بۇرجىكىدە بەختسىزلىك ۋە

ياغلىقى، ئىچ كىيىملەر، نەقىشبەندى نىمەتۇللا ئەپەندىنىڭ پارسچە ـ تۈركچە لۇغىتى، كىيىم ئاسقۇ، يۇڭ رەخت، يىپ ـ يىڭنە ۋە ئالما شۆپۈكلىرى سېلىنغان مىس تەخسە، بىر قانچە كۆرپىچەك، دۇخاۋىدىن تىكىلگەن كارىۋات ياپقۇچى، بوياق، موي قەلەملىرىنى ۋە رەسسامنىڭ پۈتۈن رەسىم ماتېرىياللىرىنى كۆردۇق. ئىش تاختىسى ئۈستىدىكى قەغەزلەرنى، تەكشى كېسىلگەن بىر توپ ھىندى قەغىزىنى ۋە رەسىم سىزىلغان سەھىپىلەرنى ۋاراقلاپ كۆرگۈم كېلىۋىدى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

قارا مەندىنمۇ بەكرەك قىزىقاتتى. شۇغىنىسى، مەن بىر ئۇستا رەسسامنىڭ، سەۋىيىسى ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان باشقا بىر رەسسامنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئاختۇرۇشىنىڭ ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. زەيتۇن كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك قابىلىيەتلىك ئەمەس، پەقەت قىزغىنلىقىلا بار ئىدى، قابىلىيىتىدىكى يېتەرسىزلىكنى، پېشقەدەم ئۇستازلارغا بولغان قايىللىقى بىلەن يېپىشقا تىرىشاتتى. لېكىن بۇرۇنقى ھەيران قالارلىق زاتلار رەسسامنىڭ تەسەۋۋۇرىنىلا ئويغىتىدۇ. ئەمما رەسىمنى پەقەت قول سىزىدۇ، خالاس.

قارا كىر ـ قات سېۋىتىنىڭ تېگىدىن تارتىپ پۈتۈن ساندۇقلارنى، قۇتىلارنىڭ ئىچىنى بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇۋاتقاندا، مەن ھېچ نەرسىگە قول تەگكۈزمەي، زەيتۇننىڭ بۇرسادا ئىشلەنگەن لۆڭگىسى، قارا سەندەل ياغىچىدىن ئىشلەنگەن تاغىقى، كىرلىشىپ كەتكەن مۇنچا لۆڭگىسى، ئەتىر قۇتىلىرى، ھىندى شاتلاڭگىسىدىن قىلىنغان كۇلكىلىك پەرتۇق، پاختىلىق تون، كىرلىشىپ كەتكەن، ئارقا پېشىدە چېكى بار ئايالچە قېلىن پەرىجە، مايماق ـ سايماق مىس پەتنۇس، تاپقان پۇلىغا نىسبەتەن ئەرزان ۋە كۆرۈمسىز بېساتلىرى ۋە كىر گىلەملىرىگە نەزەر سالماقتا ئىدىم. زەيتۇن يا ئىنتايىن پىخسىق بولۇپ، پۇل توپلىسا كېرەك، ياكى بولمىسا، بىرەر يەرگە پۇللىرىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ سەرپ قىلسا كېرەك...

— نەق بىر قاتىلنىڭ ئۆيى، — دېدىم كېيىن بىر ئىلھام بىلەن، — بىرەر جايىنامازمۇ يوق ئىكەن، — لېكىن كاللامدىكى نەرسە بۇ ئەمەس ئىدى، ئويلاندىم، — بەختلىك بولۇشنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ بېساتلىرى ... — دېدىم. لېكىن كاللامنىڭ بىر بۇرجىكىدە بەختسىزلىك ۋە

شەيتانغا يېقىنلىشىش ھېسسىياتىنىڭ رەسساملىق ماھارىتىنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغانلىقىنىمۇ ھەسرەت بىلەن سېزەتتىم.

— كىشى قانداق بەختلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بەختلىك بولالماسلىقى مۇمكىن، — دېدى قارا.

ئۇ بىر ساندۇقنىڭ تېگىدىن ئالغان قېلىن سەمەرقەند قەغىزىگە سىزىلىپ كەينى قېلىن قەغەزلەر بىلەن قېلىنلاشتۇرۇلغان بىر يۇرۇش رەسىمنى ئالدىمغا قويدى. يىراق خوراساندا سىزىلغان يەر ئاستىدىن چىقىپ كەلگەن بىر ئاجايىپ شەيتاننىڭ رەسىمىنى، بىر توپ دەرەخنىڭ، بىر ساھىبجامالنىڭ، بىر ئىت ۋە مەن سىزغان ئۆلۈم تەسۋىرى ھەققىدىكى رەسىمنى كۆردۇق: بۇلار ئۆلتۈرۈلگەن مەدداھ ھەر ئاخشام ھېكايە سۆزلىگەندە تامغا ئاسىدىغان رەسىملەر ئىدى. قارا بۇلارنىڭ قايسىلىرىنى مەن سىزغانلىقىمنى سورىۋىدى، مەن ئۆزۈم سىزغان ئۆلۈم تەسۋىرى ھەققىدىكى رەسىمنى كۆرسەتتىم.

— يېزنە تاغامنىڭ كىتابىدىمۇ شۇ رەسىملەر بار، — دېدى ئۇ.

— ھەر ئاخشىمى تامغا ئېسىلىدىغان رەسىمنى رەسساملارغا سىزدۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى مەدداھمۇ، قەھۋەخانا خوجايىنىمۇ چۈشىنەتتى. شۇڭا مەدداھ بىز رەسساملارغا قېلىن قەغەزگە دەرھال بىر رەسىم سىزدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھېكايىسى ۋە يۇمۇرلىرىنى بىزدىن سورىۋالاتتى ھەم ئۇنىڭغا ئۆزى توقۇپ چىققانلىرىنىمۇ قوشۇپ سۆزلەيتتى.

— نېمىشقا سەن يېزنە تاغامنىڭ كىتابىغا سىزغان ئۆلۈم تەسۋىرى ھەققىدىكى بۇ رەسىمنى ئۇنىڭغىمۇ سىزىپ بەردىڭ؟

مەدداھنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئايرىم بىر رەسىم ئىدى، لېكىن ئۇنى يېزنە تاغىڭنىڭ كىتابىغا سىزغاندەك ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى تېز سىزما قىلىپ قولۇمنىڭ ئۇچىدىلا سىزىپ بەرگەنىدىم. باشقىلارمۇ شۇنداق، ئېھتىمال، ئىقتىدارىنى كۆز - كۆز قىلىشسا كېرەك، ئۇ مەخپىي كىتابقا سىزغانلىرىنى قايتىدىن قول ئۇچىدا مەدداھقىمۇ سىزىپ بېرەتتى.

— ئاتنى، يەنى بۇرۇن تۆشۈكى يېرىق ئاتنى كىم سىزغان بولغىيدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

چىراغنى يېقىن تۇتۇپ، ئاتنىڭ رەسىمىگە ھەيرانلىق بىلەن قارى-
دۇق. بۇ ئات قارانىڭ يېزنە تاغىسىنىڭ كىتابىغا سىزىلغان ئاتقا ئوخ-
شايتتى، لېكىن ناھايىتى تېز ۋە قول ئۇچىدا ئادەتتىكىچىلا سىزىلغان-
دى. گويا بىرەيلەن رەسسامغا ئازراق پۇل بېرىپ ئۇنى ئالدىرىتىپلا قال-
ماي، ناھايىتى قوپال ۋە شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بىر قەدەر رېئال ئات-
نى سىزىشقا مەجبۇرلىغاندى.

— بۇ ئاتنى كىم سىزغانلىقىنى لەيلەك ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ، — دې-
دىم، — ئۇ ماختانچاق ئەخمەق رەسساملارنىڭ غەيۋەت - شىكايەتلىرىنى
ئاڭلىمىسا تۇرالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ھەر ئاخشىمى قەھۋەخانىغا بارىدۇ. بۇ
ئاتنى جەزمەن لەيلەك سىزغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

# 56 . مېنى ”لەيلەك“ دېيىشىدۇ

كېپىنەك بىلەن قارا بىزنىڭ ئۆيگە يېرىم كېچىدە كەلدى. ئۇلار رە-
سىملەرنى بىر ـ بىرلەپ يەرگە تىزىپ، قايسى رەسىمنى كىمنىڭ سىزغاذ-
لىقىنى ئېيتىشىمنى تەلەپ قىلدى. بۇ ماڭا باللىق چاغلىرىمىزدا ئوينايد-
دىغان ”كىمنىڭ بۆكى“ ئويۇنىنى ئەسلەتكەنىدى. بۇ ئويۇندا قەغەزلەرگە
ئىمام، چەۋەنداز، ئايال، جاللات، مالىيە ئەمەلدارى ۋە كاتىپلارنىڭ كۇلاھ-
لىرى، بۆكلىرى سىزىلىپ، يەنە بىر قەغەزنىڭ كەينىدىكى ماس ئىسىملار
بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىناتتى.
ئىتنى مەن سىزغانلىقىمنى ئېيتتىم. ھېكايىسىنى ھەممىمىز قە-
بىھلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن مەدداھقا سۆزلەپ بەرگەنىدۇق. ئۇستىدە چىراغ
يورۇقى لىپىلداپ تۇرغان مۇردىنىڭ سۈرىتىنى كېكىردىكىمگە خەنجىرنى
تاقىغان سۆيۈملۈك كېپىنەك سىزغانىدى دەپ ئىزاھلىدىم. شەيتاننى زەيد-
تۇننىڭ زور ھەۋەس بىلەن سىزغانلىقىمۇ ئېسىمدە ئىدى. ھېكايىسىنى
بەلكىم رەھمەتلىك ئۆزى توقۇغان بولۇشى مۇمكىن. دەرەخنى دەسلەپ مەن
سىزىپ بەرگەنىدىم، يوپۇرماقلىرىنى قەھۋەخانىغا كىرگەن پۈتۈن رەس-
ساملار سىزغان، ھېكايىسىنىمۇ بىز بايان قىلغانىدۇق. ”قىزىل“ نىڭ
ئەھۋالىمۇ شۇنداق: بىر قەغەزگە قىزىل رەڭ تېمىپ كېتىپتىكەن، پىخ-
سىق مەدداھ بىزدىن گەپتىن گەپ چىقارغىلى بولارمۇ دەپ سورىدى. قىزىل
رەڭنى يەنە تېمىتتۇق. كېيىن پۈتۈن رەسساملار رەسىمنىڭ بىر بۇرجىكد-
گە قىزىل رەڭلىك بىر نەرسە سىزىش بىلەنلا قالماي، سىزغانلىرىنىڭ
ھېكايىسىنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بەرسۇن دېگەن تەلەپ بىلەن مەدداھقا
نۆۋەت بىلەن سىزغان رەسىملىرىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشتى. بۇ
كۆركەم ئاتنى زەيتۇن (ئۇنىڭغا ئاپىرىن) سىزدى. قايغۇلۇق ئايالنى بولسا
كېپىنەك سىزغانلىقى ئېسىمدە. شۇ ئەسنادا كېپىنەك خەنجەرنى بېقد-

نىمدىن ئالدى ـ دە، قاراغا گۈزەل ئايالنى ئۆزىنىڭ سىزغانلىقى ئەمدى ئېسىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بازاردىكى پۇلنى ھەممىمىز، ئىككى دەرۋىشنى بولسا، ھەرھالدا قەلەندەرى① دەرۋىشلىرىنىڭ ئەۋلادى بولغان زەيتۇن سىزغانىدى. ئۇلارنىڭ مەزھىپى تىلەمچىلىككە ۋە بەچچىۋازلىققا مايىل ئىدى. ئۇلارنىڭ شەيخى ئەۋھاد دۇد دىنى كىرمانى مۇندىن 250 يىل مۇقەددەم ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ تەرىقىتىگە دائىر بولغان كىتابىنى يېزىپ، ئاللاھنىڭ جامالىنى ساھىبجامالللاردا كۆرگەنلىكىنى شېئىر ئارقىلىق بايان قىلغانىدى.

ئۇستاز رەسسام قېرىنداشلىرىمدىن ئۆيىمىزدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئەپۇ قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. چۈنكى ئۇلار تۇيۇقسىز كەلگەنىدى. ”سىلەرگە ئەنبەرلىك قەھۋەمۇ بېرەلمىدۇق، ئالدىڭلارغا تاتلىق ماندارىنمۇ قويالمىدۇق، چۈنكى ئايال ئىچكىرى ھۇجرىدا ئۇخلاۋاتىدۇ“ دېدىم. ئۇلارنى ھەۋەس بىلەن ئېچىپ تېگىمگىچە ئىزدىگەن سېۋەتلەردە، ساندۇقنىڭ تېگىدىكى يۇڭ رەختلەر، ھىندى يىپەكلىرى ۋە داكا پوتىلىرى، پارس چىتلىرى ۋە تۈرك پەرىجىلىرىنىڭ تولىمىلىرىنىڭ ئارىسىدا، گىلەملەر، كۆرپىچەكلەرنىڭ تېگىدە ۋە خىلمۇ خىل كىتابلارغا تەييارلىغان رەسىمدىكى سەھىپىلەر، تۈپلەنگەن كىتابلارنىڭ سەھىپىلىرى ئىچىدە ئىزدىگەنلىرىنى تاپالمىغان چاغدا ئوپۇر ـ توپۇر يان ھۇجرىغا كىرمىسۇن ـ دە، مەنمۇ قولۇمنى قانغا بوياشقا مەجبۇر بولماي، دەپ ئاگاھلاندۇردۇم.

شۇنداقتىمۇ، ئۇلاردىن ناھايىتى قورقىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشتىن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن: رەسسامنىڭ ماھارىتى كۆز ئالدىدىكى گۈزەللىككە مەپتۇن بولۇپ، ھەممە نەرسىنى پۈتۈن تەپسىلاتلىرى بىلەن مۇستەھكەم خاتىرىلىۋېلىشقا، ھەمدە ئۆزىنى زىيادە چىرمىۋالغان بۇ ئالەمدىن بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ، ئەينەككە قارىغاندەك ئۇنىڭغا يىراقتىن قاراپ سوغۇق كۆلەلىشىگە باغلىق.

شۇڭا، مەن ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ئەرزۇرۇملۇقلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى جەريانىدا، ئادەتتىكى كېچىلەردە بولغىنىدەك، قەھۋە-

① قەلەندەرى ـــ تەركىدۇنيالىقنى تەرغىپ قىلىدىغان بىر تەرىقەت ـــ ت.

خاندا بىر قالايمىقانچىلىق بولغانلىقىنى، ئىچكىرىدە مەن بىلەن زەيتۇن، سەھىپە چۆرىسىنى زىننەتلىگۈچى ناسىر بىلەن جامال، ئىككى ياش رەسسام ھەممە يېقىنىدىن بويان ئۇلار بىلەن ئارىلىشىۋاتقان ياش خەتتاتلار ھەممە ئاجايىپ كېلىشكەن شاگىرت رەھىمى، ياش شاگىرتلاردىن يەنە بىرەيلەن، شائىر، مەست، نەشىكەش ۋە دەرۋىش قاتارلىق ئالتە ـ يەتتە كىشى، شۇنداقلا يەنە قەھۋەچىنى ئالداپ بۇ شاد ـ خۇرام ۋە پاساھەتلىك سۆزمەنلەر توپىغا قوشۇلىۋالغانلار بولۇپ جەمئىي قىرىقچە كىشى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ھۇجۇم باشلانغاندا، قەھۋەخانىنىڭ ئىچىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى، قەھۋەخانىغا توپلانغان، ئۇرۇش ـ جېدەللەرنىڭ تاماشاسىغا قىزىقىدىغان كىشىلەر توپىنىڭ پاتپاراق بولۇپ ئالدى ۋە ئارقا ئىشىكلەردىن قېچىشقا باشلىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن قەھۋەخانىنى ۋە ئايالچە كىيىنگەن بىچارە ياشانغان مەدداھنى مەردلەرچە قوغداش ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەنلىكىنى بايان قىلدىم. بۇنىڭغا مەيۇسلەنگەن بولغىيمىدىم؟ ”شۇنداق! پۈتۈن ھاياتىمنى رەسىمگە بېغىشلىغان مەنكى رەسسام مۇستاپا، يەنە بىر ئىسمىم لەيلەك ھەر ئاخشىمى رەسسام بۇرادەرلىرىم بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ سۆھبەت، چاقچاق ۋە پاساھەتلىك سۆزلەرنى قىلىش، شېئىرلارنى ئوقۇش، كىنايىلىك پاراڭلارنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن“ دەپ چۈشەندۈردۈم. ھەسەتخورلۇقتىن كۆپ ئەرزىيەت چەككەن، كۆزلىرى ياشلىق بۇدرۇق ئوغلان قىياپىتىدىكى كەم ئەقىل كېپەنەكنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا باللىرىنىڭكىدەك چىرايلىق بولۇپ، بۇ كېپىنەكنىمىز شاگىرت ۋاقتىدا ناھايىتى ھېسسىياتلىق ۋە سۇباتلىق بىر پەرى سۈپەت بالا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، يەنە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن، شەھەر، مەھەللە كېزىپ يۈرۈپ مەدداھلىق قىلىدىغان ھېلىقى رەھمەتلىك ياشانغان مەدداھ، رەسساملار داۋاملىق بارىدىغان قەھۋەخانىدا سۆزمەنلىك قىلىشقا باشلىغان ئىككىنچى كۈنى، بىر رەسسامنىڭ ـــ بەلكىم قەھۋەنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك ـــ لەتىپە ئۈچۈن تامغا بىر رەسىم ئاسقانلىقىنى، بۇنى بايقىغان سۆزمەن مەدداھنىڭ بۇنىڭغا جاۋابەن لەتىپە سۆزلىمەكچى بولۇپ، گويا ئۆزى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن ئىت گەپدانلىق قىلىۋاتقاندەك

قىياپەتكە كىرگەنلىكىنى، بۇ ناھايىتى قارشى ئېلىنغانچقا، ھەر ئاخشىمى ئۇستا رەسساملار تەرىپىدىن سىزىلغان رەسىملەر ۋە مەدداھنىڭ قولىقىغا پىچىرلانغان چاقچاقلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىش داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچى ھەققىدىكى تەنلەر موللىنىڭ ئاچچى-قىدىن قورقىدىغان رەسساملارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ھەم قەھۋەخانىغا ناھايىتى كۆپ يېڭى خېرىدار جەلپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئەدىرنەلىك قەھ-ۋەخانا خوجايىنىمۇ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرەتتى.

مەدداھ ھەر كېچە دۈمبىسىگە ئاسىدىغان ئالدىمىزدىكى بۇ رەسىملەر-نى ئۇلار زەيتۇن بۇرادىرىمىزنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاندا تاپقانلىقىنى ئېيت-تىپ، مەندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈشۈمنى سورىدى. چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، قەھۋەچىنىڭمۇ زەيتۇندەك بىر قەلەندەرى دەرۋىشى، تىلەمچى، ئوغرى، شۇنداقلا، يات بىر پەسكەش ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئىمامنىڭ سۆزلىرىدىن، بولۇپمۇ جۈمە نامىزى تەرغىباتلىرىدا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ با-يان قىلغانلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئەقىلسىز نازاكەتلىك ئەپەندى بۇلارنى ئەرزۇرۇملۇقلارغا شىكايەت قىلماقچى بولغاندى، دەپ چۈشەندۈردۈم. ياكى تېخىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن بولغىنى، نازاكەتلىك ئەپەندى ئۇلارنى بۇنداق قىلماڭلار دەپ ئەسكەرتمەكچى بولغاندا، قەھۋەچى بىلەن مىجەزى ئوخشى-شىپ كېتىدىغان زەيتۇننىڭ، بىچارە ھەلچىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قەتلە قىلغانلىقىنى ئېيتتىم. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ئەرزۇرۇملۇقلارمۇ، بەلكىم نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ يېزنە تاغىنىڭ كىتابى توغرىلىق ئۆزلىرىگە دەپ بەرگەن بايانلىرى، شۇنداقلا بۇ كىتابقا ئۇنى مەسئۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، يېزنە تاغا جانابلىرىنى قەتلە قىلغان بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇلار بۈگۈنمۇ (يەنە بىر قېتىم ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن) قەھۋەخانىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانىدى.

ھەر بىر قاپقاقنى ئېچىشنىڭ، ھەر بىر تاشنى كۆتۈرۈشنىڭ خۇشال-لىقى بىلەن بېساتلىرىمنى ئاختۇرۇپ تىتىۋەتكەن بۇدرۇق كېپىنەك بىلەن غەمكىن قارا (ئۇ بىر ئەرۋاھقا ئوخشايتتى) مانا بۇ سۆزلىرىمگە قانچىلىك قۇلاق سالغاندۇ؟ ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان نەقىشلىك ساندۇقتا تۇرغان ئۆتۈكلىرىم، ساۋۇتلىرىم ۋە جەڭ قورال - ياراغلىرىمنى كۆرگەندە، كې-

چىنەكنىڭ باللارنىڭكىدەك يۇزىدە بىر ھەسەتخورلۇق ئىپادىسىنى كۆردۇم ۋە ھەممەيلەن ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان پاكىتنى قايتا تەكرارلىدىم. مەن ھەربىي قوشۇن بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، توپلارنىڭ ئېتىلىشىغا، دۈشمەن قورغانلىرىنىڭ مۇنارلىرىغا، كۆپپار لەشكەرلىرىنىڭ ھەربىي فورمىلىرىنىڭ رەڭگىگە، ھەممە يەردە ياتقان جەسەتلەرگە ۋە كاللىلارنىڭ دۆۋىلىرىگە، ساۋۇت كىيگەن ئاتلىق جەڭچىلەرنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە دىققەت بىلەن قاراپ، «زەپەرنامە» لەردە كۆرگەنلىرىنى سىزغان تۈنجى مۇسۇلمان رەسساممەن!

كېپىنەك ساۋۇتلىرىم بىلەن قانداق جابدۇنىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىشىمنى تەلەپ قىلغاندا، مەن دەرھال چۆرىسىگە قارا توشقان تېرىسى تۇتۇلغان جىلىتكەمنى، كۆڭلىكىمنى، شالۇۋۇرۇمنى، تونۇمنى يېشىۋەتتىم ۋە ئۇلارنىڭ ئوچاقتىكى ئوتنىڭ يورۇقىدا ماڭا قارىشىۋاتقانلىقىغا خۇش بولۇپ، ساۋۇتنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان ئۇزۇن ۋە پاكىز تونۇمنى، سوغۇقلاردا ساۋۇتنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان قىزىل سارجىدىن تىكىلگەن قېلىن كۆڭلەكنى، يۇڭ پايپاقلىرىمنى، سېرىق خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۆتۈكلەرنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قونچلۇقنى كىيدىم. كۆكرەك قالقىنىمنى قېپىدىن چىقىرىپ، كۆكرىكىمگە ھەۋەس بىلەن تاقىدىم. بالا خىزمەتكارلارغا بۇيرۇق قىلغاندەك كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ساۋۇتۇمنىڭ باغلىرىنى كېپىنەككە چىڭ باغلاتتىم ۋە مۇرىلىكلىرىمنىمۇ بۇيرۇق قىلغاندەك تاقاتتىم. يەڭلىك، قولقاپلىرىمنى كىيىپ، تۆگە يۇڭىدىن قىلىنغان قىلىچ كەمرىنى تاقاپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇراسىملاردا كىيىدىغان كالۇۋۇتۇنلۇق دۇبۇلغامنى كىيگەندە، بۇنىڭدىن كېيىن جەڭ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك سىزىلمايدىغانلىقىنى مەغرۇرلانغان ھالدا جاكارلىدىم:

— ئەمدى بىر - بىرىگە تاقابىل سەپ تارتقان ئىككى قوشۇننىڭ ئاتلىق جەڭچىلىرىنى ئوخشاش ئۆلگە بىلەن ئالدى - كەينى قىلىپ سىزغىلى بولمايدۇ، — دېدىم، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ ئوسمانىنىڭ رەسىمخانىسىدا جەڭ كۆرۈنۈشلىرى مەن كۆرگەن ۋە سىزغاندەك قوشۇنلار، ئاتلار، ساۋۇتلار ۋە قانلىق مۇردىلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ھالدا سىزىلىدۇ!

رەسسام ئۆزىنىڭ كۆرگىنىنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكىنى سىزىدۇ، — دېدى كېپىنەك ھەسەتخورلۇق ۋە زوقمەنلىك بىلەن.

— شۇنداق، لېكىن، — دېدىم، — دەرۋەقە ئۇلۇغ ئاللاھمۇ بىزنىڭ كۆرگىنىمىزنى كۆرىدۇ.

— ئاللاھ بىزنىڭ كۆرگىنىمىزنىمۇ كۆرىدۇ ئەلۋەتتە، لېكىن ئاللاھنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، — دېدى كېپەنەك مېنى ئەيىبلىگەندەك، — بىز قايمۇقۇش بىلەن قالايمىقان ھالەتتە كۆرگەن بىر جەڭنى، ئۇ ھەممىگە قادىرلىقى بىلەن بىر - بىرىگە تاقابىل ھالدا رەتلىك تىزىلغان ئىككى قوشۇن سۈپىتىدە كۆرىدۇ.

بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىم بار ئەلۋەتتە: "بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇ كۆرسەتمىگەننى ئەمەس، كۆرسەتكەن نەرسىلەرنى سىزىش" دېمەكچى ئىدىم، ئەمما سۈكۈت قىلدىم. بىراق، كېپىنەك مېنى پەرەڭ تەقلىدچىسى دەپ ئەيىبلەيدۇ ياكى خەنجىرىنىڭ قىرى بىلەن ساۋۇتۇمنى سىناپ كۆرۈش باھانىسى بىلەن دۇبۇلغامغا ۋە دۇمبەمگە رەھىمسىزلەرچە ئۇرىدۇ دەپ سۈكۈت قىلمىدىم، بەلكى ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، پەقەت بۇ شەھلا كۆزلۈك ئەقلىسىزنى ۋە قارانى قولغا كەلتۈرسەم، زەيتۇننىڭ سۈيىقەستىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىمنى مۆلچەرلىگەندىم.

ئۇلار ئىزدىگەن نەرسىنى بۇ يەردىن تاپالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى ئىزدىگەنلىكىنى ئېيتىشتى. رەزىل قاتىل ئوغرىلىغان بىر رەسىم بار ئىكەن... مەن ئۇلارغا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆيۈمنىڭ ئاللىقاچان ئاختۇرۇلغانلىقىنى، تېپىلمىغىنىغا قارىغاندا ئەقىللىق قاتىل ئۇ رەسىمنى ھېچكىم تاپالمايدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى (زەيتۇن ئېسىمگە كەلدى) ئېيتتىم. لېكىن ئۇلار سۆزۈمگە قانچىلىك دىققەت قىلغاندۇ؟ بۇرنى يېرىق سىزىلغان ئاتنى، سۇلتانىمىز ئۇستاز ئوسمانغا بەرگەن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەتنىڭ تۈگەشكە ئاز قالغانلىقىنى قارا ئۆزۈندىن - ئۆزۈن بايان قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۆشۈكى يېرىق ئاتنىڭ بۇرنىنىڭ قانداق مۇھىملىقىنى قايتا - قايتا سورىغىنىمدا، قارا ئۇستاز ئوسماننىڭ بۇ يىپ ئۇچىنى تەھلىل قىلىپ،

بۇ ئاتلارنى زەيتۇننىڭ سىزغانلىقىنى، لېكىن ئۇ نىيىتىمنى ياخشى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن مەندىن تېخىمۇ گۇمانلىنىدىغانلىقىنى كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ ئېيتتى.

دەسلەپكى قاراشتا، بۇ يەرگە مېنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىپ، بۇنى ئىسپاتلاشقا كەلگەندى. لېكىن، مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ كېلىش سەۋەبى نەق بۇمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىلاجسىزلىق ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن كېلىپ ئىشىكىمنى قاققانىدى. مەن ئىشىكنى ئاچقىنىمدا، كېپىنەك ماڭا تەڭلەپ تۇتقان خەنجەر تىترەپ تۇراتتى. ئۇلار كىم ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمەيۋاتقان پەسكەش قاتىل ئېھتىمال بىرەر خىلۋەتتە قەدىناس دوستىغا قارىغاندەك كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان بولۇشى ۋە ياكى ئۇنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭدا بېسىم ئىشلىتىپ ئۆزلىرىنى بوغۇزلىتىۋېتىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئەنسىرەپ ئالاقزادە بولۇشقان ھەم ئۇستاز ئوسماننىڭ، سۇلتانىمىز ۋە مالىيە ۋەزىرى بىلەن كېلىشىپ ئۆزلىرىنى قىيناق ـ سوراققا ئالغۇچىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش مۇمكىنچىلىكىدىن ۋەھىمە يەپمۇ ئۇخلىيالماس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى ھەمدە تاشقىرىدىكى ئەرزۇرۇملۇقلارنىڭ قالايمىقانچىلىقىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. قىسقىسى، بۇ جىددىيلىك ئىچىدە ئۇلار مېنىڭ دوست بولۇشۇمنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن ئۇستاز ئوسمان ئۇلارغا بۇنىڭ دەل ئەكسىنى ئېيتقانىدى. مېنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەم، بۇنىڭ دەل ئەكسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەر ھالدا بۇ ئۇلارنىڭ سەممىي ئۈمىدى ئىدى.

ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ خاتالاشقانلىقىنى، ئالجىغانلىقىنى تىلغا ئالسام، كېپىنەكنى ئۆزۈمگە قارشى قىلىپ قويۇشۇم تەبىئىي ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجەر بىلەن ساۋۇتۇمنى نوقۇشتۇرۇۋاتقان چاغدا، سۇباتلىق بۇ رەسسامنىڭ كېپىنەكتەك لەپىلداپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى ياشقا تولغان كۆزلىرىدە، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئۇلۇغ ئۇستازغا نىسبەتەن ئۇرغۇپ تۇرغان مۇھەببىتىنىڭ سولغۇن يالقۇنلىرىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتىم. ياشلىق چاغلىرىمدا، بۇ ئىككىسىنىڭ، يەنى ئۇستاز بىلەن شاگىرتىنىڭ يېقىنلىقى باشقا رەسساملار ئارىسىدا ھەددىدىن زىد-

ياده ھەسەتخورلۇق تۇپەيلى شىكايەتكە ئۇچراپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلار قىل-
چە پىسەنت قىلمايتتى، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىگە ئۇزۇندىن -
ئۇزۇن قارىشاتتى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىنىڭ ھىدىنى ئې-
لىشاتتى. كېيىن ئۇستاز ئوسمان رەسىم قەلىمى ئەڭ جانلىق، موي قەلى-
مى ئەڭ پىشقان شاگىرت كېپىنەك ئىكەنلىكىنى رەھىمسىزلەرچە ئېلان
قىلدى. كۆپ چاغلاردا توغرا بولغان بۇ ھۆكۈم ھەسەتخور رەسساملار ئارى-
سىدا رەسىم قەلىمى، موي قەلەم، سىياھ قۇتىسى ۋە قەلەم قاپچۇقلىرى
ئارقىلىق ئەدەپسىز كىنايىلەر، شەيتانلارچە ياپتا گەپلەر، ئاشكارا ئوخشى-
تىشلار ئۇچۇن قوللىنىلىدىغان تۈگىمەس - پۈتمەس سۆز ئويۇنلىرىغا يول
ئېچىپ بېرەتتى. شۇ تۇپەيلى، بۈگۈن ئۇستاز ئوسماننىڭ ئۆزىدىن كېيىن
رەسىمخانىغا كېپىنەكنى مەسئۇل قىلماقچى بولغانلىقىنى سەزگەن يالغۇز
مەن ئەمەس. ئۇستاز ئوسمان باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ جېدەلخورلۇقۇم،
چىقىشماسلىقىم ۋە تەرسالىقىمنى تىلغا ئالغاندا، ئەسلىدە ئۇنىڭ كاللى-
سىدا بۇ نەرسە بارلىقىنى ئۇزۇندىن بۇيان بىلەتتىم. مېنىڭ پەرەڭ ئۇسۇ-
لىغا زەيتۇن بىلەن كېپىنەكتىنمۇ زىيادە مايىل ئىكەنلىكىمنى، "پېشقەدەم
ئۇستازلار ھەرگىز بۇنداق رەسىم سىزمايتتى" دەپ سۇلتانىمىزنىڭ يېڭى
ئارزۇسىغا قارشىلىق قىلمايدىغانلىقىمنىمۇ ھەقلىق ھالدا ئويلايتتى.

بۇ نۇقتىدا قارا بىلەن زىچ ھەمكارلىشالايدىغانلىقىمنى بىلىمەن.
چۈنكى يېڭى ۋە ھاياجانلىق بۇ كۈيئوغلىمىز، رەھمەتلىك يېزنە تاغىسىنىڭ
كىتابىنى تاماملاشنى پەقەت گۈزەل شەكۈرەنىڭ قەلبىنى ئۇتۇش ۋە دادى-
سىنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى
مۇشۇ قىسقىغىنە بىر مۇساپە داۋامىدا سۇلتانىمىزغا ياخشىچاق بولۇش
ئۈچۈنمۇ خالايتتى.

شۇڭا، مەن بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى زادى كۈتۈلمىگەن بىر يەردىن تۇ-
تۇۋالدىم. يېزنە تاغىنىڭ كىتابىنىڭ تەگدىشى ۋە تەقلىدى تېپىلماس بىر
ھەيران قالارلىق مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ گەپنى ئاچتىم. بۇ ئاجايى-
بات سۇلتانىمىز بۇيرۇغان ۋە رەھمەتلىك يېزنە تاغا جانابلىرى تەلەپ قىلى-
غاندەك تاماملانغىنىدا، پۈتۈن دۇنيا ئوسمانىيە پادىشاھلىقىنىڭ كۈچىگە،
بايلىقىغا ۋە بىزدەك ئۇستا رەسساملىرىنىڭ ماھارىتىگە، نەپىسلىكىگە، قا-

بىلىيتتىگە ھەيران بولاتتى. بىزنىڭ كۆچىمىز ۋە رەھىمسىزلىكىمىزدىن قورقاتتى ھەمدە ھەسرەتلىنىپ كۆلۈشكەنلىرىمىزگە، پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسۇللىرىدىن ماھارەت قوبۇل قىلغانلىقىمىزغا، يېقىملىق رەڭلىرىمىزگە ۋە ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلارغىمۇ دىققەت قىلغانلىقىمىزغا قاراپ، ئەڭ دانا سۇلتانلار ئاندا ـ ساندا سېزەلىگەن نەرسىنى، بىزلەرنىڭ ئۆزدىمىز سىزغان ئەنە شۇ رەسىملىرىمىز ئىچىدىكى مەلۇم بىر يەردە شۇنداقلا ناھايىتى يىراقتا، پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر يەردە تۇرغانلىقىمىزنى قورقۇنچ بىلەن ھېس قىلاتتى.

كېپىنەك ئالدى بىلەن ساۋۇتۇمنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلمەكچى بولغان بىر كىچىك بالىدەك ئۇنى چېكىپ باقتى، ئاندىن ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىنى سىناپ باقماقچى بولغان كىشىدەك ئۇرۇپ باققىلى تۇردى. ئاخىرىدا ئالدىنقى ئىككى باھانە بىلەن ساۋۇتنى تېشىپ جېنىمغا تەگمەكچى بولغان بىر ھەسەتخور دۈشمەندەك ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئەسلىدە مېنىڭ ئۆزىدىنمۇ ماھارەتلىك ئىكەنلىكىمنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇستاز ئوسماننىڭ بۇنى بىلىدىغانلىقىنىمۇ ھەسرەت بىلەن سېزەتتى. كېپىنەك ئاللاھ ئاتا قىلغان قابىلىيىتى ۋەجىدىن مۇنەۋۋەر بىر ئۇستاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى مېنىڭ مەغرۇرلۇقۇمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى: مەن ئۇنىڭدەك ئۇستامنىڭ "قومۇش ساپلىق قەلىمى"نى تۇتۇپ ئەمەس، ئۆز قومۇش ساپلىق موي قەلىمىمنىڭ كۈچى بىلەن ئۇستا بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ئېتىراپ قىلدۇرالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ئاۋازىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەپسۇسكى، سۇلتانىمىزنىڭ ۋە رەھمەتلىك يېزنە تاغىنىڭ بۇ مۆجىزىدەك كىتابىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولغانلار بارلىقىنى ئېيتتىم. ئۇستاز ئوسمان ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى ۋە ئۇستازى ئىدى. بىز ھەممىنى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەنىدۇق! لېكىن سۇلتانىمىزنىڭ خەزىنىسى ئىچىدە ئىز قوغلاپ پەسكەش قاتىلنىڭ زەيتۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى نامەلۇم بىر سەۋەبتىن يوشۇرۇشقا تىرىشقاندى. مەن زەيتۇننىڭ ئۆيىدە بولمىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ پەنەر قاپىنىڭ يېنىدىكى تاشلىنىپ قالغان قەلەندەرى خانىقاسىغا يوشۇرۇنغانلى-

قىغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. رەزىللىك ۋە ئەخلاقسىزلىق ماكانى بولغان بۇ خانىقانىڭ بۇ سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى پارسلار بىلەن بولغان تۇگىمەس - پۈتمەس ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن سۇلتانىمىزنىڭ بوۋىسى زامانىدا تاقالغانلىقىنى، زەيتۇنىنىڭ بىر چاغلاردا تاقاقلىق خانىقانى كۆزەت قىلغانلىقىدىن ماختانغانلىقىنى ئەسلەيتتىم. ئەگەر ماڭا ئىشەنمەي، دىگەنلىرىمنىڭ كەينىدە بىر سۇيىقەست بار، دەپ گۇمانلانسا، خەنجەر ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى، جازايىمنى ئۇ يەردە بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

كېپىنەك مېنى خەنجەر بىلەن ئىككى قېتىم قاتتىق ئۇردى، ئۇستۇمدىكىسى ناۋادا ئادەتتىكى ساۋۇتلاردىن بولغان بولسا، بۇ زەربىگە ھەرگىز چىدىمىغان بولاتتى. ئۇ ماڭا قايىل بولغان قاراغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا كىچىك باللارغا ۋارقىرىغاندەك توۋلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالدىم ۋە ساۋۇت ئىچىدىكى قولۇمنى كېپىنەكنىڭ بويىنىغا ئارتىپ ئۇنى ئۆزۈمگە تارتتىم، يەنە بىر قولۇم بىلەن بىلىكىنى پۇكلەپ خەنجىرىنى يەرگە چۈشۈرىۋەتتىم. ئەسلىدە رەسمىي ئۇرۇشمىغان ياكى ئويناشمىغاندۇق. «شاھنامە» دىكى مۇنداق بىر كۆرۈنۈشنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتتىم. بۇ تىلغا ئالنىچە كۆپ ئېلىنمىغان بىر كۆرۈنۈش ئىدى.

— ھاماران تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە پۈتۈن ساۋۇتلىرى ۋە قورال - ياراغلىرى بىلەن بىر - بىرىگە تاقابىل سەپ تارتىشقان ئىران قوشۇنى بىلەن تۇران قوشۇنى تۇتۇشۇپ 3 - كۈنى، ھەر كۈنى بىر تۇران جەڭچىسىنى ئۆلتۈرگەن سىرلىق ئىران جەڭچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، تۇرانلىقلار قولىدىن ئىش كېلىدىغان شەنگىلنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ، — دەپ ھېكايىنى باشلىدىم، — شەنگىل سىرلىق جەڭچىگە جەڭ ئېلان قىلغاندا، سىرلىق جەڭچى قوبۇل قىپتۇ: چۈش ۋاقتىدىكى قۇياش نۇرىدا ئىككى تەرەپنىڭ ساۋۇتلىرىنىڭ يالت - يۇلت پارقىرىغانلىقىنى ھەر ئىككى تەرەپتىكى قوشۇنلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالغان ھالدا تاماشا قىلىۋاتقاندا، ئىككى جەڭگىۋارنىڭ ساۋۇتلۇق ئاتلىرى بىر - بىرىگە شۇنچە تېزلىك بىلەن گىرەلىشىپ كېتىپتۇكى، ساۋۇتلاردىن چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئاتلارنىڭ تېرىلىرىدىن تۈتۈن چىقىرىۋېتىپتۇ. جەڭ ئۇزۇن داۋام قىپتۇ. تۇرانلىق ئوق ئېتىپتۇ. ئىرانلىق قىلىچىنى ۋە ئېتىنى ناھايىتى

ياخشى ئىشقا ساپتۇ. نەتىجىدە، سىرلىق ئىرانلىق تۇرانلىق شەنگىلىنى ئاۋۋال ئېتىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن ئېتىدىن يىقىتىپتۇ. ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئىرانلىق يېتىشىۋېلىپ ساۋۇتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا كەينىدىن ئېسىلىپ بويىنىنى قاماپ تۇتۇپتۇ. سىرلىق جەڭچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە قىزىققان تۇرانلىق يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىپتۇ ۋە بىر نەچچە كۈندىن بېرى بىلىشكە قىزىققان سوئالنى ئامالسىزلىق بىلەن سوراپتۇ: "كىمسەن؟"، "سەن ئۈچۈن مېنىڭ ئىسمىم مۇردا" دەپتۇ سىرلىق جەڭچى. ئۇ كىم ئىدى؟

— مىسلىسىز باتۇر رۇستەم ئىدى، — دېدى كېپىنەك باللارچە خۇشاللىق بىلەن.

ئۇنىڭ بوينىغا سۆيدۇم ۋە "ھەممىمىز ئۇستاز ئوسمانغا خىيانەت قىلدۇق، — دېدىم، — ئەمدى ئۇ بىزنى جازالىماستا بىزنىڭ زەيتۇننى تېپىشىمىز، ئىچىمىزدىكى زەھەرنى چىقىرىۋېتىپ، رەسىمنىڭ ئەبەدىي دۈشمەنلىرىگە ۋە بىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا تاپشۇرۇق بەرمەكچى بولغانلارغا قارشى مەزمۇت تۇرۇشىمىز ئۈچۈن، ئۆزئارا مۇستەھكەم بىر ئىرادىگە كېلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بەلكىم ئۇ يەرگە، يەنى زەيتۇننىڭ تاشلىنىپ قالغان خانىقاسىغا بارغىنىمىزدا، ئىنساپسىز قاتىلنىڭ ئارىمىزدىكى بىرى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپمۇ قالارمىز."

بىچارە كېپىنەك زادى زۇۋان سۈرمىدى: ئۇ قانچىلىك ماھارەتلىك، غايىلىك ياكى ئۆزىگە ئىشەنچىسى كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر - بىرىگە نەپرەت بىلەن ھەسەت قىلىشىشىمۇ، نەپسانىيەتچىلىك ئۈچۈن گۇرۇھۋازلىق قىلىۋاتقان بارلىق رەسساملاردەك، بىر يولىلا جەھەننەمگە كېتىشتىن ۋە ياكى بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە قېلىشتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى.

پەنەر قاپى يولىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، بوشلۇقتا غەلىتە يېشىل سىرىق يورۇقلۇق پەيدا بولدى، ئۇ ئاي يورۇقى ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ يورۇقلۇق تۆپەيلىدىن كېچىدىكى سەرۋى دەرەخلىرى، گۈمبەزلەر، تاشتىن قوپۇرۇلغان تاملار، ياغاچ ئۆيلەر ۋە ئوت كەتكەن يەرلەردىن تەشكىل تاپقان ئىستانبۇلنىڭ ئاشۇ كېچىلىك مەنزىرىسىنىڭ ئورنىنى بىر دۈشمەن قور-

غىنىغا خاس بىر ياتلىق تۇيغۇسى ئالغانىدى. دۆڭلۈككە چىققاندا، ئارقىدا — بەيازىت جامەسىنىڭ كەينىگە توغرا كېلىدىغان يەردە كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتنى كۆردۇق.

تۇم قاراڭغۇلۇقتا، بىزگە ئوخشاش سېپىلغا قاراپ كېتىۋاتقان، يېرىمىغا ئۇن تاغارلىرىنى باسقان بىر ئۆكۈز هارۋىسىنى ئۇچراتتۇق ۋە ئىككى تەڭگە بېرىپ ئۇنىڭغا ئولتۇردۇق. قارانىڭ يېنىدا رەسىملىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئېهتىيات بىلەن ئولتۇردى. ئوڭدىسىغا ياتتىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئوت يالقۇنى يورۇقىدا قىزارغان بۇلۇتلارنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم، تۆمۈر قالپىقىمغا يامغۇرنىڭ دەسلەپكى تامچىسى چۈشتى.

ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن، تۈن يېرىمىدا، دەرۋەقە تاشلىنىۋېتىلگەندەك تۇرغان مەهەللىدە تاشلىنىپ قالغان خانىقانى تاپىمىز دەپ بارلىق ئىتلارنى ئويغىتىۋەتتۇق. تاشتىن تام قوپۇرۇپ ياسالغان بىر نەچچە ئۆيدە بىزنىڭ تاراق - تۇرۇقىمىز تۇپەيلى يانغان چىراغلارنىڭ يالقۇنلىرىنى كۆرگەن بولساقمۇ، بىز قاققان تۆتىنچى ئىشىك ئاران ئېچىلدى ۋە چىراغ يورۇقىدا بىزگە گويا ئەرۋاهقا قارىغاندەك نەزەردە قاراۋاتقان، بېشىغا دوپپا كىيگەن بىر كىشى كۆرۈندى. ئۇ شارىلداپ ئىتتىك يېغىۋاتقان يامغۇردا تۇمشۇقىنى سىرتقا چىقارماي تۇرۇپلا، بىزگە تاشلىنىپ قالغان قانىقانى كۆرسەتتى. لېكىن جىنلار، ئالۋاستىلار ۋە ئەرۋاهلاردىن نېمە ئالامەتلەرنى كۆرد-دىغىنىمىزنىمۇ قىزىقىش بىلەن قوشۇمچە قىلدى.

خانىقانىڭ باغچىسىدا بىزنى چىرىگەن يوپۇرماقلارنىڭ پۇرىقى ۋە يامغۇرغا پىسەنت قىلماي مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ سۈكۈناتى قارشى ئالدى: ئاۋۋال خانىقا تېمىنىڭ ياغاچ قاپلىمىلىرىنىڭ، كېيىن كىچىك بىر دېرىزە قاپقىقىنىڭ يوچۇقلىرىغا تازا سىنچىلاپ قارىۋىدىم، بىر قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا ناماز ئوقۇۋاتقان ياكى بىزگە ناماز ئوقۇۋاتقاندەك كۆرۈنمەكچى بولغان بىرىنىڭ قورقۇنچلۇق كۆلەڭگىسىنى كۆردۇم.

# 57. مېنى "زەيتۇن" دېيىشىدۇ

نامازنى توختىتىپ، دەرھال ئۇلارغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشىم توغ-رىمۇ، ياكى دۇئالىرىمنى قىلىۋالغۇچە ئۇلارنى يامغۇردا كۈتكۈزۈشۈم كې-رەكمۇ؟ ئۇلارنىڭ مېنى مارىلاپ كۆرگەنلىكىنى سېزىپ، بىئارامىلىق ئى-چىدە نامىزىمنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئىشىكنى ئېچىپ ئالدىمدا ئۆز ئادەملىرىمىزنى، يەنى كېپىنەك، لەيلەك ۋە قارالارنى كۆرۈپ خۇش بو-لۇپ كەتتىم ھەمدە شۇ ھاياجان بىلەن كېپىنەكنى قۇچاقلىدىم.

— بېشىمىزغا نېمە ئىشلار كەلدى - ھە! — دەپ ئاھ ئۇردۇم بېشىم-نى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئۇلار بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى نېمىشقا ئۆلتۈرىدۇ؟

رەسساملىق ھاياتىمدىن ئايان ئىدىكى، ئۇستا رەسساملارنىڭ ھەر بى-رىدە ھەمىشە كۆرۈلىدىغان تۈپتىن ئايرىلىپ قېلىش قورقۇنچىسى بار ئى-دى. ئۇلار ھەتتا خانىقانىڭ ئىچىدىمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلمايتتى.

— قورقماڭلار، — دېدىم، — بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن يوشۇرۇنالاي-مىز.

— بىز قورقىدىغان كىشى بەلكىم ئارىمىزدا بولۇشى مۇمكىن دەپ قورقىۋاتىمىز، — دېدى قارا.

— بۇنى ئويلىسام مەنمۇ قورقىمەن، — دېدىم، — چۈنكى مەنمۇ بۇ گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىدىم.

ئۇردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ ئادەملىرىدىن رەسساملار تارمىقىغا ئىغۋالار يېتىپ كەپتۇ. نازاكەتلىك ئەپەندى بىلەن رەھمەتلىك يېزنە تاغىنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىلنىڭ سىرى ئېچىلىپتۇ: ئەمدى ھېچ يو-شۇرىدىغان يېرى قالمىغان ھېلىقى كىتابقا كۆز نۇرىنى سەرپ قىلغان بىزلەرنىڭ بىرىمىز قاتىل ئىكەنلىكىمىزنى دېيىشىپتۇ.

يېزنە تاغىنىڭ كىتابىغا مېنىڭ قانچە رەسىم سىزىپ بەرگەنلىكىمنى سورىدى قارا.

— مەن سىزغان رەسىملەرنىڭ بىرىنچىسى شەيتان ئىدى. ئۇنىڭغا ئاققويۇنلۇق رەسىمخانىلىرىدا پېشقەدەم ئۇستازلار كۆپ سىزغان بىر يەر ئاستىدىن چىققان شەيتاننى سىزىپ بەرگەنىدىم. مەدداھمۇ مېنىڭ دېگىنىم بويىچە سۆزلەيتتى. ئۇنىڭغا ئىككى دەرۋىشنى سىزىپ بەرگەنىدىم. يېزنە تاغاڭغا ئۇلارنى كىتابىغا كىرگۈزسۇن دەپ تەكلىپ بەرگەنمۇ مەن ئىدىم ۋە ئوسمانىيە مەملىكىتىدە بۇ دەرۋىشلەرنىڭمۇ ئورنى بار دەپ قوبۇل قىلدۇرغانىدىم.

— يەنە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى قارا.

بارى شۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ بىر شاگىرتنىڭ ئوغرىلىقىنى تۇتۇۋالغاندەك كۆرەڭلەپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، تاشقىرىدىن يامغۇر تەگمىگەن بىر ئورام قەغەزنى ئېلىپ كىرىپ، بالىلىرىغا ياردار قۇشنى ئەكىلىپ بەرگەن ئانا مۇشۇكتەك بىز ئۈچ رەسسامنىڭ ئالدىمىزغا قويدى.

قەغەز ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى چاغدىلا ئۇلارنى تونۇغانىدىم: بۇ بۈگۈن كېچە قەھۋەخانىغا قىلىنغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا مەن ئەپقېچىپ كەلگەن رەسىملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيۈمگە قانداق كىرىپ بۇلارنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى سورىمىدىم. قىسقىسى، كېپىنەك ۋە لەيلەكلەر بىلەن بىرلىكتە رەھمەتلىك مەدداھقا سىزىپ بەرگەن رەسىملەرنى ئوچۇق - يورۇق ھالدا بىر - بىرلەپ ئېتىراپ قىلدۇق. ئاخىرىدا بىر ئات، يەنى بىر ئات ئېشىپ قالدى ۋە ئۇنى ھېچكىم تونۇمىغاچقا، بويىنىنى قىسىپ بىر چەتتە قالغانىدى. بىر ئاتنىڭمۇ سىزىلغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. ماڭا ئىشىنىڭلار.

— بۇ ئاتنى سەن سىزمىدىڭمۇ؟ — دېدى قارا قولىغا تاياق تۇتقان بىر مۇئەللىمدەك.

— مەن سىزمىدىم، — دېدىم.

— يېزنە تاغامنىڭ كىتابىدىكىنىچۇ؟

— ئۇ ئاتنىمۇ مەن سىزمىدىم.

— ئۇسلۇبىدىن ئۇ ئاتنى سېنىڭ سىزغانلىقىڭ مەلۇم بولىدى، —

دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ يەكۈننى ئۇستاز ئوسمان چىقاردى.

— مېنىڭ ھېچقانداق بىر ئۇسلۇبىم يوق، — دېدىم، — بۇنى يېقىندا چىققان شامالغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ياكى بىگۇناھلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەغرۇرلىنىپ دەۋاتقىنىم يوق. چۈنكى، ئۆز ئالدىمغا ئۇسلۇبىمنىڭ بولۇشى مەن ئۈچۈن قاتىل بولغاندىنمۇ بەتتەر ئىش ئىدى.

— سېنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ۋە باشقىلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بىر پەرقىڭ بار، — دېدى قارا.

ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ مەن ئۆز كۆڭلۈمدە سىلەر ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرى بار دەپ ئويلىغان تەپسىلاتلارنى بايان قىلىشقا باشلىدى. سۇلتانىمىز بىلەن مالىيە ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتلىشىپ، بۇ جىنايەتلەرنى توختىتىش ئۈچۈن چارە ئىزدىگەنلىكىنى، ئۇستاز ئوسمانغا بېرىلگەن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەتنى، "دېدەك ئۇسۇلى"نىڭ قوللىنىلغانلىقىنى، ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىكى ئالامەتلەرنى ۋە قارانىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزە ھېسابلانغان سۇلتاننىڭ خەزىنىسىگە كىرىپ، ئۇ يەردىكى كلاسسىك كىتابلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم. شۇتاپتا، ئۇشتۇمتۇت شۇنى ھېس قىلماقتا ئىدۇقكى، بەزى چاغلاردا بېشىمىزدىن تۈرلۈك قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزىدىغان بولساقمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ھەرگىز ئۇنتۇمايدىغان بىر كەچۈرمىشنى ھەممىمىز ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزنى چۈشەنگەنىدۇق: يامغۇر كۆڭۈلسىز يېغىۋاتاتتى. كېپىنەك يامغۇردىن رەنجىگەندەك ھەسرەتلەنگەن ھالدا خەنجىرنى چىڭ سىقىمداپ تۇتۇپ تۇراتتى. ساۋۇتىنىڭ كەينى ئۇنىڭغا مىلىنىپ ئاپئاق بولۇپ كەتكەن لەيلەك قولىدا چىراغنى تۇتۇپ جاسارەت بىلەن خانىقانىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىۋاتاتتى. خانىقانىڭ تاملىرىدا كۆلەڭگىلىرى ئەرۋاھلاردەك مىڭىپ يۈرگەن بۇ ئۇستا رەسساملار مېنىڭ بۇرادەرلىرىم ئىدى، مەنمۇ ئۇلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم! رەسسام بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ تۇيغۇمدىن بەختىيارلىق ھېس قىلدىم.

— بىر نەچچە كۈن ئۇستاز ئوسمان بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئاجايىباتلىرىنى كۆرۈشنىڭ قانداق خۇشاللىنارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم قارادىن، — ئۇ سېنى

سۆيدىمۇ، سۇباتلىق يۈزۈڭنى سىلىدىمۇ؟ قولۇڭنى تۇتتىمۇ؟ ماھارىتىڭگە، بىلىمىڭگە ھەيران بولدۇڭمۇ؟

— ئۇستاز ئوسمان پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئاجايىباتلىرى ئارىسىدا ماڭا سېنىڭ بىر ئۇسلۇبىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى، — دېدى قارا، — ئۇسلۇبىنىڭ رەسسام ئۆزلۈكىدىن تاللىغان بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى، بەلكى بۇ يوشۇرۇن خاتالىقنى رەسسامنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنۇتقان خاتىرىلىرى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. يەنى، بىر چاغلاردا نومۇس دەپ قارالغان ۋە بىزلەرنى پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئايرىۋەتمىسۇن دەپ خۇپىيانە تۇتۇلغان بۇ يوشۇرۇن خاتالىقلار، ئاجىزلىقلار ۋە نۇقسانلار، پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسۇللىرى پۈتۈن جاھانغا تارقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ”شەخسىي ئالاھىدىلىك“ ، ”ئۇسلۇب“ دەپ ماختىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن، كەمچىلىكلىرى بىلەن ماختىنىدىغان ئەقىلسىز دەرۋىشلەر تۈپەيلىدىن، ئالەم تېخىمۇ رەڭدار، ئەمما تەپەككۇردىن مۇستەسنا ھالدا تېخىمۇ نۇقسانلىق دۇنيا بولغۇسى ئەلۋەتتە.

قارانىڭ ئۆز بايانلىرىغا شۈبھىسىز غورۇر بىلەن ئىشىنىدىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ يېڭى ئەقىلسىزلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

— ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سۇلتانىمىزنىڭ كىتابلىرىغا يۈزلىگەن ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىنى نورمال سىزغانلىقىمنى ئۇستاز ئوسمان ئېنىق چۈشەندۈرەلىدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇ باللىق چاغلىرىڭلاردىن بېرى سىلەرگە بېغىشلىغان مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ئۇرغان تاياقلىرى تۈپەيلى، سىلەرنىڭ ھەم ئاتاڭلار، ھەم ھۆرمەتلىك ئۇستازىڭلار بولغانلىقى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن سىزغان رەسىملىرىڭلار ئۆزىنىڭكىگە ۋە بىر-بىرىڭلارنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەس، ئوسمانىيە رەسىمخانىسىنىڭ بىرەر ئۇسلۇبى بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك كۆلەڭگىسى ھەر بىرىڭلارنى قاپلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، قەلبىڭلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى كەمچىلىكلەرنى، ئۆلچەمدىن سىرت غەلىتە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىڭلار. سەن قاچانكى ئۇستاز ئوسماننىڭ نەزىرىدىن يىراق بولغان

باشقا كىتابلارغا، باشقا سەھىپىلەرگە رەسىم سىزغان ئىكەنسەن، ئۇ چاغدا، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىچىڭدە ياتقان ئاتنى سىزغان بولىسەن.

— رەھمەتلىك ئانام دادامدىنمۇ ئەقىللىق ئايال ئىدى، — دېدىم، — رەسىمخانىدا يالغۇز ئۇستاز ئوسماندىن ئەمەس، باشقا قاتتىق قول ۋە ئەسەبىي ئۇستازلارنىڭ تاياقلىرىدىن، تارماق باشلىقى بىزلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن بىزنى ئۇرىدىغان گەزلەردىن قورقۇپ، بىر ئاخشىمى ئۆيدە رەسىمخانىغا قايتا بارمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ يىغلىغان ئىدىم. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئالەمدە ئىككى خىل ئادەم بارلىقىنى ئېيتتى: بىرى، باللىق چاغلىرىدا تاياقنى كۆپ يېگەنلىكى ئۈچۈن نابۇت بولغانلار بولۇپ، ئۇلار قايتا ھوشىغا كېلەلمەيدۇ، دېگەنىدى رەھمەتلىك ئانام، چۈنكى تاياق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەيتاننى ئۆلتۈرىدۇ؛ يەنە بىر خىلى تەلەيلىك ئادەملەر بولۇپ، بۇ تاياقلار ئىچىدىكى شەيتاننى ئۆلتۈرمەي، شەيتاننى قورقۇتۇپ تەربىيە بېرىدۇ. ئۇلار باللىق دەۋرىدىن قالغان بۇ مۇدھىش خاتىرىسىنى زادى ئۇنتۇمايدۇ. لېكىن — ئانام بۇنى ھېچكىمگە ئېيتما دېگەنىدى — يېگەن تايىقىدىن شەيتان بىلەن بىللە ئۆتۈشنى ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ، باشقىلار بىلمىگەننى بىلەلەيدۇ، دوست تۇتالايدۇ، دۈشمىنىنى تونۇيالايدۇ، كەينىدىن قىلىنغان سۇيىقەستلەرنى ۋاقتىدا سېزەلەيدۇ ۋە مەن يەنە بىرىنى قوشۇمچە قىلاي، رەسىمنى ھەممىدىن ياخشى سىزالايدۇ. ئۇستاز ئوسمان بىر دەرەخنىڭ شاخلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك سىزالمىدىڭ دەپ بىر قېتىم مېنى شۇنداق كاچاتلىغانىدىكى، كۆزۈمدىن ئاچچىق ياشلار ئاققاندا كۆز ئالدىمدا بىر ئورمان گەۋدىلەنگەنىدى. سەھىپىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى كەمچىلىكنى كۆرمەيسەن دەپ بېشىمغا غەزەپ بىلەن مۇشتلاپ بولۇپ، ئاندىن مېھرىبانلىق بىلەن ئەينەكنى قولىغا ئالاتتى ـ دە، سەھىپە ئۈستىگە قويۇپ ماڭا رەسىمنى پۈتۈنلەي يېڭى نۇقتىدىن كۆرسىتەتتى ۋە مەڭزىمنى مەڭزىگە چاپلاپ، ئەينەكنىڭ ئىچىدىكى تەتۈر سەھىپىدە كۆرۈنگەن كەمچىلىكلەرنى ماڭا بىر ـ بىرلەپ شۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن كۆرسىتەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ مېھرىبانلىقىنى ۋە ئاشۇ ئىشلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمىدىم. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەيىبلەپ، قولۇمغا گەز بىلەن ئۇرغانلىقى سەۋەبىدىن غورۇرۇم زەربە يېگەنلىكى ئۈچۈن كې-

چىچە يىغلاپ چىقاتتىم، لېكىن ئۇ ئەتىسى ئەتىگەنلىكى قوللىرىمنى شۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن سۆيەتتىكى، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئاجايىپ ئىستېداتلىق رەسسام بولىدىغانلىقىمغا ھەۋەس بىلەن ئىشىنەتتىم. لېكىن ئۇ ئاتنى مەن سىزمىدىم.

— يېزنە تاغامنى ئۆلتۈرگەن مەلئۇن ئوغرىلاپ كەتكەن ئاخىرقى رەسىمنى بىز (لەيلەكنى دېمەكچى بولاتتى) خانىقادىن ئىزدەيمىز. سەن ئۇ ئاخىرقى رەسىمنى كۆرسەتمىدىڭمۇ؟

— ئۇ رەسىم سۇلتانىمىزغا ۋە پېشقەدەم ئۇستازلىرىمىزغا سادىق بولغان بىز رەسساملارمۇ، شۇنداقلا مەدىنىگە سادىق مۇسۇلمانلارمۇ قوبۇل قىلالمايدىغان بىر نەرسە ئىدى، — دەپ جىم تۇرۇۋالدىم.

بۇ سۆزۈم ئۇنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. ئۇ لەيلەك بىلەن بىللە خانىقانى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. بىر - ئىككى قېتىم تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئاختۇرسۇن دەپ ياردەمگە باردىم. تورۇسىدىن يامغۇر ئۆتىدىغان دەرۋىش ياتاقلىرىدىن بىرىدە ئورا بار ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ ئورىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ۋە زۆرۈر تېپىلسا ئاختۇرۇپ كۆرۈشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئورىنى كۆرسەتتىم ۋە 30 يىلنىڭ ئالدىدا خانىقانى ھىمايە قىلغۇچىلار بېكتاشىلەرگە① قوشۇلۇپ تارقىلىپ كېتىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ پېشۋاسى تۇرىدىغان كىچىك ھۇجرىنىڭ يوغان ئاچقۇچىنى بەردىم. ئۇلار ھەۋەس بىلەن ھۇجرىغا كىردى ۋە ھۇجرىدا بىر تامنىڭ يوقلۇقىنى، يامغۇرنىڭ ئۇدۇل ئىچىگە تامىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەتراپنى ئاختۇرمىدى.

كېيىنەكنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئەمەسلىكىگە خۇش بولدۇم، لېكىن مېنى ئەيىبلەيدىغان بىر دەلىل تېپىلغاندا، ئۇنىڭمۇ ئۇ ئىككىسىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى سېزەتتىم. قارا بىزگە ئۇستاز ئوسماننىڭ بىزنى قىيناق - سوراققا ئالغۇچىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىمىزنى قوللىشىمىز، مالىيە ۋەزىرىگە ھەممىمىز ئۆملۈكتە تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. قارا بىلەن لەيلەك

① بېكتاشى — ھاجى بېكتاش ئەۋلىياغا مەنسۇپ تەرىقەتكە ئېتىقاد قىلغۇچى. — ت.

ئىككىسى بىر ئوبدانلا يېقىنلىشىۋالغان ئىدى. قارانىڭ نىيىتى پەقەت
يېزنە تاغىسىنىڭ قاتىلىنى تېپىپ گۈزەل شەكۈرەگە ھەقىقىي بىر نىكاھ
ھەدىيەسى سۇنۇش ئەمەس، بەلكى ئوسمانىيە رەسساملىرىنى پەرەڭ ئۇس-
تازلىرىنىڭ يولىغا كىرگۈزۈش ۋە شۇنىڭ بىلەن يېزنە تاغىسىنىڭ كىتا-
بىنى سۇلتانىمىزدىن كېلىدىغان يېڭى پۇللار بىلەن پەرەڭ ئۇستازلىرىغا
تەقلىد قىلىپ (بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك بىر بىدئەتلىك ئىدى) تاماملاش ئى-
كەنلىكىنى چۈشەنگەنىدىم. بۇ سۈيىقەستىنىڭ ئاخىرىدا باش رەسسام بولۇش
تاماسىدا بولۇۋاتقان (چۈنكى، ئۇستاز ئوسماننىڭ كېيىنەكنى ئورنىغا تە-
لەپ قىلىدىغانلىقىنى ھەممە كىشى قىياس قىلغان ئىدى) ۋە ھەممىنى
دوغا تىكىپ تەلەي سىناپ باقماقچى بولغان لەيلەكنىڭ بىزلەردىن، ھەتتا
ئۇستاز ئوسماندىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم ئەل-
ۋەتتە.

بىر دەم كاللام قالايمىقانلىشىپ كەتتى. يامغۇرغا قۇلاق سېلىپ ئۇ-
زۇن ئويلاندىم. كېيىن قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتقان
ھۆكۈمدار بىلەن باش ۋەزىرگە ئىلتىماسنى سۇنۇشقا تىرىشقان بىر كى-
شىدەك چوڭقۇر بىر ئىلھام بىلەن لەيلەك بىلەن قارانىڭ يېنىغا باردىم.
ئۇلارنى باشلاپ قاراڭغۇ كارىدوردىن ۋە كەڭ ئىشىكتىن ئۆتكۈزۈپ بىر
چاغلاردا قازناق بولغان قورقۇنچلۇق يەرگە ئېلىپ كىردىم. خارابىلار ئى-
چىدە بىر نەرسە تاپقان ـ تاپالمىغانلىقىنى سورىدىم، دەرۋەقە تاپالمىغانى-
دى. بىر چاغلاردا غېرىب ـ غۇرۋا ۋە يوقسۇللارغا تاماق ئەتكەندە ئىشلى-
تىلگەن قازانلار، قاچا ـ قۇچىلار، شامال ساندۇقى قاتارلىقلارنىڭ ئىزىمۇ
يوق ئىدى. ئۆمۈچۈك تورلىرى، چاڭ ـ توزان، پاتقاق، ئىت ـ مۈشۈك نى-
جاسەتلىرى ۋە خارابىلەر بىلەن تولغان بۇ قورقۇنچلۇق يەرنى تازىلاشقىمۇ
ھېچكىمنىڭ رايى بارمىغان ئوخشايدۇ. ئىچكىرىدە، ھەر ۋاقىتتىكىدەك
كېلىش مەنبەسى نامەلۇم، ئەمما كۈچلۈك بىر شامال چىراغنىڭ يورۇقىنى
ئاجىزلاشتۇرۇپ، كۆلەڭگىلىرىمىزنىمۇ بىر يوقىتىپ، بىر پەيدا قىلاتتى.

— ھەممە يەرنى ئاختۇردۇڭلار، لېكىن مەخپىي خەزىنەمنى تاپالمى-
دىڭلار، — دېدىم.

30 يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر تام مەش خارابىسىنىڭ ئىچىدىكى كۆل-

لەرنى قولۇمنى سۇپۇرگە قىلىپ تارتتىم ۋە كۆل ئارىسىدىن چىققان ئوچاقنىڭ قاپقىقىنى تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ غىچىرلىتىپ ئېچىپ، كىچىك ئاغزىغا چىراغنى تۇتتۇم. قارادىن بۇرۇن لەيلەكنىڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىچىدىكى تېرە خالتىنى ئېلىۋالغانلىقىنى زادى ئۇنتۇمايمەن. ئۇلار دەرھال ئۇ يەردە، يەنى ئوچاقنىڭ ئاغزىدىلا خالتىنى ئېچىشى كېرەك ئىدى، لېكىن مەن ھۇجرىغا قايتىپ كېلىۋالغان ئىدىم. قارا بۇ يەردە يالغۇز قېلىشتىن قورقۇپ كەينىمدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، لەيلەك ئىنچىكە ئۇزۇن ئاياغلىرى بىلەن تېز چامدىغىنىچە بىزگە ئەگىشىپ كەلدى. ئۇلار خالتىدىن پاكىز يۇڭ پايپاقلىرىم، شالۋۇرۇم، قىزىل تونۇم، ئەڭ چىرايلىق يىپەك كۆڭلەكىم، ئۇستۇرام، تاغىقىم ۋە باشقا نەرسىلىرىمنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپ بىر ھازا ئارىسالدى بولۇپ قېلىشتى. قارا ئاچقان يەنە بىر ئېغىر خالتىدىن 53 ۋېنېتسىيە تىللاسى، كېيىنكى يىللاردا رەسىمخانىدىن ئوغرىلىۋالغان زەر ھەللىك قەغەزلەر، كىشىلەردىن مەخپىي تۇتۇپ يۈرگەن ئۇلگە دەپتىرىم ۋە سەھىپىلەرنىڭ ئارىسىدا ئوغرىلىغان زەر ھەللىك ۋاراقلار، بىر قىسمىنى ئۆزۈم سىزىپ، بىر قىسمىنى ئۇياق - بۇياقتىن توپلاپ بىرلەشتۈرگەن شەھۋانىي رەسىملەر، قەدىرلىك ئانامدىن يادىكار قالغان ھېقىق ئۈزۈك بىلەن ئۇنىڭ بىر تۇتام ئاق چېچى، ئەڭ ياخشى رەسىم قەلەملىرىم بىلەن موي قەلەملىرىم بىر - بىرلەپ چىقتى.

— ئويلىغىنىڭلاردەك بىر قاتىل بولسام، — دېدىم مەن ھاماقەتلەرچە غۇرۇر بىلەن، — مەخپىي خەزىنەمدىن بۇلار ئەمەس، ھېلىقى ئاخىرقى رەسىم چىقاتتى.

— نېمە ئۈچۈن بۇلار چىقتى؟ — دەپ سورىدى لەيلەك.

مۇھاپىزەتچىلەر ئەترەت باشلىقىنىڭ ئادەملىرى ئۆيۈمنى ئاختۇرغاندا (خۇددى سېنىڭ ئۆيۈڭنى ئاختۇرغاندەك)، پۈتۈن ئۆمرۈم بويىچە توپلىغان بۇ تىللالارنىڭ ئىككىسىنى نومۇسسىزلارچە يانچۇقىغا سېلىۋالدى. بۇ پەسكەش قاتىل تۇپەيلى ئۆيلىرىمىزنىڭ ئاختۇرۇلىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدىم، دەرۋەقە شۇنداق بولدى. ئۇ ئاخىرقى رەسىم مەندە بولسا، بۇ يەردە بولغان بولاتتى.

بۇ ئاخىرقى جۈملىنى ئاغزىمدىن چىقارماسلىقىم كېرەك ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تىنغانلىقىنى، مېنىڭ خانىقانىڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزلىرىنى بوغۇزلىۋېتىشىمدىنمۇ ۋەھىمە يېمەيدىغانلىقىنى سەزگەنىدىم. سىلەرمۇ ماڭا ئىشەندىڭلارمۇ - يوق؟

لېكىن بۇ قېتىم مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىر بىئاراملىق قاپلىغانىدى. مېنى بۇ قەدەر ئوڭايسىزلاندۇرغان نەرسە شۇ ئىدىكى، مېنىڭ تاكى باللىق چاغلىرىمىزدىن بۇيان تونۇشىدىغان رەسسام بۇرادەرلىرىمنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان پىخسىقلارچە پۇل توپلىغانلىقىمنى، تىللا ئېلىپ يوشۇرۇپ قويغانلىقىمنى، شەھۋانىي رەسىملىرىمنى ۋە دەپتەرلىرىمنى كۆرۈپ قالغانلىقى ئەمەس، بەلكى بۇلارنى رەسسام دوستلىرىمغا مۇشۇنداق بىر جىددىي پەيتتە كۆرسەتكەنلىكىمدىن پۇشايمان قىلاتتىم. لېكىن ناھايىتى نىشانسىز ياشىغان بىر كىشىنىڭ سىرى شۇنداق ئاسانلا ئاشكارا بولۇپ قالىدىكەن ئەمەسمۇ.

— بىراق، — دېدى قارا خېلىدىن كېيىن، — ئۇستاز ئوسمان ھېچ نەرسە دېمەستىن، ھېچ بىرىمىزنى كۆرسەتمەي، بىزنى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترەت باشلىقىغا بىراقلا تاپشۇرۇپ بەرسە، قىستاق - سوراققا ئالغاندا نېمە دەيدىغانلىقىمىزنى ھازىر كېلىشىۋالايلى.

بىزدە بىر تۈرلۈك ئاڭسىزلىق ۋە بىزارلىق بارلىقىنى ھېس قىلاتتىم. لەيلەك بىلەن كېپىنەك چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا دەپتىرىمدىكى شەھۋانىي رەسىملەرنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بىپەرۋالىق ئىپادىسى بىلىنىپ تۇراتتى، ھەتتا باشقىچە خۇشال كۆرۈنەتتى. بىردىنلا ئۆزۈمگە تونۇش بولغان مەلۇم سەھىپىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى - دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىككىسىنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزۈم سىزغان شەھۋانىي رەسىمگە ناھايىتى يىراقلاردا قالغان بىر كۆڭۈللۈك خاتىرىنى يېڭىدىن ئەسكە ئالغاندەك ھاياجان بىلەن جىمجىت تۇرۇپ قارىدىم. قارامۇ بىزگە قوشۇلغانىدى. ئۇ رەسىمنى تۆتىمىزنىڭ بىرلىكتە كۆرۈشىمىز قانداقتۇر كۆڭلۈمنى ھۇزۇرلاندۇراتتى.

— كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ — دېدى لەيلەك بىر ھازادىن كېيىن. كۆرگىنىمىز بىر شەھۋانىي نەرسە بولسىمۇ، ئۇ ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان كۆرۈش زوقىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىما قىلغانمى-

دۇ؟ لېكىن لەيلەك بۇنداق نەرسىلەرنى قانداق چۈشەنسۇن؟ ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىمۇ ئوقۇمايدۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئايىتىنىڭ ھەر ئاتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن پات ـ پات خاتىرىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇلۇغ ئۇستازلار بۇ ئايەتنى رەسىم دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىمىزدە رەسىم سىزىشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى، رەسساملارنىڭ قىيامەت كۈنى جەھەننەمگە يوللىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەھدىتلىرىگە جاۋابەن قوللىناتتى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن كېپىنەكنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆزنى زادى ئاڭلىمىغانغا سالدىم.

— مەن كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەمنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر رەسىم سىزىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم كىم؟ — دېدى قارا ساددىلىق بىلەن.

— "كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولمايدۇ" دېگەن گەپ، "ۋەمايەستەۋىل ئەماۋەل بەسىرۇ①" دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، — دېدى كېپىنەك ۋە مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

زۇلمەت بىلەن نۇر باراۋەر بولمايدۇ.

سايە بىلەن ئىسسىق باراۋەر بولمايدۇ.

تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر باراۋەر بولمايدۇ②.

تۇيۇقسىز نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ، يېزنە تاغىنىڭ ۋە بۇ ئاخشام قەتلە قىلىنغان مەدداھ بۇرادىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ تىترەپ كەتتىم. باشقىلار ماڭا ئوخشاش قورققان بولغىيمىدى؟ بىر ھازا ھېچكىم ئورنىدىن مىدىرلىمىدى. لەيلەك قولىدا مېنىڭ دەپتىرىمنى تېخىچە ئوچۇق تۇتۇپ تۇراتتى. بىز مەن سىزغان شەھۋانىي رەسىمنى تېخىچە كۆرۈۋاتساقمۇ، لېكىن رەسىمدىكى سەتچىلىككە ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى.

— مەن قىيامەت كۈنىنىمۇ سىزىشنى ئويلايتتىم، — دېدى لەيلەك، — ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىنى، گۇناھكارلار بىلەن گۇناھسىزلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ ئايرىلىشىنى سىزىپ باققىم بار ئىدى، لېكىن

① «قۇرئان كەرىم»: "فاتىر" سۈرىسى، 19 ـ ئايەت. — ت.

② «قۇرئان كەرىم»: "فاتىر" سۈرىسى، 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ ئايەتلەر. — ت.

قۇرئان كەرىمىمىزنى تەسۋىرلەشكە نېمىشقا بولمايدۇ؟

ياشلىق چاغلىرىمىزدا رەسىمخانىنىڭ بىر ھۇجرىسىدا ئىشلىگەندە، خۇددى ياشانغان ئۇستازلارنىڭ كۆزلىرىنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن قىلغىنىدەك، بەزىدە بېشىمىزنى ئىش تاختىلىرىدىن، ئۇستەللەردىن كۆتۈرۈپ كاللىمىزغا كەلگەن پۈتۈنلەي باشقا بىر تېمىدىن سۆز ئاچاتتۇق. خۇددى ھازىر ئالدىمىزدا ئوچۇق تۇرغان دەپتەرگە قارىغاندىكىدەك، ئۇ چاغلاردا، كۆڭلىمىزگە كەلگەن ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشكەندە بىر - بىرىمىزگە قارىمايتتۇق، چۈنكى كۆزلىرىمىزنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئوچۇق دېرىزىدىن يىراقلارغا قارايتتۇق. شاد - خۇرام شاگىرتلىق چاغلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېچ تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. ئېھتىمال بۇ ئەسلىمىلەر ئېلىپ كەلگەن ھاياجاندىن ياكى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇمىغىنىمغا ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ ئاندا سەمىمىي ھېس قىلغان پۇشايماندىن ۋە ياكى بايىلا قەھۋەخانىدىكى جىنايەتنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە كاللام قالايمىقانلىشىپ، يۈرىكىم بىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەندەك دۈپۈلدەپ كەتتى ۋە ئەقلىمگە باشقا بىر نەرسە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مۇنداق دېدىم:

— ”بەقەرە“ سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەنىنى بېرىدىغان ئايەتلەر بارلىقى ئېسىڭلاردىدۇ؟ مەن كۆپرەك شۇلارنى سىزىشنى ئويلايمەن: ”پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىر ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇندىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن.“① ئاۋازىم بىردىن توختاپ قالدى ۋە زادى كۈتۈلمىگەندە، ئىختىيارسىز ئاققان كۆز ياشلىرىمدىن خىجالەت بولۇپ قالدىم. بەلكىم شاگىرتلىق يىللىرىمىزدا ئۆزىمىزنى قوغداش، سەزگۈرلۈكىمىزنى چاند-

① «قۇرئان كەرىم»: ”بەقەرە“ سۈرىسى، 286 - ئايەت. — ت.

دۇرماسلىق ئۈچۈن داۋاملىق ھوشيار تۇرىدىغانلىقىمىز ۋە مەسخىرىلەردىن قورققانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن.

كۆز ياشلىرىم ھېلىلا توختار، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدىم. مەن يىغلىغاندا يېنىمدىكى ھەر بىرىنىڭ قېرىنداشلىق، ھېسداشلىق ۋە ھەسرەت كەيپىياتىغا تولغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. بۇنىڭدىن كېيىن سۇلتانىمىزنىڭ رەسىمخانىسىمۇ پەرەڭ ئۇسلۇبىغا بويسۇنۇپ، بىز ئۆمۈر بويى ئوي - پىكرىمىزنى بېغىشلىغان ئۇسۇللار ۋە كىتابلار ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، راست، ھەممە تىرىشچانلىقلىرىمىز ئاخىرلىشىدۇ. ئەرزۇرۇملۇقلار بىزگە بېسىم ئىشلىتىپ زوراۋانلىق قىلمىدى دېگەندىمۇ، سۇلتانىنىڭ قىستاق - سوراققا ئالغۇچىلىرى بىزنى قىيناپ ئەبجەقىمىزنى چىقىرىدۇ... بىراق، مەن بىر ياقتىن قاتتىق يىغلاپ، ئۆكسۈپ، ئېسەدىسەم (قۇلىقىم يەنىلا يامغۇرنىڭ كۆڭۈلسىز شارقىرىشىنى ئاڭلايتتى)، كاللامنىڭ بىر بۇرجىكىدە مېنى يىغلاتقان نەرسىنىڭ بۇلار ئەمەسلىكىنىمۇ ھېس قىلاتتىم. باشقىلار بۇنى قانچىلىك سەزگەندۇ؟ مەن سەمىمىي ياش تۆكەتتىم ھەم يالغاندىن يىغلايتتىم. شۇڭا بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلاتتىم.

كېپىنەك يېنىمغا كېلىپ قولىنى مۈرەمگە قويدى، چاچلىرىمنى سىلىدى، مەڭزىمگە سۆيدى ۋە يېقىملىق سۆزلەرنى قىلدى. بۇ دوستلۇق مېنى تېخىمۇ گۇناھكارلىق ھېسسىياتى بىلەن سەمىمىي يىغلاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالمىدىم، لېكىن قانداقتۇ خاتا ھالدا ئۇنىمۇ يىغلاۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. بىز بىللە ئولتۇردۇق.

رەسىمخانىغا ئىككىمىزنىڭ بىر يىلدا شاگىرتلىققا بېرىلگەنلىكىمىزنى، ئانىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، بىردىنلا باشقا بىر ھاياتنى باشلاشتىكى غېرىبلىقنىڭ ھەسرىتىنى، بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا يېيىشكە باشلىغان تاياقلارنىڭ ئازابىنى، مالىيە ۋەزىرىدىن كەلگەن تۇنجى ھەدىيەلەرنىڭ خۇشاللىقىنى، يۈگۈرۈشۈپ ئۆيلىرىمىزگە قايتقان كۈنلىرىمىزنى مانا مۇشۇ كەيپىياتتا ئولتۇرۇپ ئەسلىدۇق. باشتا پەقەت ئۇ سۆزلىگەن، مەن ھەسرەت بىلەن ئاڭلىغانىدىم، كېيىن لەيلەك قوشۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن

دەسلەپكى شاگىرتلىق يىللىرىمىزدا بىر ئارىدا رەسىمخانىغا كىرىپ چىد-
قىپ كەتكەن قارامۇ قوشۇلغاندا، بايا يىغلىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ مەنمۇ ئۇلار
بىلەن كۈلۈشۈپ پاراڭلىشىشقا باشلىدىم.

شاگىرتلار ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرۇپ، رەسىمخانىنىڭ ئەڭ چوڭ
ھۇجرىسىدىكى ئوچاققا ئوت يېقىپ، ئىسسىق سۇ بىلەن يەرلەرنى سۇرتىد-
دىغان قىش كۈنلىرىنى ئەسلىدۇق. بىز پۈتۈن بىر كۈندە بىر دەرەخنىڭ
بىر يوپۇرمىقىنىلا سىزالايدىغان دەرىجىدە ئىلھامسىز ۋە ئېھتىياتچان بول-
غان بىر رەھمەتلىك پېشقەدەم "ئۇستاز" نىڭ بىزنىڭ ئۇ يوپۇرماققا زادى
قارىماي، ئوچۇق دېرىزىدىن كۆرۈنگەن باھار كۆچەتلىرىنىڭ يايپېشىل يو-
پۇرماقلىرىغا قارىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ "ئۇ يەرگە ئەمەس، بۇ يەرگە
قاراڭلار!" دەپ ۋارقىرىغانلىرىنى، بىزنى زادى ئۇرماي، تالاي قېتىملاپ ئە-
يىبلەشلىرىنى ئەسلىدۇق. زىيادە ئىشلەپ ئالغاي بولۇپ قالغاندا ئۆيگە
قايتۇرۇۋېتىلگەن جۇدەڭگۈ بىر شاگىرتنىڭ قولىدا بوغچىسىنى كۆتۈرگەن
ھالدا دەرۋازىغا قاراپ ماڭغان چېغىدىكى پۈتۈن رەسىمخانىغا ئاڭلانغان يىد-
غىسىنى ئەسلىدۇق. كېيىن ئۈچ رەسسام ئالتە ئاي ھەپىلەشكەن بىر سە-
ھىپىنىڭ (شىرۋان سەپىرىدە قېنىق دەرياسى بويىدا ئاچارچىلىق تەھدى-
تىگە دۇچ كەلگەن ئوسمانىيە ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئېرەشنى ئىشغال قىلد-
غاندا قورسىقى تويغانلىقى) ئۇستىگە دەز كەتكەن بىر تۈچ سىياھ قۇتىسىد-
دىن توق قىزىل بوياقنىڭ سىرغىپ چىقىشىنى قىزىققان ھالدا تاماشا
قىلغانلىقىمىز كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندى (چۈنكى بۇ بىزنىڭ گۇناھىمىز
ئەمەس ئىدى). جەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى، بايلىقىنى
نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ تورۇسىنى خۇددى سۇلتانىمىزنىڭ شىكار
قەسىرىگە ئوخشىتىپ بېزەتمەكچى بولغان 70 ياشلىق پاشانىڭ گۈزەل
چېركەس خوتۇنىغا ئۇچلىمىز بىر ۋاقىتتا ساقال تاشلاپ، بىر ۋاقىتتا
ئاشىق بولغانلىقىمىز ھەققىدە نازاكەت ۋە ھۆرمەت پوزىتسىيىسى بىلەن
سۆزلەشتۇق. قىش كۈنلىرى ئەتىگەندە ھورى قەغەزلەرنى نەملەشتۇرىۋەتد-
مىسۇن دەپ قىيا ئوچۇق قويۇلغان ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا ئىچكەن يېسد-
سىمۇق شورپىسىنىڭ تەمى ھەققىدىمۇ قىزغىن پاراڭلاشتۇق. ئۇستازد-
مىزنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يىراق بىر يەرگە شاگىرتلىققا بارغاندا، رە-

سىمخانىدىكى دوستلار ۋە ئۇستىلاردىن ئايرىلىپ كېتىشنىڭ ھەسرىتىنىمۇ تىلغا ئالدۇق. بىر ئارىدا كۆز ئالدىمدا قەدىرلىك كېپىنەكنىڭ 16 ياش ۋاقتىدىكى ئەڭ يېقىملىق قىياپىتى گەۋدىلەندى. بىر ياز كۈنى ئوچۇق دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئۇنىڭ ناۋات رەڭ يالىڭاچ بىلەكلىرىگە چۈشكەندە، ئۇ قولىدىكى قەغەز سىلىقلايدىغان دېڭىز قۇلۇلىسىنى تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ قەغەز پارقىرىتىۋاتاتتى. خىيالغا چۆمگەن ھالدا قىلىۋاتقان بۇ ئىشنىڭ ئارىلىقىدا بىر دەم توختاپ قەغەزدىكى بىر داغقا كۆزلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇپ دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ، بىر - ئىككى خىل ھەرىكەت بىلەن قەغەز سىلىقلىغۇچنى ئۇ يەردىن يۆتكىگەندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقىدەك قولىنى تېز - تېز يۇقىرى - تۆۋەن سۈرۈۋاتقىنىدا، خىيالچان ھالدا دېرىزىدىن يىراقلارغا قارايتتى. زادى ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى، ئۇ بېشىنى بۇراپ يەنە بىر قېتىم دېرىزە سىرتىغا قاراشتىن ئاۋۋال شۇئان كۆزلىرىنى مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىككەنلىكى ئىدى. بۇ قاراشنىڭ پۈتۈن شاگىرتلار بىلىدىغان بىرلا مەنىسى: خىيال سۈرمىسەڭ ۋاقىت ئۆتمەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

# 58. مېنى قاتىل دېگۈسى

مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىڭلارغۇ دەيمەن؟ مەۋجۇتلۇقۇمنى سىلەردىن نېمىشقا يوشۇرۇۋېرەي؟ چۈنكى ئىچىمدە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىشىش مەن ئۈچۈن چەكلىگىلى بولمايدىغان بىر ئېھتىياج. بەزىدە ئۆزۈمنى مەجبۇرلايمەن ۋە شۇڭا تەلەپپۇزۇمدىن سالاھىيىتىم پاش بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن. بەزىدە ئۆزۈمنى قويۇۋېتىپ تارتىنماي سۆزلەۋېرىمەن. ئۇ چاغدا ئاغزىمدىن يەنە بىر سالاھىيىتىمنى كۆرسىتىدىغان ۋە بەلكىم سىلەرمۇ پەرق ئېتەلەيدىغان سۆزلەر چىقىدۇ. قوللىرىم تىترەپ، پېشانەمنى تەر باسىدۇ ۋە بۇلارنىڭمۇ يېڭى يىپ ئۇچلىرى ئىكەنلىكىنى شۇئان چۈشىنىمەن.

لېكىن بۇ يەردە ئىنتايىن خۇشالمەن! رەسسام بۇرادەرلىرىم بىلەن ئولتۇرۇپ بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىپ 25 يىللىق خاتىرىلەرنى ئەسلىگەندە، ئەقلىمىزگە دۈشمەنلىكلەر ئەمەس، رەسىم سىزىشنىڭ كۆڭۈللۈكلىكى ۋە ئۇنىڭدىن ھېس قىلغان خۇشاللىقلار كېلىدۇ. مەھشەر كۈنىمىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ ئولتۇرۇپ، ياشلىق كۆزلىرىمىز بىلەن بىر - بىرىمىزنى سىلىشىپ، بۇرۇنقى گۈزەل كۈنلىرىمىزنى ئەسلىگىنىمىزدە، بۇ مەنزىرە كىشىگە ھەرەمخانا كېنىزەكلىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئەسلىتىدۇ.

بۇ ئوخشىتىشنى ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىلىق كىتاب يازغان ۋە شىرازلىق، ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ھېكايىلىرىنىمۇ نەقىل كەلتۈرگەن كىرمانلىق ئەبۇسەئىددىن قوبۇل قىلدىم. بۇنىڭدىن 150 يىل مۇقەددەم قارا قويۇنلۇق ھۆكۈمدارى جىھان شاھ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تىنىم تاپمايۋاتقان ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان خانزادىلەر ۋە شاھلارنىڭ كىچىك ھەربىي قوشۇنلىرىنى

مەغلۇب، مەملىكەتلىرىنى ئىستېلا قىلىپ، قول ئاستىدىكى غالىب تۈركمەن قوشۇنلىرى بىلەن پۈتۈن پارس دىيارىنى بېسىپ ئۆتۈپ شەرققە كەلگەن، ئەڭ ئاخىرىدا ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇھنىڭ نەۋرىسى ئىبراھىمنى ئاسترابادتا مەغلۇب قىلىپ، گورگاننى ئۆز قولىغا ئالغان ۋە ھەربىي قوشۇنلىرىنى ھىرات قەلئەسىگە ئەۋەتكەنىدى. كىرمانلىق تارىخچىنىڭ يېزىشىچە، پەقەت پارس دىيارىغىلا ئەمەس، ھىندىستاندىن ۋېزانتىيىگىچە بولغان جاھاننىڭ يېرىمىغا يېرىم ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىنىڭ شۆھرەتلىك سەلتەنەتلىرىگە كەلگەن بۇ چوڭ زەربە شۇنداق بىر پالاكەت ۋە ئاپەت شامىلى چىقارغانىدىكى، مۇھاسىرە ئاستىدىكى ھىرات قەلئەسى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاپەتكە دۇچ كەلگەنىدى. قاراقويۇنلۇق جىھان شاھ ئۆزى بېسىۋالغان قەلئەلەردىكى ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغانلارنى رەھىمسىزلەرچە قىرغانلىقىنى، شاھلار، شاھزادىلەرنىڭ ھەرەمخانىلىرىدىكى كېنىزەكلەرنى تاللاپ ئۆز ھەرەمخانىسىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، رەسساملارنى بىر - بىرىدىن رەھىمسىزلەرچە ئايرىپ، كۆپچىلىكىنى ئۆزىنىڭ ئۇستا رەسساملىرىغا شاگىرت قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئوقۇرمەنلىرىگە ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن ئەسلەتكەن تارىخچى ئەبۇ سەئىد بۇ نۇقتىغا كەلگەندە ھېكايىسىنى قەلئە ئىستېھكاملىرىغا يوشۇرۇنۇپ دۇشمەننى چېكىندۇرۇشكە تىرىشقان شاھ ۋە لەشكەرلەرگە دائىر بايانلاردىن مەزكۇر مۇھاسىرە تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنى ئالدىنئالا تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۆز رەسىمخانىسىدا قەلەملەر ۋە بوياقلار ئارىسىدا ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا كۈتۈپ ئولتۇرغان رەسساملارغا بۇرىغان ۋە رەسساملارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر - بىرلەپ ساناپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ پۈتۈن جاھانغا مەشھۇر بولغانلىقىنى ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى، بۇگۈن پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان رەسساملارنىڭمۇ خۇددى شاھنىڭ ھەرەمخانىسىدىكى كېنىزەكلەردەك بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ، بۇرۇنقى ياخشى كۈنلەرنى ئەسلەشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى يازغانىدى.

بىزمۇ قايغۇلۇق ھەرەمخانا كېنىزەكلىرىدەك، بۇرۇن سۇلتاننىڭ بىزگە ناھايىتى سەمىمىي مېھرىبانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن ۋە ھېيت -

بايراملاردا بىزلەر ئۆنىڭغا تەقدىم قىلغان نەقىشلىك رەڭگارەڭ قوتىلار، ئەينەك ۋە تەخسىلەر، نەقىشلەنگەن تۆگە قوشى تۇخۇملىرى، قەغەز قىيما رەسىملەر، بىر بەتلىك رەسىملەر، يۇمۇرلۇق كىتابلار، قارت قەغەزلىرى ۋە كىتابلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جاۋابەن بىزلەرگە ھەدىيە قىلغان گىرۋەكلىرىگە مويلۇق تېرە تۇتۇلغان تونلارنى، ئىچىگە تىللا تول- دۇرۇلغان پۇل قاپچۇقلىرىنى ئەسلىدۇق. شۇ كۈنلەردىكى تىرىشچان، جا- پاكەش ۋە بارىغا قانائەت قىلىدىغان ياشانغان رەسساملار ئەمدى قېنى؟ ئۇلار ئۆز ماھارىتىنى ئىپتىيات بىلەن يوشۇرماقچى بولسىمۇ، سىرتىنىڭ ئىشنى قىلغانلىقى باشقىلارغا مەلۇم بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆيلىرىگە بېكىنىۋالماي ھەر كۈنى رەسىمخانىغا كېلىشەتتى. پۈتۈن ھايا- تىنى رەسىملەردىكى ئۇردا تاملىرىنىڭ ئىنچىكە، مۇرەككەپ نەقىشلىرى- نى، ھەر بىرىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئۆزۈن سىنچىلاپ قارىغاندا ئاندىن چۈشەنگىلى بولىدىغان سەرۋىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ۋە سەھىپىنىڭ بوش يەرلىرىنى تولدۇرىدىغان يەتتە يوپۇرماقلىق دالا ئوت - چۆپلىرىنى سىزىشقا كەمتەرلىك بىلەن بېغىشلىغان ياشانغان رەسساملار ئەمدى قېنى؟ ئاللاھنىڭ بەزىلەرگە ماھارەت ۋە قابىلىيەت، بەزىلەرگە شۇ- كۇر ۋە قانائەت بېرىشىنىڭمۇ ئاللاھنىڭ بىر ھېكمىتى ۋە ئادالىتى ئىكەن- لىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزئارا زادى ھەسەتخورلۇق قىلمىغان ئوتتۇرا ياش ئۇستىلار ئەمدى قېنى؟ بەزىلىرى دوك ۋە دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان، بەزىلىرى ئەركىن ۋە مەستخۇش، بەزىلىرى بىرەر ئەرگە بېرەلمىگەن قى- زىنى بىزلەرگە سايە قىلىشقا ئىنتىلىدىغان بۇ ئۇستا تاغىلارنى ئەسلىگى- نىمىزدە، رەسىمخانىدىكى شاگىرتلىق ۋە يېڭى ئۇستا بولغان مەزگىللى- رىمىزدىلا ئۆتتۈپ كەتكەن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۇرۇشكە تىرىشتۇق.

ھەر بىر سەھىپە چۆرىسىنى نەقىشلىگەندە قووزىنى كۆپتۇرۇۋالىدى- غان (سىزىق سەھىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كەلسە سول مەڭزىنى، سول تەرە- پىگە كەلسە ئوڭ مەڭزىنى) كۆزى ئالىغاي بىر سەھىپە چۆرىسىنى نەقىش- لىگۈچى بار ئىدى. يەنە بوياقنى كۆپ بېرىۋەتكەندە ”سەۋر قىل، سەۋر، سەۋر“ دەپ ئۆز - ئۆزىگە خىرىلداپ كۈلىدىغان كىچىك، ئاۋاق بىر رەس-

سامموٴ بار ئىدى. ئاستىنقى قەۋەتتىكى كىتاب توٴپلىگوٴچى شاگىرتلىرى بىلەن بىر نەچچە سائەتلەپ سوٴھبەتلىشىدىغان ۋە قىزىل سىياھنى پىشانىگە سوٴركەپ بەرسە، قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى سوٴزلەپ يوٴرىدىغان 70 ياشلىق ھەلكەش ئوٴستا بار ئىدى. يەنە بوياقنىڭ قويوٴقلوٴق دەرىجىسىنى كوٴروٴش ئوٴچوٴن ئوٴز قولىنىڭ ھەممە بارمىقىدىكى تىرناقلىرىغا بوياق سوٴركەپ بولوٴپ، ئاندىن شاگىرتلاردىن بىرىنى چاقىرىپ، ھەتتا يولدىن ئوٴتكەن ھەرقانداق بىرىنى خالىغانچە توختىتىۋېلىپ تىرناقلىرىغا بوياق سوٴرىدىغان ئاچچىقى يامان بىر ئوٴستا بار ئىدى. ئوٴنىڭدىن باشقا يەنە ھەلدىن ئاشقان پوتاللارنى يىغىش ئوٴچوٴن ئىشلىتىدىغان توٴكلوٴك توشقان پوٴتى بىلەن ساقاللىرىنى تاراپ بىزنى كوٴلدوٴرىدىغان سېمىز بىر رەسسامموٴ بار ئىدى. ئەمدى ئوٴلار قېنى؟

نوٴرغوٴن يىللار ئىشلىتىلىپ شاگىرتلار ۋوٴجوٴدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان ۋە كېيىن بىر چەتكە تاشلاپ قويوٴلىدىغان قەغەز سىلىقلاش تاختىلىرى، شاگىرتلار قىلىچۋازلىق قىلىپ ئويناپ گاللاشتوٴروٴۋەتكەن قەغەز قايچىلىرى، ئالمىشىپ كەتمىسوٴن دەپ ئوٴلوٴغ ئوٴستىلار ئىسىملىرىنى يېزىپ قويغان ئىش تاختىلىرى، جوٴڭگو سىياھىنىڭ خوٴشپوٴرىقى، جىمجىتلىقتا پوروٴقلاپ قايناۋاتقانلىقى ئاڭلىنىدىغان قەھۋە چوٴگوٴنلىرىنىڭ ئاۋازى، ھەر يازدا ئاسلانلايدىغان تاۋار موٴشوٴكىمىزنىڭ ئاسلانلىرىنىڭ قوٴلاقلىرى ۋە گەجگىلىرىدىكى توٴكلىرىدىن ياسىغان خىلموٴ خىل موي قەلەملىرىمىز، بىكار توٴرماي خەتتاتلاردەك مەشىق قىلىشىمىز ئوٴچوٴن بېرىلگەن توپ - توپ ھىندى قەغەزلىرى، پوٴتوٴن رەسىمخانىغا رەسىمدىكى ئېغىر خاتالىقلارنى قىرىۋېتىشتە ئىبرەت قىلىش ئوٴچوٴن باش رەسسامنىڭ روٴخسىتى بىلەن قەغەز قىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان توٴموٴر دەستىلىك رەسىم قەلەمتىرىشى ۋە بوٴ خاتالارنى جازالاش موٴراسىملىرى ئەمدى قېنى؟

سوٴلتانىمىزنىڭ ئوٴستا رەسساملارغا ئوٴيلىرىدە ئىشلەشكە ئىجازەت قىلغانلىقى يەنە بىر خاتالىق ئىكەنلىكى ھەققىدە سوٴزلەشتوٴق. بالدوٴر كەلگەن قىش ئاخشاملىرىدا جىنچىراغ ۋە شام يوروٴقىدا كوٴزلىرىمىز ئېچىشىپ كەتكوٴچە ئىشلىگەندىن كېيىن، ئوردا ئاشخانىسىدىن كېلىدىغان ئوخشىغان ئىسسىق ھالۋىنى تىلغا ئالدوٴق. قول - پوٴتلىرى تىترەيدىغان

كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، قولىدا قەغەز ـ قەلەم تۇتالماس بولۇپ قالغان قېرى ۋە ئالجىغان ھەلچى ئايدا بىر قېتىم رەسىمخانىنى يوقلاپ كەلگىنىدە قىزىنىڭ بىز شاگىرتلارغا ئاتاپ پىشۇرۇپ بەرگەن شېكەرلىك بوغۇرساقلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆزلىرىمىزگە تەبەسسۇم بىلەن ياش ئالغان ھالدا ئەسلىدۇق. ئۇستاز ئوسماننىڭ ئالدىدىكى باش رەسسام ئۇلۇغ ئۇستاز قارامەمىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن بىر قانچە كۈن بوش قالغان ھۇجرىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندە، رەھمەتلىك ئۇستازنىڭ چۈش ۋاقىتلىرىدا كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن سېلىپ قويغان كۆرپىسىنىڭ تېگىدىن چىققان ئارخىپ خالتىسىدىكى قەغەزلەر ئارىسىدىن تېپىلغان ھەيران قالارلىق سەھىپىلىرىنى تىلغا ئالدۇق.

خۇددى ئۇستاز قارامەمدەك، بىزمۇ ئېپتىخارلىنىدىغان، شۇنداقلا ئەگەر قولىمىزدا ساقلانغان بىرەر نۇسخىسى بولسا، ھېلىدىن ـ ھېلىغا قارىغىمىز كېلىدىغان سەھىپىلىرىمىز قايسىلار بولغىيدى؟ سۆزلەشتۇق، ساناشتۇق. ئۇلار «ماھارەتنامە» گە سىزىلغان ئوردا رەسىمىنىڭ ئۇستۇنكى يېرىم قىسمىدىكى ئاسماننىڭ كۆرۈنۈشى ئالتۇن سۈيى بىلەن بويالغاندا، ئالتۇن رەڭنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى كۆركەم بىر رەسىمدە بولۇشقا تېگىشلىك گۈمبەزلەر، مۇنارلار ۋە سەرۋىلەر ئارىسىدىكى رەڭ ئۆزگىرىشىدىن قىيامەتنى ئەسلىتىدىغان بىر مەنزىرە چىققانلىقىنى تىلغا ئېلىشتى.

ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرەتلىرى مۇنارنىڭ ئۇستىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە، ھەربىر قولتۇقىدىن بىر پەرىشتە ئۇنى قولتۇقلاپ ئېلىپ ماڭغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىمدە، پەرىشتىنىڭ ئۆزىنى قولتۇقلىشىنى يات كۆرۈپ پەيغەمبىرىمىز ھەزرەتلىرىنىڭ چىرايىدا قورۇنۇش ۋە غىدىقلىنىش ئالامىتى كۆرۈلگەنلىكى شۇنداق سۇرلۇك رەڭلەر بىلەن سىزىلغانىدىكى، كىچىك بالىلارمۇ بۇ مۇبارەك مەنزىرىنى كۆرۈپ ئاۋۋال ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئەيمىنىشكەنلىكىنى، كېيىن ئۆزلىرىمۇ غىدىقلانغاندەك ھۆرمەت بىلەن كۈلۈشكەنلىكىنى ئېيتىشتى. مەن يەنە ئۇلارغا بۇنىڭ ئالدىدىكى باش ۋەزىر پاشاھىرنىڭ تاغلىق رايوندىكى ئىسيانچىلارنى باستۇرغان تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سىزىپ بەرگەن بىر رەسىم توغرىلىق سۆزلەپ بەردىم. سەھىپىنىڭ چۆرىسىگە ئېھتىيات ۋە

ھۆرمەت بىلەن تىزىلغان كاللىلارنىڭ بويۇنلىرىغا قىزىل بوياق سۈركەلگەن بولۇپ، ھەربىر كاللىنىڭ تەندىن جۇدا قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن تۈرۈلگەن قاپاقلىرى، ھاياتىنىڭ مەنىسىنى سورىماقچى بولغاندەك دومسايغان كالپۇكلىرى، ئامالسىزلىقتىن ئاخىرقى قېتىم نەپەس ئالغان بۇرۇنلىرى ۋە ھاياتلىق نۇرى ئۆچكەنلىكى تۇپەيلى يۇمۇلغان كۆزلىرى بىر - بىرلەپ ھەۋەس بىلەن سىزىلغان ئىدى. مەن ئۇلارنى گويا ئۇبراز رەسىملىرىنى سىزغۇچى پەرەڭ رەسسامىنىڭ سىزغىنىدەك، ھەر بىرىنى ئادەتتىكى بىر ئۆلۈكنىڭ كاللىسىدەك ئەمەس، بەلكى باشقىلىردىن پەرقلەندۈرگەن ھالدا خاس ئۆزگىچە قىياپەتكە ئىگە قىلىپ سىزغان ئىدىم ۋە شۇ ئارقىلىق كاللىلاردىن رەسىمگە قورقۇنچلۇق سىرلىق بىر كەيپىيات ئاتا قىلغان ئىدىم.

بىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇھەببەت ۋە جەڭ كۆرۈنۈشلىرىنى، ھەيران قالارلىق ساھىبجامالارنى ۋە كۆزلەرگە ياش كەلتۈرىدىغان نەپىسلىكلەرنى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن خاتىرىلەپ، ئۇلارنى ئۇنتۇلماس ۋە ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان بىر تۈرلۈك سېغىنىش بىلەن تىلغا ئالدۇق. كۆز ئالدىمىزدىن يۇلتۇزلۇق كېچىلەردە ئاشىقلار تېپىشىدىغان جىمجىت ۋە سىرلىق باغچىلار ئۆتتى. باھاردىكى دەل - دەرەخلەر، ھەيران قالارلىق قۇشلار، توختاپ قالغان ۋاقىت ... ئۆزىمىز كۆرگەن قاباھەتلىك چۈشلىرىمىزدەك يېقىن ۋە قورقۇنچالۇق قانلىق جەڭلەرنى ئويلىدۇق. ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن جەسەتلەرنى، ساۋۇتلىرى قانغا مىلەنگەن ئاتلارنى، بىر - بىرىنى خەنجەرلىگەن سۇباتلىق جەڭچىلەرنى، قىيا يېپىلغان دېرىزە يوچۇقىدىن كۆرگەن ئېغىزلىرى ئويماقتەك، نازۇك قوللۇق، خۇمار كۆزلۈك يۈزى تۆۋەن ئاياللارنى... مەغرۇرلۇقىدىن مەمنۇن بولغان كېلىشكەن بەچچىلەرنى، سۆلەتلىك شاھلار ۋە خانلار بىلەن ئۇلارنىڭ بۇرۇنلا قولىدىن كەتكەن دۆلەت ۋە ئوردىلىرىنى ئەسلىدۇق. خۇددى ئۇ شاھلارنىڭ ھەرەمخانىسىدا قۇچاقلىشىپ يىغلاشقان كېنىزەكلەردەك، ئۆزىمىزنىڭمۇ ھاياتتىن خاتىرىگە ئۆتكەنلىكىمىزنى بىلەتتۇق. ئەمما ئۇلاردەك تارىختىن رىۋايەتكە ئۆتمىگەندۇرمىز؟ ئۆلۈم دەھشىتىدىنمۇ ۋەھىمىلىك بولغان ئۇنتۇلۇپ كېتىش قورقۇنچىسىنىڭ كۆلەڭگىسى كۆڭلىمىزنى

تېخىمۇ ساراسىمىگە سالمىسۇن دەپ تېمىنى يۆتكەپ، بىر - بىرىمىزدىن بىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۆلۈم كۆرۈنۈشلىرىنى سورىدۇق.

دەھھاكنىڭ شەيتان تەرىپىدىن ئالدىنىپ، دادىسىنى ئۆلتۈرۈشى كال- لىمىزدىن غىل - پال ئۆتتى. «شاھنامە» نىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان ئۇ رىۋايەتتە، شۇ چاغدا ئالەم تېخى يېڭى يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ھەممە نەرسە ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ھېچ نەرسىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئى- دى. سۈت كېرەك بولسا ئۆچكىنى سېغىپ ئىچەتتىڭ؛ ئات كېرەك بولسا، تۇتۇپ مىنىپ كېتىۋېرەتتىڭ؛ يامانلىق قىلماقچى بولساڭ، شەيتان كېلىپ سېنى داداڭنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە قايىل قىلاتتى. دەھھاكنىڭ ئەرەب نەسلىدىن بولغان ئاتىسى مەرداسنى سەۋەبسىزلا ئۆل- تۈرگەنلىكى ھەمدە جىنايەت يېرىم كېچىدە ھەشەمەتلىك، گۈزەل بىر ئوردا باغچىسىدا، جۇلالىنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار سەرۋىلەر بىلەن رەڭگارەڭ باھار چېچەكلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس يورۇتقان چاغدا يۈز بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنغان ئىدى.

كېيىن مىسلىسىز باتۇر رۇستەمنىڭ، دۈشمەن قوشۇنلىرىغا قو- ماندانلىق قىلىدىغان ئوغلى سۇھراب بىلەن ئۈچ كۈن ئېلىشقاندىن كې- يىن، ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ھالدا ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئەسلىدۇق. قىلىچ زەربىلىرى بىلەن كۆكسى پارە - پارە قىلىنغان سۇھرابنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭ ئا- نىسىغا بەرگەن بىلەزۈكتىن بىلگەن رۇستەمنىڭ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئۆزىنى كاچاتلىغان چېغىدىكى بايانلاردا ھەممىمىزگە تەسىر قىلغان بىر نەرسە بار ئىدى.

ئۇ نەرسە نېمە ئىدى؟

يامغۇر خانىقانىڭ ئۆگزىسىگە تېخىچە كۆڭۈلسىز يېغىۋاتقاندا، ئۇياق- تىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ تۇيۇقسىز مۇنداق دەۋېتىپتىمەن:

— بىزنى ياكى ئاتىمىز ھەم ئۇستازىمىز ئوسمان ۋاپاسىزلىق بىلەن ئۆلتۈرىدۇ ياكى بىز ۋاپاسىزلىق بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرىمىز.

بۇ سۆزۈم خاتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن قورقۇنچقا چۈشۈپ سۈكۈت قىلدۇق. يەنە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەندە

كۆڭلۈم ئالاقزادە بولۇپ، بۇرۇنقى سۆزلىرىمنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزۈمگە: دەرھال ئەفراسىياپنىڭ سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ تېمىنى ئۆزگەرتسەم بولغىدەك دېدىم. لېكىن ئۇ شۇنداق بىر ۋاپاسىزلىق ئىدىكى، ئۇنى سۆزلەش مۇۋاپىق بولماس دەپ ئويلاپ خۇسرەۋنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرۇلۇق سۆزلىدىم. بىراق فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»دە بايان قىلغىنىدەكمۇ ياكى نىزامىنىڭ «خۇسرەۋ بىلەن شېرىن»دە بايان قىلغىنىدەكمۇ؟ «شاھنامە» دە كىشىنى ھەسرەتلەندۈرىدىغان نەرسە شۇكى، قاتىل ھۇجرىغا كىرگىنىدە، خۇسرەۋ ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە كۆزىگە ياش ئالغان ئىدى! خۇسرەۋ ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە يېنىدىكى خىزمەتكار يىگىتنى "مەن بىر ناماز ئوقۇۋالاي، يۈگۈر، ماڭا سۇ، سوپۇن، پاكىز كىيىم ۋە جايناماز ئېلىپ كەل" دەپ ئەۋەتىدۇ، لېكىن ساددا يىگىت خوجايىنىنىڭ ئۆزىنى ياردەمچى چاقىرىپ كەلسۇن دەپ ئەۋەتكەنلىكىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئېلىپ كەلگىلى بارىدۇ. قاتىل خۇسرەۋ بىلەن ھۇجرىدا يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىشى ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلاش بولىدۇ. «شاھنامە» نىڭ ئاخىرىدىكى بۇ كۆرۈنۈشتە سۈيىقەستچىلەر ئىشقا سالغان قاتىلنى فىردەۋسى يىرگىنىش بىلەن مۇنداق تەرىپلەيدۇ: "ئۇ سېسىق پۇرايتتى، يۇڭلۇق، يوغان قورساق ئىدى."

ئۇياق ـ بۇياقتا مېڭىپ يۈرگىنىمدە، كاللام سۆزلەر بىلەن تولغانىدى، لېكىن چۈشلەردىكىدەك ئاۋازىم زادى چىقمايتتى.

بىر چۈشتىكىدەك، باشقىلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ماڭا نىسبەتەن يامان نىيەتتە بولۇۋاتقىنىنى شۇ چاغدا ھېس قىلدىم.

بىردىن ئۇچى بىرلىكتە ماڭا ئېتىلدى. مېنى يەرگە باسقان ھامان پۇتلىرىمنى يەردىن شۇنداق تېزلىكتە تۇتۇۋالدىكى، تۆتىمىز بىرلىكتە يەردە دومىلاشقا باشلىدۇق. بىر دەملىك تىركىشىش، بوغۇشۇشلار يۈز بەردى، ئەمما ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. مەن يەردە ئوڭدا ياتاتتىم، ئۇلار ئۈستۈمگە مىنىۋالدى.

بىرى تىزلىرىمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى، يەنە بىرى ئوڭ قولۇمدا

ئۆلتۈردى.

قارا ئىككى تىزىنى قوللىرىم بىلەن مۇرلىرىم تۇتۇشقان يەرگە تىرىدى، ساغرىسىنى مەيدەم بىلەن قورسىقىمنىڭ ئارىسىغا چىڭ قويۇپ ئۆلتۈردى. بۇ ئەھۋالدا زادى مىدىرلىيالمايتتىم. ھەممىمىز ھاڭ - تاڭ بولۇپ ھاسىراپ كەتكەندۇق. مەن شۇئان مۇنۇلارنى ئەسلىدىم:

رەھمەتلىك تاغامنىڭ مەندىن ئىككى ياش چوڭ لۆكچەك ئوغلى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ سودا كارۋانلىرىنى بۇلىغان چېغىدا تۇتۇلۇپ ئاللىقاچان كاللىسى ئېلىنغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇ ھەسەتخور ئەبلەخ مېنىڭ ئۆزىدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىمنى، ئەقىللىق ۋە ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىمنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بىر باھانە بىلەن جېدەل چىقىراتتى، ئەگەر جېدەل چىقىرالمىسا، چېلىشايلى دەپ مېنى دەرھال بېسىۋېلىپ، تىزلىرىنى ھازىرقىدەك مۇرلىرىمگە قويۇپ، خۇددى قارا ھازىر ماڭا كۆز تىكىپ تۇرغاندەك، كۆزلىرىمگە مىختەك قادىلىپ، تىكىلىپ تۇرۇۋالاتتى ۋە كالپۇكلىرىنىڭ ئارىسىغا تۈكۈرۈك يىغاتتى. بارغانسېرى كۆپەيگەن بۇ تۈكۈرۈكلەر ئاستا - ئاستا كۆزلىرىمگە ساقىغاندا، بېشىمنى ئوڭ - سولغا قاچۇرۇشقا تىرىشسام، ئۇ تاماشا كۆرەتتى.

قارا ھېچ نەرسىنى يوشۇرماسلىقىمنى ئېيتتى ۋە: — ئاخىرقى رەسىم قەيەردە؟ چاپسان ئېيت! — دېدى.

ئىككى نەرسە ئۈچۈن، يەنى ئۇلارنىڭ كېلىشىۋالغانلىقىنى بالدۇر سەزمەي بىھۇدە سۆزلەپ سالغانلىقىم ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ قالارىنى زادى ئويلىماي، بالدۇرراق قېچىپ كەتمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆكۈندۈم ۋە غەزەپلەندىم.

قارا ئاخىرقى رەسىمنى چىقىرىپ بەرمىسەم ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

كۈلكىلىك ئىش. ئاغزىمنى ئاچسام، راست گەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، كالپۇكلىرىمنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدىم، بىر ياقتىن ئۆزۈمنىڭ ئامالسىزلىقىمنى ئويلايتتىم. ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىپ مېنى مالىيە ۋەزىرىگە قاتىل دەپ ئۇقتۇرۇشسا، بۇ ئىشتىن قۇتۇلغان بولاتتى. بىردىنبىر ئۈمىدىم، ئۇستاز ئوسماننىڭ باشقا بىر گۇماندارى ياكى باشقا بىر يىپ ئۇچىنى

كۆرسىتىشىدە قالغان ئىدى، لېكىن قارانىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرى توغرىمىدۇ؟ ئۇلار مېنى مۇشۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كېيىن جىنايەتنى ماڭا ئارتىشى مۇمكىنمۇ؟

ئۇ خەنجەرنى كېكىردىكىمگە تاقىدى. قارانىڭ چىرايىدا زادى يو-شۇرالمايدىغان بىر خۇشاللىق نامايان بولغانلىقىنىمۇ شۇئان كۆردۈم. ئۇ يۈزۈمگە بىر كاچات ئۇردى. خەنجەر تېرەمنى كېسىۋېتەرمۇ - كەسمەسمۇ؟ دەپ تۇرغانىمنىڭ ئارىلىقىدا يەنە بىر كاچات ئۇردى.

مەن ئىچىمدە مۇنۇ مەنتىقىنى يەكۈنلىدىم: ھېچ نەرسىنى دېمىسەم ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ! بۇ ئويى ماڭا بىر كۈچ بەردى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار بوياقنى ئەڭ ياخشى بېرىدىغان، سىزىقنى ئەڭ تۈز سىزىدىغان، رەسىمنى ئەڭ ياخشى سىزىدىغان ماڭا تاكى شاگىرتلىقىمدىن تارتىپ ھەسەت قىلىد-دىغانلىقىنى يوشۇرالمايتتى. ئۇلارنى ماڭا بۇنچىۋالا ھەسەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتىم. قەدىرلىك بۇرادەرلىرىمگە قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

ئۇلاردىن بىرى — بۇ رەزىللىكنى قايسىسى قىلغانلىقىنى بىلىد-شىڭلارنى خالىمايمەن — ئۇزۇندىن بېرى ھەسرىتىنى چەككەن ئاشىقنى سۆيگەندەك مېنى ئوتلۇق قەلبى بىلەن سۆيدى. قالغانلار يېقىنلاشتۇرغان چىراغنىڭ يورۇقىدا قارىشىپ تۇراتتى. مەن قەدىرلىك بۇرادىرىمنىڭ بۇ سۆيۈشىگە سۆيۈش بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم. ئەگەر ھەممە ئىش ئاياغلاش-مىسا، ھېچ بولمىغاندا كۆپچىلىك ئەڭ ياخشى رەسىمنى مېنىڭ سىزغانلىد-قىمنى بىلىپ قالغاي، مېنىڭ سىزغان رەسىملىرىمنى تېپىپ كۆرۈپ باق-قاي.

سۆيۈشكە سۆيۈش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشۇم گويا ئۇنى ناھايىتى غە-زەپلەندۈرگەندەك، ئۇ مېنى غەزەپ بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى، لېكىن باش-قىلار ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئۇلار تېڭىرقاپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشى قارانى غەزەپلەندۈرگەنىدى. ئۇلار گويا ماڭا ئەمەس، ئۆزلىرد-نىڭ كەلگۈسىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىغا غەزەپلىنەتتى. بۇ تۇپەيلى ئىنتىقاملىرىنى پۈتۈن جاھاندىن ۋە كىشىلەردىن ئېلىشنى ئۈمىد قىلات-تى.

قارا بەلۋېغىدىن بىر نەرسىنى ئالدى. ئۇ بىر ئۇچى ئۇچلۇق بىر ئۇ-

زۇن يىڭنە ئىدى. ئۇنى تۇيۇقسىز كۆزۈمگە يېقىن ئەكىلىپ، سانجىۋېتىد-
دىغاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى.
— ئۇستازلار ئۇستازى ئۇلۇغ بەھزات بۇنىڭدىن 80 يىل ئىلگىرى،
ھىرات قولدىن كەتسە ھەممە نەرسىنىڭ ئاياغلىشىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆ-
رۈپ، ھېچكىم ئۆزىنى باشقىچە سىزىشقا مەجبۇرلىمىسۇن دەپ شەرەپ بى-
لەن ئۆزىنى ئۆزى ئەما قىلغانىدى، — دېدى ئۇ، — بۇ تاج يىڭنىسىنى ئۆز
كۆزىگە بىمالال سانجىپ تارتىۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاللاھنىڭ ھەشەمەت-
لىك قاراڭغۇلۇقى بۇ قەدىرلىك قۇلىغا، يەنى بۇ مۆجىزە قوللۇق رەسسامغا
ئاستا ـ ئاستا چۈشتى. ئەما ۋە مەھوش بولغان بەھزات بىلەن بىرلىكتە
ھىراتتىن تەبرىزگە كەلگەن بۇ يىڭنە شاھ تەھمەسىپ تەرىپىدىن سۇلتا-
نىمىزنىڭ ئاتىسىغا ھېلىقى مىسلىسىز سەنئەتلىك ئىشلەنگەن «شاھنامە»
بىلەن بىللە ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇستاز ئوسمان بۇنىڭ نېمىگە
ئەۋەتىلگەنلىكىنى دەسلەپ چۈشىنەلمىدى، لېكىن بۈگۈن بۇ رەھىمسىز
ھەدىيەنىڭ كەينىدىكى رەزىل نىيەتنى ۋە يوللۇق مەنتىقىنىمۇ كۆردى. ئۇ
سۇلتانىمىزنىڭمۇ ئەمدى ئۆز رەسىمىنى پەرەڭ ئۇستىلىرى شەكلىدە
سىزدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، تۈنۈگۈن
كېچە خەزىنە ئامبىرىدا خۇددى بەھزاتتەك بۇ يىڭنىنى ئۆز كۆزىگە سانجى-
دى. ئۇستاز ئوسماننىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ قۇرغان رەسىمخا-
نىسىنى ۋەيران قىلغان سەن مەلئۇننى مەن ئەما قىلسام بۇنىڭغا يەنە نېمە
سەۋەب كېرەك؟
— مېنى ئەما قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ، ئاخىرى بۇ يەردە ئۆزىمىزگە
پاناھلىنىدىغان ئورۇن تاپالمايمىز، — دېدىم، — ئۇستاز ئوسمان راستىلا
ئەما بولسا ياكى ئۆلۈپ كەتسە، بىزلەرمۇ پەرەڭلەرنىڭ تەسىرى بىلەن پۈ-
تۈن نۇقسانلىرىمىز ۋە ئالاھىدىلىكىمىز بىلەن ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەننى
خالىغانچە سىزىپ ئۇسلۇب ئىگىسى بولساق، ئۆزىمىزگە بىر قەدەر ئوخ-
شىغان بولىمىز، لېكىن دەل ئۆزىمىز بولالمايمىز. ئۇنداق بولماي، پېشقە-
دەم ئۇستازلاردەك سىزايلى ۋە پەقەت ئۇلاردەك سىزساق دەل ئۆزىمىز بو-
لىمىز دېسەك، ئۇستاز ئوسمانغىمۇ كەينىنى قىلىدىغان سۇلتانىمىز بىز-
نىڭ ئورنىمىزغا باشقىلارنى تاپىدۇ، ئاندىن بىزگە ھېچكىم نەزەر سالماي-

دۇ، باشقىلار بىزگە پەقەت ئىچىنىدۇ. قەھۋەخانىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشىمۇ يارىمىزغا تۇز سېپىدۇ. چۈنكى بۇ ۋەقەنىڭ يېرىمى تەرغىباتچى جانابلىرىغا تىل تەگكۈزگەن بىز رەسساملارغا ئارتىلىدۇ.

ئىچكى ماجىرالىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە پايدىسىزلىقىنى ئاغزىم بېسىلماي چۈشەندۈرۈشكە تىرىشساممۇ، بۇ بىھۇدە ئېغىز خورىتىش بولدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمنى زادى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى: ئۇلار ئاللاقزادىلىك ئىچىدە ئىدى. سەھەرگىچە ئۇلاردىن زادى كىمنىڭ جىنايەتكار ئىكەنلىكىگە دەرھال ھۆكۈم قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىغا، قىيناق - سوراققا ئېلىنمايلا قالماستىن، رەسىمخانىدىمۇ ھەممە ئىشنىڭ بۇرۇنقىدەك داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

شۇنداقتىمۇ، قارا قىلىمەن دەپ تەھدىت سېلىۋاتقان بۇ ئىشنى قالغان ئىككىسى خوپ كۆرمەيتتى. باشقا بىرىنىڭ جىنايەتكار ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، مېنى بىكاردىن - بىكار ئەما قىلغانلىقى سۇلتانىمىزنىڭ قۇلىقىغا يەتسىچۇ؟ قارانىڭ ئۇستاز ئوسمان بىلەن يېقىنلىقى ۋە ئۇنى يولسىزلارچە تىلغا ئېلىشىمۇ ئۇلارنى قورقۇتاتتى. قارا كۆزلىرى ئالايغان بىر غەزەپ بىلەن داۋاملىق كۆزۈمگە تەگلەپ تۇرغان يىڭنىنى يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

گويا ئۇلار قارانىڭ قولىدىكى تاج يىڭنىسىنى تارتىۋالىدىغاندەك، بىز ھەممىمىز بىرلىشىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغاندەك، ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچقا چۈشتى. بىردىن نېرى تارت - بېرى تارت بولدى. كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان يىڭنە تالىشىش جېڭىدىن قېچىش ئۈچۈن مەن پەقەت ئېڭىكىمنى كۆتۈرۈپ، بېشىمنى كەينىمگە قاچۇرالايتتىم.

كېيىن ھەممە ئىش شۇنداق تېز بولدىكى، دەسلەپ نېمە بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم. ئوڭ كۆزۈمدە قاتتىق، ئەمما ۋاقىتلىق بىر ئاغرىق سەزدىم، بىر ھازاغىچە پېشانەم كۆيۈشتى. كېيىن ھەممە نەرسە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتتى، لېكىن ئىچىمگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالغانىدى. چىراغ يىراقلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا باشقا بىرىنىڭ قەتئىي ھالدا يىڭنىنى بۇ قېتىم سول كۆزۈمگە سانجىماقچى بولۇپ كۆتۈرگەنلىكىنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇ قارانىڭ قولىدىن يىڭنىنى بايا تارتىۋالغانىدى. بۇ قېتىم يىڭنە سانجىش

ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە ئەستايىدىل بولغانىدى. يىڭنىنىڭ كۆز قارىچۇقىمغا بىردىنلا سانجىلغانلىقىنى سەزگەندە زادى مىدىرلىمىدىم. يەنە ئاۋۋالقىدەك قىزىشنى سەزدىم. پېشانەمدىكى كۆيۈشۈش گويا بېشىمنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغانىدى، يىڭنە تارتىۋېلىنغاندا توختىدى. ئەمدى ئۇلار مېنىڭ كۆزلىرىمگە ۋە يىڭنىنىڭ ئۇچىغا نۆۋەت بىلەن قارىشاتتى، گويا بولغان ئىشلاردىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. بېشىمغا كەلگەن پاجىئە ئوبدان چۈشىنىشلىك بولغاندا، نېرى تارت ـ بېرى تارت توختىدى، بىلەكلىرىمدىكى يۆكلەرمۇ يېنىكلەشتى.

ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلىدىم. ئاغرىقتىن ئەمەس، بېشىمغا كەلگەن ئىشنى چۈشەنگەنلىكىمنىڭ قورقۇنچىسىدىن ۋارقىرىغانىدىم.

قانچىلىك ۋارقىرىغىنىمنى بىلمەيمەن. دەسلەپ پەريادىمنىڭ مېنىلا ئەمەس، ئۇلارنىمۇ يېنىكلەشتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاۋازىم بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە يېقىنلاشتۇراتتى.

لېكىن پەريادىم داۋاملاشقانچە، ئۇلارنىڭ بىر جىددىيلىك ئىچىدە قالغانلىقىنىمۇ كۆردۈم. ئەمدى ھېچقانداق ئاغرىق سەزمەيتتىم، لېكىن ئىككىلا كۆزۈمگە يىڭنە سانجىلغانلىقى كاللامدىن زادى چىقمايتتى.

تېخى ئەما بولمىغانىدىم. ئۇلارنىڭ ماڭا قورقۇنچ ۋە ھەسرەت بىلەن قارىشىۋاتقانلىقىنى ۋە خانىقانىڭ قورۇسىدا بىقارارلىق بىلەن مىدىرلاۋاتقان كۆلەڭگىلەرنى — خۇداغا شۈكۈر — يەنىلا كۆرەلىگەنىدىم. بۇ ھەم مېنى خۇشال قىلدى ھەم قاتتىق بىئاراملىقتا چۈشۈردى. "مېنى قويۇۋېتىڭلار" دەپ ۋارقىرىدىم، "قويۇۋېتىڭلار ـ دە، خۇدا ھەققىدە ھەممىنى كۆرەي."

— دەرھال ئېيت، — دېدى قارا، — ئۇ كېچە نازاكەتلىك ئەپەندى بىلەن قانداق ئۇچراشتىڭلار؟ شۇنى ئېيتساڭ قويۇۋېتىمىز.

— قەھۋەخانىدىن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتاتتىم، بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندى ئالدىمغا چىقتى. ئۇ قورقۇۋاتاتتى، ھالى ئىنتايىن پەرىشان ئىدى. دەسلەپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتىم. لېكىن ھازىر مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئاندىن دەپ بېرەي، كۆزۈم قاراڭغۇلاشقىلى تۇردى.

— ھازىرلا قاراڭغۇلاشمايدۇ، — دېدى قارا قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن، —

ماۋا ئىشەنگىن، ئۇستاز ئوسمان بۇرنى يېرىق ئاتنى تېشىلگەن كۆزلىرى بىلەن پەرق ئەتتى.

— بىچارە نازاكەتلىك ئەپەندى مەن بىلەن سۆزلىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، يالغۇز ماۋا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لېكىن ھازىر مەن ئۇنىڭغا ئەمەس، ئۆزۈمگە ئېچىنىمەن.

— كۆزلىرىڭگە قان چۈشمەستە ئېيتساڭ، ئەتىگەندە دۇنيانى ئاخىرقى قېتىم قېنىپ كۆرۈۋالىسەن، — دېدى قارا، — قارىغىنا، يامغۇر توختىدى.

— مەن نازاكەتلىك ئەپەندىگە: "كېيىنمىزگە قايتىپ قەھۋەخانىغا بارايلى" — دېدىم. لېكىن ئۇنىڭ بۇ يەرنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا قورقىدىغانلىقىنى شۇئان چۈشەندىم. شاگىرتلىق چاغلىرىمىزدىن بېرى 25 يىل بىرلىكتە رەسىم سىزغاندىن كېيىن نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ بىزدىن ئوبدانلا ئايرىلىپ يىراقلاشقانلىقىنىمۇ دەسلەپ شۇ چاغدا سەزدىم. كېيىنكى سەككىز ـ توققۇز يىلدا، ئۆيلەنگەندىن بېرى ئۇنى رەسىمخانىدا كۆرەتتىم ـ دە، نېمە سىزىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم... ئۇ ماۋا ئاخىرقى رەسىمنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. رەسىمدە چوڭ بىر گۇناھ، يەنى ھېچقايسىمىز ئۈمۈر بويى يۈيۈۋېتەلمەيدىغان بىر نەرسە بار ئىكەن. ئۇ ھەممىمىزنىڭ بۇ ۋەجىدىن جەھەننەمدە كۆيىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقاندى. ئۇ ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەن ۋە قورقۇنچ ئىچىدە، خۇددى سەزمەستىن چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بىر كىشىدەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتى.

— قانداق چوڭ گۇناھ ئىكەن؟

— بۇنى ئۇنىڭدىن سورىغىنىمدا، ئۇ گويا بىلمەمسەن؟ دېگەندەك كۆزلىرىنى ھۇدۇققان ھالدا ئاچتى. شاگىرتلىقتىكى دوستىمىزنىڭ بىزگە ئوخشاش ياشىنىپ قالغانلىقىنى شۇ چاغدا بىلدىم. ئۇ بىتەلەي يېزىنە تاغىنىڭ ئاخىرقى رەسىمدە پېرسپېكتىۋ ئۇسۇلىنى نومۇسسىزلارچە قوللانغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ رەسىمدە شەيئىلەر ئاللاھنىڭ قەلبىدىكى ئورنىغا ئاساسەن ئەمەس، پەرەڭلەرنىڭكىگە ئوخشاش كۆزلىرىمىزگە كۆرۈنگەن شەكىل ـ ھالىتى بويىچە سىزىلىدىكەن. بۇ چوڭ بىر گۇناھمىش. ئىسلام خەلىپىسى بولغان سۇلتانىمىزنى بىر ئىت بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتا سى-

نىش ئىككىنچى گۇناھمىش. ئۈچىنچى گۇناھ شەيتان رەسىمنى ئوخشاش چوڭلۇقتا سىزىش، ھەتتا ئۇنى قىياپىتى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان قىلىپ سىزغانلىق ئىمىش. لېكىن ھەممىدىن چوڭ كۆپۈرلۈق، تەبىئىيكى، رەسىمگە پەرەڭ ماھارىتىنى كىرگۈزۈشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، يەنى سۇلتانىمىزنىڭ ئوبرازىنى ئادەم چوڭلۇقىدا ۋە يۈزىنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتلىرى بىلەن سىزغانلىق بولىدىكەن. بۇ بۇتپەرەسلەرنىڭكىدەك... ياكى بۇتپەرەسلىك ئادەتلىرىدىن قۇتۇلالمىغان خرىستىئانلارنىڭ چېركاۋ تاملىرىغا سىزىپ، چوقۇنىدىغان "ئوبراز"لاردەك ئىدى. نازاكەتلىك ئەپەندى يېزنە تاغامدىن ئۆگەنگەن بۇ سۆزنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى ۋە ئوبرازنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى، ئوبراز بىلەن مۇسۇلمان رەسىمنىڭ تۈگەشىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. بىز تەرغىباتچى ئەپەندى جانابلىرىغا ۋە دىنىمىزغا تىل تەگكۈزدى دەپ ئەيىبلەنگەن قەھۋەخانىغا بارمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، نازاكەتلىك ئەپەندى بۇلارنى ماڭا كوچىدا ماڭغاچ ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئارىلاپ توختىتىۋېلىپ ياردەم تەلەپ قىلغاندەك كەيپىياتتا مەندىن بۇلار توغرىمۇ، بىرەر ھەل قىلىش چارىسى يوقمۇ، دوزاختا كۆيەمدۇق، دەپ سورايتتى، پۇشايمانلىق بوھرانلىرى ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇراتتى، لېكىن شۇئان ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ پۇشايمان قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالغان چوڭ ئالدامچى ئىدى.

ـــ بۇنى قانداق بىلدىڭ؟

ـــ نازاكەتلىك ئەپەندىنى بالىلىق چاغلىرىمىزدىن تارتىپ تونۇيمىز. ئۇ ئۆزى ھەل بەرگەن ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ناھايىتى تۈز مىجەزلىك ۋە تىنچ يۈرۈيدىغان، ئاددىي ۋە ھەۋەسسىز ئادەم ئىدى. بۇ چاغدا ئالدىمدا تۇرغان كىشى گويا ئۇنىڭدىنمۇ ئەقىلسىز، ساددا، ئېتىقادلىق، ئەمما يۈزەكى بىر ئادەم ئىدى.

ـــ ئاڭلىشىمچە، ئۇمۇ ئەرزۇرۇملۇقلار بىلەن ئارىلىشىدىكەن، ـــ دېدى قارا.

ـــ ھېچبىر مۇسۇلمان بىلمەي گۇناھ سادىر قىلدىم دەپ بۇنداق ئۆزىنى كاچاتلىمايدۇ، ـــ دېدىم، ـــ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ئادىل ۋە مەنتىقىلىق ئىكەنلىكىنى ۋە بەندىسىنىڭ نىيىتىدىن خەۋەردار ئىكەنلى-

كىنى بىلىدۇ. بىلمەستىن چوشقا گۆشى يەپ قالغانلىقى ئۈچۈن جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقىغا پەقەت ئەقلى كەم نادانلارلا ئىشىنىدۇ. دەرۋەقە، ھەقىقىي مۇسۇلمان جەھەننەم قورقۇنچىسىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، باشقىلارنى قورقۇتۇشقا قوللىنىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. نازاكەتلىك ئەپەندى ئەتەي شۇنداق قىلاتتى، ئۇ مېنى قورقۇتماقچى ئىدى. بۇنداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا سېنىڭ يېزنە تاغاڭ ئۆگەتكەنىدى. بۇنىمۇ شۇ چاغدا چۈشەندىم. ئەمدى ماڭا توغرىسىنى ئېيتىڭلار، قەدىرلىك رەسسام قېرىنداشلىرىم، كۆزلىرىمگە قان چۈشۈۋاتىدۇ. كۆزلىرىم نۇرىنى يوقىتىۋاتامدۇ قانداق؟

ئۇلار چىراغنى ئەكىلىپ يۈزۈمگە يېقىن تۇتۇپ، كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە دوختۇردەك دىققەت بىلەن كۆيۈنۈپ قارىدى.

— ھېچ نەرسە بولمىغاندەك تۇرىدۇ.

مەن بۇ ئالەمدە كۆرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى نەرسە كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرغان مۇشۇ ئۈچەيلەن بولغىيمىدى؟ بۇ چاغلارنى ئۆلگىچە ئۇنتۇمايدىغانلىقىمنى ئەسلەيتتىم. پۇشايمان قىلسامىمۇ، ئۇمىد ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن مۇنۇلارنى دېدىم:

— يېزنە تاغاڭ نازاكەتلىك ئەپەندىگە مەنئى قىلىنغان بىر نەرسىنى سىزىشنى ئۆگەتتى. ئۇ ئاخىرقى رەسىمنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇپ، ھەر بىرىمىزگە ئۇ رەسىمنىڭ بىردىن بۇرجىكىنى ئېچىپ ئۇ يەرگە بىر رەسىم سىزدۇرۇپ، پۈتۈن رەسىمنى يوشۇرۇش ئارقىلىق رەسىمگە سىرلىق ۋە مەخپىي كەيپىيات بېرىپ، ھەممەيلەنگە بىر گۇناھ ۋەھىمىسىنى سالدى. بىزگىمۇ يۇققان ۋەھىمىلەرنى ۋە گۇناھ ئەندىشىلىرىنى ھاياتىدا رەسىملىك كىتاب كۆرمىگەن ئەرزۇرۇملۇقلار ئەمەس، دەسلەپ ئۇ سىڭدۈردى. لېكىن ۋىجدانى پاك رەسسامغا قورقىدىغان يەنە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

— ۋىجدانى پاك رەسسام قورقىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار، — دېدى قارا بىلەرمەنلەرچە، — شۇنداق، رەسىم سىزىشقا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، لېكىن رەسىم دىنىمىزدا مەنئى قىلىنغان. پارس ئۇستازلىرىنىڭ رەسىملىرى، ھەتتا ھىراتلىق ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ ماھارەتلىرى ئەڭ ئاخىرىدا گىرۋەك بېزەكنىڭ داۋامى دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن ماقالىنىڭ

گۈزەللىكىنى، خەتتاتنىڭ ماھارەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ دەپ ئۇلارغا ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، رەسىممىزنى زادى قانچە كىشى كۆرىدۇ؟ لېكىن بىز پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانغاندا، رەسىملىرىمىز بېزەك نەقىشلىرى ياكى مۇرەككەپ نۇسخىلار بولۇشتىن قېلىپ ئاددىي ئوبراز رەسىمى بولۇشقا باشلايدۇ. «قۇرئان كەرىم» مەنئى قىلغان، پەيغەمبىرىمىز قارشى تۇرغان نەرسە مانا شۇ. سۇلتانىمىزمۇ، يېزنە تاغاممۇ بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. يېزنە تاغام بۇ تۈپەيلى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

— يېزنە تاغاڭ قورققانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى، — دېدىم، — خۇددى ساڭا ئوخشاش ئۇمۇ قولىدىكى سىزىلىۋاتقان ئاخىرقى بىر رەسىمنىڭ دىنغا، كىتابقا زىت ئەمەسلىكى توغرۇلۇق دەۋا قىلىشقا باشلىغانىدى... بۇمۇ دىنغا زىت بىر پاكىت ئۈچۈن تىرىشقان ئەرزۇرۇملۇقلار ئىزدىگەن نەرسىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. نازاكەتلىك ئەپەندى بىلەن يېزنە تاغاڭ نەق شېرىك ئىدى.

— ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى سەن ئۆلتۈردۈڭ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى قارا.

شۇ ئاندا ئۇ مېنى ئۇرىدۇ دەپ ئويلىدىم ۋە بىردىنلا گۈزەل شەكۈرەنىڭ يېڭى ئېرىنىڭ يېزنە تاغىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە دەۋاگەر ئەمەسلىكىنى ئويلىدىم. ئۇرسىمۇ پىسەنت قىلمايتتىم.

— ئەسلىدە سۇلتانىمىز تەلەپ قىلغان نەرسە پەرەڭ رەساملىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر كىتاب تەييارلىتىپ ھەيۋىسىنى كۆرسەتمەكچى بولغىنىدەك، — دېدىم جاھىللىق بىلەن، — يېزنە تاغاڭ تەكەببۇرلارچە ئۇلۇغلىنىش ئۈچۈن كىشىلەرگە جەڭ ئېلان قىلغان، ئۇ مۇنازىرە خاراكتېرلىك بىر كىتابمۇ تەييارلاتماقچى بولغانىدى. ساياھەتلىرىدە كۆرگەن پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ رەسىملىرىگە تىز پۈكۈپ خۇشامەت قىلغانىدى. شۇڭا، ئەتىدىن كەچكىچە بىزگە ماختاپ بەرگەن نەرسىلەرگە (ھېلىقى پېرسپېكتىۋ ۋە ئوبراز رەسىمى دېگەن بىمەنىلىكلىرىنى ساڭىمۇ سۆزلەپ بەرگەن بولغىيدى) ئاخىرىغىچە ئىشەنگەنىدى. مېنىڭچە بولغاندا، بىز تەييارلىغان كىتابتا قىلچە زىيانلىق نەرسىلەر يوق ئىدى، دىنغا زىت بىرەر نەرسىمۇ

يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان بىر كىتاب تەييارلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، شەخسىي ئابرۇيىنى تىكلىمەكچى بولاتتى. سۇلتاننىڭ مەخسۇس ئىجازىتى بىلەن بۇنداق خەتەرلىك بىر ئىشقا رەھبەرلىك قىلىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ رەسىملىرىگە چوقۇنۇشتەك مۇھىم ئىدى. دەرۋەقە، تامغا ئېسىلىدىغان رەسىم سىزساق كۇپۇرلۇق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن مەن ئۇ كىتابقا سىزغان رەسىملەرنىڭ ھېچبىرىدە دىنغا زىت بىرنەرسە، ئېتىقادتىن يۈز ئۆرۈش ياكى خۇداسىزلىق، ھەتتا نامەلۇم بىر ھارام قورقۇنچىسىمۇ ھېس قىلمىدىم. سىلەر ھېس قىلدىڭلارمۇ؟

كۆزلىرىمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى سەزمەيلا قالدىم. لېكىن، خۇداغا شۈكۈر، سوئالىمنىڭ ئۇلارنى ئىنتايىن گۇمانلاندۇرغانلىقىنى بىلگىدەك دەرىجىدە كۆرەلەيتتىم.

— بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن؟ — دېدىم ھەۋەس بىلەن، — بىز سىزغان رەسىملەردە بىلىنەر - بىلىنمەس بىر گۇناھلىق پىكىر، كۇپۇرلۇق كۆلەڭگىسى بارلىقىنى ئىنتايىن مەخپىي چۈشەنسەڭلارمۇ، بۇنى ئەسلا قوبۇل قىلمايسىلەر. چۈنكى بۇ سىلەرنى ئەيىبلىگەن ئەررزۇرۇملۇق دۈشمەنلىرىڭلار ۋە قارىغۇلارچە چوقۇنغۇچى خۇراپىيلارنىڭكىنى توغرا تاپقانلىق بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سۈتتىن ئاق ئىكەنلىكىڭلارنىمۇ ئىشەنچلىك ئېيتالمايسىلەر. چۈنكى بۇ مەخپىي، سىرلىق، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشنىڭ قايمۇقتۇرغۇچى غۇرۇرىدىن، تەمەننالىق بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىشىڭلاردىن ۋاز كەچكەنلىك بولىدۇ. مەنمۇ بۇنداق مەغرۇرلۇقتىن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىمنى قانداق سەزگەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟ بىتەلەي نازاكەتلىك ئەپەندىنى يېرىم كېچىدە بۇ خانىقاغا ئېلىپ كېلىپ (ئۇنى قانداقتۇر كوچىلاردا مېڭىۋېرىپ مۈزلىتىۋەتكەنلىكىمنى باھانە قىلىپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدىم)، ئەسلىدە مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ خۇداسىز بىر قەلەندەر داشقىلى، يەنە كېلىپ، شۇنداقلارنىڭ تەقلىدى ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىشتىن خۇش بولاتتىم. مەن نازاكەتلىك ئەپەندى مېنىڭ بەچچىۋازلىق، بەڭگىلىك، سەرگەردانلىق ۋە ھەر خىل رەزىللىكنى قىلىدىغان تاپتىن چىققان بىر تەرىقەتنىڭ ئاخىرقى مۇرىتى

ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، گويا مەندىن تېخىمۇ قورقۇپ، تېخىمۇ ھۆرمەت
قىلىشى ۋە بەلكىم قورققانلىقى تۈپەيلى قالايمىقان سۆزلەشتىن ئاغزىنى
يۇمۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. نەتىجىدە، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش بولدى.
كەم ئەقىل قەدىناس دوستىمىز بۇ يەردىن يىرگەنگەندەك، يېزنە تاغامدىن
ئۆگەنگەن كۇپۇرلۇق بىلەن ئەيىبلىنىشلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىمۇ شۇ-
ئان ئېتىراپ قىلدى. شۇڭا باشتا "ماڭا ياردەملەشكىن، جەھەننەمگە بارماي-
دىغانلىقىمىزغا مېنى قايىل قىلغىن - دە، بۈگۈن كېچە ئارامخۇدا ئۇخ-
لىۋالاي" دېگەن قەدىرلىك قەدىناس دوستىمىز كېيىن بىر تەھدىت تەلەپ-
پۇزى بىلەن "بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ" دېيىشكە باشلىدى. ئۇ ئا-
خىرقى رەسىمدە سۇلتانىمىزنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن ناھايىتى يىراقلاپ كەت-
كەنلىكى، سۇلتانىمىزنىڭ بۇنى ئەپۇ قىلمايدىغانلىقى، غەيۋەت - شىكايەت-
لەرنىڭ ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچى موللىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدىغانلىقىغا
قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇنى ھەممە نەرسىنىڭ پۈتۈنلەي ساختا ئىكەنلىكىگە
ئىشەندۈرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يېزنە تاغىنىڭ بىمەنىلىك-
لىرىنى دىنغا كۇپۇرلۇق قىلدى، شەيتاننى چىرايلىق كۆرسەتتى دەپ مۇبا-
لىغىلاشتۇرۇپ، ئەرزۇرۇملۇق تەرغىباتچىغا ئىشىنىدىغان پۈتۈن ئەقىلسىز
دوستلىرىغا ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ بۇ ئىغۋالارغا ئىشىنىدىغان-
لىقىنى چۈشەندىم. پادىشاھىمىزنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكىنىمىزدىن بې-
رى سەنئەتكارلار ئىچىدىكىلەرنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بىزگە
قانداق ھەسەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىسىلەر. ئەمدى ئۇلار ئېشەك ئۆلۈۋات-
سا كەينى غېجەك تارتقاندەك، ھەممە بىر ئېغىزدىن: "رەسساملار دىنسىزلىق
قىلىۋاتىدۇ" دېيىشمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزنە تاغا بىلەن نازاكەتلىك
ئەپەندىنىڭ ھەمكارلىقى بۇ ئىغۋانىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئىغۋا
دېيىشمىدىكى سەۋەب، نازاكەتلىك ئەپەندى بۇرادىرىمىزنىڭ كىتاب ۋە ئا-
خىرقى رەسىم ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. يەنە ئۇ
چاغدا مەن بەزىلەرنىڭ رەھمەتلىك يېزنە تاغامنى ئەيىبلىشىگە يول قوي-
مايتتىم، ھەتتا سۇلتانىمىزنىڭ يېقىنچىلىقلىرىنىڭ ئۇستاز ئوسماندىن
ئۇنىڭغا يۆتكىلىشىنى ناھايىتى توغرا تاپقانىدىم. ئۇ پەرەڭ ئۇستازلار ۋە
ئۇلارنىڭ رەسىملىرى ھەققىدە ماڭا ئۆزۈندىن - ئۆزۈن ئۇقتۇرغان نەرسە-

لەرگە ئۆنىڭچىلىك بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ئىشىنەتتىم. مەن بۇرۇن بىر
ئوسمانىيە رەسساملىرى شەيتان بىلەن ھېچقانداق ئالاقىمىز بولمىغان
ھالدا پەرەڭ ئۇسۇللىرىنى ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن خالىغىنىمىزچە ۋە چەت
ئەللەردە كۆرگىنىمىزچە ياخشى ئۆگىنىۋالالايمىز ۋە بۇلارمۇ بېشىمىزغا
بالا بولمايدۇ دەپ سەمىمىي ئىشىنەتتىم. كەلگۈسى پارلاق ئىدى ۋە رەھ-
مەتلىك يېزنە تاغاڭ ئۇستاز ئوسماندىن كېيىن بۇ يېڭى ھاياتتا ماڭا يېڭى
بىر ئاتا ئىدى.

— بۇنى قويۇپ تۇر، — دېدى قارا، — ئالدى بىلەن نازاكەتلىك ئە-
پەندىنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئېيتقىن.

— بۇ ئىشنى، — دېدىم، ئۆلتۈرۈش دېگەن سۆزنى قوللىنالمايدىغان-
لىقىمنى چۈشىنىپ، — بۇ ئىشنى پەقەت بىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى قۇتقۇ-
زۇش ئۈچۈن قىلدىم. نازاكەتلىك ئەپەندى قولىغا بىر تەھدىت قورالى ئال-
غانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇلۇغ ئاللاھقا ماڭا بۇ پەسكەشنىڭ نەقەدەر رە-
زىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دۇئا قىلىپ يالۋۇردۇم. ئاللاھ دۇئا-
لىرىمنى قوبۇل قىلىپ، ماڭا رەزىلنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرسەتتى:
ئۇنىڭغا پۇل بېرىشنى خالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ئاچكۆز قىياپىتىنى
كۆرسەتتى. ئەقلىمگە بۇ تىللالار كەلگەنىدى، لېكىن ئاللاھنىڭ ئىلھامى
بىلەن بىر يالغان سۆزنى ئويدۇرۇپ چىقتىم. تىللالار بۇ يەردە، يەنى خانى-
قادا ئەمەس، ئۇلارنى يوشۇرۇپ قويغان بىر يەردە، دېدىم. تاشقىرىغا چىق-
تۇق. جىمجىت كوچىلاردا، چەت - ياقا مەھەللىلەردە قەيەرگە كېتىۋاتقان-
لىقىمنى ھېچ ئويلانمايلا مەقسەتسىز ماڭدۇق. قانداق قىلىشىمنى زادى بى-
لەلمەيتتىم ۋە ناھايىتى قورقاتتىم. مەقسەتسىز ۋە نىشانسىز مېڭىۋېرىپ،
ئاخىرىدا، بايا مېڭىپ ئۆتكەن بىر كوچىدىن يەنە ئۆتكىنىمىزدە، پۈتۈن ھا-
ياتىنى شەكىل ۋە تەكرارلاشنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلغان ئۇ بۇرادى-
رىمىز — ھەلكەش نازاكەتلىك ئەپەندى گۇمانلىنىشقا باشلىدى. لېكىن
ئاللاھ ئالدىمىزغا بىر خارابىلىق ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بىر قۇدۇقنى ئىلتىپات
قىلغانىدى.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە قالغىنىنى داۋاملاشتۇرالمايدىغانلىقىمنى
چۈشىنىپ ئۇلارغا ئېيتتىم ۋە بىر جاسارەت بىلەن: — سىلەرمۇ مېنىڭ

لەرگە ئۇنىڭچىلىك بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ئىشىنەتتىم. مەن بۇرۇن بىز ئوسمانىيە رەسساملىرى شەيتان بىلەن ھېچقانداق ئالاقىمىز بولمىغان ھالدا پەرەڭ ئۇسلۇبلىرىنى ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن خالىغىنىمىزچە ۋە چەت ئەللەردە كۆرگىنىمىزچە ياخشى ئۆگىنىۋالايمىز ۋە بۇلارمۇ بېشىمىزغا بالا بولمايدۇ دەپ سەممىي ئىشىنەتتىم. كەلگۈسى پارلاق ئىدى ۋە رەھمەتلىك يېزنە تاغاڭ ئۇستاز ئوسماندىن كېيىن بۇ يېڭى ھاياتتا ماڭا يېڭى بىر ئاتا ئىدى.

ــ بۇنى قويۇپ تۇر، ــ دېدى قارا، ــ ئالدى بىلەن نازاكەتلىك ئەپەندىنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئېيتقىن.

ــ بۇ ئىشنى، ــ دېدىم، ئۆلتۈرۈش دېگەن سۆزنى قوللىنالمايدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ، ــ بۇ ئىشنى پەقەت بىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىلدىم. نازاكەتلىك ئەپەندى قولىغا بىر تەھدىت قورالى ئالغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇلۇغ ئاللاھقا ماڭا بۇ پەسكەشنىڭ نەقەدەر رەزىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دۇئا قىلىپ يالۋۇردۇم. ئاللاھ دۇئالىرىمنى قوبۇل قىلىپ، ماڭا رەزىلنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرسەتتى: ئۇنىڭغا پۇل بېرىشنى خالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ئاچكۆز قىياپىتىنى كۆرسەتتى. ئەقلىمگە بۇ تىللالار كەلگەنىدى، لېكىن ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن بىر يالغان سۆزنى ئويدۇرۇپ چىقتىم. تىللالار بۇ يەردە، يەنى خانىقادا ئەمەس، ئۇلارنى يوشۇرۇپ قويغان بىر يەردە، دېدىم. تاشقىرىغا چىققۇق. جىمجىت كوچىلاردا، چەت ـ ياقا مەھەللىلەردە قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېچ ئويلانمايلا مەقسەتسىز ماڭدۇق. قانداق قىلىشىمنى زادى بىلەلمەيتتىم ۋە ناھايىتى قورقاتتىم. مەقسەتسىز ۋە نىشانسىز مېڭىۋېرىپ، ئاخىرىدا، بايا مېڭىپ ئۆتكەن بىر كوچىدىن يەنە ئۆتكىنىمىزدە، پۈتۈن ھاياتنى شەكىل ۋە تەكرارلاشنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلغان ئۇ بۇرادىرىمىز ــ ھەلكەش نازاكەتلىك ئەپەندى گۇمانلىنىشقا باشلىدى. لېكىن ئاللاھ ئالدىمىزغا بىر خارابىلىق ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بىر قۇدۇقنى ئېلىتىپات قىلغانىدى.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە قالغىنىنى داۋاملاشتۇرالمايدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ ئۇلارغا ئېيتتىم ۋە بىر جاسارەت بىلەن: ــ سىلەرمۇ مېنىڭ

ئورنۇمدا بولساڭلار، باشقا بارلىق رەسسام بۇرادەرلىرىڭلارنى قوغلاپ قىلىش ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش قىلاتتىڭلار، — دېدىم.

ئۇلارنىڭ سۆزۈمنى توغرا تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتكۈم كەلدى. زادى ماس كەلمەيدىغان مېھرىبانلىق قەلبىمنى يۇمشاتقانلىقى ئۈچۈن ھەممىنى دەۋەتمەكچى بولدۇم، لېكىن بۇ سەۋەبتىن ئەمەس ئىدى؛ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋەتكەن قودۇقنىڭ تېگىگە گەۋدىسى ئۇرۇلغاندا چىققان ئاۋازنى قايتا ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن، دېمەكچى ئىدىم، لېكىن بۇ سەۋەبتىنمۇ ئەمەس؛ مەن قاتىل بولۇشتىن ئىلگىرى باشقىلاردەك بەختىيار ئىدىم، مانا شۇنى ئەسلىگەنلىكىم ئۈچۈن، دېمەكچى ئىدىم، لېكىن بۇ سەۋەبتىنمۇ ئەمەس. بالىلىقىمدا نامرات مەھەللىمىزدىن دائىم ئۆتىدىغان بىر ئەما بوۋاي كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەنگەندى: ئۇ پاسكىنا كىيىملىرىنىڭ ئىچىدىن تېخىمۇ پاسكىنا ئۇزۇن ساپلىق بىر تۆمۈر قاچىنى چىقىرىپ، مەھەللە كوچىكىنىڭ بېشىدا يىراقتىن قاراپ تۇرغان بىز بالىلارغا قاراپ: "بالام، قايسىڭلار بۇ ئەما تاغاڭلارنىڭ قاچىسىغا كوچىدىكى سۇ ئەكىلىپ بېرىسىلەر؟" دەيتتى. ھېچكىم ئۇنىمىغاندا: "ساۋاب بولىدۇ، بالام، ساۋاب!" دەيتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى خىرەلىشىپ، كۆزلىرىنىڭ ئېقىغا ئوخشاش بولۇپ قالغانىدى.

ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىدە شۇ ئەما تاغىغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، يېزنە تاغا جانابلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق كۆڭلۈم قىيغانلىقىنىمۇ تېزلا ئىقرار قىلدىم ۋە ئۇنىڭدىن قىلچە لەززەتمۇ ھېس قىلمىدىم. بەكمۇ راستىنى ئېيتىۋەتمىدىم، ئېيتماي ئېلىپمۇ قالمىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەلبىمنى زىيادە ھاياجانلاندۇرمايدىغان بىر ئاساس تاپقاندا، ئۇلار مېنىڭ يېزنە تاغا جانابلىرىنىڭ ئۆيىگە ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بارمىغانلىقىمنى چۈشەنگەنلىكىنى سەزدىم: "ئۇنى ئالدىن نىيەت قىلىپ ئۆلتۈرمىدىم" دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەنگىنىدەك، "يامان نىيەت بولمىسا، كىشى جەھەننەمگە كىرمەيدۇ" دەپ ئۆزۈمگە سەۋەب ۋە ئۆزۈرلەرنى تاپقانلىقىمنىمۇ چۈشەندى.

— نازاكەتلىك ئەپەندىنى ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، — دېدىم ئويلانغان ھالدا، — كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا مەرھۇم ماڭا

دېگەن سۆزلەر ئىچىمنى قۇرتتەك غاجىلاشقا باشلىدى. ئاخىرقى رەسىم ئۈچۈن قولۇم قانغا بويالغاندا، ئۇ رەسىم كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. شۇڭا، مەن ئۇنى كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. رەسىمنى كۆرۈش ئۈچۈن ھېچ-قايسىمىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلمىغان يېزنە تاغاڭنىڭ قېشىغا، بۇ ئاخىر-قى رەسىمنى كۆرسەتسۇن دەپ باردىم. ئۇ رەسىمنى كۆرسەتمەيلا قالماس-تىن، ماڭا ھەيران قالغۇدەك ھېچ نەرسە يوقتەك مۇئامىلە قىلدى. ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئەرزىگۇدەك بىرەر سىرلىق رەسىم ياكى باشقا بىرنەرسىمۇ يوقلۇقى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ دىمىغىنى قاقتى. مېنى داۋاملىق كەم-سىتمىسۇن، ئېتىبار بەرمەي قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا نازاكەتلىك ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈپ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەنلىكىمنى ئىقرار قىلدىم. ئۇ ماڭا ئېتىبار بەردى، ئەمما كەمسىتىشنى داۋاملاشتۇردى. ئوغلىنى كەمسىتىدىغان ئاتا يوق. ئۇلۇغ ئۇستاز ئوسمان بىزگە ناھايىتى خاپا بولاتتى، بىزنى كۆپ ئۇراتتى، لېكىن بىزنى زادى كەمسىتمەيتتى. ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ خاتا قىلدۇق، بۇرادەرلەر.

ئۆلۈم تۆشىكىدىكى ئاخىرقى سۆزلىرىمنى ئاڭلاۋاتقاندەك كۆزلىرىم-گە دىققەت بىلەن قاراشقان بۇرادەرلىرىمگە كۈلۈمسىرىدىم. ئالەمدىن ئۆتى-دىغان بىر قېرىنداشنىڭ ھېس قىلىدىغىنىدەك، مەنمۇ ئۇلارنىڭ بارغان-سېرى غۇۋالىشىپ مەندىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتىم.

— يېزنە تاغاڭنى ئىككى ئىش ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم. بىرى، ئۇ ئۇلۇغ ئۇستاز ئوسماننى پەرەڭ رەسسامى سېباستىيانونى مايمۇندەك دوراشقا مەجبۇرلىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرى، ئاجىزلىق كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن "مېنىڭ شەخسىي ئۇسلۇبۇم بارمۇ؟" دەپ سورىغانلىقىم ئۈچۈن.

— ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟

— ئۇ مېنىڭ ھەقىقەتەن شەخسىي ئۇسلۇبىم بارلىقىنى ئېيتتى. ئەلۋەتتە بۇ بىر ھاقارەت ئەمەس، مەدھىيە ئىدى. بىردىن خىجالەت بولغان ھالدا، ئەجەبا بۇ راست بىر مەدھىيەمىدۇ، دەپ ئويلىغانلىقىمنى ئەسلەي-مەن. ئۇسلۇبنى بىر خىل ئايىنغانلىق ۋە بىر خىل ئۇياتسىزلىق دەپ ھېس قىلغىنىمدىن ئىچىمنى بىر قۇرت غاجىلاۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بىرەر ئۇسلۇبىم بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، لېكىن شەيتان ۋەسۋەسىگە سې-

لىپ، مېنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ.

— ھەممە كىشى ئىچىدە بىرەر ئۇسلۇبى بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، — دېدى قارا زېرەكلىك بىلەن، — سۇلتانىمىزنىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك، ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ چىراي قىياپىتىنىڭ سىزىلىشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

— بۇ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر كېسەللىكمۇ؟— دېدىم، — بۇ كېسەللىك تارقالغاندا، پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسۇللىرىنى ھېچقايسىمىز توسۇۋالالمايمىز.

لېكىن، سۆزۈمگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. چۈنكى، قارا شۇتاپتا شاھنىڭ قىزىغا مۇھەببىتىنى بالدۇر ئىزھار قىلغانلىقى ئۈچۈن 12 يىل جۇڭگو دىيارىغا سۈرگۈن قىلىنغان بىر بەختسىز تۈركمەن بېگىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭدا 12 يىل خىيالىنى سۈرگەن مەشۇقىنىڭ بىر پارچە رەسىمىمۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ جۇڭگولۇق ساھىبجامالار ئارىسىدا ئۆز مەشۇقىنىڭ چىرايىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ سېغىنىش ئازابى ئاللاھ ئاتا قىلغان چېنىقىشقا ئايلىنىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ بايان قىلغانلىرىنىڭ ئۆز ھېكايىسى ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق.

— يېزنە تاغاڭنىڭ سايىسىدا ھەممىمىز ”ئوبراز“ دېگەن بۇ سۆزنى ئۆگەندۇق، — دېدىم، — خۇدا بۇيرۇسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز ھاياتىمىزنى قورقماي ئۆز ھاياتىمىزدەك بايان قىلىشنىمۇ ئۆگىنىمىز.

— پۈتۈن ھېكايىلەر كۆپچىلىكنىڭ ھېكايىسى، — دېدى قارا، — بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەس.

— پۈتۈن رەسىملەرمۇ ئاللاھنىڭ رەسىمى، — دەپ ھىراتلىق شائىر خاتىفىنىڭ مىسرالىرىنى تولۇق يادلىدىم مەن، — لېكىن پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسۇللىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن، كىشىلەر باشقىلارنىڭ ھېكايىسىنى ئۆز ھېكايىسىدەك بايان قىلىشنىمۇ بىر خىل ماھارەت دەپ قارايدۇ.

— شەيتاننىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىمۇ دەل شۇ.

— ئەمدى مېنى قويۇۋېتىڭلار، — دەپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ۋارقىرىدىم، — ئالەمنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالاي.

ئۇنىڭ غەزىپى تاشقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىمگە يېڭى بىر ئىشەنچ

كىردى.

ئاۋۋال قارا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاخىرقى رەسىمنى كۆرسەتمەسەن؟

قاراغا كۆز قىرىمدا قارىغانىدىم، كۆرسەتمىدىغانلىقىمنى شۇئان چۈشىنىپ مېنى قويۇۋەتتى. يۈرىكىم تېز سوقۇشقا باشلىدى.

مەن يوشۇرۇشقا تىرىشقان سالاھىيىتىمنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدۇڭلار، شۇنداقتىمۇ ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئىستىلىغا تەقلىد قىلىشىمغا ھەرگىز ھەيران بولماڭلار. ئۇلار ئىمزالىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى بىلمىسۇن دەپ ئەمەس، ئۇستازلىرىغا ۋە قائىدە - تۈزۈملەرگە بولغان ھۆرمىتىدىن يوشۇراتتى. قولۇمدا چىراغنى تۇتۇپ، خانىقانىڭ قاپقاراڭغۇ ھۇجرىلىرى ئارىسىدا ئۆزۈمنىڭ سولغۇن كۆلەڭگەمگە يول ئېچىپ ھاياجان بىلەن ماڭدىم. كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇقنىڭ پەردىسى چۈشۈشكە باشلىغانىمىدۇ ياكى بۇ ھۇجرىلار ۋە كارىدورلار شۇنداق قاراڭغۇمىدۇ؟ پۈتۈنلەي ئەما بولۇشۇمغا يەنە قانچىلىك ۋاقتىم، كۈنۈم، ھەپتەم بار بولغىيدى؟ كۆلەڭگەم ۋە مەن گويا ئاشخانىدىكى ئالۋاستىلاردىن قورققاندەك، قەدىمىمىزنى توختاتتۇق ۋە توپا بېسىپ كەتكەن ئىشكاپنىڭ پاكىز بۇلۇڭىدىن قەغەزلەرنى ئېلىپ تېزلىكتە كەينىمىزگە ياندۇق. قارا ھەر ئېھتىمالغا قارشى ماڭا ئەگىشىپ ماڭغانىدى، لېكىن خەنجەرنى يېنىغا ئالمىغانىدى. مەنمۇ ئەما بولماستا جەنجەرنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇنى ئەما قىلىشىم كېرەكمۇ قانداق؟

— ئەما بولماستا ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالغانلىقىم ئۈچۈن خۇرسەنمەن، — دېدىم غۇرۇر بىلەن، — سىلەرنىڭمۇ بۇنى كۆرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنىڭغا قاراڭلار.

شۇنداق قىلىپ، مەن يېزنە تاغىنى ئۆلتۈرگەن كۈنى ئۆيىدىن ئالغان ئاخىرقى رەسىمنى چىراغ يورۇقىدا ئۇلارغا كۆرسەتتىم. دەسلەپ ئۇلارنىڭ ئىككى سەھىپىلىك رەسىمگە قىزىقىش ۋە ئەيمىنىش بىلەن قاراشلىرىنى كۆزەتتىم. كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە رەسىمگە قارىغانىمدا، بەدىنىمنى سەل تىترەك باسقانىدى. كۆزۈمگە تاج يىڭنىسى كىرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ياكى ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈنمۇ، قىزىتمام

ئۆرلەپ كەتكەنىدى.

كېيىنكى بىر يىلدا بۇ ئىككى سەھىپىنىڭ ھەر خىل بۇلۇڭلىرىغا ھەممەيلەن سىزغان دەرەخ، ئات، شەيتان، ئۆلۈم، ئىت، ئايال رەسىملىرى يېزىپ تاغىنىڭ قوپالدەك كۆرۈنگەن يېڭىچە بەت ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاساسەن چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاشمىغان بىر شەكىلدە ئورۇنلاشتۇ-رۇلغان بولۇپ، مەرھۇم نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ ھەل بېرىشى ۋە رامكىلىرى بىزىگە بىر كىتابنىڭ بىر سەھىپىسىگە قارىغانلىقىمىزنى ئەمەس، دېرىزى-دىن پۈتۈن ئالەمنى تاماشا قىلغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇراتتى. ئۇ ئالەم-نىڭ مەركىزىدە — سۇلتانىمىزنىڭ ئوبرازى بولۇشقا تېگىشلىك يەردە — مەن بىرھازا غۇرۇر بىلەن تاماشا قىلغان ئۆز ئوبرازىم بار ئىدى. بىرقانچە كۈنلەپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەينەككە قايتا ـ قايتا قاراپ، ئۆچۈرۈپ يەنە سىزىپ، ئۆزۈمگە سەل ئوخشىتالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئانچە قانائەت-لىنىپ كەتمىدىم. لېكىن رەسىم، سەھىپە مېنى پۈتۈن بىر ئالەمنىڭ مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، مەن چۈشەندۈرەلمەيدىغان بىر تۇرلۇك ئېزىتقۇ سەۋەب بىلەن مېنى مەۋجۇدىيىتىمدىنمۇ چوڭقۇر مە-نىلىك، مۇرەككەپ ۋە سىرلىق قىلىۋەتكەن بولغاچقا، ئۆزۈمدە بېسىۋالغۇ-سىز بىر ھاياجانمۇ ھېس قىلاتتىم. بۇ ھاياجىنىمنى رەسسام بۇرادەرلىر-ىمنىڭ كۆرۈشىنى، چۈشىنىشىنى، مەن بىلەن ئورتاقلىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇ رەسىمدە مەن بىر پادىشاھ ياكى شاھزادىدەك ھەممە نەرسىنىڭ مەركىزىدە ئىدىم، ھەمدە مەن ئۆزۈم ئىدىم. بۇ ئەھۋال ماڭا بىر تەرەپتىن غۇرۇر، بىر تەرەپتىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلدۇراتتى. بۇ ئىككى تۇيغۇ ئاستا ـ ئاستا تەڭپۇڭلىشىپ مېنى تىنچلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رەسىم-دىكى يېڭى ۋەزىيىتىمدىن ھاياجانلىق بىر خۇشاللىقتا ئېرىشەلەيتتىم. لېكىن بۇ خۇشاللىقنىڭ تولۇق بولۇشى ئۈچۈن پەرەڭ رەسساملىرىنىڭ ماھارىتى بىلەن يۈزۈمدىكى، كىيىملىرىمدىكى پۈتۈن قورۇق ـ پۈرۈكلەر، كۆلەڭگىلەر، مەڭ ۋە سۆگەللەر، ساقاللىرىمدىن كىيىملىرىمنىڭ تىكى-لىشىگىچە ھەممە نەرسە پۈتۈن رەڭلىرى، ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلىرى بىلەن ئەلتۆكۈس ۋە نۇقسانسىز بولۇشى كېرەك ئىدى.

رەسىمنى كۆرگەن قەدىناس دوستلىرىمنىڭ چىرايىدا بىر خىل قور-

قۇنچ ۋە ھەيرەت بىلەن ھەممىمىزنى يەپ تۈگەشتۈرگەن ھېلىقى ۋاز كەچ-
كىلى بولمايدىغان تۈيغۇنى، يەنى ھەسەتخورلۇقنى كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇلار گۇ-
ناھ پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان بىر ئادەمگە نىسبەتەن ھېس قىلىشقا تېگىش-
لىك بىر خىل غەزەپلىك يىرگىنىش بىلەن بىللە، ئېيمەنگەن ھالدا رە-
سىمدىن زوق ئالماقتا ئىدى.

— مەن بۇيەرگە كېلىپ، چىراغ يورۇقىدا بۇ رەسىمگە سەپسېلىپ
قارىغان كېچىلەردە تۇنجى قېتىم ئاللاھنىڭ مېنى تەرك ئەتكەنلىكىنى ۋە
يالغۇزلۇقىمدا پەقەت شەيتاننىڭ ماڭا دوستلۇق كۆرسىتىشى مۇمكىنلى-
كىنى ھېس قىلغانىدىم، — دېدىم، — ھەقىقەتەن دۇنيانىڭ مەركىزىدە
بولغان بولسامۇ — رەسىمگە ھەربىر قارىشىمدا شۇنداق بولۇشنى ناھايە-
تى ئۈمىد قىلاتتىم — ئەتراپىمدا مەن ياخشى كۆرىدىغان مانا بۇ نەرسى-
لەر، ھەتتا گۈزەل شەكۆرەگە ئوخشايدىغان ئايال بىلەن دەرۋىش دوستلى-
رىم، رەسىمنى قاپلىغان قىزىللىقنىڭ گۈزەللىكى قاتارلىقلار بولسىمۇ،
ئۆزۈمنى يەنىلا يالغۇز ھېس قىلاتتىم. مەن كىشىلىكىم ۋە ئالاھىدىلىكىم
بولۇشىدىن، باشقىلارنىڭ ماڭا چوقۇنۇشىدىن قورقمايمەن، دەل بۇنىڭ
ئەكسىنى تەلەپ قىلىمەن.

— دېمەك، پۇشايمان قىلمايدىكەنسەن - دە؟ — دېدى لەيلەك جۇمە
خۇتبىسىنى يېڭى ئاڭلاپ چىققان بىرىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن.

— ئىچىمدىكى شەيتان ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئە-
مەس، بۇنداق بىر رەسىمنى سىزغانلىقىم ئۈچۈن پۇشايمان ھېس قىلىۋا-
تىمەن. ئۇ ئىككىسىنى بۇ رەسىمنى سىزىش ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىمدىن
گۇمانلىنىمەن، ئەمما ھازىرقى يالغۇزلۇق مېنى قورقىتىۋاتىدۇ. رەسسام
ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالماي تۇرۇپ پەرەڭ ئۇستازلىرىنى تەقلىد
قىلسىلا، ئۇنى تېخىمۇ قۇل قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن قاچماقچىمەن. ئەسلىدە
ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى رەسىمخانىدا ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەك
داۋاملاشسۇن دەپ ئۆلتۈرگەنلىكىمنى سىلەرمۇ چۈشەندىڭلار، بۇنى ئاللاھ-
مۇ بىلىدۇ ئەلۋەتتە.

— لېكىن بۇ ھەممىمىزنىڭ بېشىغا تېخىمۇ چوڭ دەردلەرنى ئېلىپ
كېلىدۇ، — دېدى قەدىرلىك كېپىنەك.

تېخىچە رەسىمگە قاراۋاتقان ئەقىلسىز قارانىڭ بىلىكىنى تۇيۇقسىز تۇتتۇم ۋە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرناقلىرىمنى پاتۇرۇپ غەزەپ بىلەن سىقتىم ھەمدە بىلىكىنى قايرىدىم. قورققىنىدىن، ئۇنىڭ خەنجىرى قولىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئۇنى يەردىن ئېلىۋالدىم.

— ئەمدى دەردلىرىڭلاردىن مېنى جاللاتقا تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن قۇتۇلالمايسىلەر، — دېدىم خەنجەرنىڭ ئۇچلۇق ئۇچىنى قارانىڭ كۆزىگە تىقىۋېتىدىغاندەك تەڭلەپ، — تاج يىگىنىسىنى بەرگىن.

ئۇ بوش قولى بىلەن يىگىنىنى ئېلىپ بەردى. ئۇنى بەلۋېغىمغا سانجىپ قويۇپ، ئۇنىڭ قوزىدەك تەلمۈرۈپ قارىغان كۆزلىرىگە كۆزلىرىمنى تىكتىم.

— گۈزەل شەكۈرەنىڭ ئاخىرىدا ساڭا نىكاھلىنىشتىن باشقا چارىسى قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېچىنىمەن، — دېدىم، — سىلەرنى بالا-قازادىن قۇتقۇزاي دەپ نازاكەتلىك ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولمىغان بولسام، ئۇ ماڭا تېگەتتى ۋە بەختلىك بولاتتى. دادىسى ھەممىمىزگە ئېيتىپ بەرگەن پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ھېكايىلىرى ۋە ماھارەتلىرىنى مەن ئەڭ ياخشى چۈشەنگەنىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرىدا ئېيتىدىغانلىرىمغا ياخشى قۇلاق سېلىڭلار: بۇ يەردە ھۈنىرى ۋە شان-شەرىپى بىلەن ياشاشنى ئۈمىد قىلىدىغان بىز ئۇستا رەسساملارغا ئەمدى ئورۇن يوق. بۇنى چۈشەندىم. ئەگەر رەھمەتلىك يېزنە تاغىنىڭ ۋە سۇلتانىنىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك، پەرەڭ ئۇستازلىرىنى تەقلىد قىلغىلى تۇرساق، نازاكەتلىك ئەپەندىگە ئوخشاشلار ۋە ئەرزۇرۇملۇقلار بولمىسا، ئىچىمىزدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان قورققاقلىق بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەتمەيدۇ-دە، ئاخىرىغىچە مەنزىلگە يېتىپ بارالمايمىز. شەيتانغا ئەگىشىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنىلەردىن ۋاز كېچىپ، بىرەر شەخسىي ئۇسلۇب ۋە پەرەڭ ئالاھىدىلىكىنى قوغلاشساقمۇ مېنىڭ ئۆز رەسىممىنى سىزىشقا ماھارىتىم ۋە بىلىمىمنىڭ يەتمەيدىغىنىدەك، ھەرھالدا بۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز. مەن سىزغان رەسىمنىڭ ئىپتىدائىيلىقىدىن، ئۇنى توغرا-دۇرۇس ئۆزۈمگىمۇ ئوخشىتالماسلىقىمدىن، پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ماھارىتىنى بىرنەچچە ئەسىر ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى

(دەرۋەقە ئۆزۈڭدىن بېرى ھەممىمىز ئېتىراپ قىلماي ئىچىمىزدە بىلىدىغان بۇ نەرسىنى) يەنە بىر قېتىم چۈشەندىم. يېزىنە تاغا جانابلىرىنىڭ كىتابىمۇ تاماملىنىپ ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن بولسا، ۋېنىتسىيىلىك ئۇستاز رەسساملار بىزگە سوغۇق كۈلۈشەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلۈشى ۋېنىتسىيە باش ۋالىيسىغىمۇ تەسىر قىلاتتى، خالاس. ئۇلار ئوسمانىيە ئوسمانىيە بولۇشتىن ۋاز كېچىپتۇ دېيىشىپ، ئەمدى بىزدىن قورقمايتتى. پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ يولىدا ماڭساق قانداق ياخشى بولاتتى! ئەپسۇسكى، سۇلتانىمىز ئالىيلىرىمۇ، قەدىرلىك شەكۇرەنىڭ چىراي رەسمى يوق، دەپ كۆڭلى يېرىم بولغان قارا ئەپەندىمۇ بۇنى خالىمايدۇ. ئۇنداقتا بۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىرنەچچە ئەسىر سەرپ قىلىپ پەرەڭ ئۇسۇللىرىنى تەقلىد قىلىڭلار! تەقلىد رەسىملىرىڭلارغا مەغرۇرلانغان ھالدا ئىمزا قويۇڭلار. ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلار ئالەمنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكىدەك سىزىشقا تىرىشقىنىدا شەخسىي سالاھىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىمزا قويمايتتى. سىلەر بولساڭلار شەخسىي سالاھىيىتىڭلارنىڭ يوقلۇقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىمزا قويىسىلەر. لېكىن يەنە بىر چىقىش يولى بار، بەلكىم ئۇلار سىلەرنىڭ دەرۋازاڭلارنىمۇ بىر - بىرلەپ قاقتى. بۇنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسىلەر. ھىندى پادىشاھى ئەكبەر تىللا ۋە مېھىر - مۇھەببەت چېچىپ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇستا رەسساملارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاۋاتىدۇ. ئەمدى مەلۇم بولدى، ئىسلامنىڭ 1000 - يىلى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان كىتاب ئىستانبۇلدا ئەمەس، ئاگرادىكى رەسىمخانىدا تەييارلانغۇسى.

— رەسسام ساڭا ئوخشاش ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ كۆرەڭلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قاتىل بولۇشى كېرەكمۇ؟— دەپ سورىدى لەيلەك.

— ئەڭ قابىلىيەتلىك ۋە ئەڭ ماھارەتلىك بولۇش كۇپايە، — دېدىم ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماسلىق پوزىتسىيىسى بىلەن.

يىراقلاردا مەغرۇر بىر خوراز ئىككى قېتىم قىچقارغانىدى. بوغچۇمامنى، تىللالىرىمنى يىغىشتۇردۇم، ئۈلگە دەپتەرلىرىمنى، رەسىملىرىمنى ئارخىپ خالتامغا سالدىم. كاللامدىن بايا مەن قارانىڭ كېكىردىكىگە تەڭلىگەن خەنجەر بىلەن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىش خىيالىمۇ ئۆتەتتى، لېكىن ھازىر شاگىرتلىق چاغلىرىمىزدىن بېرى بىللە بولغان قە-

دىناس دوستلىرىمنى (كۆزلىرىمگە تاج يىڭنىسى سانجىغان لەيلەكنىمۇ) تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشكە باشلىغانىدىم.

ئورنىدىن تۇرغان قەدىرلىك لەيلەكنى چۇقان سېلىپ قورقۇتۇپ ئورنىدا ئولتۇرغۇزدۇم. مەن خانىقادىن ساق - سالامەت چىقالىشىمغا ئىشەنچ قىلىپ، دەل دەرۋازىدىن چىقىۋاتقىنىمدا دېيىشكە تەييارلاپ قويغان تەنتەنىلىك سۆزنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئاغزىمدىن چىقىرىۋەتتىم:

— هازىر مېنىڭ ئىستانبۇلدىن ئايرىلىشىم ئىبنى شاكىرنىڭ موڭغۇل ئىشغالىيىتىدىكى باغدادتىن ئايرىلغىنىغا ئوخشايدۇ.

— ئۇ چاغدا شەرققە ئەمەس، غەربكە كېتىشىڭ كېرەك، — دېدى ھەسەتخور لەيلەك.

— مەغرىبمۇ، مەشرىقمۇ ئاللاھنىڭدۇر، — دېدىم رەھمەتلىك يېزنە تاغىدەك ئەرەبچە تەلەپپۇز بىلەن.

— لېكىن شەرق شەرقتە، غەرب غەربتە، — دېدى قارا.

— رەسسام مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك، — دېدى كېپىنەك، شەرق ۋە غەرب دەپ ئەندىشە قىلىشىنىڭ ئورنىغا كۆڭلىدە سىزىشنى ئويلىغان رەسىمنى سىزىشى كېرەك.

— بۇ شۇنداق توغرا سۆزكى، — دېدىم قەدىرلىك كېپىنەككە، — سېنى سۆيۈپ قويغۇم كەلدى.

لېكىن ئۇنىڭغا قاراپ ئىككى قەدەم تاشلا - تاشلىماي، ئۆز ئىشىغا سادىق بولغان قارا ماڭا ئېتىلدى. بىر قولۇمدا ئىچىدە ئىچ كىيىملىرىم بىلەن تىللالىرىم بار بوغجۇمام، قولتۇقۇمدا رەسىملەر سېلىنغان ئارخىپ خالتام بار ئىدى. ئۇلارنى قوغدايمەن دەپ ئۆزۈمنى قوغدىيالماي، قولۇمدىكى خەنجەرنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويدۇم. لېكىن ئۇنىڭمۇ تەلىيى ئوڭدىن كەلمىدى، پۇتى ئىش ئۇستىلىگە پۇتلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، قولۇمنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ئورنىغا قولۇمغا ئېسىلىپ يىقىلىدىغان ھالەتكە كەلدى. بىر ياقتىن بارلىق كۈچۈم بىلەن ئۇنى تېپىپ، قوللىرىنى چىشلەپ سىلكىشتۇردۇم. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋايساپ كەتتى. ئاندىن مەن ئۇنىڭ بايا مېنى تۇتۇۋالغان قولىنى جېنىنى قاخشاتقىدەك قاتتىق دەسسىدىم ۋە قالغان ئىككىسىگە خەنجىرىمنى تەڭلەپ ۋارقىرىدىم.

— ئورنىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار!

ئۇلار ئولتۇرۇشتى. خەنجەرنىڭ ئۇچىنى رىۋايەتتىكى كەيكاۋۇسقا ئوخشاش قارانىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە تىقتىم. ئۇنىڭ بۇرنى قاناشقا باشلىغاندا يالۋۇرغان كۆزلىرىدىن ئاچچىق ياشلار ئاقتى.

— ئەمدى ئېيتقىن، — دېدىم، — مەن ئەما بولامدىمەن؟

— رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بەزىلەرنىڭ كۆزىگە قان چۈشىدۇ، بەزىلەرنىڭكىگە چۈشمەيدۇ. ئاللاھ سېنىڭ رەسىمىڭگە رازى بولسا، سېنى دەرگاھىغا ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك قاراڭغۇلۇقىنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ رەزىل دۇنيانى ئەمەس، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھەيران قالارلىق مەنزىرىلەرنى كۆرىسەن. ئۇنداق بولماي، رەسىمىڭگە رازى بولمىسا، بۇ دۇنيانى داۋاملىق ھازىرقىدەك كۆرۈۋېرىسەن.

— مەن ھەقىقىي رەسىمنى ھىندى دىيارىدا سىزىمەن، — دېدىم، — ئاللاھ ماڭا باھا بېرىدىغان رەسىمنى تېخى سىزمىدىم.

— پەرەڭ ئۇسلۇبلىرىدىن قاچىمەن دەپ ئانچە خىيال قىلىپ كەتمە، — دېدى قارا، — ئەكبەرخاننىڭ پۈتۈن رەسساملىرىنى رەسىملىرىگە ئىمزا قويۇشقا رىغبەتلەندۇرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ پورتۇگالىيىلىك جىزۋىت پوپلىرى پەرەڭلەرنىڭ رەسىم ۋە ئۇسلۇبلىرىنى ئۇ يەرگە ئاللىقاچان ئېلىپ بېرىشتى. ئۇلار ھازىر ھەممە يەرگە تارقالدى.

— ساپلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان سەنئەتكارغا ھەر ۋاقىت قىلىدىغان ئىش ۋە پاناھلىنىدىغان يەر بار، — دېدىم.

— شۇنداق، ئەما بولۇش ۋە مەۋجۇت بولمىغان جايلارغا قېچىش، — دېدى لەيلەك.

— نېمىشقا ساپلىقنى تەلەپ قىلىسەن؟— دېدى قارا، — بىزگە ئوخشاش بول ۋە بۇ يەردە قال.

— سىلەر پۈتۈن ئۆمۈر بويى شەخسىي ئۇسلۇبىم بولسۇن دەپ پەرەڭلەرگە تەقلىد قىلىسىلەر، — دېدىم، — پەرەڭلەرگە تەقلىد قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن شەخسىي ئۇسلۇبىڭلار بولمايدۇ.

— ئامالىمىز يوق، — دېدى قارا نومۇسسىزلارچە.

ئۇنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى رەسىم ئەمەس، گۈزەل شەكۇرە ئىدى

ئەلۋەتتە. ئۇچى قانلىق جەنجەرنى قارانىڭ قانىغان بۇرنىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنى كاللا ئېلىشقا تەييارلانغان جاللات قىلىچىنى كۆتۈرگەندەك، ئۇنىڭ بېشىغا توغرىلاپ ئېگىز كۆتۈردۈم.

— ئەمدى خالىسام كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپ ئوچۇقىنى جاكارلىدىم، — ئەمما شەكۇرەنىڭ بالىلىرى ۋە بەختىيارلىقى ئۈچۈن سېنى كەچۈرۈم قىلىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىل، ھايۋانلىق ۋە نادانلىق قىلما. ماڭا بۇ ھەقتە ۋەدە بەر!

— ۋەدە بېرىمەن، — دېدى ئۇ.

— شەكۇرە ئۈچۈن سېنى كەچۈردۈم.

لېكىن قولۇم ئاغزىمدىن چىققان سۆزنىڭ دەل ئەكسىنى قىلدى. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قاراغا خەنجەر سالدىم.

ئاخىرقى ئەسنادا، ئۇ ئورنىدىن مىدىرلىغانلىقى ۋە مەن خەنجەرنى سېلىش ئورنىنى ئۆزگەرتكەنلىكىم ئۈچۈن، خەنجەر بويىنىغا ئەمەس، مۈرىسىگە سانجىلدى. قولۇم ئۆزلۈكىدىن قىلغان ئىشقا ئۆزۈممۇ قورقۇنچ بىلەن قارىدىم. تۈۋىگىچە سانجىلغان خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئالغان يەر بىردەمدىلا قىپقىزىل بويىلىپ كەتتى. قورقتۇم ھەم قىلغان ئىشىمدىن نومۇس قىلدىم. لېكىن يېقىن كۈنلەردە، بەلكىم ئەرەب دېڭىزلىرىدا كېمىدە ئەما بولسام، ئىنتىقام ئالىدىغان رەسسام بۇرادەرلىرىمدىن ھېچقايسىسىنى يېنىمدا كۆرەلمەيدىغانلىقىمنىمۇ بىلەتتىم.

نۆۋەت ئۆزىگە كېلىشىدىن يوللۇق ھالدا قورققان لەيلەك ئىچكىرىگە، يەنى قاراڭغۇ ھۇجرىلارغا قاچتى. قولۇمدا چىراغنى تۇتۇپ، كۆلەڭگەم بىلەن كەينىدىن ماڭدىم، لېكىن قورقۇپ كەينىمگە ياندىم. ئەڭ ئاخىرقى قىلغان ئىشىم كېپىنەك بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلىشىش بولدى. ئارىمىزنى قان ھىدى قاپلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۈمىد قىلغىنىمدەك چىن يۈرەكتىن سۆيمىگەنىدىم. ئۇ كۆزلىرىمدىن ياشلار ئاققىنىنى كۆردى.

قارانىڭ ئىنجىقلاشلىرى توختىغان ئىدى. بىر خىل ئۆلۈم سۈكۈناتى ئىچىدە خانىقادىن چىقتىم. نەم ۋە پاتقاق باغچىدىن، قاراڭغۇ مەھەللىدىن يۈگۈرگەندەك مېڭىپ يىراقلاشتىم. مېنى ئەكبەرخاننىڭ رەسىمخانىسىغا ئېلىپ بارىدىغان پاراخوت بامداتقا ئەزان چىققاندىن كېيىن يولغا چىقاتتى.

ئۇ چاغدا يەلكەنلىك كېمە پىرىستانىدىن پاراخوتقا ئاخىرقى بىر قېتىم ئېلىپ باراتتى. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، كۆزلىرىمدىن ياشلار ئاقاتتى.

ئاقسارايدىن ئوغرىدەك جىمجىت ئۆتكىنىمدە، ئۇپۇقتا قوياشنىڭ دەسلەپكى يورۇقلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈندى. ئارا كوچىلارنىڭ، تار ئۆتكەللەرنىڭ، تاملارنىڭ ئارىسىدىن ئالدىمغا ئۇچرىغان دەسلەپكى مە-ھەللە كۆلچىكىنىڭ ئۇدۇلىدا 25 يىل ئىلگىرى مەن ئىستانبۇلغا دەسلەپ كەلگەن كۈنى كېچىنى ئۆتكۈزگەن تاش ئۆي بار ئىدى. ئۇ يەردە ئوچۇق دەرۋازىنىڭ ئارىلىقىدىن، 25 يىل ئىلگىرى 11 ياش چېغىمدا بۇ يىراق تۇغقىنىم مېنى مەردلەرچە خەيرخاھلىق بىلەن مېھمان قىلىپ، تېگىمگە سېلىپ بەرگەن تۆشەككە چۈشەكەپ سىيىپ قويۇپ، يېرىم كېچىدە نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي ئۆزۈمنى تاشلىماقچى بولغان قۇدۇقنى قايتا كۆردۈم. بەيازىتقا بارغىچە، مەن تالاي قېتىم سائەت رېمونت قىلدۇرغىلى كەلگەن سائەتچىنىڭ دۇكىنى، بوتۇلكا - تەشتەك دۇكىنى (مەن بۇ دۇكاندىن نە-قىشسىز خرۇستال چىراغ، شەربەت ئىستاكانلىرى ۋە بوتۇلكىلارنى سېتىۋە-ۋېلىپ، ئۆيگە ئاپىرىپ ئۈستىگە گۈل - گىياھلارنى چېكىپ نەقىشلەپ، بۇلارنى يەنە پۇلدارلارغا يەڭ ئىچىدە ساتاتتىم) ۋە بىر مەزگىل ھەم باھاسى ئەرزان، ھەم ئادەم ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئايىغىم كۆنۈپ قالغان مۇنچا قا-تارلىقلار ماڭا ۋە كۆز ياشلىرىمغا سالام بېرىشتى.

ئۆرۈۋېتىلگەن ۋە ئوت قويۇۋېتىلگەن قەھۋەخانىنىڭ ئەتراپىدىمۇ ھېچكىم يوق ئىدى. گۈزەل شەكۈرەنىڭ بەلكىم شۇتاپتا ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان يېڭى ئېرى بىلەن بەختلىك بولۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلغان ئۆيدىمۇ ئادەم يوق ئىدى. قولۇمنى قانغا بويىغاندىن كېيىنكى كۈنلەردە، كوچىلاردا ماڭغىنىمدا ماڭا ئىستانبۇلنىڭ پۈتۈن ئىتلىرى، بۈك - باراقسان دەرەخلىرى، تاشقىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دېرىزىلە-رى، قارا مورىلىرى، بامدات نامىزىغا كېتىۋاتقان تىرىشچان ۋە غەمكىن سەھەرچىلىرى ۋە جىن - شەيتانلىرى، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ نەپرەت بى-لەن قارىشاتتى. لېكىن، جىنايەتلىرىمنى ئىقرار قىلىپ، بىردىنبىر تونۇش شەھەرنى تاشلاپ كېتىش قارارىغا كەلگىنىمدىن كېيىن ئۇلار ماڭا دوستا-نە قاراشتى.

بەيازىت جامەسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر تۆپىلىكتىن دېڭىز قول-
تۇقىنى تاماشا قىلدىم؛ ئۇيۇق سۇزۇلۇۋاتاتتى، لېكىن سۇ تېخى قاراڭغۇ
ئىدى. ئىككى بېلىقچى كېمىسى، يەلكەنلىرى چۇشۇرۇلگەن يۈك كېمىلە-
رى، تاشلىۋېتىلگەن يىراققا قاتنايدىغان بىر پاراخوت، كۆزگە چېلىقمايدى-
غان دولقۇنلارنىڭ تەۋرىتىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئىرغاڭلاپ، ماڭا:
"كەتمە، كەتمە" دېيىشەتتى. سانجىلغان يىڭنە تۇپەيلىدىنمىكىن، كۆزلە-
رىمدىن ياشلار ئاقاتتى. ھىندىستاندا ھۇنەرىڭنىڭ ئاجايىباتلىرى بىلەن
ياشايدىغان ئاجايىپ ھاياتنى ئويلا! دېدىم ئۆزۈمگە.

يولدىن چىقىپ، يۇگۇرگەندەك مېڭىپ ئىككى پاتقاق يولدىن ئۆتتۈم
ۋە يېشىلللىقلار ئىچىدە كونا بىر تاش ئۆيگە كىردىم. بۇ شاگىرتلىق يىللـ
لىرىمدا سومكىسى، ئارخىپ خالتىسى، قەلەم قاپچۇقى ۋە ئىش تاختىسىنى
ئىككى قەدەم كەينىدىن كۆتۈرۈپ رەسىمخانىغا ئاپىرىش ئۈچۈن ھەر سەي-
شەنبە ئۇستاز ئوسماننى دەرۋازىسىدىن ئېلىپ ماڭىدىغان ئۆي ئىدى. بۇ
يەردە ھېچ نەرسە ئۆزگەرمىگەنىدى، لېكىن باغچىدىكى ۋە كوچىدىكى چى-
نار دەرەخلىرى شۇنداق يوغىناپ كەتكەنىدىكى، ئۆيگە ۋە كوچىغا سۇلتان
سۇلايمان دەۋرىدىن قالغان بىر دەبدەبە، تەنتەنە ۋە بايلىق كەيپىياتى سىڭ-
گەنىدى.

پىرىستانىغا بارىدىغان يول يېقىن ئىدى، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن
25 يىلىمنى ئۆتكۈزگەن رەسىمخانا بىناسىنىڭ ئەگمىلىرىنى ئاخىرقى
قېتىم كۆرۈۋېلىشنى ھەۋەس قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، شاگىرتلىق چاغ-
لىرىمدا سەيشەنبە كۈنلىرى ئۇستاز ئوسماننىڭ كەينىدىن ماڭغاندا ئۆتە-
دىغان يولدىن، ھىدلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئىخلامۇر ھىدى
پۇرايدىغان ئوقچىلار كوچىسىدىن، ئۇستام قىيمىلىق بولكا ئالىدىغان
بولكىچىنىڭ ئالدىدىن، بېھى ۋە كاشتان دەرەخلىرى تۇۋىدە تىلەمچىلەر
قاتار ئولتۇرۇشقان دېڭلوكتىن، يېڭى بازارنىڭ تاقاقلىق قاپقاقلىرىنىڭ
ئالدىدىن، ئۇستام ھەر ئەتىگەنلىكى سالاملىشىدىغان ساتىراشنىڭ ئالدى-
دىن، يازلىرى سېھىرگەرلەر كېلىپ چېدىرلىرىنى قۇرۇپ ئويۇن كۆرسى-
تىدىغان بوشلۇقنىڭ چېتىدىن، غەلىتە پۇرايدىغان بويتاقخانىلارنىڭ ۋە
چىرىك پۇرايدىغان ۋىرانتىيە ئەگمە سارايلىرىنىڭ تېگىدىن، ئىبراھىم

پاشانىڭ ئوردىسىنىڭ ۋە مەن يۈز قېتىملاپ سىزغان يىلان نەقىشلىك تۈۋرۈكنىڭ ۋە بىز پۈتۈنلەي باشقا سىزغان تۆرلۈك چىنار دەرىخىنىڭ يېنىدىن ئات بەيگە مەيدانىغا چىقىپ، ئەتىگەندە قۇشقاچلار بىلەن سېغىزخانلار ۋىچىرلىشىپ سايرىشىدىغان كاشتان ۋە ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىدىن ئۆتتۈم.

رەسىمخانىنىڭ يوغان ئىشىكى تاقاقلىق ئىدى. ئىشىكتە ياكى يۇقىرىدىكى ئەگمىلىك راۋاقنىڭ ئاستىدا ھېچكىم يوق ئىدى. شاگىرتلىق يىللىرىمىزدا زېرىكىپ كەتكەن چاغلىرىمىزدا دەرەخلەرنى تاماشا قىلىدىغان كىچىك دېرىزىلەرنىڭ تاقاقلىق قاپقاقلىرىغا ئالدىراپلا بىر قۇر نەزەر سېلىۋىدىم، بىرەيلەن مېنى توسۇۋالدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاقنى يارغۇدەك چىرقىراق ئىدى. ئۇ قولۇمدىكى سېپى ياقۇت بىلەن نەقىشلەنگەن قانلىق خەنجەر ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇنى جىيەنى شەۋكەتنىڭ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆيىدىن ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇمۇ مېنىڭ كېچىدە ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ شەكۈرەنى ئەپقېچىپ كەتكەن قارانىڭ ئادەملىرىدىن ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلارمىش. قارانىڭ رەسسام دوستلىرىنى ۋە رەسىمخانىغا كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدىغان بۇ مەغرۇر، غەزەپلىك، چىرقىراق ئاۋازلىق ئادەم غەلىتە قىزىل رەڭدە يالتىراپ تۇرىدىغان ئۇزۇن بىر قىلىچنى ئوينىتىپ، قانداقتۇر مەندىن ئالىدىغان ناھايىتى كۆپ ھېسابى بارلىقىنى ۋە ئېيتىمدىغان شۇنداق كۆپ ھېكايىسى بارلىقىنى ئىما قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى ئېيتماقچى ئىدىم، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىشەنگۈسىز غەزەپنى كۆردۈم. ئۇنىڭ چىرايىدىن غەزەپ بىلەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قول سالىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. "ئۆتۈنۈپ قالاي، توختا" دېگىم بار ئىدى.

لېكىن ئۇ قول سېلىپمۇ بولدى.

مەن خەنجىرىمنى كۆتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىدىم ـ دە، بوغجۇمام بار قولۇمنى كۆتۈردۈم.

بوغجۇمام قولۇمدىن چاچراپ چىقتى. قىزىل قىلىچ قىلچە توسالغۇسىز ئاۋۋال قولۇمنى ئۈزۈۋەتتى، كېيىن كاللامنى تېنىمدىن جۇدا قىلدى.

كاللامنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى بىچارە گەۋدەمنىڭ مېنى تاشلاپ دەلدەڭشىپ باسقان ئىككى غەلىتە قەدەمدىن، خەنجەرنى كالىۋالارچە پۇلاڭلىتىشىدىن ۋە بوينۇمدىن فونتانىدەك قانلارنى ئېتىلدۇرۇپ يەرگە يىقىلىشىدىن چۈشەندىم. ئۆزىچە ماڭغان بىچارە ئاياغلىرىم خۇددى ئۆلۈش ئالدىدا تېپچەكلىگەن بىچارە ئاتتەك تېپچەكلىدى.

كاللام چۈشكەن پاتقاقنىڭ ئىچىدىن نە قاتىلىمنى كۆرەلمەيتتىم، نە تېخىچە چىڭ تۇتۇشنى ئۈمىد قىلغان تىللا ۋە رەسىملەر قاچىلانغان بوغجۇمامنى كۆرەلمەيتتىم. ئۇلار مېنىڭ كەينىمدە، ئەمدى ھەرگىز يېتىپ بارالمايدىغان دېڭىزغا ۋە يەلكەنلىك كېمە پىرىستانىغا چۈشىدىغان دۆڭلۈك تەرەپتە قالغانىدى. كاللام ئۇلارغا ۋە كەينىمدە قېلىۋاتقان دۇنياغا يەنە بىر قېتىم بۇرۇلۇپ قارىيالمايتتى. ئۇلارنى ئۇنۇتتۇم ۋە خىياللىرىمنىڭ مېنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىشىگە رازى بولدۇم.

قىلىچ كاللامنى چاپماستا ئەقلىمدىن ئۆتكەن نەرسە: كېمە پىرىستاندىن ئايرىلاتتى. قەلبىمگە مېنى تېز كېتىشكە ئالدىراتقان بۇيرۇق كىرگەنىدى. ئۇ بەئەينى كىچىك ۋاقتىمدا ئانامنىڭ "تېز بول" دېگىنىگە ئوخشاش ئىدى. ئانا، بوينۇم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ ۋە ھېچ يېرىم مىدىرلىمايۋاتىدۇ!

دېمەك، ئۆلۈم دېگەن مۇشۇ ئىكەن!

لېكىن تېخى ئۆلمىگەنلىكىمنى بىلەتتىم، ئېشىلگەن كۆز قارىچۇقلىرىم مىدىرلىمايتتى، ئەمما ئوچۇق كۆزلىرىم بىلەن ناھايىتى ياخشى كۆرەۋاتاتتىم.

مەن يەر يۈزىدىن كۆرگەن نەرسە مېنى مەپتۇن قىلاتتى: يول سەل يۇقىرىلاپ قىيپاش سوزۇلاتتى. رەسىمخانىنىڭ تېمى ۋە ئەگمىسى، ئۆگزە، ئاسمانلار مانا شۇنداق بىر - بىرلەپ تىزىلدى.

كۆز ئالدىمدىكى بۇ دەقىقە گويا چەكسىز داۋاملىشاتتى. چۈشەندىمكى، كۆرۈش ئەمدى بىر خىل خاتىرە بولۇپ قالغانىدى. بۇ چاغدا خۇددى بۇرۇندىن بىر كۆركەم رەسىمنى بىرنەچچە سائەتلەپ قارىغاندا ھېس قىلغان نەرسە ئەقلىمگە كەلدى: كۆپ قارىساڭ، ئەقلىڭ رەسىمنىڭ ۋاقتىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

پۈتۈن ۋاقىتلار شۇ تاپتىكى دەقىقىگە مۇجەسسەملەشكەنىدى.

گويا ئەمدى ھېچكىم مېنى پاراكەندە قىلمايدۇ ۋە خىياللىرىم خىرەلەشكەندە پاتقاق ئىچىدىكى كاللام داۋاملىق بۇ قايغۇلۇق دۆڭلۈككە، تاشتىن قوپۇرۇلغان تامغا، سەل يىراقتىكى قول يەتمەس ئۈجمە ۋە كاشتان دەرەخلىرىگە قارايدۇ.

بۇ تۈگىمەس كۈتۈش بىردىن شۇنداق قايغۇلۇق ۋە زېرىكەرلىك بىلىندىكى، ئىختىيارسىز بۇ ۋاقىتتىن ئايرىلىشنى ئارزۇ قىلدىم.

# 59. مەن شەكۈرە

قارانىڭ بىزنى يوشۇرۇنۇشقا ئەۋەتكەن يىراق تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە كېچىنى ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۆتكۈزدۈم. خەيرىيە ۋە بالىلار بىلەن بىللە ياتقان تۆشەكتە تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاڭلانغان خورەك ۋە يۆتەل ئاۋازلىرى ئىچىدىمۇ ئۇخلىيالايتتىم، لېكىن كۆڭۈلسىز چۈشلىرىمدە كۆرگەن، قول - پۇتلىرى كېسىلىپ يەنە ئالماشتۇرۇلۇپ سەپلەپ قويۇلغان ئاجايىپ مەخلۇقلار بىلەن ئاياللار ماڭا ئەگىشىۋېلىپ ھېلىدىن - ھېلىغا ئويغىتىۋېتەتتى. سەھەردە سوغۇقتىن ئويغىنىپ، شەۋكەت بىلەن ئورخاننىڭ ئۈستىنى ئوڭشاپ يېپىپ قويدۇم ۋە ئۇلارنى قۇچاقلاپ، چاچلىرىنى سۆيدۈم ھەمدە رەھمەتلىك دادامنىڭ ئۆيىدە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىغان كۆڭۈللۈك چاغلىرىمدىكىدەك ئاللاھقا ”ماڭا ياخشى چۈش كۆرسەتكەيسەن“ دەپ يېلىندىم.

لېكىن ئۇخلىيالمىدىم. خەيرلىك چۈشلىرىمدە ھەمىشە كۆرىدىغان نەرسىنى بامدات نامىزىدىن كېيىن، كىچىك ۋە قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ دېرىزە قاپقاقلىرى ئارىسىدىن كوچىغا قارىغان چاغدا كۆردۈم. ئۇرۇشتا يارىلىنىپ ھالىدىن كەتكەن ئەرۋاھتەك بىر ئادەم قولىدا بىر كالتەكنى قىلىچتەك تۇتۇپ، تونۇش قەدەم تاشلاپ، تەشنالىق بىلەن ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. چۈشلىرىمدە بۇ ئادەمنى قۇچاقلىغان بولسام، كۆز ياشلىرىم بىلەن ئويغىنىپ كېتەتتىم. كوچىدىكى بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلەنگەن قارا ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، چۈشلىرىمدە بوغزىمدىن زادى چىقمايدىغان پەرياد ئاغزىمدىن ئېتىلىپ چىقتى.

يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم.

ئۇنىڭ يۈز - كۆزى بىرى بىلەن سوقۇشۇپ مۇشت يېگەندەك ئىششىپ كۆكىرىپ كېتىپتۇ، بۇرنى يېرىلىپ، باش - كۆزى قانغا مىلىنىپ كېتىپتۇ. مۇرىسىدىن بوينىغىچە كېسىلگەن، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ

ھەممە يېرى قاندىن قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ چۈشلىرىمدىكى ئېرىمدەك، ئاخىرى ئۆيگە قايتىپ كېلەلىگەنلىكى ئۈچۈن ماڭا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەيتتى.

— ئۆيگە كىر، — دېدىم.

— باللارنى چاقىرىڭ، — ئۆيىمىزگە قايتىمىز، — دېدى ئۇ.

— بۇ ئەھۋالىڭدا ئۆيگە قايتالمايسەن.

— ئۇنىڭدىن قورقماڭ، — دېدى ئۇ، — قاتىل ھېلىقى پارس ۋەلىدجان ئەپەندى ئىكەن.

— زەيتۇن...، — دېدىم، — ئۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈردۈڭمۇ؟

— يەلكەنلىك كېمە پىرستانىدىن قوزغالغان كېمە بىلەن ھىندىستانغا قاچتى، — دېدى ئۇ، ۋەزىپىنى تەلتۆكۈس ئورۇندىيالمىغانلىقى ئۈچۈن بىرھازا مەندىن كۆزلىرىنى قاچۇردى.

— ئۆيگە مېڭىپ بارالامسەن؟ — دېدىم، — ئۇلار ساڭا بىر ئات تاپسۇن.

ئۇنىڭ ئۆيگە بارغىچە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئېچىندىم. ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ھېچبىر بەختلىك بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئېچىنغانىدىم. ئۇنىڭ بۇ يات ئۆيدە ئۆلۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئەسلىدە بۇ قورقۇنچلۇق ھالىتىدە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي غايىب بولۇپ كېتىشنى ئويلايدىغانلىقىنى كۆزلىرىدىكى ھەسرەت ۋە قەتئىيلىكتىن كۆرگەنىدىم. ئۇلار ئۇنى بىر ئاتقا ئاران مىندۈرۈشتى.

قوللىرىمىزدا بوغجىمىلىرىمىزنى تۇتقان ھالدا ئارا كوچىلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قايتىش سەپىرىمىزدە، باللار ئاۋۋال ئات ئۈستىدىكى قارانىڭ يۈزىگە قورقۇپ قارىيالمىغانىدى، لېكىن بوۋىسىنى ئۆلتۈرگەن يەسكەش قاتىلنىڭ ئويۇننى قانداق ئاشكارىلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن قانداق قىلىچلاشقانلىقىنى قارا ئۇلارغا ئاستا - ئاستا كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەن باللاردا ئۇنىڭغا بىرئاز ياخشى تەسىرات پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، قارا ئۆلۈپ كەتمىگەي دەپ ئالالاھقا يېلىناتتىم.

ئۆيگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئورخان ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن "ئۆيىمىزگە كەلدۇق!" دەپ ۋارقىرىدى، كۆڭلۈمگە شۇئان ئەزرائىل بىز -

گە رەھىم قىلسىكەن، ئاللاھ ئەجەلگە پۈرسەت بەرمىسىكەن دېگەن خىيال
كەلدى. لېكىن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كىمنىڭ جېنىنى نېمە ئۈچۈن ۋە قاچان
ئالىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەسلىكىنى تەجرىبىلەردىن بىلگەنلىكىم ئۈچۈن
زىيادە ئۈمىد كۈتمىدىم.

قارانى ئاۋايلاپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ھەممىمىز بىرلىكتە يۇقارقى قە-
ۋەتكە ئېلىپ چىقىپ، دادامنىڭ كۆك ئىشىكلىك ھۇجرىسىغا ئېلىپ كى-
رىپ ياتقۇزدۇق. خەيرىيە سۇ قاينىتىپ كىردى. بەدىنىگە چاپلىشىپ كەت-
كەن قانلىق كۆڭلىكىنى، بەلۋىغى، ئاياغ كىيىملىرى ۋە ئىچ كىيىملىرىنى
خەيرىيە بىلەن بىللە يىرتىپ، قايچا بىلەن كېسىپ يەشتۇردۇق. دېرىزە
قاپقاقلىرىنى ئاچقاندا، ھۇجرىغا باغچىدىكى دەرەخ شاخلىرىدا جىلۋىلەنگەن
قىش قۇياشىنىڭ مەيىن نۇرلىرى چۈشتى ۋە ئۈۋرىق، كورا، يېلىم قۇتى-
لىرى، سىياھ قۇتىلىرى، ئەينەك سۇنۇقلىرى ۋە قەلەمتىراشلاردىن ئەكس
ئەتكەن نۇر قارانىڭ پاجىئەلىك بەدىنى ۋە ئەت رەڭدىكى قىزغۇچ يارىلىرى-
نى يورۇتتى.

كارىۋات ياپقۇچىدىن يىرتىلغان بىرنەچچە پارچە لاتىنى ئىسسىق سۇ
بىلەن نەمدەپ قارانىڭ گەۋدىسىنى قىممەت باھالىق بىر كونا گىلەمنى تا-
زىلىغاندەك ئېھتىيات بىلەن ۋە ئوغۇللىرىمدىن بىرىگە قارىغاندەك مېھرى-
بانلىق ھەم ھەۋەس بىلەن سۈرتتۈم. يۈزىدىكى كۆكلەرگە تەگمەي، بۇرۇن
تۆشۈكىدىكى يېرىقنى زېدە قىلماي، مۈرىسىدىكى قورقۇنچلۇق يېرىقنى
دوختۇردەك تازىلىدىم. بوۋاق بالىلارنى يۇيۇندۇرغاندا ئۇلارنى ئەللەيلىگەن-
دەك، بىر ياقتىن ئۇنىڭغا بەزى مەنىسىز سۆزلەرنىمۇ قىلاتتىم. كۆكرىكى
ۋە بىلەكلىرىدىمۇ خەنجەر ئىزلىرى بار ئىدى، سول قولىنىڭ بارماقلىرى
چىشلىنىپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى. قولۇمدىكى لاتىلار بەدىنىگە سۈركەل-
گەندە يەنىلا قانغا مىلىنەتتى. مەيدىسىنى تۇتتۇم، قورسىقىنىڭ يۇمرانلى-
قىنى قولۇم بىلەن سەزدىم. ھېلىقى يېرىگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قارىدىم.
تۆۋەندىن، يەنى ھويلىدىن بالىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نېمە ئۈ-
چۈن بەزى شائىرلار بۇنى ”قومۇش قەلەم“ دەيدىغاندۇ؟

ئېستېرنىڭ يېڭى خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغلاردىكىدەك چىر-
قىراق ئاۋازى ۋە سىرلىق كەيپىياتى بىلەن قازناقتا كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ

پەسكە چۈشتۈم.

ئۇ شۇنداق ھاياجانلىق ئىدىكى، مېنى قۇچاقلاپ سۆيمەيلا سۆزلەپ كەتتى: كىشىلەر زەيتۇننىڭ كالللىسىنى رەسىمخانىنىڭ ئىشىك ئالدىدا كۆرۈپتۇ. ئىلگىرىكى جىنايەتلىرىنى ئىسپاتلايدىغان رەسىملەر بىلەن بوغجىمىسىمۇ تېپىلىپتۇ. ئۇ ھىندىستانغا قاچماقچى بولۇپ، رەسىمخانىنى ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋالاي دەپتىكەن.

گۇۋاھچىلار بار ئىكەن. زەيتۇننى ئۇ يەردە كۆرگەن ھاسان قىزىل قىلىچى بىلەن بىر سېلىپلا زەيتۇننىڭ كالللىسىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ.

ئۇ بۇلارنى سۆزلەۋاتقاندا، مەن بىچارە دادامنىڭ شۇ تاپتا قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئويلايتتىم. دادامنىڭ قاتىلىنىڭ تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىش مېنى ئاۋۋال قورقۇنچتىن قۇتقۇزدى. ئىنتىقام كىشىنىڭ قەلبىگە ھۇزۇر ۋە ئادالەت تۇيغۇسى بېغىشلايدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدىم. شۇئان، ھازىر تۇرۇۋاتقان يېرىدىمۇ دادامنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشىنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتىم. بىردىن ماڭا پۈتۈن ئالەم قاتار - قاتار ئىشىكلىرى پۈتۈنلەي ئېچىلغان سانسىز ئۆيلىرى بار بىر سارايدەك تۇيۇلدى. بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە پەقەت ئەسلىمە ۋە تەسەۋۋۇر بىلەنلا كىرەلەيتتۇق، لېكىن كۆپچىلىكىمىز ھورۇنلۇقتىن بۇ ئىقتىدارلارنى ناھايىتى ئاز جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈنلەي بىر ئۆيدە كۈتەتتۇق.

— يىغلىما قەدىرلىكىم، — دېدى ئېستېر، — قارىغىنا، ھەممە ئىش قانائەتلىنەرلىك ئاياغلاشتى.

ئۇنىڭغا تۆت تىللا بەرگەندىم، ئۇلارنى ھەۋەس بىلەن بىر - بىرلەپ ئاغزىغا سېلىپ، ھېرىسمەنلىك بىلەن چىشلەپ باقتى.

— ھەممە يەرنى ۋېنېتسىيە كۈپپارلىرىنىڭ ساختا تىللاسى قاپلىدى، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ كېتىشى بىلەنلا خەيرىيەگە بالىلارنى يۇقارقى قەۋەتكە چىقارماسلىقنى ئېيتتىم. يۇقىرىغا چىقتىم - دە، ئىشىكنى قۇلۇپلىدىم. قارانىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن يېقىنلاشتىم ۋە بىچارە دادام ئۆلتۈرۈلگەن كېچە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە مەندىن قىلىشمى-

نى تەلەپ قىلغان ھېلىقى ئىشنى ئۇنىڭغا بولغان تەلەپچانلىقتىن كۆپرەك ھەۋەس بىلەن، قورقۇشتىن كۆپرەك دىققەت بىلەن قىلدىم.

بىرقانچە ئەسىرلەردىن بۇيان پارس شائىرلىرى ھېلىقى سايماننى قومۇش قەلەمگە ئوخشىتىپ كەلگىنىدەك، بىز ئاياللارنىڭ ئاغزىنى نېمە ئۈچۈن سىياھ قۇتىسىغا ئوخشىتىدىغانلىقىنى، يادقا تەكرارلىنىۋېرىپ ئەسلىسى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىنى (ئېغىزنىڭ كىچىكلىكىمۇ؟ سىياھ قۇتىسىنىڭ سىرلىق سۈكۈناتىمۇ؟ ياكى ئاللاھنىڭمۇ بىر رەسسام ئىكەنلىكىمۇ؟) تەلتۆكۈس چۈشەندىم دەپ ئېيتالمايمەن، لېكىن مۇھەببەت ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئەقلىنى داۋاملىق ئىشلىتىدىغان ماڭا ئوخشاش بىر ئايالنىڭ مەنتىقىسى بىلەن ئەمەس، مەنتىقىسىزلىكى بىلەن چۈشەنگىلى بولىدىغان بىرنەرسە ئىكەن.

ئەمىسە، سىلەرگە بىر سىرنى ئېيتىپ بېرەي: ئۇ يەردە، يەنى ئۆلۈم پۇرايدىغان ئۇ ھوجرىدا مېنى ھاياجانلاندۇرغان ئاغزىمدىكى نەرسە ئەمەس ئىدى. مېنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نەرسە ئەنە ئۇ يەردە تۇرۇپتۇ. پۈتۈن ئالەمنىڭ لەۋلىرىم ئارىسىدا لوقۇلداۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىمدا، مېنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغان نەرسە ھويلىدا بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئوينىشىۋاتقان ئوغۇللىرىمنىڭ خۇشال چاڭىلداشلىرىنى ئاڭلاش ئىدى.

ئۇ چاغدا ئاغزىم ئاجايىپ ئىشلەۋاتاتتى، كۆزلىرىم قارانىڭ يۈزۈمگە پۈتۈنلەي باشقىچە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇ مېنىڭ چىرايىم بىلەن ئاغزىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بەدىنى دادامنىڭ بەزى كونا كىتابلىرىدەك پاختىلىشىپ كەتكەن قەغەز پۇرايتتى، چاچلىرىغا خەزىنە ئامبىرىنىڭ پۈتۈن چاڭ - توزان ۋە رەخت پۇراقلىرى سىڭگەنىدى. ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭ يارىلىرى، ئىششىقلىرى، كېسىلگەن يەرلىرىنى سىلىغىنىمدا، ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك يىغلامسىراپ، بارغانسېرى ئۆلۈمدىن يىراقلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ باغلىنىدىغانلىقىمنى ئويلايتتىم. يەلكەنلىرى شامالدا ئاستا - ئاستا كۆپكەن قېيىقتەك، بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتقان مۇھەببەتلىشىشىمىزمۇ ئەنە شۇ تەمكىن يەلكەنلىك كېمىدەك نامەلۇم دېڭىزغا قاراپ جاسارەت بىلەن يول ئالماقتا ئىدى.

قارانىڭ بۇرۇن بۇ دېڭىزلاردا، كىم بىلسۇن، قايسى ئەخلاقسىز ئا-
ياللار بىلەن نۇرغۇن قېتىملاپ سەيلە ـ ساياھەتلەردە بولغانلىقىنى ئۇنىڭ
ئۆلۈم تۆشىكىدە ياتقاندىمۇ رولنى تۇتۇشىدىن چۈشەنگەنىدىم. مېنىڭ سۆ-
يۈۋاتقىنىم ئۆز قولۇممۇ، ئۇنىڭ قولىمۇ، ئاغزىمغا سالغىنىم ئۆز بارمى-
قىممۇ، پۈتۈن بىر ھاياتىممۇ، ئۇنى پەرق ئېتەلمەيۋاتقىنىمدا، ئۇ يارىلىرى-
نىڭ ئاغرىقى ۋە شۇ تاپتا ئېلىۋاتقان لەززەتتىن چالا مەست بولغان ھالدا
دۇنيانىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى قىيا ئوچۇق بىر كۆزى بىلەن كۆزىتەت-
تى. ئارىلاپ قوللىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر رەسىمنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ كۆ-
رۈۋاتقاندەك ھەيرانلىق بىلەن يۈزۈمگە گويا مىنگىرىيىلىك بىر پاھىشى-
نىڭ يۈزىگە قارىغاندەك قارايتتى.

ھۇزۇرلىنىشىمىز يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، ئۇنىڭ ئىڭراشلىرى
خۇددى ئىران بىلەن تۇران قوشۇنلىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشۇشى
تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ رەسىمدىكى قىلىچ بىلەن ئىككى پارچە قىلىۋې-
تىلگەن جەسۇر قەھرىماننىڭ پەريادىدەك پۈتۈن مەھەللىگە ئاڭلىنىپ كې-
تەرمۇ دېگەننى ئويلاپ قورققانىدىم، لېكىن ئۇنىڭ قومۇش قەلەمنى تۇتقان
قولى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، ئىلھامى يۇقىرى دولقۇنغا
كۆتىرىلگەن ئىدى. مېنىڭ ھاياجانلىرىممۇ ئەڭ ئەۋجىگە چىققان پەيتتە،
خۇددى سەھىپىنىڭ شەكىل ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىدراك بىلەن باش-
قۇرالايدىغان ھەقىقىي ئۇستاز رەسسامدەك، قارامۇ ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان
ھاياجىنىنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، يۇقىرى پەللىگە
چىققان چاغدىمۇ ئەقلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىزنىڭ ئالەمدىكى ئورنىمىزنى
تىزگىنلىيەلىدى.

— ئۇلارغا داداڭلارنىڭ يارىسىغا مەلھەم سۈركەۋاتىمەن دېسىڭىز بو-
لىدۇ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

بۇ سۆز ھايات بىلەن مامات، مەنئى قىلىنىش بىلەن جەننەت، ئامال-
سىزلىق بىلەن خىجالەتچىلىكنىڭ چېگراسىغا ماكانلاشقان مۇھەببىتى-
مىزنىڭ رەڭگىگىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماي، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ
باھانىسىمۇ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 26 يىل (يەنى ئۇ بىر كۈنى ئەتى-
گەندە، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قۇدۇقنىڭ يېنىغا يىقىلىپ ئۆلگەنگە

قەدەر) سۆيۈملۈك ئېرىم قارا بىلەن ھەمىشە چۈش ۋاقتىدا دېرىزە قاپقاق-
لىرىنىڭ يوچۇقىدىن ھۇجرىمىزغا قۇياش نۇرى چۈشكەندە مۇھەببەتلە-
شەتتۇق ۋە دەسلەپكى يىللاردا شەۋكەت بىلەن ئورخاننىڭ ئويناشلىرىغا
جور بولۇپ، بۇنىمۇ "يارىغا مەلھەم سۈرۈش" دەپ ئاتىۋالغانىدۇق. شۇنداق
قىلىپ، قوپال ۋە ھەسرەتلىك بىر ئاتىنىڭ ئۆز تەلەپلىرىنى كۆزدە تۇتقان
ھالدا، قىزغانچۇقلۇق بىلەن ئەيىبلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ھەسەتخور ئو-
غۇللىرىم بىرقانچە يىلغىچە كېچىلىرى مەن بىلەن بىر ئورۇندا يېتىۋېلە-
شاتتى. باللارنى قۇچاقلاپ ئۇخلاشنىڭ، تۇرمۇشنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان
غەمكىن بىر ئەرنى قۇچاقلاپ يېتىشتىنمۇ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ئەقلى
جايىدا بولغان بارلىق ئاياللار بىلىدۇ ئەلۋەتتە.

بىز، يەنى مەن ۋە باللىرىم بەختلىك بولدۇق، لېكىن قارا ئۇنداق
بولالمىدى. بۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىككى سەۋەبى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ
مۇرىسى ۋە بوينىدىكى يارىسى تولۇق ساقىيىپ كېتەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن
سۆيۈملۈك ئېرىم بەزىدە باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكدە دېيىلگىنىدەك
"مېيىپ" بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە تەسىر
يەتكۈزگەندىن باشقا، تۇرمۇشىغا قىيىنچىلىق كەلتۈرگىدەك دەرىجىدىكى
ئېغىر بىر مېيىپلىك ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۇنى يىراقتىن كۆرگەن باشقا
ئاياللارنىڭ، ئېرىمنىڭ يېقىملىق ئىكەنلىكى ھەققىدە پاراڭ قىلىشقانلى-
رىنى ئاڭلىغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى. لېكىن قارانىڭ ئوڭ مۇرىسى سول
مۇرىسىدىن پەس، بوينىمۇ غەلىتە شەكىلدە مايماق بولۇپ قالغانىدى. بەزى-
دە مەندەك بىر ئايالنىڭ پەقەت ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرىدىغان بىر ئەرگىلا تې-
گەلىشى مۇمكىنلىكى ھەمدە قارانىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەب بولغان مې-
يىپلىكنىڭ، ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى بەختىيارلىقنىڭمۇ يوشۇرۇن
سەۋەبى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرگەنلەرنىڭ غەيۋەت - شىكايەتلىرىمۇ قۇ-
لىقىمغا كىرىپ تۇراتتى.

ھەممە غەيۋەت - شىكايەتلەردىكىدەك، بەلكىم بۇنىڭدا بىر ھەقىقى
تەركىبمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئېستىرنىڭ ھەمىشە ماڭا مۇناسىپ
كۆرگىنى بويىچە، ئۆزۈمنىڭ ئىنتايىن كۆركەم بىر ئاتىنىڭ ئۇستىدە تىك
ئولتۇرۇپ، ئەتراپىمدىكى قول، دېدەك ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا

ئىستانبۇل كوچىلىرىدىن دادىل قەدەملەر بىلەن ئۆتۈشكە نائىل بولالما-
غىنىم ماڭا قانداق بىر ئەپسۇسلۇق ۋە ئامالسىزلىق تۇيغۇسى بەرسە، بەزى-
دە دۇنيادا بېشىنى تىك تۇتۇپ غەلىبە ئىپتىخارى بىلەن مەغرۇر ياشايدىغان
شىردەك باتۇر بىر ئېرىم بولۇشىنىمۇ ئارزۇ قىلىپ قالاتتىم.

سەۋەبى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قارا باشتىن - ئاخىر ھەس-
رەت ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ ھەسرىتىنىڭ مۇرىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق-
لۇقى ماڭا ئايان ئىدى. ئەڭ بەختىيار مۇھەببەتلىشىۋاتقان پەيتلىرىدىمۇ
كۆڭلىنىڭ يوشۇرۇن بىر يېرىدە ئۇنى قايغۇغا سېلىۋاتقان بىر قاتتىق
ئازابى بارلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ كۆڭلىدىكى ئاشۇ ئازابىغا تەسەللى تېپىش
ئۈچۈن بەزىدە شاراب ئىچەتتى، بەزىدە كىتابلاردىكى رەسىملەرگە قاراپ ئۇ-
نىڭدىن ھۇزۇرلىناتتى، بەزىدە رەسساملار بىلەن ئۇلپەت بولۇپ، ئۇلار بى-
لەن بىللە ھەتتا بەچچىلەرنىڭ كەينىدىمۇ يۈرەتتى. رەسساملار، خەتتاتلار
ۋە شائىرلار ئارىسىدا قوش مەنىلىك سۆزلەر، ئوخشىتىشلار، كىنايىلەر،
سۆز ئويۇنلىرى، بەچچىلەر ۋە خۇشامەتچىلىك ئويۇنلىرى بىلەن كۆڭۈل
ئېچىپ ۋاقىت ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. ئۇ ئىشلاردىن قول ئۈ-
زۈپ، دوك سۇلايمان پاشانىڭ خىزمىتىگە كىرىپ، كاتىپلىق ئىشلىرى ۋە
ئوردا كاتىپلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەممىنى ئۇنۇتقان ۋاقىتلىرىمۇ
بولدى. قارانىڭ نەقىش ۋە رەسىمگە بولغان ھەۋىسى سۇلتانىمىز تۆت يىل-
دىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەندە، سەلتەنەت تەختىگە چىققان سۇلتان مەھ-
مۇتنىڭ بۇ ئىشلارغا قىزىقماسلىقى تۈپەيلى سۇغا چىلاشتى ۋە رەسىم ۋە
نەقىش ئىشى بۇرۇنقى ئاشكارا مەدھىيىلەشتىن تاقالغان ئىشىكلەر ئارى-
سىدا مەخپىي قوغلىشىدىغان بىر سىرلىق ئىشقا ئايلاندى. قارا بەزىدە
رەھمەتلىك دادامدىن قالغان كىتابلاردىن بىرىنى ئېچىپ، تاكى ئەمىر تۆ-
مۇرنىڭ ئوغلى زامانىدا ھىراتتا سىزىلغان بىر رەسىمگە، يەنى خۇسرەۋنىڭ
رەسىمىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان شىرىننىڭ رەسىمگە ھازىر
ئوردا ئەتراپىدا مودا بولغان بىر مەيدان كۆڭۈللۈك ماھارەت كۆرسىتىش
ئويۇنىغا قاتناشقاندەك ئەمەس، بەلكى خاتىرىلەردە قالغان كۆڭۈللۈك بىر
سىرنى مۇھاكىمە قىلغاندەك گۇناھكارلىق ھېسسىياتى ۋە ھەسرەت بىلەن
قارايتتى.

ئىنگلىز قىرالى تەختكە چىقىپ ئۈچىنچى يىلى سۇلتانىمىزغا ئە-
چىگە شامالدۇرغۇچ ۋە مۇزىكا ئەسۋابى ئورنىتىلغان بىر مۆجىزىلىك سائەت
ھەدىيە قىلغانىدى. ئەنگلىيىدىن بۇ يوغان سائەت بىلەن زاپچاسلار، مېخا-
نىك چاقلار، تەسۋىرىي سىزمىلار، ھەيكەللەرنى ئېلىپ كەلگەن بىر ھەيئەت
بىر نەچچە ھەپتە جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ئۇلارنى خان جەمەتى خاس
باغچىسىنىڭ دېڭىز قولتۇقىغا قارايدىغان بىر دۆڭلۈككە ئورناتقانىدى.
ئۇنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن دېڭىز قولتۇقىنىڭ دۆڭلۈكلىرىدە توپلانغان
ۋە قېيىقلار بىلەن كەلگەن خالايىق غايەت چوڭ سائەتنىڭ جاراڭلىق، سۇر-
لۇك مۇزىكىسى بىلەن ئادەم چوڭلۇقىدىكى ھەيكەللەر ۋە تەسۋىرىي سىز-
مىلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئەتراپىدا مەنىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئايلىنىش-
لىرىنى، گويا بەندىلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، ئاللاھ ياراتقان مۆجىزىدەك
بىر - بىرىگە ماس ھالدا ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى ۋە سائەت-
نىڭمۇ جاڭ ئۇرغاندەك جاراڭلاشلار بىلەن پۈتۈن ئىستانبۇلغا ۋاقىتنى مە-
لۇم قىلىدىغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن كۆرۈشتى.

ئىستانبۇللۇقلار ھاماقەت ئەر - ئاياللار توپى بىلەن بىرلىكتە ھېس-
سىياتسىز ھەيرانلىق ھېس قىلغان بۇ سائەت سۇلتانىمىز بىلەن تەقۋادار
مۇخلىسلارغا كۇپپارلارنىڭ كۇچىنى كۆرسىتىدىغان يوللۇق بىر كۆڭۈل-
سىزلىك مەنبەسى بولغانلىقىنى قارا ۋە ئېستېر ماڭا ئايرىم - ئايرىم يەت-
كۈزۈشتى. بۇ خىل غەيۋەت - شىكايەتلەر كۆپىيىۋاتقان بىر چاغدا، ئۇنىڭ-
دىن كېيىنكى پادىشاھ سۇلتان ئەھمەدنىڭ بىر تۈن يېرىمىدا ئاللاھنىڭ
ئىلھامى بىلەن ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئۇزۇن نەيزىسىنى تۇتۇپ ھەرەمخا-
نىدىن چىققىنىچە خاس باغچىغا بېرىپ، سائەتنى ۋە ھەيكەللىرىنى چېقىپ
يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. خەۋەرنى ۋە غەيۋەت -
شىكايەتلەرنى يەتكۈزگۈچىلەر سۇلتانىمىزنىڭ ئۇيقۇدا يېتىپ پەيغەمبىرى-
مىز ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك يۈزىنى نۇر ئىچىدە كۆرگەنلىكىنى، رەسۇ-
لىللا سۇلتان ئالىيلىرىغا، ئەگەر ئۇنىڭ كارى بولماي، پۇقرالىرىنىڭ
ئىنسانغا تەقلىد قىلىنىپ، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىغا قارشى ھالدا ئورنىغا
دەسسىتىلگەن رەسىم ياكى ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشىغا يول قويسا، ئاللاھ-
نىڭ ئەمرىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ئېيتقان، شۇنىڭ

بىلەن سۇلتانىمىز نەيزىسىنى قولىغا ئالغان چاغدىمۇ تېخى چۈش كۆ-
رۈۋاتقانلىقىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلىشاتتى. سۇلتانىمىز بۇ ۋەقەنى سادىق
تارىخچىسىغا تەخمىنەن شۇنداق يازدۇرغانىدى. شۇنداقلا، ئۇ «زۇبدەدۇت
تەۋارىخ» دەپ ئاتالغان بۇ كىتابنى خەتتاتلارغا خالتىلاپ ئالتۇن بېرىپ
تەييارلاتقان، ئەمما رەسساملىرىغا سىزدۇرمىغانىدى.

پارس دىيارىدىن ئىلھام ئېلىپ ئىستانبۇلدا ئېچىلغان نەقىش ۋە رە-
سىم ھاياجىنىنىڭ قىزىل گۈلىمۇ مانا شۇنداق سولدى. رەسساملارنىڭ ئا-
رىسىدا غوۋغالار، تۈگىمەس - پۈتمەس مۇنازىرىلەرگە يول ئاچقان ھىراتـ-
لىق پېشقەدەم ئۇستازلار بىلەن پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇسۇللىرى ئارى-
سىدىكى كۆرەشتىن بىرەر نەتىجە چىقمىدى. چۈنكى، رەسىم پۈتۈنلەي
تاشلىۋېتىلدى. رەسىملەر يا شەرقلىقلەرنىڭكىدەك، يا غەربلىكلەرنىڭكىدە-
دەك سىزىلمىدى: رەسساملارمۇ بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈشمە-
دى. ئۇلار كېسەللىككە ئاسانلا گىرىپتار بولىدىغان ياشانغانلاردەك، ئاستا
- ئاستا ۋە بىلىنەر - بىلىنمەس ھەسرەت ۋە ئىتائەت بىلەن كۆز ئالدىدى-
كى ۋەزىيەتنى قوبۇل قىلدى. بىر چاغلاردا ھەيرانلىق بىلەن قوغلاشقان
ھىراتلىق، تەبرىزلىك ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ ۋە ھەسەتخورلۇق بىلەن نەپرەت
ئارىسىدا بىقارار بولۇپ، يېڭى ئۇسۇللىرىغا قىزىققان پەرەڭ ئۇستازلىرى-
نىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىغىمۇ قىزىقمىدى ياكى ئۇنى ئويلىمىدى. گويا
كېچىلىرى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىپ شەھەرنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا
تاشلانغىنىدەك، رەسىممۇ نەزەردىن ساقىت بولدى. بىر چاغلاردا ئالەمنىڭ
پۈتۈنلەي باشقىچە كۆزدە كۆرۈلگەنلىكى رەھىمسىزلەرچە ئۇنتۇلدى.

ئەپسۇسكى، دادامنىڭ كىتابى چالا پېتى قالدى. تاماملانغان سەھىپى-
لەر كېيىن ھاسان ئۇلارنى تاشلىۋەتكەن يەردىن يىغىۋېلىنىپ خەزىنىگە
كىردى. بۇ يەردىمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ۋە ئەستايىدىل بىر كۈتۈپخا-
نا خادىمى تەرىپىدىن رەسىمخانىغا ئائىت باشقا بەزى مۇناسىۋەتسىز رە-
سىملەر بىلەن بىللە تۈپلەتتۈرۈلۈپ ھەر خىل توپلاملارغا تارقىتىلدى.
ھاسان ئىستانبۇلدىن ئىز - دېرەكسىز قېچىپ يوقالغانىدى. لېكىن شەۋ-
كەت بىلەن ئورخان دادامنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرگەن قارا ئەمەس، ھاسان تا-
غىسى ئىكەنلىكىنى زادى ئۇنۇتمىدى.

ئەما بولغاندىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇستاز ئوسماننىڭ ئورنىغا لەيلەك باش رەسسام بولدى. رەھمەتلىك دادام قابىلىيىتىگە ئىنتايىن قايىل بولغان كېپىنەك ھاياتىنىڭ قالغان قىسمىنى گىلەم، رەخت ۋە چېدىرلارغا نۇسخا سىزىشقا بېغىشلىدى. رەسىمخانىنىڭ ياش ئۇستىلىرىمۇ شۇ يولدا ماڭدى. ھېچكىم رەسىمدىن ۋاز كېچىشنىڭ چوڭ يوقىتىش بولغانلىقىنى ھېس قىلمىدى. بۇ بەلكىم ھېچكىم ئۆز چىرايىنى رەسىم قەغىزىدە بىغۇبار كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك.

مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە بىرەيلەننىڭ ماڭا ئىككى رەسىمنى سىزىپ بېرىشىنى ناھايىتى مەخپىي ھالدا كۆپ ئۈمىد قىلدىم، ئەمما بۇ ئارزۇيۇمنى ھېچكىمگە ئېيتالمىدىم.

1. ئۆز رەسىمىمنى سىزدۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم، لېكىن سۇلتانىمىزنىڭ رەسساملىرى ھەرقانچە تىرىشسىمۇ بۇنى سىزالمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى، مېنىڭ گۈزەللىكىمنى ئەينى پېتى كۆرەلىسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بىر ئايالنىڭ كۆزلىرى ۋە لەۋلىرىنى جۇڭگولۇقلاردەك سىزمىغىچە چىرايىنىڭ گۈزەللىكىگە ئىشىنەلمەيتتى. ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ سىزغىنىدەك، مېنى بىر جۇڭگولۇق ساھىبجامالدەك سىزسا ئىدى، بەلكىم مېنى تونۇيدىغانلار رەسىمنى كۆرسە، ئۇ جۇڭگولۇق ساھىبجامالنىڭ كەينىدە ياتقان مېنىڭ چىرايىمنى پەرق ئېتەلەيتتى. ئەمما بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلار كۆزلىرىمنىڭ ئەسلىدە خۇمار كۆز ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، چىرايىمنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى زادى پەرق ئېتەلمەيتتى. ئوغۇللىرىمنىڭ تەسەللىسى بىلەن ياشاپ قېرىلىققا ئۇلىشىۋالغان بولسامۇ، ناۋادا بۇگۈنكى كۈنلەردە چىرايىمنىڭ ياش ۋاقتىمدا سىزىلغان بىر رەسىمى بولغان بولسا نەقەدەر خۇشال بولغان بولاتتىم!

2. ئىرانلىق شائىر سېرىق نازىمنىڭ بىر مەسنەۋىسىدە تەسۋىرلەنگەن نەرسە، يەنى بەختىيارلىق مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر رەسىم سىزىلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇنىڭ قانداق سىزىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. بىر ئانىنىڭ، يەنى ئىككى بالىسى بولغان، قۇچىقىدا تەبەسسۇم بىلەن تۇتۇپ ئېمىتىۋاتقان كىچىكى ئۇ ئانىنىڭ يوغان كۆكسىنىڭ ئۇچىنى بەختىيار تەبەسسۇم بىلەن ئەمگىنىدە سەل قىزغانغان ئاكىسى بە-

لەن ئانىسىنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە قاراشقان ھالەتتىكى ئانىنىڭ رەسىمى سىزىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. شۇنداقلا بۇ رەسىمدىكى ئانا مەن بولسام، بۇ رەسىم ئاسماندىكى قۇشنى ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك، ھەمدە ئاسماندا بەختىيارلىق بىلەن ئەبەدىي مۇئەللەقتە تۇرغاندەك كۆرسىتىپ، ۋاقىتنى توختاتقان ھىراتلىق پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئۇسۇلى بىلەن سىزىلسا دەپ ئۈمىد قىلاتتىم. بىلىمەنكى، بۇ ئاسان ئەمەس.

ھەممە نەرسىنى ئىدراك بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدىغان دەرىجىدە ئەقىلسىز ئوغلۇم ئورخان ۋاقىتنى توختىتىدىغان ھىراتلىق ئۇستازلارنىڭ مېنى ھەرگىز ماڭا ئوخشاش سىزالمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئوغلىنى قۇچاقلىغان گۈزەل ئانا رەسىملىرىنى توختىماي سىزغان پەرەڭ ئۇستازلىرىنىڭ ۋاقىتنى ھەرگىز توختىتالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، مېنىڭ بەختىيارلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىمىمنىڭ دەرۋەقە ھېچقاچان سىزىلالمايدىغانلىقىنى ماڭا بىرنەچچە يىللاردىن بېرى ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى.

بەلكىم ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرىدۇ. ئىنسان ئەسلىدە بەختىيارلىق تەسۋىرلەنگەن رەسىمدىكى تەبەسسۇمنى ئەمەس، بەختىيار ياشاشنى ئىزدەيدۇ. رەسساملار بۇنى بىلىدۇ، ئەمما سىزالمايدىغىنىمۇ شۇدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ھاياتتىكى بەختىيارلىقنىڭ ئورنىغا كۆزى كۆرگەن خۇرسەنلىكنى قويىدۇ.

رەسىمى سىزىلمايدىغان بۇ ھېكايىنى بەلكىم يازالىشى مۇمكىن دەپ، ئوغلۇم ئورخانغا ئېيتتىم. ھاسانىنىڭ ۋە قارانىڭ ماڭا ئەۋەتكەن خەتلىرىنى، تەلەيسىز نازاكەتلىك ئەپەندىنىڭ جەسىتى ئۈستىدىن چىققان سىياھى يېيىلىپ كەتكەن ئات رەسىملىرىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىڭغا بەردىم. ئورخانىنىڭ مىجەزى ئەسەبىي ھەم ئوسال بولۇپ، ھەمىشە خۇشال - خۇرام يۈرمەيتتى، ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەرگە ناھەقلىق قىلىشتىنمۇ يانمايتتى. شۇڭا ئۇ قارانى زىيادە بوشاڭ، تۇرمۇشىمىزنى زىيادە قىيىن، شەۋكەتنى ئەسكى ۋە مېنى زىيادە گۈزەل ۋە ھاياسىز دەپ بايان قىلسا، ھەرگىز ئىشەنمىگەيسىلەر. چۈنكى ئۇ ھېكايىسىنى تەسىرلىك بولسۇن ۋە بىزنى ئىشەنسۇن دەپ ھەرقانداق يالغاننى ھېيىقماستىن توقۇۋېرەتتى.

بۇ كىتاب تۈركىيە ئىلەتىشىم نەشرىياتىنىڭ 1998 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل ئىستانبۇل 26 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەكلىپلىك تەھرىر : ماھنۇر ھاجى ياقۇپ
مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن

ئورخان پاموك [تۈركىيە]

# مېنىڭ ئىسمىم قىزىل

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: توختى تىللا


نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010 ـ 64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2010 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2016 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 3 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1230×880 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 20.875
باھاسى : 45.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-10660-8/I.2122（维 299）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-10660-8

9 787105 106608 >

定价：45.00元